سۆيۈنگۈل جانىشېۋ

# كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

سۆيۈنگۈل جانىشېۋ

# كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(2 – نەشرى)
2013 - يىل 4 ـ ئاي ئىستانبۇل

# مۇندەرىجە


نەشرىياتتىن ........ 9

خەلقىمىنىڭ باتۇر قىزى ........ 11

تەقدىم ........ 13

ھۆرمەتلىك كىتابخان! ........ 15

بېغىشلىما ........ 19

مۇئەللىپتىن ........ 23

تۇرمە ........ 27

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ........ 35

ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ........ 36

رودا تاۋلاش ھەرىكىتى ........ 40

ئاچارچىلىق يىللار ........ 47

61 - يىلى بىرىنچى ئاي (يانۋار) كانكول مەزگىلى ........ 62

61 - يىلى ئىيۇن ........ 64

61 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇست ........ 69

ئىزدىنىش ........ 70

61 - يىلى دېكابىر ........ 74

61 - يىل 31 - دېكابىر ........ 77

«شەرقىي تۈركىستان مىھنەتكەش خەلق پارتىيىسى» تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ........ 79

ئاۋغۇست ........ 92

62 - يىلى نويابىر ........ 96

12 - دېكابىر ........ 99

30 - مارت ........................................ 107
10 - ئاپرېل ........................................ 110
13 - ئاپرېل ........................................ 113
15 - ئاپرېل دۈشەنبە ........................................ 113
16 - ئاپرېل ........................................ 115
17 - ئاپرېل ........................................ 116
18 - ئاپرېل ........................................ 124
19 - ئاپرېل ........................................ 137
20 - ئاپرېل ........................................ 140
21 - ئاپرېل يەكشەنبە ........................................ 146
22 - ئاپرېل دۈشەنبە ........................................ 147
23 - ئاپرېل ........................................ 154
29 - ئاپرېل دۈشەنبە ........................................ 155
تۈرمە ھاياتى ........................................ 161
تۈرمىدە قۇربان ھېيت ........................................ 166
63 - يىلى 9 - ماي ........................................ 169
18 - ماي ........................................ 174
22 - ماي ........................................ 176
25 - ماي ........................................ 177
28 - ماي ........................................ 178
10 - ئىيۇن ........................................ 181
5 - ئىيۇل ........................................ 183
8 - ئىيۇل ........................................ 185
9 - ئىيۇل ........................................ 190
ئابلىز بىلەن زۇنۇننىڭ قولغا ئېلىنىشى ........................................ 201
14 - ئىيۇل يەكشەنبە ........................................ 203

17 - ئىيۇل چارشەنبە (تېپىلمىغان خەت) ..... 206
20 - ئىيۇل شەنبە كۈنى تۈرنىسانىڭ كوپتىسى ..... 209
28 - ئىيۇل يەكشەنبە ..... 214
شىيگوبىغا سۈرگۈن قىلىنىش ..... 215
ۋاڭنىڭ ساجىدەنى ئۇرۇشى ..... 236
ماھىنۇرنىڭ سۇيىقەستى ..... 245
لوي ساگو يولىدىكى ئۆڭكۈر ئۆيلەر ..... 253
18 - سېنتەبىر ..... 255
ئاپام ۋە ساجىدەنىڭ ئاكىسىنىڭ يوقلاپ كېلىشى ..... 258
15 - ئۆكتەبىر ..... 261
پاتىگۈلنىڭ بىگۇناھ ۋەيران بولۇشى ..... 262
62 - يىلى قولغا ئېلىنغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ..... 266
28 - ئۆكتەبىر دۈشەنبە ..... 268
ئىمھانەمنىڭ كەچۈرمىشلىرى ..... 273
ئايشەمنىڭ پۈتنى ئۈششۈتۈۋېلىشى ..... 298
21 - مارت شەنبە كۈنى ..... 301
ئورما ۋاقتى ..... 305
3 - ئاۋغۇست ..... 309
مىللىي ئارمىيىدىكىلەرنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈشى ..... 311
ئىسمائىلنىڭ پاجىئەلىك ھاياتى ..... 31
يېڭى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كېلىشى ..... 317
ئەرلەر ئەترىتىنىڭ كۆچۈشى ..... 320
ئاياللارنىڭ ياۋا توڭگۇزنى تۇتۇشى ..... 322
ئاياللار ئەترىتىنىڭ شاباخۇغا كۆچۈشى ..... 327
شاباخۇدا ..... 330
جېلىلىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ..... 331

نوپۇسسىز، نورمىسىز جېلىلىنىڭ زارى ................................................................ 334
مىللىي، خەنزۇ جىنايەتچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى توقۇنۇش ................................. 336
15 - مارت ........................................................................................................ 341
دادامنىڭ كونا تونۇشى ماجىڭ تاڭ بىلەن ئۇچرىشىش .................................. 345
ئارتىس مەرپۇننىڭ قولغا ئېلىنىشى .................................................................. 347
25 - ئاپرېل ........................................................................................................ 352
ساجىدەنىڭ ۋاقتىنىڭ توشۇشى ........................................................................ 355
قەشقەر مارالبېشى قارا قىلچىنغا شەھەر قورۇپ، يىلتىز تارتىش ئۇچۇن ئايالللارنى
ئېلىپ كېتىشى ................................................................................................... 357
قارا قىلچىندىن كەلگەن خەت ........................................................................... 359
ساجىدەنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېتىشى ................................................................... 362
سوپىسۇننىڭ قولغا ئېلىنىشى ........................................................................... 364
ئاكا - ئۇكىلارنىڭ قېچىشى ................................................................................ 371
ھەجەر بۇۋىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ..................................................................... 375
قولغا ئېلىنغىنىمغا ئۈچ يىل توشقان كۈن ........................................................ 386
خەلق تۈرمىسى ................................................................................................. 389
15 - ماي ........................................................................................................... 394
16 - ماي ........................................................................................................... 395
مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىش سەپەرۋەر دوكلاتى ..................................... 401
10 - ئاۋغۇست ................................................................................................... 408
15 - ئاۋغۇست ................................................................................................... 410
29 - سېنتەبىر ...................................................................................................... 419
11 - نويابىر ........................................................................................................ 422
مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى قالپاق كىيگۈزۈش ۋە بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى ........... 425
گۆڭشېدىكى خەلقنى سازايى قىلىش ھەرىكىتى ................................................ 441
3 - دېكابىر ........................................................................................................ 445

ئىسيانچىلار بىلەن مۇنازىرە ........................ 446
67 - يىلى يانۋار ........................ 449
67 - يىل ئاپرېل نەنسەندە ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىشى ........................ 449
ئۈچ ماشىنا ھادىسىسى ........................ 451
چوڭ ئەترەت زالدىكى كۆرەش يىغىنى ........................ 455
67 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ........................ 459
قىزىل سايدىكى جاپالىق ئەمگەك ........................ 461
67 - يىلى 5 - ئۆكتەبىر ........................ 464
3 - دېكابىر ........................ 473
68 - يىلى 21 - مارت ........................ 475
68 - يىل 13 - ئاپرېل ........................ 477
68 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ........................ 480
رەشىدەنىڭ قولغا ئېلىنىشى ........................ 484
68 - يىلى 17 - ماي ........................ 486
1968 - يىلى ئەستىن چىقماس قانلىق -18 ماي ........................ 489
68 - يىلى 19 - ماي ........................ 502
68 - يىلى 11 - ئىيۇن ........................ 513
شەرق شامىلى گۆڭشې 2 - چوڭ ئەترەتنىڭ 78 كىشىلىك جىنايەتچىلەر لاگېرى . 517
جىنايەتچىلەر لاگېرى قىزىل سايدا ........................ 520
«جىنايەتچىلەر لاگېرى» ئادىر ئارىسىدىكى ئۈمىد ........................ 524
20 - ئىيۇل ........................ 530
22 - ئاۋغۇست ........................ 533
24 - ئاۋغۇست ........................ 534
3 - سېنتەبىر ........................ 536
25 - سېنتەبىر ........................ 540
20 - ئۆكتەبىر ........................ 547

27 - فېۋرال ..... 550
69 - يىل 28 - مارت ..... 557
بىرىنچى مەرتىۋىدىكى چوڭ ھەربىي ھالەت ..... 568
69 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ..... 577
69 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ..... 578
70 - يىلى 5 - مارت ..... 581
70 - يىل ئاپرېل ..... 583
70 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ..... 589
70 - يىلى 20 - ئىيۇن ..... 591
71 - يىلى 2 - ئاي ..... 596
سىخانۇك چىڭ ۋاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ساياھىتى ..... 609
بىننۇنىڭ نەنسەنگە كېلىشى ..... 612
زىقاننىڭ بېشەملىكى ..... 616
71 - يىل ماي ئېيى ..... 618
71 - يىل 30 - دېكابىر ..... 621
72 - يىلى قىش ۋاقتى ..... 622
ئەجدىھا ۋەقەسى ..... 633
ئۆكتەبىر ئېيى ..... 638
76 - يىلى ياز ۋاقتى ..... 654
78 - يىلى قىش ۋاقتى ..... 656
78 - يىل ..... 662
79 - يىلى ماي ئېيى ..... 664
6 - ئاي ..... 666
80 - يىل ..... 667

# نەشرىياتتىن

شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېيىنكى يېرىم ئەسىرلىك تارىخى قاراڭغۇ تارىخ بولدى.

بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن ئۇيغۇرلار دىيارىدا قۇرۇلغان «ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى»، «قاراخانىيلار دۆلىتى» نىڭ تارىخى قاتارلىق شانلىق تارىخلىرىمىز قىسمەن قېزىلغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، تېخى ھازىرغىچە ھايات ياشاۋاتقان مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن قانلىق، پاجىئەلىك قىسمەتلەر خاتىرىلەپ يېزىلمىدى، تېز - تېز ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى.

دۇنيادا جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە مۇستەملىكە بولۇپ باقمىغان مىللەتلەرنىڭ بېشىغا كېلىپ باقمىغان، يات مىللەتلەر ھەتتا پەلەستىن، كەشمىر قاتارلىق ئۈزۈن يىل مۇستەملىكە ئاستىدا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك زۇلۇم ۋە قانلىق پاجىئەلەرنى داستان قىلىپ يېزىپ چىقىش ۋەتەن ئىچىدە مۇمكىن ئەمەس، چەت ئەللەردىچۇ...؟

«كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن» ناملىق ئەسەر مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەپ ئاتالغان بالايىئاپەتلىك يىللاردا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن قانلىق پاجىئەلەرنى يېڭىدىن كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ. قاراڭغۇ تارىخىمىزنى قىسمەن بولسىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئەمما بۇمۇ يېرىم ئەسىرلىك تارىخ ئەمەس، ئۇنىڭدىن پەقەتلا بىر تامچە، خالاس.

كىتابتا يېزىلغان پاجىئەلىك ۋەقەلەرنىڭ ئالدى - كەينىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا توختاۋسىز داۋام قىلىپ كەلگەن، ھەر بىرسى بىردىن داستان بولغۇدەك شانلىق تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلماقتا.

1950 - يىلقى راخمانوف ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى، 1951 - يىلقى مالىك ھاجى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى، 1954 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى ئابدۇلھېمىد داموللام ۋە پەتھىددىن مەخسۇمنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى، 1957 - يىل خوتەندە يۈز بەرگەن خەدىچە خېنىم ۋەقەسى، 1980 - يىلى 5 - ئايدىكى پەيزىۋات ۋەقەسى... قاتارلىق ئىنقىلابىي كۈرەش تارىخىمىز

ئايرىم ـ ئايرىم مەخسۇس كىتاب قىلىپ يېزىلمىغانلىقى سىرتىدا، شەرقىي تۈركىستاننى دۇنياغا قايتىدىن تونۇتقان 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى بارىن ئىنقىلابىي ۋە 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى غۇلجا ۋەقەسىمۇ بۈگۈنگە قەدەر سىستېمىلىق، تەپسىلىي يېزىلمىدى، پەقەت ئۇ ۋەقەلەرنى خەۋەر قىلىپ ئىشلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدۇق. بۇلارمۇ ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا قىرىق نەچچە يىل تۈرمىدە ياتقان ئابدۇلەزىز مەخسۇم، ئابدۇلەزىز چىڭگىزخان داموللام قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم كىتاب قىلىپ يېزىلمىدى. ھەممىسى ئۇنتۇلغان تارىخقا ئايلىنىپ كەتتى.

مۇشۇنداق زور ۋەقەلەردىن بىرسى شۇ ۋەقەنىڭ تىرىك شاھىتى بولغان سۈيۈنگۈل تەرىپىدىن 40 يىلدىن كېيىن تۇنجى قېتىم يېزىلدى. بۇ ھەقىقەتەن تەبرىكلەشكە تېگىشلىك كاتتا ئىش. كىتابقا پروفېسسور سۇلتان ماخمۇت ئەپەندى ۋە مەلىكە خانىملار تەرىپىدىن قىسمەن باھا بېرىلگەن بولغاچقا، مەن كىتابنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇھاكىمىسىگە ھاۋالە قىلىمەن.

كىتابنى ئوقۇغىنىمىزدا سۈيۈنگۈلنىڭ تەشكىلات قۇرۇپ قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە قامىلىپ، تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپمۇ ئائىلىسىگە قايتالماي، رىژىمدا تۇرغان ۋاقتىدىمۇ تىنچ تۇرمىغان ئالىي جاناب روھى ۋە ئەركىن ھاياتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى تۇنجى قېتىم داستان قىلىپ يېزىپ چىقىپ، ئەينى قىسمەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈلگە ياراتقانلىقى بىزنىڭ سۈيۈنگۈل ھەدىگە بولغان ھۆرمىتىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.

كىتابتا يېزىلغىنى شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەرنىڭ پەقەت بىر قىسمى ۋە ئۈرۈمچى تۈرمىلىرىدىكى ۋەقە بولسىمۇ، پۈتۈن تۈرمىلەردىكى ئاچلىق، ئازابلىق پاجىئەلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش بولغان.

چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان مۇھاجىرلىرىمىزدىن سۈيۈنگۈلگە ئوخشاش قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ياكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئەمما قاراڭغۇ تارىخقا ئايلىنىشقا يۈز تۇتۇۋاتقان ئەھۋاللارنى خۇددى ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىپ چىققان مەرھۇم بارات ھاجىم ۋە 1967 ـ يىلى 4 ـ ئايدىكى «قارا جۇلدىكى جەڭ» ۋەقەسىنى يېزىپ چىققان ھاجى ئابدۇررەشىد كېرىمىيغا ئوخشاش خاتىرە قىلىپ يېزىپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئابدۇلجېلىل تۇران

# خەلقىمىزنىڭ باتۇر قىزى

ئازادلىققا تەشنادۇر ساپ يۈرىكىڭ،
مۇستەقىللىق، ھۆرلۈك ئەلگە تىلىكىڭ.
ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىڭنى پىدا قىلىپ،
باتۇرلارچە ئەل بەختىنى ئىزلىدىڭ.

يىللار ياتتىڭ ئازابلىق زەي تۈرمىسىدە،
باش ئەگمىدىڭ ئۈمىد باغلاپ كەلگۈسىگە.
جىسمىڭنى ھەم روھۇڭنى قىينىسىمۇ،
چۈشمىدىڭ دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلىسىگە.

بىر كۈن كېلەر ۋەتىنىڭ بوستان بولۇر،
يەرچىشلەپ دۈشمەنلىرىڭ ۋەيران بولۇر.
مەدھىيىلىنىپ باتۇرلۇق ئىش ـ ئىزلىرىڭ،
ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادلارغا داستان بولۇر.

سەن خەلقىمىزنىڭ باتۇر قىزى،
چاقناپ يانغان يۇلتۇزى.
كەلگۈسىگە نىشان بولۇر،
داڭلىق ئۆچمەس ئىش ـ ئىزى.
سالىخ قىزى سوفىيا ۋەلىيېۋ

# تەقدىم

پروفېسسور، دوكتۇر سۇلتان ماخمۇت قەشقىرى

سالىخ ۋەلىيېۋ قىزى سۆيۈنگۈل جانىشېۋ تەرىپىدىن يېزىلغان «كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن» ناملىق بىئوگرافىك ئوچېرك نەشر قىلىنىپ بۈگۈن ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

سالىخ ۋەلىيېۋ قىزى سۆيۈنگۈل جانىشېۋ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھۆرلۈكى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بولغان كۈرەشكە ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى بېغىشلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەۋلادلىرىدىن بىرى.

شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر قىزى سۆيۈنگۈل خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن مۇستەملىكىچىلىك ۋە قانلىق زۇلۇم سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى، نىشانىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە بۇ ھاكىمىيەتنىڭ قورۇلۇپ، ھۆر بەختىيار ياشاش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەقىل - ئىدراك كۈچى بىلەن بىلىپ، ئىپارخان، نۇزۇگۇم، رىزۋانگۈللەرنىڭ ئىنقىلابىي روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش مەيدانىغا كۆكرەك كىرىپ چىققان مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق ئاياللىرىمىزدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىكى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا 1962 - يىلى 2 - ئايدا غايىداش بولغان ساۋاقداشلىرى ۋە دوستلىرىنى ئەتراپىغا توپلاپ «شەرقىي تۈركىستان مېھنەتكەش خەلق پارتىيىسى» نى مەخپىي ھالدا قۇرۇپ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرەش پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپ ھالدا ئېلىپ بارغان، لېكىن تەشكىلاتقا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بەزى خائىنلارنىڭ، كۈرەش ئىرادىسى ئاجىز بولغان بەزى شەخسلەرنىڭ خائىنلىق قىلىشى ۋە ئىقرارى نەتىجىسىدە سۆيۈنگۈل

خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ياشلىق باھارىنىڭ ئالتۇن چاغلىرى كوممۇنىست خىتاي ئىستىبداتلىرىنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىدا خارۇ زارلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن. سۆيۈنگۈلنىڭ ئىنقىلابىي سەپداشلىرىمۇ بۇ ئېغىر جازالاردىن نېسىۋىسىنى ئالغان، مۇجاھىد سۆيۈنگۈل، تاكى ئاۋستىرالىيىگە چىقىپ كەتكەنگە قەدەر كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇم ۋە تەھدىتلىرىدىن بىر كۈنمۇ خالىي بولالمىغان.

«كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن» ناملىق بۇ كىتابتا يېزىلغان ۋەقەلەر توقۇلما ھېكايىلەر ۋە خىيالى ئېپىزوتلار بولماستىن ھەممىسى سۆيۈنگۈلنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋە ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەردىن ئىبارەت.

بۇ كىتابقا خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي سىياسەتلىرى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن چوڭقۇر پاش قىلىنغان، بولۇپمۇ ماۋزېدۇڭ باشلاتقان ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ دەھشەتلىك مەنزىرىسى ۋە خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ دۆلەت تېررورى ناھايىتى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

بۇ كىتابنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىشى شۇ يىللاردىكى پاجىئەلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. بۇ ھادىسىلەردىن يۈزەكى ھالدا خەۋەردار بولغان، ئەمما مەملىكەت سىرتىدا ياشىغان قېرىنداشلىرىمىز ۋە چەتئەللىكلەر: «دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ۋەھشىيلىك بولامدۇ؟! مۇنداقمۇ قانخورلۇق بولامدۇ؟!» دەپ ئىشىنىشكە تەرەددۇت قىلىشى مۇمكىن.

ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ كىتابنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقىدىغانلىقىغا ۋە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى بۇ پاجىئەلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن چارە - تەدبىر تېپىشقا ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىغا شەك، شۈبھىمىز يوق. بۇ كىتاب ـ ۋەتەنپەرۋەر خەلقىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقى يولىدىكى كۈرەشكە بولغان تەلپۈنۈشىنى، قىزغىن ھالدا قاتنىشىشىنى قوزغاشقا تۈرتكە بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز!

ئاپتور سۆيۈنگۈلگە ئۇزۇن يىللىق جاپالىق روھى ئەمگەك ئارقىلىق بۇنداق بىر كىتابنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلغانلىقى ئۈچۈن تەشەككۈرلىرىمىزنى ئىزھار قىلىمىز.

2006 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىستانبۇل - تۈركىيە

# ھۆرمەتلىك كىتابخان!

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب بىر يازغۇچىنىڭ ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەپ ياكى ئاشۇرۇپ يازغىنى ئەمەس. بۇ ۋەقە -1957 -1982 يىللار ئارىسىدىكى 25 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىدۇر. توغرىسى پەقەت بىرلا مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنىڭ بىر قىسمى، دېمەككى كىتابتىكى ۋەقەلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ دەۋردە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ، مىلىتارىست، پاشىستلارنىڭ قولىدا كۆرگەن ئازابلىرىنىڭ مىليوندىن بىر پارچىسى، دېڭىز سۈيىنىڭ بىر تامچىسى دېسەك خاتالاشمايمىز.

بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا بىزنىڭ ياشلىق دەۋرىمىز ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىز بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتتى.

خۇددى شۇ ۋاقىتلارغا قايتىپ، شۇ ھاياتنىڭ ئىچىدە قايتىدىن ياشىغاندەك بولدۇم.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ۋەتىنىمىزگە ھىيلىگەرلىك بىلەن بېسىپ كىرگەندە ئۆزلىرىنىڭ بىزگە بەخت ئەكەلگۈچىلەر، ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرگۈچىلەر دەپ جار سالغاندا خەلق ئىشىنىپ، خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىشىپ، گۈلدەستىلەر بىلەن قارشى ئالغان ئىدى. ياشلار كېلەچەككە چوڭ ئۈمىد باغلىغان ئىدى. بىراق كۆپ ئۆتمەي بۇ ۋەدىلەرنىڭ ھەممىسى يالغان ئىكەنلىكى بىلىنىشكە باشلىدى. ئالدى بىلەن بىلىملىك، ئەقىللىق ئادەملەرنى، يازغۇچىلارنى، مۇئەللىم تارىخچىلارنى، شائىرلارنى، موللىلارنى (دىنى خادىملارنى)، بايلارنى، ھەربىيلەرنى ھەر تۈرلۈك يالغان بوھتان بىلەن يوق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنى پانتۈركىست، پانىسلامىست، زومىگەر پومېشچىك، خىيانەتچى، ئوڭچى، مىللەتچى، بۆلگۈنچى، شىيۇجىڭجۇيىچى ۋە باشقا بوھتانلار بىلەن قارىلاپ يوقاتتى. سۈرگۈن قىلدى، تۈرمىگە تاشلىدى، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى پۈتۈن بايلىقلىرىنى، قورallارنى يىغىۋالدى. لىبېرالىزمغا قارشى تۇرۇش نەيرەڭۋازلىقى بىلەن تۈرك مىللەتلىرىنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويدى. ئاتىنى بالىغا، ئاكا ـ ئۇكىلارنى، قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلدى. كىشىلەردە بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ يوقالدى. خۇددى شەيتانلار

ئادەملەرنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۇلارنى قايمۇقتۇرغاندەك كىشلەر گاڭگىراپ قالدى.

كوممۇنا قۇرۇپ، كىشلەرنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدە ئەركىن تاماق ئېتىپ يېيىش ھوقۇقى چەكلەندى. ھەممە ئادەم كوممۇنادا پۇشۇرغان ھەلەپ ئورنىدىكى تاماقنى يەپ دۆلەتكە بىكارغا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىندى. كىشلەرنى ئۆيلىرىدىن دالالارغا، سەھرالارغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى «چېگرا رايونلىرىنى گۈللەندۈرۈش» نىقابىدا ئىچكىرىدىن ئەكەلگەن خىتايلار باستى.

تىجارەت قىلىپ جېنىنى بېقىۋاتقانلار ھەددىدىن ئاشقان ئېغىر باجلارنى تۆلىيەلمەي ئۆي جايلىرىدىن ئايرىلدى ۋە ۋەيران بولدى. خەلق ئىچىدە چىققان:

مەن نەگە بارالايمەن،
بوينۇم قىلدا باغلاقلىق.
ھەر بىر ماڭغان قەدەملەر،
مىڭ كۆز بىلەن پايلاقلىق.

تاغلاردىن ماڭاي تۇتقۇن،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.
بولغان كۈنىمىز مۇشۇ،
رەقىبگە بويۇن ئەگمەي.

دېگەن ئېچىنىشلىق ناخشا بۇنىڭ پاكىتىدۇر.

بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان بايلىقلىرى: ئالتۇن، نېفىت، ئاشلىق، يۇڭ، تېرە، كۆمۈر ۋە باشقا خام ئەشيالار كۈن ـ كۈن توختىماي ئىچكىرىگە ئاقاتتى. ۋەتەنىنىڭ ئىگىسى بولغان مەزلۇم خەلق ئىشسىز، ئاچ ـ زار، خانىۋەيران بولدى. يولىنى تاپقان كىشلەر بىر ئامال قىلىپ چەت ئەلگە كېتىشكە باشلىدى، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بىزگە ئەكەلگەن بەختى شۇ بولدى.

ئۈنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ئاز ساندىكىلەر ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئۆز بېشىنىڭ ئامانلىقىنى، ئوقۇش پۈتكەندىن كېيىن بىلىم دەرىجىگە قارىماي ياخشى ئورۇنلارغا خىزمەتكە ئورۇنلىشىش، باشلىق بولۇش، ياخشى ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ سىياسەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ساتقۇنلۇق قىلىش، باشقىلارغا تەھدىت سېلىش، ۋارقىراش، توڭگۇز گۆشى يېيىش، ئاللاھنى ئىنكار قىلىش بىلەن كوممۇنىست

پارتىيىسىگە ئەزا بولاتتى. ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئەمما كۆپ ساندىكىلەر ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولاتتى. ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقلا ئېتىلغان ئوق، ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە تەگكەندەك، توشۇلۇپ كېتىۋاتقان بايلىقلار تومۇردىكى قانلار ۋە يىلىكلەردەك بىلىنەتتى. بىراق نېمىمۇ قىلالايتتى. ۋەتەن، ئىقتىساد، قورال، ھوقۇق قولىدىن كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەتىنىمىزنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاش، ئۇيغۇر تارىخىنى تىلغا ئېلىش ئېغىر گۇناھ، پانتۈركىست قالپىقى بىلەن قانچە ـ قانچە بىلىملىك ئادەملەر، تارىخچىلار، يازغۇچىلار ئۆلتۈرۈلدى. تۈرمىلەرگە تاشلاندى. خورلاندى. نېمە ئۈچۈن بۇلار تارىختىن شۇنچە قورقىدۇ. بۇ سوئالغا نادان خەلق ھېچ پەرۋا قىلمايدۇ، چۈشەنمەيدۇ. چۈشىنىشتىنمۇ قورقىدۇ. خەلقنىڭ يۈرىكى شۇنچىلىك مۇجۇلغان، ئۆز سايىسىدىن ئۆزى قورقىدۇ. تۈمشۇقىدىن قاياققا يېتىلىسە شۇ ياققا ماڭىدۇ.

نېمە قىلىش كېرەك؟ بۇ سوئالغا «ئالدى بىلەن خەلقنى ئويغىتىش، ئۆز تارىخىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك، ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن كىشى، ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇش يولىنى تاپالمايدۇ» دېگەن جاۋاب بىلەن بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر  ياشلار بىر نۇقتىغا توپلىنىشقا باشلىدى. ئۈستىمىزدىكى قورقۇنچلۇق سىياسىي بېسىم، تەھدىت، تەقىب ۋە خەتەرلىك ئاقىۋەتلەردىن قورقماي ئۆز ھاياتىنى، كېلەچىكىنى قۇربان قىلىپ مەيدانغا چۈشكەنلەرنىڭ بىرى سۆيۈنگۈل ئىدى.

ـ سۆيۈنگۈل ئويچان، چوڭ قارا كۆزلىرى، كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى بىلەن دەرھال كۆزگە چېلىقاتتى. ئۆزىنىڭ ساپ قەلبى، كەمتەرلىكى، توغرا سۆزلۈكى، دوستلارغا مېھرىبان ۋە سادىقلىقى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولدى.

مېھنەت مەيدانلىرىدا، ئاخشاملىرى چارچىغان ۋاقىتلىرىمىزدا يېقىملىق، مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن تاتار ناخشىلىرىنى ئېيتىپ كۆڭلىمىزنى كۆتۈرەتتى. روھلاندۇراتتى. ھەربىر سۆزىنى چاقچاق بىلەن قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەيتتى.

سۆيۈنگۈل ھەر دائىم: «مەن تاتار قىزىمەن، ئەمما مەن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ۋەتىنىم دەپ تونۇيمەن، چۈنكى مەن بۇ يەردە تۇغۇلدۇم، ئۆستۈم. بۇ ۋەتەننىڭ ھەر بىر تال تېشى، گىياسى مەن ئۈچۈن قىممەتلىك، ئىككىنچىدىن مۇستەقىللىق ئۈچۈن، زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى كۈرەش ھەر بىر كىشىنىڭ ۋىجدانى بۇرچىدۇر» دەپ قىزىپ سۆزلەيتتى. بۇ سۆزلىرى سۆيۈنگۈلنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابلىق كۈنلىرىدە ئىسپاتلاندى. 19 يىللىق تۈرمە، سۈرگۈنلۈك، قىيىن ـ قىستاقلار، خورلاشلار ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىنى يېڭەلمىدى. روھىنى سۇندۇرالمىدى. سۆيۈنگۈل ئۆمرىنىڭ ئەڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرىنى

6 يىللىق جاپالىق ئوقۇشلىرىنى ئازادلىق ئۈچۈن قۇربان قىلدى. گەرچە ھېلىگەر قارا كۈچلەر تەرىپىدىن بۇ غايىلەر ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، بۇ ئۈمىدلەر، غايىلەر مىليونلىغان خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىدە مەشەل بولۇپ يانىدۇ. ۋەتەن ئازات بولمىغۇچە ئۆچمەيدۇ. كۈرىشىمىز ئەۋلادتىن، ئەۋلادقا داۋام قىلىدۇ. ۋەتەنگە، مەزلۇم خەلقىمىزگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، ئۇنىڭ ئازادلىقى، كېلەچىكى ئۈچۈن قايغۇرۇش سۆيۈنگۈل بىلەن بىزنى قېرىنداشلارچە يېقىنلاشتۇردى. ھايات دولقۇنلىرى بىزنى تۈرلۈك قىتئەلەرگە تاشلىغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ كۆڭلىمىز ھېچ يىراقلاشمىدى. يېشىمىزنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىغا قارىماي كېلەچەككە بولغان ئۈمىد بىزنىڭ دوستلۇقىمىز قېرىتمىدى.

يېقىندا سۆيۈنگۈل بىلەن ئۇچراشقىنىمىزدا مەن: «سەن كۆپ جاپا تارتتىڭ» دېدىم.

سۆيۈنگۈل بولسا: «بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھېچ ئېچىنمايمەن، ئۇ بولسىچۇ ھاياتىنىڭ بىر تۈرى، مەن ھەقىقىي ھاياتنى كۆردۈم. تۈرلۈك ھاياتلارنى تونۇدۇم، ئىككىنچىدىن، مەن مۇستەملىكچىلىككە، ھەقسىزلىككە، زۇلۇمغا قارشى چىققىنىم ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئۆزۈمنى مەغرۇر، كۈچلۈك ھېس قىلدىم، ئۇ كۈنلەر ماڭا ئېغىر كەلمىدى» دېدى.

ھۆرمەتلىك سۆيۈنگۈلگە ۋە ئائىلىسىگە تۈگىمەس ـ پۈتمەس بەخت سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

دوكتۇر مەلىكە مۇھەممەد ئەلى

# بېغىشلىما

ۋەتەن ئىشقىدا يانغان، خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتىن قورقمايدىغان ئالىيجاناب روھى بىلەن تولغان ياش يۈرەكنىڭ جاسارىتىگە قارشى كەلگەن نى - نى ئېغىر جاپالار، روھىي بېسىملار بۇ ياش قىزنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى. 100 كىلولاپ سېمونت سېلىنغان چېلەكلەرنى كۆتۈرگەن ئەپكەش ئىگىلىسمۇ بۇ ياش قىزنىڭ چۈمۈلىدەك ئىنچىكە بەللىرىنى پۈكەلمىدى. خالتىغا تولدۇرۇلغان تاشنى ئىنچىكە سىم بىلەن بويىنىغا ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ - سوقۇپ «كۈرەش» قىلىپمۇ بۇ ياش قىزنى دۈشمەن ئۆزىگە باش ئەگدۈرەلمىدى. سىمدىن ئۆرۈلگەن قامچا بىلەن ئۇرۇپ باش - كۆزىنى يېرىپ، ئارقىسىغا تىلىم - تىلىم يول سېلىپ، پۈتۈن بەدىنىنى قانغا مىلەپ، كىيىملىرىنى تىتما - تىتما قىلىپ يىرتىپ مەسخىرە قىلىپمۇ بۇ ياش قىزنىڭ «ۋەتەن ئۈچۈن» دەپ سوققان يۈرىكىنى توختىتالمىدى. قاراڭغۇ تۈرمىلەرگە سولاپ، تەھدىت بىلەن سوراق قىلىپمۇ، يىللارچە يېرىم ئاچ، يېرىم توق ئېغىر ئەمگەكلەر بىلەن ئېزىپمۇ بۇ ياش قىزنى مۇستەقىللىق كۈرىشىدىن ياندۇرالمىدى.

مانا بۇ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكتۇر!

مانا بۇ مەنسەپپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ئۈچۈن، خەلقى ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈش ھەم ئالىيجاناب روھى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۈلگە بولۇش دېمەكتۇر!

مانا بۇ ياش قىز شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا تۇنجى قېتىم ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى، خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاڭلىق ھالدا، ئېنىق مەقسەت، بۈيۈك غايە بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققان ئىككى قىز قەھرىمانىنىڭ بىرسى مېنىڭ ھەدەم سۆيۈنگۈل، ئىككىنچىسى بولسا ئۇنىڭ ساۋاقدىشى ساجىدە، مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ھەدەمنىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى ھاياتىنىڭ ھەر بىر كۈنىدە بىللە بولۇپ، مۇشۇ يازغان ھەر بىر ۋەقەسىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ ياشىدىم. «كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن» ناملىق بۇ كىتاب ھەدەم سۆيۈنگۈلنىڭ ئەينى زاماندىكى كۈندىلىك خاتىرىسىدىن

قسقارتىلىپ يېزىلدى. بۇ ۋەقەلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي تارىخىنىڭ بىر قىسمى ۋە خەلقىنىڭ ئەمەلىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ بىر جانلىق پاكىتلىق مىسالىدۇر!

مەن ھەدەم سۆيۈنگۈلنىڭ بىر ئۆمۈر ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ياشىغان ئىش ـ ئىزلىرىدىن پەخىرلىنىمەن ھەمدە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى پەخىرلىنەرلىك، تىللاردا داستان قىلارلىق بىر جانلىق ئوبراز دەپ بىلىمەن! ھەمدە ھەدەمنىڭ كۆچ چىقىرىپ بۇ كىتابنى يېزىپ چىققىنى ئۈچۈن چىن يۈرەكتىن تەبرىكلەيمەن.

ھەدەم سۆيۈنگۈلنىڭ ياش ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىسلام دىنىنى قوغداش يولىدا بىر قانچە ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە جان پىدالىق بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنىپ ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىقىنى تۈرمىلەردە، قالغان ھاياتىنى ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك رىژىم ئاستىدا ئۆتكۈزگەن ۋاقتىدىكى تىز پۈكمىگەن ئالىيجاناب روھىغا ھەمدە قەيسەر ـ باتۇر، جاسارەتلىك ئوبرازىغا تۆۋەندىكى شېئىرىمنى ئۇنىڭغا بېغىشلايمەن.

غايىمىز بۈيۈك، ئىرادىمىز چىڭ،
ئۈمىدۋار، ئوت يۈرەك ياشلار ئىدۇق.
قەلبىمىزدىكى شۇ ئۇچقۇنلاردىن،
يالقۇنلار چىقارتماقچى بولغان ئىدۇق.

ۋەتەننى ئازات قىلماقچى بولۇپ،
ئۇلۇغ كۈرەشكە ئاتلانغان ئىدۇق.
نەۋ باھارىمىز قۇربان بولسىمۇ،
ئەلنىڭ بەختىنى تاپماقچى ئىدۇق.

شۇ يۈكسەك ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمىز،
ئوق بولۇپ تەگدى دۈشمەن قەلبىگە.
ئوت بولۇپ يانغان يۈرەكلىرىمىز،
چۈشتى رەھىمسىز تۆمۈر قەپەسكە.

قاراڭغۇ زىندان، چۆل ـ باياۋاندا،

ئېزىلدى بىزنىڭ ئەزىز جېنىمىز.
قانخور جاللات، دۈشمەن قولىدا،
خارلاندى بىزنىڭ ئالىي روھىمىز.

ۋەيران بولسىمۇ ئۆمۈر كۆلپەتتە،
ياشاتتى بىزنى ئارزۇ يۈرەكتە.
ھەقىقەتنىڭ بىر نامايەنى دەپ،
باش ئەگمىدۇق ياۋۇز دۈشمەنگە.

سولسىمۇ ياشلىق گۈلۈم زۇلمەتتە،
سولمىدى يۈكسەك غايە يۈرەكتە.
مۇستەقىللىق ئارزۇيىمىز چوقۇم،
ئەمەلگە ئاشقۇسى كېلەچەكتە!

مەنزىلگە يەتمەي ئۆلسەكمۇ بىزلەر،
ئارزۇمىز ئۆلمەي مەڭگۈگە كۆكلەر.
بايراق بولۇپ قەبرىمىز ئۈستىدە،
بوران - چاپقۇندا تىنماي لەپىلدەر!
سالىخ ۋەلىيېق قىزى غەيشە ماسكى

2005 - يىلى نويابىر

# مۇئەللىپتىن

مېنىڭ پۈتۈن دۇنياغا شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەتەنداشلىرىمنىڭ مۇستەملىكە ئاستىدا يىللارچە تارتىپ كېلىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ھەققىي ۋە ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئېچىپ تاشلاش بىلەن تەڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ ئۆچمەس ئۈمىدىنى نامايان قىلىپ بۇ كۈرەش ئۈچۈن بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەسسە قوشۇش ئارزۇيۇمدىن بۇ كىتاب – «كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن» دۇنياغا كەلدى.

مەن 1940 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىنىڭ تۇنجى بالىسى بولۇپ دۇنياغا كەلدىم. مېنىڭ دادام ئۈرۈمچى سودا شىركىتىدە بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئاندىن قارا شەھەر، قەشقەر شەھەرلىرىدە سودا شىركىتىنى قۇرۇپ چىقىپ شۇ شىركەتنىڭ (تۇسەن گۇڭسى) باشقۇرغۇچىسى (دىرېكتورى) بولۇپ، ۋەتەننىڭ سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ھەسسە قوشۇش ئارزۇسى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ھەم ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر زىيالىي ئىدى.

مەن كۆپ بىلىمنى ئاتا - ئانامدىن ئالدىم. ئۇلار ماڭا ۋەتەننى، خەلقنى ۋە مىللەتنى سۆيۈشنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىشنى ئۆگەتتى.

يەتتە يېشىمدىن باشلاپ ئۇلار ماڭا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇران كەرىمنىڭ تەپسىرىنى تولۇق ئوقۇپ بېرىپ قەلبىمنى ئىمان بىلەن سۇغۇرۇپ كۆڭلۈمدە زور بىلىم ئىزلىرىنى قالدۇردى.

توغرا سۆزلۈك ھەقىقەتچى بولۇشقا، ھېچكىمگە زۇلۇم قىلماسلىققا، موھتاجلارغا قولدىن كەلگەن ياردەمنى ئايىماسلىققا، مۇمكىن قەدەر ياخشىلىق قىلىشقا ھەم تىرىشىپ ئىشلەپ ھاياتتا ياخشى ئىز قالدۇرۇشنى ئۆگەتتى. مەن بىرىنچى تەربىيەنى ئائىلەمدىن ئالدىم. باشلانغۇچنى «تاتار مەكتەپ» تە، ئوتتۇرا مەكتەپنى «2 - قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى» دە ئوقۇدۇم. 57 - يىلى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا كىرگەندىن كېيىن ۋەتەننىڭ مۇستەقىل

بولۇشىنىڭ قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

مۇستەقىللىق ئارزۇسى بىلەن تەشكىلات قۇرۇپ ئىشلەپ قولغا ئېلىنىپ تۈرمە ۋە نازارەت ئاستىدا ياشىغان 18 يىللىق ھاياتىمدىن قىسقىچە خاتىرە قالدۇرۇپ يوشۇرۇپ ساقلىغان ئىدىم. شۇ خاتىرىگە ئاساسەن بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم. بۇنىڭدا يېزىلغان ۋەقەلەر ھەم كىشلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆز ئەينى بىلەن يازدىم. ھەممىسى بېشىمدىن ئۆتكەن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ھەم ئاڭلىغان ھەقىقي بولغان ۋەقەلەر. شۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ مەكتەپتىن قولغا ئېلىنغان تۆت ئوقۇغۇچىنىڭ بىرسى ئەھمەت توختى ئىككى يىل بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئالالاھ رەھمەت قىلسۇن! ئابلىز سەۋىردىن ئىككى يىل بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. ئائىلىسى بۈگۈنگە قەدەر ئىزدەپ ھېچقانداق خەۋەر تاپالمىدى. ساجىدە بولسا ئاغرىق دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ.

جاپانى تەڭ تارتقان شۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھازىرقى بۇ ئەھۋاللىرىنى ئەسلەپ كۆڭلۈم يامان بولدى.

بىز ئاۋستىرالىيىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن قايغۇرۇشنى توختاتمىدىم.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا خەت يېزىپ، ئاۋستىرالىيىدە دوكتۇر بېنني (ئاق ئورۇس مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى) بىلەن كۆرۈشۈپ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، خەلقىنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئېيتىپ ۋەتەنىنىڭ ھالىغا ئېتىبار قوزغىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدىم ھەم نەتىجىدە ئادەملەرنىڭ ھېسداشلىقى، ئېتىبارى قوزغىلىشقىمۇ باشلىدى. شۇنداقلا سىڭلىمنىڭ يولدىشى بولغان ئەھمەت ئىگەمبەردىنىڭ ئاۋستىرالىيىگە چىقىشىغا ياردەم قىلىش بىلەن ھېسداشلىق قىلدى.

دىنىمىزنى، مىللىتىمىزنى ساقلاپ قېلىش يولىدا كۈرەش قىلىپ، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۆز ئۆيۈمدە مەكتەپ ئېچىپ ۋەتەنداشلارنىڭ بالىلىرىغا دىنىي، مىللىي ھەم مەدەنىيەت ـ سەنەت دەرسلىرىنى بېرىش ئىمكانىيىتى تۇغدۇرۇپ بەردىم ھەم مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلدىم. ئەنە شۇ مەكتەپتىن تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى تاتار، ئۇيغۇر، ئۆزبېك مەكتەپلىرى بارلىققا كەلدى.

94 ـ يىلى خەلقىنىڭ ھىمايىسى ۋە ئالقىشى بىلەن «تۈركىستان جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ چىقتۇق. مەن بۇ جەمىيەتنىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتى ۋە خەزىنىدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدىم.

جەمئىيەتنىڭ گېزىتىنى چىقىرىپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىگە تارقىتىپ تەشۋىقات يۈرگۈزدۇق ۋە شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە كۆرسەتكەن زۇلۇملىرى ۋە غۇلجا ۋەقەسىدىكى قىرغىنچىلىققا قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش ئۆتكۈزدۇق.

1998 - يىلى تاتار باشقۇرت جەمئىيىتى نامىدىن «ب د ت» غا، ئەرەبىستانغا خەت يېزىپ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاپ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدۇق. ئۇنىڭغا جاۋابەن «سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئىسمىلىكىنى بەرسىڭىز چىقارتىپ بېرىمىز» دەپ خەت كەلگەن ئىدى. مەن ئۇنى ئەھمەت ئىگەمبەردىگە تاپشۇردۇم. شۇنداقلا ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان سىياسىي بېسىم ۋە قىرغىنچىلىقلارنى پاش قىلغۇچى كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى تاتار باشقۇرت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ـ سىڭلىمنىڭ يولدىشى زىيا ماسكىغا ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇردۇق. شۇنداقلا بۇ ماتېرىياللار ۋەتەندىن ئاۋستىرالىيىگە رىخۇجى قوبۇل قىلىش ھەرىكىتىگىمۇ چوڭ ياردەم بولدى.

مانا شۇنداق ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەن ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كەلدۇق.

رەھمەتلىك دادام «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا «ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ دادىسى» دەپ يالاڭ كىيىم بىلەن سۆرەپ چىقىپ قىشنىڭ سوغۇقىدا بوينىغا تاختا ئېسىپ سازايى قىلىپ ماڭدۇرغاندا ئۆپكىسىگە سوغ تېگىپ ئاغرىسىمۇ ياخشى داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ كۈچلۈك ئۆپكە برونخىت ھەم ئەستما بولۇپ، دېمى سىقىلىش ئازابىغا گىرىپتار بولدى ھەمدە شۇ ئاغرىقتىن ساقىيالماستىن 1985 - يىلى ئاۋستىرالىيىدە 69 يېشىدا ۋاپات بولدى، ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!

- 1988 يىلى ئۆمۈر يولدىشىم لاتىپ 49 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!

مۇساپىرچىلىق يۇرتىدا بۇ مۇسىبەتلەر بىزگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى. ئۆلۈم قايغۇسىنى يىغىپ ياشاش يەڭگىل ئەمەس ئىكەن! ئەمما ھايات بىر سىناق يۇرتى ئەمەسمۇ، قانداقمۇ يەڭگىل بولسۇن؟!

قايغۇنىڭ دورىسى پەقەت سەۋر ئىكەن دوستلار!

مېنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن، مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئېغىر جاپالارنى چەكسىمۇ رەنجىمەستىن ھەر ۋاقىت مېنىڭ ئۈچۈن دۇئادا بولغان شۇ ئاتا ـ ئانامغا، جاپايىمنى تەڭ

تارتقان ئىنى ـ سىڭىللىرىمغا ۋە ماڭا ياردەمدە بولغان، ھېسداشلىق قىلغان دوستلىرىمغا، ساۋاقداشلىرىمغا، ئەل ـ يۇرتقا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى، خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى كۆرۈشنى جانابى ئاللاھ ھەممىمىزگە نېسىپ قىلسۇن ئىكەن! ئامىن.

سالىخ ۋەلىيېف قىزى سۆيۈنگۈل چانىشېف

# تۇرمە

ئۇ چاغقىچە ماشىنا دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ تار كوچىغا كىردى.

ــ بۇ قەيەر؟ دەپ سورىدى تۇردى ئالدىمىزدىكى ئېگىز تاملىق يوغان تۆمۈر دەرۋازىنى كۆرسىتىپ.

بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ تۇرمە ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە قېلىن تام، ھەر دوقمۇشقا تام ئۇستىدە ئىككى كىشىلىك كۆزەتچى مۇنارى ئورنىتىلغان بولۇپ، تولۇق قوراللانغان قاراۋۇل ساقچىلىرى تام بېشىدا خۇددى ھازىر جەڭگە كىرىدىغاندەك قىياپەتتە پىلىموتنى تۇتۇپ ئۇياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ كۆزەت قىلىپ تۇراتتى.

ــ ھە، ئۆزىڭىزنىڭ نەگە كېلىپ قالغانلىقىڭىزنى ئەمدى بىلگەنسىز؟ دېدى تۇردى.

ماشىنا تۇرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ گۇدۇك بەردى. قارا تۆمۈر دەرۋازا داراڭلاپ ئىچىگە ئېچىلدى. دەرۋازىنى ئاچقان قوراللىق ئىككى ساقچى دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتۈپ تىك تۇردى.

ماشىنا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ــ سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، دېدى تۇردى ۋە ئۆزى ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ كەتتى. مەن ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زەمبىل كۆتۈرۈپ ئىشلەۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ، بۇ ئادەملەر قولغا ئېلىنغان مەھبۇسلار ئوخشايدۇ، دەپ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى كۆرۈپ ئولتۇردۇم. ھويلىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئېچىنغان ۋە قورققان ھالدا ماشىنىغا سۇرلۇك قاراپ بىر ـ بىرىگە ئاستا بىر نەرسىلەرنى سۆزلەيتتى.

تۇردى كۆپ كېچىكمەستىن قايتىپ چىقتى ۋە ماڭا قاراپ:

ــ سىز چۈشۈڭ، بىز ئىككىمىز مۇشۇ جايدا كۈتۈپ تۇرىمىز، ئۇلار تېخى رەسمىيەتنى تۈگىتىپ بولماپتۇ، دېدى ۋە شوپۇرغا ماشىنىنى تۇرمىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ھەيدەپ بېرىپ يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ قويۇپ قايتىپ كېتىشنى ئېيتتى.

تۇردى ئىككىمىز ئوتتۇرىدىكى دەرۋازىدا كۈتۈپ تۇردۇق، تۇردى ماڭا نەسىھەت قىلىپ ئېچىنغان ھالدا:

– قىزىل گۈلدەك چىرايلىق ياش ھاياتىڭلارنى ئويلىمىدىڭلار... دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرساممۇ كۆزۈم ھويلىدا ئىشلەۋاتقانلاردا ئىدى. ئۇلار ئاپتاپتا ئىشلەپ چىرايلىرى قارىداپ، ئورۇقلاپ، قاق ئۇستىخان بولۇپ كەتكەن قارا مەھبۇسلار، كىيىملىرى يىرتىلىپ ھەرخىل رەخت پارچىلىرى بىلەن يامالغان، چىرايلىرى سولغۇن، روھسىز، ئاران لىڭشىپ ئىشلەپ يۈرگەن ئادەملەر ئىدى. ئۇلار بىزگە كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى. مەنمۇ ئۇلارغا قاراپ بۇلار كىملەردۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ جايغا كىرىپ قالغاندۇ؟ مۇشۇ ئېغىر تۇرمۇشتا قانچە ۋاقىت ياشاپ كەلگەندۇ... دېگەندەك خىياللارنى قىلىپ ئۇلارغا ئېچىندىم. ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ تەقدىرى مېنى قىزىقتۇردى.

تام تۆپىسىدە خەنزۇ قاراۋۇل ساقچىلار، قاماقتا مىللىيلار مەھبۇس بولۇپ ئىشلەپ يۈرىدۇ. بۇ تەقدىر نەگە بارساڭ ئادەمگە توقۇنۇشۇپ تۇرغان.

تۇردىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭدىن:

– بىزنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىمىزنى ئۆيدىكىلەرگە قانداق خەۋەر قىلىمىز؟ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ خەت يازساق قانداق سالىمىز؟ دەپ سورىدىم.

– نېمە قايغۇرىسىز، بۇ چاغقىچە سىزنىڭ ئائىلىڭىزدىكىلەرلا ئەمەس، پۈتۈن شەھەر خەلقى ئاڭلاپ بولغاندۇ ھەرقاچان، دېدى تۇردى.

– سىلەر بىزنىڭ ئۆيىمىزدىكىلەرگە خەۋەر قىلدىڭلارمۇ؟

– ياق، ئۇلارغا تېخى خەۋەر قىلمىدۇق، لېكىن ھازىرغىچە ئۇلارنى ئاڭلىمايدۇ دەمسىز؟ بەلكى پۈتۈن شىنجاڭغا پۈركەتكەن بولماي، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە پۈتۈن ئىدارە - جەمىيەتلەردە سىلەرنىڭ ئىشىڭلار توغرىسىدا ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مەن ھەيران بولۇپ، تۇردىغا قاراپ قالدىم.

– نېمە بولدىڭىز؟ ھەيران بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ دەپ سورىدى ئۇ.

– ياق، خەلققە ئۆگىنىش چىقىپ تۇرىدۇ دەڭە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاددىي بىر كىچىك ئىشىمۇ خەلققە ئۆگىنىش، دەپ كۈلدۈم.

– سىلەر ئۈچۈن ئاددىي بولغان بىلەن بۇ كىچىك ئىش ئەمەس. كىچىك ئىش بولسا سىلەر بۇ تۈرمىدە نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ بۇ قەيەر، بىلەمسىز؟ بۇ دېگەن لاتىف رايونلۇق بىرىنچى تۈرمە «گۆڭەننىڭ تۈرمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۆزىڭىزچە ئاددىي، كىچىك ئىش دەپ ئويلايدىكەنسىز – دە، دەپ قايناپ كەتتى.

– مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش جىنايەت ئەمەس، ھەر بىر ئىنساننىڭ بۇرچى، دېدىم كەسكىن ھالدا.

– دەل شۇنىڭ ئۆزى جىنايەت، دۆلەتنى پارچىلاپ بۆلگۈنچىلىك قىلىش.

– قىزىق، دەپ كۈلدۈم.

– سىز ھەقىقەتنى ئېيتامسىز، مەن سىزنى سىناپ كۆرەي، ھازىر كىمنى كۆردىڭىز؟

– قېنى كىم بار مەن كۆرگىدەك؟ دەپ ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ كەتتىم، چۈنكى راستىمنى ئېيتسام ھېچكىمنى كۆرمىگەن ئىدىم.

تۇردى قورقىنىدىن:

– نەگە بارىسىز؟ مۇشۇ سىلە ئوقۇغۇچىلار قىزىق بولىدىكەنسىلەر، بۇنداق قىلىسىڭىز بىكار ماڭا گەپ كەلتۈرىسىز، دەپ مېنىڭ يېڭىمدىن تارتتى.

پەلەمپەيدە ساجىدە قولىنى پۇلاڭلىتىپ بىزگە قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

– ۋىيەي ساجىدەمۇ كەپتىغۇ؟ دېدىم.

– كەلمەيدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭىز، دەپ كۈلدى تۇردى.

ساجىدە ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل ئىشىككە كىرىپ كەتتى.

– يۈرۈڭ، ئەمدى بىز كىرىمىز، قورقۇۋاتامسىز؟ بۇ قەيەر؟ دەپ سورىدى.

– بۇ يەرنىڭ تۈرمە ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم، بۇنىڭدىن قورققۇدەك ھېچ يېرى يوق، بۇمۇ بىر مەكتەپ، دېدىم.

بىز تۈرمە تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق، چوڭ ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنكى ئوڭ قول تەرەپتىكى ئۆيگە كىردۇق. ئۆيدە بىر قېرى خەنزۇ بىلەن ئۆمەرجان ئولتۇرۇپتۇ. مەن كىرىشىم بىلەن ئۆمەرجان كۈلۈپ:

– ھە مۇرادىڭىزغا يەتتىڭىزمۇ؟ مانا ئەمدى يېتىڭ، دېدى.

ـ بىزنىڭ مەقسىتىمىز تۇرمىدە يېتىش ئەمەس، بۇ سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار، خۇشال بولغانسىز ئەمدى، دېدىم مەن ئۆمەرجانغا قاراپ.

ـ ۋاي، ئۆزىڭىزنىڭ نەگە كېلىپ قالغىنىڭىزنى تېخىچە بىلمەيۋاتقانسىز؟ ھەر قانداق ئادەمنى قورقۇتۇپ تىترىتىدىغان، يولۋاسنى چاشقانغا ئايلاندۇرىدىغان يەر بۇ، سىلەرگە ئويۇندەك تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟ دېدى ئۆمەرجان.

ئارىلىقتا تۇردى سۆز قوشتى:

ـ ۋاي بۇلار قىزىق، ئابىياتىن بىرى ساجىدە بىلەن ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قول پۇلاڭلىتىپ كۈلۈشۈپ يۈرىدۇ.

ھېلىقى خەنزۇ دەپتەرلەرنى ۋاراقلاپ ئانكىت تولدۇرۇشقا باشلىدى.

رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن ئۆمەرجان بىلەن تۇردى:

ـ ئەمدى بىز كېتىمىز، دەيدىغان سۆزلىرىڭىز ۋە ئىشلىرىڭىز بولسا، بىزگە ھازىر دەۋېلىڭ، كېيىن بىزنى تاپالمايسىز، دېدى.

ـ رەھمەت! سىلەرگە ھېچقانداق ھاجىتىم چۈشمەيدۇ، دېدىم.

ئۇلار كۈلگەن پېتى چىقىپ كېتىشتى.

بۆلۈمگە پاكار بويلۇق، مەھبۇس چىراي كىچىك بىر خەنزۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ يانچۇقۇمنى ۋە ئۇياق ـ بۇياقلىرىمنى ئاختۇرۇپ بولۇپ، مېنى سىرتتىن نەرسىلىرىمنى ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇدى.

مەن ئىشىك ئالدىدا تۇرغان نەرسىلىرىمنى كۆتۈرۈپ ماڭماقچى بولۇۋىدىم، ئالدىمدىن ئېگىز بويلۇق، قاراقاش، قارا كۆز، ئورۇق، ئىنچىكە كەلگەن گەلەفى شالۋار كىيگەن بىر ئادەم بىلەن ئوتتۇرا بويلۇق، ئۇزۇن شالاڭ ساقاللىق، كۆك كۆزلۈك قارىماققا تاتارلارغا ئوخشايدىغان بىر قېرى ئادەم زەمبىل كۆتۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇزۇن بويلۇق ئادەم ماڭا قاراپ:

ـ  سىڭلىم كېلىپ قاپسىز، كېرەك يوق، دېدى. دەردلىك ھالدا بۇ سۆز ماڭا ئاجايىپ تەسىر قىلدى. چۈنكى باياتىن بىرى  بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ماڭا ئويۇندەك تۇيۇلۇپ، ئانچە تەسىر قىلمايۋاتاتتى.

ـ  بۇلارنىڭ سىرلىق ۋە قايغۇلۇق ئېيتىلغان سۆزلىرى ماڭا ئېغىر دەھشەتلىك

تۇرمۇشنىڭ قايىنمى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى دېرەك بېرىۋاتاتتى. ئىشلەۋاتقان ئادەملەردىن بىرسىنىڭ: «ئۆتكۈر ئەپەندى، سەغىت ئابىزى گۈرجەكلەرنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېگەن سۆزى ئاڭلاندى. ئاندىن مەن بۇلارنىڭ ئۆتكۈر ئەپەندى، سەغىت ئابىزى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۆتكەنلەر: «كېرەك يوق ئۇكام، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، سەۋرلىك بولۇپ، چىداملىق بولۇڭ...» دەپ ماڭا تەسەللى بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

مەن نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى كۆتۈرۈپ ئاستا دەسسەپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتىم. بۇ تىنچ، خاتىرجەم، ئەركىن تۇرمۇشنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى ئىدى. بۇ يورۇق جاھاننىڭ قىممەتلىك ۋاقتى ئىدى.

مېنىڭ نەرسىلىرىمنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئورۇق مەھبۇس چىراي خەنزۇ ئورۇن ـ كۆرپىلىرىمنى كۆتۈردى. مەن ئۇششاق ـ چۈشەك نەرسىلىرىمنى كۆتۈرۈپ تۈرمە زالىنىڭ ئىشىكىگە باردۇق. ئىشىك بېشىدىكى سائەت توپ ـ توغرا ئۈچ بولغانىكەن. «ھە، مەن سائەت ئۈچتە تۈرمىگە كىردىم» دەپ ئويلىدىم.

تۈرمە زالىغا كىردۇق، تۈرمە زالىنىڭ ئوتتۇرىسى ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان يۇملاق زال بولۇپ، بۇ زالدا بەش شوئار شەكلىدە بەش كارىدور، ئوتتۇرىدىكى زالنىڭ ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ ئەينەك قويۇلغان بولۇپ، يۇملاق دېرىزە ئارقىلىق كارىدورغا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. كارىدوردا ئاپتومات تۇتقان خەنزۇ ساقچىلار تۇراتتى. بىز 5 ـ زال يەنى ئىشىكتىن كىرىشتە ئوڭ قول تەرەپتىكى زالغا كىردۇق.

مېنىڭ ئورۇن ـ كۆرپىلىرىمنى كۆتۈرگەن خەنزۇ زالنىڭ كىرىشتىكى ئوڭ قول تەرەپتە 2 ـ ئۆي يەنى 3 ـ نومۇرلۇق كامىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ ئىشىكنى ئاچتى. مەن زالغا كىرىۋېتىپ كامىرىدا يوق دېگەندە ئىككى ـ ئۈچ ئاياللار بولۇشى مۇمكىن دەپ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ كەلگەن ئىدىم. لېكىن ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن قاپ ـ قاراڭغۇ، توپا ـ چاڭ باسقان تاملاردىن خۇددى ئارغامچىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئۆمۈچۈك تورلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى. سۇپا ۋە يەرنىڭ پاسكىنىلىقىدىن بىر  ـ بىرىدىن پەرق ئېتىپ بولمايتتى. ئۆي ئىچىدە بىر سۇپۇرگىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، يالغۇز ئۆيگە كىرىپ كەلدىم. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن ئادەمنىڭ دېمىقىغا دەھشەت سېسىق پۇراق كېلىپ ئۇرۇلاتتى. خەنزۇ قاراۋۇل مېنىڭ يۈك ـ تاقلىرىمنى تاختاي سۇپىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. مەن ئۆينىڭ تۆت تام ۋە ئۆگزىلىرىگە، چاڭ باسقان كىچىك تۆمۈر روجەكلىك دېرىزىسىگە قاراپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپلا قالدىم. شۇ ھەيرانچىلىقتا خەنزۇ قاراۋۇلنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتىمەن. ئىشىكنىڭ جاراڭلاپ ئېتىلىشى بىلەن چۆچۈپ

ئەسلىمگە كەلدىم، ئۆيىنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى.

بۇ نېمە ئىش؟ ئوڭۇممۇ چۈشۈممۇ؟ مەن بۇ چۈشتىن ئەسلىمگە كېلەي... دەپ بېشىمنى چايقاپ باقتىم. ياق مەن چۈش كۆرمەيۋاتىمەن، مەن تۈرمىدە ئۆزۈمنى كۆرۈۋاتىمەن. بۇنداق تۇرماي، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، بۇ مېنىڭ ماكانىم، تازىلاپ، رەتلەپ ئورنۇمنى سالاي، يىغىشتۇراي... شۇنداق قىلىپ مەن ياغلىقىمنى ئېلىپ بېشىمنى تاڭدىم - دە، يېڭىمنى تۈرۈپ سۈپۈرگە بىلەن ئۆينىڭ تۆت تېمىنى سۇپا ۋە يەرلەرنى سۈپۈرۈپ چىقتىم. تام ئىشكاپنى سۈرتۈپ چىقتىم. دادام مەن 5 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا مېنى بازارغا باشلاپ بېرىپ، ماڭا تاللاتقۇزۇپ ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ بەرگەن قىزىل گۈللۈك كىگىزنى تاختاي ئۈستىگە سالدىم. تامغا يۆلەپ تۇرۇپ كۆرپىلىرىمنى يىغدىم، تام ئىشكاپقا چىنە - قاچا، چىش چوتكا، چىش پاستىسى، سوپۇن، قەلەم، سىيا قاتارلىق ئۇششاق - چۈشەك نەرسىلىرىمنى رەتلەپ تىزدىم.

ئۆيدىكى چاڭ ـ توزان ۋە ئاچچىق سۈيدۈك پۇرىقى ئادەمنىڭ دىمىغىنى يارغۇدەك ئېچىشتۇرۇپ ئىختىيارسىز چۈشكۈرتەتتى. بىرەر يۈزنى چۈشكۈردۈممىكىن بىلمەيمەن، ھەتتا ئىشىك تۈۋىدىكى قاراۋۇل ساقچى تاماق بېرىدىغان كىچىك ئىشىكنى ئېچىپ:

نېمە بولدۇڭ؟ دەپ مېنىڭ توختىماي ئارقا - ئارقىدىن چۈشكۈرگىنىمگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

ـ توپا - چاڭ بۇرنۇمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى، دەپ چۈشكۈرۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۆينى توپا - چاڭ بولۇپ كېتىپتۇ، دەپ ھېلىقى ھەربىي خەنزۇ ئىشىكنى ئېچىپ قويدى.

ئو كىچىك ئىشىكنى يېرىم سائەت ئېچىپ قويسىمۇ ئۆيدىكى چاڭ - توزاڭ بېسىلاي دېمەيتتى. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇ ئىشىكنىمۇ يېپىپ قويدى. ئۆيدە مەن قىلغۇدەك ئىشمۇ قالمىدى. ئولتۇردۇم، ئورنۇمدىن زېرىكتىم، يېتىپ باقتىم، بۇ تېخىمۇ يامان تۇيۇلدى. ناخشا ئېيتىپ كۆردۈم، ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ كۆردۈم، لېكىن ھېچقايسىسى زېرىكىشىمنى باسالمىدى. ئاندىن تاملاردىكى خەتلەرگە كۆزۈم چۈشۈپ تاملارغا تەپسىلىيرەك قاراشقا باشلىدىم. تاملاردا، ئىشكتە، ئىشكاپلاردا خىلمۇخىل يېزىلغان خەتلەر بار. بەزىلىرى قاراڭغۇ تۈرمىدىن، بەزىلىرى قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن بولسا، يەنە بەزىلىرى يالغۇزلۇقتىن، ئاغرىقتىن تويۇپ زارلىنىپ يازغان خەتلەر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېسىمدە قالغانلىرى «باشقا كەلمىگۈچە بىلمەس ئادەم، جانغا تەگمىگۈچە ئۆلمەس» دېگەن سۆز ئىدى.

ئاستىدا مىرزا ئەھمەد دەپ ئىسمى بار ئىدى. بۇ ئىسمىنى ئوقۇغاندا ئابلىزنىڭ، «بىزنىڭ غۇلجىلىق يېقىن دوستلىرىمىزدىن مىرزا ئەھمەد، مىرزاھىت دېگەن ياخشى باللار بار ئىدى. ئۇلارنى ئىستىل تۈزىتىشتە مىللەتچى دەپ قولغا ئېلىپ كەتتى...» دەپ ئۇلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئېسىمگە چۈشتى. «ھە، ئۇلارمۇ مۇشۇ كامىردا يېتىشىپتىكەندە، ھارىز نەدىدۇر؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن ئىشكاپنىڭ ئىچىدىكى بىر قانتىغا مىرزا ئەھمەدنىڭ خېتىنىڭ يېنىغا يېزىلغان يەنە بىر خەتكە كۆزۈم چۈشتى. بۇ خەت چۆچەكلىك ئىبراي دېگەن بىرسىنىڭ بولۇپ، خەتتە «دۇنيادا مەندەك ساراڭ ئادەم بارمۇ؟ گۇڭەننىڭ تۈرمىسىنى ئىزدەپ كېلىپ دەرۋازىنى ئۇرۇپ «مەن جىنايەتچى، مېنى قولغا ئېلىڭلار» دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىككى ساقچى چىقىپ مېنىڭ غەرق مەسلىكىمنى بىلىپ مېنى سۆرەپ كوچا بېشىغا ئاپىرىپ «كەت» دەپ ھەيدىۋەتسە، مەن يەنە كېلىپ دەرۋازىنى ئۇرۇپ «مېنى قولغا ئېلىڭلار» دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار بىر قانچە قېتىم مېنى ھەيدىۋەتسىمۇ، ئۇلارغا مەن: «يالغان تونۇشتۇرۇش بىلەن كەلدىم، مېنى قولغا ئېلىڭلار» دەپ دەرۋازا تۈۋىدە تۇرۇپ ئىشىكنى ئۇرۇپتىمەن، ئەتىگەن ھوشۇمغا كەلسەم ئۆزۈمنى تۈرمىدە كۆردۈم... مانا شۇنىڭ بىلەن 15 ئاي بولدى، تۈرمىدە مېنىڭدەك ئادەم يوق...» دەپ يېزىپتۇ، راستىنلا قىزىق ئىش بوپتۇ... دەپ ئويلىدىم.

بايىقى تۈرمىگە مېنى باشلاپ ئەكىرىپ قويغان خەنزۇ سائەت تۆتتە ئۇبىرنىغا ئېلىپ چىقىدۇ. سائەت بەشتە تاماق ۋاقتى بولىدۇ دېگەن ئىدى. تېخى بىر سائەت توشمىدىمىكىنە؟ تۈرمىدە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش نېمىدېگەن تەس، كامىرنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. ماڭا خۇددى يەتتە - سەككىز سائەت ئۆتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. كۆپچىلىكتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىپ باقمىغان بولغاچقا ئۆزۈم يالغۇز قاراڭغۇ ئۆيدە ۋاقىت ئۆتكۈزمەك ئىنتايىن قىيىن تۇيۇلدى. بىر سائەت شۇنچە ئۇزۇن بولسا، كۈنلەرنى، ئايلارنى، يىللارنى ئۆتكۈزمەك بىر ئىش ئوخشايدۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆگىنىپمۇ قالارمەن، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. كەچ بولۇپ كەتتىمۇ نېمە ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سىرتقا قارىدىم.

چاڭ باسقان قوش ئەينەكلىك دېرىزىدىن سۈزۈك، كۆك ئاسمانلا كۆرۈنەتتى. تېخى كۈن پاتمىغان يورۇق ئىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ قاراپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئىشىكتىن بىرەر يىڭنە كۆزىدەك تۆشۈك بارمىدۇ؟ دېگەن ئۈمىد بىلەن قاراشقا باشلىدىم. ئىشىك نېپىز تۆمۈر تاختا بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۇنى بۇزۇش ۋە تۆشۈك تېشىش تەس ئىدى. مەن ئۇزاق سىنجىلاپ قاراش جەريانىدا بىر تۆشۈك تاپتىم. شۇ تۆشۈك ئارقىلىق زالغا قاراشقا باشلىدىم. بۇنىڭدا پەقەت تۆشۈكنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەن ئادەملەر بىلەن

ئۇدۇلىدىكى كامىرىنىڭ ئىشىكىنى كۆرۈشكە بولاتتى. خېلى ئۇزۇن قارىدىم. لېكىن ھېچنەرسە كۆرمىدىم. قايتىپ ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم. تۈرمىنىڭ ئىچى بارغانسېرى قاراڭغۇلاشتى. خۇددى قەبرىستاندا ئولتۇرغاندەك ئەتراپىم سۈرلۈك بولۇپ كەتتى. كىچىك تار تۈرمىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتىم. شۇنداق قىلىپ مەن كۈتكەن سائەت تۆتمۇ بولدى. تالادا ئاچقۇچىنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ـ  دە، زالدا بىر قانچە كىشىلەرنىڭ ماڭغان ۋە ئىشىكلەرنىڭ بىر- بىردىن شاراقلاپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھاجەتخانىسى تالادىمۇ نەدىدۇر؟ دەپ ئويلىدىم ۋە دىققەت بىلەن تالاغا قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ تۇردۇم، تاراق ـ تۇرۇق قىلىپ ئىشىكلەر ئېچىلىپ ئارتۇق ئاۋازلار ئاڭلانماستىن پەقەت سالماق قەدەم بىلەن بىراۋنىڭ ماڭغان ئاياق ئاۋازى ئاڭلاندى. بەزى ئۆيلەردىن ئىككى ـ ئۈچ ئادەمنىڭ، بەزى ئۆيلەردىن ئۆتكەنلەرنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ماڭا ئۆچىرەت كەلدى. قاراۋۇللارنىڭ ئىشىكنى شۇنداق قاتتىق جاراڭلىتىپ ئېچىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرساممۇ يۈرىكىم جۇغۇلداپ سەسكىنىپ كەتتىم. ئىشىك ئېچىلىپ سىرتقا چىقتىم. ھاجەتخانىمۇ كارىدوردا ئىكەن. بىر كارىدوردا 10 ئۆي بولسا، ئوننىچىسى ھاجەتخانا ئىكەن. ھاجەتخانىغا ئىككى ساقچى، ئىككى ئادەتتىكى ئادەم ئېلىپ چىقىپ ئىككى ئادەم ئېچىلغان كامىرنى كىرىپ تەكشۈرۈپ چىقسا، ئىككى قورallلىق ساقچى ھاجەتخانىغا بىللە بېرىپ ئىشىك تۈۋىدە كۈتۈپ بىرگە ئېلىپ قايتاتتى. بۇ يەردە ئىشلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىدى. ھاجەتخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇلار يەنە ھاجەتخانىغا كىرىپ تەكشۈرۈپ چىقىدىكەن، بۇ ماڭا قىزىق تويۇلدى.

ھاجەت ۋاقتى بىر سائەت داۋام قىلدى.

كۆپ ئۆتمەي تاماق ۋاقتى باشلاندى. ئىشىكنىڭ كىچىك تاماق بېرىدىغان ئىشىكى تاراقشىپ ئېچىلىپ خەنزۇ ئاشپەز كۆرۈندى. ئۇ ماڭا قاراپ:

ــ  سەن يېڭى كەلدىڭما؟ تاماق قاچاڭ بارما؟ دەپ سورىدى ۋە ئارقىدىنلا بىر يوغان جاۋۇرغا گاۋلىياڭ (قىزىل پۇرچاقتىن پۇشۇرغان تاماقنى سېلىپ بەردى. بۈگۈن پەقەت تاماق يېگۈم يوق ئىدى. شۇڭا بىر ـ ئىككى قوشۇق يەپلا ئېلىپ قويدۇم. مەن كۈتكەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى بولۇپ ئۆتتى. ئەمدى تاڭ ئاتقۇچە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ، دەپ بېرىپ ئولتۇردۇم:

چىراغ ياندى. چىراغ خۇددى ئۈنۈپ چىققان پوقاقتەك ئۆز ئورنىغا چاپلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يورۇقى ئۆيىنى ئاران يورۇتاتتى:

ئەمدى تۈشمۇ  تۈش كامىرلاردىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. شۇنچىلىك

مۇڭلۇق، شۇنچىلىك يېقىملىق ناخشىلار بۇ جايدا مېنىڭ پەقەت يالغۇز ئەمەسلىكىمنى بىلدۈرەتتى. بىر كامىردا ناخشا باشلانسا يەنە بىر كامېردىكىلەر ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ مۇڭلۇق، دەردلىك ناخشا دولقۇنى ئاسمانغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېزەتتى. پۈتۈن زالدا ساقچىلار كامېرلار ئارا يۈگۈرۈشۈپ ناخشىنى توختىتىش ئۈچۈن تىرىشسىمۇ لېكىن ناخشا ئاۋازى زادىلا بېسىلمايتتى. خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ناخشا ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. ناخشا ئاۋازلىرى بېسىلدى. ئەتراپ تىنچلىنىپ پۈتۈن تۈرمە رايونىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

ئىچىم يەنە سىقىلىشقا باشلىدى. بىرىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردۇم، تووۋا خۇدايىم، بىز نېمە ئۈمىد ـ ئارزۇلارنى قىلغان ئىدۇق. نەلەردە ئولتۇرىمىز. ھەئە! دەپ غۇۋا يورۇپ تۇرغان چىراغقا قارىدىم. مەكتەپ مۇدىرىمىز رىزۋان ئاپپاينىڭ ئوقۇشۇمغا نەتىجە، كېلەچىكىمگە بەخت تىلەپ، خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدى سىلەردە، ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىڭلار، دەپ ئېيتقان سۆزلىرى قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلاپ كەتتى. بىزنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىم مەيدانى كۆز ئالدىمغا كەلدى.

## ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى

1957 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى شەھىرى، شەرقىي تۈركىستان مارش كۆيىنىڭ ساداسى ۋە گۈلدۈراس ئالقىشلار ئارىسىدا چەكسىز ھاياجانلار بىلەن سەھنىگە قاراپ ماڭدىم. سەككىز يۈز ئادەملىك خاڭچىك كۈلۈبىنىڭ ھەشەمەتلىك ياسالغان، گۈللەر بىلەن زىننەتلەنگەن سەھنىسىدە دىپلوم تارقىتىۋاتقان 2 ـ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى رىزۋان ئاپپاي ئىككى قولى بىلەن مېنىڭ ئون يىللىق ئەمگەك مېۋەم بولغان مەكتەپ پۈتتۈرۈش دىپلومامنى قولۇمغا بېرىپ، مېھرىبان ئانىلاردەك يېقىملىق كۈلۈمسىرەش بىلەن مېنى تەبرىكلەپ، قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ئوقۇشۇمغا نەتىجە، كېلەچىكىمىزگە بەخت تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن سەھنىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ قول ئېلىپ تەبرىكلەشتى. كۈلۈبقا بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، بىر ـ بىرىدىن ئوماق، گۈزەل كىينگەن قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بارلىق ئوقۇغۇچىلىرى يېقىملىق كۈلۈشلىرى بىلەن بىزلەرنى تەبرىكلەپ، ئالقىشلىرىنى ياڭرىتاتتى. كۈلۈپ ئىچىگە ئېسىلغان لوزۇنكا، شار ۋە بېزەك قەغەزلىرى خۇشاللىق بەلگىسى بولۇپ، يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

بۇ بىزنىڭ مەكتەپ قوينىدىن ئايرىلىشىمىزنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى ئىدى.

ھاياجان ئىلكىدە كۆڭلۈم كۆكتە يۇلتۇزلار ئارا ئۇچاتتى. مېنىڭ ئۇچۇن پۈتۈن ئوقۇشلار ئازلىق قىلىدىغاندەك، دۇنيانىڭ بارلىق سىرلىرىنى بىلگۈم كېلەتتى. يازغۇچى ياكى شائىر بولۇپ، دۇنيادىكى زۇلۇمغا قارشى قەلەم بىلەن كۈرەش قىلىپ، باتۇر خەلقىم بىلەن گۈزەل ۋەتىنىمنى ماختاپ كۆڭۈل ھەۋەسلىرىمنى كۈيلەپ يازغۇم كېلەتتى. دوختۇر بولۇپ، كېسەللەرنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بەلكى ئۆلمەسلىكنىڭ يولىنى تاپقۇم كېلەتتى. ئوقۇتقۇچى بولۇپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ يەر يۈزىدە مەشھۇر بىلىم ئىگىسى قىلىپ چىقارغۇم كېلەتتى. ئۆز كۆڭلۈمدە ھەر نەرسە بولغۇم كېلىدۇ. ئادەمنىڭ كۆڭلى نېمىنى تىلىمەيدۇ، ئەمما تەقدىر نېمە؟ ھازىرلاپ قويغىنىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

## ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى

1957 - يىلى، سېنتەبىر، ئۈرۈمچى شەھىرى، شەرقىي تۈركىستان كانىكولدىن كەلسەم مېنى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بۆلۈپ، ھەتتا مېنىڭ ئورۇن - كۆرپە ۋە بارلىق نەرسىلىرىمنى كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ قويغان ئىكەن.

بىزنىڭ قارارغا غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي ۋە ئۈرۈمچىدىن بولۇپ، 125 ئوقۇغۇچى كەلگەن ئىكەن. قىزلار مەكتەپىدىن ئالتە قىز بۆلىنىپ كەلدۇق. ئوقۇش باشلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەستىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇشۇپ، دوست بولۇپمۇ قالدىم.

بىز بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى باشلاندى. تىببىي ئىنستىتۇت بويىچە پۈتۈن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار، دوختۇر، سېستىرالار، ئىشچى، كادىرلارنى يىغىپ مەكتەپ زالىدا «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ھەرىكەت پەقەت مىللىيلار ئۈچۈن بولۇپ، خەنزۇ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇش، خىزمەت ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

يىغىندا «ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلسۇن، ھەممە قۇشلار بەس - بەستە سايرىسۇن!» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەر بىر ئادەم پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە دۆلەت ئۈستىدە قانداق كەمچىلىكلەر بولسۇن، ھەركىم ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سايرىسۇن! شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ دۆلەت قانۇن - سىياسەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ چىقىدۇ، دەپ كىشىلەرنى چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، سايراش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئېچىلىپ سايراشنىڭ كېلەچەك خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كۆپ پايدىسى بار، دەپ ماختاپ

تەشۋىق قىلاتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئوقۇش توختىتىلىپ، ھەر كۈنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئېچىلىپ سايراش ئېلىپ بېرىلدى. ھەركىم ئۆز كۆڭلىدىكى ئوي - پىكىر، كۆز قاراشلىرىنى ۋە بىلگەنلىرىنى سايراشقا باشلىدى. دەسلەپتە ئاددىي نەرسىلەر ئۈستىدە سايرىغان بولسىمۇ، كېيىن پىكىرلەر چوڭقۇرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى، ئۆز ھوقۇقىنى، ئۆز بايلىقىغا ئۆزى ئىگە بولۇشنى ۋە خەنزۇ خەلقلىرىنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ، شىنجاڭنى بوشىتىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ قارارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيىدا تۈزۈلۈپ چىققان جۇڭگو خەلق كونستاتسىيىسىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدا ماۋجۇشى «شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭنى ئىتتىپاقداش رىسپوبلىكا قىلىپ قوشۇۋېلىشىمىز كېرەك» دېگەن نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىكەن.

ئوقۇغۇچىلار بۇ كونستاتسىيەنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىزنىڭ يېرىمىز بىلەن بايلىقىمىز بولغىنى ئۈچۈن ئىتتىپاقداش رىسپوبلىكا بولىدىكەنمىز - ھە، دەپ باللار بۇلارنىڭ كۆزلىگەن يېرىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ دەپ بىر ھازا قايناشتى. تالاش - تارتىش بىلەن پىكىر چوڭقۇرلاشتى. ماۋجۇشى ئىتتىپاقداش رىسپوپلىكا قىلىپ قوشۇۋالىمىز دەپ، نېمە ئۈچۈن رىسپوبلىكا بەرمەستىن، لاتىن رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقتى، نېمە ئۈچۈن ئىتتىپاقداش رىسپوبلىكا قۇرمىدى؟ دەپ ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتە شىنجاڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل رىسپوپلىكا بولۇشى كېرەك، رىسپوپلىكىنىڭ لاتىن رايوندىن كۆپ ئارتۇقچىلىقى بار، ئۆز ئالدىغا بايرىقى، گېربى، قانۇن ـ سىياسەتلىرى بولىدۇ. ئۆز ھوقۇقىنى ئۆزى يۈرگۈزۈپ، ئۆز يېرىگە، ئۆز بايلىقىغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە رىسوپلىكا كېرەك، دېگەن پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار ۋە كادىرلار بۇ پىكىرنى قوللاپ چىقتى. ھەممە كىشى ھاياجاندا پۈتۈن كۈن ئېچىلىپ سايراش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئۆگىنىشتە پىكىر قاتناشتۇرمىغانلارنى چوڭ خەتلىك تام گېزىتىگە ئاغزىغا قۇلۇپ سېلىقلىق رەسىملىرىنى سىزىپ مەكتەپنىڭ ھەممە يېرىگە چاپلاپ مەسخىرە قىلدى ۋە گۇرۇپپىلاردا ھەرىكەتكە قارشى، دەپ تەنقىد قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتتە ھەممە ئادەم پىكىر قاتناشتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

سايرىماي مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، دەپ كۆپچىلىك ئالدىدا سۆزلەش قىيىن بولسىمۇ مەنمۇ ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بىز تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا بىزگە 1949 ـ يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان 4 ـ سىنىپ ئوقۇش كىتابىنىڭ ئاخىرىدىكى

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى دەرس قىلىپ ئوقۇتقان ئىدى. ئۇ كىتابتا شىنجاڭ ئەزەلدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز يېرى بولۇپ، مۇستەقىل دۆلەت ئىدى. جۇڭگونىڭ يەنى خەنزۇ خەلقىنىڭ يېرى پەقەت سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى بولغان، دەپ يازغان. مېنىڭچە بولغاندا خەنزۇ خەلقى شىنجاڭدىن چىقىپ يەرنى ئىگىسىگە بوشىتىپ بەرسە بولىدۇ. خەنزۇلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن كېچىلىرى كوچىدا كىشىلەرنى بۇلاپ - تالاپ، ئادەملەرنى بىكاردىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تىنىچ تۇرمۇشىنى بۇزدى. خەنزۇ خەلقى مۇنداق قىلىۋەرسە شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن زور ئاپەتتۇر، دېدىم.

بۇنداق پىكىرلەر پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن تەكرار - تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سايراش ھەرىكىتى ھەقىقەتەن قىزغىن ئېلىپ بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىدە مۇستەقىل رېسپۇبلىكا بولۇش ئۈمىدى بارلىققا كەلدى.

بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، سايرىغۇچىلار ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى، ئوڭغا مايىل، تەنقىد ئوبيېكتى دېگەن تىپلارغا بۆلۈنۈپ كۈرەش قىلىش باسقۇچى باشلاندى. ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى دەپ قالپاق كىيگۈزگەنلەرنى مەكتەپنىڭ چوڭ زالىدا ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۈرەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ھەر كۈنى ئۇلارنى ئوتتۇرىغا تۇرغۇزۇپ قويۇپ «مەسىلەڭنى تاپشۇر!» دەپ قىستايتتى. ئۇلار ئاغزىنى ئېچىپ سۆز قىلغۇچە بىر قانچە ئاكتىپ ئوقۇغۇچىلار سەكرىشىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ، بارماقلىرى بىلەن كۆزلىرىگە چوقۇپ، قاپ - قارىسىغا تۆھمەت قىلاتتى. كېكىردەكلىرى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ شوئار توۋلايتتى. ئۇلارغا قوشۇلۇپ پۈتۈن زالدىكى ئادەم تەڭ شوئار توۋلاشقا توغرا كېلەتتى. ئەگەر بىر ئادەم شوئار توۋلىماي قالغان بولسا، ياكى مۈگدەپ قالغان بولسا شۇ مىنۇتتا ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقىپ «جىنايەتچىلەرگە ھېسداشلىق قىلدى» دەپ ئۇلارنى ئۇرۇپ كۈرەش قىلاتتى. زالدا تاماكىنىڭ كۆك ئىسلىرىدىن كۆز ئېچىپ بولمايتتى. تاماكا چەكمىگەنلەرمۇ ئىس يۇتۇپ، ئۆپكىلىرى ئېچىشىپ يۆتىلىپ جېنىمىز قالمىغانسېرى كۈرەش يىغىنى ئۇزۇنغا سوزۇلاتتى. ئادەمنىڭ روھىنى ئازابلايدىغان بۇ كۈرەش يىغىنلىرىدىن  تويۇپ بىزار بولۇپ كېتەتتۇق. كۆپلىگەن كۈرەش ئوبيېكتىلىرىنىڭ بىرسى بولغان مەكتەپ مۇدىرىيەت ئىشخانىسىنىڭ تەرجىمانى تۇرسۇن قاسىموفنى كېچە - كۈندۈز كۈرەش قىلىش ئۈچ ئاي داۋام قىلدى. بىر كۈن ئەتىگەن قاسىموف يوقىلىپ كەتتى. ھەممە كىشى ئۇنى كۈتەتتى. ئۇنى ئىزدەپ چىققۇچىلارمۇ تاپالماي قايتتى. ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئاكتىپ ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئۇرۇپ - سوقۇپ سۆرەشتۈرۈپ زالغا ئېلىپ كىردى. ئۇ زالغا كىرگەندە ئۇنىڭ غەلىتە ياسىتىلغان چېچىنى كۆرۈپ  پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بېشىنىڭ ئۈستىدە كىچىك

چاي چىنىسىدەك يەردە يۇمىلاق قىلىپ چاچ قالدۇرۇپ قالغان يېرىنى پارقىرىتىپ قىردۇرۇپ كەلگەنىكەن.

قاسىمۇف ئۆزى ئۇرۇق ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك كەلگەن، چېقىر كۆزلۈك، سۆزمەن ئادەم ئىدى. ئۇ ياساقتىن چېچى بىلەن تېخىمۇ باشقىچە كۆرۈنۈپ كەتتى. كۆرگەن ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن كۈلگۈسى كېلەتتى. ھېلىقى ئاكتىپ ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئۇنى يەنە ئۇرۇپ سىلكىپ دۆشكەلەپ يۇرۇپ كۈرەش قىلىشقا باشلىدى. سوراق ئۇنىڭ چېچى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ بۇرۇنقى خىتاي پادىشاھىنىڭ چاچ پوسىنى بولۇپ، مەن شۇنىڭغا ئوخشىتىپ ياساتتىم. شۇنداق قىلسام مىللەتچى دېگەن نامدىن ۋە بۇ «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتىدىن قۇتۇلارمەنمىكىن دەپ قىلدىم، دېدى. ئۇنى دۇمبالاش تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى...

2 ـ قارار ئوقۇغۇچىسى ئابدۇكېرىممۇ بۇ قېتىمقى كۈرەشتىن قۇرۇق قالمىدى. ئۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي سېپىدە خىزمەت كۆرسەتكەن دوختۇر بولۇپ، بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن غۇلجىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش مىللىي ئارمىيە سېپىدىن كەلگەن ياشتا چوڭ ئوقۇغۇچىلاردىن خېلى بار ئىدى.

ئابدۇكېرىم پاكار بويلۇق، گەۋدىلىك كەلگەن، مىجەزى ئېغىر، كەم سۆز ئادەم ئىدى. ئۇنى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تاپشۇر، دەپ تۆت كۈن كۈرەش قىلدى. بەشىنچى كۈنى ئەتىگەن ئابدۇكېرىم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ، دېگەن سۆز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پۇر كەتتى. سائەت توققۇز بولماستىن پۈتۈن ئادەمنى مەكتەپ زالىغا يىغىپ ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئىككى سائەت كۈرەش يىغىنى ئۆتكۈزدى ۋە ھەر بىرىمىزگە ئابدۇكېرىمگە قارشى چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىشقا بۇيرۇق قىلىپ، مەكتەپنىڭ پۈتۈن تاملىرىنى چوڭ خەتلىك گېزىت بىلەن توشتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئادەم ئۈستىدە سىنىپى دۈشمەن، خەلق دۈشمىنى، خائىن، جاھىل ئۇنسۇر، ئىنقىلابقا قارشىلىق قىلغان ئۇنچى، مىللەتچى، دېگەن قالپاقلار بىلەن خۇلاسىلەندى. ئۇ مەرھۇمنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي سېپىدە بىرگە بولغان زامانداشلاردىن تۆت ساۋاقداش قول ھارۋىسىدا سۆرەپ بېرىپ لۇسەن (يېشىل تاغ) تېغىنىڭ ئۈستىدىكى خۇيزۇلار (خىتاي مۇسۇلمانلىرى) قەبرىستانلىقىغا كۆمۈپ كەلدى.

چوڭ ئۈمىد بىلەن ئوقۇشقا كەلگەن بىچارە، لۇسەن ئۈستىدە مەرھۇم بولۇپ يالغۇز قالدى. ئاللاھ جەننەت ئاتا قىلىپ قەبرە ئۈستىدە قىزىل گۈللەر ئۈنۈپ چىقسۇن!

بۇ ئۆگىنىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان دوختۇر، ئوقۇغۇچى، كادىرلارنى ۋە بىر قىسىم ساۋاقداشلارنى سۆرەپ چىقىپ قالپاق كىيدۈرۈپ كۈرەش قىلدى.

شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھەممە ئوقۇغۇچى دېگەندەك قوللىغىنىمىز ئۈچۈن بارلىق ئوقۇغۇچىغا قالپاق كىيگۈزۈش مۇمكىن بولماستىن، گۇرۇپپىلار بويىچە تەنقىد قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. مېنىڭ بەرگەن پىكرىم ئۈچۈن مېنىمۇ يىغىندا تەنقىد قىلىپ چىقتى.

## رودا تاۋلاش ھەرىكىتى

1958 ـ يىلى ئاپرېلدا مەكتەپ بويىچە نەنسەنگە چىقىپ بىر ئاي «ياشلار ئۆستىڭى» نى چېپىپ قايتتۇق. كەڭ دالادا توختىماي بوران چىقىپ تۇراتتى. كىيىملىرىمىز نېپىز بولغاچقا توڭلاپ ھېچ ھالىمىز قالمىغان ئىدى.

7 ـ ئايدا يەنە نەنسەندە بىر ئاي ئورما ئوردۇق، 8 ـ ئايدا سەياپۇلدا قاقاس ئىسسىق بۇراندا بىر يېرىم ئاي تۆمۈر يول ياسىدۇق. 10 ـ ئايلاردا رودا قېزىش ئۈچۈن شىياۋلۇڭكۇغا باردۇق، شىياۋلۇڭكو ئۈرۈمچى شەھىرىدىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر ساي ئىدى. ساينىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈپ ـ سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ئۆستەڭ بار بولۇپ، شۇ ئۆستەڭنىڭ ئىككى چېتىدىكى يېشىل مايسىلىق ۋە قويۇق دەرەخلەردىن باشقا يېشىللىق كۆرگىلى بولمايتتى. ئەتراپ پۈتۈنلەي قاقاس تاشلىق تاغلار ئىدى. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، ماشىنا ئوڭغا بۇرۇلۇپ، تاغلار ئارىسىغا قاراپ كىرىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەستىن ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاش يول بويىدا سوقما تامدىن ياسالغان پاكار ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. بۇ يەردە پەقەت كۆمۈر خاڭلىرىلا بار بولۇپ، كۆمۈر كۆيدۈرۈپ كوكۇس ھازىرلاپ شەھەردىكى زاۋۇتلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن. كۆمۈر چىقىدىغان خاڭلارنى 1ـ 2 – 3 ـ نومۇرلۇق قۇدۇق دەپ ئاتايدىكەن، جەمىي ئالتە قۇدۇق بار بولۇپ، ھەممىسى كوكۇس كۆيدۈرىدىكەن، پۈتۈن ئەتراپ كوكۇس مەيدانى بولۇپ، نەگىلا قارىسا كۆيدۈرۈلگەن كۆمۈر، ئوت ۋە تۈتۈن. سېۋەت ئارتىپ كۆمۈر توشۇۋاتقان ئېشەكلەر، ئاغزىغا ماسكا تارتىپ كوكۇس يىغىۋاتقان ئادەملەر كۆرۈنەتتى. ھاۋانىڭ ئۆزىمۇ ئىس پۇراپ تۇراتتى.

بىز يىگىرمە نەچچە ئوقۇغۇچىنى خاڭغا كۆمۈر كولاشقا بۆلدى، قالغان ساۋاقداشلار

تاغلاردىن رودا كولاشقا كەتتى. ئۇلار تاپقان رودا تاشلىرىنى بىز ياتقان گەمە ئۆيىنىڭ ئالدىغا توشۇپ دۆۋىلەش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ئاشخانا بىزدىن خېلى ئۇزاقتا بولغاچقا تاماقنى نۆۋەت بىلەن بىرىمىز بېرىپ ئېلىپ كېلەتتۇق ۋە قۇدۇق ئالدىدا ئولتۇرۇپ يەيتتۇق.

بىر كۈنى ماڭا نۆۋەت كېلىپ ئاشخانىغا چۈشسەم تاماق تېخى تەييار بولمىغانلىقتىن بىر ئاز ساقلاشقا توغرا كەلدى، شۇ ۋاقىتتا سىرتتا بىر ئاز ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە ئەركىشلەرنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نېمە بولدىكىن دەپ مەنمۇ سىرتقا چىقسام ئاشخانىغا قوشنا تام ياتاق ئۆيدە 5، 6 ئۇيغۇر ياش باللارنىڭ يىغلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن بۇ تاغ ئارىلىرىدا ئۇيغۇر ياش باللىرىنىڭ بارلىقىنى ھېچ ئويلىمىغان ئىدىم. ھەيرانلىق ئىچىدە:

— نېمە بولدى؟ نېمىشقا يىغلايسىلەر؟ دەپ سورىدىم. مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار يىغىسىنى توختىتىپ ياشلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. ئارىدىن بىرسى (بەلكىم ئۇلارغا باش بولۇپ يۈرگەن ئادەمدەك قىلاتتى) ھېلى بىزنىڭ ئالتە قېرىندىشىمىز خاڭدىن چىققان گاز بىلەن زەھەرلىنىپ تۈگەپ كەتتى. بىز بىر يۇرتتىن، بىر يەردىن كەلگەن ئىدۇق، دەپ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى توختىتالماستىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— نەدىن كەلگەن ئىدىڭلار؟ دەپ سورىدىم.

— خوتەندىن، دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئادەم مەيۈسلۈك بىلەن.

— خوتەندىن؟ ھەيرانلىق ئىچىدە تەكرارلىدىم، خوتەندىن مۇشۇ يەرگە كەلدىڭلارما؟ نېمىشقا كەلگەن ئىدىڭلار؟

— بىز ئەسلى 50 كە يېقىن ئوقۇغۇچى ئىدۇق، ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئېلىپ بارىمىز، دەپ تىزىملاپ ئېلىپ چىققان ئىدى، دەپ گەپ باشلىدى. ئۇلار بىر - بىرلەپ ئاتا - ئانىلىرىمىزمۇ باللىرىمىزنى ئوقۇتساق دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۆزلىرى ئىشلىتىۋاتقان ئات - ئۇلاغ ھارۋىلىرىغىچە سېتىپ بىزنى ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ئىدى. نېمىشقىدۇر بىلەلمەيمىز، بىزنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، ئارقىدىن كۆمۈر خاڭلاردا كۆمۈر قېزىشقا بۆلۈۋەتتى. مانا ئالتە ئاي بولدى، مۇشۇ خاڭدا كۆمۈر كولاپ ئىشلەۋاتىمىز، بىر تىيىن پۇل كۆرمىدۇق. پەقەت يېگەن تامىقىمىز ئۈچۈنلا ئىشلەۋاتىمىز، دەپ ھەممىسى بىردەك دەردىنى تۆكۈشتى. 17 - 18-ياشلاردىكى قىران ياش، چىرايلىق، ئۆتكۈر باللارنىڭ ئالدىنىپ ۋەيران بولغىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم.

— سىلەرنىڭ بۇ ھالىڭلارنى ئاتا - ئاناڭلار بىلەمدۇ؟ دەپ سورىدىم.

ـ ياق، ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟ بىز ئۆزىمىزنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنىڭ بىلمەيمىز. بۇ تاغ ئارىسىدا نەدىن خەت كېلىپ، نەدىن خەت سالىدىغاننىمۇ بىلمەيمىز. ئاتا ـ ئانىمىزغا تېخى بىر پارچە خەت يازالمىدۇق. دەسلەپ كەلگەندە بۇ خىتايلارنىڭ زۇۋانىنىمۇ بىلمەيتتۇق. ئەمدى بىراز بىلىپ قالدۇق. باشقا ساۋاقداشلىرىمىزنى نەگە ئېلىپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەيمىز. مانا بۇگۇن ئۆلگەن ئالتە بالىنى قانداق قىلىدۇ، نەگە ئاپىرىپ قانداق كۆمىدۇ، ئۇنىمۇ بىلمەيمىز، دەپ مەيۇس ھالدا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ مەندىن ئۇمىد كۈتكەندەك ماڭا قارايتتى.

مېنىڭ بۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قولۇمدىن كەلگەن ياردىمىنى قىلغۇم كەلدى. لېكىن مېنىڭ قولۇمدىنمۇ ھېچقانداق ياردەم كەلمەيتتى. مەن ئۇلارغا مۇشۇ جاينىڭ ئادرېسىنى تېپىپ يېزىپ بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلدىم ۋە ئۇلارغا بۇ ئەھۋالىڭلارنى ئاتا ـ ئاناڭلارغا خەۋەر قىلىڭلار، دەپ بىر تۇغقان قېرىندىشىمدەك مېھرىبانلىق بىلەن كۆڭۈللىرىنى ياساپ، تەسەللى بېرىپ چىقىپ كەتتىم. ئەمما مەن بۇ يەرنىڭ ئادرېس ۋە پوچتا نومۇرلىرىنى يېزىپ ئۇلارنى ئىزدەپ كەلگەندە ئۇلارنى ئۇچرىتالمىدىم. سورىسام ئۇلارنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. نەگە ئېلىپ كەتكىنىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمىدى. ئۇلارنى نەگىمۇ ئېلىپ كەتكەندۇ؟ بىچارىلەرنىڭ ھالى قانداق بولغاندۇ؟ دېگەن سوئال مېڭەمدە ھەر ۋاقىت قايتىلىنىپ تۇراتتى.

بىر ئايدەك خاڭدا ئىشلىگەندىن كېيىن، مېنى دومنا پەشنى ياساش گۇرۇپپىسىغا بۆلدى. بىز 5، 6 يەردە چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن ئۆي شەكلىدە دومنا پەش كولىدۇق. ئۇنىڭغا ئوت يېقىش ئۈچۈن سايدىن ياپىلاق تاش توشۇپ چىقىپ ئارىسىنى ھاۋا ئۆتىشىدىغان ئوچۇق قىلىپ سالاسۇن ياسىماقچى بولدۇق، لاي ياساشقا سايدىن سۇ توشۇپ چىقىش ئۈچۈن خاڭدىن بىر ئېشەك بەرگەن ئىدى. ئۇستىگە ئىككى ياغاچ تۇڭ ئارتىلغان ئېشەكنى يېتىلەپ كىرىپ خاڭ ئاستىدىن سۇ ئېلىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ماڭا تاپشۇردى. خاڭنىڭ مەسئۇل ئادىمى بولغان بىر خەنزۇ ماڭا ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ ئايرىلماي ماڭساڭ ئېشەك ئۆزى سۇ بار جايغا سېنى باشلاپ بارىدۇ. ئۇ يەردە چېلەك بار، سەن پەقەت سۇ قويۇپ بەرسەڭلا بولدى. ئېشەك ئۆزى ئېلىپ چىقىدۇ، دېدى. مەن چىراغ سورىدىم. ئۇ ئادەم:

ـ رەنجىمە، بىزدە چىراغ يېتىشمەيدۇ، بىراق قورۇقما، ئېشەكتىن ئايرىلمىساڭ ئۇ ئۆزى سېنى توپتوغرا شۇ يەرگە باشلاپ بارالايدۇ، دېدى.

ساۋاقداشلىرىم: يول باشچىڭدىن ئايرىلما، قۇيرۇقىدىن مەھكەم تۇت، دەپ چاقچاق

قىلىپ كۆلۈشۈپ قالدى. مەن ئىشەكنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈگۈرگەن پېتى خاڭغا كىرىپ كەتتىم. قوتۇر ئىشەك مۇسابىقىگە چۈشكەندەك يۈگۈرەتتى. ئۇنىڭغا يېتىشىش بەك تەس ئىدى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، ھېچنەرسىنى كۆرۈپ بولمايتتى. ئىشەكتىن ئايرىلىپ قالسام بارىدىغان يەرنى تاپالماي ئادىشىپ قالىمەن، دەپ ئىشەكتىن ئايرىلىپ قالماسلىققا تىرىشىپ يۈگۈرگەندەك تېز مېڭىپ كېلەتتىم. تۇيۇقسىز بېشىمنى بىر تاشقا ئۇرۇۋالدىم. كۆزلىرىمدىن ئۇچقۇندەك ئوت ئۇچۇپ كەتتى. قاتتىق ئۇرۇلۇشتىن ئولتۇرۇپ قالدىم، پېشانەم شۇنداق قاتتىق ئاغرىدىكى تۇتۇپ قارىسام توخۇمدەك بولۇپ ئىششىپ چىقىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۆزۈمگە كېلىپ قارىسام ئىشەك ئاللىقاچان كېتىپ قالغان ئىكەن. قوڭغۇراق ئاۋازى يوقالدى. قولۇم بىلەن ئەتراپنى سىلىسام خاڭنىڭ ئۈستىدىن چىققان تاش ئادەم بويى يوغان بولىدىكەن. مەن قايتىپ چىقاي، دەپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم، لېكىن بىرىلگەن ۋەزىپىنى قىلالماي پېشانەمنى ئىششىتىپ چىقسام ھەم ئىشەكتىن ئايرىلىپ قايتىپ چىقسام ئۇيات بولار دەپ نومۇس قىلدىم ۋە ئىككى قولۇم بىلەن ئەتراپىمنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم. كۆزگە سۈرتسە كۆرەلمەسلىك قاراڭغۇدا بەزىدە تامنىڭ ئۇ چېتىگە بەزىدە بۇ چېتىگە ئۇرۇلۇپ كېتىپ بارغاندا يىراقتىن شالدۇر - شۇلدۇر قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن كۆپلىگەن ئىشەكلەرنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاياق ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بىردىن ئۇلارنىڭ خاڭدىن كۆمۈر توشۇيدىغان ئىشەكلەر ئىكەنلىكىنى پەملىدىم ۋە بۇ تار يەردە ئىككى تەرىپىگە كۆمۈر تولدۇرۇلغان سېۋەتلەر ئارتىلغان 40 -50 ئىشەكنىڭ ئاياق ئاستىدا مىجىلىپ ئۆلۈش خەۋپىگە ئۇچرايدىغانلىقىمنى ئويلاپ قورقۇپ كەتتىم. ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنساممۇ دالدا بولغۇدەك بىر جاي تاپالمىدىم. تامغا چاپلىشىپ تۇرساممۇ بۇ تارچىلىقتا پۇتلاشتۇرۇپ سۆرەپ كېتەر ئىدى. يىراقتىن غۇۋا پەنەرنىڭ يورۇقىدا ئىشەكلەرنىڭ بىر - بىرىدىن يول تالىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. نېمە قىلارىمنى بىلمەي:

ــ بۇ يەردە ئادەم بار! دەپ جېنىمنىڭ بېرىچە ۋارقىرىدىم. ئىشەكچى مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ:

ــ يول چېتىدە ئادەم كىرىدىغان چوڭقۇر يەر بار، چاققان شۇ يەرگە كىرىۋال! دەپ ۋارقىرىدى، ئىشەكلەر شۇنداق تېز ماڭا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى، مەنمۇ ئالدىراش تامنى سىلاپ يۈرۈپ بىر ئادەم پاتقۇدەك تۆشۈكنى ئاران تېپىپ  كىرىپ ئۈلگۈردۈم، ئىشەكلەرمۇ سۈركىلە، مۈركىلە تاملارنى قىرىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئىشەكلەر بۇ تۇرمۇشقا، بۇ ئەمگەككە شۇنداق ئۆگىنىپ كەتكەن ئىكەنكى، ئۆز ئىشلىرىغا بەك ماھىر ئىدى. ئاخىرقى ئىشەك ئۆتۈپ بولۇشىغا مەن كۆمۈر چېڭىغا قاقىلىپ، يۆتىلىپ، تۆشۈكتىن چىقتىم.

ئېشەكچىمۇ پەنەركە چىراغنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى.

ـ سەن سۇغا كىرگەنمىدىڭ؟ دەپ سورىدى ئۇ.

ـ ھەئە، سۇغا كىرگەنتىم، ئېشەكتىن ئايرىلىپ قېلىپ، قاراڭغۇدا ماڭالماي قالدىم، دېدىم.

ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك، خۇددى دىۋىدەك كۆرۈنگەن بۇ ئادەمنىڭ تۇرقىغا قاراپ قورققۇم كەلدى. خەنزۇلاردىنمۇ بۇنداق يۇغان ئادەم چىقىدىكەن دەپ ئويلىدىم. چۈنكى خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەرلىرىمۇ كىچىك، پاكار، نازۇك ۋە ساقالسىز كېلەتتى.

ـ ئېشىكىڭ سۇ بويىدا سېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. سەن بېرىپ سۇ قويساڭلا ئۆزى يول باشلاپ چىقىپ كېتىدۇ، ئەمما سەن بۇ ئېشەكلەر قايتىپ كىرىمىگىچە سۇ قويماي تۇرغىن بولمىسا يەنە يولدا ئۈچرىشىپ قالىسىلەر، دەپ قولىدىكى پەنەر چىراغنى ماڭا بېرىپ ئۆزى چىقىپ كەتتى.

مەن پەنەركە چىراغنى كۆتۈرۈپ لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان پېشانەمنى سىلاپ، سىلاپ خاڭنىڭ ئىچىگە قاراپ مېڭىپ كەتتىم. خېلى ماڭغاندىن كېيىن يەر ئاستى يولىدەك كەڭ ھەم ئېگىز ئىككى تەرەپتە ئىككى مېتىردە بىر لىم ئۈستىگە بىر لىمدىن قاتار قىلىپ قويۇلغان ۋە ئېلېكتر بىلەن يورۇتقان كەڭ ئازادە، يورۇق يەرگە يەنى كۆمۈر كولاۋاتقان يەرگە چىقتىم. مەن قىزىقىپ ئەتراپىمغا قاراپ قالدىم. بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆمۈر يولدا يىرىك كۆمۈر قاچىلىنىپ بىر ـ بىرىگە ئۇلانغان ئون نەچچە ۋاگون خاڭنىڭ ئىككىنچى بېشىغا مېڭىپ كەتتى. بەلكى ئۇ تەرەپتىن ۋاگونلار قۇدۇق ئارقىلىق سىرتقا تارتىپ چىقىرىلسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سۇپ ـ سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. كىرىدىغان ئىشىكنىڭ يېنىدا يەرنى كولاپ قويغان ئىكەن، سۇ شۇ يەرگە يىغىلىپ ئاندىن ئاقىدىكەن. ھېلىقى سۇ توشۇيدىغان ئېشەك شۇ يەرگە كېلىپ سۇ قويۇشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ يەرگە كىرىپ 15 مېتىر ماڭغاندا يول ئىككى ئاچماققا بۆلۈنۈپ ئىچكىرىلەپ كۆمۈر كولاۋاتقانلار ئىشلەيدىغان يەرگە كىرىپ كېتىدىكەن. مەن كىرىپ كۆپ كېچىكمەستىن ئىككىنچى تۈركۈم بوش ۋاگونلارنى كۆمۈر خاڭ تەرەپكە ھەيدەپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ جىددىي ئەمگەك بۇنىڭ ئىچىدە ئىكەن، دەپ ئويلىدىم. مەن كۆمۈر توشۇيدىغان ئېشەكلەر قايتىپ كىرگەندىن كېيىن سۇ قاچىلاپ پەنەر بىلەن ئېشەكنى ھەيدەپ قايتىپ چىقتىم.

مەكتەپنىڭ مەسئۇل كادىرلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق

كىشىلەر كۈندە دېگۈدەك كىچىك ماشىنا بىلەن چىقىپ ئوقۇغۇچىلارنى چاققان ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش دوكلاتلىرىنى قىلىپ كېتەتتى. ئالدىراپ يۈرۈپ دومىنا پەشلەرنى ياساپ پۈتتۈردۇق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمىلىرى ئالمىشىپ يۈرۈپ كېچە ـ كۈندۈز توختىماستىن ئوتتۇرىغا كۆمۈرلەرنى دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ رودا تاشلارنى بولقىلار بىلەن ئۇرۇپ پارچىلايتتى. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار دومىنا پەشلەرگە بىر قەۋەت كۆمۈر بىر قەۋەت رودا تاش تىزىپ دومىنا پەشنى تولدۇراتتى. شۇنداق قىلىپ بىرنىڭ ئارقىسىدىن بىرى دېگۈدەك ئوتمۇ يېقىلىشقا باشلىدى. ھەر قېتىم ئوت يېقىلغان كۈنى ئوقۇغۇچىلار «سۈنئىي ھەمراھ قويدۇق» دەپ بىر سوتكا ئۇخلىماستىن ئىشلىدۇق. بىر ھەپتىدىن كېيىن سوۋۇغان پەشتىن كۈللەرنى تۆرتۈپ چىقىرىپ كۈلدە ئېغىنىغان توخۇدەك بولۇپ، كۈل ئىچىدە داشقال تىرىشقا باشلىدۇق.

خۇدانىڭ قۇدرىتى ئىككى ئايدىن بۇيان شۇنچە ئەمگەك قىلىپ جاپا تارتقىنىمىزغا چۇشلۇق بىر كىلو تۆمۈر چىقسا كاشكى، بۇنىڭغا كەتكەن چىقىملارمۇ ئاز ئەمەس. بوشقا كەتكەن ئەمگەك، ۋاقىت ۋە ئىسراپ بولغان مەبلەغ بولدى. مەسۇل بولۇپ كەلگەن كادىرلارمۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرەيتتى. ھەممە كىشىنىڭ يۈزىدە ئۈمىدسىزلىك ئەكس ئېتەتتى. ئوقۇغۇچىلارمۇ بولمايدىغان ئىش ئۈچۈن ئادەمنى شۇنچە قىيناپ بوشقا ۋاقتىمىزنى ئالدى، دەپ بىر ـ بىرىگە پەس ئاۋازدا غۇدۇرىشىپ قالدى.

مەن، روقىيە، نەسىھە قاتارلىق بىر نەچچە قىز ئۇبىرنىغا بارىمىز، دەپ تاغنىڭ كەينىدىكى جىلغىنىڭ ئىچىگە كىرگەن ئىدۇق. مېنىڭ توپا ئاستىدىن پارقىراپ چىقىپ تۇرغان بىر نەرسىگە كۆزۈم چۈشتى. دەرھال بېرىپ قولۇم بىلەن توپىنى سۈپۈرۈپ تاش بىلەن قىرىپ قارىسام پارقىراپ تۇرغان تۆمۈرگە ئوخشاش يوغان تاش ئىدى. مەن تۆمۈر تاپتىم، دەپ چاقچاق قىلىپ قىزلارنى چاقىردىم. قىزلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ قاراپ راستىنلا تۆمۈرگە ئوخشايدىكەن، باشلىقنى چاقىرىپ كۆرسىتەيلى، دېيىشتى ھەم بىر قىز يۈگۈرۈپ بېرىپ باشلىقنى چاقىرىپمۇ كەلدى. ئۇلار بىر قانچە ئادەم كېلىپ قاراپ راست تۆمۈر ئىكەن، دەپ بىر پارچىنى كولاپ ئېلىپ شەھەرگە تەكشۈرۈشكە كەتتى. ئەتىسى چوڭ ماشىنىلار بىلەن تۆمۈرنى كولاپ ماشىنىلارغا قاچىلاپ ئۈستىگە قىزىل دۇخاۋا يېپىپ شەھەرگە ئېلىپ كەتتى. بىر كۈندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە باشقا كۆپلىگەن كىشىلەر كېلىپ، مەجلىس ئېچىپ بىزنىڭ مەكتەپ پۈتۈن ئىنستىتۇت ۋە مەكتەپلەر ئىچىدە بىرىنچى بولدى. بىز تاپقان تۆمۈر ساپ، پاكىز، سۈپىتى ياخشى ھەم كۆپ بولدى، دەپ مۇكاپات قەغىزىنى ئېلىپ كېلىپ تەبرىكلىدى.

بۇ زېرىكشلىك ئەمگەكتىن قۇتۇلۇپ مەكتەپكە قايتىدىغان بولدۇق، دەپ خۇشال بولۇشتۇق.

يېڭى يىلغا ئۇلگۇرۇپ مەكتەپكە قايتتۇق. تازىلىق قىلىش ھەم دەم ئېلىش ئۈچۈن ئىككى كۈن بەردى. يېڭى يىلنىڭ ئالدىدا «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» دىن خۇلاسە دوكلات قىلدى. ئوڭچى مىللەتچى بولغانلارغا قالپاق كىيدۈرۈپ چارە كۆرۈلۈپ تۈرمە ئورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلدى، دېدى.

تۇرسۇن قاسىموف، ئابدۇرېھىم زەينالو قاتارلىق ئوڭچى مىللەتچى قالپىقىنى كىيىپ قولغا ئېلىنغان نۇرغۇن دوختۇرلار، خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى مىللىيلار يەنى مۇسۇلمانلار ئىدى. بۇ «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» خەنزۇلار ئارىسىدا يۈرگۈزۈلمىدى. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشىنى، دوختۇر ۋە خىزمەتچىلەر ئۆز خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. شۇڭلاشقا تەڭدىن تولىسى خەنزۇ بولغان بۇ مەكتەپتە خەنزۇلار ئارىسىدىن بىرمۇ قالپاقلىق ئوڭچى مىللەتچى چىقمىدى. مەن ئېنىمدا ئولتۇرغان مەلىكىگە:

ــ نېمە ئۈچۈن بىرمۇ خىتاي ئۆڭچىلىرى چىقمىدى؟ بۇ قالپاق مەخسۇس مىللىيلارغىلا ئۆلچەپ ياسالغان قالپاق بولدى ـ دە، دەپ پىچىرلىدىم.

ئابلاخان، ئۆمەرۋۇ دېگەن دوختۇرلار ئوڭچى، مىللەتچى قالپىقىنى كىيگەن بولسىمۇ پەقەت مۇشۇ ئىككى دوختۇر قولغا ئېلىنماي ئۆز خىزمىتىدە قالغان ۋە يەنە بىر تۈركۈم ئادەمگە ئوڭغا مايىل دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ مەكتەپ رېجىمىغا تاپشۇرغانلىقىنى ئۇقتۇردى. دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا يېڭى يىلدىن كېيىن ئوقۇش باشلايدىغانلىقىنى ۋە بىزنىڭ قارارغا ئىككىنچى يىللىقنىڭ دەرسلىكىنى ئوقۇشنى باشلاپ، بىر تەرەپتىن خەنزۇ تىلى ئۆگىنىپ يەنە بىر تەرەپتىن كەسىپ ئۆتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىپ، ئوقۇش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇ دوكلات ماڭا بەك قاتتىق تەسىر قىلدى. قولغا ئېلىنغان ۋە تارتىپ چىقىرىلغان شۇ كىشىلەرنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ ئۇلار شۇنداق پايدىلىق ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدىغۇ؟ ئۇ پىكىرلەرنىڭ قانداق يامان ۋە زىيانلىق تەرىپى بار؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى تۈرمىگە تاشلاپ خاراب قىلىدۇ؟ دېگەن سوئاللار مېڭەمدىن ھېچ كەتمەيتتى.

مەن مەلىكىنى چاقىرىپ چىقىپ مەكتەپ ئىچىنى ئايلانغاچ ئۇنىڭغا مېنى ئازابلاۋاتقان شۇ سوئاللارنى سۆزلىدىم.

ــ مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم دوستۇم، بۇ يەردە بىر سىر بار، ھېس قىلدىڭمۇ؟ دەپ ماڭا

سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

ــ ئۇ قانداق سىردۇ؟ دەپ بىر ئاز ئويلىنىپ قالدىم، قانچە ئويلىساممۇ بۇ پەقەت مىللىيلارنى باش كۆتۈرگۈزمەسلىك ۋە ئۇلارنى بېسىش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇل دېگەندىن باشقا سىرنى تاپالمىدىم. بۇ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ھەقىقەتەنمۇ مىللىيلارنىڭ ئىچىدىكى بىلىملىك، ئىلغار پىكىرلىك، قابىلىيەتلىكلەرنى يوقىتىش ئىدى. بىز ئىككىمىز بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن پاراڭلىشىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ياتاققا قايتتۇق.

# ئاچارچىلىق يىللار

1959 ـ يىل

يېڭى يىلدىن كېيىن رەسمىي دەرس باشلاندى. تەييارلىق سىنىپى ئوقۇش يىلىدا «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى ۋە ئەمگەك بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ تىل ئۆگىنىش پۇرسىتى بولمىغانلىقتىن ئىككىنچى يىللىق دەرس بىزگە بەك ئېغىر تۇيۇلدى. چۈنكى خەنزۇ پروفېسسور ئوقۇتقۇچىلار كىرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلگەن بىلمىگىنى بىلەن چاتىقى بولماستىن خەنزۇ تىلىدا كولدۇرلىتىپ دەرسنى ئۆتۈپ چىقىپ كېتىۋەردى. دەرسنى ھېچقانداق قىلىپمۇ ئاڭلاپ چۈشىنىپ كېتەلمەيتتۇق. بۇ ئەھۋالغا مەكتەپ تەشكىللىرىمۇ پەقەت كۆڭۈل بۆلمىدى. ئەكسىچە 60 ـ يىلىغا كەلگەندە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سىنىپلارغا بۆلۈپ، قوشۇپ دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ بىز مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ يامان ۋە ئېغىر ئەھۋال بولدى. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار تىلدىن قىينالمىغاچ تېز ھەم كەڭ تۈردە دەرس ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. بىز بولساق چۈشەندۈرۈپ ئاستىراق سۆزلەشنى تەلەپ قىلدۇق. بىز ئۈچ ـ تۆت خەنزۇغا بىر مىللىيدىن توغرا كېلىمىز، ئەلۋەتتە كۆپ سانلىقنىڭ تەلىپىگە قاراپ دەرس ئۆتۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يەنە پۈتۈن ياتاق ۋە گۇرۇپپىلارغا مىللىي، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى قوشۇپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ پەقەت مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى چىرايلىق يول بىلەن رېجىمغا ئېلىش ئۇسۇلى ئىدى، خالاس.

بىز بىر مىللىي ئوقۇغۇچىغا ئۈچ ـ تۆتتىن خەنزۇ ئوقۇغۇچى بەلگىلىنىپ ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇبىرنىغىمۇ بارالمايدىغان ھالدا نازارەت ئاستىغا چۈشۈپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بىزنىڭ يۈرگەن ـ تۇرغىنىمىزنى، يېگەن تاماق، كىيگەن كىيىمىمىزنىڭ ھەممىسىنى

تەكشۈرۈپ مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈستىدىن مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا دوكلات قىلىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا ھەر ۋاقىت:

ــ مىللىي ئوقۇغۇچىلار يەكشەنبە كۈننى كىر يۇيۇپ ۋاقتىنى زايە قىلدى. چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ چاچ تاراش ئۈچۈن يېرىم سائەت ۋاقتىنى ئىسراپ قىلدۇ. مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىر ـ بىرىنىڭ ياتىقىغا كىرىدۇ. بىر ـ بىرى بىلەن ئۇزۇن سۆزلىشىدۇ، دەپ داۋاملىق دوكلات قىلىپ تۇراتتى. چارشەنبە، شەنبە كۈنىدىكى كەچكى گۇرۇپپا يىغىنلىرىدا تەنقىد پىكىر پەقەت مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدە بولاتتى. ئۇلار «مىللىي ئوقۇغۇچىلار چېچىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ چاچ تاراشقا ۋاقىت ئىسراپ قىلىدۇ، چېچىنى بىزگە ئوخشاش كېسىش كېرەك» دەپ ئۇزۇن چاچلىق قىزلارنى چاچ كېسىشكە قىستىدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ مۇدىرىيەت ئىشخانىسىدىن ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈلدى. ئۇقتۇرۇشتا: «مىللىي قىزلارمۇ چېچىڭلارنى خەنزۇ قىزلارنىڭكىدەك قىسقا قىلىپ كېسىڭلار، ئۇزۇن چاچنىڭ نېمە لازىمى بار؟ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆگىنىپ يۇزۇڭلارنى داستا، چىشىڭلارنى كورۇشكىدا يۇيۇڭلار. ھەممە ئوقۇغۇچى بىردىن يۇز يۇيىدىغان داس ۋە كورۇشكا سېتىۋېلىڭلار...» دەپ يېزىلغان ئىدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇز قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىسسىق، سوغۇق سۇيى ئېقىپ چۈشۈپ تۇرىدىغان تەييار تۇرۇبىلار تۇرسا داسقا يۇزىمىزنى چىلاپ يۇيۇپ نېمە قىلاتتۇق؟ بۇ پىكىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بىر قانچە ئاكتىپ ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا ھېچكىم بۇ پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرمىدى.

59 - 60 ـ يىللىرى ھەممىگە مەلۇم دۆلەت بويىچە ئاچارچىلىق يۇز بەردى. گۆش، ئۇن، ماي، شېكەر، سوپۇن، رەخت، ماتېرىيال... قىسقىسى پۇتۇن نەرسە نورمىلىق بولۇپ، كىشلەرگە ئۆلچەم بويىچە، بىلەت ـ تالونلار تارقىتىلىپ ئۆلچەمدىن ئارتۇق بىر نەرسە سېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پۇتۇن شەھەرنى ئايلىنىپ بىر دۇكاندىن ئېغىزغا سېلىپ يېگۈدەك بىر چىشلەم نەرسە تېپىش قىيىن ئىدى. بەزى ۋاقىتلاردا قوناق ئۇنىدا پۇشۇرغان پىرەنىك، قۇرۇتلاپ كەتكەن كەمپۈتلەرنىڭ كىلوسىنى 50 60 - يۈئەندىن ساتقاندا بىر كۈن ئۆچرەتتە تۇرۇپ بىر كىلو تەگسە تېگىدۇ بولمىسا ئۇمۇ يوق. پۇتۇن ماگىزىنلاردىن تۆمۈر ـ تەستەكتىن باشقا ھېچنەرسە تاپقىلى بولمايتتى.

كىشلەر ئاچلىققا چىدىماستىن ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يەپ زەھەرلىنىپ پۇتۇن بەدىنى كۆپتەك ئىششىپ قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئۈلگۈرمەستىن دوختۇرخانىدا ھەر كۈنى 10 ـ 20 كىشى ئۆلۈپ تۇراتتى.

ئاشۇ ئاچارچىلىق يىللار ھېچكىمنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئاجايىپ ئېغىر يىللار ئىدى. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ مەكتەپتىمۇ ئېغىر دەرىجىدە يۈز بەردى. ئوقۇغۇچىلار بىر ھەپتە ئوقۇش توختىتىپ بېدە ۋە قارا ياغاچ پوستىكىنى يىغىپ مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ ئىسكىلاتىغا توشۇدى، ئەنە شۇ يوپۇرماقلار بىزنىڭ ئوزۇقىمىز بولدى. بىر داس يوپۇرماققا بىر چوڭ چىنە قوناق ئۇنىنى سېپىپ قاسقاندا دۈملەپ ئوقۇغۇچىلارغا تاماق ئورنىدا بېرەتتى. بۇ نەرسىنى چايناپ يۇتۇشقا قانچە تىرىشساقمۇ كېكىردەكتىن ھەرگىز ئۆتمەيتتى. ئاشخانىدا ئۇنىڭدىن باشقا تاماق بولمىسىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرسىمۇ بۇ ھەلەپنى ئاغزىغا ئالمىدى.

مانا مۇشۇنداق بىر پەيتتە خەنزۇ ئاشخانىسىنى بىزنىڭ ئاشخانىغا كۆچۈرۈپ ئەكىرىپ تاماق يەيدىغان زالنىڭ يېرىمىغا مىللىيلار، يېرىمىغا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلا ئورۇنلاشتى. بىزگە بېدە بىلەن يوپۇرماقلارنى بەرگەندە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا پۇرىتىپ تۇرۇپ بېلىق گۆشى، چوشقا گۆشى، ھەرخىل دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، دۇفۇ، ھەرخىل ياخشى قورۇمىلار، پىنتوزا قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قىلىنغان تاماقلارنى بېرەتتى ھەمدە شۇنىڭغا ئۇلاپلا دىنغا قارشى دولقۇن قوزغاپ، «دىن دېگەن يوق نەرسە، ئۇ دېگەن ئېغىر خۇراپاتچىلىق، ئارىمىزدا دىنى كۆز قاراش بولماسلىقى كېرەك، دىننى ۋە مىللەتنى پەرقلەندۈرمەسلىكىمىز لازىم. ھەممىمىز باراۋەر بىر مىللەت بولۇپ ياشىشىمىز كېرەك. خەنزۇ مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك. چوشقا گۆشىنى يېمەسلىكمۇ خۇراپاتچىلىقنىڭ بىر ئالامىتى. دىنغا قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك، بولمىسا ئۇ بىزنى تەرەققىي قىلدۇرمايدۇ. ياشلار بۇ ئىشتا باشلامچى بولۇشۇڭلار كېرەك» دەپ تەشۋىقات دوكلاتلىرىنى قىلىپ دىنغا قارشى سىياسىي ئۆگىنىش ئېلىپ باردى. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى خەنزۇ ئاشخانىسىدىن تاماق يېيىشكە ئۈندىدى. پارتىيە ئەزاسى ۋە ئىتتىپاق ئەزاسى بولغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى مەجبۇرى ھالدا خەنزۇ ئاشخانىسىدىن تاماق يېيىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاشخانىنى بىرلەشتۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئويناشنى ۋەزىپە قىلىپ بەردى.

مىللىيلاردىن باباي ئىسىملىك بىر قازاق يىگىتى، فاتىمە ۋە مەن ئۈچىمىز بىر گۇرۇپپىدا ئىدۇق. باباي ئىتتىپاق ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈن خەنزۇ ئاشخانىسىدىن تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولدى.

خەنزۇ ئاشخانىسىدىن تاماق يېگەن بىرىنچى كۈنى مۇزاكىرە ۋاقتىدا باباي مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرغان ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن يىراقراق سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

ــ چوشقا گۆشى پۇراتماي بىزدىن يىراق ئولتۇر، دېدىم.

ــ سلەر ئەمەس، مەن ئۆزۈمدىن ئۆزۈم يىرگىنىۋاتىمەن، ياتاققا ئارانلا قايتىپ ئۆلگۈردۈم. يىگەنلىرىمنى ياندۇرۇۋەتسىمۇ ئىچىمدە بىر يامان ھىس قالدى، دەپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

بابايىنىڭ چىرايىدا بۇرۇنقىدەك خۇشاللىق، خاتىرجەملىك دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ راستىنلا ئازابلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ باباي سېنىڭ ئىمانىڭمۇ كۆتۈرمىدى، كۆردۈڭغۇ! دېدىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن باباي شۇنداق ئورۇقلىغان، رەڭگى ئۆزگەرگەن روھى چۈشكەن ھالدا بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى. بىر ھەپتە كۆرمىگەندىن كېيىن مەن ئۇنى ئاغرىپ قالدىمىكىن، دەپ ئويلاپ ئەھۋال سورىدىم.

ــ سۆيۈنگۈل، دېگەندەك مېنىڭ كۆڭلۈم كۆتۈرمىدى، پۈتۈن بەدەنلىرىم ۋە پۈتۈن قوللىرىمغا يارا چىقىپ كەتتى، دەپ قوللىرىنى ئېچىپ كۆرسەتتى. راستىنلا شۇنداق چوڭ ـ چوڭ قوتۇر يارا چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ــ ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ بىر قېتىم يېگەنلىك بىلەن مۇشۇ ھالغا چۈشتۈم، بىر ھەپتە ئاچ دېگەندەك يۈردۈم، مەيلى ھەلەپ بولسىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئاشخانىسىنىڭ تامىقى ياخشى ئىدى، دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز ھەر كۈنى يوشۇرۇن ھالدا بابايغا مىللىي ئاشخانىنىڭ تامىقىنى توشۇپ تۇردۇق، قىرىشقاندەك مىللىي ئاشخانىنىڭ تامىقى بارغانسېرى ناچارلىشىپ يېگۈدەك بىر نەرسە بولمىغانلىقتىن ئۈچ كۈن بىرمۇ ئوقۇغۇچى ئاشخانىغا تاماققا چىقمىدى. بۇ ئەھۋالدىن كېيىن ئاشخانىنىڭ باش ئۇستىسى تۇراخۇن ئۇستام مەكتەپ مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا بېرىپ: «ئوقۇغۇچىلار ئۈچ كۈن بولدى ئاشخانىغا تاماققا كىرمەيۋاتىدۇ، ئەمدى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدۇ، بۇنىڭغا بىر ئىش قىلمىساڭلار بولمىدى. مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق پۇلى ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن مىللىي بالىلارغا تاماق پۇلىنى ئاز بېرىدۇ؟» دەپ سورىغان ئىكەن، «ھەئە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش تەمىنات بېرىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تۇراخۇن ئۇستام «ئۇنداق بولسا ئىككى ئاشخانىنىڭ تەمىناتى نېمە ئۈچۈن ئوخشاش ئەمەس» دەپ سوراپتىكەن، بىز بىلەن جاھىللىق قىلىپ تاكاللاشتى، دەپ «ھە، سەن ھازىر قايتىپ تۇر، بىز تەمىناتنى كېيىن رەتكە سالىمىز» دەپ يولغا سېپتۇ.

شۇ كۈنى تۇراخۇن ئۇستام ئوقۇغۇچىلارغا تونۇر سامسىسى پۇشۇرۇپ بېرىشكە رۇخسەت

ئېلىپ چىقىپ چۈشلۈك تاماققا تونۇر سامسىسى يېقىپتۇ ھەمدە ئۆزى زالغا كىرىپ:

ــ «باللار سامسا پۇشۇردۇم، ئاشخانىغا چىقىڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. ياتاق ـ ياتاقلاردىن ئوقۇغۇچىلار قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ:

ــ ياشاپ كەت تۇراخۇن ئۇستا! دەپ ئاشخانىغا قاراپ يۈگۈردى.

راستتىنلا شۇنداق چىرايلىق پىشۇرۇلغان تونۇر سامسىسىنى باللار 10 دىن، 20 دىن ئېلىپ ئاچ قالغان بۆرىدەك ئالدىراپ ـ ئالدىراپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇ سامسىنىڭ ئىچىگە بېدە توشقۇزۇلغان ئىكەن. ئىچىنى قىرىپ ئېلىپ تاشلاپ خېمىرىنى راھەتلىنىپ يېدۇق. ئاشخانىغا ئەزەلدىن قەدەم بېسىپ قويمايدىغان تاڭ يۈەنجاڭ (مەكتەپ مۇدىرى) دىك شوجىلار بۇگۈن كېلىپ ئوقۇغۇچىلاردىن ھال سوراپ:

ــ قانداق، سامسا ئوخشاپتىمۇ؟ دەپ ھېيلىگەر يالغان كۈلكىسى بىلەن ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇستەل ئۇستىدە دۆگىلىنىپ تۇرغان سامسىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىلغان بېدىلەرنى كۆرۈپ:

ــ بۇ نېمە دېگەن ئىسراپچىلىق؟ نېمىشقا يېمەستىن چىقىرىۋەتتىڭلار؟ دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

باللارمۇ بوش كەلمەستىن:

ــ مە، بۇ سامسىنى سەن يەپ باق! دەپ بىر سامسىنى ئۇنىڭغا بەردى.

ئۇ سامسىنى ئۇستەلگە قويۇپ:

ــ ئۆتمۈشتە ئاتا ـ بوۋاڭلار بىر پارچە نانغا زار بولۇپ ئۆتكەن، سىلەر بۇنى ئۇنۇتماسلىقىڭلار كېرەك، دەپ تەربىيە بېرىشكە ئۇرۇندى. ئابلېكىم ئۇستەل ئۇستىدىكى بىرىنى ئېلىپ تاڭ يۈەنجاڭغا ئۇزاتتى:

ــ مە، سەن بۇنى يەپ باق! بۇ ئېچىپ ـ سېسىپ كەتكەن بېدىنى خىتاي ئاشخانىسىنىڭ چوشقىسىمۇ يېمەيدۇ، دېدى.

يېقىن ئۇستەلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئابلېكىمنىڭ سۆزىنى قوللاپ:

ــ بىز ئىنسان، بۇنداق سېسىپ كەتكەن بېدىنى ھايۋانمۇ يېمەيدۇ، دېيىشتۇق.

ئابلېكىم تاڭ يۈەنجاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ:

– سەن بۇگۈن سامسا پىشۇرغىنىنى بىلىپ كەلدىڭمۇ؟ بۇندىن بۇرۇن كىرىپمۇ باقمىغان ئىدىڭ. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىزنىڭ تاماق پۇلىمىز ئوخشاشمۇ ياكى ئۇلارغا كۆپ بېرىلەمدۇ؟ دەپ سورىدى.

تاڭ يىۋەنجاڭ كۈتۈلمىگەن بۇ سوئاللارغا بىر ئەجەبلىنىپ بىر ئاچچىقلىنىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمىگەندەك تۇرۇپ قېلىپ:

– ئوخشاش، دەپ جاۋاب بەردى.

– ئۇنداق بولسا بىزگىمۇ نېمە دەپ گۆش، ياغ، كۆكتاتلاردا تاماق پۇشۇرۇپ بەرمەيدۇ؟ دەپ ئوقۇغۇچىلار بىردىنلا تاڭ يىۋەنجاڭنى قىستاققا ئالدى.

تاڭ يىۋەنجاڭ ھودۇققىنىدىن:

– ئا، جىڭى، نېڭى - دەپ تۇرۇپ قالدى ۋە توساتتىنلا بىر ياخشى ئامال تاپقاندەك ھىيلىگەرلىك بىلەن كۈلۈپ:

– ئۇ سىلەرنىڭ يېمەكلىرىڭلارنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئەيىبى دېدى.

– مەكتەپ تەشكىلى نېمە ئۈچۈن ئۇنى قاراپ تەكشۈرۈپ تۇرمايسىلەر؟ بۇ ئىشنى مەكتەپ تەشكىلى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك، دەپ ھەركىم ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز ئاشخانا پەلەمپىيىدىن سەكرىشىپ يۈگۈرۈپ چۈشتۇق.

مەن، مەلىكە، شەمشىجامال، تۇرانسا تۆتىمىز كۈلۈپ پاراڭلىشىپ ياتاققا قاراپ كېتىۋاتاتتۇق، دىڭ شۇجى بىزگە ياندىشىپ كېلىپ:

– ھەي چىرايلىق قىزلار، كىيىمىڭلار نېمدېگەن چىرايلىق، سىلەر راستتىنلا بەختلىك! دەپ بىزگە قاراپ كۆزىنى قىستى.

– كۆزىگە نېمە كۆرۈنۈپ قالدۇق بۈنىڭ، ئادەمگە ئاچ بۆرىدەك قارايدىغۇ! بۇ دەپ كۈلدى شەمشىجامال، بىزنىڭ نېمە دەپ كۈلگىنىمىزنى بىلمەي ئۇمۇ قوشۇلۇپ كۈلدى.

– چىرايلىق، كىيىمىڭلارمۇ چىرايلىق، سىلەر بەختلىك، بۇرۇن مىللىي قىزلار كىيىدىغانغا كىيىمى يوق ئىشتانسىز يۈرگەن ئىكەن، مانا ھازىر سىلەر قانداق بەختلىك؟ دېدى.

– سەن ئىشتانسىز قىزلارنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟ قەيەردە ئىشتانسىز مىللىي قىزلارنى كۆردۈڭ؟ دەپ سورىدىم مەن.

ئۇ جاۋاب بەرگۈچە شەمشىجامال:

– ماۋۇ قېرىنىڭ گېپىنىڭ سەتلىكىنى، قارا، نېمە ئۈچۈن بىزگە خۇشامەت قىلىدىكەن دېسەم، زەھەر خەندىلىك بىلەن قىلغان سۆزىنى قارىمامدىغان، دەپ ئاچچىقلاندى. ئاڭغىچە كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان ئوغۇللار سۆزگە ئارىلىشىپ:

– بىز مىللىيلار يېمەي - ئىچمىسىمۇ قىزلىرىغا ئەتلەس، تاۋار، يىپەكلەردىن ئۇزۇن قىلىپ ئىشتان كىيگۈزىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشتانسىز يۈرگەن بىر قىزىنى كۆرگىنىڭ بارمۇ؟ سەن ئۆزۈڭ پارتىيە شۇجىسى تۇرۇپ، مۇشۇنداق مىللىي كەمسىتىشلەرنى قىلساڭ بولامدۇ؟ دەپ ھەممىسى بىردەك قارشىلىق قىلغان ئىدى.

– شىڭ - شىڭ، دەپ بويىنىنى ئىچىگە تىقىپ كېتىپ قالدى. مىللىي ئاشخانىنىڭ تامىقى ناچار بولغانلىقتىن ئاچلىقتا چىدىماي خەنزۇ ئاشخانىسىغا كىرگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ باردى. ئۇنىڭغا قاراپ مەكتەپ تەشكىلى ھەر بىر قارارنىڭ باشلىقلىرىغا پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنى خەنزۇ ئاشخانىسىدىن تاماق يېيىش ئۈچۈن تىزىملاشقا بۇيرۇدى.

بىزنىڭ قارارنىڭ باشلىقى ئەھمەد توختى ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزىملاشقا باشلىدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار قانداق بولمىسۇن ئاشخانىنى مەجبۇرى بىرلەشتۈرىدىغان ئوخشايدۇ. قارشىلىق قىلدى، دەپ قالپاق كىيگۈزمىسۇن يەنە، دېگەن ئوي بىلەن تىزىملاتتى. بەزىلەر ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەستىن جىم تۇراتتى. ۋەزىيەت كەسكىن ئىدى. خەنزۇ ئاشخانىسىغا كىرىپ تاماق يېيىش دېگەن سۆز ئۆز دىنى ھەم ئۆز مىللىتىنى يوقىتىش دېگەن سۆز. بىز مۇسۇلمانلارغا چوشقا گۆشى ھارام، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدىغان ئىش بولسىمۇ خەنزۇ ئاشخانىسىدىن تاماق يەپ ياشىمايمەن دېگەن پىكىر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كاللامدىن ئۆتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا:

– ياق، مەن قوشۇلمايمەن، بىز مۇسۇلمان، بىز مىللىي ۋە دىنىي پەرقىمىزنى يوقاتساق ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ دوستلار ئويلاپ كۆرۈڭلار، مەن ھەرگىز قوشۇلمايمەن، ئاخىرىدا مەن يالغۇز قالسامۇ قوشۇلمايمەن. ئەگەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئاشخانا ئاچمىسا، تاماق پۇلۇمنى قولۇمغا بەرسۇن، ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلىمەن، زادى خىتاي ئاشخانىسىدىن تاماق يېمەيمەن، قىزلار بۇ ئىشنى چوڭقۇر ئويلىشىڭلار، بۇ بىر ئاددىي ئىش ئەمەس. ئەگەر بىز ھازىر بۇنىڭغا قوشۇلساق كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۇۋال قىلغان بولىمىز، مەن بېشىمغا نېمە ئىش كەلسە كۆرەرمەن، ئەمما قوشۇلمايمەن... دېدى.

ھەممە كىشى ئويلىنىپ قالدى. جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئارىدىن مەلىكە مەنمۇ قوشۇلمايمەن، دېدى.

ئارقىدىن:

ــ مەنمۇ،

ــ مەنمۇ،

ــ مەنمۇ دەپ شەمشىجامال، تۇرنىسا، ھەلىملەر چىقتى. شۇنىڭ بىلەن شۇ يەردىكى قىزلار ھەممىسى بىزنىڭ پىكرىمىزگە قوشۇلدى.

بىزنىڭ قارارنىڭ باشلىقى ئەھمەد توختىمۇ مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا قوشۇلىمەن، دەپ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىسمىنى يازدى.

ــ بىرىنچى بولۇپ سىلەر قارشى چىقتىڭلار، مەن چىقىپ قالغان ئوقۇغۇچىلارغا سىلەرنىڭ پىكرىڭلارنى ئېيتىمەن. ئامالسىز قوشۇلغانلارمۇ بار، ئۇلار بىزنى قوللىشى مۇمكىن، دەپ ئەھمەد توختى ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئەھمەد قايتىپ كىرىپ:

ــ بىز يەڭدۇق، پۈتۈن ئوقۇغۇچى بىزنىڭ پىكرىمىزگە قوشۇلدى. ھەتتا خەنزۇ ئاشخانىسىدىن تاماق يەۋاتقان بىر قانچە ئوقۇغۇچىمۇ بىزنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى، دېدى.

بابايچۇ؟ ئۇمۇ بىزنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇۋالدىمۇ؟ دەپ قىزىقىپ سورىدىم مەن.

ــ ھەئە، ئۇمۇ قوشۇلدى، بىز يەڭدۇق، بۇ خۇشخەۋەرنى سىلەرگە ئېيتىپ قويغىلى كەلدىم. مەن ماڭاي! ئۇ يەنە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. خەنزۇ ئاشخانىسى بىلەن مىللىي ئاشخانىنى بىرلەشتۈرۈش مەقستى ئەمەلگە ئاشمىدى.

بىز خۇشال بولۇپ، چوقۇرۇشۇپ كەتتۇق، بىراق زىددىيەتلەر شۇ كۈندىن تارتىپ كۈن ساناپ كۆپىيىشكە باشلىدى. مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كۈندە نەچچە مەرتىۋە ئۇرۇش ـ جېدەللەر يۈز بېرىپ، ئەرلەر ئوتتۇرىسىدا مۇشتلىشىش ھادىسىلىرى بارلىققا كەلدى. ھەرقانداق ئىشتا مىللىيلار بىر تەرەپ، خەنزۇلار بىر تەرەپ بولۇپ چىقىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنقىدەك ئۇلار نېمە دېسە ماقۇل، دەپ باش ئېگىپ تۇرىدىغان ئىشلار يوق بولدى. بۇرۇن بىزنىڭ باشقا ئىنستىتۇتتىكى دوستلىرىمىز ۋە باشقا ساۋاقداشلىرىمىز بىزنى ئىزدەپ ياتاققا كىرسە، بىز بىلەن بىرگە ياتىدىغان خەنزۇلار ئۇلارنى كۆرۈپلا چۇ، چۇ (چىقىپ كەت) دەپ ۋارقىراپ قوغلاپ چىقىراتتى. بىزنى ئىزدەپ ياتاققا ھېچكىممۇ كىرەلمەيتتى ۋە بىزمۇ ھېچكىمنى باشلاپ كىرەلمەيتتۇق. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرى ياتاقتىن چىقمايتتى. بىزگە كەلگەن مېھمانلارنى كارىدوردا ۋە

سىرتتا سۆزلىشىپلا يولغا سالاتتۇق. ئەگەر بىز ئىككى مىللىي بىر يەردە سۆزلىشىپ قالساق نېمە گەپ قىلىشىۋاتىسىلەر، خەنزۇچە سۆزلىشىڭلار، نېمە ئۇ ۋالا - ۋالا دەپ كەمسىتىپ مەجلىسلەرگە سېلىپ تەنقىد قىلغاندىن باشقا يەنە مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا بېرىپ دوكلات قىلاتتى، ھەتتا مەكتەپنىڭ چوڭ دوكلات يىغىنلىرىدىمۇ تەنقىد قىلىپ ئۆتەتتى.

بۇ ئەھۋاللار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئۇستىدىكى بېسىمغا قارشى نارازىلىقىنى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيتىپ باردى. ئۇلارنىڭ ياتاقنى مۇنچا پۇرىتىپ ياتاقتا كىر يۇيىدىغان، يۇيۇنغان يۇندىسىنى ياتاقتا ساقلاپ قويىدىغان ھەتتا ياتاقتا يۇيۇنىدىغان ئىشلارغا مىللىي ئوقۇغۇچىلارمۇ يول قويمايدىغان بولدى. مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۇلارنىڭ يۇندىلىرىنى داس - پاس، كىرلىرىنى تالاغا چۆرۈپ:

– تەييار مۇنچا بار، شۇ يەردە يۇيۇن، كىر يۇيىدىغان ئايرىم ئۆيمۇ بار، كىرلىرىڭنى شۇ يەردە يۇ. يۈز، كۆزۈڭنى يۇيىدىغان يەرمۇ ئايرىم تۇرسا، شۇ يەردە يۇيۇڭلار، دەپ قارشىلىق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇلارمۇ ياتاقتا كىر يۇمايدىغان بولۇپ، ياۋاشلاپ قالدى.

ئەينى ۋاقىتتا بۇرۇنقى سوۋېتتىن قۇرۇلۇش تېخنىكلىرى، ئىنژېنېرلار كېلىپ سالغان تېببىي ئىنستىتۇتنىڭ زامانىۋى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ بۆلۈملىرى ئازادە، يورۇق، دېرىزىلىرى چوڭ، ئاستى سېرىق سىرلانغان تاختايلىق ئىدى. ھەر بىر قەۋەتتە كارىدورنىڭ ئىككى بېشىدا زامانىۋى ھاجەتخانىلار، تۆت دانە دۇشلۇق مۇنچا ۋە يۈز - كۆز يۇيىدىغان ئايرىم ئۆيلىرى بار بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئىسسىق - سوغۇق سۇ چۈشۈپ تۇراتتى. يەنە تېخى مەخسۇس كىر يۇيىدىغان ئايرىم بۆلمى بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە قاتار تۇرۇپ، 20 ئادەم يۈز، قولىنى يۇيۇشقا بولىدىغان توربىلىرى بار ئىدى. كىر يۇيۇشقا قۇلايلىق مەخسۇس ئورۇنلار ياسالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ھەر ۋاقىت ياتاقتا يالىڭاچلىنىپ بەدەنلىرىنى، يۈز - كۆزىنى يۇياتتى. شۇڭلاشقا ياتاقلار ھەر ۋاقىت سوپۇن سۈيى، يۇندە پۇراپ تۇراتتى.

زىددىيەت مۇشۇنداق پەللىگە چىققان بىر پەيتتە، مەكتەپ تەشكىلى مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ سەۋەبچىسىنى تېپىش يەنى بىر قانچىلىرىغا يەرلىك مىللەتچى دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ چارە كۆرۈش بىلەن قالغانلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، كونترول قىلىشنى ئويلاپ يېڭى بىر تېمىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

خەنزۇلار بىلەن بىرگە ئوقۇش ياخشىمۇ ياكى ئايرىم ئوقۇغىنىمىز ياخشىمۇ دېگەن تېمىنى مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. بۇ پەقەت بىنزىنگە ئوت ياققاندەك بىر ئىش بولدى. بىزنىڭ قارارىدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار بىردەك ئايرىم ئوقۇغىنىمىز ياخشى دېگەن

پىكرىنى قويدى ھەمدە شۇ زامان مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا قارىتىپ ئايرىم ئوقۇيمىز دېگەن تەلىپىمىزنى بىر تامغا لىق كېلىدىغان چوڭ خەتلىك گېزىت قىلىپ يېزىپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلار ياتاق زالىنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەندىكى ئۇدۇل تامغا چاپلاپ قويدۇق، مەكتەپتىكى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار بەس ـ بەستە توپلىشىپ تۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدى.

بۇ خەۋەرمۇ شۇ زامان مەكتەپ مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا يېتىپ بېرىپ، مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە مۇدىرىيەت ئىشخانىسىدىكى باشقا خادىملار كېلىپ گېزىتنى كۆرۈپ شۇنداق خاپا بولدى. بۇ ئىش مەكتەپ تەشكىلاتىنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال پارتىيە ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىن چاقىردى. يىغىندا:

ــ بۇ پۈتۈنلەي خاتا، بۇ پەقەت يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ ئىشى، بۇ ئەكسىيەتچى ھەرىكەت، بۇ ئىشنىڭ باشلامچىلىرىنى تېپىش كېرەك! دېگەن ئاساستا دوكلات قىلدى.

مىللىي پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى:

ــ بىزنىڭ بۇ پىكرىمىز ئورۇنلۇق، ئايرىلىپ ئوقۇش بىز ئۈچۈن پايدىلىق، بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئەمەس، بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرى، ئۇنداق قالپاقنىڭ بىزگە كېرىكى يوق، دەپ بىر ئېغىزدىن قارشى پىكىر بېرىپ تۇرۇۋالدى.

ئۇلارنىڭ زالدىكى جاراڭلىق ئاۋازلىرى زال ئەتراپىدا تىت ـ تىت بولۇپ يۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بولدى. بۇ يىغىندىن نەتىجە چىقىرالماي ئامالسىز قالغان مەكتەپ تەشكىلى بۇ ئىشنى گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە قىلىپ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. چۈنكى ھەر بىر گۇرۇپپىدىكى 15 ئوقۇغۇچىنىڭ بىر ـ ئىككىسىلا مىللىي بولۇپ، قالغانلىرى خەنزۇ بولغاچقا بۇ ئىشنىڭ باشلامچىلىرىنى تېپىش ئاسان بولىدۇ، دېگەن ئويدا مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن ئىشلار يەنىلا ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. بىز ھەممىمىز: بىز گۇرۇپپا مۇنازىرىدە ھېچقايسىمىز پىكىر بەرمەيمىز، پىكرىمىزنى مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا بېرىپ شۇ يەردە مۇنازىرىلىشىمىز، دەپ كېلىشىۋالدۇق ھەمدە بىرسىمىزمۇ گۇرۇپپا مۇنازىرىدە پىكىر بەرمەي ئولتۇرۇۋالدۇق. ئۇلار بىزگە قارشى قاتتىق ۋە يۇمشاق پىكىر بېرىپ ھالى قالمىسىمۇ كارىمىز بولماي ئولتۇرۇۋەردۇق. ھەتتا يىغىننى تاشلاپ چىقىپ كەتتۇق. ئاخىرى بۇ ئىشنى گۇرۇپپىدىمۇ ھەل قىلالمىغان مەكتەپ تەشكىلى بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ھودۇقۇپ قالدى. ئامالسىز قالغان مەكتەپ تەشكىلى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك يۈگۈرۈشۈپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە،

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن كېيىنىپ تارىنىپ ئوقۇشنى تاشلاپ مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا (يۇەنتىك) (يۇمىلاق زال) غا كىرىپ ھەممىمىز رەت ـ رەت بولۇپ ئولتۇرۇشتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن يۇەنجاڭ (مەكتەپ مۇدىرى) شۇجى (پارتكوم سېكرېتارى) ۋە باشقا كادىرلارنى چاقىرتىپ ئۇلارغا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئايرىلىپ ئوقۇشنى تەلەپ قىلدۇق. ئايرىلىپ ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى، قوشۇلۇپ ئوقۇشنىڭ زىيانلىرىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويدۇق.

مەكتەپ مۇدىرى بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى، ئايرىلىپ ئوقۇشنىڭ خاتالىقىنى، بۇ پەقەت يەرلىك مىللەتچىلەر تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ئىكەنلىكىنى ۋە قايمۇقۇپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز مەيدانىغا قايتىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ ئۆتتى. شۇنىڭدەك نۇسرەت باشلىق بىر قانچە قازاق ئوقۇغۇچىلار مۇدىرنىڭ سۆزىنى قوللاپ بىزگە قارشى پىكىر بەرگەن بولدى. لېكىن ئۇلار ئايرىلىپ ئوقۇشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىرمۇ پاكىت كۆرسىتەلمىدى. پاكىت كۆرسىتىپ قايىل قىلىش ئورنىغا، تىللاش، ھاقارەتلەش قوللىنىپ، زورلاپ قالپاق كىيگۈزۈشكىلا ئۇرۇناتتى.

ئوقۇش تاشلاش بىر قانچە كۈنگىچە داۋاملاشتى. مۇنازىرە داۋامىدا مەكتەپ رەھبەرلىرى ئامالسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، بۇ مۇنازىرىگە گوگەنتىڭ (جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى) دىن ئەنۋەر جاكولىن، مائارىپ نازارىتىدىن ئەنۋەرخان بابا ۋە چۇ داڭۋېي (لاتىف رايونلۇق پارتكوم) دىن بىر ئۇيغۇر كىشىنى باشلاپ كەلدى.

ئۇلارنىڭ كېلىشىمۇ ئوقۇغۇچىلارنى چۆچۈتەلمىدى. مۇنازىرە تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قورقۇتۇشلىرى ۋە قالپاق كىيگۈزۈشلىرى ھېچكىمنىڭ ئىرادىسىنى بوشىتالمىدى. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بولسا، ئوقۇش باشلايلى، ۋاقتىمىزغا خىيانەت قىلماڭلار، مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرايلى، دېگەن ئاساستا چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى يېزىپ تاملارغا چاپلاپ تولدۇرۇۋەتتى. باشقا قارارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. پەقەت بىزنىڭ قارار (يىللىق) دىلا ئوقۇش توختىدى. چۈنكى بىزنىڭ قارارىدىلا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن قوشۇلۇپ ئوقۇيتتى. بىزدىن بۇرۇنقى قارارلاردا بۇ ھەرىكەت يۈرگۈزۈلمەي، بىزنىڭ قاراردىن باشلاپ داۋاملاشتۇرماقچى بولغان يېڭى ئۇسۇل ئىدى.

قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇم پىكرى قانداق بولسا ئۇنىڭغا قارشى مۇداپىئە چارىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆز ئارا قەغەزلەر ئەۋەتىشىپ پىكىرلىشىپ سۆزنى بىرلەشتۈردۇق. ھەر

كۆنى كېچىلىرى يوشۇرۇن ھالدا يىغىن ئېچىپ ئەتىسى بولىدىغان مۇنازىرە ئۈچۈن مۇزاكىرىلىشىپ تېزىس تۈزۈپ ئالاتتۇق.

بىر كۆنى كەچتە ئوقۇغۇچىلار ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈندى. بىر قىسمى بىئولوگىيە كورىسىغا كىرىپ مۇزاكىرە قىلىمىز دەپ خەنزۇ ئوقۇتقۇچىنى چاقىرىپ كىرىپ ئوقۇتقۇچى بىر ئاز چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، بىز ئۆزىمىز دەرس مۇزاكىرە قىلىمىز، دەپ سۆز ئارىسىغا خەنزۇ تىلىدا دەرس تىزىملىرىنى قوشۇپ سۆزلەپ يىغىن ئۆتكۈزدى.

بىر گۇرۇپپا ئاناتومىيە كۇرسىدا (بىزلەر) تۆت قىزنى پوستا قويۇپ يىغىن ئاچتۇق. سائادەت تاشقىرىقى ئىشىكتە، ھۆرنىسە بىرىنچى قەۋەت پەلەمپەي يېنىدا، ئۇلخىپە پەلەمپەيدىن چىقىش ئورنىدا، شەمشىجامال سىنىپ ئىشىك ئالدىدا پوستا تۇردى. بىز سىنىپتا يىغىن ئاچتۇق. يىغىندا مۇنازىرە داۋامىدا قانداق پىكىر بېرىش، سۆز مەزمۇنىنى نېمىگە مەركەزلەشتۈرۈش دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ھەمدە قورقۇپ بوشىشىپ كەتمەستىن قىزغىنلىقنى داۋاملىق ئاشۇرۇش ئۈستىدە سۆزلەشتۇق. بىز دەل يىغىن ئېچىۋاتقاندا كەرىمە جەلدىباي دېگەن قازاق قىز بىلەن نۇرنىسە يۈسۈپ دېگەن چۆچەكلىك ئۇيغۇر قىزى كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر كەلدى. بىز دەرھال كىتابلىرىمىزنى ئېچىپ ئوقۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئولتۇرۇۋالدۇق.

ئۇزۇن ئۆتمەستىن پوستا تۇرغان قىزلاردىن ئۇلار مۇدىرىيەت ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كەتتى، تېز بولۇڭلار، دېگەن خەۋەر كەلدى. بىز يىغىننى ئالدىراپلا ئاياغلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. مەن، مەلىكە، ئەھمەد توختى خەلىملەر يىغىن مەيداندىن چىقىپ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ زالىدىن ئارىلاپ ئۆتۈپ دوختۇرخانىنىڭ كىچىك ئاشخانىسىدا پاراڭلىشايلى دەپ ماڭغاندا زالنىڭ دېرىزىسىدىن تالادىن يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ كېلىۋاتقان بىر قانچە كىشىلەرگە كۆزىمىز چۈشتى. ئۇلار پەلتو، پەشلىرىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىۋاتقان ئەنۋەر جاكولىن، ئەنۋەر خانبابا بىلەن چۈيداڭۋي (لاتىف رايونلۇق پارتكوم) دىن كەلگەن ھېلىقى كىشى غوپۇر رېھىم، دىڭ شۇجى، تاڭ يۈەنجاڭ نۇسرەت ۋە ھېلىقى ئىككى قىز ئىدى. ئۇلار شۇنداق ئالدىراش، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خۇددى بىر يەرگە كەچ قالغاندەك يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. بىز ئۇلارنىڭ ھالىغا قاراپ كۈلۈشۈپ، بىز چاققان چىقىپ كەتتۇق ئەگەر ئۈستىمىزگە كىرىپ قالسا يامان بولاتتى، دەپ ئۆز ئىشىمىزدىن رازى بولۇپ كېتىپ قالدۇق.

كېيىن ئاڭلىساق، ئۇلار ئالدىراپ سىنىپقا كىرسە، 7 - 8 ئوقۇغۇچى كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغانلىقتىن ھودۇقۇپ:

ــ يغىن ئىچىپ ئولتۇرغان باشقىلار قىنى، دەپ ۋارقىرىغان ئىكەن، ئوقۇغۇچىلار خاتىرجەم هالدا:

بىز باياتتىن بىرى كىتاب ئوقۇپ ئولتۇردۇق، نەدىكى يىغىننى سوراۋاتىسىز؟ بۇ يەرگە هېچكىمنىڭ كىرىپ - چىققىنىنى كۆرمىدۇق، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇلار هېلىقى ئىككى قىزغا قاراپ قويۇپ، يەنە ئوقۇغۇچىلارغا مەخپىي يىغىن ئېچىشقىلارغا قەتئىي بولمايدۇ، دەپ قاتتىق جېكىلەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار بىزنىڭ ئوقۇش تاشلاش هەرىكىتىمىزنىڭ باشلامچىسى بىرەر تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ياكى بىرەر تەشكىلاتنىڭ تەسىرىدىن بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمانلىنىپ قانچە تەكشۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى پاش قىلىشقا قىستىسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۆز پىكرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ هېچقانداق ئەكسىلئىنقىلابىي هەرىكەت ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ ئۆز سۆزلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن هېچ نەرسە تاپالمىدى. ئوقۇغۇچىلار بولسا مۇنازىرىنى توختاتمىدى. بۇ دولقۇننى باستۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ قىشلىق كانىكۇلنى يىللاردىكىدىن بالدۇر باشلىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەنمۇ ئۆيگە قايتتىم. ئۆيگە قايتىپ ئۆيدە بولغان كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى كۆردۈم.

گۇڭشېلىشىش (كوممۇنالىشىش) باشلىنىپ پۈتۈن خەلق مەجبۇرى كوممۇناغا كىرىپ چوڭ قازانغا قاراپ قالغان ئىكەن. كوممۇنادا شەخسى مۈلۈك بولماسلىقى كېرەك دەپ خەلق قولىدىكى ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، توخۇ، ئۆردەك، غازلارغا ئوخشاش تىرىك ماللارنى كوممۇناغا قوشىسەن دەپ ئېلىپ كېتىپ خەلق قولىدا هېچ نەرسە قالماپتۇ. هەممە ئادەم چوڭ قازاندىن تاماق يەيدۇ، دەپ كىشىلەر ئىشلەۋاتقان پۈتۈن قازان - چۆمۈچ، قاچا - قۇمۇچلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ئادەملەر تاماق يېيىش ئۈچۈن كىشى بېشىغا بىردىن چىنە، تەخسە، قوشۇقتىن باشقا هېچ نەرسە قالدۇرماپتۇ.

يەسلى قۇرۇپ هەر ئۆيدىكى كىچىك باللارنى يەسلىگە مەجبۇرى يىغىۋېلىپ، يەسلى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ قولىدىكى باللار كارىۋىتىنى، يوتقان، كۆرپە، ياستۇق ۋە ئۆيدىكى يېڭى گىلەملەرنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

سۈت پاراشوكى زاۋۇتى قۇرىمىز دەپ بىزدە سۈت تارتىدىغان (قايماق ئايرىتىدىغان ماشىنا) نى، چېلەك ۋە داسلارنى، شۇنىڭدەك ئىشخانا ئۈچۈن لازىم دەپ ئاپام قوللىنىدىغان كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ۋە ئۈستەلنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، مەن بارسام ئۆيىمىز قۇپ قورۇق بىر ياتاققا ئوخشاپ قاپتۇ. هەممە ئادەم چوڭ قازاندىن تاماق يەيدىكەن. ئەتىگەن

خىتايلارنىڭ هوردا پۇشۇرغان هور نانىنى، كەچتە سۇيۇق ئۇماچنى نورمىلىق، ئۆلچەم بىلەن بېرەتتى. ھېچكىم بۇ تاماققا تويمايتتى. ئۇستەل ئۇستىدە ئاپام بىلەن دادامنىڭ باللارغا قاراپ ئۇلار تويماي قالدى دەپ ئۆزلىرى يېمەي باللارغا بۆلۈپ بېرىدىغان ۋاقتلىرى كۆپ ئىدى.

مەن دادامدىن:

ــ نېمە ئۈچۈن خەلق تۇرمۇشى بۇنداق ناچارلىشىپ كەتتى؟ دەپ سورىدىم. دادام مۇشۇ گوڭشىنىڭ بوغالتىرلىق ئىشىنى ئىشلەيتتى. پۈتۈن گوڭشىنىڭ ھېساباتى دادامنىڭ قولىدىن ئۆتەتتى.

دادام كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ سۇ باشتىن لاي... كۆرۈپ تۇرۇپسەن، پۈتۈن يەردە مۇشۇ ئەھۋال، دۆلەتكە ئاشلىق تاپشۇرۇش پىلانىنى ئورۇنلىيالماي ساقىدىكى زاپاس ئاشلىق ۋە خەلقنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئېلىپ قالغان ئاشلىقلارغىچە ئۆتكۈزدۇق. ئۇنىڭدىن سىرت بىز چارۋا رايونى بولغاچ نۇرغۇن ئات، كالا، قوي، ئۆچكىگە ئوخشاش ماللارنىمۇ ئۆتكۈزدۇق. شۇنىڭ بىلەن خەلق قولىدىكى چارۋا ماللارمۇ قالمىدى، زاپاس ئاشلىقمۇ يوق. بۇ يىل خەلق ئۈچۈن ئاز ئاشلىق ئېلىپ قىلىنغانلىقتىن خەلقنى تەمىنلەشتە قىيىنچىلىق بولدى، ئەتىيازدا قانداق قىلارمىزكىن؟ خەلق ئىچىدە ئاشلىقتىن ئۆلۈش ئىشلىرى بولمىسا بولاتتى. ھازىر يەسلىدىكى (باللار باغچىسى) باللار ئۈچۈن سۈت، ئۇنلارنى يەتكۈزەلمەي باللاردا قىيىنچىلىق بولۇۋاتىدۇ. ھەر ئىش قىيىنغا كېتىپ بارىدۇ. ئالللا ئۆزى ياردەم قىلسۇن، دەپ ئېھتىيات بىلەن ئەتراپقا قاراپ قويۇپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ كوممۇنا دېگىنىمۇ خەلقنىڭ قېنىنى شورايدىغان بىر نېمە بولۇپ چىقتى. بىلەمسەن؟ خىتاي ھۆكۈمىتى بەك ئۇششۇقلۇق بىلەن خەلق ئاغزىدىكى ئاشلىقنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇپ كەتتى. جاپا تارتىپ ئاشلىق ئۆستۈرگەنلەر ئاشلىقتىن ئۆلۈۋاتىدۇ، ئادەمنىڭ ئىچى قاينايدۇ... دادام ئىچىگە پاتمىغان دەردىنى ماڭا سۆزلىدى. ئادەتتە دادام كەم سۆز، ئېغىر بېسىق كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپدىغان زېرەك، بىلىملىك كىشى ئىدى. دادام رۇس گىمنازىيىسى (ئوتتۇرا مەكتەپ) نى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئەرەبچە ئوقۇغان بولغاچ ئەرەبچىنى تولۇق بىلەتتى، خەنزۇ تىلىغا تېخىمۇ ئۇستا ئىدى. بوغالتىرلىق ئوقۇغان بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى داڭلىق بوغالتىرلارنى يېتىشتۈرۈپ، تەربىيىلەپ چىققان ئۇستاز ئىدى. مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن ئىدىم.

دادام ئىككىمىز قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئاپام باللارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ،

ئىشكىنى يېپىپ ئاستا مېڭىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى.

ـ ئىككىڭلار نېمە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتىڭلار؟ دەپ سورىدى ئۇ. كوممۇنانى ماختاۋاتىمىز، دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ. نېمە؟ ئۇنىڭمۇ ماختىغۇدەك يېرى بارمىكەن؟ قۇرۇپ كەتسۇن ئۇ كوممۇنا. ھەممە نەرسىمىزنى ئېلىپ چىقىپ يالىڭاچ گاداي قىلىپ قويدى. «سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش» دەپ قورۇ جايلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئۇنى دەپ بۇنى دەپ بۇ خىتايلارنىڭ بار ھۈنىرى بۇلاڭچىلىقتىن باشقا نەرسە بولمىدى، دېدى.

دادام ئاپامنى بەزلەپ، قانداق قىلىمىز؟ بۇ يالغۇز سەن بىلەن بىزنىڭ بېشىمىزدىكى ئىش ئەمەس، ئەل بېشىدىكى ئىش. «ئەل بىلەن كۆرگەن ئۇلۇق توي» دېگەندەك، نېمە قىيىنچىلىق بولسا ئەل بىلەن بىللە يېڭىمىز، قايغۇرما، سەۋرى قىلىشىمىز كېرەك، دېدى.

ئاپام دادامنىڭ سۆزىگە قايىل بولغاندەك:

ـ راست دەيسەن، ئاللا ئەلگە ئامانلىق، جانغا ئامانلىق بەرسۇن، قالغان نەرسە يەنە تېپىلار، دېدى.

ئاپام دۇنيادىكى باشقا ھەر قانداق ئانىلارغا ئوخشاش مېھرىبان، خۇشخۇي، ئوچۇق كۆڭۈل، ئىشچان، غەيرەتلىك، قىزىقچى ئانا ئىدى.

ئاپام شۇنچە بالىلارنى شۇ قىيىنچىلىقتا تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ، يەنە كوممۇنادا ئىش تىكىپ دادامغا ياردەملىشىپ ئائىلە ئېغىرلىقىنى تەڭ كۆتۈرەتتى.

شۇ يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە خەلق تۇرمۇشى قاتتىق ئېغىرلىشىپ چاققاق ئوتلارنى يەپ نۇرغۇن ئادەملەر ئاشقازان ئاغرىقى بىلەن ئاغرىپ ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەرمۇ بولدى.

ھېلىقى يەسلى قىلىپ خەلقنىڭ كىچىك بالىلىرىنى يىغىپ مەجبۇرى ئاچقان يەسلىدىكى كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ، پەقەت يەسلىدە بالا باققان مۇغەت ئۇستىنىڭ ئايالى بىلەن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئايالى زاغتاينىڭ بالىلىرى (ئىككى بالا) ساق قالدى. بۇ بالىلار ئىچىدە مېنىڭ سىڭلىممۇ ئۆلۈپ كەتتى. بۇ بىزگە بەك ئېغىر كەلدى. لېكىن شۇ ساق قالغان ئىككى بالىمۇ بىرەر يىلدىن كېيىن، خەلق ئىچىدە تارقالغان كۆك يۆتەل كېسىلى بىلەن ئاغرىپ پالەچ بولۇپ قالدى، ئاخىرى شۇ ئازابنى تارتىپ ئۇلارمۇ ئۆلۈپ كەتتى.

بۇ «ئازادلىق يىللار» كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس يىللار بولۇپ قالدى.

# 61 - يىلى بىرىنچى ئاي (يانۋار) كانكول مەزگىلى

مەن كانكولدا ئۆيگە بېرىپ، ئون كۈن تۇرۇپ قايتتىم. ئوقۇغۇچىلار كانكول جەريانىدا مەكتەپ تەشكىللىگە «ئايرىم ئوقۇش» ئۈستىدە ئۆتۈنۈش ۋە تەلەپلەرنى يېزىپ ئۆز پىكرىنى داۋاملىق بايان قىلىپ تۇرغان ئىكەن. لېكىن مەكتەپ تەشكىلى بۇ پىكرنى رەت قىلىپ، زادى ئايرىم ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ئايرىم ئوقۇشنى تەلەپ قىلىدىكەنسىلەر، سىلەرگە ئوقۇش يوق، مەكتەپتىن كېتىسىلەر، ئوقۇيمىز دەيدىكەنسىلەر، بىرلىشىپ ئوقۇيسىلەر، بۇ يۇقىرىنىڭ، مەكتەپ تەشكىلاتىنىڭ بۇيرۇقى، دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ.

ئوقۇغۇچىلار «قانداق قىلىش كېرەك، كېتىش كېرەكمۇ ياكى بىرلىشىپ ئوقۇش كېرەكمۇ» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىپ، تالاش - تارتىشتىن كېيىن، «كېتىش كېرەك ئەمەس، تېتىش كېرەك، بىزلەر كەتمەيمىز، بولارغا ئەمدى تېتىيمىز...» دېگەن قارارغا كەلدى.

لېكىن ئوقۇش باشلاشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن مۇدىرىيەت ئىشخانىسىدىكى پىلانلار ئۈستىدە ئوقۇتقۇچىمىز ئابدۇشۇكۇر بىزنىڭ قارار باشلىقى ئەھمەد توختىغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

مۇدىرىيەت ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ، ئەگەر 22 - فېۋرال پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش باشلىمايدىغان بولسا پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ مەكتەپ بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىپ، يىغىندا ئۈچ ئوقۇغۇچىنىڭ دېلوسىنى ئوقۇپ، ئۇلارنى قولغا ئېلىپ قالغانلارغا مەجبۇرى ئوقۇش باشلاشنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغانلىقىنى دەپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان ئوقۇتقۇچى بىزگە سىلەرنىڭ بۇ قىلغان ھەرىكىتىڭلارمۇ يېتەرلىك بولدى. ئەمدى ئوقۇش باشلاڭلار، بۇ ھەرىكىتىڭلار پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن زور ئىلھام بولدى ھەم تەسىرىمۇ چوڭ بولدى. بۇ شىنجاڭ تارىخىدىمۇ كىچىك ئىش ھېسابلانمايدۇ، دەپ ئۆز مەسلىھەتىنى يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

بىز بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئويلىنىپ كۆرۈپ ئوقۇش باشلاشنى قارار قىلدۇق ھەم ئوقۇش باشلىدۇق.

بىزنىڭ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە ئوقۇشىمىز ئۇلارنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى، ئارىمىزدىكى بەزى مەيدانى بوش ئوقۇغۇچىلار بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈپ، بىزنىڭ ئىشىمىز خاتا ئوخشايدۇ، كېيىن بۇ ئىشتىن بىر چاتاق چىقمىسۇن، دېگەن ئوي بىلەن قارشى

تەرەپتىكىلەرگە ئىلتىماس يېزىپ ئۆز خاتالىقلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ، ئۇلار تەرەپكە ئۆتۈشنى ئىلتىماس قىلدى ھەمدە ئۇ تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بەزى نەرسىلەر ئۈستىدە مەكتەپ تەشكىللىگە ئىنكاس قىلىشتى.

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىقلار ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلدى.

60 - 61 - يىللىرى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى. كۆپلىگەن گۇڭشېلار ۋە باي ناھىيىسى دۆلەتكە ئاشلىق تاپشۇرۇش ۋاقتىدا بەلگىلىگەن نورمىنى تاپشۇرۇپ بولالماي خەلق يەيدىغان زاپاس ئاشلىق ھەتتا ئورۇقلۇق ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈۋېتىپ شۇ يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى ۋە نۇرغۇن گۇڭشېلاردىكى خەلقلەر ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسى كېچە - كۈندۈز توختىماي پويىز ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ، شىنجاڭ خەلقىگە يەيدىغان ئاشلىق يوق شىنجاڭدا ئاچارچىلىق يۈز بەردى، نۇرغۇن خەلق بىر پارچە نانغا زار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

مەلىكە شۇ يىلى كانكولدىن قايتقاندا:

ـ «غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۆزىدىنلا شىنجاڭ خەلقىنى ئون ئىككى يىل تەمىنلەيدىغان ئاشلىق ئېلىندى» دەپ غۇلجا گېزىتلىرىگە يېزىپ چىقتى. بىر غۇلجا تۈپرىقىدىن شۇنچە ئاشلىق چىقسا، شىنجاڭنىڭ باشقا يەرلىرىدىن چىققان ئاشلىقلارنى قوشقاندا ئاز ئاشلىق چىقامتى؟ لېكىن شىنجاڭ خەلقى بولسا ئاچارچىلىقتا ئۆلۈۋاتىدۇ. بۇ قانداق گەپ؟ شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇن كەمبەغەل خىتاي خەلقىنى ئاشلىق، گۆش، ياغ، چارۋا مال، خام ئەشيا ماتېرىياللىرى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى، ھەتتا ئوغۇت، تۇز بىلەن تەمىنلەپ، ئاخىرى شەرقىي تۈركىستان ئۆزى نامراتلىشىپ قالدى، دېدى.

بۇ مەسىلىلەر ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىدىكى بىر چوڭ توقۇنۇش ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلاپ باش قاتۇرىدىغان بىزنىڭ يۇقىرىقى ئادەملىرىمىز بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆزىنى بوياپ جان باقاتتى، ھۆكۈمەت ئۇلارغا «ئالىي دەرىجىلىك كادىرلار» دەپ نام بېرىپ، ئەڭ ياخشى تەمىنات پۇرسىتى بەرگەچكە، ئۇلارنىڭ كاللىسى ئىشلىمەس، كۆزى كۆرمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «ھەيكەل» باشلىق بولۇپ تۇرۇۋەردى. پۈتۈن ئەمەلىي ھوقۇق بولسا خىتاينىڭ قولىغا ئۆتتى. رەھبەرلەر بۇنداق ئەھۋالدا تۇرسا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن سۆز قىلىش مۇمكىن بولامتى؟ بىز ئوقۇغۇچىلار كېچە - كۈندۈز بۇ ھەقتە سۆزلەپ قايناپ كېتىمىز، ئەمما بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە كەلسۇن دەيسىز.

بىز دوختۇرخانىلاردا كېسەل كۆرۈشتە ئاچارچىلىقتىن ئىششىق ۋە جىگەر كېسىلى بىلەن ھەم قورساق ئاچلىققا چىدىماي ياۋايى ئوت - چۆپلەرنى يەپ زەھەرلىنىپ كەلگەن ئاغرىقلارغا ياردەم قىلىپ قۇتۇلدۇرالماي ئۆز قولىمىزدا جان بەرگەندە ئۆزىمىز ھەم تەڭ ئۆلگەندەك روھىي بېسىم ئاستىدا ئاغرىپ قالاتتۇق.

# 61 - يىلى ئىيۇن

ئايدىڭ كېچە، پۈتۈن ئەتراپ يوپيورۇق، شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنەتتى. مەكتەپتىكى پۈتۈن بىنالار مېھرىبانلىق بىلەن كۆلۈپ باققاندەك دەل - دەرەخلەر يازنىڭ يۇمشاق شامىلىدا بىزنى ئەركىلەتكەندەك لىڭشىپ يوپۇرماقلىرى بىزگە شىۋىرلىغاندەك شىلدىرلاپ تۇراتتى. يازنىڭ سالقىن شامىلى يۈزۈمنى سىلاپ ئەركىلەتكەندەك بولۇپ، يۇمشاق چاچلىرىمنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى.

- ئۇھ، نېمە دېگەن چىرايلىق تەبىئەت؟ دېدىم مەن ئۆز - ئۆزۈمگە ھەم ياتاققا كىرمەي مۇشۇ ساپ ھاۋادا سىرتتا بىراز ئولتۇرايچۇ دەپ ئويلاپ ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى يول چېتىدىكى سېمونتقا كېلىپ ئولتۇردۇم. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئۆزۈمنى شۇنچە راھەت ھېس قىلاتتىم.

مۇزاكىرىدىن قايتقاندىن كېيىن ئابلىز بىلەن ئابلېكىم مېنى كۆرۈپ: ھوي، سىز بۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ؟ دەپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مەلىكىمۇ كېلىپ ئولتۇردى. بىز بىر ئاز چاقچاق قىلىپ كۈلۈشۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئابلېكىم بۈگۈنكى خەنزۇ باللار بىلەن بولغان توقۇنۇشلار ئۈستىدە خاپا بولۇپ سۆزلەپ كەتتى.

مەلىكىمۇ بۈگۈن قارىمايدىن كەلگەن بىر ئاغرىق كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى، ئۇ كىشىدىن قارىمايدىكى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرلىقىنى، خەنزۇلار بىلەن مىللىيلار ئوتتۇرىسىدىكى يۈز بەرگەن توقۇنۇش ئۈستىدە سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە شۇ تۇرمۇشتىكى ناھەقچىلىك، مىللىي تەڭپۇڭسىزلىق، مىللىي كەمسىتىشلەر ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

- مۇشۇ نېمىلەردىن قۇتۇلىدىغان كۈنمۇ بولارمۇ دەڭلا، دېدى مەلىكە.

ئۇنىڭ سۆزىدىن كېيىن مەنمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن پىكىر - خىياللىرىمنى ئۇلارغا ئېيتماقچى بولدۇم.

ـ قاراڭلار دوستلار، بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت بىرلا يول بار، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا ئالغاندىلا ئاندىن كېيىن بىز بۇ خورلۇقتىن قۇتۇلالايمىز، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق؟ دېدىم.

ـ راست، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق؟ دېدى.

مەلىكە بىرسى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ ئەتراپقا قاراپ بىزگە يېقىن كېلىپ بوش ئاۋاز بىلەن:

ـ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي غەلىبە قىلغان بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى، ھە؟ دېدى جىددىي قىياپەتتە.

ـ ۋەتەن ئۆزىمىزنىڭ، ھاكىمىيەت ئۆزىمىزنىڭ بولۇپ، بۇ خەقلەرنى كۆرمىگەن بولاتتۇق. دەرسلەرنىمۇ ئۆز تىلىمىزدا ئۆتكەن بولاتتى. مەلىكە بۇ سۆزنى دەۋاتقاندا دادامنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن سۆزى يادىمغا كەلدى.

ـ ھە، دادام ماڭا دەپ بەرگەن، مىللىي ئارمىيلەر ماناس كۆۋرۈكىگە كەلگەندە ئۇرۇمچىدىكى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى گومىنداڭچىلار بىلەن بارلىق خەنزۇلار قېچىپ كېتىپ، ھەتتا گومىنداڭغا يېقىن دەپ گۇمان قىلغان مىللىيلارمۇ قالمىغان ئىكەن.

خىتاي ئارمىيىسى بىلەن خىتايلار كېتىپ خىتاي كوممۇنىستلىرى كەلمىگەن بۇ ئارىلىقتا خەلق مىللىي ئارمىيە كېلىدۇ، دەپ ھەر كۈنى دېگۈدەك قارشى ئېلىش مۇراسىمى بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندا، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئورنىغا پىلىموت تانكىلار بىلەن تولۇق قوراللانغان، ھەربىي كىيىملەر بىلەن ئاغزىلىرىغا ماسكا تاقىغان خىتاي كوممۇنىستلىرى يېتىپ كېلىپتۇ. خەلق قايمۇقۇپ بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى؟ بىز مىللىي ئارمىينى كۈتسەك خىتاي ئارمىيىسى كەلدىغۇ، بۇ قانداق بولغىنى؟ دېيىشىپ كەتكەن. بەزىلەر مىللىي ئارمىيە دېگىنىمىز، ھەممىسى خىتايغا ئوخشايدىغۇ؟ دېسە، يەنە بەزىلەر ئاغزى بۇرنىغا قۇرت توشۇپ كەتكەن ئادەملەرمۇ نېمە بۇ؟ دەپ ھەيران بولۇشقان. بولارنىڭ خىتاي كوممۇنىست ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان كىشىلەر «بىر خىتايدىن قۇتۇلۇپ، يەنە بىر خىتايغا تۇتۇلدۇقمۇ نېمە؟» دەپ يىغلاشقان.

مىللىي ئارمىيە ئورنىغا كوممۇنىست خىتايلار كەلدى. ھەممىمىزنىڭ كۈتكەن ئۈمىدلىرىمىز يوق بولدى. بىز كۈتكەن مىللىي ئارمىيىمىز ماناس كۆۋرۈكىدە تۈت يىل مىدىر قىلماي ياتتى، دېدى. مەن دادامدىن:

ـ نېمە ئۈچۈن كەلمىدى؟ نېمە ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە ئۇ يەردە يېتىپ قالدى؟ دەپ سورىغىنىمدا: دادام:

ـ مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىرى ئورۇسنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلغان. ئورۇس ـ خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا كىرگىچە مىللىي ئارمىيىنى ماناس كۆۋرۈكىدە تۇتۇپ تۇردى، دەپ چۈشەندۈردى.

مەن قايىل بولماستىن يەنە دادامدىن سورىدىم:

ـ نېمە ئۈچۈن ئورۇسلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قارشى چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا نېمە ئىشى بار؟ نېمە ئۈچۈن ئارىلىشىدۇ؟

ـ دۇنيادا سىرى ئاشكارا بولمىغان ئىشلار كۆپ، شۇنى بىلگىنكى ھەركىم ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، سەن ئۈچۈن قايغۇرۇپ، سەن ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەم يوق. ھەركىم ئۆز غېمىنى ئۆزى يېيىشى كېرەك. باشقىلار كېلىپ بىزنى ئازاد قىلىدىكەن، دەپ كۈتمە. ئۆز ئورنۇڭدا ئۆزۈڭ تىك دەسسەپ تۇر. بىرەرسى كېلىپ قولۇمنى تارتىپ تۇرغۇزارمىكىن دەپ كۈتسەڭ ئاياق ئاستىدا دەسسىلىپ، چەيلىنىپ قالىسەن، دەپ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرگەنىدى دادام.

ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى شۇنچىلىك دىققەت بىلەن ئاڭلىدىكى ھەتتا مەن سۆزۈمنى تۈگىتىپ ئۇلارغا قارىسام ئۇلار مېنى خۇددى يەنە نېمە دەركىن دېگەندەك كۆزۈمگە قاراپ قالدى. ئارىلىقنى خېلىغىچە جىمجىتلىق باستى. ئاخىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرغان ئابلىز سۆز باشلىدى:

ـ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مۇشۇنداق يوللار بىلەن يوققا چىققان ئىكەن ـ دە، ئەسلى مۇنداق دەڭ.

ـ بىزنىڭ خەلق بەك ياۋاش، ئاق كۆڭۈل بولغانلىقتىن ئۆز قولىدىكى ھوقۇقنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغان. ئەگەردە بۇ ئىنقىلابتا رەھبەرلەر ۋە كوماندىرلار ئۆز ئادەملىرىمىزدىن بولغان بولسا، ئازادلىققا تەشنا بولۇپ تۇرغان خەلق چوقۇم غەلىبە قىلماي قالمايتتى. مۇستەقىل بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستى قولدىن كېتىپ قاپتۇ، دېدى مەلىكە باش لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

ـ ئېچىنارلىق ئەھۋال، ئەمدى ئۇنداق پۇرسەتنىڭ كەلمىكى تەس، دۈشمىنىمىز بىزدىن كۈچلۈك ھەم چوڭ، ئەمدى كۆپ قان تۆكمەي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى

بولمايدۇ، دېدى ئابلېكىم.

ئابلىز ئابلېكىمنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ:

ــ ھازىر خەلق ئىچىدە ئۇنداق ئازادلىق دەپ ئىنتىلىش يوق. چۈنكى ھۆكۈمەت سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم دەپ خەلقنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. خەلقنىڭ ئازادلىق دېگەن ئىنتىلىشىنى، گومىنداڭدىن «ئازات قىلدۇق» دەپلا ئازادلىققا بولغان تەشنالىقىنى باستى. خەلق ھازىر خاتىرجەم ئۇخلاپ يېتىپتۇ، ئەڭ ئالدى بىلەن خەلقنى ئويغىتىش كېرەك، دېدى.

ــ راست، خەلقنى ئويغىتىش بەكمۇ قىيىن، ئۇلار سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش ئاللاھ ئالدىدا گۇناھ بولىدۇ دەپ، سوتسىيالىزمغا قارشى چىقىشتىن شۇنداق قورقىدۇ. خەلق كوممۇنىزمغا بارغاندا قىينچىلىق تۈگەپ راھەتكە چىقىمىز دېگەن ئۈمىد بىلەن ھەر قانداق قىينچىلىققا چىداپ كوممۇنىزمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ، دېدىم. ھەممىمىز كۈلدۇق.

ــ راست بۇلار تاكتىكىدا ئۇستىلىق ئىشلەتتى، دېيىشتۇق.

ــ بۇلار شۇنداق قىلىپ بىزنى يەپ تۈگىتىدۇ، خەلقنى ئويغىتىش كېرەك، خەلقنى قانداق قىلغاندا ئويغىتالايمىز؟ سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم دېگەنلەرنىڭ قورال ئىكەنلىكىنى خەلققە ئۇقتۇرۇش، چۈشەندۈرۈش كېرەك، دېدى مەلىكە.

پارىڭىمىز بارغانسېرى قىزىپ كېتىۋاتاتتى، پاراڭلاشقانسېرى بىر - بىرىمىزنىڭ يېڭى ئوي - پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، ھەر بىر يېڭى ئوي - پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا خۇشاللىقىمىزدىن تېخىمۇ ئەستايىدىل ئىش قىلىش ئىرادىمىز چىڭىپ كېتەتتى.

ــ بۇلار خەلقنى سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمنى يالغاندىن ماختاپ ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن تەشۋىق قىلىپ ئىشەندۈرۈپ كەلگەن بولسا، ئەمدى بىزلەرمۇ خەلققە ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. خىتاي ھۆكۈمىتى بەك تاكتىكا بىلەن ئىش قىلدى. ھاكىمىيەت ئۈستىدە ئازراق ۋەزىپىسى بارلارنى «ئالىي دەرىجىلىك كادىرلار»، دەپ ئالىي دەرىجىلىك تەمىنلەش بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ياغلىۋالدى. ئادەتتىكى ئوقۇغان كادىرلارنى ئۆز تۇرمۇشىغا يېتەرلىك تەمىنات بىلەن تەمىنلەپ ماختاپ يالغاندىن قولىغا ھوقۇق بەرگەن قىلىپ ھەيكەل ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئالداپ كەلدى. ئىشچى ـ دېھقانلارنى بولسا كوممۇنىزمدىكى يالغان بەختلىك تۇرمۇشلار بىلەن ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى قاتۇرۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن خىتاي ھاكىمىيەت بېشىدا پۈتۈن ھوقۇق خىتاي قولىدا، شەرقىي

تۈركىستاننىڭ بايلىقى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سۈدەك ئېقىپ كېتىپ باردۇ. شۇنچە باي تۇپراقنىڭ ئىگىسى نامراتچىلىقتا قىلىۋاتىدۇ. خەلققە ھەققەتنى چۈشەندۈرۈپ تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ، كۆپ ئادەم ۋە ئىقتىساد كېرەك. تەشۋىقاتنى ھەر شەھەر، ھەر ئورۇن، ھەر ساھەگە ئېلىپ بارغاندىلا ئاندىن نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن، دېدىم مەن. بۇ سۆزۈمدىن كېيىن ئابلىز بىر ئاز ئويلىنىپ قالغاندەك:

ـ ھازىر بىر ئاز بالدۇر، ۋاقتى كەلگەندە ئاندىن ئىش باشلىساق بولارمىكىن، دېيىشىگە، ئابلىكىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، ۋاقتى كەلسۇن؟ قاچان ۋاقتى كېلىدۇ؟ بۇ خىتايلار شىنجاڭغا سۈدەك ئېقىپ كېلىۋاتسا، كېيىن بىر ئادەمگە يۈز ياكى مىڭ خىتاي توغرا كەلسە ئۇ چاغدا بىر ئادەم يۈز ياكى مىڭ ئادەمنى يوقىتالامدۇ؟ دەپ قىزىپ كەتتى.

ـ توختاڭلار، بۇنداق بىزگە ئوخشاش ئويلايدىغان ئادەملەرنى يوق دەمسىلەر؟ بىز بولساق ياش ئوقۇغۇچىلار، بىز تېخى ھېچ نەرسە بىلمەيمىز، بېشىمىزدىن ھېچقانداق ئىشلار ئۆتمىدى. كۆرگىنىمىزمۇ ئاز، بىلگىنىمىزمۇ ئاز، ياشىغىنىمىزمۇ ئاز، كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلگەن ئادەملەر بۇ ھەقتە ئويلىمايمۇ ئولتۇرمىغاندۇ، بەلكى ئىشلەۋاتقاندۇ. بىز شۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ شۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىسەك دەپ ئويلايمەن، دەپ ئۇلارغا ئۆزۈمدىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن پىكرىمنى ئېيتتىم:

ئەگەر ئۇلارنى تاپساق مەن بىرىنچى بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىرگە ئىشلەيتتىم، دېدىم.

مېنىڭ سۆزۈم تۈگىمەستىن، مەنمۇ بىللە ئىشلەيتتىم، دەپ مەلىكە مۇرەمنى تۇتتى.

ـ مەنمۇ،

ـ مەنمۇ،

ئابلىكىم بىلەن ئابلىزمۇ ئارقا - ئارقىدىن قوشۇلدى. بىز تۆتىمىز بىر - بىرىمىزگە بەكمۇ يېقىن قېرىنداشلاردەك بولۇپ، بىر - بىرىمىزگە بولغان دوستلۇق مېھرىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقاندەك بىلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئەگەر شۇنداق كىشىلەر ياكى تەشكىلاتلارنى تاپساق بىر - بىرىمىزگە خەۋەر قىلىپ تونۇشتۇرىدىغانلىقىمىزغا كېلىشتۇق ۋە يازلىق كانكولدا ئىزدىنىپ كۆرمەكچى بولدۇق. بىز مەكتەپكە كىرگەن كۈندىن باشلاپ يېقىن دوست بولۇپ كەلدۇق، بۈگۈنكى ئورتاق پىكرىمىز بىزنى تېخىمۇ يېقىن دوستلاردىن قىلدى.

# 61 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇست

كانكولدىن قايتىپ مەكتەپكە كەلسەم ئالدىمغا بىر توپ ساۋاقداشلىرىم يۈگۈرۈپ چىقىپ:

ــ خۇش خەۋەر، خۇش خەۋەر، ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان بولدۇق. ياتاق، سىنىپ، تاماقلارنىڭ ھەممىسىنى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئايرىۋەتتى، دېيىشىپ خۇشاللىقىمىزدىن قۇچاقلىشىپ شادلىق كۆز ياشلىرىمىز بىلەن بىر ـ بىرىمىزنى تەبرىكلەشتۇق. ياتاققا يۈگۈرۈپ باردۇق. پۈتۈن ياتاق، كارىدورلار پاكىز، ئازادە ئۆزىمىزنىڭ بوپتۇ. زەينۇرە، مەريەم ئۈچىمىزنى بىر ياتاققا قويۇپتۇ. ياتاقلار ئازادە، پاكىز، شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

ــ ئۇھ، نېمىدېگەن ياخشى، نېمە دېگەن بەخت دەپ خۇشال بولدۇق.

ئوقۇغۇچىلار ھەممىمىز ھەيران قېلىشتۇق، بۇلتۇر بىزگە بۇنداق قىلىش مومكىن ئەمەس دېگەن ئىدى. قانداقلارچە بىزنى بۇنداق ئايرىپ قويغاندۇ، دەپ بىر - بىرىمىزدىن ھەيرانلىق ئىچىدە سوراشتۇق. قانداقلا بولمىسۇن ئايرىلىپ ئوقۇغىنىمىزدىن خۇشال ئىدۇق. مۇشۇ كۈن ئۈچۈن بۇلتۇر بىر يىل تارتقان روھىي بېسىم، روھىي ئازابلىرىمىزنى ئويلاپ بىزنىڭ قارارنىڭ رەھبىرى بولغان ئەھمەد توختىدىن سورىدۇق:

ــ بۇلتۇر بولارنىڭ ھېچ بىر بىزنى ئايرىپ ئوقۇتىدىغان نىيىتى باردەك قىلمايۋاتاتتى، قانداق بولۇپ بۇنداق ياخشى ئىش بولۇپ قالدى؟

ــ بىزنىڭ بۇلتۇرقى ئوقۇش تاشلاش ھەرىكىتىمىزنى شىنجاڭدا بولغان يامان ئىشلار قاتارىدا دوكلات قىلغان ئىكەن، بۇ خەۋەرنى ماۋزېدۇڭ ئاڭلاپ شىنجاڭدىن مەجلىسكە كەلگەن سەيپىدىن ئەزىزىدىن سورىغان ئىكەن، سەيپىدىن: تېببىي ئىنستىتۇتتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئايرىلىپ ئوقۇش نىيىتىدە ئوقۇش تاشلاپ نامايىشقا چىققانلىقىنى، مەكتەپ تەشكىلى ۋە مائارىپ نازارىتى، گوڭشەنىنىڭ ئادەملىرى بىرلىشىپ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى مەجبۇرىي ھالدا ئاران بېسىقتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتىكەن، بۇنى ئاڭلىغان ماۋجۇشى: بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس، ھەر قانداق ئىش چىقسا ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلاردىن چىقىدۇ. سوتسيالىستىك دۆلەتتە «ئوقۇغۇچىلار قارشىلىق قىلىپ ئوقۇش تاشلىدى»، دېگەن ياخشى ئىش ئەمەس، ئۇلار قانداق تەلەپ قىلغان بولسا شۇ بويىچە ھەل قىلىپ بېرىڭلار، بۇنداق ئىشلار خەلقاراغا يېيىلىپ كەتسە بىزنىڭ سوتسيالىستىك مەملىكەتنىڭ يۈز ئابرۇيىنى تۆكىدۇ، دېگەن ئىكەن. شۇ ماۋجۇشىنىڭ سۆزىگە ئاساسلىنىپ بىزنىڭ تەلىپىمىز بويىچە ئايرىلىپ ئوقۇشىمىزغا قوشۇلۇپتۇ، دەپ

خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ بەردى ئەھمەد توختى. مەن ئەھمەد توختىنىڭ سۆزىگە زادىلا ئىشەنمەستىن: ئەھمەد ئاكا، سىز بىزلەرنى شاڭخو قىلىپ سۆزلەۋاتامسىز، نېمە؟ دېدىم ۋە ئىچىمدە: بۇ بىزنى ۋاقىتلىق ئالداش ئۈچۈن قوللانغان بىر تەدبىر، دەپ ئويلىدىم.

قىزلار كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە ئارقا - ئارقىدىن ھە يالغانمۇ - يە؟ دەپ سوراشتى.

ياق، بۇ راست، مەن ئۇنى چوڭ يەردىن ئاڭلىدىم، دېدى كەسكىن ھالدا ئەھمەد توختى. مېنىڭ ئىشەنگۈم كەلمىدى، چۈنكى مەكتەپتىكى بىر قارار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش تاشلاش ھەرىكىتى شۇ بېيجىڭغا يېتىپ بارغۇدەك، ماۋجۇشى باش قاتۇرغۇدەك مۇرەككەپ ئىش ئەمەسقۇ؟ دەپ ئويلاپ قويدۇم. راست، راست شۇنداق ئىكەن، ئەھمەد توختى مەكتەپتىكى مۇدىرلاردىن ئاڭلاپتۇ، دېدى مەلىكە ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ.

كۆپ ئۆتمەستىن ئوقۇش باشلاندى، مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم سىنىپلاردا دەرس ئۆتۈلدى. دەرسلەر بىزنىڭ تەلىپىمىزگە لايىق چۈشىنىشلىك قىلىپ ئۆتۈلدى ھەم ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلارنى كۆپەيتىپ ھەر ۋاقىت دەرستىن كېيىن بىزگە ئايرىم دەرس چۈشەندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇشىمىزمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئوقۇشلار ئىلگىرى سۈرۈلگەنسېرى ئوقۇغۇچىلارمۇ خۇشال، روھىي كەيپىياتىمۇ يۇقىرى، دەرسلەر كۆڭۈللۈك ئىدى.

## ئىزدىنىش

61 - يىلى نويابىر

مەلىكە ئىككىمىز دەرستىن چۈشۈپ دوختۇرخانىنىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ كېلىۋاتاتتۇق، بىزنىڭ كەينىمىزدىن ئابلېكىم بىلەن ئابلىزمۇ يېتىپ كەلدى.

– قىزلار نەگە ماڭدىڭلار؟ دەپ سورىدى ئۇلار ۋە بىزنىڭ جاۋاب بېرىشىمىزنى كۈتمەستىنلا:

– بىرەر يېڭىلىقلار بارمۇ؟ يولداشلاردىن خەۋەر ئالدىڭلارمۇ؟ بىرەر ئىز ئورۇننى تاپتىڭلارمۇ دەپ جىددىي قىياپەتتە سورىدى ۋە ئىككىمىزگە تەڭ قارىدى.

مەلىكىمۇ خۇددى مەن ئويلىغاندەك ئويلىغان بولسا كېرەك، جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئۇلاردىن:

– نېمە، بىرەرسى بىلەن ئۇچرىشىپ كەلدىڭلارمۇ، ياكى بىرەرسىنى تاپتىڭلارمۇ، دەپ

ئۇلاردىن قايتۇرۇپ سوئال سورىدى.

ئابلىكىم بىلەن ئابلىز بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ راستىنى ئېيتساق، ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى. بىز يەكشەنبە كۈنى مەكتەپتە بولمىدۇق. ھەر شەنبە كۈنى دەرستىن چىقىپ پۈتۈن ئىنستىتۇتلارغا، زاۋۇت، فابرىكا قاتارلىق ئورۇنلارغا، قىسقىسى تونۇشىمىز بولغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ چىقتۇق. تەشكىلاتتىن بىرەرسىنىڭ خەۋىرى بارمىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇرۇنۇپ كۆردۇق لېكىن...

ــ قانداقتۇر ئۈمىد يوق؟ ئابلىزنىڭ سۆزىنى ئابلىكىم بۆلدى.

ــ بىزنىڭ ئۈمىد قىلغان ئادەملىرىمىز خۇددى ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بوۋاقتەك ئۇخلاپ يېتىپتۇ. ئۇلار شىنجاڭنىڭ تارىخى توغرۇلۇق ھېچقانداق نەرسە بىلمەيدىكەن. شۇڭا شىنجاڭنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن قايغۇرۇپ ئويلاپ يۈرمەيدىكەن. بىز ئۇلارغا ئۆزىمىز بىلگەننىڭ ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ، سۆزلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچتۇق. ئۇلار ھەممە ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن تەسىرلىنىپ خۇددى ھازىرلا قورال ئېلىپ جەڭگە كىرىدىغان جەڭچىدەك ھاياجانلىنىپ:

ــ بىز خەلقىمىز ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆلسەك ئارمىنىمىز يوق. تېخىمۇ شەرەپ ھېس قىلىمىز، دېيىشىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماستىن پاراڭلىشىپ چىقتۇق. ئۇنىمساق ئۇنىماي يەكشەنبە كۈنى قوندۇرۇپ قېلىپ، دۈشەنبە كۈنى دەرسكە ئۈلگۈرۈپ ئاران كەلدۇق. ئۇلار:

ــ بىزنى ئۇنتۇپ قالماي كېلىپ تۇرۇڭلار؟ دەپ بىزنى ئۇزىتىپ قويدى. ھەممىدىن ئېچىنارلىقى، پۈتۈن خەلق تېخىچە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋېتىپتۇ.

ئابلىكىم سۆزلەۋېتىپ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىپ بۇرنىنىڭ ئۈستىدىكى تەرنى سۈرتكەچ سۆزىنى داۋام قىلدى.

ــ بۇ ھالەتتە ھازىر نېمىدىن ئۈمىد قىلىسەن؟

ئو بىزگە ئۈمىدسىز قارىدى.

بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش ھەر شەنبە كۈنى شەھەرگە كىرىپ يەكشەنبە كەچتە مەكتەپكە قايتىپ يۈردۇق. ئۆزىمىز ئۈچراتقان كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، خىزمەتچىلەر، ئىشچىلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆردۇق. سۆزلىشىش جەريانىدا ھازىرقى ۋەزىيەت، خەلق

تۇرمۇشى، دوختۇرخانىلاردىكى ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى تەڭپۇڭسىزلىق ئەھۋاللىرى سۆزلىنىپ، ئاخىرى:

ـ مۇستەقىل بولمىغۇچە بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئوتتۇرىغا ئوچۇق قويدۇق. بۇ سۆزىمىزنى ئاڭلىغان بەزى ئادەملەر قورقىنىدىن ئاغزى ئېچىلىپ:

ـ ئۇكام ھەجەپ قورقماي گەپ قىلىسىزغۇ؟ مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىش كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟ ياخشىسى تىنچ ياشاشنى ئويلاڭ! دېگەن ئىدى. مەن ئۇ كىشىگە:

ـ سىز ئېيتىپ بېقىڭە، بۇ ئىش كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟ كىم كېلىپ بىزنى مۇستەقىل قىلىپ قويىدۇ؟ بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىمىز كىمگە كېرەك؟ ئۆزىمىزگە كېرەك. كېلەچەكنى بىز ئۆزىمىز ئويلىمىساق، بىزنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكىمىز بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. كېلەچەكنى ئويلىماي بولمايدۇ... دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ يىراقنى، كەلگۈسىنى ئويلىشىغا ئىلھامىمۇ بەردۇق. ھەتتا ئۇلارنى قورقۇتۇپ:

ـ ھازىرغۇ بۇ خىتايلار مال ـ مۈلكىمىزنى ئالدى. كېلەچەكتە خوتۇن ـ بالىلارنى ئالىدۇ. مىللەت بارغانسېرى تۈگەيدۇ. مىللەت ئەجدىھانىڭ قوينىدا غەپلەت ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتىدۇ... دەپمۇ ئېيتتۇق. بەزى كىشىلەر:

ـ ئۇكام بىزنى تىنچ ياشىغىلى قويۇڭلار، دەپ چىقىپ كەتتى. يەنە بەزىلەر:

ـ سىلەر بەك ياش ئىكەنسىلەر، بۇنداق يولدا ماڭساڭلار ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايسىلەر، دىققەت قىلىڭلار، دېسە، يەنە بەزى كىشىلەر:

– ئۇكام، سىڭگەن نېنىڭلارنى يەپ ئوقۇشۇڭلارنى ئوقۇپ تىنچ ياشاڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىزدىگەن ئادەملىرىمىزنى تاپالمىدۇق.

بىز سۆزلەۋاتقان ئارىلىقتا نۇرنسا روزى مەلىكىنى چاقىرتىپ ئېلىپ كەتتى. بىز ئۈچىمىز سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق. مەلىكە كەتكەندىن كېيىن، مەن، مەلىكە ئىككىمىزنىڭ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇپ، سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم ۋە ئۇلارغا ئۆز پىكرىمنى ئېيتتىم:

– مەن كۆپ ئويلاندىم، كۆپ ئىزدەندىم. ھەتتا كۆز ئالدىمغا ئۇلار قانداق ئادەملەردۇ؟ ئېگىز بويلۇق، غەيرەتلىك، ئەقىللىق، ئۆزىنى تۇتقان ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، شۇنداق ئادەملەرنى ئەل ئىچىدىن ئىزدەپمۇ كۆردۈم، لېكىن تاپالمىدىم. ئاخىرى كۆپ ئويلىنىشتىن كېيىن، ئۇ تەشكىلاتنى ئۆزىمىز قۇرۇپ چىقساق بولمامدۇ؟ دېگەن ئويغا

كەلدىم. شۇ تەشكىلات قۇرغۇچىلارمۇ ئالاھىدە ئادەم بولماستىن بىزگە ئوخشاش ئادەمدۇ. ئادەم قىلغان ئىشنى قىلالامدۇ؟ قانداق دېدىم؟ سىلەر قانداق قارايسىلەر؟

مەن بۇ سۆزنى راستتىن ئېيتىۋاتقانلىقىمنى، ھەر قانداق ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشقا تەييارلىقىمنى، مەسئۇلىيەتچان ۋە ئىشەنچلىك ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ، خاتىرجەم ھالدا ئۇلارغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدىم.

ئابلىكىم كۈتۈلمىگەن بۇ سۆزدىن ھودۇقۇپ كەتكەن بولۇپ، ئابلىزغا لاپپىدە قارىدى ۋە ئويلانماستىنلا:

ــ ياق، بۇ ئىشنى بىز قانداق قىلالىشىمىز مۇمكىن؟ دېدى.

ئابلىزمۇ ئابلىكىمنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ:

ــ بۇ بىز ئوقۇغۇچىلار قىلالىغۇدەك ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس، دەپ مېنىڭ سۆزۈمنى رەت قىلدى.

مەن ئۇلارغا ئۆز پىكرىمنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم:

ــ راست، سىلەر دېگەندەك ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق، مۇرەككەپ ئىش. ئەمما بۇ ئىشلارنى قىلغان ئادەملەرمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەملەر، بۇ ئىشنى قىلغاندا بىراقلا قورال كۆتۈرۈپ «ھۇررا!!» دەپ مەيدانغا چىقىپ سوقۇشقا ئاتلانمايمىز. بىز سىلەر دېگەندەك ئالدى بىلەن مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئاستا يوشۇرۇن ھالدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنى قوزغىتىشىمىز كېرەك، ئاندىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، خەلق ئاممىسى ئويغانغاندا ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. شۇ جەرياندا ياخشى ئادەملەرگە ئۇچرىشىشىمىزمۇ مۇمكىن، ھەتتا ياخشى رەھبەرلەرنىمۇ تېپىشىمىز مۇمكىن. ئەمدى بۇ ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلانمىساقمۇ بولمايدۇ. تۈرمە، زىندانلارغا تاشلىنىشىمىز، ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىنىپ ئۆلۈپ كېتىشىمىزمۇ مۇمكىن. توغۇلدۇقمۇ؟ ھامىنى بىر ئۆلىمىز، ئەجەل دېگەن نەرسە ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا بار، قۇل ۋە ئەسىر بولۇپ ياشىغاندىن، خەلق ئۈچۈن بىر قەدەم دەسسەپ ئۆلسەك بۇ ئارتۇق ئەمەسمۇ؟

ــ ئۇ دېگىنىڭغۇ راست! دېدى ئابلىز مېنىڭ سۆزۈمنى قوللاپ.

بىز پاراڭلاشقاچ مېڭىپ ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇق. مېنىڭ سۆزۈمدىن كېيىن ئارىمىزنى جىمجىتلىق بېسىپ، ھەممىمىز ئۆز خىياللىرىمىز بىلەن جىمجىت ھالدا

2 ـ قەۋەتكە چىقتۇق. ئاندىن خوشلىشىپ، ئوغۇللار ئۆز ياتىقى تەرەپكە، مەنمۇ قىزلار ياتىقى تەرەپكە قاراپ كەتتۇق.

# 61 ـ يىلى دېكابىر

چۈشتىن بۇرۇنقى 3 ـ سائەتلىك دەرستىن كېيىن، يېڭى يىلغا بىرىلگەن تۆت كۈنلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۆيگە قايتىپ ئاتا ـ ئانام ۋە ئۇكىلىرىمنى كۆرۈپ كېلەي دەپ تەييارلاندىم ۋە چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن سومكىلىرىمنى ئېلىپ قىزلارغا ئۆيگە بېرىپ كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇپ پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ كەتتىم.

پويىز ئىستانسىسىدىكى سۈت پونكىتىنىڭ ماشىنىسى داۋاملىق نەنسەندىن سۈت توشۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ شۇ ماشىنا بىلەن كېتەرمەن دەپ ئىزلىدىم. سۈت پونكىتى دېگىنىمىز پويىز يولىنىڭ چېتىگە جايلاشقان كىچىككىنە بىر ئىشخانا ئىدى.

ئىشخانىغا كىرىپ ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرغان مەسئۇل خادىم خەنزۇدىن سورىدىم:

ــ سۈت ماشىنىسى بۈگۈن نەنسەنگە ماڭامدۇ؟

ــ ھەئە بىر سائەتتىن كېيىن مېڭىشى مۇمكىن.

ــ مەن شۇ سۈت ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ كەتسەم بولامدۇ؟

ــ نەنسەندە كىمىڭ بار؟ نېمە ئۈچۈن بارىسەن؟

ــ ئۇ يەردە ئاتا ـ ئانام بار، دادامنىڭ ئىسمى سالىخ ۋەلىيېۋ؟

ــ ھەئە، مەن ئۇ ئادەمنى تونۇيمەن، ئۇ بەك ياخشى، ئەقىللىق، بىلىملىك ئادەم. سەن مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇر، بەلكى بىر سائەت ياكى 2 سائەتتىن كېيىن ماشىنا ماڭىدۇ.

ــ رەھمەت، مەن سىرتتا كۈتۈپ تۇراي.

مەن سىرتقا چىقتىم، ھاۋا سوغۇق بولغانلىقتىن كىچىككىنە ئۆينىڭ ئىچىگە لىق ئادەم توشۇپ ئالغان ئىدى.

پويىز ئىستانسىسىغا بىرىنچى قېتىم چىققانلىقىم ئۈچۈن پويىز يولى ۋە پويىزلارنى كۆرۈپ باققۇم كەلدى. پويىزنى ۋە يوللىرىنى كۆرۈپ كېلەي دەپ پويىز يولىنىڭ بېشىغا باردىم. كەڭ مەيداندا يېيىلىپ ياتقان قاتمۇ قات پويىز يوللىرى ۋە پويىزلارنى كۆرۈپ

تۇراتتىم. مەيداندىن ۋاگون سۆرەيدىغان پويىزدىن باشقىسى يوگۇرگەن پېتى شىسەن (غەربىي تاغ) تەرەپكە قاراپ كەتتى.

مەيداننىڭ ئۇياق ـ بۇيىقىغا قاراپ تۇراتتىم. يىراقتىن پويىزنىڭ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن دىققەت بىلەن پويىز كېلىۋاتقان تەرەپكە يەنى قۇمۇل تەرەپكە قاراپ پويىزنىڭ كېلىشىنى كۈتتۇم. پويىزنىڭ كېلىشى ئادەمگە خۇددى يىراقتىن يەر بېغىرلاپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كېلىۋاتقان ئەجدىھانى ئەسلىتەتتى. پويىز مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ قۇيرۇقى تېخى تاغ تەرەپتىن چىقىپ بولالمىغان ئىدى. شۇنچە ئۇزۇن پويىزنى ھەم ئېغىر نەرسىنى قانداقمۇ سۆرەپ كېلىدىغاندۇ؟ دەپ پويىزنىڭ باش قىسمىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم. پويىز توختىدى ۋە پۈتۈن ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ئېچىلىپ، ئادەملەر تىقىلىپ، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، يىقىلىشىپ يۈرۈپ ئاپتوبۇس تەرەپكە قاراپ كەتتى. پويىز كېلىشنىڭ ئالدىدا پويىز يولىنىڭ چېتىدىكى ئادەم ساقلايدىغان يەرگە ئۇن نەچچە خىتاي كېلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىغا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى ئادەملەر ئىكەن. ھەر بىر ۋاگوندىن چۈشكەن ئادەملەر خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان چۈمۈلىدەك پويىز ئىستانسىسىغا پاتماستىن قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ، مەيداندا ماڭغۇدەك يەر قالمىدى. بۇ ئادەملەر سىرتتىن قارىسا خۇددى قارا چۈمۈلىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى. ھەممىسى ئوخشاش قارا چاپان، قارا ئىشتان، پۇتىدا قارا لاتا خەي، بېشىدا قارا شەپكە بولۇپ، شەپكە ئۈستىدىن ھەر خىل رەڭدە شار باغلىۋالغان. ھەر قايسىنىڭ قولىدا كۆتۈرىۋالغان ياكى يېتىلىۋالغان ئىككى ـ ئۈچتىن، بەزىلىرىنىڭ ئالتە ـ يەتتىدىن باللىرى، ھەممىسى بىر ـ ئىككى كىچىك بوپا كۆتۈرىۋالغان، پاكار ئادەملەر ئىدى. كۆرۈنۈشتىن مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئۆمۈر بويى ياخشى كۈن كۆرمەي كەمبەغەللىكتە قىينالغان ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئادەملەرگە قاراپ تۇۋا، بىر ـ بىرسىنى قانداق پەرقلەندۈرىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئاپتوبۇس كېلىدىغان مەيدانغا سىغماي تۇرغان ئادەملەر خۇددى پويىزنىڭ كېلىشىنى بىلىپ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك كەينى ـ كەينىدىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان ئاپتوبۇسلارغا نىقتاپ كىرگۈزۈپ، ئادەملەرنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئاران بېسىپ ماڭغۇزۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كەلگەن ئاپتوبۇسلار بىلەن بەش ـ ئون مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا مەيداندا بىرمۇ ئادەم قالدۇرماستىن ئېلىپ كەتتى.

پويىز ئىستانسىسى يەنە جىمجىت ھالەتكە كەلدى.

بېشىمغا بىرنى ئۇرۇپ، ئۇيقۇمنى ئاستا ئاچقان ئادەمدەك تۇۋامنى مىڭ ئېيتىپ

مەيداننىڭ چېتىدە مىنۇتتەك تۇرۇپلا قالدىم.

ھېلىقى كەلگەن نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر خۇددى ئېزىتقۇدەك ئون بەش مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ مەيدان قوپ ـ قۇرۇق قالغانىدى.

بۇ ھال ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى.

بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋېتىپتۇق، دەپ ھەيرانلىقتا تۇراتتىم، يەنە پويىزنىڭ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. يەنە كەلدىمۇ نېمە؟ دەپ چاققان مېڭىپ پويىز يولىنىڭ چېتىغا چىقتىم.

شىسەن تېغىدىن بۇرۇلۇپ يۈك پويىزى چىقىپ كەلدى. بۇ مەخسۇس نېفىت توشۇيدىغان پويىز بولۇپ، ھەر بىر ۋاگوندا نېفىت قاچىلايدىغان مەخسۇس چوڭ تۇڭ بار ئىدى. بۇ پويىزمۇ ئالدىنقى ئادەم قاچىلاپ چىققان يولۇچىلار پويىزىدىنمۇ ئۇزۇن بولۇپ، 20 ـ 18 گىچە ۋاگون ئىدى.

شۇنداق چوڭ نېفىت ۋاگونلىرىغا قاچىلانغان نېفىتلەر ئىچكى ئۆلكىلەرگە، خىتاي يېرىگە قاراپ ئېقىپ كېتىپ باراتتى.

بۇلارنى كۆرۈپ ئاغزىم ئېچىلغان پېتى قېتىپ قالدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر يۈك پويىزى ئۇزۇن كەتكەن ۋاگونلار بىلەن يېتىپ كەلدى. باشتىكى بىر قانچە ۋاگوندا ئات، كالا، قوي، ئۇلاقلار بېسىلغان، ئۇنىڭ كەينىدىن ۋاگونسىز تاختاينىڭ ئۈستىگە يوغان قارغاي لىملارنى تاغدەك بېسىپ، تۆمۈر زەنجىر بىلەن ئەپچىل باغلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئورمان بايلىقلىرىنى بېسىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈستى ئوچۇق ۋاگونلارغا قاچىلانغان كۆمۈرلەرنى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ۋاگوندا قۇرۇتۇلغان ئادەم ئوغۇتىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ پويىزلارنى كۆرۈپ «ھە، ئەسلى مەسىلە بۇ يەردە ئىكەن. خەلق ئۇخلاۋېتىپتۇ» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلەپ، تۇرغان يېرىمدە بىر ئايلىنىپ چىقتىم.

شۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، خىيال بىلەن نەنسەنگە ماڭىدىغان ماشىنىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. سۈت پونكىتىغا ئالدىراپ كىرسەم ھېلىقى خەنزۇ مەسئۇل كىشى مېنى كۆرۈپ ھەيران قالدى:

ــ ۋۇي، سەن تېخى كەتمىدىڭما، ماشىنا ماڭغىلى بىر يېرىم سائەت بولدى. قانداق قىلىسەن ئەمدى؟ ئەتە ماشىنا ماڭمايدۇ، باشقا كۈن كەل، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇ چۈشكەندە ياتاققا توڭلاپ، قورسىقىم ئېچىپ ئاران قايتىپ كەلدىم. ياتاققا كىرسەم قىزلار مېنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى.

ــ بىز سېنى كېتىپ قالدى دېسەك، سەن كەچ بولغاندا بۇ يەردە يۈرسەنغۇ، نەلەردە يۈردۈڭ؟ دەپ كۈلۈشتى.

مەن كۆرگەن نەرسىلىرىم ئۈستىدە ئۇلارغا سۆزلەپ بەردىم. قىزلار سۆزلەپ، قايىنىشىپ كېچە سائەت بىردىن ئاشقاندا ئۇخلاشتۇق.

## 61 ـ يىل 31 ـ دېكابىر

ئەتىگەندە چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بىر قانچە قىز ـ ئوغۇللار پويىز ئىستانسىسىغا چىقتۇق. پويىز ئىستانسىسى ئۈرۈمچىنىڭ كونا پېتىش تەرەپتىكى قىزىل تاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بولغاچقا شەھەردىن خېلى ئېگىزلىكتە تۇراتتى. شۇڭا كىشىلەر پويىز ئىستانسىسىغا چىقتۇق، دېيىشەتتى.

پويىز ئىستانسىسىدا شەرقىي تۈركىستانغا چۈمۈلىدەك كېلىۋاتقان خىتايلارنى ۋە خىتاي شەھەرلىرىگە ئېقىپ كېتىۋاتقان شىنجاڭنىڭ بايلىقلىرىنى كۆرۈپ قىز ـ ئوغۇللار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ «بۇ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن بىر چوڭ ئاپەت بولدى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېشىغا شۇنداق چوڭ ئاپەت ۋە ئېغىر كۈن كېلىۋېتىپتۇ» دەپ كۆڭۈلسىز بولۇشتى.

بىزنى كۆرۈپ تۇرغان بىر ياشانغان بوۋاي ئاستا يېنىمىزغا كېلىپ سورىدى:

ــ بۇ ياققا چىقىپ قاپسىلەرغۇ بالام؟ بىرەرسىنىڭ ئالدىغا چىقتىڭلارمۇ يا؟

ــ ياق، ھېچكىم كەلمەيدۇ چوڭ دادا. خىتاي شەھەرلىرىدە بىزنىڭ ھېچكىمىمىز يوق، پەقەت پويىز ئىستانسىسىنى كۆرەيلى دەپ ئويناپ كەلدۇق.

بۇنچىۋالا كۆپ خەنزۇنى كۆرۈپ باقمىغان ئوقۇغۇچىلار ھەيران بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئاگغىچە ھېلىقى بوۋاي يەنە سۆز باشلىدى:

ــ مەن بۇ يەردە تازىلىق قىلىمەن. تاڭ ئاتقۇچە پويىزلار ئادەم توشۇيدۇ. بۇ ئادەملەر نەلەرگە كېتىپ جايلىشىدىكىن تاڭ، قومغا سىڭگەن سۇدەك يوقاپ كېتىدۇ. بۇلار ئۈچۈن ئاپتوبۇسلارمۇ، ماشىنىلارمۇ تەييار، قاچىلاپ كېتىدۇ. ۋاي خۇدايىم، شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن بۇ خىتايلاردىن قۇتۇلۇش يوق گەپ ئىكەن. بىزلەرنى تىرىك يالماپ يۇتمىسىلا بولاتتىغۇ بۇلار.

بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

بىز بىر كۈن پويىز ئىستانسىسىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر سوتكىدا قانچە مەرتىۋە ئادەم

توشۇيدىغان پويىز كېلىدۇ. بىر پويىز قانچە ۋاگون، بىر ۋاگوندا قانچە ئادەم بار دېگەنلەرنى ھېسابلاپ كۆرۈپ، پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرىكى يېرىلغاندەك بولدى.

ۋاي خۇدايىم يەنە 30 - 40 يىل ئىچىدە شىنجاڭ خەلقى تۈگەپ يېرىمىز خىتايلار قولىدا قالىدىكەن ساۋاقداشلار، قانداق قىلىمىز؟

ـ بۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟

ـ بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە كېلىدۇ؟

ـ بۇ بىزنىڭ قولىمىزدىكى ئىش ئەمەس.

ـ ئەمىسە كىمنىڭ قولىدىكى ئىش؟

ـ ئەگەر بۇ ئىشلار بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمىسە، بالا ـ قازا بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىدۇ؟

ساۋاقداشلار ئەنە شۇنداق تالاش ـ تارتىش قىلىپ، بىر ـ بىرىمىزگە بۈگۈنكى كۆرگەنلىرىمىز توغرۇلۇق تەسىراتلىرىمىزنى سۆزلىشىپ ياتاققا قايتىپ كەلدۇق.

پويىز ئىستانسىسىدىكى ساياھەت پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا ھېكايە سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىندى.

62 - يىلى فېۋرالنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ قىشلىق كانىكولغا چىقتۇق. مەلىكە ئىككىمىز مۇشۇ كانىكول ۋاقتىدا نەنسەنگە ـ بىزنىڭ ئۆيگە بارماقچى بولۇپ تەييارلاندۇق. ئەتە ماڭىمىز دېگەن كۈنى ئابلىز مېنى ئىزدەپ كەپتۇ:

ـ مەن سىز بىلەن سۆزلەشسەم ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ سورىدى ئابلىز.

ـ يۈرۈڭ ياتاققا كىرەيلى!

مەن ئابلىزنى ياتاققا باشلاپ كىردىم. مەلىكە ياتاقتا مېنى ساقلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئىدى.

ـ ھە، ياخشى بولدى، مەلىكىمۇ بار ئىكەن.

ئابلىز خاتىرجەم ھالدا ياتاققا كىرگەندىن كېيىن، خۇددى بىزگە مۇھىم سۆزى بار ئادەمدەك قاراپ:

ـ ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، بىز كۆپ ئىزدەندۇق. لېكىن بىز ئىزدىگەن يولداشلاردىن خەۋەر بولمىدى. شۇڭا بىز ئۆزىمىز بىر گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللىنىپ، قولىمىزدىن كەلگۈدەك ئىشلارنى قىلىپ تۇرايلى ھەم ئىشلىگۈچى يولداشلارنى ئىزدەيلى. ئەگەر تاپساق بىر

گۇرۇپپا بولۇپ قوشۇلامدۇق. يولداشلارنى تاپقۇچە يېتىشەرسەك ۋاقتىمىز بوشقا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، دېدى.

مەن خۇشاللىقىمدىن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم ۋە:

ــ بىز ھەرقانداق ئىشقا تەييارمىز، باش كەتسىمۇ قورقمايمىز، دېدىم. مەلىكىمۇ كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى ۋە خۇشال ھالدا:

ــ بىز ئۆلسەكمۇ باسقان ئىزىمىزدىن يانمايمىز، دېدى.

ــ ئۆلسەكمۇ تىز پۈكمەيمىز!

ئابلىز مېھرىبان كۆزلىرى بىلەن ئىككىمىزگە قاراپ مۇرىمىزدىن تۇتۇپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ بىز ئۆلسەكمۇ ئايرىلمايدىغان قېرىنداشلاردىن، يېقىن دوستلاردىن بولدۇق.

ئابلىز سۆزلەۋېتىپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى. بىز ئۈچىمىز يېرىم كېچىگىچە چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن پارلاق كېلەچەك ھەققىدە ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەر ھەققىدە ۋە بىز دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلار توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەشتۇق. ئابلىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەلىكە ئىككىمىز تاڭ ئاتقۇچە سۆزلىشىپ، سۆزىمىز تۈگىمەي كەتتى.

ئۆزىمىزدە يېڭى بىر ھايات باشلانغاندەك، روھىمىز كۆتۈرەڭگۈ، كۆڭلىمىز ئۈمىدلىك ھەم خۇشال، چوڭ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالغان، مەنىلىك ھاياتنى باشلىغان چىن ئىنسانغا ئوخشاش ئۆزىمىزدە بۈيۈك غەيرەت ھاسىل بولغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بۇ چوڭ ئۈمىدلەر بىزنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈردى.

## «شەرقىي تۈركىستان مىللىي خەلق پارتىيىسى» تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى

62 - يىلى 5 - فېۋرال

بۈگۈن خەنزۇلارنىڭ يېڭى يىل بايرىمى ئىدى. ئەتىگەن تاماقتىن كېيىن مەريەم ئۆيىگە كەتتى. سائەت 10 لار بىلەن ئابلىكىم، ئابلىز، مەلىكە ۋە مەن تۆتىمىز بىزنىڭ ياتاقتا يىغىلدۇق. ئالدىمىزغا شاھمات تىزىپ قويۇپ قارىماققا شاھمات ئويناۋاتقاندەك

قىياپەتتە يوشۇرۇن مەجلىس ئاچتۇق.

بۇ مەجلىستە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر:

1 - تەشكىلات قۇرۇشنىڭ ئاساسى مەقسەت،

بىزنىڭ تەشكىلات قورۇشنىڭ ئاساسى مەقسىتىمىز، شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇمى ۋە مۇستەملىكىسىدىن ئازات قىلىپ مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈش يەنى مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرۇش.

2 - تەشكىلاتنىڭ نامى، پارتىيە بايرىقى، پارتىيە پروگراممىسى ۋە بۇندىن كېيىنكى تەپسىلىي پىلانلار ھەققىدە تەشكىلات رەسمىيلەشكەندىن كېيىن مۇزاكىرىلىشىش ۋە پىلاننى ئورۇنلاش مۇۋاپىق بولسا، ئىش باشلاش.

شۇنىڭ بىلەن بىز تەشكىلاتنى رەسمىيلەشتۈرۈشكە باشلىدۇق ھەمدە شۇ كۈنى كەچتە تۆتىمىز رەسمىيەت ئۆتەشكە قارار قىلدۇق. بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشىمىز بولسا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر قايسى ئىنستىتۇت ۋە تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش، قۇلايلىق بولغان زاۋۇت - كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە، بىز ئىشەنگەن كادىر - خىزمەتچى ۋە بارلىق ئادەملەرگە ھازىرقى ھاكىمىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈش، خەلق ئاممىسىنى مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىش ۋە يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى تولۇق، مۇكەممەل قىلىپ ھازىرلاپ چىقىش ۋە خەلق ئاممىسىغا چۈشەندۈرۈش ھەمدە مىللىي مۇستەقىللىققا ئائىت ماتېرىيال تېپىش ۋە شۇ ھەقتە تەشۋىق قىلىش دېگەنلەر ئاساسىدا مۇزاكىرىلىشىپ بۇلارنى بېكىتتۇق.

كەچتە چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ تانسا كېچىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. مەلىكە ئىككىمىز بارلىق قىزلارنى تانسىغا باشلاپ چىقتۇق. چىقمايمىز دەپ يېتىپ قالغان قىزلارنىمۇ خىزمەت ئىشلەپ تۇرغۇزۇپ ياساپ، ئۆزىمىزمۇ ھەم ئادەتتىكىدىن تاشقىرى روھلۇق، چىرايلىق كىيىنىپ تانسىغا چىقتۇق.

ئابلېكىم، ئابلىزلارمۇ ئوغۇللارنىڭ بىرىنى قويماي تانسىغا ئېلىپ چىقتى.

تانسا شۇنداق قىزىپ كەتتى. مۇزىكىلار مىللىي كۈيلەرگە جاراڭلاپ چېلىنىشقا باشلىدى. ياش قىز - يىگىتلەر خۇشاللىق بىلەن ئوتتۇرىغا تانسىغا چۈشتى. ئابلېكىم، ئابلىزلارمۇ سازەندىلەرنىڭ يېنىغا بىردەم - بىردەم يۈگۈرۈپ بېرىپ مۇزىكىلار ھەققىدە ئۇلارنى قىزىتىپ بەردى.

كېچە سائەت 12 بولدى. پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار تانسا بىلەن قىزىپ كەتتى. بىز مانا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رەسمىيەت ئۆتەشنى ئويلىدۇق.

شۇ ئارىلىقتا ئابلېكىم بىلەن ئابلىز ماڭا شەرەت قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەنمۇ مەلىكىنى باشلاپ ياتاققا قايتتۇق. بىزنىڭ ياتاق خالىي ھەم ئەپچىل ئورۇن ئىدى. چۈنكى زەينۇرە بىلەن مەريەم شەھەرگە كىرىپ كەتكەن. ياتاقتا مەن يالغۇز قالغان ئىدىم.

تۆتىمىز بىزنىڭ ياتاققا كىرىپ رەسمىيەت ئۆتىمەكچى بولۇپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويدۇق.

ئابلېكىم ئۆزى يېزىپ ئېلىپ كىرگەن قەسەمنامىنى ئوقۇدى. ھەر بىرىمىز يېزىلغان قەسەمنامە بويىچە قەسەم قىلىپ ئەزا بولۇپ كىردۇق.

قەسەمنامە: «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئاخىرقى قېنىمىز قالغۇچە ماڭغان ئىزىمىزدىن يانمايمىز، باش ئېگىپ تەسلىم بولمايمىز ۋە بىر - بىرىمىزنى ساتمايمىز، ۋەتىنىمىزنى دۈشمەندىن ئازات قىلىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىمىز.»

قەسەمنامىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ھەممىمىز ئۆز ئىسمىلىرىمىزنى ئاتاپ قەسەم قىلدۇق.

قەسەمدىن كېيىن قەسەمنامىنى ياتاقتا كۆيدۈرۈپ، يېڭى قۇرۇلغان تەشكىلات ۋە ئەزالىق بىلەن بىر - بىرىمىزنى تەبرىكلەشتۇق.

ئوغۇللار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەلىكە ئىككىمىز ياتاقتا بىرەر چىنە چاي ئىچىپ يەنە تانسا بولۇۋاتقان كۇلۇبقا باردۇق.

تانسا ئەتىگەن سائەت بەشلەر بىلەن تامام بولدى. بىرەر سائەت ئۇخلىغاندىن كېيىن مەن ئۆيگە قايتىپ بىز مۇزاكىرىلەشكەن شەرقىي تۈركىستان تارىخى ھەققىدە مەندە بار بولغان ئوقۇش كىتابىنى ئېلىپ كەلدىم.

ئۇ كىتابنىڭ باش قىسىملىرىدا بالىلار ئۈچۈن قوشاق، شېئىرلار ۋە ھېكايە، تەمسىللەر بولۇپ، ئاخىرقى قىسىملىرىدا شەرقىي تۈركىستان تارىخى قىسقىچە بېسىلغان ئىدى.

تاتار مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا تارىخ دەرسى قىلىپ بىزگە شۇ كىتابتىكى تارىخنى ئوقۇتقان ئىدى.

ئابلېكىم بىلەن ئابلىز تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ بۇ ماتېرىياللارنى ئۆگىنىپ ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تارىخ ئۈستىدە ئىزدەنمەكچى بولدى.

مەلىكە ئىككىمىز بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ كەلمەكچى بولۇپ، نەنسەنگە يۈرۈپ كەتتۇق. قىشلىق تەتىلدىن قايتىپ كەلسەك، ئۇ ئىككىسى شۇ مەن بەرگەن كىتابنىلا ئۆگىنىپ تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، باشقا ماتېرىياللارنى تاپالماپتۇ. بىز مەكتەپلەر ئارا تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان بولساقمۇ لېكىن ھېچقانداق چوڭ ئىش قىلالمىدۇق. چۈنكى تۆتىمىزمۇ ئىش كۆرمىگەن تەجرىبىسىز ياشلار ئىدۇق. شۇڭا يەنە ئىچكىرىلەپ مۇزاكىرىلىشىشىمىزغا توغرا كەلدى. بىز تەشكىلاتنى يېڭى قۇرغاندا «بىز تۆتىمىز يادرو قىسمى بولۇپ تۇرۇۋېرىمىز، بۇندىن كېيىن قوبۇل قىلىنغانلار بىزگە زەنجىر شەكلىدە باغلىنىشى كېرەك» دەپ مۇزاكىرىلەشكەن ئىدۇق. لېكىن بۇ تەشكىلات قۇرۇلغان بىر ئايدىن بۇيان بىرەر چوڭ ئىش قىلىنمىغان ئىدى. شۇڭا بىز قايتا ئويلىشىش، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق «بىز بېشىمىزدىن ھېچ ئىش ئۆتمىگەن، جەمئىيەتتە ئىشلەپ كۆرمىگەن، پەقەت ئوقۇغۇچىلىق ھايات بىلەنلا ياشاپ كېلىۋاتقان ياشلار بولغاچ بۇ ئىشلارنى باشقۇرۇپ ھۆددىسىدىن چىقىشىمىز تەس ئوخشايدۇ. شۇڭا يادرو قىسمىنى بىر ئاز كېڭەيتىشىمىز كېرەككەن» دېگەن قارارغا كەلدۇق. ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشتا بىزدىن چوڭراق، جەمئىيەتتە خىزمەت قىلىپ كۆرگەن تەجرىبىلىك، بىلىملىك، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئادەملەر بولۇشى كېرەك، دەپ تۆتىمىز بىرىنچى بولۇپ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن ئەھمەد توختىنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىشقا تاللىدۇق. چۈنكى ئەھمەد ئاكا 33 ياش بولۇپ، بۇرۇن تېببىي تېخنىكومدا ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن ھەم تەجرىبىلىك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىنمۇ تولۇق خەۋىرى بار، ئىشەنچلىك كىشى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ قارارنىڭ قارار باشلىقى ۋە كوممۇنىست پارتىيىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، كۆز قاراشلاردا بىزلەردىن يىراق ئەمەس دېگەن ئاساستا ئۇنى تەستىقلىدۇق.

يەنە بىرسىگە غوپۇرنى كۆرسەتتۇق. چۈنكى غوپۇر جەمئىيەتتە ئىشلەپ كۆرمىسىمۇ ئېغىر بېسىق، تەمكىن، كەم سۆزلۈك دەپ مۇشۇ ئىككى ئادەمنى قوبۇل قىلىش نىشانى قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن غوپۇرغا ئابلىز بىلەن ئابلېكىم سۆز ئاچماقچى بولدى. ئەھمەد ئاكىغا مەلىكە ئىككىمىز ئېيتىپ كۆرمەكچى بولدۇق. شۇ كۈنىلا مەلىكە ئىككىمىز ئەھمەد ئاكىنى دەرس ئوقۇيمىز دەپ سۆڭەك بۆلۈمگە باشلاپ باردۇق. ئەھمەد ئاكىنىڭ ئايالى مەريەم ھەدە كورلا تېببىي تېخنىكومدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيتتى. مۇشۇ ئىككى ھەپتىلىك قىشلىق تەتىلدە كورلىغا ئايالىنىڭ يېنىغا بېرىپ يېڭى قايتقان ئىدى. بىز ئەھمەد ئاكىدىن ئايالىنىڭ ھالىنى سوراپ ئاندىن كورلىدىكى خەلق تۇرمۇشى ۋە ۋەزىيەت ھەققىدە سوراشتۇرۇپ، سۆزنى ئاستا ـ ئاستا ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەرەپكە يۆتكەپ خېلى قايناشتۇق. ئاخىرى بىز ئەھمەد ئاكىغا سۆزنى ئوچۇق قىلىپ:

ــ ئەھمەد ئاكا، بىز مۇشۇنداق جىم يۈرۈۋېرىمىزمۇ؟ بىرەر تەشكىلات قۇرۇپ، ئۆزىمىز ئەمەلىي بىر ئىش قىلساق بولمامدۇ؟ دېدۇق.

ئەھمەد ئاكا ھەيران بولغان ھالدا بىر ماڭا بىر مەلىكىگە قاراپ، بىزنىڭ بۇنداق كۈتۈلمىگەن سۆزنى قىلىشىمىزدىن ھودۇقۇپ قالغاندەك ئولتۇرۇپلا قالدى.

ــ بىز ئۈچىمىزنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ ئۇنىڭدىن ئوقۇشىمىزنى تىنچ ئامان پۈتتۈرۈپ قايتايلى، دېدى.

بىز قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئابلېكىم بىلەن ئابلىزغا دېدۇق.

ــ بەلكى سىلەرنىڭ گېپىڭلاردىن ئويلىنىپ قالغاندۇ، ئەمدى بىز سۆزلىشىپ باقايلى، بەلكى ماقۇلمۇ بولۇپ قالار، دېدى ئۇلار.

ئەتىسى كەچتە ئۇلار ئەھمەد توختىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە بىز دەرستە ئولتۇرساق كىچىك بىر پارچە قەغەزنى ئالدىمىزغا قويۇپ قويدى. قەغەزدە: «خوش خەۋەر، بىز ئالتە بولدۇق» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

دەرستىن كېيىن ئابلېكىم، ئابلىز، مەلىكە ۋە مەن تۆتىمىز بۈگۈن تەشكىلاتىمىزنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر ئايلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ئىككى يىگىگە ئەزانى رەسمىيلەشتۈرەيلى دېگەن قارارغا كېلىپ ئورۇن جاي ۋە ۋاقىتنى بەلگىلەپ ئالدۇق.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن مەن بالدۇر بېرىپ فىزىكا گۇرۇپپىسىنىڭ تەجرىبىخانىسىغا كىرىپ ئىچىدىن تاقاپ ئىگىلەپ ئولتۇردۇم ۋە بارلىق نەرسىلەرنى ھازىرلاپ قويۇپ باشقىلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ دەرس تەييارلاپ ئولتۇراتتىم، ئىشىكنى چېكىپ غۇپۇر كىرىپ كەلدى.

غۇپۇر مېنىڭ بۇ تەشكىلاتتا بارلىقىمنى بىلمەيتتى. شۇڭلاشقا ئىشىكتىن كىرىپ تۇرۇپ قالدى. مەن غۇپۇرنىڭ مەندىن ئېھتىيات قىلىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ:

ــ كېلىڭ غۇپۇر، كېلىڭ، دەرس تەييارلايمىز، دېدىم.

ــ نېمە دەرس تەييارلاۋاتىسىز؟ سورىدى غۇپۇر ئاستا مېڭىپ كىرىپ.

ــ بۈگۈن ئۆتكەن دەرسلەرنى تەكرارلاۋاتىمەن.

شۇنىڭ بىلەن غۇپۇر ئىككىمىز ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. كۆپ ئۆتمەي باشقىلارمۇ يېتىپ كەلدى. ئەھمەد ئاكا بىزنى كۆرۈپ ئابلىز، ئابلېكىملارغا سوئال

نەزىرىدە قارىدى. ئۇ ئىككىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ بىزنىڭ ئادەملىرىمىز، دېدى.

ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. غۇپۇر ئۆزىنىڭ قورققانلىقىنى ۋە خاتا بۆلۈمگە كىرىپ قالدىمۇ نېمە؟ دەپ ئەنسىرىگەنلىكىنى ئېيتىپ تۇراتتى، ئىشكتىن مەلىكە كىرىپ كەلدى.

ــ بۇمۇ ھەم بىزنىڭ ئادەم! دېيىشىپ بىرەر قۇر كۈلۈشۈپ، چاقچاق پاراڭلاردىن كېيىن، بىز ئۇلارغا ئۆتكەندە مۇزاكىرىلەشكەن نەرسىلەر ئۈستىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەردۇق ۋە ئۇلارنىڭمۇ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، كۆز قاراش، پىكىردە بىز بىلەن ئوخشاش بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ ئەزالىققا قوبۇل قىلدۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز داۋاملىق يىغىنلار ئۆتكۈزۈپ تەشكىلات نامى، بايرىقى، پروگراممىسى، نىزامنامىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى يېزىشقا ئوخشاش نەرسىلەرنى مۇزاكىرىلەشتۇق.

1 -پارتىيە (تەشكىلات) نامى

تەشكىلاتقا مۇۋاپىق ئىسىم قويۇش ئۈستىدە كۆپ تالاش ـ تارتىشلار قىلدۇق. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» دەپ ئاتايلى دەپ ئابلىز ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىسمغا نىسبەتەن پىكىر بىرلىككە كەلمىدى. چۈنكى ئىسلام سۆزىنى قوشساق بۇنىڭغا «پانىسلامىست تۈركىستان» دېگەن قالپاق كىيگۈزىدۇ. شەرقىي تۈركىستان دېگەن نام ئۈچۈن «پانتۈركىست» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزىدۇ. بۇ توغرۇلۇق غۇلجىدا بولغان «راخمانوف گۇرۇھى» دېگەن نامدىكى ۋەقەنى مەلىكە سۆزلەپ بەردى. ھەممىمىز ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدۇق. ئۇ مۇنۇلارنى دېدى:

راخمان كىچىك ئاپامنىڭ قېيىن ئىنىسى ئىدى. ئۆزى بەكمۇ قاملاشقان، قاۋۇل، ئەقىللىق، ئۆتكۈر يىگىت ئىدى. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن غۇلجىدا «پانتۈركىسزم» غا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ دىنىي ئۆلىمالارنى تۇتۇپ ئاتتى. مانا شۇ ۋاقىتتا پانتۈركىسزم تەشكىلاتى راخمانوف توپى دەپ ياش ـ ياش يىگىتلەرنى قولغا ئېلىپ ئېتىپ تاشلىدى. راخمان سەھرادىكى ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوشۇرۇنغان، ھەدىسىنىڭ ئېرى ئۇنى سەي ئورىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئورىنىڭ ئاغزىغا ئىتنىڭ كاتىكىنى جايلاشتۇرۇپ، راخماننى بىر ئايدىن ئارتۇق ساقلىغان ئىكەن.

ھۆكۈمەت ھەدىسىنىڭ يولدىشىنىڭ كەينىگە ئادەم سېلىپ قويۇپ ماگىزىنىدىن تاماكا ئېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ «بۇ ئادەم تاماكا چەكمەيتتى، نېمە ئۈچۈن تاماكا ئالىدۇ، بەلكى

راخماننى مۇشۇ ئادەم يوشۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ گۇمان قىلىپ، كەينىگە كىرگۈزگەن ئادەمنى كۆپەيتىپ ئاخىرى راخماننى «پانتۈركسىزمچىلار» نىڭ باشلىقى دەپ گۇناھسىز تۇتۇپ كېتىپ ئاتقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك ئادەملىرىنى «پانتۈركسىزمچى راخمانوف تەشكىلاتى»دىكى ئادەملەر دېگەن بانا بىلەن تۇتۇپ، بۇ ئىش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئادەملەرنى قولغا ئېلىپ يوقىتىۋەتتى.

شۇنىڭدىن بۇيان خەلق ئېڭىدا پانتۈركىزمچى دېگەن سۆز شىنجاڭنى تۈركىيىگە سېتىپ بەرمەكچى دېگەن كۆز قاراش ئورناپ قىلىپ، خەلقنىڭ ئۆزى پانتۈركىزمچى دېگەن ئاتىغا قارشى بولۇپ قالدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دىنىي ئادەملەرگىمۇ شۇنداق كۆز قاراشتا قارايدۇ، دېدى.

مەلىكىنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئىچىمىز سىرىلىپ، دېمىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپلا كەتتى.

2 ـ تەشكىلات نامىغا قارىتا «شەرقىي تۈركستان ئۇيغۇر پارتىيىسى» دېگەن نام ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭغا ھېچكىم قوشۇلمىدى. چۈنكى بۇنىڭغا تەييار كىيگۈزىدىغان «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپىقى بار ھەم شەرقىي تۈركستاندا يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىلا ياشىمايدۇ، باشقا نۇرغۇن تۈركى مىللەتلەر ياشايدۇ. ئۇنداق دەپ ئاتىساق مىللىي ئىتتىپاقلىققا تەسىر يېتىشى مۇمكىن. تۈركستان دېگەن سۆز تۈركى مىللىتى ھەم ئىسلام دىنىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تەشكىلات نامى توغرۇلۇق نۇرغۇن ئىسىملارنى ئويلىشىپ، ئاخىرى شەرقىي تۈركستان خەلقى ئاقكۆڭۈل، مېھنەتكەش، ئەمگەك سۆيەر، جاپاكەش خەلق، شۇڭا پارتىيە (تەشكىلات) نامىنى «شەرقىي تۈركستان مېھنەتكەش خەلق پارتىيىسى» دېگەن ئاتقا ھەممىمىز قوشۇلدۇق.

تەشكىلات نامىنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن، بىز يەنە بۇندىن كېيىن قاتتىق دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

بىز ھەر بىر نەرسىگە قاتتىق دىققەت قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى ياخشى كۈننىڭ يامىنى كەلگەندە بىزنىڭ مۇشۇ قۇرغان تەشكىلاتىمىزنىڭ ئۆزى خەلققە زور تەسىر رولىنى ئوينايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنى «مۇستەقىللىق ئۈچۈن قۇرۇلغان سىياسىي قىياپەتتىكى پارتىيە» دەپ بىلسۇن، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن خەلق كۆڭلىگە تەسىر قىلىشى ۋە خەلقنى ئويغىتىش مۇمكىن دېگەن نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

ئەمدى پارتىيە بايرىقى ئۈستىدە توختالدۇق. كۆپ تالاش ـ تارتىشلار بولدى.

بايراقنىڭ بەلگىسى ئاي يۇلتۇز بولسۇن دېگەن سۆزدە ھەممىمىز بىرلىككە كەلدۇق دەپ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق بولدى. بايراقنى ياساپ چىقىش ۋەزىپىسى ماڭا تاپشۇرۇلدى.

ئەمدى پارتىيە پروگراممىسى تۈزۈپ چىقىش ئۈستىدە نۇرغۇن يىغىنلار ئۆتكۈزۈپ مۇزاكىرىلەشتۇق. پروگراممىنى يېزىپ چىقىش ۋەزىپىسى ئەھمەد توختىغا تاپشۇرۇلدى. كۆپ قېتىملىق مۇزاكىرىدىن كېيىن كىرىش سۆزنى يېزىپ چىقتى. كىرىش سۆزىدە:

ئومۇمەن ھازىرقى ھاكىمىيەتنىڭ ماھىيتى تولۇق ئاشكارا قىلىپ چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن خەلقىمىزگە مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن مىللىي ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكى مۇراجىئەت قىلىنغان ۋە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تارىخى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان.

«شەرقىي تۈركىستان مېھنەتكەش پارتىيىسى»نىڭ مەقسەت، يۆنىلىش پىلانلىرىنى چوڭ ـ چوڭ تېمىلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇزاكىرىلەشتۇق. ئاندىن شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى يەكۈنلەپ، ئۆزگەرتىلمىگەن ھەقىقىي تارىخنى توغرا يېزىپ چىقىشنى قارار قىلدۇق.

مىللىي مۇستەقىللىق ھەققىدە پاكىتلىق ماتېرىياللارنى تېپىپ خۇلاسىلەپ يېزىشنى پىلانغا كىرگۈزدۇق.

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تارىخى ۋە مىللىي مۇستەقىللىقىغا ئائىت ماتېرىياللارنى تېپىش مەن، مەلىكە، ئابلېكىم ۋە ئابلىزلارغا تاپشۇرۇلدى. پۈتۈن ماتېرىياللارنى خەت ـ چەك ۋە پۇللارنى ساقلاش ماڭا تاپشۇرۇلدى. تەشۋىق قىلىش ۋە توختىماي ئىزدىنىش پىلانغا كىرگۈزۈلدى.

بىرىنچى ماي بايرىمىمۇ يېقىنلاشتى. بايرامنى قانداق ئۆتكۈزىمىز دېگەن نەرسە ئۈستىدە توختىلىپ: ھەممىمىز بۇ كۈننى «شەرقىي تۈركىستان مېھنەتكەشلەر پارتىيىسى»نىڭ تەشۋىق ۋاراقلىرىنى خەلققە تارقىتىپ، ئاممىغا ھازىرقى ھاكىمىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، خەلقنى مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە چاقىرىمىز دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق ۋە ھەممىمىز بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدۇق.

خەلققە تارقىتىدىغان قەغەزنى ماشىنا بىلەن بېسىپ چىقىرىش كېرەك ئىدى. بىراق قانچە ئويلاشساقمۇ بۇنىڭغا ئامال بولمايۋاتاتتى. چۈنكى شۇ ۋاقىتلاردا ماشىنكىلار يېڭى چىققان بولۇپ، چوڭ ئىدارە ئورۇنلاردىن باشقا شەخسلەرنىڭ سېتىپ ئېلىشى مۇمكىن

ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا پەقەت ئامال بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن شىفىگراق ئارقىلىق يېزىپ چىقماقچى بولدۇق. لېكىن شۇ ۋاقىتلاردا شەھەر بازىرىدا پۈتۈن نەرسە نورمىلىق بولۇپ، ھەتتا نورمىغىمۇ بىرەر نەرسە تېپىپ سېتىۋېلىش قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاپىگراق دېگەن نەرسىنى بىرەرسىمىزمۇ ياخشى بىلمەيدىكەنمىز. شۇنداق بولسىمۇ بىرەر ئامال قىلىپ شاپىگراق بىلەن يازىمىز دەپ ئۇنى سېتىپ ئېلىشنى قارار قىلدۇق. بىزدە پەقەت ئەزالىق بەدىلىدىن يىغىلغان ئون بەش يۈئەن پۇل بار ئىدى. بۇ پۇلغا ھەم قەغەز ۋە شاپىگراق سېتىۋالماقچى بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بەلگىلىمە بويىچە ئەتىسى مەلىكە ئىككىمىز دەرسنى تاشلاپ شەھەرگە شاپىگراق ئىزدەپ كەتتۇق. پۈتۈن دۇكانلارنى ئىزدەپ شاپىگراق تاپالمىدۇق. بەزى دۇكانلاردا بار ئىكەن بىراق مەكتەپ ياكى ئىدارە، تەشكىلى ئورۇنلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن سېتىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈن پۈتۈن ئۈرۈمچىنى ئىزدەپ شاپىگراق سېتىۋالالماي، قورۇق قول مەكتەپكە قايتىپ كەلدۇق. ئەمدى مۇمكىن بولمىسا باسما قەغەز ئارقىلىق بېسىپ بولسىمۇ چىقىرايلى دېگەن ئويغا كېلىپ بىر كوروپكا قارا قەغەز سېتىۋالدۇق.

تەشۋىقات تارقىتىش ئورۇنلىرىنى ۋە كىملەر قەيەرلەرگە تارقىتىشنى بەلگىلەپ چىققان بولساقمۇ، لېكىن تەشۋىقات قەغەزلىرىنى قول بىلەن يېزىپ چىقىش ئانچە ياخشى ئۇسۇل ئەمەس ئىدى.

كۈچىمىز ئاز، ئىقتىسادىمىز يوق بۇنداق شارائىتتا بۇنداق چوڭ ئىشنى قىلىش تەس ئوخشايدۇ. كېلەر يىلى قىلساق بولارمىكىن، ياخشى تەييارلىق قىلىپ، بىر ئاز ئىقتىساد توپلاپ، بالدۇرراق باشلارمىز دېگەن پىلان بىلەن ماي بايرىمىدا تەشۋىق قىلىشنى توختاتتۇق.

بايرامدىن كېيىن دائىرىنى كېڭەيتىش كېرەك، دەپ ئەزا قوبۇل قىلىش ئۈستىدە مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈلدى. مەن ساجىدەنى كۆرسەتتىم. قاراردا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ساجىدەنى تەربىيىلەپ قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسى ماڭا تاپشۇرۇلدى.

ساجىدە ئىككىمىز بىر ياتاقتا ياتقانلىقىمىز ئۈچۈن كۆڭلىمىز يېقىن ئىدى. دەسلەپتە ئېھتىيات بىلەن سۆزلەشسەممۇ لېكىن بىر ـ بىرىمىز بىلەن شۇنداق تېز چىقىشىپ كەتتۇق. بارغانسېرى ئىشەنچلىك ئوچۇق سۆزلىشەلەيدىغان بولدۇق. ئاخىرى ئۇنىڭمۇ بىز بىلەن ئوخشاش پىكىردە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز ئوچۇق سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە مۇۋاپىق بىر ۋاقىتنى تېپىپ رەسمىيەت ئۆتەپ ئەزالىققا قوبۇل قىلماقچى بولدۇم. لېكىن كېيىن ئېچىلغان يىغىننىڭ قارارى بويىچە ساجىدەنى

ئابلىز ئەزالىققا قوبۇل قىلىپ، تۇرنسانى تەربىيىلەپ قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسى ماڭا تاپشۇرۇلدى. غۇپۇرغا خالىدىنى، ئابلىكىمغا ئابلەيىنى تەربىيىلەپ ئەزالىققا قوبۇل قىلىش تاپشۇرۇلدى.

ئابلىكىمنىڭ ئابلەيىنى قوبۇل قىلىشىغا مەن قوشۇلمىدىم. چۈنكى ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بىر ئاز زىددىيەت بار ئىدى. بۇ توغرىدا ئابلەي ماڭا دەپ بەرگەن ئىدى. لېكىن مېنىڭ پىكرىم رەت قىلىندى.

يەنە ئەزا قوبۇل قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى ئوقۇغۇچىلاردىن سىرت كادىرلار ۋە باشقىلاردىنمۇ سىناپ كۆرسەك، ئەگەر بىز ئويلىغان ئىش كېلىپ ـ چىقسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن پىكرنى ئابلىز ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق ئەھمەد ئاكا ئابلىزنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىدى.

ــ بۇنداق ئۇرۇنۇش خەتەرلىك، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تۇتۇپ بەرگەندىن باشقا گەپ ئەمەس، دېدى ئەھمەد ئاكا.

لېكىن ئابلىز ئۆز پىكرىنى قوللاپ بىزگە تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

ــ بۇ ئىشنى بىز ئۆزىمىز ئىشلىمەيمىز، مانا ھازىر دوختۇرخانىدا يازغۇچى ئەلقەم ئەختەم داۋالىنىپ يېتىپتۇ. ئۇ ئادەم ۋاھىتلار بىلەن بىر يەرلىك، غۇلجىدىن بۇ ئىشقا ۋاھىتنى سېلىش كېرەك. ھال سوراپ كىرگەن بولۇپ، ئۇياق ـ بۇياقتىن سۆز ئېچىپ چېكىپ باقسۇن، مانا شۇنىڭدىن بىلىمىز.

ۋاھىتنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق ئىزدىنىپ يۈرگەنلەرنىڭ بىرى، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋىتى يوق. ۋاھىتنى سېلىپ كۆرۈش كېرەك. مېنىڭ ئويلىشىمچە ئۇ ئادەممۇ يازغۇچى بولغاندىكىن كۆزى ئوچۇق، ھەقىقەتنى كۆرەلەيدىغان، خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر كىشى دەپ ئويلايمەن، بۇ ئىشنى ماڭا قالدۇرۇڭلار.

ئابلىز شۇنداق دەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى.

ــ رەئىس ئىمىنوف قانداقراق ئادەمدۇ؟

ئابلىكىم بۇ سوئالنى خۇددى تۇيۇقسىز بىر نەرسە تېپىۋالغاندەك ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ھەممىمىزگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

ــ شۇ ئادەم بىلەن بىر ئۇچرىشىپ كۆرگەن بولساق دەيمەن.

ئەھمەد توختى ئاچچىقلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

ـ سلەر نېمە ئويلايسلەر؟ بۇ ئىشتا ئالدىراپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئىمىنوف قانداق ئادەم، بىلەمسلەر؟ ئۇ غۇلجا ۋەقەسىدە خەلقنى ئېتىش ئۈچۈن كوماندا بەرگەن. خەلقتە نېمە گۇناھ؟ ئىمىنوفقا ھازىرچە ئېغىز ئاچماي تۇرۇش كېرەك.

ئەھمەد توختى ئىمىنوف توغرۇلۇق بىلىدىغان بەزى ۋەقەلەرنى بىزگە سۆزلەپ بەردى. گۇناھسىز ئاياللار ۋە بالىلار، ياشلار ۋە چەتتە قاراپ تۇرغان كىشىلەر ھۆكۈمەت ئالدىغا ئۆز تەلەپلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلگەندە، شۇ خەلقنىڭ ھەممىنى قىرىپ تاشلىغان. شۇ ۋاقىتتا نەچچە ئادەم ئۆلدى بىلەمسلەر؟ نۇرغۇن، نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلدى. ئىسسىق قان سۇدەك ئاقتى. بىر قانچە مىنۇت ئىچىدىلا ھەربىيلەر ئۆلۈكلەرنى ئوبلاستنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، بېسىقتۇرۇلدى. ئارقىدىنلا بىر پولك خەنزۇ ساقچىلار كېلىپ كوچىلاردىكى قانلارنى يۇيۇپ تازىلاپ، ھېچ قانداق ئىز قالدۇرمىدى. شۇ كۈندىكى ۋەقەنى كۆرگەنلەرنىڭ يۈرىكىدە بىر ئۆچمەس ئازاب دىغى قالدى. بىچارە خەلق بۈگۈنگە قەدەر كىملەر ئۆلۈپ، كىملەر قالغىنىنى بىلمەيدۇ. كىملەر سوۋېتقا قېچىپ چىقىپ كەتتى. كىملەر ئوبلاست ئالدىدا قانلىق قىرغىندا ئۆلدى. يەنە كىملەر قاراڭغۇ تۈرمىگە كەتتى؟ ھېچ كىم بىلمەيدۇ.

ئەھمەد ئاكا سۆزلىگەندە ئاچچىقىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى جۇغۇلداپ تىترەپ كەتتى.

ئابلېكىم دېگەن سۆزىدىن خىجىل بولۇپ، قورۇپ كەتسۇن ئۇ ئىمىنوف، مەن بۇنى ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن، ئۇ بىر ۋەھشىي ئادەمكەنغۇ؟! دېدى. خەلق بېشىغا ئېغىر كۈلپەتنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ساتقىن، خائىنلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ باش لىڭشىتتى، ئەھمەد توختى.

مۇنازىرىلەر ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، سائەت ئون ئىككىلەر بىلەن چوڭقۇر ھاياجان ۋە ھېس ـ تۇيغۇلار ئىچىدە ياتاققا قايتىپ كەلدۇق.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ۋاھىتنىڭ ئەلقەم ئەختەم بىلەن ئۇچراشقان خەۋىرىنى ئابلىز ھەممىمىزگە يەتكۈزدى.

ۋاھىت كىرىپ ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن ھاللىشىپ سۆزلەشكەندىن كېيىن، گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى ھازىرقى ۋەزىيەت ئەھۋاللىرىنى، خەنزۇ خەلقنىڭ كۆپلەپ كېلىشىنىڭ ئاپەتلىكىنى ۋە كەلگۈسى تۇرمۇشىنى سۆزلىگۈچە ئەلقەم ئەختەم ۋاھىتقا ۋارقىراپ «شىنجاڭ خەلقى خەنزۇ خەلقىسىز ياشىيالمايدۇ، شىنجاڭ جۇڭگودىن ئايرىلسا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە يەم بولىدۇ، سىز تولا بۇنداق ئىشلارغا باش قاتۇرماي، سىڭگەن نېنىڭىزنى يەپ، ئوقۇشىڭىزنى ئوقۇڭ، بولمىسا مەن سىلەرنى مەكتەپ تەشكىلىگە دەيمەن»

دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاھىت ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئوقۇغۇچىلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەر قېتىم ئەلقەم ئەختەمنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە «خائىن»، «ۋەتەن ساتقۇچى خائىن»، «يالاقچى»، «خىتايپەرەس»... دەپ تەنە قىلىپ ئۆتەتتى.

بۇ ئەھۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەكتەپ تەشكىلى تەرىپىدىن ئوقۇغۇچىلارغا يىغىن ئېچىلدى. بۇنداق ئەھۋال، بۇنداق سۆزلەر مەكتەپ تەشكىلىگە كۈندە دېگۈدەك خەۋەر قىلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش يىغىنى ئاچىسمۇ ئانچە بەك تەسىرى بولۇپ كەتمەيتتى. بۇگۈنكى يىغىندىمۇ ۋاھىت بىلەن ئەلقەم ئەختەم ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىنى سۆزلەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى.

ئەمدى ئابلىكىمنىڭ ئابلەيىنى قوبۇل قىلىشىدا ئابلەي، ئابلىكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تەشكىلاتقا قاتنىششىنى قوبۇل قىلىپ، بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن رەسمىيەت ئۆتەشنىڭ ئالدىدا يالتىيىۋالدى.

بۇ ئىش ئۈچۈن ئابلىكىمنى تەشكىلاتىمىز تەشكىلات ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەزا قوبۇل قىلىشتىن ۋاقىتلىق توختىتىپ قويدى. تەشكىلاتتىكىلەر ئابلەيىنى تەشكىلاتىمىزنى پاش قىلىپ قويىدىغان بولدى دەپ قاتتىق ئەنسىرەشتى ۋە ئابلەيىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن مېنى بەلگىلەپ قويدى. چۈنكى مەن ئابلەي بىلەن بىر گۇرۇپپىدا بولغاچ ئۇنى ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان پۇرسىتىمىز كۆپ ئىدى. شۇڭا مۇۋاپىق شەخس مەن بولدۇم ھەم باشقىلارمۇ كۆز، قۇلاق بولۇپ تۇرىدىغان بولدى.

ئەگەر بۇ ئىشنى ئابلەي مەكتەپ تەشكىلى ياكى باشقا ئورۇنلارغا پاش قىلىپ قويسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېغىر بولاتتى. لېكىن مەن ئابلەيىنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. چۈنكى ئۇمۇ بىز بىلەن ئوخشاش پىكىردە ئىدى. ھەر ۋاقىت مېنى كۆرسە، جەمىيەت، ۋەزىيەت خەلق تۇرمۇشى ۋە خىتايلار توغرىسىدا قايناپ سۆزلەيتتى. «مىللىي يۈرىكى بولسىمۇ پەقەت شۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىپ ئەزا بولغۇسى يوق ئوخشايدۇ، ئابلەي ئۇنداق ئەسكىلىكنى قىلمايدۇ» دەپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدىم.

6 ـ ئاينىڭ بېشى، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن ياتاقداشلىرىم ياتاقتا يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياتاقلارنى يۈيۈپ، تازىلاپ چىرايلىق قىلىپ رەتلەپ چىقتىم. ئۈستەل ئۈستىگە ئۆزۈم ئۆستۈرگەن ئىككى تەشتەك گۈلۈمنى قويدۇم. گۈللەرمۇ شۇنداق چىرايلىق ئېچىلغان ئىكەن، ياتاققا باشقىچىلا ھۆسن قوشتى. تەشكىلات بايرىقىدىن ئىككى بايراقنى ئىككى تەشتەككە سانجىپ قويدۇم. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي مۇستەقىللىق

ئىنقىلابىنى داۋاملاشتۇرىمىز دېگەن مەقسەتتە تۇرنىسا قول كۆتۈرۈپ قەسەم قىلىپ جەمىيەتكە رەسمىي ئەزا بولۇپ كىردى.

7 - ئايدا ساجىدە ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى. شۇ كۈندىن بىر نەچچە كۈن كېيىنلا مەكتەپتە تۇيۇقسىز چوڭ يىغىن ئېچىلدى.

بىزنىڭ مەكتەپكە ماشىنا بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، نېفىت ئىنستىتۇتى، 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ۋەكىل بولۇپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ مەكتەپنىڭ چوڭ زالىدا يىغىن بولدى. يىغىندا لاتىنى رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ باشلىقى ئەنۋەر جاكولىن دوكلات بەردى.

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، كۆمۈر كان ئىنستىتۇتى، 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، تېببىي ئىنستىتۇتى، پەنلەر ئاكادېمىيىسى بولۇپ، بىر قانچە ئورۇننىڭ قازاق ئوقۇغۇچىلىرى ئەكسىيەتچى تەشكىلات قورغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە كادىرلارمۇ بار. بىز بۇلارنى قولغا ئالدۇق» دەپ قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئوقۇپ چىقتى. بۇلار: ئورۇنباي، ئەلمىقان، ئۆركۈنبەك، ئاتمىشبەك دېگەن ئىسىمدىكى كىشىلەر ئىدى.

ئورۇنباي بىزنىڭ مەكتەپنىڭ 2 - قارار ئوقۇغۇچىسى، ئەلمىقان بىزنىڭ مەكتەپنىڭ فىزىكا كافېدراسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى.

ئۆركۈنبەك سوۋېتتە ئوقۇپ كىرىپ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەيتتى.

ئاتمىشبەك 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بۇلار بىر قانچە ئون ئادەم غۇلجا، چۆچەك، ئالتاينى يەنى ئۈچ ۋىلايەتنى سوۋېتقا قوشۇپ، قازاق دۆلىتى قۇرماقچى بولغانلىقىنى دوكلات قىلىپ، ئۇلارنى «ۋەتەن خائىنى»، ۋەتەننى ساتماقچى بولغان ئەكسىلئىنقىلابچى، مىللەتچى خائىنلار» دەپ تەنقىدلىدى.

پۈتۈن زال سۈرلۈك ۋە كۆڭۈلسىز بولۇپ، زالنىڭ ئىچى قاتتىق جىم بولۇپ كەتتى. پۈتۈن ئادەم مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى، ھەتتا يۆتىلىشكە ۋە سۆزلىششكىمۇ پېتىنالماستىن تىپ - تىنچ ئولتۇراتتى.

دوكلاتتىن كېيىن ھەر ئادەم ئۆز مەكتەپلىرىگە ئۆز گۇرۇپپىلىرىغا قايتىپ بىر ھەپتە دەرس توختىتىپ ئۇلارغا قارشى ئۆگىنىش قىلدۇق. ئۇلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى پۈتۈن كىشىگە چوڭ يوقىتىشتەك بىلىندى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئىككىنچى قارار ئوقۇغۇچىسى كامالبېكنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كوبەننى، كۆمۈر كان ئىنستىتۇتىدىن كەكەننى، 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن قالىنى قولغا ئېلىپ كەتتى.

# ئاۋغۇست

تەشكىلات يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، قازاق ئوقۇغۇچىلار ئىشلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈلدى. مۇزاكىرىدە، قازاق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەقسىتى توغرا مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىنى دېيىشتۇق. ئۇلار شىنجاڭنى بۆلۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇ توغرا پىكىر ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى شىنجاڭدىكى بارلىق تۈركى مىللەتلەر بىرلىشىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك. تۈركى مىللەتلەر ھەر ۋاقىت بۆلۈنمەي ئۆم ئۆتىشى كېرەك، بولمىسا يەم بولۇپ تۈگەيدىغان ئىش مۇقەررەر.

پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركى مىللەتلەرلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركى مىللەتلەر بىرلەشكەندىلا ئاندىن دۇنيادىكى ھەرقانداق كۈچ بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. بۆلۈنۈش بىزنى خارابلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن بىز ئۆز تەشكىلاتىمىزنىڭ خىزمەتلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردۇق. بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزدىمۇ يېتەرسىزلىكلەر كۆپ ئىدى. بىزدە تەجرىبىلىك، يېتىلگەن بىر رەھبەر يوق، ھەممىمىز تەجرىبىسىز ئوقۇغۇچىلار. يەنە بىر ئاجىز تەرىپىمىز بولسا، ئىقتىسادى كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلىقى ئىدى.

ئەگەر بىز يەنە ئەزا قوبۇل قىلىمىز دېسەك ھازىرغا قەدەر بىزنىڭ قارارنىڭ ئۆزىدىنلا سەكسەن پىرسەنت ئوقۇغۇچىنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىپ بولغان بۇلاتتۇق. باشقا قارارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئەللىك پىرسەنت ئەزا قوبۇل قىلالايتتۇق. بىراق ئەزا قوبۇل قىلىش بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايتتى. چۈنكى بىزگە ئىشنى توغرا يولدا ئېلىپ بارىدىغان، ئارقا تىرىكى بار بىرەر رەھبىرى كۈچ كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەزا قوبۇل قىلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، تەشۋىقات ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ ئېلىپ بېرىپ، يەنە كۈچلۈك تەشكىلاتلارنى تېپىشقا قارار قىلىندى.

بىزگە تەشكىلاتنى ياخشى ئېلىپ بارىدىغان بىر كۈچلۈك ئارقا تېرەك كېرەك ئىدى. مانا مۇشۇ مەزگىلدە ئابلىزنىڭ تېبىبي تېخنىكومدا ئىشلەيدىغان ماھىرە دېگەن تۇغقىنى سايوزىغا كۆچۈپ كېتىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەكتەپتىن قايتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال تەشكىلات يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مۇزاكىرىلەشتۇق ۋە شۇ ئايال ئارقىلىق زىيا سەمەدىگە بىر پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتمەكچى بولدۇق. ھەتتا يازىدىغان خەتنىڭ مەزمۇنىنىمۇ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەستىقلانغاندىن كېيىن ئابلىز ماھىرە بىلەن

سۆزلىشىپ باقماقچى بولدى. كېيىن ئابلىز بىزگە ماھىرەنىڭ «ماقۇل، مەن ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ بېرىمەن» دېگىنىنى يەتكۈزدى. ئاندىن بىز زىيا سەمەدىگە خەت يېزىش ئۈچۈن ئەھمەد ئاكا، مەن، مەلىكە ئۈچىمىز سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ ئەڭ ئاخىرىدا بۆلۈمنىڭ چوڭ سىنىپىغا كىرىپ خەتنى يازدۇق. خەتنىڭ مەزمۇنى بولسا: «بىز شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قولىدىن ئازات قىلىش مەقسىتىدە تەشكىلات قۇرۇپ ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، بىز ئۈچۈن كۈچلۈك ئارقا تېرەك، تەجرىبىلىك، پۇختا يېتەكچى رەھبەر كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا موھتاجىمىز. گەرچە سىلەر يىراقتا بولساڭلارمۇ بىزگە يېتەكچى ۋە مەسلىھەتچى، ئارقا تېرەك بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. ۋاقتى كەلگەندە بىزگە كېرەكلىك قورال ـ ياراق ۋە ئىقتىسادى جەھەتتە ياردەم قىلىشىڭلارنى سورايمىز...» دېگەن مەزمۇندا يېزىلدى.

كېيىن بىز ماھىرەنىڭ ئۇ خەتنى زىيا سەمەدىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق.

لېكىن زىيا سەمەدىدىن ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىدى. ئۇ خەتنىڭ ئۈچۈرىنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كۈتتۇق.

62 ـ يىلىدىكى غۇلجا ماي ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىرەر تەشكىلاتنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن بولدىمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن ھەر ۋاقىت شۇ تەشكىلاتنى تېپىپ شۇلار بىلەن بىرگە ئىشلىسەك دېگەن ئۈمىد بىلەن كەلدۇق.

يازلىق تەتىلمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ تەتىلدە ئەھمەد توختى، ئابلېكىم، ئابلىز، غۇپۇر، مەلىكە غۇلجىغا قايتقاندا تەشكىلات توغرۇلۇق ئىزدىنىپ باقىدىغانلىقىنى دەپ كەتكەن ئىدى. مەنمۇ ھېچ بولمىغاندا بىرەرسى بولسىمۇ بىرەر خەۋەر ياكى بىرەر ماتېرىيال تېپىپ كېلەر دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. لېكىن ئۇلار تەتىلدىن قايتقاندا ھېچ نېمە تاپالماي قايتىپتۇ. مېنىڭ ئۇلاردىن كۈتكەن چوڭ ئۈمىدلىرىممۇ يوققا چىقىپ، ئۆزۈم بىر خىل كۆڭۈلسىز بولدۇم.

62 ـ يىلى چۆچەك ۋەقەسى بولغاندا، چۆچەكتىن قىرىق نەچچە مىڭ ئادەم ئۆي ـ جاي، مال ـ مۈلۈك ۋە بارلىقىنى تاشلاپ چېگرىنى بۇزۇپ سوۋېتقا قېچىپ كەتتى. پۈتۈن چۆچەك شەھىرى ۋە ھەتتا دۆربىلجىن يېزىسىغا قەدەر ئارىلىقتىكى يېزىلاردا بىرمۇ ئادەم قالمىدى. پۈتۈن چۆچەك ئادەمسىز جىمجىت قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن غۇلجىدا ماي ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلدى. مەكتەپتە بولسا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا غۇلغۇلا

كۆتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ئوچۇق سۆزلەپ نارازىلىق بىلدۈرۈشتى. لېكىن مەكتەپ تەشكىلى قاتتىق بېسىم بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوزغىلىشىنى توسۇپ قالدى.

شۇ كۈنلەردە، بىر كۈنى دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتىن قايتىپ سىنىپقا كىرسەك تۇرسۇن فەيزۇلىنىڭ پارتىسىنىڭ ئۈستىگە بىرسى: «تۇرسۇن، بىز خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئايرىلىپ ئوقۇشنى تەلەپ قىلغاندا سەن بىزگە قارشى چىقتىڭ، بىز غەلىبە قىلىپ ئايرىلىپ ئوقۇغاندا سەن يەنە يۈزۈڭنى داپتەك قىلىپ خەنزۇ سىنىپتا ئوقۇماي بىز بىلەن بىرگە مىللىي سىنىپتا ئوقۇدۇڭ، ئەمدى چۆچەك خەلقى قېچىپتۇ، سەنمۇ نېمە ئۈچۈن قاچماي جىم تۇرسەن؟» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ قويۇپتۇ.

تۇرسۇن ئۇ خەتنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ: بۇ كىمنىڭ خېتى، كىم يازدى؟ دەپ ھەممىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرسىتىپ ۋارقىراپ يۈردى. گەرچە ئۇ خەتنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى بىلسەكمۇ ھېچكىم گەپ قىلمىدى. ئەكسىچە ھەممىمىز مۈرىمىزنى چىقىرىپ بىلمەس قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يۈرۈۋەردۇق.

تۇرسۇن ئۇ خەتنى كۆتۈرۈپ شۇ ۋاقىتتا مەكتەپ دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىپ دەم ئېلىپ ياتقان ئەنۋەر جاكولىنغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. چۈنكى تۇرسۇن ئەنۋەر جاكولىننىڭ ئايالى فاتىمە بىلەن تۇغقانچىلىقىنى پەش قىلىپ ئەنۋەر جاكولىننى ئۆزىنىڭ ئارقا تىرىكى قىلىپ ھەر بارغاندا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئۆزى بىلىدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

ئەنۋەر جاكولىن ئۇ خەتنى كۆرۈپ:

ــ بۇ ئاددىي يېزىلغان خەت بولماستىن، بەلكى بۇ بىرەر ئەكسىيەتچى گۇرۇھنىڭ ئىشى، بۇلارنى تاپماي بولمايدۇ، دەپتۇ.

شۇ خەت مۇناسىۋىتى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى مەكتەپكە بىر رازۋېدكا خادىمىنى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇ كىشى ئۆمەرجان ئىسىملىك بىر شەخس بولۇپ، ئۆزى ئورۇق، ئېگىز بوي كەلگەن قارا قاش، ئورا كۆزلۈك، ئالتۇن چىشلىق سۈزۈك چىراي ئادەم ئىدى.

بۇلار بىزنىڭ ئوقۇش تاشلاش ھەرىكىتىمىزدىن تارتىپ بىرەر كۈچلۈك تەشكىلات بارلىقىدىن گۇمان قىلىپ شۇنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى كەلگەن ئىدى. ئۆمەرجان مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئامانلىقنى ساقلاش ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شۇ خەتنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدە بىر ـ

بىرلەپ ئايرىم ـ ئايرىم سوراق ئېلىپ باردى. كېيىن ئۇ خەتنى رۇقىيە ئىلاجى يازغانلىقىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، رۇقىيەنى بىر نەچچە كۈن تەشكىلاتنى پاش قىل دەپ قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ سوراق قىلدى. ھەتتا ئۇنى ياتاققىمۇ كەلتۈرمەستىن شۇ سوراقخانىنىڭ ئۆزىدە ياتقۇزۇپ سوراق قىلدى.

رۇقىيە بۇرۇن ئۆپكە تۇبېركۇلىيوز كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ساقايغان ئىدى. شۇ جەرياندا ئۇنىڭ شۇ كېسىلى قايتا قوزغىلىپ يېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنىسى كېلىپ رۇقىيەنى غۇلجىغا ئېلىپ كەتتى.

رۇقىيە شۇ كېسەل بىلەن 66 ـ يىلى مايدا ئالەمدىن ئۆتتى. رەھمەتلىكنىڭ قىزىل گۈلدەك ياشلىق باھارى شۇ ئېغىر كېسەلنىڭ ئازابىدا خازان بولدى. (ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن شۇ رەھمەتلىكنىڭ، ئامىن!)

رۇقىيەدىن ھېچنەرسە چىقمىغاندىن كېيىن ئۇلار پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىنى بىزنىڭ قارارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرەر يوشۇرۇن تەشكىلاتتىن گۇمانلىنىپ تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

بىزمۇ ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈشنى داۋاملىق دىققەت بىلەن كۆزەتتۇق ۋە بىر ـ بىرىمىزنى ھەر ۋاقىت قاتتىق دىققەت قىلىشقا تەكىتلەيتتۇق. بۇ رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ ئادەملىرى ھەر ۋاقىت ھەر ئىشتا بىزنىڭ قارارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن كۆپرەك بىرگە بولۇپ، بىر ـ بىردىن چاقىرتىپ ئايرىم سۆھبەتلەشكەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئۇلار ھەر كۈنى كىم بىلەن قانداق سۆھبەت ئېلىپ بارغان بولسا بىزمۇ ھەم شۇ سۆھبەتتىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتۇق. نۇسرەت، پىدا، خەبىپ، كەرىمە، نۇرنىسا روزى، نۇرنىسا يۈسۈپلەر قوتۇر ئاكتىپلىق قىلىپ رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقماس بولدى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئاددىي بىر ئىشلارنىمۇ ئۇلار ئېقىتماي ـ تېمىتماي ئۇلارغا يەتكۈزۈپ تۇردى.

بۇ ئەھۋال بىزنىڭ تەشكىلات ئۈچۈن بىر چوڭ توسالغۇلۇق قىلىۋاتاتتى. شۇڭا ھەر قانداق ئىشنى ھەر ۋاقىت قاتتىق دىققەت بىلەن قىلىشقا توغرا كەلدى.

ساجىدەنى ئەزالىققا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تونۇشلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ شۇ كىشىلەر ئارقىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە يوشۇرۇن ساقلانغان ماتېرىياللار ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان تارىخى بارلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق. مۇمكىن بولسا شۇ تارىخىي كىتابنى تېپىپ ئوقۇپ كۆچۈرۈپ ئالساق دېگەن ئۈمىد بىلەن

بۇ ۋەزىپىنى ساجىدەگە تاپشۇردۇق. ساجىدەمۇ ئۇزۇنغا قالماي بۇ كىتابلارنى تېپىپ ئېلىپ كەلدى. بىز بۇ كىتابلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مەن، مەلىكە، تۇرنىسا، خەلىمە تۆتىمىز ياتاق بىناسىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ بالكونىدا ئولتۇرۇپ كىتابنى كۆچۈرۈشكە باشلىدۇق. چۈنكى بۇ جاي ئادەم كىرمەيدىغان تىنچ ھەم خالى جاي ئىدى.

بۇ كىتابنى كۆچۈرۈپ چىقىشقىمۇ ئىككى ھەپتە كەتتى. كېچىلىرى ئۇخلىماي، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى تولۇق كۈن ئولتۇرۇپ مىدىرلىماي يازدۇق ۋە دەرستىن سىرت ۋاقىتلاردا يېزىپ يۈرۈپ ئاران كۆچۈرۈپ تۈگەتتۇق.

شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى يېزىپ چىقىش دېگەن پروگراممىسىغا بۇ بىر ماتېرىيال بار بولدى دەپ ھەممىمىز خۇشال بولدۇق.

# 62 - يىلى نويابىر

مەكتەپكە قايتىپ كېلىشىمىز بىلەن تەڭ قىزلار ئارىسىدا «شەمشىجامال قورساقلىق بولۇپ قاپتۇ» دېگەن سۆز تارقاپ كەتتى. بۇ يىل مەكتەپ تەشكىلى «مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ توي قىلىشىغا رۇخسەت يوق، ئەگەر مەكتەپتە قورساقلىق بولۇپ قالسا ئوغۇلمۇ قىزمۇ مەكتەپتىن قوغلىنىدۇ» دېگەن قارارنى چىقارغان ئىدى. بىر قانچە قىز - ئوغۇللارنىمۇ مۇشۇ قارارغا ئاساسەن مەكتەپتىن قوغلىغان ئىدى.

بىز مەكتەپكە كىرگەن كۈندىن باشلاپ مەن، مەلىكە، شەمشىجامال، ئابلىز، ئابلېكىم يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتتۇق. كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلىمە، تۇرنىسالار قوشۇلدى. بىز ھەر ۋاقىت بىر - بىرىمىزگە ياردەمچى ھەم مەسلىھەتچى بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتتۇق. شەمشىجامالنىڭ بۇ ئەھۋالى بىزلەرگىمۇ ئېغىر بولدى. مەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەمشىجامال بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ خىجالەت بولغان ھەم روھى چۈشكەن ھالدا:

ــ ھەئە، شۇنداق بولدى، دەپ ئامالسىز قالغاندەك يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ سۆزى مېنىڭ بېشىمغا خۇددى بىرسى تاياق بىلەن ئۇرغاندەك بىلىندى.

ــ بۇ ئەمدى قانداق بولۇپ كەتكىنى، سىلەرنى مەكتەپتىن ھەيدىسە بىز قانداق قىلارمىز؟

ئۇنىڭ بۇنداق كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئۇنىڭغا ئارتۇق سۆزلەشنىڭ هاجىتى يوق ئىدى. شۇڭا دوستلۇق كۆڭلۈم بىلەن:

ــ هەرقانداق قىيىنچىلىقىڭ بولسا بىزگە دېگىن، قولىمىزدىن كېلىشىچە ساڭا ياردەم قىلىمىز، دېدىم.

شەمشىجامال مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. «ئۇلارنى مەكتەپتىن راستىنلا هەيدىۋېتەرمۇ؟» دېگەن سوئال مېنىڭ كۆڭلۈمنى بىئارام قىلاتتى. بىرىنچى تۇرمىنىڭ قارمىقىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىدىغان «ماشىنا رېمونت» زاۋۇتىنىڭ باشلىقى يۇسۇپ چاڭجاڭ جاغىستايلىق بولۇپ، سېتىۋالدى ئۆزىنى مەن سېنىڭ ئاكاڭ تىلىۋالدىنىڭ دوستى دەپ تونۇشتۇرۇپ، يۇسۇپ چاڭجاڭ ئارقىلىق سېتىۋالدىغا مەكتەپتە توي قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ، قانۇن ئورنىدىن توي خېتى ئېلىپ بەردى ھەم بۇلارنىڭ تويىنى گۇڭشەنىڭ ئۆزى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى. شەمشىجامال بىلەن سېتىۋالدىنىڭ بۇ ئىشى قانداقتۇر گۇڭشەنتىڭنىڭ مەسىلە تەكشۈرۈش ئۇچۇن پايدىلىق دەپ قارالغان بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ توي ئىشىنى توساتتىن گۇڭشەنىڭ ئۆزى بىۋاستە باشقۇرۇپ ئۆزى قىلىپ بېرىدىغان بولدى. بىر ھەپتە ئىچىدە توي بولىدىغان بولدى. مەن ۋە بورتالالىق مەخمۇتنىڭ ئايالى مەريەم ئىككىمىز ئىشچىلار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىش ماشىنىسىغا بېرىپ بىر كۈن ئىچىدە توي كۆينىكىنى تىكىپ پۈتتۈرۈپ چىقتۇق. قالغان ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلارغا مەن، ئابلىز، ئابلېكىم يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ياردەملەشتۇق. نويابىردا شەمشىجامال بىلەن سېتىۋالدىنىڭ تويى بولدى.

شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇكېرىم مۇئەللىمنىڭ ئايالى ساۋاقدىشىمىز خالىدە سەيدىنىنىڭ ئۆيىدە قىز ئولتۇرۇشى بولدى. قىزلاردىن ھەممىمىز قىز ئولتۇرۇشىغا كەلدۇق. داستىخان ئۈستى مىزىلىك پىشقان ھەر خىل تائاملار، يەل ـ يېمىشلەر، تاتلىق تۈرۈملەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، چىنە قويغۇدەك يەرمۇ قالمىغان ئىدى. شۇ شارائىتتا مۇشۇنچىلىك هازىرلىق بىلەن مېھمان كۈتۈش ئاسان ئەمەس ئىدى. قىز ئولتۇرۇشىمىز كۆڭۈللۈك ھەم چىرايلىق ئۆتتى. بىز ھەممىمىز خالىدىگە ھەم ئاتا ـ ئانىسىغا رەھمەت ئېيتىپ قايتتۇق.

كەچلىك ئولتۇرۇش گۇڭشەنىڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەن قىز قولداش، ئابلېكىم يىگىت قولداش بولدى. بىزنىڭ ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەلدى. چوڭ زالنىڭ يېرىمى گۇڭشەنىڭ كادىرلىرى بىلەن، يېرىمى ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولدى. زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا نۇرغۇن ئۈستەللەر قويۇلغان، ئۈستەللەرگە ئاق داستىخان سېلىنىپ ئۈستىگە

تۇرلۇك تائاملار ۋە هاراقلار تىزىلغان ئىدى. توي چىرايلىق ھەم ياخشى ئۆتتى. مۇزىكانتلارمۇ ياخشى پەدىلەرگە توختىماستىن چېلىپ تۇردى. تانسا، ئۇسسۇللارمۇ شۇنچىلىك قىزىپ كەتتى. بىراق نېمىشقىدۇر زالنىڭ ئىچى بىر خىللا سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. خۇددى بىزنى مىكروسكوپ ئاستىدا تەكشۈرۈۋاتقاندەك، ھەر بىر كادىر بىزگە سىناق كۆزلىرى بىلەن سىنچىلاپ قارىغاندەك كۆرۈنەتتى.

توي مەرىكىسى خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. يېرىم كېچە بولغاندا قىز - يىگىتنى كۆچۈرۈپ يۇسۇپ ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇق. يۇسۇپ ئاكا ئۆيىنى ئۇلارغا بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزلىرى قونغىلى باشقا يەرگە كەتتى.

مەن، مەلىكە، ئابلىز ئۈچىمىز قايتىپ چىقساق باشقىلار كېتىپ بوپتۇ. سىرتتا قار توختىماي يېغىپ تۇراتتى. ئەڭ ئاخىرى بىز ئۈچىمىز مەكتەپكە پىيادە قايتتۇق. ئەلۋەتتە بۇ ئارىلىق پىيادىلەر ئۈچۈن ئىككى سائەتلىك يول ئىدى.

مەن كۆڭلۈمدە «نېمە ئۈچۈن گۇڭگەنتىڭ بۇ تويغا ئارىلىشىپ، ئۆزى بىۋاستە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ؟» دېگەن سوئالنى ئويلاپ يۈرەتتىم. ئابلىزمۇ: بۇ توي ئەجەب قىزىق بولدى. گۇڭگەنتىڭ زالدا گۇڭگەنتىڭ كادىرلىرى بىلەن ئۆتتى ھە! دەپ بىزگە قارىدى.

ــ ئۇلار سېتىۋالدىنى چىراغ قىلىپ بىزنى ئىزدەۋاتىدۇ، دېدىم مەن.

– راست دەيسىز، ئۇلار سېتىۋالدىنى قارماق قىلىپ بىزنىڭ ھايات دېڭىزىمىزغا قارماقنى تاشلاپ باشقىلىرىمىزنى شۇ قارماققا چۈشۈرمەكچى، دېدى. ئابلىز قانداقتۇر يۈرىكى بىر قورقۇنچىنى سەزگەندەك ھاياجان بىلەن ۋە يەنە تېزلا خۇددى بىر نەرسە ئېسىگە چۈشكەندەك، ھەي، مەن بىر نەرسىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، بۇلار بىزدىن گۇمان قىلىۋاتامدۇ، نېمە؟ بۇلار بىزگە چوقۇم يېقىن يەردىن قىلتاق قۇرۇۋاتىدۇ، دىققەت قىلمىساق خەتەرلىك، دەپ بىزگە قارىدى.

ــ مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قالدىم. ئۇلار بىرەر نەرسە سېزىپ قالمىغاندۇ، ھە! دېدى مەلىكىمۇ ئەنسىز ئاۋازدا.

مەن ئويلىنىپ تۇرۇپ:

– ياق، ئۇلار يېپىنىڭ ئۇچىنى تېخى تاپالمىدى. بۇ نەرسە پەقەت شەمشىجامالنىڭ قورساقلىق بولۇشى ۋە ئىككىسىنىڭ ھازىر مەكتەپتىن ھەيدىلىش ئالدىدىكى ئېغىر مىنۇتتىن پايدىلىنىپ توي قىلىپ بېرىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ يەنىلا مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇشىغا ياردەم قىلدى. سېتىۋالدىمۇ بۇلارنىڭ بۇ چوڭ ياردىمى ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشقا باش

تارتماستىن، قولىدىن كەلگۈچە ياردەم قىلىشقا تەييار بولىدۇ. ھازىر ئۇلار سىنى، بىزلەرنى، دوستلۇقنى ھەتتا ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن ياخشى بولمىغان بىشارەت بولدى، دېدىم.

ئارىمىزنى جىمجىتلىق باستى، پەقەت قېلىن قارنىڭ بىز دەسسەپ ماڭغاندا چىققان غاراس - غۇرۇس ئاۋازىلا بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

– بۇلار تېخى بىزنى بىلمىدى. ئەگەر بىلگەن بولسا بۇنچىۋالا چىقىم قىلىپ چوڭ توي قىلىپ، ئۇلارنى مەكتەپنىڭ تۈزۈمىنى بۇزۇپ مەكتەپتە ئېلىپ قالماس ئىدى. يىپنىڭ ئۈچىنى تارتىپ تۇرۇپ ھەممىسىنى سۆرەپ چىققان بولاتتى، دەپ قوشۇپ قويدۇم.

– بىز ئالتەيلەن چىڭ بولساق ھېچكىم بىلمەيدۇ، دېدى مەلىكە.

– مەسىلە شۇ يەردە... ئابلىز قانداقتۇر يەنە بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

– سىلەر ھاراق ئىچىپ مەستچىلىكتە ئۇلارغا ئىشىنىپ بىرەر سۆز چىقىرىپ قويمىغانسىلەر؟ دەپ سورىدىم.

– ياق، ئۇنداق ئىش بولمىدى، دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئابلىز، بىراز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

– بىز بەك دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، باشقىلار ئالدىدا بىز ئادەتتىكى ساۋاقداشلاردەك يۈرۈشىمىز، ھەرگىز چاندۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. سىتۇۋالدى بىلەن شەمشىجامال بىزنىڭ ھېچنەرسىمىزنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن بىزلەر توغرۇلۇق ھېچنەرسە چىقىرالمايدۇ.

– ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە قاتتىق دىققەت قىلايلى. تىنچ - ئامان ئوقۇشىمىزنى تۈگەتكەندىن كېيىن جەمىيەتكە چىقساق ئاندىن بۇ ئىشلارنى قىلىشقا قۇلايلىق بولار...

ئەنە شۇنداق پاراڭلار بىلەن مەكتەپكە يېتىپ كەلگىنىمىزنى سەزمەي قاپتۇق.

## 12 - دېكابىر

مەلىكىنىڭ ئائىلىسى سوۋېتقا كېتىش مۇناسىۋىتى بىلەن سايوزىغا ماڭماقچى بولدى. بىز ئۇنى ئۇزىتىش كېچىسى ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي پاراڭلىشىپ چىقتۇق.

مەلىكىنىڭ كېتىشى بىز ئۈچۈن بەك كۆڭۈلسىز بولدى. بولۇپمۇ مەن خۇددى ياخشى كۆرىدىغان بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك كۆڭلۈم يېرىم بولدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن مەكتەپكە كىرگەن كۈندىن باشلاپ يېقىن دوست بولۇپ ئۆتتۈم. بوش ۋاقتىمىز بولسىلا بىر ـ بىرىمىز بىلەن پىكىرلىشىپ، پاراڭلىشاتتۇق. كۆز قاراش، ئىدىيلىرىمىز بىر ـ بىرىمىزگە ئوخشاش ئىدى. مەلىكە كەتكەندىن كېيىن مەن خۇددى بىر قول، بىر پۇتۇمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. شۇ كۈنى كېچىچە مەن ئۇنىڭ كېتىشىگە قانماستىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ چىقتىم. بىز سۆزلىشىپ سۆز نۇقتىسى تەشكىلاتىمىز ئۈستىدە بولغاندا، مەن مەلىكىگە:

ـ دوستۇم، سەن بىزدىن ئايرىلىپ يىراق يەرلەرگە كېتىۋاتىسەن، يىراق بىر ياخشى يېرى سەن ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن بىرگە ماڭدىڭ، سەن يالغۇز ئەمەس، سوۋېتقا بېرىپ ئورۇنلىشىپ بىر ئاز تۇرمۇشۇڭلار بېسىققاندىن كېيىن ۋاقت چىقىرىپ زىيا سەمەدى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز توغرىسىدا سۆزلىشىپ باققىن. سۆزلىشىش جەريانىدا ئۇ كىشىنىڭ كۆز قاراش، ئىدىيلىرىگە دىققەت قىل، ئەگەر بىزگە ياردەم قىلىدىغان بولسا ئۇ چاغدا بۇ بەك چوڭ ئىش بولاتتى. ئاندىن سەن ئۇ يەردە ئىشلىسەڭ، بىز بۇ يەردە ئىشلىسەك، بىر ـ بىرىمىزگە ماسلىشىپ ئالساق، ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. ھازىرقى مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ۋەزىيەت قاتتىق چىڭىپ كەتتى. بۇلار بىزنىڭ يولىمىزنى ھەر تەرەپتىن توسۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى نېمە بولاركىن؟

ئەمدى سەن بىلەن تەشكىلاتىمىز ئۈستىدە خەت يېزىشماقچى بولساق گۈلنى پارول قىلىپ يازىمەن «تەشتەكتىكى گۈل» دەپ يازسام بىزنىڭ تەشكىلات دەپ بىلەرسەن، دېدىم. سۆز جەريانىدا مەلىكە ھەر ۋاقت بىز بىلەن ماسلىشىپ ئىشلەيدىغىنىنى بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتقان ھالدا ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىشلار ئۈستىدە ئابلىز، مەلىكە، مەن ئۈچىمىز ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق.

تاڭ سۈزۈلدى، مەلىكىنىڭ كېتىدىغان ۋاقتى كەلدى. مەن، خەلىمە، تۇرنىسا، ئابلىز تۆتىمىز مەلىكىنى ئايرودرومغا ئۇزىتىپ چىقتۇق. شۇنچە ئېغىر ھېسلار بىلەن خوشلاشتۇق. مەن يىغلىغان ھالدا ئايروپىلان كۆزدىن غايىپ بولغانغا قەدەر ئۇنىڭغا قاراپ چەكسىز خىيال ئىچىدە ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بىر چاغدا ئابلىزنىڭ:

ـ يۈرۈڭلار ئەمدى، ئاپتوبۇس كېتىپ قالمىسۇن، بىزمۇ قايتايلى، دېگەن سۆزى بىلەن ئۆزۈمگە كېلىپ ئاپتوبۇسقا قاراپ ماڭدۇق. بىز مەكتەپكە كەلسەك نۇسرەت باشلىق

ھېلىقى بىر قىسىم ئاكتىپ ئوقۇغۇچىلار بىزنى ئىزدەپ يوق سۆزلەرنى تارقىتىۋېتىپتۇ، ھەتتا ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا بېرىپ غۇلغۇلا قىپتۇ.

مەن تاماقتىن كېيىن چۈشتىن كېيىنكى دەرسكە چىقماي بىراز ئۇخلىۋالماقچى بولدۇم. دەل شۇ چاغدا ئابلېكىم تولىمۇ ئەنسىز ۋە جىددىي قىياپەتتە ياتاققا كىرىپ كەلدى ۋە بىزگە قاراپ:

ــ ياخشى بېرىپ كەلدىڭلارمۇ؟ دەپ قويۇپلا كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇردى.

ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىك باردەك قىلاتتى.

ــ مېمە بولدى ئابلېكىم؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ــ راست، نېمە بولدىڭىز ئابلېكىم؟ دەپ سوراشتى قىزلارمۇ.

ــ ياق ھېچنەرسە بولمىدىم، دەپ يەنە شۇ جىددىي قىياپەتتە چىقىپ كەتتى ئۇ.

نېمە بولغاندۇ؟ بىرەر كۆڭۈلسىز گەپ ـ سۆز ئاڭلىدىمۇ يا؟ دەپ ئويلىنىپ قالدىمۇ، بىراق يەنىلا ئۇخلىۋېلىش مەقسىتىدە تەييارلىنىپ تۇراتتىم، ئارقىدىنلا ئابلىز كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ جىددىي كۆرۈندى، بىراق چاندۇرماستىن بىراز ئولتۇرۇپلا مېنى ئىشارەت قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەنمۇ ئابلىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىراز ۋاقىت ئۆتكۈزۈپلا ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.

كىرسەم سېتىۋالدى كارىۋاتتا ئوڭدا يېتىپتۇ. يېنىدا ئابلىز بىلەن ئابلېكىم ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئىشكتىن كىرىپلا ئۇلارنىڭ قىياپىتىگە قاراپ:

ــ مېمە بولدى؟ ھەممىڭلار خۇددى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك سالپىيىپ ئولتۇرۇپسىلەرغۇ؟ دەپ چاقچاق قىلدىم.

ئۇلار بۈگۈن جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ جىپ ماشىنىسى كېلىپ سېتىۋالدىنى ئېلىپ كېتىپ قاتتىق سوراق قىپتۇ. سوراقتا ئەھمەد توختى، ئابلىز، ئابلېكىم، قىزلاردىن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئېيتىپ ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىل دەپ قىستاپتۇ. يەنە بۇ ئەھۋاللارنى ئۇلارغا دېمە دەپ تاپشۇرۇپتۇ، دەپ سېتىۋالدىدىن ئاڭلىغان ئەھۋاللارنى دەپ بەردى.

ئىچىمدە: «بۇلارنىڭ دىققەت ئېتىبارى بىزگە ئاغدۇرۇلۇپتۇ ـ دە، ئاپلا ئىش ياخشى بولمىدى» دەپ غەم قىلىپ قالدىم.

سېتىۋالدى قاتتىق سوراق نەتىجىسىدە يۈرىكى قوزغىلىپ قالغانمۇ ئۆزىنى تۇتالماي جىددىيلىشىپ كەتكەن ئىدى. بىزنىڭ ئىشىمىزنى سېتىۋالدى بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت ئاڭلىغانلىرىمىزنى، ئۈستىمىزدىن ئۇچۇر ئېلىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى پاراڭلارنىلا ئېيتىپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما سېتىۋالدىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن:

ــ مەيلى، تەكشۈرسە تەكشۈرسۇن، بىزنىڭ ھېچقانداق جىنايىتىمىز يوق، بىزنىڭ ئوقۇش تاشلاش ھەرىكىتىدىكى تەلەپلىرىمىز توغرا بولغاچ ئۇلار بىزنىڭ تەلىپىمىز بويىچە ئايرىپ ئوقۇتتى. ئەگەر ئۇ ئىشلارنى جىنايەت دېسە ئۇ چاغدا بىزلەرنى بۇگۈنگە قەدەر سۆرەپ كەلمەستىن شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا قولغا ئالماسمىدى؟ دېدىم ۋە كۆڭلۈمدىن كەچكەن نەرسىنى سېتىۋالدىدىن سورىدىم:

ــ راست، ئۇلار بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن نېمىنى پاش قىل دەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ كۈتكىنى نېمە ئىكەن؟ سىزدىن مەركەزلىك قىلىپ زادى نېمىلەرنى سورىدى.

ئابلىز، ئابلېكىملارمۇ سوئال نەزىرى بىلەن تەڭلا سېتىۋالدىغا قارىدى. سېتىۋالدى بىراز ئويلىنىپ قېلىپ:

ــ شۇ سىلەرنىڭ ئىسمىڭلارنى ئاتاپ، مۇشۇلارنىڭ مەسىلىسىنى تاپشۇر دەيدۇ. ئۇلار نېمە قىلدۇ؟ كىملەر بىلەن ئارىلىشىدۇ؟ خاراكتېرلىرى قانداق؟ دېگەنگە ئوخشاش ئۇششاق ـ چۈشەك نەرسىلەرنى سورىدى، دېدى.

«بۇلارنىڭ تەكشۈرۈش دائىرىسى نېمە ئۈچۈن بىز تۆتىمىز ئۈستىگە مەركەزلىشىپ قالدى؟» بۇ سوئال ھەر ۋاقىت بىزنىڭ بېشىمىزدىن كەتمەي جاۋاب ئىزدەيتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ سېتىۋالدىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىگە ئېلىپ كېتىپ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن پاش قىلىش توغرۇلۇق سوراقلارنى ئېلىپ بېرىپ تۇردى.

جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىدىن ھەر كۈنى خىلمۇ خىل كىشىلەر كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى چاقىرتىپ سوراق قىلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ساقچى ماشىنىلىرىمۇ مەكتەپكە بىرسى كەتسە يەنە بىرسى كېلىپ قاتناپ تۇرىدىغان بولدى. لېكىن مەن يەنىلا ئۆز كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلىپ «بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچكىم خائىنلىق قىلمايدۇ، بىزنىڭ ئىرادىمىز چىڭ ھەم قەسەم قىلدۇق، قەسەمنى بۇزمايمىز، چۈنكى مەن راستتىنلا ئەزالىرىمىزغا ئىشىنەتتىم».

«بەلكىم سوراق ئۈستىدە سېتىۋالدى بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن بىر نەرسىلەرنى دەپ

گۇمان تۇغدۇرۇپ قويدىمۇ يە؟» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

«بىكار ئاشنى يېمە، بىكار غەمنىمۇ قىلما» دېگەندەك گەپ بولدى، بۇ!

قىشلىق تەتىل بولۇپ، سېنىۋالدى شەمشىجامالنى ئېلىپ جاغىستايغا قايتتى. يولدا ماشىنا ۋە ھارۋىلار بىلەن ئۈچ ـ تۆت كۈن مېڭىپ ئاخىرى جاغىستايغا ساق ـ سالامەت يېتىپ بېرىپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن شەمشىجامال ئوغۇل تۇغۇپتۇ ۋە ئىسمىنى «دىلشاد» قويۇپتۇ. سېنىۋالدى تەتىلدىن كېيىن ئوقۇشقا ئۈلگۈرۈپ قايتىپ كەلدى. شەمشىجامال بىر ئايدىن كېيىن ئوقۇشقا كېچىكىپ كەلدى، بالىنى سېنىۋالدىنىڭ ئانىسى ئېلىپ قالغان ئىكەن. قىشلىق تەتىلدە تۇرنىسا ئىككىمىز نەنسەنگە بېرىپ قايتتۇق.

بىز مەكتەپكە قايتساق بىرىمىزنى ھەر قايسى دوختۇرخانىلارغا پراكتىكىغا بۆلۈپ قويغانىكەن.

ئابلىز، سېنىۋالدى، مەريەم ۋە مەخمۇتلارنى 2 - دوختۇرخانىغا، ئابلېكىمنى ھەربىي دوختۇرخانىسىغا، مېنى، غۇپۇرنى، تۇرنىسانى ۋە ئەھمەد ئاكىنى مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا بۆلۈپتۇ.

پراكتىكا باشلاندى، بىز مەكتەپتە بېرىلگەن ۋەزىپىلەر بىلەن ئالدىراش بولساق، گۇڭگەنتىڭدىن كەلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەكشۈرۈش بىلەن بىزدىنمۇ بەكرەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

ئاكتىپ ئوقۇغۇچىلار بولسا مەكتەپنىڭ گۇڭگەنتىڭ ئىشخانىسىدىن چىقماي ھەممىمىزدىن بەكرەك شۇلار ئالدىراش يۈگۈرۈپ يۈردى.

بىر كۈنى ئابلىز مېنى ئىزدەپ كېلىپ:

ـ سۆيۈنگۈل ئارىمىزدىن ئىشپىيون، خائىن چىققان ئوخشايدۇ، ھەممە نەرسىگە دىققەت قىلىڭ، ئۆز ئادەملىرىمىزدىنمۇ دىققەت قىلمىساق كىم ئىكەنلىكىنى ھازىر تېخى بىلمەيمىز، ھازىرقى سوراق، تەكشۈرۈشلەر بىز بەشىمىزنىڭ ئۈستىدىلا بولۇۋاتىدۇ، ھازىرچە تىنچ تۇرۇپ، ئەھۋالنى كۆزىتىپ باقايلى، ماتېرىياللار يېنىڭىزدا بارمۇ؟ ئەگەر پاش بولۇپ قالسا كۆيدۈرۈۋېتىڭ! دېدى.

ـ ماقۇل! دېدىم مەن. ئابلىزنىڭ سۆزىگە قالالامدا «كىم ساتقۇنلۇق قىلغاندۇ؟» دېگەن نەرسە بىلەن بىر قارىغان يېرىمگە قاراپ تىكىلىپ تۇرۇپ قالدىم. ئابلىز ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتىپ كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇشىمىزنى

تىلەپ، بىر ـ بىرىمىزنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ خوشلاشتۇق.

ئابلىز قايتقاندىن كېيىن، ئويلىنىپ قالدىم. ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈش تەشكىلاتىنىڭ يوق بولغانلىقى دېگەن سۆز، شۇڭا ھازىرچە كۆيدۈرمەي تۇراي، ئەگەر ئەھۋال بىز ئويلىغاندەك بولماي قالسا، يەنە ئىشىمىزنى داۋام قىلارمىز دەپ ئويلاپ، ماتېرىياللارنى كىشى كۆرمەيدىغان بىر ياخشى ئورۇنغا قويۇپ قويدۇم.

بىر كۈنى شۇنداق بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە مەن قۇملۇققا قۇمۇش تىكىپ ئۆستۈرمەكچى بولۇپ، شۇنداق جىق قۇمۇشلارنى بىر چەتتىن سانجىپ چىقىۋاتسام گۈگەنتىگىدىن كەلگەن ھېلىقى ئۆمەرجان دېگەن ئالتۇن چىشلىق كىشى مەن تىككەن قۇمۇشنىڭ ئەڭ بېشىدىكى قۇمۇشنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قۇمۇشنى ئاغزىغا تىقىپ پۈۋلىگەن ئىدى، مەن تىككەن پۈتۈن قۇمۇشقا يىلتىزىدىن ئوت تۇتۇشۇپ كۆيۈپ كەتتى. ئۆمەرجان غالىب ھالدا ھىجىيىپ تۇرغۇدەك، ئۇنىڭ قىلغانلىرىغا ئەلەم بىلەن قاراپ تۇرۇپ ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام چۈشۈم ئىكەن. شۇ چۈشتىن كېيىن كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ يۈردۈم. لېكىن يەنىلا ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاي دەپ، ياق ئۇلار بىلمەيدۇ، ئارىمىزدىن ھېچكىم پاش قىلمايدۇ، دەپ كۆڭلۈمگە تەسەللى بەردىم. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن توختىنا، «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەن سۆز بار، «يېغى ياندىن بالا كەلسە قېرىنداشتىن» دېگەندەك تاسادىپى بىرەرسى پاش قىلىپ قويسا قانداق قىلغۇلۇق؟

ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلىمىساممۇ بولمايدۇ، دېگەن نەرسىلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، خەت ـ چەك، قەغەز، ژۇرنال، كىتاب قاتارلىق بارلىق ماتېرىياللارنى يىغىپ چىقىپ كۆيدۈرۈۋەتتىم.

بۇ ماتېرىياللار ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە بېسىپ چىقىرىلغان ژۇرناللار، «شەرق ھەقىقتى»، ھەر تۈرلۈك ماتېرىياللار ۋە خەتلەر بار ئىدى.

ئەھۋال جىددىيلەشكەنسېرى ئابلىكىممۇ جىددىي بولۇپ كەتتى. كۈندە پراكتىكىغا ماڭغۇچە ماڭا يولۇقۇپ «خوش، كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭ» دەپ كەتسە پراكتىكىدىن يېنىم كېچىدە قايتىسىمۇ ياتىقىغا بارماستىن ئۇدۇل مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئىشىكنى ئۇرۇپ: «بارمۇ سىلەر، سىلەرنى كۆرۈپ كېتەي دەۋىدىم» دەيتتى. ھەتتا يېتىپ قالغان بولساقمۇ ئىشىككە كېلىپ: سالامەت بولساڭلار بولدى، دەپ كېتىپ قالاتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن بىراز ھەيران بولدۇم ھەم ئۇنىڭ مىجەزى يەڭگىل، ئالدىراڭغۇ بولغانلىقتىن، بەلكى ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ بىراز جىددىيلىكىدىن قورقسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

بەزى كۆنلىرى ئابلىكىم مېنى كارىدورغا چاقىرىپ چىقىپ:

ــ سۆيۈنگۈل، بىلەمسىز؟ بۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا بىزنى قولغا ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن، ئەگەر سىز ساق قالسىڭىز مېنى ئىزدەپ بارامسىز؟ دەپ سورايتتى.

ــ ئابلىكىم نېمە بۇنچىۋالا ئەنسىرەيسىز؟ بىرەر يامان سۆز ئاڭلىدىڭىزمۇ يە؟ دەپ سورىدىم مەن.

ــ ياق، ئېنىق بىر گەپ ئاڭلىمىدىم، بىراق ۋەزىيەتنى قارىمامسىز؟ ئۇلار پۈتۈن دىققىتىنى بىزگە ئاغدۇرۇپ، بارلىق تەكشۈرۈش بىزنىڭ ئۈستىمىزدە بولۇۋاتىدۇ، بۇنداق كېتىۋەرسە ئۇلار ئاخىرى بىزنى بىر يەرلەردىن تېپىپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ قالمىساق ياخشى بولاتتى، ھازىر تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بىز بولۇپ قالدۇق. ئۇلار بىزنى ھامىنى بىر كۈنى يوقىتىدۇ. ھەر قانچە ئويلىساممۇ بىر ياخشى ئۇمىد بار تەرىپىنى تاپالمىدىم، دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مەندىمۇ ئەنسىرەش پەيدا بولدى. لېكىن يەنە ئۇنىڭغا:

ــ ئابلىكىم، ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۆرەيلى، ئۆزىمىزگە چىڭ بولايلى، ئەگەر بىرەرسى بىزنى ساتمىغانلا بولسا ئۇلارنىڭ بىز توغرۇلۇق ھېچقانداق پاكىتى يوق. ھېچ نەرسىگە ئىقرار بولماسلىقىمىز كېرەك. مەسىلە ئۆزىمىزدە، بىز چىڭ بولساق ئۇلار بىر نەرسە ئۇندۇرەلمەيدۇ. بىزگە تۆھمەت قىلسىمۇ پاكىتى بولمىسا بىكار، سىز ئەنسىرىمەڭ! دەپ ئۇنى تىنچلاندۇردۇم.

ئابلىكىم جىمجىت تۇرۇپ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىدى. مەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىغا:

ــ بەشىمىزنىڭ ئاغزى چىڭ بولسا ئۇلار بىزدىن سىر ئالالمايدۇ، مەن سىزدىن ئەنسىرەيمەن، دەپ قوشۇپ قويدۇم.

ئابلىكىم بەزىدە ھەلىمە، تۇرنىسالارنى يىغۋېلىپ:

ــ مېنى قولغا ئالسا، مەن مۇشۇنداق مېڭىپ چىقىمەن، دەپ خۇددى قەھرىمانلاردەك بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ كىنودىكى پېرسوناژلارنى دوراپ ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇ ياققا مېڭىپ چىقاتتى.

ــ ئەگەر مېنى قىينىسا، قولۇمغا كويزا سېلىپ ئۇرسا.... دەپ ئۆزىنى ئۇرغاندەك، خۇددى قاتتىق تاياقتىن قىينىلىپ كېتىۋاتىسمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمىغان قەھرىمانلاردەك تىك تۇرۇۋېلىپ ئەرتىسلاردەك ھەرىكەت قىلاتتى. قولىدا كويزا، ئىشكەل سېلىنغان ھالدا قاراڭغۇ تۈرمە كېچىلىرىدە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئىنتېرناتسىئونال شېئىرىنى

ئېيتىپ تۇرغانلىرىنى سۆزلەپ كۆرسىتەتتى. ئۇ ئىككى قىز بولسا ئابلىكىمنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇ قىزلاردىن:

ــ مېنى قولغا ئالسا يوقلامسىلەر؟ دەپ سورايتتى.

ــ يوقلىماي، قانداق قىيىنچىلىق، ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا بولساقمۇ بىز سىزنى يوقلايمىز، دېيىشەتتى.

ــ ساراڭ بولماڭلارچۇ! دەپ كۈلەتتىم مەن.

ئابلىكىم يەنە ئۇلارغا:

ــ ئەگەر مېنى يوقلاپ بارساڭلار ماڭا پەقەت تاماكا ۋە سوپۇن ئېلىپ بارساڭلار بولدى، دەيتتى.

ــ ئابلىكىم سىز نېمىشقا بۇنداق ئەنسىرەيسىز؟ ھېچ ئىش بولمىسا، سىزنى نېمە دەپ قولغا ئالاتتى؟ دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ خۇددى راستتەك سۆزلەۋاتقان چىرايىغا قاراپ.

ــ ئوقۇش تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرى دەپ قولغا ئالامدۇ؟ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئابلىكىم مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆز ـ ھەرىكەتلەر بىلەن كۈنگە خىلمۇ خىل ئويۇن قويۇپ يۈرەتتى. ئابلىكىمنىڭ بۇ ئەنسىزلىكىگە قاراپ بەزىدە «بۇ مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۆزىنى چاندۇرۇپ قويمىغىدى» دەپ ئەنسىرەيتتىم.

مەلىكە كېتىپ كۆپ ئۆتمەستىن ساۋاقداشىمىز رىزادىن خەت ئالدىم. رىزا خېتىدە:

مەن سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى سېغىنغان ۋە ھاياجان ئىچىدە مەلىكىدىن ئاڭلىدىم ھەم كۆڭلۈمدىكى چوڭقۇر ھېسداشلىقىم بىلەن سىلەر بىلەن بىللە ياشىغاندەك بولدۇم. بىزمۇ بۇ يەردىكى بارلىق دوستلار بىرلىشىپ، سىلەرگە ئوخشاش گۈزەل بىر ھاياتنى باشلاشنى ئارزۇ قىلدۇق. يىراقتا بولساقمۇ سىلەر بىلەن كۆڭلىمىز بىر. سىلەر ئىچىدە بىز تېشىدا دوست بولۇپ ياشايلى، دېگەن مەزمۇندا يەنى بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش تەشكىلات قۇرۇپ، سىلەر مەملىكەت ئىچىدە بىز سىرتىدا ھەرىكەت قىلىمىز، دېگەن مەنىدە خەت يېزىپتۇ. مەن بىزگە بىر چوڭ كۈچ كېلىپ قوشۇلغاندەك خۇشال بولدۇم. بۇ خەتنى تەشكىلات يىغىنىدا ئوقۇپ چىقتۇق. ئابلىكىم، ئابلىزلار خۇشال بولۇپ، ھەجەپ ياخشى بولدى، ئۇ ۋاقىتىدا بىزلەرگە چوڭ ياردەم بولاتتى دېيىشتى. ئابلىز: رىزا جىگىرى بار يىگىت، ئۆز ۋاقتىدا كۆز قاراشلىرىمۇ بىزنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى، دېدى.

مەن «بىز سايابۇلدا تۆمۈر يولدا ئىشلىگەن ۋاقتىمىزدا رىزا ماڭا: ئاستا ئىشلە، بىلەمسەن، پويىز كەلسە شىنجاڭغا ئاپەت كېلىدۇ»، دېگەن ئىدى، راستتىن شۇنداق بولدى ئەمەسمۇ دېدىم.

ئەھمەد توختى ھازىر بىز ئالدىراپ كەتسەك بولمايدۇ. لاتىن رايونلۇق ج خ ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى مەكتەپكە كېلىپ، جىددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ پەيتتە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. سىز مەلىكە بىلەن رىزاغا خەت يازماڭ. مۇمكىن بولسا ئۇلارنىڭمۇ خەت يازماي تۇرۇشىنى ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك ئىدى. پوچتىدىن تەكشۈرۈپ قالسا ئەھۋال ياخشى بولمايدۇ، دېدى.

ئابلېكىم ئۆتكەندە مەكتەپتىن ئۇيۇشتۇرغان تانىسغا باش پوچتا خانا خەت ـ چەك تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كېلىپ بىزلەر بىلەن ئۇچراشقان ئىدى. ئۇلار بىزگە: سىلەرنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار بەك ئوچۇق خەت يازىدۇ، بىزغۇ مۇشۇ كۈنگىچە «تەكشۈرۈلدى» دەپ تامغا بېسىپ ئەۋەتىۋەردۇق. لېكىن بىزدىن باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ياخشى بولمايدۇ، باللارغا دەپ قويۇڭلار، دىققەت قىلسۇن، دېگەن ئىدى، دېدى.

ئابلىز: راست بىرنەرسە، بۈگۈن مەن زىيا سەمەدىگە يازغان خەتنى بېرىپلا كېچىكتۈرمەي، زىيا سەمەدىنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم، لېكىن ئۇنىڭدىن مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر ئۇچۇر كەلمىدى، دېدى.

## 30 ـ مارت

كۈنلەر ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز ۋە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆتتى. بىر كۈنى ئۆيكە كېسەللەر بۆلۈمىدە دەرس ئوقۇپ ئولتۇراتتىم، ئەھمەد توختى ئاكا يېنىمغا كېلىپ باش تەرىپى يۇكلەنگەن بىر پارچە خەتنى ئالدىمغا قويۇپ:

ـ بۇ خەتنىڭ پۈكلەنگەن يېرىدىن تۈگىگىچە ئوقۇپ چىقىڭ! دەپ خەتنى قويۇپ ئۆزى چىقىپ كەتتى.

خەت ئەھمەد ئاكىنىڭ ئايالى مەريەمدىن كەلگەن بولۇپ، خەتتە مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىدى:

«.... ئەھمەد  سىزنى قانچىلىك كۆتكىنىمنى بىلەمسىز؟ شۇنچە يىللارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كۆزۈم تېشىلدى. بىز توي قىلىپمۇ بىر ئۆيدە تۇرمىدۇق. سىزنى ئوقۇشنى خاتىرجەم تۈگىتىۋالسۇن دەپ چىداپ كۈتتۈم. شۇنچە يىللار تۈگەپ سىزنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋاقتىڭىز يېقىنلاشقانسىرى مەن چەكسىز خۇشال بولۇپ، كۈنلەرنى بىر - بىردىن ساناپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم. لېكىن يېقىندا گۇڭگەنتىڭدىن ئادەم كېلىپ غۇلجىدا سىزنىڭ ماتېرىياللىرىڭىزنى ۋە ئەھۋاللىرىڭىزنى سىزنىڭ يېقىن دوستلىرىڭىزدىن ئىگىلەپ تەكشۈرۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. يەنە ئاڭلىسام، ئۇلار جاغىستايغىمۇ بېرىپ سىلەرنىڭ ساۋاقداشلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ يۈرۈپتۇ. بۇ قانداق ئىش؟ مەن بۇنى ئاڭلاپ ئاغرىپلا قالدىم. سىز نېمىشقا ئويلانمايسىز؟ مېنىڭ سىزدىن باشقا كىمىم بار؟ مەن قانداق قىلىمەن، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم بەك قاتتىق چۆچۈپ تۇرىدۇ...» دەپ يازغانىكەن.

مەن خەتنى كۆرسەتكەن يەرگىچە ئوقۇپ بولۇپ، خەتنى قاتلاۋېتىپ، كۆڭلۈم بەكمۇ ئەسكى بولدى. بىز بۇ يەردە ئۇلار ھېچنېمە بىلمەيدۇ دەپ خاتىرجەم يۈرۈۋېرىپتۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇلار شەھەرلەر ئارا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ  ئەمەسمۇ. بىرەر يىپ ئۇچىنى تاپمىغان بولسا بۇلار بىزنى بۇنچىۋالا مەركەزلىك ھالدا تەكشۈرۈپ كەتمەيتتى... دېگەن خىيال بىلەن ئولتۇراتتىم. ئەھمەد ئاكا يېنىمغا كېلىپ:

ــ قانداق؟ ئوقۇپ بولدىڭىزمۇ؟ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە ئوقۇدۇم، ئەھمەد ئاكا، بۇلار بىرەر يىپ ئۇچىنى تېپىپ چىقتىمۇ نېمە؟ بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىن ئايلىنىپ كېتەلمەي چۆرگىلەپ يۈرىدۇ. ئارىمىزدىن بىرەرسى سېتىلدىمۇ يە؟ دەپ سورىدىم.

ــ مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قالدىم، دېدى ئەھمەد ئاكا. بۇ يەردە سۆزلەشكىلى بولمايدۇ، يۈرۈڭ، ياتاققا قايتايلى، دېدى ئېھتىيات بىلەن بوش ئاۋازدا.

بىز ياتاققا قايتقاچ پاراڭلاشتۇق، ئەھمەد ئاكا:

ــ بىز بەشىمىز بىر ـ بىرىمىز بىلەن ۋاقتىنچە ئالاقىلەشمەي تۇرايلى. سىز ئابلىز، ئابلېكىم، غۇپۇرلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلەشمەي تۇرۇڭ، بۇلار بىزنى تەكشۈرۈشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئەگەر سىزنى قولغا ئېلىپ كەتسە سىز قىز بالا، ئائىلىدە قىيىنچىلىقىڭىز بار، ئائىلىڭىزدىكىلەر سىزنى شۇنچە جاپا تارتىپ ئۆزلىرى قىينالسىمۇ سىزنى چوڭ ئۈمىد بىلەن ئوقۇتۇۋاتىدۇ. ئۇلار سىزنى بۇ قىز بالا ئىكەن بوپتۇ دەپ ئاياپ قويمايدۇ. ھۆكۈمەت دېگەن بەك يۈزسىز كېلىدۇ. بۇنى ئويلاڭ، مانا ئالدىمىزدا بىزگە چوڭ قىيىنچىلىقلار

دۇچ كېلىۋاتىدۇ. خەتنى كۆردىڭىزغۇ، كۆڭلىدە ھەر قانداق ئىشقا نىسبەتەن تەييارلىق بولۇش كېرەك. ئابلېكىمگە ئېيتىڭ ھەربىي دوختۇرخانىغا كۆچۈپ كەتسۇن، ئابلىزلارغىمۇ دەڭ سىزنى ئىزدەپ كەلمىسۇن، سىزمۇ ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىپ يۈرمەڭ. سۆزلەشمەكچى بولساڭلار خالىي جايدا كىشىلەرنىڭ دىققىتى چۈشمەيدىغان ئورۇندا پاراڭلىشىڭلار، ھازىر بىزنىڭ كەينىمىزگە ئادەم چۈشتى، ئەھۋال يامان، سىزنى ئويلايمەن، ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ قالسا سىز قىز بالا، سىزگە ئېغىر بولىدۇ، دېدى.

مەن شۇ كۈنىلا ئابلېكىمگە ھەربىي دوختۇرخانىغا كۆچۈپ كېتىشنى ئېيتتىم. ئابلېكىممۇ شۇ كۈنى كۆچۈپ كەتتى. ئەھمەد ئاكىنىڭ ئايالى مەريەم ھەدىنىڭ خېتىدىن كېيىن ئالدىمىزدا بىر يامان كۈننىڭ بارلىقى مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئەسكى قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ بەزىدە ئۆز كۆڭلۈمنى ياساپ:

«ئەنسىرەيدىغان نېمە ئىش بار؟ بىز نېمە قىلدۇق؟ قورال تۇتۇپ مەيدانغا چىقىپ سوقۇشمىدۇق، ئادەم ئۆلتۈرمىدۇق، بىز پەقەت مۇستەقىللىق تىلەپ مەيدانغا چىقتۇق، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش جىنايەت ئەمەس، ھەر بىر ئادەم ئۆز مۇستەقىللىقىنى، ئۆز ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىقتۇر» دېگەن ئويلار بىلەن كۆڭلۈمنى توختاتتىم.

بىراق «بۇ ئىشنى كىم پاش قىلغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىز بەشىمىز ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ؟» دېگەن سوئال ھەر ۋاقىت كاللامدىن كەتمەي جاۋاب ئىزدەيتتى.

شەمشىجامالنىڭ قورساقلىق بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن گۈڭگەنىڭ بۇنى بىر پۇرسەت بىلىپ ئۇلارنىڭ توينى قىلىپ بەردى ۋە شۇندىن كېيىن ھەر كۈنى سېتىۋالدىنى گۈڭگەنىڭغا ئېلىپ كېتىپ سوراق قىلىش نەتىجىسىدە بىز بەشىمىزنى تېپىپ چىقىپ پۈتۈن تەكشۈرۈشنى بىزنىڭ ئۈستىمىزدە قىلىۋاتىدۇ، سېتىۋالدى بىزنىڭ ئىشىمىزنى بىلمەيدىغان تۇرسا بىز قانداق بولۇپ ئۇتتۇرىغا چىقىپ قالدۇق؟

مەن بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندىم.

سېتىۋالدى، ئابلېكىم، ئابلىز بۇ ئۈچىسى جاغىستايلىق بولۇپ، بۇلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ بىرگە ئوقۇپ كېلىۋاتقانلار ھەم بۇلار يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا سېتىۋالدىنى تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىشتا «ئۇنى تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ ئىشەنچلىك ئادەم» دەپ ئابلىز بىلەن ئابلېكىم تەڭ كۆرسەتكەن ئىدى. ئابلېكىم ياكى ئابلىز سېتىۋالدىغا ئىشىنىپ تەشكىلات توغرىسىدا ئېنىق بولمىسىمۇ بىرەر نەرسە دېگەن بولسا ئۇ سوراق جەريانىدا دەپ قويىدىمىكىن دېگەن نەرسە كۆڭلۈمگە چۈشتى. بۇ ھەم

بولىدىغان ئېھتىماللىقنىڭ بىرسى.

ئابلىكىم مەكتەپتىن كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ھەر ۋاقىت مەكتەپكە كەلسىلا مېنى يوقلاپ خەۋەرلىشىپ كېتەتتى. ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئابلىكىمنىڭ مەكتەپكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بىراق مەن بىلەن كۆرۈشمىدى. ئابلىكىم بۇرۇن چۆچەكلىك خەدىچە دېگەن قىز بىلەن يۈرگەن ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە نېمە ئۈچۈنكى ئۇلار ئايرىلىپ كەتتى. ئۇ قىز قوتۇر ئاكىسى، چېقىمچى بولۇپ، قاچان قارىسا مەكتەپ تەشكىللىگە ئوقۇغۇچىلارنى چېقىشتۇرۇپ يۈرىدىغان قىز ئىدى. ئابلىكىم كېيىنكى كۈنلەردە شۇ قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

«بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى؟ ئابلىكىم ئەمدى نېمە ئۈچۈن ئۇ قىز بىلەن يەنە ئارىلىشىپ يۈرگەندۇ؟ ئۇ بىرەر خاتا ئىش قىلىپ قويمىسۇن يەنە» دەپ كۆڭلۈمگە گۇمان پەيدا بولدى. «بەلكى ئۆزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ، يە؟» دېگەن يامان ئويلار كۆڭلۈمگە كېلىپ ئۆتتى. لېكىن مەن ئابلىكىمگە قاتتىق ئىشەنگەچ «ياق، باشقىلار قىلسىمۇ، ئابلىكىم پاش قىلمايدۇ» دەپ كۆڭلۈمدىكى گۇماننى يوقاتتىم.

# 10 ـ ئاپرېل

مەن ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئۆزۈمگە بېرىلگەن ئاغرىقنىڭ كېسەل تارىخىنى يېزىپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. زالدا مەندىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ تېلېفونغا قاراپ قويۇپ تېلېفوننى ئالماستىن ئولتۇرۇپ ئۆز ئىشىم بىلەن بولدۇم. تېلېفون بىر ھازا جىرىڭلىغاندىن كېيىن سېستىرا ئىشخانىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

ــ نېمانداق جىرىڭلاپ كەتتى، دەپ قويۇپ تېلېفوننى ئالدى.

ــ ھە، ھە بولىدۇ، ماقۇل دەپ تۇرۇپكىنى قويۇۋېتىپ: يەنە نېمە ئىشتۇر خۇدايىم، بارلىق مىللىيلار مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا يىغىلسۇنلار دەيدۇ، دېگەن پېتى ئالدىراش چىقىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي بارلىق مىللىي دوختۇر ـ سېستىرالار خالاتلىرىنى يېشىپ مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار يەنە قايتىپ كېلىشتى، بايىقى ئۇيغۇر سېستىرا قىز خالتىنى كىيىۋېتىپ قايغۇرغان ھالدا:

ــ يەنە نېمە ئىش دەڭ، دۈشەنبە كۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ئوقۇش ۋە

خىزمەت توختىتىپ ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلىدۇ دەيدۇ، تەشكىلات ـ پەشكىلات نېمە، يەنە كىملەرنىڭ بېشىغا چىقاركىن بۇلار، ئادەم يۈرىكىنى مۇجۇپ، يەنە بىرسىگە مېنى دېدى دەپ قويماڭ، دەپ كۆڭۈلسىز ھالدا سېسترالار بۆلۈمىگە چىقىپ كەتتى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئولتۇرغان يېرىمدە قېتىپلا قالدىم. بىرەرسى پاش قىلمىغان بولسا بۇ تەشكىلات سۆزى چىقماس ئىدى. راستىنلا بىرەرسى پاش قىلىپ قويغانمىدۇ؟ كىمدۇر؟ مەكتەپتە بىزدىن باشقا تەشكىلاتلارمۇ بارمىدۇ، يە؟ ھەممىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. لېكىن بىرەرسىنىڭمۇ پاش قىلىشىغا ئىشەنمىدىم، بۇ سۆزنى كىمگىمۇ ئىشىنىپ دەيمەن؟ ئەگەر راستىنلا پاش بولغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ چاغدا باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق، يۈگۈرۈپ بېرىپ بۇ سۆزلەرنى ئىشەنچلىك بىرەرسى بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى، بىراق كىمگە دېيىش كېرەك؟ راستىنلا پاش بولغان بولسا ئۇنىڭغا ئامال يوق...

خۇددى ئۆزۈم يالغۇز قالغاندەك مۇساپىر بولۇپ قالدىم، شۇنداقتىمۇ يەنە ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «بولدى، نېمانچە يامان خىياللارنى قىلىمەن، بەلكى بىز ئەمەستۇرمىز، مەكتەپتە بۇنداق ئۆگىنىشتىن كۆپ نەرسە يوق، بەلكى باشقا ئۆگىنىشتۇ، چۈنكى بۇ ئىشىمىزنىڭ پاش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەممىسى ئىرادىلىك، كۈچلۈك، غۇرۇرلۇق يىگىتلەر، ئۇلار بۇنداق ئەسكىلىكنى قىلمايدۇ، مەن ھېچقانداق ئىشنى بىلمەي تۇرۇپ ئارتۇقچە گۇمانلارنى قىلىپ، ئەنسىرەپ كەتمەي»، دەپ كۆڭلۈمنى توختاتتىم.

ئەنە شۇنداق تېگى يوق خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغىنىنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. ئاشخانىغا بارسام ئوقۇغۇچىلار تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ، چىقىپ كېتىشكەن ئىكەن. ياتاققا قايتىپ كەلسەم ياتاقتىمۇ ئادەم يوق. شۇنىڭ بىلەن ياتاقتا ئۆزۈم يالغۇز خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ، كەچلىك دىژۇرنىلىك ۋاقتىم توشقاندا يەنە دوختۇرخانىغا كەتتىم.

قولۇم ئىشقا بارماي پۈتۈن كېچە پىكىر ـ خىيالىم شۇنىڭدا بولدى. ئۆزۈمنى قانچە بەزلەپ «بەلكى ئۇنداق بولماس» دېسەممۇ لېكىن كۆڭلۈمنىڭ تېگىدە قارا زۇلمەتلىك ئېغىر كۈنلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم.

ئەتىگەنلىك تاماققا بارسام باشقىلار يەنە كېيىن قالغانىكەن، يەنە ھېچكىمنى ئۇچرىتالماي دوختۇرخانىغا كەتتىم، چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ياتاققا بارسام شەمشجامال بىلەن تۇرنىسا ئىككىسى خاپا چىراي، ئەنسىرىگەن ھالدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن كېلىشىم بىلەن شەمشجامال:

ــ سۆيۈنگۈل بۈگۈن سىنىپتىكىلەردىن تېلېفون كەلدى، ئۇ ماڭا مەكتەپتە ئۆگىنىش بولىدىغانلىقىنى دەپ قويايى دەپ تېلېفون قىلغان ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا مېنىڭ خەۋىرىم بارلىقىنى ئېيتتىم، دېدى.

مەن بۇ ھەقتە ئاڭلىغانلىرىمنى ئۇلارغا قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. بىز كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ تۇرۇشىمىزغىلا مەكتەپ ماشىنىسى بىلەن سىرتتىكى دوختۇرخانىلاردا پراكتىكا قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىنى قايتۇرۇپ كەلدى. بارلىق ئوقۇغۇچىلاردا قانداقتۇر بىر خىل قورقۇش ۋە ئەنسىرەش ئالامەتلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى: «بۇ نېمە ئۆگىنىشتۇ؟ ھەي، يەنە قانچىمىزنىڭ بېشىنى يەر، ھە!» دېيىشسە، يەنە بەزىلىرى ئارىمىزدىكى بىر قانچە ياخشى ساۋاقداشلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئەنسىرەشتى.

ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقىدەك خۇشچاقچاق قىلىپ كۈلۈپ ئويناپ ئەمەس، بەلكى ئېغىر غەم ـ قايغۇ بىلەن شۈك بولۇپ، گەپ قىلسىمۇ ئاستا پىچىرلىشىپ قىلىشاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن «بۇ نېمە ئۆگىنىشتۇ؟» دەپلا سورىشاتتى.

ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ياتاققا يىغىلدى. ئۇلار خۇددى ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان يېقىن دوست ـ ساۋاقداشلاردەك، چوڭقۇر مېھرىبان، كۆيۈمچانلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، ئايرىلىش ھەسرىتى يۈرەكلەرنى ئاغرىتىۋاتقاندەك ئېھتىيات بىلەن پەس ئاۋازدا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. شۇ ئارىدا ياتاققا ئابلىكىم كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس، شاراق ـ شۇرۇق تولۇپ مەغرۇر ھالدا ئەركىن ۋە غەمسىز كۆرۈنەتتى. ئۇ ماڭا بۇرۇنقىدەك ئەمەس، بەلكى بىزنى كۆرمىگەندەك پەرۋاسىز ھالدا قاراپ قويدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى ئابلىز، سېنىپتىكىلەرغىمۇ گەپ قىلماي بىر قانچە ئاكتىپ قازاق ئوقۇغۇچىلار بىلەن چاقچاقلىشىپ چىقىپ كەتتى.

«بەلكى ئۆزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالغان بولۇشى مۇمكىن ئۇمۇ توغرا» دەپ گۇمانىمۇ قىلمىدىم.

كەچ كىرگەندە ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتتى. پەقەت ئابلىز بىلەن سىنىپتىكىلا قالدى، ئۇلار ئىنتايىن كۆڭۈلسىز قايغۇ بىلەن ئولتۇراتتى.

ــ بۈگۈن بىز خەۋەر ئاڭلىغاندىن كېيىن ئابلىز ئىككىمىز مۇنچىغا كىرىپ تازا پاكىز يۇيۇندۇق. مۇنچىدا بىر ـ بىرىمىز بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق. بۇ قېتىم بىزنىڭ ئامان قېلىشىمىز قىيىن، بولۇپمۇ ئابلىز، دېدى سىنىپتىكىلەر. ئۇلار بۇ سۆزنى شۇنچە ئېغىر قايغۇ

بىلەن سۆزلەۋاتاتتى. ئابلىزنىڭ كۆيۈمچان كۆزلىرى ھەممىمىزگە مېھرىبانلىق بىلەن قارايتتى. ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى بەكمۇ ئەسكى بولدى.

ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئوقۇغۇچىلار بولسا، «ئوقۇش تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرى» دەپ قولغا ئالىدىغان بولدى دەپ ئەنسىرىسە، بىز تەشكىلات پاش بولسا ھەممىنى قويماي قولغا ئېلىپ كېتىدۇ، دەپ قورقۇپ يۈردۇق.

مەنمۇ ئوغۇللارنى تەشكىلاتقا قاتناشتى، بىرنىمۇ قويماي قولغا ئېلىپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئۇلاردىن ئەنسىرەپتىمەن، ئۆزۈم توغرۇلۇق ئويلاپمۇ قويماپتىمەن.

## 13 - ئاپرېل

مەكتەپ بويىچە سەپەرۋەرلىك چوڭ دوكلات يىغىنى ئېچىلدى. بارلىق مىللىي ئوقۇغۇچىلار مەمۇرىيەت بىناسىدىكى كىچىك يىغىن زالىغا يىغىلدۇق. باۋدۇن يوئەنجاڭ (مەكتەپ مۇدىرى) يىغىندا دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتتا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ماۋجۇشىغا ۋە پارتىيىگە قارشى سۆز - ھەرىكەتلەر ئۈستىدە ۋە شيۇجېڭجۇيىچىلىق ئىدىيىلەر ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتتى. باۋدۇن يوئەنجاڭ سۆزىدە: ھەممىدىن كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان نەرسە شۇكى، بىزنىڭ ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى بىلەن خورشۇپنىڭ چۈشكەن رەسىمنى، بەزى ئوقۇغۇچىلار ماۋجۇشىنىڭ رەسىمنى كېسىپ تاشلاپ خورشۇپنىڭ رەسىمنى ئايرىپ قېلىپ ياتىقىنىڭ تېمىغا چاپلىۋالغان، ھەتتا بەزى ئوقۇغۇچىلار ماۋجۇشىنىڭ ھەيكىلىنى تامغا قارىتىپ قويۇپ «بېشىڭنى يەرسەن قاقۋاش» دەپ ھەيكىلىنى مۇشتلىغان...... دېگەنگە ئوخشاش مىسال، پاكىتلارنى سۆزلەپ چۈشكىچە دوكلات بەردى. باۋدۇن يوئەنجاڭ ھەر بىر سۆزىدە بىزگە قاراپ «سىلەرگە دەۋاتىمەن» دېگەندەك قىلىپ سۆزلەيتتى. بىزمۇ تازا كېلىشتۈرۈپ كىشلەرنىڭ بىزنى تونۇۋالسۇن دېگەندەك ھەممىمىز بىر جايغا توپلىشىپ ئولتۇرۇپتۇق.

## 15 - ئاپرېل دۈشەنبە

بۈگۈن رەسمىي ئۆگىنىش باشلاندى، بىزنىڭ قارارنىڭ مىللىي ئوقۇغۇچىلىرى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندى، بىرىنچى گۇرۇپپىدا ئابلىكىم، ئابلەي، شەمشىجامال، تۇرنىسا، غۇپۇر،

خەلىمە قاتارلىقلار بار ئىدى. ئىككىنچى گۇرۇپپىغا مەن، ئابلىز، ئەھمەد ئاكا، سىتىۋالدى قاتارلىقلارنى بۆلدى.

بۇ ئۆگىنىشكە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن گۇڭشەنتىڭدىن تۇردى ئىلى، يۇسۇپ، ئۆمەرجان، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىن گوزجاڭ، غوپۇر رىھىم، ئا. رىھىملار ۋە دوختۇرخانىدىن بىر قانچە كادىر كېلىپ قاتناشتى.

بۇ رەھبىرى ۋەكىللەر پەقەت بىزنىڭ قارار ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈنلا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۆگىنىشمۇ بىزنىڭ قارارنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆگىنىش بولدى.

گۇڭشەنىڭ ماشىنىلىرىمۇ مەكتەپكە كەينى ـ كەينىدىن قاتراپ تۇزاققا ئۇلجا كۈتكەن ئوۋچىدەك تاقەتسىز كۆرۈنەتتى. ئۆگىنىش باشلىنىپ ئوقۇغۇچىلار دوكلاتتىن ئالغان تەسرات ۋە چۈشەنچىلىرىنى ھەم ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى كۆز قاراشلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۆتتى. بىر قانچە ئوقۇغۇچىلار سۆزلىگەندىن كېيىن، ئۆگىنىش باشقۇرىدىغان كادىرلار دىققەت نەزىرىنى بىزگە يۆتكەپ:

ــ سۆيۈنگۈل، سىز نېمىشقا پىكىر بەرمەيسىز؟ دەپ سورىدى. ئويلىنىپ پىكىر بېرەرمەن دېدىم، ئارقىدىن تۇرۇپلا:

ــ ئابلىز پىكىر بىرىڭ، ئەھمەد توختى پىكىر بېرىڭ! دەپلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

ــ ماقۇل، مەن سۆزلەي، دەپ ئابلىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھمەد ئاكا سائەتلەپ ئۈچ بىرلىك ھەققىدە سۆزلەپ چىقتى. ھېچكىممۇ سىياسىي قانۇنلار بىلەن بۇلاردەك مۇكەممەل سۆزلەپ چىقمىغان ئىدى.

ئۆگىنىش بارغانسېرى قىزىشقا باشلىدى. بىردەم ئابلىزنى سوراق قىلسا، بىردەم ئابلەيىنى سوراق قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ تۇرنىسا، غوپۇر، ۋاھىت، سىتىۋالدى ۋە كېيىنكى قاراردىن ساجىدەنى بىر ـ بىرسىگە ئۈچراشتۇرماي سوراق قىلىپ چىقتى.

مەكتەپ تەشكىلاتىنىڭ سەپەرۋەرلىك دوكلاتىغا ئاساسەن، مەكتەپ دەرۋازىلىرىغا كۆزەتچى قويۇپ، بىر ئوقۇغۇچىنى رۇخسەتسىز چىقارماي، سىرتتىن تونۇشتۇرۇشسىز بىر كىمنى كىرگۈزمەيدىغان قىلىپ، تۈزۈمنى چىڭىتىۋەتتى.

ھېلىدىن ـ ھېلى ئاكتىپ ئوقۇغۇچىلارنى توپلاپ ئۇلارغا يىغىن ئاچاتتى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ بىر يامان ئىشنىڭ بارلىقىنى كۆڭلۈم سېزەتتى. لېكىن ئۇ قاراڭغۇ كۈنلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگۈم كەلمەيتتى.

گۇڭەنتىڭنىڭ ماشىنىسى ھەر بىر كەلگەندە سېتىۋالدى ئۇلتۇرالماي كېتەتتى، ئۇ ماڭا ئاستا پىچىرلاپ: «ئەنە ئېلىپ كەتكىلى كەلدى» دەيتتى. ئاكىتىپ ئوقۇغۇچىلار خۇددى بۇ ئەھۋالنى بىلگەندەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن بىزلەرنى كۆزىتەتتى.

ئۆگىنىشنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ تۇرنسانىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەردى. ئۇ ماڭا قارىماي، گەپ قىلماي، گەپ قىلسام مېنى سىلكىپ ياكى توڭلا جاۋاب بېرىپ، يا تاماق يېمەي، يا ئۇخلىماي بىئارام ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ماڭا ئەزەلدىن بۇنداق قىلىپ باقمىغان ئىدى. بىر ـ بىرىمىزدىن سىر يوشۇرمايدىغان، بىر ـ بىرىمىزدىن ھېچ نەرسە ئاياپ باقمىغان يېقىن دوستلاردىن ئىدۇق. مەن بارغانسېرى ئۆزۈمنى خۇددى ھەممە ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك يالغۇز، تەنھا ھېس قىلىپ، كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولدى.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ ئۆگىنىش باشقا ئۆگىنىشلەرگە ئوخشاش ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقىپ ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، تىۋلاپ مەسىلە تاپشۇرغۇزۇش شەكلىدە بولمىدى.

ساۋاقداشلار بىزگە ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ ئايرىلىپ كېتىشنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئەمما كۆڭۈللەرنىڭ يېقىنلىقىنى بىلدۈرگەن كۆزلىرى بىلەن قارايتتى. تەنەپپۇستا سىرتقا چىقسام يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بىز سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز» دەپ ئۆتكەن ساۋاقداشلىرىممۇ بار بولدى. تەنەپپۇستىن كىرگەندە بولسا «كەل مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇر، مېنىڭ بىلەن بىرگە ئولتۇر» دەپ مېنى ئۆزلىرىگە يېقىن تۇتۇپ، كۆڭلۈمنى كۆتۈرەتتى.

# 16 ـ ئاپرېل

ئۆگىنىشنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئابلىزنى سوراق قىلىپ:

– ئۆگىنىشتىن نېمىنى چۈشەندىڭ؟ ئىدىيە، كۆز قاراشلىرىڭدا قانداق تەۋرىنىش بولدى؟ دەپ سوراپتىكەن، ئابلىز بىر سائەت ئۈچ بىرلىك ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ قايتىپ چىقىپتۇ.

يەنە شۇ كۈنى ئاكىتىپ ئوقۇغۇچىلارغا يىغىن ئېچىپ بىزگە كۆڭلى يېقىن ئوقۇغۇچىلارنى بۆلۈپ، ھەر بىرىمىزگە تەربىيە بېرىپ سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن بەلگىلەپ قويۇپتۇ. دەم ئېلىشتا ياتاقتا ئولتۇرسام مەريەمنىڭ ئېرى مەھمۇت مېنى كارىدورغا چاقىرىپ چىقىپ، خىجالەت بولغاندەك قىسىلىپ تۇرۇپ:

— سۆيۈنگۈل، مېنى تەشكىل سىز بىلەن كۆڭلى يېقىن دەپ، سىز بىلەن سۆزلىشىشكە چىقاردى. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز مەندىن رەنجىپ قالماڭ، ئۇلار مېنى مەسىلەڭنى تاپشۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ سۆزلە دەيدۇ. بۈگۈن ئاكتىپ ئوقۇغۇچىلارغا يىغىن ئېچىپ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا رېئاكسىيون تەشكىلات بار دېگەندەك قىلدى. قۇلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمىدى. سىزنىمۇ تەشكىلاتتا بار، دەيدۇ. مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بەكمۇ ھەيران قالدىم ھەم كۆڭلۈم يېرىم بولدى. بۇ راستمۇ؟ ئەمما سىز مەندىن رەنجىمەڭ، راستىنى دېسەم سۆيۈنگۈل مېنىڭ كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى، دەپ قېرىنداشلارچە ئېچىنغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. سىزلەردىن ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ. ھەممىمىزگە ئېغىر كەلدى. بۇ قانداق ئىش؟ ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

مەن يەنىلا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ياق، مەھمۇت ھېچ نەرسە يوق. بۇلار شۇنداق نەرسىدىن گۇمان قىلىۋاتسا كېرەك، راستىنى ئېيتقاندا ئۇلار گۇمان قىلىۋاتقان نەرسە بىزدە يوق. بىزمۇ ساۋاقداشلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز، نەچچە يىللاردىن بېرى بىز خۇددى بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىدەك، يېقىن قېرىنداشلاردەك ياخشى ئۆتتۇق. مەھمۇت، شۇ كۆڭلىڭىز ئۈچۈن سىزگە رەھمەت، مەنمۇ ئۇنتۇمايمەن، دېدىم.

## 17 ـ ئاپرېل

بۈگۈن ئۆگىنىشنىڭ ئاخىرقى كۈنى، ئۆگىنىش ئادەتتىكىدىن جىددىيراق بولدى. كادىرلارنىڭ بىرسى چىقسا بىرسى كىرىپ توختىماي سۆزلەيتتى.

— بۇ سىلەر ئۈچۈن ئاخىرقى پۇرسەت، سىلەر ئۈچۈن بىر چوڭ چىقىش يولى، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالماڭلار يەنە، لېكىن بىزنى بىلمەيدۇ دەپ خام خىيال قىلماڭلار، بىز ھەممىنى بىلىمىز، پەقەت مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىلەرنى ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ، تىنچ ـ ئامان ئوقۇش پۈتتۈرۈۋالسۇن دەۋاتىمىز، دېدى.

ئۇلار سۆزلەۋاتقاندا بىزگە قاراپ ـ قاراپ قويياتتى. لېكىن بىز شۇنچىلىك خاتىرجەم، بۇنداق ئىشتىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئادەمدەك، ئويناپ، كۈلۈپ، چاقچاقلىشىپ يۈرۈۋەردۇق.

چۈشتىن كېيىنكى دەم ئېلىشتىن كېيىن ياتاققا كىرسەم تۇرنىسانىڭ رەڭگى ئۆچكەن،

خۇددى بەزگەك كېسىلى تۇتۇپ قالغان ئادەمدەك تىترەپ، قىيىن ئەھۋالدا ئولتۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەن:

ــ سۆيۈنگۈل بول، چاپسان بول، دەپ ئالدىراپ كەتتى.

مەنمۇ ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئەنسىرەپ:

ــ نېمە بولدۇڭ، ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ــ ياق، دېدى ئۇ ۋە قۇلىقىمغا بوش ئاۋازدا: بىزنىڭ ھېلىقى تەشكىلاتىمىز پاش بوپتۇ، مېنى ئۈچ كۈندىن بۇيان قاتتىق سوراق قىلىپ كەتكەن ئىدى. مەن «بىلمەيمەن، ئۇنداق نەرسە ئاڭلىمىغان» دەپ كېلىۋاتقان، بۈگۈن يەنە شۇنداق دېسەك، ئۇلار: «سىز بىلمىسىڭىز بىز دەپ بېرەيلى» دەپ مېنىڭ قەيەردە، قاچان، كىم ئارقىلىق قاتناشقانلىقىمنى تەپسىلىي ئۆز ئەينى دەپ بېرىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئامالسىز قالدىم. ئۇلار يەنە ئابلىكىم، ئابلىز، ئەھمەد توختىلارنى سورىغان ئىدى. مەن بىلمەيمەن، دېدىم. بۇ گەپلەرنى ساڭا دېمەسلىكىمنى، ئەگەر ساڭا دەپ قويسام بېشىم بىلەن جاۋاب قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. قانداق قىلىمىز، ساڭا دەپ قويماي دېدىم. جېنىم سۆيۈن، ئامالسىز قالدىم. ساڭا دېمەي دېسەم كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، دەپ يىغلىدى.

ئۇ ھەر بىر سۆزىنى تىترەپ ئاران دەپ بولدى.

ــ ئۇنداق بولسا بوپتۇ، سەن قورقما، ساڭا ھېچ گەپ كەلمەيدۇ، ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، پوزىتسىيەڭنى ياخشىلا، ئەمدى بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق، دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەردىم.

تۈرمىسانىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭ بىر شۈملۈقنى سەزدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كۈندىلىك خاتىرەمنى ۋە 59 - يىلى ئۆزۈم يازغان «چۈش» ناملىق ھېكايەمنى تۈرمىساغا بەردىم.

ــ ئال دوستۇم، بۇلارنى سەن چاپىنىڭنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئېلىپ چىقىپ مەكتەپنىڭ ماگىزىن كەينىدىكى ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتكىن، دەپ بېرىۋېتىپ، نەرسىلىرىمنى بىرەر قۇر رەتلىدىم. ئۇ ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ رەسىمىنى شەمشىجامالغا بەردىم.

ــ بۇ رەسىم مەندىن ساڭا يادىكار بولۇپ قالسۇن، ھەر قېتىم بۇ رەسىمنى كۆرگەندە مېنى ئەسلەرسەن! دېدىم. ئۇ «رەھمەت» دەپ ئېلىپ قالدى.

مېنىڭ نەرسىلىرىمنى تەكشۈرۈپ يىغىشتۇرۇۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن قىزلار:

ــ ۋاي قويساڭچۇ سۆيۈنگۈل، نېمشقا ئۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئەسكى قىلسەن؟ ئۇنداق يامان نەرسىلەرنى ئويلىما، خۇدايىم ساقلىسۇن، دەپ مېنى قۇچاقلاشتى.

مەنمۇ ئۇلارنى چىن ساۋاقداشلىق مېھرىم بىلەن قۇچاقلىدىم. ئۇلار كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

ــ ئۇنداق كۆڭلىمىزنى بۇزما، بىز ساڭا ئۇنداق يامان كۈننىڭ بولۇشىنى تىلىمەيمىز. بىز بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلىمىز بەكمۇ يېرىم بولدى، دېيىشتى.

بۇ قىسقىغىنا دەم ئېلىش ۋاقتىدا ياتاقداشلىرىمنىڭ مېھرىبان قەلبى مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆتۈردى. دەم ئېلىش ۋاقتى تۈگەپ ئۆگىنىشكە كىردۇق.

مەريەم بىلەن ئىككىمىز بىر يەردە ئولتۇرۇپ، يېنىمىزدىكى ئورۇننى ئابلىزغا ئېلىپ قويدۇق.

ئۆگىنىش باشلىنىش بىلەن ھېلىقى ئۆمەرجان دېگەن كىشى كىرىپ كۆپچىلىككە كەينىنى قىلىپ ئابلىز بىلەن ماڭا قاراپ ئولتۇردى.

مەن كىچىك بىر پارچە قەغەزگە «ئابلىز، تەشتەكتىكى گۈل بوراندا قېلىپ سۇنۇپ كېتىپتۇ» دەپ يېزىپ ئابلىزغا بەردىم، ئابلىز خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇمۇ بىر كىچىك قەغەزگە: «غولى سۇندىمۇ ياكى يىلتىزىمۇ؟» دەپ يېزىپ ماڭا بەردى. مەن قەغەزنى ئاغزىمغا سېلىپ چايناپ تۇرۇپ: «تەشتەك سۇنۇپ گۈلنىڭ يىلتىزىدىن كېتىپتۇ» دەپ يازدىم. ئاندىن ئابلىز يازدى:

ــ ئوچۇق يازغىنە نېمە گەپ بۇ؟

ــ ئۇلار تۇرنىسانى قاتتىق سوراق قىلىپتۇ... دەپ تۇرنىسادىن ئاڭلىغانلىرىمنى يازدىم.

ــ راستىمىدۇ؟ ئۇنى كىم سۇندۇردى؟

ــ بىلمەيمەن، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

بىز مانا مۇشۇنداق جىددىي خەت يېزىشىپ ئولتۇرساق ھېلىقى ئادەم بىزدىن كۆزنى ئۈزمەي ئولتۇردى. ئەگەر كېلىپ خەتنى سورىسا ئاغزىمغا سېلىپ يۇتۇۋېتەي دەپ مەنمۇ تەييار بولۇپ ئولتۇراتتىم. ئۇ ئادەم سۆز قىلىشقا باشلىدى.

ــ بۇ ئۈچ كۈنلۈك ئۆگىنىش يامان ئەمەس بولدى. ئۆگىنىش دېگەننىڭ سىياسىي

ئەھمىيىتى چوڭ بولىدۇ. بىز نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ھەل قىلالمىغان نەرسىلەرنى ھەل قىلدۇق. سۆزنىڭ ئۇچۇقنى ئېيتقاندا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا يوشۇرۇنۇپ ياتقان رېئاكسىيون تەشكىلاتمۇ پاش بولدى. بىز ئۇلار ئۈچۈن ئۆز يولىنى تېپىشقا ياخشى پۇرسەت بولسۇن دەپ بۇ ئۈچ كۈنلۈك يىغىننى ئورۇنلاشتۇرغان، لېكىن، ئوقۇغۇچىلار بىزنىڭ ئىشىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ جاھىللىق پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىز ھەممىنى بىلىمىز، بىز بەزىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ ئايرىم سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. «بۇلار ياشلار، ئۆز يولىنى تېپىپ ئالسۇن» دېدۇق. ئۇلار بىلمىدى، يەنە بەزىلەرنى سۆھبەتكە ئېلىپ چىقمىدۇق، يەنە بەزىلەر بۈگۈن چىقىشى مۇمكىن.

سىلەرگە بېرىلگەن بۇ پۇرسەتنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى ھېلىمۇ ھەم قولۇڭلاردا. پارتىيە سىلەرنى يوق قىلىشنى ئويلىمايدۇ. «ياشلار» دەپ كۆپ ئېتىبار بەردۇق. بىلمىدىڭلار، ئەمما بىزنىڭ سىياسىتىمىز دۈشمەنگە نىسبەتەن قاتتىق، بۇنى ئۇنتۇماڭلار....

ئۆمەرجان مۇشۇ ئاساستا خېلى سۆزلىدى. پۈتۈن سۆز جەريانىدا ئابلىز بىلەن ماڭا تىكىلىپ قاراپ، تەنە كۈلكىلىرى بىلەن بىزدىن كۆز ئۈزمەي سۆزلىدى. لېكىن ئابلىز ۋە مەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ھېچقانداق ئۆزگىرىشسىز قاراپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىدۇق.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۆمەرجان ياتاققا كىرىپ ماڭا:

ــ سائەت يەتتىدە ئىشخانىغا بېرىڭ دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

مەن شەمشىجامالنى، ئابلىزنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتىم. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ياتاقتىكى مەريەم، خەلىمە ۋە باشقا قالغان قىزلارنى رەنجىمەستىن سىرتقا چىقىپ تۇرۇشنى ئۆتۈندۈم، ئۇلار رەنجىمەستىن «ماقۇل» دەپ سىرتتا باشقىلارنىڭ كىرىپ قىلىشنى توسۇپ تۇرايلى، دەپ چىقىپ كەتتى. ئابلىزمۇ كىردى. مەن شەمشىجامالغا «ئىشىكتە قاراپ تۇرغىن» دەپ تاپىلىدىم، ئۇمۇ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. مەن ئابلىزغا تېز ـ تېز سۆزلىدىم:

ــ ئابلىز، مېنى سوراققا چاقىرىۋاتىدۇ، قانداق قىلىمىز؟

ــ سىز توختاپ تۇرۇڭ، مەن قالغان يولداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېلىپ، ئاندىن سىزگە جاۋابىنى بېرەي، دەپ ئالدىراش چىقىپ كەتتى. ئابلىزمۇ كېچىكمەستىن كىرىپ كەلدى.

ــ سۆيۈنگۈل، بىز ھەممىمىز باش قوشۇپ مۇزاكىرىلەشتۇق. ئۇلار بىلگەن بولسا بىز ھېچقانداق قىلىپ يوشۇرۇپ كېتەلمەيمىز! بىز ئەمدى پوزىتسىيىمىزنى ياخشىلاپ بىرەرسىمىز بولساقمۇ جەمىيەتتە ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشايلى. ئۇ ئىشلىرىمىزغا

كېيىنچە يەنە پۇرسەت بولۇپ قالار، قۇربان بەرمەي غەلىبە يوق. ئاللاھ خەلقىمىزنىڭ بېشىغا شۇ مۇستەقىللىق كۈنلەرنى بېرە! ئۇ ئېچىنغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: ھەي سۆيۈنگۈل، بىرەر ئىش قىلالماي تۇرۇپ بۇ تەشكىلات پاش بولۇپ، يىغىشتۇرۇلۇپ كېتىۋاتقىنىغا ئېچىنىمەن، دەپ بېشىنى چايقاپ كۆزىگە ياش ئالدى.

مەن يەنە ئابلىزنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

ــ ئابلىز، بۇ بىزنىڭ بىرىنچى قەدىمىمىز، بۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگەپ كەتمەيدۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۆلمىسەك يەنە ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز، كېيىنكى ئەۋلادلار بەلكى بىزنىڭ ئىزىمىزدا مېڭىپ بىز كۆزلىگەن نىشانغا يېتەر. بىزنىڭ قولغا ئېلىنىشىمىز مەغلۇپ بولغانلىقىمىز ئەمەس، بەلكى غەلىبىمىز، بىزنىڭ قولغا ئېلىنىشىمىز يەنە خەلق ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىغا تەشۋىق بولىدۇ، دېدىم.

ئابلىز ئۆلار كېلىپ قالمىسۇن دەپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى ۋە چەكسىز مېھرىبانلىق ئىچىدە مېنىڭ بىلەن خوشلاشتى:

ــ خەير ـ خوش، كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭ، سىزنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم. مەن شۇ تېگى يوق خىياللار بىلەن تۇرغان ئورنۇمدا تۇرۇپلا قاپتىمەن، شەمشىجامالنىڭ:

ــ ئۆمەرجان كېلىۋاتىدۇ، دېگەن سۆزى بىلەن ئۆزۈمگە كەلدىم. ئارقىدىنلا ئۆمەرجان ئىشىكنى ئېچىپ ياتاققا كىرىپ كەلدى.

ــ يۈرۈڭ، سىزنى كۈتۈپ قالدى.

بىز ئىشخانىغا كىرىپ كەلدۇق. ئىشخانىدا يەتتە ئادەم ئولتۇراتتى. دىڭ شۇجى، تاڭ يۈەنجاڭ، مەكتەپ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى (خەنزۇ) گوڭئەنتىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى (خەنزۇ)، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى غوپۇر رېھىم، يەنە مەن تونۇمايدىغان بىر خەنزۇ بولۇپ، مېنى سوراق قىلىش ئۈچۈن كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ، مەن ئۇلار كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇم.

گوڭئەنتىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بىرىنچى بولۇپ سۆز ئاچتى:

ــ سىز سۆيۈنگۈل، بۇ سىزغۇ دەيمەن! ئۇ تەنە ئارىلاش كۈلۈپ قويدى.

ــ ھەئە، مەن سۆيۈنگۈل، دېدىم. مەن ئۆزۈمنى خاتىرجەم، ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، گەۋدەمنى تىكلەپ ئورۇندۇققا يۆلىنىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇردۇم.

ــ ھە، سەن بۇ ئۈچ كۈنلۈك ئۆگىنىشتىن نېمە تەسىرات ئالدىڭ؟ نېمىلەرنى

چۈشەندىڭ؟ سۆزلەپ باق! دېدى ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.

مەن ئۇنىڭ سوئالىغا باشقىلارغا ئوخشاش ئۈچ بىرلىك ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم.

ــ سىز پەقەت شۇنىلا بىلدىڭىزمۇ؟ ئىدىيىڭىزدە ھېچقانداق تەۋرىنىش ھاسىل قىلمىدىما؟ بىز سىزنى بىلىمىز، ئۆزى كىرىپ ئۆز خاتالىقىنى تونۇيدۇ، ئۆزى ئىقرار بولۇپ، جىنايىتىنى پاش قىلىدۇ، دەپ سىزنى ئۇزۇن ۋاقىت كۈتتۇق. ئەمدى كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، بىزنى ئالدىيالمايسىز، سىز پارتىيىنىڭ سىزگە قىلغان كەڭچىلىك سىياسىتىنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئادەملىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ ئۆز مەيدانىغا قايتتى. سىز ئەمدى كىمگە ئىشىنىسىز؟ كېلەچىكىڭىزنى ئويلاڭ، مەسىلىڭىزنى پاش قىلىڭ! دېدى.

ــ نېمىنى پاش قىلىمەن؟ دەپ سورىدىم.

ــ سەن تېخى نېمىنى پاش قىلىدىغىنىڭنى بىلمەي ئولتۇرامسەن؟

ئۆزۈڭنى خۇپسەنلىككە سېلىپ قۇتۇلماقچىمۇ؟ قۇرغان تەشكىلاتىڭنى پاش قىل دەيمىز، سەن ئۇنى يوشۇرالمايسەن، ئادەملىرىڭنىڭ ھەممىسى پاش قىلىپ بولدى، دېدى رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كەسكىن ـ كەسكىن قىلىپ.

ــ ئۇلار پاش قىلىپ بولغان بولسا، مېنىڭ يەنە سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوقكەنغۇ، دېدىم.

ــ سەن تېخى ياخشى ئىش قىلدۇق دەپ يۈرەمسەن؟ سورىدى ئۇ كىشى قايتىلاپ.

ــ ياق، ياخشى ئىش قىلدۇق دېمەيمەن، بىراق يامان ئىشمۇ قىلمىدۇق.

ــ ۋاي ـ ۋۇي نېمىلەرنى سۆزلەۋاتىسەن، ئادەم ئەخمەق قىلىپ.

ــ سىزلەرچە بولغاندا ياخشى بولمىدى، بىزچە بولغاندا يامان ئىش قىلمىدۇق. قورال تۇتۇپ ئادەم ئۆلتۈرمىدۇق، ئىسيان كۆتۈرۈپ خەلق ئىچىگە چىقمىدۇق. ھېچقانداق ئىش ئىشلەنمىدى، پەقەت مۇستەقىللىق داۋاسىنى قىلدۇق.

ــ نېمە دەۋاتىسىز؟ سىز بىزگە مۇستەقىللىق داۋاسىنى ساتقىلى كەلدىڭىزمۇ؟ بىلىپ قويۇڭ، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، دەپ ئۆمەرجان ۋارقىراپ كەتتى. ئولتۇرغان باشلىقلار مېنىڭ سۆزۈمنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشنى كۈتۈپ:

ــ نېمە دەيدۇ؟ دەپ سوراپ كېتىشتى.

ــ شىنجاڭ جۇڭگونىڭ يېرى. سېنىڭ مۇستەقىل دېيىشكە پاكىتىڭ بارمۇ؟ دەپ

سوريدى رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.

ــ ھەئە پاكىتىم بار، تارىخىنىڭ ئۆزى پاكىت! دېدىم.

ــ قانداق تارىخ ئىكەن ئۇ؟

ــ شەرقىي تۈركىستان تارىخى.

ــ ئۇ تارىخنى ساۋۇت ئوخشاش رېئاكسىيونلار يېزىپ چىققان. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئەزەلدىن تارتىپ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن ھەم بۇندىن كېيىنمۇ ئايرىلمايدۇ. ھېچقانداق بىر كۈچ شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. ساۋۇت ئوخشاش جاھىل ئۇنسۇرلار نېمە نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ؟ پارتىيە ئۇندىقلاردىن قورقمايدۇ. پەقەت ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ، خالاس! ئۇ كىشى سۆزلىگەندە شۇنچىلىك ئاچچىق بىلەن ۋارقىراپ سۆزلىدى.

ئولتۇرغانلارنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى سەزدىم. ھېلىقى مەن تونۇمايدىغان خەنزۇ مەندىن:

ــ سىلەرنىڭ ئارقا تىرىكىڭلار كىم، ئۇلار نەدە؟ دەپ سورىدى.

ــ ئۇنداق نەرسە يوق!

ــ يوق دەمسەن؟ يولداشلىرىڭنىڭ ھەممىسى پاش قىلدى. بىز پەقەت سېنىڭ پوزىتسىيەڭنى سىناۋاتىمىز، دەپ ۋارقىرىدى.

ــ پاش قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى بىلمىسە، مېنىڭ ئۇنداق ئىشتىن خەۋىرىم يوق، دەپ جاۋاب بەردىم.

ــ راست بىلمەمسەن؟ سەن يوشۇرۇپ قالىمەن دەپ ئويلىما، ھەممە نەرسە پاش قىلىنىپ بولدى. ياخشىراق ئويلان، سىلەرگە بىز يۇمشاق پوزىتسىيە قوللاندۇق. پارتىيىنىڭ دىكتاتۇرىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار، سىلەرنى ئوقۇغۇچى ئىكەن، بولۇپمۇ سىزنى قىز بالا ئىكەن، دەپ كۆپ كەڭچىلىك قىلدۇق، پۇرسەت بەردۇق، ئەگەر سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا خىزمەتچى ياكى ئىشچىلار بولغان بولسا بۇ چاققا قەدەر ئاللىبۇرۇن پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي تۈرمىگە ئېلىپ كەتكەن بولاتتۇق.

بۇنداق كەڭچىلىك سىياسىتىنى ھەممە ئادەمگە قوللانغىلى بولمايدۇ. شۇنى بىلسەڭلار بولىدۇ، ۋاقىت قىس، بىزنىڭ مۇھىم ئىشىمىز بار، ئەمدى داۋاملىق ياخشى ئويلىنىپ مەسىلەڭلارنى تەل ـ تۆكۈس تاپشۇرۇپ، پارتىيىنىڭ كەڭچىلىك سىياسىتىگە

ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشىڭلار كېرەك، دەۋاتاتتى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئۆمەرجان:

ــ تەشكىلاتنىڭ سىز ساقلاپ كېلىۋاتقان بارلىق ماتېرىياللىرىنى ئەتە ئەتىگەن ماڭا تاپشۇرۇڭ، بۇندىن كېيىن ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، يىغىن ئېچىپ يۈرۈشۈڭلارغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، دېدى.

باشقىلارمۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا ھازىرلاندى. ئىشىكتىن مېنىڭ چىقىشىم بىلەن تەڭ كەينىمدىن ئۇلارمۇ چىقتى.

مەن ياتاققا كىرسەم ئوقۇغۇچىلار تېخى ئۆگىنىشتىن چۈشمىگەن ئىكەن. يالغۇز ياتاقتا ئولتۇرۇپ، بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەرنى ئويلاپ چىقتىم. ھەممىدىن ئېغىر بولۇپ تۇيۇلغىنى، تەشكىلاتنىڭ ماڭا ساقلاشقا بەرگەن ماتېرىياللىرى ئىكەن. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۇ ماتېرىياللارنى ھەرگىز ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن ھەم ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويمايمەن، ئەمدى شۇ ماتېرىياللارنى تېزدىن جايلىشىم كېرەك. ئۇ ماتېرىياللارنى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويماي ساقلاش مېنىڭ ۋەزىپەم. ئۆلسەممۇ مەن ئۇ ماتېرىياللارنى ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويمايمەن. بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىم كېرەك. ھازىر ئۆيگە قايتىپ بېرىپ بۇ ئىشنى بېجىرىپ كېلەيمىكىن؟... ياق، كەينىمگە ئادەم چۈشۈپ، مەن ماتېرىياللارنى تازا بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندا كىرىپ قالسا ئىش يامانغا كېتىپ چوڭ چاتاق چىقىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇخلىغاندىن كېيىن بارسامچۇ؟ ئۇ چاغدا بەك كەچ بولۇپ كېتىدۇ؟ ئاپتوبۇسلار سائەت 10 غا قالماي توختاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كېچە ياتاقتا بولمىسام ئۇلارنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ قوزغاپ قويىمەن، ئىش تېخىمۇ چوڭلاپ كېتىدۇ.

قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بېشىم قېتىپ كەتتى. ئاڭغىچە ئۆگىنىش ئاياغلىشىپ ئوقۇغۇچىلار ئۆز ياتاقلىرىغا قايتىشتى.

شەمشىجامال كىرىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئاستا پىچىرلىدى:

ــ بۈگۈنكى ئۆگىنىشتە ئابلېكىم تەشكىلاتنى پاش قىلدى، دېدى.

كەينىدىنلا ئابلىز كىرىپ سورىدى:

ــ نېمە بولدى، نېمە سوراقلار قىلىندى؟

مەن ئەھۋالنىڭ ھەممىنى ئابلىزغا سۆزلەپ بەردىم. ئابلىز:

ــ كىم پاش قىلغاندۇ؟ ئۇلار ھەممە نەرسىنى بىلىپ سۆزلەپ ئولتۇرىدۇ، يەنە بۇلار

بىزنى ئارقا تىرىكى بار دەپ قاتتىق گۇمان قىلىۋاتىدۇ، ئەھمەد ئاكا پاش قىلدىمىكىن؟ ـ ئابلىز ئويلىنىپ تۇرۇپ سورىدى.

ــ بولىدىغان ئىش ئاخىرى بولدى، ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرەيلى قايغۇرما، بەربىر يوشۇرۇپ بولالمايمىز، دېدىم.

ئابلىز ئۈن ـ تىنسىز بىر نۇقتىغا قاراپ تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

ــ بىز ھېچ ئىش قىلمىدۇق، ياكى قورال كۆتۈرۈپ مەيدانغا چىققىنىمىز يوق، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قان تۆككىنىمىز يوق. ئىسيان كۆتۈرۈپ خەلقنى قوزغىمىدۇق، دېدىم مەن، ئابلىزنىڭ جىم ئولتۇرۇپ كەتكىنىگە قاراپ.

ــ شۇ ئىشلار ئۈچۈن بىزنى بىر نەرسە قىلىۋېتەرمۇ؟ يامىنى كەلسە مەكتەپتە رېجىمغا ئېلىپ قويار، پوزىتسىيىمىزنى ياخشىلىساق بەلكى كەچۈرلىك قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ كۈلدى ئابلىز.

ــ راست بىز ھېچنەرسە قىلالماي قالدۇق. مەن شۇنىڭغا ئېچىنىمەن، بىرەر ئىش قىلالىغان بولساقمۇ نېمە كۈن كۆرسەممۇ رازى ئىدىم، دېدىم مەن ئېچىنغان ھالدا.

ئابلىز ئويلىنىپ تۇرۇپ:

ــ ئالدى ـ كەينىمىزدىن يولىمىزنى توسۇپ بىزنى ماڭدۇرمىدى. ئويلىغان كۆپ ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قالدى. ئەمدىكى مەسىلە كەلگۈسىدە بىزنىڭ ئىشلىشىمىزگە ئاللاھ نېسىپ قىلسا بولار ئىدى، دېدى ۋە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ـ ئەمدى غەم قىلماڭ، يېتىپ ئۇخلاڭ، ئارام ئېلىڭ، باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا ئامال يوق. مەن قايتاي، ياخشى چۈش كۆرۈڭ، خەير دەپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، قايتىپ كىرىپ ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ ئاستا:

ــ ئەتە كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭ، دەپ كۈلۈپ چىقىپ كەتتى.

# 18 ـ ئاپرېل

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغاچقا مەن خالات ۋە كىتابلىرىمنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدىم. پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتسام كەينىمدىن كامىل كېلىپ بىر پارچە خەتنى ماڭا بېرىپ، «دىققەت قىلىڭ» دەپ يۈگۈرۈپ

چۈشۈپ كەتتى. مەن خەتنى چىڭ تۇتۇپ سىرتتىكى ھاجەتخانىغا كىرىپ خەتنى ئوقۇدۇم، خەتتە:

«سۆيۈنگۈل، بىز سىزنى بۇنداق يولدا يۈرەر دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمىز، بىز بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سىزگە بولغان ھۆرمىتىمىز تېخىمۇ ئاشتى. سىزنىڭ ئالىي روھىڭىز بىزنىڭ قەلبىمىزدە چوڭ ھۆرمەت بىلەن مەڭگۈ ياشايدۇ، ھەممىمىز سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز»، دەپ يېزىلغان ئىكەن. شۇنچە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ يېزىلغان بۇ خەتنى كۆز ياشلىرىم بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. بۇ خەت ماڭا چوڭ روھىي ئوزۇق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بولدى ۋە ئۇلار ماڭا ئارقا تىرەك بولغاندەك بىلىندى. خەتنى يەنە باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۇلارغا ئىش تېپىپ بەرمەي دەپ يىرتىپ تاشلىدىم.

دوختۇرخانىغا بېرىپ تۇرۇشۇمغا ئەھمەد ئاكا كەلدى. ئەھمەد ئاكا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. ئىشخانىغا كىرىپ كىتابلىرىنى قويدى، خالتىنى كىيىپ ئۈستى - ئۈستىگە بىر ئاغرىقنىڭ تارىخىنى ئېچىپ بىر نەرسىلەرنى يازماقچى بولۇۋىدى مېنى كۆرۈپ قالدى - دە:

— ئاخشام سىزنى چاقىرتىپ چىقىپ نېمىلەرنى دېدى؟ دەپ سورىدى، مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— سىز تېخى بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىزما؟ ئابلىز سىزگە ئېيتمىدىما؟

— ياق، مەن ھېچقانداق گەپ ئاڭلىمىدىم.

— ئاخشام ئابلىز مەجلىس ئېچىپ تەشكىلاتنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىپ ئەمدى تەشكىلاتنى يوشۇرۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقتىن، تەشكىلات بويىچە ئېيتايلى دېگەن قارارغا كەلدى، دەپ تۇرنىسانىڭ دېگەن سۆزىنى ۋە سوراقتا بولغان گەپ - سۆزلەرنى دەپ بەردىم.

سۆزۈم تۈگىگەندىن كېيىن ئەھمەد ئاكا ئىچىگە تارتىپ، تۈگەشىپتۇق، تۈگەشىپتۇق، دەپ ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئەمدى قانداق بولغىنى، غۇپۇر پاش قىلغان بولۇشى مۇمكىن، تۇرنىسا ئىككىسى پاش قىلدى، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

ئەتىگەنلىك تەكشۈرۈش ئالدىدا دوختۇر، سېستىرالارنىڭ كېچىلىك دېژۇرنىسىدىن دوكلات باشلاندى. ئەھمەد ئاكىنىڭ ھالى ناچار كۆرۈندى. چىرايلىرى سارغىيىپ ئورۇقلاپ

كەتكەندەك پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئون بەش مىنۇتلۇق كەچلىك دىژۇرنىلىك دوكلاتتا ئۈچ قېتىم ھاجەتخانىغا بېرىپ كەلدى.

ئەھمەد ئاكىغا بۇ ئىش قاتتىق تەسىر قىلسا كېرەك. چىرايلىرى ۋە روھى ھالىتىدە بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۆزگىرىش بولۇپ كەتتى.

دېمىسىمۇ ھاياتىنىڭ يۆنىلىشى ئېغىر كۈلپەتنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ھەممىمىز مۇشۇ قاراڭغۇلۇقتا كېتىپ بارىمىز.

دوكلات خۇلاسىلىرىنى قولۇمدىكى دەپتەرگە يېزىۋاتاتتىم، بىر خەنزۇ دوختۇر كېلىپ:

– سېنى بىرسى چاقىرىۋاتىدۇ، دېدى.

سىرتقا چىقسام زۇبەيدە چاقىرتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

– سېنى ئۆمەرجان ياتاقتا ساقلاپ تۇرىدۇ، دېدى.

«ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ تايىنلىق شۇ ماتېرىياللارنى تاپشۇر دەپ كەلگەندۇ، قانداقلا بولمىسۇن ئۇ ماتېرىياللارنى تاپشۇرمايمەن، بىر ئامال تاپسام بولاتتى» دېگەن خىيال بىلەن كەلسەم ياتاقنىڭ ئالدىدا ئۆمەرجان ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ماتېرىياللارنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭ! دەپ ياتاققا قاراپ ماڭدى.

– ماتېرىياللار بۇ يەردە ئەمەس، شەھەردىكى ئۆيدە! دېدىم؟

– شەھەردە قانداق ئۆيىڭىز بار؟ دەپ سورىدى ئۆمەرجان ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ.

– چوڭ دادامنىڭ ئۆيىدە، مېنىڭ كىيىم ساندۇقۇمنىڭ ئىچىدە، دېدىم.

– ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ، بىرگە بېرىپ ئېلىپ كېلەيلى!

ئاللاھ، بۇ قىيىن ئىش بولدى. ئەمدى بۇنى قانداق جايلاش كېرەك؟ مېڭەمدە ھەر تۈرلۈك ئويلار ئۆتۈشكە باشلىدى. بىز ئاپتوبۇس بېكىتىگە يېتىپ كەلدۇق.

– ئۆيۈڭلار قەيەردە؟ خىيالىمنى ئۆمەرجاننىڭ سۆزى بۇزدى.

– بىزنىڭ ئۆي، شىنخۇئا كىتابخانىسىدىن يۇقىرىراق، رۇس كۈلۈبىغا يېقىن جايدا.

ئالدىمىزدىن گۇڭەنتىڭنىڭ جىپ ماشىنىسى غۇيۇلداپ ئۆتۈپ مەكتەپكە كىرىپ كەتتى ۋە كۆپ ئۆتمەستىن ئايلىنىپ چىقىپ كەلدى.

– مانا بىزنىڭ ماشىنا، شۇنىڭ بىلەن بارايلى، ئۆمەرجان ماشىنىنى توستى. ئىچىمدە:

«خۇدايىم توختىمىسا بوپتىكەن» دەپ تىلەپ تۇراتتىم، دېگەندەك ماشىنا توختىماي ئۆتۈپ كەتتى. ماشىنا كەتكەندىن كېيىن، ئۆمەرجان خىجالەت بولغاندەك كۈلۈپ:

ــ يېڭى شوپۇر ئىكەن، مېنى تونۇمىدى، ئاپتوبۇس بىلەن بارايلى، دېدى.

كۆڭلۈمدە ھەر تۈرلۈك خىياللار، ئويلار بىلەن ماتېرىياللارنى قانداق قىلسام بەرمەسمەن، دېگەن نەرسىنىلا ئويلايتتىم. كېيىن خىيالىمغا مۇنداق بىر ئوي ـ پىكىر كەلدى: بىزنىڭ ئۆيدە يوغان بىر ئېغىز ئامبار ئۆيىمىز بار بولۇپ، ماتېرىياللارمۇ ئەنە شۇ ئۆيدە ئىدى. ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يازدا مۇز سېلىپ يېمەكلىك ساقلايدىغان كەڭلىكى بىر يېرىم مېتىر كېلىدىغان ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ياسالغان بىر ئورا بار ئىدى. ئەگەر ئۆمەرجان ماتېرىيال بار يەرنى ئاختۇرماقچى بولسا شۇ ئورىغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈپ، ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈۋېتەي، ئاندىن بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم ـ دە، كۆڭلۈم خاتىرجەم بولدى.

شۇ خىياللار بىلەن بىزمۇ شىنخۇئا كىتابخانىسىغا يېتىپ كەلدۇق. ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ئۆمەرجان مەندىن سورىدى:

ــ ئۆيىڭىز قايسى؟

ــ ئەنە ئاشۇ.

ــ مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇراي، سىز بېرىپ ئېلىپ كېلىڭ، مەن ھەيران بولدۇم. بۇ بىر ياخشى گەپ بولدىغۇ! ئالداۋاتامدۇ ياكى راستتىن دەۋاتامدىغاندۇ، نېمە بولسىمۇ كىچىك ھويلىغا كىرىۋالسام ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ، كۆيدۈرۈپ بولغۇچە ئاچمايتتىم دېگەن ئويغا كېلىپ ئۆيگە قاراپ چاپسان مېڭىپ كەتتىم.

ھويلىغا كەلدىم. چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپلا يۈگۈرۈپ بېرىپ كىچىك ھويلىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلسەم ئىشىكتە يوغان قۇلۇپ تۇرۇپتۇ.

«ئۇھ» دەپ خۇشال بولۇپ، كەينىمگە شۇنداق بۇرۇلۇشۇمغا ئۆمەرجان كەينىمدە ھىجىيىپ قاراپ تۇرامدۇ. چۆچگىنىمدىن ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم.

ــ يوقمىكەن؟ نەگە كەتكەندۇ؟

مەن ئۇنىڭغا يالغاندىن:

ــ چوڭ ئاپامنىڭ سىڭلىسى سايوزىغا ماڭماقچى ئىدى، بەلكى شۇنى ئۇزاتقىلى كەتتىمىكىن؟ دېدىم.

ـ سز قوشنىلاردىن سوراپ بېقىڭ، ئاچقۇچنى تاشلاپ كەتتىمكىن، قاچان كېلىدۇ؟ ئوقۇشۇپ بېقىڭ.

مەن يۈگۈرۈپ قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە كىردىم. زەينۇس ئاپپاي ماشىنىدا رېشلىيە ئىشلەۋاتقان ئىكەن.

ـ قانداق ئەھۋالىڭ سىڭلىم، يۇقىرى ئۆت! دەپ ئالدىمغا كېلىپ مېنى ئورۇندۇققا باشلىدى. مەن سالاملىشىپ بولۇپ:

ـ چوڭ ئاپاملارغا كەلگەن ئىدىم. ئۆيدە يوق ئىكەن. سىز نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ دەپ سورىدىم.

ـ ئۇلار گۇڭشېدا مەھەللە يىغىنى بوپتىكەن، شۇ يەرگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. بەش مىنۇت كۈتسىڭىز ئۇلار قايتىپ كېلىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى، زەينۇس ئاپپاي. مەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقىپ ئۆمەرجانغا:

ـ چوڭ ئاپام سىڭلىسىنى ئۇزاتقىلى كېتىپتۇ، كەچتە قايتىپ كېلىدۇ دەيدۇ، دېدىم.

ئۆمەرجان سائىتىگە قاراپ قويۇپ، ئۇنداق بولسا ھازىر سائەت ئون بولدى. چوڭ دادىڭىز چۈشلۈك تاماققا كېلەر بەلكى، بىراز كۈتۈپ باقايلى.

ـ ياق، چوڭ دادام تامىقنى ئىدارىسىدە يەيدۇ، سائەت بەش ـ ئالتىلەردە كېلىدۇ، دېدىم.

ئۆمەرجان بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ:

ـ ئۇنداق بولسا قايتايلى، كەچ سائەت بەشلەر بىلەن مەن سىزنى چاقىراي، شۇ چاغدا بىرگە كېلەيلى، دەپ مەكتەپكە قايتتۇق.

مەن ياتاققا كىرىپ چاپىنىمنى يېشىپ پىلاتىيە (كاستۇم شەكلىدىكى ئەستەرسىز كىيىم) نى كىيدىم. يانچۇقۇمغا ئاپتوبۇس بېلىتى ئۈچۈن پۇل ۋە ئۆينىڭ ئاچقۇچنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا كەتتىم.

مەن چۈشلۈك ئارام ئېلىش ۋاقتىدا ئۇ ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈۋېتىشىم كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر بۇ ۋاقىتتىن كەچ قالسام ئەمدى پۈتۈنلەي كەچ قالىمەن، بۇ ئادەم ئۆينى كۆرۈۋالدى. ماڭا دېمەي ئۆزى كېلىپ مەيلىچە ئاختۇرۇپ ئۆزى ئېلىپ كېتىشنى ئويلاۋاتقاندۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا چوڭ دادامنىڭ ئۆيىدىكى ساندۇقتا دەپ يالغان ئېيتىپ قويغان ئىدىم. مەن قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭدىن بالدۇر

بىرىپ ئىشىمنى بىجىرمىسەم، بۇ ۋاقىتتىن قالسا كەچ بولىدۇ دەپ كۆڭلۈم ئالدىراپ تۇراتتى. دوختۇرخانىغا كىرسەم سائەت 11 دىن 20 مىنۇت ئۆتۈپتۇ. مەن كىرىپ خالىتىمنى كىيگۈچە بىزنىڭ مۇئەللىمىمىزمۇ قايتىپ كەلدى ۋە مېنى كۆرۈپ:

ـ سىنىڭ كارىۋىتىڭغا بىر ئاغرىق كەلدى. ئۇنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇپ، داۋالاش ئۇسۇللىرىنى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ھەممە سۈيدۈك، قان تەكشۈرۈش دېگەنلەرنىڭ ھەممىنى ئۆزۈڭ قىلىپ كېسەلنى ئۆزۈڭ داۋالاپ چىقسەن ھەممە كېسەل تارىخىنى ياخشى يېزىپ چىققىن، مۇشۇ كېسەل ساڭا ئىمتىھان بولىدۇ، دىققەت قىل، دېدى.

ـ ۋاي خۇدايىم، مېڭەمگە ھېچنەرسە چۈشمەيۋاتقاندا، بۇنى قانداق قىلارمەن؟ دەپ ئىچىمدە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم ۋە يەنە تېزلىك بىلەن، ئارتۇق غەمنى قۇيايچۇ! دەپ تەكشۈرۈش سايمانلىرىنى ئېلىپ كېسەل تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. كېسەل بىر ياش خەنزۇ ئايال ئىكەن. ئەھۋالى خېلىلا ئېغىر ئىدى. بەدەن ھارارىتى بەكمۇ يۇقىرى بولۇپ، قىزىپ كەتكەن ئىكەن، ئۆزىنىڭ گەپ قىلغۇدەك ھالىمۇ يوق، ئىنجىقلاپ ئولتۇراتتى.

كىرىپ ئاغرىق تارىخىنى سوراشقا باشلىدىم. ئۇ قىينىلىپ ئاران ـ ئاران جاۋاب بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ شۇنچە قىينىلىپ سۆزلىگىنىگە يارىشا ئۇنىڭ سۆزى قۇلىقىمغا كىرسە نېمە دەي! ئۇ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئويلىسام مېڭەمدە ھېچنەرسە يوق. قايتا سورىدىم. ئۇ يەنە سۆزلىدى، كۆزۈم بىردەم ـ بىردەم سائەتتە ئىدى، يەنە مېڭەمگە ئالالماي تۇرسام ئاغرىق ئاخىرى ئۆزى ئېغىز ئاچتى.

ـ دوختۇر مېنىڭ پەقەت ھالىم يوق، دېدى.

سائەتكە قارىسام 12 گە 20 مىنۇت قاپتۇ، مىنۇتلار تېز ـ تېز ئۆتۈۋاتاتتى. كېسەلگە تېخىچە  دىئاگنوز قويمىدىم.

ئاخىرى ئاران تەسلىكتە مېڭەمنى بىر يەرگە يىغىپ كېسەلگە دىئاگنوز قويدۇم. ئۇ ئايال ئۆتكۈر بۆرەك ياللۇغى ئىدى. مەن ئاغرىققا:

ـ سەن ھازىر دەم ئال، دورا ۋە داۋالاش توغرىسىدا سېستىرالارغا تاپشۇرىمەن، دەپ چىقىپ كەتتىم.

سائەتكە قارىسام 12 گە 10 مىنۇت قاپتۇ. ئاغرىققا بېرىلىدىغان دورا ۋە تائاملارنى يېزىپ قويۇپ، قان ۋە سۈيدۈكنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزۈم ئىچكى كېسەللىكلەر زالىنى بويلاپ مېڭىپ باللار بۆلۈمىنىڭ تېز كۆرۈش بۆلۈمىگە چىقىش ئىشىكىنىڭ ئالدىدا

خالتىمنى يېشىپ پەلەمپەي ئاستىغا تىقىپ قويۇپ، دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا چىقتىم. چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بەختىمگە يارىشا بىر ئاپتوبۇس تۇرغانىكەن. يۈگۈرۈپ ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇردۇم. قارىسام ماڭا تونۇش بولمىغان سوراق ئۈستىلىدە ئولتۇرغان خەنزۇ ئاپتوبۇستا ئولتۇرىدۇ. ۋاي خۇدايىم قانداق قىلارمەن، دەپ ئاپتوبۇسنىڭ ئورۇندۇقىغا بېشىمنى قويۇپ ئولتۇرۇۋالدىم. مەن ئالدىرىغانسېرى ئاپتوبۇس ماڭمايۋاتاتتى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ قايسى تەرەپتىن كېلىپ مېنى چۈش دەپ سۆرەپ كېتەر دېگەن ئوي بىلەن پۈتۈن بەدىنىم جۇغۇلداپ ئولتۇراتتىم. يېنىمغا بىر ئادەم كەلسە، مېنى تۇتقىلى كەلدىمىكىن دەپ يۈرىكىم جىغىلدايتتى. ئاپتوبۇسمۇ قوزغالدى. مەن ئالدىرىغانسېرى ئاپتوبۇس ئالدىرىمىغاندەك بىلىنەتتى. ئاخىرى بېيمىنغىمۇ يېتىپ كەلدۇق، ھېلىقى مەن ئەنسىرىگەن خەنزۇ مەن ئاخشام كۆرگەن سوراقچى ئەمەسكەن. بېيمىنغا كەلگەندە چۈشۈپ قالدى. ئۇھ! دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردۇم. «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ، قۇيرۇقى بىلەن بەش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك ئاپتوبۇسقا چىققانلىكى خەنزۇ شۇ ئاخشامقى خەنزۇغا ئوخشايتتى.

بەختىمگە قارشى ئاپتوبۇس بېيمىنغا كەلگەندە 15 مىنۇت توختاپ دەم ئېلىشقا تۇردى، مەن ئالدىراپ تاقىلداپ كېتىپ باراتتىم. ئالدىرىغانسېرى ۋاقىتنىڭ ئۆتمىكىمۇ تەس بىلىنەتتى. ئىچىم تىتىلداپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ئاپتوبۇسنى ئىتتىرىپ ماڭغۇم كەلدى. شوپۇرغا «چاپسان ماڭ!» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنمەيۋاتاتتى. پۈتۈن كاللامدا شۇ ماتېرىيالنىڭ ئىشىلا بار ئىدى. ئەتراپىمدىكى نەرسىلەر ماڭا خۇشياقمايتتى.

بىز بېيمىڭدا تۇرغاندا گۇڭەنتىڭنىڭ ھېلىقى جىپ ماشىنىسى شەھەر تەرەپكە قاراپ كىرىپ كەتتى.

ئاپلا، بۇلار بىزنىڭ ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا چوڭ دادىسى كەلگەنگە ئۈلگۈرۈپ بارايلى، دەپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمدى قانداق قىلارمەن. ئۈلگۈرمىدىم، دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ كەتتى. ئەمدى بارسام بولارمۇ؟ بارمىسام بولارمۇ؟ ئەگەر مەن بارغاندا، ئۇلار بار بولۇپ قالسا ئىش يامىنىغا چىقىدۇ. بىزنىڭكىلەرنىڭ ئىشنى ئېغىرلىتىۋېتىشىم مۇمكىن. بەلكى ئۇلار ھەممە نەرسىنى قاتتىق ئاختۇرۇپ ماتېرىياللارنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن.

ھەرگىز كەينىمگە يانمايمەن، مۇشۇ ئىشنى پۈتتۈرمەي تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. بەلكى گۇڭەنتىڭ ماشىنىسى باشقا يەرگە بارىدىغاندۇ، دېگەن خىيال بىلەن يەنە

كۆڭلۈمنى تىنچلاندۇردۇم.

ئاپتوبۇس قوزغالدى. مەن ئاشۇنداق تۇرلۇك خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ كىتابخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن.

ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ئالدى ـ كەينىمگە قارىماستىن چوڭ كوچىدا يۈگۈردۈم ـ دە، بىزنىڭ هويلا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىم. دېگەندەك گۈڭگەنتىگىنىڭ قارا جىپ ماشىنىسى بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى.

ــ ئاللاھ خۇدا، بۇلار كەپتۇ ـ دە، دەپ ماشىنا يېنىدا توختىدىم ۋە ئىچىگە قارىدىم. هېچكىم يوق ئىدى. «بۇلار ئۆيدە ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم ـ دە، «نىمە كۆرسەم كۆردۈم بولدى» دەپ قورۇغا يۈگۈرۈپ كىرسەم، چوڭ ئاپام ناماز ئوقۇش ئۈچۈن هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاھارەت ئېلىپ ئولتۇراتتى. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەستىن تۇرۇپلا قالدىم، چوڭ ئاپام خاتىرجەم هالدا:

ــ كەل، كەل بالام، ئۆيگە كىر! دەپ سالاملىشىپ:

ــ ئۆيدە بىرسى بارمۇ؟ چوڭ ئاپا؟ مەن ئۆيگە قارىدىم.

ــ ياق، بىرەرسى كەلمەكچىمىدى؟ دەپ سورىدى چوڭ ئاپام ئەجەبلىنىپ.

ــ ئۇھا دەپ تىنچلاندىم ۋە كىچىك دەرۋازىنى يېپىپ كۇلۇپ سالدىم ۋە چوڭ ئاپامغا تاپىلدىم:

ــ كىم كەلسىمۇ ئىشىكنى ئاچماڭ! مەن ئۆزۈم ئېچىپ بېرىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدىن بىر نەرسە ئالماقچى ئىدىم. مەن ئېلىپ بولغۇچە بىرسى كىرىپ قالمىسۇن دەيمەن، دېدىم ـ دە، شۇ هامان ئۆزىمىزنىڭ ئامبار ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم، چوڭ ئاپامۇ «مەنمۇ بىر ئاز كۆمۈر ئېلىۋالاي!» دەپ داس كۆتۈرۈپ مەن بىلەن بىرگە كىردى.

مەن نەرسىلەرنى شۇنداق ئالدىراش ئالدىم. ھېلىقى 4 ـ سىنىپ ئوقۇش كىتابىدىكى شىنجاڭ تارىخى ۋە تەشۋىقات ۋارىقىنى يېزىش ئۈچۈن ئالغان قارا باسما قەغەزنى ھەم بايراقنىڭ بەلگىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، قۇرۇق لاتىنى بىر تەرەپكە ئېلىپ قويۇپ، بىر بايراقنى خاتىرە ئۈچۈن ئۆزۈم ساقلايمەن دەپ ئىچىمگە تىقىپ قويدۇم. قالغان «پارتىيە پروگراممىسى»، «قەسەمنامە» نى ۋە خۇلاسىلەپ يېزىپ چىققان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ۋە مەلىكە، تۇرنىسا، مەن ئۈچىمىزنىڭ كۆچۈرۈپ چىققان «شىنجاڭ تارىخى» ۋە يەنە باشقا بىر نەچچە ماتېرىياللارنى ئېلىپ ئۆيگە كىرسەم ئوچاقتا ئوت قىپقىزىل

بولۇپ، كۆيۈپ تاۋلىنىپ تۇرغانىكەن، قولۇمدىكى ئېلىپ چىققان پۈتۈن ماتېرىياللارنى ئوتقا سېلىۋەتتىم. كۆيۈپ بولغۇچە قاراپ تۇرۇپ ئوت تاۋلىغۇچى بىلەن كۈلنى كولاپ تۇرخۇندىن چىقىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردۇم. ئوت گۈلدۈرلەپ پۈتۈن ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈپ، تۇرخۇندىن سۈمۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ يوق قىلدى. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى زور ئۈمىدلەر بىلەن يازغان ماتېرىياللىرىمىز بىر مىنۇت ئىچىدە كۆيۈپ يوق بولدى. ئىچىمدە يوقىتىش ھەسرىتى ياندى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا ماتېرىياللارنى بەرمەستىن ئۇلار ئالغىلى كەلگەن شۇ ۋاقىت ئارىلىقىدا كۆيدۈرۈپ يوق قىلغىنىم مېنى يەڭگىل قىلدى.

ئابلېكىمنىڭ يازغان بىر نەچچە شېئىرلىرى ۋە ئابدۇلەزىز مەخسۇمنىڭ تۈرمىدە يازغان شېئىرلار توپلىمىنى ئاغزى كىچىك بىر بوتۇلكىغا سېلىپ، ئاغزىنى چىڭ ئېتىپ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورىغا تاشلاپ ئۈستىگە توپا تۆكۈپ كۆمۈۋەتتىم. ئەمدى بۇ يەردىن چاپسان چىقىپ كېتىشىم كېرەك، چۈنكى ماشىنىدىكىلەر كېلىپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى. چوڭ ئاپام كۆمۈر توشۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، مېنىڭ نېمە قىلىپ، نېمە ئېلىپ يۈرگىنىمنى بىلمەي قالدى ۋە مېنىڭ ماڭاي دەپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ:

ــ تاماق يەپ كەت! دەپ زورلىدى.

ــ مەن ئالدىرايمەن چوڭ ئاپا، رەھمەت بۈگۈن سائەت بەش بىلەن بىز يەنە كېلىمىز، شۇ ۋاقىتتا سىز مېنىڭ چۈشتە كېلىپ كەتكىنىمنى ئېيتماڭ، ئۇلار كەلگەندە مېنى كۆرمىگەندەك بولۇپ، ئەھۋال سوراپ (ئەتىگەن كەلگەن ئىكەنسەن، مەن يوق بولۇپ قاپتىمەن، قوشنىلار شۇنداق دېدى دەڭ، بىزنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ، قورقۇپمۇ كەتمەڭ، لېكىن مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ھەرگىز دېمەڭ، ئۆزىڭىزگىمۇ ياخشى ئەمەس.... دەپ قورقۇتۇپ قويۇپ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتىم.

ئىشىك ئالدىغا چىقسام ماشىنا يەنە شۇ يەردە تۇرۇپتۇ. ئىچىدە يەنە ئادەم يوق «ئۇھ، ئاللاھقا شۈكۈر، ئىشىم ئوڭدىن كەلدى، خۇدايىم ماڭا ياردەم قىلدى، ئىشىمنى بېجىرىۋالدىم» دەپ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى. لېكىن ھېچقانداق كىشىگە كۆرۈنمەستىن دەرھال قايتىپ كېتىشىم كېرەك ئىدى. چوڭ كوچىدا يۈگۈرگەن پېتى ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ كەتتىم. كوچىدىكى كىشىلەر مېنىڭ يۈگۈرگىنىمگە قاراپ:

ــ ۋاي بۇ قىزغا نېمە بولغاندۇ؟ كوچىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ دېيىشسە، بەزىلەر: بەك ئالدىراشقۇ؟ دەپ قالدى. چۈنكى بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە چوڭ كوچىدا ماڭا ئوخشاش قىزلارنىڭ يۈگۈرۈشى غەلىتە ئىش ئىدى، ھېچكىم ئۇنداق قىلمايتتى، ئۇيات بىلىنەتتى، شۇڭا مەن يۈگۈرۈپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بۇزدۇم.

ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ ئۆچىرەتتە تۇرغان بىر ئايالغا:

- سىزنىڭ كەينىڭىزدە مەن بار، مەن بۇ دۇكاندىن بىر نەرسە ئېلىۋالاي، دەپ بېكەتنىڭ يېنىدىكى دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىپ دۇكاننىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ ئاپتوبۇسنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم.

دۇكانچى خەنزۇ:

- ئۇسما ئالامسەن؟ دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ بىر قانچە باغلام ئۇسما كۆتۈرۈپ چىقتى، چۈنكى مەن قىزلارغا ھەر ۋاقىت مۇشۇ دۇكاندىن ئۇسما ئالغاچ باراتتىم.

- مەن ھازىر ئۇسما ئالمايمەن، رەھمەت، ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە ئالار مەن، ھازىر باشقا يەرگە بارىمەن، دەپلا سۆزۈمنى تۈگەتمەستىن ئاپتوبۇسنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئالدىراپلا خوشلىشىپ چىقىپ كەتتىم. بەختىمگە يارىشا ئاپتوبۇس چوڭ كۆۋرۈككىچە توختىماي ماڭىدىغان بولدى. دوستلۇق سارايىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە بايىقى گۈڭگەنتىڭنىڭ ماشىنىسى مەكتەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

مەن: «بۇلار ئۆزلىرىچە مەھەللە جۇرۇنلىرىگە ئېيتىپ كۆرىمىز دېگۈچە مەن چاققان چىقتىم، ھەرقاچان كىرسە مېنىڭ ساندۇقۇم چوڭ دادامنىڭ ئۆيىدە بولماستىن، ئۆزىمىزنىڭ ئامبار ئۆيىمىز بارلىقىنى بىلىپ ئىشكىنى ئاچاي دېسە ئاچقۇچ يوق، ئىشكىنى بۇزۇپ كىرمەكچى بولسىمۇ پالتا بىلەنمۇ بۇزالمايتتى. چۈنكى ئىشىك قېلىن قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئىككى بويىدىن تۆمۈر بالداق بىلەن تاقاپ يوغان كۇلۇپ سېلىنغان. بۇ قۇلۇپ كونا زاماندا سېلىنغان كۇلۇپ بولغاچ، ھېچقانداق ئاچقۇچ چۈشمەيتتى ۋە ئاسانلىقچە ئۇرۇپ سۇندۇرغىلى ۋە بۇزغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئامالسىز ئاچقۇچ ئالغىلى كېتىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدىم. ئاپتوبۇستىن مەكتەپ ئالدىدا چۈشمەستىن ئۆتۈپ كېتىپ دوختۇرخانا ئالدىغا بېرىپ چۈشتۈم. ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. باللار بۆلۈمىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن كىرىپ پەلەمپەي ئاستىغا تىقىپ قويغان خالتىمنى كىيىپ كىتابىمنى كۆتۈرۈپ ياتاق تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتسام ئالدىمغا نۇسرەت ئۇچرىدى.

- نەدە يۈرىسەن؟ سېنى ئىزدىمىگەن يېرىمىز قالمىدى. مەكتەپتە سېنى ئىزدەپ چاپمىغان ئادەم يوق، بارمىغان يەر قالمىدى، نەگە كەتتىڭ؟

- ھە، شۇنداق بولۇپ كەتتىمۇ؟ مەن ھېچيەرگە كەتمىدىم. لابوراتورىيىدە يېڭى كەلگەن كېسەلنىڭ تەكشۈرۈشىنى قىلدىم. مەن نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدىم؟ نېمە شۇنچە ئەنسىرەپ كەتتىڭلار؟ دەپ سورىدىم، كۈلۈپ تۇرۇپ.

ـ راست، ئۇ يەر بىزنىڭ ئىسمىزگە كەلمەپتۇ، ھەممە يەرنى ئىزدەپتۇق، كادىرلارغىچە سېنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى.

ـ مەن سىلەرنىڭ بۇنچىۋالا ئىزدەپ كېتىشكىلارنى ئويلىماي لابوراتورىيىدە تەكشۈرۈش بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. ئۇنى بىلگەن بولسام بالدۇر قايتار ئىكەنمەن. قورسىقىم ئاچمىسا قايتىش ئېسىمگىمۇ كەلمەس ئىدى. نېمە ئىش بار؟ مېنىڭ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، تاماق يەۋالاي ھە! مەن ياتاققا كىرىپ كەتتىم. ياتاقتا شەمشىجامال بار ئىكەن، مەن ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەن:

ـ جېنىم سۆيۈن، قەيەرگە كەتتىڭ، سېنى بەك ئىزدەپ كەتتى. سېنىڭ بېشىڭغا بىر بالا كەلدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ كەتتىم، دېدى.

مەن ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋاللارنى قىسقىچە ئېيتىپ بەردىم. ئۇ سەكرەپ چۈشۈپ مېنى قۇچاقلىۋالدى.

ـ ۋېيەي، قانداق قورقماي قىلدىڭ؟ سەن ئاجايىپسەنغۇ؟ خۇددى كىنولاردىكى قەھرىمان قىزلاردەكلا قىلىپسەن، جېنىم دوستۇم، سەندىن بەك ئەنسىرەيمەن، سېنى ئېلىپ كېتىپ قالسا قانداق قىلارمىز؟ شۇنى ئويلىسام يۈرىكىم ئاغرىيدۇ، دەپ يىغلاپ ئېقىپ كەتتى.

زالدا بىرسىنىڭ كېلىۋاتقان ئاياق ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز جىم بولۇشتۇق، شەمشىجامال كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈردى، مەن ئۈستەل ئۈستىدىكى ماڭا دەپ ئەكىرىپ قويغان مايلىق شورپا بىلەنناننى يېگەن بولۇپ، قوشۇق تۇتۇپ ئولتۇردۇم، راستىنى ئېيتقاندا قورسىقىم تازا ئاچقان ئىدى.

ئىشىكنى ئۇرۇپ نۇسرەت كىرىپ كەلدى.

ـ سېنى تاماقنى كىرىپ يېسۇن دەيدۇ، ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ چىقسۇن دېدى. ئاچقۇچنى ئۇنتۇپ قالما! دەپ تاپىلاپ قويدى.

مەن ئىچىمدە كۈلدۈم، كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا شەمشىجامالغا قاراپ كۆزۈمنى قىسىپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم.

ـ ئۇلار سېنى دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرىدۇ، دېدى.

مەن مەكتەپ دەرۋازا ئالدىغا چىقسام ھېلىقى گۆشخەنتنىڭ قارا ماشىنىسى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مەن ماشىنىنىڭ ئالدىغا كېلىشىم بىلەن ماشىنىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى.

مەن كىرىپ ئولتۇردۇم. ماشىنا ئۇچقاندەك شەھەرگە قاراپ مېڭىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئالتە خەنزۇ ئولتۇراتتى. مەن بىرىنىمۇ تونۇمايتتىم. مەنمۇ گەپ قىلمىدىم، ئۇلارمۇ زۇۋان سۈرمىدى. ئۇلار مەندىن ئۆيۈڭ قەيەردە دەپمۇ سورىماستىن ئۇدۇل بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ماشىنىنىڭ تۆت ئىشىكىنى ئېچىپ ھەممىمىز تەڭلا ماشىنىدىن چۈشتۇق. ئۇلار ئالدى ـ كەينىگە قارىماستىن ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

بىز ھويلىغا كىرىپ كېلىشىمىز بىلەن تەڭ ئۆمەرجان باشلىق بىر تۈركۈم ئادەملەر يۈگۈرۈپ چىقتى. مەن خاتىرجەم، ئەركىن ھالدا كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدىم. چوڭ ئاپامنى تېخىمۇ قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ ئۆزۈمنى ئەركىن، خاتىرجەم تۇتۇپ كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتتە سالاملاشتىم، چوڭ ئاپام چىرايلىرى سارغىيىپ قورققان ھالدا:

ــ قانداق بالام ياخشىمۇسەن، ئەتىگەن كەلگەن ۋاقتىڭدا مەن يوق بولۇپ قاپتىمەن.... دەپ مەن ئۆگەتكەن سۆزلەرنى دەپ چىقتى ۋە ئاخىرىدا:

ــ نېمە قىلىپ يۈرسەن جېنىم بالام؟ دەپ يىغلاپ كەتتى.

چوڭ ئاپامنىڭ يىغىسىغا يۈرىكىم ئاغرىپ تۇرسىمۇ ھېچنەرسە دېيەلمىدىم. ئۇدۇل بىزنىڭ كىچىك ئۆينىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ھېلىقى ئون نەچچە ئادەم ھەممىسى يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ كېلىشتى. مەن بايا ھازىرلاپ قويغان بايراق لاتىسى ۋە كىتابنى، قارا قەغەزلەرنى بەردىم.

ــ مۇشۇلىما؟ باشقا ماتېرىياللار، تەشكىلاتنىڭ رەسمىي بايرىقى قېنى؟ دەپ توۋلاپ ھەيۋە قىلدى ئۆمەرجان.

ــ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن كۆيدۈرۈۋەتكەن، ھېچنەرسە يوق، مەندە ھازىر بار نەرسە مۇشۇ، بۇ كىتاب مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇش كىتابىم، بۇ ماگىزىندىن ئالغان قارا قەغەز، بۇ بايراقنىڭ بىرسى، بەلگىسىنىمۇ شۇ ۋاقىتتا ئېلىپ يىرتىۋەتكەن، دېدىم مەن خاتىرجەم قىياپەتتە بىلەن.

ھەممىسى بىر ـ بىرسىگە قاراپ غۇدۇراپ سۆزلەشتى.

ــ بايراقنى ئىككى دېگەن ئىدى، يەنە بىرسى قېنى؟ دەپ سورىدى، بىر خەنزۇ. ئۆزى خېلى سالاپەتلىك بىر خەنزۇ ئۆينى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن چوڭ ئاختۇرۇش باشلاندى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى پۈتۈن نەرسىلەرنى ئېچىپ ئاختۇرۇپ تىتىۋەتتى. ئۆيدىكى يوغان تۆت ساندۇق، ياغاچ ساندۇق، قىسقىسى ئۇلار ئاختۇرمىغان نەرسە قالمىدى. پەقەت ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورىغا چۈشۈپ كۆرمىدى، لېكىن كېلىپ ـ كېلىپ ئېڭىشىپ قاراپ

قوياتتى. ئۇلار كېلىپ ئورىغا ئېڭىشىپ قارىغانسېرى يۇرىكىم جىغ قىلاتتى. ئابلېكىمنىڭ شېئىرىغۇ مەيلى، لېكىن تۈرمىدە ياتقان ئابدۇلەزىز مەخسۇمنىڭ تۈرمىدىن چىقىرىپ بەرگەن شېئىرى خەتەرلىك، ئۇنى كۆرۈپ قالسا چوڭ ئىش بولاتتى. ئۇلارغا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇ تەرەپكە بىر قېتىمۇ قاراپ قويمىدىم.

بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئاختۇرۇش قىلىپ ھېچنەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆيدىن قايتىپ چىقماقچى بولدى. مەن ئۇلارغا:

ــ ساندۇقنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىڭلار، مەن كۆتۈرەلمەيمەن، دەپ ساندۇقنى ئۇلارغا كۆتۈرگۈزۈپ ئىشكنى تاقاپ چىقتىم. ئۇ كىتاب، بايراقلارنى ئېلىپ ئۆيگە كىردى. پۈتۈن نەرسىلەرنى ئېچىپ بىر ـ بىردىن ساناپ چىقتى. ماشىنا بىلەن تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يوغان سومكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئاغزىنى قۇلۇپلاپ ھەممىمىز ئۆيدىن چىقتۇق. ئىشىك ئالدىدىكى قارا جىپ ماشىنىغا 15 ئادەم قىستىلىپ سىغدۇق. بىر نەچچە ئادەم دەرۋازا ئالدىدا ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ تۇرۇپ قالدى.

يولدا مەھەللە باشلىقلىرى ياكى مەھەللە ساقچىلىرى ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. ماشىنا ئۇدۇل گوڭگەنتىڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى. ماشىنىدىكىلەر يوغان سومكىنى كۆتۈرۈپ خۇددى چوڭ نەرسە تاپقاندەك گۈلدۈرلىشىپ گوڭگەنتىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ماشىنىدا مەن يالغۇز ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر ھازادىن كېيىن ئۇلار قايتىپ چىقتى.

بىز سەككىز قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدى (باسىڭ دالو) غا كەلگەندە، ئۇلار مېنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۆزلىرى مەكتەپكە كىرىپ كەتتى. مەن مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مەكتەپتىن قايتىپ چىقىۋاتقان زەينۇرە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق.

زەينۇرە بۇندىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى مىرات بىلەن توي قىلغان ئىدى. شۇ ۋاقىتلار سوۋېت گىراژدانلىرىنى چېگرىدىن مەجبۇرىي قوغلاپ چىقىرىۋاتقان مەزگىل بولغاچ مىراتلارنىڭ ئائىلىسىمۇ سوۋېت گىراژدىنى بولغانلىقتىن چېگرىدىن چىقىپ كېتىش قەغىزى كەلگەنلىكتىن مۇشۇ ھەپتىدە چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن زەينۇرە مەكتەپتىن قانۇنسىز توي قىلدى دەپ قوغلانغان ئىدى. شۇ رەسمىيەت قەغەزلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن مەكتەپكە كەلگەن ئىكەن، ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ چىققاندا بىز ئۇچرىشىپ قالدۇق. بىز ئۇ يەردە بىر ھازا پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالدۇق، مەن ئۇنىڭغا مەلىكىنىڭ ئادرېسىنى بەردىم.

ــ ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن مەلىكىنى ئىزدەپ، بىزنىڭ ئىشىمىز ھەققىدە مەلىكىگە

ئېيتىپ قويغىن، بىزگە خەت يازمىسۇن، بىزنىڭ تەقدىرىمىز قانداق بولىدۇ. ئۇ بىزگە نامەلۇم، ھەر ھالدا ياخشى ئىش يوق. سەن بىلەنمۇ خوشلىشىپ ئۈزىتىپ قويالمايدىغان ئوخشايمەن. بىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇپ قېرىنداشلاردەك ئۆتكەن ئىدۇق. مېنىڭ سېنى كۆڭلۈمدىكىدەك ئۈزىتىپ قويغۇم بار ئىدى، لېكىن ئۆزۈڭ بىلىسەن مېنىڭ ئامالىم قانچە.

بىز خوشلاشتۇق. شۇ خوشلاشقان پېتى مەن ئۇنى ئىككىنچى كۆرمىدىم.

كەچتە مۇزاكىرىگىمۇ چىقمىدىم، ياتاقتا ئولتۇراتتىم، بىز بىلەن پراكتىكىدا بىر گۇرۇپپا بولغان جىڭ خۇئا ئىسىملىك شاڭخەيلىك قىز كىرىپ كەلدى.

ــ بۈگۈن نەگە كەتتىڭ؟ دەرس ئۈستىدە ئەھمەد توختى ھوشىدىن كېتىپ قالدى. دوختۇرلار كېلىپ ئوكۇل قويۇپ بىرقانچە ۋاقىت ياتقۇزغاندىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئىككى دوختۇر يۆلەپ ئاران ياتىقىغا ئاپىرىپ قويدى. بەك يامان ئاغرىپ قاپتۇ، دەپ ئېچىنى ئاغرىتىپ كەتتى.

ئەھمەد ئاكىنىڭ نېرۋىسىغا قاتتىق تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

بۇرۇن بىز ئەھمەد ئاكا پاش قىلدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ يۈرگەن ئىدۇق. قارىغاندا ئەھمەد ئاكا پاش قىلمىغان ئوخشايدۇ، ئەمىسە ئۇ كىمدۇر؟

# 19 ـ ئاپرېل

ئەتىگەندە دوختۇرخانىغا بارسام مۇئەللىم ماڭا:

ــ سەن ئەمدى ئىچكى كېسەللىكلەر بىرىنچى بۆلۈمگە بېرىپ پراكتىكا قىل، سېنى شۇ ياققا يۆتكىدۇق، دېدى.

مەن كىتابلىرىمنى ئېلىپ ھازىرلاندىم. شۇ ئارىدا ئەھمەد ئاكا رەڭگى سارغايغان، كۆزلىرى ئىچىگە كىرگەن، ئۆزى شۇنداق ئورۇقلىغان بولۇپ، جىددىي كەيپىيات بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە مېنىڭ كىتابلارنى يىغىشتۇرىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ:

ــ سىز نەگە بارىسىز؟ دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى.

ــ مېنى ئىچكى كېسەللىكلەر بىرىنچى بۆلۈمگە يۆتكەپتۇ، شۇ يەرگە بارماقچى بولۇپ تۇرغانىتىم.

ــ ھە، بەلكى بىزنى تىل بىرىكتۈرۈۋالىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، دېدى. مەن كىتابلىرىمنى كۆتۈرۈپ ماڭدىم. پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتسام ئەھمەد ئاكا مېنى چاقىردى.

ــ توختاپ تۇرۇڭ، مەن مەريەمگە بىر پارچە خەت يېزىپ بەرسەم، بىزنى قولغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن پوچتىدىن سېلىۋېتەرسىزمۇ؟ سىز قىز بالا بولغاچ، بەلكى سىزنى قولغا ئالماس، دېدى.

ــ مەيلى يېزىپ بېرىڭ، كەتمەي قالسام سېلىۋېتەرمەن، دېدىم.

ــ ئۇنداق بولسا، سىز مۇشۇ جايدا كۈتۈپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا يېزىپ چىقىمەن، دېگىنىچە يۈگۈرۈپ ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى.

مەن زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلىغىچە كۈتتۈم، كەلمىدى. مېنىڭ ئۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغىنىمنى كۆرگەن بىر خەنزۇ دوختۇر ئايال ئىشخانىسىدىن چىقىپ:

ــ بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىسەن، بۇياققا كەل، دەپ مېنى ئىچكى بۆلۈمنىڭ بىرىنچى پالاتا ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. پۈتۈن دوختۇر، سېستىرالارغا بىز توغرۇلۇق خەۋەر قىلىپ بولغان بولسا كېرەك، سىرتقا چىقسام نەگە بارىسەن، دەپ ھەممە ئىشىمغا دىققەت بىلەن كۆزەت قىلىپ ئارتۇق مېڭىشىمغا يول قويمىدى. بىزنى رېجىمغا ئالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئەھمەد ئاكىنىڭ خېتىنى ئېلىش مۇمكىن بولمىدى. چۈشتىن كېيىن ئىشخانىدا بىر كېسەلنىڭ تارىخىنى يېزىپ ئولتۇراتتىم، ئىشىكتىن بىرسى كىرىپ:

ــ سېنى سىرتتا بىرسى چاقىرىۋاتىدۇ، دېدى.

مەن چىقسام مەمۇرىيەت ئىشخانىسىنىڭ بىر كادىرى كېلىپ تۇرۇپتۇ.

ــ سىزنى مەكتەپ مۇدىرى چاقىرىدۇ، دېدى.

مەن خالاتلىرىمنى يېشىپ، مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا باردىم. مەن بۇ ئىشخانىغا مەكتەپكە كىرگەندىن بېرى ئىككىنچى قېتىم كىرىشىم ئىدى.

ئىشخانا ئازادە، پاكىز، يورۇق ئىدى. يېڭى چىرايلىق قىزىل گىلەم سېلىنغان، يۇمشاق ئورۇندۇقلار قويۇلغان، چىرايلىق ئۇستەللەر رەتلىك تىزىلغان بۇ بۆلۈمدە تاڭ يەنجاڭ، دىڭ شۇجى، مائارىپ باشقارما بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تەرجىمان خەنزۇ ئايال ۋە يەنە مەن تونۇمايدىغان ئىككى خەنزۇ كادىر بار ئىدى. مەن كىرىپلا ئۇلار كۆرسەتكەن يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. ئۇلار مېنى يۇمشاق، سىلىق مۇئامىلە بىلەن قارشى ئالدى.

دىلى شۈجى دەسلەپ گەپ باشلىدى:

ـ مەكتەپتىكى پۈتۈن باللار مېنىڭ باللىرىم، مەن مەكتەپ رەھبىرى سۈپىتىم بىلەن ھەم بىر ئاتا بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن سەن بىلەن سۆزلىششنى مەقسەت قىلدىم. سەن تېخى ياش ھەم قىز باللا سەن، سەن ئىستىقبال، كېلەچىكىڭنى ئويلا. ئاتا ـ ئاناڭنى ئويلا. ئاڭلىساق سېنىڭ كىچىك ئۇكىلىرىڭ بار ئىكەن. شۇلارنىڭ بەختىنى ئويلا، تارىخىڭغا داغ چۈشۈرۈۋالدىڭ، ئەمدى ئۇنى يۇيۇشۇڭ كېرەك، سەن ھازىر ھېچنەرسىنى ئۇقمايۋاتىمەن، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن، بىز سېنى ئالاھىدە ۋاقتىمىزنى چىقىرىپ ئولتۇرۇپ، چاقىرتىپ سېنى پاتقاقتىن قۇتۇلدۇرايلى دەۋاتىمىز. سەن ئۆز مەيدانىڭغا قايت، ئابلىزنىڭ كېلىپ چىقىشى زومىگەر، پومېشچىك سىنىپى، ئەلۋەتتە بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز شۇنداق قۇترايدۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرى ھالاك بولىدۇ. ئۆز بېشىنى يەيدۇ، دېدى.

«بىچارە ئابلىزنى قولغا ئالدىغان ئوخشايدۇ» دەپ كۆڭلۈم غەش بولدى. دىلى شۈجى يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ بۇلتۇر پاش بولغان تەشكىلاتتا قازاق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئولجانخان ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى. ئۇنى سەن بىلسەن، ئۇ قىز ئۇلارغا قوشۇلغان ئىدى. كېيىن ئۇ ئۆزى ھەقىقەتكە قايتىپ بارلىق نەرسىنى پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن ئىدى، بىز ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلدۇق. ئۇ بىزنىڭ سۆزىمىزگە قۇلاق سالغان ئىدى، يامان بولمىدى، ھازىر ئۆزى مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئەگەر سەن تەشكىلاتنىڭ مەخپىيىتىنى پاش قىلساڭ، بىز ساڭا كەڭچىلىك قىلىمىز. ئوقۇش پۇرستىگە ئىگە بولىسەن، ئەگەر ياخشى پاش قىلساڭ مۇكاپاتمۇ بېرىمىز، سەن بىزگە تەشكىلاتنىڭ ئارقا تىرىكىنى پاش قىل، ئۇلار كىملەر، نەدە؟ دەپ سوئال نەزىرى بىلەن مەندىن جاۋاب كۈتۈپ ماڭا قارىدى.

ـ بىزدە ھېچقانداق ئارقا تېرەك يوق، دەپ جاۋاب بەردىم.

ئۇلار ئاچچىقلاندى، تاڭ يوئەنجاڭ:

ـ ئارقا تېرەك بولمىسا، ئوقۇغۇچىلار بۇنداق تەشكىلات قورۇپ چىقالمايدۇ، سەن يوشۇرۇپ قالالايمەن، دەپ خام ـ خىيال قىلما، بەربىر ئاشكارىلىنىدۇ، خەلق دۈشمەنلىرى قانچە قوترىغىنى بىلەن بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆز ئىستىقبالىڭنى ئويلا، توغرا يولدا ماڭ، كاپىتالىزم يولىدا ماڭساڭ خۇراپىيلىققا چۈشقۇر پېتىپ ۋەيران بولىسەن، سوتسىيالىزم يولىدا ماڭساڭ ئۇنداق...... بۇنداق ياخشى.... دېگەندەك نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرنى سۆزلەپ چىقىپ ئاخىرىدا:

ــ بىزنىڭ سۆزىمىزدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭ، قانداق ئويلايسەن، تەشكىلاتنىڭ ئارقا تىرىكىنى پاش قىل، ساڭا ئەڭ ياخشى چىقىش يول شۇ، دېدى.

ــ مەن يەنە دېسەم، بىزنىڭ ئارقا تىرىكىمىز يوق، مېنىڭ ئۇ ئىزىم، بۇ ئىزىم بىلەن چاتىقىم يوق، خەلق تۇرمۇشىغا قايسى ئىزىم پايدىلىق بولسا ئۆزلىرى شۇ يولنى تاللايدۇ، دېدىم.

ئۇلار بىر ـ بىرسىگە قارىشىپ ئالدى، ئاندىن دىڭ شۈجى ماڭا قاراپ:

ــ ياخشى، چىقىپ ئارام ئال! دېدى.

# 20 ـ ئاپرېل

ئەتىگەن يەنە دوختۇرخانىغا باردىم. بۈگۈن ئادەتتىكىدەك ئەمەس ئىدىم. ھېچ نەرسە قىلغۇم كەلمەيتتى، كېسەللەرنى كۆرگۈم كەلمىدى، كىتابلارنى تۇتۇپمۇ قويمىدىم.

ماڭا بۆلۈنگەن كارىۋاتلار بار بۆلۈمگە كىرىپ كېسەللەر بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇردۇم. ماڭا بۆلۈنگەن كېسەل تارىخىنى يازىدىغان ۋە يەنە نۇرغۇن ئىشلىرىم بار ئىدى ھەم مېنىڭ كارىۋىتىمغا يېڭى كېسەللەر كەلگەن ئىكەن، ئۇلارنى كۆرۈپ چىقىشىم كېرەك ئىدى، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلمىدىم، قولۇم ھېچ ئىشقا بارمىدى، ئاغرىقلار بىلەن ئادەتتىكى پاراڭلار ئۇستىدە غەمسىز پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇم.

كارىدوردا كىشىلەرنىڭ «سۆيۈنگۈل، سۆيۈنگۈل» دەپ مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئىزدىسە ئىزدەۋەرسۇن، دەپ خاتىرجەم ئولتۇرۇۋەردىم. لېكىن زالدا بارغانسېرى غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ «يوق، يوق، نەگە كەتكەندۇ» دېگەندەك سۆزلىرى ئۇلغايدى.

ــ ھە نېمە ئىش؟ مەن بارغۇ مانا! دەپ چىقتىم.

دوختۇر، سېسترالارنىڭ ئەتىگەنلىك دوكلات بېرىشىگىمۇ قاتناشمىغان ئىدىم. مېنى كۆرۈپ ئۆمەرجاننىڭ يېنىدىكى ئۇيغۇر ئادەم:

ــ ئەنە، چىقتى، دېگەنتى، ئۆمەرجان:

ــ بولدى كەلدى، دەپ تۇرۇپكىنى قويدى ۋە ماڭا قاراپ:

ــ بىز سىزنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدۇق، دېدى.

ــ نېمە گەپ؟ دەپ ئالدىغا باردىم.

ــ بۈگۈن بىر كۈن سىلەرگە مەكتەپتىن رۇخسەت سوراپ ئالدۇق. مۇشۇ بىر كۈن ئىچىدە تەشكىلات توغرىسىدا ماتېرىيال يېزىپ تاپشۇرىسىلەر، ھازىر قايتىپ ھەممە نەرسىنى تولۇق يېزىپ چىقىڭ، دېدى.

مەن گەپ قىلماستىن خالتىمنى يېشىۋاتاتتىم، ئۇلار ماڭا قاراپ:

ــ دوختۇرلۇق سىزگە قانداق يارىشىدۇ، ھە! پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ چىقتۇق، ھەممىدىن بەك سىزگە يارىشىدىكەن، ئۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشماي، جىم يۈرۈپ، دوختۇر بولۇپ، ئىشلەپ يۈرسىڭىز بولماسمىدى، دەپ قاراپ قېلىشتى.

خالاتنى بۆلۈمگە ئېلىپ كىرىپ قويۇپ، ياتاققا قايتتىم.

ياتاقتا ھېچكىم يوق، بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن نېمە يازىمەن، دەپ ئويلاندىم.

يازىدىغان نەرسە يوق ئىدى، يەنە بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ئويلاندىم: «بۈگۈن ماتېرىيال يېزىڭلار دەپ ۋاقىت بەرگەندىكىن، بۇ ۋاقىتنىڭ چوقۇم سورىقى بولىدۇ، يازىدىغان نەرسە بولمىغاندىكىن بىرىپ يازمايمەن، دەپ قويۇپ كېلەي» شۇنداق قىلىپ مەن مۇدىرىيەت گۇرۇپپىسىغا بېرىپ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمگە كىرسەم، ئۆمەرجان بىر ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن. مېنى كۆرۈپ يېنىدىكى ئادەمگە «كېيىن سۆزلىشەيلى» دېگەن ئىدى، ئۇ ئادەم چىقىپ كەتتى، ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ:

ــ ھە نېمىگە كەلدىڭىز، ئېيتىدىغان بىرەر ئىش بارمىدى؟ دەپ ئالدىمغا كەلدى.

ــ ئېيتىدىغان نەرسە يوق، ھەتتا يازىدىغانمۇ نەرسە يوق، شۇڭا مەن بۈگۈن ھېچ نېمە يازالمايمەن، شۇنى ئېيتىپ قوياي دەپ كەلدىم، دېدىم.

ــ زادى يازىدىغان ھېچ نەرسە يوقمۇ؟

ــ يوق.

ــ تەشكىلات قۇرۇشنىڭ ئۆزى ھېچ نەرسە ئەمەسمۇ؟ ئەزا قوبۇل قىلىشمۇ ھېچ نەرسە ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزى يازىدىغان نەرسە ئەمەسمۇ؟ دېدى ئاچچىقى بىلەن.

ــ مەن بۇنىڭ نېمىسىنى يازىمەن؟ مۇستەقىللىقنى خالاش جىنايەتمۇ؟ شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت بولغاندىكىن، بىزمۇ مۇستەقىللىقنى تەلەپ

قىلساق گۇناھكار بولدۇقمۇ؟

ئۆمەرجان بىر ئاز توختاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

ـ سىز نېمىلەرنى سۆزلەۋاتىسىز؟ شىنجاڭ نەدە مۇستەقىل بولغان، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، سىزگە كىم شىنجاڭ مۇستەقىل دۆلەت دەپ ئېيتتى؟ سىز نەدىكى سۆزنى كۆتۈرۈپ چىقتىڭىز؟ دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ـ مەن كۆتۈرۈپ ياكى ياساپ چىقمىدىم. تارىخ كۆتۈرۈپ، ئىسپاتلاپ چىقتى، بىلەمسىز؟ مەن سىزگە ئۇ كىتابنى بىكارغا بەرمىدىم، ئۇ كىتابنى پاكىت بولسۇن دەپ بەردىم. تارىخ گۇۋاھتۇر. تارىخي پاكىتلار ئالدىدا بىزنىڭ مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىپ چىقىشىمىز ھېچقانداق جىنايەت ئەمەس. بىزنىڭ ئىشىمىز ھەققەت ۋە ئورۇنلۇق. مېنىڭ يېزىپ تاپشۇرغۇدەك جىنايىتىم يوق. شۇڭا ھېچ نەرسە يازالمايمەن، دېدىم.

ـ سىلەر مۇستەقىللىق تەلەپ قىلساڭلار، تەشكىلات قۇرۇپ پارتىيىگە قارشى ئويۇشۇپ خىزمەت قىلامسىلەر؟ دەپ سورىدى ئۆمەرجان.

ـ پارتىيىدىن مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىپ چىققۇچىلارغا ئوچۇقچە، مىللەتچى دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ، تۈرمىلەرگە تاشلاپ يوق قىلدى، ئوچۇق مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىپ چىقساق بىزگىمۇ شۇنداق تەقدىر بولىدىغىنىنى بىلىمىز، ئۇنداق تۇرۇقلۇق بىز نېمىشقا ئوچۇق مەيدانغا چىقىمىز؟ پارتىيىدىن مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىپ چىققۇچىلارنىڭ ئەھۋالى شۇ بولدى، ئەمدى قوراللىق، تەشكىللىك ھالدا كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن، دېگەن كۆز قاراشقا كەلدۇق، دېدىم.

ئۆمەرجاننىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكتىن پۈتۈن يۈزى بويىنغىچە قىزىرىپ، كۆزلىرى ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى.

ـ سىز بۇ يەرگە رېئاكسىيون سۆزلىرىڭىزنى يېيىپ ماڭا تەشۋىق قىلغىلى كەلدىڭىزمۇ؟ ئويلىنىپ ئىش قىلىڭ! مۇشۇنداق ماڭسىڭىز ئاقىۋىتىڭىز نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

ـ ھەئە ئويلاندىم، ھاياتىمدا دۇچ كېلىدىغان ئېغىر كۈنلەرنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم، ئەگەر ئەجەل توغرا كەلسە قەيەردە بولمىسۇن ئۇنىڭغا ھېچقانداق چارە يوق.

ـ سىز بۇنداق يەڭگىل سۆزلىگەن بىلەن سىز قىز بالا ھەم ياش، بېشىڭىزدىن ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزمەك ئوڭاي ئەمەس، سىز ھازىر چوڭ سۆزلىگەن بىلەن، ئىككى يىلدىن كېيىن قاتتىق پۇشايمان قىلىسىز، دېدى. ئۆمەرجاننىڭ بۇ سۆزلەرنى ماڭا ھەققىي چىن

كۆڭلى بىلەن دەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ ياق، سىز خاتا ئويلاۋاتىسىز، مەن ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن، چۈنكى مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلمىدىم، كىشىلەرگە زىيان كەلتۈرمىدىم. روھۇم ئازابلانغۇدەك ھېچ نەرسە قىلمىدىم، مەن پەقەت خەلق ئەركىنلىكى ئۈچۈن تىرىشتىم، بىز پەقەت خەلق ئەركىنلىكى، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق. شۇڭا مەن ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن، بەلكى بۇندىن ئون ياكى يىگىرمە يىلدىن كېيىن سىز پۇشايمان قىلىشىڭىز مۇمكىن، سىز پەقەت خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئۆز خەلقىڭىز، ئۆز مىللىتىڭىزنى تۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلەۋاتىسىز، ۋەزىپىڭىز تۈگىگىچە سىز ياخشى ئادەم، ۋەزىپىڭىز تۈگىگەندىن كېيىن، سىز مەندىنمۇ يامان ئادەم بولۇپ قالىسىز. خىتايلار ھېچ ۋاقىت ئۇيغۇرلارنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆز قولى بىلەن تۇتمايدۇ، پەقەت سىزدەك ئۆزىنىڭ ئادەملىرى بىلەن تۇتىدۇ، دېدىم.

ــ ۋاي نېمە دەپ كېتىۋاتىسىز؟ سىز ماڭا تەشۋىق قىلغىلى كەلدىڭىزمۇ ياكى ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشقاندەك جان تالىشىۋاتامسىز نېمە؟ دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۆمەرجان.

ــ ياق، مەن جان تالىشىۋاتقىنىم يوق، جىنايىتىممۇ يوق، قورقۇنچۇممۇ يوق، پۇشايمىنىممۇ يوق، دەپ جاۋاب بەردىم ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

ــ سىز ئۇيغۇرمۇ؟

ــ ھە، مېنىڭ ئۇيغۇرلىقىم بىلەن سىزنىڭ نېمە ئىشىڭىز؟

ــ سىز ئۇيغۇر بولسىڭىز، قايسى ۋىجدانىڭىز بىلەن ئۆز مىللىتىڭىزنى خىتايغا تۇتۇپ بېرىسىز؟ يۈرىكىڭىز ئازابلانمامدۇ؟

ئاخىرى بىزنى قولغا ئالدۇ، ھېچ بولمىسا كۆڭلۈمدىكى سۆزلەرنى قىلىۋالاي، بىر كۈنلەردە ئېسىگە كېلىپ قالار... دەپ ئويلىدىم، دە ـ قورقماستىن سۆزلەۋەردىم ھەم بۇ سۆزلەرنى ئۇ ئادەمگە دېيەلىگەنلىكىم ئۈچۈن بەكمۇ خوش بولدۇم، خۇددى ئۆچۈمنى ئالغاندەك ھېس قىلدىم.

ئۆمەرجان كۈتۈلمىگەن بۇ سۆزلەردىن ھەيران قالغاندەك ماڭا قارىدى. مەن بۇنىڭ كەينىدىن چىقىدىغان يامان سۆزلەرنى ئويلاپ:

ــ مەن سىزگە دەپ قوياي، مەن ھېچ نېمە يازالمايمەن، دېگەن پېتى چىقىپ كەتتىم.

ياتاققا قايتىپ بېرىپ ياتاقلارنى يۇيۇپ، تازىلاپ پاكىز رەتلەپ چىقتىم. ئەمدىلا

ئۇستەل ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشۇمغا كارىدوردىن بىرسىنىڭ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە كېلىپ ئىشىكنى چەكتى.

ئىشىكتىن يەنە شۇ ئۆمەرجان كۈلۈپ كىرىپ كەلدى. مېنىڭ دېگەن سۆزلىرىم ئۇچۇن ماڭا ۋارقىراپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئۆمەرجان ماڭا يۇمشاق مۇئامىلە بىلەن تەربىيە قىلىشقا باشلىدى.

ــ يالغۇز سىزگىلا ئەمەس، تەشكىلات ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرگە ھەم بىر قىسىم گۇمانلىقلارنىڭ ھەممىسىگە يېزىشقا تاپشۇردۇق. ھەممىسى يېزىۋاتىدۇ، ئۇنداق قارشىلىق قىلماڭ، ھازىر ھېچ نېمە بىلمەيسىز، سىز قىز بالا ھەم ياش، سىزگە قىيىن بولىدۇ، دىكتاتور دېگەن ئاسان نەرسە ئەمەس، نى مەن، مەن دېگەن ئەرلەرمۇ پارتىيىنىڭ دىكتاتورىسىدىن قورقىدۇ، ياش ئۆمرىڭىز تۈرمىدە زايە بولۇپ كەتمىسۇن، سىزگە ئىچىم ئاغرىپ، ياردەم قىلاي دەپ كەلدىم.... دەپ نۇرغۇن تەربىيە بەردى، مەن گەپ قىلماستىن ئاڭلاپ ئولتۇردۇم، مېنىڭ قارشىلاشماي ئاڭلاۋاتقىنىمنى كۆرۈپ ئاخىرىدا:

ــ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىزنىڭ ئىچى ئاغرىمايدىكەن، بىزنىڭ سىزگە ئىچىمىز ئاغرىيدۇ، ئۇنداق قىلماي پوزىتسىيىڭىزنى ياخشىلاپ، چىقىش يولىغا ئېرىشىشكە تىرىشىڭ، تاپشۇرغان تاپشۇرۇقنى ئورۇنلاپ يېزىڭ؟ دېدى.

مەن ئارتۇق سۆز قىلماستىن:

ــ ماقۇل مەن يازاي، دېدىم.

ئۆمەرجان چىقىپ كەتتى. مەن ھەيران قالدىم، مەن قىلغان سۆزلەردىن كېيىن پوزىتسىيىسى نېمىشقا ياخشىلىنىپ قالغاندۇ؟

مۇشۇ خىياللار بىلەن سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن.

چۈش ۋاقتى بولۇپ، قىزلار ياتاققا كېلىشكە باشلىدى، ئۇلار مەندىن:

ــ تۇرنىساغا مەسىلە يېزىش تاپشۇرۇلغان ئىدى. ياتاققا كېلىپ يازدىما؟ دەپ سورىدى.

تۇرنىسا كەچ بولغاندا ياتاققا كەلدى. ئۇ ماڭا چېگرا ئاجرىتىش پوزىتسىيىسىدە بولدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ساجىدە ياتاققا كىرىپ كەلدى. 62 - يىلى مەن ساجىدە بىلەن جەنگەر كېسەللىكى سەۋەبىدىن بىر ياتاقتا ياتقان ئىدۇق، بىر يىلدەك بىر ياتاقتا ياتساقمۇ ئۇ مېنىڭ ئىشلەپ يۈرگىنىمنى بىلمەيتتى، ئۇ مەندىن يوشۇرۇپ ئېھتىيات بىلەن

سۆزلەيتتى. لېكىن بىزنىڭ كۆڭلىمىز يېقىن ئىدى. ساجىدە ئوچۇق خاراكتېرلىك شوخ ۋە ئەقىللىق قىز ئىدى. مېنىڭ مىجەزىم ئېغىر بولغىنى بىلەن ئىككىمىز چىقىشىپ ئۆتەتتۇق، تەشكىلات ئەھۋاللىرىنى ھەلىمە ئارقىلىق ساجىدەگە يەتكۈزۈپ تۇردۇق.

ـ مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىلگۈم كېلىپ مۇشۇ ۋاقىتنى ئاران چىقىرىپ كىردىم. بۇگۈن ماڭىمۇ مەسىلە يېزىپ تاپشۇرۇشقا بۇيرۇغان ئىدى، يېزىپ ئاپىرىپ بېرىپ كەلدىم. سەنچۇ؟ سەن قانداق قىلدىڭ؟ سورىدى ئۇ.

ـ مەن يازمىدىم، ساجىدە مەن بەرىبىر كېتىمەن، بولار ھېچ ۋاقىت قالدۇرمايدۇ، ھېچ بولمىغاندا مەكتەپتىن ھەيدەپ، يېزىلاردا رېجىمغا ئېلىشى مۇمكىن، ئەمدى ماڭا ياخشى كۈن يوق، لېكىن ھەممىگە ئىدىيەمدە تەييارلىق قىلىپ قويدۇم، يالغۇز بېشىم بىلەن نەلەردىمۇ بولارمەن دېگىنە!

ساجىدە يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ:

ـ سۆيۈن، مەن سەن بىلەن بىرگە بولىمەن، بولدى ئىككىمىز نېمە كۆرسەك تەڭ كۆرەيلى، دېگىنىچە يىغلاپ كەتتى.

مەن ساجىدەنىڭ بۇنداق ياخشى يۈرىكىنى ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلالمايمەن، مەن بۇنداق ياخشى دوستۇمنىڭ بارلىقىنى ئويلىغىنىمدا ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمەن، بۇنداق ياخشى دوستۇڭ بولۇشى كىشى ئۈچۈن زور بەخت!

ساجىدەنىڭ كەينىدىن ئابلىز كىرىپ كەلدى. ئابلىز مەكتەپ تەشكىلى تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ مەسىلە تاپشۇرۇپتۇ، ئۇ سورالغان سوئاللار ۋە نېمىلەرنى دېگەنلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى ۋە ماڭا:

ـ سەنمۇ شۇنداق دەپ يازا دېدى.

مەن گەپ قىلمىدىم، ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ھە راست، تۈنۈگۈن دېرىزىدىن قاراپ تۇرسام سېنى چاقىرتىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى، ئۆيگە باردىما؟

مەن ئابلىزغا تۈنۈگۈن بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى سۆزلەپ بەردىم ۋە بايراقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

ـ مەن بايراقنى ساقلايمەن، كېيىن بىز ساق ـ سالامەت كۆرۈشسەك خۇدايىم بۇيرۇسا بىز ئويلىغان مەقسىتىمىزگە ئىرىشىپ يەر يۈزىدە مۇشۇ بايرىقىمىزنى لەپىلدىتىمىز، دەپ

كۆلدۈم.

‐ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز، شۇ كۈنلەرنى كۆرۈشكە ئاللاھ ئۆزى نېسىپ قىلسۇن، بىز كۆرەلمىسەكمۇ بالىلىرىمىز كۆرەلىسە ئىدى، دېدى ئابلىز.

‐ راست، سەن تۈنۈگۈن ماڭا ئىككى ئاي بۇرۇن كۆيدۈرۈۋەتكەن دېگەن ئىدىڭ، نېمىشقا ماڭا يالغان ئېيتتىڭ؟

‐ ئابلىز، راستىنى ئېيتسام مەن ساڭىمۇ ئىشەنمەي قورقۇپ دېمىگەن ئىدىم. بۇ ئىشنى زادى كىم پاش قىلدى. بۇ ھەممىمىزگە قاراڭغۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىمگە ئىشەنمەي قالدىم.

‐ توۋا، مەن شۇنداق قىلارمەنمۇ، ماڭىمۇ ئىشەنمەمسەن؟

‐ ئادەمنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزىگىمۇ ئىشەنمەيدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ، دېدىم.

## 21 ‐ ئاپرېل يەكشەنبە

تۈنۈگۈن كەچ گۇڭەنتىڭ كادىرى تۇردى ياتاققا كىرىپ ماڭا:

‐ ئەتە يەكشەنبە كۈنى شەھەرگە بېرىشڭلارغا بولمايدۇ، ئەمدى رۇخسەتسىز ھېچ يەرگە بارمايسىلەر، بىر يەرگە بارساڭلار تەشكىلدىن رۇخسەت سوراپ بارىسىلەر، دېدى.

‐ ئەتە مېنىڭ دوختۇرخانىدا دىژۇرنى كۈنۈم، دوختۇرخانىغىمۇ بارمايمەنما؟ سورىدىم قەستەن.

‐ ياق، دوختۇرخانىغا، تاماقخانىغا بولىدۇ، باشقا يەرلەرگە دېگەن سۆز. بۇ مەكتەپ تەشكىلاتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى، قانۇن دېگەن ئۇيىنىشىدىغان نەرسە ئەمەس، دەپ ئاچچىقلىغاندەك بولۇپ، چىقىپ كەتكەن ئىدى.

شەمشجامال:

‐ ۋىيەي جېنىم ئاداش، ئۇنىڭ بۇ گېپىگە كۆڭلۈم ھەجەپ يامان بولدى، قانداق قىلارمىز ئەمدى، دەپ يىغلاپ كەتتى.

ئۆزۈمنىڭمۇ كۆڭلۈم يامان بولۇپ تۇرغاچ:

‐ يىغلىما دوستۇم، باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز، دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم.

دوختۇرخانىغا بېرىپ ئاغرىقلارنى بىرەر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، كېسەل تارىخى يازماقچى بولۇپ، قولۇمغا قەلەم ئالغان بولساممۇ بۇ ماڭا ئارتۇق ئىشتەك بىلىنىپ يازغۇم كەلمىدى، دوختۇرخانىنىڭ دېرىزىسىدىن تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە، قۇياشقا، كۆپ كۆك ئاسمانغا ئەركىن ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارغا، ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە تويماي قارايتتىم. بۇندىن كېيىن ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ، بۇنداق چىرايلىق كۆرۈنمەيدىغاندەك بىلىنەتتى. شۇ ۋاقىتتا شەمشىجامال ئەنسىرىگەن پېتى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

ـ قانداق، بارمۇسەن، نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ بىر كىچىك ماشىنا كېلىپ سىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىدا توختىغان ئىدى. يۈرىكىم چىقىپ كېتەي دېدى. زالنىڭ ئىچى بىلەن يۈگۈرۈپ كەلدىم. شۈكرى، بار ئىكەنسەن، دېدى.

شەمشىجامال بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى. بۈگۈن تۇرنىسامۇ دىژۇرنى ئىدى. ئۇ مېنى كۆرسە مەندىن قېچىپ، كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى، مېنى كۆرسىمۇ خۇددى مەن يوقتەك ئېتىبارسىز قاراپ شۇ يەردىن تېز كېتىشكە تىرىشاتتى. بۇمۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇمنىڭ بىرى ئىدى.

## 22 - ئاپرېل دۈشەنبە

چۈشتە ياتاققا كىرسەم شەمشىجامال يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ.

ـ باشقىلار تاماقتىن قايتمىدىمۇ؟ سورىدىم مەن ياتاقتا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئەجەبلىنىپ.

شەمشىجامال كۆڭۈلسىز ھالدا:

ـ بۈگۈن تۇرنىسا روزنى، تۇرنىسا يۈسۈپنى ۋە يەنە بىر قانچە ئاكتىپلارنى چاقىرتىپ مەمۇرىيەت ئىشخانىسىدا يىغىن ئاچقان ئوخشايدۇ، تۇرنىسادىن سورىسام ماڭا ھېچ نېمە دېمىدى. بۈگۈن بىر ئىش بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرىمەن، كېچىسى ئۇيقۇم كەلمەي، كۆندۈزى كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق... دەپ يەنە كۆزىگە ياش ئالدى.

ـ شەمشى كۆڭلۈڭنى بۇزما، ھايات بولساق ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ كۈلدۈم.

مۇشۇ ئىشلار ئوتتۇرىغا چىققاندىن بۇيان مەن ئاشخانىغا چىقىپ باقمىغان ئىدىم، قىزلارمۇ:

ــ بولدى، سەن ئاشخانىغا بارما، بىز ساڭا ئېلىپ كىرەيلى، ھەممىمىز ياتاقتا ئولتۇرۇپ يەيلى، دېدى.

شۇندىن بۇيان ياتاقتا تاماق يېدۇق. تاماقتىن كېيىن قارىسام قىزلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى بولمىغاچقىمىكىن ياتاقنى تازىلاشقا قولى بارمىغان ئوخشايدۇ. ياتاق پاسكىنا بۇپكەتكەن ئىدى. ئۇنىڭغا مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ، ياتاقلارنى تازىلاپ، تاختايلارنى يۇيۇپ، سۈرتۈپ، چىنە ـ قاچىلارنى يۇيۇپ تازىلىدىم، سۇخانىغا بېرىپ ئىسسىق سۇ ئېلىپ كېلىپ باش كۆزۈمنى يۇدۇم، ياتاققا ئەتىر سېپىپ خۇشپۇراق پۇراتتىم.

مەن چۈشتە ياتاققا كەلگەندە، نۇرنىسا روزى بىزنىڭ ياتاقنىڭ ئالدىدىكى كارىدورنىڭ بالكونىدا تۇرغان ئىدى. شۇنچە ۋاقىت ئۆتتى. مەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىم. ئۇ تېخىچە شۇ يەردە تۇراتتى. بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىدىغاندۇ، دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم.

خالاتلىرىمنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا باراي، دەپ چىقسام ئۇ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

ــ نەگە بارىسەن؟ دەپ سورىدى.

ــ دەرسكە بارىمەن، دەپ جاۋاب بەردىم.

ــ سېنى دەرسكە بارماي تۇرۇپ تۇرسۇن، بىر ئاز ئىش بار دەيدۇ، دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن «بۈگۈن بىزنى قولغا ئالىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم ۋە ياتاققا قايتتىم.

ياتاقتا شەمشىجامال بىلەن نۇرنىسا چۈشتىن كېيىن ئۇخلىيمىز دەپ تۇرغان ئىكەن. مەن ئۇلارغا:

ــ بۈگۈن بىزنى قولغا ئالىدىغان ئوخشايدۇ، دېدىم.

نۇرنىسا گەپ قىلماستىن ئالدىراپ كارىۋىتىغا بېرىپ يېتىۋالدى. مەن پۈتۈن نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدىم. نۇرنىسا ماڭا قاراپ ھەربىر ھەرىكىتىمنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى.

نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ بولىشىمغا ياتاققا غۇپۇر رېھىم، نۇسرەت، گوزجاڭ، خەيىپ، ئۆمەرجان، نۇرنىسا روزى، ئىككى خەنزۇ ئوقۇغۇچى ۋە مەن تونۇمايدىغان يەنە بىر نەچچە خەنزۇلار كىرىپ كەلدى.

غوپۇر ربهم ماڭا قاراپ:

ـ بۇگۈندىن باشلاپ سىلەرنى رىجىمدا تۇتۇپ تۇرۇپ مەسىلە تاپشۇرغۇزىمىز، بۇ سىزگە ئۇقتۇرۇپ قويىدىغان بىر نەرسە، سىزگە نۇرنىسا روزى، نۇرنىسا يۇسۇپ ۋە بۇ ئىككى خەنزۇ قىز ئوقۇغۇچى قارايدۇ (ئۇ خەنزۇ قىزلارنى كۆرسەتتى). ھەر قانداق بىر ئىشقا تېگىشلىك ئورۇنلارغا مۇشۇ قىزلار بىلەن بىرگە بارىسىز، يالغۇز بىر قەدەممۇ ماڭمايسىز، ئاشخانىغا بارمايسىز، تاماقنى مۇشۇلار سىزگە ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇقتىڭىزمۇ؟ دېدى ۋە ئارقىدىنلا:

ـ ئىككىنچى بىر ئىش، ھازىر سىزنى ئاقتۇرىمىز، چۈنكى سىز ماتېرىياللارنى تولۇق تاپشۇرۇپ بەرمىدىڭىز، شۇڭلاشقا سىزنى ئاقتۇرۇشقا تېگىشلىك بولۇپ قالدى، بۇ گۇڭەنتىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھېچقانداق قارشىلىق قىلىشىڭىزغا بولمايدۇ، سىز ئۆزىڭىز خەنزۇ قىزلار ياتىقىغا چىقىپ تۇرىسىز! دېدى.

ـ بولىدۇ، دېدىم ۋە ياتاقتىن چىقتىم.

نۇرنىسا روزى بىلەن ئىككى خەنزۇ قىز مېنى باشلاپ ياتاقتىن چىقتى، بىز خەنزۇ قىزلار ياتىقىغا كىرىشىمىز بىلەن ياتاقنىڭ دېرىزىسىنى يېپىپ پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

ـ دېرىزىنى ئېچىڭلار، دەپ بېرىپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتىم.

ئۇ ئۇچىسى تەڭلا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

– دېرىزىنى ئاچقىلى بولمايدۇ، دەپ دېرىزىنى يېپىشقا باشلىدى.

– مېنى ھازىر تۈرمىگە سالغىنى يوق، قاچان مېنى تۈرمىگە تاشلىسا ئاندىن مېنىڭ پىكرىم يوق، بولمىسا دېرىزىنى ئېچىڭلار، دېدىم ۋە دېرىزىنى ئېچىپ، ئۈستىگە چىقىپ سىرتقا قاراپ ئولتۇردۇم. چۈنكى مەن قاراڭغۇلۇقنى پەقەت ياخشى كۆرمەيتتىم. كېچىدە چىراغ ئۆچكەندىن كېيىن دېرىزە پەردىسىنى ئېچىۋېتىپ ياتاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇ قىزلارنىڭ ياتىقى قالايمىقان ھەم سېسىق پۇرايتتى. بۇنداق پاسكىنىچىلىقتا كۆڭلۈم ئېلىشىپ ئاران ئولتۇرسام، ئۇلار دېرىزىنى ياپىمىز دەۋاتامدۇ.

ئىككى خەنزۇ قىز مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ قاراپ تۇردى، تۇرنىسا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىلا نۇسرەتنى باشلاپ كىرىپتۇ.

نۇسرەت كىرىپلا:

– سېنىڭ ئەمدى قارشىلىق قىلىپ ماجىرا چىقىرىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ، دېرىزىدىن چۈشۈپ، دېرىزىنى ياپ! دەپ مېنى سۆرەپ چۈشۈرمەكچى بولۇپ يېنىمغا كەلدى.

– كەت! ماڭا يېقىن كەلمە! مەن تېخى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغىنىم يوق، مەھبۇسقا تۇتقان پوزىتسىيىنى ماڭا تۇتما، نۇسرەت سېنىڭ ماڭا «سەن، پەن» دەپ ۋارقىراپ مۇئامىلە قىلىشىڭغا ھەققىڭ يوق، دەپ بۇرۇلۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇردۇم.

نۇسرەت ئامالسىز چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كىرىپ:

– پارتىيە پروگراممىسى ۋە باشقا ماتېرىياللار قەيەردە؟ دەپ دىكتاتور قوللىنىپ ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ كەتتى.

– يوق! ئىككى ئاي بۇرۇن كۆيدۈرۈۋەتكەن! دېدىم، دېرىزىدىن چۈشمەي ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرۇپ.

– يالغان، سەن ئىككى ئاي بۇرۇن كۆيدۈرمىدىڭ، 18 - ئاپرېل كۈنى چۈشتە سەن نەدە بولدۇڭ؟

– ئىچكى كېسەل 3 - پالاتاسىنىڭ لابوراتورىيىسىدە بولدۇم، دېدىم كۆزۈمنىمۇ يۇمماستىن خاتىرجەم ھالدا ئۆزۈمنى ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشىپ.

– سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن، سەن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ زېرەك، ئەڭ قۇۋسەن، بىزنىمۇ ئالدىماقچىمۇ سەن تېخى، بىزنى ئالدىيالمايسەن، راستىڭنى ئېيت! دەپ قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى.

مەن يەنىلا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ:

– راست، شۇ ئىككى ئاي بۇرۇن كۆيدۈرگەن، 18 - ئاپرېل كۈنى لابوراتورىيىدە بولدۇم، ئىشەنمىسەڭلار تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار! دېدىم.

كېيىن ئۇ رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقىمۇ بىر مۇنچە ۋارقىراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئاڭغىچە سائەت يەتتە بولدى، غۇپپۇر رېھىم باشلىق بىر قانچە كىشى مېنى ئاختۇرۇپ ھېچنەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن:

– مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، سىزگە ياتاق ھەل بولغاندىن كېيىن، ئورۇن - كۆرپىلىرىڭىزنى كۆچۈرۈپ چىقىسىز، دەپ چىقىپ كەتتى.

يەنە بىردەمدىن كېيىن كىرىپ مېنى:

– سىز نۇرنىسا يۈسۈپنىڭ ياتىقىدا يېتىڭ! دەپ مېنى ئۇلارنىڭ ياتىقىغا ئەكىرىپ

قويدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىزنىڭ قارار بىلەن ساجىدەنىڭ قارارىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى مەمۇرىيەت بىناسىنىڭ زالىغا يىغقان ئىدى. ئۇلار كەچ سائەت 11 دە قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار بىلەن بىللە نۇرنىسا يۇسۇپمۇ ماڭا بىر قاچا سۇيقاش ئېلىپ كىردى، لېكىن مېنىڭ تاماقنى يېگۈم كەلمىدى.

ــ تاماقنى نېمىشقا يېمەي ئولتۇرسەن؟ دېدى نۇرنىسا ۋە تاماقنى مېنىڭ ئالدىمغا قويۇپ قويدى.

ــ هازىر تاماق يېگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، يېمەيمەن، دېدىم؟

ــ ئۇنداق بولسا نېمە يەيسەن؟

ــ بولسا بىر چىنە ئىسسىق چاي ئىچكۈم بار.

ــ مەن ساڭا هازىر چاي ئېلىپ كىرەي، دەپ نۇرنىسا چىقىپ كەتتى. هۆرنىسا مەجلىستىن كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

ــ ۋاي سۆيۈن، نېمىشقىمۇ شۇنداق قىلغانسەن، نېمىشقىمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ كېلەچەك بەختىڭلارنى ئويلىمىغانسىلەر؟ ئاتا ـ ئاناڭ، ئۇكىلىرىڭنى نېمىشقا ئويلىمىدىڭ؟ ئۆز بەختىڭنى نېمىشقا ئۆزۈڭ نابۇت قىلدىڭ، ئەمدى قانداقمۇ بولار؟ دەپ ئېچىنىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى چىن دىلىدىن دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىز كۆرسەتمەسلىككە تىرىشىپ ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىپ قويدۇم.

ــ هۆرنىسا، مەن ئەل بەختى ئۈچۈن ئۆز بەختىمنى، خەلق ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئۆز ئەركىنلىكىمنى يوقاتساممۇ پۇشايمان قىلمايمەن. چۈنكى مەن ئەل ئۈچۈن بىر نەپەس ئالسام مەن ئۆزۈمنى بەختلىك دەپ بىلىمەن، مەن هەرگىز ئۆزۈمنى بەختسىز دەپ ئويلىمايمەن، بىرلا يېرى مەن پەقەت دوختۇر بولالمايمەن، مەن ئۆزۈمنى تۇرمۇش ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتىمەن دەپ بىلىمەن هەم بىلىم هەم تۇرمۇش ئۆگىنىمەن، كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشىمەن، ياخشى ـ يامانني كۆرىمەن، ئۆلمىسەم بۇلارنىڭ هەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاللاھ بۇيرۇسا قايتىپ چىقىمەن، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ مەن ئۆز هاياتىمدا ئەل ئۈچۈن بىر ئىش قىلغۇم كېلىدۇ، بىراق بۇ قېتىم هېچ نەرسە قىلالمىدىم. لېكىن قولغا ئېلىنىشىمىزمۇ خەلققە مۇستەقىللىقنىڭ بىر تەشۋىقاتى بولۇپ قالار، ئاللاھ بۇيرۇسا ئاتا ـ ئاناممۇ مېنى كەچۈرەر، دەپ ئويلايمەن. ئۇلارنىڭ مەندىن باشقا يەنە باللىرى بار.

– ۋيەي سۆيۈنگۈل ھەجەپ گەپ قىلدىڭغۇ! كۆڭلۈمگە دولقۇن ياسىدىڭ، سەندە چوڭ بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى سەزدىم. مەن ساڭا ئىشىنىمەن، سەن ھېچ نەرسە بولماي قايتىپ چىقىسەن. مەن ساڭا قول قويدۇم، مېنىڭ سېنىڭ ھەقىقىي دوستۇڭ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما! دېدى.

– ياق ئۇنتۇمايمەن، سەن مېنىڭ راستىنلا ھەقىقىي دوستۇمسەن، دېدىم، ئىككىمىز كۈلۈشۈپ قۇچاقلاشتۇق.

مەن ئۇنىڭدىن:

– دوكلاتتا نېمىلەرنى دېدى، كىملەرنى رېجىمغا ئالدى؟ دەپ سورىدىم.

– دوكلاتتا سىلەرنى بۇگۈندىن باشلاپ رېجىمغا ئالغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە سىلەرنىڭ رېئاكسىيون تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ھەرىكەت قىلغان دېگەندەك... ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ئۇلارنىڭ دەيدىغان سۆزلىرىنى، شۇنداق قىلىپ بىر سائەت سۆزلىدى، تەشكىلاتنىڭ باشلىقلىرى دەپ ئالدى بىلەن ئەھمەد توختى، سۆيۈنگۈل، ئابلىز، سەۋرىدىن، ساجىدە دەپ ئۇقتۇردى.

– ئابلېكىمنى ئاتىمىدىما؟ دەپ سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ.

– ياق ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىمىدى، دەپ ھۆرنىسا مەنىلىك قاراپ قويدى.

مەن يەنە ياخشى كۆڭلۈم بىلەن ئابلېكىمنىڭ قورقۇنچاق، ئەنسىز مىجەزىنى ئويلاپ «ئۇنىڭ مەكتەپتە قالغىنىمۇ ياخشى بوپتۇ، بولمىسا ئۇ ساراڭ بولۇپ كېتەر ئىدى» دەپ ئويلىساممۇ، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ كەينىدە «نېمە ئۈچۈن ئۇ ساقلىنىپ قالدى»، تەشكىلاتنى قۇرغان يادرو گۇرۇپپىسىدىكى تۆت ئادەمنىڭ بىرسى شۇغۇ... دەپ ئويلىدىم. بىراق يەنىلا ئۇنىڭغا يامانلىق تىلىمىدىم، ئەكسىچە قولغا ئېلىنماي قالغانلىقى ئۈچۈن خوش بولدۇم.

مەن ئابلېكىمگە نېمانچە ئىشىنىپ كەتكەندىمەن؟ ھېچقاچان ئۇنى پاش قىلىپ قويار دېگەن نەرسىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ قويماپتىمەن.

شۇ ئارىدا باشقىلار قايناقسۇ كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. بۇ قايناقسۇنى پۈتۈن ياتاقلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ يېرىم كېچىدە بىرسىنىڭ توك ئوچىقىدا قايىنىتىپ ئېلىپ كەپتۇ، مەن چاينى چىنىگە قۇيۇپ بىر ـ ئىككى ئوتلىغاندىن كېيىن ئىچكۈم كەلمەي قالدى.

نۇرنىسا يۈسۈپ مېنىڭ كۆپ ئىچمىگىنىمنى كۆرۈپ:

– ۋيەي، شۇ بىر يۇتۇم ئىچىدىغىنىڭ ئۈچۈن بىزنى شۇنچە يەرگە يۈگرەتتىڭغۇ، مۇشۇ

قايناقسۇنى دەپ بارمىغان كورپۇس، كىرمىگەن ئۆيىمىز قالمىدى، دەپ كايىپ كەتتى.

— قايغۇرما، ئىچىمەن، دېدىم ۋە ئەمەلىيەتتە ئۇ چاينى ئىچكۈم كەلمىسىمۇ ئىچىۋەتتىم.

بىز ئەمدى يېتىشىمىزغا غۇپپۇر رېھىم، گوزجاك، ئۆمەرجان، نۇسرەت، خەيىپ ۋە يەنە بىر قانچە كادىر كىرىپ كەلدى.

— بىز سىلەرگە ياتاق تەييارلاپ قويدۇق، ئاستىنقى قەۋەتكە ھازىر كۆچۈپ چۈشۈڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلدى غۇپپۇر رېھىم.

ھەر قايسىمىز يوتقان ـ كۆرپىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ ئاستىنقى قەۋەتكە كۆچۈپ چۈشتۇق.

بىزگە بىرىنچى زالنىڭ قىزلار تەرىپىدىكى قىزلار ھاجەتخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئەڭ چەتتىكى ئۆينى ھازىرلاپ قويۇپتۇ. ياتاقتا ئىككى قوش كارىۋات، بىر بىر كىشىلىك كارىۋات، بىر ئۈستەل، تۆت ئورۇندۇق بار ئىكەن. قوش كارىۋاتقا ھېلىقى تۆت قىز، يالاڭ كارىۋاتقا مەن ئورۇنلاشتىم، دېرىزىلىرىگە گېزىتلەرنى چاپلاپ قاراڭغۇ قىلىۋەتكەن ئىدى، سائەت بىر بولدى، مەن يېشىنىپ ياتتىم، ئۇلار تېخى ياتماي ئولتۇراتتى.

— ۋاي، سىلەرگە نېمە بولدى، ياتمامسىلەر، ئۇخلاڭلار! دېدىم.

— بىز ياتمىز سەن ئۇخلاۋەر! دېدى نۇرنىسا روزى ۋە مېنىڭ باش تەرىپىمگە بىر ئورۇندۇق، ئاياق تەرىپىمگە بىر ئورۇندۇق قويۇپ نۇرنىسا يۈسۈپكە:

— بۈگۈن مەن بىلەن پاكىزى دىۋۈرنى بولىمىز، كۈندۈزى جىك زىيىك ئىككىڭلار قاراڭلار، دەپ ئىككىسى ئىككى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

مەن ۋارقىراپ كۈلۈۋەتتىم.

— نېمە بولدى، نېمىشقا كۈلىسەن؟ سەن كۈلگۈدەك بىر ئىش بولدىمۇ بۇ يەردە؟ دەپ ئاچچىقلاپ ۋارقىراپ كەتتى، ئۇلار.

— مەن سىلەرنىڭ ئەخمەقلىقىڭلارغا كۈلۈۋاتىمەن، ماڭا ئىككىڭلارنىڭ قارىشىڭلار ئازلىق قىلىدۇ، تۆتىڭلار قارىمامسىلەر؟

نۇرنىسا روزىنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— سېنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى.

— سىلەرنىڭ مېنىڭ ئىشىم بىلەن كارىڭلار بولىدىكەن، مېنىڭ سىلەرنىڭ ئىشىڭلار بىلەن كارىم بولسا بولمامدىكەن؟ چىراغنى ئۆچۈرۈڭلار! دەپ تەتۈر قاراپ ياتتىم.

– چىراغنى ئۆچۈرۈشكە تەشكىل ئۇنىمايدۇ. كۆزۈڭنى بىر نەرسە بىلەن توسۇپ ئۇخلا، دېدى نۇرنىسا روزى.

بۇ قىيىن بولدى، مەن يورۇقتا پەقەت ئۇخلىيالمايتتىم. يوتقانىنىڭ ئىچىگە بېشىمنى تىقسام دېمىم سىقىلىپ ياتالمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ تەتۈر قاراپ ئۇخلاش ئۈچۈن تىرىشىپ ياتتىم.

بىرەر سائەتتىن كېيىن گوزجاڭ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى.

– ئۇخلىدىمۇ؟ سورىدى گوزجاڭ.

– ھەئە، ئۇخلاۋاتىدۇ.

– ياخشى قاراڭلار، دېدى گوزجاڭ ئاستا ئاۋاز بىلەن، يېنىدىن زادى قوزغالماڭلار، ئۇخلاپ قېلىپ بىر ئەھۋال كېلىپ چىقمىسۇن، كۆندۈزى ئۇخلىۋالىسىلەر، ئەگەر بىرەر ئەھۋال بولسا 7 - ئۆيگە تېلېفون ئۇرۇنتىپ قويدۇق، شۇ يەرگە تېلېفون قىلىڭلار، دەپ قولىدا قانچە - قانچە شىفىرلار بىلەن ئۆزىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى ھەمدە بىر كادىر خەنزۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۇنىڭ دىژۇرنى بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مەمۇرىيەت بۆلۈمىدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى دەپ بېرىپ، ئۇلارغا مېنى قايتا - قايتا تاپىلاپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلار خۇددى دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىدىغاندەك جىددىيلىشىپ شىۋىرلىشىپ بىرسى باش تەرىپىمدە، بىرسى ئاياق تەرىپىمدە مىدىرلىماي قاراپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدى.

# 23 - ئاپرېل

ئەتىگەن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، چاچلىرىمنى تاراپ كۆندىكىدىنمۇ روھلۇق بولۇپ، ئىشلىرىمنى تۈگەتتىم. دېرىزىگە چاپلىۋەتكەن گېزىتلەرنىڭ ھەممىنى يىرتىپ ئېلىۋېتىپ، دېرىزىنى ئېچىۋەتتىم.

– دېرىزىدە سېنىڭ بىر جىنىڭ بارمىكىن، نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟ تەشكىل ئۆزى چاپلاتقۇزغان تۇرسا، دېگەن پېتى دېرىزىنى يەنە يېپىشقا تەمشىلىپ نۇرنىسا روزى كەلدى.

– ياپما! ماڭ تەشكىلىڭگە بېرىپ ئېيت، دېدىم ۋە دېرىزىنى ئاچتىم. نۇرنىسا روزى ئامالسىز چىقىپ كەتتى. بەلكى تەشكىلگە ئېيتقىلى كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. كېيىن ئۇلار مېنىڭ دېرىزىنى ئېچىپ - يېپىشىمغا گەپ قىلمايدىغان بولدى.

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن گوڭگەنتىڭنىڭ مەخسۇس سوراقچىسى ئەلى يۇسۇپ دېگەن كىشى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت سوراق قىلدى. چۈشتىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئادەملىرى سوراق قىلاتتى، بەزىدە گوڭگەنتىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كېلىپ سوراق قىلاتتى.

گوڭگەنتىڭنىڭ ماشىنىلىرى ھەر كۈنى مەكتەپكە كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى، مەكتەپ ئىچىدىمۇ گوڭگەنتىڭنىڭ ئادەملىرى بىلەن مەكتەپ مۇدىرلىرى، شۇجىلىرى ئۇياقتىن - بۇياققا ئالدىراش چېپىپ يۈرەتتى. بىزنىڭ بۇنداق كىچىك ئىشلىرىمىز ئۈچۈن بۇلارنىڭ بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشلىرىگە ئادەم ھەيران بولاتتى.

بىز تۆتىمىز ئۈچۈن قانچىلىغان ئادەم ئەتراپتا ئۇخلىماي كۆزەت قىلىدۇ، پۈتۈن مەكتەپ، پۈتۈن بىنالاردا ساقچى، پوستلار تاڭ ئاتقۇچە بىرەر يامان ھادىسە كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ چېپىشىپ چىقىشاتتى.

شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتە ئۆتتى، كۈنىگە 3 - 4 مەرتىۋە سوراق قىلغاندىن تاشقىرى «مەسىلە يېزىپ تاپشۇر!» دەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. بىر كۈنى ئولتۇرسامۇ ماڭا بەرگەن قەغەزنىڭ ئاران بىر بېتىنى توشقۇزسام چوڭ ئىش ئىدى. ئۇلار بەرگەن ئوتتۇز - قىرىق تاختا قەغەز دەستە - دەستە بولۇپ تىزىلىپ كەتتى.

ھەر بىر مەسىلىنى يازغاندا: «مىللىي مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش جىنايەت ئەمەس، ئەكسىچە ھەقلىق» دەپ يېزىپ، ماۋزېدۇڭ، لېنىن، ستالىننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇش ۋە نامايىشلىرىنى قوللاپ يازغان ماقالە ۋە سۆزلىرىدىن مىسال كەلتۈرۈپ «بىزنىڭ گۇناھىمىز يوق!» دەپ يازاتتىم. ئۇلار ماڭا: «سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلار ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت، سىلەر جىنايەتچى...» دەپ سۆزلەپ ھارمىدى. مۇشۇ بىر سۆزنى سۆزلەپ بىر ھەپتە ئۆتتى.

## 29 - ئاپرېل دۈشەنبە

بۈگۈن مەكتەپنىڭ ئىچى ئادەتتىكىدىن تاشقىرى جىددىي، پۈتۈن ئادەم ئالدىراش ئۇياقتىن - بۇ ياققا چاپاتتى. گوڭگەنتىڭ ماشىنىلىرى چۈشكىچە 7 - 8 قېتىم كېلىپ - كەتتى.

دىڭ شۇجى، تاڭ يۈئەنجاڭ، غوپۇر رېھىم، گوزجاڭ، ئۆمەرجان تۇردى، نۇسرەت، خەيىپ ۋە بىر قانچە بىز تونۇمايدىغان كادىرلار بولۇپ، 20 - 30 ئادەم دوكۇرلىشىپ بىر

ئۇياققا بىر بۇياققا چاپاتتى. چۈشكىچە سوراقمۇ بولمىدى. ئۇلار دېرىزە تۆۋىدىن ھەر بىر ئۆتكەندە دېرىزىنى ياپاتتى. ئۇلار كېتىشى بىلەن مەن يەنە ئاچاتتىم. بۈگۈنكى ئەھۋالغا قارىغاندا بىر ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى ئېنىقتەك قىلاتتى.

چۈشكىچە دېرىزىدىن كەتمەي سىرتقا قاراپ تۇردۇم. نۇسرەت بىلەن خەيپىنىڭ پۈتۈن ئىشنى شۇلار قىلىۋاتقاندەك جاھانغا پاتماي كىرىلىپ يۈرگىنىگە قاراپ ھەيران بولدۇم. بۇلار ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئاددىي سۆز ۋە ئىشلارنىمۇ بىرنى قويماي مەكتەپ تەشكىلىگە يەتكۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىشىغا تەككەن ساۋاقداشلار ئىدى. يەنە بىر تۈركۈم ئاكتىپلار ئۈچۈن بۇ ئۇلارنىڭ كۆڭۈل خوشى، جېنى ھۇزۇر تاپقۇدەك ئىش بولدى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كۈندۈز ئادىتىم بويىچە كارىۋاتتا ياتقان ئىدىم. كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتكەن ئىكەن، ماڭا تونۇش بولغان ھېلىقى گۈگەنتنىڭ قارا ماشىنىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چاققان تۇرۇپ دېرىزىگە قارىسام بىزگە قاراپ ئىككى جىپ ماشىنا قاتارلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

– بىزنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدى! دېدىم.

– خىيالىڭ بىلەن تون پىچمىساڭچۇ! دېدى نۇرنىسا روزى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىگىمۇ دىققەت قىلماستىن ماشىنىنىڭ نەگە بارىدىغىنىنى بىلگۈم كېلىپ، نۇرنىسا روزىغا:

– يۈرە، تاھارەتكە بېرىپ كېلەيلى! دېدىم.

– زالغىلا چىقامدۇق؟ ياكى سىرتتىكىگە چىقامدۇق؟ دەپ سورىدى ئۇ.

مېنىڭ ئەلۋەتتە سىرتقا چىققۇم كېلىپ تۇرغان بولغاچ گەپ - سۆزسىزلا سىرتقا قاراپ ماڭدىم.

بۈگۈن زالنىڭ ئىچىمۇ ئاجايىپلا سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. كادىرلار ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى.

«ھەر ھالدا ئاخىرقى مىنۇتلار بولسا كېرەك!» دەپ ئويلىدىم، ئالدىمىزدىن نۇرنىسا يۈسۈپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ «سىرتقا چىقىشقا بولمايدۇ، زالغا بېرىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ ۋارقىرىغانسېرى قارا نېگىردەك تېرىسى تېخىمۇ قارىداپ يۈزىگە قارا سۈرتۈۋالغان ئالۋاستىدەك سەت كۆرۈندى، ئۇ ئۆزىنى خۇددى گۈگەنتنىڭ مەھبۇسلارنى باشقۇرىدىغان كادىرلىرىدەك ھېس قىلدىمۇ، ۋارقىرىغاندا ئاۋازى خۇددى گۇندىپاينىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

بىز كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان چەتتىكى پەلەمپەيدىن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىۋاتقاچ دېرىزىنىڭ ئەينىكىدىن تالاغا قارىسام بىزنىڭ ياتاق كورپۇسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ھېلىقى مەن كۆرگەن گۇڭگەنتىڭنىڭ ئىككى قارا جىپ ماشىنىسى تۇراتتى. دېرىزىدىن تالاغا قاراپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار مېنى كۆرۈپ تاڭ قېتىپ قالدى. «مەكتەپ ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى، مۇشۇ پەلەمپەيدىن ئاخىرقى قېتىم مېڭىشىمدۇ...» دەپ ئويلىدىم، پەلەمپەيدىن ئۇچقاندەك ئىككىنچى قەۋەتكە يېتىپ چىقتىم. نۇرنىسا روزى ماڭا يېتىشەلمەي «سۆيۈنگۈل، توختا!» دەپ ۋارقىرايتتى. چۈنكى ئۇ ھەم ئېگىز ھەم سېمىز بولغاچ كۆرۈنۈشتە چوڭ ئوقۇغۇچىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ پەلەمپەيدىن چىقىپ بولغۇچە مەن ئايلىنىپ قايتتىم.

قايتىشىمدا دېرىزىدىن قارىسام ھېلىقى ماشىنىنىڭ بىرسى كېتىپ، بىرسى قاپتۇ، «قالغانلارنى ئېلىپ كەتكەن بولسا ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى» دەپ ئويلىدىم.

ياتاققا كىرگەندىن كېيىن خالتىمنىڭ يانچۇقىنى بىكارلاپ خالاتنى نۇرنىسا روزىغا بەردىم. ئۇمۇ گەپ قىلماي ئالدى، مەن ئۇششاق ـ چۈشەك نەرسىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ سومكامغا سالدىم. يانچۇقۇمدا 12 سوم پۇل ۋە ئىككى مېتىر رەخ بېلىتى بار ئىكەن، ئۇنىمۇ ئۇلارغا بەردىم.

ــ ھەلىمگە بېرىپ قوي، ئۆيدىكىلەر كېلىپ قالسا بېرىپ قويارسىلەر، ئۆيدىكىلەر كەلسە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ياخشى قاراپ قويۇڭلار! دېدىم.

ــ سەن ئۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بول! دېدى نۇرنىسا يۇسۇپ بىلەن نۇرنىسا روزى.

نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئورۇن ـ كۆرپەمنى يىغماقچى بولۇپ تۇراتتىم.

ــ ئۇنداق قىلما! سۆيۈن، بىزگە گەپ كېلىدۇ! بىز ئالدى بىلەن سوراپ كۆرەيلى! دەپ نۇرنىسا يۇسۇپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئۇلارمۇ كېلىپ قالدى، دەپ قايتىپ كىردى.

زالدا 50 ـ 60 ئادەمنىڭ ئاياق ئاۋازى ئاڭلاندى. مەنمۇ يىغىۋاتقان ئورۇن ـ كۆرپەمنى قويۇپ ئۇلارغا قارىدىم.

ئىشىكتىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئادەملەر كىرىپ ئۆيگە سىغماي كەتتى. پاتمىغانلار زالدا تۇردى. ھەممىسىنىڭ چىرايلىرى شۇنچىلىك سۇرلۇك بولۇپ، ئادەم يەيدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى.

ئۇزۇن يىل ساۋاقداش بولۇپ، بىرگە ئوقۇغان نۇسرەت، خەيىپلارنىڭ چىرايى گۆشەنتنىڭ كادىرلىرىنىڭ چىرايلىرىدىنمۇ خەۋپلىك ئىدى. خۇددى ھازىرلا ئېتىلىپ كېلىپ ئادەم بوغۇزلىغىلى تەييار بولغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇلارنىڭ مەقستى ئەلۋەتتە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ رەھبەرلىككە «ياخشى» كۆرۈنۈپ، بىرەر ئورۇنغا ئىگە بولۇشقا تىرىشۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

قولغا ئېلىنىپ كېتىدىغانلىقىم توغرىسىدا كۆڭلۈمدە تەييارلىق بولغاچقا ئۆزۈمدە قورقۇش ۋە ھودۇقۇش دېگەن نەرسە بولمىدى، ئەكسىچە ئۆزۈم كۈچلۈك ۋە ئۇلاردىنمۇ ئېگىز بولۇپ كەتكەندەك بىلىندى. بۇ ئىشلار ھېچقانچە ئىش ئەمەستەك بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، گەۋدەمنى كىرىپ تۇرغىنىمنى سەزدىم.

مەكتەپ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گۆشەنتىڭنىڭ قولغا ئېلىش ھۆكۈم قەغىزىنى ئوقۇدى.

«مەسلىنى ياخشى تاپشۇرماي جاھىللىق قىلىپ ئۆز جىنايىتىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن گۆشەنتنىڭ قارار بويىچە مەسلىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن توختىتىپ تۇرىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ئىدى.

ــ چۈشەندىڭىزمۇ ياكى تەرجىمە قىلىپ بېرەيمۇ؟ دەپ سورىدى تۇردى.

ــ بولدى، چۈشەندىم، دېدىم.

ئاڭغىچە نۇرنىسا روزىمۇ نەرسىلىرىنى ئېلىپ تەييارلىق قىلىپ بولدى.

ــ تۇردى بۇنىڭغا قول قويۇڭ! دەپ بىر قەغەزنى سۇرلۈك قىياپەتتە ماڭا ئۇزاتتى.

قەغەزنى ئېلىپ ئۇستەل ئۈستىگە قويدۇم. قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئەرەبچە ئىسمىمنى يازدىم، ئاندىن خىتايچە يازدىم، ئاخىرىدا رۇسچە يېزىپ ئۈچ يەرگە ئىسمىمنى يېزىپ چىقتىم.

ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭىز! دېدى تۇردى قەغەزنى ئېلىپ.

ــ ئېنىق بولسۇن دېگىنىم! دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ ئۇنداق بولسا نەرسىلىرىڭىزنى ئېلىڭ! دەپ ۋارقىرىدى تۇردى.

مەن ئورۇن - كۆرپىلىرىمنى ئوراپ بولغۇچە شۇنچە ئادەم بىردەمنىڭ ئىچىدە نەرسىلىرىمنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

مەن مېڭىش ئالدىدا:

ــ مېنىڭ قارا شىرغا چاپىنىم قەيەردە؟ شۇ چاپىنىمنى ئېلىپ كېلىڭلار! دېدىم.

ــ ئۇ چاپىنىڭ ياتاقتا ئىدى، ئوقۇغۇچىلار ئىشىكلىرىنى تاقاپ مەجلىسكە چىقىپ كەتتى، دېدى نۇرنىسا روزى.

ــ نەگە كەتسىمۇ مەن شۇ چاپىنىمنى ئېلىپ كېتىمەن.

ھېلىقى مېنى كۆزەت قىلغان تۆت قىز ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىپ بىردەمدىلا چاپىنىمنى ئېلىپ كەلدى.

مەن چاپىنىمنى كىيىپ تۈگمىلىرىنىڭ ھەممىنى ئېتىپ ئۈستىلىرىمنى بىرەر قۇر ئالىقانلىرىم بىلەن قېقىپ قويۇپ ئاندىن قەدىمىمنى رۇسلاپ ئاستا قەدەم بىلەن ياتاقتىن چىقتىم. مېنىڭ كەينىمدىن بۇ ئادەملەرمۇ گۈلدۈرلىشىپ بىللە ماڭدى. ئىشىك تۈۋىدە ساجىدەنىڭ قارارىدىكى ئاكتىپ باللارمۇ قاراپ تۇرغان ئىكەن، بۇ تۆتىمىزنى رېجىمدا تۇتقان بارلىق ئوقۇغۇچىلار يىغىلغان ئىكەن.

بىزنىڭ ياتاقتىن باشلاپ ھەر قەدەمدە بىردىن پوست قويۇلغان. پۈتۈن زاللاردا، پەلەمپەيلەردە، ئىشىك تۈۋىلىرىدە، چوڭ يوللاردا، دوقمۇشلاردا، كۈلۈپ ئالدىدا، دەرۋازا تۈۋىدە تىزىلىپ تۇرغان پوستلار سۇرلۇك چىرايلىرى بىلەن تۇراتتى. شۇنچە پوسنىڭ بولۇشىغا قارىماي ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. پۈتۈن يەردە مېنى كۆزلىرى بىلەن ھەتتا چىرايلىق سۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ تۇراتتى. ئاشۇ مېھرىبان ساۋاقداشلىرىمنىڭ ماڭا چوڭقۇر ھېسداشلىقى بىلەن قاراشلىرى، مېھرى ـ شەپقىتى ماڭا زور كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىلھام بولدى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن كۆزۈم ئارقىلىق خوشلىشىپ ماڭدىم. بەزىلەرنىڭ كۆزىدىن ئىسسىق دوستلۇق يېشىنى تۇتالماي ئالىقنى بىلەن يۈزىنى سۈرتۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئۆز مېھرىمنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ خوشلاشتىم.

ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئەنۋەر جاكولىنىڭ كىچىك ماشىنىسى كېلىپ توختىدى.

ــ تۈگىدىمۇ؟ دەپ سورىدى ئەنۋەر جاكولىن ماشىنىسىدىن چۈشۈپ.

ــ ھەئە، ئەڭ ئاخىرقىسى مۇشۇ! دەپ جاۋاب بەردى تۇردى ۋە ئىككىسى سۆزلىشىپ قالدى.

مەن مەكتەپنىڭ ھەر تەرىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ چىققاندىن كېيىن، ماشىنىنىڭ

ئالدىدا توختىدىم. ھەم ئۇ ئىككىسى سۆزلىشىپ بولغۇچە بىزمۇ كۈتۈپ تۇردۇق. ۋە ماڭا ئاڭلىتىش ئۈچۈن قەستەن:

ــ ھازىر ھەممىڭلار تېزلىك بىلەن كۇلۇبقا بېرىڭلار، ئەنۋەر جاكولىن ئۇقتۇرۇش قىلىپ يىغىن ئاچىدىكەن، دېدى.

تۇردى كېلىپ جىپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ماڭا قاراپ:

ــ ماشىنىغا چىقىڭ! دېدى.

مەن ماشىنىغا چىقتىم، تۇردىمۇ چىقىپ ئولتۇردى. نۇرنىسا يۈسۈپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ ماڭا يەنە ماركسىزم، لېنىنزملار بىلەن نەسىھەت قىلىپ سۆزلىگەن ئىدى، تۇردى ئىشىكنى ياپتى.

مانا بۇ مېنىڭ مەكتەپ ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى ئىدى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىز مەكتەپتىن چىقىپ ئۇزاپ كەتتۇق. ماشىنىنىڭ تۆمۈر دېرىزىسىدىن كوچىلارغا قاراپ ئولتۇراتتىم، تۇردى سورىدى:

ــ سىز ئۆزىڭىزنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسىز؟

ــ مەنمۇ؟ بىر ئىنستىتۇتتىن يەنە بىر ئىنستىتۇتقا ئوقۇشقا كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولۇۋاتىمەن؟

ــ ئۇ قانداق ئىنستىتۇت بولسۇن؟

ــ بۇ دېگەن تۈرمۈش ئىنستىتۇتى.

ــ ھە، دەپ تۇرۇپ قالدى تۇردى ۋە يەنە: بىر ئويلىغاندا توغرا، بۇ تۈرمۈش، سىز قىزىق ئىكەنسىز، يۈرگەن يىگىتىڭىز بارمۇ؟

ــ يوق!

تۇردىنىڭ بايىقى چىرايى ۋە ئاچچىقىمۇ يوق ئىدى. سىزمۇ باشقا قىزلاردەك ياخشى يىگىتلەر بىلەن يۈرۈپ، ئوقۇشىڭىزنى ئوقۇسىڭىز قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! شۇنچە چىرايلىق ھاياتىڭىزنى بۇزۇپ بۇ يەرلەردە تۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئويلاپ كۆرۈڭ! ئاستا ـ ماڭ! ئۇلارنىڭ ئۇستىگە بېرىپ قالمايلى يەنە، دەپ شوپۇرغا ۋارقىرىدى.

شوپۇر ياشانغان خەنزۇ بولۇپ، چىرايىدىن شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن خەنزۇلاردەك قىلاتتى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى ئەينەكنى ماڭا توغرىلاپ مېنىڭ

كۆلۈمسىرەپ، ئەركىن سۆزلەپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ بىر تەرەپتىن ھەيران بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىدىكى ئەينەكتىن ماڭا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ: «سەن ھېچنەرسە بىلمەي كۈلۈپ ئولتۇرىسەن» دېگەندەك ئېچىنىپ قاراپ قوياتتى.

مەن يۆلىنىپ ئولتۇرغان تامنى ئاستا چەكتى. خىيالىم بۆلۈنۈپ ئۈنچىغا قارشى مەنمۇ تامنى چەكتىم. ئۇزۇن تام چەككەندىن كېيىن يان ئۆيدىن سىز كىم؟ مەھمۇت سىدىقمۇ؟ دەپ سورىدى. ياق مەن ئەمەس دېدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم جىم بولدى.

# تۈرمە ھاياتى

30 - ئاپرېل

ئەتىگەن سەھەردە يۈز يۈيۈش ئۈچۈن سۇ ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ چېلەك ئاۋازىدىن تاتلىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغاندىم، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، ئورنۇمنى يىغىپ بولغۇچە ئەتىگەنلىك تاماقمۇ كەلدى. يېڭى ئۆسكەن كۆكتاتلارنىڭ (لوبۇ سەيلەرنىڭ ئارتۇق ئۆسكىنى) تاقلانغان كۆك چۆپلەرنى قايناقسۇدا بىر قايىنىتىپ «سەي تاڭ» يەنى كۆكتات شورپىسى بىلەن قوناق ئۇنىدىن پىشۇرۇلغان «ھور نان» ئېلىپ كەلدى. «كۆكتات شورپىسى»نى ئاغزىمغا ئالسام ئاچچىق - قىرتاقلىقىدىن ئىچكىلى بولمايتتى، قوناق ئۇنىدىن پىشۇرۇلغان «ھور نان» بولسا ئېچىپ، كۆكىرىپ كەتكەن ئۇندىن بولغاچقا ئاچچىق ئىدى. بىر چىشلەپلا ئىشتىيىم بوغۇلدى. يېمەي ئېلىپ قويۇۋېتىپ، ياق بىر ئامال قىلىپ يېيىشىم لازىم، ئاغرىپ ئاجىزلاپ يۈرۈشۈمگە زادى بولمايدۇ، دەپ ئىشكاپقا قويغان ئاشلارنى ئالدىم. مەكتەپتىكى چاغدا خەلىمە يەكشەنبە كۈنى كىرگۈزۈپ بەرگەن كانفىيدىن بىرنى ئالدىم، ئاز - ئاز چىشلەپ قوناق نانغا قوشۇپ يېدىم ۋە كۆكتات شورپىسىنى دورا يېگەندەك كۆزۈمنى يۇمۇپ ئىچىپ بولدۇم. تۈرمىنىڭ ئىچى خۇددى قىش كۈنىدەك سوغۇق، چاپان كىيىپ ئولتۇرۇپ توڭلاپ ھېچ ھالىم قالمىدى. ئۆينى سۈپۈرۈپ بولۇپ، ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇردۇم. تامنىڭ ئاستا چېكىلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. يەنە ئاخشامقىدەك بىر ھازا تام چېكىشتۇق. ئاندىن يان كامىرىدىكى بىر ئەر كىشىنىڭ:

سىز كىم؟! دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەيمۇ، يوق؟ دەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن جاۋاب

بەردىم.

ئۇ ئادەم خۇددى مېنى تونۇيدىغاندەك:

سىز سۆيۈنگۈلمۇ؟ دەپ ھەيرانلىقتا سورىدى.

سىز مېنى نەدىن بىلىسىز؟ دەپ سورىدىم.

سالىخ ئابىزنىنىڭ قىزى سۆيۈنگۈل بولسىڭىز، مەن سىزنى تونۇيمەن، دېدى.

ھەئە، شۇنداق مەن سالىخ ئابىزنىنىڭ قىزى سۆيۈنگۈل بولىمەن، دېدىم.

نېمە قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟

مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىن «تەشكىلات قۇردى» دەپ ئېلىپ كەلدى، دېدىم ۋە ئۆزىدىن سىز كىم بولىسىز؟ دەپ سورىدىم.

ئۇ ئادەم مەن مەۋكەنمەن، دېدى.

مەن ھەيرانلىقتا مەۋكەن ئاغىمۇ سىز، نېمە قىلىپ كېلىپ قالدىڭىز بۇ يەرگە؟ دەپ سورىدىم.

مېنىڭ ھېچقانداق جىنايىتىم يوق. سوۋېتقا باغلاپ گۇمان بىلەن ئېلىپ كەلدى، دېدى.

مەۋكەن ئاغا بىزنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىمىزدىكى مۇئەللىم ئىدى. كېيىن مائارىپ نازارىتىدە ئىشلەيدىغان ئۆزۈن بويلۇق، گەۋدىلىك قازاق ئوقۇتقۇچى، كونا ئۆرۈمچىلىك ئادەم ئىدى.

مەن گېزىت ئوقۇغان ئادەمدەك قولۇمدا تۇتۇپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشتىم. مەۋكەن ئاغا بۇ يەردىكى ئادەملەرنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ چىقتى.

سىزنىڭ يان تەرەپتىكى قوشنا بىرىنچى ئۆي، ئۇنىڭدا بىر ئۇيغۇر، بىر خەنزۇ بار، ئۇلارغا ئىشىنىپ بولمايدۇ. چۈنكى بىلمەيمىز، ئېھتىيات قىلىڭ، سىز 3 - ئۆيدە، مەن 5 - ئۆيدە، 7 - ئۆيدىكى غۇلجا ساۋگىراۋدانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى تاش مۇھەممەد، 9 - ئۆيدىكى ئادەمنى تونۇشتۇرغان ئىدى يادىمدا قالماپتۇ.

2 - ئۆيدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ تەرجىمانى تاتار قىزى سەفىدە، 4 - ئۆيدىكى ساۋگىراۋدانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سۇلتان (قىرغىز)، 6 - ئۆيدىكى ساۋگىراۋدانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى زەينۇللا (قازاق)، 8 - ئۆيدىكى

سەككىز ئادەم ئۇلار ھەر خىل ئىش بىلەن كەلگەن، دەپ تونۇشتۇرۇپ چىقتى. مەھمۇت سىدىق 4 - زالدا تۇرىدۇ، دەپ مېنىڭ تاتار  مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىمدىكى مەكتەپ مۇدىرىمىز مەھمۇت ئابىزنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ سۆزلەپ بەردى. بىز بىر ھازا پاراڭلاشتۇق. ساقچى كېلىپ مەن ياتقان كامىرىنىڭ ئىشكىنى ئاچقاندا مەن سۆزۈمنى گېزىتتىكى رەقەملەرگە ئۇلاپ ئوقۇپ كەتتىم. ساقچى:

ــ نېمە قىلىۋاتىسەن، كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىسەن؟! دەپ ۋارقىرىغان ئىدى خاتىرجەم تۇرۇپ:

ــ گېزىت ئوقۇۋاتىمەن، دېدىم.

ئاۋازىڭنى چىقىرىپ ئوقۇما، دېدى.

ــ بولىدۇ شۇنداق قىلاي، ئەمما زېرىكىپ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. ئاۋازلىق ئوقسام ماڭا بىر ئاز ياخشى سېزىلدى، دېدىم.

ساقچى ماڭا سەن بۇ يەرگە ساناتورىيىگە كەلمىدىڭ، بىلەمسەن، بۇ يەر تۈرمە دەپ ۋارقىراپ قويۇپ كەتتى.

كۆپ ئۆتمەستىن مەۋكەن ئاغا يەنە تامنى ئۇرۇپ سىز ياتامسىز نېمە؟ دەپ سورىدى.

ياق ئولتۇرۇپتىمەن، دېدىم.

ئولتۇرماڭ، مېڭىپ مەشىق قىلىپ تۇرمىسىڭىز ئاغرىپ قالىسىز، يەنە بىر ئىش، ئېلىپ كەلگەن پۇتۇن تاماقلارنى تەمسىز ياكى ئاچچىق دېمەستىن قالدۇرماي يەڭ. بۇ يەردە ئاغرىپ قالسىڭىز قىيىن «يەپ تۇر، بەك تۇر» دېگەندەك بۇ تۇرمۇشقا ماسلاشتۇرۇپ ئۆزىڭىزنى تەربىيىلەپ چىقىشىڭىز كېرەك، دېدى.

چۆشلۈك تاماق كەلدى. بىر چىنە قايناقسۇ بىلەن يۇز گرام چىقمايدىغان ھوردا پىشۇرۇلغان قوناق نان بەردى، ئۇ ناننى ئاغزىمغا سالسام چاشقان سۇيدۈكى پۇراپ، سېسىق ھەم ئاچچىق يېيەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن تۈرمىدىن كەتكۈچە چۈشلۈك تاماقنى ئالمىدىم. سائەت ئىككى گىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ ئۆتكۈزدۈم. تامنى چەككەن ئاۋاز ئاڭلاندى، مەن بېرىپ تامنى چەكتىم. مەۋكەن ئاغا:

بۈگۈن تۈرمىدە چوڭ سوراق بولۇۋاتىدۇ، ئەنۋەر جاكولىن كەلدى. تالادا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى چىقارمىدى. سىز بىلەن كەلگەن ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى سوراققا ئېلىپ چىقتى. ھازىر قىز ساۋاقدىشىڭىزنى سوراق قىلىۋاتىدۇ. بەلكى سىزنىمۇ

كۆپ كېچىكمەي ئېلىپ كىرىشى مۇمكىن. پەقەت قورقماڭ، ھېچقانداق ئىشنى بوينىڭىزغا ئالماڭ. ئەگەر ئىقرار بولسىڭىزلا سىز ئىقرار قىلغان ماتېرىيال بولۇپ، شۇنىڭغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. يەنە تەشكىلاتتا ئۇ بار، بۇ بار، دەپ تەشكىلاتىڭىزغا بىرمۇ ئادەمنى باغلاپ يۈرمەڭ، ئۇلار ئالدىدا، پوپوزا قىلىدۇ، دىكتاتور قوللىنىپ ۋارقىرايدۇ. بەلكى قورالمۇ تەڭلىشى مۇمكىن، پەقەت قورقماڭ، دېدى.

مەن تۈرۈپ سوراققا ھازىرلاندىم. كىيىملىرىمنى كىيىپ، چاچلىرىمنى تاراپ، ئۆزەمنىڭ ئۇياق ـ بۇيىقىغا مېڭىپ كۆڭلۈمدە ھازىرلىق قىلدىم. ئۇستازىمنىڭ سۆزى ماڭا ئىلھام ۋە غەيرەت بەردى.

تۈرمىنىڭ ئىشكى داراڭلاپ ئېچىلىپ، ئاپتومات تۇتقان ئىككى تۈرمە ساقچىسى كىرىپ:

زۇ (ماڭ) دەپ ۋارقىرىدى.

مەن تاختاي سوپىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ تالاغا چىقتىم، ساقچىلارنىڭ كەينىمدىن ئاپتوماتلىرىنى تەڭلەپ مېڭىشىدىن باشقا تالادا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. تام تۆپىسىدە، ئوتتۇرا دەرۋازىدا، يول چېتىدە ئاپتومات تۇتقان ساقچىلار دەسسەپ تۇراتتى. دەرۋازا تۈۋىدىكى بىر سوراقخانىنىڭ ئىشكى ئوچۇق، ئىككى ساقچى قورال تۇتۇپ دىققەتتە تۇرغىنىنى كۆرۈپ، مەن ئۇدۇل شۇ ئۆيگە كىردىم. ساقچىلار مېنى ئىشك ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. ئىشىكتىن كىرىپ پۈتۈن ئۆيگە بىر قاراپ چىقتىم. ئوڭ قول تەرەپتە بىر يۇمشاق ساپا ئورۇندۇق، ئۇنىڭ يېنىدا تۆردە بىر كىشىلىك ساپا، ئۇنىڭدا ئەنۋەر جاكولىن لىق كېلىپ ئولتۇراتتى، ئۇ ئارقىسىغا يۆلىنىپ كېرىلگەن ھالدا ئىككى قولىنى ئورۇندۇقنىڭ ئىككى بېشىغا قويۇپ پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئەنۋەر جاكولىن بەكمۇ سېمىز ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۇملاق يۈزىدە كىچىك كۆزى ئاران كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سول قول تەرەپتە بولسا تامنىڭ دېرىزە تۈۋىدىكى دوقمۇشتا بىر ماتېرىيال ئىشكاپ، ئۇنىڭ يۇقىرىسىدا بىر ئۈستەل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەلى يۇسۇپ قەلەم تۇتۇپ، دەپتەرلىرىنى ئېچىپ كاتىپلىق قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئابلىز نىياز دېگەن سوراقچى ئولتۇراتتى، ئىشكىنىڭ سول قول تەرىپىگە ياغاچنىڭ كۆتىكىنى قويۇپ قويغان ئىكەن، ئادەتتە ھېچكىم ئۇنى ئورۇندۇق دەپ ئويلىمايتتى. ئۇ جىنايەتچىلەرنىڭ ئورۇندۇقى ئوخشايدۇ، مەن بېرىپ شۇنىڭدا ئولتۇردۇم. ئۇلار مەن ئولتۇرغۇچە مېنىڭ ھەر بىر ئىشىمغا كۆزەت قىلىپ دىققەت بىلەن قارىشىپ تۇراتتى. مەن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەنۋەر جاكولىن سوراقنى باشلىدى.

ـ ئېتىڭ كىم؟

ـ سۆيۈنگۈل.

ـ مىللىتىڭ نېمە؟

ـ تاتار.

ـ قەيەرلىكسەن؟

ـ ئۈرۈمچىلىك.

ـ ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ، ئېتى كىم؟

ـ بار، دادامنىڭ ئېتى سالىخ، فامىلەم ۋەلىيېۋ.

ـ تۇغقانلىرىڭ بارمۇ؟ زەكىي ۋەلىيېۋ سېنىڭ كىمىڭ؟

ـ تۇغقانلىرىم بار، زەكىي ۋەلىيېۋ دادامنىڭ ئاكىسى بولىدۇ.

ـ ئۇ نەدە ئىشلەيدۇ؟

ـ شاڭخەيتىكى يەنى سودا نازارىتىدە ئىشلەيدۇ، دېدىم.

ـ سەن ئۆزۈڭ بۇ يەرگە نېمە دەپ كېلىپ قالدىڭ؟

ـ بىلمەيمەن.

ـ بىلمەيمەن!؟ ئەنۋەر جاكولىنىنىڭ كۆزى چەكچىيىپ، يۈزى پۈرۈشۈپ، ئاغزىنى ئاچچىق بىلەن «ھىم» دەپ يۇمۇپ قويۇپ:

بىلمەمسەن! بىز سېنى بىگۇناھ ئېلىپ كېلىپ قويۇپتۇق ـ دە، ئۇنداق بولسا بىز ساڭا خاتا ئىشلەپتۇق. بولىدۇ، بىز خاتا قىلغان بولايلى، ئۇنداق بولسا رېئاكسىيون تەشكىلاتنى نېمە ئۈچۈن قۇردۇڭلار؟! نېمە ئىشلار ئىشلىدىڭلار؟! تەشكىلاتىڭلاردا كىملەر بار؟!

ـ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىللىق ئارزۇسى بىلەن قىلىنغان ئىش. مۇستەقىللىق داۋاسى ھەر بىر ئادەمنىڭ بۇرچى ھەم ئارزۇسى، دۇنيادىكى پۈتۈن مۇستەقىللىق ئۈچۈن قىلىنغان ھەرقانداق ھەرىكەتلەرنى لېنىن، ستالىن ھەم ماۋجۇشى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن. بىزنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇيىمىز بىزنىڭ جىنايىتىمىز بولامدۇ؟ دېدىم.

ـ نېمىلەرنى سۆزلەۋاتىسەن؟ نەدىكى مۇستەقىللىقنى سوراپ ئولتۇرىسەن؟ شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، سىلەر مىللىي ئىتتىپاقلىقىقا بۆلگۈنچىلىك قىلغۇچى

ئەكسلىنقىلابچى يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر سىلەر، دەۋاتقان سۆزۈڭنى قارا، بۇ قەيەر؟ سەن ئۆزۈڭ نەدە ئولتۇرسەن بىلەمسەن؟ بۇ تۈرمە! سەن قارشىلىق قىلىپ بىزنى يېڭىمەن دەپ ئويلامسەن؟ سەن مېنىڭ يولداشلىرىمۇ ماڭا ئوخشاش بىر نەرسىگىمۇ قايىل بولماي قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز جىنايىتىگە ئىقرار بولۇپ، پارتىيىدىن كەچۈرۈم سوراپ، كەڭچىلىك سىياسىتىدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ، ئەمدى سەن بولساڭ ئۆز جىنايىتىڭنى تونۇماي يەنە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىسەن، سەن ئۆلۈمگە يۈز تۇتۇپ كېتىپ بارغان خەلق دۈشمىنى سەن، دەپ ۋارقىراپ ئاچچىق غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

ــ كىمنىڭ خەلق دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى كېلەچەك بەلگىلەيدۇ، دېدىم.

ــ ئەنۋەر جاكولىن ئاچچىق كۈلكىدىن بىرنى كۈلۈۋېتىپ:

ــ كارا بۇنى نېمە دېگەن باتۇرسەن، بولىدۇ، ئۆز يولۇڭنى ئۆزۈڭ تاللايسەن، بىز سېنى ئوقۇغۇچى، بىلمەي ئىشلىدى، تەربىيە بېرەيلى، دەپ ئويلىغان ئىدۇق، ياخشى، دەپلا ئابلىزغا قاراپ:

ــ ئەپ چىق بۇنى دەپ ۋارقىرىدى.

ئاغزىدىن سۆز چىقىشى بىلەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ تالاغا چىقتىم. ئۆزۈم ياتقان كامىرنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، ئاپتومات تۇتقان ساقچى ئىشىكنى ئېچىپ مېنى كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئىشىكنى تاقاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە زېرىكىشلىك تۈرمۈش باشلاندى.

## تۈرمىدە قۇربان ھېيت

63 - يىلى 4 - ماي

بۈگۈن قۇربان ھېيت. ئەتىگەنلىك سۇ ئېلىپ كەلگەن چېلەكلەرنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازىدىن ئويغاندىم. كۆزۈمنى ئاچسام يەنە تۈرمە، يەنە شۇ كۆڭۈلسىز تۇرمۇش. ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئادەتتىكى تۇرمۇش تەرتىپلىرىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، يۈز يۇغىلى سۇ كەلدى. تۆت ـ بەش كۈن ئىچىدە تاماق توشۇغۇچىلار بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ بارلىقى مەھبۇسلار ئىكەن، سۇ بېرىۋېتىپ:

ـ بۈگۈن سىلەرنىڭ قۇربان ھېيت بايرىمىڭلار، مەن سىزنى قۇربان بايرىمى بىلەن تەبرىكلەيمەن، ھېيتىڭ تۈرمىدە ئۆتىدىغان بولدى. يەنە بىر ياخشى خەۋەر، بۈگۈن پۇلۇ يەيسىلەر، دېدى.

مەن رەھمەت ئېيتتىم، يۈز يۈيۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستازىم تام ئارقىلىق قۇربان ھېيت بايرىمىمنى تەبرىكلىدى.

ـ يولداشلارنىڭ بارلىقى ساڭا سالام دېدى، بايرىمىڭنى تەبرىكلىدى، دېدى.

مەن رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ بارلىقىنىڭ ھېيت بايرىمىنى تەبرىكلەيدىغىنىمنى ئېيتىپ، يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپشۇردۇم.

ـ بىز مەھمۇت سىدىققا سالام يوللىدۇق. سىزدىنمۇ سالام دېدۇق، دەپ ئاڭلاتتى.

مەن ئاستا ـ ئاستا بۇ تۈرمۇشقىمۇ ئۆگىنىپ قالدىم، ئەتىگەن تۇرۇپ تاماققىچە ئۆزۈمنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىم بىلەن شۇغۇللىنىمەن، تاماقتىن كېيىن، ئىشىكتىن تۆرگىچە يەتتە قەدەم، ئۇ تامدىن بۇ تامغىچە يەتتە قەدەم بولغان بۇ كىچىك كامېرىنىڭ ئىچىدە توختىماستىن ئىككى سائەت ماڭىمەن، ئۆز كۆڭلۈمدە مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىن شىمالى دەرۋازىغا (بىيمىڭ) قەدەر ماڭدىم، دەپ ئۈچ مىڭ قەدەم ماڭىمەن. چۈشتىن كېيىن بىيمىڭدىن ياڭخاڭغىچە (غالىبىيەت يول) ئۈچ مىڭ قەدەم ماڭىمەن. بۇ جەرياندا شۇ يوللاردىكى دۇكانلار، يوللار، دەرەخلەر، بىنالار ۋە ئادەملەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ماڭغانلىقتىن ۋاقتىنىڭ ئۆتكەنلىكى بىلىنمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈممۇ ھېرىپ بېرىپ ئولتۇرىمەن. ئۇنىڭغىچە ئەتىگەنلىك ھاجەت ۋاقتى بولىدۇ، 10، 12 ئارىلىقىدىكى ئىككى سائەت سوراق ۋاقتى، بۇ ۋاقىتتا قۇلاق تىكىپ قايسى زال، قايسى ئىشىك ئېچىلدى، شۇنىڭغا دىققەت قىلاتتىم ۋە ئىشىككە بېرىپ ھېلىقى كىچىك يىڭنە كۆزىدەك تۆشۈكتىن تالادا ئۆتكەن كەچكەنلەرگە قارايمەن ياكى ئولتۇرۇپ كۈندىلىك خاتىرە ۋە دوستلارغا خەت يازىمەن ۋە كەينىدىن يىرتىپ تاشلايمەن، شۇ ئاۋارىچىلىك بىلەن چۈش ۋاقتى بولاتتى. تاماقتىن كېيىن يېتىپ ئارام ئېلىشقا تىرىشاتتىم. لېكىن ئۇيقۇ كېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، خۇددى ئۆلگەن ئادەملەرنى يەرلەپ بولۇپ، كەتكەندىن كېيىن ئۆلۈك ئۈچۈن شۇنداق كۆڭۈلسىز بولۇر، دەپ ئويلايمەن. قاراڭغۇ كامېر ماڭا گۆرگە ئوخشاش كۆرۈنۈپ، كۈندۈز ياتالمايتتىم.

بۈگۈن قۇربان ھېيت بولغانلىقتىن رادىئو شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق مۇڭلۇق مىللىي ناخشىلارنى بەردى. بۇ ناخشىلار پۈتۈن ھويلا ۋە تۈرمىگە جاراڭلاپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

نىمشقىدۇر كۆڭلۈم بەك ئەسكى بولدى. كۆز ئالدىمغا بۇرۇنقى ئۆتكەن قۇربان ھېيتلار كېلىشكە باشلىدى. ھەر بىر ھېيتتا بىز چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە دوستلار بىلەن ۋاقتنى يەتكۈزەلمەي، ئوينايتتۇق ۋە ھېيتلىشاتتۇق. باللىق ۋاقتلىرىمىزدا ھېيت كەلسە بىر كېچە ئۇخلىيالماستىن سائەتكە قاراپ تاڭنى ئاتقۇزالماي ئاۋارە بولاتتۇق، ھېيت كۈنى كىيىدىغان كىيىملىرىمنى كارىۋاتنىڭ بېشىغا ئېلىپ قويۇپ، بىردەم - بىردەم تۇتۇپ كۆرەتتىم. ئاياق كىيىملىرىم پارقىراپ تۇرسىمۇ، كۆينەك ئىشتانلىرىم بىلەن سۈرتۈپ، قويار يەر تاپالمايتتىم. تاڭ قاراڭغۇسىدا تۇرۇۋېلىپ، ھېيت ئۈچۈن ھازىرلىق قىلىپ ھېرىپ كەتكەن ئاتا - ئانامنى ئۇخلاتماستىن ئويغىتىپ «ھېيت» كەلدى دەپ خۇشاللىقتىن سەكرەپ - يۈگۈرۈپ، ئىچى - ئىچىمىزگە پاتماي كېتەتتۇق. دادام ھېيت نامىزىغا ماڭغاندا كوچىغا چىقىپ مەسچىتكە قاراپ ماڭغان كىشىلەرنىڭ تۈركۈم - تۈركۈم بولۇپ، ھەر ئۇن قەدەمدە بىر توختاپ تەكبىر ئېيتقىنىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئادەملەرنىڭ بىر ئۇچى مەسچىت بىر ئۇچى سەندۇڭبۇيىدا، ئۇن - يىگىرمە ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، تەكبىر ئېيتقاندا پۈتۈن كوچىلار دور - دور قىلىپ شۇنداق مۇڭلۇق، شۇنداق چىرايلىق دولقۇنلىنىپ ئېيتىلغان تەكبىر ئاۋازى كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئىمان، روھىغا قۇۋۋەت بېرەتتى، تەكبىرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزدىن مەغرۇرلىنىپ خۇشال بولاتتىم. كىشىلەر ھېيت نامىزىدىن چىققاندىن كېيىن، ھېچ تەرەپكە بۇرۇلماستىن قەبرىستانغا بېرىپ، ئۆلگەنلەرگە قۇران ئوقۇپ قايتاتتى، ئۈچ كۈن كىشىلەر باي - كەمبەغەل، تونۇغان - تونۇمىغان دېمەستىن ھەممە ئادەمنىڭ ئۆيىگە بىردەك كىرىپ ھېيتنى تەبرىكلىشىپ، قۇربانلىق گۆشىدىن ئېغىز تېگىپ چىقاتتى. بۇ ھېيتتا قۇربانلىق سويۇپ بايرام قىلىش ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ قالغان، قۇربانلىق سويغان ئادەملەر قۇربانلىقنىڭ گۆشنى قولىدا مېلى يوق يوقسۇللارغا، قېرى، ئاغرىق ئادەملەرگە تارقىتىپ خەلق بىلەن تەڭ يەيدۇ، ھەر بىر ئادەم قۇربانلىقتىن ئېغىز تېگىش بايرامنىڭ ئادىتى ئىدى. كىشىلەر ھېيت نامىزىدىن قايتقاندىن كېيىن، ھەممىمىز ئاتا - ئانىمىزنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا ۋە ھەممە ئادەمنىڭ ھېيتىنى تەبرىكلەپ چىقاتتۇق. چوڭلار باللارغا ھېيتلىق بېرەتتى. باللار ئۈچۈن ھېيتلىق ئېلىش ھەممىدىن كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. ھەممىسى كۆز ئالدىمدىن كىنو لېنتىسىدەك تىزىلىپ ئۆتتى.

مانا بۈگۈن مەن ھېيتنى تۈرمىدە ئۆتكۈزۈۋاتىمەن، ئۆيدىكىلەر بۇ ھېيتنى قانداق كۆڭۈلسىز ئۆتكۈزۈۋاتقاندۇ؟ دەپ ئويلىدىم ۋە ئۆزۈمگە تۈرمە بىزنى قورقۇتۇپ باش ئەگدۈرەلمەيدۇ. بىز بۈيۈك غايىمىز بىلەن ھەر ۋاقت ئۈستۈن ياشايمىز، بىزنىڭ ھەر جايدا دوستلىرىمىز بار، بىز تۈرمىدىمۇ يالغۇز ئەمەس، ئەتىگەن يولداشلار ھېيت تەبرىكلەشكەن

ئىدى. بىز دوستلىرىمىز بىلەن مەغرۇرلىنىپ، تۇرمىدىمۇ خۇشال ياشىشىمىز كېرەك، دەپ ئويلاپ كۆڭلۈمنى كۆتۈردۈم.

## 63 - يىلى 9 - ماي

مانا بۈگۈن ئون كۈن بولۇپتۇ، 30 - چېسلادىكى سوراقتىن كېيىن سوراق بولمىدى، تالا يۈزىنىمۇ كۆرمىدىم، ئۆزۈم يالغۇز تۇرۇۋاتىمەن، مەن تام ئىشكاپىنىڭ ئىشكىكە سائەت شەكلى سىزىپ ئىچىگە ھەپتە، ئۇنىڭ سىرتىغا چېسلا، ئۇنىڭ سىرتىغا ئاينى يېزىپ قەغەزدىن ئىسترېلكا ياساپ قويدۇم. ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا چېسلانى يۆتكىسەممۇ ئاران 9 - ماي بوپتۇ. مەن ئۈچۈن قانچە ئايلار ئۆتكەندەك تۇيۇلاتتى. ئەمما كالېندارغا قارىسام ئاران ئون كۈن بوپتۇ. ھېچقانچە ۋاقىت ئەمەس. مەكتەپتە ۋاقتىمىزدا بىلىنمەستىن ئايلار ئۆتەتتى. بۇ يەردە بولسا بىر سائەت ئايلار ھېسابىدا ئۆتىدۇ. كۈنگە نەچچە مەرتىۋە چېسلا ھېسابلاپ قانچە ئۇزۇن بولغاندۇر، دەپ كۆرىمەن، لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە بۇ يەرگە ئاستا كۆنۈشكە باشلىدىم. كۈندىلىك ۋاقتىمنى ئۇششاق - چۈشەك ئىشلارغا بەند قىلىشقا ئۇرۇنىمەن، ئورۇن - كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دېرىزە ئارقىلىق تالادىكى ئىشلەۋاتقانلارنى كۆرىدىغان بولدۇم. ئۇلارمۇ مېنى كۆرگەندىن كېيىن ئىشارەت بىلەن سالاملىشاتتى ۋە ئۆز ئارا پاراڭلاشقاندەك بولۇپ، ماڭا خەۋەر يەتكۈزەتتى.

تالادىكى مەھبۇسلار تۈرمىنىڭ ئالدىغا قانداقتۇر بىر بىنا سېلىپ، شۇنىڭ بىلەن مەشغۇل ئىدى. يەنە ئۇستازىم بىلەن تام ئارقىلىق ساقچىلارنىڭ باشقا زالغا كەتكەنلىكىنى پايلاپ تۇرۇپ سۆزلىشىپ ئالىمىز. ئەتىگەنلىكى ئاپتاپتىن ئۆيگە ئىنچىكە سوزۇلۇپ چۈشكەن نۇرىغا يۈزۈمنى، قوللىرىمنى تۇتۇپ بىر ئاز ئولتۇرىمەن، ئۇمۇ بەش مىنۇتتىن كېيىن يوقاپ كېتەتتى. بەزىدە قىزىق كىنو - تىياتىر، ھېكايىلەرنى ئەسلەپ خۇددى كۆرگەندەك بولۇپ ئولتۇراتتىم ۋە توختىماي ناخشا ئېيتاتتىم. ئۆينىڭ ئىچىدە توختىماي ماڭاتتىم، ساقچىلار ناخشا ئېيتما، دەپ تولا ۋارقىراپ يۈرۈپ ئامالسىز قالاتتى، مەن يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ تامغا بىر چىرايلىق قىزنىڭ رەسىمىنى سىزىپ قويدۇم، بۇ مەن ئۈچۈن خېلىلا پەرق بولدى، زېرىكىپ تامغا قارىسام ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى، كېيىن بارا - بارا بۇ رەسىم خۇددى مېنىڭ يېنىمدا ھەمراھتەك تۇيۇلۇپ، ئۇ كۆڭلۈمدە يېقىن دوستلىرىمدەك بولۇپ، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى، مەن ئۇنىڭغا زېرىككەنلىرىمنى، ئويلىرىمنى سۆزلەيتتىم، لېكىن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەن ھاجەتخانىغا كەتكەندە، ئۇلار كىرىپ رەسىمنى سۈرتۈپ

ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ، مەن قايتىپ كىرگەندە تامغا رەسىم سىزما دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

سائەت ئىككى بولغاندا ئىشىكنى ئېچىپ مېنى سوراققا ئېلىپ ماڭدى.

سوراقخانىدا ئەلى يۇسۇپ بىلەن ئابلىز نىياز بار ئىكەن. ئۇلار مېنى ئاچچىق بىلەن كۈتۈپ ئالدى، مەن كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سوراق باشلاندى، ئەلى يۇسۇپ:

ــ مەسىلىلىرىڭىزنى ئويلاندىڭىزمۇ؟ دېدى.

ــ قانداق مەسىلىنى ئويلىنىمەن، دېدىم.

ــ ئۆزىڭىزنىڭ مەسىلىسىچۇ، يەنە قانداق مەسىلە؟ دەپ ئولتۇرىسىزغۇ، دەپ ئاچچىقلاندى.

ئابلىز نىياز ئاچچىق بىلەن شۇنداق سۇرلۇك قىياپەتتە:

ــ سىز ئەنۋەر جاكولىننى تونامسىز؟ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، تونۇيمەن.

ــ سىز ئەنۋەر جاكولىننى كۆرۈپ باققانمۇ؟

ــ كۆرگەن، دېدىم.

ــ كەيەردە كۆرگەنسىز؟

ــ مەكتەپتە كۆپ كۆرەتتۇق.

ــ مەكتەپكە نېمە قىلغىلى كەلگەندە كۆرگەن؟

ئەنۋەر جاكولىن ئاغرىپ دوختۇرخانىدا ياتتى ۋە مەكتەپنىڭ ئۇيۇشتۇرغان تانسا كېچىلىرىگە ئايالى بىلەن كېلەتتى. يەنە مەكتەپكە كېلىپ ئۈچ ـ تۆت مەرتىۋە دوكلات قىلدى، شۇ ۋاقىتلاردا كۆرگەن، دېدىم.

ــ 30 ـ ئاپرېلدا سىزنى سوراق قىلغان كىم؟

ــ ئەنۋەر جاكولىن، دېدىم.

ــ ئۇنداق بولسا، سىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇنداق قاتتىق مۇئامىلە قىلدىڭىز؟ سىز ئىكەنسىز، ھەر مەن ـ مەن دېگەن چوڭلارمۇ سۆزلەش بۇياقتا تۇرسۇن، قاپاق كۆتۈرۈپ قارىيالمايدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك چوڭ ئادەم ئۇ. ئۇ ھەممە ئادەمگە كېلىپ سوراق قىلىۋەرمەيدۇ، ئۇ ئادەم يىلغا بىر كەلسە كېلىدۇ، بولمىسا ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ يۈرىدىغان

كىچىك ئادەم ئەمەس، سىلەرنى ئوقۇغۇچى، ياش باللار، تەربىيە بېرىپ قوياي دەپ كەلگەن ئىدى، لېكىن سىز بۇنى بىلمەي نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك قاتتىق مۇئامىلىدە بولدىڭىز، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىڭىز نېمە؟

سىزنىڭ بۇنداق قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىشتىكى سىزنىڭ يۆلىنىدىغان ئارقا تېرەك كۈچىڭىز بارمۇ؟ دەپ ئۇستەللەرنى مۇشتلاپ ۋارقىراپ كەتتى.

بىلەمسىز، سىزنى سىز دېگەننىڭ قەدرىنى بىلىك، ئوقۇغۇچى، دەپ كۆپ كەڭچىلىك قىلىۋاتقاننى بىلىڭ، دەپ بىرسى توختىسا بىرسى سۆزلەپ، بىردە ۋارقىراپ ئاچچىقلىنىپ، بىردە تەربىيە بېرىپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇلار سوراقنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ــ سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار كىم؟

ــ بىزنىڭ باشلىقىمىز يوق، دېدىم.

ــ سىلەرنىڭ يول باشلامچى، ئارقا تېرەكلىرىڭ بولغان باشلىقىڭلار كىم دەيمەن؟ ئۇلار قەيەردە؟

ــ بىزدە ئۇنداق باشلىق يوق، دېدىم.

ــ راستىڭىزنى ئېيتىڭ! يولداشلىرىڭىز پاش قىلىپ بولدى، سىز يوشۇرۇپ قالالمايسىز، دېدى.

ــ راستى شۇ، باشلىقىمىز يوق، يولداشلار پاش قىلغان بولسا مەن بىلمەيمەن، ئۇلارنىڭ باشلىقى باشقا بولسا كېرەك.

ــ سىز كىمنى ئەخمەق قىلىسىز، ئۇلارنىڭ باشلىقى باشقا، سىزنىڭ باشلىقىڭىز باشقىمۇ!؟ بىر ـ بىرىگە شۇنداق يېقىن دوستلار سىزدەك جان كۆيەر ئادەمدىن سىر يوشۇرۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ سىز بىلمەيدىغان نېمە نەرسە بار؟ سىز تولا بىزنى ئەخمەق تاپماي جاۋاب بېرىڭ، دەپ ئابلىز نىيازى ۋارقىرىدى. ئۇلار مەندىن جەمىيەتتە باشقا تەشكىلات ۋە يۇقىرى ئورۇندىكى ئادەملەر بىلەن ئالاقىسى بار، دەپ شۇنى پاش قىلىشنى كۈتەتتى.

ــ مەن راستى شۇ، ئۇنداق ئىش يوق، باشلىقىمىزمۇ يوق، دەپ جاۋاب بەردىم.

ــ سىز بىلمەيمەن، دەپ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيسىز، دەپ ۋارقىراپ بىرنى قويدى.

ــ مەيلى قۇتۇلۇپ كېتەي، مەيلى قۇتۇلۇپ كەتمەي بارنى بار، يوقنى يوق دېيىش كېرەك. سىلەرنىڭ قانداق قىلىشىڭلاردىن قەتئىينەزەر مەن بىلمەيمەن، دېدىم.

ئۇلار مەندىن ھېچنەرسە چىقىرالمىغاندىن كېيىن، بۇنى سىز ياخشىلاپ ئويلىشىپ، ياۋاشلىق بىلەن پارتىيىنىڭ كەڭچىلىك سىياسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تولۇق ئويلىنىپ يېزىپ تاپشۇرۇڭ، دېدى.

مەن يازسام-يازمىسام شۇ بىر سۆز. بۇ يوق نەرسە يوقنى بار، دەپ توقۇپ چىقالمايمەن، يازمەن، دەپ ۋەدىمۇ بېرەلمەيمەن، بىلگەن كىشىلەر ئۆزلىرى پاش قىلسۇن، دەپ كەسكىن جاۋاب بەردىم.

ئۇلار تېمىنى ئۆزگەرتىپ:

ــ سىلەرنىڭ زىيا سەمەدىگە يازغان خېتىڭلارنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ دەپ سورىدى.

تەشكىلات پاش بولغاندا بىز زىيا سەمەدىگە يازغان خەتنى ھەرگىز ئېيتماسلىق كېرەك. بۇ نەرسىنى ئاغزىمىزدىن چىقارمايمىز، دەپ ئېيتقان ئىدۇق. بۇ نەرسىنىمۇ دەپتۇ، كىم ئېيتتىكىن. بۇنىڭغا ھەرگىز ئىقرار بولماسلىق كېرەك، دەپ ئويلىدىم ھەمدە بۇنداق نەرسە بولغان ئەمەس، دېدىم.

ــ سىز ئۆزىڭىز قانداق قىز، سىلەر خەت يېزىپ ئەۋەتىپ تۇرۇپ، ئەمدىكى كۆندە ئۇنداق نەرسە بولغان ئەمەس، دەپ كىمنى ئەخمەق تاپماقچى؟ مەن سىزگە دەي، سىز بۇ جاھىللىقىڭىز بىلەن ھېچنەرسىنى ھەل قىلالمايسىز، ئەمدى سىزگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، دېدى.

ــ نېمە دېسەڭلار دەڭلار، مېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، دېدىم.

سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بولمىسا مەن سىزگە دەپ بېرەي، سىز قانچە يوشۇرسىڭىزمۇ يولداشلىرىڭىز دەپ بەردى. سىز ئۇلارنى يوشۇرۇپ قالدىڭ، دەپ ئويلامسىز؟ سىز پروگراممىلىرىنى كۆيدۈرگەن بولسىڭىز، ئەھمەد توختى يەنە يېزىپ چىقتى. سىز جاھىللىق قىلىپ، بىزنى يېڭەلمەيسىز، مەن دەپ بېرەي ئاڭلاڭ، سىلەر ئاتاڭلار زىيا سەمەدىگە «بىزگە قورال ـ ياراق ياردەم قىلىڭلار ۋە بىزلەرگە ياردەمدە بولۇڭلار» دەپ يازغان شۇنداقمۇ؟

ــ تاڭ بۇنداق نەرسە مېنىڭ يادىمدا يوق، دەپ خاتىرجەم جاۋاب بەردىم.

ــ ھە يادىمدا يوق؟ يادىڭىزدا بولمىسا مانا ئاڭلاڭ:

ــ «قورال بېرىپ قالسا قانداق ئېلىپ چىقماقچى بولغان ئىدىڭلار؟»

ــ بۇنداق نەرسىنى مەن ئاڭلاپ باقمىغان.

ــ ئاڭلاپ باقمىغان؟! ئابلىز نىيازنىڭ ئاچچىقىدىن قاپىقى تۈرۈلۈپ، رەڭگى سوغۇقلىشىپ كەتتى.

ــ بۇ خەتنى يازغان ئۈچ ئادەمنىڭ بىرسى سىز، ئەھمەد توختى، مەلىكە ئۈچىڭلار يېزىپ چىققان ئەمەسمۇ؟ قانداقلارچە سىز ئاڭلاپ باقمىغان بولىسىز، سىز زادى كىلەچىكىڭىزنى ئويلامسىز، يوق، بىز سىزگە مۇشۇنچىلىك دەيمىز، دەرتنى ئۆزىڭىز تارتىسىز، بىز تارتىشىپ بېرەلمەيمىز، بىز پەقەت سىزنىڭ كەڭچىلىك بىلەن چارە كۆرۈلىشىڭىزنىلا ئويلايمىز، ئەگەر سىز ئارقىغا تارتىپ جاھىللىق قىلىۋەرسىڭىز، ئۆزىڭىز بىلىڭ، «بىز دېدۇق، دەرتنى ئۆزىڭىز تارتىسىز، بىز سىزگە ياردەملىشەلمەيمىز، بىللە تارتىشمايمىز، سىز قىز بالا، ئىستىقبالىڭىزنى ئويلاڭ، سىلەر ئەرلەرگە ئوخشىمايسىلەر، بىز بۇنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمىز، ياردەم قولىمىزنى ئۇزىتىۋاتىمىز، سىز بۇنى بىلىڭ، سىز كېلەچەك ھەققىدە ئويلىنىپ كۆردىڭىزمۇ؟ سىز ئىستىقبالىڭىزغا كۆيۈنمەيۋاتىسىز، ھەر نەرسىنى ئوڭاي چاغلاۋاتىسىز، سىز دېمىسىڭىزمۇ باشقىلار ھەممىنى پاش قىلىپ چىقتى، بىز ھەممىنى بىلىمىز، بىز پەقەت سىزگە كەڭچىلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر يول بولسۇن، دەپ سىزدىن سوراپ ئولتۇرىمىز، سىزنىڭ قىزىل گۈلدەك ياشلىق ھاياتىڭىزغا ئېچىنغانلىقتىن سىزگە ياردەم قىلساق، دەپ ئولتۇرۇپتۇق، دەپ ئېچىنغاندەك بولۇپ سۆزلىدى.

ــ بولىدۇ. بۇنىمۇ بىز سىزگە دەپ بېرەيلى. سىلەر يىغىندا، ئەگەر زىيا سەمەدى سىلەر يازغان خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا قوشۇلسا، ئۇ چاغدا ئەھمەد توختى چېگرىدىن ئۆتۈپ، قورال ـ ياراقلارنى ئېلىپ كېلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ، ئېلىپ كېلىش يولىنى تېپىپ كەلمەكچى بولغان. ئەھمەد توختى 50 ـ 51 ـ يىللىرى سوۋېتقا بىر قېتىم قېچىپ بېرىپ كەلگەن، شۇنداقمۇ؟ ئەھمەد توختى مەن ئۆتۈش يوللىرىنى بىلىمەن، بىر ـ ئىككى كۈندە بېرىپ قايتالايمەن، دېگەن شۇنداق ئەمەسمۇ، يادىڭىزغا چۈشتىمۇ؟

مەن ئىچىمدە بۇنىڭ ھەممىنى كىم بۇنچىلىك پاش قىلغاندۇ؟ دەپ كۆز ئالدىمدىن ھەممىنى ئۆتكۈزدۈم.

قانداق يادىڭىزغا كەلدىما؟ پاكىتلار ئالدىدا قايىل بولماي چارىڭىز يوق.

مەن يەنە بىر خىل قىياپەتتە:

ــ ياق، پەقەت ئۇنداق نەرسە يادىمدا يوق، بەلكى بۇ مۇزاكىرىدە مەن بولمىسام كېرەك، دېدىم.

ــ ۋاي نېمە دەيسىز، سىز قاتناشمىغان بىرەر يىغىن بولغانمۇ، بىرەر ئىش كۆرۈلگەنمۇ؟

ــ پەقەت يادىمدا يوق، دېدىم. مەن بۇ ھەقتە ئېيتماسقا ۋەدە بەرگەنمەن ھەم ھەرگىز ئېيتمايمەن، دەپ ئويلىدىم. سىز ئەمدى جاۋابكارلىقتىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولۇۋاتامسىز؟ سىزنىڭ مېڭىڭىز ئىشلىمەيدۇ ئەمەس، ھەممىدىن ئارتۇق ئىشلەيدۇ، سىزنىڭ ئەستە قالدۇرۇشىڭىزمۇ ياخشى، بىز بۇنى سىناپ كۆردۇق. بەلكى سىز ئۆز مەيدانىڭىزدا ئۆلگۈچە قايتماس ئىدىيەدە تۇرغانلىقتىن باشقا گەپ يوق، سىز ئەمدى قانداق قىلىسىز؟ سىزگە تولا گەپ قىلىپ ھېرىپ قالدۇق. سىز زادى مەسلىگىزنى تاپشۇرامسىز ياكى جاھىللىق بىلەن بېشىمغا نېمە كەلسە كۆرىمەن دەۋاتامسىز، دەپ ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن ۋارقىراپ جوزىلارنى ئۇرۇپ دىكتاتورا ھەققىدە تەھدىت سېلىپ، خېلى ئۇزۇن سۆزلىگەندىن كېيىن، مەن ئۇلارغا:

ــ زادى سىلەر بىزدىن نېمە كۈتىسلەر؟ بىزنىڭ پەقەت مۇستەقىللىق ئارزۇسىدىن باشقا ھېچقانداق جىنايىتىمىز ۋە گۇناھىمىز يوق. بۇ بىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىللىق ئىستىكىدىن بولغان كىچىك ئىش ئۈچۈن نېمانچە قىلىپ پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ كەتتىڭلار، بۇ بىر ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسقۇ، دېدىم.

ئۇلار بىر ـ بىرسىگە قاراپ قويۇپ ئەلى يۇسۇپ:

ــ سىز تېخى ئىشلىگەن جىنايىتىڭلارنى كىچىك بىر ئىش، دەپ ئويلىتۇرامسىز؟ سىلەرنىڭ مۇشۇ تەشكىلات ئىشىڭلار تۈپەيلىدىن ھازىر پۈتۈن شەھەردە ئۆگىنىش باشلىنىپ، ھەممە ئورۇنلاردا ئىچكى جەھەتتە ھازىرغىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، سىز تېخى خىيالىڭىزغا كەلمەي بىر كىچىك ئىش، بىر ئارزۇ دەپ ئولتۇرىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك جىنايەت قىلغانلىقىڭىزنى چۈشەنمەي ئولتۇرۇپسىزدە، دەپ يەنە بىر سائەت دىكتاتورا ۋە ۋارقىراشلار بىلەن مەسلىگىزنى ياخشىلاپ ئويلىنىپ پاش قىلىڭ، دەپ قايتۇردى. ياتاققا كىرگەندىن كېيىن ئۇستازىم تام ئارقىلىق ئەھۋال سوراپ، زادى ئىقرار بولمىسىڭىز، سىزنى ھېچ نېمە قىلالمايدۇ، قورقماڭ، دەپ مېنى رىغبەتلەندۈردى.

# 18 ـ ماي

چۈشتىن كېيىن ئىككى ساقچى بىر تۈرمىگە قارايدىغان مەھبۇس كېلىپ ئورۇن ـ كۆرپىلىرىمنى ئېلىپ يۇمىلاق زالدا تۇرۇپ تۇرۇشۇمنى بۇيرۇپ، ئاندىن شۇ زالنىڭ 2 ـ ئۆيىدىكى سەفدە ياتقان كامىرغا مېنى، مەن ياتقان كامىرغا سەفدەنى ئالماشتۇرۇپ كۆچۈرۈپ قويدى. بۇ ئۆينىڭ دېرىزىسى كۈنگەي تەرەپكە قاراپ تۇرغاچقىمۇ بىر ئاز يورۇقراق

ئىدى. مېنى بۇ كامىرىغا يۆتكەشنىڭ ئاساسى سەۋەبى مېنىڭ تام ئارقىلىق مۇئەللىم مەۋكەن بىلەن سۆزلەشكەنلىكىمنى ئىنكاس قىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئىككىنچىدىن، تالادا ئىشلىگۈچىلەر بىر - بىرىسى بىلەن سۆزلەشكەن ھەم ناخشا ئېيتقان بولۇپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن ۋە باشقا مېنى ئىزدەپ كېلىپ سالام يوللىغانلاردىن خەۋەر ئېيتىپ بېرەتتى، سالام يوللىغۇچىلارنىڭ بەزىلىرىنى مەنمۇ تونۇمايتتىم ۋە ماڭا ئۆزلىرىنىڭ سالاملىرىنى ئېيتىپ تۇراتتى، مەن ھەم ئۇلار بىلەن سۆزلىشەتتىم، بۇ ھەقتە تەشكىلگە ئىنكاس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بىر قانچە ياشلارنى ئەمگەكتىن قالدۇرۇپ تۈرمىگە سولاپ قويۇپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مېنىمۇ بىر قېتىم سوراققا ئېلىپ چىقتى. شۇڭلاشقا مېنى ياتاق ئالماشتۇرۇپ قويدى. مەن كۆچۈپ كىرگەن ئۆينىڭ دېرىزىسى ئارقا ھويلىغا قارايتتى. ئۇ تەرەپتە ئادەم يوق تىنچ ئىدى. بۇ ئارقا ھويلىغا چۈشتىن بۇرۇن ھەم چۈشتىن كېيىن بولۇپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم، تۈرمىدىكى ئادەملەرنى ئېيىغا بىر مەرتىۋە تالاغا ئېلىپ چىقىپ يوتقان - كۆرپىلىرىنى ئاپتاپقا يېيىپ، چاچ - ساقال، تىرناقلىرىنى ئالدۇراتتى. ئەرلەر باشلىرىنى يۇياتتى، مەن دېرىزە ئارقىلىق تالاغا چىققان تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى كۆرۈپ تۇراتتىم. تام قوشنا 4 - كامىرىدىكى سۇلتان دېگەن ئادەم بەكمۇ تىنچ، ماڭغان - تۇرغان ھېچقانداق ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. بەزى كۈنلىرى ئۇنىڭمۇ يۈرىكى سىقىلسا كېرەك، ئاللاھ - ئاللاھ، دەپ تولغان دەردلىك ئاۋازى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى (كېيىنكى كۈنلەردە مەن بۇ ئادەمنىڭ تۈرمىدە ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم).

مەن بۇ ياتاققا كۆچۈپ كىرىپ ئىككىنچى كۈنى ئاغرىپ قالدىم، پۇت - قوللىرىم ۋە قاپاقلىرىم ئىششىپ تاماق يېگۈم كەلمەي كۈچسىزلىنىپ يېتىپ قالدىم. ئەتىگەنكى ھاجەت ۋاقتىدا ساقچىلارغا «مەن ئاغرىپ قالدىم، دوختۇر چاقىرىپ بەرسەڭ» دېدىم. بىر سائەتكە قالماستىن تۈرمە ئىشىكى ئېچىلىپ ئىچكە ئۇزۇن بويلۇق ئورۇق بىر خەنزۇ دوختۇر ئاق خالات كىيىپ كەلدى، ئىشىك تۆۋىدە بىر ساقچى، بىزنىڭ يېنىمىزدا بىرسى قاراپ تۇردى. دوختۇر سوراپ تەكشۈرۈپ بولۇپ، جىگەر ياخشى ئەمەس، ئوكۇل قويىمەن دەپ تومۇرۇمدىن گلۇكوزا ئوكۇل بەردى. ئۈچ تۈرلۈك ۋىتامىن بەردى، قالدۇرماي ئىچىپ تۇر، مەن تەشكىلگە سېنىڭ ئاغرىق ئەھۋالىڭنى يەتكۈزۈپ قويىمەن ۋە ساڭا ئاغرىق تاماق يېزىپ بېرىمەن. بۈگۈندىن باشلاپ كۈنىگە بىر ۋاقلىق يەنى كەچتە قوناق ناننىڭ ئورنىغا ئاق نان بېرىدۇ. كۈندە كېلىپ كۆرۈپ ئوكۇل قويۇپ تۇرىمەن، دەپ چىقىپ كەتتى. قارىغاندا دوختۇرنىڭ ئۆزىمۇ مەھبۇس ئوخشايدۇ. ئىككى ساقچى بىللە كېلىپ بىللە ئېلىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ دوختۇر ئون بەش كۈن ئوكۇل قويۇپ تەكشۈرۈپ تۇردى. مەن تۆت كۈن يېتىپ قالدىم، ھاجەتخانىغا ئېلىپ چىققاندا ھەر بىر كامىرنىڭ ئالدىدىن

ئۆتكىنىمدە «سالام سىزگە سۆيۈنگۈل»، «سالام سىزگە قىزچاق» دەپ سالاملاشقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ساقچى مەندىن يىراقتا بولسا مەن ھەم سالام بېرىپ ئۆتەتتىم، بۇ قېتىم ئاغرىپ قالغاندا ھەر كامىردىن «ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟» بەزىلىرى «ئاللاھ شىپالىق بەرسۇن» دەپ ھال سوراپ ھېسداشلىق بىلدۈرۈشى مېنىڭ روھۇمنى كۆتۈرەتتى. خۇسۇسەن 9 - كامېردىكىلەر ھەر بىر ئۆتكىنىمدە شۇنداق چىرايلىق سۆزلەر بىلەن سالام قىلىپ ھېسداشلىقنى بىلدۈرەتتى. مەن ئۇلارنى كۆرمىسەممۇ يېقىن دوستلار ۋە قېرىنداشلاردەك كۆڭلۈمگە يېقىن ئىدى.

ئەمدى ئالدىنقى ھويلىدا ئىشلەۋاتقانلاردىن بىر قانچە ئادەم مېنىڭ دېرىزە تۆۋىدە ئىشلىگىلى كېلىپ مەندىن ھال سوراپ ساقىيىپ قالدىڭىزمۇ، دەپ بارلىق يولداشلار سىزگە سالام يوللىدى، ساقىيىپ قىلىڭ، دەپ ھال سوراپ كېتەتتى، بۇ ئادەملەرنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقى روھىمغا روھ، ساقىيىشىمغا كۈچ بولدى.

# 22 - ماي

24 - كۈنى ئۆيدىكىلەرنىڭ مەن بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىغا ئاران رۇخسەت قىلىندى. ئەتىگەن ئۆينىڭ ئىچىدە يۈرۈۋاتاتتىم. كىچىك ئىشىكنى ئېچىپ قايىنىل بىر پارچە خەت بىلەن ئون سوم پۇلنى ماڭا بەردى، خەتنى ئوقۇسام ئاپام، سىڭلىم زەكىيە، تاغامنىڭ ئايالى مەخفۇزە ئاپپاي مېنى يوقلاپ كەلگەن ئىكەن، خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، «مەن ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، مېنىڭدىن ئەنسىرىمەڭلار، كىرگۈزگەن ئون سوم پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالدىم» دەپ خەت يېزىپ بەردىم، سوراقچى قايىنىل كەتكەندىن كېيىن خەتنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ئاپامنىڭ ئىش تىكىپ، ئائىلىنىڭ جاپاسىنى تەڭ تارتىشىپ، ئون بالا ئۈچۈن تەڭ كۆيۈنگەنلىرى، ئاچ - توق يۈرسىمۇ باللىرىم ئوقۇۋالسۇن، بىزدىن باللارغا شۇ بىلىم مىراس بولسۇن، دېيىشلىرى، مېنى ھېچكىمگە تەڭ كۆرمەسلىرى ۋە تۈرمە ئالدىدا يىغلاپ تۇرغانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلدى. دادامنىڭ بالام ئوقۇغۇچ تۇگەشكە ئاز قالدى. سەن خىزمەتكە چىقساڭ ئائىلىدىكى قىيىنچىلىق بىر ئاز بولسىمۇ يېنىكلەر ئىدى، دېگەن سۆزى قۇلىقىمغا جاراڭلاپ ئاڭلىنىپ كەتتى. كىچىك ئۇكىلىرىمنىڭ ئەركىلەپ كېلىپ ھەدە ئوقۇغۇچ قاچان تۇگەيدۇ، دەپ سوراشلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. قولۇمغا ئون سوم پۇلنى ئېلىپ مۇشۇ پۇلنى قانداق قىيىنچىلىقتا تېپىپ كەلگەن بولغىدى، دەپ ئويلاپ كۆڭلۈم بەك ئەسكى بولدى.

# 25 ـ ماي

سائەت 10 لار بىلەن مېنى سوراققا ئېلىپ چىقتى. ھويلىدا مەھبۇسلار ئىشلەۋاتاتتى. مەن ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ سوراققا كىردىم. ئۈستەل ئۈستىدە ئۆيدىكىلەرنىڭ ماڭا كىرگۈزگەن نەرسىلىرى تۇراتتى. ئۇلار ماڭا:

ماۋۇ نەرسىلەرنى ئاپىڭىز ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىڭىز ئۈچۈن بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىڭ، دېدى.

مەن ھۆججەتنى بېرىۋېتىپ:

ــ ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى بېرەي كىيىملىرىمنى ئەكېلىپ بەرسۇن، كىيىم يۆتكىمىگىلى بىر ئاي بولدى، پاسكىنا بولۇپ كەتتى، دېدىم.

ئابلىز نىياز قەغەز بىلەن ئاچقۇچنى ئېلىپ، مەكتەپ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتتى، كۆپ ئۆتمەستىن، مەكتەپكە تېلېفون بەردۇق، بۇگۇن ئۆزلىرى ھەممىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەك نەرسىلىرىنى ئاپىرىپ بېرىمىز، دېدى. ئۇلار بىكار ئاۋارە بولۇپ، ئۇقماي كېتىپ قالدى، دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى سائەت سوراق بولدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەردە تالادىن ئادەملەرنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن كۆندە دېگۈدەك تالاغا چىققۇچىلارنى بىر ئامال قىلىپ كۆرۈپ تۇراتتىم. لېكىن بۇ ئادەملەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى. چۈنكى ھەممىسى ماركىستەك بومبا ساقال، رەڭگى سېرىق، ئۇرۇق بىر خىل ئادەملەر. بۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئاجرىتىپ تونۇغىلى بولمايتتى. ئۆسكەن چاچ، بۇرۇت، ساقاللار ئادەمنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ تاشلايدىكەن.

مەن ئولتۇراتتىم، بىر ۋاقىتتا تالادىكىلەرنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇرمىدىكىلەرنى ئېلىپ چىقىپتۇ ـ دە، دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، ئۇلارنىڭ قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، لەيلىگۈل، مودەنگۈل، سۆيۈنگۈل دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدىم. ۋاي دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ قۇلاق سېلىشقا باشلىدىم. ئۇلار يەنە سۆزىنى تەكرار قىلىشقا باشلىدى. بىرسى:

ــ دۇنيادا گۈللەر كۆپ دېسە، ئىككىنچىسى قىزىلگۈل دېسە، يەنە بىرسى ئەتىرگۈل، مودەنگۈل، لەيلىگۈل، سۆيۈنگۈل، دەپ تەكرارلىدى.

مەن بۇ ئابلىزغۇ دەپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇشاللىقىمدا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي

تۇرۇپ قالدىم. بىز مەكتەپتىكى چىغىمىزدا ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇشىمىزدا مېنى دائىم سارمان كۆيگە جىرلىتاتتى، مەن ئۆزۈمنى قايسى كامىردا بارلىقىمنى بەلگە بېرىش ئۈچۈن مۇشۇ سارمان كۆيگە جىرلىدىم. ئاخىر مەن ئۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن دېرىزىگە يامىششقا ئۇرۇندۇم، لېكىن بىزگە سىرتتىكىلەر بىلەن سۆزلەشتى، تالاغا قاراپ ئالاقە قىلدۇ. دېگەن باھانە بىلەن دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرىنى سىرلاپ قايتىدىن قويۇش ئۈچۈن پۈتۈن دېرىزىلەرنىڭ رامكىلىرىنى ئېلىۋەتكەن ئىدى. ساقچىلارنىڭ تام بېشىدىن مېڭىپ ئىككىنچى تەرەپكە كەتكىنىنى كۆرۈپ، مەن ئەمدى دېرىزىدىن قاراي دەۋاتقاندا ئىشىك جاراڭلاپ ئېچىلىپ مېنى باشلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىز كەلگەندە ئانىكىت توشقۇزغان ئۆيگە كىرسەم، مەكتەپنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش بۆلۈمىدىن بىر كادىر بىزنىڭ نەرسىلىرىمىزنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن.

مەن ئۆز نەرسىلىرىمنى ئايرىپ ئېلىپ، كېرەكلىك كىيىملىرىمنى ۋە كىتابلارنى ئەپقېلىپ، قالغان نەرسىلەرنى پېچەتلەپ تۈرمىنىڭ ئىچىدىكى ئىسكىلات ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ قويدۇم. ئىسكىلاتنىڭ ئىچى چامادان، ساندۇقلار بىلەن لىق توشقان ئىدى. دەرسلىك كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىپ قالغانلىقى ماڭا ئۇقتۇردى. ئابلىز، ئەھمەد توختى، ساجىدەلەرنىڭ نەرسىلىرى ئۆينىڭ ئىچىدە چېچىلىپ ياتاتتى. بۇ بىزنىڭ مەكتەپتىن ئاخىرقى قول ئۈزۈشىمىز ئىدى. ئادەم مەكتەپكە قانچە قايتىپ بېرىشنى ئويلىمىسىمۇ، لېكىن كۆڭلۈم بەك ئەسكى بولدى.

## 28 ـ ماي

مانا قاراڭغۇ تۈرمىدە ياشاۋاتقىنىمىزغىمۇ بىر ئاي بولدى. كەلگەن ۋاقىتتا قارىغاندا خېلىلا كۆنۈپ قالدىم. ئۆيدىن كىرگۈزگەن پۇلغا بىر يۈز يۇيۇدىغان داس ئالدىم، ئاشپەزلەر بىلەن ئۇستام، دەپ يۈرۈپ تونۇشۇپ قالدىم. ئۇلار ھەر بىر سۇ ئېلىپ كەلگەندە ئەڭ ئاخىرقى ئارتىپ قالغان سۇدىن ماڭا قۇيۇپ بېرىپ كېتىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئاشپەز تاماق ئېلىپ كەلگەندە ئاش توشۇيدىغان هارۋىنىڭ ئۈستىدە بىر داستا ئاپاق ئۇندىن قىلىنغان مانتا داس ئىچىدە تىترەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئادەمنىڭ نەپسىنى غىدىقلايتتى. مەن ئىختىيارسىز ئۇستامدىن «بۇ يەردە مانتا يەيدىغان ئادەملەر بارمۇ؟» دەپ سورىدىم.

ــ ھەئە، سەن مەھبۇسلار تامىقىنى يەيسەن، لېكىن بۇ يەردە بىر تۈركۈم ئادەملەر

بار، ئايغا ئەللىك سوملۇق ئالىي دەرىجىلىك تاماق يەيدۇ، دەپ كۈلدى. بىز بۇلارغا ئەللىك سوملۇق پۇلنىغا لايىق تاماق قىلىپ بېرىمىز، يېڭى چىققان مېۋە ـ چېۋە، سۈت ۋە ئىچىملىكلەر بېرىمىز ۋە ئۇلار خالىغان نەرسىلىرىنى قىلىپ بېرىمىز.

ئۇلار سوۋېت ئادەملىرى، سەن بىلەن بىز ئۇلارغا ئوخشىمايمىز، دەپ سۆزلەپ تۇراتتى، ساقچى كەلدى، دەپ تاماق بېرىدىغان ئىشكنى ياپتى. ئولتۇرۇپ تۇۋا جەمىيەتتە يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقە دەپ بۆلۈنگەندەك تۇرمىدىمۇ يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقىلەرگە بۆلۈنىدىكەن، دەپ ئويلاپ ھەيران بولدۇم. جەمىيەتتە كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ بىر ئايلىق مائاشى 30 ـ 40 ھەم 50 سوم ئالىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ۋە دوختۇرلار 50 ـ 60 (سوم) يۈئەندىن مائاش ئېلىپ پۈتۈن ئائىلىنى شۇ مائاش بىلەن بېقىپ راسخوت قىلىدۇ. بۇلار بىر ئادەم ئەللىك يۈئەنلىك تاماق يەيدۇ ھەم ئۆزلىرى مەھبۇسلار ھەيران قالارلىق ئىش. بۇ يەردىكى 90 پىرسەنت مىللىيلار، ئەمما پۈتۈن قاراۋۇل ساقچىلار، ئاشپەزلەر، ئاش توشۇغۇچىلار، تۇرمىدىكىلەرگە قارايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقى خەنزۇ، پەقەت سوراق قىلغۇچىلارلا مىللىيلار ئىدى.

بىر كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىپ مەن ياتقان كامېرنىڭ ھەممە يېرىدىن سۇ ئۆتۈپ كەتتى. پەقەت ئىشىك تۆۋىدىلا سۇ ئۆتمىگەن يەرگە ئورۇن ـ كۆرپىلىرىمنى ئېلىپ كېلىپ بىر كېچە ئولتۇرۇپ چىقتىم. ئەتىسى قارىسام يامغۇر ئۆتكەن يەرلەر ئاپاق بولۇپ، پۈتۈن تام ئالا ـ غۇلا بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن تامنى يۇسام ئاقىرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم، تۇرمىگە ھەر كۈنى ئالتە مەرتىۋە سۇ ئەكېلىپ بېرىدۇ، مەن شۇ ھەر قېتىم بېرىدىغان سۇ بىلەن ئۆينىڭ تېمىنى يۇيۇشقا باشلىدىم، بىر ھەپتە دېگەندە كامېرنىڭ تۆت تېمىنىڭ ھەممىسىنى يۇيۇپ چىقتىم، راست دېگەندەك ئۆينىڭ ئىچى ئاقارتقاندەك ئاپاق بولۇپ، كامېرنىڭ ئىچى كۆڭۈللۈك پاكىز ھەم يورۇق بولۇپ قالدى. ئالما ئۇرۇقى رەڭگىدە بويالغان تاختاي ھەم تام ئىشكاپلارنى كۈنىگە ئىككى مەرتىۋە يۇيۇپ چىقىمەن، ئاندىن باشقا باش ـ كۆزلىرىمنى يۇيىمەن، كامېرنى شۇنداق پاكىز تازىلاپ تۇتتۇمكى ھەتتا تاختايغا ئاق كىيىملىرىمنى يېيىپ قۇرۇتسام بىر تال داغ تەگمەي قۇراتتى. بىر كۈنى ھاجەت ۋاقتىدا مەن ياتقان كامېرغا تۇرمە باشلىقى ۋە بىر قانچە ئادەملەر كىرىپ تامغا قاراپ سۆزلىشىپ تۇرۇپتۇ، مەن ھاجەتخانىدىن كىرگەندە، تۇرمە باشلىقى:

ــ سەن بۇ تامنى قانداق ئاقارتتىڭ، دەپ مەندىن ھەيران بولۇپ سورىدى. مەن يۇدۇم، دېسەم ئىشەنمىگەندەك بولۇپ تامنى تۇتۇپ كۆردى، يېنىدا تۇرغان خەنزۇ بۇلار

دوختۇرلار ئەمەسمۇ، تازىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، دېدى. تۇرمە باشلىقى:

ــ مەن شۇنچە يىللار مۇشۇ تۇرمىدە ئىشلەپ يۈرۈپ تۇرمىنى بۇنداق پاكىز تۇتقان مەھبۇسنى كۆرمىگەنمەن، كۆردۈڭمۇ تاپقان ئامالىنى كىمنىڭ يادىغا كېلىدۇ، بۇ يەردە دوختۇرلارمۇ ۋە قىزلارمۇ ياتتى. لېكىن ئۇلار كۈندە ئەمەس، ھەپتىسىگە بىر مەرتىۋىمۇ ئۆزى ياتقان ئۆينى يۇيۇشقىمۇ خۇشياقمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار ياتقان كامىرىغا ئادەم كىرگىلى بولمايتتى، سېسىق پاسكىنا ئىدى. مانا بۇنىڭ كامىرىغا كىرسەڭ ئاياق ئىزىڭ چۈشۈپ قالىدۇ، دېيىشىپ ھەيران قېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار دېگەندەك مەن ھاجەتخانىدىن قايتىپ كىرگەندە كامىرىغا قانچە ئادەم كىرىپ ماڭغان ئاياق ئىزىغا قاراپ بىلەتتىم.

چۈشتىن كېيىن ئولتۇرسام ساجىدەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

سېنى قايلاردا يۈرسەڭ ئىزلەيمەن،
ئالتۇنۇم كۆلەش يۈزى ئىزلەيمەن.
كېلەسىڭ دەپ مېنى ئۈمىد ئىتەم،
مېنى سېنىڭ ساغىنىپ كۆتەم.

دېگەن «ئىزلەيمەن» جىرىنى جىرلىدى، مەن ساجىدەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ دېرىزىگە ياماشتىم. ئۇ ۋاقىتلاردا دېرىزىلەرنىڭ ئەينىكى ئاق سىر بىلەن سىرلاپ، ئۈستىگە ئېچىلغان قىلىپ قويۇلغانتى. پەقەت بىر غېرىچ كەڭلىكتىكى ئاسمان يۈزىدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرۈپ بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ مەن كېسەك بىلەن دېرىزىنىڭ رامكىسى ئارىسىدىكى ئىنچىكە يوچۇقتىن يېقىن كېلىپ تالادىكىلەرنى كۆرەتتىم. مەنمۇ ساجىدەنىڭ جىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ ئېيتىشقا باشلىدىم. ساجىدەنى ئېلىپ چىققان خەنزۇ بىردە ساجىدەگە يۈگۈرۈپ «بۇياققا ئۆت، ناخشا ئېيتما» دېسە، بىردە كامىرىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا يۈگۈرەتتى. بىزنىڭ ناخشىمىزغا تۆتىنچى زالنىڭ بىر كامىرىدىن بىر ئەر كىشى ئاۋازى قوشۇلۇپ، ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ساجىدەنى بىزدىن يىراق ئېلىپ كەتتى. قارىسام ساجىدە ئۈستىگە يېشىل پەلتو كىيىپ ئاپتۇ. پوتىدا ئۆتۈك، رەڭگى ئاقىرىپ ئورۇقلاپ قاپتۇ. بۇ بىچارە قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟ دەپ ئويلىدىم.

4 - زالدىكى ناخشىغا قوشۇلغان ئادەم ئۇستازىم مەھمۇت ئەۋزى ئىكەن دەپ ئويلىدىم. چۈنكى ئاۋازىنى ئوخشاتتىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاڭلىسام تۇرمىدە ئاغرىپ يېتىپ، تۇرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئاڭلاپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى.

# 10 - ئېيۇن

بۈگۈن يەنە سوراققا ئېلىپ چىقتى.

ئۇلار مەندىن:

ــ قانداق! تۈرمە ھاياتى ئېغىرمىكەن، قانداق ھېس قىلىۋاتىسىز، دەپ سورىدى.

ــ ھېچقانداق ئەمەس، ئادەم باللىرى دوزاخقىمۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆگىنىدۇ دەيدۇ، ئۆگىنىپ قالدىم، دېدىم.

ئەلى يۈسۈپ:

ــ ئۇنداق بولسا ئۆز جىنايىتىڭىز، خاتالىقىڭىز ئۈستىدە قانداق ئويلاندىڭىز، دېدى.

ــ ئويلانغۇدەك جىنايىتىم يوق، خاتالىقىممۇ يوق، بىزنىڭ مۇستەقىللىق داۋايىمىز ھەقلىق، مەن ھېچقانداق خاتالىق دەپ تونۇمايمەن، دېدىم. مەن سىزدىن بىر نەرسىنى سوراي، شىنجاڭ خىتاينىڭ ئايرىلماس يېرىمۇ؟ ئۇنداق بولسا شىنجاڭ تارىخى خاتا يېزىلغانمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ئەلى يۈسۈپ ئاچچىقلانغاندەك بولۇپ، قاپاقلىرى چۈشۈپ بىر ئازدىن كېيىن:

ــ شىنجاڭ ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ، تارىختا يېزىلغىنى توغرا، لېكىن سوتسىيالىزمنىڭ داھىيسى لېنىن «سوتسىيالىزمنى چوڭ دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ قۇرۇش بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش» دېگەن. جۇڭگو دۆلىتى بىلەن بىرلىشىپ سوتسىيالىزمنى قورساق بۇنىڭ نەرى يامان، بۇ نەرسىلەر ئۈستىدە ئارتۇق باش قاتۇرۇش سىلەر ئۈچۈن پايدىسى يوق. سىز مەكتەپتىن يۈك ـ تاقلىرىڭىز كەلگەندىن كېيىن ئۆز تەقدىرىڭىز ھەققىدە بىر خۇلاسىگە كەلگەنسىز، دېدى.

ــ مەن مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققاندىلا ئۆز تەقدىرىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەنمەن، دېدىم.

ــ توغرا، سىز بىلگەن بىلەن ئۇ ھاياتنى باشتىن ئۆتكۈزمەك ئاسان ئەمەس، بىز پەقەت سىلەر ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتىمىز، سىلەر قىز بالا ھەم ياش ئۆمرۈڭلار زايە كېتىدۇ، دەپ ئېغىر ئېچىنىۋاتىمىز، مەن سىزگە بىر نەرسىنى دەي:

ــ ئابلېكىم نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىنماي قالدى بىلەمسىز؟ ئۇمۇ سىلەرگە ئوخشاش

تەشكىلاتنى دەسلەپ قۇرغۇچى ئاساسلىق ئادەمنىڭ بىرسى بولغان، ئۇنىڭ جىنايىتى سىلەرنىڭكىدىن ئارتۇق بولمىسا كەم ئەمەس، سىنىپ تەركىبىمۇ باي دېھقاننىڭ ئوغلى، نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىنماي قالدى، بىلەمسىز؟ سىز تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ مەسىلىلىرىنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىپ ئۇنى ئاقلاپ كېلىسىز، سىلەرنى كىم تۇتۇپ بەرگىنىنى بىلەمسىز؟

ــ ياق بىلمەيمەن، دېدىم.

ــ ئابلېكىم ئالدى بىلەن كىرىپ، پاش قىلىپ، ھەممە نەرسىنى ئېيتىپ بەرگەن شۇ، ئۇ مەسىلىنى ياخشى تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن پارتىيە ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ، ھەتتا مەكتەپ ئىچىدىمۇ چارە كۆرۈلمىدى. بۇنى بىلمىدىڭلارمۇ؟ دېدى.

بۇ سۆز ماڭا قاتتىق بىلىندى، ئىشىنىپ يۈرگەن يېقىن دوستلاردىن كەلگەن ساتقۇنلۇق ئادەمگە ئەلەم بولىدىكەن. قانچە مەرتىۋە گۇمان قىلسامىمۇ لېكىن ئابلېكىمگە بولغان ئىشەنچىم گۇمانىمنى يوق قىلاتتى. ئابلېكىمنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرى، سۆزلىرى، ۋىجدان ۋە ئىنقىلاب ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى تەشكىلاتنى پاش قىلدۇ، دەپ ئابلەينى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىرى، ھەممىسى شۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى، قانداق دوستلار ئىدۇق، بىزلەرنى تۇتۇپ بېرىشكە قانداق ۋىجدانى كۆتۈردىكىن، دەپ ئويلىدىم.

پۈتۈن نەرسىنى پاش قىلغان مۇشۇ ئىكەندە، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ۋە دوستلۇق مېھرى ھەممىسى بىردەك يوقالدى.

ئەلى يۈسۈپ:

ــ سىز ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ دەپ سورىدى.

ــ ياق ئاڭلىمىغان، گۇمانىمۇ قىلماپتىمەن، دەپ راستىمنى ئېيتتىم.

ــ يېقىن دوستلاردىن بۇنداق ئىش كېلىپ ـ چىقسا ئادەمگە ئەلەم بولىدۇ دەڭە، دېدى. مەن ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدىم. ئەلى يۈسۈپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ:

ــ مەن ئۆزۈن يىل مۇشۇ تۈرمىدە سوراقچى بولۇپ ئىشلىدىم. مېنىڭ ئالدىمغا نۇرغۇن كىشىلەر كەلدى. لېكىن بىزنىڭ ئالدىمىزغا سىلەردەك تەشكىلات قۇرۇپ كەلگەنلەر بولمىدى. بىرىنچى مەرتىۋە كەلگەن سىلەر بولدۇڭلار ھەم بۇنداق سىياسەت ئىش ۋە تەشكىلات ئىشلىرى بىلەن كەلگەن قىزلاردىن سىز بىلەن ساجىدە ئىككىڭلار بولدۇڭلار، بىز سوراق قىلغان پۈتۈن ئادەملەر ئۆز جىنايىتىنى باشقىلارغا ئارتىپ «مەن قىلمىدىم، ئۇ

قىلدى» دەپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشاتتى، ئەمدى سىلەر بولساڭلار باشقىلارنىڭ ئىشى بولىسمۇ مەن قىلدىم، دەپ ئۆز ئۈستۈڭلەرگە ئالىسلەر، تەشكىلات قۇرۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا كىم قويدى، دېگەن مەسىلىدە سىز «مەن قويدۇم» دەيسىز، ئابلىز «مەن قويدۇم» دەيدۇ، قايسىڭلار ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى بىلىپ بولمىدى، سىلەر ئاجايىپ ئىكەنسىلەر، باشقىلارغا ئوخشىمايسىلەر، دېدى.

## 5 - ئېيۇل

يالغۇزلۇق نېمە دېگەن يامان، بىر كۈنى ئولتۇرسام بىر يوغان چىۋىن غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كىرىپ كەلدى. توۋا ئاجايىپ، ئۇنىڭ كىرگىنىگىمۇ خۇشال بولۇپ، چىقىپ كەتمىسە ئىكەن، دەپ يالغۇزلۇقۇمدا ئۇنى بىر جان بىلىپ چىقىپ كەتمەسلىكىنى خالىدىم. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ شۇنداق ئالدىراش چىقىپ كەتتى. ئادەتتە مەن چىۋىننى كۆرسەم قاچۇرماي ئۆلتۈرەتتىم، بۈگۈن چىۋىن بولسىمۇ غۇيۇلداپ تۇرغان بىر ھەمراھتەك ھېس قىلدىم. مانا يالغۇز ياشاۋاتقىنىمغا 68 كۈن بولدى. كۆپچىلىك بىلەن ياشاپ ئۆگەنگەن ئادەم ئۈچۈن يالغۇزلۇق ناھايىتى قىيىن نەرسە ئىكەن. زېرىكىش يالغۇز مېنىلا قىينىمايتتى، بارلىق كامىرلاردىن ئاللاھ.... خۇدا.... ۋايجان.... ئاللاھ دېگەن زارلىق ئاۋازلار توختىماستىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈرمىنىڭ زېرىكىشلىك ئاۋازىدىن زارلىناتتى. بەزى ياشلار «قورساق تويار كۈن بولارمۇ؟» دەپ ۋارقىرىسا، بەزىلىرى «ۋاي نان نەدىسەن، بىزنى تاشلاپ كەتتىڭغۇ؟» دەپ ناخشىغا قوشاتتى. بەزى كامىرلاردىن «نىرى يات، نىرى يات» دېگەن ئۇزۇن جېدەللىرى چىقىپ، ھەتتا مۇشتلىشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى مۇشتلاشقان بالىلارنىڭ بىرسىنى ئېلىپ چىقىپ پۇتىغا ئىشكەل سالدى. پۇتى ئاغرىپ كەتتىمۇ بىلمەيمەن، ۋارقىراپ يىغلىغان ئىدى. كامىرىنىڭ ئىچىدە كۆڭلۈم چىدىماي بىردەم ئىشىككە كېلىپ تىڭشاپ كۆردۈم، ئاخىرى دېرىزىگە يامىشىپ چىقىپ 4 - زالدىكى كامىرلاردىن «نېمە بولدى» دەپ ئەھۋال سوراپ قارىسام، مۇشتلاشقان ئىكەن «تۈرمە تەرتىپىنى بۇزدى» دەپ ئىشكەل سېلىپ قويۇپتۇ.

بۇ كامىرلاردىن ئەرلەرنىڭ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك زارلىق يىغا ئاۋازى ئاڭلىناتتى. باشقا كامېرىدىكىلەر بولسا «ئاداش نېمە بولدۇڭلار»، «يىغلىماڭلار»، «چىداڭلار قانداق قىلىمىز» دەپ ۋارقىرىشاتتى. دائىم دېگەندەك ئۇيغۇر ناخشىلىرىدىن غۇلجا، قەشقەر ناخشىلىرى باشلانسا، پۈتۈن تۈرمىدىكىلەر قوشۇلۇپ ئېيتىپ شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق

مۇڭلۇق ناخشا دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ھەتتا ساقچىلار ئازلىق قىلىپ، تۈرمە كادىرلىرىنى باشلاپ كېلىپ زالنىڭ ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئاران توختىتاتتى. ئادەملەر ئىچ پۇشۇقنى پەقەت ناخشا بىلەن چىقارمىسا چىداش قىيىن، ناخشىمۇ ئادەمگە بىر روھى تىرەك. بەزى كامىرلاردىن مۇڭلۇق «قۇران» ئاۋازىمۇ ئاڭلىناتتى.

مەن دېرىزە ئارقىلىق ساجىدەنى ئىككى قېتىم، ئابلىزنى ئىككى قېتىم كۆردۈم. ئابلىزنى كېيىنكى كۆرگىنىمدە ئۇلار كىرىپ كېتىش ئالدىدا مەھبۇسلارغا قارايدىغان خەنزۇنى 4 - 5 - ئادەم باشلاپ تۆتىنچى زالنىڭ ئۇ تەرەپكە ئاپتاپقا يېيىپ قويغان يوتقان - كۆرپىلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە كەتتى. قالغان تۆتەيلەن ئەتراپنى كۆزەت قىلىپ تۇردى. ئابلىز مەن ياتقان كامىرنىڭ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ:

ـ سۆيۈنگۈل، دەپ ۋارقىرىدى.

مەن: ھە، دەپ دېرىزىدىن ئابلىزغا قارىدىم.

ـ قانداق ئەھۋالىڭ؟ سالامەتلىكىڭ ياخشىمۇ، ئاغرىپ قالدى، دەپ ئاڭلىدىم، ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ يالغۇز تۇرۇۋاتامسەن؟ دېدى. مەن سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن:

ـ بىزنى ئەمدى كېسىپ ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن، بەلكى بۇندىن كېيىن كۆرۈشەلمەسىمىز، قانداق قىيىنچىلىقىڭ بار؟ ئۆيدىن ئادەم كەلدىمۇ؟ دېدى.

ـ قىيىنچىلىقىم يوق، ئۆيدىن ئادەم كەلدى، دېدىم.

ـ سېنى ئاغرىپ قالدى، دەپ ئاڭلاپ كۆڭلۈم بەك ئەسكى بولدى، بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ئۆزۈڭنى ئاسرا، پوزىتسىيەڭنى يامان دەپ ئاڭلىدىم، ئۇنداق قىلما، ئىلاجى بار ئاز كېسىلىشكە تىرىشقىن، سىلەرگە قىيىن بولدى، مەن سىلەرنى كۆپ ئويلايمەن، ساجىدە ياخشى، 3 - زالنىڭ بىرىنچى ئۆيىدە تۇرىدۇ، ئەھمەد ئاكا ھەم ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ. باشقا سۆزۈڭ يوقمۇ؟ خەير - خوش ئامان بول، دېدى.

ـ خەير ئامان بول، ئالالاھقا تاپشۇردۇم، ئالالاھ ھەر ۋاقىت سىلەرگە ياردەم قىلسۇن، ئۆزۈڭنى ياخشى ئاسرا، دېدىم.

ـ سىلەرنىمۇ مەن ئالالاھقا تاپشۇردۇم، ئامان بولايلى، دېدى. مەن:

ـ بەختلىك كۈنلەردە ئۇچرىشارمىز، دېدىم. ئابلىز:

ـ ئالالاھ شۇ كۈنگە ھەممىمىزنى سالامەت يەتكۈزسۇن، خوش ئامان بول، دېدى.

يېنىدىكىلەرمۇ ئابلىزغا قوشۇلۇپ خوش نەگە بارسىڭىزمۇ ئامان بولۇڭ، ئاللاھقا تاپشۇردۇق، دەپ كىرىپ كەتتى. مەنمۇ خوشلىشىپ تۇرۇپ، كۆز ياشلىرىمنى تۇتالماي كەتتىم.

يەنە بىر كۈنى دېرىزىدىن تالاغا قارىسام بىر ياتاق ئادەمنى ئاپتاپقا ئېلىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياش قورامى ئوتتۇرا ياشلىق چوڭ ئادەملەر بولۇپ، بۇلارنىڭمۇ چاچ، ساقاللىرى ئۆسكەن، ئۆزلىرى ئورۇق، چىرايلىرى سېرىق، يىراقتىن ئۇلارنى پەرق ئېتىپ تونۇش قىيىن ئىدى. بۇلار تالاغا چىقىش بىلەن ئارىسىدىن بىرى ئايرىلىپ چىقىپ بىزنىڭ دېرىزە تەرەپكە كېلىپ بىر كىچىك دۆڭلۈكتە ئولتۇردى ۋە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، قارىسام ئاۋازى ئەھمەد ئاكىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى، لېكىن ئۆزى ئەمەس، مەن شۇمۇ، ئەمەسمۇ دەپ قاراپ تۇراتتىم. ئادەملەردىن بىرسى:

ـ ئەھمەتجان كېلىڭ، ئىككىمىز بۇ ئېرىقنى تازىلاپ قويايلى، بەلكى «لاۋگەي» گېزىتىگە بىزنى ماختاپ يېزىپ چىقىرار، دەپ چاقىردى.

ئېرىقنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، يەنە شۇ جايغا كېلىپ «بىۋاپا» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى. ئەھمەد ئاكا مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا ھەر ۋاقىت غۇلجا ناخشىلىرىدىن ئېيتىپ بېرەتتى. قىزلار «بىۋاپا» دېگەن ناخشىنى ئەھمەد ئاكىدىن ئۆگەنگەن ئىدى. ئاۋازى ئەھمەد ئاكىنىڭ ناخشا ئېيتقىنىغا ئوخشايدۇ، ئېتى ھەم ئەھمەد. لېكىن چىرايىدىن تونۇپ بولمايتتى. مەن ئەھمەد ئاكىنى تۈرمىگە كېلىپ مۇشۇ قېتىم كۆردۈم.

ئۇستازىم مەھمۇت ئابىزنى بىر قېتىممۇ كۆرمىدىم، ئەمما دائىم ماڭا سالام يوللاپ، ھالىمنى سوراپ تۇردى.

# 8 ـ ئىيۇل

ئەتىگەنلىك ھاجەتكە ئېلىپ چىقىش ئىشى باشلاندى.

مەن تالادىن كىرىشىم بىلەن، بىزنى ئاپتاپقا ئېلىپ چىقىپ يۈرىدىغان مەھبۇس خەنزۇ كېلىپ:

ـ يۈك ـ تاقلىرىڭنى باغلا، دېدى.

يۈرىكىم ئاجايىپ بولدى.

ـ نەگە ئاپىرىدۇ، دەپ سورىدىم.

ئۇ كۈلۈپ:

ــ مەكتەپكە ئاپىرىدۇ سىنى، دېدى.

ــ يالغان، يالغان دەۋاتىسەن، دېدىم.

ئۇ يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىشلەيسەن، دوختۇر بولىسەن، دېدى.

مەن يالغان دەپ ئىشەنمىدىم، راستىڭنى ئېيتساڭچۇ، ئۇ:

ــ راست، شۇ دوستۇڭنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمىز، دېدى.

ئۇ خەنزۇ دائىم ماڭا بوگۈن ئاپاڭ كەلدى دەيتتى، كىم كەلسە نېمە ئېلىپ كەلسە ئاستا كېلىپ خەۋەر قىلىپ قويۇپ قوياتتى. شۇنداقلا ساجىدەنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ماڭا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. قايسى كامىردا، قانچە كىشى بىلەن ياتىدۇ. ئەھۋالى قانداق، سالام ئېيتتى دەيتتى، ئۇ ماڭا:

ــ سېنىڭ دوستۇڭ دائىم يىغلايدۇ، بىر كۈنى ئاۋازىنى چىقىرىپ قاتتىق يىغلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىغا كادىرلار كىرىپ كەتتى. كېيىن سورىسام ئىچىم پۇشىدۇ دەپ ئېيتتى. دوستۇڭ دائىم يىغلايدۇ، سەن دائىم ناخشا ئېيتىسەن، ئىككىڭلار ئاجايىپ قىزىق، دېدى.

مەن:

ــ قانداق قىلىسەن، ئىچىڭ پۇشقاندىن كېيىن نېمە قىلىشنى بىلمەيسەن، شۇنداقمۇ؟ دېدىم.

ــ راست، باشقا كەلگەندىن كېيىن چىدىماي ئامال يوق، بۇ تۈرمۇشقا ئەرلەرمۇ چىدىيالمايدۇ، دېدى.

ئۇ خەنزۇ ئادەم يوق ۋاقىتلاردا كېلىپ كىچىك ئىشىكنى ئېچىپ ئەھۋال سوراپ پاراڭلىشىپ، بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى دەپ بېرەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ماڭا سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلار ئاز قالدى، سىلەرنى ئەمدى كېسىشى مۇمكىن دېگەن ئىدى. ئۇ ماڭا تۈرمىدىكىلەرنىڭ سالاملىرىنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ھەر ھالدا تۈرمىدىكىلەرگە يۇمشاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى.

مەن خۇشال بولۇپ راستمۇ؟ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ــ راست تېز بول، نەرسىلىرىڭنى يىغىشتۇر، دېدى.

مەن ئالدىراش نەرسىلىرىمنى يىغىشتۇردۇم. خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغماي، ساجىدەنى كۆرۈشكە شۇنچىلىك ئالدىرايتتىم، ئۇ قانداق بولۇپ كەتكەن، ئۇ مېنى كۆرگەندە قانداق قىلار، ئەمدى ساجىدە بىلەن قانچە ياتساممۇ زېرىكمەيمەن، دەپ ئويلايتتىم. تېز بول دەپ يۈك - تاقلىرىمنى ئۈنىڭغا كۆتۈرتۈپ كەلسەم ئىشىك ئوچۇق، ئۇلار ھاجەتخانىغا كەتكەن ئىكەن، بېرىپ قالغان نەرسىلىرىمنى ئېلىپ كەلدىم. قارىسام ئۆيدە ئۈچ ئورۇن سېلىقلىق تۇرىدۇ. بۇلار ئورۇنلىرىنىمۇ يىغماپتۇ دەپ ئويلىدىم. كامىرىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ، پاسكىنا. چاڭ - توپا باسقان، ئۆينىڭ ئىچىدە يۈز يۇيىدىغان داس، قاچا، سۈپۈرگە ۋە لاتىلار چېچىلىپ ياتاتتى. مەن ساجىدەنىڭ ئەدىيالىدىن تونۇدۇم، ئۇلار قاچان كېلەر دەپ ئىشىككە قاراپ كۈتۈپ تۇردۇم. ئىشىك ئالدىدا ساقچىلا ۋە تۈرمە ئىچىدە ئىشلەيدىغان مەھبۇسلار ۋە باشقا خىزمەتچىلەر ھەممىسى بۇلار قانداق كۆرۈشىدىكىن دەپ قاراپ تۇراتتى. كۆپ ئۆتمەستىن زالدا ئاياق ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بۇلارغا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ تۇردۇم. ئىشىكتىن ئىككى خەنزۇ ئايال تۈك كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار مېنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى ئالايتىپ، گەپمۇ قىلماي قارىشىپ تۇرۇپ قالدى، ئارقىدىن كېچىكمەي ساجىدەنىڭ ماڭغان ئاياق ئاۋازى ئاڭلاندى، كۆپ ئۆتمەستىن ئىشىكتىن ئۈستىدە يېشىل پەلتو، پۇتىدا ئۆتۈك، بېشىغا يۇڭ ياغلىق باغلىغان، قاپىقىنى تۈرۈپ يەرگە قاراپ مېڭىپ ساجىدە كىرىپ كەلدى. ئۇ چەتتە قاراپ تۇرغان مېنى كۆرمىدى. مەن مىدىر قىلماي كۈلۈپ قاراپ تۇردۇم. ساجىدە دەپ بېرىپ قۇچاقلاپ كۆرۈشكۈم كەلدى، لېكىن ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلار ئالدىدا ئۆزۈمنى تۇتۇپ، ئۇ ئىككى قەدەم مېڭىپ كېلىپ مېنى كۆردى، ماڭا قاراپ كۆزى يۇپ - يۇمىلاق بولۇپ، «ئۇھ» دەپ ئىچىگە تارتىپ ئۆزىنى ماڭا ئاتتى ۋە قاتتىق قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى، ئىشىككە ئۇلاشقان شۇنچە كىشى بىزنى تاماشا قىلىپ قاراپ تۇراتتى.

مەن:

– ساجىدە بولدى، يىغلىما، ئۇلار قاراپ تۇرىدۇ، كۆزۈڭدىن كۆرستىپ ياش چىقارما، دەپ بەزلەشكە باشلىدىم.

ساجىدە پەقەت ئۆزىنى توختىتالماي يىغلايتتى، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئەسكى بولۇپ كەتتى. ساجىدە جېنىم دوستۇم يىغلىمساڭچۇ، مەن سېنى سېغىنىپ يېنىڭغا كەلدىم، ئەمدى بىللە ياشايمىز دەپ بەزلىدىم. ئىشىك تۆۋىدىكىلەر ئىشىكنى تاقاپ كېتىشتى، ساجىدە ھەقىقەتەن شۇنچىلىك ئورۇقلاپ كەتكەنكى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

– نېمە بولدۇڭ، ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ قورسىقىڭ ئاچمۇ؟ ئۆيدىكىلەردىن بىرەر ئادەم

كەلمىدىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ــ ئىككى ـ ئۈچ كۈن بولدى، دىزىنتېرىيە بولۇپ ئاغرىپ قالدىم، گەپ قىلما، شۇنچىلىك ياغلىق نەرسە يېگۈم كېلىپ كەتتى. ھەدەم بىر قېتىم كەلگەن ئىكەن. بىر ئاز كەنفىت بىلەن ئۇششاق ـ چۈشەك نەرسە ئېلىپ كەپتۇ، ئاپام ئاڭلىمىدىمىكىن، بىچارە قانداق بولدىكىن، ئاكام ھېكىمنىڭ ئەمدى چىقىشى بىلەن مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمنى دېمەمسەن، ئاپامنى ئويلىسام يوق بولۇپ كېتىمەن، دەپ يەنە كۆزلىرىدىن دەريا ياشلار تۆكۈلدى. مەن ساجىدەنى بەزلەپ:

ــ يىغلىما ساجى ئۆزۈڭنى تۇت، ئاغرىپ قالساڭ قانداق قىلىسەن، بىز بۇ ئىشلارنى باشتىن ئويلاپ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن بولىدىغان يامان كۈنلەرنى يېڭەلەيدىغان ئىرادىنى ئۆزىمىزدە تىكلەپ، ئاندىن بۇ يولغا كىرگەن ئىدۇق، شۇنداقمۇ؟ بىزگە ئەمدى شۇ يامان كۈنلەرنىڭ ئالدى كەلدى. بىز بىرىنچى قەدەمنى بېسىپ كېتىپ بارىمىز، كەينىمىزگە ھەرگىز يانمايمىز، ئالدىمىزدا ھەر ئېغىر كۈنلەر بار، بىز شۇ كۈنلەرنى يېڭىپ ئۆتۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە قەتئىي ئىرادە، ئالىي روھ ھەم سالامەتلىك كېرەك. روھىڭنى ھەرگىز چۈشۈرمە، بىز خەلقنى، ۋەتەننى دەپ ئۆزىمىزنى ۋە ئاتا ـ ئانىمىزنى ئويلىمىدۇق. ھازىر ھەم ئۇلارنى ئويلىمايلى، بىز باشتا يامان كۈنلەرنى ئويلىغاندا مۇشۇنىڭ ھەممىنى ئويلىغان ئىدۇق ھەم بىلەتتۇق. بۈگۈن ئالدىمىزغا كەلدى، چىداش كېرەك. ئەمدى بىر نەرسە ساجىدە بىز ئادەتتىكى سۆيۈنگۈل ۋە ساجىدە ئەمەس، بىز كۆتۈرۈپ چىققان غايىمىزنىڭ ۋەكىلى ھەم بىز تەشۋىقات بايرىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالىي روھ بىلەن ھەر ئىشتا ئۈلگە بولغۇدەك ھالدا ياشاپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئېلىشىمىز لازىم، ئەمدى ھەرگىز يىغلىما، يىغلاش ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسى، ئۆيدىكىلەرمۇ بىزنىڭ سالامەت روھلۇق تۇرۇشىمىزنى تىلەيدۇ، ئۇلارمۇ بىزنىڭ غايىمىزنى قوللىشى مۇمكىن. دوستۇم ئەل ئۈچۈن ئۆلسەكمۇ بىز بەختلىك. ئۆزىمىز شۇنىڭغا رازى ئىدىققۇ، دېدىم.

ــ ھەي جېنىم دوستۇم، سەن بولمىساڭ قانداق قىلاتتىم، سۆزلىرىڭ ھەممىسى توغرا، ئىچىم سىقىلغاندا سېنى بەك سېغىندىم، دەپ سۆزلەۋېتىپ يەنە يوغان چىرايلىق قارا كۆزىگە ياش كەلدى.

ساجىدەنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىپ، كۆپ سۆزلىدىم ۋە سومكامنى ئاختۇرۇپ، تونۇگۈن سېتىۋالغان (تۈرمىدە ھەپتىسىگە بىر مەرتىۋە قول ھارۋا بىلەن ئۇششاق ـ چۈشەك نەرسىلەر ۋە يەيدىغان كونسېرۋا ھەم پۇشۇرۇپ كەلگەن ياغلىق پوشكال، ئاق نان، پىرەنىككە ئوخشاش نەرسىلەرنى سېتىپ كېلەتتى)، مەن ئۆيدىن كىرگۈزگەن پۇل بىلەن

بىر ئاز پوشكال سېتىۋالغان ئىدىم، شۇنى چىقاردىم ۋە ئۆيدىن كىرگۈزگەن نەرسىلەردىن قايماقنى سېنى ئويلاپ ئېلىپ قويغان ئىدىم، دەپ ئۇنى قويدۇم. بىز ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ چاي ئىچتۇق.

– ساجى ئەمدى ئىككىمىز پاراڭلىشىپ زېرىكمەي تۇرىدىغان بولدۇق، قانداق ياخشى، مەن شۇنچە ۋاقىت يالغۇز تۇردۇم، يالغۇزلۇق نېمە دېگەن يامان؟ مەن زېرىككىنىمدىن ئۆيدىن چاچقان چىقىدىغان تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا بىر ئاز نان تاشلاپ قويسام چاچقانلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ۋىچىرلاپ ناننى تالىشىپ يېسە، شۇنىڭغا قاراپ كۆڭلۈم خوش بولاتتى، شۇنچىلىك ئادەم سېغىندىم، دۇنيادا يالغۇزلۇقتىن يامان نەرسە يوق ئىكەن، ھېلىمۇ ياخشى سېنىڭ يېنىڭدا بۇ ئىككىسى بار ئىكەن، بىر ئاز ياخشى بولغاندۇ، دېدىم.

– ھەي سۆيۈن نەدىكىنى دەيسەن، بۇلار يەنە شۇ خىتايلىقنى قىلدى. مېنىڭ مىدىر قىلغىنىمدىن تارتىپ ھەممە ئىشلىرىم ئۈستىدە ئىشكىنى ئۇرۇپ ساقچى چاقىرىپ، «مېنىڭ ئىشخانىغا چىقىدىغان ئىشىم بار» دەپ چىقىپ مېنى چېقىشتۇرۇپ، بىر قانچە قېتىم مېنى ئاختۇرۇپ سوراققا ئېلىپ چىقتى. ئەركىن تۇرالمىدىم، بىر ئەسكى نەرسىلەر ئىكەن. بۇ ئۆيگە جىق ئاياللار كېلىپ قونۇپ ئۆتۈپ تۇردى. ئاز دېگەندە ئۈچ ئادەم تۇردۇق، دېدى. ساجىدە ئۆزىنىڭ تۈرمىگە ئېلىپ كىرگەندىكى ۋاقتىنى سۆزلەپ بەردى.

سۆيۈن مېنى ئېلىپ كىرىپ ئىشكىنى شۇنداق ياپقاندا كۆز ئالدىمغا ئاپام كېلىپ ئىشىككە ئېسىلىپ ۋارقىراپ يىغلاۋاتقاندەك بولۇپ، يۈرىكىم ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئۆزۈمنى تۇتالماي كەتتىم. ئۇ ۋاقىتدا بۇ ئىككىسىمۇ يوق، ئاپتاپقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن. بۇلار كىرگىچە تازا يىغلاپتىمەن، بىزنىڭ ئۇدۇلدىكى ئۆيدە ئابلىز بار ئىكەن، ئۇ ماڭا:

ـ ساجىدە نېمە بولدى؟ يىغلىما سەۋر قىل، دېگەنىدى، ئۆپكەمنى باسالماي نېمە دەي، بۇلار كىرىپ گەپ قىلغاندىن كېيىن بىراز ياخشى بولدۇم. شۇنداق قىلىپ بىر ئايغىچە يىغلىدىم. ئابلىز بىچارە مېنى بەزلەپ ھالى قالمىدى، جېنىم سۆيۈن ئاپامنى ئويلىسام ھازىرلا گېلىم بوغۇلىدۇ. كۆردۈڭمۇ ئاپام بىتەلەي ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ ياخشى كۈن كۆرمىدى. ھېكىم كىرىپ ئىككى يىل يېتىپ چىقتى. ئابلىخەي دېگەن ئۇكام كىچىك تۇرۇپ سايوزىغا قېچىپ چىقىپ كەتتى.

دادام ئاپامنى يىگىرمە يەتتە يېشىدا ئۇششاق باللار بىلەن تاشلاپ، سودا قىلىمەن دەپ كېتىپ قېلىپ چەتتە يۈرۈپ ئۆلۈپ كەتتى. ئاپامنىڭ قىلمىغان ئىشى قالمىدى، شۇنداق قىلىپ بىزلەرنى باققان ئىدى. ئەمدى مېنىڭ ئەھۋالىمنى دېمەمسەن، دەپ يەنە يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنى بەزلەپ ئاران توختاتتىم، ئۇزۇن ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. ساجىدە ماڭا:

– بىلەمسەن، ئابلىكىم دېگەن خائىنلىق قىلىپ بىزنى تۇتۇپ بېرىپتۇ، ئاڭلىدىڭمۇ، دېدى.

– ھەئە، سوراق ئۈستىدە ئاڭلىدىم. بۇلارنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىپ، سۆزلەپ ئولتۇرغىنىغا قارىغاندا ئىچىمىزدىن بىرسى پاش قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم، دېگەندەك ئابلىكىم بولۇپ چىقتى. ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە سۆزىگە قاراپ ئادەم دېگىلى بولمايدىكەن. ئاڭلاپ شۇنداق نەپرەتلەندىم. باشتا يىپ ئۈچىنى سېتىۋالدى تېپىپ بەردى. ئابلىكىم يېشىپ ئېچىپ بەردى، مەن قولغا ئېلىنغىنىمغا ئېچىنمايمەن، ئارىمىزدا شۇنداق بولمىغۇر مەيدانسىز، خائىنلارنىڭ بولغىنىغا ئېچىنىمەن، دېدىم. ساجىدە:

– مەنمۇ ئۇنىڭ يىگىت بېشى بىلەن شۇنداق خائىنلىق قىلغىنى ئۈچۈن نومۇس قىلمىغىنىغا قاراپ نەپرەتلەندىم. ئادەم ئەمەسكەن ئۇ، دېدى.

شۇنداق سۆزلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كەچ كىرگىنىنىمۇ بىلمەي قالدۇق، ناخشا ئېيتتۇق، كۈلۈشتۇق، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي سۆزلىشىپ ئولتۇردۇق. دېرىزىدىن كۆرۈنگەن ئايغا قاراپ، مەكتەپتىكى ئايدىڭ كېچىلەردە ۋەزىيەت ھەققىدە سۆزلەشكەنلىرىمىزنى ئەسلىدۇق. ئەمدى ئايدىڭ كېچىدە تۈرمىدە پاراڭلىشىۋاتىمىز، مەن دېرىزىدىن ئاسمانغا قاراپ تاتار شائىرى ئابدۇللاھ توقاينىڭ:

كۆكتە يۇلتۇز يالتىرىدىر تۈن قارا بولغان سايى،
يادىما تەگرىم تۆشەدىر بەختىم قارا بولغان سايى.

دېگەن شېئىرى يادىمغا كەلدى. مەن ئۇنى ساجىدەگە دەپ بەردىم. ئىككىمىز تەكرار بىر نەچچە قېتىم ئوقۇدۇق.

# 9 - ئىيۇل

تاڭ ئاتتى. بىز تېخى ئۇخلىمىدۇق. لېكىن سۆزىمىزمۇ تۈگىمىدى. ئۇخلىماي تۇرۇپ كەتتۇق. سائەت ئون بولغاندا كامىرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ تۈرمە باشلىقى كىرىپ، بىزگە يۈك - تاقلىرىڭلارنى ئېلىپ چىقىڭلار، دېدى. ساجىدە ئىككىمىز بىزنى نەگە ئاپىرىدۇ دەپ بىلەلمەي، بىر - بىرىمىزدىن سوراشتۇق. بىز ھاجەتخانىغا بارغۇچە ئىككى تەرەپ كامېردىكىلەر بىلەن خوشلاشتۇق. باشقىلارمۇ بىزگە بەخت، ئاق يول، ياخشى كۈنلەر تىلەپ قالدى. ھەر قايسى ئۆزىنىڭ ياخشى سۆزىنى ئېيتىپ خوشلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز

يۈك ـ تاقلىرىمىز ۋە ئامباردىكى ئۆزىمىزنىڭ چامادان ھەم باشقا نەرسىلىرىمىزنى ئېلىپ ئوتتۇرا زالغا چىققاندىن كېيىن، ئۇلار بىزنى نەرسىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ دەرۋازا تۆۋىگە چىقىشىمىزنى بۇيرۇدى، بىر قانچە خەنزۇ مەھبۇسلار كېلىپ بىزنىڭ نەرسىلىرىمىزنى كوچىدا تۇرغان قارا جىپ ماشىنىغا سالدى. ئۇ خەنزۇلارمۇ بىزگە ياخشى تىلەكلەر بىلەن خوشلاشتى.

ئاندىن ئۇلار بىزنى باشلاپ مېنى ئەلى يۇسۇپ، ساجىدەنى ئابلىز نىياز ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى.

مەن بۆلۈمگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەلى يۇسۇپ ھۆكۈم ئېلان قىلدى.

شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى قېتىم ئاياللار ئىچىدە مۇشۇنداق مەسىلە بىلەن ئالدىمىزغا كەلگەنلەر پەقەت سىلەر بولدۇڭلار. بىز سىزگە بىرىنچىدىن، قىز بالا، ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچى ھەم ياش، جەمىيەتتە ئىشلەپ كۆرمىگەن ۋە ئائىلە ئەھۋالىڭىزنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى ئېتىبارغا ئېلىپ كۆپ ئېتىبار بەردۇق. بولمىسا ئون بەش يىلدىن تۆۋەن كېسىلمەيتتىڭىز. كەڭچىلىك بىلەن ئۈچ يىل لاۋجاۋ چارىسى كۆرۈلدى، دېدى.

ـ ئون بەش يىل كەسكۈدەك بىز نېمە جىنايەت قىلدۇق، مۇشۇ بىر كىچىك ئىش ئۈچۈن ئون بەش، يىگىرمە يىللاپ كەسمەكچىمۇ سىلەر؟ تۆۋا كىشىلەرنىڭ ھاياتى شۇنچىلىك قىممەتسىز نەرسىمۇ؟ كۈنلەر، يىللار ئۇ بىر ئادەمنىڭ ھاياتى، مۇشۇنچىلىك كەسكۈدەك نېمە جىنايى ئىش بار؟ مەن ھەيرانمەن، دېدىم.

ئەلى يۇسۇپنىڭ ئاچچىقى كەلدى، بىلەمسىز، سىزگە مۇشۇ ئۈچ يىللىق كېسىمنى كەلتۈرگۈچە بىز قانچە تىرىشتۇق، سىزنىڭ جىنايى ئۆلچىمىڭىز ئابلىزنىڭكىدىن ھېچقانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئابلىزنىڭ سىنىپ تەركىبىنى ئىناۋەتكە ئالمىساق، جىنايەت تەرەپتىن قانچىلىك پەرقىڭلار بار؟ سىزمۇ شۇ كەڭچىلىككە ئېرىشكىنىڭىز ئۈچۈن خۇشال بولۇپ، بىزگە رەھمەت ئېيتىسىڭىز بولىدۇ. سىز ھەممە نەرسىنى ئۇنداق يەڭگىل ئويلىماڭ، ھەر نەرسىنىڭ سىياسىي ئۆلچىمى ۋە سىياسىي قىياپىتى بار. سىز ئەمدى بۇ داۋايىڭىزنى تىنىچ يۈرۈپ مۇشۇ ئۈچ يىلنى تۈگىتىشنى ئويلاڭ، سىلەر ئۈچۈن بۇ يىللارمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئەمدى «يېڭى ھايات» ماشىنا رېمونت زاۋۇتىغا بارىسىلەر، ئۇ يەردە موللاشوق بار، ئۇ سىلەرگە تۇغقان بولىدىكەن. يەنە يۇسۇپ چاڭجاڭ (زاۋۇت باشلىقى) سىلەرنى تونۇيدىكەن. ئۇلار سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ، ئۇ يەردە گوڭەنتىڭنىڭ دوختۇرخانىسى بار. شۇ دوختۇرخانىغا سىلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇندىن كېيىن قاتتىق دىققەت قىلىڭ، مانا

چرايلىق ياش ئۆمرۈڭلارنىڭ ئۈچ يىلى زايە كېتىدىغان بولدى. سىزنىڭ ئۆمرىڭىزگە مەن ئېچىنىۋاتىمەن، دېدى. مەن رەھمەت ئېيتتىم.

ساجىدە، مەن، ئەلى يۇسۇپ، ئابلىز نىياز، قايىنىل بەشىمىز دەرۋازا تۆۋگە چىقتۇق.

مەن ساجىدەنى قانچە دەپ سوراپ كۆلدۇم، چۈنكى ھويلىدىكىلەر بىلىپ قالسۇن، ئابلىزلارغا خەۋەر قىلار دەپ ئويلاپ، سورىدىم.

ساجىدەمۇ قولىنى كۆرسىتىپ ئىككى يىل، دېدى. مەن ئۈچ يىل، دېدىم.

ئۇ ئۈچىلىسى: مۇشۇلار قىزىق، ئۇنداق قىلماڭلار، توۋا خەۋىرىدە يوق كۆلۈشىدۇ. ئۆزلىرىگە قارىساڭ بالىلاردەك ئىشلىگەن، ئىشلىرىغا قارىساڭ چوڭ ئادەم قىلالمايدىغان ئىشنى قىلىدۇ، دەپ بىر ـ بىرىگە قاراپ كۆلۈشتى.

بىز ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇردۇق، ئەلى يۇسۇپ «مەن ئاپىرىپ كېلەي» دەپ ماشىنىغا چىقتى، ماشىنا قوزغالدى. ماشىنا رېمونت زاۋۇتىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ ئىچكىرىكى ھويلىدا توختىدى. ماشىنىنىڭ تۆت ئىشكى تەڭلا ئېچىلىپ ماشىنىدىن چۈشتۇق.

ئەلى يۇسۇپ «سىلەر مۇشۇ جايدا كۈتۈپ تۇرۇڭلار» دەپ چاڭبوغا كىرىپ چىقىپ، بىزنىڭ ھۆكۈم قەغىزىمىزگە قول قويدۇرۇپ ئېلىپ كەتتى.

ھويلىدا ئادەم كۆپ ئىدى. ياش بالىلار، چوڭ ئادەملەردىن بولۇپ، 20 ـ 30 دەك ئادەم ۋاقتىمىز توشتى، كېتىمىز، دەپ ئولتۇرۇپتۇ، بىز ماشىنىدىن چۈشۈشىمىز بىلەن ھەر تەرەپتىن ئادەملەر كېلىپ بىزنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. ئىشخانىدىن ھەربىي كىيىم بىلەن بىر قازاق ئادەم چىقىپ بىزگە قاراپ ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق ئاۋازدا:

سىزلەر قاي جىردىن كېلدىڭىزلەر، دەپ بىزدىن سورىدى. ساجىدە گۇڭەننىڭ تۇرمىسىدىن چىقتۇق، دېدى.

ھە تۇرمىدىن چىققان ئادەممۇ سەن؟ دېدى.

ساجىدە ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ، ھېلىلا «سىز» دەپ ئۇلگىدەك بولۇۋاتاتتى، بىردەمدە «سەن» دەپ ۋارقىرايدىغۇ! دېدى.

ئەتراپتىكىلەر كۆلۈشۈپ «ھە ئۇنداق سۆزلەرگە خاپا بولمىساڭلارمۇ بولىدۇ، بۇ يەرگە كەلگەن ئادەم ياخشى، چىرايلىق سۆز ئاڭلىشى يوق گەپ» دېيىشتى.

ئېغىر ئاياق خەنزۇ ئايال بىزنى دوختۇرخانىغا باشلاپ ماڭدى.

دوختۇر بىزنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ يۇك ـ تاقلىرىمىزنى ئىككى خەنزۇ ۋە ئۆزىمىز كۆتۈرۈپ ئىچكىرى ھويلىغا كىرىپ كەتتۇق. ئاندىن ئۇچىنچى دەرۋازىدىن ئۆتۈپ سىخلار ئارىسىدىن مېڭىپ يەنە بىر ھويلىغا چىقتۇق. ئۇ يەردىن بىزنى باشلاپ كەلگەن خەنزۇ ماھنۇر، ماھنۇر، دەپ توۋلىغاندىن كېيىن، ئوڭ قول تەرەپتىكى ئىچكىرىكى ھويلىدىن پاكار بويلۇق، ئۇرۇق يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، قېلىن قارا قاشلىق، چېچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۆۋىدىن بوغۇپ ساڭگىلىتىپ قويغان تار، قىسقا شىم كىيگەن، ئۇستىدە خىتاي پاسونىدا تىك ياقلىق نېپىز كۆك كۆينەك، پۇتىدا بارماقلىق ئېلىۋالغان خەيمەن سۆرەتمە ئاياغ كىيگەن بىر ياش ئايال يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە بىزنى كۆرۈپ، ياخشىمۇ سىلەر؟ دەپ كۆرۈشۈپ، ئاندىن ئۇ خەنزۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىزنى ياتاقىقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن سول قول تەرەپتىكى ئىچكىرىكى ياتاق ھويلىسىغا ئېلىپ كىردى.

نېمە دېگەن ئىچكىرىمۇ ئىچكىرى ھويلىلار بۇ؟ دەپ ھەيران قالدۇق. ئىچكىرىكى ھويلىمۇ شۇنداق چوڭ ئىدى. بىزنى چوڭ زالدەك ئىككى قەۋەت تاختاي سوپىلىق بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇ ئۆيدە پەقەت دېرىزە تۈۋىدىلا ئىككى كىشىلىك بىر ئورۇن سىلىقلىق تۇراتتى. تۆت ئادەم كىرىپ بىزنىڭ بارلىق نەرسىلىرىمىزنى ئۇبىسكا قىلىپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. بىز ماھنۇردىن بۇ يەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى سوراشتۇرۇپ سۆزلىشىپ تۇراتتۇق، شۇ ئارىدا ياتاققا موللاشوف دۈيجاڭ كىرىپ كەلدى. مەن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دىڭگەككە يۆلىنىپ تۇراتتىم. موللاشوف «ھە گۈل سۆيۈن ماشىنا ئەۋەتىپمۇ ئالدۇرالمايدىغان قىزلار ئىدىڭلار، ئەمدى ئۆز ئايىغىڭلار بىلەن كەلدىڭلارمۇ، قانچە يىل؟» دەپ سورىدى.

ساجىدە ئىككى يىل دېگەندىن كېيىن، سۆيۈنگۈل سەنچۇ؟ دېدى. مەن ئۈچ يىل دەپ جاۋاب بەردىم. ئۈچ يىل دەپ تاڭلىيىنى چاكىلدىتىپ بېشىنى چايقىدى. سىلەر ئاتا ـ ئاناڭلارنى ئويلىمامسىلەر؟ سىلەرنىڭ دەردىڭلاردا ساراڭ بولاي دەپ قالدى، داداڭ كېسەل بولدى. ئۇلارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ دەپ كايىپلا كەتتى، مەن گەپ قىلماي تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. موللاشوف دۈيجاڭ سۆزلەپ ـ سۆزلەپ چىقىپ كەتتى. ئۇبىسكا قىلغۇچىلارمۇ تەكشۈرۈپ بولۇپ، چىقىپ كەتتى. شۇ ئارىدا چۈشلۈك تاماققا گۈدۈك چېلىندى، ئىشتىكىلەر قايتىپ كەلدى.

ئىشكتىن ئۇزۇن گۈللۈك كۆينەك ئۇستىدىن كۆك يېلىڭ چاپان ھەم ئۇزۇن قارا شالۋار، بېشىغا ئاق ياغلىق چەككەن، ئاق سېرىق، چېقىر كۆزلۈك، سېرىق چاچلىق، يۇملاق يۈزلۈك، ئىللىق چىراي، كۆرۈنۈشتە يېزا ئايالىنى ئەسلىتىدىغان بىر ياش ئايال كىرىپ

كەلدى. كۆلسە ئاغزىدىكى بىر تال ئالتۇن چىشى پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ماھىنۇر بىزگە بۇياق قۇمۇللۇق ھۇشۇر قاسساپنىڭ قىزى زورەم دەپ تونۇشتۇردى ۋە كېيىم ۋاقتى ئىككى يىللىق، دەپ ئۆزىنى دۆلەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ ئارتىسى بولۇپ ئىشلىگەن، ئۈچ يىللىق كەستى، دەپ تونۇشتۇردى. بىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېدۇق. ئىشقا چىقىش ئۈچۈن گۇدۇك چېلىندى. ھەممە كىشى ئىشقا ماڭدى، بىزنى يېرىم كۈن دەم ئالسۇن دەپ قالدۇرۇپ قويغان ئىدى. كەينىدىن ئىشقا چاقىرىپ كەلدى، ساجىدە بىلەن ئىككىمىز بىر زەمبىلنى كۆتۈرۈپ ئىشقا ماڭدۇق. تۆمۈرچىلىك سېخىنىڭ ئالدىنقى تەرەپتىكى ھويلىدا ئىشلىدۇق. بىزنىڭ ئىشقا چىقىشىمىز بىلەن پۈتۈن سېخلاردا بىزنىڭ تۈرمىدىن چىقىپ كەلگەنلىكىمىز ئاڭلىنىپ، ئادەملەر سېخنىڭ دېرىزە ئىشىكلىرىگە سىغماي، بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرسى يامىشىپ دېگەندەك قارىشاتتى. بىزنىڭ گۆڭگەنتىڭ تۈرمىسىدىن كەلگەن خەۋەرلىرىمىزنى بارلىق ماشىنا رېمونت زاۋۇتىدىكىلەر ئاڭلاپ خەۋەر تېپىپ، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ھەر تۈرلۈك ھېكايىلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ سۆزلىنىپ يۈرگەن ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىز ماشىنا رېمونت زاۋۇتى بويىچە ئالاھىدە بىر ئىش بولدى. ھەر سېختا نەچچە يۈزلىگەن ئادەم ئىشلەيدىغان بىر قانچە سېخلار بار، شۇنچە كۆپ ئادەم دېرىزە ئىشىكلىرىدىن بىزگە قارىشىپ ئادەمنى خىجالەت قىلاتتى. بىز قورۇنۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدۇق. بىر ئاز ئىشلىگەندىن كېيىن، موللاشوق دۇيجاڭ ساجىدەنى باشلاپ ئېلىپ كەتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن قايتىپ چىقتى، ئەھۋالغا قارىغاندا ئۇنى بىر باشتىن سوراق قىلىپ چىققان ئوخشايدۇ.

كۈن شۇنداق ئىسسىق ئىدى. خۇددى قۇياش نۇرلىرى پەقەت بىزگىلا چۈشۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى، بىز ئىشتىن چۈشۈپ، يۇيۇنۇپ تازىلانغاندىن كېيىن، تاختاي سوپىغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىگە بىر ياغلىقنى داستىخان قىلىپ يېيىپ تۆتىمىز ئاشخانىدىن ئېلىپ چىققان تاماقلىرىمىزنى قويۇپ تاماق يېيىشكە ئولتۇردۇق.

زورەم خىجالەت بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ــ سىلەر ئىشپىيون ئىكەنسىلەر، ئىشپىيونلارنى شۇنداق سەت، ئەسكى، ئادەم قورققۇدەك يامان ئادەملەر دېگەن ئىدى. سىلەر چىرايلىق ئىشپىيونلار ئىكەنسىلەرغۇ، دېدى.

بىز كۈلۈشتۇق.

– ياق بىز ئىشپىيون ئەمەس، بىز ئوقۇغۇچى، دەپ ئاددىي تىل بىلەن بىزنى مەكتەپتە تەشكىلاتقا قاتناشتى دېگەن سەۋەب بىلەن ئېلىپ كەلدى، دەپ چۈشەندۈردۇق، ئەمما ئۇ تازا چۈشىنىپمۇ كېتەلمىدى، ساجىدە ئۆزىدىن:

– زورەم سىزگە نېمە ئۈچۈن ئىككى يىل كەستى، دەپ سورىدى.

– زورەم قۇمۇل شەھىرىدىن ھۇشۇر قاسساپ دېگەن كىشىنىڭ قىزى بولۇپ، يانچۇقچىلىق قىلىدىغان ياشلارغا قوشۇلۇپ، شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بىز گۇرۇپپا بولۇپ، ئوغرىلىق قىلاتتۇق، تاپقان پۇلنى تەڭ يەيتتۇق. بىر كۈنى بىر مىڭدىن ئۈچ مىڭغىچە، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ جىق تاپىمىز. ئەمما بۇنداق يول بىلەن تاپقان پۇلنىڭ بەرىكىتى بولمايدىكەن، شۇنداق جىق پۇل تاپساقمۇ لېكىن بىر كۈنكى پۇل شۇ كۈنىگە ئاران يېتەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە بىزنىڭ كەينىمىزگە  چۈشتى. بىز بىر يەردە ھەم بىر شەھەردە مۇقىم تۇرمىدۇق. مېنىڭ ئاخىرقى قېتىم قىلغان ئوغرىلىقىم تۇلى شەھىرىدە بولدى. بۇ مېنىڭ يادىمدىن ھەرگىز چىقمايدۇ. بىز تۇلى شەھىرىنىڭ چوڭ ماگىزىنىغا كىرگەنتۇق. يېزىدىن كەلگەن قازاق بوۋاي بىر ياغلىق پۇلنى كۆتۈرۈپ ماگىزىنغا كىرىپ مال ئالماقچى بولغانتى، مەن ئۇ پۇلنى ئوغرىلاپ ئالدىم. ئۇ قازاق بوۋاي نەرسىلەرنى ئېلىپ بولۇپ پۇل تۆلىمەكچى بولغانتى، خۇرجۇندىكى بىر ياغلىق پۇل يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ بوۋاي «ئاقچام جوق، ئاقچام جوق» دەپ ۋارقىراپ خۇرجۇننى يەنە ئالدىراش ئاقتۇرۇپ چىقتى. ئەتراپتا چۆرگىلەپ يەرلەردىن ئىزدەپ كۆردى. «ئويباي جوق، ئويباي ئاقچام جوق، مەن بۇ پۇلنى ئۆمۈر بويى تىرىپ - تەپچىپ ئوغلۇمنى ئۆيلەيمەن دەپ يىغقان پۇلۇم ئىدى، كېلەر ھەپتە تويى بولماقچى ئىدى، ئەمدى قانداق قىلىمەن» دەپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى. بوۋاينىڭ كۆز ياشلىرى يۈزلىرىنى يۇيۇپ، ساقاللىرىنى بويلاپ يەرگە تاماتتى. ئەتراپتىكى كىشىلەر بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىپ ھېسداشلىق قىلىپ ئىزدەشكەن بولۇشۇپ، كۆڭلىنى ياساپ سۆزلەپ چىقىپ كېتەتتى. بوۋاي ھۆڭرەپ يىغلاپ قاغاپ كەتتى. ئۇ بوۋاينىڭ يىغىسىغا قاراپ ئۆزۈمنىڭ ئىچىم ئاغرىپ، كۆڭلۈم بىر قىسما يامان بولدى. پۇلنى ئاپىرىپ بېرەي دېسەم ساقچىغا تۇتۇپ بېرىدۇ، بەرمەي دېسەم ئۇ بوۋايغا ئىچىم ئاغرىپ بۇ پۇل كۆزۈمگە كۆرۈنمەي، يېنىمدا پۇل ئەمەس، ئوتنى تۇتقاندەك بولۇپ، ئازابلىنىپ شۇ ماگىزىندىن كېتەلمەي يېرىم  كۈن شۇ جايدا ئايلىنىپ يۈردۈم. يېنىمدىكىلەر يۈر ماڭمىز دەپ ئالدىرىتىدۇ. كەچ كىرگەندە مېھمان كۈتۈشكە باردۇق. ئۇ پۇل ئۈچ مىڭ سوم ئىكەن. شۇ كېچىسى مېھمانخانىدىن ھەممىمىزنى تۇتۇپ، يىغىۋېلىش دەپ بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. يېرىم كېچىدىن كېيىن، دېرىزىنى بۇزۇپ چېقىپ، تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ قاچتۇق، مەن تامدىن سەكرىگەندە تاختاي ئۈستىگە چۈشۈپ، تاختايدىكى مىخ پۇتۇمغا

كىرىپ ئۇستىدىن تېشىپ چىقتى، پۇتۇم تاختايغا مىخلىنىپ قالدى. باشقىلار تاختاينى تارتىپ يۇرۇپ ئاران دېگەندە مىخنى سۇغۇرۇپ ئالدى، پۇتۇمدىن چىققان قان ئاياق كىيىمنىڭ ئىچىگە توشۇپ، ماڭغان يولۇمدا ئىز بولۇپ قالدى، پۇتۇم ئىششىپ كېتىپ ماڭالماي ئاقساپ ماڭدىم.

بىز ئۇرۇمچى پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ خىتاي شەھەرلىرىگە كەتمەك ئۈچۈن بىلەت ئالماقچى بولغان يېرىمىزدىن بىزنى تۇتۇش ئۈچۈن كېلىپ تۇرغان ساقچىلار تۇتۇپ مېنى ئۇدۇل مۇشۇ جايغا ئېلىپ كەلدى. مېنى تۆتىنچى ئايدا كېسىپ ماتېرىياللىرىمنى هازىرلاپ تۈگىتالماي يۈرگەن ئىكەن. مانا شۇنداق قىلىپ كېلىپ قالدىم، دېدى.

ئۈچىمىز دىققەت بىلەن زورەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، تاماقنى يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇق.

مەن زورەم ئۇ پۇلنى كېيىن ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەردىڭلارمۇ؟ دەپ سورىدىم.

زورەم نەدىكىنى، ئۇ پۇل پويىز ئىستانسىسىغا كەلگۈچە تۆگەپ پويىز بىلەتلىك پۇل قالغان ئىدى. يەنە يوللاردا نۇرغۇن پۇل ئوغرىلاپ ئېلىپ كەلگەنتۇق، ئۇمۇ تۆگىدى، دېدى.

هەممىمىزنىڭ هېلىقى بوۋايغا ئىچىمىز ئاغرىدى.

زورەم شۇ بوۋاينىڭ قارغىشىغا كەتتۇق. ئۇ بوۋاي كۆڭلۈمدىن هەرگىز كەتمەيدۇ، دەپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى، تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ساجىدە ماهىنۇردىن:

ــ سىز شۇنداق يۇقىرى دۆلەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىدىن قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ دەپ سوراپ قالدى.

مەنمۇ بىلگۈم كېلىپ قىزىقىپ ماهىنۇرغا قارىدىم.

ماهىنۇر مەيۇس كۈلكىسىدە كۈلۈمسىرەپ دەيمۇ؟! دېمەيمۇ؟ دېگەندەك بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ سۆز باشلىدى:

ــ مەن مەركىزى «ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىدا» ناخشىچى بولۇپ هەم ئۇسسۇلمۇ ئوينايتتىم ۋە شۇ كەسىپ بىلەن ئىشلەپ كەلدىم. شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئۆمەك بىلەن دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىغا بېرىپ كەلدۇق، مەن ياخشى تونۇلۇپ كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئىدىم.

61 ـ يىلىدىكى دۆلەت بويىچە يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق ۋاقىتلىرىدا هەممە يەردە نەرسىلەر قىس بولغاندەك، بېيجىڭدىمۇ بۇ ئەهۋاللار يۈز بەردى. شۇ ۋاقىتدا بىزنىڭ ئۆمەكنىڭ ئەتىسى گۈلى دېگەن قىز پاكىستانلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، پاكىستان كونسۇلغىمۇ

كىرىپ، شۇ يەردىن يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ھەر تۈرلۈك نەرسلەرنى ئېلىپ چىقىپ يۈردى. شۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇ يىللاردىكى ئاچارچىلىق ۋاقتىدا بىز قىينالماي ياشىدۇق. 62 ـ يىللارغا كەلگەندە گۈلى ئارقىلىق پاكىستان كونسۇللىرى بىلەن مەنمۇ تونۇشۇپ قالدىم. بىز پاكىستان كونسۇللىرىغا تېز ـ تېز بارىدىغان بولدۇق. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىزنى كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپ پاكىستان كونسۇلىنىڭ ماشىنىسى ئىچىدە يېتىپ ئۈستىمىزگە بىر نەرسە يېپىپ، ماشىنا ئىچىدە بىزنىڭ بار ـ يوقلۇقىمىز بىلىنمەي كىرىپ چىقىپ يۈردۇق. كونسۇلخانىنىڭ ئىچىدە زىياپەت داستىخانلىرى ھەر تۈرلۈك ئىچىملىكلەر ۋە ھەر تۈرلۈك مۇزىكا ـ ناخشىلار، تاڭسىلار بىلەن ئويناپ، كۈلۈپ خۇش ۋاقىت ئۆتكۈزدۇق. بەزى كۈنلىرى كونسۇلخانىدا قونۇپ قالغان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولدى. 62 ـ يىلى ئاپرېلدا گۈلى بىر كۈنى ماڭىمۇ دېمەستىن شىنجاڭغا كېتىپ قالدى. كېيىن ئاڭلىسام گۈلىنىڭ بېرىشىغا غۇلجا چېگرا ۋەقەسىگە توغرا كېلىپ چېگرىدىن سوۋېتلار سايوزىغا ئۆتۈپ، بىر تاتار يىگىتى بىلەن توي قىلىپ تاتارىستانغا كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۆزۈم پاكىستان كونسۇلىغا بېرىپ ـ كېلىپ يۈردۈم، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ يۈرسەم كېيىن ماڭا بىللە ئىشلەيدىغان بىر خەنزۇ قىزى:

ـ يېقىندا سىنى قولغا ئالىدۇ، سېنىڭ كونسۇلغا كىرگەن يەردىكى رەسىملىرىڭنى تارتىپ ئالغان ئىكەن، بەلكى مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە سىنى قولغا ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن، دېگەندىن كېيىن، قاتتىق قورقتۇم. شۇ كۈنى يۈك ـ تاقلىرىمنى ئېلىپ ھېچكىمگە كۆرۈنمەي پويىز ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلدىم. «ئۇۋ» ئەمدى قۇتۇلدۇم، غۇلجىغا بېرىپ مەنمۇ بىر ئامال قىلىپ سوۋېتقا ئۆتۈپ كەتسەم، دېگەن ئۈمىد بىلەن پويىزدىن يۈك ـ تاقلىرىمنى كۆتۈرۈپ چۈشۈپ كېلىۋاتسام، ئالدىمغا شۇنداق چىرايلىق بىر ياش يىگىت پويىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

ـ ياخشىمۇسىز ماھىنۇر قىينالماي، سالامەت كەلدىڭىزمۇ؟ دەپ قولۇمدىكى يۈكلىرىمنى ئالدى، مەن ھەيران بولۇپ، بۇ ئادەم كىمدۇر؟ مەن كۆرگەن ئادەمدەك ئەمەسقۇ؟ دەپ سىز مېنى نەدىن تونۇيسىز، مېنىڭ كېلىدىغىنىمنى نەدىن بىلىسىز، دەپ سورىدىم.

ـ ئۇ يىگىت، مەن سىزنى ئۆزۈڭىزدىن تونۇيمەن. مەن سىزنى سەھنىدە كۆرۈپ سىزگە كۆيۈپ قالغان ئىدىم. ھەر ۋاقىت سىزنى ئويلاپ، سىزنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇراتتىم. يېقىندا سىز بىلەن سۆزلەشسەم دەپ سىزنىڭ ئۆمەككە تېلېفون بەرسەم، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار سىزنى شىنجاڭغا مېڭىپ كەتتى دېگەندىن كېيىن، خىتايدىن كېلىدىغان پويىزلاردىن سىزنى كۈتۈپ يۈردۈم، مانا بۈگۈن سىزگە ئۇچراشتىم. ياخشى ئىش بولدى، دەپ شۇنداق

خۇشال، سەمىمىي ۋە ھەقىقىي كۆڭلى بىلەن ياراتقانلىقى يۈزىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن بۇرۇن سەھنىدە ناخشا ئېيتىۋاتقاندا مېنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ، مېنى ئىزدەپ كەلگۈچىلەرمۇ بولغان ئىدى. مەنمۇ بۇ ئادەمنى شۇنداق يۈرگەن ئادەمدۇ دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن يۈك ـ تاقلىرىمنى ماشىنىغا سېلىپ مېنى ئاجايىپ كاتتا «چەتەل مېھمانخانا» غا ئېلىپ باردى، شۇنداق ياخشى كۈتۈپ ئېلىش بىلەن شۇ مېھمانخانىدا تۇردۇم. لېكىن مېھمانخانىدىن سىرتقا چىقاي دېسەم كۈتكۈچىلەر ۋە ئىشىكتە كۆزەت قىلىدىغان ئادەملەر ماڭا «سىزنى كەتمەي مېنى كۈتۈپ تۇرسۇن، مەن بېرىپ بىللە بازارغا چىقىمىز» دېدى، دەپ مېنى ياناققا قايتۇردى. كەچ كىرگەندە كۈتكۈچىلەر كىرىپ ئۇ ئادەمدىن تېلېفون كەلدى، «بۈگۈن ئۇ ئادەمنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش بولۇپ كېلەلمەيتۇ، ئەتە سائەت ئونلاردا تەييار بولۇپ تۇرسۇن مەن بارىمەن» دەپ تېلېفون بەردى، دەپ كىرىپ ئېيتىپ قويۇپ كەتتى. شۇنداق سۆزلەر بىلەن كېلىپ مېھمانخانىدىن چىقالماي ئولتۇرۇپ قالدىم.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۆيگە قارايدىغان ئايال كىرىپ سىزنى «نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تۇرسۇن، بۈنىڭدىنمۇ ياخشى جايغا ئېلىپ بارىمەن» دېدى، دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

مەن پۈتۈن نەرسىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ياخشى يەرگە ئاپارسا دەپ يۈز ـ كۆزلىرىمگە سەھنىگە چىقىدىغاندەك تولۇق گىرىم قىلىپ ياساندىم. قۇلىقىمغا مۇرەمگە چۈشۈپ تۇرىدىغان يوغان ھالقا، بوينۇمغا نەچچە قۇر مارجان ۋە بويۇنچاق زەنجىرلەرنى قورسىقىمغا چۈشكۈدەك ئۇزۇن ـ قىسقا قىلىپ تاقىدىم. چېچىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يوغان لېنتىلار بىلەن باغلاپ، ئازراق چېچىمنى سۇغۇرۇپ چىقىپ يۈزۈمگە ۋە پېشانەمگە چۈشۈرۈپ ياساندىم، پۇتۇمغا ئىنچىكە ئېگىز پاشنىلىق ئاياق كىيدىم، تار، قىسقا قارا يوپكا، تار قىزىل يەڭسىز كوپتا كىيىپ ياسىنىپ ئولتۇردۇم، دېگەندەك ئۇ ئادەم سائەت ئون ئىككىلەر بىلەن يېتىپ كەلدى. شۇنداق مۇھەببەتلىك ۋە شۇنداق چىرايلىق كۆرۈشتى ۋە ئالدىراش خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كېلەلمىدىم، دەپ كەچۈرۈم سورىدى ھەم مېنى بۈنىڭدىنمۇ ياخشى يەرگە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەنمۇ خۇشال بولدۇم.

بىز كەتتۇق، خېلى ماڭغاندىن كېيىن ماشىنا بىر چوڭ ھويلىغا كېلىپ كىردى. مەن ئۇ ئادەمدىن:

ــ بۇ قەيەر دەپ سورىدىم. ئۇ ئادەم:

ــ مەن ئېيتقان يەر مۇشۇ، دېدى.

مەن ئەجەبلەندىم، مېھمانخانىدىنمۇ چىرايلىق يەرگە ئاپىرىمەن، دېگەن ئىدى. بۇ يەر مېنىڭ كۆڭلۈمگە كۆڭۈلسىزلىكلەر كەلتۈرۈپ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئادەم مەن ھازىر ئىشخانىغا كىرىپ پۇل تۆلەپ چىقىمەن، دەپ كىرىپ كەتتى. ماشىنىغا باشقا بىر ئادەم كىرىپ ئولتۇردى. مەن بۇ ئىشلارغا ھەيران بولدۇم. ماشىنا ئىچكىرىمۇ ئىچكىرى ھويلىلارغا كىرىپ باراتتى. ئەتراپقا قاراپ كۆڭلۈم بىر ئەسكى بولدى. بۇ قەيەر؟ مەن چۈشىنىپ يەتكۈچە ماشىنا كېلىپ توختىدى. ماشىنىغا كېيىن كىرىپ ئولتۇرغان ئادەم ماڭا:

ــ ماشىنىدىن چۈشۈڭ، دېدى.

مەن ئىشكنى ئېچىپ ماشىنىدىن چۈشمەكچى بولۇپ، پۇتۇمنى ماشىنىنىڭ ئىشكىدىن چىقارغاندا تار يوپكام تارتىشىپ يوغان يوتامغىچە كۆرۈنۈپ ئاران چۈشتۈم. ئەتراپقا قارىسام دىققەت بىلەن ماڭا قاراپ تىزىلىپ تۇرغان بىر قانچە يۈز ئەرگە كۆزۈم چۈشتى. خۇددى ئۇلار مېنى قارشى ئېلىپ تۇرغاندەك كۆرۈندى. مەن ئويلىدىم، بۇلار مېنى قارشى ئېلىپ تۇرغان ئادەملەرمۇ، نېمە؟! بۇلار نېمە ئادەملەر؟ مەن نەگە كېلىپ قالدىم؟

مېنى نېمشقا قارشى ئالسۇن؟ دەپ ھەر تۈرلۈك ئويلار مېڭەمدىن بىر سېكۇنت ئىچىدە كېچىپ ئۆتتى.

ئۇلار مېنى كۆرۈش بىلەن پۈتۈن ئەرلەردىن ھۇ، ھۇ، ھۇ دەپ گۈرۈلدىگەن ئاۋاز چىقتى. ئارىسىدىن بىر قانچىلىرى ئىسقىرتىپمۇ ئالدى.

ئوھۇ ئارتىس كەلدى، ئاتاقلىق ئارتىس كەلدى، دېگەنگە ئوخشاش ئەرلەر ئىچىدە تۈرلۈك ـ تۈرلۈك سۆزلەر ۋە شاخولار باشلاندى.

مەن ئۆزۈمنى بار ـ يوقنىڭ ئارىسىدا قېتىپ قالدىم، بۇلار ماشىنا رېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشىغا چىقىش ئۈچۈن تىزىلىپ تۇرغان ئەرلەر ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدىم.

مېنىڭ بۇ دۇنيادا يوق بولۇپ قېتىپ تۇرغان يېرىمدىن ھېلىقى دەرۋازا تۈۋىدە ماشىنىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئادەم:

ــ ماھىنۇر بۇ ياققا مېڭىڭ، دەپ يېنىمغا كېلىپ سۆزلىگەندە ئاندىن ئاڭلىدىم.

بىر قانچە كىشى كېلىپ مېنىڭ ماشىنىدىن يۈكلىرىمنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ھويلىغا ئېلىپ كىرىپ كەتكەندە، مەن ئۆزۈمنىڭ قاتتىق ئالدانغانلىقىمنى ئەمدى سەزدىم.

مېنىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن باشلاپ ماڭدى. ياتاققا كىرگەندىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ،

ئۈچ يىل كېيىنكىسىنى دېدى. ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم. شۇنداق يىغلاپتىمەن. ھېچكىم مېنى بەزلىيەلمىدى. كادىرلارمۇ كىرىپ سۆزلەپ كۆردى. بىر كېچە ئۇخلىماي يىغلاپتىمەن، شۇ كۈندىن باشلاپ دۇنيادا ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەستەك بىلىندى. پۈتۈن كىيىملىرىمنى، زىننەت بۇيۇملىرىمنى، يىغىشتۇرۇپ ساندۇققا سالدىم. ھەتتا يوتقان تاش، ياستۇق قاپ ۋە گىرىم ئەسۋابلىرىمنى ھەممىنى يىغىشتۇرىۋەتتىم. ماڭا ھايات تۈگىگەندەك، بارلىق نەرسە مەن ئۈچۈن يوق بولغاندەك تۇيۇلدى. مانا ئۈستۈمدىكى ئەمگەك كىيىمىم بىلەن يوتقاننىڭ تور پاختىسىلا قالدى. شۇنداق كۆڭلۈم سۇۋۇدى، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. مەن سىلەرنى كۆرۈپ دوستلىرىم، تۇغقانلىرىم كەلگەندەك بولدى، دېدى.

مەن ماھىنۇرغا قاراپ:

ــ ماھىنۇر بۇ ھايات، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولىدۇ، يامان كۈننىڭ ياخشىسى دېگەندەك، بۇنىڭ بىلەن ھەممە نەرسە تۈگەپ كەتمەيدۇ. بىزنىڭ مۇشۇ يەردىكى ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمىزمۇ بىزنىڭ ھاياتىمىز. ھەر بىر كۈن بوشقا ئۆتمەيدۇ، ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىز، ئىنساننىڭ بېشىغا نېمىلەر كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر نەرسىنى سەۋرلىك ۋە چىداملىق بىلەن روھىمىزنى چۈشۈرمەي يېڭىپ چىقىشىمىز كېرەك. ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەلكى ئالدىمىزدا ياخشى كۈنلەرمۇ باردۇ. روھىڭىزنى ھەرگىز چۈشۈرمەڭ، مۇشۇ ئولتۇرغان بارلىقىمىز بىر ـ بىرىمىزگە ئەڭ يېقىن ئادەم ھەم دوستلار ھەم تۇغقانلارمىز، دېدىم.

ساجىدە مېنىڭ سۆزۈمنى قۇۋۋەتلەپ:

ــ راست ماھىنۇر، ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ. بىزنىڭ بۇ يەردە بىر ـ بىرىمىزدىن باشقا بىز بىلەن بىللە ياشايدىغان ۋە بىزگە ياردەم قىلىدىغان ھەم ھالىمىزنى بىلىدىغان ھېچكىمىمىز يوق. ھازىر بىز بىر ـ بىرىمىزگە ئەڭ يېقىن ئادەم بولالايمىز، دېدى.

ماھىنۇر خۇشاللىقىدىن كۆزىگە ياش ئېلىپ:

ــ ۋاي جېنىم دوستلىرىم، مېنىڭ بەختىمگە خۇدايىم سىلەرنى يولۇقتۇردى، دەپ ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى، زورەممۇ ماھىنۇرغا قاراپ يىغىسنى تۇتالماي ۋە نېمە دېيىشنى بىلمەي:

ــ ھەجەپ ياخشى قىزلار ئىكەنسىلەر، بىز ئەمدى ئايرىلماس دوست بولايلى، دەپ

يېغى ئاربلاش كۆلۈپ بىزگە قارىدى.

بىز ئۇزۇن ۋاقىت پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ساجىدە ئىككىمىز يېتىش ئالدىدا تالاغا چىقىپ تەبىئەتكە قاراپ يەنە بىر ئاز پاراڭلىشىپ قالدۇق.

بۇلۇتسىز سۈپ ـ سۈزۈك ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ پارقىراشلىرى ۋە ئاينىڭ نۇرى شۇنداق چىرايلىق، پۈتۈن ئەتراپنى يورۇتۇپ، تەبىئەتنى كۆڭۈللۈك قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى ھەم يېقىملىق ساپ ھاۋا ئادەم كۆڭلىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

ئوف تەبىئەت نېمە دېگەن گۈزەل، بىر ئاز ئولتۇرايلىچۇ، دەپ بىر سائەتتەك ئولتۇرۇپ، ئاندىن كىرىپ ياتتۇق، بىزنىڭ ئەمگەك بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز مانا شۇنىڭدىن باشلاندى.

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ،

كۆرمىگەننى كۆرەرسەن ئۆلمىگىنىڭ.

دەپ ئېيتقاندەك تېخى ئالدىمىزدا قانداق كۈنلەر باردۇر.

# ئابلىز بىلەن زۇنۇننىڭ قولغا ئېلىنىشى

63 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شەنبە

ئەتىگەن ئىشقا چىقىشىم بىلەن پۈت ـ قوللىرىمنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن يەرلىرى ئوت باسقاندەك ۋىژىلداپ ئېچىشاتتى. ئاغرىغىنىغا چىدىماستىن بىر يەردە تۇرالماي تېپىرلاپ كەتتىم. ھاۋامۇ قېرىشقاندەك قىزدۇرۇپ ئادەمنى بىئارام قىلاتتى.

بىر ئاز ئىشلىگەندىن كېيىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن سېخلار ئارىسىغا سېلىنغان سۇخانىغا كىردىم. كۇرۇشكىغا سۇ قۇيۇپ ئەمدى ئىچەي دەپ قولۇمغا ئېلىشىم بىلەن، سۇخانىنىڭ كەينىدىكى سېختىن يىگىرمە نەچچە ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك ياش بىر بالا كىرىپ كەلدى.

ـ سۆيۈنگۈل قانداق ئەھۋالىڭىز؟ سالامەت تۇرامسىز؟ قىيىنچىلىقىڭلار بارمۇ؟ دەپ خۇددى كونا تونۇشلاردەك ھال سوراپ كەتتى.

ھەيران بولۇپ، «مەن بۇ ئادەمنى كۆرگەنمۇ» دەپ قاراپ ئويلانساممۇ لېكىن ھېچ كۆرگىنىم يادىمدا يوق. سالامنى ئېلىپ قولۇمدىكى كۇرۇشكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ

كەتمەكچى بولغان ئىدىم.

ــ سۆيۈنگۈل توختاك! مەن سىز بىلەن كۆرۈشەي دەپ كىرگەن ئىدىم. مەن ئابلىز سەۋردىن بىلەن بىر كامىردا بولدۇم، ئېتىم تۇرسۇن، بۇرۇن ماشىنا كالونىدا شوپۇر بولۇپ ئىشلەيتتىم. بۇ جەرياندا ماشىنىنىڭ چاقىدىن 10 دانىسىنى ساتقانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئون يىل كېسىپ بۇ يەرگە چىققىلى ئىككى ھەپتە بولدى. مەن سىزنى ئاپتاپقا چىققاندا كۆرگەن ھەم ئابلىز سىزنىڭ سۆزىڭىزنى كۆپ قىلىپ بەرگەن، مەن سىزنى شۇنىڭدىن ياخشى تونۇيمەن دېدى.

مەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن توختاپ كونا تونۇشلارنى كۆرگەندەك تۇرسۇن بىلەن سۆزلىشىپ كەتتۇق. ئابلىزغا سىلەرنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭلاردىن خەۋەر يەتكۈزدۇق دەپ سۆزىنى تۈگەتمەستىن كەينىدىكى سېختىن ئالتە ئادەم كىرىپ كەلدى ھەم بىز تەرەپتىن ئىككى ئادەم كىردى، بۇلارنى كۆرۈپ مەن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدىم. بۇ كىرگەن ئادەملەر مېنىڭ بۇ يەرگە كىرگەنلىكىمنى بىلىپ مەن بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ كىرگەن ئىكەن. ئۇلار سالاملىشىپ «ئۇكام قانداق ئۆگىنىپ قالدىڭلارمۇ؟ قىينىچىلىقىڭلار بارمۇ؟ بىز قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمىز، سېختىكى پۈتۈن يولداشلىرىمىز سىلەرگە سالام ئېيتتى» دەپ تۇرۇشىغا تالادىن ھادى ئاكا: «ھاي نېمە قىلىۋاتىسىلەر» دەپ توۋلاپ كىرگەن ئىدى، ھېلىقى كىشىلەر دەرھال چىقىپ ئۈلگۈردى. ھادى ئاكا ماڭا: «بۇندىن كېيىن سۇخانىغا كىرمەيسىلەر، سۇنى بىز ئېلىپ چىقىپ بېرىمىز، ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن ھېچ يەرگە بارمايسىلەر» دەپ مېنى باشلاپ ئېلىپ چىقتى.

تەشكىل ساجىدە بىلەن ئىككىمىزگە مەخسۇس كۆزەتچى قويغاندەك، بىزنىڭ ھەر بىر قەدىمىمىزنى پايلاپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردىكى ئادەملەر ھادى ئاكىنى قايمۇقتۇرۇپ، كېلىپ بىزدىن  ھال سوراپ خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى ۋە بەزىدە قويۇپ قويغان نەرسىلىرىمىزنىڭ ئارىسىغا سوپۇن، لۆڭگە، پەلەي، چىش پاستىسى، ئاشلىق بىلەت قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ قوياتتى. بۇ ئىشلاردىن ساجىدە ئىككىمىز، ئەگەر تەشكىل بىلىپ قالسا بىزگە ھەم ئۇلارغىمۇ ياخشى ئىش بولمايدۇ. بىرەر ئىش تېپىپ بەرمىسەكلا بولاتتى، دەپ قورقاتتۇق.

ھادى ئاكا مېنىڭ پۇت ـ قوللىرىمنىڭ كۆيۈپ سۇ قاپىرىپ چىققىنىنى كۆرۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇپ، ساجىدەنىمۇ «سىزمۇ بىللە بېرىڭ» دەپ ئېلىپ ماڭدى. ساجىدە ئاستا پىچىرلاپ «مېنى قالدۇرۇشقا قورقۇپ بىكاردىن مېنى ئېلىپ ماڭدى» دەپ كۈلدى.

دوختۇر: ھەي ئوقۇغۇچى ئاق بىلەكلەر، ئاپتاپنى كۆرمەي كۆيدۈڭلارمۇ؟ دەپ دورا بەردى.

ئۇ دوختۇرمۇ قولغا ئېلىنىپ كىرگەن جىنايەتچى خەنزۇ ئىكەن.

دوختۇر بەرگەن ياغنى سۈرتكەن ئىدىم، ياغدىن كۆن نۇرى ياخشى ئۆتىدىكەن. تېخىمۇ يامان كۆيدۈرۈپ ۋىژىلداپ ئېچىشىپ، پۇت - قوللىرىم ئالىقانىدەك، ئالىقانىدەك بولۇپ سۇ كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئىشتىن چۈشۈپ كەچلىك تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق، تالادىن موللاشوف دۈيجاڭنىڭ:

دوختۇرلار كەلدى، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىن دوختۇر كەلدى. چوڭ دوختۇرلار كەلدى، دەپ بازارغا مال سالغاندەك توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. موللاشوف دۈيجاڭ بىزگە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن توۋلاپ كېلىۋاتاتتى.

ساجىدە ئىككىمىز ھوي بۇ نېمە سۆز، دەپ تاختاي سوپىنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئىشىككە يۈگۈرۈپ كەلدۇق. ئىشىك ئالدىدا يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ زۇنۇن بىلەن ئابلىز سەيدىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئىككىمىز قېتىپ قالدۇق.

سىلەر نېمىشقا كەلدىڭلار؟ بۇ يېشىڭلاردا نېمە بار ئىدى؟ دەپ ئىككىمىز ئېچىنىپ كەتتۇق. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ ياخشىمۇ سىز، ئاپپايلار؟ دەپ كۆرۈشتى.

بۇلار بىزنىڭ مەكتەپنىڭ تۆۋەنكى قارارىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئەمدى 17 - 18 - ياشلاردىكى بالىلار ئىدى. بىز ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدۇق.

موللاشوف دۈيجاڭ «سىلەرنى سېغىنىپ سىلەرگە ھېسداشلىق قىلىپ كەلدى، تىنچ ئوقۇشۇڭلارنى ئوقۇساڭلار، سىلەرگە مۇشۇ كۆن يوق ئەمەسمۇ» دەپ بېشىنى چايقاپ، ئۆزىنىڭ ئېچىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇ ئىككىسىنى ئەرلەر ياتىقىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. بىزگە ئەرلەر ياتىقىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغان بولغاچقا، بىز ياتاقنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قالدۇق.

# 14 - ئېيۇل يەكشەنبە

ئەتىگەن تالادا يۈز يۇيۇپ تۇراتتۇق، ئەرلەر ياتىقىدىن سەلەي ئاكا چىقىپ بىزگە:

بۇ باللار سىلەرنى تونۇيدىكەن، ئابلىز ئاخۇن كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. ئاپام

ئاڭلىسا قانداق قىلار، دەپ بىر كىچە يىغلاپ چىقتى. ھېلى ھەم يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. زۇنۇن ئاخۇنمۇ بەك كۆڭۈلسىز، ئۇلار ئۇخلىيالمىدى. سىلەر كىرىپ بەزلەپ بىر گەپ قىلىپ قويساڭلار، ئىچىمنى بەكلا ئېزىۋەتتى. ئۇلارغا قاراپ مەنمۇ يىغلاپ كەتتىم. زادى ئۇخلىيالمىدىم، بىزنىڭ بالىلىرىمىزدەك كىچىك بالىلار ئىكەن. سىلەر خۇيمۇ ئوبدان بالىلار ئىكەنسىلەر، ھەجەپ كېلىپ قاپسىلەر بۇ يەرگە، بەكمۇ ئىچىمىز ئاغرىيدۇ، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

ماقۇل سەلەي ئاكا، دەپ ئىككىمىز يۈزىمىزنى لۆڭگىدە ئېرتىپ بولۇپ، ئەرلەر ياتىقىغا كىردۇق. بۇ يەردىكى ئەرلەرنى بىر ئاي بۇرۇن شىيگوبىدىكى ئۈستەڭنى ياساش ئۈچۈن ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. ياتاقتا پەقەت ياشقا چوڭ، ئاغرىقچان ئىككى بوۋاي قېلىپ، پۈتۈن ئەرلەر ياتىقى بوشاپ قالغان ئىكەن. بىز تۇرغان ياتاقمۇ شۇ ئەرلەر ياتىقى ئىكەن.

ياتاققا كىرسەك تاختاي سوپىنىڭ ئۈستىدە ئابلىز بىلەن زۇنۇن شۇنداق كۆڭۈلسىز، ئابلىزنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، روھى كەيپىياتى بەكمۇ چۈشكۈن ئىدى. بىزنى كۆرۈپ ئابلىزنىڭ كۆزىگە يەنە ياش يۈگۈرۈشكە باشلىدى. بىز ئۇلاردىن:

ــ قانداق ئەھۋالىڭلار، ياخشى تۇردۇڭلارمۇ؟ دەپ ھال سورىغان ئىدۇق. ئابلىزنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈپ كەتتى، زۇنۇن كۆزىگە ياش ئالدى. ساجىدە ئىككىمىز ئۇلارنى بەزلەش ئۈچۈن كۆلۈپ تۇرۇپ: ۋاي نېمە بولدۇڭلار؟ نېمىشقا كۆڭۈلسىز ئولتۇرىسىلەر، يېلى چىققان بالوندەك (شاردەك) ئۆزۈڭلارنى تاشلىۋەتمەڭلار، سىلەر خەلقنىڭ ئەزىز ئوغلانلىرى، روھىڭلارنى ھەرگىز چۈشۈرمەڭلار، دەسلەپ كەلگەندە ئادەممۇ شۇنداق كۆڭۈلسىزلىك بولىدۇ، ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ۋىجدان ئازابلانغۇدەك، پۇشايمان قىلغۇدەك ھېچ ئىشىمىز يوق. سىلەر تېخى ياش، ئۆمۈر ئۇزۇن، ئالدىمىزغا ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار دۇچ كېلىشى مۇمكىن، ئۇلارنى يەڭگۈدەك روھ ۋە كۈچ بولۇش كېرەك. روھىڭلارنى ئاشۇرۇۋەتمەستىن ئويناپ ـ كۈلۈپ ياشاشقا تىرىشىڭلار! شۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق قىيىنچىلىق بىزنى يېڭەلمەيدۇ، دېدۇق.

ئۇلارمۇ ئۆزىنى تۇختىتىپ:

ــ راست دەيسىلەر، سىلەر ئۆز ھەدىلىرىمىزگە ئوخشاش ھەدىمىز سىلەر، دەپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

ئابلىز سەيدى ئىككى يىل، زۇنۇن ئۈچ يىل كېسىلىپ كېلىپتۇ. بىز ئۇلاردىن نېمە

سەۋەب بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىدۇق. ئابلىز:

– مەن دوسكىغا بىر ئورۇق ئۇستىخانلىرى چىقىپ تۇرغان كالا بويىنىنى ئۇزۇن قىلىپ سوزۇپ شۇنداق چىرايلىق باغۇ - بوستانلىق يەرنى يېمەكچى بولۇپ تۇرغىنىنى سىزىپ، كالىنى ماۋجۇشى، بوستانلىق يەرنى شىنجاڭ، دەپ يېزىپ قويغان ئىدىم.

ئۇزۇن ۋاقىت كۆرەش قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە راست - يالغىنى قوشۇلۇپ ئۇ بىر ئارخىپقا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى يىل كەستى. سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىن تازىلاش، ئۆگىنىش ئېلىپ باردى. مەكتەپ مۇدىرى باۋدۇن دۈيجاڭنى قالدۇرۇپ، ئورنىغا سەيپىدىن جۇشىنىڭ ئايالى ئايىم ئەزىزى مەكتەپ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلەندى. سىلەرنىڭ قاراردىن بىر قانچە ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتىن ھەيدىدى، دەپ مەكتەپ خەۋەرلىرىنى سۆزلىدى.

زۇنۇن بولسا خۇرشۇپىنىڭ ماۋجۇشى بىلەن چۈشكەن رەسىمنى ئېلىپ ماۋجۇشىنى كېسىپ تاشلاپ، خۇرشۇپىنىڭ رەسىمنى تامغا تاقاپ قويغىنىم ئۈچۈن مېنى ھەم ئابلىزغا ئوخشاش ئۈچ ئاي كۆرەش قىلىش جەريانىدا راست - يالغىنى قوشۇلۇپ ئۈچ يىللىق كەسكۈدەك جىنايى ماتېرىيال توپلاندى، دېدى. ساجى ئىككىمىز سىلەرگە بەكمۇ ئۇۋال قىلىپتۇ، شۇ كىچىك نەرسە ئۈچۈن قولغا ئالدىمۇ؟ دەپ ھەيران بولدۇق.

زۇنۇن «بىرنى قۇربان بېرىپ مىڭنى تەربىيىلەش» دېگەن سىياسەت بار، ئابلىز بىلەن ئىككىمىز باشقىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن بېرىلگەن قۇربان بولدۇق دېدى.

بىز ئۇلار بىلەن كۆپ سۆزلەشتۇق. ئابلىز: ئاپامنى ئويلىسام ئىچىمدە بىر يېرىم ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆڭلۈم ئەسكى بولۇپ كېتىدۇ. بىچارە ئاپام ئاڭلىسا قانداق قىلار، يالغۇز ئوغۇل، دەپ مېنى باشقىچە ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ماڭا چىدارمۇ! ئاغرىپ قالارمىكىن دەپ قورقىمەن، دەپ يەنە كۆزىگە ياش ئالدى.

ساجىدە: «ئابلىز ھەممىمىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز بار، ئۇلارغىمۇ قىيىن، قانداق قىلىمىز، سەۋر قىلايلى، ئۇلارمۇ ئەمدى سەۋر قىلار، بىز قىز بالا، بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز تېخىمۇ غەم قىلىدۇ» دېدى.

مەن: «بولدى، ئەمدى ھەممە ئىشقا چىداپ سەۋر قىلىپ يېڭىشىمىز كېرەك، تۇرۇڭلار، تالاغا چىقىپ ئەتراپقا قاراپ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىڭلار، بۇ تۇرمۇشقىمۇ ئۆگىنىش كېرەك» دېدىم.

# 17 - ئىيۇل چارشەنبە (تېپىلمىغان خەت)

پۈتۈمدىكى سۇ قاپارغان يەرلەر كۆنىنىڭ قايتا - قايتا كۆيدۈرۈشى، چاڭ - توپا قونۇشى بىلەن بۇزۇلۇپ، سۇ چىقىپ تېخىمۇ يامان بوپكەتتى. ئىشقا ئاران مېڭىپ چىقتىم. ھادى ئاكىغا دوختۇرغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ رۇخسەت سورىدىم. ئۇ ئادەم ئۆز ئورنىغا ئىككىنچى بىر ئادەمنى قويۇپ دوختۇرغا مېنىڭ بىلەن بىللە ساجىدەنىمۇ ئېلىپ ماڭدى. بىز سېخلارنىڭ ئالدىنقى ئىشىكىكە كەلگەندە، ئىشىكتىن ھېلىقى ئابلىزنىڭ يېنىدىن كەلگەن تۇرسۇن بىلەن يەنە بىر ياش بالا بىللە چىقىپ سالاملىشىپ:

- ۋاي ھادى ئاكا قانداق ئەھۋالىڭىز؟ سالامەت تۇرامسىز؟ دەپ ھادى ئاكىنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ ئالدى. تۇرسۇن بىلەن بىللە چىققان ئادەم ساجىدەنى گەپكە سېلىپ بىزدىن ئىككى قەدەم كەينىدە قېلىپ ماڭدى. تۇرسۇن ھادى ئاكا بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىۋېتىپ بىر پارچە خەتنى ساجىدەنىڭ ئالدىغا تاشلىۋېتىپ قولى بىلەن «تېز ئال!» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. ساجىدەمۇ ھودۇقۇپ بىرسى كۆرۈپ قالمىسا ئىكەن دەپ ئالدىراپ خەتنى ئالدى. مەن بىلمىگەنگە سېلىپ ئۇلار بىلەن قاتارلىشىپ ماڭدىم. ئالدىنقى تەرەپ سېختىكىلەر ئىشىك - دېرىزىلەرگە يامىشىپ بىزگە قاراپ بىر - بىرسىگە ئاشۇ ئىككىسى شۇ، دەپ تونۇشتۇراتتى. سىخنىڭ ئىچىدىن: ھاي نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ بۇ ياققا ئۆتۈڭلار، ئىشلەڭلار! دەپ ئادەملەرنى ئىشقا ھەيدەيتتى.

ھادى ئاكا چاپسان مېڭىڭلار! دەپ بىزنى ئالدىرىتىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كىردى.

دوختۇرنىڭ بۇگۈن بەرگەن دورىسى خېلى پايدا قىلدى، جېنىم ئارام تاپقاندەك بوپقالدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ساجىدە ئىككىمىز ئۇ خەتنى خالىي جايدا ئوقۇپ چىقتۇق. خەتنى ماڭا قارىتىپ يازغان ئىكەن. ئۇنىڭدا ئابلىز سەۋرىدىن بىلەن خەۋەرلىشىش يوللىرىنى ئېيتقان، ئەگەر بىز خەت يازساق تۇرسۇننىڭ ئاپىسى زەينەپخاننىڭ ئادرېسىغا سالىدىكەنمىز، ئاندىن شۇ ئايال ئارقىلىق گۈڭخەنتىنىڭ تۈرمىسىگە يەتكۈزۈپ، شۇ ئارقىلىق ئابلىزلارغا تاپشۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن ھەم ئۇلارغا بىزنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىمىز توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزگەنلىكى توغرىسىدا يېزىپتۇ. ئىككىمىز بۇ خەتنى ئوقۇپ چىقىپ ئابلىزغا خەت يېزىشنى ئويلاندۇق ۋە ئادرېسلارنى يوقىتىپ ئالمايلى! دەپ خەتنى ساندۇققا سېلىپ ئاغزىنى قۇلۇپلاپ قويۇپ، ئىشقا چىقىپ كەتتۇق.

ئىشقا ئەمدى چۈشۈپ ئىشلەۋاتاتتۇق. موللاشوف دۈيجاڭ ئىشىككە كېلىپ مېنى چاقىردى. ساجىدە، زۇنۇن، ئابلىزلار ماڭا قاراپ قالدى. مەنمۇ يەنە نېمە ئىش دەپ ھەيران بولۇپ، ئىشخانىغا قاراپ كەتتىم.

ئىشخانىدا موللاشوف دۈيجاڭ يەنە ئىككى ئادەم ئولتۇرۇپتۇ. مەن كۆرسەتكەن يەرگە بېرىپ ئولتۇردۇم.

موللاشوف دۈيجاڭ قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا:

ــ تۇرسۇن ساڭا نېمە خەت بەردى، ئۇ خەت قېنى؟

ــ مەن قانداق خەتنى دەيسىز؟ مەن ھېچ قانداق خەتنى كۆرمىدىم، دېدىم.

ــ سەن يالغان سۆزلىمە، ھادى سەن بىلەن ساجىدەنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىپ بارغاندا ئالدىنقى تەرەپتىكى سېختىن تۇرسۇن بىلەن ئەركىن چىقىپ ھادى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇپ ساجىدەگە ساڭا يازغان خەتنى تاشلاپ بەرگەن، ساجىدە يەردىن ئېلىشىپ ئېلىپ ساڭا بەرگەن شۇنداقمۇ؟ دەپ موللاشوف دۈيجاڭ كۆزۈمگە قاراپ:

ــ ئەمدى تېنىپ كېتەلمەيسەن، دېدى.

مەن يەنە ئۆزۈمنى خاتىرجەم تۇتۇپ:

ــ ئۇنداق نەرسىدىن خەۋىرىم يوق، ساجىدە ماڭا خەت توغرىسىدا بىر نەرسە دېمىدى. مەن كۆرمىدىم، دەپ شۇ بىر سۆزدە تۇردۇم. ئۇياق ـ بۇياقتىن قىستاپ سوراپ ھېچ نەرسە ئۇندۇرەلمىگەندىن كېيىن بولىدۇ، سەن چىقىپ تۇر، سەن دېمىگەن بىلەن ساجىدە ئېيتىپ بەرسە قانداق قىلىسەن، دېدى. مۇمكىن ئەمەس، ئۇ يوق نەرسە، دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئىشخانىدىن چىقتۇق. سېخ ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە موللاشوف دۈيجاڭ «ساجىدە» دەپ توۋلىدى، ساجىدە قولىدىكى زەمبىلنى يەرگە قويۇپ، ھەيران بولغان ھالدا بىر ماڭا بىر موللاشوف دۈيجاڭغا قاراپ كېلەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىشارەت بارمىقىم بىلەن ئاغزىمنى بېسىپ «دېمە» دېگەن ئىشارەت بىلدۈردۇم. بۇنى بايقاپ قالغان ئابلىز: «موللاشوف دۈيجاڭ!» دەپ بىر نەرسىلەرنى كۆرسەتكەن بولۇپ سۆزگە تۇتتى. زۇنۇن: ھادى ئاكا ئىككىمىز كىرىپ سۇ ئېلىپ چىقايلى، ئۇسساپ كەتتۇق! دەپ ئۇنى سۇخانىغا ئېلىپ ماڭغاندا، مەن ساجىدەنى دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چاقىرىپ:

«بىزگە بەرگەن ھېلىقى خەت توغرىسىدا بىرسى تەشكىلگە ئىنكاس قىپتۇ، ساڭا بەردۇق دېگەن ئوخشايدۇ، سەن ئۇ خەتنى مەن ئالدىم، لېكىن سۆيۈنگە بىر بالا بولمىسۇن

دەپ قورققىنىمدىن ئوقۇماستىن يىرتىۋەتتىم» دېگىن، دەپ تېز قايتىپ كىردىم.

ئابلىز مەن بىلەن سىزنىڭ ئىشارىتىڭىزنى كۆرۈپ ساجىدە بىلەن سۆزلىشىپ ئالسۇن دەپ دۇيجاڭنى گەپكە تۇتۇپ تۇردىمۇ دەپ بولغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ بۇ يەردىكى ئادەملەرگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدىكەن، بىر ـ بىرىنى چېقىپ تۇرىدىغان يامان ئادىتى بار ئىكەن، دەپ ھەيران بولدى.

زۇنۇن بىزگە دەپ ئىككى كۇرۇشكا سۇ ئېلىپ كېلىپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىمىزگە دىققەت قىلساق بولىدىكەن، دەپ تۇراتتۇق، موللاشوف دۇيجاڭ چىقىپ يەنە مېنى چاقىرىپ ساجىدە بىلەن ھادى يەنە ئىككى ئادەمنى ئېلىپ، ئىككىڭلارمۇ يالغان سۆزلىدىڭلار، سىلەرنى ئاختۇرۇپ تەكشۈرىمىز، دەپ ياتاققا باشلاپ ماڭدى. مېنىڭمۇ يۈرىكىم جۇغ قىلدى. ئەمدى تېپىپ ئالسا خېلى چوڭ ئىش چىقىدىغان بولدى. گۇڭشەنىڭ تۈرمىسى بىلەن بۇلارنىڭ ئالاقىلىشىش ئىشلىرى ئېچىلىپ كۆپ ئادەمگە ئېغىرچىلىق كېلىپ قالارمىكىن، دەپ كۆڭلۈمدە قورقۇش ۋە ئەنسىرەش پەيدا بولدى. لېكىن چاندۇرماستىن، بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن تىرىشارمەن، دەپ ئۆزۈمنى باستىم. ساجىدەنىڭ چىرايلىق يوغان قارا كۆزى قورققىنىدىن تېخىمۇ چوڭ بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ھەم ئەنسىرەپ قانداق قىلىمىز، دېگەندەك قارايتتى. مەن چاندۇرماسقا تىرىشىپ ئۆزۈمنى خاتىرجەم ۋە ئەركىن تۇتتۇم.

ياتاققا كىرگەندىن كېيىن مەن چامادانىنى ئاچتىم، ھادى ئاكا بىر چەتتىن ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. كىيىملەرنى ئېلىپ، ئۇلارنى ئېچىپ تىنكىشلىرىگىچە تۇتۇپ سىنچىلاپ ئاختۇرۇپ چىققىلى تۇردى. ئىچكى كىيىملەر چىققان ئىدى. موللاشوف دۇيجاڭ بىزنى خىجالەت بولمىسۇن دېدىمۇ بىلمىدىم، ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. بىللە كىرگەن ھېلىقى ئىككى ئادەم ساندۇقنىڭ يېنىدا ئاختۇرۇشقا دىققەت بىلەن قاراپ تۇردى. ساجىدە تاختاي سوپىنىڭ چېتىگە كېلىپ ئولتۇردى. مەن تاختاي سوپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ساندۇقنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئىچىمدە ئاللاھتىن ئۇ خەتنى كۆرسەتمىسەڭ ئىكەن، دەپ تىلەپ كەتتىم. بىر ۋاقىتتا يوتقان تاشنى ئېلىپ چوڭ ئېچىپ تىنكىشلىرىگىچە قولى بىلەن مىجىپ تۇتۇپ كۆردى. تەكشۈرۈپ بولۇپ بىر چەتكە قويدى.

مەن «بۇنى تەكشۈرۈپ بولدىڭىزمۇ» دېسەم «ھەئە» دېدى. مەن يوتقان تاشنى قاتلايمەن، دەپ ساندۇق ئۈستىگە لاپ قىلىپ يېيىپ شۇ ئارىدا چاققانلىق بىلەن ساندۇقنىڭ خالتىسىدىكى خەتنى ئالدىم. قاراپ تۇرغان ھېلىقى ئىككى ئادەممۇ سەزمەي قالدى. كىرلىكنى قاتلاپ ئىچىگە سېلىپ تەكشۈرۈلۈپ بولغان نەرسىلەر قاتارىغا قويدۇم.

ساجىدە مېنىڭ خاتىرجەم تۇرغىنىمنى كۆرۈپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇلارغا چاندۇرماي كۆزۈمنى قىسىپ قورقما دېگەننى بىلدۈردۈم، ئۇ ھەم خاتىرجەم بولۇپ، سوپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. ساندۇقلارنى ئاختۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يوتقان ـ كۆرپە، ياستۇقلارنى ئۈچ ئادەم مجىپ تۇتۇپ ئاختۇرۇپ چىقتى.

ئاختۇرۇش ئۈچ سائەت داۋام قىلدى. ئۇلار ئاختۇرۇشنى تاماملاپ چىقىشقا ئىشتىن چۈشۈش گۈدۈكى چېلىندى. بىز چېچىلغان دۇنيانىڭ ئالدى ـ ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇپ ھاجەتخانىغا بېرىپ ساجىدە تالادا قاراپ تۇردى، مەن كىرىپ ئۇ خەتنى ئۇششاق يىرتىپ ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتتىم.

بىز چىقىشىمىزغا دەرۋازا تۈۋىگە بىر توپ ياش باللار كېلىپ ئىشىك تۈۋىدىكى كۆزەتچىنى گەپكە سېلىپ تۇرۇپ ئىككى بالا بىزنىڭ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىزدىن قانداق بولدى؟ خەتنى تېپىپ ئالدىمۇ تۇرسۇننى سىلەرگە خەتنى بەردى، دەپ قىستاپ سوراۋاتىدۇ. بىز خەۋەر قىلىشىمىز كېرەك، دېدى.

بىز ئۇلارغا خاتىرجەم بولۇڭلار، خەت ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشمىدى، دېدۇق، ئۇلار خۇشال بولۇپ چىقىپ كەتتى.

ساجىدە: مەن بەك قورققان ئىدىم، قارىتىپ تۇرۇپ قانداق چاققان ئالالىدىڭ، مەن بولسام قىلالماس ئىدىم، قورققىنىمدىن ئولتۇرغان يېرىمدىن مىدىر قىلالمىدىم. يۈرىكىم چىقىپ كېتەي دېدى. توۋا بۇ يەردە ئەرلەر يىگىت بېشى بىلەن چېقىمچىلىق قىلىدىكەن، دەپ ھەيران بولدى. ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى بولدى، ئابلىز، زۇنۇنلارمۇ قايتتى. ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ قانداق بولدى؟ بىز بەك غەم قىلغانتۇق، دەپ ئەھۋالنى ئاڭلاپ خۇشال ۋە خاتىرجەم بولدى. ئۇلارغا خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويايلى! دەپ دەرۋازا تۈۋىگە بېرىپ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، زۇنۇن بىلەن ئىككىمىز ئىككىنچى ئۇنداق خەتلەرنى يېزىپ ئۇلارنى بالاغا ئىلماڭلار، ئىنچ قويۇڭلار دېدۇق، دەپ قايتتى.

## 20 ـ ئىيۇل شەنبە كۈنى تۇرنىسانىڭ كوپتىسى

چۈشلۈك تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق. ئىشىكتىن دەرۋازا كۆزەتچىسى بىلەن ساجىدەنىڭ سىنىپىدىكى بىر قازاق ساۋاقدىشى كىرىپ كەلدى. ئىككىمىز ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالدۇق. كۆزەتچى ئۇنى ياتاققا كىرگۈزۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ سالامىمۇ يوق، ھەتتا

ئوچۇق چىرايىمۇ يوق، جاللاتلاردەك قىياپەتتە يېنىمىزغا يېتىپ كەلدى.

«ساجىدە مەكتەپ بەرگەن سەندىكى كىتابلارنى مۇسادىرە قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. سېنىڭكى مۇسادىرە قىلىنماي قاپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالغىلى كەلدىم» دەپ ساجىدەنىڭ پۈتۈن كىتابلىرىنى ئالغانىنىڭ سىرتىدا مېنىڭ قالغان كىتابلىرىمغىچە يىغىشتۇرۇپ ئالدى، ئاندىن تۇرنىسانىڭ سېنىڭدە بىر ئاق كوپتىسى بار ئىكەن شۇنى ئېلىپ كەل! دېدى، دەپ مەندىن سورىدى.

مەن ساندۇقتىن باش ياغلىقتا يۆگەپ قويغان تۇرنىسانىڭ كوپتىسىنى ئېلىپ بەردىم. بۇ كوپتا بىز قولغا ئېلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن مەكتەپ نەرسىلىرىمىزنى ئەۋەتىپ بەرگەن چاغدا بىللە كەلگەن ئىكەن ۋە ئۇنىڭغا مەن بۇنى ئۆيدىكىلەر كەلسە تۇرنىساغا ئاپىرىپ بېرىشنى تاپشۇرۇپ بېرەرمەن، دەپ يۈرگەن ئىدىم ياخشى بولدى، دېدىم.

ئۇ كىتابلارنى ۋە كوپتىنى ئېلىپ قاپىقىنى ئاچماستىن خۇشمۇ دېمەستىن تونۇمايدىغان ئادەمگە قىلغان مۇئامىلىدەك مۇئامىلە قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئىككىمىز يېرىم مىنۇتتەك ئۇنىڭ كەينىدىن ھەيرانلىقتا كۆڭۈلسىز ھالدا قاراپ قالدۇق.

ساجىدە: تووۋا بۇ مېنىڭ تۆت يىللىق بىر سىنىپتىكى ساۋاقدىشىم. مۇشۇ يەرگە كېلىپ ھېچكىم يوق، بىز بىلەن خالىي ئۇچرىششقا توغرا كەلدى. قانداق ئەھۋالىڭلار؟ قانداق كېتىپ بارىسىلەر؟ سالامەتلىكىڭلار ياخشىمۇ؟ دەپ قويسا كىم ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالىدۇ، پوزىتسىيىسىنىڭ سوغۇقلۇقىنى كۆرمەمسەن، بۇ يەردىكى كادىرلارمۇ ئۇنىڭچىلىك ئەمەس. ئەگەردە ئۇ ھال سوراپ ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلغان بولسا، ئۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە ھۆرمەت بىلەن مەڭگۈ ساقلىنىپ قالاتتى ئاجايىپ ھە، دېدىم.

ساجىدە ماڭا قاراپ سەن كۆڭۈلسىز بولۇپ قالدىڭغۇ، نېمە بولدى؟ دەپ ئەجەبلەندى.

ساجى ئۆزۈڭ بىلىسەن، تۇرنىسا بىلەن ئەڭ يېقىن دوستلار بولۇپ، شۇنچە يىللار بىللە ياشىدۇق. مەن ئۇنىڭدىن ھېچنەرسىنى ئايىماي چىن كۆڭلۈمدىن ھۆرمەت قىلىپ دوست بولۇپ كەلگەن ئىدىم. ئەمدى بىر كوپتىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ كىشى ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۆزۈممۇ قانداق يامان كۈندە بولساممۇ ئۇنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ قالماس ئىدىم. يېرىم مېتىردىن تىكىلگەن قىسقا يەڭ ياقىسى ئويۇلغان قىسقا بىر كۆينەك، ھېچقانچە بىر پۇللۇق نەرسىمۇ ئەمەس.

ئەگەر مەن بولسام دوستۇم تۈرمىدە دەپ ئۆز كىيىملىرىمدىن ياخشىسىنى تاللاپ، ئۇنىڭكى قاپتۇ دەپ ئەۋەتىپ بېرەتتىم. ئۇنىڭ دوستلۇق كۆڭلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى

بەلگىلەپ بېرىدىغان بۇ بىر كوپىتا ئىشى مېنى بەك كۆڭۈلسىز قىلدى. بىلەمسەن، ساجىدە ئابلىكىم «مېنى تۇرمىگە ئېلىپ كەتسە يوقلاپ بارامسىلەر» دېگەندە «قەيەرگە ئېلىپ كەتسىمۇ بىز سىزنى ئىزدەپ بارىمىز» دەپ خەلىمە بىلەن تۇرنىسا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئابلىكىم مېنى يوقلاپ بارغاندا تاماكا بىلەن سوپۇن ئېلىپ بېرىڭلار، بولامدۇ؟ دېگەندە، ئۇ ئىككىسى بىز سىز چىققۇچە ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمىز، دەپ ۋەدە قىلغان ئادەملەر ئىدى.

ئەمدى بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ قىممىتى يېرىم مېتىر ئاق بۆزچىلىك بولمىدى. كىيىم مەن ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئەمەس، ماڭا بولغان كۆڭلىگە رەنجىدىم، دېدىم.

ساجىدە: مەن بىر كىتابتا ئوقۇغان ئىدىم.

يازغۇچى: يامان دوست ئادەمنىڭ سايىسىغا ئوخشاش، ئاپتاپلىق كۈنلەردە قېچىپمۇ قۇتۇلالمايسەن، ئەمما بۇلۇتلۇق قارا كۈنلەردە ئىزدەپمۇ تاپالمايسەن دېگەن ئىكەن، ئۇلار ئەنە شۇنداق دوستلار، كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئىككىمىز ئۇنداق دوستلاردىن ئەمەس، دەپ كۆڭلۈمنى ياسىدى.

ئىشتىن قايتىپ ياتاققا كەلسەم بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدا سەلەي ئاكا دائىم ئولتۇرىدىغان ياغاچ تومپەكنىڭ ئۈستىدە تونۇش بولمىغان بىر ئادەم ئولتۇرىدۇ.

مېنى كۆرۈش بىلەن سالاملاشتى. مەنمۇ سالاملاشتىم، ئۇ ئادەم:

ــ مەن سىزنى گۇڭەنتىڭ تۇرمىسىدە كۆرگەنمەن، سىز سۆيۈنگۈل بولىسىزغۇ؟ دېدى.

ــ مەن: ھەئە، مەن سۆيۈنگۈل، دېدىم.

مەن سىز بىلەن بىر كارىدوردا 8 ـ ئۆيدە تۇرغان، ئىسمىم ئىبراي دېدى.

ئىبراي 25 ـ 30 ياشلار ئەتراپىدىكى ئېگىز بويلۇق، قەددى ـ قامىتى قاملاشقان، يوغان قوي كۆزلۈك، قويۇق قارا قاشلىق، قاڭشارلىق، تۇرمىدە ئۇزۇن يېتىپ چىققانلىقىدىنمۇ تېرىسى ئاق ئىدى.

مەن ئىبراينى كۆرۈشۈم بىلەن دادامنىڭ ياش ۋاقتىغا ئوخشاتتىم، راستتىن ئاجايىپ ئوخشايتتى.

مېنىڭ ئۈچىنچى ئۆينىڭ تېمىدىكى يېزىلغان سۆزلەر يادىمغا كېلىپ كۈلدۈم.

سىز مەست بولۇپ، ئۆزىڭىزنى تۈتۈپ بەرگەن ئىبراي ئەمەسمۇ؟ دەپ كۈلدۈم، ئىبرايمۇ

كۆلۈپ، ھەئە مەن شۇ، كۆرمەمسز ئادەمگە كەلگۈلۈك كەلگەندە ئادەمنىڭ ئۆزى ـ ئۆزىگە دۈشمەن بولىدىكەن.

ئەتە كېتىمەن، دەپ بىلەت ئېلىپ تەييار بولغاندا تونۇشلار چاقىرىپ شۇ يەردە ئىچىپ قويغان ئىدىم. لېكىن مەن مۇنداق ئەقلىمنى يوقاتقۇدەك ئىچىپ باقمىغان دېدى.

مېنىڭ كۆز ئالدىمغا ئىبرايىنىڭ گۇڭگەنىڭ تۈرمىسىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا مەست بولۇپ، سەنتۈرۈلۈپ يۈرگەن قىياپىتى كېلىپ كۈلۈپ كەتتىم ۋە شۇ مەستلىكتە گۇڭگەنىڭ تۈرمىسىنى قانداق تېپىپ كەلدىڭىز؟! دېدىم.

ئۇنى بىر دېمەڭ، ئادەتتە ساق ۋاقتىمدا ئىزدەپ تاپالمايدىغان يەرنى مەستلىكتە قانداق تېپىپ كەلگەنلىكىمگە ئۆزۈممۇ ھەيران، ئۇلارمۇ مېنى بۇنچىلىك مەست ھالەتتە يالغۇز كوچىغا قويۇۋەتتىكىن، قازاقتا بىر ماقال بار:

خەۋپىڭ نىدەن بولسا،
ئەجەلىڭ سو دان بولار.

يەنى نېمە نەرسىدىن قورقساڭ، ئۆلۈمۈڭ شۇنىڭدىن بولۇر دېگەن سۆز.

مەن ھازىر ئۇ نەرسىلەرنى ھېچ ئەسلىيەلمەيمەن، مەن شۇ يېرىم كېچىدە كېلىپ گۇڭگەنىتىڭنىڭ تۈرمىسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇرۇپتىمەن، ساقچىلار مېنىڭ مەستلىكىمنى كۆرۈپ ئىككى ساقچى مېنى سۆرەپ كوچا بېشىغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىسا، يەنە يىقىلىپ ـ سۈرۈنۈپ يۈرۈپ گۇڭگەنىڭ تۈرمىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنى داراڭلىتىپ ئۇرۇپ، «مېنى قولغا ئېلىڭلار» دەپ تۇرۇپ ئاپتىمەن، شۇنداق قىلىپ ئۇچىنچى مەرتىۋە كەلگەندە خەنزۇچە تىل بىلەن «مېنى قولغا ئېلىڭلار، مەن يالغان تونۇشتۇرۇش بىلەن كەلدىم» دەپ ئېيتىپتىمەن، خۇدايىم ساقلاپ باشقا گەپلەرنى چىقىرىپ قويمىغانلىقىم ئۈچۈن خۇشال بولۇپ، ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن، دەپ كەتتىم.

ئەتىگەن ئويغانسام تۈرمە ئىچىدە ياتىمەن، ھەيران بولدۇم، چۈشۈم بولسا كېرەك دەپ بېشىمنى چايقاپ ئەتراپلارغا سەپسېلىپ چىقتىم. لېكىن چۈشۈم ئەمەس، قانداق يەر بۇ دەپ بېرىپ ئىشىكنى ئۇردۇم، ساقچىلار كىچىك ئىشىكنى ئېچىپ «نېمە بولدى؟ نېمە توۋلايسەن» دەپ ۋارقىرىدى.

مەن بۇ قەيەر، نېمىشقا مېنى سولىۋالدىڭلار، دەپ ۋارقىرىدىم. بۇ تۈرمە، جىم يات، نېمە ئىشلىكىنى كېيىن سوراپ بىلەرسەن، دېدى.

مەن سوراق ئۈستىدە يالغان تونۇشتۇرۇشنى ئۇلارغا «بۇ يالغاندىن ياساپ ئالغان

تونۇشتۇرۇش» دەپ تاپشۇرغانلىقىمنى ئېيتتى. ئۇلار تەكشۈرۈپ كۆرسە راستتىن يالغان تونۇشتۇرۇشلۇقى ئېنىقلىنىپتۇ، يېنىمدىكى مىڭ سوم پۇلنى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن 15 ئاي تۈرمىدە قالدىم. ئۇلار دائىم مېنى نېمە ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدىڭ؟ نېمە ۋەزىپە بىلەن كەلدىڭ؟ بولمىسا مۇشۇنداق چېگرا ۋەقەسى قوزغىلىش ئالدىدا بۇنداق جىق پۇل بىلەن يالغان تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق كېلىشىڭ سېنىڭ بىر ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكىڭنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، دەپ كۆپ قىستىدى.

مەن پەقەت ئۇنداق ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق، بولمىسا مۇشۇنداق ۋاقىتتا بۇ يەرگە كېلەمتىم، مەن بىر ئاددىي ياغاچچى ئۇستا مەن، ياغاچچىلىققا كېرەك قورال - سايمانلارنى ئېلىش ئۈچۈن كىشىلەردىن قەرز پۇللار ئېلىپ كەلدىم، دەپ بىر سۆزدە چىڭ تۇرۇۋالدىم. ئۇلارنىڭ باشقا ئېنىق پاكىتى بولمىغانلىقتىن يالغان تونۇشتۇرۇش ياسىغان ئۈچۈن ئۈچ يىل كېسىپ بۇگۈن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، دېدى.

شۇ ئارىدا ساجىدەمۇ يېتىپ كەلدى. ئىبراي بىلەن بىر چۆچەكلىك ۋە بىر قارا دۆڭلۈك تونۇش بولۇپ چىقتى. بىز خېلى ئۇزۇن سۆزلىشىپ تۇرۇپ قالدۇق.

تاماقتىن كېيىن سۇخانىدىن سۇ ئېلىپ كېلىۋېتىپ ھېلىقى سەلەي ئاكىنىڭ ئولتۇرىدىغان تومپەك ئۈستىدە ئورۇق، پاكار، كۆرۈنۈشتە ئاتمىشلاردىن ئاشقان، بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزلىرى كىچىك، ئۇزۇن چەكمەن چاپان كىيگەن، پۇتىدا مەسە ئۆتۈك، بېشىدا كەمچەت تۇماق كىيگەن بىر ئادەم تاھارەت ئېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن.

مېنى كۆرۈپ «قانداق قىزىم تىنچ - ئامان تۇردىلىمۇ، سالامەتمۇ سىلە» دەپ سالاملاشتى. مەنمۇ ھۆرمەت بىلەن سالام قايتۇردۇم ۋە بۇ يەرگە قاچان كەلدىلە دەپ سورىدىم. چۈنكى گەپ قىلماي سالاملىشىپ كىرىپ كېتىشكە خىجالەت بولدۇم. چوڭ ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن سۆزلەۋاتقاندىن كېيىن ھال سورىدىم.

مەن بۇ يەرگە بۈگۈن كەلدىم قىزىم، ئاۋۇ چوڭ تۈرمىدە ياتقىلى بىر يىلدىن ئاشتى. مېنى ئىككى يىل كېسىپ مۇشۇ جايغا ئېلىپ كەلدى. بۇ كەڭ ئاسمان ھاۋالىق يەرنى كۆرۈپ ئاللاھقا شۈكۈر، دەپ ئولتۇرۇپتىمەن، دېدى. ئاكا نېمىشقا سىلىنى ئىككى يىل كەستى؟ دەپ بۇ ئادەم نېمىشقا تۈرمىگە كىرگەندۇ، دېگەن ئوي بىلەن ھەيران بولدۇم.

ــ مەن ئۆزۈم قەشقەرلىك، ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ شۇ شەھەردە ياشاپ كەلگەن ئادەملەرمىز، مېنىڭ قىزىم چۆچەك شەھرىدە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، ئىككى بالىسى بار ئىدى. قىزىم ماڭا پۇل ئەۋەتىپ، «دادا كېلىپ تۇرۇپ كەتسەڭ» دەپ خەت يازغان ئىكەن.

قىزىمنى، نەۋرىلىرىمنى بىر كۆرۈپ قايتاي دەپ قەشقەردىن چىققان ئىدىم. مەن بارسام چۆچەكتە قاچ - قاچ بولۇپ، پۈتۈن خەقلەر ئورۇسنىڭ يۇرتىغا چىقىپ كېتىپتۇ. مەن مانا شۇ ۋەقەنىڭ ئۈستىگە بارغان ئىكەنمەن. مېنى سوۋېتكە قېچىش نىيىتى بىلەن كەلگەن، دەپ تۇتۇۋېلىپ سولاققا سالدى. قىزىمنى كۆرگىلى باردىم دېسەم، ئىشىنەمدىغان، بىر يىل ئىككى ئاي دېگەندە مېنى چىقارماي سولاپ قويۇپ، ئەمدى ئىككى يىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگىرىسەن، دەپ كېسىپ مۇشۇ جايغا چىقاردى.

قىزىڭىز ئورۇسقا كېتىپتىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ئۇلارچۇ بالام مەھەللە، مەھەللە ئادەملەر بولۇپ، بىللە كېتىپ قاپتۇ. مەن ئۆلگۈرەلمەپتىمەن، ئىككى كۈن كېچىكىپ بېرىپتىمەن، دەپ پۇشايمان قىلدى.

مەن، قىزىڭىزدىن باشقا باللار يوقمىدى؟ دەپ سورىدىم.

مېنىڭ ئۇ دۇنيالىق بۇ دۇنيالىق مۇشۇ بىر تال قىزىم ئىدى. ئانىسى تۇگەپ كەتكەن. ئەمدى مەن يالغۇز قالدىم، دېدى.

بۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا تونۇش ئاڭلاندى. مەن ئۇ ئادەمدىن سىز چوڭ تۈرمىدە نەچچىنچى ئۆيدە بولدىڭىز، دەپ سورىدىم.

مەن تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن ئوڭ قول تەرەپتىكى ئەڭ چەتتىكى بىنانىڭ بىرىنچى ئۆيىدە بولدۇم. بىر خىتاينى مېنىڭ يېنىمغا كىرگۈزۈپ قويدى. ئۇ كاپىر بولسىمۇ مەن قۇران ئوقۇسام «سەن بەك چىرايلىق ئوقۇيسەن ئوقى!» دەپ تۇردى. شۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن خىتايچە زۇۋانىمۇ ئۆگىنىپ ئالدىم دېدى.

مېنىڭ يادىمغا 3 - ئۆيدە ياتقاندا ماڭا قوشنا تامدا قۇران ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ قۇران ئوقۇغان ئادەم مۇشۇ ئىكەن دەپ ئويلىدىم.

# 28 - ئىيۇل يەكشەنبە

بىزنى ئەرلەر ياتىقىدىن كۆچۈرۈپ سۇخانىنىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر ئۆيگە ئېلىپ چىقتى. بۇ ئۆي بىر ئائىلىلىكنىڭ ئۆيى بولسا كېرەك، ئۆينىڭ يۇقىرىقى يېرىم تەرىپىگە كاڭ سېلىنىپ، ئۆينىڭ تۆرىدە تام مەش ۋە ئوچاق بار ئىدى. تۆۋىنىدە بىر ئۈستەل بولۇپ، چاققان كىچىك بىر دېرىزىلىك ئۆي ئىدى. بۇ ئۆي بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە ياردى. بىز كۆچۈپ

جايلاشتۇق، بۈگۈن يەكشەنبە بولغانلىقتىن بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كېلىپ، ساقچى ۋە كادىرلار ئارقىلىق كۆرۈشەتتى.

ئابلىز ھەدىسى فاتىمە ئاپپاي بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، كىرىپ بىزگە خەۋەرنى يەتكۈزدى. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر كۆرۈشۈش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنماپتۇ. چۈنكى بىزنىڭ تەشكىلاتنى يۇقىرىقى ئورۇنلاردىكىلەرنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە قولى بار، دەپ گۇمان قىلىپ، بۇ نەرسىلەرنى ئېنىقلاپ چىققۇچە بىزنى ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمەي، قاتتىق دىققەت قىلىپ تۇتۇش كېرەك، دەپ ئۆيدىكىلەرگە رۇخسەت قىلماپتۇ، بۇ خەۋەرنى ئابلىز ئېيتىۋېتىپ، زۇنۇن بىلەن ئىككىمىز سىلەرگە ھادى ئاكىنى مەخسۇس كۆزەتچى قىلىپ قويغىنىمۇ شۇ ئىكەن دەپ قالدۇق، دېدى.

بىز كۈلدۇق، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ئورۇندىن بىزگە يېتەكچىلىك قىلىپ قول ئۇزاتقۇدەك بىر ئادەم چىقسا ئىدى كاشكى، جاھان باشقىچە بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار ئۆز مەنپەئەتلىرىنى ئويلاپ ياشاۋاتىدۇ. خەلقنىڭ كېلەچىكىنى ئەمەس. ئۆزىنىڭمۇ كېلەچىكىنى ئويلاپ ئولتۇرغىنى يوق، دەپ ئېچىندۇق.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆستەڭگە كەتكەن كىشىلەر قايتىپ كەلدى. نەچچە يۈزلىگەن ئادەم بىز ياتقان ياتاقلارغا جايلاشتى.

ساجىدە بىلەن ئىككىمىزنى ئىچكىرىدىكى بەشىنچى ھويلىدىن چىقارماستىن ئىشىككە مەخسۇس كۆزەتچى قويۇپ، يالغۇز بىزنىلا شۇ كىچىك ھويلىدا ئىشلەتتى. لېكىن قانداق بولمىسۇن سىرتتىكى ئادەملەر بىر يولنى تېپىپ كىرىپ ھال سوراپ خەۋەرلىشىپ چىقىپ كېتەتتى. ھەممىدىن قىزىقى شاڭخەيدىن ھوڭكوڭغا قاچماقچى بولغان، دەپ بىر تۈركۈم ياش خەنزۇ باللارنى كېسىپ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، ئۇلارمۇ كىرىپ ھال سوراپ بىزنى ھىمايە قىلاتتى. يېقىن دوستلاردەك مۇئامىلە قىلىپ بىزگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى، بۇلار نېمىشقا بۇنچىلىك قىلىدۇ، دەپ ساجىدە ئىككىمىز ھەيران بوپقالاتتۇق.

## شىيگوبىغا سۈرگۈن قىلىنىش

1963 - يىلى 4 - ئاۋغۇست يەكشەنبە كۈنى تالادىن ئاڭلانغان كىشلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، قىزلارنىڭ ئۈچىلىسى بىر ياستۇققا بېشىنى قويۇپ، بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىپ شۇنداق تاتلىق ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتاتتى.

مەن ئۇلارنى ئويغىتىپ قويماي، دەپ ئاستا ئاۋايلاپ تۇرۇپ كەچتە هازىرلاپ قويغان سۇ بىلەن يۈز - قولۇمنى يۇيۇپ تالاغا چىقتىم. هاۋا ئوچۇق ۋە شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك ئىدى. كۆڭلۈم خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئىكەن. بۈگۈنمۇ كۈن ئىسسىق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەرلەر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا توپلىشىپ تاماق ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

بەزىلىرى بىر - بىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ كۈرۈشۈۋاتاتتى. باشقىلار ئۇلارنى تاماشا قىلىپ كۈلۈشەتتى. بەزىلىرى توپلىشىپ نېمىلەرنىدۇر سۆزلىشىپ تۇراتتى. بەزىلىرى باش - كۆزلىرىنى يۇيۇشۇپ ۋە بەزىلىرى كىر - قاتلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى.

ئەتىگەنكى چاينى ئىچىپ ئولتۇرغىنىمىزدا ئىشكىنى ئۇرۇپ ئابلىز قولىدا نان ۋە بىر تەخسىدە هۆل ئۈزۈم كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

ـ بۈگۈن فاتىمە ئاپاي مېنى كۆرگىلى كېلىپ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. سىلەرگە قىسىنىپ ئېلىپ كىردىم، دېدى.

بىز خۇشال بولۇپ، رەھمەت ئېيتتۇق.

ـ فاتىمە ئاپاي نېمە خەۋەرلەرنى سۆزلىدى؟ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنى كۆرۈپتىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ـ سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەرنى كۆرۈپتۇ. سىزگە فاتىمە ئاپاي ئارقىلىق كۆپ سالام ئېيتىپتۇ. ئاپىڭىزغا سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلماپتۇ. ساقچىلار كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغانلىقتىن ئارتۇق سۆز قىلالمىدى. بۇ سۆزنىمۇ يوشۇرۇپ قىلدى، دېدى. ئابلىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تۆتىمىز نان بىلەن ئۈزۈمنى راهەتلىنىپ يېدۇق. چۈنكى بىز قولغا ئېلىنغاندىن بۇيان ناۋايخانىنىڭ نېنىنى يېمىگەن ئىدۇق هەم بۇ يىلقى يېڭى مېۋىدىن بىرىنچى قېتىم ئېغىز تېگىشىمىز ئىدى.

بىز چاي ئىچىپ بولماستىن ئابلىز ئىشىك قېقىپ يەنە كىردى. بىزنىڭ ياتاققا ئەرلەرنىڭ كىرىشىگە تەشكىل رۇخسەت قىلمايتتى. ئىش باشقۇرغۇچى ۋە باشلىقلارلا كىرىپ ۋەزىپە بۆلۈپ بېرىپ چىقىپ كېتەتتى. باشقا ئەرلەر كىرسە تەشكىل سوراققا تارتىپ جازالايتتى. شۇنداقتىمۇ ئابلىز پات - پات كىرىپ تۇراتتى. بىز ئابلىزنىڭ كېيىنكى كىرگىنىدە ئۇنىڭ يۈزىدىن بىر كۆڭۈلسىزلىكنى سېزىپ، هەممىمىز سوئال نەزىرى بىلەن ئابلىزغا قاراپ قالدۇق. ئابلىز كېلىپ ئولتۇرۇپ بىر هازاغىچە گەپ قىلالماي، ئاندىن: «هادىي ئاكا ماڭا سائەت 10 لاردا قىزلارنى شىيگوبىغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ماشىنا كېلىدۇ. سەن قىزلارغا ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى تاڭدۇرۇپ تەييارلا» دېدى. مەن بۇ سۆزنى سىزلەرگە

ئېيتىپ قوياي دەپ كىردىم، دەپ چىقىپ كەتتى.

بۇ ھەقىقەتەن ھەممىمىزگە ئىنتايىن كۆڭۈلسىز بىر خەۋەر بولدى. يېرىم مىنۇت جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ماھىنۇرنىڭ يىغىسى تىنچلىقنى بۇزدى.

ئابلىز مەن يەنە كېلىپ سىزلەرنى ئۇزىتىپ قويارمەن، دەپ چىقىپ كەتتى.

ماھىنۇرنىڭ يىغىسىغا زورەم قوشۇلدى. ساجىدە گەپ قىلماستىن ماڭا قاراپ قويدى. شۇ ئارىلىقتا ئىشىكنى قېقىپ ھادىي ئاكا بىلەن ئىككى ئادەم كىرىپ: «تەشكىل سىلەرنى شىيگوبى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدانىغا ئېلىپ كېتىدىكەن. شۇڭا يۈك ـ تاقلىرىڭلارنى تېزلىك بىلەن تېڭىپ تەييار بولۇڭلار، ماشىنا سائەت 10 ئەتراپىدا ماڭىدۇ» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ماھىنۇر بىلەن زورەم ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئورۇن ـ كۆرپىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، ساجىدە بول! دەپ ئۇنى ھەم ئالدىرىتىپ يۈك ـ تاقلىرىمىزنى تېڭىشقا باشلىدۇق.

سىرتتىن ئەرلەر كىرىپ زورەم بىلەن ماھىنۇرغا ياردەملەشتى ـ دە، بەش ـ ئون مىنۇت ئىچىدە ياتاقتىن ئايرىلىپ ئالدىنقى قورۇغا قاراپ ماڭدۇق. ماھىنۇر توختىماي ئۈن سېلىپ يىغلايتتى. زورەم ماھىنۇرغا قاراپ يىغلايتتى ۋە بىزگە قاراپ ئۆزىنى توختىتىۋالاتتى. ئەرلەر نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى بەزلەپ كەلدى.

ماشىنا كېلىپ يۈك ـ تاقلارنى باسقاندىن كېيىن قالغانلار بىلەن خوشلىشىپ ماشىنىغا ئالدى بىلەن مەن چىقىپ ساجىدەنىڭ قولىدىن تارتىپ ماشىنىغا چىقىشىغا ياردەملەشتىم، ئىككىمىز ياندىشىپ ئولتۇردۇق.

ساجىدەنىڭ كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ چاندۇرماسلىققا تىرىشتى.

ماھىنۇر بىلەن زورەم ماشىنىغا چىقماي يىغلاپ كىشلەر بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى. مەن ئۇلارغا: قىزلار بولدى، نېمىشقا شۇنچە يىغلايسىلەر؟ سىلەرنى كۆلىغا (خىتاي ئۆلكىسى) ئېلىپ كېتىپ بارغىنى يوق. شىيگوبى بولسىمۇ ۋەتەن تۇپرىقى، شىيگوبى دېگەن يەرنىمۇ كۆرەيلى. ئۇ يەردىكى كىشلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم، بۇ ھەم بىز ئۈچۈن بىر مەكتەپ. چىقىڭلار، ماشىنىغا ئولتۇرمىغانىمۇ ئۆزۈن بولغاندۇ، ئەتراپنى تاماشا قىلغاچ بارىمىز، ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا دەيتىكەن، دەپ چاقچاق قىلدىم.

ـ بۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى سۆيۈنگۈل يارايسىز، دە دەپ ئۇزىتىپ كەلگەن ئەرلەر مېنى قوللىدى ھەمدە ئامان بولۇڭلار ئاق يول بولسۇن! دەپ خوشلىشىپ قالدى. ماشىنا

قوزغىلىپ شەھەردىن چىقىپ كەتكۈچە ھېچكىممۇ سۆزلىمەي ئەترايقا قاراپ ئولتۇردى. شەھەردىن ئايرىلىپ ۋۇجاچۇ تەرەپكە قاراپ بۇرۇلغاندا مۇشۇ ماشىنىدا شىيگوبىغا يۆتكەپ كېتىلىۋاتقان ئەرلەرنىڭ بىرسى بىزدىن سىلەر نەدىن قولغا ئېلىنغان؟ دەپ سوراپ قالدى.

ــ ساجىدە: بىز تېببىي ئىنستىتۇتتىن قولغا ئېلىندۇق، دەپ جاۋاب بەردى.

ــ سىلەر تېببىي ئىنستىتۇتتىن قولغا ئېلىنغان قازاق بالىسىنى تونۇمسىلەر؟

ــ ئۇلار قەيەردە؟ شىيگوبىدىمۇ، دەپ ئىككىمىز تەڭلا سورىدۇق.

ــ بۇلتۇر ئۈچ يىللىق لاۋجاۋ (ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش) غا كېسىپ شىيگوبىغا ئەكەلگەن ئىدى. بىر يىل يالغان ساراڭ بولۇۋېلىپ ئىشلىمەي ئەتىياز ۋاقتىدا قېچىپ كەتتى. قېچىپ نەگە بارالايتتى، ھازىر تۇتۇلۇپ ليۇداۋان تۈرمىسىدە ئەمگەك قىلىۋېتىپتۇ. بۇگۈن بىز ليۇداۋاندىن ئۇنى ئېلىپ كېتىشكە كەلگەن ئىدۇق. لېكىن بۇگۈن سىلەرنى ئېلىپ چىقىشقا توغرا كېلىپ كامال بېكنى كېيىنكى قېتىمغا قالدۇردۇق، دېدى.

ــ سىز كىم بولىسىز؟ دەپ ساجىدە تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى.

ئۇ ئادەم كۈلۈپ قويۇپ، مەن بارات دۈيجاڭ بولىمەن، شىيگوبىينىڭ ئەرلەر دۈيىنىڭ دۈيجاڭى، دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇدۇلىدىكى ئىككى ئادەمنى كۆرستىپ، بۇ ئىككىسى شىيگوبىدىن قېچىپ تۇتۇلۇپ قېلىپ جېجاڭدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىۋاتقان مەھبۇسلار، دەپ تونۇشتۇردى. بۇ ماشىنىدا بىزلەرنى كۆزەت قېلىپ ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىككى ساقچىمۇ بار ئىدى.

بىز ئەگرى - توقاي كونا يوللار بىلەن ۋۇجاچۇيگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ بىر كىچىككىنە، ئاساسى جەھەتتىن خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان بىڭتۈەن (ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى) ئورنى ئىكەن.

چوڭ كوچىسىغا كەلگەندە ماشىنىنى توختىتىپ ھەممىمىزنى ماشىنىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇدى. بىز چۈشكەندىن كېيىن بىر نەچچە كۈلرەڭ كىيىملىك خەنزۇ قوللىرىدىكى ناسۇسلار بىلەن ماشىنىنىڭ ھەممە يېرىگە ۋە بىزنىڭ ئاياغلىرىمىزغا دارا چاچتى. بارات دۈيجاڭ بىزگە: ھازىر بۇ قۇملۇقتا يامان كېسەل بارىكەن، شۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دورىلاۋاتىدۇ، دېدى.

كۆپ ئۆتمەستىن بىز ۋۇجاچۇيدىن قوزغىلىپ ئەگرى - توقاي يولنى بېسىپ ماڭغانسېرى چۆللۈككە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدۇق. كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىمۇ شالاڭ

ئۇچرايدىغان بولدى. شۇ مىڭىش بىلەن سائەت بىر ئەتراپىدا شىيگوبى ئۆزگەرتىش ئەترىتىگە يېتىپ كەلدۇق. ماشىنا چاڭبو ئالدىدىكى مەيدانغا كېلىپ توختىدى. ماشىنا ئۈستىدىكى ئادەملەر بىزنىڭ يۈكلىرىمىزنى چۈشۈرۈشكە ياردەملىشىپ بولۇپ، ھەممىسى كېتىپ ئۆي ـ ئۆيلىرىگە كىرىپ يوقالدى. پۈتۈن مەيداندا يۈكلىرىمىزنى دۆۋىلەپ تۆتىمىز قالدۇق.

كۈن بەكمۇ ئىسسىق، ئوت يالقۇنىدەك پۈتۈن مەيدان يېلىنجاپ تۇراتتى. ئەتراپ جىمجىت، پەقەت چىۋىنلارنىڭ غىڭىلداپ ئۇچقان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تاۋۇش يوق. مەيدان ھاياتلىق يوقتەك جىمجىت، يۈرەكنى ئەزگۈدەك كۆڭۈلسىز ئىدى.

ئۇسساپ ئاغزىمىز قۇرۇپ كەتتى. تۆتىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدۇق.

تووۋا! نېمە دېگەن كۆڭۈلسىز يەر بۇ، دەپ ئەتراپقا كۆڭۈلسىز قاراپ ساجىدە «ئۇھ» تارتىپ قويدى.

زورەم: تووۋا بىرمۇ ئادەم يوققۇ، بۇلار نەگە كەتكەندۇ؟ بىزگە ئىگە بولىدىغان ئادەممۇ يوق ئوخشايدۇ، دەپ يۈك ـ تاقلارنىڭ ئۈستىگە بېرىپ ئولتۇردى.

ماھىنۇر سۇ قاچىلايدىغان قۇتا (باكلاشكىنى) تېپىپ ئاشخانا ئالدىدا ئېقىپ تۇرغان قۇدۇقتىكى سۇنى كۆرسىتىپ، ئۇ سۇنى ئېلىپ كېلەيمۇ، بەك ئۇسساپ كەتتۇق ئىچەمسىلەر؟ دېدى.

ــ كۆڭۈلدىكىنى تاپتىڭىز، ماھىنۇر، دەپ سۇغا بارماقچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا ئارىلىق تار يولدىن پاكار، ۋىجىك كەلگەن قىرقىم چاچ، كۆك كۆينەك، ئىشتان كىيگەن كۆزلىرى ئاران ئېچىلىپ تۇرغان قىسماق كۆزلۈك، پاناق بۇرۇن، كالپۇكلىرى قېلىن بىر خىتاي ئايال كېلىپ بىزگە خەنزۇ تىلىدا:

ــ يۈكۈڭلارنى كۆتۈرۈپ مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار، دېدى.

زورەم بىزگە قاراپ:

ــ ما قىسماقنىڭ ھالىنى، بىزگە بۇيرۇق سوقىدىغۇ تېخى، دەپ ئۇنىڭغا كۆزىنى ئالايتىپ قويدى. بىز يۈكلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ شۇ پاكار خىتاي ئايالنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق.

ئارىلىقتىكى يولدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەسكى ئۇپراپ كەتكەن سوقما تاملارنىڭ يېنىدا ئىككى ئېغىز كېسەكتىن سېلىنغان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدۇق. سوقما تامدىن

ئۆتكەندىن كېيىن ئۇدۇل توپا دۆۋىلىنىپ يەردىن يېرىم مېتىر ئېگىز تۇرغان يەرگە باشلاپ باردى.

مەن: ياتاقلار كېسەك بىلەن سېلىنغان بۇ كىچىك ئۆي بولماستىن، بىز ياتىدىغان ياتاقلار باشقا يەردە بولسا كېرەك، بۇ ئەتراپتا ھېچبىر ئۆيمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ بىزنى قەيەرلەرگە ئېلىپ بارار، دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغا شۇ توپا دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپلا پەلەمپەيلەر بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئىشىك بار ئىدى.

بۇ بىر سەي (كۆكتات) ئورىسىغۇ، دەپ ھەيران بولدۇم. ئىشىك ئىچىگە قاراپ ئېچىلدى، گەمە ئۆي دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ئىشىكتىن ئۆيگە قاراپ كىردۇق.

بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشىم بىلەن مىليونلىغان چىۋىنلار ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئادەمگە ئۇرۇلاتتى. ئەگەر ئېھتىيات قىلمىسا ئېغىز، بۇرۇنغا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئىككى قولۇم بىلەن چىۋىندىن قوغدىنىپ يەلپۈپ تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدىم. ئىشىكتىن كىرىپلا ئوڭ قول تەرەپتە رەندىلەنمىگەن تاختايدىن ئاددىي ياسالغان بىر ئۈستەل بولۇپ، ئۇ ئۈستەل ئۈستىدە يېگىرمىدەك چوڭ - كىچىك غىدىرلار ئۇماچ، سەي يۇقىلىرى بىلەن يۇيۇلمىغان قاچا - قومۇشلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە چىۋىنلار ۋىژىلدىشىپ قاچىلاردىكى قالغان يۇقىلارنى يەۋاتاتتى. بىردىنلا كىرىشىمىز بىلەن بۇ چىۋىنلار ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك ۋىژىلداپ ئۇچۇپ بىزگە ئورۇلۇپ ئاغزى - بۇرنىمىزغا كىرىپ كەتكىلى تاس قالدى.

گەمە تەخمىنەن ئون مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئىككى تەرەپ قاتار قىلىپ، بەزىلىرى تاختاي قويۇپ ۋە بەزىلىرى سامان سېلىپ راسلانغان ئورۇن ھازىرلانغان ئىكەن. ئورۇن ئۈستىدە پەقەت بىر قىسقا ئىشتاندىن باشقا تۇغما يالىڭاچ يېتىپ كەتكەن ئاياللار چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئۇخلاۋاتاتتى. گەمە قاراڭغۇ، دىمىق ھەم ئادەم چىدىغۇسىز سېسىق ئىدى. بىزنىڭ كىرىشىمىز بىلەن ئۇخلاۋاتقان ئاياللار ئويغىنىشقا باشلىدى.

بەزىلىرى ئويغىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ــ نەدىن كەلدى ماۋۇ بىر نېمىلەر، ئادەمنى ئۇخلاتماي، دەپ خەنزۇچە سۆزلەپ، تىللاپ يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ ئۆرۈلۈپ ياتتى. بەزىلىرى باشلىرىنى كۆتۈرۈپ بىزنى كۆرۈپ قاراپ قويۇپ گەپ قىلماي ئۆرۈلۈپ ياتتى ۋە بەزىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە قاراپ:

يېڭىدىن كەلدىڭلارمۇ؟ نەدىن كەلدىڭلار؟ ماۋۇ يەردە يات، ئۇ يەردە يات، دەپ

يوتقان ـ كۆرپىمىزنى قويۇش ئۈچۈن ئورۇن كۆرسىتىپ  بەردى.

ساجىدە بىلەن ئىككىمىزگە گەمىنىڭ تۆرىدىكى بۆلۈكىدا سامانسىز داق يەرگە يېتىشقا توغرا كەلدى. بىز ئورۇن ـ كۆرپىمىزنى شۇ يەرگە قويۇپ تالاغا چىقتۇق.

ماھىنۇر بىلەن زورەمگە قۇمۇللۇق تونۇش بىر خىتاي قىزى چىقىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى. ئۇلار تاختاي سېلىپ ياسالغان ئورۇنغا جايلاشتى.

تۆتىمىز تالاغا چىقىپ ياتاقنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن زامانلاردىن قالغان ئېگىزلىكى بىر مېتىرغا يەتمەيدىغان، ئۇپراپ كەتكەن سوقما تامنىڭ تۆۋىگە كېلىپ ئولتۇردۇق.

ھېلىقى بىزنى باشلاپ كەلگەن پاكار بويلۇق، قىسماق كۆزلۈك خەنزۇ ئايال كېلىپ بىزگە ئاشخانىدىن كىچىك بالىنىڭ مۇشتۇمىدەك تۆت دانە گاۋلياڭ (قىزىل قوناق) نىڭ ھوردا پىشۇرۇلغان نېنىنى (موما) ئېلىپ كېلىپ بەردى، بىز ئۇنىڭغا:

ــ بەك ئۇسساپ كەتتۇق، سۇ ئېلىپ كېلىۋالايلىمۇ، دەپ سورىدۇق.

ئۇ ياق سىلەر بارساڭلار بولمايدۇ، مەن ئەكېلىپ بېرىمەن. سىلەر مۇشۇ جايدا مومىنى يەپ تۇرۇڭلار، دەپ ياتاققا كىرىپ ھېلىقى چىۋىن بېسىپ كەتكەن، پاسكىنا قاچىدىن ئىككىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بىز ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ سۇ ئالىدىغان قاچىمىزنىڭ بارلىقىنى، دەپ ياتاقتىن ماھىنۇرنىڭ باكلاشكا قۇتىسىنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ تاماق قاچىلىرىمىزنى ئېلىپ چىقتۇق ۋە چېلەك بولسا سۇ ئېلىپ كېلىپ يۈز ـ كۆزىمىزنى يۇيۇپ ئالساق، دەپ ئۆتۈندۇق.

ئۆزىمىزنىڭ قاچىلىرىمىز بىلەن ئاشخانىدىن چېلەك سوراپ كۆرەرمىز، بەرسە ئېلىپ كېلەيلى، دەپ ساجىدە بىلەن زورەمنى ئېلىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي ئۇلار سۇ ئېلىپ كېلىشتى.

بىر قاچا سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن «ئۇھ» دەپ جېنىم بىر ئاز ھوزۇر تاپتى. سۇ ھەقىقەتەن تاتلىق، لەززەتلىك ھەم مۇزدەك ئىدى. نېمە دېگەن ياخشى سۇيى بار بۇ يەرنىڭ، دەپ ئويلىدىم.

بىز تۆتىمىز سوقما تامغا يۆلىنىپ غېرىب ـ مۇساپىرلاردەك خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىپتۇق.

ئۇدۇلىمىزدىكى ئىككىنچى ياتاقتىن 15، 16 ياشلار ئەتراپىدىكى ئۇزۇن سېرىق چاچلىق، ماش كۆزلۈك، ئاپاق چىرايلىق بىر قىز چىقىپ بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ قايتا

كىرىپ كەتتى.

بىز: بۇ يەردە بىز ئۇيغۇرلاردىنمۇ بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇشىمىزغا يەنە شۇ ئىشىكتىن 16، 17 ياشلار ئەتراپىدىكى ئۇزۇن قارا چاچ، قارا كۆز، قارا قاش، ئاپاق، ئوتتۇرا بوي بىر قىز چىقىپ ئۇمۇ بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر سېرىق چاچلىق تۇرگۇن بىر قىز چىقىپ بىزگە قاراپ بوينىنى بىر تولغاپ قويۇپ ئۇمۇ كىرىپ كېتىپ تۇرغاندا، ھېلىقى كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيدىن، ئۇزۇن بويلۇق، سېمىز كەلگەن، سەل بۇدرىسى بار قارا چاچلىق، قارا قاش ھەم قۇندۇزنىڭ كۆزىدەك قاپقارا كۆزلۈك يۈزىدە قويۇق قارا چوقۇرى بار، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر ئايال چىقىپ:

ـ ماشىيوك، دەپ چاقىردى.

ماشىيوك دېگەن ھېلىقى بىزنى ئېلىپ كىرىپ سۇ ئېلىپ كەلگەن ئايال ئىكەن.

ماشىيوڭغا: ماك، ئايالالارنى ئويغات، ئىش ۋاقتى بولدى، ئىشقا چىقسۇن، دېدى. ئۇ بىزنى كۆرگەن بولسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆيگە قايتا كىرىپ كەتتى.

ماشىيوك پۈشتەكنى چېلىپ، ئىككى ياتاقنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئايالالارنى ئىشقا ھەيدەشكە باشلىدى. ياتاقلاردىن ئايالالار بىرلەپ، ئىككىلەپ چىقىپ گەمىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كۆرۈنمەي كېتەتتى. گەمىنىڭ كەينى تەرىپى ئەسلىدە كەڭ كەتكەن كۆكتات مەيدانى ئىكەن. ئايالالارنىڭ ھەممىسى ياتاقتىن چىقىپ كۆكتات مەيدانىغا قاراپ كېتىشتى.

ھېلىقى قىزلار چىققان ياتاقتىن بايىقى ئۈچ قىز چىقىپ بىزگە قاراپ تۇرۇشقا بۇلارنىڭ كەينىدىن شۇ ياتاقتىن ئېگىز بويلۇق، سالاپەتلىك ئۇزۇن قارا چاچلىق، خېلى قاملاشقان 40 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئايال چىقىپ بىزگە بىر قاراپ قويۇپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇددى بىزنى كۆرمىگەن ئادەمدەك مېڭىپ دۈيجاڭنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

ـ دۈيجاك ماۋۇ يېڭى كەلگەنلەر ئىشقا چىقامدۇ؟ دەپ سورىدى.

ـ دۈيجاك: ياق بۈگۈن دەم ئالسۇن، ئەتە چىقىدۇ، دېدى.

بۇ ھالەتتە بىزگە بۇ سۆز ئېغىر كەلگەندەك بولدى.

ساجىدە: تازا بىر قوتۇر ئاكتىپنىڭ بىرسى ئوخشامامدۇ، دېدى.

زورەم قاراپ تۇرۇپ: مەن بۇنى تونۇيمەن، قۇمۇل ناخشا ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ ئالتۇنخان دېگەن ئاتاقلىق ئەتسى، گومىنداڭ ۋاقتىدا جاڭ جېشىلارغا ئويۇن قويۇپ

شاڭخەي، تيەنجىنلەرگە بېرىپ كەلگەن ئاتاقلىق ئارتىس ئاينىسا دېگەن ئارتىسنى ئاڭلىغانمۇ؟ شۇلار بىلەن ئارتىسلىق قىلغان ئەرتىسلار بۇ، دېدى. ماھىنۇر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

ھە، بىيجىڭدىكى مۇنەۋۋەر، ئاينىسا دېگەن ئارتىسلار بىلەن بىرگە بولغان ئارتىس ئىكەن ھە، دېدى.

مەن: ئۇ بۇ يەرگە نېمىگە كەلگەن ئەمىسە؟ دەپ سورىدىم.

زورەم يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، قۇمۇلدا «سىيت باتۇر» دېگەن كىشى بار ئىدى. ئۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بەلكى سىلەرمۇ ئاڭلىغان بولساڭلار كېرەك، شۇ ئادەم پارتىيىگە قارشى تەشكىلات قورۇپتۇ، دەپ «سىيت تەشكىلاتى» دېكىلەر دېگەن باھانىدا قۇمۇلدا بەك كۆپ ئادەمنى قولغا ئالدى. ئالتۇنخان سىيت باتۇر بىلەن يېقىن ئىكەن، شۇڭا ئۇنىمۇ مۇناسىۋىتى بار، دەپ قولغا ئېلىپتۇ، دېدى.

ئالتۇنخانمۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىپتىمۇ؟ دەپ سورىدىم مەن.

زورەم: ياق، سىيت باتۇرنىڭ ئادىشى ئىكەن، سەن «سىيت باتۇر» نىڭ ئىشىنى بىلىسەن، دەپ قولغا ئالغان ئىكەن. مەن قۇمۇلدىكى ۋاقتىمدا ئاڭلىغان، ئۇنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەپتۇ، دەپ ھەيران بولدى.

بۇ ئايالنىڭ ئېرى يوقمۇ؟ دەپ، ماھىنۇر زورەمنىڭ يۈزىگە قارىدى.

ئېرىغۇ بار، لېكىن مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ئاجرىشىپ كەتتى. ئۆيلىگۈدەك ئوغۇللىرىمۇ بار. باللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېرىگە قالدۇرغان ئىكەن، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇنخانغا قارىمايدۇ، دېدى.

ئۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان ئادەملەر كۆپمىكەن؟ قانچىسىنى قولغا ئالدى؟ دەپ سورىدى ساجىدە. بۇلارنىڭ تەشكىلاتىدا ئادەملەر جىق ئوخشايدۇ، نۇرغۇن ئادەملەرنى قولغا ئالدى. سىيت باتۇرنى تۆمۈر قەپەسكە سېلىپ، پۇت ـ قوللىرىغا تۆمۈر ئىشكەل سېلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق.

شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ھېلىقى دۈيجاڭ ئايال چىقىپ:

ھەي سىلەر بۇ يەرگە كېلىڭلار، دەپ بىزنى ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. خىشتىن سېلىنغان بۇ ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ دالان ئۆيى ئىشخانا بولۇپ، بىر جوزا (ئۈستەل) ئىككى ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، كىچىك دېرىزىسىدىن ئۆيگە غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى.

تۆتىمىز تام ياقىلاپ قاتار تىزىلىپ تۇردۇق، ھېلىقى ئايال ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

ــ مەن مۇشۇ ئاياللار ئەترىتىنىڭ باشلىقى، يەنى دۇيجاڭمەن، ئىسمىم گۈلنىسا، ھەرقانداق ئىشىڭلار بولسا ۋە ھەرقانداق سۆزۈڭلار بولسا ماڭا كېلىپ دەيسلەر، سىلەرنىڭ ھەممە ئىشىڭلارغا مەن مەسئۇل، دېدى. ئاندىن تارتمىنى ئاختۇرۇپ ئانكىتلارنى ئالدى ۋە ھەر قايسىمىزغا ئايرىم ـ ئايرىم ئانكىت تولدۇردى. ماڭا كەلگەندە ماڭا قاراپ سەن ئورۇسمۇ؟ دېدى.

ــ ياق دۇيجاڭ، مەن ئورۇس ئەمەس، مىللىتىم تاتار، دېدىم.

ــ ھە يالغان دەۋاتامسەن؟ ئورۇسقىلا ئوخشاپ تۇرمامسەن، يالغان گەپ قىلما، دېدى.

تۆتىمىز كۈلۈپ كەتتۇق، ساجىدە:

ــ دۇيجاڭ، ئۇ راست تاتار، دېدى.

ئانكىتلارنى توشقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، دۇيجاڭ  بىزگە:

شىيگوبى بىنا بولغاندىن بۇيان بىزگە بۇنداق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغان، ئالىي بىلىملىك ئاياللار كېلىپ باقمىغان، تاتاردىنمۇ بىرىنچى قېتىم كېلىشى، سىلەر ئەمدى باشقىلار ئالدىدا ئۈلگىلىك بولۇڭلار، بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ بارلىقى ئوغرى، يانچۇقچى، بۇزۇق، ئەپيۈن چېكىدىغان لۈكچەك قىماۋازلار، ئۇلارغا ئۆزلىرىگە لايىق دىكتاتورا يۈرگۈزمىسەك باشقۇرۇپ كېتەلمەيمىز. بىللە ياشاش جەريانىدا بۇنى ئۆزۈڭلارمۇ بىلىپ قالىسىلەر، دېدى. ھەم ئارتۇق كىيىم ـ كېچەك، نەرسىلىرىڭلار بولسا ياتاقتا قويماڭلار، ئىسكىلاتتا ساقلايمىز، ھازىر ئېلىپ چىقىپ بېرىڭلار، دېدى.

بىز نەرسىلەرنى رەتلەپ ئىسكىلاتقا ئۆتكۈزۈپ ياتاققا قايتساق، ئاياللار ئەمگەكتىن قايتىپ كەلگەن ئىكەن. بىز ياتاققا نەرسىلىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇشىمىزغا ئالتۇنخان كىرىپ:

ــ يۈرۈڭلار، قىزلار تاماق ۋاقتى بولدى، بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەيلى، دېدى.

بىز تالاغا چىقساق ئىشىك ئالدىغا كىگىز ـ ئەدىياللارنى سېلىپ ئۈستىگە كۆرپە سېلىپتۇ- دە، داستىخانلارنى يېيىپ داستىخان ئۈستىگە گاۋلياڭ (قىزىل قوناق) موملار بىلەن كۆك لوبىنى سۇدا پۇشۇرۇپ ئالغان لوبۇ شورپىسى ۋە بىر قانچە خىلمۇ خىل قاچىلاردا قايناقسۇ قويۇپ ھازىرلاپتۇ ۋە تۆت تەرەپكە تۆمۈر تەخسىلەرگە ئات تېزەكلىرىنى سېلىپ ئوت يېقىپ ئىس سېلىپ قويۇپتۇ. ئەتراپلارغا سۇ سېپىپ سۈپۈرۈپ تازىلىغان

ئىكەن، چىرايلىق ۋە كۆڭۈللۈك بولۇپ قاپتۇ. ھەممىمىز داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتۇق ھەم بىر - بىرىمىز بىلەن تونۇشتۇق، بىز كېلىشتىن بۇرۇن كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە تۆت مىللىي ئايال بولۇپ، زورەم دېگەندەك ئالتۇنخان دېگەن قۇمۇل ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ ئارتىسى «سىيت باتۇرنىڭ» تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغان ئىكەن.

قۇمۇلدىن يەنە تىللاخان دېگەن ئايالنى جەمىيەت تەرتىپىنى بۇزغان، دەپ قولغا ئېلىپ كېلىپتۇ.

ئالتۇنخان تونۇشتۇرغان خاسىيەت دېگەن قىز 16، 17 ياشلاردىكى قارا قاش، قارا كۆز، ئاپاق ئۇماققىنا بىر قىز بىزدىن تارتىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئەھۋالىنى سۆزلەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

ئۇ 15 ياش ۋاقتىدا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان بىر ئايال:

— جور بازارغا چىقىپ چۆرگىلەپ كېلەيلى، دەپ ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ «مېنىڭ تونۇشۇمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆتەيلى» دەپ بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. مەن خىجالەت بولۇپ، «تالادا تۇرۇپ تۇراي سىز كىرىپ چىقىڭ» دېدىم، ئۇ ئايال كىرىپ 5، 10 مىنۇتتىن كېيىن ياشقىنا بىر ياشنى باشلاپ چىقىپ، بۇ بالا بىزنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ كېلىدۇ، جور، دەپ مېنى باشلاپ قارا ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا ئېلىپ كىردى. كوچا - كوچىلاردىن ئۆتۈپ بىر يەرگە كەلگەندە قوشنام:

— سەن ئولتۇرۇپ تۇر، ماۋۇ دۇكاندىن نان ئېلىپ چىقاي، ئاندىن بۇ بالا بىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويىدۇ، دېدى. مەن: ماقۇل بولۇپ، ماشىنىدا ساقلاپ ئولتۇردۇم. بىر ھازا كۈتتۇق ئۇ ئايال كەلمىدى، ماشىنا ھەيدەيدىغان ياش «مەن كىرىپ باقاي» نېمە بولدىكىن، دەپ كىرىپ نان كۆتۈرۈپ چىقتى، يېنىدا قوشنا ئايال يوق ئىدى، مەن يىغلاشقا باشلىدىم. ئۇ ياش: يىغلىماڭ مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، دەپ ماشىنىنى ھەيدەپ ماڭدى. مەن يىغلاپ ئولتۇرۇپ يولغا قارىماپتىمەن، خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئۆيگە كېلىپ قالدۇقمۇ، دەپ قارىسام ھېچقانداق ئۆي يوق كەڭ دالادا كېتىۋېتىپتىمىز، يۈرىكىم يۇلۇنغاندەك بولۇپ، قاتتىق قورقۇپ ۋارقىراپ يىغلىدىم ۋە:

— ماشىنىنى توختات چۈشۈپ قالىمەن، دېدىم، مەن قانچە قىلساممۇ ئۇ قۇلىقى ئاڭلىمىغاندەك ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋەردى. مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ؟ دەيسىلەر، شۇنىڭ بىلەن كۇچاردىن بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە كەلدۇق، مېنى

شۇنداق ۋەيران قىلىپ ئېلىپ كەلگەندىكىن، ماڭا ئىگە بولغان بولسا يەنە مەيلى، دەپ ئۆتۈپ كەتمەسمىدىم. لېكىن شەھەرگە كىرىپ، مېنى ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. تاماق يېدۇق، ئاندىن ئۇ ياش: سىز مۇشۇ يەردە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن يۆكنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، سىزنى ئالغىلى كېلىمەن، دەپ چىقىپ كەتتى. شۇ كەتكەنچە تاكى قاراڭغۇ چۈشتى، ئۇ تېخىچە كەلمىدى، مەن قورقۇشقا باشلىدىم.

دۇكان ئىگىلىرى دۇكاننى تاقايمىز، دەپ كىشىلەرنى دۇكاندىن چىقىرىشقا باشلىدى. مەن يىغلىدىم، بىر ئادەم كېلىپ «نېمە بولدى ئۇكام، دەپ سوراپ ھەيران بولدى، مەن ئۇ ياشنىڭ قىلغانلىرىنى ئېيتتىم، ئۇ ئادەم:

ۋاي ئۇكام، ئۇ ياش ئەمدى سىزنى كېرەك قىلمايدۇ، ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئۆگەنگەن، سىز كۆننىڭ يورۇقىدا چىقىپ بىرەر ياتاقنى تېپىپ جايلىشىۋېلىڭ» دېدى.

بېشىمغا كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك بولدۇم، بۇ ماڭا شۇنداق بىر قاتتىق كۆن بولدى، يىغلىدىم.

ــ چىقىڭ ئۇكام، چىقىڭ، دۇكاننى تاقايمەن، دېدى.

ئاخىرى ئامالسىز دۇكاندىن چىقتىم، نەگە بېرىپ، نېمە قىلىشىمنى ئويلاشمۇ قىيىن ئىدى. دۇكاندىن چىقىپ بىر قەدەممۇ ماڭماستىن ئىشىك ئالدىدا تۇردۇم، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، ھېچ يەرنى بىلمەيتتىم، قاتتىق توڭلاپ مۇزلاشقا باشلىدىم. نېمە قىلىش كېرەك؟

ئىلاجسىز قالدىم. ئۆتكەن - كەچكەنلەر قاراپ - قويۇپ ئالدىراش ئۆتۈپ كېتەتتى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن، ئوتتۇرا ياشلىق ئۇزۇن بۇرۇتلۇق بىر ئادەم ئالدىمدىن ئۇياققا بىر بۇياققا بىر ئۆتتى، ئاندىن كېلىپ:

ــ ھەي نېمە قېلىپ تۇرىسەن؟ دەپ يېنىمغا كەلدى، مەن ئەھۋالنى ئېيتتىم «جور ئۇنداق بولسا» دەپ مېنى ئەگەشتۈرۈپ بىر ياتاققا ئېلىپ كەلدى، ئەتىسى ئۇ ئادەم چىقىپ كەتتى، يەنە كوچىدا قالدىم.

شۇنىڭ بىلەن پۇلسىز، نوپۇسسىز، ئىشسىز، ماكانسىز كوچىدا قالدىم. شۇنداق قېلىپ مۇشۇ يولغا كىرمەي ئامالىم قالمىدى، مۇشۇ يولغا كىرىپ قولغا ئېلىنغاندىن بېرى ماڭا ھازىرقى مۇشۇ تۇرمۇشۇم ياخشى ھەم تىنچ بولدى، دېدى. بىز جىمجىت بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدۇق، ھەممىمىز بىر گۆلدەك گۈزەل ياش قىزلارنىڭ ۋەيران بولغىنىغا بەك ئېچىندۇق ۋە شۇنداق بۇزۇق ئادەملەرگە لەنەت بولسۇن، دەپ ئۇ ئادەملەردىن نەپرەتلەندۇق.

مەن تىنچلىقنى بۇزۇپ:

بۇ يەردە ئادەملەرنى ئورامدۇ قانداق؟ دەپ سورىدىم.

ئالتۇنخان غەمكىن كۆزلىرى بىلەن بىزگە قاراپ تۇرۇپ:

ھۆكۈمەتنىڭ سىياستى قەغەز يۈزىدە چىرايلىق يېزىلغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەكسى بۇ يەردە، دۆيجاڭ، گەنسى، تېخنىكلار، قىسقىسى ئاددىي كادىردىن تارتىپ ھەممىسى ئادەم ئۇرىدۇ. كادىرلارنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشقا بولمايدۇ. تاياق ـ توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىدۇ. ئەگەر ئاغرىپ قالسا ياتاقتا قالدۇرمايدۇ، ئارغامچا بىلەن قولىدىن ياكى پۇتىدىن باغلاپ ئېتىز بېشىغا سۆرەپ چىقىپ، مۇشۇنداق ئىسسىق كۈنلەردە، قىش كۈنلەردە سوغۇقلاردا تالادا ياتقۇزۇپ قويىدۇ، دېدى. مەن ھەيران بولۇپ:

راستمۇ؟ سىلەرنى شۇنداق قىلىپ باقتىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ئالتۇنخان ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن ھەممىمىزگە قاراپ قويۇپ:

مەن كەلگەندىن بىرى ئاياللاردىن ئاغرىپ قالغىنىنى كۆرمىدىم. لېكىن ئەرلەرنى بىر قانچە قېتىم سۆرەپ چىققىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، دېدى.

زەينەپ ئالتۇنخاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

راست بىزمۇ كۆردۇق، يېقىندا مەيداندا چوڭ يىغىن ئېچىپ بىزگە ئۇقتۇردى.

قايىسىڭلار قاچساڭلار، جاجاڭلار بىر پاي ئوق، يۈرىكىڭلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىز بىلىمىز، بىر پاي ئوق ئاتساق ئۆلىسىلەر، دەپ بىزگە قاراپ قويىدى. بىز شۇنداق قورقتۇق. بىز كەلمەستىن بۇرۇن بىر ئادەم قاچقان ئىكەن «توختا!» دېسە توختىمىغاندىن كېيىن، ئېتىپ تاشلاپتۇ، دېدى.

قىزلار: راست، بىز كەلگەندىن بىرى بىر قانچە قېتىم شۇنداق قىلدى. بىز كۆرۈپ يىغلاپ كەتتۇق. يېقىندا مەيداندا يىغىن ئۆتكۈزۈپ كىمدە كىم ياخشى ئىشلىمىسە، تەشكىلگە بويسۇنمىسا جازالايمىز، جىسى بېشىغا سولايمىز. (جىسى بېشى دېگەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ ئادەم سولايدىغان تۈرمىسى يەنى يەرنى 3 ـ 4 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولاپ شۇ قاراڭغۇ زەي ئورىغا سولاپ قويىدىغان يەر) ئەگەردە كىم قاچسا چوقۇم ئاتىمىز، دەللەپ تۇرۇپ ئاتساق گەپ ـ سۆزسىز ئۆلىسىلەر، ئەگەردە قېچىپ چىقساڭلار جاڭگالدا چىلبۆرە بار، ئۇلار سىلەرنى يەپ كېتىدۇ. ئۆتكەن يىل قاچقان بىر ئوغرىنى چىلبۆرە يەپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قېچىپ كېتىمىز دەپ ئاۋارە بولماي، تىنچ تەشكىلاتنىڭ بۇيرۇقىغا

بويسۇنۇپ، ياخشى ئىشلەشتىن باشقىنى ئويلىماڭلار، دېدى.

بىز شۇ پاراڭلاشقانچە قاراڭغۇ چۈشكىچە شۇنچە راھەت، شۇنچە كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. پاشىلارنىڭ ئۇياق ـ بۇياقتىن كېلىپ چېقىپ كېتىشى بىزنىڭ ئارامىمىزنى بۇزاتتى. بىز شۇنداق كۆڭۈللۈك ئولتۇرغاندا تار يولدىن دۈيجاڭ ئايال چىقىپ:

ـ تۇرۇڭلار! تېخىچە ئۆگىنىش قىلماپسىلەر ـ دە، ياتاقلارغا كىرىپ گېزىت ئوقۇپ سىياسەت ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىڭلار، ئالتۇنخان سەن بۇ يېڭى كەلگەنلەرگە گۇرۇپپا باشلىقى بول. سىياسەت ئۆگىنىشكە سۆيۈنگۈل شۇلارنىڭ باشلىقى بولىدۇ. ئۆگىنىش قىلىڭلار، دەپ چىقىپ كەتتى. ئالتۇنخان بىلەن زەينەپنى بىزنىڭ ياتاققا كۆچۈرۈپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىككى خەنزۇ قىزنى ئىككىنچى ياتاققا كۆچۈرۈپ چىقاردى. قىسقىسى، بۇ كېچە ھېچ قانداق ئۆگىنىش قىلمىدۇق. ئۆز پاراڭلىرىمىز تۈگىمىدى.

ياتار ۋاقتى بولدى. ساجىدە بىلەن ئىككىمىز ئورۇنلىرىمىزنى داق يەرگە سېلىپ، ئاق يايما، ئاق يوتقان تاش، ئاق ياستۇق قاپلارنى كىيدۈرۈپ مەكتەپتىكى ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاش قىلىپ ئاپاق پاكىز ئورۇنلاردا ياتتۇق.

كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا كېتىشىم بىلەن پۈتۈن بەدىنىمگە ئوت كەتكەندەك بولدى. كۆزۈمنى ئاچسام ساجىدە ئولتۇرۇپتۇ.

ھەي سۆيۈن بۇنىڭغا  قارا، دەپ ئورۇنلارنىڭ ئۈستىنى كۆرسەتتى، سالغان كىرلىك قىپقىزىل قانغا بويالغان بولۇپ، مىڭلىغان چۇسلار قان ئۈستىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى. پۈتۈن بەدىنىم لازا سۈركىگەندەك ئېچىشىپ قىپقىزىل بولۇپ، كۆپۈپ كېتىپتۇ، مەن ساجىدەگە قاراپ:

ـ ئاللاھ! ساجىدە قانداق ئۇخلايمىز، ئەمدى بۇ بىر ئىش بولدى دېگىنە، دېدىم. ساجىدە كىرلىكلەرنى  قېقىۋېتىپ: سەنغۇ بىر ئاز بولسىمۇ ئۇخلىدىڭ، مەن پەقەت كۆزۈمنى يۇمالمىدىم، دەپ باشقىدىن ئورۇن سېلىپ يېتىشىمىز بىلەن چۇسلار يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا يامراپ كەتتى. ئاخىرى چىدىماستىن ساجىدە ئىككىمىز تۇرۇپ ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقتۇق. بىز تالاغا ئورۇن سېلىپ ياتماقچى بولدۇق، ھېلىقى قىسماق كۆز ماشيۇڭ يېنىمىزغا كېلىپ: ھەي تالادا يېتىشقا رۇخسەت يوق، ئۆيگە كىرىپ كېتىڭلار، دېدى. بىز: چۇسى چېقىپ ئۇخلاتمىدى، دەپ ئورۇننى سېلىپ، ئەدىيال يېپىنىپ ياتتۇق، تالانىڭ ھاۋاسى راھەت ھەم كۆڭۈللۈك ئىدى. ئاينىڭ يۈزى پۈتۈن جاھاننى يورۇتۇپ كۆڭۈلگە ھۇزۇر بېرەتتى. ئازغىنە بولا ـ بولماس سالقىن شامال چىقىپ تۇراتتى.

كۆزەتچىلىك قىلغان ماشىۋۇڭ بىزگە سۆزىنى ئۆتكۈزەلمىگەندىن كېيىن ئىشىكنى ئۇرۇپ دۇيجاڭنى ئويغىتىپ چىقتى؟

ــ ماۋۇ يېڭى كەلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مېنىڭ گېپىمگە كىرمەستىن «چۇسى تالاپ ياتالمىدۇق» دەپ تالادا يېتىۋالدى، دېدى. بىز بېشىمىزنى ئەدىيالنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئالغان ئىدۇق.

دۇيجاڭ: سەن بۇلارغا ياخشى قارا قېچىپ كەتمىسۇن، بۇلار مەكتەپتىن كەلگەچكە ئەركىن، ئەتە بىر تەرتىپ ـ تۈزۈمنى ئۇقتۇرۇپ قويارمىز، دەپ كىرىپ كەتتى.

بىز خۇيما ياخشى بولدى، دەپ ئۇخلايلى، دەپ تۇرساق، پاشىنىڭ چېقىشى چۈسىنىڭكىدىن يامان بولدى. ئەدىيالنىڭ سىرتىدىن چاققاندا چىداپ بولمايتتى. شىيگوبىننىڭ «جىلىڭ مومىنى ئېلىپ قاچقۇدەك پاشىسى بار» دېگەن داڭقى باركەن.

ئاخىرى چىدىماستىن ياتاققا قايتا كۆچۈپ كىرىپ ياتتۇق، لېكىن تاڭ ئاتقۇچە ھېچ بىرىمىز كۆز يۇمۇپ ئۇخلىيالمىدۇق.

تاڭغا يېقىن شۇنداق بىر تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئىكەنمەن، قانداقتۇر تاراق ـ تۇرۇق كىرىپ ـ چىقىشلار، ۋايجان، ۋايىەي ئەمدى قانداق قىلدۇق، ئۆلتۈرىدىغان بولدى، دەپ زارلىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ بىر قانچە سېكۇنت ئۆزۈمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ گەمە ئىچىدە ئىكەنلىكىمنى ئەسلەپ:

نېمە بولدى؟ نېمىشقا يۈگۈرۈشۈۋاتىسىلەر؟ دەپ سورىدىم. تالادىن زەينەپ يۈگۈرۈپ كىرىپ، پەمىدۇرلىقتا بىر ياشنى بەك قاتتىق ئۇرۇۋاتىدۇ، ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ دەپ بولۇپ، جېنى سىقىلغاندەك بىر جايدا تۇرالماي يەنە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ھەقىقەتەن قۇلاق سالسام بىر ئادەمنىڭ قاتتىق زارلاپ ۋارقىراپ ۋايجان ـ ۋايجان دېگەن زارلىق ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. يۈرىكىم سىقىلىپ كۆڭلۈم شۇنداق ئەسكى بولدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈگۈرۈپ چىقىپ گەمىنىڭ يان تەرىپىدىن ئېتىزلىققا قارىسام ئىككى قولىدىن ياغاچقا ئېسىپ قويۇپ، ئىككى خىتاي يوغان تاياق بىلەن رەھىمسىزلەرچە يۈك ساۋىغاندەك ئۇرۇۋاتاتتى. قاراپ تۇرۇشقا كۆڭلۈم چىدىماستىن تاقىتىم كەلمەي تەتۈر قارىۋالدىم. ئۇ ئادەم بىر ـ ئىككى تۈۋلىغاندىن كېيىن جىم بولدى. لېكىن تاياقنىڭ ئاۋازى توختىماستىن بىر خىلدا ئۇرۇۋاتاتتى. مەن چىدىيالماستىن ياتاققا قايتىپ كەلدىم.

خەنزۇ قىزلار ياتاقتا ئاغزىغا كەلگەن يامان تىل بىلەن: «ۋەھشىي يىرتقۇچلار، بىر تال پەمىدۇر ئۈچۈن شۇنچە ئۇرغان بارمۇ! شۇنى كىم تېرىپ ئۆستۈردى. بىر تال پەمىدۇرنى

دەپ ئۆلتۇرىدۇ، ياۋۇزلار، جاللاتلار، ۋەھشىيلەر» دەپ تىللاپ كەتتى.

مەن چىدىماستىن يەنە چىقىپ قارىدىم، ئۇ ئادەمنى يېشىپ يەرگە چۈشۈرۈپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۆلۈكمۇ تىرىكمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۆلۈكتەك مىدىرلىمايتتى. بىز ئىشقا چىقىشنىڭ ئالدىدا ئۇ ئادەمنى ئىككى قولىدىن تارتىپ سۆرەپ ئەرلەر ياتاق ھويلىسىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

كېچىدىكى ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ئەتىگەنكى ئەھۋاللار قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئۆزۈمنى بىر يېرىم جېنىمغا پېتىپ ئاغرىۋاتقان كېسەل كىشىدەك يامان ھالەت بىلەن ئىش مەيدانىغا چىقتىم. يېڭى ئۆسۈپ كېلىۋاتقان كۆزلۈك كۆكتات بىلەن كۆك لوبىنى تاللاش ئۈچۈن ھەر بىرىمىزگە چوڭ ئۈچ ئېتىزدىن يەر بۆلۈپ بەردى.

مەن ئەڭ چەتتىكى ئېتىزدا تۈرلۈك خىياللار بىلەن ئۆزۈمگە بۆلۈنگەن ۋەزىپىلەرنى ئىشلەپ بولۇپ، قىزلار يادىمغا كېلىپ توختاپ ئېتىزلىقلاردىن ئۇلارنى ئىزدەپ قارىسام ماھىنۇر، زورەم، ساجىدە ئۈچىسى بىر يەرگە يىغىلىپ يېقىن ئولتۇرۇپ، قىزغىن ھالدا نېمىلەرنىدۇر سۆزلىشىۋاتاتتى. دۈيجاڭ كۆرۈنمەيتتى. باشقىلارغا قارىسام ھەر بىر ئېتىزدا ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ، پاراڭلىشىپ ئىشلەۋاتاتتى. مەن ئۇ ئۈچىسى نېمە توغرىسىدا شۇنچە قىزغىن سۆزلىشىۋاتقاندۇ، دەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇلار مېنى كۆرۈشى بىلەن «كەل بىز بىر نېمە ئويلاۋاتىمىز» دېدى.

ھە نېمە؟ ياخشىغۇ، دەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم، بۇلارنىڭ يۈزىدىن قانداقتۇر ئەركىنلىك ۋە خۇشاللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

نېمە بولدۇڭلار؟ سىلەر بەكمۇ خۇشالغۇ؟ ياخشىلىق بولسۇن! دەپ كۈلدۈم.

ساجىدە: بىز بىر نېمىنى ئويلاپ پىلان تۈزۈۋاتىمىز، بىلەمسەن؟ بىز مۇشۇ يەردىن كېتەيلى دەۋاتىمىز، دېدى.

خۇدايىم ساقلاپ كېلىپ قاپتىمەن، بولمىسا سىلەر بىلەن خوشلىشالماي قالىدىكەنمەن، دەپ كۈلدۈم.

ئۇلارمۇ كۈلۈشتى. مەن ياخشى گەپ قىلدىڭلارغۇ نەگە كېتىمىز؟ دېدىم.

زورەم خىجالەت ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ ئىشارەت بارمىقى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ئەگەر سىلەر ماقۇل دېسەڭلار ھېچنېمىدىن غەم قىلماڭلار، بارلىق ئىقتىسادىڭلارنى

مەن بوينۇمغا ئالىمەن، دېدى.

ــ قاچقاندا نەگە بارىمىز! قەيەرگە بارساقمۇ كوممۇنىست پارتىيىسى بار، تۇتۇپ بېرىدۇ. قېچىپ قۇتۇلغۇدەك يەر بارمۇ؟ ھېچقانداق ئورۇن يوق. بۇنداق ئويلارنى قويۇڭلار، دېدىم.

ساجىدە تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان ئىدى، ئۇ بىزگە يېقىن كېلىپ سۆزلىمەكچى بولۇپ تىزلىنىپ:

«بۈگۈن سەھەردىكى نەرسە مېڭەمدىن زادى كەتمەي، ئىچىم قايناپ تۇرىدۇ. بىر بېرىپ گۇڭخەنتىڭدىكى چىرايلىق سىياسەتچىلەرگە مۇشۇ يەردىكى ئەھۋالنى دەيلى، ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىتىدىن بىزنىڭ سىياسىي تۈزۈمىمىزنىڭ ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقى «بىز ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەربىيە بېرىپ جىسمانىي جازا قوللانمايمىز» دەپ ماختىنىشىدۇ. ماۋۇ قىلغانلىرى قانداق سىياسەتكە كىرىدىكەن، بىز بېرىپ دەيلى، شۇڭلاشقا قېچىپ گۇڭخەنتىڭغا بارايلى، دېگەن قارارغا كەلدىم» دېدى.

زورەم تۇرۇپ:

گۇڭخەنتىڭدا بىزگە نېمە بار؟ قېچىپ چىقىپ خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە كېتەيلى، بىر قانچە يىللار تۇرۇپ قايتساق، يىلىمىز توشقاندىن كېيىن قولغا ئالمايدۇ، دېدى.

بۇ پىكىرگە ماھىنۇر قوشۇلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ پىكرىگە بىز قوشۇلمىدۇق.

ــ ۋەيران بولۇپ، ئىشسىز، پۇلسىز كۆلىدا نېمە قىلىمىز؟ ياق، پەقەت خاراب بولىمىز. ئۇ پىكىرگە قوشۇلمايمىز، دېدۇق.

ئەڭ ئاخىرى ئۇلار:

ــ نېمە بولسىمۇ كېتەيلى، ئۇرۇمچىگە بارغاندىن كېيىن، سىلەر ئۆز يولۇڭلارغا، بىزمۇ ئۆز يولىمىزغا كېتەرمىز، دېدى.

ساجىدە:

ــ نېملا بولمىسۇن بىز بۇ ئەھۋاللارنى شۇلارغا دەيلى، بۇ يەردە بۇلار ئۆزلىرى سىياسەت چىقىرىپ خالىغانچە ئادەملەرنى بوزەك ئېتىپ كېتىۋاتىدۇ، پارتىيىنىڭ سىياستىدە ئادەم ئۇرۇش دېگەن نەرسە چوقۇم يوق. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى خاتا، يۇقىرىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ، دېدى.

مەن تۇرۇپ: ھەي قىزلار بۇ ئىككىسىنى ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، يۇقىرىدىن

بۇيرۇق قانداق بولسا بۇلار شۇنداق ئىشلەيدۇ. بۇلارنىڭ سىياستى قەغەز يۈزىدە يۇمشاق، ئەمەلىيەتتە قاتتىق بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدىن ھېچ نەتىجە چىقمايدۇ، بۇ ئىشقا ئاۋارە بولمايلى، دېدىم.

ساجىدە ئۆز سۆزىدە قاتتىق تۇرۇپ: ياق تۈزۈم بىر بولغان بىلەن باشقۇرغۇچىلار ھەر خىل ئادەملەر، بۇنداق بىر تال پەمىدۇر ئۈچۈن ئادەم ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە، سوتسىيالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى نەدە؟ فاشىزم دېسە بولمامدۇ؟ بارايلى نېمىلا بولمىسۇن بىر ئېيتىپ كۆرەيلى، دەپ تۇرۇۋالدى.

– نېنىڭ سىلەردىن ئايرىلىپ قالغۇم كەلمەيدۇ، قالساممۇ سىلەر قاچساڭلار ماڭا ياخشى كۈن يوق، ئادەم بالىسى دۇنيادا ھەر نەرسىنى كۆرۈش كېرەك. مەيلى، قېچىپ بۇ تۇرمۇشنىمۇ باشتىن ئۆتكۈزۈپ كۆرەيلى. بارساق گۇڭەنتىڭنىڭ ئۆزىگە بېرىش كېرەك. ئۇلار نېمە دەر، ئۇنىمۇ ئاڭلاپ كۆرەرمىز. بۇلارنى ئاپىرىۋەتسەكمۇ يەنە كەپتۇ، قۇتۇلالمىدۇق دېسۇن، دېدىم ۋە كۈلۈشتۇق.

شۇنىڭ بىلەن تۆتىمىز پىلان تۈزدۇق، يولدا يەيدىغان نەرسە يوق، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈندە بېرىلگەن نورمىدىن بىر ئاز قالدۇرۇپ يىغايلى، ئاندىن يېنىمىزدا ياخشىراق نەرسە بولسا ئېلىۋالايلى، يوللاردا كېرەك بولار دېگەندەك پىلانلارنى قۇرۇپ چىقتۇق ۋە ئۆزىمىزدە بىر خىل يەڭگىللىك ۋە خۇشاللىق ھېس قىلدۇق. ئۇلارنىڭ بۆلۈپ بەرگەن ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇشىمىزغا بىر قارا بۇلۇت چىقىپ ئاسمان يۈزىنى قاپلاپ شامال چىقىشقا باشلىدى.

ئاياللار، ئۆيگە قايتايلى، يامغۇر يىغىپ كېتىدۇ، دەپ ۋارقىراشتى. بىز ئاياللار بىلەن بىللە ياتاققا قايتىپ كەلدۇق. ئەسلىدىمۇ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولغان ئىكەن. ھەر ياتاقتىن ئىككى قىز تاماقنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كەتتى. قالغانلىرىمىز ئۆزىمىز ياتقان گەمىلەرنىڭ ئۈستىگە كۈل تۆكۈشكە باشلىدۇق. ئەتراپتىكى يامغۇر سۈيىنىڭ ئېقىپ ياتاققا كىرىپ كېتىش يوللىرىنى توستۇق. شۇنچە ئالدىراش ئىشلىسەكمۇ، لېكىن تۈگىتىپ بولغۇچە شۇنداق قاتتىق يامغۇر يىغىپ كەتتى. گەمىگە ئاران كىرىپ ئۈلگۈردۇق. تاماقتىن كېيىن سىياسىي ئۆگىنىشنى تۈگىتىپ، ئەمدى يېتىپ تېخى ئۇخلىمىغان ئىدۇق، بىز ياتقان بۆلۈڭدىن شارقىراپ سۇ ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى.

– ئۇھ ساجىدە بىزنى شىيگوبى چىرايلىق قارشى ئېلىۋاتىدۇ، دەپ كۈلدۈم.

چاققانلىق بىلەن تۇرۇپ ئورۇن - كۆرپىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، ماھنۇر، زورەم،

ئالتۇنخان، زەينەپلەر ياتقان تاختاي سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى بىر چەتتىكى كىچىك يەرگە كېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئورۇن - كۆرپىلىرىمىزگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدۇق.

بۇ يامغۇر ھېچ توختىماستىن تۆت كېچە - كۈندۈز ياغدى. ياتاقنىڭ ئىچى سۇغا توشۇپ ھەممىمىز نۆۋەتلىشىپ چېلەك ۋە يۈز يۇيىدىغان داسلار بىلەن سۇنى تالاغا توشۇپ تۆكۈپ تۇردۇق. تۆتىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن دۈيجاڭ كىرىپ:

ـ سۇ ئامبىرىغا سۇ كېلىدىغان ئۆستەڭنى سۇ ئېلىپ كېتىپتۇ، ئەرلەر مۇشۇ تۆت كۈن يامغۇردا قاتتىق ئىشلەپ توسۇپ كېتەلمەپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتە تاڭ سەھەر بىلەن يولغا چىقىپ ئۆستەڭگە بارىمىز، بۈگۈن ھازىرلىق قىلىپ تەييار بولۇپ، ئەتىگەن سائەت ئۈچ بىلەن ئورنۇڭلاردىن تۇرىسىلەر، بىرمۇ ئادەم قالمايدۇ، دېدى.

زورەم كېلىپ:

ئەتە ئىشتىن قايتقاندا ئارقىدا قېلىپ قاچايلى، تازا ياخشى پۇرسەت كەلدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن چېچىلىپ تۇرغان ھەممە نەرسىلىرىمىزنى چامادانغا سالدۇق، ئەتراپنى رەتلەپ قويدۇق، يولدا يەيدىغان ناننى ۋە نەرسىلىرىمىزنى بىر سومكىغا سېلىپ قويدۇق.

تاڭ قاراڭغۇسى بىلەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ تاماقنى ئاغزىمىزغا يېدۇقمۇ  بۇرنىمىزغا بىلمىدۇق، شۇنداق ئالدىراش ئۆستەڭ ياساشقا يولغا چىقتۇق. بىز بىلەن بىر خەنزۇ دۈيجاڭ ۋە تۆت قوراللىق مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق پولكىدىن قايتقان ئەسكەر ساقچى بولۇپ، بىرى كۆزىتىپ كېتىپ باراتتى. بىز قىر ۋە ئېتىزلارنى كېسىپ ئۆستەڭ ياقىسى بىلەن ماڭدۇق. تۆت كۈنلۈك يامغۇردا يەرلەر يۇمشاپ كېتىپ لاي كېچىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئاياغ كىيىمنى يېشىپ يالاڭ ئاياق ماڭدۇق، بەزى جايلارغا بارغاندا ئاياغلىرىمىز تىزغىچە، بەزى جايلاردا ئوشۇققىچە لاي كېچىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بەزى ئورۇنلار بۇغداي ئېتىزلىقى بولۇپ، بۇغداينىڭ ئوغاقتىن قالغان يىلتىزلىرى ئاياغلىرىمىزغا كىرىپ قانىتاتتى. ئۇنىڭغا قارىماستىن ھەربىيلەرنىڭ ھەيدىشى بىلەن سائەت  سەككىزدىن ئاشقاندا ئەمگەك مەيدانىغا يېتىپ كەلدۇق.

پۈتۈن مەيداننى قوراللىق ساقچىلار چۆرىدەپ تۇراتتى، ئۆستەڭ ئىچىدە بىر قانچە يۈزلىگەن ئادەم بەلدىن سۇ كېچىپ ئۆستەڭنى ياساۋاتاتتى. بىزنىڭ يېتىپ كېلىشىمىز بىلەن ئىشلەۋاتقان كىشىلەر ئىشنى توختىتىپ، بىز تەرەپكە قاراپ قالغان ئىدى. تەرەپ - تەرەپتىن  چاققان بول! چاپسان ئىشلە! دەپ ۋارقىراپ ئەرلەرنى ھەيدەشكە باشلىدى ۋە بەزىلىرىگە بىر - ئىككى چىۋىقمۇ تېگىپ كەتتى. بىر قانچە ساقچى بىزنى قورشاپ

ماڭ ـ ماڭ، چاپسان دەپ ۋارقىراپ ھەيدەپ ماڭدى. قانداقتۇر ئەتراپنى سۇ باسقاندەك ھەممىمىز ئالدىرىشىپ ماڭدۇق. يەردىكى ياغاچ ـ تاشلار پۇتىمىزنى كېسىپ ئاغرىتاتتى، بىزنى چاتقاللىقلار ئارىسىغا ئېلىپ بېرىپ: مۇشۇ يەردىكى كېسىلگەن ياغاچلارنى ئاۋۇ سۇ ئېلىپ كەتكەن ئۆستەڭ بويىغا توشۇيسىلەر، دەپ ئورۇنلاشتۇردى.

ساجىدە ئىككىمىز كېسىلگەن ياغاچنى ئېلىش ئۈچۈن يالاڭ ئاياق پۇتلىرىمىز بىلەن يەرنى ئاۋايلاپ دەسسەپ دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق. ئۆمۈر بويى يالاڭ ئاياق مېڭىپ كۆرمىگەنلىكتىن ماڭا بۇ بەكمۇ تەس كەلدى.

بىر قانچە ئەرلەر پالتا بىلەن ياغاچ پۇتاقلىرىنى چېپىۋاتاتتى، بىز ئۇلارنىڭ چاپقان ياغاچلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن يولدا كېتىۋاتاتتۇق. مەن ساجىدەگە:

ــ ھەي ساجىدە، بۈگۈن كۈن تەلىيىمىزگە ئوچۇق بولدى دېگىنە، ئەگەر نەچچە كۈندىكىدەك يىغىپ تۇرسا قانداق قىلاتتۇق ـ ھە، دېدىم.

ئىشلەۋاتقان ئەرلەر بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قارىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىزگە قاراپ تۇرغان تونۇش چىرايىنى كۆرۈپ قېتىپ قالدۇق. مەن: ۋاي! دېيىشىمگە ساجىدە زەينالوفقۇ بۇ، دەپ ئىشارەت قىلىۋىدى، بىز بۇ تاسادىپىيلىقتىن تاڭ قېتىپ قالدۇق. زەينالوفمۇ بىزنى كۆرۈپ تونۇغان ئىدى.

ــ ۋاي سىلەر بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ بۇ دەرتنى بىزلا تارتىپ كەتسەك بولماسمىدى. بۇ جەھەننەم مەيدانىغا نېمىشقا كەلدىڭلار؟ دەپ كۆزلىرىدىن ياشلىرى چىقىپ كەتتى. زەينالوفنىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتقانلارمۇ يىغلىشىپ كەتتى، زەينالوفنى كۆرۈپ بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز يېرىم بولغان ئىدى.

زەينالوفنىڭ يېنىدا تۇرغان ئاپاق ساقاللىق بىر قېرى ئادەم:

ۋاي بالىلىرىم! ئاللاھ ئۆزى ياردەم قىلسۇن، ياش تۇرۇپ بېشىڭلارغا بۇ ئېغىر كۈنلەر كەپتۇ، دەپ ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. يېنىمىزدا تۇرغان ئاياللارمۇ يىغلاشتى. بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ قالدۇق.

يىراقلاردىن قاراپ تۇرغان ساجىدە ھاي چاپسان مېڭىڭلار! دەپ ۋارقىراپ بىزگە قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئەرلەر يەنە پالتىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالدىراش چېپىشقا باشلىدى ۋە ئۇلار بىزگە: چاققان كېتىڭلار، بولمىسا ئۇرۇپ كېتىدۇ، دېدى. بىز يەردىكى كېسىلگەن ياغاچلارنى سۆرەپ ماڭدۇق. بىز كەتكۈچە ئەرلەر يېنىدا ئىككى ساقچى قوزغالماي تۇرۇپ ھەيدەپ يۈرۈپ ئىشلىتەتتى. سائەت تۆتلەر بىلەن بىزنى ياتاققا ئېلىپ قايتتى.

ماھىنۇر، زورەم، ساجىدە تۆتىمىز ماڭالمىغان قىياپەتتە بولۇۋېلىپ گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ماڭدۇق. ئىلاجى بولسا بۇ بىرەر ئىمكانىيەت بولسا رەتتىن چىقىپ قېلىپ قالساق دېگەن ئوي بىلەن خېلى تىرىشتۇق. لېكىن ئىككى ساقچى بىزنىڭ كەينىمىزدىن ھېچ قالماستىن يۈگۈرۈپ ئاخىرى گۇگۇم چۈشكەندە چاڭسۇنىڭ يېنىدىكى سۇ ئامبىرىغا يېتىپ كەلدۇق. سۇ ئامبىرى خېلى چوڭ بولۇپ، ئۇ چېتىدىن ـ بۇ چېتىگە بىر كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق بولۇپ، مەيدانغا قارالغان تەرىپى تۆت مېتىردىن توققۇز مېتىرغىچە كۆتۈرۈپ ياسالغان خېلى چوڭ كۆل، كۆلنىڭ ئەتراپى ئۇزۇن ئۆسكەن قويۇق قومۇشلۇق، كۆلنىڭ ئىچىدە ياۋايى ئۆردەك ۋە ھاڭغۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. بۇ قۇشلارنىڭ بىر تۈركۈمى كۆتۈرۈلۈپ ئۆچۈپ كەتسە بىر تۈركۈمى ئۇچۇپ كېلىپ كۆلگە قوناتتى.

سۇ ئامبىرىنىڭ چېتىگە كېلىپ سۇغا قارىسا سۇ ئاستىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئاسماندىكى قىزىل شەپەقنىڭ شولىسى سۇغا چۈشۈپ كۆل ئىنتايىن گۈزەل كۆرۈنەتتى.

ھېرىپ كەتتۇق، دەپ سۇ ئامبىرىنىڭ بويىدا ئون مىنۇتتەك ئولتۇردۇق، لېكىن چوڭ پاشىلار چېقىپ ھېچ ئارام بەرمەيتتى. بىزنىڭ سۇ ئامبىرىنىڭ بويىدا يەنە ئولتۇرغۇمىز بار ئىدى، لېكىن بىزنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ساقچى بولۇڭلار! دەپ ئېلىپ كەتتى.

ياتاققا كېلىپ ئۆگىنىش قىلىپ بولغاندىن كېيىن ساجىدە بىلەن زورەم: «بۈگۈن كېچە چوقۇم مېڭىش كېرەك، ئەل ئۇخلاپ قالغاندا كۆزەتچى ئايال ئۇخلاپ قالغان بولسىلا ماڭايلى، دېدى.

ھېرىپ كېلىپ شۇنداق تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپتىكەنمەن، ساجىدەنىڭ مېنى ئاستا ئويغىتىشىدىن ئويغاندىم، ساجىدە قۇلىقىمغا تۆۋەن ئاۋاز بىلەن:

زورەم تالانى كۆرگىلى چىقىپ كەتتى، پوس ئۇخلاپ قالسا ئاستا ماڭايلى، دېدى. ساجىدەنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن زورەم ئاۋايلاپ ئاستا مېڭىپ كىرىپ مېنىڭ يېنىمدا ئۇخلاۋاتقان ئالتۇنخاننىڭ پۇتىنى تۇتۇپ سىلكىپ: ماشىيوڭ ئۇخلاۋاتىدۇ، دېدى.

ئالتۇنخان سەكرەپ تۇرۇپ ئۇيقۇلۇق كۆزى بىلەن نېمە بولغىنىنى بىلمەي بىر ھازادىن كېيىن:

– نېمە بولدى، دېدى. زورەم ھودۇققاندىن ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى تۇيۇپ قېلىپ، چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئەھ ـ ئەھ، دەپ تۇرۇپ:

– تەرەتكە چىقماقچى ئىدىم قورقۇۋاتىمەن، دېدى. ئالتۇنخان ماشىيوڭ بار ئەمەسمۇ،

دەپ تالاغا چىقىپ ماشىنىڭنى ئويغىتىپ:

ــ بۇنداق ئۇخلىساڭ بىرەر ئەھۋال بولسا سەن جاۋاب قىلىسەن، دەپ ئويغىتىپ قويۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى، بىز ئۇچىمىز كۈلۈپ ـ كۈلۈپ ـ كۈلكىمىزنى باسالمىدۇق.

ئۇلار تالادىن كىرگەندىن كېيىن زورەم ساجىدەنىڭ يېنىدا يېتىپ ئۆزىنى توختىتالماستىن كۈلۈپ كەتتى، مەن سۆيۈنىنىڭ پۇتىنى تۇتتۇم، دەپ ئالتۇنخاننىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئۆزۈم ئويغىتىپ چاندۇرغىنىمنى قارا، دېدى. بىز تۆتىمىز كۈلكىمىزنى باسالماستىن خېلىغىچە كۈلۈپ ئۇخلىيالمىدۇق.

# ۋاڭنىڭ ساجىدەنى ئۇرۇشى

11 - ئاۋغۇست توشقۇچە ئېتىزدا ئىشلىدۇق. چۈشتىن كېيىن ئاق ئېغىلنىڭ يېنىدىكى خامانغا ئېلىپ باردى. چاڭتاش مېڭىپ كەلگەن مەيداننىڭ سامىنىنى ئايرىش كېرەك ئىكەن. ھەممىمىزنىڭ قولىغا ئاچا ياغاچلاردىن بەردى ۋە بۇغدايدىن سامانىنى ئايرىش ئۇچۇن ئىشلەشكە باشلىدۇق. مەن ئۆمرۈمدە خاماندا ئىشلەپ كۆرمىگەچكە ئارىلاشتۇرۇپ ئاستى ـ ئۈستىگە ئاغدۇرىدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئاچا ياغاچنى خامانلىقتىكى بۇغداينى ئاسمىغىچە يەتكۈزۈپ ئاغدۇرۇپتىمەن. شۇ يەرنى باشقۇرىدىغان بىر خىتاي ئۇرىدىغاندەك ئېتىلىپ كېلىپ ئاغزىنى شۇنداق يامان بۇزۇپ: نېمىشقا سەن بۇغداينى ئارىلاشتۇرۇپ كەتتىڭ؟ دەپ كۆزۈمگە كىرىپ دېۋەيلەپ كەلگەندىن كېيىن ئۆمرۈمدە كىشىلەردىن بۇنداق ھاقارەتنى ئاڭلىمىغاچقا قاتتىق خىجالەت بولۇپ، قىسىلىپ قالدىم. بۇنى كۆرگەن ساجىدە كېلىپ:

ــ بىز بۇرۇن خامان كۆرمىگەن، بۇغداي بىلەن سامانىنى ئاجرىتىپ كۆرمىگەن، سەن ئاۋۋال ئۇقتۇرۇپ كۆرسىتىپ بەرسەڭ، ئاندىن ياخشى قىلالمىساق سۆزۈڭنى دېسەڭ بولىدۇ، دېدى. خەنزۇ قىزلار قورقۇپ:

ــ ساجىدە، ساجىدە بولدى، دەپ شىۋىرلاشقا باشلىدى.

ــ ئۇ خىتاي: تېخى تاياق يېمىگىنىڭگە خۇشال بول، دېدى.

ساجىدە ــ لېنىنىزم ـ ماركسىزم قانۇنلىرىدا ئىنسانلارنى ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىمىز، جىسمانىي ئازابلارنى قىلمايمىز دېگەن، سېنىڭ ئادەم ئۇرۇشۇڭ قايسى قانۇنغا توغرا

كېلىدۇ؟ دېيىشى بىلەن غۇلىچىنى كىرىپ ساجىدەنىڭ ئوڭ تەرەپ يۈزىگە شۇنداق قاتتىق ئۇرۇۋىدى، ساجىدە دەلدەڭشىپ بېرىپ ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ قالدى. مەن ساجىدەنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ باردىم. ئۆزۈمنى تۇتالماستىن كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار ئېقىپ كەتتى. ئۆزۈمنى قانچە تۇتساممۇ مۇمكىن بولمىدى. ئىچ ـ ئىچىمدىن ئېزىلىپ كۆڭلۈم شۇنداق قاتتىق ئاغرىدى. بۇ تاياق ماڭا تەككەن بولسا ئىدى، بەلكى ماڭا ھازىرقىدىن يەڭگىل چۈشكەن بولاتتى.

يۈگۈرۈپ ساجىدەنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى قۇچاقلاپ تاياق تەككەن يۈزلىرىنى سىلاپ يىغلاپ كەتتىم. ساجىدە گەپ ـ سۆز قىلماستىن بىزدىن ئايرىلىپ چاڭبۇغا قاراپ كەتتى. خەنزۇ قىزلار يېنىمغا كېلىپ:

ــ سۆيۈن «تۇر»، سىلەر بۇ يەرلەرنى بىلمەيسىلەر، تېخى سىلەرگە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دەپ يول قويۇپ بىرلا شاپىلاق سالدى. بۇ يەرگە كەلگەنلەر سىلەرگە ئوخشاش بۇلارغا قارشى بىر ئېغىز سۆز قىلالمايدۇ. كالتەكلەپ ياتقۇزۇپ تاشلايدۇ. كېيىن بىلىسىلەر، سىلەر بىلمەي قالدىڭلار، چاڭبۇنىڭ چاڭجىڭى بولغان چەتتە ئولتۇرغان ئادەم كەلتۈرۈپ تەستىكىگە سال، دەيدۇ. سىلەر ئاڭلىمىدىڭلار، ئۇنداق قىلما، تۇر، مىدىرلىما تۇرمىساڭ كالتەكلەپ تاشلىسا سورايدىغان ئادەم يوق، دېدى. مەن ماقۇل، دەپ تۇرۇپ ئىشلەشكە باشلىدىم. چۈنكى ئۇ قىزلارنىڭ سۆزى توغرا، بۇلارنىڭ پەيلى يامان ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ كىم سورايدۇ.

ساجىدە قاچان قايتار! دەپ بىردەم ـ بىردەم چاڭبۇ تەرەپكە قاراپ قوياتتىم.

بىر سائەتتىن كېيىن ساجىدە قايتىپ كەلدى.

روھى چۈشكۈن، كۆڭۈلسىز ئىدى.

مەن ساجىدەدىن نېمە بولدى؟ ئېيتتىڭمۇ دەپ ئاستا سورىدىم.

ــ ساجىدە روھسىز چۈشكۈن ھالدا، سۇ بېشىدىن لاي ئىكەن، بىز خام ئويلاپتۇق، دېدى. خاماندا ئىشلەپ يۈرگەن ئەرلەرمۇ قايتىپ كېلىپ بۇغداينى ئورۇشقا باشلىدى.

بىر قانچە خەنزۇ كادىرلار ۋە تېخنىكلار بىزنى بۇغداينى يەۋاتامدۇ، دەپ ھەركىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى.

بۇندىن بىر ھەپتە بۇرۇن ئەرلەرنى خامان سوقۇش ئۈچۈن ئەمگەككە ئېلىپ كەلگەندە ئۇلار كادىرلارغا كۆرسەتمەي قورساقنىڭ ئاچلىقىغا چىدىماستىن خام بۇغداينى

يېگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەمنىڭ ئاشقازىنى ياخشى بولمىغانلىقتىنمۇ ياكى خام بۇغداينى كۆپرەك يەۋەتكەنمىكىن ياكى ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ تۇرۇپ خام بۇغداي يېگەنلىكتىنمۇ، قىسقىسى خام بۇغداي قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ قاتتىق قىينىلىپ ئازاب چېكىپتۇ. تەشكىل جاجىسى شۇ ئۆلسۇن، دەپ دوختۇرغىمۇ كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلماي، يېرىم كۈن قىينىلىپ يۈرۈپ خامان بېشىدا ئۆلۈپتۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن پۈتۈن مەيدان بويىچە يىغىن ئېچىپ ئاچكۆزلۈك قىلىپ ئوغرىلىقچە شۇنداق يېسەڭلار سىلەرمۇ ئۆلىسىلەر، كىم بولمىسۇن ئوغرىلىقچە ئاشلىق ۋە كۆكتاتلارنى يەيدىكەن چارە كۆرىمىز، دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ. ئەرلەر بىزگە مۇشۇ سۆزلەرنى سۆزلەپ بېرىپ: سىلەر تېخى ھېچ نەرسىنى بىلمەيسىلەر، ئاستا - ئاستا ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ، ئاڭلاپ بىلىسىلەر، لېكىن، بۇنداق ئىشلارغا ئۇچراپ كەتمەڭلار، ئالدىڭلارغا ئۇچراپ كەلگەن ھەر نەرسىگە دىققەت قىلىپ خۇلاسە چىقىرىپ، تەجرىبە - ساۋاق توپلاڭلار، دېدى.

ئىشتىن چۈشۈشكە بىر سائەت قالغان مەزگىلدە كۈن چىقىش تەرەپتىن چاڭ - توپا كۆتۈرۈلۈپ بەك يىراقتا بىر ماشىنىنىڭ بىزگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى.

شىيگوبى (غەربىي چۆللۈك) كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك بولۇپ، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تىيانشان تىغىدىن باشقا يا تاغ، يا تاش، يا دەل - دەرەخ ياكى ئاققان سۇ ئۆستەڭگى بولمىغان كەڭ يېيىلىپ ياتقان تۈزلەڭلىك ئىدى. سۇ بولمىغانلىقتىن سوك - سوكتىن باشقا بىر تال گىياھ ئۈنمەيدىغان سېغىز تۇپلىق يەر ئىدى.

بىز جايلاشقان ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ لاي كېسەكتىن سېلىنىپ ھاك بىلەن سىرتىنى ئاقارتىپ قويغان چاڭبۇ بىناسى بار ھەم يوغان ئات باقىدىغان ھارۋىكەشلەر ئەترىتىنىڭ كىچىك ھويلىسى ۋە ئالدىدا كىچىك ئاشخانىسى بار. چاڭبۇ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كادىرلار ئاشخانىسى جايلاشقان، ئاشخانىنىڭ ئالدىدا يەر ئاستىدىن بورۋاي ئارقىلىق قېزىپ چىقىرىلغان تۇرۇبا سۈيى بولۇپ، بۇ سۇ چاڭبۇدىكى نەچچە يۈز ئادەمنى، ئات - ئۇلاقلارنى تەمىنلەشتىن باشقا ئېتىزدىكى كۆكتاتلارنى سۇغىرىشقىمۇ ئىشلىتىلەتتى.

ئەرلەر ئەترىتى دېگىنىمىز يىگىرمە ئۆيىنى چۆرىدەپ سېلىپ يوغان دەرۋازا ئورناتقان چوڭ بىر ھويلا، ئاياللار ئەترىتىنىڭ بولسا يەر ئاستىغا كولاپ سېلىنغان ئىككى تال قاراڭغۇ گەمە ئۆي.

شىيگوبى مەيدانى ئادەمنىڭ يۈرىكى سىقىلغۇدەك يىرگىنچلىك بىر ماكان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئادەم ئاچ قورساق، ئېغىر ئەمگەك، تاياق - توقماق زۇلۇم ئاستىدا ياشايدۇ.

ئۇمىدسىز، روھسىز كۆزلەر كېلىۋاتقان ماشىنىنى كۆزىتىپ تۇراتتى، كۆپ ئۆتمەي ماشىنا چاڭبۇغا قاراپ يېقىنلىششقا باشلىدى. ماشىنىنىڭ ئۈستىدە لىق ئولتۇرغان ئادەمنىڭ بارلىقى ئېنىق كۆرۈندى.

ماشىنا بىز ئىشلەۋاتقان خامان ئالدىدىكى يولنى بېسىپ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ بىزنىڭ ياتاقنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى. ماشىنىدىن بىر ماشىنا ئاياللار چوقۇرۇشۇپ چۈشۈشكە باشلىدى.

دۈيجاڭ بىزلەرنى بىر سائەت بۇرۇن ئىشتىن چۈشۈرۈپ ياتاققا ئېلىپ قايتتى.

بىز ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يېڭىدىن ماشىنىدىن چۈشۈپ نەگە بېرىشنى بىلمەي ئۆز ئارا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ نەرسىلىرىگە ئىگە بولۇپ تۇرغان بىر توپ ئاياللار بىزنى كۆرۈشى بىلەن بىر مەزگىل جىم بولۇپ، بىزگە قارىشىپ قالدى ۋە بىزنىڭ ئۈستىمىزدە بىر نېمىلەرنىدۇر دەپ ئۆزارا شىۋىرلىشىپ سۆزلىشەتتى.

ئىشتىن قايتقان ئاياللار بولسا ئۇلارغا بىرلا قاراپ قويۇپ ئېرەنسىز ھالدا ياتاقلىرىغا كىرىپ كەتتى. كەينىمىزدىن دۈيجاڭ كىرىپ بىزنىڭ ياتاقتىكىلەرنى 2 - ياتاققا كۆچۈرۈپ، بىزنىڭ ياتاقنى يېڭى كەلگەنلەرگە بوشىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇ ياتاقتا پەقەت مەن، ساجىدە ھەم ئالتۇنخاننى قالدۇردى. ھەم بىزگە يېڭى كەلگەنلەرگە سىياسىي ئۆگىنىش ۋە باشقا تەرەپلىرىگە ياردەملىشىڭلار! دېدى.

ساجىدە، ئالتۇنخان ئۈچىمىز ئالتۇنخان ياتقان تاختايلارنى ئىشىك تەرەپكە رەتلەپ سوپا قىلىپ شۇ تاختاينىڭ ئۈستىگە ئورۇن ھازىرلىدۇق. ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر كىشى ماڭغۇدەك بوش يەر قالدۇرۇپ، ئىككى تەرەپكە ئۇزۇن قارغاي لىم قويۇپ، لىمنىڭ ئىچىگە بۇرۇنقى ئەسكى ساماننىڭ ئورنىغا يېڭى سامان ئېلىپ كېلىپ ئورۇن ھازىرلىدۇق، بىز ياتاقنى ھازىرلىغۇچە يېڭى كەلگەنلەرگە تاماق بېرىپ بولۇپتۇ.

دۈيجاڭ ئۇلارنى ياتاققا ئېلىپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇردى ۋە كېچىلىك سىياسىي ئۆگىنىش بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. بىز ئورۇنلارنى سېلىپ ئورۇن ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يېڭى كەلگەنلەر بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدۇق. قارىسام ئۈچ - تۆت ئايالدىن باشقىلاردا ئورۇن - كۆرپە، كىيىم - كېچەك يوق، پەقەت ئۈستىدىكى بىر قۇر كىيىمىدىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق ئىدى. بىز ئۇلاردىن:

– سىلەرنىڭ يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلىرىڭلار نەدە؟ ھېچ نەرسەڭلار يوقمۇ؟ دەپ سورىدۇق.

ئۇلار بىزگە:

— بىزنى كوچىدىن تۇتۇپ كەلگەن، شۇڭلاشقا بىزنىڭ ھېچنەرسىمىز يوق. ئۇستىمىزدىكى بىر قۇر كىيىم بىلەن كەلدۇق، دېدى.

يەنە ھەيران بولۇپ، ئۆيدىكىلىرىڭلار ئىزلەپ كېلىپ بەرمىدىمۇ؟ دەپ سورىدۇق.

— ئۇلار بىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەيدۇ. بىلسىمۇ بىزگە ئىزلەپ كېلىپ بېرەلمەيدۇ، چۈنكى بىز ئۇرۇمچىلىك ئەمەس، جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلدۇق، دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرمەستىن ياتاقنىڭ تۆرىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق سېمىزغىنا كەلگەن بەستلىك، چىرايىدىن ئاچچىق يىغىپ تۇرغان ئايال ئورنىدا يېتىپ تۇرۇپ ئاغزىغا كەلگەن بېزەپ تىللار بىلەن تىللاشقا باشلىدى. كىمنى؟ نېمە ئۈچۈن تىللاۋاتىدۇ؟ بىلەلمەي ھەيران بولۇپ، ھاڭ - تاڭ قالغان ھالدا قېتىپ تۇرۇشىمىزغا بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدا ياتقان يىگىرمە ياشلاردىن ھالقىغان بىر ئايال ئۇنىڭغا قارشى ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ بېزەپ تىللار بىلەن شۇنداق ۋارقىراپ قاش - كۆز، يۈزلىرىنىڭ ۋە قوللىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن تىللاشقا باشلىدى. بۇ تىللارنىڭ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئىنتايىن بىزەپلىكىدىن يۈزۈم چىملداپ كۆزلىرىم قىسىلىپ، يۈزلىرىم تارتىشقاندەك بولۇپ، قۇلاقلىرىم ۋىڭىلداپ كەتتى. ئۆزۈمنى بىر قۇلايسىز ھالەتتە سېزىپ تالاغا قانداق قېچىپ چىققانلىقىمنى بىلمەي قالدىم. سوقما تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈشۈمگە ساجىدەمۇ ئۇپ، دەپ يەرگە ئولتۇردى.

— سۆيۈن قانداق يەرگە كېلىپ قالدۇق؟ بۇ يىللارنى بۇ ئاياللار بىلەن قانداق ئۆتكۈزەرمىز؟ دېدى.

— خۇدا ساقلىسۇن! بۇ ئىنسانلار جەمىيەتنىڭ قەيەرلىرىدىن كېلىپ قالغان دېگىنە، دەپ تۇرۇشۇمغا ياتاقنىڭ ئىچى ۋار - ۋۇر، چار - چۇر بولۇپ كەتتى. ياتاق تەرەپكە بېرىپ قارىسام بىر توپ ئاياللار بىر - بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ، ئۇر، سوق قىلىشقىلى تۇرۇپتۇ، ياتاقتىكى ساماندىن چىققان توپا - چاڭدىن توك يورۇقى غۇۋالىشىپ ياتاق قاراڭغۇ بولغاندەك بولۇپ كەتتى. بۇ قىيا - چىيا ئاۋازغا ئەتراپتىن كۆزەت قىلىپ تۇرغان ساقچى ۋە دۇيجاڭلار يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار كىرىپ ياتاقتىن ئىككى ئايالنىڭ قوللىرىنى بىر قىلىپ تۆمۈر ئىشكەل سېلىپ ئېلىپ چىقتى. قارىسام ئۇلار ھېلىقى تۆردە ئولتۇرغان سېمىز چوڭ ئايال بىلەن بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى كىچىك قىز ئىدى.

كىچىك قىزنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ كۆپكۆك بولۇپ، كۆزى ئېچىلماي قاپتۇ. چاچلىرى

چۈۋۈلۈپ، كۆينەك ياقىلىرى يىرتىلغان ھالدا، ھېلىقى چوڭ ئايال بولسا بېشى يېرىلىپ پۇتۇن يۈز ـ كۆزى، كىيىم ـ كېچەكلىرى قانغا بويىلىپ، قولتۇقلىرى يىرتىلىپ بەدىنى كۆرۈنۈپ قالغان ۋە چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ئادەم قورققۇدەك قىياپەتكە كىرىپ قالغان ئىدى.

شۇ ھالەتتە يەنە بىر ـ بىرىنى تىللىشىپ كېتىپ باراتتى. ياتاق جېڭى بېسىلغاندىن كېيىن، بىز ياتاقتا قايتىپ كىردۇق. پۈتۈن ياتاقتا سامانلار چېچىلىپ ئادەم كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى. يوللار ھەم بىزنىڭ يوتقان ـ كۆرپىلىرىمىز دەسسەپ، چەيلىنىپ، ياستۇقلىرىمىز يەردە توپىغا مىلىنىپ يېتىپتۇ.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورۇن ـ كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە قاچا ـ قومۇشلار چېچىلىپ ياتاتتى.

بىز كىرىپ يوتقان ـ كۆرپىلەرنى قېقىپ ئەتراپلارنى تازىلاشقا باشلىدۇق. دۈيجاڭ كىرىپ ئاياللارنى ئەيىبلەپ تەنقىدلەپ ئۆتتى ۋە بۇ يەرنىڭ تەرتىپ تۈزۈمنى ۋە يۈرگۈزىدىغان دىكتاتورىسىنى چۈشەندۈرۈپ: بۇندىن كېيىن بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىلمەسلىكىنى، ئەگەر يۈز بېرىلسە چارە كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ھەم بۇگۈن كېچە ئۇ ئىككى ئايال يەر ئاستى قۇدۇقىغا قاملىدۇ. تاڭ ئاتقۇچە خۇمارىدىن چىققۇچە مۇشتلىشىپ كۆرسۇن، ئۇخلاش ۋاقتى بولدى. يېتىڭلار، دەپ چىقىپ كەتتى. ئورۇن ـ كۆرپىسى يوقلارغا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدىيال ۋە ئورۇن ـ كۆرپىلىرىمىزدىن بەردۇق. ئۈچ ـ تۆت ئادەم بىر بولۇپ يېپىنىپ ياتتى.

كېچىچە چۈشىنىڭ تالاشلىرىدىن ئۇخلىيالماي تاڭغا يېقىن قاتتىق چارچاش بىلەن ھېچنەرسىنى سەزمەي ئۇخلاپ قېتىپ كېتىپتىمەن. قاتتىق ۋارقىراش، تىللاشلاردىن ئويغىنىپ، ھارغىن، ئۇيقۇسىزلىقتىن گاڭگىرىغان ھالدا ساجىدەدىن: يەنە نېمە بولدى؟ دەپ سورىدىم.

ـ ساجىدە: تاڭ نېمە بولىدىكىن بۇلارغا، يەنە سوقۇشۇپ تۇرۇپتىغۇ، دېدى.

قارىسام تالا قاراڭغۇ ئىدى، مەن ئۇلارغا:

ـ ھەي قىزلار سوقۇشىدىغان بولساڭلار تالاغا چىقىپ مەيداندا سوقۇشۇپ ئاندىن كىرىڭلار، باشقىلارنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى بەرمەڭلار، دېدىم. ھېلىقى سوقۇشۇۋاتقان ئايال ئوتتۇرا بويلۇق قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى كۆزى توختىماي يۈگۈرۈپ تۇرىدىغان ئايال ئورنىدىن ئېتىلىپ تۇرۇپ:

ـ ھەي جالاپ، يېتىشىڭنى يېتىۋەرمەي نېمە كاسىلداۋىرىسەن، دېدى.

مەن ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ كۆرمىگەن بۇنداق ھاقارەت سۆزگە ئۇلتۇرغان يېرىمدە بېشىم ئايلانغاندەك بولۇپ، ئاللاھ، توۋا قىلدىم توۋا، دەپ ياقامنى تۇتتۇم.

ــ ھە جىم ياتمساڭ توۋاڭنى شۇنداق ئوقۇتۇپ قويىمەن، دېدى.

ئۇدۇلۇمدا ياتقان بىرسى، سىز جىم تۇرۇڭ، ئۇ بىر ساراڭ دېيىشىدى، ھېلىقى كۆزى ئويناپ تۇرىدىغان ئايال ياتقان ئاياللارنى دەسسەپ ئاتلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ماڭا گەپ قىلغان قىزنىڭ ئۈستىگە مىنىپ ئېلىپ تازا ئۇرغىلى تۇردى.

ئەتراپتىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ ئايالنى يۇلۇپ ئېلىپ ئاستىغا بېسىۋېلىپ تازا سالدى. ئالتۇنخان بېرىپ ئۇلارنى ئاجرىتىپ بولدى، بولدى قېلىپ، ھېلىقى كۆزى ئويناپ تۇرىدىغان ئايالنى تارتىپ تۇرغۇزدى.

ئۇ ئايالنىڭ يۈزى قاناپ كېتىپتۇ، يۈز ـ كۆزى قان پېتى تۇرۇپ يەنە ئۇرماقچى بولۇپ يۈگۈرگەن ئىدى، تالادىن دۈيجاڭ كىرىپ: نېمە ئىش؟ دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ھېلىقى بۇرنى قانىغان ئايال پۈتۈن يۈزىگە قاننى سۈركەپ:

ــ مېنى ماۋۇلار ئۇرۇپ كەتتى، دەپ دىمىغىدا داتلاشقا باشلىغان ئىدى. ئوتتۇرىدا ھېچ ئىشقا ئارىلاشمىغان بىر ئايال:

ــ دۈيجاڭ، بىز ئۇخلاۋاتاتتۇق، نۇرىيە بىلەن تاجىنىسا سوقۇشۇپ ھەممىمىزنى ئويغىتىۋەتتى، دەپ ئۇمۇمەن بولغان پۈتۈن ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. دۈيجاڭ نۇرىيە بىلەن تاجىنىسانى ۋە ماڭا گەپ قىلغان ئاسىيە دېگەن قىزنى ئاسىيەنىڭ يېنىدا ياتقان خەلچەم، ئايشەم دېگەن قىزلار بىلەن ئالتۇنخاننى تاڭ ئاتمىغان بۇ ۋاقىتدا ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. تاماق ۋاقتىدا ئۇلار دۈيجاڭنىڭ ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقتى. بىز تاماقنى يەپ بولغاندا كېچە يەر ئاستى تۈرمىگە سولاپ قويغان ھېلىقى ئىككى ئايال بىر ـ بىرسىنىڭ قولىنى يېتىلىشىپ كۈلۈپ كەلدى، ھەيران بولدۇم. كېچە ئىككىسى قانلىق پىچاقلىق بولۇپ، قوللىرىغا تۆمۈر ئىشكەل سېلىنىپ يەر ئاستى قۇدۇققا كەتكەن ئىدى. ھازىر كۈلۈشۈپ يېتىلىشىپ كېلىۋاتقىنىنى قارا، دۇنيادا ئاجايىپ ئادەملەر بار. كېچە ئاخشامقى بۇلارنىڭ ئىشى بىزگە قانچىلىك ئېغىر تەسىر كۆرسەتكەن، ھاياتىمىزدىكى ئەڭ كۆڭۈلسىز تۈرمۈشلار ئەمدى باشلانغاندەك ئۆزۈمنى شۇنچە يامان ھېس قىلغان ئىدىم. بۇلارغا بولسا ئۇ ئىشلار ھېچ گەپ بولماستىن، بەلكى يەر ئاستى زىندانىدا سۈلىنىپ چىقىشى بۇلار ئۈچۈن تىياتىرغا بارغاندەك بولۇپ تۇيۇلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ساجىدەمۇ:

ــ بۇلار ئۈچۈن ئۇ ئىشلار ئويۇنچۇق ئوخشايدۇ، دېدى.

ـ شۇنى دېمەمسەن، قارىمامسەن خۇددى جەڭدە يەڭگەن قەھرىمانلاردەك كېلىۋاتقىنىنى، دېدىم، ھەيران بولغان ھالدا.

بۈگۈن ئادەتتىكى كۈنلەرگە قارىغاندا خېلى قاتتىق ھېرىپ قاپتىمەن، شۇنداق بولسىمۇ ئىشتىن قايتىپ كېلىپ يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپ پاكىز بولۇپ، كىيىملىرىمىزنى يۆتكەپ تاماققا كەلدۇق. ئاياللار تاماقنى ئېلىپ كېلىپ قاچا ـ قاچىلارغا يۇغان توغراپ قايناقسۇغا سېلىپ پۇشۇرغان كۆك لوبى سەيىنى بۆلۈپ قويغان ئىكەن. بىز ئۆز قاچىمىزنى ۋە گاۋلىياڭ مومنى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئايشەم مامۇت ئۆز قاچىسىنى ئېلىۋېتىپ ئۆزىگە لوبىنىڭ ئاز سېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ رەنجىپ كەتتى ۋە:

ـ مېنى كۆزگە ئىلماي بوزەك قىلدۇ، دەپ قاچىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.

راستتىن ئۇنىڭغا باشقىلارغا قارىغاندا ئازراق سېلىنغان ئىكەن. ئۇ ياتاق ئىشىك ئالدىغا كېلىشى بىلەن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى ۋە ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپ خارىلداپ، پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ موللاق ئېتىپ يۇمۇلاشقا باشلىدى. بارلىق ئاياللار ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. قارىسام ئۇ شۇ يۇمۇلىشى بىلەن ياتاقنىڭ بوسۇغىسىدىن چۈشۈپ كەتسە بەك قاتتىق چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ قاتتىق بېسىپ ئالدىم. ئايشەم ئۇزۇن بويلۇق، گەۋدىلىك، بەستلىك، سېمىز كۈچلۈك ئايال ئىدى. كۈچۈم يەتمەي تۇرغاندا ئۇ قولىنى تارتىپ چىقىرىپ ئېلىپ غۇلاچلاپ بىرنى سالغان ئىدى، خېلى يىراق يەرگە ئۇچۇپ كەتتىم، ساجىدەمۇ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئىككىمىز بېرىپ ئايشەمنى تۇتۇپ ئالدۇق. ئاياللار چەتتە تۇرۇپ:

ـ تۇتماڭلار، تۇتماڭلار ئاغرىقى يۇقىدۇ، دەپ قورقۇپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. بىز ئايشەمنى مەھكەم بېسىپ ئېلىپ بورنىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىنى قاتتىق بېسىپ تۇرغان ئىدۇق، بىر يېرىم مىنۇتتىن كېيىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ پۈتۈن بەدىنى بوشاپ كۆزىنى ئېچىپ كۈچسىز ھالدا ئاران مىدىرلىدى. يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئاستا مېڭىپ ياتاققا كىرىپ كەتتى.

ساجىدە بىلەن ئىككىمىز خۇددى چېلىشقا چۈشكەندەك ھېرىپ كەتتۇق. مېنىڭ بۇنداق ئەھۋالنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر، كۆرمىگىنىڭ،
كۆرمىگەننى كۆرەرسەن ئۆلمىگىنىڭ.

ئۇ بىچارىگە بۇ كۈن ئازدەك بۇ كېسەلگە ئۇچرىغىنىنى كۆرمەمسەن، دەپ ساجىدەنىڭ

ئىچى ئاغرىپ كەتتى، يېتىش ئالدىدا زورەم يېنىمىزغا كىرىپ:

ــ قاراڭلار بۇگۈن مۇمكىن بولسا ئاستا ماڭمامدۇق، دېدى. ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچ ئويلانماستىن ساجىدە: ياق بولدى، كەتمەيمىز، بېيجىڭغا بارساڭمۇ ھەممىنىڭ سۆزى بىر. چىرايلىق گەپلەر پەقەت قەغەز يۈزىدىكى گەپلەردىن ئىبارەت ئىكەن. ئەگەر سەن كېتمەن، دېسەڭ ئۆزۈڭ كەت، بىز ھېچ ۋاقىت بۇ سۆزنى ئاغزىمىزدىن چىقارمايمىز. بىز سېنى بىلمەيمىز، دېدى. زورەم:

ــ سىلەر بىلەن ماڭسام ماڭاتتىم، يالغۇز مېڭىش بەك قىيىن بولىدۇ، يولدىن قورقىمەن، دېدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن كەچتە دۈيجاڭ مېنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىپتۇ، مېنى نېمىشقا چاقىرغاندۇ، دېگەن ئوي بىلەن دۈيجاڭنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاستا قاقتىم. دۈيجاڭ؟ كىر، دەپ رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن ئىشخانىغا كىردىم. دۈيجاڭ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كەل ئولتۇر، دەپ ماڭا ئورۇن كۆرسەتتى. ئولتۇرۇپ بولۇپ، مېنى چاقىرتقانىمىدىڭىز؟ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ــ ھەئە، سەن بىلەن بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە سوراپ كۆرەي، دېگەن ئىدىم دېدى. مەن سوئال نەزىرى بىلەن دۈيجاڭغا قارىدىم.

ــ ئاڭلىسام سىلەر قاچماقچى بولۇپسىلەرغۇ، راستمۇ؟ دېدى.

ئۆزۈمنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن خاتىرجەم تۇتۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ دۈيجاڭ قېچىپ نەگە بارىمىز؟ نەگە بارساڭ گۇڭچەنداڭ بار، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟ دۈيجاڭ بىز ئۇنداق ئوي ئويلىمىدۇق، دېدىم.

ــ سەن يالغان ئېيتما، سىلەرنى قاچماقچى بولۇۋېتىپتۇ، دەپ ئىنكاس قىلىپ كىرگۈچىلەر بار، دېدى.

ــ ياق، دۈيجاڭ سىز ھەرگىز ئىشەنمەڭ، بۇ يەردە بۇ ئاياللار يالغانمۇ سۆزلەۋېرىدىغان ئوخشايدۇ، بىز قانداق قاچالايمىز! نەگە بارىمىز؟ بىزنىڭ ھېچ قانداق ئىقتىسادىمىزمۇ يوق. ئوغرىلىق قىلالمايمىز ھەم ئۇنداق ناچارلىق قىلىشنى خالىمايمىز، بىز قىز بالا، يامان سۆز، يامان ئادەتتىن قورقىمىز. خاتىرجەم بولۇڭ، دېدىم. دۈيجاڭ ئولتۇرۇپ كېتىپ:

ــ شۇ، مەنمۇ ئويلاپ ئىشەنگۈم كەلمەي ئۆزۈڭدىن سوراپ كۆرەي دېدىم، لېكىن ئۇنداق بولمىغۇر ئويلارنى ئويلىماڭلار. سىلەر ئۆزۈڭلار ئويلىمايسىلەر، بىراق باشقىلارنىڭ

كەينىگىمۇ كىرىپ كەتمەڭلار، دېدى.

دۈيجاڭ يەنە ماڭا:

ــ سەن كەلگەندىن كېيىن ئىدىيەڭدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى، دەپ سورىدى.

مەن بىر ئاز ئويلىنىپ بولۇپ:

ــ راستىنى ئېيتسام دۈيجاڭ، بەزى ئىشلار ئىدىيەمدىن ئۆتمىدى. بىز ھەممىمىز ئىنسان، ئىنسانغا ئىنسانچە مۇئامىلە قىلىپ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەربىيە بېرىپ قايىل قىلىش يولى بىلەن ئۆزگەرتىش كېرەك، شۇنداقمۇ؟ لېكىن بۇ يەردە ئادەملەرنى ئىنتايىن قاتتىق ئۇرىدىكەن. مۇشۇ نەرسە مېنىڭ ئىدىيەمگە قاتتىق تەسىر قىلدى. بىزگە فاشىزىم دۇنياسى ۋە كاپىتالىزىم دۇنياسىدا ئادەملەردە باراۋەرلىك يوق، ئىنسانلارغا جەبرى زۇلۇم ئىشلىتىپ ئىنسانىي ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىدۇ، دەپ دەرسلەردە ئۆتتۇپ كۆپ پاكىتلار كۆرسىتىپ چۈشەندۈرەتتى. بۇ يەردىكى بەزى ئەھۋاللار فاشىزىم يولى بىلەن پەرقسىزدەك كۆرۈنىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇنداق؟ دېدىم.

دۈيجاڭ بىر ئاز توختاپ:

ــ توپ ـ توغرا، سەن مەكتەپتىن كەلدىڭ، ھېچنەرسە بىلمەيسەن، سەن ئۆزۈڭمۇ كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن. بۇ ئادەملەرگە مۇشۇ پوزىتسىيىنى قوللىنىپ باشقۇرمىساڭ بولارنى تۈتۈپ تۇرالمايسەن. سەن ئۆزۈڭ قالايمىقان ئويلارنى ئويلىماي ياخشى ئىشلە، دېدى.

قايتىپ چىقىپ ساجىدەگە بولۇنغان سۆزلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم، ساجىدە:

بۇ سۆزلەرنى ماھىنۇر بىلەن زورەمدىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ، بەلكى شۇلار دېدىمىكىن، دەپ گۇمان قىلدى. مەن: دۈيجاڭ چوقۇم دېمەستىن ئۆزى ھەم گۇمانى ھالدا سۆزلەپ ئولتۇرىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا كېچىدە ئالتۇنخاننىڭ پۈتنى تۈتۈپ ئويغاتقاندىن كېيىن ئالتۇنخان گۇمان قىلىپ دېگەنمىكىن، دەپ ئىككىمىز ھەر ھالدا ھەممە ئادەمدىن دىققەت قىلىشىمىز كېرەككەن، بۇلار بىزگە ئوخشىمايدۇ ھەم ئىشەنچلىك دوست بولالمايدۇ، دېگەن پىكىرگە كېلىشتۇق.

## ماھىنۇرنىڭ سۈيىقەستى

بىر ھەپتىدىن كېيىن بىزنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ رەتلىدى. بىزنى ئىككىنچى ياتاققا،

خەنزۇ ئاياللار بىلەن بىر قىسىم ئاياللارنى بىرىنچى ياتاققا بۆلدى ۋە چاڭبۇدىن ئاياللارغا ئىش باشقۇرغۇچى (باشلىق) قىلىپ ساجىدەنى، سىياسىي ئۆگىنىشكە مېنى، ياردەملىشىشكە ئالتۇنخاننى تەيىنلەپتۇ. بىزنىڭ پەقەت كۈندە كەچتە سىياسىي ئۆگىنىشتە ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىش، ماتېرىيال ۋە گېزىتلەرنى ئوقۇپ بېرىپ چۈشەندۈرۈش ۋەزىپىمىز بار ئىدى.

مەن ساجىدەنىڭ ئىش باشقۇرغۇچى بولۇپ سايلانغىنىغا بەك خۇشال بولدۇم، چۈنكى ئۇ جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز ۋە شىيگوبىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىۋاتقىنىنى سەزگەن ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەزىپە بىلەن ئىشلىمەي ئىش باشقۇرۇپ يۈرسە روھىمۇ بىراز كۆتۈرۈلۈپ قالار، دەپ ئويلىدىم.

ساجىدەنىڭ ئىش باشقۇرغۇچى بولۇپ سايلانغان خەۋىرى ئاڭلانغاندىن كېيىن ئاياللار ئارىسىدا كۆپ قىسمى ياخشى بولدى، دەپ قوللىغان بولسىمۇ لېكىن بىر قىسىم ئاياللار ئارىسىدا ئۆز ئارا كۇسۇر ـ كۇسۇر سۆزلەر كۆپىيىپ، بىزگە باشقىچە قارايدىغان بولدى. بىز بىلەن يېقىن بولۇپ كەلگەن ماھىنۇر بىلەن زورەممۇ بىزگە قارىماي گەپمۇ قىلماي، باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ بىزگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى.

مەن بىزگە شۇنچە يېقىن ئادەملەر نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدى؟ ساجىدەنى سايلىغاچقا خاپا بولغان ئوخشايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ سايلانغۇسى كەلدىمىكىن؟ دەپ ئويلىدىم.

كەچلىك ئۆگىنىشتىن كېيىن مەن ئورۇنلارنى رەتلەۋاتاتتىم، تالادىن سادەت، خەلچەم، ماھىنۇر كىرىپ ئولتۇردى. سادەت بىلەن خەلچەم ساجىدەنىڭ يېنىغا كىرىپ:

ــ ساجىدە تالاغا چىقامسىز؟ يۈرۈڭ بىللە چىقايلى، دەپ ساجىدەنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. مەن ئورۇن سېلىپ بولۇپ گېزىتنى دۈيجاڭغا ئېلىپ كىرىپ بېرىپ ياتاققا كىرسەم ساجىدە يېشىنىپ ئورۇنغا كىرىپ يېتىپتۇ، مەنمۇ ھەم يېتىش ئۈچۈن ئورنۇمغا كېلىشىم بىلەن تالادا سادەت بىلەن خەلچەم قېچىپ كېتىپتۇ، دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاسىيە كىردى. بىز ھەيران بولدۇق، ساجىدە: ھازىر ئىشىك ئالدىدا قالمىغانمىدى؟ قانداق قاچتى؟ دەپ ھەيران بولدى.

ساجىدە چىقىپ كېتىشى بىلەن ماھىنۇر باشلىق بىر توپ ئاياللار: ساجىدە بۆلارنى قېچىپ كېتىڭلار! دەپ قېچىشقا مەجبۇر قىلىپتۇ، دەپ ۋارقىراپ ئەتراپقا كىشى توپلاشقا كىرىشتى. مەن ماھىنۇرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ توۋا! دەپ قالدىم. بەلكى بۇ ماھىنۇرنىڭ ساجىدەنى يىقىتىپ ئۆزى ئىش باشقۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئوينىغان ئويۇنمىكىن؟ دېگەن

گۇمان كۆڭلۈمگە كەلدى.

بەش مىنۇتقا قالماستىن ئۇ ئىككىسىنى تۇتۇپ كەلدى. دۈيجاڭنىڭ بۆلۈمگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى، دېيىشتى.

15 مىنۇتتىن كېيىن سادەت بىلەن خەلچەم ياتاققا كۈلۈشۈپ كىرىپ كەلدى. ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

– بىزنى ساجىدە قېچىپ كېتىڭلار! دەپ بىزنى قاچۇردى، دېدى. بۇ سۆز مېنىڭ بېشىمدىن قايناقسۇ قويغاندەك ئېغىر بىلىندى. بۇرۇلۇپ ساجىدەگە قارىدىم، ساجىدە ھەيران بولۇپ، ئاغزى ئېچىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ يوتقانغا يۆگىنىپ ئولتۇردى.

– نېمە دەيدۇ ماۋۇ، مەن سىلەرنى قاچۇرۇپ نېمە قىلارمەن، سىلەرنىڭ قاچقىنىڭلاردىن ماڭا نېمە پايدىسى بار. سەن ھەرقانداق ئىشىڭنى خەققە ئارتماي گەپ قىل، تۆھمەت قىلما، دەپ تۇرۇشىغا دۈيجاڭ ياتاققا كىرىپ:

– ساجىدە ئىشخانىغا كىر، دەپ ساجىدەنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن ساجىدە قايتىپ كىردى. ئۇنىڭغىچە مەن يېشىنىپ ياتقان بولساممۇ كۆڭلۈم مۇشۇ خاتىرجەمسىزلىك بىلەن قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتى. ساجىدەنى كۆرۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئولتۇردۇم. ساجىدە كېلىپ يېنىمغا ئولتۇردى. بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتتى، كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

– كۆرمەمسەن بۇلارنى، ئۆزلىرى قېچىپ قاملاشتۇرالماي ماڭا تۆھمەت قىلىپ، قېچىپ كېتىڭلار! دەپ بىزنى ئېلىپ چىقىپ قاچۇرۇپ، ئۇزىتىپ قويدى، دەپتۇ. مەن بۇ نېمىلەرنى قاچۇرۇپ نېمە پايدا ئالاتتىم، دەپ يىغلاپ كەتتى.

– ساڭا ئۇلار قېچىش توغرۇلۇق بىرەر نەرسە دېگەنمىدى؟ دەپ سورىدىم.

– سەنمۇ مەندىن گۇمان قىلىۋاتامسەن، دەپ رەنجىپ كەتتى، ئۇ مەندىن.

– ياق ساجىدە رەنجىمە، دەپ قۇچاقلىدىم. بۇ نەرسە ماھىنۇرنىڭ پىلانى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، دېگەن گۇمان كۆڭلۈمگە كەلدى. ئۇ ئۆزى ئىش باشقۇرغۇچى (سىگۇڭ) بولغۇسى بارمىكىن، دەيمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساجىدەگە ئوخشاشلا مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئازابلاندى. بولدى ساجىدە! كۆڭلۈڭنى بۇزما، بۇ يەردە بىزگە ياخشىلىقتىن كۆپرەك يامانلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۇپراتما، دەپ ساجىدەنىڭ كۆڭلىنى قانچە ياسىساممۇ، لېكىن ئۇ تاڭ ئاتقۇچە

ياخشى ئۇخلىيالمىدى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن ماھىنۇر پۈتۈن ئاياللارنى ئويغىتىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھەممە ئىشنى باشقۇرۇپ دۈيجاڭ ئىشخانىسىغا ئىشقا چىققۇچە بىر نەچچە قېتىم كىرىپ چىقتى ۋە ئاياللارنى ياتاقلاردىن ئىش مەيدانىغا ھەيدەپ ماڭدى. ماھىنۇرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ تىۋۋا، تىۋۋا دېيىشتىن باشقىنى دېيەلمەيتتۇق.

ئىش ئۈستىدە ماھىنۇر ياتاق تەرەپكە بىر قېتىم بېرىپ كەلدى. بىز ئىشلەپ كۆپ ئۆتمەستىن چاڭبۇدىكى لوي گەنسى ئىسمىلىك بىر ئايال ساجىدەنى چاڭبۇغا چاقىرىپ كەتتى. چۈشلۈك تاماققا قايتقاندا ساجىدە شۇنچە خاپا بولغان ھەم كۆڭۈلسىز ھالدا ياتاققا قايتتى. ئۇنى چاڭبۇدا:

– سەن ئۆزگەرتىش تۈزۈمگە قارشى چىقىپ، كىشىلەرنى قېچىشقا كۈشكۈرتۈپ بۇزغۇنچىلىق قىلدىڭ، دەپ قاتتىق سوراق قىپتۇ. ساجىدە كەچكى تاماقنى يېمەستىن بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، دەپ يېتىپ قالدى. لېكىن تاڭ ئاتقۇچە ھېچ ئۇخلىيالمىدى. كۆزى ئۇيقۇغا كېتىشى بىلەن قاتتىق جۆيلۈپ سۆزلەشكە باشلايتتى. ئۇ جۆيلۈگەندە پۈتۈن ھۆكۈمەتتىن تارتىپ پارتىيە ۋە چاڭبۇدىكىلەرنىڭ بىرسىنى قويماي ۋارقىراپ ھاقارەتلەيتتى. ھەتتا شوئارمۇ توۋلاپ كېتەتتى. مەن پەقەت ئۇنى كۆزىتىپ تاڭ ئاتقۇزدۇم. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن يەنە بىر قۇسۇر چىقىرىپ ئىشنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەيتتىم. ساجىدە ئۆتەك قىزىپ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا شۇنداق ئورۇقلاپ ئايلاپ كېسەل تارتقان ئادەمدەك بولۇپ قالدى.

ئىشقا چىقىشتىن ئاۋۋال دۈيجاڭنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدە كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيدە ئۆزگىرىشتىن چىققان لى دەيفۇ (لى دوختۇر) دەيدىغان بىر خەنزۇ دوختۇر بار ئىدى. مەن بېرىپ ئىشىكنى چەكتىم، دوختۇر چىققاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا:

– ساجىدە بەك قاتتىق ئاغرىپ قالدى. تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى، قاتتىق قىزىپ جۆيلۈپ چىقتى، دېدىم.

دوختۇر مەن بىلەن كېلىپ ساجىدەنى كۆردى. تېمپېراتۇرا 40.5 گرادۇس ئىدى. دوختۇر دۈيجاڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ساجىدە ھەققىدە سۆزلەپ دورىلارنى ئېلىپ بەردى.

مەن ئىشتىن كەلگۈچە ساجىدە بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمەي شۇ پېتى قىزىپ يېتىپتۇ. دوختۇرغا يەنە كىردىم. دوختۇر كىرىپ ئوكۇل قويدى، سۇدىن باشقا ئاغزىغا ھېچنەرسە سالمىدى.

شۇ كۈنى چاڭبۇدىن ئىش باشقۇرغۇچى قىلىپ ماھىنۇرنى سايلىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ماھىنۇر بەك خۇشال بولۇپ، قاق ـ قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. شۇندىن باشلاپ بىزگە پوزىتسىيىسىمۇ ئاجايىپ يامانلاشتى. ماڭىمۇ ۋارقىراپ ئۆزىنى دۈيجاڭ ئورنىغا قويۇپ بۇيرۇق قىلىدىغان بولدى. مەن بۇ ئىشنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندىم. «ئىش باشقۇرغۇچى» بولۇش مەقسىتى بىلەن ساجىدەگە بۇ بوھتانلارنى ئارتقان ئىكەن دەپ ئويلىدىم. ئۆزىنىڭ راھىتى ئۈچۈن نومۇس، ۋىجدانىنى ساتقان ئادەمدىن نېمە ياخشىلىق كۈتۈش مۇمكىن؟!

شۇ كۈندىن باشلاپ مېنى سۇ توشۇشقا چىقاردى. كېچە سائەت 12 دىن كۈندۈزى 12 گە قەدەر سۇ توشۇپ كۈزلۈك كۆكتاتلارنى سۇغۇرىمىز. مەن بىلەن بىر خەنزۇ قىز ئىككىمىز بىرگە ئىشلەيمىز، كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدا پەنەر چىراغ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ يورۇقى بىلەن تىزدىن ئاشقۇچە لاي ھەم سۇ كېچىپ ئىشلەيمىز. ئارىلىقتا بەش ـ ئون مىنۇت ئىشلىمەي دەم ئېلىپ قالساق سۇ قېچىپ كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن ئاران توسۇپ قالالايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن 12 سائەت توختىماستىن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى.

چۈشتە ھېرىپ - ئېچىپ ياتاققا قايتىپ كەلسەم ساجىدە خۇددى بىلمەي قىزىپ ئوتتۇز سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى تاختاي سۇپىدىن چۈشكۈدەك ھالى يوق ئاغرىپ ياتاتتى. مەن كېلىپ يۆلەپ تۇرغۇزۇپ سۇ بېرىپ يۆلەپ يېتىلەپ تالاغا ئېلىپ چىقىپ كېلەتتىم. ئايالالار ساجىدەنى ئاغرىق، دەپ ياتاقتا قاتتىق ۋارقىراپ گەپ قىلماي مەن يوق ۋاقىتتا ساجىدەگە قاراپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنداق ھالەتتە 15 كۈن ياتتى. مەن ئۆزۈممۇ ئىنتايىن قورقتۇم. ماھىنۇر بىر قېتىممۇ ساجىدەنىڭ ئەھۋالىنى سوراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭدىن كۆڭلۈم شۇنداق قالدىكى، بۇنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تەس ئىدى.

زورەممۇ ماھىنۇرنىڭ تەخسىسنى كۆتۈرۈپ، تەتۈر قاراپ ساجىدەنىڭ ھالىنى سوراپ كىرىپ قويمىدى.

بۇغۇ بىر قارا نادان، بۇنىڭدا نېمە ۋىجدان، ئەخلاق، نومۇس، ئىنساپ بولسۇن، دەپ ئۇلارنى كۆڭلۈمدىن چىقاردىم.

كۈندە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن دوختۇرخانىغا كىرىپ ساجىدەنىڭ ھالى توغرىسىدا دوختۇر بىلەن سۆزلىشىپ دوختۇردىن ئۇنى ياخشى داۋالىشنى ئۆتۈندۈم.

دوختۇر ماڭا:

ـ سەن خاتىرجەم بول، مەن قولۇمدىن كەلگىنىچە داۋالاۋاتىمەن. مىكروبقا قارشى بارلىق دورىلارنى ئىشلىتىپ بولدۇم، قىزىتمىسى ھېچ چۈشمىدى. ئەھۋالغا قارىغاندا بۇ تۇرمۇشلار ئۇنىڭ نېرۋىسىغا قاتتىق تەسىر قىلىپ نېرۋىسىدا قاتتىق قوزغىلىش بولغانلىقتىن، مۇشۇنداق ئاغرىپ قالغاندەك قىلىدۇ. دىققەت قىلمىسا ساراڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سىلەر مېنىڭ ئۆز سىڭىللىرىمغا ئوخشاش، بىز بىر كەسىپتىكى، بىر ساھەدىكى ھەم بىر كۆز قاراشتىكى ئادەملەرمىز، مەن سىلەرنى ئۆز سىڭلىم قاتارىدا كۆرىمەن. مەن بارلىق كۈچۈمنى چىقىرىپ داۋالاۋاتىمەن، دېدى.

بۈگۈن دوختۇر مېنى كۆرۈشى بىلەن، خۇش خەۋەر، ساجىدە بۈگۈن ياخشى، تېمپېراتۇرىسى نورماللاشتى. ئەھۋالىمۇ ياخشى، ساقىيىپ كېتىدۇ. مەن دۈيجاڭ بىلەن سۆزلەشتىم، دىققەت قىلمىسا ساراڭ بولۇپ كېتىدۇ، دېدىم. ساقايغاندىن كېيىنمۇ يەڭگىل، تىنچ ئىشلارغا بۆلۈشنى ئۇقتۇرۇپ قويدۇم، دېدى.

مەن خۇشال بولۇپ، ساجىدە ھەم ئۆزۈم نامىدىن كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتتىم. ئىشتىن قايتىپ ياتاققا كىرسەم ھەقىقەتەن ساجىدە ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈشى بىلەن ماغدۇرسىز ھالدا كۈلۈپ:

ـ سۆيۈن، دەپ خۇشال كەيپىنى بىلدۈردى.

قارىسام ئۇرۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ، يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ پارقىراپ كۆرۈندى. بۇرۇنلىرى ئىنچىكە ئۇزۇن بولۇپ، چىرايلىرى سارغىيىپ بىر يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى.

مەن ئالدىراپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ قانداق ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ـ ياخشىمەن، پەقەتلا ماغدۇرۇم يوق، دېدىم.

ـ قېرەك يوق، ياخشى بولۇپ كېتىسەن، مانا ئەمدى ساقايدىڭ، دەپ خۇشال بولدۇم.

سېنتەبىر ئايلىرى كىرىپ، كېچىسى سوغۇق بولۇشقا باشلىدى. ئۇچامغا ئەسكى قارا شىرما چاپان كىيىپ ئالسامىمۇ يالاڭ ئاياق سۇ كېچىپ ئىشلىگەنلىكتىن ئىچ ـ ئىچىمدىن تىترەپ توڭلايتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورساق ئاچ، شىيگوبىغا كېلىپ گۆش سېلىپ ياغ بىلەن پىشۇرۇلغان تاماق يەپ باقمىدۇق. كۈندە ئۈچ ۋاخ بىر چۆمۈچ سۇغا سېلىپ پىشۇرۇلغان كۆك لوبى بىلەن كىچىككىنە بىر دانە قىزىل قوناق مومىدىن باشقا ھېچ

نەرسە كۆرمەي ياشاپ كېلىۋاتىمىز. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى گۆش - ياغسىراپ، ھەر ۋاقىت قورساقنىڭ ئاچلىقى كىشىنى قىينايتتى. كۈندىن - كۈنگە ئۆزۈمدە ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلىشقا باشلايتتىم.

لو شوفاڭ يېنىمغا كېلىپ:

- سۆيۈن قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. بىزنىڭ ماۋۇ يېنىمىزدا قوغۇنلۇق بار. مەن تەرەتكە بارغان بولۇپ، قوغۇن ئۈزۈپ كېلەي، بولمىسا قورسىقىم ئېچىپ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، دەپ مېنىڭ يېنىمغا پەنەرنى قويۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، مەن قورقتۇم.

- ھەي لو شوفاڭ! ئۇنداق قىلما، ئەگەر بىزنى تۇتۇپ ئالسا ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. ئېلىپ كەلمە، دەپ تۇرۇۋالدىم.

لو شوفاڭ: قورقما، بۈگۈن قوغۇنلۇقتا ئادەم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆزەتچىمۇ ئۇخلاشقا كىرىپ كەتتى، ئېلىپ كېلەي تۇتۇلمايمەن، بىرسى كەلسە تەرەتكە ئولتۇرغان بولۇپ، ئولتۇرۇۋالىمەن، چاپاننى يېپىنچاقلاپ قوغۇننى قولتۇققا قىسىپ ئالسام بىلىنمەيدۇ قورقما، دەپ كەتتى.

مېنىڭ يۈرىكىم سىلىپ ھازىر بىزنى تۇتۇپ ئېلىپ ئېسىپ قويۇپ ئۇرىدىغاندەك كۆڭلۈم ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالدىم. بەش - ئون مىنۇتتىن كېيىن لو شوفاڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى، قولتۇقىدىن يوغان ئىككى قوغۇننى يەرگە يۇمۇلىتىۋەتتى. بىرسى كۆرۈپ تۇرغان بولمىسۇن، دەپ يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ ئەتراپىمغا دىققەت بىلەن سەپ سېلىپ قارىدىم.

لو شوفاڭ: قورقما، ئولتۇر، ماۋۇنى يەيلى، سۇ كەتسە كېتىشۋەرسۇن، كېيىن قارايلى، دەپ قوغۇننى يەرگە بىر ئۇردى، قوغۇن ۋاق قىلىپ يېرىلىپ پارچىلاندى. پەنەرنى قىر بېشىغا قويۇپ، ئۆزىمىز ئېرىق ياقىسىدىكى گازىرلىقنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قوغۇن يېدۇق. قورققىنىمدىن ئەتراپقا قاراپ - قاراپ شۇنداق ئالدىراش يېدىم ۋە لو شوفاڭنىمۇ «تېز بول» دەپ ئالدىراتتىم. ئاندىن يەنە بىر قوغۇننى گازىرلىقنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويدۇق. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ئىككىنچى قوغۇننى گازىرلىقنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇپ ئولتۇرۇپ يەنە ئالدىراپ، قورقۇپ يەپ بولۇپ، شاپاقلىرىنى كۆمۈپ قويدۇق.

ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم بۇنداق ئىشنى قىلىشىم. ماڭا ئېغىر ھەم قورقۇنچلۇق بولۇپ تۇيۇلدى. ئادەملەر بۇنداق يەردە يامانلىقنىمۇ مۇشۇنداق يوللار بىلەن ئۆگىنىپ چىقىشى مۇمكىنكەن، مەن ئىككىنچى بۇنداق قىلمايمەن، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە قىلدىم. لېكىن

قورسقىم ئادەتتىكى كۆڭۈلەرگە نىسبەتەن ئۇنداق چىدىغۇسىز بولۇپ قاتتىق ئاچىمدى. مەن ئىشتىن چۈشۈپ ياتاققا كەلسەم ساجىدە ئاۋۋالقى كۈندىكىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، ئەھۋالىنى سورىسام، بۈگۈن قورسىقىم ئېچىۋاتىدۇ، ماڭا بىر تاماق پۇشۇرۇپ بەرسەڭ، دەپ كۆڭلىدىن ئېيتقان بۇ سۆزىگە ھەيران بولدۇم. بۇ يەرنى بىلمەي دەۋاتامدۇ؟ ھېچ نەرسە بولمىسا، قانداق تاماق قىلارمەن؟ دەپ ئويلاپ قالدىم ۋە ئاستا چىقىپ دوختۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ساجىدە تاماق يېگۈم كەلدى، دەيدۇ. كېسەللەر تامىقىغا قەغەز قىلىپ بەرسەڭ! دېگەن ئىدىم. ئۇ ماقۇل بولۇپ، قەغەز قىلىپ بەردى. دۇيجاڭغا ئېلىپ كىرىپ تەستىقلىتىپ ئاشخانىغا باردىم. ئاشخانىدىكى ئاشپەز قەغەزنى ئېلىپ ماڭا قول قويىدۇرۇپ بەش يۈز گىرام ئۇن بىلەن بىر كىچىك سەي كاۋىسىنى ئۆزلۈك تاماق قىلىپ بەر، دەپ قولۇمغا تۇتقۇزدى. ياتاققا قايتىپ ساجىدەگە ئۇن بىلەن سەي كاۋىسىنى كۆرسەتتىم. يا ماي يوق يا گۆش يوق، بۇنىڭ بىلەن نېمە تاماق قىلارمەن، دېسەم، ساجىدە:

– لەڭمەن قىلىپ بەر، مېنىڭ سومكامنى ئاختۇرساڭ بىر قىزىل ۋاكىس قۇتىسى بار، شۇنىڭغا مەن مەكتەپتىكى چېغىمدا چېچىمنى ياغلايمەن، دەپ بىر ئاز قوي ماي سېلىپ قويغان ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن سەي قورۇ، دېدى.

سومكىنى ئاختۇرۇپ قىزىل ۋاكىس قۇتىسىنى تېپىپ چىقتىم. تاماق يەيدىغان قاچىدا خېمىر يۇغۇردۇم. سەي كاۋىنى ياتاقتىكى قىزلارنىڭ پىچىقى بىلەن توغرىدىم. دۇيجاڭنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا مىياۋ فو (سەي ئۆستۈرىدىغان پارنىك) جايلاشقان بىر قورا جايدەك ئورۇننى تال ۋە سۆگەتلەر بىلەن ئەتراپىنى ئوراپ ئۇنىڭدا مەخسۇس كادىرلار ئۈچۈن كۆكتات ئۆستۈرەتتى ھەم كۆكتات كۆچەتلىرىنى ئۆستۈرۈپ تۇرىدىغان بۇ ئورۇن بىزنىڭ ياتاقىمىزغا يېقىن ئىدى. ئۇنىڭغا مەخسۇس قارايدىغان رەن دېگەن 70 ياشتىن ئاشقان خەنزۇ بوۋاي بار ئىدى. ئۇنى پۈتۈن ئايالللار رەن ي (رەن بوۋا) دەپ ئاتايتتى.

مەن شۇ بوۋايدىن بىر ئاز كۆكتات سوراش نىيىتىدە توسۇلغان قورغانىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەتراپقا سەپ سېلىپ چىقتىم، ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، سۆگەت بىلەن توسۇلغان توسۇقنىڭ ئىچىگە قارىدىم. كۆكتاتلىقتا رەن بوۋاي ئىشلەپ يۈرگەن ئىكەن، مەن ئاستا ئاۋاز بىلەن «رەن بوۋا» دەپ چاقىردىم.

رەن بوۋاي ئەتراپقا قاراپ - قاراپ ئېھتىيات بىلەن يېنىمغا كەلدى. مەن ئۇنىڭغا ساجىدەنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى، ئۆزۈندىن بۇيان تاماق يېيەلمەي ياتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا تاماق قىلىپ بېرەي دېسەم سەي كاۋىسىدىن باشقا سەينىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ

بىر ئاز كۆكتات بېرىشنى ئۆتۈندۈم. ئۇمۇ ماقۇل دەپ ئەتراپقا قاراپ يوشۇرۇپ بىر دانە لازا، بىر دانە پەمىدۇر بەردى. كۆپ رەھمەت ئېيتىپ ئېلىپ كەلدىم.

ياتاقتا ئوتتا كۆيۈپ قارىيىپ كەتكەن بىر كورا بار ئىدى. ئۇنى ئېلىپ چىقىپ تالادا ئۇچ كېسەك بىلەن ئوچاق ياساپ، تالادىن ئۇششاق - چۇشەك ئوتۇن چۆپلەرنى يىغىپ كېلىپ كورىنىڭ ئاستىغا ئوت ياقتىم. ۋاكسى قۇتىسىدىكى ياغنى سالماقچى بولۇپ ئاچسام ئىسسىقتا ئېرىپ قوي مېيى ۋاكسى بىلەن قوشۇلۇپ، قىزىل ۋاكسى ماي بولۇپ ئۇيۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يامان بولدى. بۇنى قانداق يېگىلى بولار؟ دەپ تۇرۇپ قالدىم ۋە بۇنىڭدىن باشقا ياغ يوق، ئىلاجسىز قوشۇق بىلەن قىرىپ كورىغا سېلىشىم بىلەن ماي ئوت بولۇپ يالقۇن كۆتۈرۈپ يېنىشقا باشلىدى. ئالدىراپ كۆكتاتلارنى كورىغا سېلىپ ئاران ئوتنى باستىم. لازا، پەمىدۇرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئاچچىق - چۇچۇك مەززىلىك تاماقنىڭ پۇرىقى چىقىپ ئادەمنىڭ نەپسىنى غىدىقلايتتى.

ساجىدە ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ:

— جېنىم سۆيۈن ھەجەپ تاتلىق پۇراقلار چىقىپ كەتتى، دەپ خۇشاللىقتىن تاماقنىڭ پىششىنى كۈتەلمەي مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەقىقەتەن بۇ لەگمەن شۇنچىلىك تاتلىق بولۇپ پىشىپ چىقتىكى ساجىدە: سۆيۈن مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق تاتلىق لەگمەن يەپ كۆرمىدىم، دەپ يوغان بىر تەخسە لەگمەننى يەپ بولدى.

## لوي ساگو يولىدىكى ئۆگكۈر ئۆيلەر

15 - سېنتەبىر سەيشەنبە

ئەتىگەن ئىشقا چىقىش ئالدىدا سەپكە چىقىپ تىزىلىپ رەتلەندۇق. بىز ئىشقا مېڭىشتىن بۇرۇن دۈيجاڭ چىقىپ ھەممىنى رەتكە سېلىپ ئىشقا ئۆزى ئېلىپ باراتتى.

بىز چىقىپ رەتلىنىپ تىزىلغاندىن كېيىن دۈيجاڭ مەن، پاتەم، زىلەيخا، تۇخان تۆتىمىزنى ئېلىپ قېلىپ، باشقىلارنى ئىشقا ماڭغۇزۇۋەتتى. ئاندىن بىزگە:

— بۈگۈن سىلەر لوي ساگوغا ئەمگەككە بارىسىلەر، ياخشى ئىشلەپ قايتىڭلار، بىز سىلەرگە ئىشىنىپ ئەۋەتىۋاتىمىز، ھازىر تراكتور كېلىدۇ. چۈشلۈك تاماقلىرىڭلارنى ئاشخانىدىن ئېلىۋېلىڭلار، تراكتور بىلەن بارىسىلەر، دېدى.

بىز تاماقلىرىمىزنى ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرۇشىمىزغا چاڭبۇنىڭ كەينىدىن مەيدانغا تراكتور كىرىپ كەلدى. بىز تراكتورنىڭ ۋاگونىغا چىقىپ جايلاشتۇق. تراكتور قوزغىلىپ كونا ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللار بىلەن پايانسىز كەتكەن چۆللۈكنى كېزىپ ئىلگىرىلەپ باراتتى. بۇ پايانسىز كەتكەن زېمىندا سۆكسۆكتىن باشقا نە بىر ئۆسكەن دەل - دەرەخ، نە تاغۇ - تاش، نە بىر ئاققان ئېرىق - ئۆستەڭ، نە بىر ئۆي، ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. شۇ تەرىقىدە بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن تراكتور بىر ئويمان سايغا قاراپ قىيا يول بىلەن سول تەرەپنى ياقىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. بىز سايغا قاراپ مېڭىشىمىز بىلەن بىرەر يۈزدەك بالا خۇددى تراكتورنى ساقلاپ تۇرغاندەك چوقۇرۇشۇپ تراكتورنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. مەن ھەيران بولدۇم، جىمجىت بۇ چۆللۈكتە بۇ بالىلار نەدىن كەلدى؟ دەپ بالىلار چۈشۈپ كېلىۋاتقان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدىم.

ساينىڭ كۈنگەي تەرىپىدىن يارداڭلىقنى ئويۇپ يول ياساپ، شۇ يول بويلاپ يارنى ئويۇپ نەچچە يۈزلەپ ئۆي ياساپ ھەر ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئۈستىدىن دېرىزە قويۇپ ماكانلىشىپ چۆللۈككە لايىق كىچىك بىر شەھەرنى شەكىللەندۈرۈپتۇ. ھەر بىر ئۆينىڭ ئالدىدا بەش - ئوندەك ئادەم قوللىرىدا يەۋاتقان تاماقلىرىنى تۇتقان پېتى تراكتورغا قاراپ تاماشا قىلىپ بىر - بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تاماق يەپ تۇراتتى. بەلكى ئۇلار تراكتورنىڭ ئاۋازىنى يىراقتىن ئاڭلاپ ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. نېمە دېگەن كۆپ ئۆي، نېمە دېگەن كۆپ ئادەم. ئارىسىدا بىرمۇ مىللىي يوق، ھەممىسى خەنزۇ مىللىتىدىن ئىدى. بىز پويىز ئىستانسىسىدا كۆرگەن خىتاي ئۆلكىلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن خىتايلار مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جايلارغا ماكانلاشقان ئوخشايدۇ. ئۇلار كىشىلەرگە كۆرۈنمەس ساي - سايلارغا جايلىشىپ، يوق بولغان ئىكەن. تېخى بۇ ساينىڭ يۇقىرى - تۆۋەندىكى جايلىرىغا قانچىلىك خىتاي جايلاشقانكىن، ئۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس.

مانا مۇشۇ ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلمەيدىغان جايدا ماكان تۇتۇپ ياشاۋېتىپتۇ! مۇشۇ يەردە مۇشۇنچىلىك نۇرغۇن ئادەمنىڭ ياشاۋاتقىنىنى كىممۇ ئويلىسۇن؟ قايسى شەرقىي تۈركىستانلىق بۇنى بىلسۇن!

مانا مۇشۇنداق بىر ئاز سۈيى بولغان جايغا كېلىپ شۇنچە كۆپ ئادەم ئورۇنلاشسا، بۇ ئەھۋالدا شەرقىي تۈركىستانغا جايلاشقان خىتايلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن، دەپ ئويلىدىم.

بالىلار چوقۇرۇشۇپ بىزنى ساينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈزۈك سۈيى بار چىرايلىق ئۆستەڭدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇزىتىپ قالدى.

بۇ سايغا قاراپ مەن شۇنى ھېس قىلدىم. ئىلگىرىكى زاماندا بۇ جايدا ساي بولۇپ،

بىر چوڭ دەريا ئاققان بولسا كېرەك. ھازىر ئۇنىڭ ئورنىدا ساينىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك ئۆستەڭدىلا سۇ ئېقىپ تۇرۇپتۇ. لوي ساگوغا بارغۇچە شۇ سايدا ئۆڭگۈرلەپ ياسالغان ئۆيلەرنى ۋە شۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ ياشاۋاتقان خىتايلارنى، كىچىك ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆستۈرۈلگەن يېشىللىقنى ئويلاپ كەلدىم. نېمىشقىدۇر مەن ئۇچراتقان بۇ جاي ۋە بۇ نەرسىلەر كۆڭلۈمدە بىر خىل چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى.

لوي ساگومۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئوتتۇرىسىدا ئېقىپ تۇرغان سۈيى بار ساي ئىكەن. لوي ساگو ھەقىقەتەن گۈزەل يەر ئىكەن. ساينىڭ ئىچىدە قويۇق ئورمان ۋە چاتقاللىقلار بولۇپ، كۆز پەسلى بولغانلىقتىن يېشىل، قىزىل، سېرىق يوپۇرماقلار تەبىئەتكە تېخىمۇ چىرايلىق رەڭ بېرەتتى. ساينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاققان سۈزۈك سۇلارنىڭ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ شارقىراپ ئېقىشلىرى، قۇشلارنىڭ چىرايلىق خۇش ئاۋازدا سايراشلىرى، پۈتۈن ساينى جانلاندۇرۇپ، تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ جانلىق قىلىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر بېرەتتى.

بۇ مەنزىرە ئىچىدە مەن ئۆزۈمنىمۇ خۇشال ھەم روھلۇق ھېس قىلدىم.

ساي ئىچىدىكى بوشلۇقتا قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا ھەم قوناق تېرىغان ئىكەن. شۇنچىلىك ئوخشاپ پىشقانكى، پۈتۈن سايدىن قوغۇننىڭ شېرىن ھىدى پۇرايتتى.

بىز تراكتوردىن چۈشكەندە تا قاراڭغۇ چۈشكىچە ئېتىزلىقتىن قوغۇن، تاۋۇز ئۈزۈپ قىر بېشىغا توشىدۇق. شۇنچىلىك قاتتىق ئىشلەپ بەللىرىمىز ئاغرىپ كېچىنىڭ بىر ۋاقتىدا ھېرىپ ياتاققا ئاران كەلدۇق. مەن كەلسەم ساجىدە ئۇخلىماي بىزنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

## 18 - سېنتەبىر

ھاۋا ئوچۇق ئاپتاپلىق كۈن بولسىمۇ، لېكىن كۆزنىڭ كۆڭۈلسىز مەنزىرىسى كىشىنى كۆڭۈلسىز قىلاتتى. ئەتىگەندىن تارتىپ كۆكتات ئېتىزلىقىغا ئوغۇت توكۇش ئۈچۈن ئات ئېغىلىدىن ئىككى سېۋەت بىلەن ئەپكەشلەپ ئات قىغىنى ئېتىزلىققا توشۇپ ئىشلىدۇق. ئېتىز بىلەن ئات ئېغىلىنىڭ ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىر كېلەتتى. چىرىتىلگەن ھۆل قىغ بولغانلىقتىن، ئەپكەش كۆتۈرگەن مۈرىلىرىم ئاغرىپ، ئۆزۈم ھېرىپ ئات ئېغىلى بىلەن ئېتىز ئارىلىقىدا ئۈچ - تۆت قېتىم توختاپ دەم ئېلىپ توشۇشقا توغرا كەلدى. ئەگەر كادىر ياكى باشلىقلار كۆرۈپ قالسا دەم ئېلىپ توشۇشقا يول قويمايتتى. ئۇلار بولمىغان پۇرسەتتىلا دەم

ئېلىشقا تىرىشاتتۇق. ئېتىزغا ئاز قالغاندا ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن دەم ئېلىش ئۈچۈن توختىدىم، مېنىڭ كەينىمدە كېلىۋاتقانلارمۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ توختاپ، بىر ئاز دەم ئېلىۋېلىپ ماڭايلى! دەپ تۇرۇشىمىزغا ئېتىز تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ شۇنداق دەھشەتلىك دات ـ پەرياد ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن يېنىمدا تۇرغان خەنزۇ قىزلارغا قارىدىم. ئۇلار شۇنداق قورقۇپ تىترىشىپ كەتتى. نېمە بولغاندۇ؟ ۋاي ئاللاھ! دەپ ئەنسىرىشىپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەنسىرەۋاتقىنىنىمۇ چۈشىنەلمىدىم. ئەپكەشنى ئالدىراپ مۈرەمگە ئېلىپ ئېتىز تەرەپكە تېز مېڭىپ كەتتىم. ئېتىزغا يېتىپ كېلىشىم بىلەن ۋاڭ جيشۇيەن (ۋاڭ تېخنىك) نىڭ گازىرلىق يېنىدىكى قىر بېشىدا بىر ئايالنى ياتقۇزۇۋېلىپ ئۈستىگە تەتۈر مىنىپ كۆڭلىكىنى قايرىپ ئىشتاننى تىزىغا چۈشۈرۈپ ئاپاق قۇيرۇقىغا شاپىلاقلاپ تازا ئۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئەپكەشنى يەرگە تاشلاپ قېتىپ قالدىم. ئۇ ئايالنىڭ دەھشەتلىك ۋارقىرىغان پەريادلىق ئاۋازىغا چىدىماستىن ھېچنەرسىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۇ ئايالنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ۋاڭ تېخنىكنىڭ ئالدىغا ماڭغىنىمدا يېنىمدا تۇرغان جاڭ يولەن بىلەن ۋاڭ شوخۇئا مېنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇپ چەتكە تارتىپ: توختا، توختا! سەن بۇ يەردىكى ئەھۋالنى بىلمەيسەن، دەپ قاتتىق ئېسىلىۋالدى. ھېچقايسىمىز يېنىغا بارالماي چەتتە كۆرۈنمەي قاراپ تۇردۇق، ئۇ ۋاڭ خىتاينىڭ ئۇرۇۋېرىپ ئالىقىنى ئاغرىغان بولسا كېرەك، يېنىدىكى بىر توپ گازىرنى قومۇرۇپ ئېلىپ بىلەكتەك يوغان گازىر شېخى بىلەن باش ـ كۆزى دېمەي ئۇرغىلى تۇردى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇشقا چىدىماستىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ۋاڭنىڭ قولىدىن تاياقنى تارتىپ ئېلىپ ئۇرما دېمەكچى بولۇپ، ماڭغاندا يەنە جاڭ يولەن مېنى تۇتۇپ:

ــ سەن نېمىشقا ئويلىمايسەن، سەن سىياسىي جىنايەتچى، سەن بارساڭ ئۇ سېنى ئېتىپ تاشلىشى مۇمكىن، ياكى سېنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىشى مۇمكىن. تەشكىلگە قارشى چىقتى، سىياسىي ئىسيان كۆتۈرۈپ ئايالالارنى تەشكىلگە قارشى قۇتراتتى، دەپ قارىلايدۇ. ئۆلسەڭ بىر بانا تېپىپ كۆمۈپ قويىدۇ. كىم سېنىڭ ئىستەك سورىغىنىنى قىلىدۇ. ئىش چىڭىغا چىقىپ ھەممىمىزنى قىرىۋېتىشى مۇمكىن. سەن ھېچنەرسە بىلمەيسەن، يېڭى كەلدىڭ. سەن كۆرگەن بۇ قەغەز يۈزىدىكى چىرايلىق سىياسەتلەر، ئەمەلىيەتتە سەن بىلمەيسەن، سەن ھېچنەرسە كۆرمىدىڭ، بۇنداق ئىشلاردا ئۆزۈڭنى چەتتە تۇت. بىز ئېھتىيات قىلىمىز، دېدى.

مەن ئۇنىڭ دوستلۇق پىكرى ئۈچۈن رازى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۆزۈمنى بېسىپ تۇرۇپ قالدىم ۋە رەھمەت ئېيتتىم. يېنىمدا تۇرغان قىزلار يىغلاپ تۇراتتى. ۋاڭ

ئۇرۇۋاتقان ئايالنىڭ ئايگۈل ئىكەنلىكىنى، كىيىمى ۋە ئاۋازىدىن تونۇدۇق. يېنىمدا تۇرغان تۇراخان، ئايگۈل ئىكەنغۇ، دەپ بەكمۇ ھەيرانلىقتا تووۋلاپ كەتتى. ئايگۈل ئۆزى سىپمىز، ئوتتۇرا بوي، قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى قەشقەرلىك ئايال ئىدى. ۋاڭ دېگەن خەنزۇ تېخنىك ئۇستا دېگۈدەك بىلىمى يوق، قارا قورساق، خەتمۇ تونۇمايدىغان بىر نادان ئىكەن. ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلۈمسىرەش، مېھرى - شەپقەت دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق، ئاچچىقى يامان، قاپىقى تۈرۈك، قىياپىتى قورقۇنچلۇق، خۇددى جاللاتلارغا ئوخشايدىغان، رەڭگى سوغۇق، سەت بىر خىتاي ئىدى. ئۇ ئۆزى خالىغانچە كىشلەرنى سەۋەبسىز ئۇرىدىغان، قانلىق قول ئادەم «ئۇستا» دېگەن نام بىلەن رەھبەرلىك ئۇنىڭغا ئادەملەرنى ئۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىپ مەھبۇسلارنى قىيناش ئۈچۈن چىقىرىپ قويغان ئادەم ئوخشايدۇ. ئۇ مىللىيلارنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتى. ئىككى مىللىي سۆزلىشىپ قالسا  نېمىشقا ياخشى ئىشلىمەي پاراڭلىشىسىلەر؟ دەپ ئۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ كېلىپ قالسا بىز بىر - بىرىمىزگە گەپ قىلىش ئەمەس، قاراشتىنمۇ قورقاتتۇق. ئايالللار ئۇنى: مۇشۇ قارا خىتاي يوقالسا ئىكەن، دەپ تىلەيمىز، دېيىشەتتى.

ۋاڭ ئايگۈلنى بىر تېپىپ، كالتەكنى چۆرۈۋەتتى ۋە ئېتىزنىڭ ئۇ بېشىدىكى ئايالللارغا: چاققان مېڭىش! دەپ زەھىرى بىلەن تووۋلىغان ئىدى، ھەممىمىز ئەپكەشنى مۈرىمىزگە ئېلىپ ئېتىز بېشىغا قاراپ شۇنداق تېز يۈگۈرۈپ كەتتۇق ۋە مۈرىنىڭ ئاغرىغانلىقى ۋە ھارغانلىقىمىزنى ئۇنۇتقان ھالدا شۇنداق تېز ئىشلەپ كەتتۇق.

ئىشتىن چۈشۈپ ياتاققا كىرسەم ئايگۈلنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى تاياق ئىزلىرى ئىششىپ كۆكىرىپ چىقىپتۇ، كۆزلىرى قىپقىزىل بولۇپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، يېشىنى تۆكۈپ قايغۇلۇق ھالەتتە ئولتۇرۇپتۇ. ھال سوراپ ھېسداشلىقىمنى بىلدۈرۈپ ئالدىغا باردىم.

ــ ئايگۈل، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ئۇ زالىم خىتاي بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. كۆرۈپ تۇرۇپ بىزمۇ چىدىيالماي كەتتۇق. قانداق قىلىمىز، باشقا كەلگەن بۇ دەرتنى تارتماي ئامالىمىز يوق. دۈيجاڭغا دەپ دوختۇر چاقىرتىپ كۆرەمدۇق، دېدىم.

ــ ئايگۈل: ياق، كېرەك ئەمەس، بىرسىنىمۇ كۆرگۈم يوق، دېدى، كۆزىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

كۆڭلىنى ياسىغىنىمچە ئۇ شۇنداق ھۆڭگۈرەك ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى. بۇ ياشتا بۇ كۈنلەرنى كۆرۈش ئادەم بالىسى ئۈچۈن يەڭگىل ئەمەس.

ۋاڭ ئىش باشقۇرغان ئۈچ كۈن ئىچىدە بەش كۈنلۈك ئىشنى تاماملىدۇق. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئايگۈلدىن باشقا ئاتىكەمنىمۇ ئوغۇتنى سەينىڭ تۆۋىگە تۆكمىدىڭ، دېگەن باھانە بىلەن ئۇرغاندىن كېيىن باشقىلىرىمىز بۇ تاياقنىڭ سۇرىدىن قورقۇپ مۇرىمىزنىڭ ئاغرىشنى ۋە ھارغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ يۈگۈرۈپ  يۈرۈپ ئىشلىدۇق.

# ئاپام ۋە ساجىدەنىڭ ئاكىسىنىڭ يوقلاپ كېلىشى

20 - سېنتەبىر

ئەتىگەن قوناق ئورۇش ئۈچۈن دۈيجاڭ گۈلنىسا بىر قانچىمىزنى بۆلۈپ قويۇپ، قالغانلارنى كۆكتاتلىق ئېتىزغا ئىشقا ئېلىپ كەتتى. بىز قوناقلىققا بېرىش ئۈچۈن ئەرلەر ياتقىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغىنىمىزدا بىر ئادەم بىزنىڭ كەينىمىزدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ:

ـ قايسىڭلار سۆيۈنگۈل؟ قايسىڭلار ساجىدە؟ سىلەرنىڭ ئائىلەڭدىكىلەر سىلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن سانجىغا كەلگەن ئىكەن، مەن ئۇلارنى ئالماي تاشلاپ كەتتىم. بەلكى بۈگۈن كېلىپ قالار، دېدى. ساجىدە خۇشاللىقىدىن بوينۇمغا ئېسىلىپ سەكرەپ كەتتى.

مەن: سىز كىم بولىسىز؟ دەپ سورىدىم. ئۇ ئادەم: مەن ئەترەتنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيمەن، دېيىشى  بىلەن ساجىدە ئىككىمىز تەڭلا:

ـ نېمىشقا ئېلىپ كەلمىدىڭىز؟ ئۇلار شۇنچە يولنى پىيادە قانداق مېڭىپ كېلىدۇ؟ ھەجەپ رەھىمسىز ئادەم ئىكەنسىز، دەپ رەنجىدۇق.

ـ مەن سىلەر ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمەپتىمەن، بولمىسا قانداق قىلىپ بولمىسۇن قالدۇرماي ئېلىپ كېلەتتىم، دەپ خىجالەت بولۇپ قالدى.

بىز ئۇ ئادەمدىن ئايرىلىپ ئون قەدەم ماڭماستىن ئالدىمىزدا بىر توخۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ تۇخۇم تۇغۇپ قويدى. ساجىدە يۈگۈرۈپ بېرىپ تۇخۇمنى ئېلىپ سۆيۈن، بۈگۈن بىزگە ئامەت كەلگەن كۈن ئىكەن. ئىشقا چىقىشىمىز بىلەن خۇش خەۋەر ئاڭلىدۇق. توخۇ ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلىپ بىر تۇخۇم تۇغۇپ بەردى، دېدى. قىزلار چوقۇرۇشۇپ كۈلۈشتۇق.

بىز كېتىۋېتىپ ئەرلەر ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان، قاپقارا كۈرۈشكىدا

سۇ قايىنتىۋاتقان بىر ئەركىشىنى كۆردۇق. تۇخۇمنى شۇنىڭغا بېرىپ كېتەيلى! دەپ ئاشخانا ئالدىغا كەلگەندە، ساجىدە ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ماڭا قاراپ: سۆيۈن كامال بېكلەر بىلەن قولغا ئېلىنغان «بىرىنچى ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى چۆچەكلىك قالى ئەمەسمۇ؟ دەپ ھەيرانلىقىدا قېتىپ قالدى. مەن قالىنى ئاڭلىغان، لېكىن ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم.

ھەر ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ بىر ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىسى، دەپ ئويلاش قىيىن ئىدى. ئۆزى ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، ئۈستىگە كونىراپ كەتكەن قارا مەھبۇس كىيىمىنى كىيگەن، روھى كەيپىياتى چۈشكۈن بولۇپ، تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەر قىياپىتىگە كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ ئورنىدىن ئاران تۇرۇپ سالاملاشقاندىن كېيىن:

– مەن سىلەرنى كەلدى، دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ كۈن بىز بىلەنلا كەتسە بولماسمىدى، نېمە دەپ كەلدىڭلار؟ دەپ ئېچىنغان ھالدا ئاران سۆزلىدى. مەن كەلگەندىن بېرى ئاغرىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم، يېقىندا دادام مېنى ئالغىلى كېلىدۇ. ئۇ كەلسە قايتىپ كېتىمەن. ئىشقا چىقالماي يېتىپتىمەن، دېدى.

كادىرلارنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، تۇخۇمنى قالىغا بېرىپ ئۆزىمىز ئىشقا ماڭدۇق.

بۈگۈن بىر كۈن ئىش ئۈستىدە پۈتۈن پىكىر - خىيالىم ئۆزۈمنىڭ مېھرىبان ئانامدا ۋە ساجىدەنىڭ ئاكىسىدا بولدى. ئاتا - ئانام بىلەن ئۇزىلىرىمغا بولغان كۆڭلۈمدىكى سېغىنىش ئېشىپ، ئۆيگە قايتقۇم كېلىپ بىر ئاز بوش بولساملا يىراق - يىراقلارغا قاراپ ئەركىنلىكنى تىلەپ «ئۇھ» تارتىپ قوياتتىم. مانا بۈگۈن سېغىنىپ كۈتكەن ئانامنىڭ كېلىش خۇش خەۋىرى كۆڭلۈمنى خۇشال قىلاتتى. يالغۇز مەن ئەمەس، ساجىدەمۇ ئىنتايىن خۇشال ئىدى. تېزرەك ياتاققا قايتىشنى كۈتەتتىم، ۋاقىت كۈندىكىدىن ئاستا ئۆتكەندەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى.

كەچلىك تاماقنىمۇ يەپ بولدۇق، ئۇلار يوق. قىزلار سۇغا بارغان بولۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قۇدۇق بېشىغا بېرىپ ئەتراپقا قاراپ كېلەتتى. بىز مەيداننىڭ كەينىدىكى دۆڭلۈككە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق. گۈلنىسا دۈيجاڭ بىزنى كۆرۈپ:

– ھەي نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىلەر؟ سۆيۈنگۈل، ئۆگىنىش باشلاندى، دەپ ۋارقىرىغان ئىدى. ھەممىمىز ئامالسىز ياتاققا كىرىپ ئۆگىنىش قىلدۇق، يېرىم سائەتتىن

كېيىن خاسىيەت تالاغا چىققان بولۇپ، قاراپ كەلمەكچى بولدى. ئۇ تېزلا كىرىپ:

ــ خۇش خەۋەر ئۈلار كەلدى. بەش ـ ئالتە ئېشەكلىك ئادەملەر كەلدى. بىر ئايال بىر كىچىك قىز، بىر ياش بالا ۋە قېرى ئادەملەر ھەممىسى ئىشخانىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، دېدى.

بىز خۇشاللىقىمىزدا نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي قالدۇق، بەزى قىزلار: مانا سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلار يوقلاپ كەلدى. بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز يىراقتا ھەم كەمبەغەل كېلەلمەيدۇ، بىزنىڭ يوقلاپ كېلىدىغان ئادىمىمىزمۇ يوق، دەپ كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ يىغلاشتى. مەن ئۈلارنى بەزلەپ: يىغلىماڭلار، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئىككى ـ ئۈچ يىل دېگەن ھېچقانچە ۋاقىت ئەمەس، خۇدايىم بۇيرۇسا ۋاقتىڭلار توشقاندىن كېيىن چىقىپ بېرىپ كۆرۈشىسىلەر، ئاتا ـ ئاناڭلار كېلەلمىسە بىز بار. بىز بىر ـ بىرىمىزگە قېرىنداش بولۇپ ياشايمىز، دەپ كۆڭلىنى ياساپ تۇرۇشۇمغا دۇيجاڭ كىرىپ ساجىدە بىلەن ئىككىمىزنى چاقىرىپ چىقىپ:

ــ سېنىڭ ئاپاڭ، سېنىڭ ئاكاڭ كەلدى، بېرىپ كۆرۈشۈڭلار، لېكىن ئۈلارغا بۇ يەردىكى ئىشلار توغرۇلۇق ئارتۇق گەپ قىلمايسىلەر، دېدى.

بىز: ماقۇل، دەپ ئىشخانىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردۇق، ئىشخانىنىڭ ئالدىدىكى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۈلارنى ئېلىپ كېلىپ تۇرغان ئىكەن، سىڭلىم بىلەن ئاپام يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ ئالدى. كەينىمىزدىن كەلگەن دۇيجاڭ ياتاققا كىرىڭلار، دەپ بىزنى ياتاققا باشلاپ كىردى. بىز كۆرۈشۈپ ھال سورۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، ساجىدە ئاكىسىنى ماڭا تونۇشتۇردى.

ــ بۇ مېنىڭ ئاكام ئىسمى ھېكىم، بۇ سۆيۈنگۈل، بەلكىم سەن ئاڭلىغانسەن، دېدى.

ھېكىم: سىلەرنى ھازىر ھەممە ئادەم بىلىدۇ، دەپ كۈلدى. مەن ئاپامغا ساجىدەنى تونۇشتۇردۇم.

ھېكىم بىزگە:

ــ سىلەر ئەل بەختى، ئەركىنلىكى دەپ ئۆز بەخت ـ ئەركىنلىكىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار. بۇ پەقەت سىلەرگە كەلگەن بەختسىزلىك ۋە ئەركىنسىزلىك ئەمەس، پۈتۈن ئائىلەڭلەرگىمۇ كەلگەن بەختسىزلىك، ئائىلەڭلەرگە قانچىلىك ئېغىر بولدى، سىلەر بىلدىڭلارمۇ؟ دەپ بىزگە قارىغان ئىدى. بىز ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ كۈلدۇق، جاۋابەن ھېچقانداق سۆز قىلىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئۈلار بىزگە: كېلىدىغان يەرگە كېلىپ بولدۇڭلار، ئەمدى ئامال يوق، مۇشۇ يىللارنى بىرەر ئىشقا ئۇچرىماي، ساق ـ سالامەت تۈگىتىپ چىقساڭلار

ياخشى بولاتتى، ئەڭ ياخشىسى ئاز سۆزلەپ كۆپ تىڭشاڭلار، دەپ كۆپ نەسىھەت قىلدى.

ساجىدە بىلەن ئىككىمىز «ماقۇل» دەپ جىم ئولتۇردۇق، سىڭلىم غەيشە بىر دەم ـ بىر دەم كېلىپ كىچىك قوللىرى بىلەن بوينۇمدىن قۇچاقلاپ:

ـ بىز سېنى سېغىنىپ كەتتۇق، دەپ ئالدىمغا چىقىپ بوينۇمغا ئېسىلاتتى. ئۇنىڭ بۇدرە قىسقا چاچلىرىنى بارماقلىرىم بىلەن تاراپ: مەنمۇ سىلەرنى بەكمۇ سېغىندىم، دەپ دادامنى ۋە ئوكىلىرىمنى سوراپ، بىر ئاز پاراڭلاشتۇق.

دۈيجاڭ كىرىپ ساجىدە بىلەن ئىككىمىزنى بولدى، قايتىڭلار ۋاقىت توشتى، دەپ قايتۇردى. ئۇلار ئەتىسى كۈنى بىز بىلەن خوشلىشىپ، كۆپ نەسىھەت قىلىپ، بىزنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ قايتىپ كەتتى. بۇ چۈش كۆرگەندەك بىر ئىش بولدى، ئۇلارنىڭ كەلگىنى خۇشاللىق، كېتىشى بىزنىڭ يەنە شۇ يەردە قېلىپ قېلىشىمىز يۈرىكىمىزنى سىقىپ، ئۇلاردىن ئايرىلغۇمىز كەلمەي ئۇزىتىپ قالدۇق.

# 15 ـ ئۆكتەبىر

ئىشتىن قايتىپ كېلىشىمىزگە ياتاقتىن كۆچۈدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى.

ھەممىمىز ئالدىراش بىر ـ بىرىمىزگە قارىماستىن يىغىشتۇرۇپ كادىرلار ئىشخانا بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاشخانىنىڭ يېنىدا يەردىن كۆتۈرۈپ سېلىنغان سوقما تاملىق ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردۇق. بىر ياتاققا ئون بەش ئايالنى ئورۇنلاشتۇردى. ئىشكتىن كىرىشتىكى ئۇدۇل بۇلۇڭدا ساجىدە بىلەن ئىككىمىزگە ئايرىم ئورۇن بەردى. قالغان 13 ئايال ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە سامان ئۈستىگە جايلاشتى. ھەممىمىز ياتاقتىن خۇشال بولدۇق. چۈنكى ياتىقىمىز يەر ئۈستىدە بولۇپ، ئۆيگە ئوخشاش كۆڭۈللۈك بولدى. گەمە ئۆيدە يامغۇر ياغسا پۈتۈن ئۆيگە سۇ توشۇپ كېتەتتى. يوتقان ـ كۆرپىلەر سۇ بولۇپ، دەسسەيدىغان يەر قالمايتتى. شۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇق. ئىككىنچىدىن، چۈسدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق، دەپ خۇشال بولدۇق.

بۇ خۇشاللىقىمىز بىكار بولدى. پۈتۈن ئۆيگە چۈسى تەرگەندەك ئوخشاشلا قۇرۇتتەك قايناپ تۇراتتى. ئاچ چۈسلار تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇ بەرمىدى. ئاخىرى بولماستىن بۇرۇنقى ئادىتىمىز بويىچە تۇرۇپ پۈتۈمغا پايپاق ۋە ئۇزۇن شالۋار كىيدىم، پايپاق ئىچىگە شالۋارنىڭ پۇشقىقىنى تىقىپ باغلىدىم. ئۇزۇن يەڭلىك كوپتا كىيىپ بەلدىن ۋە پەلەي كىيىپ يەڭدىن

باغلىدىم. بېشىمغا ياغلىق، ئاغزىمغا ماسكا، بوينۇمغا لۆڭگە باغلاپ ھېچ يەردىن چۈسى كىرەلمىگۈدەك بولغاندا ئاندىن ئارام ئېلىپ ئۇخلاپ كەتتىم.

چۈسغا ئامال قىلساقمۇ لېكىن پاشىغا ھېچ ئامال يوق ئىدى. شىيگوبىغا كېلىپ بىر كېچە ئارام خۇدا ئۇخلىيالمىدىم. پاشا، چۈسى، چىۋىن ھەممە تىنچىق ئىسسىق بۇنىڭ ھەممىسى ئادەمگە ئازاب  ھەم چوڭ بىر جازا بولدى. يەنە بىر جانغا تېگىدىغان نەرسە قاق سەھەر شىرىن ئۇيقۇ ۋاقتىدا ياتاقتا كىرىپ چېلىنغان پۇشتەكنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئىدى. كاشكى تالادا چېلىپ ئويغاتسىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازى يېتەرلىك ئىدى. ھەر سەھەردە ياتاقتا چېلىنغان پۇشتەك ئاۋازىدىن يۈرەكلىرىمىز ئاغزىمىزغا تىقىلىپ ئېسىمىزنى يىغالماي كېتەتتۇق. ئاياللار ھەر كۈنى ماھىنۇرنى قارغاپ، تىللاپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ بۇ ئىشنى تۇرمىدىن چىققۇچە ئۆزگەرتمىدى. ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرغاندىن كېيىن ئايشەم مامۇت بۇرۇنقى گەمە ياتاقتا سۈپۈرگە قاپتۇ، ئېلىپ كېلەي دەپ باشلىقتىن سوراپ كەتكەن ئىدى. كۆپ كېچىكمەستىن ئايشەم ئىشكتىن:

ــ ۋاي قىزلار بىزنى خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ، كۆرمەمسىلەر، بىز ياتقان گەمە ياتاقنىڭ ئۆگزىسى بىراقلا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئەگەر بىز كۆچمىگەن بولساق بىرسىمىزمۇ ساق قالماسكەنمىز، بۈگۈنكى كۈندە بىز يوق دەڭلا! ۋاي خۇدايىم بىز نېمە دېگەن تەلەيلىكمىز، ۋاي ئېسىل خۇدايىم بىزنى ھەجەپ ياخشى ساقلاپ قالدىڭ، بولمىسا بۇلار ئاپىرىپ تام ئاستىدا قالدى، دەپ كۆمۈپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن تۈگەشكەن بولاتتۇق ئەمەسمۇ؟ ھەجەپمۇ  قورقۇپ كەتتىم، دەپ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ. ھەممىمىز ئاللاھقا شۈكۈرلەر ئېيتتۇق.

# پاتىگۈلنىڭ بىگۇناھ ۋەيران بولۇشى

20 - ئۆكتەبىر

يەكشەنبە دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا ئادەتتىكىدىن ۋاقچىراق تۇردۇق. ئەتىگەنكى تاماقتىن كېيىن گۈلنىسا دۈيجاڭ يوتقان ـ كۆرپىسى يوقلارغا يوتقان ـ كۆرپە تارقاتتى. سامان ئۈستىدە دوغدىيىپ ياتقانلار يوتقان ـ كۆرپە ئېلىپ خۇشال بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئاۋارە بولۇشتى. بەزىلەر ئۆز ئىشى بىلەن بولسا، يەنە بەزىلەر سوقۇشۇپ، مۇشتلىشىپ جار ـ جور قىلىشۋاتاتتى. كۈنگە نەچچە قېتىم يۈز بېرىدىغان بۇ ئەھۋاللارغا بىز ئۆگىنىپمۇ قالغانلىقتىن ئارتۇقچە ئېتىبارمۇ قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدۇق.

مەنمۇ يوتقان كىرلىكنى تىكىشۈلىش ئۈچۈن هويلىنىڭ بىر چېتىگە كىگىز يېيىپ يوتقان كىرلىكنى ساجىدە بىلەن پاراڭلاشقاچ تىكىپ ئولتۇراتتىم.

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
ئاناسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
مۇساپىر بولمىغان كىم بار؟

دەپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئايشەمگە بېشىمنى كۆتۈرۈپ كۈلۈپ قارىشىمغا يېنىمدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ساجىدە: ياشاڭ ئايشەم ئۆلمەڭ، دەپ چاقچاق قىلدى.

ئايشەم ئوتتۇرا بويلۇق يۈزىدە چېچەكتىن قالغان چېچەك ئىزلىرى بار، ئورۇق، ئاق سېرىق، ئۇششاق سۆز بىلەن كارى يوق، گاڭ ـ گۇڭ، لۈكچەك مىجەز ئايال ئىدى. جەمىيەتتە ئەرلەر بىلەن مۇشتلىشىپ، كاللا ئېتىش بىلەن نۇرغۇن ئەرلەرنى يېڭىپ قاچۇرغان ئىكەن. ئۇنى ئاياللار «كاللىچى» دەپ ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇشتىن قورقاتتى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئايشەم ئايۇپ بولسىمۇ كىشىلەر ئۇنى «ئايشەم چوقۇر» دەيتتى. ئايشەم چوقۇر دەپ چاقىرىلسىمۇ ئۇ «هە» دەپ هېچ رەنجىمەيتتى.

ئايشەمنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى ئاۋازى چىرايلىق بولۇپ، ناخشىنىمۇ چىرايلىق ئېيتاتتى. ئۇ قەشقەر هەم غۇلجا تارانچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى تاۋۇش دولقۇنلىرىنى ئۆز جايىغا كەلتۈرۈپ، تولۇق هەم شۇنداق چىرايلىق ئېيتاتتى. پاشا ئىشانىمۇ ئۇنىڭدەك ئېيتالمايدۇ، دېسەم خاتالاشمايمەن. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق ياخشى هەم يېقىملىق بولۇپ، ئەگەر ئۇ ناخشا ئېيتسا ئاۋازى نەچچە كىلومېتىر يەرگە ئاڭلىناتتى. بىز هەممىمىز ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتۇق. ئۆزىمۇ توختىماي ناخشا ئېيتىپ يۈرەتتى. ئۇ بۇ چۆللۈكنى ئاۋات قىلىدىغان بۇلبۇلىمىز ئىدى. بۇ تالانت تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىمى ئارقىسىدا باغۇ بوستاندا ئورۇن بولماستىن قاراڭغۇ زۇلمەت گۆرىستان چۆللىرىدە سايرايدىغان بۇلبۇل بولۇپ قالغانىدى.

ئايشەم: هە بىچارە قىزلار، سىلەرگە قاراپ ئىچىم ئاغرىيدۇ. بىر چىرايلىق دوختۇر قىزلار، سىلەرگە مۇشۇ جاڭگالدا نېمە بار ئىدى؟ سىلەرگە ئۇۋال بولدى، دەپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

ـ هەممىمىز ئوخشاش ئايشەم، مۇشۇنچە خەلق ياشاۋاتقان يەردە بىز ياشىساق نېمە ئۈچۈن بىزگە ئۇۋال بولسۇن؟ دېدۇق.

ئايشەم يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىر ئاز خىيال سۈرگەندەك بولۇپ، ئاندىن بىزگە:

ــ 59 - يىلى سىلەرنىڭ مەكتەپتىن پاتىگۈل دېگەن بىر قىز كەلگەن ئىدى. چۆچەكلىك قىز ئىكەن، ئۇ بىچارە ئۆزى چىرايلىق، بەك ئوبدان قىز ئىدى. سىلەر بىلىسەڭلار كېرەك، دېدى. مېنىڭ ئېسىمگە دەرھال مۇنداق بىر ۋەقە كەلدى.

59 - يىلى قىش ۋاقىتلىرى ئىدى. مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى بىلەن مېدىتسىنا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى تېخنىكوم ئاشخانا زالىغا يىغىنغا چاقىرىلىپ ئېلىپ كېرىلىپ زالنىڭ بىر تەرىپىگە ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلىرىنى، ئىككىنچى تەرىپىگە تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى ئولتۇرغۇزدى ۋە پۈتۈن كادىرلار، خىزمەتچىلەر، دوختۇر، سېستىرالار ھەتتا ئىشچىلارغىچە كېلىپ بۇ يىغىلىشقا قاتناشتى. زال ئادەتتىكىدىن تاشقىرى سۈرلۈك بولۇپ، شۇنچە ئادەم يىغىلغان زالدا كىشىلەرنىڭ يۆتەلگەن ھەم مىدىرلىغان ئاۋازىدىن باشقا تاۋۇش يوق ئىدى.

ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىغا كەلگەن كادىرلار يىغىن باشلىنىپ يەنە شۇ ھۆكۈمەتكە، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى، ئوڭچى، ئوڭغا مايىل مىللەتچىلەر ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ قەھرى زەھىرى بىلەن ۋارقىراپ دوكلات قىلىشاتاتتى. يېنىمدا ئولتۇرغانلارنىڭ دېرىزىدىن تالاغا قاراۋاتقىنىنى كۆرۈپ تالاغا قارىسام بىر قارا ماشىنا كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن مىلتىق تۇتقان قوراللىق ساقچىلار سەكرەپ - سەكرەپ چۈشۈپ يىغىن زالىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ توختىدى. مەن قورققىنىمدىن يېنىمدا ئولتۇرغان قىزلارنى نوقۇپ: نېمە بولدى؟ قارىغىنە قوراللىق ئەسكەرلەر زالنى مۇھاسىرە قىلىپ ئالدى، دېدىم. قىزلارنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ: ۋاي خۇدايىم! بىر يامان ئەھۋال بار ئوخشىمامدۇ؟ دېيىشتى. مەن: بۇ ياخشى بېشارەت ئەمەس، يەنە قانچە ئادەمنىڭ بېشىنى يەر، دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن تاراق - تۇرۇق قىلىپ ھەيۋە بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ تۆت قوراللىق ئەسكەر كىرىپ سۈرلۈك چىراي بىلەن ئىشىك ئالدىدا تىك قېتىپ تۇردى.

سۆزلەۋاتقان كادىر دوكلاتىنى توختىتىپ، قولغا ئالىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ جىنايىتىنى ئۇقتۇردى.

ئىمام ــ تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئوڭچى قالپاق بىلەن «جاھىل ئۇنسۇر» دەپ قولغا ئېلىندى.

ئىمام ئالدىغا چىقىش بىلەن ئىككى ساقچى كېلىپ سىلكىپ دۆشكەلەپ قولىغا تۆمۈر ئىشكەل سېلىپ مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن ئىتتىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئىمام ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، قارا چاچ، قاشلىرى ئۇزۇن، ئىنچىكە كەلگەن، يوغان ئويچان قارا كۆزلۈك، ئاز سۆزلۈك، مىجەزى ئېغىر 18، 19 ياشلار ئەتراپىدىكى يىگىت ئىدى. بىز ئۇنىڭ نۇرغۇن كۈرەش يىغىنلىرىغا قاتناشقان ئىدۇق. ئاخىرى بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنىڭ بىلەن تاماملانغان ئىكەن، دەپ ئويلىدىم.

ئارقا ـ ئارقىدىن ئىسمى بىلەن جىنايىتىنىڭ تۈرىنى ئاتاپ قولىغا تۆمۈر ئىشكەل سېلىپ نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ۋە كادىرلارنى ئېلىپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا پاتىگۈل چۆچەكلىك، ئۇنىڭ جىنايىتى ياتاقتىكى دوستىنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن خالتىسىنى رۇخسەتسىز ئېچىپ ئىچىدىكى كوپتىسىنى مېھمانغا كىيىپ بارغان. يەنى «جىنايەتچى ئوغرى» دەپ ئاتىدى. لېكىن ئۇ قىز يىغىنغا چىقماي ياتاقتا قالغان ئىكەن. ئىسمىنى تووۋلاپ چىقمىغاندىن كېيىن ئارىدىن بىرسى «ياتاقتا قالدى» دېگەن ئىدى، ئىككى كادىر ئىككى ساقچى بىلەن ياتاق تەرەپكە كەتتى. بۇ ياشلارنىڭ تەقدىرىنى كۆرۈپ مېنىڭ كۆڭلۈم بەك ئەسكى بولدى. پاتىگۈل دېگەن بىچارە قىزنىڭ ھاياتى ھېچ ئەرزىمەس بىر كوپتا ئۈچۈن ۋەيران بولدى. ئۇنىڭ دوستى نېمە دېگەن ناچار دوست؟ مەن بولسام چوقۇم: دوستۇم يارىتسا ئۆزۈم كىيمەستىن بىرەر ئىدىم، دەپ ئويلىدىم. بىچارە قىز «دوستۇم» دەپ ئىشىنىپ ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىپ تۇرغاندۇ. ئۇ دوست ئاقىۋەتتە بىر چوڭ دۈشمەن بولۇپ چىققان ئىكەن، دەپ ئويلاپ  ئىچىمدىن قايىندىم.

ئېلىپ چىققانلارنى قارا ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ تىزىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قوراللىق ساقچى توسۇپ ئېلىپ كەتتى.

ئايشەم «پاتىگۈل» دېگەن ئىدى، مېنىڭ كۆز ئالدىمغا شۇ ئىشلار بىر ـ بىرلەپ كېلىپ ئۆتتى.

ساجىدە: ھە مەن ياخشى بىلمەن، چۆچەكلىك پاتىمە، زۆھرە ئىككى ئاچا ـ سىڭىل ئىدى، ئاپىسى ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئۆلۈپ كېتىپ، دادىسى مۇشۇ بالىلارنى ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا ئۆگەيلەتمەيمەن، دەپ ئۆيلەنمەي، مۇشۇ ئىككى قىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئىدى. زۆھرە دېگەن قىز چۆچەكتە تىككۈچىلىك قىلىدۇ. پاتىگۈلنى ئوقۇتماقچى بولۇپ، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ قولغا ئېلىنىپ كەتتى، دېدى.

ئايشەم يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: ئۇ قىز بەك ياخشى قىز ئىدى، كېلىپ بىر يىل بولماستىن باش ئاغرىقى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنى يۇيۇپ ـ تاراپ، كېپەنلەپ كۆمۈۋەتتى، دېدى. ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ناھايىتى بەك ئەسكى بولدى. ئۇ قىزنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ قالساق مەن سىلەرگە كۆرسىتىمەن، ئۇ

بىچارە مۇشۇ يەردە يېتىپ قالدى، دېدى.

بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن مەن ئۇنىڭدىن:

— كېپەنسىز كۆمۈلگەنلەرمۇ بارمۇ تېخى، دەپ سورىدىم.

— نېمە دەيسىز تېخى، مەن سىزگە بىر نەرسىنى سۆزلەپ بېرەي، 59 - يىلى سەكسەن تام دېگەن يەردىن 600 دىن ئوشۇق ئادەمنى ئېلىپ كەلدى. شۇ يىللىرى تۇرمۇش ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. ئۈچ ۋاقلىق تامىقىمۇ بىر سىركاي ئۇماچ ئىدى. ئۇ ئۇماچنى كۆرسىڭىز سۇدەك سۇيۇق، ئادەمنىڭ قورسىقىدا توختىمايتتى، يا گۆش يا ياغ دېگەن نەرسىنى زادى كۆرمەيتتۇق. قورساق ئاچلىقتىن نېمە كۆرسەك شۇنى يەۋەتكۈدەك بولاتتۇق. ئەرلەر بولسا ئالدىغا ئۇچرىغان ھەر قانداق ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدىغان بولدى. ھەتتا چاشقانلارغىچە يەپ كەتتى. بىز قىشنىڭ كۈنى سۇ ئامبىرىغا سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قەبرىستانلىق تەرەپتىن ئۆستەڭ چاپتۇق، ھەر ئۆتكەندە مەرھۇم پاتىگۈلنىڭ بېشىغا تاش ۋە ياغاچ بولسىمۇ سانجىپ قويۇپ ئۆتەتتۇق.

ئىش ئېغىر، قورساق ئاچ، ھەممىدىن يامىنى قورساقنىڭ ئاچلىقى ئىدى. بۇ ئاچارچىلىقتىن ئىش مەيدانىغا كېتىۋېتىپ ئەرلەر بىردىن، ئىككىدىن ئۆلۈشكە باشلىدى. دەسلەپكى ئۆلگەنلەرنى يۇيۇپ - تاراپ، كېپەنلەپ كۆمدى. كېيىن ئىش ئۈستىدە ئىشلەۋېتىپ، كېلىۋېتىپ - كېتىۋېتىپ كۈنىگە ئالتە، يەتتە ئادەم يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلىدىغان بولدى. ئۇلارنى كۆمۈشكە ھېچكىمنىڭ مادارى بولمىغانلىقتىن ئۆلۈكلەر كۆمۈلمەي كۆپ ئادەمنىڭ ئۆلۈكى دالادا قالدى، ئۇلارنى قارغا - قۇزغۇنلار يەپ كەتتى. كۈنلەر شۇنداق ئېغىر بولدىكى سەكسەن تامدىن كەلگەن ئالتە يۈز ئادەمدىن ئاران 80 ئادەم قالدى. ئىشىنەمسىز، شۇنچە ئادەم ئاچلىقتىن خار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئارىسىدا ھەر ياخشى ئېسىل ئادەملەر بار ئىدى. ئۇۋال بولدى. ئاخىرىغا كەلگەندە ئىشلەيدىغان ئادەممۇ يوق، ئۆستەڭ چېپىلماي قالدى.

## 62 - يىلى قولغا ئېلىنغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش

26 - ئۆكتەبىر شەنبە

ئىككى ھەپتە ئىچىدە پۈتۈن كۈزلۈك كۆكتاتلارنى يۇلۇپ ۋە كۆكلەپ ئېلىپ زەمبىل

بىلەن قىرلاردىن كۆكتات ئورىسىغا توشۇپ، ئۇنى تۇر - تۇرگە بۆلۈپ، ياخشىسىنى بىر ئورىغا، ناچارلىرىنى يەنە بىر ئورىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەھەردىن كۆكتات ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ماشىنىلارغا ئۇن سائەتلەپ كۆكتات قاچىلاپ بەردۇق. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن كۆكتات ئېتىزىدا بۇ يىلقى ئىشلار تۈگىدى.

قىشنىڭ دەسلەپكى سوغۇق كۈنلىرى باشلاندى. بىر كۈنى ئىشتىن قايتىشىمىزغا دۈيجاڭ ھەممىمىزگە قىشلىق كىيىم تارقاتتى. تارقىتىلغان كىيىملەر بولسا قارا پاختىلىق ختايچە پاسوندا قولتۇقتىن ئويۇپلا مۆرىسىمۇ يوق تىك ياقا، سىرتتىن چاپلاپ تىكىلگەن يانچۇقى بار، ئىسكەتسىز چاپان، ئەرلەر پاسونىدا شالۋار، ھەم كىگىزنى قارا رەخت بىلەن قاپلاپ تىكىلگەن رېزىنكە تاپانلىق قارا خەي ئىدى. ھەممىمىز بۇ كىيىملەرنى ياتاققا ئېلىپ كىرىپ كىيىپ كۆرۈشتۇق. بەزى قىزلار بۇ كىيىملەرنى كۆرۈپ يىغلاشتى. بەزىلىرى بىر - بىرىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشتى. كۆپىنچىلىرى شىملىرىنى سۆكۈپ ئۇزۇننى قىسقارتىپ، كەڭ كەلگەنلىرىنى تارايتىپ تۈزەشتۈرۈپ تىكىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ بىز بۇ كىيىملەر بىلەن ئىككى سائەتتەك ئاۋارە بولدۇق.

تاماقتىن كېيىن ساجىدە ئىككىمىز قاچىلارنى يۇيۇش ئۈچۈن قۇدۇق بېشىغا چىقتۇق. ئەمدىلا سۇ ئېلىپ تۇرۇشىمىزغا كۆل بويىدا تۇرغان بىر توپ ئادەملەر ئارىسىدىن تۆت ئادەم تېز مېڭىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ بىز بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ، ئۆزلىرىنى تونۇشتۇردى. بىرى: مەن شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىدىن كەلگەن كەكەن بولىمەن ۋە بۇ كوبەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتتىن كەلگەن. يەنە بۇ يەردە 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن كەلگەن قالى بار. سىلەرنىڭ مەكتەپتىن كامال بېك بار، ئۇ بىچارە بىر ئاز ئېلىشىپ قېلىپ كېيىن ئۇڭشالغاندا قېچىپ كەتكەن ئىدى. يېقىندا يەنە تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. سىلەر بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر، بۇ كۈنلەردە بىز بىلەنلا تۈگىگەن بولسا بولماسمىدى؟ ئەمدى سىلەرمۇ كېلىپسىلەر، قىزلار ئۈچۈن بۇ تۇرمۇشلار ئېغىر، سىلەرنىڭ قولىغا ئېلىنغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ بەك ئېچىندۇق. ئەمدى قارىساق بۇ يەردە يۈرىسىلەر؟ بۇ يەردە تۇرمۇش ئېغىر، سىلەرگە قىيىن بولىدىغان بولدى، دەپ قايغۇرۇشتى.

كەكەن ئوتتۇرا بويى، گەۋدىلىك، بۇغداي ئۆڭلۈك، پائالىيەتچان خۇش خوي، چاقچاقچى، ئاق كۆڭۈل كەلگەن يىگىرمە نەچچە ياشلاردىكى قازاق يىگىتى ئىدى. كوبەن بولسا يىگىرمە نەچچە ياشلار ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا بويى ئورۇق، ئۆڭى قارىراق كەلگەن، ئېغىر بېسىق، كەم سۆز، ئېھتىياتچان قازاق يىگىتى ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئىككى ئادەم ئۇلارنىڭ ئەترىتىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بىز بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىدە كۆل بويىغا

كېلىپ باشقىلارغا كۆرۈنمەي بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن.

ئەرلەر ئەتىرتى جۇمە كۈنى يەنى تۈنۈگۈن ئۆستەڭدىن قايتىپ كەلگەن ئىدى.

تۈنۈگۈن ئۆستەڭدىن بەك كەچ قايتقانلىقتىن بۈگۈن سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەيلى، دەپ كەلدۇق. بۇندىن كېيىن ئۇچرىشىپ ئەھۋاللىشىپ تۇرارمىز. بىز بۇ يەردە ئەڭ يېقىن قېرىنداشلارمىز، دەپ كۈلۈپ سۆزلىدى، كەكەن. كوبەن كەكەننىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، بۇ يەردە ھېچكىمگە ئىشەنمەڭلار، قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭلار، بۇ يەردىن ساق ـ سالامەت چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تىرىششىمىز كېرەك، دەپ  كۆپ نەسىھەت قىلدى.

## 28 ـ ئۆكتەبىر دۈشەنبە

قىشلىق ئەمگەك باشلانغان بىرىنچى كۈنى ئىدى. كەتمەن، گۈرجەك، جوتۇلارنى كۆتۈرۈپ ئىككىدىن سەپ بولۇپ، سۇ ئامبىرى تەرەپكە ئەمگەككە ماڭدۇق. ئىشنىڭ ئورنى ئۆزگەرگەنلىكتىنمۇ ياكى باشقا ئەھۋالمۇ بىلمىدىم، ئايالالر خۇشال كەيپىياتتا خۇش چاقچاق كۈلكىلەر بىلەن روھلۇق ھالدا مەيدانغا تىزىلىپ كەلدۇق. گۈلنىسا دۈيجاڭ ئىككى قىزنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ ھەر گۇرۇپپىغا تېگىشلىك يەرنى بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردى. ھەر بىر ئادەمگە ئىككى كۈپتىن بىر گۇرۇپپىغا تۆت كۈپ توپا توشۇشنى نورما قىلىپ بەلگىلەپ بەردى.

ئىككى قىزغا بىر چەڭزى (ئۇزۇن توقماق) بىلەن بىر يوغان سېۋەتتىن تارقاتتى.

توپا سۇ ئامبىرىدىن خېلى يىراقتىن توشۇلىدىغان بولغانلىقتىن نورمىنى تولدۇرۇپ ئىشلەش ئۈڭايغا چۈشمەيدىغاندەك قىلاتتى.

كۆپ كېچىكمەستىن ئىش باشلاپ توپا قېزىشقا كىرىشتۇق.

يىراقتىن ئەرلەر ئەترىتىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەرلەر سېپىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوندەك قوراللىق ئەسكەر بىللە كېلىۋاتاتتى. ئەسكەرلەرنىڭ سەپنى قوراللىق مۇھاسىرە قىلىپ كېلىشى قانداقتۇر كىشىنىڭ كۆزىگە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

ئەرلەر ئەتراپىدا ماڭغان ـ ماڭمىغىنى بىلىنمەس ھالدا شۇنداق ئاستا مېڭىپ كېلەتتىكى مەن ئۇلارغا قاراپ ھەيران بولدۇم. ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمغا ئايالالر ئەترىتى كېلىپ كۆڭلۈمدە ئىككى ئەترەتنى سېلىشتۇردۇم.

ئاياللار ئەترىتى ئىشقا چىقسا روھلۇق ناخشا ئېيتىپ، كۈلۈشۈپ، پاراڭلىشىپ چاققان مېڭىپ بارىدۇ. ئىش ئۈستىدىمۇ كۈلگەنلەر كۈلۈشۈپ، سوقۇشقانلار تىللىشىپ، بەزىدە مۇشتلىشىپ باش ـ كۆزلىرىنى يېرىپمۇ تۇرىدۇ. ئىشلىگەندىمۇ غاچ ـ غۇچ ئىشلەپ، كادىرلار بولماي قالسا ئۇزاق ئولتۇرۇپ دەم ئېلىشمۇ بار ئىدى.

ئەرلەر ئەترىتىنىڭ بولسا ماڭغاندىمۇ، ئىشلىگەندىمۇ سىرتقى كۆرۈنۈش قىياپىتىمۇ مىس ـ مىس ئىدى. ئۇرۇش ـ تىللاش، قىيا ـ چىيا ئاۋازلارمۇ ئاڭلانمايتتى. ھەممە ئادەمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك جىمجىت كۆرۈنەتتى.

نېمە ئۈچۈن شۇنداقتۇر؟ دەپ ئويلىدىم. ئەڭ ئاخىرى بۇلارنى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرگەن بەلكى ئەتراپىدا ئۇلارنى مۇھاسىرە قىلىپ يۈرگەن قوراللىق ساقچىلار بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

بىز ئىشلەپ بىر سائەتتىن كېيىن ئەرلەر ئەترىتى مەيدانغا يېتىپ كەلدى.

مېنىڭدىن سەل نېرىراقتا تۇرغان ساجىدە يېنىمغا كېلىپ:

ــ سۆيۈن قارا كامال بېكنى، دەپ ھەيران بولغان ھالدا ماڭا كامال بېكنى ئىشارەت قىلىشقا باشلىدى. مەن قاراپ كامال بېكنى ئەرلەر ئەترىتىنىڭ ئىچىدىن تاپالمىدىم.

ــ قېنى يوققۇ مەن كۆرمىدىم، دېدىم.

ساجىدە: ئىككىنچى سەپنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى ئادەمگە قارا، دەپ كۆرسەتمىسە مەن ھەقىقەتەن تونۇيالماس ئىكەنمەن. بېشىمغا كەلگەن مەھبۇسلار قارا قۇلاقچىسىنىڭ قۇلاقلىرى باغلانمىغان ھەم قىڭغىر كىيىپ ئالغانلىقتىن قۇلاقچىنىڭ قۇلاقلىرى بوينىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا كىيگەن قارا رەڭلىك مەھبۇسلار چاپىنىنىڭ بىر تال تۈگمىسى يوق، يۇغان ئارغامچا بىلەن بېلىدىن باغلىۋاپتۇ، چاپىنىنىڭ قورساق تەرىپى شالۋۇرنىڭ تىز قىسمى يىرتىلىپ پاختىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پۇتىغا كىيگەن قارا پاختىلىق ئاياغنىڭ بېغى يوق، پاختىلىق تىلى سىرتقا چىقىپ ساڭگىلاپ، ئادەم تونۇغۇسىز ھالدا كېتىپ باراتتى.

ۋاي ئالالاھ، نېمە بولۇپ كەتكەن، بەكمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتىغۇ؟ دېيىشىمگە ساجىدە سۆزۈمگە قوشۇلۇپ، ئۆزىنى بەكمۇ تاشلىۋېتىپتۇ، دەپ تۇرۇشىغا دۈيجاڭ ئىشلەڭلار، ئىشلەڭلار! نېمە قاراپ تۇرىسلەر، دەپ ۋارقىرىدى. ساجىدە سەكرەپ ئۆز ئورنىغا كېتىپ قالدى.

ئۇنىڭ بۇ ئەبگار قىياپىتى مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەي تۇرۇۋالدى.

كامال بېك ئىككىنچى قارار ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، باشقىلاردىن ئالاھىدە چوچەك ۋىلايىتىنىڭ تولى ناھىيىسىدىن كەلگەنىكەن. ئۆزى قەددى ـ قامىتى قاملاشقان، ئېگىز بويلۇق سېرىق بۇدرە چاچلىق، كۆك كۆزلۈك، دائىم كەرىشنۇۋاي رەڭدە كاستيۇم بۇرۇلكا كىيىپ، كەرىشنۇۋاي شىبلىتىنى پارقىرىتىپ ئوستىگە چاڭ قوندۇرمايدىغان، ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇپ يۈرىدىغان مەغرۇر بىر ئوقۇغۇچى ئىدى.

ئوگچى ـ مىللەتچىلەرنى كۈرەش قىلىشتا ئاكتىپ پىكىر بەرگۈچىلەرنىڭ بىرسى ئىدى. كۈرەش قىلىنغۇچىلارنىڭ مەسىلە تاپشۇرىدىغان ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزماستىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، قولىنى ئۇلارنىڭ كۆزىگە تىقىپ، ئۈستەللەرنى مۇشتلاپ ۋە بەزىدە ئورۇندۇققا چىقىۋېلىپ ۋارقىراپ پىكىر بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزلىرىنى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ قالپاق كىيگۈزەتتى ياكى بولمىسا شوئار توۋلاپ ئۇلارغا قارشى ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى. ئۇنىڭدىن كۈرەشكە ئېلىنغۇچىلار ئەمەس، بىز قىزلارمۇ قورقاتتۇق. قىسقىسى، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى ئاكتىپلىرىنىڭ بىرسى ئىدى ھەم كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. 62 - يىلى قازاق ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى پاش بولۇنغاندا قولغا ئېلىنغۇچىلار قاتارىدا كامال بېكنىڭمۇ قولغا ئېلىنغانلىقى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى.

كامال بېكنىڭ بۈگۈنكى قىياپىتىگە قاراپ بىزمۇ كېيىن شۇنىڭغا ئوخشاش بۇيكېتەرمىزمۇ دەپ ئەنسىرەپ قالدىم ۋە ئىچىمدە: «يا رەببى سەن بىزلەرنى شۇ ھالەتكە چۈشۈشتىن ساقلا!» دەپ ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىدىم.

كەچتە يۈت - قوللىرىم سىرقىراپ شۇنداق قاتتىق ھارغان ھالدا ياتاققا قايتتىم. كېچىچە پۈتۈن بەدىنىم ئۇرۇپ ئېزىۋەتكەندەك ئاغرىپ چىقتى. ئەپكەش كۆتۈرگەن مۈرەمنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ قول تەگكۈزمەي ھەتتا كىيىم تەگسىمۇ ئاغرىيتتى.

كېچىچە ياخشى ئۇخلىيالمىدىم. سول قولۇم مىدىرلىتالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ھارغىنلىقتا تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ماھىنۇرنىڭ ياتاققا كىرىپ جېنىمنىڭ بارىچە پۈدەپ چالغان پۇشتىكىنىڭ چىرقىراق ئاۋازىدىن شۇنداق چۆچۈپ ئويغاندىمكى بىرەر مىنۇتقا يېقىن ئۆزۈمنى بىلەلمەي، نېمە بولغانلىقىنى، نەدە ئىكەنلىكىمنى ئەسلىيەلمەي قالدىم. ماھىنۇرنىڭ ھەر كۈنى قىلىدىغان بۇ ھەرىكىتىگە ھەر ئويقۇدىن ئويغانغاندا ئىچ ـ ئىچىمدىن قاتتىق رەنجىيتتىم. ئاستا ئاۋاز بىلەن تالادا تۇرۇپ چېلىپ

ئويغاتسمۇ ھەممە ئادەم تۇرار ئىدى. ئىشقا چىقماسلىقفا ئىمكانىيەت يوق بۇ شارائىتتا كىممۇ تۇرماي ئۇخلاپ يېتىۋالالايتتى. ھەر بىر قېتىملىق چېلىنغان پۇشتەكنىڭ قاتتىق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندىن كېيىن يۈرىكىم قاتتىق سوقۇپ پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ بىئارام بولاتتىم. باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاش بولۇپ، ھەر پۇشتەكتىن كېيىن ئۇلار ماھىنۇرنى غۇدۇڭشىپمۇ ۋە ئاڭلىتىپمۇ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. بۇ ھاقارەتكە چىدىماي ماھىنۇر ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ تىللىشىپ كېتەتتى. ئاخىرىسىدا كۆچى يەتمەي چىقىپ دۈيجاڭنى باشلاپ كىرىپ تىللاشقاندىن كېيىن ئۆزى ئۇستۇنلۇك قازانغاندەك بولۇپ «ئۇپ» دەيتتى. بەزى كۈنلىرى ھاقارەتكە چىدىماستىن ئولتۇرۇپ يىغلايتتى. ئەمما ئۇ بۇ ئادىتىنى پەقەت ئۆزگەرتمىدى.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىنىۋاتاتتىم، ئايشەم مامۇت:

ــ سۆيۈن سىزنىڭ بىر يېرىڭىز ئاغرىمامدۇ؟ مېنىڭ پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىپ ساق يېرىم يوقتەك بولۇپ كەتتىم، دېدى.

ــ مېنىڭ ئەپكەش كۆتۈرگەن سول مۈرەم بىر ئاز ئاغرىپ تۇرىدۇ، دېدىم. ئاياغ كىيىمنى كىيەي دەپ قارىسام ئىككى پاختىلىق خەينىڭ ئىچىگە ئاغزىغىچە گازىرنى لىق توشقۇزۇپ قويۇپتۇ. توۋا بۇ نەدىن كەلگەندۇ؟ دەپ ھەيران بولدۇم، بۇنى چاشقان توشقۇزغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

ساجىدە: نېمە بولدى، نېمىگە قاراپ قالدىڭ؟ دەپ ماڭا ھەيران بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

ــ چاشقان مېنىڭ ئايىغىمنىڭ ئىچىگە گازىر توشۇپ تولدۇرۇپ قويۇپتۇ، دېدىم.

ئۇدۇلۇمدا ياتقان تاجىنىسا:

ــ سىز يېمەمسىز؟ يېمىسىڭىز ماڭا بېرىڭ، دېدى.

ــ چاشقاننىڭ ئاغزىدىن چىققان نەرسىنى قانداق يېگىلى بولىدۇ. ئاغرىپ قالىسىلەر، دېدىم.

ــ ياق، ئاغرىمايمىز، دەپ ئايشەم بىلەن تاجىنىسا ئىككىسى بىر ئاياغدىن بۆلۈشۈپ ئالدى ۋە بىرەر قۇر يۇيۇۋېتىپ يېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ھەر كۈنى ئەتىگەن مېنىڭ بۇ پاختىلىق ئايىغىمنىڭ ئىچىگە بىر كۈنى گازىر، بىر كۈنى بۇغداي، بەزىدە قوناقفا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن ئاغزىغىچە لىق تولدۇرۇپ قويىدىغان بولدى. بەزى كېچىلىرى ئويغىنىپ

كېتىپ ئۇ چاشقاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ چاشقان يوغان مۈشتۈمدەك، ئىككى قۇلىقى ئاتنىڭ قۇلىقىدەك دىڭ تۇرغان، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا يۇمىلاق مارجاندەك بار ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق، ئالدى پۇتى قىسقا كەينى پۇتى ئۇزۇن چاشقان ئىدى.

مەن چاشقان تۇتىدىغان نەرسىلەرنى ھەر كۈنى ئايالىلارغا بۆلۈپ بېرەتتىم. ئايالىلار خۇشال بولۇپ، ئاللاھ بىزگە بۇ يېمەكلىكلەرنى چاشقان ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەردى، دەپ ئاللاھقا شۈكۈرلەر ئېيتىپ يېيىشەتتى. قېلىن ياغقان قاردىن كېيىن چاشقان كېلەلمىدى.

قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق كۈنلىرى كەلدى. يەر جاھاننىڭ ھەممىسى ئاپپاق قار بىلەن قاپلاندى، توختىماي ئۇرۇپ تۇرغان شىۋىرغان بىلەن قارلار ئادەمنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلاتتى. يەرلەر توڭلاپ جوتۇ بىلەنمۇ ئاسانلىقچە كولىغىلى بولمايتتى. ئىشقا چۈشۈپ بىرەر سائەت توڭنى ئاچقۇچە كۆپ قىينىلاتتۇق. سۇ ئامبىرىنىڭ ئەتراپى ئېگىزلەشكەنسېرى توپا تۆشۈش قىيىنلىشاتتى. بىر - بىرىمىزنىڭ قولىنى تارتىپ دېگۈدەك سۇ ئامبىرىنىڭ قىرىغا توپىنى ئاران ئېلىپ چىقىمىز. بۇرۇن تۆككەن توپىنى ئەرلەر چىڭداپ چىقاتتى. كېيىن سەۋرىنىسا بىلەن ئىككىمىزنى چىڭداشقا چىقاردى. سۇ ئامبىرىنىڭ بىر بېشىدىن ئىككىنچى بېشىغىچە چىڭداپ چىققۇچە ئىككى قولۇم ئۇزۇلۇپ چۈشكەندەك بولاتتى. باشقا كەلگەندىن كېيىن چىدىماي ئامال قانچە، ئۆگىنىپمۇ قالدىم. قىش پەسلىدە بۇ يەردە قاتتىق سوغۇق بولاتتى. يالاڭ كىيىم بىلەن چىقسا ئادەم توڭلاپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا ئايالىلار پاختا بىلەن شىرىپ پوسما ۋە پەلەيلەرنى تىكىشۋالدى. ماڭا ئاپام ئېلىپ كېلىپ بەرگەن تېرە پەلەي جېنىمغا خويمۇ ئەسقاتتى. ئىشقا چىققاندا ئىككى كۆزىمىزلا ئوچۇق، پۈتۈن باشلىرىمىزنى ئوراپ ماسكا تاقاپ چىقىمىز. بولمىسا يۈز - كۆزلىرىمىز ئۈششۈپ كېتەتتى. ھاۋانىڭ قاتتىق سوغۇقىدا ئېغىزدىن چىققان ھور بىلەن ماسكىنىڭ سىرتىغا ۋە باشتىكى ياغلىقلارغا قېلىن مۇز توڭلاپ قالاتتى. كىرپىكلەردە قاتقان قېلىن مۇزدىن قاپاقنى كۆتۈرۈپ قاراش قىيىن ئىدى. شۇ ھالەتتە بىر - بىرىمىزنى تونۇيالماي كېتەتتۇق. بەزى قاتتىق سوغۇق كۈنلىرى ماسكىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ يۈزلىرىمىز ئۈششۈپ قالاتتى. ئىشتىن قايتقاندىن كېيىن دوختۇرلار كىرىپ پىياز سۈركەپ قار بىلەن ئۇۋۇلاپ، دورىلار سۈرەتتى. بەزى قاتتىق ئۈششۈگەن ئايالىلار بىر - ئىككى كۈن ئىشقىمۇ چىقالمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ قىش كۈننى ياخشى كۆرەتتىم. چۈنكى كۈن قىسقا، كۈنىگە ئالتە سائەتلا ئىشلەيمىز، ئەتىگەن سائەت ئونغىچە، كەچتە سائەت تۆتتىن كېيىن قاتتىق سوغۇق بولۇپ، ئىشلەش مۇمكىن بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈنىگە ئالتە سائەتلا ئىشلەيتتۇق. كېچە ئۇزۇن بولغاچقا قانغۇچە ئۇخلىيالايتتۇق. ئەڭ ياخشىسى جانغا تېگىدىغان چۈسى، پاشا، چىۋىنلار يوق، بىراق ياتاقلار تار ھەم قاراڭغۇ بولغانلىقتىن بەكمۇ كۆڭۈلسىز كۆرۈنەتتى.

كىچىككىنە دېرىزىدە قېلىن مۇزلار توڭلاپ ھەپتىگە بىر قېتىم پالتا ـ پىچاقلار بىلەن چېپىپ تازىلايتتۇق. ياتاق سوغۇق، كۈنىگە بىر چېلەكتىن ئوشۇق كۆمۈر بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا يانغان ئوتنىڭ ئىسسىقى تام مەشنىڭ ئەتراپىدىن يىراققا بارمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشتىن قايتقاندىن كېيىن ھۆل بولۇپ كەتكەن ئاياغ كىيىملىرىمىزنى يېشىپ قۇرۇتۇش ئۈچۈن تام مەشنىڭ ھەممە يېرىگە ئېسىپ قويۇشاتتۇق، ھەتتا تام مەشنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ ئاياغلاردىن چىققان بىر خىل سېسىق پۇراق ئادەمنىڭ بۇرنى بىلەن دىماغلىرىنى ئېچىشتۇرۇۋېتەتتى. بەزىدە چىدىماستىن شۇ سوغۇق كۈنلەردە ئىشىكنى ئېچىپمۇ تاشلايتتۇق. مۇنچا يوق، ياتاقنىڭ ئەھۋالى بۇ بولغانلىقتىن ئالتە ئاي قىشتا بىر قېتىممۇ يۇيۇنماي قىشنى چىقىرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

## ئىمھانەمنىڭ كەچۈرمىشلىرى

63 - يىلى 28 - دېكابىر شەنبە كۈنى ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ دەم ئېلىشقا چىققان ئىدۇق. يېڭى يىل ئۈچۈن بىر ھەپتە دەم ئېلىش بەردى. چۈنكى بۇ ھاۋانىڭ قاتتىق سوغۇقىدا ئىشلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يېڭى يىل كىرىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئومۇميۈزلۈك تازىلىق قىلدۇق ۋە ئاشخانا ـ ياتاقلارغا سۆك ـ سۆك ئوتۇن تىرىپ كېلىش ئۈچۈن باردۇق.

ئەتراپتىن تىرىپ يىغقان ئوتۇنلارنى باغلىماقچى بولۇپ، ئارغامچا ئۈستىگە يىغىۋاتاتتىم. يېنىمغا ئايشەم ئايۇپ كېلىپ:

— سۆيۈنگۈل، مەن سىزگە پاتىگۈلنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتەيمۇ؟ بۇ تۇرغانلار جىنايەتچىلەرنىڭ قەبرىلىرى، دەپ دۇمباق ـ دۇمباق قار دۆڭلەرنى كۆرسەتتى. پاتىگۈلنىڭ قەبرىسى ئاۋۇ شۇ، دەپ بىر چەتتىكى قار دوڭنى كۆرسەتتى. قولۇمدىكى ئوتۇننى تاشلاپ شۇ قەبرىلەرگە قاراپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا تىترەك پەيدا بولدى. مۇساپىر بولۇپ ياتقان بۇ بىچارىلەرنىڭ قەبرىلىرىگە قاراپ ئېچىندىم. ئۇ بىچارىلەرنىڭ تەقدىرلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇزاق تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن ئېسىمگە دۇئا قىلىش كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىلگەن ئايەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇدۇم ۋە ئۇلارغا ئاتاپ ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئۇلارغا ئۇ دۇنيانىڭ بەختىنى تىلىدىم. ئى بەختسىز جانلار سىلەر كىملەرنىڭ ئەزىز جان ـ جىگەر پەرزەنتلىرى ۋە كىملەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بولغىدىڭلار. رەھىمسىز بۇ پەلەك سىلەرنى ئۇچۇرۇپ بۇ يەرلەرگە ئېلىپ كېلىپ بەختسىز كۈنلەر ئىچىدە نە ئازابلارنى

چېكىپ ئەڭ ئاخىرىسىدا مۇشۇ بىر پارچە يەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ يېتىپ قالدىڭلارمۇ؟ ھەي دۇنيا يەنە كىملەرنىڭ بېشىدا نېمە كۈنلەر بار، بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ. بىز ئۆزىمىزمۇ نەدە ئۆلۈپ، نەدە ياتارمىز، دەپ ئويلاپ تۇرۇپ كېتىپتىمەن. مېنىڭ شۇ ھالەتتە تۇرغىنىمنى يىراقتىن كۆرگەن ساجىدە يۈگۈرۈپ يېنىمغا كەلدى ۋە:

— سۆيۈن نېمە بولدۇڭ؟ نېمە شۇنچە ھاياجاندا تۇرۇپ قالدىڭ؟ دەپ ھەيران بولۇپ سوراپ كەتتى. مەن: بۇلار جىنايەتچىلەرنىڭ قەبرىلىرى ئىكەن، دەپ بولغۇچە ئايشەم ئايۇپ بىلەن مانەم چەتتە تۇرغان قەبرىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ پاتىگۈلنىڭ قەبرىسى، دېدى ئىككىسى تەڭلا ئېغىز ئېچىپ.

ساجىدە قەبرىنىڭ يېنىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بىرەر مىنۇتتەك قەبرىگە قاراپ جىم تۇرۇپ قالدى. ھەممىمىز خىيال بىلەن تۇراتتۇق، يىراقتىن دۈيجاڭ بىزنى كۆرۈپ: ھەي نېمە بولدۇڭلار؟ چاپسان بولۇڭلار، قايتىمىز، دەپ ۋارقىرىدى. بىز ئوتۇنلارنى دۈمبىمىزگە يۈدۈپ كۆتۈرۈپ قايتتۇق.

تاماقتىن كېيىن ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ كونا پوپايكامنى سۆككەن يىپ بىلەن پايپاق توقۇپ ئولتۇراتتىم، ئىشىكتىن ئىمھانەم: سۆيۈن! دېگىنىچە تۇۋلاپلا كىردى. مەن سوئال نەزىرىم بىلەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىغان ئىدىم. ئىمھانەم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بۈگۈن پاتىگۈل يادىمدىن ھېچ چىقماي قويىدى، بەك ئۇبدان قىز ئىدى، دەپ پاتىگۈل ئۈستىدە ئايشەم ئايۇپ دەپ بەرگەن گەپلەرنى سۆزلەپ بەردى.

سەكسەن تامدىن كەلگەنلەر بىلەن شىيگوبىدىكى ئادەملەردىن بولۇپ، مىڭدىن ئوشۇق ئادەم بار ئىدى. شۇنىڭدىن ئاران ئۈچ يۈز ئادەم قالدى. سىز بىلەمسىز ھەممىسى ئا... ئا.... ئاچتى بۇ ئۆلدى دەپ تۆتۆتلەپ كەتتى، ئىمھانەم بىر نەرسىگە خاپا بولسا ياكى ھاياجانلانسا ياكى ئالدىراپ كەتسە سۆزلىيەلمەي تۆتۆتلەپ كېتەتتى. شۇڭا ئاياللار مانەم گاچا دەپ تىللايتتى. ئادەتتە ھېچقانداق ئەمەس ئىدى.

مەن مانەمدىن سىز بۇ يەرگە ئىككىنچى قېتىم كېلىشىڭىزمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ھەئە بۇرۇن ئۈچ يىل يېتىپ چىقىپ بىر يىلدىن كېيىن يەنە ئىككى يىل كېسىلىپ كەلدىم، دېدى.

مەن ئۇنىڭدىن نېمە قىلىپ كەلگەن دەپ سوراشقا تەمشىلىپ: ئەگەر باشقا ئاياللاردەك ئوغرىلىق ياكى ئىستىل ئىشى بىلەن كەلگەن بولسا ئۇنى خىجالەت قىلىپ قويماي، دەپ توختىلىپ قالدىم، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى سەزگەندەك ئۆزى سۆز باشلاپ قالدى.

– مەن بىرىنچى قېتىم كەلگەندە ناھەق دېگەندەك ياتتىم، مەن سىزگە باشتىن سۆزلەپ بېرەي:

مەن ئەسلىدە كۇچارلىق، كۇچارنىڭ ياقا ئېرىق رايونىدا تۇغۇلدۇم. ئاتا ـ ئانام كىچىكىمدىن باشلاپ ئازغىنا ئولاقلىرى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىپ كۈن كۆرۈپ ياشايدىغان كەمبەغەل ئائىلە ئىدى. مېنىڭ كەينىمدىن ئاپامنىڭ ئون يىلغىچە نېمىشقىدۇر بالىسى بولماپتۇ. شۇڭلاشقا مەن بۇ ئائىلىدە ئۇلارنىڭ جاندىن ئەزىز كۆرىدىغان ئەركە بالىسى بولۇپ چوڭ بولدۇم. بىزنىڭ ئۇ يېزىدا مەكتەپمۇ يوق ئىدى. شۇڭلاشقا مېنىڭ پۈتۈن كۈنۈم باللار بىلەن تالادا ئويناپ ئۆتەتتى، ئون يىلدىن كېيىن ئاپام بىر قىز ۋە بىر ئوغۇل تۇغدى.

مەن ئون تۆت ياشقىچە ئاتا ـ ئانامغا ئەركىلەپ قازان بېشى ۋە ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۆگەنمەستىن، ھېچنېمە بىلەن چاتىقىم بولماستىن چوڭ بولدۇم. ئاتا ـ ئانام تاپقان دۇنياسىنى ئۆزى يېمەي ماڭا يېگۈزۈپ، ئۆزى كىيمەي ماڭا كىيدۈرۈپ چوڭ قىلدى. شۇڭلاشقا ئېگىز غوللۇق چىرايلىق ساغلام بولۇپ ئۆستۈم.

ئاتام بىلەن ئاپام بىر ـ بىرسىنى ھۆرمەتلەپ ئىسمىنىمۇ ئاتىماستىن «ئاپىسى»، «دادىسى» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلارنىڭ بىر قېتىممۇ بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشۇپ ۋارقىراشقىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇلار ئىناق، چىرايلىق ئۆتەتتى. مەن چوڭ بولۇپ، 15 ياشقا كىرگەندە، بۇلار بىر ـ بىرسى بىلەن خاپا بولۇشۇپ تاراق ـ تۇرۇق قىلىدىغان، بەزىدە ئۇلار باتىنىشىپ گەپ قىلىشماي يۈرىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدىغان بولدى. مەن ھەيران بولاتتىم. نېمە ئۈچۈن خاپا بولۇشقىنىنى بولسا چۈشەنمەيتتىم. ئۆيىمىزگە مېھمانلار كېلىپ كەتسىلا ئارقىدىن بۇ ئىككىسى گەپ تەرگىشىپ خاپا بولۇشاتتى.

بىر كۈنى تالادىن يۈگۈرۈپ ھويلىغا كىرسەم ئاتام بىلەن ئاپام يەنە گەپ تەرگىشىۋېتىپتۇ.

ئاتام: ئىمھانەم تېخى كىچىك، ئۇنى ياقا ـ يۇرتقا ئەۋەتىشكە مەن چىدىمايمەن. ئۆزىمىز بىلگەن، ئۆزىمىزگە ئوخشاش، ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىدىكى بىرسىگە بەرسەك دەيمەن، قادىر ئاخۇننىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ قارىم ئوبدان يېتىم، شۇنىڭغا بېرەيلى دېسە، ئاپام: قويسىلا ئۇ سەدەلەقنى، ئاچامنىڭ ئوغلى غۇپۇرجانغا بېرەيلى، قىزىمىزنى كادىرغا بېرىپ چوڭ شەھەردە راھەت تۇرمۇش كەچۈرسۇن، دەيمەن. ھەي دادىسى، سىلى نېمىشقا ئويلانمايلا؟ دەپ خاپا بولاتتى. بۇلار ھەر ئىككىسى ئۆز سۆزىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋارقىراشقىلى تۇرغاندا مەن خۇددى تالادىن ئەمدىلا كىرگەن بولۇپ، ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىۋىدىم، ئۇلار جىم بولۇشۇپ قالدى. مەن ئاپامنىڭ ئاچىسىنى كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدىم. ئۇ كۇچار شەھىرىدە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرى بىزنىڭكىدىن ھاللىق بولغانلىقتىن ئاپامنى ئىزدەپمۇ قويمايتتى.

ئاپام ئۆزى بىر ـ ئىككى قېتىم كۇچارغا بېرىپ كەلگەن ئىدى.

مەن 17 ياشقا كەلگۈچە ئاپام ھېچكىمگە بەرمەستىن ئاچىسىنىڭ ئوغلىنى ساقلاپ ياتتى. ئاپام شۇ يىللار ئىچىدە ئولتۇرۇپ ماڭا دوپپا، كەشتە تىكىپ جىلتە، قىزىل تاۋارلاردىن كۆينەك، ئىشتان تىكتى. ئىشتانىنىڭ ئۇزۇن پۇچقىقىغا كەشتىلەر ئىشلەپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئانام ئاتامنى ئۆز سۆزىگە كىرگۈزۈپ رازى قىلدۇرغان ئوخشايدۇ. ئاتام قولىمىزدىكى بىر ئۆكۈزنى سېتىپ ماڭا كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ كەپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار كېچىچە ئۇخلىماي تەييارلىق قىلدى. ئەتىگەندە ئاتام ئېشەكنى توقۇپ ئېلىپ كەلدى. ئۈستىگە چىرايلىق تاۋار كۆرپە سالدى. ئېشەكنىڭ پېشانىسىگە قىزىل لاتىنى گۈل قىلىپ تاقىدى. ئاپام چاچلىرىمنى ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈپ يېڭى كىيىملىرىمنى كىيگۈزدى. قىزىل تاۋار كۆينەك، يېشىل گۈل چەككەن چىلتەك بىلەن كەشتە تىككەن ئۇزۇن پۇچقاق ئىشتاننى كىيگۈزدى. يېشىل دوپپا بىلەن يېڭى ئالغان قارا بەتىنگىنى كىيدىم. بۇ كىيىملەر ئۆزۈمگە ئاجايىپ ياراشتى. ئەينەككە قارىسام ئۆزۈمنى بۈگۈن ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈندۈم.

ئاتام مېنى ئېشەككە مىندۈردى. ئۈكىلىرىمنىڭ بىرىنى ئالدىمغا بىرىنى كەينىمگە مىندۈرۈپ، ئاتام ئېشەكنى يېتىلىدى. ئاپام ئېشەكنىڭ يېنىدا ماڭدى. شۇنداق قىلىپ كۇچارغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

مېنى چوڭ ئاپام ئېشەكتىن «كېلىن قىزىم كەپتىغۇ» دەپ چۈشۈرگەندە، ئۆزۈمنىڭ چوڭ ئاپامنىڭ ئوغلىغا توي قىلغىلى كەلگەنلىكىمنى بىلدىم. بىز كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن چوڭ ئاپامنىڭ ئوغلى ئۈرۈمچىدىن كەلدى. ئۇ مەندىن خېلى چوڭ بولسىمۇ لېكىن ئاپامنىڭ «كادىر، چوڭ شەھەردە ياشايدۇ» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ھېچقانداق كەمچىلىكىنى كۆرسەتمىدى. توي بولۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىن بىز ئۈرۈمچىگە مېڭىشقا ھازىرلاندۇق. ئاتام بولسا كەلگەن كۈندىن تارتىپ كۆز ياشلىرى قۇرۇماي يىغلايتتى. ساقاللىرىنى بويلاپ ئاققان كۆز ياشلىرىنى كۆرگەندە كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئىچىم سىقىلاتتى. بىز خوشلىشىپ ماڭغاندا ئاتامنىڭ ئۆزىنى تۇتالماي ئېزىلىپ يىغلىغانلىرىنى ئويلىسام ھازىرمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ، دەپ ئىمھانەم كۆزىگە ياش ئالدى. بىر ئاز توختىۋېلىپ ئاندىن يەنە سۆزلەشكە كىرىشتى. بىز دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ كەتكۈچە ئاتام يىغلىغان پېتى قالدى. ئانام بولسا بەك خۇشال ئىدى. خۇددى مېنى جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرگۈزۈپ قويغاندەك خاتىرجەم ئۇزىتىپ قالدى.

بىز ئۈرۈمچىگە كېلىپ گېزىتخانىنىڭ ئائىلىلىكلەر گۇرۇپپىسىدىن بىر ئېغىز ئۆيگە جايلاشتۇق. دەسلەپ كەلگەندە ئۈرۈمچى كۆڭۈللۈك ھەم گۈزەل كۆرۈنۈپ ئۆزۈمنى خۇشال

ھەم بەختلىك ھېس قىلدىم. غۇپۇر مېنى قەدىرلەپ ياخشى كۆردى، ماڭا تاماق قىلىشنى، ئۆي تۇتۇشنى ئۆگەتتى. ھەممىدىن قىزىقى بىز كېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆيگە غۇپۇرنىڭ ئاغىنىلىرى مېھمان بولۇپ كەلدى. غۇپۇر لەڭمەن قىلايلى، كۆكتاتلارنى توغرا، مەن سەي قىلاي سىز خېمىرنى راسلاڭ، دېدى. مەن ئۆمرۈمدە خېمىر يۇغۇرۇپ كۆرمىگەن، پەقەت دوستۇم ئايشەمنىڭ ئۆيىدە خەلچە خاچامنىڭ نانغا خېمىر يۇغۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. شۇ ۋاقىتىدا خېمىرنى مۇشۇنداق يۇغۇرىدىكەنغۇ، دەپ زەن سېلىپ قارىۋالغان ئىدىم. شۇ يادىمغا كەلدى. ئۆيدە بار خېمىرتۇرۇچنى سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇپ، خېمىرنى قىلدىم. مەن خېمىرنى ھازىرلاپ بولغۇچە غۇپۇر سەيلەرنى قورۇپ، سۇنى قاينىتىپ بولدى. خېمىر سوزۇلماي ئۈزۈلۈپ سۇدا پىشىپ چىققاندا سەمرىپ يوغان بولۇپ چىقتى. غۇپۇر: خېمىرنى قانداق يۇغۇرغان؟ بۇ نېمىشقا بۇنداق بولدى، دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى. مەن خېمىرتۇرۇچ سالغىنىمنى دەپ بەردىم. غۇپۇر شۇنداق كۈلدىكى ئۆزىنى توختىتالماي ئولتۇرۇپ قالدى. مەن شۇنچىلىك قاتتىق خىجالەت بولدۇمكى ئىككى مەڭزىم ئوت بولۇپ كۆيدى. شۇنىڭ بىلەن باشقا خېمىر يۇغۇرۇپ مېھمانلارنى ئۇزاتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن غۇپۇر مېنى «لەڭمەنگە خېمىرتۇرۇچ سالغان ئاپاق خېنىم»، دەپ چاقچاق قىلىدىغان بولدى.

توي قىلىپ بىر يىل چىرايلىق ھەم كۆڭۈللۈك ياشىدۇق. مەن مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئۆي تۇتۇپ تاماق قىلىپ، نان يۇشۇرۇشنى ئۆگەندىم، ھەممىنى ئۆزۈم قىلىدىغان بولدۇم. غۇپۇر بازارغا چىقىپ ئېسىل كىيىملەرنى ئالدىنى ماڭا ئېلىپ بېرىپ كىيگۈزدى، بۇ گېزىتخانىدا ھېچكىم كىيمىگەن ئېسىل يۇڭ كۆينەكتىن تارتىپ ئېلىپ كىيدىم. مەن ھېلىقى ئۇزۇن پۇچقاق ئىشتان كىيىپ ئۇششاق چاچ ئۆرۈپ يۈرگەن سەھرالىق ئىمھانەم ئەمەس، خېلىلا چىرايلىق ئۈرۈمچىلىك خېنىم بولۇپ قالدىم. بۇ چىرايلىق كىيىملەر مېنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلاتتى. بەزىدە ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، دەپ كۈلۈپ قويدى، ھەقىقەتەن ئىمھانەم چىرايلىق قىز ئىدى. قەددى ـ قامىتى قاملاشقان، ئېگىز بويلۇق گەۋدىلىك، ئۇزۇن قويۇق قارا چاچلىق ھەم قويۇق قارا قاشلىق، يوغان قارا كۆزلۈك قاملاشقان قىز ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى يېپىپ تۇرغان نەرسە ئۇنىڭ خوتۇن ـ قىزلارغا خاس نازىنىڭ ۋە سىلىقلىقىنىڭ بولمىغانلىقى ۋە ئوقۇمىغان ساددىلىقى ئىدى.

بىر كۈنى غۇپۇر ئىشتىن خۇشال قايتىپ كەلدى. ئىشىكتىن كىرىپلا:

ــ ئىمھانەم بۈگۈن قىزىق كىنو بار ئىكەن، سىزگە بىلەت ئېلىپ كەلدىم، دېدى.

ـ مەن سىز بارماسىز؟ دەپ ھەيران بولۇپ سورىدىم.

ـ بۈگۈن ئىدارىدە بىر ئاز ئىشىم بار، سىز قوشنىمىزنىڭ قىزى خۇرشىدە بىلەن بىللە بېرىڭ، بەك قىزىق كىنو بولغانلىقتىن سىزنى كۆرسۇن دەپ ئالدىم. قانداق ياراتمىدىڭىزمۇ؟ دەپ ماڭا قارىغان ئىدى. مەن خىجالەت بولۇپ:

ـ ياق يارىتىمەن، دەپ كۈلدۈم.

خۇرشىدە ئىككىمىز كىنو تۈگىشى بىلەنلا باشقىلاردىن بۇرۇن چىقىپ كەتتۇق. ھاۋا سوغۇق بولغانلىقتىن كىنو كۆرۈپ بولغۇچە توڭلاپ قېلىشقا تاس قالغانىدىم. ھاجەتخانا بىزنىڭ ئۆيدىن يىراق يەردە ئىدى. تالانىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ ئۆيگە كىرەي، دەپ بېرىپ ئۆيگە كەلسەم ئىشىك تاقاق، مەن ئىشىكنى ئۇرسام ئۆيدىن غۇپۇر ھاجەتخانىغا بېرىپ ئىشىكنى تۈگىتىپ كىرا دەپ ۋارقىرىدى.

ـ غۇپۇر ئاچ ئىشىكنى مەن بېرىپ كەلدىم، دېدىم. غۇپۇر بارساڭمۇ يەنە بىر بېرىۋال دەپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن، بۇ قانداق گەپ دەپ ھەيران بولۇپ، جىم تۇرۇپ قېلىشىمغا ئۆيدىن بىر ئايالنىڭ سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قۇلىقىمغا راست ئاڭلىدىممۇ؟ ياكى خاتا ئاڭلىدىممۇ دەپ تۇرۇشۇمغا غۇپۇرنىڭ «بۇلۇڭ چاپسان» دېگەن ئاۋازى، ئۇنىڭ كەينىدىن كەتتىمۇ؟ جىم بولدىغۇ، دېگەن يەنە شۇ ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم غۇژ قىلىپ ئۆزۈمنى تۇتالماي ئىشىكنى كەينى ـ كەينىدىن تاڭلىدىتىپ ئۇردۇم، ئۆيدىن غۇپۇر:

ـ تالاغا بېرىپ كەل! دەۋاتىمەن ساڭا، ئاۋۋال بېرىپ كەل، دەپ ۋارقىرىدى، مەن:

ـ ئاچ، ئاچ ئىشىكنى، دەپ ۋارقىراپ ئۇردۇم. ئاندىن تەپكىلى باشلىدىم. ئاچچىقىمدا ئىشىكنى شۇنداق قاتتىق ئىتتەرگەن ئىدىم، ئىشىك ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئۆزۈمگە بۇ كۈچلەرنىڭ نەدىن كەلگىنىنى بىلمەيمەن، ئېتىلىپ ئۆيگە كىرىپ كارىۋات ئۈستىدە تۇغما يالىڭاچ تۇرغان ئايالنى كۆرۈپ، يولۋاستەك ئېتىلىپ بېرىپ كارىۋاتتىن سۆرەپ تارتىپ چۈشۈرۈپ، باش ـ كۆزى دېمەي ئۇرۇپ، تېپىپ كېتىپتىمەن، كىيىمنى ئاران كىيىپ بولغان غۇپۇر كېلىپ مېنىڭ قولۇمدىن ئۇ ئايالنى قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىپ ماڭا ئېسىلىپ قوللىرىمنى تارتاتتى، ئۇ ئايال تاياقىقا چىدىماستىن جېنىنىڭ بېرىچە تووْلاپ كەتتى. غۇپۇر مېنىڭ قولۇمدىن ئۇنى قۇتۇلدۇرالماي مېنىڭ دۈمبەمگە شۇنداق بىر مۇشت سالغاندا كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ بېشىم قېيىپ يىقىلىپ چۈشتۈم، مېنىڭ قولۇمدىن ئاجرىغان ئايال جېنىنى ئېلىپ تالاغا يالىڭاچ پېتى چىقىپ قاچتى. كىنودىن تارقىلىپ كېتىۋاتقان توپ

ئادەملەر بۇ قىيا ـ چىيا ئاۋازلاردىن ھەيران بولۇپ قارىشىپ تۇرغاندا، ئۆيدىن قىچىپ چىققان قىپيالىڭاچ ئايالنى كۆرۈپ ھەممە تاڭ قىتىپ قاراپ تۇراتتى. غۇپۇر كەينىدىن كىيىملىرىنى ئەپ چىقىپ ئايالغا تاشلاپ بىرىپ قايتىپ كىرىپ ماڭا ۋارقىراپ:

ــ بۇ نىمە قىلغىنىڭ رەسۋا! دەپ توۋلىغان ئىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا بىر ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۆزۈمنى بىلەلمەي قالدىم. ئەمدى ئۆز ئورنۇمدا تۇرۇپ ئۇستەلگە يۆلىنىپ تۇراتتىم، ئاچچىقىمدىن جوزىدا تۇرغان نەرسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتقىنىمنىمۇ بىلمەي قالدىم. غۇپۇر يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. قارىسام پۈتۈن يۈزىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىپ بىردەمدە پۈتۈن يۈز ـ كۆزى قىپقىزىل قانغا بويالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى يوقاتتىم. قورققىنىمدىن ھويلىغا چىقىپ:

ــ ئادەم ئۆلدى! ئادەم ئۆلدى! دەپ ۋارقىراپ كېتىپتىمەن، شۇ ئارىدا پۈتۈن ئۆيگە ئادەملەر تولدى. مەھەللە جۇرۇنلىرى، گېزىتخانا ئاھالە جۇرۇنى ۋە باشقىلار كېلىپ ئۆيدە دەسسەپ تۇرغۇدەك ئورۇن قالمىدى. غۇپۇر ئۆلۈكتەك ياتاتتى. قولۇمغا چىققان نەرسە چاپقا (يوغان پىچاق يەنى چەيدو) ئىكەن. غۇپۇرنىڭ پېشانىسىدىن ئون بەش سانتىمېتىر يەر يېرىلىپ ئېچىلىپ قان توختىماستىن ئېقىپ تۇراتتى.

ساقچىلار كەلدى، دوختۇرلار كەلدى. غۇپۇرنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئۆلۈپ قالدى دەپ غۇپۇرغا ئىچىم ئاغرىپ، نىمشقا ئۇنداق قىلغاندىمەن، دەپ پۇشايمان قىلىپ ئىچ ـ ئىچىمدىن ئېزىلىپ ئۆزۈمنى باسالماي يىغلايتتىم. ئاغزىم گەپكە كەلمەيتتى. غۇپۇرنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ساقچىلار كىرىپ:

ــ بەختىڭگە ئېرىڭ ئۆلمەي ساق قاپتۇ. ئەگەر ئۆلگەن بولسا سەنمۇ ئۆلەتتىڭ، ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل بولاتتىڭ، ئەگەر ئېرىڭ ئۆلۈپ كەتسە ساڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. ئېرىڭ ساقايغۇچە سېنى تۈرمىدە ساقلاپ تۇرىمىز، ئۆلمىسە چىقسەن، ئۆلسە سەن قاتىل بولسەن، ئۆلۈم جازاسى بېرىمىز، دەپ مېنى ئېلىپ چىقىپ ماشىنىغا سالدى. يېرىم كېچە مەزگىلىدە تۈرمىنىڭ تۆمۈر ئىشىكنى داراڭلىتىپ ئېچىپ مېنى تۈرمىنىڭ ئىچىگىچە ئېلىپ كىرىپ، ئىشىكنى قايتا قۇلۇپلاپ كەتتى.

ئۆزۈمنىڭ نىمە بولغانلىقىمنى ۋە نەدىلىكىمنى بىلەلمەي يامان چۈش كۆرگەن ئادەمدەك كۆڭلۈم ناچار تۈيغۇلار ئىچىدە قايمۇقۇپ قالدىم. چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا تۈرمە ئىچىگە سەپسېلىپ قارىدىم. تۈرمىدە ئون نەچچىدەك ئايال بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ تىقىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى. بەزى ئاياللار ئىشىكنىڭ قاتتىق ئاۋازدا ئېچىلغىنىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئىشىك تەرەپكە ئۈيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر ئاز قاراپ قويۇپ

قايتىدىن يېتىپ ئۇخلاپ كەتتى ۋە بەزىلىرى يېنىدىكىلەر بىلەن پىچىرلىشىپ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى ۋە بەزىلىرى ھېچ نەرسە تۇيماستىن بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. مەن بىرىنچى ئولتۇرغۇدەكمۇ يەر يوق ئىدى. ئىشىك تەرەپتە ئەڭ چەتتە ياتقان ياشقا چوڭ بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ماڭا قاراپ: كەل قىزىم، بۇ يەردە يات، دەپ قىستىلىپ ماڭا ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئورۇن چىقىرىپ بەردى. مەن يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنى باسالماي يىغلاپ كەتتىم. يىغلىما قىزىم، ھەممىمىز ساڭا ئوخشاشمىز، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ياش ئىكەنسەن، قىزىم ھېچ ۋەقەسى يوق ئۇخلا، دەپ يېنىدىكى ئورۇننى ماڭا ھازىرلىدى. مەن قىسىلىپ يېنىغا بىرىپ ياتتىم، ئۆزىنىڭ يوتقىنىنىڭ بىر چېتىنى ئۈستۈمگە يېپىپ قويدى. خۇددى ئانامنىڭ قوينىدا ياتقاندەك كۆڭلۈمدە بىر ئاز يەڭگىللىك بولدى. لېكىن ھېچ ئۇخلىيالمىدىم. ئاتام بىلەن ئاپامنىڭ مېنى غۇپۇرغا ياتلىق قىلغۇچە بولغان تالاش- تارتىشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ ئۇلارنىڭ مېنىڭ كېلەچەك تۇرمۇشۇم ۋە بەختىم ھەققىدە باش قاتۇرۇپ سۆزلىگەن ھەر بىر سۆزى قۇلىقىمدىن جاراڭلاپ كەتمەيتتى. ئانامنىڭ ساددىلىقىنى ۋە قويساڭچۇ قىزىمىزنى كادىرغا بەرسەك چوڭ شەھەردە راھەت ياشارمىكىن، دەيمەن دېگەن سۆزى، ئاتامنىڭ ئىمھانەمنى ياقا يۇرتقا ئەۋەتىشكە مەن چىدىمايمەن، ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئۆز يۇرتىمىزدىكى بىرسىگە بەرسەك، دەيمەن، دېگەن سۆزلىرى ئاتامنىڭ بىزنى ئۇزاتقاندا يىغلىغان يىغىسى، يۈزىنى بويلاپ ئاققان كۆز ياشلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۆزۈمنى باسالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم.

ئاتا - ئانام، ئۇكىلىرىم ۋە ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن گۈزەل يېزىلىرىمنى ئەسلەپ قايتىپ كەتكۈم كەلدى. ئەمما مەن ھازىر نەدە، ئالدىمدا نېمە كۈنلەر بار، بۇلارنى ئويلاش قىيىن ئىدى. ھېچكىممۇ يوق، يالغۇز بېشىمغا مۇساپىرچىلىق كەلدى. ئۇخلىيالماي ھەسرەت چەكتىم. غۇپۇرنىڭ قانغا مىلەنگەن قىياپىتى ھېلىدىن - ھېلىغا كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ھەر بىر كۆز ئالدىمغا كەلگەنسېرى يۈرىكىم مۇجۇلاتتى. مېنى شەيتان ئازدۇردىمۇ ياكى غەپلەت باستىمۇ نېمە كېلىشمەسلىك بۇ، ھېچ ئۇيلاپ باقمىغان ئىشلار بىر قانچە مىنۇت ئىچىدە يۈز بەرگىنىگە ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئوڭۇمىمۇ چۈشۈمىمۇ دەپ ئويلايتتىم. شۇنداق قىلىپ تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدىم. چۈشۈمدە ياقا ئېرىق رايونىدىكى ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى سايلىقتا قىزلار بىلەن يېشىل مايسىنىڭ ئۈستىدە دۈم يېتىپ تۆت قۇلاق ئىزدەۋاتاتتۇق، تاشقىن سۇ شارقىراپ كېلىپ قالدى، بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ قېچىپ ئۈلگۈرمىدۇق. سۇ كېلىپ بىزنى ئېلىپ كەتتى. قىزلار نەدە بىلەلمىدىم، شۇنداق چوڭ سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چۆكۈپ بىر چىقىپ ئېقىشقا باشلىدىم. تاشقىن سۇنى بويلاپ، ئاتام بىلەن ئانام مېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپ كېلەتتى،

ئاتامنىڭ: ئىمھانەم، ئىمھانەم، دېگەن قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى. ئاتامنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئانامنىڭ بېشىدىكى ياغلىقمۇ چۇشۇپ قېلىپ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ پەرىشان ھالدا ۋارقىراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قولۇمنى چىقىرىپ سوزدۇم، لېكىن سۇ ئۇلۇغ ئاققانلىقتىن مەن ئۇلاردىن تېزلا ئۇزاپ كەتتىم. ۋارقىراي دېسەم ئاۋازىم چىقمايتتى. بىر كوچەپ شۇنداق ۋارقىرىغان ئىدىم، ئۆز ئاۋازىمدىن ئۆزۈم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم.

شۇ ۋاقىتتىكى كۆڭلۈمنىڭ قانچىلىك يامان بولغانلىقىنى مەن سىلەرگە ئېيتىپ، چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، بەلكى يېرىم سائەت ئۇخلىغان بولۇشۇم مۇمكىن. كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن كۆزۈمگە ھېچ ئۇيقۇ كىرمىدى. تاڭغا يېقىن يەنە قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. تۈرمە ئىشىكىنىڭ قاتتىق جاراڭلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزۈمنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىمنى ئەسلىدىم. كۆڭلۈم ئەسكى بولدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ تامغا يۆلىنىپ ئىككى تىزىمنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتىم. يېنىمدا ياتقان قېرى ئايال يېنىمغا كېلىپ مۈرەمدىن قۇچاقلاپ:

ـ يىغلىما قىزىم، ئادەم بالىسىنىڭ بېشىغا ھەر ئىشلار كېلىدۇ. بىزگە قارا، بىزمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەممىز، بىز نېمە جىنايەت قىلدۇق، بىلمەيمىز. گۇناھسىز تۆھمەت بىلەن كېلىپ قالدۇق. بۇ كىچىك ياش قىزلارنىڭ نېمە گۇناھى بار، ھەممىسى ساڭا ئوخشاش بىرسىنىڭ ئەزىز بالىلىرى، پەرىشتىدەك گۇناھسىز ساپ قىزلار بۇ دەرتلەر باشقا كەلگەندىن كېيىن، ئامالسىز سەۋرى قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. قىزىم يىغلىغىنىڭ بىلەن ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ. ھەممىنى سەۋرلىك بىلەن كۆتۈش كېرەك، دەپ بەزلەشكە باشلىدى. قىزلارنىڭ ھەممىسى چۆرىدەپ كېلىپ مېنىڭ ياشلىرىمنى ئېرتىپ، قوللىرىمنى سىلاپ تەسەللى بېرەتتى.

ـ بىزمۇ سىزگە ئوخشاش يېڭى كەلگەندە قورقۇپ كېتىپ يىغلىغان ئىدۇق. بەختىمىزگە پاتەم ئاپام بىز بىلەن بولدى دەڭا، پاتەم ئاپام خۇددى ئۆز ئانىمىزغا ئوخشاش بىز ئۈچۈن كۆپ ياخشى بولدى، دەپ ھەر قايسى ئۆز كۆڭلىچە مېنى بەزلەشتى. مەن ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىمنى بىلىپ كۆڭلۈم بىر ئاز تىنچىدى.

ئۇلار مەندىن ئىسمىمنى ۋە نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىمنى سورىدى.

مەن ئۆز ئەھۋالىمنى سۆزلەپ بەردىم. پاتەم ئانا ئاڭلاپ سىز ئۆزىڭىز ئىشلىگەن ئىش بىلەن كىرىپسىز قىزىم. بىزچۇ، ھېچبىر قىلغان ئىشىمىز يوق كېلىپ ئولتۇرۇپتۇق.

مېنى دەڭ، مەن 63 ياشتىمەن، ئېرىم ئۆلگىلى ئىككى يىل بولدى. ئېرىمدىن قالغان ئۈچ ئېغىز ئۆيۈمدىن باشقا ھېچنەرسەم يوق ئىدى. ئىش بېجىرىش ئورنىدىن ھەر ئېيىغا ئون بەش سوم بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق كىرىمىمۇ يوق ئىدى. بۇ پۇل قورساقىمۇ يەتمەيتتى، تۇرمۇشتا قىينالغاندىن كېيىن ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ بىر ئېغىزىدا ئۆزۈم ئولتۇرۇپ، ئىككى ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە بەردىم، ئىجارىگە ئولتۇرغان ئادەم بىزنىڭ مەھەللىمىزنىڭ جۇرۇنى ئاسخان جۇرۇن ئىدى. ئۇلار بىر يىل ئولتۇرغان بولسىمۇ لېكىن ئۈچ ئايلىق ئىجارىدىن باشقا ھېچقانداق ئىجارىسىنى بەرمىدى. ئەنە - مانا دەپ كېلىپ ئاخىرىدا ئۇلارغا ئۆينى بوشىتىپ بېرىشنى ۋە باشقا بىرسىگە ئىجارىگە بەرمەك بولغىنىمنى ئېيتتىم. ئىككى كۈندىن كېيىن يېرىم كېچىدە مەھەللە جۇرۇنى ئاسخان بىلەن ئىككى ساقچى كىرىپ ماڭا: سەن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان زومىگەر ئۆي ئىگىسسەن، ئۆي ئىجارىسىنى يۇقىرى سوراپ ئۆيۈڭدە ئولتۇرغانلارنى ئېزىپ زۇلۇم قىلغان، شۇ سەۋەبتىن قانۇن بويىچە سېنى بۇگۈن قولغا ئېلىش ئۈچۈن كەلدۇق، دەپ كېلىپلا مېنى يۇلۇپ سۆرەپ چىقىپ تۈرمىگە ئېلىپ كەلدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن كەينىمدىن ئورۇن - كۆرپە، كىيىم - كېچەك نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سىڭلىمغا تاپشۇرۇپ ئۆينى ئاسخان بوشىتىپ ئېلىپتۇ، مېنىڭ ئۈچ ئېغىز ئۆيۈم ئاسخان جۇرۇنگە كېرەك بولۇپ قالغانلىقتىن مەن جىنايەتچى بولدۇم. مەن 63 ياشتىكى بىر موماي ماڭغۇ مەيلى. سىلەر تېخى ئون گۈلۈڭلارنىڭ بىرسى ئېچىلمىغان ياش قىزلار، سىلەرگە ئۇۋال بولدى.

مانا قاراڭ قىزىم، دەپ ئۇدۇلۇمدا ماڭا قاراپ ئولتۇرغان ئاپاق يۇملاق يۈزلۈك، زىلۋا بويلۇق بىر قىزنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ قەلەمدەك قارا قېشى بىلەن بوتا كۆزى ئىنچىكە ئۇزۇن بۇرنى نېپىز قىزىل لەۋلىرى ئۇنى ئىنتايىن چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتەتتى. قويۇق ئۇزۇن قارا چاچلىرى زىلۋا بويىغا خۇيمۇ ياراشقان ئىدى. چىرايىدىن تەربىيىلىك ئەقىللىق ۋە نومۇسچانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ شۇنچىلىك گۈزەللىكىگە ھەيران بولۇپ، ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدىم.

پاتەمخان ئانا سۆزىنى داۋام قىلىپ، بۇ پەرىزاتتەك قىزغا كىمنىڭ كۆزى چۈشمىسۇن، نۇرغۇنلىغان يىگىتلەر بۇ قىز ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ يۈرگەندە، بۇلارنىڭ مەھەللە جۇرۇنىنىڭ ئوغلى ئوبۇلقاسىم بۇ قىزغا كۆيۈپ قالغانىكەن. ئوبۇلقاسىم ئاپىسىنىڭ مەھەللە جۇرۇنى بولغانلىقتىن ئۇ ئۆزىنىمۇ شۇ مەھەللىنىڭ رەئىسى قاتارىدا ھېسابلاپ ھەركىمگە زورلۇق ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ئوبۇلقاسىمنىڭ ئاپىسى ھاۋاخان شۇ مەھەللىدىكى خەلقلەرنى

پايلاپ كىشىلەرنى ئىش بېجىرىش ئورنىغا چېقىشتۇرۇپ تۇتۇپ بېرىپ يۈرگەنلىكتىن ئەتىگەن چىقىپ كېتىپ كەچ قاراڭغۇدا ئاران ھېرىپ، ئېچىپ ئۆيگە قايتىدىكەن. ئېرى ۋە باللىرى بىلەنمۇ كارى بولماي قالىدىكەن، شۇڭلاشقا ئوبۇلقاسىم كىچىكىدە مەكتەپكە بارىمەن، دەپ چىقىپ كېتىپ كوچىلاردا ئويناپ باللار مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن قايتىپ يىللارنى بوشقا ئۆتكۈزۈپ، نادان قېلىشىدىن تاشقىرى لۈكچەك، ھاراقكەش بولۇپ چوڭ بوپتۇ. ئۇ بۇ مىجەزى بىلەن مەھەللىدىكى ھەممە ئادەمنى قورقۇتۇپ يۈرىدىكەن.

دىلبەرنى ئاتا ـ ئانىسى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى تۈگەتكەن مەھمۇت دېگەن بىر يىگىتكە ماقۇللىشىپ توينى قىلىش ئۈچۈن تۇرپانغا چۈشمەكچى بولۇپ تۇرغاندا بۇ خەۋەرنى ئوبۇلقاسىم ئاڭلاپ: مەن دىلبەرنى ھېچكىمگە تۇتتۇرمايمەن، ماڭا تەگمىسە ئۆلتۈرىمەن، دەپ مەھمۇت بىلەن دىلبەرنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن، دەپ ئاپىسىغا دەپ پىچاق ئېلىپ ماڭغاندا ئاپىسى ھاۋاخان: توختا ئۇنداق قىلما، مەن ئۆزۈم جايلايمەن، دەپ ئۇچىسىغا چاپاننى ئارتىپ ئىش بېجىرىش ئورنىغا قاراپ كېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا دىلبەرنىڭ ئۆيىگە تۆت ساقچى ۋە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ جۇرۇنى بىلەن كېلىپ دىلبەرنى قولغا ئېلىپ قاماپتۇ، دىلبەرنىڭ دادىسى ھۇشۇر ئاخۇن قىزىنىڭ كەينىدىن قانۇن ئورۇنلىرىغا ـ گۇۋاھنامىسىغا قاتراپ قىزىنىڭ ناھەق قولغا ئالغانلىقىنى ئەرز قىلغاندا، دىلبەرنى يانچۇقچى، ئوغرى، ئەخلاقسىز، بۇزۇق، تەربىيىگە ئېلىش ھەقلىق، دەپ تەييارلانغان دىلبەرنىڭ ئارخىپىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كۆرسىتىپتۇ، ھۇشۇر ئاخۇننىڭ سۆزىگە ھېچكىم قۇلاق سالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىگۇناھ قىز قارىلىنىپ قالدى، دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك داراڭلاپ ئېچىلىپ ئەتىگەنلىك تاماق كەلدى. تۈرمە تاماقلىرىنى ئۆزۈڭلارمۇ كۆردۈڭلار، مەن پەقەت يېيەلمىدىم. تاماقتىن كېيىن كۆپ ئۆتمەستىن تۈرمىنىڭ ئىشىكى داراڭلاپ ئېچىلىپ بىر خەنزۇ ئەدىيالغا تېڭىلغان يوتقان ـ كۆرپىنى ئېلىپ كىرىپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا تاشلاپ چىقىپ كەتتى. يەنە بىرسىنى ئېلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئىشىككە قاراپ تۇراتتىم. ئارقىسىدىن شۇ يەرنىڭ كادىرى بولسا كېرەك بىر ئەركىشى كىرىپ: ئىمهانەم دېگىنىڭ قايسىڭ؟ دەپ توۋلىدى، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلغاندەك بولۇپ، مەن، دېگەن سۆزنى ئاران دېيەلىدىم.

بۇ سېنىڭ يوتقان ـ كۆرپە ھەم كىيىم ـ كېچەكلىرىڭ، دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. يۈرىكىم قاتتىق سىلىپ ئورنۇمدىن تۇرالماي ئولتۇرۇپ قالدىم. مېنىڭ كۆڭۈلسىز ھالىتىمنى سەزگەن قىزلارمۇ بىر ھازاغىچە جىمجىت بولۇپ قالدى.

يەنە پاتەم ئانا بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ياساش ئۈچۈن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئورنىدىن

تۇرۇپ:

– ئىمھانەم قىزىم، سەن ئورۇن - كۆرپەڭنى ماۋۇ يەرگە جايلاشتۇر، دەپ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى يەرنى كۆرسەتتى، ئىككى قۇر ئەسكى كىيىم بىلەن نېپىز يوتقان - كۆرپە ھەم بىر تال پاختا تەكى، بىر ئەديال ئىكەن. بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈشۈم بىلەن كۆڭلۈم بەك ئەسكى بولدى. بۇ يېقىن ئارىدا مەن ئۆيگە قايتىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

ئەتىسى ئەتىگەن چاينى ئىچىپ ئولتۇرغىنىمدا تۇرمىنىڭ كىچىك ئىشكىنى داراڭلىتىپ ئېچىپ تەرى سوغۇق بىر ئادەم بىزگە قاراپ: تامىقىڭلارنى چاپسان يەپ بولۇپ، يۇك - تاقلىرىڭلارنى تېڭىپ تەييار بولۇڭلار، دېدى. بۇ سوغۇق خەۋەر ھەممىمىزنىڭ قەلبىنى مۇجۇدى. بىزنى نەلەرگە ئېلىپ كېتەر؟ دەپ ھاياتىمىز خۇددى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىگە قاراپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. مۇنەۋۋەر ئاستا ئاۋازدا ھەسرەت بىلەن: پاتەم ئاپا! بىزنى نەگە ئاپىرار؟! دەپ سورىدى. ھەممىمىز پاتەم ئاپىنىڭ ئاغزىدىن نېمە سۆز چىقار، دەپ قاراپ قالدۇق. پاتەم ئاپا قايغۇ - ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن بىزگە قاراپ بىر ئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن:

– بۇلارنىڭ بىزنى نەگە ئېلىپ بېرىشىنى كىم بىلىدۇ دەيسىلەر؟ ھەر ھالدا بىز ئۆيگە قايتمايمىز، بىزگە ياراتقان ئىگەم ئاللاھ ئۆزى ياردەم ئەيلىسۇن، دەپ ئۇھ تارتىپ قويدى. قىزلار قايغۇ - ئەلەم بىلەن كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈشتى. مەنمۇ ئىچ - ئىچىمدىن ئېزىلىپ يىغلايتتىم ۋە قانداق قىلارمەن، دەپ ئىختىيارسىز قورقاتتىم.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن شىيگوبىغا كېلىپ چۈشتۇق. بىزگە گوبىتەن دالا ئۆزگىرىش مەيدانىنىڭ چىراقلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. بۇ يەر شۇنداق سوغۇق ۋە قاراڭغۇ، شۇنداق كۆرۈمسىز جىمجىت يەر ئىكەن. كۆڭلۈم بەكمۇ ئەسكى بولدى. بىز كېلىپ چۈشۈشىمىز بىلەن ھەر قايسىمىزنى بۆلۈپ باشقا - باشقا ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى. قاراڭغۇ ھەم شۇنداق سېسىق ياتاقنى كۆرۈپ كۆڭلۈم تېخىمۇ ئەسكى بولدى، ئىككى قىز يۇگۈرۈپ ئالدىمغا كېلىپ، كېلىڭ ماۋۇ يەردە يېتىڭ، دەپ يوتقان - كۆرپىلىرىمنى كۆتۈرۈپ كېلىپ جايلاشتۇردى. مەن ئۆزۈمنى ھېچ توختىتالماي يىغلايتتىم. يېنىمدىكى قىزلار مېنى بەزلەيتتى. شۇ ئارىدا بىر بەستلىك ئايال ئالدىمغا كېلىپ ئىككى قولى بىلەن بېلىگە تايانغان ھالدا:

– يىغلىما! نېمە يىغلايسەن! بىلىپ قوي بۇ يەر سېنىڭ ئاتاڭ بىلەن ئاناڭنى تونۇتىدىغان يەر، ئەركىلەپ غىڭشىيدىغان يەر ئەمەس، تۇغۇلغىنىڭغا مىڭ بىر پۇشايمان يېگۈزىدىغان يەر. كاللاڭنى سىلكىۋېتىپ ھوشۇڭنى يىغىپ ئال، دېدى.

قورققىنىمدىن يىغامنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم. ئۇ مېنى تىلللىغاندەك ۋارقىراپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سۆزى ماڭا غەيرەت بەرگەندەك بولدى.

ئىككى ئايدىن كېيىن ئىش ئۇستىدىن مېنى ئىشخانىغا چاقىرىپ كەلدى. ئوتتۇرا سوتتىن بىر ئادەم كەلگەن ئىكەن. ئىشكتىن كىرىشىم بىلەن ئۇ مېنى سوغۇق قارشى ئالدى ۋە ئولتۇرۇڭ، دەپ سومكىسىدىن بىر قەغەزنى ئۇستەل ئۇستىگە قويۇپ ماڭا قاراپ:

ـ بۇ نىكاھتىن ئاجرىشىش قەغىزىڭىز، قول قويۇڭ، دېدى.

مەن ئۆزۈمنى يوقاتقاندەك بولدۇم، قۇلاقلىرىم ۋىڭىلداپ، بېشىم قېيىپ، پۈتۈن ئەتراپ ئايلانغاندەك بولۇپ كەتتى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاش مەن ئۈچۈن بەك ئېغىر بولدى. ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇپ:

ن... ن... نېمىشقا دەپ كېكەچلەپ كەتتىم. غۇپۇر دۈمبەمگە ئۇرغاندىن تارتىپ مەن كېكەچلەپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ھودۇققاندا، ئاچچىقلانغاندا، ئالدىرىغاندا كېكەچلەپ پەقەت سۆزلىيەلمەيمەن، دەپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

قانۇن بويىچە سېنى نىكاھتىن ئاجرىتىش كېرەك، قارشىلىق قىلىشىڭغا يول يوق. قانۇنغا بويسۇنۇشۇڭ كېرەك، دەپ نىكاھتىن ئاجرىشىش قەغىزى بىلەن قەلەمنى ئالدىمغا ئۇزاتتى.

ـ قول قوي، دەپ قەغەزنى ئالدىمغا ئىتتىرىپ قويدى.

ـ مەن خەت يازالمايمەن، دېدىم.

ئۇ سومكىسىنى ئاختۇرۇپ بىر كىچىك قۇتىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى. ئىچىدە قىزىل بوياقلىق يۇمشاق نەرسىنى ئالدىمغا قويۇپ:

ـ بارمىقىڭنى چىلاپ قولۇڭنى ماۋۇ يەرگە باس، دەپ قەغەزنىڭ ئىچىدىكى بوش يەرگە قول قويدۇردى. مەن قول قويۇپ بولغان قەغەزنى يۆگەپ سومكىسىغا سالدى. ئاندىن قىزىل بوياقلىق قۇتىنىڭ ئاغزىنى يېپىۋېتىپ ماڭا قاراپ تۇرۇپلا ئىچى ئاغرىغاندەك بولۇپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ:

ـ ياخشى ئۆزگىرىپ، تەشكىلگە بويسۇنۇپ، ئوبدان ئىشلىسىڭىز ئىككى ياكى ئۈچ يىلدىن كېيىن قايتىپ چىقىسىز، ئەگەر ياخشى ئۆزگەرمەي تەشكىلگە بويسۇنمىسىڭىز توققۇز، ئون يىلغىچە، قاچان سىز ئۆزگەرگۈچە مۇشۇ يەردە ياتىسىز، ئۆيىڭىزگىمۇ قايتالمايسىز، دېدى. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى مېنىڭ بېشىمغا توقماق بىلەن سالغاندەك

بولۇپ، پۈتۈن ئۇمىدىم يوقىلىپ، ئۆزۈم بىر قاراڭغۇ قۇدۇققا چۈشۈپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. تەرىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان بۇ سوغۇق ئادەمدىن ھېچقانداق ياخشىلىق يوقلۇقىنى بىلىپ، ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدىم.

ئۇ ئادەم:

ــ نەگە بارىسەن؟ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىدىڭمۇ، قۇلىقىڭدا ياخشى ساقلا جۇمۇ، دېدى. مەن بىر قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. كۆتكەن ئۈمىدلىرىم بەربات بولدى. بۇ جاھالەت باسقان شىيگوبىدا، قارا زۇلمەت ئىچىدە ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزۈش قانچىلىك ئېغىر ئىدى. ئېغىر ئەمگىكىمۇ بىر گەپ ئىدى. ھەممىدىن ئاچارچىلىقى جانغا پاتتى. كۈنگە ئۈچ ۋاخ تاماققا كىچىك چاي پىيالىدە بىر چىنە ئۇماچتىن باشقا يەيدىغان ھېچ نەرسە يوق ئىدى. مەن كەلگىلى ئىككى ئاي بولدى، بىرەر قېتىممۇ گۆش ياكى ياغ سالغان تاماق كۆرۈپ باقمىدۇق. يەيدىغىنىمىز سۇيۇق ئۇماچ ياكى بىر پارچە گاۋلىياڭ موما ئىدى.

كۈن سوغۇق، ئىش ئېغىر، شۇ قاتتىق سوغۇقتا توك يەرنى كولاپ ئۆستەڭ چاپىمىز. تۇرمۇش جاپالىق، مەن غۇپۇرنىڭ كېلىپ مېنى ئېلىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئۈمىدلىنىپ يۈرگەن ئىدىم. چۈنكى بىز بىر يىل چىرايلىق ياشىغان ئىدۇق. ئۇ كۈندىكى ئىشتىمۇ ئۇنىڭ خاتالىقى بولدى. ئۇنىڭ پېشانىسى ئازراق تارتۇق بولۇپ قالغان بولسا، مەن ئۆمۈر بويى كېكەچ بولۇپ قالدىم. ھەممىنى قويۇپ تۇرايلى، بىز نېمىلا بولمىسۇن بىر قۇرساق ئاچا ـ سىڭىلنىڭ بالىلىرى، بۇ تەرەپنى ئويلاپ بولسىمۇ مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، دەپ ئۈمىدلىنىپ يۈرگەن ئىدىم. بۇ ئويۇم يوققا چىقتى.

كۆڭلۈمدە غۇپۇرنى ئۆزۈمنىڭ ئېرى دەپ ئويلىغانلىقىمدىن تايانچىم باردەك روھىمغا كۈچ بېرەتتى. ئەمدى مەن بۇ كۈچتىن ئايرىلدىم. ئۆزۈمنى كۈچسىز ۋە ئاجىز ھالدا، تەنھا يالغۇز ھېس قىلدىم. بۇ ئېغىر تۇرمۇش ئىچىدە شۇنچە يىللارنى ئۆتكۈزۈشنى ئويلىسام ئۆزۈمنى يوقاتقاندەك بولىمەن. ھېچكىمنىڭ سۆزى قۇلىقىمغا خۇشياقمايتتى. ھېچكىمنى كۆرگۈم ۋە ھېچنەرسە قىلغۇم كەلمەيتتى. ئىككى كۈن ئاغرىپ قېلىپ ئىشقىمۇ چىقالمىدىم، ئاخىرى ئويلاپ ـ ئويلاپ مۇشۇ يەردىن قېچىپ كەتمەي، مەن بۇ كۈندىن قۇتۇلالمايمەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. بۇ پىكرىم مېنى بىر ئاز يېنىكلەشتۈردى ھەم كۆڭلۈمدە ئۈمىد پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پىكرىم قانداق قىلىپ قېچىپ كېتىش ۋە مۇشۇ يەردىن قۇتۇلۇش دېگەن نەرسىدە بولدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن جۈرەتلىك ھالدا ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ تالاغا چىقسام جىمجىت ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ. ھاجەتخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. بىر ئاز ئەتراپنى كۆزەت قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئاستا ماڭدىم،

ئۆزگىرىش مەيدانىدىن ئۇزاپ كەتكۈچە ئارىلىقتا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماستىن چىقىپ كەتتىم. خۇداغا شۈكۈر، قۇتۇلدۇم دەپ خۇشال بولساممۇ لېكىن كەينىمدىن قوغلاپ كېلىپ قالمىسۇن، دەپ شۇنداق تېز ماڭاتتىم. قاراڭغۇلۇقتىن قورقساممۇ بىراق قۇتۇلدۇم، دېگەن ئۈمىد ماڭا كۈچ بېرەتتى. بىر كېچە توختىماي شۇنداق تېز مېڭىپ مەيداندىن ئۇزاقلاپ كەتتىم. تاڭ سۈزۈلگەندە يىراقتىن بىر ئۆي كۆرۈندى. مەن ئويلىدىم كۈندۈز ماڭسام قوغلاپ كېلىپ مېنى ئاسان تۇتۇپ ئالىدۇ. كېچىدە ماڭاي، كۈندۈزى بىر دالىدا يەرنى تېپىپ يېتىپ دەم ئالاي، دەپ ھېلىقى كۆرۈنگەن ئۆي بار تەرەپكە بېرىپ بىر ئورۇن تېپىش ئۈچۈن كەتتىم. ئۇ ئۆيلەرنىڭ چەتتە بىر ئات ئېغىلى بار ئىكەن. مەن بېرىپ ئۆگزىدىكى ساماننىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىپ ئۇخلىدىم.

بەك قاتتىق ھارغانلىقىمدىن ھەم قۇتۇلدۇم دەپ خاتىرجەم بولغانلىقىمدىن قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئىككى ئادەمنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانسام، ياشقا چوڭ ئىككى خەنزۇ ماڭا قاراپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار مېنى: تۇرا! دەپ ئېلىپ ماڭدى، مەن ئۇلارغا ئۆز تىلىم بىلەن:

ــ ماڭا چېقىلماڭلار، قويۇۋېتىڭلار، ماڭا رەھىمڭلار كەلسۇن، دەپ يالۋۇرساممۇ، سۆزۈمگە قارىماستىن مېنى ئېلىپ ماڭدى. ئەتراپىمغا قاراپ يۈرىكىم جۇغ قىلىپ كەتتى. توۋا خۇدايىم، بۇ ئۆزۈم قاچقان شىيگوبى ئىكەن. ئۆزۈمگە ئۆزۈم چۈشۈممۇ ئوڭۇممۇ دەپ ھەيران بولدۇم. كېچىچە توختىماي شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى يۈرسەممۇ مۇشۇ ئەتراپتىن چىقىپ كېتەلمەپتىمەن، دەپ ئويلىدىم، تا ھازىرغىچە شۇ ئىشقا ھەيرانمەن، شۇنچە ئۇزاپ كەتكەن ئادەم قانداقلارچە يەنە ئايلىنىپ كېلىپ قالدىمكىن؟

مانا شۇنداق قىلىپ ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە 28 قېتىم قاچتىم. بىر قېتىممۇ قېچىپ شەھەرگە كىرەلمىدىم. كېيىنكى يىللاردا شىيگوبىدا تۇرمۇش قاتتىق ئېغىر بولدى. گاۋلياڭ موممۇ يوق بولۇپ، سۇيۇق ئۇماچقا قالدۇق. بىر ۋاخلىق تامىقىمىز بىر كىچىك سىركاي ئۇماچ، كۈنىگە ئۈچ چىنە ئۇماچقا قالدۇق. گۆش، ياغ ياكى كۆكتاتلاردىن ھېچ نەرسە يوق. ئەمگەك ئېغىر، كىشىلەر بىرلەپ، ئىككىلەپ ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە باشلىدى، دەسلەپكى ئۆلگەنلەرنى يۆيۈپ، تاراپ كېپەنلەپ كۆمسىمۇ كېيىن ئاچارچىلىقتىن ئادەملەر بەشتىن، ھەتتا 10 دىن ئۆلۈشكە باشلىدى، بۇ ۋاقىتلاردا كۆمۈپمۇ ئۈلگۈرمەستىن ئۆلۈكلەر يوللاردا، ئىش بېشىدا كۆمۈكسىز، قاغا ـ قۇزغۇنلارغا ۋە ئىتلارنىڭ ئوزۇقى بولۇپ دالادا قالدى. بىز بىلەن كەلگەن پاتەم ئانامۇ كېلىپ ئالتە ئاي بولغاندا بىر ـ ئىككى كۈن ئاغرىپ تۈگەپ كەتتى. بۇ ھالەت ھەممە ئادەمگە بەكمۇ ئېغىر تەسىر قىلاتتى. ھەممە ئادەمنىڭ روھى

چۈشكۈن، قاپاقلىرى سىلىنغان، ھەممىنىڭ كۆڭلىدە شۇ ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتىنى كۈتكەندەك بىلىنەتتى. پۈتۈن ئادەمنىڭ ئىسكەتى ئۆزگىرىپ ئاچلىقتىن كۆزلىرى پارقىراپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

مەن يەنە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قېچىشنى ئويلايتتىم. ئاخىرقى مەرتىۋە قاچقاندا پۇت ـ قولۇمدا كۈچۈم يوق. قاق ئۇستىخانغا ئايلىنىپ ئاجىزلاپ قالغان ۋاقتىم ئىدى. قېچىپ چىقىپ ئۆزۈمنى كۈچەپ تەسلىكتە ئاران ماڭدىم. تاڭ يورۇپ قالدى. ئۆزۈمنى دالدا يەرگە ئېلىپ ئاندىن دەم ئالاي دېسەم ھېچ دالدا بولغۇدەك يەر كۆرۈنمەيدۇ. ئەمدى ماڭغۇدەك ھېچ مادارىم قالمىدى. قەدەمنى مىڭ تەسلىكتە پۇتۇمغا تاش ئېسىپ قويغاندەك ئاران ئاتلاپ باراتتىم.

پۈتۈن بەدىنىم قاتتىق تىترەشكە باشلىدى، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى، نېمە بولغىنىمنى بىلەلمىدىم.

شۇنداق مەززىلىك تاماقنىڭ پۇرىقى بۇرنۇمغا كىرگەندىن كېيىن كۆزۈمنى ئاچسام بۇرنۇمنىڭ يېنىدا بىر قارا مايلىشىپ كەتكەن ماتاغا يۆگەلگەن نەرسىنى كۆرۈپ سەكرەپ تۇرۇپ ئالدىراش قوللىرىم تىترەپ يۆرۈپ ئېچىشقا كىرىشتىم. دەسمالنىڭ ئىچىدە پىشقان گۆش، ئىككى تال پوشكال، ئىككى تال تۇخۇم ۋە بىر قانچە پارچە كۈلگە كۆمۈلۈپ مەززىلىك پىشقان نان بار ئىدى. بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئالدىراپ يېيىشكە باشلىدىم. ئىككى قولۇم بىلەن ئاغزىمغا ئالدىراپ ـ ئالدىراپ تىقاتتىم، چالا چايناپ يۇتۇپلا يەنە تاماقنى ئاغزىمغا تىقاتتىم. كۈلگە كۆمۈلگەن ناندىن باشقىسىنى يەپ بولغاندىن كېيىن پۈتۈن بەدىنىم ھۇزۇرلانغاندەك راھەتلىنىپ كەتتى. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن بۇ نەرسىلەر نەدىن كەلدى؟ مەن ئۆزۈم نەدە؟ نېمىشقا بۇ يەردە ياتىمەن؟ دېگەن نەرسىلەر يادىمغا كەلدى.

راست بۇ تاماقلار نەدىن كەلدى؟ بۇنى ماڭا كىم بەردى؟ دەپ ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىدىم، ھېچقانداق مىدىرلىغان جان كۆرۈنمەيتتى. مەن ماڭالماي ھوشسىز يىقىلىپ ياتقاندا كېتىۋاتقان بىرەر ئادەم كۆرگەن بولسا رەھىمى كېلىپ بۇ تائاملارنى ماڭا ھوشىغا كەلسە يەر دەپ قويۇپ كەتتىمىكىن، دەپ ئويلىدىم. ياكى بولمىسا بۇ ھارۋا يولى بولغاچقا ماڭغان ھارۋىلاردىن چۈشۈپ قالدىمىكىن؟ قىسقىسى ئاللاھ ماڭا ياردەم قىلىپ ئاللاھ ئۆزى بەردى، دەپ كۆڭلۈمدە خۇدايىمغا شۈكۈرلەر ئېيتتىم. كىم ماڭا ياردەم قىلغان بولسا ئاللاھ شۇ كىشىگە ياردەم قىلسۇن، دەپ دۇئا قىلىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ماڭدىم. بىر سائەتلەردىن كېيىن كەينىمدىن ئاتلىق قوغلاپ كېلىپ مېنى تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى.

بىرەر ئايدىن كېيىن مەنمۇ ئاجىزلاپ ماڭالماي ئاغرىپ يېتىپ قالدىم. قېچىپ قۇتۇلۇش دېگەن ئۈمىدىممۇ كېسىلدى. ئاچلىققا ئۈمىدسىزلىك ۋە روھسىزلىق كېلىپ قوشۇلۇپ، ئەھۋالىم كۈن ساناپ يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىر خۇدانىڭ ئۆزى ياردەم قىلمىسا باشقا چارە يوق ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئونلار ۋاقتى ئىدى. كىشىلەر ئىشقا كەتكەن، ياتاقتا ئاغرىپ ئىشقا چىقالماي ئالتە قىز قالغان ئىدۇق. قورسىقىم ئېچىپ بەكمۇ پىژىلداپ كەتكەندىن كېيىن سۇ بولسىمۇ قاينىتىپ ئىچەي دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كىيىملىرىمنى كىيىپ ياتاقتىن چىقتىم. 3 - ئايلار ۋاقتى، هاۋامۇ ئىسسىپ، قارلار ئېرىپ، ئۇ يەر بۇ يەرلەردە يەرلەر ئېچىلىپ قارىيىپ كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. تۇرنىلار بىلەن قارا، ئالا قاغىلار كېلىپ شىيگوبى ئاسمىنىدا ۋارقىرىشىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى.

بېشىمدا پاختا سېلىپ شىرىپ تىككەن پوسما، ئۇچامدا مەخسۇس جىنايەتچىلەر ئۈچۈن تىكىلگەن قارا پاختىلىق چاپان، شىم ۋە قارا پاختىلىق لاتا خەي ئىدى. چېچىمنى تارىمغىلى بەش كۈن بولغانلىقتىن چاچلىرىم چۇۋۇلۇپ پاخپىيىپ كەتكەن ئىدى.

ياتاقتىن كۆيۈپ قارىيىپ كەتكەن كورىنى كۆتۈرۈپ، پۇت - قولۇمدا مادار يوق، ئاستا دەسسەپ قۇدۇق بېشىغا كېلىپ كورىغا سۇ ئالدىم. كورىنى يەرگە قويۇپ كۆپكۆك ئاسمانغا قارىدىم. هاۋا ئوچۇق، ئاسمان شۇنچىلىك چىرايلىق سۈزۈك ئىدى. قۇشلار ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئەركىنلىككە تەشنا بولغان هالدا ئەتراپقا قاراپ بىر ئاز ۋاقىت تۇرۇپ قالدىم. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بىر نەرسىنى كۈتكەندەك بولۇپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتەتتىم. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئات ئېغىلى تەرەپتىن بىر ئادەم ئېشەك يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئادەمنى كۆرۈشۈم بىلەن ئۆزۈممۇ بىلمەي ئاتامغا ئوخشاتتىم. يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۆزۈمنى تۇتالماي ئاتا... ئاتا دەپ شۇنداق ۋارقىراپ ئېشەك يېتىلگەن ئادەمنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردۈم. ئېشەك يېتىلگەن ئادەممۇ ئېشەكنى تاشلاپ بالام، مانەم دەپ ماڭا قاراپ يۈگۈردى. مەن ئاتام ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن كۆزۈمدىن ياشلار قويۇلۇپ كەتتى. ئۆزۈمنى ئاتامنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ هۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتىم. ئاتاممۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى باغرىغا بېسىپ ئۆزىنى تۇتالماستىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. بىزنى كۆرگەن دۈيجاڭ ئىشخانىدىن چىقىپ ئاتامنى بىزنىڭ ياتاققا باشلاپ كىردى.

ئاتام مېنى ۋە ياتاقتىكى قىزلارنى كۆرگەندىن كېيىن خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆزىنى باسالماي يىغلىدى. قىزلارمۇ ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ھەممىسى دەرد - ئەلەمنى ئىچىگە سىغدۇرالماي يىغلىشىپ كەتتى. ياتقان قىزلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ

قۇدۇق بېشىغا چىقىپ كورىدىكى سۇنى ئېلىپ كىرىپ چاي قايناتتى. ئورۇنلىرىنى يىغىپ ياتاقلارنى رەتلىدى.

ئاتام بىر قوينىڭ گۆشىنى ۋە بىر خالتا ئۇننى ياغ بىلەن قورۇپ ئېلىپ كەپتۇ. ئانام ياغ سېلىپ ئۇششاق توقاچ پۇشۇرۇپ بەرگەن ئىكەن. ئۇنى خۇرجۇننىڭ بىر بېشىغا سىلىۋاپتۇ، ئاتام يەنە سانجىدىن تونۇر سامسا بىلەن بىر قاچىدا پولۇمۇ ئېلىپ كەپتۇ. ھەممىمىز بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتۇق. بىزنىڭ ئاچ كۆزلەرچە ئالدىراپ تاماق يېيىشىمىزگە قاراپ ئاتام توختىماي يىغلاپ كۆز يېشىنى سۈرتۈپلا ئولتۇراتتى.

قىزلارنىڭ خىجالەت بولغىنىنى سەزسە، يەڭلار باللىرىم، يەڭلار، سىلەرمۇ مېنىڭ قىزىمغا ئوخشاش قىزىم سىلەر، تارتىنماڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، دەپ قىزلارنىڭ ئالدىغا تاماقلارنى ئىتتىرىپ قوياتتى. ھەممىمىز تاماقلارغا تويۇپ راھەت سەزدۇق. خۇشاللىقىدىن قىزلار ئاتامغا نېمە دېيىشىنى ۋە نېمە قىلىشىنى بىلمەي كۈلۈشۈپ تەلمۈرۈپ قاراشتى.

بۇ ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە بۈگۈن تويۇپ تاماق يېدۇق ۋە بۇنداق تاتلىق تائامنىمۇ بىرىنچى كۆرۈشىمىز ئىدى ھەم بۇ يىللار ئىچىدە بىرىنچى خۇشال بولۇشىمىز بولدى. ئاتام ھېچ توختىماي يىغلايتتى. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن مەن ئانامنى ۋە ئۇكىلىرىمنى سورىدىم. ئاناڭ، ئۇكىلىرىڭ ياخشى، ئۇلار چوڭ بولدى. بالام، مەن سېنىڭ بۇ كۈنگە چۈشكىنىڭنى يېقىندا ئاڭلىدىم. زالىم چوڭ ئاناڭ بىزگە سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئېيتماپتۇ، كۈچاردىن كەلگەن بىر ئايال سېنىڭ ئەھۋالىڭ توغرۇلۇق دېگەندىن كېيىن، ئاناڭ ئەھۋالنى ئۇقايلى دەپ ئاناڭ بىلەن ئىككىيلەن بارساق چوڭ ئاناڭ، قىزىڭ دېگەن مەنەك ساراڭ ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈشكە قەستلەپ پىچاق سالغان ئىكەن. ئوغلۇمنى خۇدايىم ساقلاپ قاپتۇ. سەھرالىق پەس پاسكىنىنىڭ جاجىسىنى ھۆكۈمەت بېرىپ سولاپ قويۇپتۇ. سەھرالىق پەس پاسكىنىدىن قىز ئېلىپ بەرسەم يەنە شۇ سەھرالىق پەسلىكىنى قىلىپتۇ، دەپ جىق ھاقارەتلەپ بىزلەرنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن باللارنى تاشلاپ سېنى ئىزدەپ چىققىلى ئىككى ئاي بولدى. بارمىغان يېرىم، تارتمىغان جاپايىم قالمىدى. گۇڭگەنتىڭغا بارسام، ئەتە كەل، ئۆگۈن كەل تەكشۈرۈپ كۆرمىدۇق، ئالدىراش بولدى. كۈندە ئەتە بىلەن ئىككى ھەپتە قاترىدىم. ئاندىن ئۇلار قولغا ئېلىنغانلارنىڭ تىزىملىكىنى ئاختۇرۇپ سېنىڭ ئېتىڭنى تاپالمىدى. ئاندىن ئۈچ كۈندىن كېيىن كەل بىز ئۆلگەنلەرنىڭ تىزىملىكىگە قاراپ كۆرەيلى دەيدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن بارسام بالاڭنىڭ ئۆلگەنلەر ھەم تىرىكلەر ئارىسىدا تىزىمى يوق، بەلكى ئەمگەك بىلەن تەربىيلەش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ

ئارىسدا بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئەترەتلىرىنىڭ ئادرېسلىرىنى بەردى. مەن بەرگەن ئادرېسلار بويىچە سېنى ئىزدىدىم بالام، بېرىپ مېنىڭ قىزىم قولغا ئېلىنغان ئىكەن تاپالماي يۈرىمەن، دەپ سەن توغرۇلۇق ئۇلارغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار سېنى تېپىپ بېرەلمەي، ئاياللارنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ قاتار تىزىپ قويۇپ، مېنى باشلاپ كەلدى.

ــ قىزىڭىزنى قاراپ تونۇۋېلىڭ، بەلكى ئىسمىنى يۆتكىۋالسا تىزىمدا بولماسلىقى مۇمكىن، دېدى.

مەن سەپ بولۇپ تۇرغان ئاياللارغا بىرىپ بىردىن ـ بىردىن قاراپ چىقتىم. چىرايلىق ياش قىز ـ چوكانلار قايغۇ ئەلەم بىلەن تەلمۈرۈشۈپ قارايتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم تېخىمۇ ئەسكى بولاتتى. بالام بۇلارنىڭ ئىچىدە يوق ئىكەن دېسەم، ئىككىنچى بىر ئورۇننى دەيدۇ. ئۇ يەرگە بارسام ئۈچىنچى ئورۇننى، شۇنداق قىلىپ ئالتاي شەھىرىگە بېرىپ شۇ تەرىقىدە ئاياللار ئىچىدىن سېنى ئىزدىدىم قىزىم دەپ يەنە يىغلاپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا سەن شىيگوبىغا بېرىپ قاراپ باق، ئۇ يەردە بولمىسا قىزىڭ قولغا ئېلىنمىغان بولىدۇ. باشقا يەردىن ئىزدەپ باق، دەپ شىيگوبىغا يولغا سېلىپ قويدى.

مەنمۇ بۇ يەردە بولمىسا قايتىپ كېتەي دەپ ئويلاپ كەلسەم، ئاللاھقا شۈكرى قىزىم سېنى ئامان كۆردۈم، دەپ ئۆپكىسىنى باسالماي يەنە يىغلاپ كەتتى. كەچ بولۇشى بىلەن ئاياللار ئىشتىن ھارغان ھالدا ئاران يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاتامنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاتىسىنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇشۇپ ۋە بەزىلىرى يىغلىشىپ كەتتى.

ئاياللار تاماققا ئولتۇرغاندا بىزنىڭ تاماقلىرىمىزنى كۆرۈپ ئاتامنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئەسكى بولدى. كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېرىپ ئىككى كۆزى قۇرۇپ كەتتى. ئاتام خۇرجۇننى ئاختۇرۇپ ئاياللارغا تالقان، قورۇغان گۆش ۋە توقاشلاردىن بەردى. مەن ئاتامغا شۆھرىلاپ بەرمە ئاتا دەپ ئاتامنى توساتتىم. ئاتام «بالام ساڭا يېتىدۇ، ئۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش مەزلۇملار، ئۇنداق قىلما دەپ يەنە ئالاتتى» ئاتام بىر ھەپتە بىز بىلەن بىللە بىر ياتاقتا بولدى. بۇ جەرياندا تەشكىل بىلەن سۆزلىشىپ مېنى ئېلىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ لېكىن ھەل قىلالماي، بىر ھەپتىدىن كېيىن قان يۇتۇپ يىغلاپ قايتىپ كەتتى.

بىز بىلەن خوشلاشقاندا ئاتامنىڭ يىغىسىغا قاراپ پۈتۈن قىزلار ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى.

مەن ئاتامنىڭ قارىسى يوقالغۇچە كەينىدىن كۆز ياشلىرىم بىلەن ئۇزىتىپ قالدىم.

تۆت ئايدىن كېيىن يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش كېلىپ ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى ئوڭچى، مىللەتچىلەردىن باشقا ھەممە ئادەملەرنى جەمىيەتكە قايتۇردى. بىر كۈنلۈك تاماق ـ ياتاق پۇلىمىزنى بېرىپ يولغا سالدى.

مەن بارار، تۇرار يېرىم ۋە تونۇشۇم بولمىغانلىقتىن خەيرىنىسا دېگەن ئايال بىلەن ئىككىمىز بىر ياتاققا چۈشتۇق. قولۇمدا ھېچقانداق ئىقتىسادىم يوق، بېشىم گاڭگىراپ قالدى. خەيرىنىسا ماڭا «قورقما ئاداش مەن، سەن بىر جايغا ئورۇنلاشقۇچە ئۆزۈم ياردەم قىلىمەن» دەپ مېنى ياتاققا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپ بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن پۇل تېپىپ كەلدى. «نەدىن ئالدىڭ ئاداش» دېسەم «سورىما» دېدى. شۇنداق قىلىپ خەلق باغچىسىنىڭ كەينىدىكى ياتاقتا يېتىپ، ئاشپۇزۇلخانىدا تاماق يەپ خەلق باغچىسىدا چۆرگىلەپ كۈن ئۆتكۈزدۇق. يۇرتقا قايتىشنى ئويلىساممۇ لېكىن مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. بىر تيىن پۇلۇم يوق، خەقنىڭ قولىغا قاراپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئىش تېپىش تېخىمۇ قيىن، بۇ يەردە نوپۇسۇم يوق ھەم ئۆزگەرتىشتىن قايتقاندىن كېيىن ھېچقانداق ئورۇنغا ئىشقا ئالمايدۇ. قانداق قىلىشمنى بىلمەي بېشىم قېتىپ قالدى.

بىر كۈنى خەيرىنىسا بىلەن پاراڭلىشىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتۇق، ئالدىمىزدىن ھەرىبىيچە كيىنگەن ياشقىنا بىر يېتىم، ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتەتتى ۋە بېرىپ بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ بىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى. خەيرىنىسا: «ئاداش ئاۋۇ يېتىم بىزگە تولا قاراپ كەتتى، ساڭا كۆزى چۈشۈپ قالدىمۇ نېمە؟» دەپ چاقچاق قىلىپ كۈلدى، بۇرۇلۇپ قارىسام راستتىن ئۇ يېتىم ماڭا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى. كۆزىمىز ئۇچراشقاندا مەن خىجالەت بولغىنىمدىن يەرگە قارىۋالدىم. كۆپ ئۆتمەستىن ئۇ يېتىم يەنە ئالدىمىزدىن ئۆتتى. خەيرىنىسا يەنە چاقچاق قىلىپ كۈلدى. كەچقۇرۇن باغچىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرسەك ئۇ يېتىم يەنە يولۇقۇپ يېنىمىزدىن ئۆتۈۋېتىپ بىزگە قارىغان ئىدى. خەيرىنىسا سالاملاشتى. شۇ باھانە بولۇپ، ئۇ يېتىم توختاپ سالاملىشىپ بىزدىن «نەدىن كەلدىڭلار؟ قەيەرلىك سىلەر» دەپ سوراپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ تونۇشۇپ قالدۇق.

ئۇ يېتىمنىڭ ئىسمى ئۆمەرجان، دادىسىنىڭ ئىسمى ئوسمان، ئۆزى توقسۇنلۇق بولۇپ، مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ ئاتلىق پولكتا ئىشلىگەن ئىكەن، يېقىندا ئۇلارنى ئارمىيىدىن چېكىندۈرۈپ ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپتۇ.

ئۆمەر «ئاتلىق پولكتا ئىشلىدىم، پولكتا بولۇپ، ئۆيلەنمەي يۈرگەن ئىدىم. ئەمدى يۇرتقا قايتقاندا ئۆيلەنمەي يالغۇز بېرىشقا نومۇس قىلىۋاتىمەن. شۇڭلاشقا ئۆيلىنىپ ئائىلەم بىلەن بارسام دەپ ئويلايمەن، ئىككى ھەپتە بولدى. يۇرتقا قايتماي يۈرۈپتىمەن»

دېگەندە خەيرىنىسا كۈلۈپ ماڭا قاراپ قويدى.

ئۆمەرنىڭ ئۆزىمۇ قىزىرىپ يەرگە قاراپ جىم بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن خەيرىنىسا «خىجىل بولماڭ بىز سىزگە ياردەم قىلىمىز» دېدى.

ئۆمەرجان خىجىل بولۇپ، تارتىنغان ھالدا «مەن ئىمھانەم رازى بولسا يۇرتقا ئېلىپ قايتسام دەيمەن» دېدى. مەن بىر توي قىلغان بولساممۇ خىجالەت بولۇپ يەرگە قارىدىم.

ئەتىسى بىز بېرىپ توي خەت ئالدۇق. ئاندىن ئۆمەرجان ئۆزىنىڭ چېكىنىش پۇلىغا ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا كىيىم ـ كېچەك ۋە سوۋغات ئېلىپ توقسۇنغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئۆمەرنىڭ ئۆيى توقسۇن يېزىسىدا بولۇپ، قېرى ئاتا ـ ئانىسى بار ئىكەن. ئۇلار بەكمۇ ئېسىل، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، ئەل ئىچىدە ھۆرمىتى بار، بەش ناماز ياخشى كىشىلەر ئىكەن. مەن بارغاندىن كېيىن كېلىنىم دەپ بېشىدا كۆتۈردى. قېيناتا، قېينانام ئەتىگەن نامازغا تۇرۇپ، ئۆزلىرى چاي قايىنىتىپ ئىچىپ، ھەممە يەرلەرنى يىغىشتۇرۇپ تازىلاپ ھەممە ئىشنى تۈگىتىپ قوياتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن چۆگۈنلەردە يۇزۇمنى يۇيىدىغان سۇنى ئىسسىتىپ ئۆيۈمنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپ، چايلىرىنى قايىنىتىپ چىنە چەينەكتە چاي دەملەپ داستىخان ھازىرلاپ قويۇپ، چۈشلۈك تاماققا تەييارلىنىپ، مەن چاي ئىچىپ بولغۇچە چۈشلۈك ئاشنى قىلاتتى. قىسقىسى ماڭا ھېچقانداق ئىش قالدۇرمايتتى. ئاپاق قىزىم، ئاپاق قىزىم دەپ مېنىڭ ھۆرمىتىمنى تازا قىلدى. ئېرىم بولسا تاڭ سەھەردە چىقىپ ئىشلەپ كەچ قاراڭغۇدا قايتىپ كېلەتتى. توقسۇن ئىسسىق توپىسى قۇملۇق يەر بولغانلىقتىن گۇڭشىنىڭ ئاساسى زىرائىتى خاسىڭ (ئۇيغۇرچە ئاتالغۇسىنى بىلمىدىم) بولۇپ، ياخشى ئوخشايدىغان زىرائەت ئىكەن. پۈتۈن گۇڭشى بويىچە خاسىڭ تېرىپ، ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىم ياخشى بولغانلىقتىن خەلق تۇرمۇشىمۇ يامان ئەمەس ئىدى.

ئۆمەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مېنى ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىدىن توي قىلىپ ئۇلارنىڭ رازىلىقى بىلەن ئالمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ناماقۇل بولۇپ، رازىلىقنى ئېلىش ئۈچۈن، يوغان بىر قوينى بورداپ بېقىپ، كۈزدە ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن كۇچارغا بېرىش ئۈچۈن ھازىرلاندۇق.

مېنى قېيناتام ـ قېينانام بېشىدا كۆتۈرۈپ ھۆرمىتىمنى قىلدى. مەن بولسام توقسۇن بازىرى بىلەن يېزا ئارىسىدا ئويناپ يۈرۈپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. ئۆمەرمۇ مېنى جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆردى. مەنمۇ ئۆز تۇرمۇشۇمدىن، ئۆمەرجاندىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن بەكمۇ خۇشال ھەم رازى ئىدىم. ئۆمەرنىڭ دادىسى ئاغرىپ قېلىپ كۈزدە بارالماي، يازدا مېنى

ئېلىپ كۈچارغا بېرىپ كەلمەكچى بولدۇق. شۇنداق چىرايلىق تۇرمۇشتا بىر يىل كۆزنى ئېچىپ يۇمغاندەك ئۆتۈپ كەتتى.

تۆتىنچى ئاي (ئاپرېل) ئەتىياز ۋاقتى مەن توقسۇن بازىرىدا كېتىۋاتاتتىم. كەينىمدىن بىرسىنىڭ «مانەم» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ كەينىمگە بۇرۇلسام شىيگوبېدا ياتقان كېرەم دېگەن يېتىم ئىكەن. كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، مەندىن «سىز بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز» دەپ سورىدى. مەن توي قىلىپ كەلگەنلىكىمنى، ئۆيۈمنىڭ گۆڭشېدىلىكىنى ئېيتتىم. بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، كېتىشنى ئويلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە مەن ئۇنىڭغا، «ئۆيگە باشلىمۇ» دەپ تەكەللۇپ قىلدىم. شۇنداق دېسەم «خوش» دەپ كېتىپ قالارمۇ دەپ ئويلىسام يېنىغا ماڭدى. ئۆيدىكىلەرگە بۇ ئادەمنى نېمە دەپ تونۇشتۇرىمەن، دەپ خىجالەت بولۇپ، كۆپ ئويلاپ ئۇ ئادەمنى ئۆمەرگە ۋە ئۆيدىكىلەرگە ئاكام، ئىسمى مەمەت دەپ تونۇشتۇردۇم، قېيناتا ـ قېينانام ۋە ئۆمەر ئۇنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئىززەتلەپ كۈتۈۋالدى. قولىدا بېقىۋاتقان قوينى سويدى. كۈنىگە نەچچە خىل تاماق قىلىپ شۇنداق ياخشى كۈتتى. كېچىسى ئىمھانەمىنىڭ ئاكىسى دەپ كېرەمنى بىزنىڭ ئۆيدە ياتقۇزدى. بىر تەرىپىمگە ئۆمەرگە ئورۇن سالسام بىر تەرىپىمگە كېرەمگە ئورۇن سېلىپ بېرىمەن. ئۆمەر سەھەردە ئىشقا چىقىپ كېتىدۇ. كېرەم بىلەن ئىككىمىز ئۆيدە قالىمىز. بىز تۇرۇپ چىققۇچە قېيناتام بىلەن قېينانام تاماقلارنى پۇشۇرۇپ، داستىخانلارنى ھازىرلاپ بىزنى كۈتۈپ ئالاتتى. شۇنداق قىلىپ كېرەم بىزنىڭ ئۆيدە ئىككى ھەپتە تۇردى. ئۇنىڭغا قېيناتام چىبەرقۇتتىن بىر قۇر، سارجىدىن بىر قۇر كىيىم كىيگۈزدى. پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈك، كۆينەك ئېلىپ كەلدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن كېرەم ماڭا: «مانەم بۇ بۇرنى يوق توقسۇنلۇق بىلەن مۇشۇ توپا باسقان يەردە ياشاپ نېمە قىلىسىز، تاشلاڭ بۇنى مەن بىلەن كەتسىڭىز، مەن سىزنى شەھەرمۇ شەھەر، يۇرتمۇ  يۇرت يۈرگۈزىمەن. خالىغان نەرسىلىرىڭىزنى ئالىسىز. دۆلەت، پۇل سىزنىڭ بولىدۇ. مەن سىزنى ھېچ نېمىگە موھتاج قىلدۇرمايمەن. يۈرۈڭ تاشلاڭ بۇ توقسۇنلۇقنى، يېقىندا بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىنلەرگە بارىمىز» دېدى. ئويلىنىپ كۆرۈپ توقسۇننىڭ يېزىسىدا ياشىغۇچە چۆرگىلەپ يۈرۈپ يۇرت كۆرسەم ياخشى ئەمەسمۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ، كېرەمنىڭ سۆزىگە قوشۇلدۇم. شۇنىڭ بىلەن كېرەم ئۆيدىكىلەرگە: «مەن سىڭلىمنى ئاجرىتىپ ئېلىپ كېتىمەن» دېدى. بۇ سۆز ئۆيدىكىلەر ئۈچۈن ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بولۇپ تۇيۇلدى. قېينانام كېرەمگە يىغلاپ يالۋۇراتتى. «ئۇنداق قىلما بالام قىزىمنى ئېلىپ كەتسەڭ ئۆمەرنىم قانداق چىدايدۇ. يالغۇز بالامنى داغدا قويماڭلار» دەپ يالۋۇراتتى. دادىسىمۇ يالۋۇرۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قوللىرى تىترەيتتى. كېرەم قوپال تېگىپ ئۇلارنى سىلكىپ ۋارقىراپ سوتقا بارىمىز دەپ سوتقا ماڭدى.

ئۆمەر مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ: «مانەم بىزدىن نېمە خاتالىق ئۆتتى. ئاتا ـ ئانائىنىڭ ئالدىغا ناماقۇللۇققا بارايلى، مەن سېنى ئاپىراي» دەپ يالۋۇردى.

ئۇلارنىڭ ئاھ ـ زارىغا قارىماستىن توقسۇن بازىرىغا سوتقا باردۇق.

ئۆمەر بىر بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ماڭا يالۋۇراتتى. كېرەم مېنى يېنىپ قالارمۇ دېگەندەك مېنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ چەتكە تارتاتتى. ئۆمەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ ھالىغا قاراپ بىللە ئەگىشىپ شەھەرگە كىردى. ئاپىسى ئالدىمغا كېلىپ ئادەمنىڭ ئىچى ئېزىلگۈدەك قىلىپ «كەتمە بالام ئوغلۇمنى ئوتقا سالمساڭ نېمە بولار» دەپ يىغلاپ يالۋۇراتتى. كېرەم قوپال رەھىمسىزلەرچە سىلكىپ تاشلايتتى. مېنىڭمۇ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئىككىلىنىپ كەتتىم. لېكىن كېرەم مېنى ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشقا يول بەرمەيتتى. پېشىن ۋاقتىدا كېرەم بىرىپ سامسا بىلەن مانتا ئېلىپ كەلدى، ئىككىمىز شۇنى يېدۇق. تاماق مېنىڭ گېلىمدىن ئۆتمەي قالدى.

ئۆمەر بىلەن ئاتا ـ ئانىسى ئۆيدىن ئېلىپ كەلگەن ناننى يېيىشتى. مەن كېرەمگە ئۇلارنى تاماققا چاقىرايلى دېسەم مېنى ۋارقىراپ سىلكىۋەتتى. سوتتىن ئايرىلىش قەغىزىنى ئېلىپ بولغاندا، ئۆمەرنىڭ ئانىسى بەكمۇ يىغلاپ كەتتى. ئۆمەر كېلىپ ماڭا توختىماي يالۋۇراتتى. كېرەم قولۇمدىن سىلكىپ چەتكە تارتىپ ئۆمەرگە يېقىن كەلتۈرمەيتتى. ئۆمەرنىڭ دادىسى يوغان بىر بوپا نەرسىنى ئېلىپ كېلىپ «بۇنى قۇدىلىرىمىزغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئەگەر مانەم كېلىمەن دېسە ئېلىپ كېلىپ قويۇڭ» دېدى. كېرەم ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭدى. ئۆمەر خېلى يەرگىچە ئارقىمىزدىن مېڭىپ تۇرۇپ قالدى.

شۇ كۈنى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئاقسۇغا قاراپ ماڭدۇق. مېنىڭ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ، ھېچ نەرسە خۇشياقمايتتى.

كېرەم ماشىنا  توختىغان يەردە چۈشۈپ، كىشىلەرنىڭ يانچۇقىدىن پۇل ئوغرىلاپ ماڭدى. ئاقسۇغا بېرىپ مېنى دەڭدە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاقسۇ شەھىرىگە كىرىپ نۇرغۇنلىغان پۇلنى ئوغرىلاپ چىقتى. شۇ كۈنى يەنە يولغا چىقىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭدۇق. چۈنكى ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا ئاندىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە بارماقچىمىز.

كېچىدە كۈچار شەھىرىگە كېلىپ چۈشتۇق. ياتاقتا ياشقىنا بىر ئايال بىلەن بىللە ياتتۇق. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغىچە مۇڭدىشىپ سۆزلەشتۇق. مەن ئۆزۈمنىڭ كۈچارلىق ئىكەنلىكىمنى، ئۆيۈمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ۋە كۈچار ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دادامنىڭ ئاكىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى

ئېيتىپ تونۇشتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن يېتىپ قالدۇق. سەھەر ۋاقتىدا ئويغىنىپ قارىسام ئۇ ئايال شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋېتىپتۇ. ياستۇق ئۈستىگە چىقىرىپ ياتقان سول قولىدىكى ئېسىل سائەتكە كۆزۈم چۈشتى. كۆڭلۈمگە بىر جىن كەلدى. ئېلىۋالمامدىم، دەپ ئويلاپ ئاستا قولۇمنى سوزۇپ، سائەتنى قولىدىن يەشتىم، ئۇ ئايال تۇيماي ئۇخلايتتى. سائەتنى ئېلىپ ئاستا ياتاقتىن چىقىپ كەتتىم. چوڭ دادام تۇرغان ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ، چوڭ دادامنى ئىزدىدىم. ئۇ ئادەم تېخى ئىشقا كەلمىگەن ئىكەن. ئاتامنىڭ شۇ ئىدارىدە كۆزەتچى بولۇپ ئىشلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاتامنى ئىزدەپ باردىم. ئاتام ئوچاققا ئوت قالاپ سۇ قاينىتىۋاتقان ئىكەن. ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەندە ئاتام يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىپ، پېشانەمدىن سۆيۈپ كەتتى. خۇشاللىقتىن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چاي قاينىتىپ ئۆزىنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئۈستىگە كىچىككىنە داستىخان سالدى. ناۋات، قەنتلەرنى تۆكتى ۋە يۈگۈرۈپ چىقىپ بازاردىن ئىسسىق نان ئېلىپ كىردى. چەينەككە چاي دەملەپ چىنىلەرگە چاينى قۇيۇۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئاكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن شەھەرگە كىرىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلىقىنى، يېقىندا ئانام بىلەن ئۇكىلىرىمنى كۆچۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەك خۇشال پاراڭ قىلىپ بېرىۋاتاتتى، تالادىن بىر ئادەم كىرىپ ئاتامغا «بۇ سىزنىڭ قىزىڭىزمۇ؟» دەپ سورىشى بىلەن يۈرىكىم «قات» قىلىپ قالدى. ئۇ ئايالغا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى ۋە ئادرېسلارنى دەپ بەرگەنلىكىم يادىمغا كېلىپ قالدى. ئاتام بىچارە ھەئە مېنىڭ قىزىم، بۈگۈن كەلدى، دەپ ساددىلىقى بىلەن خۇشال ھالدا ئۇ كىشىگە مېنى تونۇشتۇردى. ئۇ ئادەم قىزىڭىزنى ئىشخانىغا چاقىرىۋاتىدۇ. بىر كىرىپ چىقىپ كەتسۇن، بولامدۇ، دېدى. ئاتام ھەيران بولۇپ، بىر ماڭا بىر ئۇ ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئادەم مېنى باشلاپ ئىشخانىغا ئېلىپ ماڭدى. مەن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدىم.

ئىشخانىدا قاپاقلىرى تۈرۈلگەن چوڭ ئاتام بىلەن يەنە بىر ئادەم ھەم ياتاقتا بىللە ياتقان ھېلىقى ئايال ئولتۇراتتى. چوڭ ئاتامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئادەم ھېلىقى ئايالدىن «مۇشۇ خانىممۇ» دەپ سورىدى. ھەئە شۇ دېگەندىن كېيىن چوڭ ئاتامنىڭ چىرايى ئۆڭگەن ھالدا:

ــ سائەت قېنى ئەكەل، دېدى.

قاتتىق قىسىلىشلار ئىچىدە سائەتنى قولۇمدىن چىقىرىپ بەردىم. ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم قىلغان ئوغرىلىق مېنى رەسۋا قىلدى. «يامانغا يولىساڭ بالاسى، قازانغا يولىساڭ قارىسى» دېگەندەك كېرەم بىلەن ماڭغان يولنىڭ دەسلەپكى قەدىمى مېنى شەرمەندە

قىلدى.

ئايالدىن «شۇ سىزنىڭ سائىتىڭىزمۇ» دەپ سورىدى. «ھەئە مېنىڭ» دېگەندىن كېيىن، سائەتنى ئايالنىڭ قولىغا بەردى. ئايال ماڭا قاراپ ئادرېسىڭىزنى ماڭا دەپ بەرگىنىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت، دەپ چوڭ ئاتام بىلەن ھېلىقى ئادەمگە قاراپ رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۆلمىدىم. ئەمما ئۆلگەندىن يامان بولدۇم. چوڭ ئاتامنىڭ يېنىدىكى كىشى چىقىپ كەتتى. چوڭ ئاتام نومۇسقا چىدىماستىن بىر ئولتۇرۇپ بىر تۇرۇپ ماڭا قاتتىق سۆزلەپ كەتتى.

ـ بۇ سېنىڭ نېمە قېلىپ يۈرگەن شەرمەندىچىلىكىڭ. ئاتاڭنىمۇ مېنىمۇ يوق قىلدىڭغۇ. بىزنىڭ بۇ كۇچار شەھىرىدە يۈز كۆتۈرۈپ يۈرگۈچىلىكىمىز قالمىدىغۇ. سېنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىش كېرەك. سېنى بۇ شەھەردە سولاپ، مەن بۇ يەردە تۇرالمايمەن. ھازىرقى مىنۇتتىن باشلاپ كۇچار شەھىرىدىن يوقال! بۇ يۇرتقا ئاياق باسما! ئاتاڭنىمۇ، ئاناڭنىمۇ بۇ شەھەردىن قوغلايمەن. سەن ئۆزۈڭنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئائىلەڭنى ۋەيران قىلدىڭ، دەپ بىر ئادەمنى چاقىرىپ مېنى بىر ئەسكى ئۆيگە سولاپ قويدى. مەن دېرىزىنى چېقىپ چۈشۈپ قاچتىم. دەڭگە بارسام كېرەملەر ئەمدى ماڭماق بولۇپ تۇرۇپتىكەن. مەن شۇلار بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. بىز ماشىنىدىن چۈشۈشىمىز بىلەن بەش ئادەم بىزنى چۆرىدەپ ئېلىپ، كېرەم قولۇڭدىكىنى يەرگە قوي! دەپ ۋارقىرىدى. كېرەم قاچماقچى بولۇۋىدى، ھەممىسى كېلىپ تۇتۇپ قولىغا كويزا سېلىپ، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭدى.

مېنى يۇرتمۇ ـ يۇرت يۈرۈپ، ساياھەت قىلدۇرۇپ دۆلەتكە شۇڭغۇتۇدىغان كېرەمنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن دۆلىتى مۇشۇ بولدى. ئۇنىڭ ئەسكىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ كەينىگە كىرگەنلىكىم ئۈچۈن ماڭا خوپ بولدى. بۇ ئاز تېخى. مەن بۇنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزۈمنىڭ ئەمەس، شۇنداق ياخشى قېىناتا ـ قېىنانامدىن ئايرىلدىم. شۇنداق ئېسىل ئۆمەردىن ۋە چىرايلىق ئائىلەمدىن ئايرىلدىم. چوڭ ئاتامنىڭ يۈزىنى تۆكتۈم ۋە ئاتا ـ ئانامنىڭ يۈزىنى تۆكۈپلا قالماستىن، ئۇلارنى ۋەيران قىلدىم. چوڭ ئاتام، ئاتامنى مەجبۇرى ئانامدىن ئايرىپ ھەم ھەر ئىككىسىنى يېزىغا قايتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇلار ئايرىلىپ كېتىپتۇ. ئانام باللارنى ئېلىپ گوڭشېغا چىقىپ كېتىپتۇ. مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئۇلار بەكمۇ كۆپ ۋەيرانچىلىق تارتىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن مېنى ئىككى يىل كەستى. شۇنداق جېنىمغا تەككەن شىيگوبىغا ئىككىنچى قېتىممۇ شۇنداق قىلىپ كېلىپ قالدىم، دەپ كۆڭۈلسىز كۈلۈپ قويدى.

# ئايشەمنىڭ پۇتىنى ئۇششۇتۇۋېلىشى

31 - دېكابىر شەنبە

كەچلىك تاماقتىن كېيىن سادەت بىلەن ئايگۈلنىڭ سوقۇشۇپ، مۇشتلاشقاندا ياتاققا چېچىلغان سامانلارنى سۈپۈرۈپ، سامانغا مىلىنىپ يەردە ياتقان ئورۇن- كۆرپە ۋە كىگىزلەرنى قېقىپ يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ساجىدە ئىككىمىز ئۆز ئورنىمىزدا ئولتۇرۇپ ئۆتكەنكى يىللار ۋە يېڭى يىللار ھەققىدە، ساۋاقداشلار ھەققىدە ھەم قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى سۆزلىشىپ كۈلۈشۈپ ئولتۇراتتۇق، قىزلار بىزنىڭ ئەتراپىمىزغا يىغىلىپ: قارىساق بىر چىرايلىق پاراڭ قىلىپ خۇشال كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇپسىلەر، نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ دېيىشىپ كېلىشتى.

ساجىدە: بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، مەن تۇغۇلدۇم، دەپ يېتىپ كىچىك بالىدەك ئىڭەلەپ يىغلىدى. ئامىنە ساجىدەنىڭ بېشىغا ياغلىق باغلاپ پۇت - قوللىرىنى تېڭىپ زاكىلىدى. ساجىدە تېخىمۇ قاتتىق ئىڭەلەپ يىغلىدى. ئامىنە: ۋاي خۇدايىم، قانداق قىلارمەن، بۇ بالىنىڭ يىغىسىغا، دەپ خۇددى بىشەم يىغلاڭغۇ بالىسى بار ئانىلاردەك ھودۇقۇپ يۈگۈرۈپ كەتكەن ئىدى. ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ساجىدەنىڭ ئۆزىمۇ كۈلۈپ ئېغناپ كەتتى. بىز شۇنداق كۈلۈشۈپ تۇرغاندا تام قوشنا ياتاقتىن بىرسىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازىغا ھەممىمىز دىققەت بولۇپ قۇلاق سېلىپ قالدۇق.

ھوي! ئايشەم مامۇتنىڭ ئاۋازىغۇ، سوقۇشۇۋاتقان ئوخشايدۇ، ئايشەم سەتەڭ كىم بىلەن سوقۇشۇۋاتىدىكىن؟ دەپ ئامىنە يۈگۈرۈپ تالاغا چىقىپ كەتتى. بىز ئۆز پارىڭىمىز بىلەن كۈلۈشۈپ سۆزلىشىپ ئولتۇراتتۇق، ئامىنە يەنە توشقاندەك سەكرەپ كىردى ۋە:

ئايشەم سەتەڭ گۈلنىسا دۆيجاڭ بىلەن سوقۇشۇپ مەن كىرسەم «يالغۇز قىزنىڭ تۇرمىدە چىرىپ ئۆلسۇن!» دەپ تووۋلاۋاتقانىكەن، دۆيجاڭ بولسا گەپ قىلماي قاراپ تۇراتتى. ئايشەم ئىككى ئايغىنى ئىككى تەرەپكە چۆرۈۋېتىپ «مەن بۈگۈن ساڭا ئۆلۈپ بېرىمەن، مېنىڭ ئۆلۈشۈمگە سەن جاۋابكار بولىسەن ھەي جالاپ» دەپ يالاڭغىداق چىقىپ سۇ ئامبىرى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى، ئاللاھ! ئۇ ماۋۇ سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلىدىغان بولدى، دەپ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئەنسىرەپ تۇرالماي قالدى. ھەممىمىز قاتتىق ئەنسىرىشىپ قالدۇق. قاراڭغۇ زۇلمەت كېچىدە سىرتتا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھاۋا قاتتىق سوغۇق، ۋىژىلداپ شىۋىرغان سوقۇپ تۇراتتى. بۇ سوغۇقتا بىردەم تالادا تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەممىمىز يۈگۈرۈپ تالاغا چىقىپ سۇ ئامبىرى تەرەپكە قاراپ ئايشەم ماموتنىڭ ھاياتىدىن

ئەنسرەيتتۇق، چاپسان بىرىپ ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرسا ئىكەن، خۇدايىم ئۆزى ساقلىسا ئىكەن، دېگەن ئۈمىد بىلەن جىددىيلىشىپ سۇ ئامبىرى تەرەپكە قاراپ بىرەر ئاۋاز بارمۇ دەپ قۇلاق سالاتتۇق. دۈيجاڭ ۋە كۆزەتچى ئايالللار ياتاققا كىرىڭلار، دەپ ھەممىمىزنى ياتاقلارغا كىرىشكە بۇيرۇيتتى.

شۇ ئارىدا سۇ ئامبىرى تەرەپتە يىراقتىن ئايشەمنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىسىدىن قوغلاپ بىرىپ تۇتۇپ ئالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدۇق.

شۇ ئارىدا ھەنىپە يېنىمغا كېلىپ ھۆرنىسانىڭ: ئايشەم نېمىشقا بۇنداق قىلىپتۇ؟ دېگەن سوئالغا:

ئايشەمنىڭ دۈيجاڭنىڭ يولدىشى بىلەن چاتىقى بار ئوخشايدۇ. دۈيجاڭ كىرىپ سەۋرىنىساغا ئاياغ كىيىم توغرۇلۇق سۆزلىشۋاتاتتى. ئايشەم مامۇت ئۆزىدىن ئۆزىگە بىر نېمىلەرنى دەپ غۇڭشۇۋاتاتتى. دۈيجاڭ ئايشەمگە قاراپ «نېمە بولدۇڭ نېمىگە غىڭشىۋاتىسەن» دېگەن ئىدى. ئايشەم بىردىنلا قايناپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىل ـ ھاقارەتنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. دۈيجاڭ «نېمە بىشەملىك قىلغىلى تۇردۇڭ؟ نېمە دېمەكچىسەن؟» دېيىشىگە ئايشەم يالغۇز قىزىڭ جالاپلىقىدىن دۇنياغا نامى تاراپ ئۆمرى تۈرمىدە ئۆتسۇن، شۇ ۋاقىتتا يۈرىكىڭ كۆيۈپ ئۆلەرسەن، دەپ ئاچچىقتىن ھەر نېمىلەرنى دەپ كەتتى. دۈيجاڭ ئۇنىڭ قىزىنى تىلغا ئالغان سۆزىگە چىدىماستىن تىترەپ كەتتى.

مېنىڭ ئىككى ياشقا كەلمىگەن قىزىمنى نېمە تىلغا ئالىسەن؟ مەن سېنى تۇتۇپ كەلدىمۇ، پەس پاسكىنا ئۆزۈڭنىڭ بېشى بىلەن كەتسۇن، رەسۋا دەپ ۋارقىرىغان ئىدى. ئايشەم يەنە بىشەملىك قېلىپ ۋارقىراپ ئاغزىغا كەلگەننى دەپ چىقىپ كەتتى. كۆرمەمسىز بۇ بىر يامان ئىش بولدى، دەپ تۇرۇشىغا ئاتقا مىنگەن ئىككى ئەر دۈيجاڭ قىيا ـ چىيا قىلىپ ئايشەم مامۇتنى ئېلىپ كەلدى. ئاندىن چۈشۈرۈپ ياتاققا قولتۇقلاپ كىرگۈزدى. ئايشەمنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي مۈزلاپ قالسىمۇ، توختىماي كۈچەپ تووۋلايتتى. قىزلار ئاۋايلاپ ئورنىغا ياتقۇزدى. ئۇنىڭغىچە دوختۇر ۋە كادىرلار كىردى. مەن ياتاققا قايتىپ كەلدىم. ساجىدە:

نېمە بوپتۇ نېمىشقا قېچىپتۇ؟ دەپ سورىدى. مەن بىلمىدىم، ھۆرنىسا دۈيجاڭنىڭ ئېرى بىلەن ئايشەمنىڭ چاتىقى بار ئوخشايدۇ دەيدۇ. كىم بىلىدۇ. كۆزىمىز كۆرمىگەندىن كېيىن ھېچ نەرسە دېيەلمەيمىز. ئۇ سىرلارنى ئاللاھ بىلىدۇ، دېدىم. ساجىدە كۈلۈپ ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئۇ گەپنىڭمۇ جېنى بار گەپ، دېدى.

بۇلار يىراقتىن بىر ئەر كىشىنى كۆرسە ھەممىسى ھەر تۈرلۈك ئاۋاز بىلەن مۇھەببەت ناخشىلىرىنى توۋلاپ كېتىدۇ. ئەگەر يېقىنراق يەردە كۆرسە سۆز تاشلايدۇ. ئىمكانىيەت بولسا خەت تاشلايدۇ. ئۇنداق ئاراتام ياتاقتا ياتقان دۈيجاڭنىڭ ئېرىنى ھەر نېمىلەر قىلار، دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇغۇ راست، بۇلارنى ھېچ نەرسە دەپ بولمايدۇ، ئەمدى نېمە ئۈچۈن ئۇ ئۆز جېنىغا قەستلىنىپ ئۆلۈۋالماق بولۇپ قاچقاندۇ؟ دېدىم مەن.

قارا سۆيۈن مېنىڭچە دۈيجاڭنى بىشەملىك بىلەن قورقىتىۋالماقچى بولسا كېرەك، ئۆلمەن، دەپ قاچسام قوغلاپ بېرىپ تۇتىۋالىدۇ، دەپ ئويلىغان ئوخشايدۇ. لېكىن دۈيجاڭ ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقماستىن ئۆزىمۇ تۇتۇپ يالۋۇرمىدى. ھەم ئايالىلارنىمۇ قوغلاپ تۇتۇشقا يول قويماي كادىرلارغا ئېيتىپ ئۇلار ئاتقا مىنىپ بارغۇچە، ئۇ كەينىگە يېنىشقا بولماي ئىككى ئارىلىقتا پۇتىنى ئۇششۇتىۋالدى. لېكىن ئۆزىگە ـ ئۆزى قىلىپ قويدى. بولمىسا ئۆلۈۋالغۇدەك ياكى قاچقۇدەك بىرەر ئەھۋال ياكى گەپمۇ بولماپتۇ، دېدى ساجىدە. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم.

ئايشەمنىڭ قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازى چىققان ئىدى. ساجىدە: جور كىرىپ باقايلى، دېدى. ئىككىمىز كىرسەك سەۋرىنىسا بىلەن پاتەم بىر داس قار بىلەن ئايشەمنىڭ ئىككى پۇتىنى ئۇۋۇلاۋېتىپتۇ. بىراق ئايشەمنىڭ ئىككى پۇتى خۇددى بۇلدۇران مانتىدەك ئىششىپ چىڭقىلىپ تۇراتتى. دوختۇر: ئايشەمنى ياتقۇزۇڭلار، دەپ ئىككى پۇتىغا دورا سۈرتۈپ، دورىلىق لاتا بىلەن تېڭىپ قويدى. ئۇخلىتىدىغان ئوكۇل سېلىپ ۋە بىر تابلېتكا دورا ئىچكۈزۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئايشەم توختىماي ئاغرىغا كەلگەن تىللار بىلەن توۋلاپ ياتاتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن جېنى بىر ئاز ئارام تېپىپ ئۇخلاپ كەتتى. ئۈچ سائەتتىن كېيىن ۋايجانلاپ ئۇخلىيالماي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىزمۇ ئۇنىڭ زارىغا چىدىماي ئۇخلىيالمىدۇق.

ئەتىسى دوختۇر كېلىپ باغلاپ قويغان داكىنى ئاچقان ئىدى، ئىككى پۇتى ئوتتا كۆيگەندەك، تاپان تېرىسىدىن سۇ قاپىرىپ چىقىپتۇ. دوختۇر تېشىپ سۇنى ئاققۇزدى، دورىلىدى. مانا شۇنداق قىلىپ ئاياغنىڭ دەردى بىلەن ئورنىدىن تۇرالماي ئۈچ ئاي ئازاب چەكتى، ئالتە ئاي قولتۇق تاياق بىلەن ماڭدى.

ئايشەم مامۇت ئوتتۇرا بويلۇق، ئاپاق، قاش ـ كۆزى قارا، بۇرنى ئىنچىكە ئۇزۇن، كالپۇكلىرى نېپىز، يۈزى يۇملاق ۋە بەدەن قۇرۇلۇشى قاملاشقان چىرايلىق ئايال ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ چىرايىغا قىزلارغا خاس نازاكەت، ھايا ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە قىزلىق ئىپپىتى بولسا ئىدى، ئۇ قانداق گۈزەل بىر قىز بولاتتى.

زەينەپ بىلەن خاسىيەت بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ ئالتۇنخاچام بىلەن بۇلاق بېشىغا سۇغا چىقساق گۈلنىسا دۈيجاڭنىڭ ئېرى تۇرۇپتۇ، ئالتۇنخاچىغا ئايشەم مامۇت توغرۇلۇق خاپا بولۇپ سۆزلەپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ تۆھمەت چاپلاپ، بىشەملىك قىلىپ گۈلنىسانى تىللاپ ئۆلۈكنى ساتماقچى بولۇپ يۈرۈپتۇ. مەن مىللىي ئارمىيەدە تەربىيىلەنگەن جەڭچىمەن، ئۇنداق بۇزۇقلار بىلەن ئۆزۈمنى بۇلغاپ جەڭچى نامىمغا داغ كەلتۈرۈپ يۈرمەيمەن، ئۇزۇن يىل ئارمىيە خىزمىتى بىلەن كۆپ جايلاردا بولدۇق. بىزگە سۆيۈنگۈل، ساجىدەگە ئوخشاش ئۇزۇك كۆزىدەك ساپ قىزلار ئۇچرىغان ئىدى. لېكىن بىز ئارمىيە نامىنى ساقلاپ ھېچقانداق بىر قىزغا قارىمىغان ئىدۇق. ھازىر مېنىڭ ئايالىم، بالام بار تۇرۇقلۇق قانداقلارچە مەن بۇ ئەسكىلىكنى ئىشلەيمەن، دەپ بەك خاپا بولدى، دېدى.

قاراڭلار، سىلەرنى دۈيجاڭنىڭ ئېرى بەك ھۆرمەت قىلىدىكەن، دەپ زەينەپنىڭ سۆزىنى بۆلدى خاسىيەت ۋە بۇ يەردىكى پۈتۈن ئادەملەر سىلەرنى ھۆرمەت قىلىدۇ. مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىيلىرىمۇ سىلەرنىڭ ياخشى گېپىڭلارنى قىلىدۇ. مانا قارىساق دۈيجاڭنىڭ ئۆزىمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەت قىلىدۇ. بىزمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىمىز، ئۆزۈمنىڭ ئاچىسىدەك كۆرىمەن، دەپ بىزنى قۇچاقلاپ قويدى.

## 21 ـ مارت شەنبە كۈنى

گۈزەل باھار پەسلى كېلىۋاتاتتى. قارلار ئېرىپ، يەر يۈزىمۇ ئېچىلىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

تۇرنا، ھاڭغىرتلار كېلىپ ئۆزىنىڭ خۇش ئاۋازى بىلەن تەبىئەتنى جانلاندۇراتتى. قۇياش يېقىملىق تەبەسسۇمى بىلەن ماڭا قارىغاندەك، زېرىكىپ سىقىلغان كۆڭلۈمگە خۇشاللىق ۋە ئۈمىد بەرگەندەك بىلىنەتتى. پاتقاق ۋە قار كېچىپ يىراق ـ يىراق ئېتىزلارغا ئەپكەش بىلەن ئوغۇت توشىساممۇ لېكىن تەبىئەتنىڭ گۈزەل ۋە كۆڭۈللۈك تۇيغۇسىدا ئۆز كۆڭلۈمنى خۇشال ھېس قىلاتتىم ۋە ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنىمۇ سەزمەستىن ئۆزۈمنى يەڭگىل ھەم كۆڭۈللۈك ھېس، قىلىپ تېتىك چاققان يۈرۈپ ئىشلىدىم. ئىككىنچى ئايدىن باشلاپ ئات ئېغىلىدىن ئېتىزلارغا ئوغۇت توشۇپ ئىشلىدۇق. ئىككى سېۋەتنى ئەپكەشلەپ قېلىن قارلارنى كېچىپ ئېتىزلارغا ئاپىرىش بەكمۇ تەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ توشۇپ بىر كۈنلۈك نورمىنى توشقۇزماقمۇ يەڭگىل ئەمەس ئىدى. قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇق، قاتتىق شۇرغانلاردا، بۇلۇتلۇق قارا كۈنلەردە ئات ئېغىلى بىلەن ئېتىز ئارىلىقىدا قار كېچىپ،

ئاياغ، قوللىرىمىز مۇزلاپ ئىشلەش ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. ئىشتىن قايتقاندا پاختىلىق شىمنىڭ پۇشقىقى بىلەن پاختىلىق ئاياغلىرىمىزنىڭ ئىچى سۇ، سىرتى مۇز قاتقان ھالدا ياتاققا ئاران قايتاتتۇق. كىيىملىرىمىزنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن تام مەشنىڭ ئەتراپىغا ئېسىپ تاشلايتتۇق. ئاياغ كىيىمدىن چىققان بەتبۇي، سېسىق پۇراقتىن ياتاقتا تۇرغىلى بولمايتتى. ئوتنىڭ كۈچى بولمىغانلىقتىن كۆپ ۋاقىت ھۆل كىيىم بىلەن ئىشقا چىقىشقا توغرا كېلەتتى.

بۈگۈن مەن چاققان ئىشلەپ نورمىنى بالدۇر تاماملاپ ياتاققا سائەت ئىككى يېرىملەردە قايتىپ كەلدىم. كىيىملىرىمنى يېشىپ قۇرۇتۇش ئۈچۈن تام مەشنىڭ يېنىغا بارسام، تام مەشنىڭ ئارقىسىدا تاجىنىسا يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. تاجىنىسا بۈگۈن ئاغرىپ قېلىپ ئىشقا چىقمىغان ئىدى. نېمە بولدىكىن، دەپ ھەيران بولۇپ:

نېمە بولدىڭىز تاجىنىسا؟ نېمىشقا يىغلايسىز؟ دەپ سورىدىم.

تاجىنىسا ئورۇق، ئېگىز بويلۇق، يۈزلىرى سوزۇنچاق، كىچىك چېقىر كۆزلۈك، قاش، چاچلىرى سېرىق كەلگەن، يۈزى ۋە لەۋلىرى قانسىز تاتىرىپ تۇرغان چىرايى سېرىق، تارالماي چۇۋۇلۇپ مۇرىسىگە چۈشكەن جانسىز چېچىنى ياغلىق بىلەن باغلاپ يۆرىدىغان، نېرۋىسى چېچىلاڭغۇلۇقتىن دائىم ئاچچىقلىنىپ تۇرىدىغان ئايال ئىدى. نېرۋىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن قوللىرى ۋە ئاغزىنىڭ ئەتراپى تىترەپ تۇراتتى.

تاجىنىسا: بالىلىرىمنى سېغىنىپ كەتتىم، دەپ يەنە يىغلاپ كەتتى. مەن ھېچ تاجىنىسانىڭ بالىسى بار دەپ ئويلىمىغان ئىدىم.

ھەيران بولۇپ: بالىڭىز بارمۇ؟ دەپ سورىدىم.

تاجىنىسا: ھەئە، ئون بىر بالام بار ئىدى، دېدى.

مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم، ياشقىنا بىر ئايالنىڭ ئون بىر بالىسىنىڭ بارلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەي:

ــ چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟ تاجىنىسا، دېدىم.

ــ ئىشەنمەيۋاتامسىز، راست، ئون بىر بالا تۇغدۇم. مەن ھەر يىلى قوشكېزەكلەپ تۆت قېتىم سەككىز بالا، ئاخىرقى بالىلىرىم ئۈچ كېزەك تۇغۇلغان ھەممىسى ئوغۇل ئىدى، دېدى.

«ئىدى» دېگىنىگە قاراپ بۇ بالىلارغا بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇ بالىلىرىڭىز نەدە؟ يولدىشىڭىزنىڭ قولىدىمۇ؟ سىز بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغان ئىدىڭىز؟ دەپ قىزىقىش بىلەن سورىدىم.

ـ قاراڭ ئون بىر بالىنىڭ دادىسى بىر ئەمەس، ھەر كېزەكنىڭ دادىسى باشقا دېدى.

مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم ۋە:

ـ ئۇلارنىڭ ھەممىسى دادىلىرىنىڭ قوللىرىدىمۇ، دەپ سورىدىم.

ـ ياق، بۇ كوچىدا يۈرگەن ئەرلەر، خوتۇن ـ بالا بېقىش مەقسىتىدە ئەمەس، ئۇلار كوچىدىكى ئاياللاردىن بىر كۈن ئۇنىڭ بىلەن، بىر كۈن بۇنىڭ بىلەن بەزىدە بىر كۈندە ئۈچ ـ تۆت ئايالنى قولدىن چىقىرىپ يۈرۈپ ئۆگىنىپ كەتكەن، ئۇلار ئۆيلىنىپ، ئۆي تۇتۇپ خوتۇن ـ بالا بېقىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزگە ئوخشاش كوچىدا يۈرگەن ئاياللارنى ھېچكىم ئالمايدۇ. سىز ئۇ كوچىدا يۈرگەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىز، دېۋىدى، مەن يەنە گېپىنى بۆلۈپ:

ـ بالىلىرىڭىز نەدە؟ ئاپىڭىزنىڭ ئۆيىدىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ـ مەن سىزگە دەپ بېرەي، ھەممە بالام دوختۇرخانىدا قالدى. بالىنى تۇغۇپ ئۈچ ـ تۆت كۈندىن كېيىن دوختۇرخانىغا تۆلەيدىغان پۇلۇم بولمىغانلىقتىن ھەم بالىلارنى ئېلىپ چىققان بىلەن باقىدىغان ئىقتىسادىم ۋە تۇرار ماكانىم بولمىغانلىقتىن ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىرى ھاجەتخانىغا كىرىپ كىيىملىرىمنى كىيىپ دوختۇرخانىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىمەن. بالىلار ئىگىسىز دوختۇرخانىدا قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئون بىر بالىنى دوختۇرخانىدا تاشلاپ چىقتىم. ھازىر مەن بۇ بالىلارنىڭ نەدە، كىملەرنىڭ قولىدا، قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئاتلىرى كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. شۇ بالىلارغا ئىچىم كۆيىدۇ. بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن ئىزدەپ باقسام دەپ ئويلايمەن، دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ، تاجىنساغا قاراپ قالدىم ۋە ئۇنىڭدىن:

ـ ئۇ بالىلارنى سىز قانداق تاپىسىز؟ ئۈچ ـ تۆت كۈنلۈك تاشلاپ كەتكەن بالىلارنى سىز قانداق تونۇيسىز؟ كىمگە بېرىپ، كىم باققانلىقىنى نەدىن بىلىسىز، دەۋىدىم، تاجىنسا ئىشەنچلىك ھالدا:

ـ ئۇ بالىلارنى كۆرسەم تونۇيمەن، ئىنتايىن چىرايلىق، ئوماق بالىلار بولۇپ تۇغۇلغان، ھەر قايسىلىرىنىڭ دادىلىرىغا ئوخشايدىغان يەرلىرى بار ئىدى. ئاخىرىدا تۇغۇلغان ئۈچ كېزەكنىڭ بەلگىلىرى بار. بىرسىنىڭ دۈمبىسىدە قارا خالىي بار، بىرسىنىڭ بېشىدا ئاق خالىي ھەم داچەندەك يېرىدە ئاق چېچى بار، يەنە بىرسىنىڭ بىر كۆزى قارا، بىر كۆزى ماش رەڭدە بولىدىغان، شۇنىڭغا قاراپ تونۇيمەن، دېدى. مەن تاجىنسانىڭ ئانا مېھرى بىلەن سۆزلەپ ئولتۇرغان سۆزىگە قاراپ ھەيران بولدۇم. تالادىن كىرىپ بىزنىڭ سۆزىمىزگە

قولاق سېلىپ ئولتۇرغان مارىيە، تاجىنىسانىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ:

ــ قاراڭ سۆيۈنگۈل، بىز ئۆزىمىز ئۇ ۋاقىتتا جان باقالماي يۇرگەندە بالىنى قانداق باقاتتۇق دەڭە! مەنمۇ تاجىنىساغا ئوخشاش ئوغلۇمنى باقالماي تۆت ئايلىق بولغان بالىنى چوڭ كۆۋرۈكتە كوچىدا كېتىۋاتقان بىر ئادەمگە 40 سومغا ساتتىم. ھازىر ئۇ بالىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەنمۇ شۇ بالامنى كۆپ ئويلايمەن. يۈرىكىم سىقىلىدۇ. دۇنيا يۈزىدە بىر كۆرسەم دەيمەن، دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

مەن بۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ھەيران بولسامۇ، بالا ئۈچۈن ئېزىلىپ تۇرغان كۆڭلىنى ئويلاپ ئۇلارنى بەزلىدىم.

ــ يىغلىماڭلار، بەندىگە قىيىن بولغان بىلەن ئاللاھقا ئاسان، بىرەر سەۋەب بىلەن ئاللاھ بالىلىرىڭلارنى سىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرسە ئەجەب ئەمەس، ھەر ئىش ئاللاھقا ئاسان، يىغلىماڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ياردەم قىلسۇن! دەۋىدىم، جېنىم قېرىنىدىشىم دېگىنىڭىز كەلسۇن، دەپ قوللىرىمنى تۇتۇپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۈستى ئوچۇق تۈرمە» بولغان گۇڭشېلىشىش سىياستى خەلقنى ئۆز ئەركىنلىكىدىن، ئۆز بايلىقى، يەر، سۇ، ئۆي ـ جايلىرىدىن ئايرىپ تۇتقۇن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدى.

خەلققە شەنبە، يەكشەنبە، ھېيت ـ ئايەم، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى يوق. كېچە ـ كۈندۈز مەجبۇرى ئېغىر ئەمگەك بىلەن يىللار بويى ئىشلەپ، قولى بىر تىيىن پۇل كۆرمەستىن، قورساق تويۇپ تاماق، ئۈستى پۈتۈن كىيىم كىيىپ كۆرمىگەن خەلق، كېلەچەكتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، گۇڭشېدىن كېتىش چارىسىنى قانچە ئىزدىسىمۇ، مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. چۈنكى گۇڭشېدىن كەتسە ئۆز ۋەتىنىدە ئۆزى قارا نوپۇس بولۇپ، ئىشسىز، پۇلسىز، ئۆي ـ ماكانسىز كوچىدا تەمتىرەپ تۈرمىگە كىرىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

مانا بۇنىڭدەك گۇڭشې تۈرمۈشىدا ئۆسكەن ئاق كۆڭۈل، ساددا، چىرايلىق قىزلار گۇڭشې تۈرمۈشىدىن قۇتۇلۇش نىيىتىدە، يامانلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ ۋەيران بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

ھەر بىرسىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەننى يازساڭ بىر رومان يازغۇدەك ۋەقە بار، ئاڭلىساڭ ئۇلارنى ھېچ ئەيىبلىگۈڭ كەلمەيدۇ.

تاجىنىسانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئەسكى بولدى. بۇ بىچارە ئانىلار ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان بالىلىرىنى باقالماي تاشلاپ كېتىشكە ياكى سېتىشقا مەجبۇر

بولۇپ قالغان. يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان باللارنىڭ ئانا مېھرىنى كۆرمەي مال ئورنىدا سېتىلىپ قىممەتسىز تاشلىنىپ قېلىشىغا مەجبۇر بولغان، نېمە دېگەن ئېچىنارلىق ھال بۇ؟ ھەقىقەتەن يۈرىكىم ئېچىشتى.

# ئورما ۋاقتى

64 - يىلى 25 - ئىيۇن پەيشەنبە

يازنىڭ قاتتىق ئىسسىق مەزگىلى، ئەتراپ تونۇر تەپتىدەك يېلىنجاپ، يىراقلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. يازنىڭ قاتتىق ئىسسىقىدا ئەتىگەن سائەت 10 دىن، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتكىچە بولغان ئارىلىقتا تالاغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئاپتاپ ئۆتۈپ ئادەمنىڭ ئىچىدىن قان ئۆتۈپ (دىزېنتېرىيە ئاغرىقى بىلەن ئاغرىتاتتى) شۇ سەۋەبتىن ياز كۈنلىرى سەھەر سائەت تۆتتىن 10 غىچە ئىشلەپ، 10 دىن چۈشتىن كېيىن تۆتكىچە دەم ئالىمىز. بۇ ۋاقىتتا ياتاقتىمۇ ئادەم تۇرۇپ بولغۇسىز تىنچىق ئىسسىق، جان قويغۇدەك يەر تاپالمايتتۇق. ئۈنىڭ ئۈستىگە چىۋىن چۈسلار جانغا تېگەتتى. پەقەت بىز ئۈچۈن ئەڭ راھەت نەرسە قۇدۇقتىن چىققان مۇزدەك سۇ ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن كېچە سائەت 10 غا قەدەر ئىشلەيتتۇق. بۈگۈنكى كۈنگىچە كۆكتات، شاللىق ھەم بۇغداي ئېتىزلىرىدا قىر ياساش ئىشلىرى بىلەن بولدۇق. بۇغداي ئېتىزىنىڭ قىرلىرىنى بىر ئادەمگە 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقىدا ياساشنى، شاللىق ئېتىزنىڭ قىرىنى بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ۋە بىر يېرىم مېتىر كەڭلىكتە ياساشقا ئادەم بېشىغا نورما قىلىپ بۆلۈپ بېرىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇننى تۈگەتمىگۈچە قايتۇرماي ئىشلەتكەنلىكتىن ياتاققا ھېرىپ ئاران قايتاتتۇق. بۈگۈن بۇ ئىشلارنى تاماملاپ، ئورما ئورۇش ئۈچۈن بىزدىن 10، 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇغدايلىق مەيدانىغا كۆچۈپ باردۇق.

بۇ مەيداندا ئۆز ۋاقتىدا چوڭ پىلانلار بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ قىزىل خىش بىلەن ئىشلەك، دېرىزىلىرىنى يوغان قىلىپ ياسالغان چوڭ - چوڭ بىنالار بار ئىكەن. دېرىزە ئىشىكلىرى تېخى ئورنىتىلمىغان بولسىمۇ لېكىن ياخشى سېلىنغانلىقى بىلەن ئادەمنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئاستىمىزغا سامانلار سېلىپ ئورۇنلىرىمىزنى رەتلەپ جايلىشىپ ئالدۇق.

تەشكىل پۈتۈن شىيگوبى بويىچە يىغىن ئاچتى. ھەر بىر ئادەم بېشىغا بىر كۈندە

ئىككى مۇ يەردىكى بۇغداينى ئورۇش ھەم بىر تال باشنىمۇ ئېتىزدا قالدۇرماي پاكىز ئورۇش لازىم. ئەگەر نورمىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىسا مۇكاپاتقا تاماق نورمىسىنى ئارتۇق بېرىمىز، ئەگەر نورمىدىن كەم ئورىسا (نورمىغا توشمىسا) تاماقنىمۇ كەم بېرىمىز. بىر ئاينىڭ ئىچىدە پۈتۈن مەيداندىكى بۇغداينى ئورۇپ تۈگىتىشىمىز لازىم. بۇ تەشكىلنىڭ بەلگىلىمىسى، دەپ ھەتتا كۆرۈلىدىغان چارىلەرگىچە ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى.

يىغىندىن كېيىن ئايشەم ئايۇپ يېنىمغا كېلىپ ماڭا:

ــ سۆيۈن، بۇ يەر بۇرۇن شىيگوبىنىڭ مەركىزى ئورنى مەيدان رەھبەرلىكى جايلاشقان يەر ئىدى. نەچچە مىڭ ئادەم بۇ يەردە ئىشلەيتتى. سىز بىلەمسىزكىن، بىزنىڭ ئۇيغۇرنىڭ يازغۇچىسى زىيا سەمەدى مۇشۇ يەردە ئۆزگىرىشتە تۇرغان ئىدى، دېدى.

مەن ھەيران بولۇپ:

ــ زىيا سەمەدى مۇشۇ يەردە بولغانمۇ؟ دەپ، قايتىلاپ سورىدىم. ئۇ: ھەئە، ئۇ كىشى ئوقۇچىمۇ، مىللەتچىمۇ ئۇقمىدىم، شۇنداقراق بىر جىنايەت بىلەن ياتقان. ئۇ سىلەر ياتقان ياتاقتا تۇرغان. ئۇ ئادەم يازغۇچى بولغانلىقتىن ئېغىر ئەمگەككە كۆپ سالمىدى. كۆپ ۋاقت ياتاقتا بولاتتى. كىشىلەر يازغۇچى ئادەم ئىكەن، ئىشقا چىقماي يازىدىكەن، نېمىلەر يازىدىغاندۇ؟ دەپ ھەيران بولاتتى. ئۇ ئادەمنى مۇشۇ يەردە كۆرگەن ئىدىم. ئاچارچىلىق باشلىنىپ، كىشىلەر ئۆلۈپ ئادەملەر ئازلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تاغدىن كېلىدىغان سۇلارمۇ قۇرۇپ بۇ يەر تاشلاندۇق بولۇپ قالدى. چاغىبۇ ھازىرقى ئورۇنغا كۆچۈپ كەلدى، دېدى. مەنمۇ زىيا سەمەدى توغرىسىدا بۇنداق ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ كۆرمىگەنلىكتىن راست شۇنداق بولغانمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىز كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئېلېكتر يوق دەپ بالدۇر ياتتۇق. ئامىنە ئورنىغا يېتىۋېتىپ:

ــ ھەي قىزلار، مەن قولغا ئېلىنىپ بۈگۈنكىدەك ئازادە ياتاقتا يېتىپ كۆرمىدىم. ھاۋاسىمۇ تازا، نېمە دېگەن ياخشى، پۈتۈن ياز مۇشۇ يەردە بولسا قانداق ياخشى بولاتتى، دەپ ئىككى قولىنى سوزۇپ «ئۇپ» دەپ كەتتى.

زەينەپ:

ــ شۇنى دەيمەن، مەن ھەممىدىن چۈشنىڭ يوقلۇقىغا خۇشال بولدۇم، دېيىشىگە ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ ساجىدە:

— ھەي قىزلار، چىۋىننى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ بۈگۈن ئۇلاردىن خالىي، ئازادە ئۇخلايمىز، دۇنيادا بۇنداقمۇ جىق چىۋىن، چىۋىننى ھېچ يەردە كۆرمىگەن ئىدىم، دېۋىدى، خەلچەم:

— پاشا بىلەن كومىتنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ جىنىڭلارغا تەگمىگەن ئىكەن، دېدى.

تىللاخان تۇرۇپ:

— ھەممىسىغۇ بەك ياخشى بولدى. بۇ دېرىزە، ئىشىكى يوق ياتاقتا چىلبۆرە كىرىپ بىزنى يەپ كەتمىسۇن، دەپ قورقۇۋاتىمەن، دەپ ۋەھىمە سالدى. ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ ئايشەم ماموت:

— بۇ چۆلدە جىن، ئېزىتقۇلار بار دەيدۇ. كېچىدە كېلىپ كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ يۈرمىسۇن يەنە، دېدى.

خەلچەم:

— قويە ئاداش، ئەمدى بىر ھۇزۇرلىنىپ بىر تاتلىق ئۇخلايلى دېسەك، سەن نەدىكى ۋەھىملىك سۆزلەرنى تاپتىڭ، جىم ياتقىنا ئاداش، خۇدايىم ساقلايدۇ دېدى. ھەممىمىز كۈلۈشتۇق.

پۈشتەكنىڭ چىرقىراق ئاۋازى بىزنى كېچە سائەت ئىككىدە تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ ئاران ئورنۇمدىن تۇردۇم. تاڭ قاراڭغۇ، ئەتراپنى كۆرۈپ بولمايتتى، يېرىم سائەت ئىچىدە سەپكە تىزىلىپ بۇغداي ئېتىزلىرىغا قاراپ ماڭدۇق. بىز ئىش مەيدانىغا يېتىپ بارماستىن بۇرۇن كۈن چىقىش تەرەپ سۈزۈلۈپ ئاقىرىشقا باشلىدى. ھەر كىم بۆلۈنگەن ئورنىغا كېلىپ ئورما ئورۇشقا كىرىشتۇق. سائەت يەتتىلەر بىلەن گۈلنىسا دۈيجاڭ كېلىپ مېنى چاقىرىپ چىقىپ: ئورما تۈگىگۈچە ئاياللارغا قايناق سۇ توشۇپ تۇرىسەن، سەن چاققان ھەم مەسۇلىيەتچان بولغىنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، دەپ سېنى ئورۇنلاشتۇردۇم، دېدى. ياق دېگىلى بولامدۇ! بۇ ئىش ئورمىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. ياتاق بىلەن ئېتىزلىق ئارىلىقى خېلى بار، كۈننىڭ كۆيۈپ تۇرغان ۋاقتىدا بۇ ئىككى ئارىلىقتا كۈنىگە ئون نەچچە قېتىم قايناق سۇ توشۇش ئوڭاي ئەمەس ئىدى.

سۇخانىغا بېرىپ بىر يېرىم سائەت دېگەندە ئاران كەلدىم. چاققان ماڭسام قايناق سۇ پۇتۇمغا تۆكۈلۈپ كۆيدۈرىدۇ. ئاستا ماڭسام دېگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپ بارىمەن. ئۆمرۈمدە بىرىنچى مەرتىۋە ئەپكەش بىلەن سۇ توشۇشۇم ئىدى. ئەپلىشەلمەي ئۆگەنگۈچە خېلى قىينالدىم.

كۆن دېگەن كۆيدۈرۈپ تۈردۇ. قاتتىق قىزىغان دەزمال بىلەن كىيىملەرنى دەزمالللىغاندا رەختتىن كۆيگەن پۇراق چىققاندەك ئۇستۇمدىكى كىيىمدىن ئەنە شۇنداق پۇراق چىقاتتى. ئارىلىق ئۇزاق، چېلەكتىن قايناق سۇ چايقىلىپ، تۆكۈلۈپ يۈرۈپ بىر چېلەك سۇنىڭ يېرىمى تۆكۈلۈپ پۈتلىرىمنى كۆيدۈرۈپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە يېرىمىنى ئېلىپ ئاران يېتىپ كەلدىم. مېنىڭ قارامنى كۆرۈشى بىلەن ئاياللار: ياشاپ كەت، چاپسان بول! دەپ چوقۇرۇشۇپ كەتتى. ئېلىپ كەلگەن ئىككى چېلەك سۇ ئاياللارغا يەتمەي قالدى. يەنە يۈگۈرۈپ كەتتىم. ئۆزۈممۇ ئۇسساپ تىللىرىم قۇرۇپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىم ياتاقتىكى باكلاشكىلاردىن ئۈچ دانە ئېلىپ ئۇلارغا سوغۇق سۇ تولدۇرۇپ، بوينۇمغا ئېسىۋالدىم. بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن تېزرەك كەلدىم. كەلگۈچە بىر باكلاشكا سۇنى ئىچىپ بولدۇم، پۈتۈن يۈز ـ كۆزۈمدىن تەر دېگەن مۇنچاقتەك ئېقىپ ماڭغان يوللىرىمغا ئىز بولۇپ تېمىپ كەلدى. ئاياللار بولسا بىر قېتىم سۇنى ئېلىپ كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم كەلگۈچە ئۇسساپ چاكىلداپ قالاتتى. بارا ـ بارا ئەپكەش كۆتۈرۈش يولىنى بىلىۋالدىم. لىڭ ـ لىڭ قىلىپ بىر تامچە سۇنى تۆكمەي ئېلىپ كېلىدىغان بولدۇم.

ئەتىگەنكى تاماقنى ئېتىز بېشىدىلا يەيتتۇق. كۈندىكى تاماققا قوشۇپ ھەر بىر ئادەمگە بىردىن هوردا پىشقان ياڭيۇ بەردى. مەن تاماقنى چالا ـ پۇچۇق يەپ يەنە سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتتىم. سائەت ئونلار بىلەن ياتاققا دەم ئېلىش ئۈچۈن قايتتۇق. مەن تۈرۈبىدىكى سوغۇق سۇ بىلەن باشلىرىمنى، پۇت ـ قوللىرىمنى يۇيۇپ بىر ئاز راھەتلىنىپ ياتاققا كىرسەم مېھرىبان كۈننىڭ ئىسسىقىدىن شىكايەت قىلىپ:

ــ ۋاي خۇدايىم، بۈگۈن كۈن ئۆز ئورنىدىن تۆۋەن چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بىر ئاز تۇرساق تونۇردا پىشقان پاقلاندەك كاۋاپ بولاتتۇق، دەپ ئەركىلەپ سۆزلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدىكى تەبىئىي ئوماقلىق ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىۋەتتى. ئۇ ھەر ۋاقىت سۆزلىگەندە ئەركىلەپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ قارىقاتتەك قارا كۆزىنىڭ ئېقى يوقتەك بىلىنەتتى. قويۇق قارا كىرپىكلىرى قارا قاشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كۆزىنى چىرايلىق ھەم تېخىمۇ قارا كۆرسىتەتتى. قارا، قويۇق بۇدرە چېچى ئۇنىڭ ھۆسنىگە گۈزەللىك بېرەتتى. تېرىسىنىڭ قارا بولۇشىمۇ ئۇنىڭ يۈز تۈزۈلۈشىگە ماسلاشقاندەك ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزمەيتتى. ئۇنىڭ ياشلىقىغا خاس تېتىكلىكىمۇ بار ئىدى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ ئېرىتىۋېتىپ مېھرىبانغا قاراپ تۇرۇشۇمغا ئامىنە:

ــ جېنىم ئاداش، كاۋاپ بولغان بولساڭ بىزگە ياخشى بولاتتى، بىر گۆش يەپ تويۇپ ئالاتتۇق. خۇيمۇ گۆش سېغىنىپ كەتتۇق، بىر ساۋاپ ئالغان بولاتتىڭ- دە ئاداش، دېۋىدى

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

سائەت ئۈچلەردە تاماق يەپ ئىشقا چۈشتۇق. كەچ كىرگۈچە ئون مەرتىۋە سۇ توشۇدۇم. كەچقۇرۇن سورۇن چۈشكەندە بۇغداي بەكمۇ ئوخشىغان ئىكەن، بىر تۈپ بۇغدايدىن تۆت ـ بەش تال باشاق ئۆسۈپ، ھەر شاختىكى بۇغداي بىر غېرىچتىن ئارتۇق باش تۇتقان. بۇ بۇغدايلار شۇنچىلىك ئوخشىغانكى ئېغىرلىقتىن باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي يېتىپ كەتكەنىدى. ئېغىر بولغاچقا بىر باغ بۇغداينى كۆتۈرمەك خېلىلا ئېغىر توختايتتى. مۇشۇنداق ئاشلىق ئوخشىغان يەردە شۇ ئاشلىقنى يېتىشتۈرگۈچى ئادەملەر ئاچلىقنىڭ ئازابىنى تارتىپ ياشايدۇ. سائەت 10 غىچە جىددىي ئىشلىدۇق. ئىشتىن چۈشۈپ يۈيۈنۈپ ياتاققا كىرسەك ئاياللار يېتىپ ئۇخلاپمۇ بوپتۇ. مەن:

ـ ئاياللار بۈگۈن قاتتىق چارچىغان ئوخشايدۇ دەۋىدىم، ساجىدە:

ـ 14 سائەتلەپ ئورما ئورۇش يەڭگىل ئەمەس، مەنمۇ قاتتىق ھېرىپ كەتتىم. سەن قانچىلىك ھارغانسەن دەيمەن، دېدى كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا.

ـ دەسلەپكى كۈن بولغانلىقتىن بىر ئاز ئېغىر بولىدۇ. كېيىن ئۆگىنىپ كېتىمىز، دېدىم.

ئورۇنغا بېرىپ ياتقاندىن كېيىن، ئىككى پۇتۇم مۇرىلىرىمنىڭ ئاغرىقىدا ھالسىزلاندىم.

مانا شۇنداق ئېغىر ئىشلەش بىلەن بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئومنى تاماملاپ شىيگوبى ئەمگەك مەيدانىغا قايتىپ كەلدۇق.

## 3 ـ ئاۋغۇست

ئومىدىن قايتقاندىن كېيىن، بىر كۈن دەم ئېلىپ ئاندىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بىر گۇرۇپپا كۈزلۈك كۆكتات تېرىش ئۈچۈن، بىر گۇرۇپپا كومبايىن ئارقىلىق خامان تېپىش ئۈچۈن ئىشقا چىقتۇق. ئىش ئېغىر، ۋەزىپە كۆپ، يەنە جىددىي ھەم ئالدىراش ئىشلەشكە توغرا كەلدى.

كومبايىننىڭ ئاغزىدىن سۇدەك قويۇلۇپ تۇرغان بۇغدايغا تاغار تۇتۇپ، تولغاندىن كېيىن ئاغزىنى باغلاپ ئاندىن دۈمبىمىزگە يۈدۈپ چىقىپ ماشىنىلارغا قاچىلايمىز. كومبايىننىڭ يالماۋۇزدەك يۇتۇشىغا تۆت ئايال باغ تاشلاپ ئۈلگۈرتەلمەيتتى. ئۇنىڭ يوغان، ئېگىز مۇرىسىدىن بۇغداينىڭ سامانلىرى قاراچاڭ بىلەن تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

باش ـ كۆزىمىز ئادەم كۆرگۈسىز چاك بولۇپ كېتەتتى. تەر بىلەن چاك قوشۇلۇپ چىرايىمىزنى تونۇغۇسىز قىلىپ تاشلايتتى. كومبايىننىڭ توختىماي تاراقلاپ تېز ھەرىكەت قىلىشىغا ئۆلگۈرۈش ئۈچۈن ماشىنىدەك ئىشلەش كېرەك ئىدى.

سەۋرىنىسا تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ:

ــ بۈگۈن ئانامدىن تۇغۇلغىنىمغا راستتىن تويدۇم. ھېرىپ ئۆلەي دېدىم، تاغارنى تۇتۇپ ماشىنىغا ئېلىپ چىققۇچە جېنىم چىققىلى ئاز قالدى، دەپ كۆينىكىنىڭ يېڭى بىلەن يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ كۆزىگە كەلگەن ياشلارنى يۇتۇشقا تىرىشاتتى. سەۋرىنىسانىڭ باش ـ كۆزلىرىگە ئاپاق چاك ئولتۇرۇپ خۇددى توپا يولدا ئۇزۇن يول مېڭىپ كەلگەن يولچىغا ئوخشايتتى. تەر بىلەن توپا قوشۇلۇپ يۈزىگە لاي سۈركەپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتىم. ئۇمۇ ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ: ۋاي سۆيۈن، ھازىر بىزنى بىرسى كۆرسە جىن كۆردۇم، دەپ قورقۇپ قاچىدۇ. نېمە بولۇپ كەتتۇق قارىمامسىز، بۇ تاغارلارنى ئەرلەر كۆتۈرسە بولاتتى. يۈز جىڭ، خېلى ئېغىر نەرسە ئىكەن، پۇت ـ قولۇمدا كۈچ قالمايۋاتىدۇ، دەپ مېنىڭ كەينىمدىن تاغارنى ئارقىلاپ ماشىنىغا چىقىرىپ كېتىپ بېرىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپ تىزىنى قاتتىق ئاغرىتىپ ئالدى. تاغارنى ماشىنىغا قويۇپ كېلىپ ئۈستىدىكى يۇكنى ئېلىپ تۇرغاندىم، تىزلىرى قاناپ دوختۇرخانىغا كەتتى. كۆپ ئۆتمەي چۈشلۈك تاماققا چىقتۇق. يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇپ تاماققا ئولتۇراتتىم، ئۇدۇلۇمدا پاراڭ قىلىپ تاماقنى يەۋاتقان تۇراخان تاماقىغا قولىنى ئۇزىتىپ: مېنىڭ نېنىمنى كىم ئالدى؟ قايسىڭ يېدىڭ؟ دەپ توۋلاپ كەتتى. يېنىدا ئولتۇرغان ئىللاخان بىلەن زەينەپتىن گۇمانلىنىپ: سىلەر ئالدىڭلار، دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى. ئۇلار: تۇراخان بىز ئالمىدۇق، بىز مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ ئۆز تاماقىمىزنى يەۋاتىمىز، سېنىڭ يېنىڭغا بارمىدۇق، دېسىمۇ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي: مېنىڭ تاماقىمنى يېگۈچە، دەپ ئاغزىنى شۇنداق بۇزۇپ ئۇلارغا دېۋەيلىگەندى، ئىللاخانمۇ سەكرەپ تۇرۇپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تۇراخاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ئىككىسى ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر ـ ئىككى مۇشت سېلىشىپمۇ ئالدى. يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارغا: قويۇڭلار ھەر ئىشنى چىرايلىق ھەل قىلىڭلار، دەپ ئاجراتتىم. يېنىمدا ئولتۇرغان ساجىدە: تۇراخان، نېنىڭنى ھېچكىم ئالمىدى، ئۆزۈڭ يەپ بولدۇڭ، گەپ بىلەن بولۇپ بىلمەي قالغان بولساڭ كېرەك، مەن قاراپ ئولتۇرۇپتىمەن، ھېچكىم سېنىڭ يېنىڭغا كەلمىدى، دېدى. تۇراخان ئويلىنىپ تۇرۇپ: مەن ھېچ تاماق يېگەندەك قىلمىغانغۇ، دەپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەممىمىز جىم بولدۇق. راست قاتتىق ئىشلەپ قورساق ئېچىپ كەلگەندە بۇ كىچىك مومىغا (نان) قورساق تويمىغاندىن كېيىن تاماق يېگەندەكمۇ بولمايدۇ، دېدى.

ئېشەكتەك ئىشلەتكەندىن كېيىن ھايۋان يېمەيدىغان گاۋلياڭنى تويغۇدەك بەرسە بولىدۇ، دەپ غىڭشىپ تۇراخان تالاغا چىقىپ كەتتى. بىز ئاڭلىمىغاندەك بولۇپ، تامقىمىزنى يەپ جىم ئولتۇردۇق، بۇنداق سۆزلەر چىققاندا كادىرلار ئىشخانىسىغا يەتكۈزگۈچە ئالدىرايدىغان چېقىمچىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. دېگەندەك 15 مىنۇتتىن كېيىن تۇراخاننى كادىرلار ئىشخانىسىغا چاقىرىپ ئېلىپ كەتتى.

مانا شۇنداق قىلىپ ئىشلەپ 20 كۈن ئىچىدە خامانىدىكى بۇغدايلارنى تاغارلارغا قاچىلاپ ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىپ، خاماننىڭ ئىشىنى تۈگەتتۇق. بۇ ماشىنىلار پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ بۇ بۇغدايلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە قاراپ يولغا سالىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدىم.

# مىللىي ئارمىيىدىكىلەرنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈشى

24 - ئاۋغۇست

ياڭزى بىلەن ئىككىمىزنى بۇغداي يۇيۇشقا بۆلدى. ئەتىگەن تاڭ يورۇشى بىلەن چىقىپ قۇدۇق بېشىدا كۈنىگە 10 تاغار، ھەر بىرسى يۈز كىلو كېلىدىغان بۇغداينى يوغان سىرلىق ئاق داسقا تۆكۈپ ئاغزىغا سۈزگۈچلەرنى قويۇپ يۇيۇپ چىقىمىز. چۈشكىچە يېيىپ، ئۈنىڭدىكى تاشلارنى تىرىپ، قۇرۇتۇپ چۈشتىن كېيىن تاغارلاپ ئىسكىلاتقا قول ھارۋىلار بىلەن توشۇپ ئاپىرىپ، ئەتە يۇيىدىغان بۇغدايلارنى ئۆلچەپ ئېلىپ چىقىپ قويىمىز.

ئەتىگەن تاڭ قاراڭغۇسىدا ھارۋا سۆرەپ كېلىۋاتاتتىم. شەھەر تەرەپتىن بىر ماشىنا قوراللىق خەنزۇ ساقچىلار كەلدى. ئۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم دەككە - دۈككىگە چۈشتى. ياڭزىمۇ نېمە ئۈچۈن قوراللىق ھەربىيلەر كەلدى؟ دەپ ھەيران بولغىنىچە مەندىن سورىدى.

ــ بىلمىدىم، نېمىشقا كەلدىكىن، دېدىم. ئارىلىقتىن يېرىم سائەت ئۆتمەي، ئۇ ماشىنىغا يۈك - تاقلىرىنى بېسىپ مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەسكەرلىرى چىقىپ، بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئۆتكەندە شەپكىلىرىنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ «خوش سالامەت بولۇڭلار» دەپ ماڭدى.

ھە، ئارمىيە ئالماشقان ئىكەن، مىللىي ئارمىيە كېتىپ، خىتاي ئارمىيىسى كېلىدىكەن - دە دەپ ئويلىدىم. كېيىن ئاڭلىسام پۈتۈن مىللىي ئارمىيىدىكىلەرنى، ئارمىيىدىن چېكىندۈرۈپ يېزا ۋە گۇڭشېلارغا تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ تارقىتىۋەتكەن ئىكەن. بۇنى ئاڭلاپ

كۆڭۈلسىز بولدۇم. مىللىي ئارمىيىنى تارقىتىپ گوڭشىبىلارغا چۇشۇرۇۋېتىش، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارمىيىسىز قالدى، دېمەكتۇر. ئارمىيىسى بولمىغان خەلق قۇل ۋە ئەسىر مىللەت بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەڭ چوڭ يوقىتىش ۋە قورقۇنچلۇق ھالدۇر، دەپ كۆڭلۈم بەكمۇ بىئارام بولدى. قەدەممۇ ـ قەدەم ئەسىرلىككە چۈشۈپ كېتىپ بارىمىز، دېگەن ئوي مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئارامسىزلاندۇراتتى.

گۈلنىسا دۈيجاڭنىڭ ئېرىنىمۇ ئارمىيىدىن چېكىندۈرۈپ ئىشچى قاتارىدا چاڭبۇدا ئىشلەپ قاپتۇ. ئۇ ئوتتۇز سوم مائاش ئېلىپ بىز بىلەن بىللە قارا ئەمگەك قىلىدۇ. خەلقنىڭ ئەزىز جەڭچىلىرى قىممەتسىز بولۇپ، مۇشۇ كۈنگە چۈشۈپ قالدى. بىزنىڭ كۈتكەن ئۈمىدلىرىمىز نەلەردە قالدى.

# ئىسمائىلنىڭ پاجىئەلىك ھاياتى

27 - سېنتەبىر

دۈيجاڭ مەن بىلەن سەككىز قىزنى ئېتىز بېشىدىكى قىشلىق كۆكتاتلارنى ھارۋىلارغا قاچىلاپ بېرىش ئۈچۈن بۆلۈپ، قالغان ئاياللارنى كۆكتات ئورىلىرىدا ئىشلەش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى. بىز ياتاقنىڭ دوقمۇشىدىن بۇرۇلۇپ چىقىشىمىزغا ئات ئېغىلى تەرەپتىن ئۈچ ئات قوشقان رېزىنكە چاقلىق ئۈچ ھارۋا كېلىپ بىرىنچى ھارۋا توختاپ بىزنى سېلىپ ئەرلەر ھويلىسىنىڭ كەينىدىكى كۆكتاتلىق مەيدانغا ئېلىپ ماڭدى. ئىسمائىل ھارۋا ئۈستىدىكى چاپاننىڭ ئاستىدىن ئىككى قوغۇننى ئېلىپ ئاياللارغا تىلىملاپ تارقاتماقچى بولۇۋىدى، ئاياللار چاڭ سېلىپ ھېچ نېمىگە قارىماستىن يېرىپ يېيىشكە تەمشەلدى. ئىسمائىل: ۋاي ئاياللار توختاڭلار، كېسىپ بېرەي، كېسىپ بېرەي، دەپ ئۇلاردىن تارتىپ ئېلىپ قوغۇننى تىلىملاپ كېسىپ بەردى. بەزىلىرى شاپاقنىمۇ چىقارماستىن يەپ كەتكەن ئىدى. ئىسمائىل ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ ئىككىنچى قوغۇننىمۇ ئالدىراش تىلىملاپ ئۇلاردىن قاچۇرۇپ بىر تىلىمنى ماڭا ئۇزاتتى.

مەن: رەھمەت يېمەيمەن، دەپ ئالمىدىم. ئىسمائىل قوغۇننى تۇتۇپ تۇرۇپ قېلىشىغا يەنە بىر ئايال قولىدىكى قوغۇننى كاپلا قىلىپ تارتىپ ئېلىپ يەۋالدى. ئىسمائىل قەلەمتىرىچىنى سۇرتۇپ ئاغزىنى يېپىۋېتىپ:

ــ سۆيۈنگۈل، سىز بۇلارنىڭ بەرگەن ئۈچ ۋاقلىق تاماقىغا رازى بولۇپ، ئۆز نەپسىڭىزنى

تۇتۇۋاپسىز. مەن سىزگە قايىل بولدۇم، ئەمدى سىز قانچە يىل ياتسىڭىزمۇ ھېچ ۋاقىت خار بولماي، ئۆزىڭىزنىڭ ئىسىللىقىنى ساقلاپ قالالايسىز، دېدى.

مەن: رەھمەت، دەپ كۈلۈپ قويدۇم.

كۆز يەتمىگۈدەك كەڭ ئېتىزدا ئەرلەر شېكەر لوبىنى كولاپ ئېلىۋاتاتتى. يوپۇرماقلىرى كېسىلىپ تارلانغان شېكەر لوبىلار ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۆۋە - دۆۋە بولۇپ، يوپۇرماقلىرى پۈتۈن ئېتىز ئۈستىگە چېچىلىپ كۈز كۈنىنىڭ كۆڭۈلسىز مەنزىرىسىگە قوشۇلۇپ، كۈز پەسلىنىڭ دەللى بولۇپ ياتاتتى. ھارۋا كېلىپ ئېتىز بېشىدىكى دۆۋىلەنگەن لوبىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئايشەم ماموت:

– سۆيۈن ئەرلەرگە قاراڭ، دېدى. لوبىنى ھارۋىغا سېلىۋېتىپ قارىسام، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىراش شېكەر لوبىنى يەۋاتاتتى. بىزنىڭ قاراپ تۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ ئىسمائىل:

– بۇ بىچارىلەرنىڭ قورسىقى تويمايدۇ، كادىرلار يوقىدا يەۋالىدۇ، دەپ قولىدىكى لوبىنى ھارۋىغا قويدى. شۇ ئارىدا بىزدىن ئانچە ئۇزاقتا بولمىغان يەردە تۇرغان ھېيتەم قالاق (ماشىنا رېمونت زاۋۇتىدا بىللە تۇرغانلىقتىن مەن ئۇ ئادەمنى تونۇيتتىم) قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

غوجالدۇر ۋاق - ۋاق - ۋاق،
ئالدى - كەينىڭگە باق.
كەتمىنىڭنى چاپ.

دەپ ناخشا ئېيتىۋىدى، پۈتۈن ئەرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يېگەن شېكەر لوبىنىڭ شۆپۈكلىرىنى توپىغا كۆمۈپ، لوبى كولاشقا كىرىشتى. قارىسام چاڭبۇ خىزمەتچىلىرىدىن ئالتە ئادەم كېلىۋاتقان ئىكەن.

مەن بۇرۇلۇپ ئايشەمگە قاراپ كۈلدۈم.

ئايشەممۇ كۈلۈپ كەتتى. ئىسمائىل ھارۋىغا لوبى سېلىۋېتىپ:

– بۇلار ئاسانلىقچە ئىشخانىغا كىرىپ بىر - بىرسىنى چاقمايدۇ. ئايالLAR مىدىرلىغاننى ئىشخانىغا كىرىپ چېقىپ تۇرىدىكەن، دېدى. ئۇنىڭغىچە كادىرلارمۇ ئېتىزغا يېقىنلىشىپ كەلدى. بىزمۇ جىمجىت ئىشلەشكە كىرىشتۇق.

چۈشكىچە بەش ھارۋا لوبىنى ئاپىرىۋېتىپ ئالتىنچى ھارۋىغا لوبى قاچىلاۋاتقاندا

ئىسمائىل مەندىن: ئۈچ تالاق، دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟ دەپ سوراپ قالدى، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قېلىپ:

ــ مەن كىچىك ۋاقتىمدا چوڭلار ئارىسىدا مۇشۇ سۆز توغرۇلۇق سۆز چىقىپ، چوڭلار بۇ سۆزنى سۆزلەش ئەمەس، ئاڭلاشمۇ گۇناھ، ھەتتا ئويلاشمۇ گۇناھ، بۇ سۆز سۆزلەنگەن يەردىن بەرىكەت كېتىدۇ، بۇ سۆزنىڭ يامانلىقىدىن تۆت تام تىترەيدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن، مەنىسىنى بىلمىسەممۇ، ئەمما بەك يامان سۆز ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، دېدىم.

ئىسمائىل ئويلىنىپ تۇرۇپ:

ــ ھە مۇنداق دەڭ، مەن نەدىن بىلەي، مەن ئاتا ـ ئانامدىن كىچىك قېلىپ ئاكا ـ يەڭگەمنىڭ قولىدا چوڭ بولدۇم. دىن ــ ئىسلام ھەققىدە ھېچكىم ماڭا ھېچ نېمە چۈشەندۈرمىدى. ئىشەنسىڭىز مەن بىر ئېغىز ئايەتمۇ بىلمەيمەن. مەن ھەربىيگە قاتنىشىپ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغانمەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مېنى ھەربىيلىكتىن ئۆرۈمچى سەنشىخاڭزى بەنسىچۇسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى، مەن يامان ئەمەس يىگىت بولۇپ ئۆستۈم، ماڭا خېلى قىزلار قىزىقىپ، مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قىلاتتى. بۇ مېنىڭ ماختانغىنىم ئەمەس راستتىن شۇنداق ئىدى، دەپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى.

ئىسمائىل ھەقىقەتەن ھەربىيلەرگە خاس توغرا سۆزلۈك، كەسكىن ۋە قەددى ـ قامىتى قاملاشقان، ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىدى. مەن شۇنداق قىلىپ تاللاپ يۈرۈپ ياخشى ئائىلىدىن تەربىيىلەنگەن چىرايلىق بىر قىزغا ئۆيلەندىم. تۇرمۇشىمىز بىر قانچە يىللار كۆڭۈللۈك ئۆتتى. جەمىيەتنىڭ ئىشىنى مەن سىزگە دېمىسەممۇ بولىدۇ.

ئىشلار ئالدىراش، كېيىنكى كۈنلەردە نېرۋىلىرىم قاتتىق چارچاپ كەچتە ئۆيگە ئاران قايتىپ كېلىدىغان بولدۇم. كېچىلىرى ئۇيقۇم كەلمەي، كۈندۈزدىكى ئىشلار كېچىچە كۆز ئالدىمدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇخلىسام چۈشۈمدە شۇ ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ چىقىمەن. مەن شۇنداق يۈرگەندە ئايالىم: سېنىڭ ئۆيى بىلەنمۇ چاتىقىڭ بولمىدى، ماڭا بۇرۇنقىدەك ئەمەسسەن، دەپ غىڭشىيدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى ئىش ئورنۇمدىكى بەزى ناھەقچىلىك ئىشلار بىلەن كۆڭۈلسىز ھالدا ھېرىپ قايتسام، ئايالىم يەنە غىڭشىشقا باشلىدى. مەن: بولدى قوي، مەن ھېرىپ تۇرىمەن، دېسەم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ توۋلاشقا باشلىدى. مەن: قوي ئەمدى، سېنىڭ مۇشۇ قىلىقىڭدىن خۇدا ھەققى تويدۇم، دەۋىدىم. ئايالىم: تويساڭ خېتىمنى بەر، دەپ چوڭدىن چۈشكەنلىكتىن نېرۋام ۋىژژىدە قىلىپ مېڭەمگە ئۆرلەپ ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. ئۆزۈمنى باساي دەپ

تالاغا قاراپ ماڭغانتىم، يۈگۈرۈپ كېلىپ قولۇمدىن تارتىپ يەنە تووۋلاشقا باشلىدى. قانداق قىلىشىمنى بىلمەي ئاياللارنىڭ قورقىدىغان گېپى «ئۈچ تالاق» سۆز دەپ ئاڭلىغىنىم ئېسىمگە كېلىپ، شۇ سۆز بىلەن قورقۇتمايمۇ دېگەن ئوي بىلەن: «ئۈچ تالاق» دېيىشىمگە دېگەندەك ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ جىم بولدى. مەن تالاغا چىقىپ كىرسەم نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بوپىلاپ ئېلىپ ماڭدى. نەگە بارسەن؟ دېگەن سۆزۈمگە جاۋابمۇ بەرمەي كېتىپ قالدى. ئاچچىقى بېسىلغاندىن كېيىن قايتىپ كېلەر، دەپ ئىككى كۈن كۈتتۈم، كەلمىگەندىن كېيىن ئالغىلى باردىم. پۈتۈن ئۆيدىكىلىرىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، ھېچكىممۇ مېنى تۈزۈك قارشى ئالمىدى. ئاخىرى ئۆزۈم سۆز باشلاپ مەن ئايشەمنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى دېيىشىم بىلەن ئايشەمنىڭ ئانىسى: ئايشەم سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئەمەس، سەن ئۇنى تالاق قىلىپسەن، ئەمدى ئۇنىڭ سەن بىلەن ئۆي تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئاچچىق سۆزلەپ، ئاخىرىدا: بولدى سەن ئۆيۈمدىن چىقىپ كەت! دېدى. بۇ ماڭا بىر ئەلەم بولدى. ئۆزۈمنى يوقاتقان ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. بۇ ئەلەمگە چىدىماي يۇرسەم مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئىدارەمگە ماتېرىيال يېزىپ ئاپىرىپ بېرىپتۇ. خوتۇنۇم دەپ بەزى سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ دېگەن ئىكەنمەن، ئۇ مەن ئۈچۈن چوڭ ئەنزە بولۇپ، ئاخىرىدا ئىككى يىل كەستى. مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈم بىلەن بۇ بەختسىزلىكلەر كەلدى، دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

ئايشەم مامۇت ساددىلىق بىلەن:

ـ ئايالىڭىز خېتىنى ئالدىمۇ؟ دەپ سوراپ قالدى.

كۈلۈپ قويۇپ:

ـ مېنى كېسىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن تالاق خەتكە قول قويدۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. مېنىڭ كەينىمدىن مۇشۇ كۈنگىچە ھېچكىم ئىزدەپ چىقمىدى، شۇڭلاشقا ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىزمەن، دەپ سەممىي جاۋاب بەردى ئۇ.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ھارۋىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتۇق، ئات ئېغىلىنىڭ ئالدىدىن ھارۋا قوزغىلىپ مېڭىشى بىلەن نېمە ئىش بولدىكىن بىلمىدىم، ئات ھۈركۈپ ھارۋىنى ئېلىپ قاچتى. ئىسمائىل  ھارۋىنى توختىتىش ئۈچۈن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قاتتىق كۈچ بىلەن تارتىپ كېلەتتى، شۇ ئارىدا خەنزۇ كادىرنىڭ جىنغا ئوخشاش تۆت ياشلىق بالىسى ھارۋا يولىغا چىقىپ كەلدى. ھېچكىممۇ ئۇنى تارتىپ ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى. ھەش - پەش دېگۈچە ھارۋا كېلىپ قالدى. ھەممىمىز جىددىيلىشىپ ئەھۋالغا قاراپ تۇراتتۇق، ئىسمائىل بالىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن چاققانلىق

بىلەن كۆچەپ تۇرۇپ ئاتنىڭ بېشىنى چەتكە بۇرىدى. ئاتنىڭ قاتتىق يۇلقىنىشى بىلەن ئىسمائىل هارۋىدىن يۇمىلاپ چۈشۈپ هارۋىنىڭ چاقى ئاستىغا كىرىپ كەتتى. قىيا ـ چىيا ئاۋازلار بىلەن كىشىلەر چىقىپ بىر قانچە ئادەم يۈگۈرۈپ ئاتنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇتۇپ ئالدى، ئىسمائىل چاڭ ـ توپىغا مىلىنىپ يولدا ياتاتتى.

يۈرىكىم چىققاندەك بولۇپ، ئاغزىمغا تىقىلىپ توختىماي سەكرەيتتى. پۇت ـ قولۇمدا كۈچ قالماي تىترەيتتىم. ئايشەم ماموتمۇ غال ـ غال تىترەپ چىشلىرى بىر ـ بىرسىگە تېگىپ چاكىلدايتتى.

ئادەملەر يىغىلدى، ئىسمائىلنى هوشسىز هالدا كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ياتىقىغا ئېلىپ كەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن چاڭبۇ مەيدانىنىڭ ماشىنىسى بىلەن شەهەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ياندۇرۇپ ئېلىپ كەپتۇ، بەل ئومۇرتقىسى سۇنۇپ يۈلۈنغا تەسىر بولۇپ، بەلدىن تۆۋىنى پالەچ بولۇپ قاپتۇ، هېچ نېمىنى سەزمەيدىكەن، دوختۇرلار ئۇنىڭغا هېچقانداق ئامال يوق، دەپتۇ. ئاكىسىمۇ ساق ئېلىپ كېتىپ بۇ هالدا يېرىم جان قىلىپ ئەكېلىپ بەرسەڭلار مەن قانداق قىلىمەن، باقالمايمەن، دەپ ياندۇرۇپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس بىر ئادەم قارايدىغان هالدا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ تېخى ياش ئىدى، بەك ئېچىنىشلىق ئەهۋال بولدى.

ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللىرىمىز شۇنداق يامان بولغان هالدا ئىشقا باردۇق، هەممىمىز ئۆز ئىشلىرىمىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئىشلەۋاتاتتۇق. ئەرلەر تەرەپتىن ئېگىز بويلۇق، بەستلىك، ئۇزۇن قارا بۇرۇتلۇق، قانداقتۇر ئادەمگە قىياپىتى قورقۇنچلۇق سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان بىر كىشى بىز تەرەپكە يالاڭئاياق هالدا چوڭ ـ چوڭ ئاتلاپ كېلەتتى، قىسقا كەڭ شالۋۇرىنىڭ پۇچقىقىنىڭ هەر قەدەم ئاتلىغاندا لەپەڭشىشى ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرسىتەتتى. ئۇ ئادەم توپتوغرا بىز تەرەپكە قاراپ كېلەتتى. ئاياللار: رەجەپمۇ قورقۇنچلۇق ئادەمغۇ، دەپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالاتتى، مەنمۇ هەيران بولۇپ، بۇ كىمدۇر؟ دەپ قاراپ تۇراتتىم. ئۇ ئادەم ئۇدۇل مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ سالاملاشتى. مەنمۇ بۇ ئادەم مېنى تونۇيدىغان ئادەم بولسا كېرەك، ئەسلىيەلمەي تۇراتتىم، دەپ ئويلاپ چاندۇرماي سالاملاشتىم.

ــ سۆيۈنگۈل، سىز مېنى تونۇماسلىقىڭىز مۇمكىن، مەن سىلەرنىڭ قوشناڭلار رەينۇشنىڭ يولدىشى خۇدا بەردى بولىمەن، مەن قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئوغلۇم غەيرەت تۇغۇلغان ئىدى. مېنى «ئېلىپ ساتارچى» دەپ قولغا ئالغىلى ئىككى يىل بولدى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن قايتىمەن. سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ بەك

ئېچىندۇق. بىراق سىزدىن ھال سوراشقا ئىمكان بولمىدى، كەچۈرۈڭ، بۈگۈن بۇ يەردە سىزنى كۆرۈپ ھال سوراشقا كەلدىم. نېمە قىيىنچىلىقىڭىز بولسا بىزگە دەڭ، قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمىز، دېدى.

مەن ھۆرمەت بىلەن:

ــ شۇ دېگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت. سىزنى كۆرمىگەنلىكتىن تونۇماي قاپتىمەن رەنجىمەڭ، زەينۇش ئاپپاينى بۈياققا كېلىشتىن بۇرۇن كۆردۈم، ياخشى كېتىپ بارىدۇ، ئوغلىڭىزمۇ چىرايلىق چوڭ بولۇپ قاپتۇ، دېدىم.

ـ قېينانام بىلەن زەينۇش بىر كېلىپ كەتتى، دېدى. ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالغان ئاياللارغا قاراپ:

ــ سىلەر مەندىن قورقتۇڭلارمۇ؟ بۇ يەر ئادەملەرنى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان يەر ئىكەن. مەنمۇ قولۇمدا دۆلىتىم بار ۋاقىتتا بۇنداق ئەمەستىم، دەپ ماڭا قاراپ، يېقىندا قېينانام كېلىدۇ، بەلكى سىز بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەر، دېدى ۋە مەن قايتاي، دەپ يەنە چوڭ ـ چوڭ چامداپ كەتتى. ئاياللار ماڭا قاراپ:

ــ سۆيۈن، ئۇ ئادەمدىن قورقماي قانداق پاراڭلاشتىڭىز، خۇددى دېۋىلەرگە ئوخشايدىغان ئادەم ئىكەن، تونۇمسىز؟ دېيىشتى. مەن ئۇلارغا:

ــ بىزنىڭ قوشنىمىزنىڭ ۋە مېنىڭ ئوقۇتقۇچىمنىڭ يولدىشى ئىكەن، مەن كۆرمىگەنتىم. شۇڭلاشقا تونۇماي قالدىم، دېدىم.

ئايشەم ماموت: توۋا سۆيۈن ھەممە ئادەمنى بىردەك كۆرۈپ، ئوخشاش ھۆرمەت قىلىدۇ، مەن مۇشۇ مىجەزىنى ياخشى كۆرىمەن، دېدى.

## يېڭى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كېلىشى

25 ـ سېنتەبىر

ھاۋا ئوچۇق، يازنىڭ ئاخىرقى ئىسسىق كۈنلىرى بولسا كېرەك، بۇ كۈن ناھايىتى چىرايلىق بىر كۈن بولدى.

دۈيجاڭ ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇن بىز ئون ئايالنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى ئىشقا يولغا سالدى ۋە بىزگە: بۈگۈن سىلەر ئەرلەرنىڭ يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى يۇيۇپ قايتا

تىكىپ تەييار قىلىسىلەر، بۇ ۋەزىپىنى سىلەرگە تاپشۇرىمىز، سۆيۈنگۈل، سەن باش بولۇپ ئورۇنلايسەن، دېدى.

دۈيجاڭ مېھرىبان بىلەن ئاتىكەمنى ئېلىپ ئائىلىلىكلەرنىڭ ئۆيىدىن ئون دانە داس ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭغىچە ئەرلەر ئەترىتىدىن تاغدەك دۆۋىلەنگەن بىر قانچە ھارۋىدا يوتقان ـ كۆرپىنى ئېلىپ كەلدى.

ئۇ يوتقانلارنىڭ ماتېرىيالى بۇرۇن ئاق ئىكەن. ھازىر بوز رەڭدىن ئۆتۈپ قارا بولۇپ كېتىپتۇ. پاسكىنىلىقىغا ئادەم تونۇشقا يىرگىنىدۇ. بىرىنچى داستىن باشلاپ ئونىنچى داسقا كەلگەندە يۇيۇلۇپ ئاپاق بولۇپ چىقتى. چوڭ داستىكى سۇدا چايقاپ بىر باشتىن يېيىپ قۇرۇتتۇق. چۈشكىچە ئىككى يۈز نەچچە يوتقان تاشنى يۇيۇپ بولدۇق. چۈشتىن كېيىن يوتقانلارنى تىكىپ تەييار قىلىپ چىقتۇق.

دۈيجاڭ كېلىپ قاراپ تۇرۇپ: بۈگۈن سىلەرنى تۆگىتەلمەسمىكىن، دەپ ئويلىغان ئىدىم. خېلى چاققان پۈتتى. سۆيۈنگۈل سەن يوتقان تىكىشنى نەدىن ئۆگەندىڭ، ھەممىدىن سەن چىرايلىق تىكىدىكەنسەن. قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق، ھەر قانداق ئىشنى قىزغىن ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەيسەن، خاراكتېرىڭمۇ ياخشى، ئەقىللىقسەن، ھەممە تەرىپىڭ ياخشى، ئەمما مەسىلە سېنىڭ شۇ بىر ئىدىيەڭدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ، دېدى. مەن:

ــ ئۇنداق دېمەڭ دۈيجاڭ، مەن ياخشى ئۆزگىرىۋاتىمەن، دەپ كۈلدۈم. ئىچىمدە بىزنى ئۆزگىرىدۇ دەپ ئويلامدىكىن؟ ھەر نەرسىنى ئۆزگەرتىسمۇ لېكىن بۇ كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلىدىم.

يوتقانلارنى ساناپ ھارۋىغا بېسىۋاتاتتۇق، چاڭبۇدىن بىر ئادەم كېلىپ ساجىدەنى چاقىرتىپ ئېلىپ كەتتى. مەن ساجىدە قايتىپ كەلگۈچە غەم قىلىپ كۈتۈپ ئولتۇردۇم. يېرىم سائەتتىن كېيىن ساجىدە قايتىپ كېلىپ يېڭىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلگەنلىكىنى دېدى.

بىز كەلگەن كۈننىڭ ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئېسىپ قۇيۇپ ئۇرۇپ ئۆلۈك ھالدا ئەرلەر ياتىقىغا سۆرەپ كەتكەن بالىنى كۆرگەنتۇق. شۇ بالا (ئىسمى يادىمدا يوق) ھوشىغا كېلىپ قېچىپ توپتوغرا جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە بېرىپتۇ، ئۇ يەردىكى باشلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بارلىق ئەھۋاللارنى ئېيتقان ئىكەن، دوختۇر تەكشۈرۈپ چىقىپ سۇنغان، يېرىلغان جايلىرىنى داۋالىغان ئوخشايدۇ. بۇ ئەھۋال بىلەن بىللە 57 ـ يىلىدىن بۇيان

كەلگەن نەچچە مىڭ پارچە ئەرز ۋە شىكايەت خەتلەرگە ئاساسەن شىيگوبىغا يېڭىدىن «خىزمەت گۇرۇپپىسى» ئەۋەتىپ، بۇ يەردىكى ئىشلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كېلىپتۇ. ئۇلار بىرىنچى بولۇپ، تاياق يېگەنلەردىن ئەھۋال ئىگىلەۋاتقان ئوخشايدۇ، ساجىدەدىنمۇ شۇ ئۇرۇلغانلىقى سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ئايگۈل، ئاتىكەم باشلىق يىگىرمىدەك ئايالنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ چىقىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. «خىزمەت گۇرۇپپىسى»غا بارات چۈيجاڭ دېگەن كىشى باش بولۇپ كېلىپتۇ.

بارلىق ئاياللار خۇشال بولۇپ «ۋاڭجې شوبەن» ئۈستىدىن ۋە چاڭجاڭ ھەم باشقا ئادەم ئۇرغان خەنزۇلاردىن شىكايەت ياغدۇردى. ئادەم ئۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار، تاياق يېگۈچىلەر مىللىيلار ئىدى. نەگە بارساڭ يۈرەكنى ئېزىدىغىنى مۇشۇ ئىش ئىدى.

بىرەر ئايدىن كېيىن شۇ ئادەم ئۇرغان كىشىلەرنى (چاڭجاڭدىن باشقىلارنى) تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، قارا خىزمەت قىلدۇردى. بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن ھېلىقى جاللات چىراي ۋەھشىي ۋاڭجې شوبەن يوقاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىرى ئۇنى كۆرمىدۇق. بەلكى ئۇنىڭ ئىش ئورنىنى يۆتكەپ كەتتىمىكىن، ھەممىمىز خۇشال بولدۇق. خۇددى ئازادلىققا چىققاندەك يەڭگىل بوپقالدۇق.

خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىپ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ بىر ئاز ياخشىلاندى. ھەپتىسىگە بىر مەرتىۋە ئاق ئۇندىن موما يەيدىغان، ئايدا بىر مەرتىۋە ياغ ـ گۆشسىز بولسىمۇ سۇيۇقاش بېرىدىغان بولدى. ئاللاھقا شۈكۈر، ئادەم ئورىدىغان ئىشلار يوقالدى. بىراق يەنە شۇ ئاچ قورساقلىق ۋە ئېغىر ئەمگەك.

بىز خىزمەت گۇرۇپپىسى توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتۇق. يېنىمىزغا سادەت بىلەن خەلچەم خىجالەت بولغان ھالدا كېلىپ ئولتۇردى، بىز ئۇلارغا:

ـ كېلىڭلار! دەپ سۇرۇلۇپ ئورۇن بوشاتتۇق، ئۇلار بىر ـ بىرسىگە قارىشىپ قىسىلغاندەك بولۇپ:

ـ ساجىدە ئۆتكەندە ماھىنۇر بىزگە قاچقان بولۇپ، ياتاقنىڭ كەينىدىكى مەيداننىڭ چېتىدە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ سىلەرنى تۇتقىلى كەلگەندەك ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ قايتىپ كېلىڭلار، تەشكىلگە ھەم ئاياللارغا ساجىدە بىزنى قاچۇردى، قېچىپ كېتىڭلار، دەپ ئۆگەتتى، دەپ ئېيتىڭلار، مەن ئىش باشقۇرغۇچى بولسام سىلەرگە ياردەم قىلىمەن، قىينالماي ياشايسىلەر، دېدى. بىز ماقۇل دەپ سىزگە يالغاندىن تۆھمەت قىلغانتۇق. سىز ئاغرىپ قالغاندىمۇ بىزنى سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىرگۈزمىگەن ئىدى، خاپا بولماڭ بىزنى

كەچۇرۇڭ، دېدى.

بىز تۇرۇپ قېلىپ: «ئالدىڭغا كەلسە ئۇنىڭدىن كەچ» دېگەن ماقال بار، بۇنىڭدىن كېيىن يالغان سۆزلەپ كىشىلەرگە تۆھمەت قىلماڭلار، دېدۇق.

سادەت: بىز دۇيجاڭغا كىرىپ دېگەنتۇق، بىزنى قاتتىق ئەيىبلىدى، ئىككىنچى ئۇنداق يالغان سۆزلىسەڭلار بىز سىلەرنى جازالايمىز، دەپ تەنقىدلىدى، دېدى.

## ئەرلەر ئەترىتىنىڭ كۆچۈشى

4 ـ ئۆكتەبىر

ھاۋا خېلى سوغۇق ئىدى. يېڭى كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۈننىڭ كۈچسىز نۇرى ئەتراپنى يورۇتۇپ، تەبىئەتنى جانلاندۇراتتى. ئاسماننى توشقۇزۇپ ئۇچۇپ يۈرگەن ھاڭغىرتلارنىڭ قى ـ قاق دەپ ۋارقىراشلىرى كەڭ دالاغا ھايات بەخش ئېتەتتى.

يۈزلىمىنى يۈيۈۋېتىپ ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەپ كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپ ماشىنا يولى تەرەپكە قارىدىم. ئۇزاقتا چاڭ توزۇتۇپ بەشتەك ماشىنا كېلىۋاتاتتى. بۇ سەھەردە ماشىنىلار نېمە قىلىپ كېلىۋاتقاندۇ؟ دەپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. كۆپ ئۆتمەي ماشىنىلار ئات ئېغىلىنىڭ ئالدىدىكى يولدىن ئۆتۈپ ئەرلەر ھويلىسىنىڭ ئالدىغا قاراپ كەتتى. ماشىنىلاردا ھېچ نەرسە يوق قورۇق ئىدى. مەن ياتاققا قايتىپ كىردىم. مېھرىبان تاماق ئېلىپ كەلگىلى ئاشخانىغا مەن باراي، شۇ يەردىكىلەردىن ئەھۋالنى بىلگىلى بولىدۇ، دەپ ئاشخانىغا تاماق ئالغىلى كەتتى. ئەرلەر ھويلىسىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلار ۋە ئۇياققا ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئادەملەردىن قانداقتۇر بىر جىددىيلىك بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئاياللارمۇ ئەھۋاللارنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىدىن ماشىنىلار نېمىشقا كەپتۇ؟ دەپ سورۇشۇپ ۋە ھەركىم ئۆز پەرەزلىرىنى سۆزلىشەتتى. كۆپ كېچىكمەستىن ئاشخانىغا تاماق ئالغىلى كەتكەنلەر قايتتى، بەزى ئاياللار خەۋەرنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ كېتىپ تاماق ئېلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

مېھرىبان چېلەكنى يەرگە قويۇپ، ئەرلەرنى شابامۇ لاۋگەي (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش) مەيدانىغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كېلىپتۇ. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ماڭىدىكەن. سانجىنىڭ يېنىغا يېقىن يەر دەيدۇ، دېدى.

ئايشەم: بىزلەرچۇ؟ ئاياللار ئەترىتى قاچان كۆچىدىكەن؟ دەپ ھاياجانلانغان ھالدا سورىدى.

مېھرىبان: ئاياللار ئەترىتى توغرۇلۇق ھېچقانداق خەۋەر يوق. ھېچكىم بىلمەيدۇ. پەقەت لاۋما ئاياللار كۆچىسمۇ بەش ئايدىن كېيىن كۆچەر، ھەر ھالدا بۇ يەردە سۇ بولمىغاندىن كېيىن ئاشلىق تېرىلمىسا ئارتۇق ئىشمۇ يوقتە، دەپ ئىچىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى يوشۇرالماي:

ـ بۇ يەردە بىزلەردىن باشقا ئادەملەرمۇ قالمايدىغان ئوخشايدۇ، ھارۋىكەشلەر ئەترىتىدىكىلەرنىڭمۇ بىر قىسمى، كادىرلارنىڭ، ئاياللار ئەترىتىنىڭ ۋە بىر قىسىم كادىرلارنىڭ، باشلىقلارنىڭ ھەممىسى كېتىدىكەن، دېدى.

ئاياللارنىڭ ھەممىسى بەكمۇ كۆڭۈلسىز بولۇشتى. بەزىلىرى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ چۆللەردە يالغۇز قالغان مۇساپىرلاردەك ھېس قىلىشىپ كۆڭۈللىرى بۇزۇلدى. بۇ يەردىكى كۆپچىلىك خەلقنىڭ كۆچۈپ كېتىش خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەنمۇ كۆڭۈلسىز بولدۇم. قانداقتۇر مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئادەملەرنى ياخشى كۆرەتتىم. قانچە كۆپ ئادەمنىڭ ئىچىدە بولسام ئۆزۈمنى شۇنچە بەختلىك ھەم چەكسىز خۇشال ھېس قىلاتتىم. مېنىڭ دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسەم ئىنسانلار ئىدى. مەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ، يالغۇز قالمىسام دەپ ئويلايمەن. ئەتراپتا ھېچبىر ئىنسان يوق. بۇ مەيداندا كىشىلەر كۆچۈپ كېتىپ، ئازلا ئادەمنىڭ قېلىشى ھەقىقەتەن بىزنى كۆڭۈلسىز قىلاتتى.

ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولۇشىمىزغا، ئەرلەر ھويلىسىدىن ماشىنىلار قوزغىلىپ مېڭىشقا باشلىدى. ئاياللار ياتاقلىرىدىن چىقىپ ھويلىدا ماشىنىلارنىڭ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇراتتى. كۆپ ئۆتمەستىن ماشىنىلار بىزنىڭ ياتاقنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ چوڭ يولغا قاراپ كەتتى. ھەر ماشىنىدا پىلىموت تۇتقان بەش خەنزۇ ھەربىي ۋە قورallıق تۆت كادىر ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

جىنايەتچىلەر بولسا ماشىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى قاسقانغا تىزغان مانتىدەك ئولتۇرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ كەينى ـ كەينىدىن ماشىنىلار مەھبۇسلارنى ئېلىپ ماڭدى. ئەڭ كەينىدە ئائىلىلىك كادىرلارنىڭ ماشىنىسى قوزغىلىپ مېڭىپ كەتتى.

# ئايالالارنىڭ ياۋا توڭگۇزنى تۇتۇشى

20 - دېكابىر قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق كۈنلىرى ئىدى. ئەتراپ ئاپاق قار بىلەن قاپلانغان، كەڭ جىمجىت دالانىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇ ئامبىرىنىڭ ئېغىر مۇشەققەتلىك ئەمگىكىنى ئىشلەۋاتقان ئايالالاردىن باشقا ئەتراپتا باشقا ھېچبىر مىدىرلىغان جان كۆرۈنمەيتتى. ئاسمان قويۇق قارا بۇلۇت بىلەن قاپلىنىپ، قېلىن قارنىڭ دېرىكىنى بېرەتتى. ھۇۋلاپ سوققان شىۋىرغان ئەتراپتىكى سوغۇقنى ئادەمنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئۆتكۈزۈپ سوقاتتى. مۇزلاپ كەتكەنلىكتىن ئاغزىم سۆزگە كەلمەي تىترەيتتىم. ئايالالارمۇ مۇزلىغىنىدىن بىر يەردە تۇرۇپ سەكرەيتتى، يەرگە توڭ يۇرۇپ كەتكەنلىكتىن جوتۇنى چاپساق ياڭاقتەك چالما ئېتىلىپ چىقىپ ئەتراپقا چاچرايتتى.

شۇنداق قىلىپ بىر سائەت جوتۇ چاپقاندىن كېيىن توڭنى ئاچقىلى بولاتتى. غۇلاچ يەتمىگۈدەك يوغان سېۋەتلەرگە توپىنى سېلىپ ئاران كۆتۈرۈپ سۇ ئامبىرىنىڭ قىرىغا ئېلىپ چىققۇچە قىر ئۈستىدىكى قىزلار قوللىرىمىزنى تارتىپ يۇرۇپ ئاران چىقاتتۇق.

تۇراخان: ھەي قىزلار خۇش خەۋەر، يىراقتىن بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈۋاتىدۇ، پوچتالىيونمۇ ياكى بىرسىنىڭ تۇغقانلىرىمۇ بىرسى كېلىۋاتىدۇ، دېدى.

ھەممە قىزلار خۇشال بولۇشۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەمگە دىققەت قىلىپ قارىشىپ ھەركىم ئۆز پىكىرلىرىنى سۆزلىشىپ چۇرۇلدىشىپ كەتتى. دۈيجاڭ تېز بولۇڭلار، گەپ قىلماي ئىشلەڭلار، دېدى. سوغۇقتا توڭلىغانلىقتىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى. يوغان قېلىن ياغلىق بىلەن ئاغزى - بۇرنىنى يۆگەپ قېلىن پاختىلىق ھەربىي چاپاننىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ مۇزلىغىنىدىن ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي ماڭاتتى. دۈيجاڭنىڭ يولدىشى مىللىي ئارمىيىدىن تۆۋەنگە چۈشكەن ئادەم ئىدى، شۇنىڭ ھەربىيدە بەرگەن چاپىنى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. گۈلنىسا دۈيجاڭنىڭ شۇ ھالىتىگە قاراپ ئىچىمدە: تووۋا بىر گۈزەل ياش ئايال ئىكەن، كۆڭۈلسىز تەبىئەت، كۆڭۈلسىز ھايات ئىچىدە ئىسسىق - سوغۇقتا مەھبۇسلار بىلەن بىر سائەتمۇ ئايرىلماي بىللە ياشايدۇ. مەھبۇسلار يىل تولدۇرۇپ چىقىپ كەتسە، بۇ بىچارىنىڭ تولدۇرىدىغان يىلى يوق. پۈتۈن ئۆمرى مۇشەققەتتە ياشايدۇ. بۇ كەسپىنى قانداق تاللاپ قالدىكىن؟ دېگەنلەرنى ئويلىغاچ دۈيجاڭغا قاراپ قاپتىمەن. دۈيجاڭ مېنىڭ ئۆزى توغرىسىدا ئويلاپ قالغىنىمنى سەزگەندەك:

_ ھە نېمە قاراپ قالدىڭ؟ دېدى.

مەن كۈلۈپ قويۇپ، سىۋەتنى كۆتۈرۈپ توپا ئېلىش ئۈچۈن چوڭقۇرغا يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەتتىم.

ھېلىقى بىز قاراپ تۇرغان ئادەم پوچتالىيون ئىكەن، ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ھەممىمىز ئۆز ئۆيلىرىمىزدىن بىرەر خەت ـ خەۋەرلەر بارمىكىن؟ دەپ ئۈمىدلىنىپ بىلىشكە ئالدىرايتتۇق. قېرىشقاندەك ۋاقىتمۇ ئاستا ئۆتەتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن سۇ ئامبىرىنىڭ ئۈستىدە سىۋەتنى تۇتۇپ تۇرغان سەۋرىنىسا: قىزلار ماشىنا كېلىۋاتىدۇ، دەپ توۋلىدى. قىزلار ئالدىرىشىپ قىر بېشىغا چىقىپ ماشىنا كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ خۇشاللىقتىن چىرقىراشتى. ناۋادا سەن ئۇلاردىن نېمىشقا خۇشال بولۇۋاتىسەن؟ ئۇ ماشىنىدا نېمە خۇشاللىق بار ساڭا؟ دەپ سورىساڭ ئېيتىپ بىرەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭدەك مەنمۇ ئۆز كۆڭلۈمدە ئىنتايىن خۇشاللىق ھېسنى سەزدىم.

كۆپ ئۆتمەي ماشىنىمۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۈستىدە بىر قانچە ئادەم بار ئىدى. سوغۇقتىن چۈمكىنىپ ئالغان كىشىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلگەندە بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

تۇرنىسا: تۇرمىدىن ئادەملەرنى ئېلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دېگەنتى باشقا ئاياللار خۇشال بولۇپ سەكرىشىپ كەتتى.

خەلچەم:

ــ سەن نەدىن بىلىسەن، ئادەم يوقلاپ كەلگەنلەردۇر، دېدى.

تۇراخان:

ــ نېمانچە قىلىسەن، ياتاققا بارغاندىن كېيىن بىلەرسەن، سېنى يوقلاپ كېلىدىغان ئادەم باردەك خۇشال بولۇپ كېتىپ بارىسەنغۇ، دەپ شاڭخو قىلغاندەك كۆزىنى ئالايتىپ قويۇۋىدى، ئايشەمنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كېلىپ، ۋاي ماۋۇ بىر نېمىنى، سېنىڭ كىمىڭ بار ئىدى يوقلاپ كېلىدىغان؟ خەقنى شاڭخو قىلغۇدەك نەرىڭ، نېمەڭ بار ئىدى؟ دەپ تۇرۇشىغا تىللاخان قولىدىكى سىۋەتنى چۆرۈۋېتىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئايشەمگە ئېسىلدى. ئىككىسى شۇنداق دەھشەت مۇشتلىشىپ، سىقىشىپ، يەرگە يۇملاپ بىر ـ بىرىنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى.

دۈيجاڭ كېلىپ:

ــ ھەي نېمە بولۇشتۇڭ؟ دەپ ئىككىسىگە ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىنى قويۇۋېتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چاچلىرىنى ئوڭشاپ ياغلىقلىرىنى قوللىرىدا تۇتۇپ سېۋەتنى كۆتۈرۈپ توپا ئېلىش ئۈچۈن ئورمانلىققا چۈشۈپ كەتتى.

كۈنگە نەچچە مەرتىۋە ئۈچرايدىغان بۇ ئۇرۇشۇشلارغا ئۆگىنىپ قالغانلىقتىن ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئۇرۇشۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەستىن ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردى.

سۇ ئامبىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئايشەم ئايۇپ:

ــ دۈيجاڭ، بىر ياۋا توڭگۇز كېلىۋاتىدۇ، دەپ ۋارقىرىدى. دۈيجاڭ:

ــ ھە بوپتۇ، ئىشىڭنى ئىشلەۋەر، دېدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاياللار توپىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالدىراپ سۇ ئامبىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى ۋە شۇ ياۋا توڭگۇز بار تەرەپكە قارىشىپ، راست ياۋا توڭگۇز ئىكەن، دەپ جېدەللىشىپ ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشتى. مەنمۇ قىر ئۈستىگە چىقتىم. راستتىن بىر كىلومېتىر يىراق يەردە ئۆكۈزدىن سەل كىچىكرەك بىر ھايۋان كېلىۋاتاتتى. پۇتلىرىنىڭ قىسقىلىقى، بويىنىنىڭ يوغانلىقى ۋە تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەپ كېلىۋاتقانلىقىغا قارىغاندا توڭگۇزغا ئوخشايتتى. مەن بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا بىرەر يېزا ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ توڭگۇزى بولۇپ چىقىپ كېتىپ ئادىشىپ كېلىۋاتقاندۇ، دەپ ئويلىدىم. بۇ قاتتىق سوغۇقتا قېلىن قارلىق دالادىن نېمە ئىزدەپ چىقسۇن؟

بۇ يەرلەردە ياۋا توڭگۇز بولارمۇ؟ ياۋا توڭگۇز يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ بىرسى، ئەگەر ياۋا توڭگۇز بولۇپ، مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالسا قانداق قىلارمىز، دېگەن ئۆي بىلەن كۆڭلۈمدە ئەنسىرەش پەيدا بولدى. ھەممىمىز ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇرغاچ ئىشلەيتتۇق، دېگەندەك ئۇ توپتوغرا بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى. ئايشەم ئايۇپ:

ــ دۈيجاڭ ياۋا توڭگۇز باشقا تەرەپكە قاراپ كەتتى، تۇتۇپ كېلەيمۇ دېۋىدى.

دۈيجاڭ:

ــ توڭگۇز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ئىشىڭنى ئىشلە، دېدى.

مەن ئايشەم چاقچاقتىن شۇنداق دەۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ تۇراتتىم. ئايشەم بىر ئاز قاراپ تۇرۇپلا قولىدىكى سېۋەتنى يەرگە قويدى ۋە تۇرنىسانىڭ قولىدىكى چەكزىنى ئېلىپ سۇ ئامبىرىنىڭ ئۈستىدىن يۈگۈرۈپ چۈشتى. قېلىن قارنى كېچىپ يوغان ـ

يوغان ئاتلاپ توڭگۇزغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئايشەمنىڭ كەينىدىن تۇراخان ئۇزۇن ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كەتتى. تۇراخاننىڭ كەينىدىن ئايشەم مامۇت، سادەت، سەۋرىنىسا، مانەم، زىلەيخا، پاتەم، خەلچەم قاتارلىقلار يۈگۈرۈپ كەتتى. تۇرنىسا كېلىپ مېنىڭ قولۇمدىكى ئەپكەش تاياقنى تارتىپ ئېلىپ ماڭغان ئىدى، ھودۇقۇپ قالغان گۈلنىسا دۈيجاڭ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرنىسا مېڭىشى بىلەن سۆيۈنگۈل مىدىرلىما، دەپ ماڭا توۋلىدى. مەن گەپ قىلماستىن دۈيجاڭغا قاراپ قويۇپ تۇرغان جايىمدىن مىدىرلىمىدىم. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى  يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان يىگىرمىدەك ئاياللارغا قاراپ تۇردۇم. دۈيجاڭ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان قىزلارنى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەممىمىزگە مىدىرلىما، دەپ ۋارقىرايتتى. ئەپكەشلىرىمىزنى ئۇلار ئېلىپ كەتتى، ئىشلەش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن كەتكەن ئاياللارغا قاراپ تۇردۇق. كۈن كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. ھاۋا قاتتىق سوغۇق ئىدى. ھەممىمىز سۇ ئامبىرىنىڭ ئۈستىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاياللارنىڭ كەينىدىن نېمە بولۇشىنى كۆزىتىپ قاراپ تۇراتتۇق. ئۇلار قېلىن بېسىلىپ كەتكەن قارنىڭ ئۈستىدە تېزدىن ئاشقۇدەك قارنى كېچىپ ئاران كېتىپ باراتتى. ئۇلار خېلى ئۇزاپ كەتتى. دۈيجاڭ ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇلار بارغانسېرى بىزدىن يىراقلاپ مىدىرلاپ كېتىۋاتقان قارا چېكىتكە ئايلاندى. مەن بۇلار مۇشۇ باھانە بىلەن قېچىپ كېتەمدۇ نېمە؟ دەپ قالدىم. دۈيجاڭ قايتىپ كېتىشنىمۇ ياكى ئۇلارنى كۈتۈشنىمۇ بىلمەي قالدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇلار ھېلىقى توڭگۇزنى ئالدىغا سېلىپ چوقۇرۇشۇپ ھەيدەپ ئېلىپ قايتىشتى. ھەممىمىز ئەنە كېلىۋاتىدۇ، دەپ ۋارقىرىشاتتۇق. دۈيجاڭمۇ «ئۇپ» دېگەندەك بولۇپ قالدى. يىگىرمىدىن ئوشۇق ئايالنىڭ پۈتۈن ئەتراپنى ياڭرىتىپ چۇرقىراپ، ۋارقىراشلىرىدىن ھۆركىگەن جانىۋار ئۈچ تەرەپتىن تەڭلەنگەن توقماق تاياقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆمرىدە ئۇچراتمىغان بۇ ھالەتلەردىن قورقۇپ ئاياللارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كېلەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن دۈيجاڭ بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ:

ـ مەن بۇلارنى چوشقىنى باھانە قىلىپ قېچىپ كېتەرمىكىن دەپ قورققان ئىدىم، سەن ئاياللاردىن ھەر نەرسە قورقىدۇ جۇمۇ! ياۋا توڭگۇزنى ئالدىغا سېلىپ كېلىۋاتقىنىنى قارا، دەپ ئۆزىنىڭ ئەنسىرىگەن كەيپىياتىنى يوقىتىپ خاتىرجەم بولغاندەك بولدى.

مەن:

ـ دۈيجاڭ  بۇ سوغۇقتا قاراڭغۇ كېچىدە «كەت» دېسىڭىزمۇ كەتمەيدۇ. سوغۇقتا مېڭىش ئوڭايمۇ، دېدىم.

ــ سەن نېمە دەيسەن، ئۆتكەندە بىر توشقاننى قوغلاپ ئون نەچچە ئادەم يۈگۈرۈپ چىقىپ بىراقلا قېچىپ كەتتى. ئۇ ئادەملەرنىڭ بىر قانچىلىرىنى تا ھازىرغىچە تۇتالماي يۈرمەمدۇ، دېدى.

سايمانلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقىنىمىزدا سۇ ئامبىرىنىڭ تۆۋىنىدىن ئاياللار توڭگۇزنى ھەيدەپ چوقۇرۇشۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

بىز ئىشتىن قايتساق بۇلارنىڭ چىقىرىشىپ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغان كادىر ۋە خىزمەتچى ئەرلەر يۈگۈرۈپ چىقىپ توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ سويۇپ ئالغان ئىكەن.

ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە سادەت كېلىپ: تۇرمىدىن ئىككى قىزنى ئېلىپ كەپتۇ. بىرسى ئۈچ يىللىق، بىرسى ئىككى يىللىق ئىكەن. سۆيۈن، ئۇلارنى ئۈرۈمچىلىك قىزلار دەيدۇ، سىز تونۇشىڭىز مۇمكىن، دوختۇرلۇق ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى قىزلار ئىكەن، دېدى.

ساجىدە: تېببىي ئىنستىتۇتتىن يەنە بىرسىنى ئېلىپ كەلدىمۇ ـ يە؟ دەپ ياتاققا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. ئارقىسىدىن مەنمۇ كىردىم. راستىنلا ياتاقتا يېڭىدىن كەلگەن ئىككى قىز ئولتۇراتتى. بىرسى يېشىل توقۇما پوپايكا، يوپكا كىيگەن، پاكار ئورۇق كەلگەن يۇمىلاق يۈزلۈك ئاپاق، ئىككى مەڭزى قىزىل، ئىنچىكە قارا قاشلىق، قارا كۆزلۈك چىرايلىق بىر ئايال ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئايال بولسا ئىنچىكە ئورۇق، ئوتتۇرا بويلۇق، ياپما قاپاق، پېشانىسى كەڭ، ئېڭەك تەرىپى تار، قارامتۇلراق، قارىماققا يېزىدىن كەلگەندەك كۆرۈنەتتى.

بىز ئىشكتىن كىرىپلا سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۆز ئورنىمىزغا ئۆتۈپ كەتتۇق. تاماقتىن كېيىن ئۇ قىزلار ئۆزى كېلىپ بىز بىلەن تونۇشتى.

پاكار، چىرايلىق قىز بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ:

ــ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىن قولغا ئېلىنغان قىزلار سىلەرمۇ، دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، بىز مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىن كەلدۇق. ئولتۇرۇڭ، دەپ ئورۇن كۆرسەتتۇق. ئۇ قىز رەھمەت ئېيتىپ ئورۇنغا ئولتۇرۇپ:

ــ مېنىڭ ئىسمىم زۆھرە، ئۈرۈمچى مالبازىرىدا ئولتۇرىمىز، دادام ئەمەت چوڭ دېگەن ئادەم، ئۈرۈمچىلىك بولساڭلار تونۇشۇڭلار مۇمكىن، دېدى.

ئۈرۈمچىلىكمەن، بىراق ياخشى تونۇمايدىكەنمەن، دەۋىدىم، سىز تونۇماسلىقىڭىز مۇمكىن. دادام تۈگەپ كەتكىلى ئۇزۇن بولدى. بۇرۇن ئاتاقلىق سودىگەر باي ئادەم بولغان

ئىكەن. مەن دادامغا ئوخشايمەن. دادام پاكار كىچىك ئىكەندۇق، كىشىلەر نېمىشقىدۇر ئەمەت چوڭ دەپ ئاتاشقانىكەن. مەن ئۆزۈممۇ ھەيران بولىمەن، دېدى.

بىز ئەمدى پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق، ئىشىكتىن مېھرىبان يۈگۈرۈپ كىرىپ:

ــ زۆھرە ئەمەت سىزنى دۈيجاڭ ئىشخانىغا چاقىرىۋاتىدۇ، دەپ قويۇپ، ئوچاق بېشىغا بېرىپ ئوتقا ئىسسىنىشقا باشلىدى.

زۆھرە ئورنىدىن تۇرۇپ: مەن سىلەرنىڭ بارلىقىڭلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ قېرىنداشلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بۇ ئېغىر كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزسەك يەڭگىل بۇلار دەپ ئويلايمەن. سىلەر بولمىغاندا ماڭا قانداق قېيىن بولاتتى. مەن چىقىپ كېرەي، دەپ چىقىپ كەتتى.

# ئاياللار ئەترىتىنىڭ شاباخۇغا كۆچۈشى

23 - فېۋرال

ئەتراپ جىمجىت، بارلىق ئاياللار تاتلىق ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتاتتى. ياتاققا كىرىپ چېلىنغان پۇشتەك ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئاياللارنىڭ ھەممىسى غودۇڭشىپ تىللاشقا باشلىدى. ھوي بېشىڭنى يەيدىغان قارىغۇ... نېمە ياتاقتا چالىدىغاندۇ. تالادا چالسا بولمامدىغاندۇ. قوتۇر ئاكتىپ ئاۋاق، بۆك ئال دېسە باش ئالىدىغانلار، دەپ تەرەپ - تەرەپتىن تىللاپ كەتتى. ھەقىقەتەن ماھىنۇرنىڭ بۇ قىلىقىغا بۇ تىللار بەلكى ئازلىق قىلاتتى. ھويلىدا چالىدىغان پۇشتەكنى قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان ئاياللارنىڭ ياتىقىغا كىرىپ چالاتتى.

ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كىيىنىپ بولغۇچە گۈلنىسا دۈيجاڭ ياتاققا كىرىپ كەلدى ۋە:

ــ ئورنۇڭلاردىن تۇردۇڭلارمۇ؟ دېدى. ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگەندەك «تۇردۇق» دەپ جاۋاب بەردى ۋە سەھەردە دۈيجاڭ ياتاققا كىرگىنىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالدۇق.

ــ تۇرغان بولساڭلار تاماققىچە ئورۇن - كۆرپىلىرىڭلارنى تېڭىپ تەييار بولۇڭلار. تاماقتىن كېيىن تراكتور كېلىدۇ. يۈكۈڭلارنى تراكتورغا بېسىپ سائەت توققۇزلار بىلەن مېڭىش كېرەك، دېدى.

ئاۋاز چىقارماي ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئاياللار بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر

خۇشال بولۇپ سەكرىشىپ كەتتى.

نەگە بارىمىز دۈيجاڭ؟ دەپ زەينەپ سورىغان ئىدى.

ــ بارغاندا كۆرسەن، تەييارلانساڭ بولىدۇ، دېدى. ئاياللار ھەممىمىز كېتەمدۇق؟ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، ھەممىمىز كۆچۈپ كېتىمىز، تېز تەييارلىنىڭلار، دەپ چىقىپ كەتتى. ئاياللار جىددىي ھالەتتە يۈك ـ تاقلىرىنى تېڭىشقا كىرىشتى. ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ «سومكاڭ بارمۇ؟» ئۇ يۇق، بۇ يوق، ئۇ نەدە، بۇ نەدە؟ دەپ چوقۇرۇشۇپ يۈرۈپ تاماققىچە يۈك ـ تاقلىرىمىزنى تېڭىپ بولۇپ، بىر چەتكە دۆۋىلەپ قويدۇق. ئىككى تراكتورغا بىرىنىڭ ئالدىغا بىرى دېگەندەك تىقىلىپ ئاران ئولتۇردۇق.

تراكتور ھەيدىگۈچىنىڭ يېنىغا قورالliq بىر كادىر ئولتۇرۇپ سائەت سەككىز يېرىمدا شيگوبىدىن قوزغىلىپ ماڭدۇق. شيگوبى ئۇرۇشتىن كېيىن ئادەمسىز قالغان ۋەيران شەھەردەك بوشاپ قالدى. پۈتۈن دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ئىنسان بىلەن، چۆلنىمۇ گۈزەل قىلىدىغىنى ئىنسان، دەپ كەينىمگە قاراپ خىيال بىلەن جىم ئولتۇرۇپ قالغان ئىكەنمەن، ساجىدە:

ــ ھەي سۆيۈن شيگوبىغا قىيماي كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇۋاتامدۇ، دەپ چاقچاق قىلدى. مەنمۇ: ھەئە ئۆگىنىپ قاپتۇق ئەمەسمۇ، قاراڭلار قانداق كۆڭۈلسىز بولۇپ قالدى، دەپ چاقچاق قىلىپ كۈلدۈم. قىزلارمۇ كۈلۈشتى. قىزلار خۇشال ئىدى. ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان پاشاخانمۇ ئىككى مەڭزىگە قىزىل سۇرتۈپ بىر قېشىغا قارا، بىر قېشىغا سۇس قاشلىق قىلىۋالغان ئىدى. قانداقتۇر خۇشال كۆرۈنەتتى. زەينەپ:

ــ قىزلار مەن بۈگۈن ئازات بولغاندەك كۆڭلۈم خۇشال بولۇۋاتىدۇ، دەپ كۈلدى. تىللاخان:

ــ زەينەپ ساڭا ئۈچ ئاي، ماڭا تۆت ئاي قالدى، خۇدايىم بۇيرۇسا ئازات بولىمىز، يۇرتقا قايتىمىز، كۈنلەر چاپسان ئۆتسە دەپ تىلەيمەن، ۋاي جېنىم شۇ كۈنلەر كېلەرمۇ؟ شۇ چاغدا قانداق بولۇپ كېتەرمىز، دەپ ئىككى قولىنى ئېگەك ئاستىغا قويۇپ، بېشىنى كەينىگە تاشلاپ ئاسمانغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى. قىزلار ئۇنىڭ قىلىقىغا قاراپ كۈلۈشتى. تراكتور ئالدىدا ئولتۇرغان قورالliq كادىر:

ــ چۇرقىرىشماڭلار! دەپ توۋلىغان ئىدى، ئاياللار جىم بولۇپ شىۋىرلىشىپ ئاستا سۆزلەشتى.

بۇگۇن كۈن ئاجايىپ چىرايلىق، ئەتىياز پەسلىدەك ھاۋا ئىسسىق، ئاسمان بۇلۇتسىز، ئەتراپ كۆكۈللۈك ئىدى. تراكتور تارتىلداپ يۈكنى ئاران سۆرەپ كېتىپ بارغاندەك ئاستا ماڭاتتى. كىچىك سايلىقلارغا كەلگەندە تراكتور تارتالماي، بىز چۈشۈپ پىيادە ماڭدۇق. كىچىك دۆڭلەردىنمۇ تارتالماي ئاران سۆرەپ چىقىپ ماڭدى. كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان تراكتور بىز دۆڭدىن چىقىپ ماڭغاندا ئارقىدا قالدى. تۈز يوللاردا تراكتور چىقىپ دۆڭلۈك ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللاردا پىيادە، بەزى يەرلەردە قار كېچىپ، بەزى يەرلەردە لاي ۋە بەزى يەرلەردە سۇ كېچىپ دېگەندەك مېڭىپ سائەت ئۈچلەر بىلەن يېتىپ كەلدۇق.

مەيدانغا يېقىنلاشقاندا كەڭ يېيىلغان دېھقانچىلىق مەيدانلار ۋە قېلىن بۈك دەرەخلەر ئارىسىغا جايلاشقان كىچىك يېزىلاردىن ئۆتۈپ ماڭدۇق. تراكتور يولنىڭ ئىككى چېتى قېلىن دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىر قۇدۇقى بار يوغان ھويلىغا ئېلىپ كىردى. تراكتور توختىشىغا ھويلىنىڭ ئوڭ قول تەرەپكە قاتار قىلىپ سېلىنغان، دېرىزە - ئىشىكلىرىنى كۆك بويىغان، تاملىرىنى ھاك بىلەن ئاقارتقان يوغان ئۆيلەردىن بەش ئادەم چىقىپ بىزگە يۈكلىرىمىزنى كۆتۈرتۈپ قاتار تىزدى. يوغان تۆمۈر ئىشىكتىن، قوش مۇشتەك قارا قۇلۇپنى داراڭلىتىپ ئېچىپ ئىچكىرىكى ھويلىغا ئېلىپ كىردى.

تۆمۈر ئىشىك بىلەن يوغان قارا قۇلۇپنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەممىمىزنىڭ خۇشاللىقى يوقالدى.

شىيگوبىدا كەڭ دالاغا سېلىنغان ھويلىسىز ئۆيدە ياشاپ سىقىلاتتۇق. ئەمدى ئېگىز تاملىق، تۆمۈر ئىشىك، تۆمۈر قۇلۇپلۇق تار كىچىك ھويلىدا قانچىلىك ئېغىر سىقىلىشلار بىلەن ياشاشقا توغرا كېلىدىغانلىقنى ھېس قىلدىم. كىچىك ھويلىغا كىرىپ تۆت تەرەپكە سەپ سالدىم. ئىشىكتىن كىرىشتە ئوڭ قول تەرەپتە ئىشىكتىن تۆرگىچە بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى تام، ھويلىنىڭ تۆرىدە ئۈچ ياتاق، سول قول تەرەپتە ئۈچ ياتاق، ئىشىك تەرەپتە ئاشخانا باركەن. ھويلىغا كىرىپ ھەممىمىز قاتار تىزىلىپ رەتلەندۇق. يېنىمدا تۇرغان زورەم ھۇشۇر مېنى قولى بىلەن تارتىپ ئۆگزىنى كۆرسىتىپ ئىشارەتلىدى. ئۆگزىدە ئىككى ياش خەنزۇ ئەسكىرى، قولىدا يوغان پىلىموتنى بىزلەرگە تەڭلەپ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىنتايىن سوغۇق بىلىنىدىغان كۆرۈنۈش ئىدى. ئايال‌لار بىر - بىرىگە كۆرسىتىپ قورققان ھالدا پىچىرلىشىۋاتاتتى. دۈيجاڭ ئىشىكتىن بىر پارچە قەغەزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە قەغەزدىكى ئىسىملىكلەرنى ئوقۇپ ھەر قايسىمىزنى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى. تۆردىكى ئۈچ ياتاققا خەنزۇ ئايال‌لارنى، قالغان ئۈچ ياتاققا مىللىيلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئاشخانىنىڭ يېنىدىكى 15 مېتىر ئۇزۇنلۇق، بەش مېتىر كەڭلىكتىكى چوڭ ياتاقتا قىرىققا يېقىن ئاياللارنى ئورۇنلاشتۇردى. ياتاقنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشتە كىچىك ئوچاق ھەم كەڭ قىلىپ سېلىنغان تام مەش بار ئىدى.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئادەم ئاران مېڭىپ ئۆتەلەيدىغان ئورۇن قالدۇرۇپ ئىككى تەرەپكە لىم قويۇپ سامان تولدۇرۇلغان ئورۇنلار تەييارلاپ قويۇلغان ئىكەن. شۇ ئورۇنلارغا جايلاشتۇق. ھەر بىر ئادەمگە ئىككى غېرىچتىن ئورۇن بۆلۈپ، ئاياللارنى ئاران ئورۇنلاشتۇردى.

ئورۇن تار بولغانلىقتىن بىر تەرەپ بىلەن يېتىپ، بىر تەرەپ بىلەن تۇرۇشقا توغرا كەلدى، بولمىسا سىغىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يېرىم كېچە بولغاندا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازدا ئويغىنىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام كەينىدە قالغان تراكتوردىكى ئاياللار ئەمدى يېتىپ كېلىپ ياتاققا كىرىۋېتىپتۇ.

زۆھرە ئەمەت: «ئۇپ» ۋاي جان، ئانا ـ مانىمىزنى كۆرۈپ مىڭ تەسلىكتە ئاران يېتىپ كەلدۇق، دەپ كېلىپ سوپا چېتىگە قويغان لىمنىڭ ئۇستىدە ئولتۇردى. ياتاقتىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ھېچنېمىنى تويماستىن شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىنىپ يېڭى كەلگەنلەرنىڭ يېنىغا باردىم.

ـ نېمە شۇنچە كەچ قالدىڭلار؟ دەپ ھال سورىدىم. شۇ دۆڭدە تراكتورىمىز بۇزۇلۇپ، شۇ يەردىن پىيادە مېڭىپ مىڭ جاپا بىلەن ھېرىپ جېنىمىز ئاز قېلىپ ئاران يېتىپ كەلدۇق، دەپ قانچىلىك قىينالغىنىدىن شىكايەت قىلىشتى. ئاشخانىدىن ئادەم بېشىغا بىردىن قوناق نان بەردى. شۇنى يەپ يېتىپ قالدى.

## شاباخۇدا

24 - فېۋرال، ئەتىگەن كەتمەن ـ گۈرجەكلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ تىزىلىپ ئىشقا ماڭدۇق.

يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئادەمنىڭ غۇلچى يەتمەيدىغان يوغان دەرەخلىك كەڭ يول بولۇپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوڭ قول تەرەپتە خېلى چوڭ ماگىزىن ھەم ماگىزىننىڭ يېنىدا كىچىك دوختۇرخانا بار ئىدى. سول قول تەرەپتە چىرايلىق سېلىنغان كادىرلار ئىشخانىسى ۋە ئۇنىڭ كەينىدە قاتار ـ قاتار قىلىپ تىزىلىپ تۇرغان ئائىلىلىكلەر

بىناسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىشخانىنىڭ ئۈستۈنكى تەرەپتە باغ بولسا كېرەك، قويۇق ياش كۆچەتلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەر جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزگەرتىش مەيدانى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن، بىز شۇ چوڭ يول بىلەن بىر قانچە كىلومېتىر يۈرگەندىن كېيىن، يولنىڭ ئوڭ قول تەرىپىگە بۇرۇلۇپ، بىر كىشىلىك پىيادىلەر يولى بىلەن بىر يېرىم كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، يېڭىدىن قېزىپ ئىشلەۋاتقان ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ توختىدۇق. ئەرلەر بىر كىلومېتىر يەرگە بۆلۈنۈپ، ئۆستەڭ قېزىپ ئىشلەۋېتىپتۇ. بىز ئۇلارنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ چۈشتۇق. ھەر بىر ئايالغا كۈنىگە تۆت كۇپ يەرنى كولاشقا نورما قىلىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ يەرنىڭ توپىسى قارا شور ھەم زەي بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپ يىلتىزى چوڭقۇر ئۆسىدىغان قومۇشلۇقتىن ئىبارەت ئىدى. بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قېزىلغاندىن كېيىن، توپا كەتمەن ۋە گۈرجەكلەرگە چاپلىشىپ قىرىپ توپىنى چۈشۈرمىگۈچە كەتمەن، گۈرجەكلەر بىلەن ئاتقانغا چۈشمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى قىز بىرلىشىپ ئىشلەپ، بىرسى ئۈستىدە بىرسى ئۆستەڭنىڭ ئىچىدە گۈرجەكنى بىر بېسىپ گۈرجەكنى توپا بىلەن ئۈستىگە ئاتساق ئۈستىدىكى قىز گۈرجەكتىكى توپىنى قىرىپ چۈشۈرۈپ قېزىۋاتقان يەرگە تاشلاپ بېرەتتى.

قۇمۇشنىڭ قاتتىق ھەم قويۇق يىلتىزلىرى بىز ئۈچۈن تېخىمۇ قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى. بۇ ئۆستەڭ ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتا، تۆت مېتىر كەڭلىكتە بولۇشى كېرەك. ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۈشكەندە ئىچىدىن چىققان لاي بىلەن قىر ئىككى مېتىر ئېگىزلەپ، بەش مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يوغان بىر ئۆستەڭ بولۇپ چىقاتتى. ئىشتىن قايتقاندا ئاياغقا دەسسەپ ماڭغۇدەك ھالىمىز قالماي ئاران قايتاتتۇق.

مانا شۇنداق قىلىپ ئۆستەڭدە بىر ئاي ئىشلىدۇق.

# جېلىلىنىڭ دۇنياغا كېلىشى

28 - فېۋرال

تۈرمىگە ھامىلدار بولۇپ كىرگەن جەملە بىر ھەپتە بۇرۇن سانجى دوختۇرخانىسىغا كەتكەن ئىدى. ئۆستەڭ قېزىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى پۈتۈن ئىشنى تاماملاپ ياتاققا قايتىپ كەلسەك، جەملە بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرىدۇ. جەملىنى كۆرۈش بىلەن قىزلار چوقۇرۇشۇپ بېرىپ جەملە بىلەن كۆرۈشۈپ، بوۋاقنى قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆرۈشۈپ،

ۋيەي نېمە دېگەن چىرايلىق، نېمە دېگەن تاتلىق بوۋاق، دەپ سۆيۈشۈپ كەتتى. تىنچلىقى بۇزۇلغان بوۋاق يۈز كۆزىنى پۈرۈشتۈرۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنى كۆرگەن قىزلار تېخىمۇ ئامراقلىق قىلىپ كۈلۈشەتتى. ئامىنە:

ــ جېنىم ـ جېنىم، نېمىدېگەن تاتلىقسەن، يىغاڭمۇ چىرايلىق ئىكەن، سېنىڭ ئاۋازىڭ قۇلىقىمغا بۇلبۇل ئاۋازىدەك يېقىملىق ئاڭلاندى، خۇيمۇ چىرايلىقسەن، خۇيمۇ تاتلىقسەن دەپ قىسىپ سۆيۈپ كەتتى.

ئەمما نېمە تەلىيىڭ ۋە نېمە گۇناھىڭ باردۇ؟ تۇغۇلۇپلا تۈرمىنى كۆردۈڭ، دەپ بالىنى باغرىغا باستى. بالا توختىماستىن يىغلايتتى. بوۋاقنى جەمىلە ئېلىپ پەپىلەپ بەزلەشكە كىرىشتى.

جەمىلە ئېگىز بويلۇق، بەستلىك، ئاق سېرىق كەلگەن، سۇيۇق قىسقا خوما رەڭ چاچلىق، شالاڭ قاشلىق، ئاق پىشماق، قوي كۆزلۈك ئىسسىق چىراي، ئېغىر بېسىق، كەم سۆزلۈك ئايال ئىدى. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ئايالدەك كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇ ئىستىل بىلەن كوچىدا يۈرگەن ئاياللار قاتارىدا قولغا ئېلىنغانىكەن. ھەر نەرسىنىڭ سىرىنى بىر ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

ئۇ شىيگوبىغا كەلگەندە ئىككى ئايلىق ھامىلىدار بولۇپ كەلگەن ئىدى. شۇ ئېغىر بويى بىلەن پۈتۈن ئەمگەكلەردىن قالماي ئىشلەپ كەلدى.

تۇرنىسا: جەمىلە بوۋاق ئوغۇلمۇ، قىز؟ دەپ تۇرۇپ بالىنى قولىغا ئالدى، جەمىلە ئانىلىق مېھرى بىلەن بوۋاققا قاراپ تۇرۇپ، ئوغۇل، دەپ كۈلدى.

ساجىدە جەمىلىگە ئېچىنغان ھالدا:

ــ جەمىلە بۇ بالىنىڭ دادىسىغا خەۋەر قىلىسىڭىز، ئۇ كېلىپ سىز بىلەن بالىنى سوراپ ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيدۇ. بولمىسا بۇ بالىنى تۈرمىدە قانداق باقىسىز، بالىغا ئۇۋال دېدى.

جەمىلە ھەسرەتلىك كۆزى بىلەن بالىغا بىر قاراپ قويۇپ:

ــ بۇنىڭ دادىسى مۇشۇ يەردە، ماۋۇ ياندىكى ھويلىدا (بىزنىڭ ياتاقنىڭ كەينىدىكى تام ئەرلەر ھويلىسىغا يان تام ئىدى. شۇ ھويلىدا ئەرلەر ئەترىتى تۇراتتى) ئىسمائىل دېگەن ئادەم، ئۇمۇ تۈرمىدە بىزگە ياردەم قىلالمايدۇ، دەپ بالىنى باغرىغا بېسىپ پەپىلەپ بەزلەشكە باشلىدى. كىچىك پاتەم دادىسى ئاڭلىدىمۇ؟ دەپ سورىدى.

جەمىلە ئاڭلىدى، بالىغا دەپ سوپۇن، لۆڭگە كىرگۈزۈپتۇ، دېدى.

زىلەيخا ئۇ بىچارىنىڭمۇ تاپقان نەرسىسى شۇ ـ دە، دېدى.

جەملە بالىغا ئات قويدىڭىزمۇ دەپ سورىدىم، مەن.

ــ ياق تېخى ئات قويمىدۇق.

ئامىنە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەستىن «تۇرمە» قويايلى، دېدى.

ساجىدە: بۇ بىچارە نارەسىدە بوۋاقنىڭ نېمە گۇناھى، ئۆزى تۇرمىدە تۇغۇلۇپ، پۈتۈن ھاياتى بويىچە بۇ قاراڭغۇ ھاياتنىڭ ئىشىنى تۇرمە، دەپ توشۇپ يۈرسۇنمۇ؟ بولمايدۇ، دېدى.

كىچىك خەلچەم «تارىم» دەپ قويايلى، دېدى. شۇنداق قىلىپ ھەر بىرسى ھەر تۈرلۈك ئات تەييارلىدى. ھېچ قاندىقى كۆڭۈلگە مۇۋاپىق كەلمەيتتى.

زورەم تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئېتىغا يېقىن «ئىسرائىل» قويايلى، دېدى.

مەن، جاپاسىنى تارتمىغان دادىسىغا يېقىن قويغاندىن، جەملىنىڭ ئۆزىگە يېقىن ئابدۇلجېلىل يەنى جېلىل قويايلى، دېدىم. جەملىمۇ قوشۇلدى. ھەممىمىز بۇ ئىسمىنى لايىق كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن كىچىك بوۋاقنىڭ ئېتى ئەزانسىز، قامەتسىز بىزنىڭ ئاتىشىمىز بىلەن جېلىل بولدى. جېلىل ھەقىقەتەن بەكمۇ چىرايلىق بوۋاق ئىدى. قارا قۇمچاق كەلگەن يوغان قارا ئۆتكۈر كۆزلۈك ئۇزۇن كىرپىكلىك، ئۇزۇن ئىنچىكە قارا قاشلىق، قاڭشارلىق ئىنچىكە بۇرۇن، ئاغزى ئويماقتەك بولۇپ، پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قويۇق قارا چاچلىرى ئۇنى گۈزەل ۋە ئوماق كۆرسىتەتتى. ھەممە ئاياللارنىڭ ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپ ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەتتى. بالا يالىڭاچ بىر لاتا بىلەن يۆگەپ قويۇلغان ئىدى. ھەممىمىز شۇ بالىنىڭ غېمىنى قىلىشىپ ئۆزىمىزدە بار نەرسىلەر بىلەن جېلىلگە كىيىم تىكتۇق.

ماھىنۇر كۆينەك، ئىشتان تىكتى، مەن ئۆزۈمدە بار يۇڭ يىپ بىلەن بېشىغا پوسما ھەم جىلىتكە توقۇپ بەردىم. پاتەم ئىشتان پايپاق تىكىپ، شۇنىڭ بىلەن جېلىلمىزنى كىيىندۈرۈپ ياساپ قويدۇق. لېكىن جەملە ئۆزى ئاچ قورساق، ئېغىر ئەمگەك ئىشلەپ يۈرگەنلىكتىن بالىغا سۈت بولماي بالا ئاچ قورساق، ئاغزى بېسىلماي يىغلايتتى. جېلىل ئاغزىنى ئېچىپ ئەتراپتىن يۈزىگە نېمە تەگسە ئېمىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ھەممىمىز بۇنىڭغا ئامالسىز قالدۇق. ئاخىرى بولماستىن قوناق مومىنى چايناپ يېگۈزۈشنى مەسلىھەت قىلدۇق. جېلىل يۇمشاق چاينالغان قوناق مومىنى، يالماپ ئالدىراپ يەپ كېتىۋىدى، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، بالىغا ئىچىمىز ئاغرىپ كەتتى. بالا ئاغرىپ قالارمۇ دەپ

ئەنسرەپ بالىغا دىققەت قىلاتتۇق.

بىچارە نارەسىدە بالا قورساق تويغاندىن كېيىن شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

## نوپۇسسىز، نورمىسىز جېلىلنىڭ زارى

11 - مارت

قىزىپ ئاغرىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن دوختۇرنىڭ قەغىزى بىلەن ئىشقا چىقماي دەم ئېلىپ ياتاقتا قالدىم. چۈشتىن كېيىن ساجىدەمۇ ئاغرىپ قالغانلىقتىن ئىشقا چىقماي قالدى. لېكىن بىر كۈنلۈك دەم ئېلىشىمنى جېلىل بۇرنۇمدىن چىقاردى. بەلكى ئىشقا چىققان بولسام بۇنىڭدىن يەڭگىلرەك بولارمىكىن دەپ ئويلىدىم. جېلىل ئاغزى بېسىلماي يىغلايتتى. ياتاقتا بىزدىن باشقا ئادەم بولمىغانلىقتىن بىر كۈنۈم شۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتتى. چۈشتىن كېيىن ساجىدە ئىككىمىز قارىغانلىقتىن بىر ئاز «ئۇپ» دېگەندەك بولۇپ قالدىم. جېلىل قۇرساق ئاچلىقتىن زارلايتتى. نەچچە ھەپتىدە بىر بېرىدىغان ئاق مومىنى ساجىدە ئىككىمىز قاتتىق ئىشلەپ قورساق ئېچىپ كەلگەندىمۇ بىر كىشىلىكنى جېلىلگە بېرىپ  بىرنى ئىككىمىز بۆلۈپ يەيتتۇق. بەزىدە قوناق مۇمىنىمۇ ئېشىنىپ بېرەتتۇق. ھەممە كىشى يېرىم قورساق بىلەن قاتتىق ئىشلەپ يۈرگەندە ھېچكىمدىن بىر پارچە نان ئاشمايتتى.

جېلىلنىڭ قورسقى ئاچلىقتىنمۇ ياكى قوناق موما قورسقىنى ئاغرىتتىمۇ بىلمىدۇق. ئاغزى بېسىلماي يىغلايتتى. ساجىدە ئىككىمىز قولدىن - قولغا ئېلىپ بالا بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرغىنىمىزدا خۇدايىم ھەيدەپ كەلگەندەك، ياتاقلارنى تەكشۈرۈپمۇ ياكى بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپمۇ ھەر ھالدا كادىرلار ياتاققا كىرىپ كەلدى.

نەدىن كەلگەن بالا؟ كىمنىڭ بالىسى؟ دەپ قىسماق كۆزلۈك، پاكار سېمىز مۇشۇ مەيداننىڭ چاڭجىڭى بولغان خەنزۇ بىزگە قارىدى.

ساجىدە: مۇشۇ چاڭبۇنىڭ جىنايەتچىسى جەملىنىڭ بالىسى، دېدى.

نېمىشقا يىغلايدۇ؟ ئانىسى نەدە؟ دېگەنتى، بىز: ئاپىسى ئۆستەڭ قېزىشقا چىقىپ كەتتى. بالا ياتاقتا قالىدۇ. كىم ياتاقتا قالسا شۇلار قارايدۇ. ھېچكىم قالمىسا بالا ياتاقتا يالغۇز قالىدۇ. مانا بۈگۈن بىزنى دوختۇر دەم ئالسۇن دەپ قالدۇرغان ئىدى. بىر كۈن بالا

بېقش بىلەن كۆنىمىز ئۆتتى، دېدۇق.

چاۋجاڭ يەنە:

بۇ بالا نېمىشقا بۇنچە يىغلايدۇ؟ كېسەلمۇ؟ دوختۇرغا كۆرسەتسە بولمامدۇ؟ دەپ ئېڭىشىپ بالىغا قارىدى. جىبىل تېلىقىپ توختىماي ۋارقىرايتتى.

ساجىدە: بالىنىڭ قورسىقى ئاچ شۇڭلاشقا يىغلايدۇ، دېدى.

چاۋجاڭ ئانىسى ئېمىتمەمدۇ؟ دەپ ھەيران بولدى. ئانىسى ئېغىر ئەمگەك قىلغانلىقتىن، بالىغا سۈت يوق، قوناق ناننى كىچىك بالا يېيەلمەيدۇ، يېسە قورسىقى ئاغرىيدۇ، دېدۇق. چاۋجاڭ بۇ بالىنىڭ نورمىسى يوقمۇ؟ ھەر بىر ئادەمگە پارتىيە بەلگىلەپ بەرگەن نورما بار. بىر بالا تۇغۇلسا ئۇ بالىغىمۇ نورما بېرىدۇ. بۇ بالىغىمۇ ئۆز نورمىسىنى بەرسە بولمامدۇ. بۇ بالىدا نېمە گۇناھ؟ دەپ يېنىدىكى ئۇ گەنسىدىن بۇ بالىنىڭ نورمىسى نېمە ئۈچۈن بېرىلمەيدۇ؟ نوپۇسى نەدە نوپۇسقا چۈشۈرۈلگەنمۇ؟ دەپ سورىدى.

ئۇزۇن بويلۇق گەۋدىلىك قاپىقى يامان سۈرلۈك خەنزۇ ئۇ گەنسى قويۇق قارا قىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ:

ـ ئۇنىڭ نوپۇسى چاۋبۇدا بولۇشى مۇمكىن، دۈيجاڭلار قانداق باشقۇرىدىكىن؟ دەپ يېنىدا تۇرغان ئۇزۇن، ئوتتۇرا بويلۇق قاش كۆزىنىڭ تايىنى يوق قىسماق كۆزلۈك، پاناققىنا كەلگەن لى دۈيجاڭغا قارىۋىدى، ھودۇققان دۈيجاڭ: مەن ئاشخانىدىكىلەردىن سوراپ باقاي، دەپ چىقىپ كەتتى. بالىنىڭ تېلىقىپ يىغلىغىنىغا قاراپ ئۇ ئىككىسمۇ كەتتى.

كۆپ ئۆتمەستىن لاي دۈيجاڭ خۇشال كىرىپ: بالىنىڭ نورمىسىنى ئانىسىغا بېرىدىغان بولدى. ئانىسى ئىشقا چىقماستىن ئاشخانىغا ياردەملىشىپ بالىسىغا قارايدىغان بولدى، دەپ چوڭ ئىشنى تۈگەتكەندەك بولۇپ، چاۋجاڭغا دېگىنىڭلار ياخشى بولدى، دەپ كۈلدى. بۇ لاي دۈيجاڭ ئادەتتىمۇ ياۋاش ئادەم ئىدى. ئەگەردە ئاياللار سوقۇشۇپ كەتسە گۈلنىسا دۈيجاڭنى چاقىرىپ كىرەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئاياللار ئۇنىڭدىن قورقمايتتى ۋە سۆزىنىمۇ ئاڭلىمايتتى. لاي دۈيجاڭنىڭ كەينىدىن ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان مەلىكە ئەخمىدىۋا (مەلىكە بۇرۇن ئۈرۈمچى رادىئو ئىستانسىسىدا خەۋەر ئاڭلىتىدىغان يەنى رادىئو ئىستانسىسىدا سۆزلەيدىغان ئايال ئىدى) كىردى.

ھە، كىم دېدىكىن دەپ ئويلاپ كىرگەن ئىدىم. سىلەر ئىكەنسىلەر، بۇ بالىنىڭ نورمىسىنى ئاشخانىغا كىرگۈزمىگەن ئىدى. بۇ ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ قويمىغان ئىدى. بۇلار پالاقلىشىپ بالىنىڭ نوپۇسىنى تېپىپ، نورمىسىنى ئاشخانىغا كىرگۈزۈپ

بەردى. ياخشى بولدى، ياخشى قىلدىڭلار، دەپ كۈلدى.

مەلىكە ئوتتۇرا ياشلىق، ئېگىز بويلۇق، بەدەن تۈزۈلۈشى قاملاشقان چىرايلىق ئايال ئىدى. تەبىئىي بۇدرە قويۇق خوما رەڭ ئۇزۇن چېچى ئۇنىڭ ھۆسنىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ كۆرسىتەتتى. غەمكىن چىرايلىق قوي كۆزىدىن ئۇنىڭ ئىللىق ۋە ئېغىر بېسىقلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ شۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن بۇ يەردىكى ئاياللاردىن پەرقلىق بولۇپ كۆرۈنەتتى.

## مىللىي، خەنزۇ جىنايەتچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى توقۇنۇش

13 - مارت

ئەتىگەنكى يامغۇردىن كېيىن ياغقان قار بىلەن پۈتۈن يەر - جاھان مىچىلداپ لاي بولۇپ كەتكەچكە، بۈگۈن ئادەتتىكىدىن قاتتىق ھېرىپ ياتاققا ئاران يېتىپ كەلدۇق.

ئاشخانىغا تاماق ئالغىلى كىرگەن قىزلار، تاماقنى ئېلىپ كىرمەستىن ئىشكتىن «ھەي قىزلار! ئاشخانىدا ئەمبەل ئۈستىدە توڭگۇز گۆشىنى چاپقان پىچاق بىلەن كېسىپ خېمىر ئۆلچەيدىغان تارازىدا ئۆلچەۋېتىپتۇ. ئەمدى بۇ قانداق بولغىنى؟» دەپ چۆچۈگەن كىشىدەك ۋارقىراپ كەتتى.

— بۇ كاپىرلار بىزنىڭ تاماقلىرىمىزنى ھارام قىلىپ توڭگۇز گۆشىنى نېمىشقا كىرگۈزىدۇ، دەپ تۇراخان ئاچچىقى بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قاچىلىرىنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ سەۋرىنىسا، ئايشەم ئايۇپ، ئايشەم مامۇت، پاتەم، خەلچەم، تۇرنىسا، مېھرىنىسا، ئامىنە قاتارلىقلار يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ھويلىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ ئاشخانىدىكى ئەمبەل، تارازا چايقا، پىچاقلارنى ئېلىپ ھويلىغا ئېتىپ:

— نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئاشخانىغا توڭگۇز گۆشىنى كىرگۈزدىڭلار؟ بىزنىڭ توڭگۇز گۆشىنى «ھارام» دەپ يېمەيدىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، بىزنى كۆزگە ئىلماي شۇنداق قىلدىڭلارمۇ؟ بىزنىڭ دىنىمىزغا ھۆرمەت قىلماي دىنىمىزغا قارشى چىقتىڭلارمۇ؟ بىزنى جىنايەتچى دېسەڭلارمۇ، دىنىمىزغا قارشى چىقالمايسىلەر... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ۋارقىرىشىپ ئاچچىق بىلەن ئاشخانىدىكى تاماق قىلىدىغان خەنزۇ ئايالنى ھويلىغا سۆرەپ چىقىپ بىر ئىككى مۇشت ئۇرغاندىن كېيىن خەنزۇ ئاياللار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى ئاجرىتىپ

ئېلىپ خەنزۇ ـ مىللىي بولۇپ، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، مۇشتلىشىپ ھويلىنىڭ ئىچى ئالا ـ توپىلاڭ بولۇپ كەتتى. پۈتۈن ياتاقتىكى مىللىي ئاياللارنىڭ بىرىمۇ قالماي يىغىنى تۈرۈپ: «ئۆلسەك ئۆلگەننى كۆرەيلى» دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ساجىدە ئىككىمىز بىر ـ بىرىسىمىزگە قارىشىپ قويۇپ، ئولتۇرغان ئورنىمىزدىن قوزغالمىدۇق. چۈنكى بۇ ھەرىكەتنى سىلەر باشلىدىڭلار، دەپ بالانى بىزگە ئارتىپ ئىشنى تاماملاپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

مەن ساجىدەگە: ئەگەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى چۈشەندۈرۈپ باشلاپ ماڭساڭ بۇلار ھېچ چېكىنمەي ماڭىدىغان، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان قەھرىمانلار بۇلار ئىكەن دەپ كۈلدۈم، ساجىدە:

ــ سەن شۇنى ئويلىدىڭمۇ؟ دەپ كۈلدى.

ئاياللار ئاشخانىدىكى چېلەكلەرگە بۆلۈپ قويۇلغان ئاشلارنى ھويلىدىكى يۇندە قۇدۇقىغا چېلەكلەپ ـ چېلەكلەپ ئېلىپ چىقىپ بىرنى قويماي ھەتتا قوناق مومىغىچە (ھوردا پىشقان نان) ئاپىرىپ تۆكتى. قىيا ـ چىيا ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. لاي دۈيجاڭ يۈگۈرۈپ كىرىپ بىر ئىككى تووۋلاپ كۆرۈۋىدى، ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قويمىغاندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ ئىشخانىغا چىقىپ كەتتى. كادىر، دۈيجاڭلار كىردى. پۈشتەك چېلىپ باقتى. ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. خەنزۇ ئاياللار ياتاق ئالدىدىكى كەتمەن، گۈرجەكنى كۆتۈرۈپ «تامادى»، «داسى» (ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، بۇزۇقلارنى ئۇر) دەپ تووۋلاپ يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىدى. مىللىي ئاياللارمۇ كەتمەنگە ماڭماقچى بولغاندا گەنسلەر، كادىرلار كىردى. شۇنداق جىددىي بىر پەيتتە ئۆگزىدىكى قورallıq خەنزۇ ساقچى ھەممىڭ توختا! تۇرغان جايىڭدىن مىدىرلىما ئاتىمەن! دەپ پىلىموتنى ئوقلىغۇدەك ھويلا جىمىدى.

بىز دېرىزىدىن قاراپ ئىش يامانغا ئايلاندى، بۇلار بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويارمۇ؟ دەپ ئەنسىرىگەن ئىدۇق. ھەر ھالدا قورال كۈچى بىلەن توختىتىپ ئالدى.

جاۋ گەنسى: ھەممىڭ مىدىر قىلما، دەپ يېنىدىكى تاپانچىنى قولىدا تۇتۇپ:

ــ «نېمە ئىش» دەپ سورىغان ئىدى. ئىككى تەرەپ تەڭ ۋارقىراپ يەنە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. گەنسى تاپانچىسىنى تەڭلەپ تۇرۇپ «ۋارقىراشما ئاتىمەن» دەپ ئوتتۇرىدا كۈچلۈك سۆزلەپ تۇرغانلاردىن ئىككى تەرەپتىن تەڭ ئادەم تاللاپ، ئاشپەز ئاياللار بىلەن، گۇرۇپپا باشلىقلىرىدىن بولۇپ، 15 تەك ئايالنى باشلاپ چاڭبۇغا ئېلىپ كەتتى. گۈلنىسا ۋە لاي دۈيجاڭ: ھەممىڭلار ئۆز ياتاقلىرىڭلارغا كىرىڭلار، ئەمدى كىم غەلۋە چىقىرىدىكەن، قانۇن بويىچە سوتقا تارتىلىسلەر، دەپ ئاياللارنى ياتاقلىرىغا كىرگۈزدى. گۈلنىسا دۈيجاڭ

ياتاقۇا كىرىپ قاپاقلىرىنى تۈرگەن پېتى بىزگە بىر قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۆلگۈدەك  ھېرىپ قورساقلار ئېچىپ كەلگەندە تاماقلىرىمىز ھارام بولۇپ، تۆكۈلۈپ ئاچ قورساق يېتىپ قېلىشقا توغرا كەلدى.

يېرىم سائەت ئۆتمەستىن پاتەم ياتاقۇا كىرىپ: سۆيۈن سىزنى دۈيجاڭ چاقىرىۋاتىدۇ، دەرۋازا تۈۋىدە كۈتۈپ تۇرىدۇ، دېدى. مەن لاپ قىلىپ ساجىدەگە قارىدىم. ساجىدە ئەنسىرىگەن ھالدا: سېنى نېمىشقا دۈيجاڭ چاقىرىدىكىن دېگىنىچە قالدى.

مەن ئىشخانىغا كىرسەم ئاپام بىلەن سىڭلىم تۇرۇپتۇ. خۇشاللىقىمدا يۈرىكىم يېرىلغۇدەك بولدى. ئىچىم سېغىنىش بىلەن توشۇپ تۇرغاندا ئۆزۈمنى تۇتالماي كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئېتىلغان ئىدىم. دۈيجاڭ: توختا، كۆرۈشۈشكە بولمايدۇ، ئولتۇر دەپ ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى. مەن دۈيجاڭغا بىر قاراپ ئاپامغا بىر قاراپ قويۇپ ئورۇندۇققا ئولتۇردۇم.

ئاپام ھودۇققىنىدىن بالام سەن نېمىشقا ياخشى ئۆزگەرمەيسەن؟ دېدى. مەن شۇنچە سېغىنىپ كۆرگەندە ئاپامنىڭ بۇ دېگەن سۆزىگە ھەيران بولۇپ، بۇ دۈيجاڭنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئاپامغا دېگەن سۆزى، دەپ ئويلاپ، دۈيجاڭغا قارىماستىن: ئاپامدىن مەن ياخشى ئۆزگەرمەي نېمە قىپتىمەن، دېگەنتىم.

ئاپام:

ــ نېمە ئۈچۈن ئاياللار ئارىسىدا بولغان، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىڭنى دۈيجاڭغا دېمەيسەن؟ دېدى.

بىلمەيسەن، ئاپا مەن چېقىمچىلىقنى ياخشى كۆرمەيمەن، دېدىم.

گۈلنىسا دۈيجاڭ: بۇ چېقىمچىلىققا كىرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يامان تەرەپلىرىنى دېسەڭ، ئۇنىڭغا شۇ تەرەپتىن تەربىيە بېرىلسە، بەلكى سېنىڭ ئۇلارغا قىلغان ياردىمىڭ بولىدۇ، دېدى.

ــ دۈيجاڭ ئۇلارنىڭ خاتالىقى قەيەردە ئىكەنلىكى ماتېرىيالىدا يېزىلغان. مەن ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئىشلىرىنى بىلمەيمەن، دېدىم.

ئاپام:

ــ سەن ئۇنداق قىلما، دۈيجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، دېدى.

ــ ئاپا مەن يالغان ـ ياۋىداق، ئوششاق ـ چۈشەك نەرسىلەرنى دېسەم ياخشىمۇ؟ ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش بىرسىنىڭ ئەزىز بالىلىرى، ئۇلارنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرى ئازمۇ؟ مەن

ئۇلارغا زۇلۇم سالسام ياخشىمۇ؟ دېدىم.

دۇيجاڭ ئاپامغا: بۇنىڭ ھەممە يېرى ياخشى، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق، ياخشى ئىشلەيدۇ. مىجەزىمۇ ياخشى، ئوچۇق كۆڭۈل، كىشىلەر بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، تىرىشچان، ئىشچان. مەن ئۇنىڭ ئۇ تەرەپلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلىدۇ. لېكىن ئىدىيىسى يامان، ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتمىدى. مانا مۇشۇ ئىدىيە بىلەن زايە بولۇپ، مۇشۇ يەردە ياشاۋاتىدۇ. ئەگەر ياخشى ئۆزگەرمىسە ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنىمۇ يوق قىلىدۇ، دېدى.

ئاپام: دۇيجاڭنىڭ، تەشكىلنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئۇلار سىلەرگە ئېچىنىپ سۆزلەيدۇ، دەپ نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى.

مەن: ماقۇل، دەپ ئۆيدىكىلەرنى، دادامنى، ئوكىلىرىمنى، تۇغقانلارنى سوراشقا باشلىدىم.

سانجىدىن شاباخۇغا قەدەر قاتناش يوق. بۇ يەرگە كەلگۈچىلەر پىيادە كېلىپ بەكمۇ جاپا تارتىپ كېتەتتى. مەن شۇنى ئويلاپ: قانداق كەلدىڭلار؟ دەپ ئاپامنىڭ پۇتىغا قارىسام، پىيما كىيىۋالغانىكەن، بۇ پاتقاق ھۆلچىلىكتە قانداق يۈرۈپ كەلدىڭىز؟ دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇگۈن قار ئارىلاش يامغۇر ياغقان ئىدى.

ئاپام بىز تەرەپنىڭ ھاۋاسى بەك سوغۇق بولغانلىقتىن ماشىنىدا توڭلاپ كەتمەي ۋە ئۆزۈمنىڭمۇ رېماتىزم بىلەن پۇتۇم داۋاملىق ئاغرىپ جانغا تەگكەندىن كېيىن، قورقۇپ پىيما كىيىۋالغان ئىكەنمەن، يولدا خۇيما جاپاسىنى تارتتىم. سانجىدىن شاباخۇنىڭ يېرىم يولىغىچە پىيادە مېڭىپ كەلدۇق، پۇتۇمنى پىيما غاجاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىيمىدىن سۇ ئۆتۈپ ئېغىرلىشىپ ئەڭ ئاخىرىدا پۇتۇمنى ئاتلاپ ماڭالماي قالدىم. كەچ كىرىپ كېتىپ بارىدۇ، قولىمىزدا يۈك ئېغىر، قانداق قىلارمىز، شاباخۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئادىشىپ قالارمىزمۇ؟ دەپ ئەنسىرىگەن ئىدۇق. بىزدىن بىر ـ ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا بىر ماشىنا توختاپ، ئۇزمەي گۈدۈك بەردى. ماشىنىنىڭ ئۈستىدە بەش ـ ئالتە ئادەم بار ئىدى. ئۇلار بىزگە قاراپ توۋلاپ قولىنى پۇلاڭلاتقاندىن كېيىن، پاتقاق كېچىپ يۈگۈردۇق. سوفىيە قولۇمدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ، ماشىنىنى توختىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالدىن يۈگۈرۈپ كەتتى. مەن ماڭاي دېسەم نېمە دەيسەن پۇتۇم كەينىگە تارتىپ ماڭالماي كەتتىم. مىڭ تەسلىكتە ئاران ماشىنغا يېتىپ كەلدىم. ئىككى پۇتۇم جانسىزلىنىپ ئىگىلمەي، ھەرىكەتكە كەلمەي قالدى. تېز ماڭمەن دەپ ھاسراپ، ئۆپكىلىرىم كۆپۈپ، گىلىم بوغۇلۇپ، نەپەس يەتمەي ماشىنغا تېز چىقاي دېسەم بولالمايلا كەتتىم. ئۈستىدە ئولتۇرغانلار تېز بولۇڭ! دەپ

قولۇمدىكى سومكىنى ئېلىپ ماشىنىنىڭ ئۈستىگە ئاتقان ئىدى، تاش باسقان ماشىنا ئىكەن، تاشقا چۈشۈپلا سومكا ئىچىدە سۈت بىلەن شېكەرنى قوشۇپ قويۇق قىلىپ قاينىتىپ ئالغان ئىرىس سالغان بوتۇلكام چېقىلىپ كەتتى. بەك ئېچىندىم، نورمىلىق شېكەر بىلەن قىش كۈنى سۈتنى سېتىپ ئېلىشقىمۇ تېپىلمايدۇ. باللارغا بەرمەي سەن ئۈچۈن قايناتقان ئىدىم. شۇنچە يەرگە جاپا بىلەن كۆتۈرۈپ كېلىپ ئاز قالغاندا چېقىلىپ كەتكىنىگە ئېچىنىپ كەتتىم.

بولۇڭ چاپسان! دەپ ئالدىراتتى. ھېچ مۇمكىن ئەمەس، ماشىنىغا چىققۇدەك ئەھۋالىم قالمىدى، ئۈستىدىن تارتىپ تۆۋەندىن ئىتتىرىپ ئاران چىقىپ ئالدىم. ئەگەر بۇ ماشىنا بولمىغاندا يېتىپ كېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئاپامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان دۈيجاڭ ماڭا قاراپ:

ــ كۆردۈڭمۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارغىلا ئەمەس، پۈتۈن ئائىلەڭلارغا جاپا سالدىڭلار. ئاتا ـ ئاناڭلار نېمە ئۈمىد كۈتكەن بولغىدى، سىلەر نېمە قىلدىڭلار؟ دېدى.

ئاپامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق قىسىلدىم، ھەقىقەتەن گۇڭشېدا سەككىز باللىسى بىلەن ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈپ يۈرگەن ئاتا - ئانام ئۈچۈن ياردەمدە بولۇشنىڭ ئورنىغا كۆپلىگەن ئېغىرچىلىقلارنى سالدىم ۋە ئىچىم ئاغرىپ:

ــ ئاپا نېمىشقا شۇنچە قىينىلىپ كەلدىڭىز، خەت يېزىپ تۇرسىڭىزلا بولماسمىدى، دېدىم.

ــ ئۇ نېمە دېگىنىڭ قىزىم. ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يۈرىكى چىدامدۇ، بىز ئۈچۈن سەككىز بالا بىر، سەن بىر بولۇپ تۇرسەن، كېچە ـ كۈندۈز بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى چوڭ قايغۇمىز بىر سەن بولۇپ تۇرسەن، دېدى. سىڭلىم سوفىيە:

ــ بىز ھەممىمىز سىزنى بەك سېغىنىمىز، قاچان ئۆيگە قايتىسىز؟ دەپ بوينۇمغا ئېسىلدى. مەن كۈلۈپ، بىر يىل قالدى، خۇدايىم بۇيرۇسا قايتىمەن، دېدىم.

دۈيجاڭ: سۆيۈنگۈل ۋاقىت توشتى، يېرىم سائەت كۆرۈشتۈڭ، ئاپاڭلار ياتاققا ئورۇنلىشىپ دەم ئالسۇن، ئەتە چاڭبۇنىڭ ماشىنىسى بىلەن قايتىپ كېتەر، دېدى.

ئاپامنىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى تەكشۈرۈپ ماڭا بەردى. قورۇغان گۆش ۋە ياققا ئۇيۇتۇلغان تالقان ۋەرىنىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى بەردى، دۈيجاڭ ئىشىكنى ئاچتى. خوشلىشىپ كىرىپ كەتتىم.

ھېلىقى چېقىلغان ئىرىسنىمۇ سۈزۈپ بوتۇلكا پارچىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ ھېچ زايە قىلماستىن ئېلىپ يېدۇق.

# 15 ـ مارت

تاش يولدا ئىشلىگىنىمىزگە ئۈچ كۈن بولدى. يوللار بۇزۇلۇپ بەزى يەرلەرنى سۇ ئېلىپ كەتكەن، بەزى يەرلەر ئويۇلۇپ دۆڭ ـ چوقۇر بولۇپ كەتكەن ئىكەن. يولدىن 20 مېتىر يىراقلىقتىكى يەردىن زەمبىل بىلەن توپا توشۇپ ئىشلەيتتۇق. يوللارنى بىر ھەپتە ئىچىدە ياساپ بولۇشقا ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇردى.

يەنە شۇ ئېغىر ئەمگەك ۋە زېرىكىشلىك زەمبىل توشۇش ھەممىمىزنىڭ جېنىغا تېگەتتى. «ئاستا ماڭدىڭ، چاپسان ماڭدىڭ»، «ئىتتەردىڭ، تارتتىڭ» دەپ سوقۇشۇپ توختىماي ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بەزىدە مۇشتلىشىپ توپىلاردا ئېغىناپ باش ـ كۆزىنى يېرىپ ۋە بەزىدە ئۇزۇنغىچە توختىماي ئەپسانە تىل بىلەن تىللىشىپ تۇراتتى. ئۆتكەنكى چوشقا گۆشى ۋەقەسى بىلەن مىللىي ۋە خەنزۇ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق زىددىيەت تۇپەيلىدىن، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ توقۇنۇشۇپ قالاتتى.

دۆيجاڭ: ئاغزىڭنى يۇم، دەپ توختىماي ۋارقىراپ يۈرۈپ باساتتى. دۆيجاڭنىڭ ئۇششاق بالىلىرى بولغانلىقتىن، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا بالىلىرىغا قاراش ئۈچۈن قايتىپ كېتەتتى.

مەلىكە بىلەن ۋاڭ شوپىڭ چۈشلۈك تاماقنى ئېلىپ كەلدى. تاماققا ئولتۇرۇپ يول ئۈستىدە يەپ بولۇشىمىزغا، جېدەل نەدىن باشلاندى بىلمەي قالدىم. تۇرنىسا بىلەن ۋاڭ شوپىڭ ۋارقىرىشىپ تىللىشىپ كەتتى. ۋاڭ شوپىڭنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ خەنزۇ ئاياللار يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن مىللىي قىزلارمۇ تۇرنىسا تەرەپ بولۇپ، شۇنداق قاتتىق ۋارقىراپ، تىللىشىپ كەتتى. ئاخىرى ۋاڭ يۈلەن كېلىپ تۇرنىسانى ئۇرغان ئىدى. مىللىي قىزلار قومۇرۇلۇپ ۋاڭ يۈلەننى ئۇردى. ئاندىن خەنزۇ ئاياللار توپلىشىپ كېلىپ مىللىي قىزلارنى ئۇرۇپ، ئالا توپىلاڭ بولۇپ قارا قويۇق بىر ـ بىرسىنى ئۇرۇپ، قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى، ئاياللارغا قاراپ قالغان لاي دۆيجاڭ بىلەن بارات جۇيجاڭ (يېڭى كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى) بۇ ئىككىسى ۋارقىراپ ئاياللارنى باسالماي: توختا دەيمەن! توختا دەپ توۋلايتتى.

ساجىدە، مەن، كىچىك ئامىنە، پاشاخان، تۇخان، كىچىك پاتەم قاتارلىق بىر قانچە

ئايالالار بىر چەتتە تاماقنى يېگەن ئورنىمىزدىن قوزغالماي ئولتۇرغان ئىدۇق. ئايالالارغا سۆزنى ئاڭلىتالمىغان بارات جۇيجاڭ ئاچچىقنى باسالماي كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈزى بوينىغىچە قىزىرىپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ:

ـ يېنىمدا قورالىم يوق بولۇپ قالدى، ئەگەر تاپانچامنى ئېلىپ چىققان بولسىدىم، سۆزسىز ئىككىڭلارنى ئېتىۋەتكەن بولاتتىم، بۇ ئەھۋالنى قوزغاۋاتقان ئىككىڭلار، هازىر بېرىپ بۇلارنى توختات، دەپ بىزنى ئۈرىدىغاندەك بولۇپ دېۋەيلەپ كەلدى.

مەن هەيران بولۇپ، ساجىدەگە قارىدىم، ساجىدە مۈرىسىنى چىقاردى.

ـ مەن تۇرۇپ: بارات جۇيجاڭ! بۇ ئىشتا بىزنىڭ هېچقانداق ئالاقە ـ مۇناسىۋىتىمىز يوق. كۆرۈپ ئولتۇرۇپسىز، بىز هېچنەرسىگە ئارىلاشمىدۇق، دېدىم.

كۆرۈنۈشتە هېچ نەرسىگە ئارىلاشمىغاندەك بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ۋەقەنى باشلىغۇچى، قۇتراتقۇلۇق قىلغۇچى سەن ئىككىڭ، دەپ ئىشارەت بارمىقى بىلەن شىلتىپ تۇرۇپ بىزنى ئۈرىدىغاندەك بولۇپ كەلدى.

ساجىدە:

ـ جۇيجاڭ هەر نەرسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ سۆزلەڭ. قارىسىغا گەپ قىلغىلى بولمايدۇ، دېدى.

هە، تېخى سىلەر بىزنى تۆهمەتچى دېمەكچىمۇ؟ سىلەرنى تۆهمەت بىلەن قارىلاپ يۈرۈپتۇقتە، بۇ ئىشتا سىلەرنىڭ هېچ قانداق ئالاقەڭلار يوقمۇ؟ ئەكسىچە سىلەر ئاستىرتىن باشلامچىلىق قىلىپ، مۇشۇ ۋەقەنى قوزغاپ چىقىشنىڭ سەۋەبچىسى سەن ئىككىڭ، دەپ ئۈرىدىغاندەك ۋارقىراپ كەلگەن ئىدى، تۇكۇرۇكلىرى چاچراپ كەتتى. شۇ ئارىدا چۇشلۇك تاماقتىن قايتقان بىر قانچە دۇيجاڭ گەنسىلەر كېلىپ ئايالالارنى ئاجراتتى. ئەتراپ تىنچىدى. بارات جۇيجاڭنىڭ بىزگە ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان مىللىي ئايالالار يۈگۈرۈپ كېلىپ:

با جۇيجاڭ بۇ ئىشتا بۇلارنىڭ هېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئەهۋالنى بىلگۈڭىز كەلسە، مانا بىزدىن سوراڭ، دەپ مەيدىسىنى ئۆرۈپ تۇراخان بارات جۇيجاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى.

بارات جۇيجاڭ! سىزمۇ مۇسۇلمان. بىز توڭگۇز گۆشىنى هارام دەپ بىلىمىز، هەم يېمەيمىز. شۇنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ مىللىي ئاشخانىدا توڭگۇز گۆشىنى ئېلىپ

كىرىدۇ. بىز يىل بويى گۆش كۆرمەيمىز، بۇلار بۇ توڭگۇز گۆشنى نەدىن ئالدى؟ بىز نېمە ئۈچۈن قوي گۆشنى سېتىپ ئالالمايمىز؟ بىزگە توخۇ تۇخۇمنى سېتىپ ئېلىش ئۈچۈنمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ھەممە نەرسە بىز ئۈچۈن چەكلىنىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن كەڭچىلىكمۇ؟ بۇ قانداق ئادىللىق؟ يەنە كېلىپ ئەيىب بىزدىمۇ؟ دەپ تۇراخان سۆزلەۋاتاتتى، تۇرنىسا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

ـ با جۇيجاڭ سىز مىللىيلارنى بېسىپ بەرمەي، ھەقىقەتنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كىمدە گۇناھ بولسا شۇنىڭغا گەپ قىلسىڭىز بولىدۇ، دېدى.

ئامىنە بىز جىنايەتچى بولغان بىلەن بىز مۇسۇلمان جىنايەتچى، ھارام تاماق يەپ دىنىمىزنى يوقىتالمايمىز، دىنىمىزغا ھۆرمەت قىلىمىز، دېدى.

پاشاخان كۆزلىرىنى شىپاق ـ شىپاق قىلىپ كۆزىنىڭ قارىسى بىردەم ـ بىردەم يۇقىرىغا ئۆرلەپ كېتىپ باشلىرىنى گىلدىڭلىتىپ تۇرۇپ:

ـ جۇيجاڭ، سىلىمۇ بىر مۇسۇلمان، توڭگۇز گۆشنى يېمەيدىغان بولغىيتتىلا، بۇلار بىزنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ، چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ؟ دەپ قېشىنى ئېگىز قىلىپ سوزۇلۇپ تۇرۇپ بېشىنى ئېتىپ قويغان ئىدى، ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بارلىق ئاياللار ئۆز نارازىلىقنى سۆزلەپ قايناشتى.

با جۇيجاڭ:

ـ بولدى، چۇرقىراشماي بىرىپ ئىشلەڭلار، دەپ ماڭغۇزۇۋىتىپ، ساجىدە بىلەن ئىككىمىزگە: بۇندىن كېيىن بۇنداق ئەھۋال چىقىدىكەن، سەن ئىككىڭ بېشىڭ بىلەن جاۋاب بېرىسەن. بۇگۇن تەلىيىڭلارغا تاپانچامنى ئۇنتۇپ قالدۇرۇپ چىقىپتىمەن، بولمىسا ئىككىڭنى ئېتىپ يوق قىلاتتىم، دېدى. بۇ سۆز مېنىڭ جېنىمغا تەگكەندەك بولدى.

ـ جۇيجاڭ بىز قۇچقاچ ئەمەس، ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان، پارتىيىنىڭ سىياستى قانۇنلىرى ھەممىگە ئوخشاش ئىشلەيدىغاندۇ؟ ھەركىم ئۆز ئىشىغا ئۆزى جاۋاب بېرەلەيدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ كاللىسى بار، ئۆز ئەقلى بىلەن يۈرىدۇ، خەقنىڭ قۇتراتقىنى بىلەن ئىش قىلىدىغان  ئادەم بۇ يەرگە كەلمەيدۇ، دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشقا مېڭىپ كەتتىم.

ئىشتىن ھېرىپ كېلىپ شۇنداق قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئىكەنمەن، پاتەمنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىغا چۆچۈپ ئويغاندىم. زۇلمەت قاراڭغۇ كېچە، توك چىقىرىش ماشىنا توختاپ، پۈتۈن ئەتراپلاردا توك كەتكەن، ياتاقتا ھېچنەرسىنى كۆرۈپ بولمايتتى. شۇ ئارىدا پاتەم بىلەن نۇرىيە ئىككىسى مۇشتلىشىپ چىرقىرىشىۋاتاتتى. مەن ساجىدەنى ئويغىتىپ

«چاپسان بول» دەپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە بېرىپ ئالدۇق. ئىككى غېرىچ تار ئورۇندا ئادەم ئۇياق - بۇياققا ئاغدۇرۇلۇپ يېتىش مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا ياتقاندا ئىككى قولنى قويار يەر تاپالماي كېتەتتۇق. مۇشۇنداق شارائىتتا ئۇخلاۋېتىپ ئۇيقۇلۇقتا پاتەمنىڭ قولى نۇرىيەگە تېگىپ كەتكەن ئىكەن، نۇرىيە ئورنىدىن تۇرماستىن قولىغا بىر مۇشت سېلىپتۇ، پاتەم چۆچۈپ ئويغىنىپ تۇرۇشىغا يەنە مۇشت بىلەن كەلتۈرۈپ بىرنى ئۇرۇپتۇ. پاتەم نېمە بولغىنىنى بىلمەي نۇرىيە مېنى نېمىشقا ئۇرىدۇ؟ دېگەن ئوي بىلەن، ئىككىسى مۇشتلىشىپ يېنىدىكىلەرنى دەسسەپ كەتكەنلىكتىن ئۇلار تۇرۇپ بۇ ئىككىسىنى مۇشتلاپ ئاياللار بىرىنى - بىرى كۆرمەستىن قارا قويۇق مۇشتلىشىپ، ئوپىلاڭ - توپىلاڭ بولۇپ، ئاندىن ئۇلار قېچىپ ئۇدۇلدىكى تەرەپكە ئۆتۈپ قاراڭغۇدا ياتقانلارنى دەسسىگەندىن كېيىن ئۇلار تۇرۇپ كىم - كىمنى ئۇرغاننى بىلمەي پۈتۈن ياتاق بويىچە مۇشتلىشىش بولۇپ، ئاخىرى قولغا چىققان ئاياغ كىيىم بارمۇ، قاچا قومۇش بارمۇ ھەممىنى ئېتىپ ياتاق ئىچىدە نەرسىلەر ئۇچۇشقا باشلىدى. ياتاقتا تۇرۇش مۇمكىن بولماي بىز تالاغا قېچىپ چىقتۇق. ھېلىمۇ ياخشى كىيىملىرىمىزنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ئىكەنمىز. ياتاقتىن ئۇرۇلغان نەرسىلەر بىلەن ئاياللارنىڭ دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋازى پۈتۈن يەرگە ئاڭلىناتتى. مەن ساجىدەگە:

– بۇلار قاراڭغۇدا بىر - بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويارمۇ؟ دەپ ئەنسىرىدىم.

ساجىدە: كۈندە كەچتە بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلالماي كەتتۇق. بۇ نېمە كۈن دېگىنە، دەپ رەنجىپ تۇرۇشىغا ياتاقتىن قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋاز كۆتۈرۈلۈپ چىدىماستىن دەرۋازا ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئىشىكنى ئۇرغۇچە سىرتتىن ئەر دۈيجاڭلار پىلجىكتىر (چىراغ) كۆتۈرۈپ، نېمە بولدى؟ دەپ كىرىپ كەلدى.

نېمە بولغىنىنى بىلمەيمىز، ئۆزىمىزمۇ ئاران قېچىپ چىقتۇق، دېدىم.

دۈيجاڭلار چىراقلارنى كۆتۈرۈپ ياتاققا كىرىشتى. كەينىدىن بىزمۇ كىردۇق. ياتاق قارا قويۇقتا چاڭ كۆتۈرۈلۈپ پۈتۈن ئەتراپقا سامانلار چېچىلىپ، ئورۇن - كۆرپىلەرنى كۆرۈپ بولمايتتى. ئاياللار يېرىم يالىڭاچ يۈگۈرۈشۈپ ئۆز ئورۇنلىرىغا كىرىپ ئۈلگۈردى. پاتەمنىڭ بۇرنى قاناپ، پۈتۈن يۈز - كۆزلىرى ۋە قوللىرى قانغا مىلەنگەن بولۇپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. نۇرىيەنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، باشلىرى پاخپايغان ھالدا ئۇزاق يولدىن يۈگۈرۈپ كەلگەندەك ھاسىراپ تۇراتتى. كىچىك ئامىنە سامانلىقتا ئېغىناپ چىققاندەك چۇۋۇلغان چاچلىرى سامان ئىدى. بىر كۈزى قان بۇلۇڭدا يىغلاپ ئولتۇراتتى. چاڭ - تۇزاڭدىن ئاياللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بەس - بەس بىلەن يۆتىلىشەتتى.

ئىشكتىن كىرگەن خەنزۇ دوْيجاڭ ۋە دىجورنى بولغان ئوْيغۇر ئەر دوْيجاڭ بۇ ئەھۋالنى كۆروْپ، قول چىراغ بىلەن ئىككىسى ياتاقنىڭ ھەممە يېرىگە چوْشوْروْپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، خەنزۇ دوْيجاڭ ئاغزىنى بۇزۇپ ۋارقىراپ تىللاپ كەتتى. ئاياللارنىڭ يۆتىلىدىن ئاشۇروْپ ئاڭلىتىمەن، دەپ قاتتىق توۋلاپ تىللايتتى. ئاياللارنىڭ كۆپچىلىكى ئورنىغا كىرىپ يېتىشتى. بىز قول چىراغنىڭ يوروْقىدا ئورنىمىزنى ئوڭشاپ ئالايلى، دەپ ئۆز ئورنىمىزغا كەلدۇق. ئوروْن ـ كۆرپىلىرىمىز سامانىنىڭ ئاستىدا كوْموْلوْپ كېتىپتۇ. ئورنىمىزنى سېلىپ ياتتۇق.

خەنزۇ دوْيجاڭ كىم قىلدى؟ نېمە ئىش، نېمە بولدى؟ دەپ سوراپمۇ كۆرمەستىن قارا قويۇق پوْتوْن ئايالنى تىللاپ ـ تىللاپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار چىققاندىن كېيىن جەملە بالىنى كۆتوْروْپ تالادىن كىردى.

## دادامنىڭ كونا تونۇشى ماجىڭ تاڭ بىلەن ئۇچرىشىش

26 ـ مارت

بوْگوْن پاتەم ئىككىمىزنى ئوْن زاۋۇتىغا ئىشقا ئەۋەتتى، ئۇ يەردە بەش ـ ئالتە ئەر ئىشلەۋاتاتتى. بىز ئوْن قاچىلانغان خالتىلارنىڭ ئاغزىنى باغلاپ يۆتكەۋاتاتتۇق. ئىشلەۋاتقان ئەرلەرنىڭ ئىچىدىن ئۇزۇن بويلۇق گەۋدىلىك، قارا قېشى بىلەن كۆزىنىڭ ئارىسى يىراق بولغانلىقتىن قېشىنى كېرىپ قاراپ تۇرغاندەك كۆروْنىدىغان، يوْزىدە ئازراق چېچەك ئىزى بار خۇيزۇ ياكى خىتايغا ئوخشاپ كەتكەن ئادەم، ھېچ كۆزىنى ئوْزمەي ماڭا قاراپ ئىشلەيتتى.

پاتەم: سۆيوْن، ئۇ ئادەم سىزنى تونامدۇ نېمە؟ ھەجەپ قارايدىغۇ، دېدى.

مەن ئۆزۈممۇ ھەيران بولدۇم. بۇ ئادەمنى بىر يەردە كۆردۈممۇ نېمە؟ دەپ ئويلاپ كۆردۈم. لېكىن، ھېچ ئەسلىيەلمىدىم.

مەن ئۆز ئىشىم بىلەن بولۇپ ئىشلەۋەردىم، ئۇ ئادەم يېنىمىزدىن نەچچە ئۆتۈپ ئاخىرى دوْيجاڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، توپتوغرا يېنىمغا كېلىپ:

ـ مەن سىزنى بىرسىگە ئوخشىتىۋاتىمەن، دادىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ مەن تونۇيدىغان بىر ئادەمگە ئوخشايدىكەنسىز، دېدى.

مەن تۇروْپ قېلىپ:

مەن سالىخ دېگەن ئادەمنىڭ قىزى، دېدىم.

ئۇ ئادەم خۇددى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىنى تاپقاندەك بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. سالىخ بارمۇ؟ سالامەتمۇ؟ ھازىر نەدە؟ دەپ سوراپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن:

ئۆزىنى: مەن چۆچەكلىك ماجىڭ تاڭ، مۇسۇلمانچە ئىسمىم مجىت، دەپ تونۇشتۇردى. يېنىدا تۇرغان ئۆزىگە ئوخشاش ئېگىز بويلۇق قاۋۇل، يېشى چوڭراق مۇسا دېگەن ئادەم:

ــ لاۋما، سەن بۇ قىز بىلەن تونۇش چىقىپ قالدىڭمۇ نېمە؟ دەپ سورىدى.

ــ ھە، بۇ قىزنىڭ دادىسى بىلەن ياخشى دوستلار بولۇپ ياشىغان ئىدۇق. قىزىمىنىڭ دادىسى سالىخ يىگىرمە نەچچە ياش ۋاقتىدا، ئۇنى قارا شەھەر يەرلىك ماللار شىركىتىگە جىڭلى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭ بىلەن مېنى، مۇھەممەد شاھ قارىنى بىر ماشىنا قالماق چاي ۋە گەزلىمە رەختلەر بىلەن قارا شەھەر يەرلىك ماللار شىركىتى( تۇسەن گۇڭسى) قۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. قارا شەھەردىكى يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ ئاساسىي قۇرغۇچىلىرى بىز ئىدۇق.

سالىخ ئەپەندى ياش بولسىمۇ قابىلىيەتلىك، بىلىملىك، ئەقىللىق، ئىشچان، تىرىشچان ۋە خەلقپەرۋەر ئادەم ئىدى.

بىز تاغلارغا بېرىپ شۇ ماتېرىيال چايلارنى خام ئەشيا ۋە تىرىك ماللارغا ئالماشتۇرۇپ ئۇنى سەپسوروك ئارقىلىق سوۋېتكە سېتىپ سودا باشلىدۇق. سودىمىز ئىنتايىن ياخشى يۈرۈشۈپ كەتتى. جۇ جىڭلى دېگەن ئادەم ئۈرۈمچى يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ جىڭلى( دىرېكتورى) بولغانلىقتىن ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى كەلمىدى. پۈتۈن ئىشنى سالىخ ئەپەندى باشقۇرۇپ، ئۇ شىركەتنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، يەر سېتىۋېلىپ شۇنداق چىرايلىق قىلىپ ئىشخانا بىنالىرىنى سالدۇردى ھەم شۇ بىنالارنىڭ خەرىتىسىنى ئۆزى سىزىپ چىقتى. ئىش ياخشى يۈرۈشۈپ تۇرغان بىر پەيتتە، سالىخ ئەپەندىنى قەشقەر يەرلىك ماللار شىركىتىگە جىڭلى قىلىپ تەيىنلەپ ئېلىپ كەتتى. كېيىن ئاڭلىسام ئۇ يەرنىمۇ شۇنداق چوڭايتىپ سودا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تازا گۈللەندۈرگەندە سالىخ ئەپەندىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىپ ئورنىغا بىر خەنزۇ جىڭلى تەيىنلەپتىمىش. لېكىن، مەن چۆچەككە كېتىپ سالىخ ئەپەندىنى ئىككىنچى كۆرمىدىم. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ قىزى بىلەن تۇرمىدە كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇق، دېدى.

مۇسا دېگەن ئادەم:

ـ دۇنيا دېگەن ئاجايىپ ھە؟ ئادەم بالىسى نەلەردە ئويلىمىغان ۋاقىتتا ئۇچرىشىپ قالىدۇ، دېگىن. سەن بۇ قىزنىم بىلەن مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىمىز، دەپ ئويلاپ كۆرگەنمىدىڭ؟ دېدى.

ـ راست دەيسەن، سالىخ ئەپەندىنىڭ قىزى تۇرمىگە چۈشۈپ شۇ جايدا ئۇچرىشىمىز دەپ كىم ئويلاپ كۆرگەن دەيسەن، دەپ ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ قالدى.

دادامنىڭ قارا شەھەردىكى يەرلىك ماللار شىركىتىنى قۇرۇپ چىققان ئەھۋاللار توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىسىدە ماجىڭ تاڭ چۆچەك چىتەيىنىڭ ئوغلى دەپ ئېيتىپ بەرگەن سۆزلىرى يادىمغا كەلدى.

مەن: راست، دادامنىڭ سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىرى يادىمغا كەلدى، سىز بىلەن پالۋان دېگەن ئىتنى ئېلىپ ئوۋغا چىققانلىقنى سۆزلەپ بەرگەن، دېدىم.

ـ ھە توغرا، سالىخ ئەپەندى ئوۋ قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىز ھەر دەم ئېلىش كۈنى شۇ پالۋان ئىتنى ئېلىپ ئوۋغا كېتەتتۇق، دەپ سۆزلىشىپ تۇرغىنىمىزدا دۇيجاڭ كىرىپ كەلدى. ھەر قايسىمىز ئۆز ئىشىمىزدا بولدۇق.

لاۋما مېنى ئۆز قىزىدەك ھەر ۋاقىت پۇرسەت بولسا يوقلاپ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئارىدىن بىر ـ ئىككى ئاي ئۆتمەستىن پۈتۈن مەيدان بويىچە يىغىن ئۆتكۈزۈپ يىغىندا ماجىڭ تاڭنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقنى ئېلان قىلىپ قولغا تۆمۈر ئىشكەل سېلىپ تۆت قوراللىق ئەسكەر بىلەن گوڭەنتىڭنىڭ جىنايەتچىلەرنى قولغا ئالىدىغان ماشىنىسى بىلەن ئېلىپ كەتتى.

لاۋما ماڭغاندا ئايالлар ئىچىدىن كۆزلىرى بىلەن مېنى ئىزدەپ شۇنداق چۈشكۈن ۋە قايغۇلۇق ھالدا خوشلاشقاندەك قاراپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىمىدىم. دادامۇ كېيىن دەپ بەرگەنلىرىمنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئېچىنىپ كەتتى.

## ئارتىس مەرپۇنىڭ قولغا ئېلىنىشى

(بۇ ئۇنىڭ قىسقارتىلغان ئىسمى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى مەرپۇنى)

24 - ئاپرېل

باھار پەسلىنىڭ گۈزەل بىر ۋاقتى ئىدى. دەل ـ دەرەخلەر يوپيۇرماقلار چىقىرىپ، بۇغدايلار مايسا بولغان، ئەتراپ ياپيېشىل، ئاسمان خۇددى بۇلاق سۈيىدەك سۈپسۈزۈك تازا كۆرۈنەتتى. ئاسمان دېڭىزىغا قاراپ كۆز يەتمەيتتى. قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى كۆڭۈلگە ھۇزۇر بېرەتتى.

مەن ئەتراپقا تويماي قاراپ كەلدىم، بىزنىڭ ئەترەتتىن 6، 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئەرلەر 2 ـ ئەترىتى جايلاشقانىدى. شۇ ئەترەتنىڭ ئەتراپىغا تېرىلغان بۇغداينىڭ ئارىسىغا ياۋا ئوتلار ئۈنۈپ كەتكەنلىكتىن، شۇلارنى يۇلۇپ بۇغداينى چۆپلەشكە كەلدۇق. ئەتىگەندىن تارتىپ توختىماي ئېگىشىپ يۇلۇپ ئىشلىگەنلىكتىن بېلىم بىلەن پۇتلىرىم ئاغرىپ ئولتۇرۇۋالغۇم كېلەتتى. بىراق دۈيجاڭ بېشىمىزدا تىك تۇرۇپ ئىشلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن دەم ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن سائەت ئىككىلەر بىلەن دۈيجاڭ سائىتىگە قارىۋېلىپ ئىشخانا تەرەپكە قاراپ كەتتى.

دۈيجاڭ كۆزدىن ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن ئېتىز چېتىدىكى يوغان دەرەخنىڭ ئاستىغا بېرىپ سوزۇلۇپ يېتىپ دەم ئالدۇق.

ــ نېمە دېگەن ھۇزۇر، ھېچكىم كەلمىسە بىر دەم بولسىمۇ دەم ئالساق، دەپ ئامىنە مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ياتتى.

ساجىدە: دۈيجاڭنىڭ كىچىك باللىرىنىڭ بولغىنى بىز ئۈچۈن كۆپ ياخشى، ئەگەر بېشىمىزدا دېۋەيلەپ تۇرۇۋالسا دەم ئالماي كەچ كىرگۈچە قانداق قىلاتتۇق، دەپ كېلىپ ئۇمۇ ياتتى.

ــ ھەي سىلەر ھۇزۇر تېپىپسىلەرغۇ دەپ ئېتىزدىكىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ھەممىسى كۆك مايسىدا «ئۇپ» دەپ ئېغىنىشىپ يېتىشتى.

خەلچەم بېشىنى كۆتۈرۈپ: ھەي قىزلار بىر ئەر دۈيجاڭ كېلىۋاتىدۇ. دېيىشى بىلەن ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇشۇپ دەم ئېلىۋاتقان بولۇپ ئولتۇردۇق، ئىككىنچى ئەترەتنىڭ دۈيجاڭى بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپلا: ئارتىس مەرپۇ كەلدى، ئەمدى زېرىكمەيدىغان بولدۇڭلار، دېيىشى بىلەن قىزلار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

ــ ئوھۇي ئارتىس، جۇيەننىڭ (ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ) ئەتىسى كەپتۇ، دەپ بىر ـ بىرسىگە يەنە خەۋەر قىلىپ سەكرىشىپ كەتتى. دۈيجاڭنىڭ كەيپىياتىدىمۇ قانداقتۇر خۇشاللىق بىلىنىپ تۇراتتى. تۇرنىسا ئىنچىكە قىلىپ سىزىپ ئالغان قاشلىرىنى كىرىپ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ياساپ:

– دۇيجاڭ سائەت قانچە بولدى؟ دەپ هالى چوڭلۇق بىلەن قاراپ جاۋاب كۇتۇپ تۇراتتى.

دۇيجاڭ سائىتىگە قاراپ:

– يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن ئىشتىن چۈشىسىلەر، ئىشلەڭلار! دەپ خۇش كەيپىيات بىلەن ئىككىنچى ئەترەتكە قاراپ كەتتى.

مېهرىبان: دۇيجاڭ ئارتىس قىز كەلدى، دەپ ئاجايىپ خۇشالغۇ، دەپ بوينىنى قىسىپ كۇلدى. ئادەتتە قاپىقى ئېچىلمايدىغان دۇيجاڭنىڭ بۈگۈن مەرپۇ كەلدى، دەپ ئاغزى يىغىلماي قاپتۇ، خوتۇنىغا بېرىپ دەپ قويسام ئۆزىنى، دەپ كۇلدى. هەممىمىز كۇلۇشتۇق.

مەريەم خوتۇننى تونۇمسەن؟ دەپ سورىدى.

– ياقەي، بۇ بىر گەپتە، نەدىن تونۇسۇن دەپ بىلىقىز سۆز قوشۇپ، تووا دۇيجاڭلارمۇ بىزگە ئوخشاش زېرىكسە كېرەك. بىز بىر ئايال كەلسە خۇشال بولۇپ كېتىمىز. دۇيجاڭمۇ مەرپۇ كەلدى، دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇۋال ئۇ بىچارىگىمۇ، مۇشۇ كۆكۈلسىز چۆللەردە بىزنى دەپ يۈرىدۇ، دېدى.

مارىيە: يوق گەپنى قىلماي ئولتۇرساڭچۇ، دەپ، بىلىقىزنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ مەندىن:

– سۆيۈن سىز مەرپۇنى تونۇمسىز؟ كۆرگەنمۇ، دېدى.

مەن كوچىلاردا، سەهنىدە كۆرگەنمەن، دېدىم.

ئايالار مەرپۇنىڭ شاباخۇدا ئۆزگەرگىلى كەلگەنلىكىگە بەكمۇ خۇشال ئىدى ۋە ياتاقتا قايتىشقا ئالدىرايتتى.

ئامىنە: ۋاي جېنىم، ۋاي جېنىم نېمىشقىمۇ ۋاقىت توشمايدىغاندۇ، دەپ سەكرەيتتى. مارىيە:

– شۇنى دەيمەن. مەنمۇ بەكلا ئالدىراۋاتىمەن. قانداق سەتەڭ ئىكەن بىر كۆرسەم، دېدى.

مەن تۇرۇپ:

– تووا بىر ئادەمنىڭ تۇرمىگە كىرىشى سىلەر ئۈچۈن خۇشاللىق بولدىمۇ؟ بۇ دەرتنى بىزلا تارتىپ تۈگەتسەك بولمامدۇ؟ باشقىلارنىڭ كېلىشىنى نېمىشقا تىلەيسىلەر، دېيىشىمگە، مارىيە:

ـ راست دەيسىز، بىراق جەمىيەتتىمۇ، بۇ يەردىمۇ ئېغىر كۈنلەرمۇ كۆرۈپ باقسۇن. دۆلەتتە يۈرگەنلەرمۇ كۆرۈپ باقسۇن. بىزلەرنىڭ قانداق تۇرمۇشتا ياشاۋاتقىنىمىزنى شۇ ۋاقىتتا ئۇلار بىلىدۇ، دېدى.

ساجىدە: قىزىق سۆزلەيسىزكەن مارىيە، بىزنى  تۈرمىگە ئۇلار ئېلىپ كەلمىدى.

سادەت تۇرۇپ:

ـ ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ نېمە ئىچىڭلار ئاغرىپ كەتتى. تۈرمە ۋە ئېغىر تۇرمۇش يالغۇز بىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەرگىلا خاس ئەمەس، شۇ دۆلەتنى كۆتۈرەلمەي كەتكەنلەرگىمۇ خاس، كەلسۇن تازا ئەدىپىنى بېرىپ ئۆزگەرتىپ، ئۆزىمىزگە ئوخشاش قىلىپ چىقىمىز، دېدى. باشقىلار راست دەيسىز، دەپ كۈلۈشتى.

ساجىدە: «تووۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتتى. مەن بۇلارنىڭ سۆزىگە ھەيران بولغانلىقتىن ئاغزىم ئېچىلىپ قالدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىشى بىلەن ئاياللار يۈگۈرۈشۈپ ئېتىلىپ ياتاققا كىرىشىپ كەتتى.

ياتاقنىڭ ئىشىكىدىن ھەممىنىڭ ئاخىرى بولۇپ كىرىپ ئىشىك تۆۋىدە ياتقان جىبىلنى كۈندىلىك ئادىتىم بويىچە كۆتۈرۈپ، ئەركىلىتىپ يۇمشاق بوۋاق مەڭزىلىرىدىن سۆيدۈم. جىبىل بىردە كۈلۈپ بىزنى خۇشال قىلىپ، بىردە ئاغزى بېسىلماي چىرقىراپ يىغلاپ يۈرۈپ چوڭ بولۇپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆز ئورنۇمغا قاراپ ماڭدىم. مەرپۇ تام مەشىنىڭ كەينىدە ئورنىغا يۆلىنىپ ئىككى پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ، ئارتىسلارغا خاس يالغان ـ ياسالما ھەرىكىتى بىلەن سوزۇلۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاياللار بولسا مەرپۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلىشىپ ئولتۇرۇپ ھال سورىشىۋاتاتتى. مەرپۇ بىردە ياسالما ئاغزىنى پۈرۈپ كۈلۈمسىرەيتتى ۋە كۈلەتتى. بىردە كۆزىگە لىق ياش ئالاتتى. كۆز ئالدىمغا مەرپۇ سەھنىدە ئويۇن كۆرسىتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئاياللاردىن ئۇنىڭ يېنىغا پاتقۇدەك ئورۇنمۇ يوق ئىدى. ئورنۇمغا ئۆتۈپ كىيىمىمنى يۆتكەپ باش ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتىم. ئۆگىنىشتىن كېيىن ئورۇن سېلىپ ياتماقچى بولۇپ تۇراتتۇق، مەرپۇ ئاياللاردىن ئايرىلىپ يېنىمىزغا كەلدى. كۆرۈشۈپ بولۇپ:

ـ ۋيەي جېنىم، سىلەر بار ئىكەنسىلەر. بولمىسا قانداق قىلاتتىم. سىلەرنى كۆرۈپ خۇدا ھەققى بەكمۇ خۇشال بولدۇم. سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا جەمىيەتتە بەكمۇ نۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەر بولدى. بىزنىڭ تەشكىلاتمۇ سىلەرگە ئېچىندى. خەلقلەر يىگىتىگە بەرگۈسىز قىزلار دەپ سىلەرنى مەدھىيىلىدى، دېدى.

«تەشكىلات» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ساجىدە ئىككىمىز ھەيران بولدۇق. يەنە باشقا تەشكىلاتلار بار ئوخشايدۇ، دەپ بىلىشكە ۋە ئاڭلاشقا قىزىقتۇق.

ــ سىز تەشكىلاتقا قاتناشتىڭىزمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ــ ھەئە، مەن ئۆتكۈر ئەپەندى، ھاجى ياقۇپلارنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان ئىدىم. شۇ تەشكىلات پاش بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ يىل كېسىپ مېنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، دېدى.

مەن ھە، دەپ قويدۇم، لېكىن بەكمۇ ھەيران بولدۇم، چۈنكى ئۆتكۈر ئەپەندىنى گۇڭەنتىڭ تۈرمىسىدە كۆرگەن ئىدىم. ئۇ كىشى تۈرمىدە بولسا، بۇ قانداق تەشكىلات؟ دەپ ئويلىدىم ۋە بەلكى بۇ ئادەم تۈرمىدە بولسىمۇ تەشكىلاتى پاش بولمىغان بولسا كېرەك، دەپ ئۆز پىكرىمنى توغرىلىدىم.

ساجىدە: ئۆتكۈر ئەپەندىنى تۈرمىدە كۆرگەن ئىدۇق، شۇ ئۆتكۈر ئەپەندىمۇ؟ دەپ سورىدى.

مەرپۇ: ھە، ھە شۇ ئۆتكۈر ئەپەندى، شۇنىڭ تەشكىلاتى، ئۇ تەشكىلاتنى ھاجى ياقۇپ داۋاملاشتۇردى. ئۆتكۈر ئەپەندىمۇ تۈرمىدىن چىقتى، دېدى.

مەن ئۇلارنىمۇ قولغا ئالدىمۇ؟ دەپ جىددىيلىشىپ سورىدىم. مەرپۇ:

ــ ياق، ئۇلار جەمئىيەتتە قالدى. يالغۇز مېنى قولغا ئالدى، دېدى.

مەن:

ــ ئۇلار تەشكىلاتتا بولسا، نېمە ئۈچۈن قىز بالا دېمەي سىزنى يالغۇز قولغا ئېلىپ، ئۇلار قولغا ئېلىنماي قېلىپ قالغىنى قىزىق بوپتۇ، دېدىم.

ساجىدە:

ــ راست شۇنى دەيمەن، ئۇلار تەشكىلاتقا قاتناشقان بولسا ئۇلارنىمۇ قولغا ئالغان بولاتتى، دېدى.

مەرپۇ:

ــ تاڭ ئۇقمىدىم، دەپ ئويلىنىپ قالدى.

مەن ھەم بۇ سۆزنىڭ مۇجمەللىكىنى ئويلاپ بۇندىن كېيىن بۇ ھەقتە سۆزلەشنىڭ لازىمى يوقلۇقىنى ۋە قاتتىق دىققەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ قالدىم.

مەرپۇ:

ــ ھاجى ياقۇپ ئاكام بەكمۇ ياخشى ئادەم، بىلىملىك، شىنجاڭ تارىخى ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدۇ، دېدى.

مەن ئۇ ئادەم ھەققىدە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ كىنوسىنى ئىشلىگەندە لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئۆزىنىڭ ئايالى نۇرنىسا تۇتۇپ بەرگەن ئىكەن. شۇ ئايالنى ھاجى ياقۇپ دېگەن كىشى ئالغان دەپ ئاڭلىغان دەۋىدىم.

مەرپۇ:

ــ ھە، ھە توغرا. مەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ كىنوسىدا شۇ نۇرنىسانىڭ رولىنى ئويناپ چىققان. مەن رولدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنى نۇرنىسا تۇتۇپ بەرگەن قىلىپ ئىشلەپ بولغاندا، نۇرنىسا مەركەزگە ئىلتىماس يېزىپ: مېنىڭ ل. مۇتەللىپتىن بىر ئوغلۇم بار، بالىنىڭ ۋە مېنىڭ ئابرۇيىمىزغا تەسىر يەتتى. كىنونى ئۇنداق ئىشلىگەنگە مەن نارازىمەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ، ئوغلىنىڭ يۈز ـ خاتىرىنى قىلىڭلار، دېگەندىن كېيىن، كۆپ ئورۇنلارنى قىسقارتىپ كېسىپ ئېلىپ تاشلىدى. بولمىسا ئۇ كىنودا مېنىڭ رول ئالغان جايىم بەكمۇ جىق ئىدى، پەقەت باقى بىلەن يۈرگەن ئازلا يەرنى قالدۇرۇپ قويىدى. كىنونى مۇتەللىپنىڭ دوستى باقى تۇتۇپ بەرگەن قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ چىقتى، دېدى.

مۇتەللىپنىڭ كىنو فىلىمىدە ئېلىنغان مەرپۇنىڭ رولى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. مەرپۇ ھەقىقەتەن كىنودا رول ئالغاندەك چىرايلىق، يۇغان قوي كۆزلۈك، ئاق سېرىق كەلگەن ئېگىز بويلۇق گەۋدىلىك گۈزەل بىر ئايال ئىدى، بوغۇق ئاۋازى ۋە ئەركىلەپ ئاغزىنى پۈرۈپ تەمشىپ سۆزلىشىمۇ ئۆزىگە يارىشىپ تۇراتتى.

# 25 ـ ئاپرېل

ئېتىزدا ئىشلەۋاتاتتىم. ئەترەت باشلىقى تۇرنىسا يېنىمغا كېلىپ:

ــ مەرپۇ نېمە جىنايەت بىلەن كېلىپتۇ، بىلدىڭلارمۇ؟ دەپ قىزىقىپ سورىدى.

مەرپۇ بىزگە تەشكىلاتقا قاتناشقانلىقىنى، پاش بولۇپ قولغا ئېلىنىپ ئۈچ يىل كېسىلىپ كەلگەنلىكىنى دېگەنىدى، دەپ قىسقا جاۋاب بەردىم.

تۇرنىسا:

ـ قانداق تەشكىلات؟ يالغان دەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ بىر نېمىلەرنى دەپ قويمىغانسىلەر؟ دېدى.

مەن: ياق ھېچ نەرسە سۆزلىمىدۇق، دېدىم.

ياخشى، مەرپۇنى ئېلىپ كەلگەن بىلەن ئۇنىڭ ماتېرىيالىنى تېخى ئېلىپ كەلمىدى. بىز ھەم ئۇنىڭ نېمە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيمىز، دىققەت قىلىڭلار، دېدى.

مەن تۇرنىسا دۈيجاڭنىڭ سۆزىگە ئەجەبلەندىم، قىزىق، دۈيجاڭ بۇ سۆزنى قانداقلارچە سۆزلىدى، دەپ ئويلاپ قالدىم.

تۇرنىسا، بىز شاباخۇغا كەلگەندىن كېيىن بورتالا ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئايالالار ئەترىتىگە ئەترەت باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلدى.

تۇرنىسا ئورتا بويلۇق، خورما رەڭ چاچلىق، قوي كۆزلۈك، ئىسسىق چىراي، ئوچۇق، خۇش چاقچاق، قاملاشقان ياش ئايال ئىدى. ئۇ ئىش ئۈستىدە ئايالالار بىلەن چاقچاق قىلىشىپ قوغلاپ ئوينىشىپ كېتەتتى. ئەتراپتا ئادەم بولمىسا ئايالالار بىلەن ئۇزۇن پاراڭلار قىلىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

تۇرنىسانىڭ ئېرى ئاتەك ھېكمەت ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ كادىرى ئىدى. تۇرنىسا قېرى ئاپىسى ۋە ئۇكىسى بىلەن بىللە تۇرىدۇ. تۇرنىسانىڭ ئانىسى تەقۋادار، ئاق كۆڭۈل ساددا ئايال ئىدى.

بىر كۈنى تۇرنىسا بىزنى ئەترەت بويىچە ياخشى ئىشلىمىدىڭلار، دەپ جازالاپ، بىر سائەت كېچىكىپ ئىشتىن چۈشسىلەر، دەپ ئېلىپ قالدى. بىز ئىشلەپ يېرىم سائەت بولغاندا يىراقتىن ئاق ياغلىق، ئاق كۆينەك كىيگەن تۇرنىسانىڭ ئانىسى ھاسىراپ كېلىۋاتاتتى. تۇرنىسا: ھەي مۇشۇ مېنىڭ ئاپامنى قارا، ئىش مەيدانىغا كېلىۋاتقىنىنى، مېنى تىنىچ ئىشلىگىلى قويمايدۇ. بىزنىڭ بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيدۇ، ماڭا بالا تېرىيسەن، بۇ ئىشقا ئارىلاشما، دېسەم ئۇنىمايدۇ، دەپ خاپا بولۇپ تۇراتتى، ئاپىسى: ۋاي بالام، جېنىم بالام، مەن ساڭا دېمىدىممۇ، نېمىشقا بۇلارنى ئىشتىن چۈشۈرمەي ئىشلىتىۋاتىسەن، بۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش بىرسىنىڭ ئەزىز بالىلىرى، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ قالدى، ئۇنداق قىلما بالام، دەپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى. بەزى ئايالالارمۇ قوشۇلۇپ يىغلاشتى.

تۇرنىسا: مۇشۇ ئاپام ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدۇ، يۈرۈڭلار دەپ بىزلەرنى ئېلىپ ماڭدى.

تۇرنسا ئاپسنى بەزلەپ سۆزلەپ تۇرغاندا، ئاسيە: مۇشۇ خوتۇن بىزگە دۇيجاڭ بولسا بوپتىكەن، ھەجەپ ئوبدان خوتۇنكەن، مەن بەك ياخشى كۆرىمەن. تېز - تېز ئېتىز بېشىغا كېلىپ تۇرسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، دەپ كۈلدى.

ھەنپە: مەن بۇ خوتۇنغا قارىسام خۇددى ئاپامنى كۆرگەندەك بولۇپ قالىمەن، ئاجايىپ ياخشى كۆرىمەن، دېدى.

بىر كۈنى بىز ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتاتتۇق، تۇرنسانىڭ ئانىسى كادىرلارنىڭ يوق ۋاقتىنى پايلاپ تۇرۇپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ بېشىغا ئارتقان روملىنىڭ ئىچىگە پۇشۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن بوپىسنى چىقىرىپ، بەش تونۇرناننى: تۇرنساغا دېمەڭلار، بۆلۈشۈپ يەڭلار، دەپ بەردى. ھەممىمىز بىر پارچىدىن بۆلۈشۈپ يەپ كۆپ رەھمەت دېدۇق. ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان بۇنداق تاتلىق نان يېمىگەن ئىدۇق. قىزلار خۇشال بولدى. خۇددى ئانىسىنى كۆرگەندەك تەلمۈرۈشۈپ كۈلۈپ قارىغان ئىدى، ئۇ ئايال جېنىم باللىرىم خۇدايىم رەھىم قىلسۇن، خۇدايىم ياردەم قىلسۇن، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. تۇرنسا، گۈلنسالار ساجىدە ئىككىمىزگە كۆڭلى يېقىن بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە بىزگە قاتتىق ئىدى.

گۈلنسا سۇرلۇك ھەم تۇرگۇن ئايال ئىدى. مەخسۇس جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەشكە خاس خاراكتېرى بولسىمۇ ئاچچىقى قاتتىق كەلگەندە: ئاغزىڭنى يۇم، ھەي بىشەم! دەپ ۋارقىرايتتى.

خەنزۇ دۇيجاڭ، كادىرلار ئاغزىنى بۇزۇپ شۇنداق يامان، ئادەم بالىسى ئاسان ئاغزىغا ئالمايدىغان يامان تىللار بىلەن ھەممە ئاياللارنى قارا قويۇق تىللايتتى ھەم ئۇلار ئادەملەرنىمۇ قاتتىق ئۇراتتى، ئەمما مىللىي كادىرلاردىن ئادەم ئۇرغىنىنى ئاڭلىمىدۇق ھەم كۆرمىدۇق.

بىر كۈنى گۈلنسا ئاياللاردىن قاتتىق خاپا بولۇپ: ھەجەپ تويدۇم، ماڭا نېمە كۈن؟ ۋاقىتسىز قېرىپ كېتىدىغان بولدۇم، دەپ رەنجىپ كەتتى. مەن ئەترەت باشلىقى گۈلنسادىن:

– مەن ھەيرانمەن، سىز نېمىشقا بۇ كەسىپنى تاللاپ ئالدىڭىزكىن! دېدىم. ئاچچىقلىنىپ تۇرغان گۈلنسا مېنى ئۆزى تاللاپ ئالغان دەپ ئويلامسەن؟ ئاقسۇدىن ئىنستىتۇتقا ئوقۇغۇچى ئالغىلى كېلىپ مېنى شىئەن ئىنستىتۇتىغا تاللاپ ئېلىپ كەتتى. قانۇن فاكۇلتېتىغا بۆلدى. مەن ئىدارىلەردە قانۇن ئىشى بىلەن ئىشلەيدىغان ئوخشايمەن،

دەپ ئويلىدىم. لېكىن، ئىشقا بۆلگەندە مېنى مۇشۇ ئورۇنغا ئەۋەتتى. بۇنداقلىقنى بىلگەندە ئۆلسەممۇ قانۇن ئوقۇمايتتىم ۋە بۇ يەرگىمۇ كەلمەيتتىم. مېنىڭ ھېچ ياراتمىغان ئىشىم ئىدى. قانچە قىلساممۇ بولمىدى، ئاخىرى كەلدىم، دېدى.

مەن، قانچە مائاش ئالىسىز؟ دەپ سورىدىم.

ئايدا 60 سوم، دەپ ئويلىنىپ قالدى.

مەن، بەلكى مائاشى كۆپمىكىن، دەپ ئويلاپتىمەن، دېدىم.

ئىككى كۈندىن كېيىن تۇرنىسا: مەريۇنىڭ ھېچقانداق تەشكىلات بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئايال ئىكەن، سىلەرگە يالغان سۆزلەپتۇ، دېدى.

## ساجىدەنىڭ ۋاقتىنىڭ توشىشى

29 - ئاپرېل پەيشەنبە

كەچلىك تاماقتا ساجىدەنىڭ ئىككى يىلنى تولدۇرۇپ، يېڭى ھايات ئەترىتىگە چىقىشىنى تەبرىكلەپ زىياپەت ئۆتكۈزدۇق. زۆھرە ئەمەت ياغ چىقاردى. مەن ئۆيدىن كەلگەن ئوننى ئالدىم ۋە ماگىزىندىن ئالغان بىر شېكەر بار ئىدى، مۇشۇ كۈنگە ئاتاپ يۇرگەنىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاشخانىنىڭ ئوچىقىغا تالادىن ئوت قالايدىغان يېرىگە بېرىپ ھالۋا پۇشۇردۇق. چاي قاينىتىپ داستىخاننى كەڭ يېيىپ، زۆھرە، مەريۇ، ماھىنۇر ۋە ئەتراپتىكى ئاياللار كېلىپ ئۈز نورمىلىرىمىز بىلەن ھالۋا يېدۇق ۋە ساجىدەنىڭ كېسىم ۋاقتى توشقانلىقىنى تەبرىكلىدۇق. پاراڭلىشىپ، كۈلۈشۈپ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ چاي ئىچتۇق. يېرىم سائەتتىن كېيىن ساجىدەنى ئىشخانىغا چاقىرىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ۋاقتى توشۇپ يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، ساجىدەنى يېڭى ھايات، ياتىقىغا كۆچۈپ چىقىشقا ئۇقتۇرۇپتۇ. ساجىدە ئىنتايىن خۇشال ئىدى. شۇنداقلا ھەممىمىزمۇ خۇشال ئىدۇق. لېكىن، كېچە كۆرگەن چۈشۈمنى ئويلاپ كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى ئەسكى بولاتتى. ئادەمنىڭ چۈشىگە نېمە كىرمەيدۇ، ئۇ بىر چۈش، دەپ كۆڭلۈمنى ياسساممۇ لېكىن راسا خۇشاللىقتا ئىشىنىپ كېتەلمەيتتىم. ساجىدە كېلىپ:

– سۆيۈن، مەن قارىسام سەن ئانچە خۇشال ئەمەستەك كۆرۈنىسەنغۇ، دەپ كېلىپ مېنى قۇچاقلىدى.

– ياق، ساجى مەن نېمشقا خۇشال بولمايمەن، سەن ئازات بولۇپ، بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇڭ. مەن سېنىڭ ئۈچۈن خۇشالمەن، دەپ كۆڭلۈمدىكى بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ئۆزۈمدىن يىراققا ئىتتىرىشكە تىرىشتىم. شۇنداقتىمۇ كېچە كۆرگەن چۈشۈم ئۆزۈمدە بىر كۆڭۈلسىزلىك ھېس پەيدا قىلاتتى.

چۈشۈمدە ساجىدە ئىككىمىز بۇرۇنقى مىللىي كىيىملەرنى كىيىپ بېشىمىزغا چىرايلىق ياغلىقلارنى باغلىغان ھالدا تۈرمىدىن چىقىپ ماڭايلى، دەپ ئەتراپقا قارىسام پۈتۈن جاھان قاپقاراڭغۇ، زۇلمەت بولۇپ، قولىغا قورال تۇتقان كوچا ساقچىلىرى ئالدىغا يولۇققان ئادەمنى تۇتۇپ تۈرمىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. تۈرمە ئېگىز تاملىق قورغان بىلەن توسۇلغان، تامنىڭ ئۈستىگە بىر مېتىر ئېگىزلىكتە قېلىن توكلۇق سىم تارتىلغان ۋە شۇ قورغاننىڭ تۆت تەرەپتىكى پوتەينىڭ ئۈستىدە ئاپتومات، پىلىموتلار بىلەن تولۇق قوراللانغان ھەربىيلەر قاچقانلارنى ئېتىۋاتاتتى. قارا قويۇق ئادەم تۇتقان ئەھۋالغا قاراپ ساجىدە ئىككىمىز چاققانلىق بىلەن ئۆزىمىزنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن شۇ يەردىكى يوغان بىر تاشنىڭ كەينىگە بېرىپ يوشۇرۇندۇق، تۈرمە ھويلىسىدىن چىقىۋاتقان پەرياد بالىلارنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ قىيا - چىيا ۋە تۇۋلىغان ئاۋازلىرى كۆككە كۆتۈرۈلەتتى. ساقچىلار توختىماستىن قارا قويۇق ئادەم تۇتاتتى. تۈرمىدىكىلەرنىڭ ئىچىدىن قارا ماشىنىلارغا سېلىپ قاياققىدۇر ئېلىپ كېتىپ باراتتى. بىز تىنىقىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ ئەتراپقا قاراپ ئولتۇراتتۇق، يېنىمىزدىكى تاشنىڭ كەينىدىن بىر ئادەم ئاستا ئۆمىلەپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى، قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ئاق سەللىسى بولمىغىنىدا ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ياشانغان ئاپاق ساقلى بار ئەر كىشى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئاستا ئاۋاز بىلەن:

– نەدىن كەلدىڭلار باللىرىم؟ دەپ سورىدى.

تۈرمىدىن چىقتۇق. مەن ئۈچ يىل، ساجىدە ئىككى يىلنى تۈگىتىپ قايتقان ئىدۇق. ئادەملەرنى قارا قويۇق تۇتۇۋاتقان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مىدىرلىماي مۆكۈنۈپ تۇرۇۋاتىمىز، دېدىم.

ساجىدە:

– ھەممە ئادەمنى تۇتۇپ، ئاتقاننى ئېتىپ، ئۇرغاننى ئۇرۇۋاتىدۇ، بۇ نېمە ئەھۋال، دېدى.

– بالام زامان يامانلاشتى، ئادەملەرنىڭ قەدرى قالمىدى. جاھان تىنچىغىچە مۇشۇ يەردە مىدىر قىلماي ئولتۇرمىساق ھالاك بولىمىز، دېدى ۋە بىر نېمىنى ئۇنۇتقاندەك

شۇرلاپ «تۈرمىدىن چىقتۇق دەمسىلەر» دەپ قويىندىن بىر كىتاب ئالدى. ساجىدە: ئاكا ئۇ نېمە كىتاب؟ دەپ سورىدى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى ياكى مۇھىم ئاسارە - ئەتىقە كىتابلار بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

ئۇ ئادەم بۇ پال كىتابى، بۇ كىتاب بىلەن مەن سىلەرگە بىر پال ئېچىپ بېرەي، دەپ ئۆز ئىچىدىن بىر نەرسىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ بولۇپ، كىتابنى بىزگە ئاتاپ ئاچتى ۋە تاڭنىڭ غۇۋا يورۇقىدا كىتابنى ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئوقۇپ، سىلەر 2 - 3 يىل بىلەن قۇتۇلمىز، دەپ ئويلاۋېتىپسىلەر، تام ئون يىل دېگەندە قۇتۇلىسىلەر، بىراق تولۇق ئەمەس، دېدى.

شۇ ئارىلىقتا بىزنى ساقچىلار چۆرىدەپ كېلىپ تۇتتى. قوللىرىمىزغا تۆمۈر ئىشكەل سالماقچى بولدى. ھېلىقى ئادەم يوقاپ كەتتى. مەن ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىگە ھەيران بولدۇم. قولۇمغا تۆمۈر ئىشكەل سالماق ئۈچۈن بىر قايرىغاندا، جېنىم قاقشاپ كەتكىنىگە چىدىماي ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام قولۇم پاتەمنىڭ ئاستىدا قىلىپ كۆيۈشۈپ قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن مەن ئۇ چۈشۈمنى ساجىدەگە سۆزلەپ بەردىم. ساجىدەنىڭ كۆڭلى بەك ئەسكى بولدى ۋە ئۇ:

– جېنىم سۆيۈن قانداق چۈش كۆرگەنسەن، خۇدايىم ئۇ كۈننى بەرمىسۇن، ئون يىل دېگەن ئاز ۋاقىت ئەمەس. ئېيتماققا ئاسان، ئەمما ئىككى يىلنىمۇ ئاسان ئۆتكۈزمىدۇق. ۋاي سۆيۈن خۇدايىم ساقلاپ ئۇ چۈشۈڭ ئوڭ كەلمىسۇن، دېدى.

مەن ئۈنىڭغا: ئادەمنىڭ چۈشىگە نېمىلەر كىرمەيدۇ، ئۇ بىر چۈش دېگىنە، شۇڭلاشقا ئىچىمگە سىغدۇرالماي ساڭا دېدىم، دەپ كۆڭلىنى ياساپ، ئۆزۈمنى ۋە ئۇنى تىنچلاندۇردۇم. بىر ھەپتىدىن كېيىن ساجىدە رۇخسەت سوراپ ئۇرۇمچىگە ھەدىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن كەتتى. ئۆيگە پۇتۇنلەي قايتىپ كېتىش ئۈچۈن تەشكىل مۇزاكىرىلىشىپ تەشكىل ئۆزى ئاپىرىپ قويىدۇ، دەپ رۇخسەت قىلماپتۇ.

## قەشقەر مارالبېشى قارا قىلچىنىغا شەھەر قوروپ، يىلتىز تارتىش ئۈچۈن ئايالالارنى ئېلىپ كېتىشى

13 - مارت ھەممە ئايالالار ئىشقا چىقىشقا تەييارلىنىپ، كەتمەن، گۈرجەكلىرىنى تۇتۇپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توپ - توپ بولۇپ، پاراڭلىشىپ، ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى

كۆتۈپ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئىشىككە قاراپ تۇراتتى. ئەمما ئىش ۋاقتىدىن 15 مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. دۈيجاڭ كىرمىدى. ئاياللار ھەيران بولۇپ، نېمە بولدى، بۈگۈن ئىشقا چىقمامدۇق نېمە؟ بۈگۈن نېمە كۈن بايراممۇ؟ ياكى دەم ئېلىش كۈنىمىدۇ؟ دەپ بىر ـ بىرىدىن سوراشقا باشلىدى.

ئىشىككە يوغان قارا تۆمۈر كۇلۇپ سېلىنغان، تۆت ئەتراپى بەش مېتىردىن ئېگىز سېلىنغان تام بىلەن قورشالغان، كىچىك، تار ھويلىدا سولىنىپ ئولتۇرغاندىن سىرتقا چىقىپ كەڭ ئېتىزلاردا ئىشلەشنى پۈتۈن ئاياللار ياخشى كۆرەتتى. بەزىدە دەم ئېلىپ ئىشقا چىقماي قالغان كۈنلىرى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش بەكمۇ تەس، ئادەمنىڭ يۈرەكلىرى سىقىلىپ كېتەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى. ئەترەت باشلىقى گۈلنىسا كىرىپ سەپكە تىزىلىشقا، پۈشتەك چالدى. ھەممىمىز ئەمگەك قوراللىرىمىزنى ئېلىپ رەتكە تۇردۇق. بىر سائەت كېچىكىپ ئىشقا چىقىشىمىزغا قاراپ بىرەر يېڭىلىقلار بارمۇ؟ ياكى كۈندىكى ئىشتىن باشقا ياققا بېرىپ ئىشلەرمىزمۇ؟ نېمە ئۆزگىرىشلەر باردۇ، دەپ ھەممىمىز دىققەت بولۇپ، ئاۋاز چىقارماي گۈلنىسانىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇردۇق.

گۈلنىسا سەپنى تەكشۈرۈپ، كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قولىدىكى قەغەزنى ئېچىپ تىزىملىكنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ئايگۈل، تاجىنىسا، نۇرىيە، مارىيە، ئايشەم ئايۇپ، مانەم، خەلچەم، ئايشەم مامۇت.... دەپ تىزىملىكتىكى ئىسىملارنى ئوقۇۋاتاتتى، مەن تىزىملىكتىكىلەرگە قاراپ ۋە ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. لېكىن بىزنىڭ ئىسمىمىزنى چاقىرماستىن، خەنزۇ قىزلارنىڭ ئىسملىكىگە ئۆتۈپ كەتتى. ھەممە ئىسىملىكنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، گۈلنىسا، مۇشۇ ئىسىملىكتە ئاتالغان بارلىق ئاياللار يېرىم سائەت ئىچىدە يۈك ـ تاقلىرىڭلارنى تېڭىپ تەييار بولۇڭلار، ماشىنا ھازىر كېلىدۇ، قەشقەر مارالبېشى قارا قىلچىن دېگەن يەردە «يېڭى ھايات» ئەمگەك مەيدانى بار، سىلەرنى شۇ يەرگە ئېلىپ بارىدۇ. سىلەر ئۇ يەردە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، يىلتىز تارتىپ، شۇ يەرنى گۈللەندۈرۈپ، ياشايسىلەر، دېدى.

بىزنىڭ كىچىك جېلىلىمىزمۇ ئارىمىزدىن كېتىدىغان بولدى. جەمىلنى شۇلار بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىپ كۈچاردا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرەم بىلەن تاشلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. لېكىن ئاياللار ھېچ خۇشال بولمىدى. ھەممىسى يىغلاشتى. ۋاقتى توشۇپ «يېڭى ھايات» ئەترىتىگە چىققانلارنىڭ ئىچىدىكىلەرنىمۇ كېتىشكە ئۇقتۇردى.

زورەم ھۇشۇر ۋاقتى توشۇپ «يېڭى ھايات» ئەترىتىگە چىققىلى ئىككى ئايدىن ئاشقان ئىدى. ئۇنىڭ ئېتى چىققاندا ئاغزى ئېچىلىپ ھەيرانلىقتا خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ؟

دېگەندەك قىلىپ ھەر قايسىمىزغا قاراپ چىقتى. كەينىدىن، دۆيجاڭ مېنىمۇ بارسەن دېدىڭىزمۇ؟ دەپ سورىدى.

گۈلنىسا: ھەئە كېتىسەن، ھازىرلان، دېدى.

زورەم مېنىڭ ۋاقتىم توشۇپ، ئىككى يىلنى تولۇقلاپ ئۆتكۈزۈپ چىقتىم ئەمەسمۇ، نېمىشقا مەن ئۇ يەرگە بارىمەن، دېدى. گۈلنىسا: تەشكىلنىڭ قارارى، كېتىشىڭ كېرەك، مېنىڭ ئامالىم يوق، دېدى.

زورەمنىڭ شۇنچىلىك كۆڭلى ئەسكى بولدىكى، يۈزلىرى قىپقىزىل بولۇپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى، كەينىگە بۇرۇلۇپ ياتاققا كىرىپ كەتتى.

بىر مەيدان ئادەم كۆڭۈلسىز بولدۇق، ھەممە ئاياللار دېگەندەك يىغلاشتى.

گۈلنىسا دۆيجاڭ يۈك ـ تاقلارنى تېڭىپ تەييار بولۇڭلار، ھازىر ماشىنا كېلىدۇ، دەپ تىزىملىكنى قاتلاپ قولىدا تۇتقان ھالدا چىقىپ كەتتى. ھويلا ئىچى جىددىيلەشتى. ئاياللار ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ، يۈك ـ تاقلىرىنى تېڭىشقا باشلىدى. باشقىلىرىمىز ئۇلارغا ياردەملەشتۇق.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئەترەت باشلىقى گۈلنىسا كىرىپ، كەتكۈچىلەرگە يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇق قىلدى.

بۇ بىچارە، ساددا ياش قىزلار گۇڭشېنىڭ جاپالىق ئېغىر تۇرمۇشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۆرلۈك يوللارنى ئىزدەپ يۈرۈپ نەپسى يامان شوپۇرلارنىڭ ۋە باشقا يامانلارنىڭ ئالدىمىغا ئۇچراپ ئاخىرى تۈرمىگە كەلدى. بۇلارنىڭ ۋەيران بولغان ھاياتىدا بۇ تۇرمۇش ئازدەك، ئەمدى مەڭگۈ قۇتۇلماس تۇتقۇن ـ ئەسىر بولۇپ كېتىپ بارىدۇ.

كەتكۈچى بارلىق ئاياللار يۈكلىرىنى ئېلىپ چىقىپ تىزىلغاندىن كېيىن گۈلنىسا يوقلىما قىلدى. بىرىدىن ـ بىرى چىرايلىق گۈلدەك ياش قىزلار يۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. بىز دەرۋازىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ، ھەسرەت بىلەن ئۇزىتىپ قالدۇق.

# قارا قىلچىندىن كەلگەن خەت

26 ـ ئىيۇل

لۆڭگە بىلەن باش ـ كۆزلىرىمنى سۈرتۈپ بولۇپ، ياتاققا كىرسەم ئاياللار ۋارقىراپ

سوقۇشۇۋاتاتتى. ئۆز ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇرماقچى بولىۋىدىم، مەرپۇنىڭ تىللىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەيران بولۇپ، كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام، مەرپۇ ئەركىلەپ سۆزلىگەندەك ئاغزىلىرىنى پۈرۈپ، ئىنچىكە خىرىلدىغان ئاۋازى بىلەن تىللىشىۋاتاتتى. كۆز ئالدىمغا مەرپۇ سەھنىدە ئويۇن قويۇپ رول ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، ماڭا قىزىق تۇيۇلدى. ئىختىيارسىز كۈلگۈم كېلىپ كۈلۈپ قاراپ قالدىم. سوقۇشۇۋاتقان مەرپۇ خىجالەت بولدىمۇ نېمە ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ «مېڭىشە، مېڭىشە، مېنىڭ سىلەر بىلەن سوقۇشقۇدەك ۋاقتىم يوق» دەپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئورنىغا ئولتۇرۇۋالدى. تۇراخان: ھوي چىدىماس، قانداق بىزگە تەڭ كېلەلەيسەن؟ دەپ ئاغزىغا كەلگەن سۆز بىلەن تىللاپ كەتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن مەرپۇ يېنىمغا كېلىپ: نېمىگە كۈلدىڭىز سۆيۈنگۈل، سىز كۈلگەندىن كېيىن خىجالەت بولغىنىمدىن ئاغزىمغا گەپ كەلمەي، ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدىم. نېمىگە كۈلدىڭىز؟ دېدى.

ــ قارىسام خۇددى سەھنىدە ئويۇن قويۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتىڭىز، كۈلگۈم كەلدى، دەپ يەنە كۈلدۈم. سوقۇشمايمەن، دېسىڭىزمۇ قويماي خۇددى كىچىك خوراز، ئىتلاردەك ئادەمنىڭ پۇتىغا يېپىشىپ ئېلىپ قويۇۋەتمەي قاۋايدىغانلارغا ئوخشايدىكەن. سىز كېلىپ بۇلار بىلەن سوقۇشۇپ كۆردىڭىزمۇ؟ دەپ سوراپ قالدى.

مەن: ياق، بىر مەرتىۋىمۇ سوقۇشۇپ كۆرمىدۇق، بىر قېتىم سادەتنى كىچىك بولغانلىقتىن «سەن» دەپ سۆزلەپتىكەنمەن، ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، سەنلەيدىغان كىم ئىدىڭ ۋايا! دەپ ھاقارەتلىك تىللار بىلەن تىللاپ كەتتى. ساجىدە ئىككىمىز ھەيران بولۇپ قېتىپ قالدۇق، ئاخىرى مەن چىدىماستىن، توختا قېرىنداش، نېمە بولدى؟ نېمىشقا خاپا بولدۇڭ؟ مەن ساڭا ھېچ نەرسە قىلمىدىم ۋە ھېچبىر يامان سۆز سۆزلىمىدىم، نېمىشقا خاپا بولىسەن؟ دېدىم.

سادەت يېنىمدا ئولتۇرغان خەلچەم، پاتەم دېگەن چوڭ ئاياللار، بىز جەنۇبلۇقلار «سەن» دېگەن سۆزنى يامان كۆرىمىز، دېدى.

ــ بىز شىماللىقلار يېقىن كۆرگەن ئادەمنى ۋە ئۆزىدىن كىچىكلەرنى «سەن»، چوڭلارنى ۋە ھۆرمەتلىگەن ئادەملەرنى «سىز» دەيمىز. بىز شۇنىڭغا ئادەتلەنگەندىن، كۆڭلۈمدە يېقىن كۆرۈپ «سەن» دەپ ئېيتتىم. بۇنىڭ نېمە يامان يېرى بار، دېدىم.

سادەت: سەنلىگەنگە خاپا بولدۇم، دېدى.

ــ بولىدۇ، بۇندىن كېيىن «سىز» دەيلى دېدىم.

بىز «سىز» دېگەن سۆزنى ياخشى كۆرمەيمىز «سىلى» دېسىلە دېدى. مەن ياق سىلى دېسەك تەنە قىلغاندەك بولىدۇ، سىز دەيلى دېدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوڭ ـ كىچىك دېمەي، سىز دەپ ئاتايمىز، دېدۇق ۋە سىز دەپ ئۆگەندۇق. يەنە بىر قېتىم بىز ئايگۈل بىلەن بىر ياتاقتا قارىمۇ قارشى ئورۇندا ياتاتتۇق. ئۇ بىر كۈنلىرى ياتاققا كىرسە ـ چىقسا ئېتىمىزنى ئاتىماستىن بىزگە دارتىملاپ «پالكۆزلەر» دەپ تىللاپ يۈردى. بىز باشتا بىلمەي يۈرۈپتۇق، كېيىن ئايالالار كېلىپ، بىلدىڭلارمۇ؟ سىلەرنى تىللاپ، بىر سوقۇشقۇسى كېلىپ يۈرىدۇ، دىققەت قىلىڭلار، دېگەندىن كېيىن، بىز ئېھتىيات قىلىپ كۆپ ۋاقىت ياتاقتا بولماستىن تالادا يۈرۈپ، پەقەت ياتار ۋاقتىدا ياتاققا كىرىپ ياتاتتۇق. بىر كۈنى ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرۇۋاتاتتۇق، ئايگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپلا بىزنى تىللاپ كەتتى.

قاچان قارىسام كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، پارقىرىشىپ ئۇدۇلۇمدىن كەتمەيدۇ، ئولتۇرسام، تۇرسام مۇشۇ پالكۆزلەردىن قۇتۇلالمىدىم، ئاز دېگەندەك كېچىسى چۈشۈمدىن چىقمايدۇ، دوملىلار(نەس باسقانلار)…. دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ ۋارقىراپ كەتتى. ساجىدە چىدىماستىن: كىمنى دەيسىز ئايگۈل؟ نېمىشقا خاپا بولۇپ قالدىڭىز؟ دېگەن ئىدى، ئايگۈل ئاغزىنى قاتتىق بۇزۇپ ۋارقىرىدى.

ساجىدە: ساراڭ بولۇپ قالغانمۇ بۇ خوتۇن؟ نېمىشقا بىكاردىن تىللايسىز؟ سوقۇش خۇمار دېگەن ئىدى، ئايگۈل ئورنىدىن ئېتىلىپ تۇرۇشىغا ساجىدە توشقاندەك سەكرەپ چىقىپ كەتتى. مەن قورققىنىمدىن ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە: ئايگۈل نېمە بولدى، نېمىگە شۇنچە خاپا بولدىڭىز؟ ئادەمنىڭ چۈشىگە نېمىلەر كىرمەيدۇ، بىز سىزگە ھېچ يامانلىق قىلمىدۇققۇ، ئارىمىزدا سىز خاپا بولغۇدەك بىر ئىشمۇ ئۆتمىدىغۇ! ئايگۈل بىز بىر يەردە ياشاۋاتىمىز، بۇ يەردە بىر ـ بىرىمىزدىن باشقا كىمىمىز بار، مۇشۇ تۇرمۇشىمىز ئۆزىمىزگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ يوق نەرسىگە ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ، سىزنى رەنجىتىپ چۈشىڭىزگە كىرگەنلىكىمىز ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن، سىزنىڭ خاپا بولىدىغىنىڭىزنى بىلمەي چۈشىڭىزگە كىرىپ قاپتۇق، دېگەن ئىدىم، ئايگۈل يۈزىنى شاپىلاقلاپ ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى ۋە ماڭا سىزنىڭ بۇ سۆزلىرىڭىز مېنى ئۇرغاندىنمۇ يامان بولدى. يامان سۆز بىلەن تىللىسىڭىز ماڭا بۇنىڭدەك ئېغىر كەلمەيتتى، دەپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە دۈيجاڭ كىردى. دۈيجاڭنىڭ كەينىدىن ساجىدەمۇ كىردى.

ساجىدە يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ: نېمە بولدى، ئايگۈل يىغلاپ ئولتۇرىدىغۇ؟ ساڭا چېقىلمىدىمۇ؟ ئايگۈل ۋارقىراۋاتسا، مەن سېنى ئۇرۇپ كېتەرمىكىن؟ دەپ گۇلىنسانى

چاقىرىپ كەلگەن ئىدىم، دېدى.

ــ ھېچ نەرسە بولمىدى. مەن ئىككى ئېغىز سۆز قىلغان ئىدىم، يىغلاپ كەتتىغۇ، دېدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئايگۈل بىزگە چىقىلمىدى، ئەكسىچە بىزنى ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى، دېدىم.

مەرپۇ: قارىسام پۈتۈن ئايالالار سىلەرنى بەك چوڭ كۆرۈپ ھۆرمەتلەيدىكەن، دېدى.

بۇلارنى سوقۇشۇپ يېڭىپ بولمايدۇ، بۇلار تۇرمۇشىنىڭ كۆپ ئېغىرچىلىقىدىن مىجەزلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ھەر قايسىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ چىقتىم. بۇلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرىمەن، دېدىم.

مەرپۇ: سۆيۈن، سىز سىرتتىن قارىغاندا كىنولاردىكى ئىنقىلابچىلارغا ئوخشاش سىياسىي قىياپەت بىلەن كۆرۈنىسىز. ساجىدە بولسا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاش خاراكتېرى بار. سىلەر ئايالالار ئارىسىدا ئالاھىدە بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەنسىلەر، ئايالالارمۇ سىلەرنى باشقىچە ھۆرمەت بىلەن ياخشى كۆرىدىكەن، دېدى.

شۇ ئارىدا تالادىن تۇراخان ۋارقىراپلا كىردى.

ــ ھەي قىزلار قارا قىلچىندىكى قىزلاردىن كىچىك ئايگۈلگە خەت كەپتۇ. ئايگۈلنىڭ ھەدىسى زورەم ھۇشۇر بىلەن تۇرنىسا خىتايغا تېگىپ ئۆي تۇتۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. باشقىلىرى بىر ياتاقتا تۇرىدىكەن. كۆرمەمسىلەر. خىتاي كاپىرغا تېگىپتىمۇ ۋاي خىتاي... مەن بولسام خىتايغا تەگكۈچە ئۆلۈۋالار، دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم. پاسكىنىلار! ئاڭلاپ بەك ئاچچىقىم كەلدى، دەپ قايناپ كەتتى. ئامىنە ئايگۈل قانداق قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ؟ دەپ ئايگۈلنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى. قانداق قىلاتتى! ئايگۈل زورەم ھۇشۇرنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى، ئۈچ يىل كېسىلىپ كەلگىنىگە بىر يىل بولغان ئىدى. ھەدىسى زورەمنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ بىر قانچە كۈن يىغلاپ يۈردى.

## ساجىدەنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىشى

20 - سېنتەبىر

ئىشتىن قايتىپ كەلسەم ياتاقتا ساجىدە ئولتۇرىدۇ، يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇچاقلاپ

كۆرۈشۈپ: قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ دەپ سوراشتۇرۇپ كەتتىم. لېكىن ساجىدە كۆڭۈلسىز ئىدى. چۈنكى ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن ئادەم بېرىپ قايتىپ كېلىشنى ئۇقتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانچە ياسسامۇ لېكىن كۆڭلى ھېچ كۆتۈرۈلمىدى. ئۇزۇن ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. ساجىدە ئابلىز سەۋرىدىن بىلەن ئەھمەد توختى ئۇستىدە ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ئابلىز سەۋرىدىننى 19 ـ يىل كېسىپ تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ بارغان ئىكەن. بىر يىلدىن كېيىن شۇ يەردىكى بىر قانچە ياشلار قاچماقچى بولغان بولسىمۇ لېكىن قانداق بولغان بىلمەيمەن، ئۇ ياشلار قېچىپ ئالتاي شەھىرىگە كەلگەندە ئۇلار تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئابلىز بولسا قېچىپ چىقىپ تارىم چۆلىنىڭ چېتىدىكى بىر ئائىلىگە بېرىپ شۇ يەردە مال بېقىپ بىر يىل تۇرۇپ بىر كېچىدە تۇيۇقسىز يۈرىكى سىقىلىپ ئۆلۈپ كېتىپ بارغاندا ئۇ ئۆينىڭ ئىگىسى قورقۇپ ئابلىزنىڭ قولىدىن «ئۆزۈم ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىپ بارىمەن» دەپ قەغەز قىلدۇرۇپ ئاپتۇ. ئابلىز ئۇ كېچە قاتتىق ئاغرىپ ھوشىدىن كېتىپ بىر كېچە يېتىپ ئەتىسى ياخشى بولغاندىن كېيىن، ئۆزى تارىم ئۆزگەرتىش مەيدانىغا قايتىپ كېتىپتۇ. ھازىر ئۇ تارىم دوختۇرخانىسىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. ئەھمەد ئاكىنى 13 يىل كېسىپتۇ. ئۇ ئادەتتىكى جىنايەتچىلەر قاتارىدا ئەمگەك قىلىدىكەن. يېقىندا تارىمدىن قايتقان ھەدەمنىڭ ئېرىنىڭ تونۇشى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھەدەمنىڭ ئۆيىدە ئۇچرىشىپ خەۋەرلەرنى شۇنىڭدىن ئاڭلىدىم، دېدى.

ئۇلارنى نېمە دېگەن كۆپ كېسىۋېتىپتۇ؟ ئاز يىللار ئەمەس، بەك ئۇۋال بوپتۇ، ياشلىقى تۈرمىدە ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئېچىندىم.

سەن شۇنداق دەيسەن، بىز ئۆزىمىز قانداق بولارمىز، خەلق فېرمىدىن، تۈرمىدە ياتقان ياخشىراق دەپ ئويلايمەن، سۆيۈن خۇدايىم خەلق فېرمىسىدىن ساقلىسۇن، دېگىن. ھازىرقى ئەھۋالغا قارىغاندا ياخشى نەرسىنى ئويلىيالمايسەن، دېدى.

مەنمۇ: خۇدايىم ساقلىسۇن دېگىن ساجىدە، دېگىنىمچە ئويلىنىپ قالدىم. چۈنكى مەنمۇ شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. ئابلىز سەيدىنىڭ ۋاقتى توشۇپ قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇ شۇ ماشىنا رېمونت زاۋۇتىدا تۇرۇپ ۋاقتىنى توشقۇزۇپ قايتىپتۇدەك. ھېچقانداق ئۆزگەرمەي شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. زۇنۇنمۇ شۇ يەردە ئىشلەۋېتىپتۇ. ئابلىز ئۇمۇ ياخشى سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئېيتتى. ھە راست ھېلىقى بىز بار ۋاقتىمىزدا، بىزگە بەك يېقىنچىلىق قىلىدىغان شاگىخەيلىكلەر بار ئىدىغۇ؟ ئۇلار «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش پارتىيىسى» نىڭ ئادەملىرى ئىكەن. كېيىن پاش بولۇپ، ئۇلارنى قايتا قولغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئىككىمىزنى تارتىپ «شەرقىي

تۇركىستان پارتىيىسى» بىلەن ئۆزلىرىنى «ۋەتەن قۇتقۇزۇش پارتىيىسى» نى بىرلەشتۈرۈپ بىللە ئىشلەشنى پىلانلىغان ئىكەن. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار ئۇ سۆزنى بىزگە دېيىشكە ئۈلگۈرمىگەن ئىكەن. ئەگەر دېگەن بولسا بىزنىمۇ تەڭ سۆرەپ ماڭاتتى. قارىمامسەن يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ قالغان بولاتتۇقكەن، ئۇلارنى قولغا ئالغاندا بۇ سۆزلەر سۆزلىنىپتۇ، دېدى.

بىز ئۇزۇن سۆزلىشىپ ئولتۇردۇق، تۇغقانلارنى، تونۇشلارنى، ساۋاقداشلارنى سوراشتۇردۇم. ئۆكتەبىر ئېيى كۆز كىرىپ قالغان ئىدى. ساجىدە كەچتە ئىشخانىدىن چىقىپ كەيپىياتى ئانچە خۇشال ئەمەس مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: بىز ئەتە كېتىمىزكەن. تەشكىلدىن بىر ئادەم بىزنى ئاپىرىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا سۆيۈن بىز تولۇق ئازات بولمىغان ئوخشايمىز. سېنىڭ چۈشۈڭ توغرا كېلىپ قالامدۇ، نېمە!؟ قورقىمەن، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

ـ ئۇنداق بولماس ساجى، بەلكى تۇزۇم ئۆزگىرىپ، ھەممە ئادەمنى تەشكىل ئۆز ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ قويسا كېرەك، دەپ ساجىدەنىڭ كۆڭلىنى ياساي دېسەممۇ، لېكىن ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىدە يەنە ئېغىر كۈنلەر باردەك سېزىلەتتى. كېچىچە ئۇخلىماي پاراڭلاشتۇق. سەھەردە ساجىدە بىز بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ساجىدە بىلەن كامال بېك، كەكەن، كوبەنلەرنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ.

## سوپىسۇننىڭ قولغا ئېلىنىشى

15 - نويابىر

بىز ئىشتىن قايتىپ كەلسەك ئىشخانىنىڭ ئالدىدا يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ قىرىق ـ ئەللىكتەك ئايال تىزىلىپ تۇراتتى. بىزنىڭكىلەر ئايالالارنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، يېڭىدىن ئايالالار كېلىپتۇ، جىق ئايالالار كەپتۇ، دەپ بىر ـ بىرىگە خەۋەر قىلىپ سۆزلەيتتى. بىز ياتاققا كىرىپ تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، يېڭى كەلگەنلەرنى قاتار تىزىپ ياتاقلارغا ئېلىپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇلار دادامتۇ تۈرمىسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئايالالار ئىكەن. بۇلارنى باجاخۇ تۈرمىسىدە ئىككى كۈن تۇرغۇزۇپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىدىغانلارنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەيدىغانلارنى شاباخۇغا ئېلىپ كېلىپتۇ.

كەلگەن ئايالالار كۆرسەتكەن ئورۇنلارغا بېرىپ جايلاشتى. ياتىدىغان ئورۇنلارنى

تازىلىدى، ياتاق تىقما ـ تىقما بولۇپ كەتتى. بىزنىڭكىلەر يېڭى كەلگەنلەرگە تاماق ۋە سۇ ئەكېلىپ بەردى، ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ، جايلىشىپ ئالدى ۋە بۇلار ئاستا ـ ئاستا تونۇشۇپ كۆڭۈللۈك پاراڭ سېلىپ ئولتۇردى. ئۆگىنىش ۋاقتى بولۇپ، ئەترەت باشلىقى گۈلنىسا كىرىپ يېڭى كەلگەنلەرگە بۇ يەرنىڭ تەرتىپ ـ تۈزۈملىرىنى چۈشەندۈردى.

يېتىش ئالدىدا مېنىڭ ئورنۇمدا زۆھرە ئەمەت ئىككىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. يېنىمىزغا يېڭى كەلگەن بىر قىز كېلىپ:

قارىسام خۇيمۇ چىرايلىق ئولتۇرۇپسىلەر، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندۈڭلار، نەدىن كەلدىڭلار؟ دەپ بىز بىلەن تونۇشتى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

ـ مېنىڭ ئېتىم رۇقىيە، غۇلجىلىقمەن، ئۈچ يىللىق كېسىلىپ كەلگەن ئىدىم، ئەمدى بىر يىلىم قالدى. ئاتا ـ ئانام بار، غۇلجىدا تۇرىدۇ. سىلەرچۇ؟ دەپ سورىدى.

زۆھرە ئۆزىنى ۋە مېنى تونۇشتۇردى.

رۇقىيە: ئىسمىڭىز ھەجەپ چىرايلىقكەن، مەن ئاڭلاپ كۆرمىگەن ئىسىم ئىكەن، دېدى.

زۆھرە ئۇ تاتارچە ئىسىم، دېدى.

ـ ھە سىز تاتارمۇ؟ دادامتۇدا سەيدە دېگەن بىر تاتار قىز بار ئىدى، ئوڭچى بولۇپ، 12 يىلغا كېسىلگەن. بىراق ئۇ قىز سېرىق، چاچلىرىمۇ سېرىق قىز ئىدى. سىز سېرىق ئەمەسكەنسىز، مەن تاتارلار سېرىق بولىدۇ، دەپ بىلگەن ئىدىم، سىز ئوخشىمايسكەن، دېدى.

مەن ھەر مىللەتتە سېرىق ۋە قارا چاچلىق ئادەملەر بار، بىزدە ھەم شۇنداق دېدىم ۋە ئۇنىڭدىن سەيدە نەدە؟ دادامتۇدىمۇ دەپ سورىدىم. ياق دادامتۇدا ئادەم قالمىدى. نۇرغۇن ئادەملەرنى باجاخۇدا قالدۇردى. سەيدەمۇ باجاخۇدا قالدى. بىزنىلا مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. دادامتۇ ياخشى يەر ئىدى. بىز ئىشلىگەن يېرىمىز باغۋەنچىلىك مەيدانى بولۇپ، پۈتۈن ياز باغ ئىچىدە گۈل چېچەكلەر ۋە مېۋىلەر ئارىسىدا ئىشلەيتتۇق. سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ دەپ سورىدى.

ـ بىز ھەر قانداق ئىش توغرا كەلسە ئىشلەيمىز، ياز كۈنى ئىشلەيدىغان ئىشىمىز كۆكتاتچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك، دېدىم.

ئۇلار بىلەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدە تونۇشۇپ كەتتۇق. بۇ كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا بىر

قازاق قىز بار ئىدى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، بەستلىك، ئاق سېرىق كەلگەن، ماش كۆزلۈك ئايال ئىدى. ئۆزى چىرايلىق بولسىمۇ قاپىقى يامان ئىدى. چۈنكى ئۇ ھېچكىمگە ئىشەنمەيتتى. ھەر ۋاقىت ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن دىققەتلىك بولۇپ ياشايتتى. بىر ئادەم بىلەنمۇ ئارىلىشىپ سۆزلەشمەيتتى. ئۇ دائىم خاپا ھالدا يۈرەتتى. ئەگەر بىر ئادەم ئۇنىڭغا:

ــ ماھىرە قانداق ئەھۋال؟ دەپ سورىسا:

ــ نى دەيسىڭ جىلەپ، دەپلا جاۋاب بېرەتتى. شۇڭلاشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا سۆزلىمەيتتى ۋە سۆزلەشتىنمۇ قورقاتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ئاياللار بار يەرگە بارمايتتى. ئۇنىڭ بىر نېمىدىن يۈرىكى چۆچۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى ۋە بۇ ئاياللار ئىچىدە بىر موڭغۇل ئايالمۇ بار ئىدى. ئۇ كەلگەن كۈنى يېنىمىزغا كېلىپ ئوچۇق چىراي بىلەن پاراڭلىشىپ بىز بىلەن يېقىنلىشىپ كەتتى. بىز خۇددى كونا تونۇشلاردەك بولۇپ كەتتۇق.

سوپىسۇن چىرايلىق، قاملاشقان ئوتتۇرا بوي، يوغان قوي كۆزلۈك، خورما رەڭ قېلىن ئۇزۇن چاچلىق، ئاپاق، گۈزەل، ئوماق، خۇشچاقچاق، ئوچۇق، ئەقىللىق، ئۆتكۈر، تەربىيىلىك ياش ئايال ئىدى.

زۆھرەم ئەمەت:

ــ سوپىسۇن، سىز شۇنچە ئەقىللىق، چىرايلىق بىر قىز. نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ دېدى.

سوپىسۇن كۈلۈپ:

ــ سىلەرمۇ شۇنچە ياخشى قىزلار كېلىپسىلەر. سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا مەن نېمە ئىدىم دەپ، قاراڭلار مەن قولغا ئېلىنىپ كەلگىنىمگە ھەزگىز ئېچىنمايمەن، ئەكسىچە تۇرمۇشۇمدىكى شۇ ئېغىرچىلىقتىن قۇتۇلغىنىمغا خۇشالمەن، دېدى.

مېنىڭ دادام، ئاكا ـ ئۇكا تۆت ئوغۇل بولۇپ، ئۇلار دادىسىدىن قالغان يەرگە تىرىشىپ ئىشلەپ تاپقان پۇلغا «يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق» دەپ يەر ئېلىپ يەرلەرنى كېڭەيتىپ، چوڭ يەرگە ئىگە بولغان ئىدى. 51 ـ يىلى بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئاكام جىپ ماشىنا بىلەن يوشۇرۇن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئاكام سەسىرۇن ئۇرۇمچى گېزىتخانىدا ئىشلەيتتى. بىز: ئاكام كەلدى دەپ پۈتۈن ئۆي ئىچى خۇشال بولۇپ كۈتۈپ ئالدۇق. ئاكام ئۈچ سائەت ئولتۇرۇپ دادام ـ ئاپاملار بىلەن ئۇزۇن سۆزلەشتى. دادامغا يەر ئىسلاھاتىنىڭ سىياستىنى ۋە مەقسەتلىرىنى ئېيتىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ: «ئەتىدىن قالدۇرماي چوڭ داداملارغا دەپ ھەممىڭلار پۈتۈن يەر، سۇ، ئۆي ـ جاي، مال ـ ئۇلاقلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت ـ

پارتىيىگە تەقدىم قىلدۇق، دەپ تاپشۇرۇپ ئۆزۈڭلارغا كۈندىلىك كېرەك بولغان يوتقان ـ كۆرپە، قاچا ـ قومۇش ۋە ئادەتتىكى كىيىم ـ كېچەكلەردىن باشقىنى ئېلىپ قالماي ئۆتكۈزۈڭلار، بولمىسا قانداق قىلىپ بولمىسۇن سىلەر بەرمىسەڭلارمۇ مۇسادىرە قىلىپ ئالىدۇ ھەم يوغان قالپاق كىيدۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ ئاتىدۇ، يەنى ئۆلتۈرىدۇ. ھېچ نەرسىنى ئويلىماڭلار، دادا مەن قولۇمدىن كەلگۈچە ئىقتىسادتىن ياردەم قىلىمەن... دېگەنلەرنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، شۇ كېچە سائەت ئۈچلەر بىلەن يەنە ئۈرۈمچىگە قاراپ كەتتى. دادام شۇ كېچىدە ئاكىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ بۇ ئەھۋاللارنى ئۇلارغا چۈشەندۈردى. لېكىن ئۇلار: ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ بىزنىڭ بۇ دۇنيايىمىزدا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. بىز ئۆزىمىز جاپا ـ مۇشەققەتتە ئىشلەپ يىغىپ تاپتۇق. ھېچكىمنىڭ بىر تىيىن پۇلىنى ئالمىدۇق. ھېچكىمنى ئىشقا سالمىدۇق. ھەقسىز بىر ئادەمنى ئىشلەتمىدۇق. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قېلىپ كېلىۋاتقان يەر. «يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق» بۇ ئىشنى قىلالمايمىز. سەن بەرسەڭ ئۆزۈڭ بەر ئەخمەق، دەپ دادامنىڭ سۆزىگە كۆنمەپتۇ. ئەتىگەن تۇرۇپ ھويلىنىڭ چېتىدىكى ئەسكى ئىككى ئېغىز ئۆيگە ئاكام دېگەندەك كۈندىلىك كېرەك بولىدىغان ئازغىنە نەرسىلىرىمىزنى ئېلىپ كۆچۈپ چىقتۇق. دادام قالغان ئۆي ـ جاي، مال ـ مۈلۈك، يەر، سۇ، ھەتتا قولىمىزدىكى توخۇغىچە، ئاپامنىڭ قولىدىكى ئالتۇن جابدۇقىچە ھەممىسىنى ھۆكۈمەتكە سوۋغات دەپ ئۆتكۈزدى. دادامنى مەجلىس ئېچىپ ماختاپ، پۈتۈن نەرسىلەرنى ھېسابلاپ يېزىپ ـ سىزىپ تاپشۇرۇپ ئالدى. دادامنىڭ ئاكىلىرى دادامنى ئەخمەق، ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ؟ نېمە شۇنچە قىينچىلىقتا تاپقان ماللارنى بىكارغىلا «سوۋغات» قىلىپ بېرىۋەتتى، دەپ خاپا بولۇپ يۈردى. ئىككى ئايغىمۇ قالماستىن يەر ئىسلاھات خىزمەت گۇرۇپپىلىرى كېلىپ يەر ئىسلاھات ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. دېگەندەك دادامنىڭ ئاكىلىرىنى زومىگەر، پومېشچىك دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ پۈتۈن دۇنيالىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۈچ ئاكىسىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئاتتى. دادامنى ئىلغار پومېشچىك دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ خەلق رېجىمىغا تاپشۇرۇپ، خەلق نازارىتى ئاستىدا ئىشلەيدىغان بولدى.

مەن چوڭ بولۇپ، 17 ياشقا كىردىم. ماختانغىنىم ئەمەس، راستىنى ئېيتسام پۈتۈن موڭغۇل ۋە شۇ يەردىكى خەلقنىڭ قىزلىرىنىڭ ئىچىدە ئەقىللىق ۋە چىرايلىق، تەربىيىلىك قىز بولۇپ ئۆستۈم. ئەتراپتىكى بارلىق موڭغۇل يىگىتلىرى ماڭا ئاشىق بولۇپ، ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ كېتەلمەيتتى. بىر كۈنى ئۆيىمىزگە مەھەللە جۇرۇنلىرى ۋە مەھەللە باشلىقلىرى بولۇپ، بىر قانچە ئادەم كىرىپ كەلدى. ھەممىمىزنى ئەندىشە قاپلىدى. «يەنە نېمە يامان ئىش بولغاندۇر» دەپ قورقتۇق.

دېگەندەك ئۇلار ماڭا ئەلچىلىككە كېلىپتۇ. بىزنىڭ شۇ يەردە بىر تۇل خوتۇننىڭ ئوتتۇزدىن ئاشقان بىر دەلدۈش ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر قىز توي قىلىشقا ئۇنىمىغان سەت ۋە ئەقىلسىز ئادەم ئىدى. مېنى ئەنە شۇنىڭغا سوراپ كەپتۇ. ئۇلار دادامغا:

ئەگەر سەن راستتىن ئۆزگىرىپ ئىشچىلار سىنىپىنى سۆيسەڭ قىزىڭنى پۈرۈلتارىيات يىگىتكە بېرىسەن. ئەگەر سەن ئۆز مەيدانىڭدىن قايتمىساڭ ئۇ ۋاقىتتا قىزىڭنى بەرمەيسەن، بۇ سېنىڭ سىناق مەيدانىڭ دېگەندىن كېيىن دادام: قىزىم ۋە ئانىسى ھەم ئۆيدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرەي دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ ئىچىگە چوڭ بىر قايغۇ بولدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسى مېنى بېرىشكە رازى ئەمەس، مېنى ئۇنىڭغا لايىق كۆرمەيتتى. «زادى نېمە كەلسە شۇنى كۆرەي، بەرمەيمەن» دەپ دادام ئاپامغا ئاچچىقلىناتتى. ئاكامنى ئۇرۇمچىدىن چاقىرتىپ كەلدى. شۇنداق قاتتىق قىسىنچىلىقتا تۇرۇپ مېنى بېرىشكە رازى ئەمەس ئىدى. ئۆيىمىزنىڭ ئىچى ئۆلۈم بولغاندەك ئېغىر قايغۇدا قالدى. بۇ ئىشلار ماڭا ناھايىتى ئېغىر كېلىپ يىغلىدىم. ئىككى كۈن ئۇخلىيالمىدىم. ئاخىرى ئويلاپ: ياق دەپ توي قىلمىسام دادام ۋە ئۆيدىكىلەرگە ئېغىر بېسىم بولىدۇ. بۇنىڭغا مەھەللە جۇرۇن ۋە ھۆكۈمەت ئورنى ئارىلاشتىمۇ بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. ئەمدى قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قۇربان بولسامۇ دادام ۋە ئائىلىدىكىلەر كېلىدىغان كۈلپەتتىن قۇتۇلۇپ قالسۇن، دەپ ئويلىدىم. باشقا كەلگەندىن كېيىن ئامالىم قانچە. چوڭ دادىلارنى ئېلىپ چىقىپ ئاتقان ۋەقە بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە خەنجەر بولۇپ قادىلىپ قالغان ئىدى. ئاخىرى ئويلاپ ـ ئويلاپ ئۆزۈم بولدى، شۇنىڭ بىلەن توي قىلاي، تەربىيىلەپ كۆڭلىنى كۆتۈرسەم ئادەم بولۇپ قالار، بەلكى ئائىلىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار بىلەن شۇنداق روھسىز بولۇپ قالغاندۇر؟ دەپ ئويلىدىم ۋە ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئۆيدىكىلەرگە:

ــ مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن، دېدىم. پۈتۈن ئۆيدىكىلەر ھاڭدار بولغاندەك يىغلىشىپ كەتتى. ئۇلارمۇ كۆپ ئويلىنىپ ئامالسىز مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى.

توي بولۇشنىڭ ئالدىدا توي قىلىش خەۋىرى ئەل ئىچىگە تارقالغاندا بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن يىگىتلەر ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىسۇن، خالىسا مەن ئېلىپ قېچىپ كېتەي، دەپ ئېيتىشۋەردى، لېكىن شۇ شارائىت ئاستىدا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر ئىدىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا دادامنى ئېتىپ، ئائىلىمىزگە ئېغىر كۈن كېلىشى مۇمكىن ئىدى. توي بولدى. دادام مېنىڭ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلسۇن دەپ بار ئىقتىسادىنى سەرپ قىلىپ چوڭ توي قىلدى. توي كىيىمنى كىيگەندە ئۆزۈمنىڭ چىرايلىق

قىز بولۇپ ئۆسكەنلىكىمگە ئۆزۈممۇ قايىل بولدۇم. تۇغقانلىرىمنىڭ ھەممىسى كۆڭلى يامان بولمىسۇن دەپ ماڭا بىلدۈرمەي يىغلاشتى.

موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە قىزنى كۆچۈرۈش ۋاقتىدا قىزنى بوسۇغىدا تۇرغۇزۇپ قىز تەرەپ ئۆي ئىچىدە، يىگىت تەرەپ ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قىزنى ئىككى تەرەپكە تارتىدۇ. شۇنداق تارتىشىپ يىگىت تەرەپ تارتىپ چىقتى. مېنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى.

ماڭا ئاشىق يىگىتلەر مېنى كۆچۈرۈپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرگۈچە كەينىمدىن ئەلەم، قايغۇ ئىچىدە ئۇزىتىپ كەلدى. مەن ھەم ئۇلار بىلەن چارىسىز ئىكەنلىكىمنى روھۇم بىلەن چۈشەندۈرۈپ خوشلىشىپ، كۆز ياشلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ دېگەندەك كەلدىم. مېنى كېلىن ھۇجرىسىغا كۆچۈرۈپ كىردى. مەن توي قىلغان كېلىن سۈپىتىدە تارتىنىپ مىدىر قىلماي ئولتۇردۇم. ئېرىم بولغان ئادەم ئالدىراپ يېشىنىپ ئورنىغا كىرىپ ئۇخلاپ كەتتى. مەھەللىدىكى يىگىتلەر تۈڭلۈككە كېلىپ ئېرىمنى تۇۋلاپ ئويغىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ تۇرلۇك چاقچاق سۆزلەرنى قىلىپ تۇۋلىدى. ئېرىم ئويغىنىپ ئۇلاردىن خاپا بولۇپ، ئىككىنچى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يوتقاننى بېشىغىچە يېپىپ يېتىپ ئۇخلاپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭ بىلەن يەتتە يىل بىللە ياشىدىم. بىر ئوغلۇم بولدى.

قېينانا بولغۇچى يامان ئەمەس خوتۇن ئىدى. ئۇ ھەر ۋاقىت: ئوغلۇم بىلەن ياخشى ئۆتۈپ كەتكەن بولساڭ، قارىسام سەن ئۇنى ياراتمايسەن، جېنىم قىزىم دەپ يالۋۇرۇپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئوغلۇڭغا قارىمامسەن؟ ئىشقا بارىدۇ، ئۆكۈزدەك ئۆزىنى بىلمەي ئىشلەيدۇ، ئىشتىن كېلىدۇ يەپ ـ ئىچىپ ئۇخلايدۇ. ئولتۇرسىمۇ ئۇخلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭدا مۇھەببەت ـ سۆيگۈ دېگەن نەرسە يوق. بالىغا ياكى ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ قاراپ ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىمۇ يوق. ئولتۇرۇشى مانا مۇشۇ. مەن قانداق ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. ئۆزۈڭ ئويلاپ باقمامسەن؟ دەيتتىم. ئۇ بىچارە ئوغلىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ۋە ياخشى كۆرۈش، مۇھەببەت توغرىسىدا ئۆگىتىپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتى. كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاشنى خالىماي كۆڭلۈمدىكى سوغۇقلۇق ھېسلىرىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كۆرگۈم كەلمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىمەن دېسەم سوت ۋە قانۇنلارمۇ رۇخسەت قىلمايتتى. شۇنداق بىر چۈشكۈن پەيتىمدە شاڭخەيدىن بورتالاغا بىر تۈركۈم ياشلار كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ياش خەنزۇ يىگىتى مېنى يارىتىپ قالدى. مەن ھەم ئۇنى ياراتتىم. مەن سەت بولىدۇ، كىشىلەر كۆرۈپ قالمىسۇن، دېگەن نەرسىلەرنى قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق يېقىنچىلىق قىلىپ يۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى مېنى كەمبەغەل يىگىتنى ئاياق ئاستى قىلدى، دەپ قولغا

ئالدى. قولۇمغا تۆمۈر ئىشكەل سېلىپ ئىككى ساقچى مېنى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ ماڭغاندا پۈتۈن ئادەملەر، ئاياللار ئۆيلىرىدىن چىقىپ قارىشىپ قالدى. ئۇچامدا ئاق ئىلتىر ياقىلىق پەلتو، پۇتۇمدا ئېگىز پاشنىلىق توفلى، بېشىم يالاڭۋاش، ئىككى چېچىم كەينىمدە ئىككى تەرەپكە يەلپۈنۈپ، غەيرەت ۋە كۈچ بەرگەندەك بىلىنەتتى. مەن ئۆزۈممۇ خاپىمۇ، خىجالەتمۇ بولماستىن ۋە قورقۇشمۇ يوق ھالدا سېزەتتىم. بەلكى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ ئازات بولغىنىمغا خۇشال كەيپىيات بىلەن مەغرۇر دەسسەپ باراتتىم. كۆپ ئادەملەر ئىچ ئاغرىتقاندەك بولۇپ قاراپ قالدى. مېنى ئۈچ يىل كېسىپ ئېرىمدىن مېنى ئاجرىتىپ: سەندەك ئايال بىلەن بىر پۈرۈلتارىيات ئادىمىمىزنىڭ ئۆمرىنى زايە قىلىپ ياشاتمايمىز، دەپ ئايرىلىش قەغىزىگە قول قويدۇرۇپ ئېلىپ بورتالادىن غۇلجا دادامنىڭغا ئېلىپ كەتتى. مەن شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئاسان قۇتۇلدۇم، ئۈچ يىلمۇ ئۆتۈپ كېتەر. ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ياشاش قانداق مۇمكىن؟ مەن بۇنىڭغا خۇشال بولدۇم، دەپ خۇددى ئازادلىققا چىققان ئادەمدەك ئۆزىنى خۇشال ھېس قىلىپ كۈلۈپ قويدى.

مەن: بالىڭىز نەدە قالدى؟ دەپ سورىدىم.

ــ شۇ دادىسىنىڭ ئۆيدە قالدى. ئەمدى شۇنىڭغا بىر ئاز قىيىن بولدى. ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى. مەندىن پەقەت ئايرىلىپ كۆرگەن ئەمەس ئىدى. ئۇ ماڭا ئوخشايدۇ. چىرايىمۇ، خاراكتېرىمۇ ھەممە تەرەپتىن ئوغۇل بالا بولسىمۇ ئۇ ماڭا ئوخشايتتى، دەپ ئوغلىنى سۆزلىگەندە بايىقى ئازادلىق ھېسلىرى يوقاپ كۆزىگە ياش كەلدى. مەن ئۇنىڭغا چىدىمايۋاتىمەن، كۆڭلۈمدىن ھېچ چىقمايدۇ، بالىنىڭ مېھرى باشقا ئىكەن، دەپ كۆزىدىكى ياشلارنى سۈرتتى. ھەممىمىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىمىز ئاغرىپ قالدى.

مەن سوپىسۇنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ ئابلىز سەۋرىدىنىنىڭ دېگەن سۆزى يادىمغا كەلدى. ئابلىز دادىسى ھەققىدە بىزنىڭ ياتاقتا ئولتۇرۇپ: مەن كىچىك باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگىنىمدە، بىزنى مەكتەپ بويىچە چوڭ سوت يىغىنىغا ئېلىپ باردى. بالىلار ماڭا: بۈگۈن سېنىڭ داداڭنى ئاتىدىكەن، دېدى. بۇ خەۋەر ماڭا سىلەرگە دېمىسەممۇ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىلەر، ئاغزىم قۇرۇپ، بېشىم ئايلىنىپ، يۈرىكىم سىلىپ، قۇلاقلىرىم غۇيۇلداپ، شۇنچىلىك بىئارام بولۇپ كەتتىم. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ دادامنى ئاتىدىغان ئادەمنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ يالۋۇرۇپ دادامنى ئۆلۈمدىن تىلەپ ئالسام ئاتمايدۇ، دەپ ئويلىدىم ۋە شۇنداق چاققانلىق بىلەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن مەيدانغا قاراپ يۈگۈردۈم. مەن بالا بولغانلىقتىن بويۇم پاكار كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈش تەس، ئادەملەرنىڭ ئاياق ئارىلىرىدىن ئۆتۈپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. كىشىلەر: ھوي بۇ بالا نېمە

قىلىپ يۈرىدۇ؟ دەپ سۆزلەپ قالاتتى. ئاخىرىغا كەلگەندە كىشىلەرنىڭ ئاياق ئارىسىدىن ئۆمىلەپ يۈرۈپ مەيدانغا قاراپ يۈگۈرەيتتىم. شۇنداق تەسلىكتە مەيدانغا يېقىنلاشقاندا دادامنى زومىگەر، پومېشچىك، دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىپ ئىجرا قىلىش ئۈچۈن يەنى ئېتىش ئۈچۈن مېنىڭ ئالدىمدىن ئېلىپ ئۆتتى، مەن ئۆلگۈرەلمىدىم ۋارقىراي دېسەم قانچە كۈچسەممۇ ئاۋازىم چىقمايدۇ. گېلىمنى بىرسى سىقىپ بوغقاندەك نەپەسلىرىم يەتمەي يەرگە يىقىلدىم. كۆزۈمنى ئاچسام ئۆيدە يېتىپتىمەن، دادامنىڭ ئۆلۈكىنى ھارۋىغا سېلىپ ئېلىپ كېلىپ بوپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى يەنە بىلمەي قالدىم. ئىككىنچى قېتىم ئېسىمگە كەلسەم دادامنى يەرلىككە قويۇپ بوپتۇ. مۇشۇ ھەسرەت يۈرىكىمدە ئوت بولۇپ ياندى. شۇ ياتقىنىمچە بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ مەكتەپكە بارالماي قالدىم، دېگىنىچە كۆزىگە لىق بولۇپ كەلگەن ياشلىرى يۈزىنى بويلاپ يەرگە تامدى. مەلىكە ئىككىمىزنىڭمۇ كۆڭلى ئەسكى بولۇپ، كۆزىمىزگە ياش كەلدى. ئابلىز دادىسىنىڭ ئۆلۈمنى ئەسلەپ: ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمگە قادالغان ئوتلۇق خەنجەر بولۇپ، مەن ھېچ ئۇنتالمايمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆچ ئالغۇم كېلىدۇ، دېدى.

ئابلىزنىڭ بۇ سۆزىنى سوراق ئۇستىدە مەندىن نەچچە مەرتىۋە سورىدى.

ئابلىز ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا: مەن دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماي قويمايمەن، دېگەن ئىكەن. ئۇ يەردە سىز بار ئىكەنسىز، دەپ بىر قانچە مەرتىۋە سورىدى.

مەن: ياق، يالغان! مەن ھاراق ئىچكەن ئۇ يەردە بولمىغانمەن. سىزگە كىم بۇ سۆزنى دېگەن بولسا شۇنىڭدىن سوراپ كۆرۈڭ، راستىنلا ئۇ يەردە مەن يوق ھەم ئۇنداق سۆزنى ئاڭلاپ كۆرمىدىم، دەپ كەسكىن ئۈزۈپ جاۋاب بەردىم.

بەلكى ئابلىزنىڭ ئون توققۇز يىل كېسىلىشىگە مۇشۇ سۆز بىلەن تەركىبىنىڭ زومىگەر، پومېشچىك بولۇشى سەۋەب بولدىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

# ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ قېچىشى

6 ـ دېكابىر

شۇنداق ھېرىپ، پۇت ـ قولۇمدا كۈچ يوق، قورساق ئاچ، ھالسىز ھالدا ياتاققا ئاران يېتىپ كەلدىم. كىرىپلا ئۆزۈمنى ئورنۇمغا تاشلاپ ياتقۇم كەلدى. ياتسام ئېزىلىپ كېتىمەن

دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ ئالغاندىن كېيىن، بىر ئاز يەڭگىللەپ قالدىم. ئاياللارنىڭ ھەممىسى قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ئورۇنلىرىغا بېرىپ يېتىپ بەزىلىرى ئۇخلاپمۇ كېتىپتۇ. تاماقتىن كېيىن قايناق سۇ قويغان كورۇشكىنى دەزمال قىلىپ كىيىملىرىمنى دەزماللاۋاتاتتىم. تالادىن مېھرىبان كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز مېھرىبان بىلەن سېغىنغان كۆڭلىمىز بىلەن كۆرۈشتۇق. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىغا بارغۇچە، ئۆزىمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ ئايلىنىپ كەتتى. ھەقىقەتەن سېغىنغان ئىكەنمىز.

ــ ۋاي نەدىن كەلدىڭ؟ ئاسماندىن چۈشكەندەك كىرىپ كەلدىڭغۇ، بىز سېغىندۇق سىنى، دەپ قىزلار مېھرىباننى چۆرىدەپ ئالدى.

مېھرىبان، مەنمۇ سىلەرنى بەكمۇ سېغىندىم. ئىسرائىل، ئىسمائىلنى يوقلاپ كېلىمەن، دېگەنتى مەنمۇ بىللە بېرىپ قىزلارنى كۆرۈپ كېلەي دەپ كەلگەن ئىدىم. بەختىمگە ئىشىك ئوچۇق ئىكەن. يۈگۈرۈپ كىرىپ چىقاي دەپ كىردىم، دېدى.

مېھرىبان ئۆزۈن كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا ياغلىق چەككەن ئىكەن. چىرايلىق چوكان بولۇپ قاپتۇ. مەن:

ــ مېھرىبان چوكانلىق سىزگە يارىشىدىكەن، دەپ كۈلدۈم ۋە قانداق ياخشى يۈرەمسىز دەپ سورىدىم.

مېھرىبان: كۈلۈپ ياخشى، ئۆتكەندە ئىسرائىل ئىككىمىز سانجىغا بېرىپ توي خەت ئېلىپ كەلدۇق ۋە ئات ھويلىسىنىڭ يېنىدىن بىر ئېغىز ئۆينى بىزگە بەردى. شۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتىمىز. ئىككىلىمىز ئىشلەيمىز، تۇرمۇشىمىزمۇ يامان ئەمەس. ئىسرائىل بەك ياخشى، دەپ كۈلۈپ، ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى بىلدۈردى.

ــ ئىسرائىل ياخشى يىگىت بەختىڭلار بولسۇن، كۆڭۈللۈك ياشاڭلار، دېدىم.

دەرۋازىنى تاقايمىز دەپ لاي دۈيجاڭ كىرگەن ئىدى. مېھرىبان بىز بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئارىمىزدىن ۋاقتى توشۇپ چىققان مېھرىبان شۇ يەردە ئىشچى بولۇپ قالغان ئىسرائىل بىلەن تۇرمۇشلۇق بولۇپ قېلىپ قالغانىدى.

ئىسرائىل قاۋۇل، قاملاشقان، چىرايلىق ياش يىگىت ئىدى. ئۇ ۋاقتى توشسىمۇ كەتمەي شىيگوبىدا ئىشچى بولۇپ، ئىشلەپ يۈرەتتى.

بىز ئات ئېغىلىغا ئىشلەشكە بارغاندا ئىسرائىل بىلەن بىللە ئىشلەپ قالدۇق. چۈنكى ئۇ ئات ئېغىلىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئۆيدە ئىسرائىل قاتارلىق بىر قانچە ئادەم بىللە تۇراتتى. ئىسرائىل ئاتلارغا يەم ـ خەشەك بېرىۋېتىپ بىز بىلەن سۆزلىشىپ قالدى. ئۆزىنىڭ ۋاقتى توشۇپ مۇشۇ يەردە ئىشچى بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ۋاقتىڭىز توشۇپ چىققاندىن كېيىن كەتمەي بۇ يەردە نېمىشقا قالدىڭىز؟ دەپ سورىدىم.

ئىسرائىل ھەسرەتلىك كۆزى بىلەن بىزگە قاراپ:

ـ مەن ئۇچۇن مۇشۇ يەر تىنچ. مەن ئۆزۈمنى ئازادلىققا چىققاندەك ئەركىن ۋە خۇشال ھېس قىلىمەن، دەپ بىزگە ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

مەن قەشقەر يېزىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. بىز ئىبراھىم، ئىسھاق، ئىسمائىل، ئىسرائىل دەپ تۆت ئوغۇل ئىدۇق. قاۋۇل، سالامەت، ئەقىللىق، چىرايلىق ئىشچان بولۇپ ئۆستۇق. يەر ئىسلاھاتىدا مېنىڭ دادامغا «پومېشچىك» دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ، خەلق نازارىتى ئاستىدا ئىشلەشكە تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئۇنداق قالپاقلىق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى قانداق بولىدىغانلىقىنى مەن دېمىسەممۇ ھەممىگە مەلۇم. بىز چوڭ بولۇپ يېتىلگەندە پومېشچىك ئائىلىسى دەپ بىزنى دادام بىلەن تەڭ ھەيدەپ ئىشلەتتى. كېچە ـ كۈندۈز دېمەستىن، پۇتۇن ئېغىر ئەمگەك بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ئىدى. ھەرقانداق ئېغىر ئەمگەككە چىداپ ئىشلەيتتۇق. لېكىن، ھەممىدىن يامىنى دادامنى ئوتتۇرىغا بىر تۆت ئوغۇلنى يان ئات ئورنىدا رېزىنكە چاقلىق يوغان ھارۋىغا قېتىپ، پۈتۈن گۆشكىي ئەزالىرى ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇراتتى. بىز ئۇلارنى سۆرەپ ئىش مەيدانىغا ئېلىپ باراتتۇق ھەم ئېلىپ قايتاتتۇق. ھارۋىدا ئولتۇرغانلار خۇددى ئاتنى ھەيدىگەندەك قامچىلاپ ئۇرۇپ يۈرۈپ بىزنى ھەيدەيتتى. يېتىپ بارغۇچە ھەممىمىزنىڭ بەدىنىدە قامچا ئىزلىرى قالاتتى. خۇسۇسەن ياشلار بىزنىڭ غورۇرىمىزغا تېگىپ، قامچىلاشنىڭ سىرتىدا ھاقارەت تىللار بىلەن تووۋلاپ ئەزۋەيلەپ كېتەتتى. ئىشنىڭ ئېغىرلىقىدىن باشقا ھايۋان ئورنىدا قېلىپ، خار بولۇشىمىز بىزگە ئەلەم ئىدى. ئۆيگە قايتقاندا ئاكاملارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ ئۆزلىرىنى ئاران تۇتۇپ ئالاتتى. دادام بىلەن ئاپامنىڭ يۈرەكلىرى ئېزىلىپ ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى. بىز تۆت ئوغۇل چوڭ بولۇپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ كەتتى. قىزلار بىزنى ياخشى كۆرسىمۇ، بىزنىڭ بۇ ھالىتىمىزدە قانداق ئۇلار قورقماي توي قىلسۇن؟! بىز توي قىلىش ئەمەس، بۇ تۇرمۇشتا ھايات قېلىشىمىزغا كۆزىمىز يەتمەيتتى. بىز ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ بۇنداق خارلانغۇدەك ھېچقانداق گۇناھىمىز يوق ئىدى.

بۇنىڭغا چىدىماستىن دادام بىر كۈنى بىزنى ئۆلتۈرغۈزۈپ قويۇپ: بالىلىرىم، مەن سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ ئۆلتۈرمىساممۇ ھەممە نەرسە ۋە كېلەچەكنىڭ قانداق بولىدىغىنى ئۆزۈڭلارغا مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن نېمە كەلسە مەن ئۆزۈم كۆرەي. چۈنكى يومبىشچىك بولسام مەن بولدۇم. پۈتۈن دۇنيادا تاپقان نەرسىلىرىمنى بەردىم. پەقەت بىرلا جېنىم قالدى. ئۇنى ئالسىمۇ مەيلى. سىلەر مېنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقىم ۋە جېنىم. سىلەر سالامەت قالساڭلار شۇ ماڭا چوڭ بەخت. بۇ كۈنلەرنى سىلەر تەڭ تارتماڭلار، سىلەر كېتىڭلار. بۇ يەردىن ياقا يۇرت تەرەپكە بېرىپ ئۆز كۈنۈڭلارنى كۆرۈڭلار، بولمىسا بۇلار ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مەن سىلەردىن رازىمەن ۋە رۇخسەت قىلىمەن. بۈگۈن كېچىدىن قالماي كېتىڭلار، دەپ قولىدا بار پۇللارنى، ئاپام بىر ـ ئىككى كۈنلۈك يەيدىغان نانلىرىمىزنى ياغلىقلارغا يۆگەپ بەردى. بىز ھەم ئاتا ـ ئانىمىز بىلەن كۆز ياش تۆكۈپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتۇق. چىقىپلا تۆتىمىز خوشلىشىپ ئايرىلدۇق، چۈنكى تۇتۇلساق تۆتىمىز تەڭ كەتمەيلى بىرىمىز بولساقمۇ قۇتۇلايلى دېگەن ئويغا كەلدۇق.

مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىشسىز، پۇلسىز ئاچ قالدىم، ئاچلىقتىن ئۆتىدىغان نەرسە يوقكەن، ئامالسىز ئوغرىلىق قىلدىم. ئەمما بىرىنچى مەرتىۋە قىلغان ئوغرىلىقتىلا تۇتۇلۇپ قېلىپ شۇنىڭ بىلەن ئىككى يىل كېسىپ ئېلىپ كەلدى.

ماڭا مۇشۇ يەر تىنچ ھەم ياخشى، مەن ئازادلىققا چىققاندەك بولۇپ قالدىم. ئاياق ـ ئاستى قىلىنغان خارلىنىشتىن ھەم تۇرمۇش ۋە ئەمگەكنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن قۇتۇلدۇم. مەن مۇشۇ تۇرمۇشقا رازىمەن، دېدى.

مەن ئاتا ـ ئانىڭىز ۋە ئاكىلىرىڭىزدىن خەۋەر بارمۇ؟ دەپ سورىدىم.

مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى ئۇلار بىلمەيدۇ. ئاكاملارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ئاتا ـ ئانام بىلەن خەۋەرلىشىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ ئالاقە قىلالمىدىم. لېكىن كۆڭلۈمدىن بىر مىنۇتمۇ چىقمايدۇ. بىچارە دادام ـ ئاپامنىڭ بىز كەتكەن كۈندىن كېيىن تۆككەن كۆز ياشلىرى دائىم مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. بەزى كۈنلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمەي كېتىدۇ. بىزنى قاچۇرۇۋەتتىڭ، دەپ ئۇلارنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ ئېغىرچىلىققا سالدىمىكىن دەپ ئويلىسام، يۈرەكلىرىم ئاغرىپ كېتىدۇ. لېكىن بىزنىڭ سالامەت ياشىشىمىز ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا بىر جايغا ئورۇنلىشىپ ئۆيلەنسەم، مەن ئۇلارنى ئىزدەپ بارىمەن، دەپ ئويلايمەن، دېدى.

# ھەجەر بۇۋىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

17 ـ مارت

مىجەزىم بولمىغانلىقتىن رۇخسەت سوراپ ئىشقا چىقماي قالدىم. ھەممە ئادەم كېتىپ ھويلا ۋە ياتاقلارنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى. ياتاقتا ھەجەر بۇۋى ھەدىلا بار ئىدى.

ھەجەر بۇۋى بۇلارنى دادامتۇدىن كۆچۈرۈپ كەلگەندىن بىرى بىر مەرتىۋىمۇ ئىشقا چىقىپ كۆرمىگەن ئىدى. ئۇ ئاغرىق، ئورنىدىن تۇرالماي ياتاتتى. ئۇنىڭ تاماقلىرىنى كىم توغرا كەلسە شۇ ئادەم ئېلىپ كىرىپ بېرەتتى. ئۇ ھەر ۋاقىت قايغۇلۇق، ئىچىنى بىر ھەسرەت مۇجۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن بۇ ئايالنى كۆرگەندە ئۇنىڭ يۈرىكىگە پېتىپ تۇرغان ئېغىر بىر قايغۇسىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. شۇنداقلا ھەم بۇنى بىلگۈمۇ كېلەتتى. مەن ھەجەر بۇۋى ھەدىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

ـ سەرىڭىز ئاغرىيدۇ؟ دوختۇرلار نېمە دەيدۇ؟ دەپ ھال سورىدىم.

ھەجەر بۇۋى ھەدە بېشىدىكى ياغلىقنى ئوڭشاپ باغلىۋېلىپ:

ـ دوختۇرلار ئاياللار كېسىلى، دەيدۇ. لېكىن ھېچقانداق دورىلىرى تەسىر قىلمىدى. بۇ ئاغرىقىم خاپىلىقتىن كېلىپ چىقتى، دەپ بىر ئاز ئويلىنىپ قېلىپ، چوڭقۇر تىنىپ قويدى.

مەن ئۇنىڭدىن: نېمە بولغان ئىدى، دەپ سورىغۇم كەلدى. لېكىن ئۆزى ئېيتقۇسى كەلمىسە، سوراپ كۆڭلىنى بۇزۇپ قويماي دەپ ئۆزۈمنى تۇتۇپ قالدىم. ھەجەر بۇۋى بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى.

مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ چوڭ بولدۇم. مېنى تۇرمۇشلۇق قىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئاپام ھامىلدار بولۇپ ئىنىم ئابدۇلقادىرجاننى تۇغۇپ، تۇغۇتىدا ئۆزى ۋاپات بولدى. ئىنىم ئابدۇلقادىرنى ئۆزۈمنىڭ بالىسىدەك قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلدىم. ئېرىممۇ ئۆز ئوغلىدەك بىلىپ مېنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى. بىزنىڭ بالىمىز بولمىدى، دەپ ئويلىنىپمۇ كۆرمىدۇق. ئابدۇلقادىرمۇ كۆيۈمچان ئەقىللىق، تەربىيىلىك، قاۋۇل، چىرايلىق يىگىت بولۇپ ئۆستى. ئائىلىمىزنىڭ خۇشاللىقى ھەم بەختى ئابدۇلقادىر ئىدى.

بىر كۈنى ئېرىم ئابدۇلقادىرغا تاماكا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بازارغا ئەۋەتتى. بىز ئۆزىمىزمۇ شەھەر ئىچىدىن ئانچە يىراقتا بولمىغان يەردە ئولتۇراتتۇق.

مەن ئابدۇلقادىر چىقىپ كېتىشى بىلەن قويغان چاينى ئىچىپ بولۇپ، ئۇستەللەرنى سۈرتۈپ، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتىم. قوشنىمىزنىڭ قىزى پەرىدە تالادىن: ھەجەر بۇۋى ھەدە، ھەجەر بۇۋى ھەدە! دەپ تووۋلاپ بەكمۇ ئەنسىز ھالەتتە يېتىپ كەلدى. كۆزلىرىدە قورقۇش، ۋۇجۇدىدا تىترەش كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مەن ھەيران بولۇپ، نېمە بولدى قىزىم، دەپ ئالدىغا باردىم.

ھەجەر بۇۋى ھەدە شەھەردە ئېتىشىش باشلاندى، ئابدۇلقادىر ئاكامغا ئوق تېگىپ ئۆلگەن ئوخشايدۇ. ماڭا بىرسى شۇنداق دېدى، دەپ مېنىڭ ھالىمغىمۇ قارىماستىن چاپسان بولۇڭ؟ دەپ مېنى ئېلىپ ماڭدى. مەن ئۆزۈمنى يوقاتقان ھالدا ئابدۇلقادىرجان ئۇكام ۋاي بالام دەپ تووۋلىغان پېتى ئوبلاستنىڭ ئالدىدىكى چوڭ كوچىغا يېتىپ كەلدۇق. كوچىلاردا قانغا مىلىنىپ ئۆلۈپ ياتقان ئادەملەر، ئەتراپتا قان سۇدەك ئېقىپ تۇراتتى.

مەن ۋاي ئابدۇلقادىرجان ئۇكام، قېرىندىشىم، ۋاي بالام، دەپ تووۋلاپ يىغلاشتىن باشقىنى بىلمەيتتىم، پەرىدە مېنى ھەجەر بۇۋى ھەدە ئابدۇلقادىر ئاكام بۇ يەردە ئىكەن، دەپ ئۆلۈك ھالدا ياتقان ئادەمنىڭ يېنىغا چاقىردى. مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي «ۋاي ئۇكام» دەپ ئۆلۈكنىڭ ئۇستىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئۇ ئۆلۈكنىڭ يېنىدا تۇرغان ئادەم:

ـ سىزنىڭ ئۇكىڭىزمۇ؟ تونۇدىڭىزمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۆزۈمنى توختىتىپ ئۆلۈككە قارىدىم. يۈز ـ كۆزى تونۇغۇسىز يارىلانغان ھەم قان ئىدى. كىيىمگە قارىدىم، لېكىن قادىرنىڭ كىيىمى ئەمەستى. مەن ياخشى قارىغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ ئابدۇلقادىر ئەمەسلىكىنى تونۇدۇم. شۇ ئارىدا پەرىدە يەنە كەلدى ئاۋۇ يەردە ئابدۇلقادىر ئاتلىق بىر ئادەم ھەدەمنى چاقىرىپ بەرسەڭ، دەپ ئۆلۈم ئالدىدا يېتىپتۇ، دېگەنتى، يەنە يىغلاپ يۈرۈپ ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ ئادەمنىڭ ماڭا كۆز ئېچىپ قارىغۇدەك ھالىمۇ يوق ئىدى.

«ھەدە قوينۇمدىكى خەتنى ئېلىۋال» دەپ ئاران سۆزلەپ قولىنى قوينىغا تىقىپ بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ماڭا ئاران ئۇزىتالىدى. مەن ئۇ خەتنى ئالدىم. ئۇ جان ئۈزدى. ئۆزۈمنى ئۇستىگە ئاتتىم، ۋاي ئۇكام قادىرجېنىم دەپ تووۋلاپ يىغلاشقا باشلىدىم. ئۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنى يارىلىنىپ قانغا مىلەنگەن ئادەم تونۇغۇسىز ھالدا ياتاتتى. شۇ ئارىدا ئوبلاستتىن نۇرغۇنلىغان ئەسكەر چىقىپ كوچىدىكى ئۆلۈكلەرنى سۆرەپ ئوبلاستنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. كوچىدا بىرمۇ ئۆلۈكنى قالدۇرماستىن بەش مىنۇت ئىچىدە توشۇپ بولدى ۋە ئەتراپلارنى يۇيۇپ سۈرتۈپ ھېچ نەرسە بولمىغاندەك پاكىز قىلىپ تازىلاپ بولۇپ، ھەممىسى ئوبلاستنىڭ ئىچىگە كىرىپ يوق بولدى. ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويدى.

ھېلى بەش مىنۇتنىڭ ئالدىدا كوچىدا دۈۋىلىنىپ قىزىل قانغا مىلىنىپ ئۆلمىگەندەك كۆزلىرى ئوچۇق پارقىراپ ياتقان كىچىك باللار، ياش يىگىت ـ قىزلار، ئاياللار، قىرى بوۋايلار كۆزدىن غايىب بولغاندەك ھەممىسى يوق بولدى. مەن ئىچ كۆيۈكۈمگە چىدىماستىن بىرىپ ئوبلاست دەرۋازىسىنى بار كۈچۈم بىلەن مۇشتلاپ ئۇرۇپ ئوغلۇم جان ـ جىگىرىم قادىرجاننىڭ ئۆلۈكىنى بەر دەپ ئاغزىمغا كەلگەن سۆز بىلەن ۋارقىراپ توۋلايتتىم. يېنىمغا بىر ئادەم كىلىپ:

ـ ئۇنداق قىلماڭ ئۇكام. بۇ يەردىن كېتىڭ. ئەگەر سىزنى سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ يوق قىلىۋەتسە ھېچكىم بىلمەيدۇ، دېدى. باشقا ئادەملەرمۇ كېلىپ نەسھەت قىلىشقا باشلىدى. كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. بۇ ھەسرەتنى تارتىپ ياشىغاندىن ئۆلۈپ كەتكىنىم ياخشىراق ئىدى، دەيتتىم. شۇ ئارىدا پەرىدە يەنە يېتىپ كەلدى.

ھەجەر بۇۋى ھەدە ئۆلمەي يارىلانغانلارنى دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ بارغان ئىكەن. ئۇ يەردىمۇ ئابدۇلقادىر دېگەن بىر ئادەم بار دەپ ئاڭلىدىم. شۇنى كۆرۈپ باقايلى دېدى.

ئۈمىدسىز شەيتان، دەپ يارىلانغان بولسىمۇ ئۆلمەي قالسا بىز ئۈچۈن چوڭ بەخت بولاتتى، دەپ پەرىدە بىلەن دوختۇرخانىغا باردۇق. ئۇ ئابدۇلقادىر دېگەن كىشىنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ چىقىپ كۆرسەتتى. ئۇ كىيىمنىڭ بەلدىن تۆۋىنى ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ، تىتىلىپ كەتكەن ئىكەن.

بۇ ئادەم ساقمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ھەمشىرە ئايال ئېچىنغان ھالدا:

پۇتىنى كەسكىلى ئېلىپ كىرىپ كەتتى. قاتتىق يارىلانغان ئىكەن. شۇنداق چىرايلىق قاۋۇل ياش يىگىت ئۇۋال بولۇپ كەتتى، دەپ قويدى.

كىيىملىرىگە قارىسام يەنە ئىنىم قادىرجاننىڭ كىيىمى ئەمەس ئىدىم. مەن ھوشۇمنى يوقاتقاندەك بولۇپ، كۈچسىزلىنىشقا باشلىدىم. كۆڭلۈمنى قاتتىق قايغۇ مۇجۇپ كۆزۈمدىن يېشىم قۇرۇماستىن يىغلايتتىم. باشقىلار مېنى بەزلەيتتى. ئەمما قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن ھەممە ئادەم كۆڭۈلسىز ئىدى.

شۇ ئارىدا مەھەللىمىزدىكى ھۆسەيىن ئاكام تالادىن كىرىپ كەلدى. بىزنىڭ بۇ يەردە يىغلىشىپ ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ:

ـ نېمە بولدى ئۇكام؟ بىرسى بارمۇ بۇ يەردە دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى. ئەھۋالنى

ئۇققاندىن كېيىن، بىر سائەتتەك بولدى ئابدۇلقادىرجان بىلەن بىر مۇنچە ياشلار بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سوۋېت چېگرىسىغا قاراپ كەتتى، غەم قىلمىسىلا ئۇكام، ئۇلار ساق ـ سالامەت كەتتى، دېدى.

مەنمۇ ئالدى ـ كەينىمگە قارىماستىن دوختۇرخانىدىن چىقىپلا قورغاسقا بېرىش ئۈچۈن ھارۋا كىرا قىلىپ كەتتىم. يېرىم يولدا ماشىنا توسۇپ دېگەندەك سوۋېتنىڭ چېگرىسى بولغان قورغاسقا يېتىپ كەلدىم. پۈتۈن غۇلجا ياشلىرى دېگەندەك يىغىلىپ چېگرىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىراق غۇلجىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كېيىن سوۋېت چېگرىسىنى تاقاپ بىر ئادەمنىمۇ ئۆتكۈزمەپتۇ. بۇ خەلق كەينىگە يېنىش مۇمكىن ئەمەس. يول تاقاق، بۇ يەردە قېلىپ بولمايدۇ، يەنە بىزنىڭ خەلقنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەت كېلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مەن كېلىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن غۇلجا تەرەپتىن ئۈستى بېزىتىن بىلەن يېپىلغان يۈزدىن ئوشۇق يېشىل ھەربىي ماشىنىلاردا ھەربىيلەر كېلىپ توختىدى. پۈتۈن ئادەم قاتتىق ھودۇقۇشتا قالدى. مەن تېخى ئابدۇلقادىرنى تېپىپ ئۈچراشقۇچە ئۇلار يېتىپ كەلدى. ماشىنىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ پۈتۈن ئادەملەرنى چۆرىدەپ ئېلىپ پۈت ـ قوللىرىغا تۆمۈر ئىشكەل سېلىپ ماشىنىلارغا چىقىشنىڭ ئالدىدا بارلىق كىشىلەرنى ئوبۇسكا قىلىپ ھەممە يەرلىرىنى، كىيىملىرىنى ۋە بوغچىلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. مېنىڭ يېنىمدىن ھېلىقى ئابدۇلقادىر دېگەن ئادەمنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ماڭا بەرگەن خېتى چىقتى. بۇ خەت ئوبلاستقا كىشىلەر باستۇرۇپ كىرىپ، ئوبلاست باشلىقىغا يازدۇرۇپ ئالغان تەستىق خەت ئىكەن.

بۇ ۋەقە جۇڭگو ياپون ئۇرۇشى ۋاقتىدا جۇڭگوغا ياردەم ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئەسكەر كىرگۈزۈپ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىكەن. مانا شۇ ۋاقىتتا ئۆلگەن سوۋېت سولداتلىرىنىڭ ئورنىغا ئادەم بېرىشنى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەلەپ قىلغاندا جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ خەنزۇ مىللىتىدىن بېرىشنى ئېيتىپتۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى رەت قىلىپ شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئېلىشنى شەرت قىلىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆلگەن رۇس سولداتلىرىنىڭ ئورنىغا شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن بېرىشكە قوشۇلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى خەلققە سوۋېت پاسپورتىنى تارقىتىپ قانۇنلۇق يول بىلەن ئېلىپ چىقىشنى پىلانلاپ: «ساۋگۇزدانلار ئۇيۇشمىسى» نى قۇرۇپ شۇ ئارقىلىق خەلققە پاسپورت تارقىتىشنى تاپشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىكى پاسپورت تارقاتقۇچىلار «پاسپورتنى» خەلققە قىممەت باھادا ئالتۇن، مەرۋايىتقا ئوخشاش

باھالىق نەرسىلەرگە ساتقان ئىكەن. بۇ پاسپورتنى پۇلى بارلار ئېلىپ كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ پۇلى بولمىغانلىقتىن، پاسپورت سېتىش پىلانى ئورۇنلانماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 62 - يىلىدىكى غۇلجا - چۆچەك ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ قالغان ئادەم سانىنى تولدۇرۇپ ئالغان دەپ ئاڭلىدىم.

شۇنداق قىلىپ 62 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزىگە چېگرىداش بولغان چۆچەك شەھىرىگە ساماليوت ئارقىلىق ئاسمانغا «چېگرا ئوچۇق، ئۆتۈڭلار، كۈتۈپ ئالىمىز» دېگەنگە ئوخشاش خەتلەرنى يازغاندىن كېيىن، خەلق ھەيران بولۇپ تۇرغاندا چېگرىدىن كىشىلەرنى كىرگۈزۈپ خەلقنى قېچىپ ئۆتۈشكە تەشۋىق قىلىدۇ.

مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئولتۇرغاندا تۇرسۇن پەيزۇلىنىڭ سۆزى يادىمغا كەلدى.

62 - يىلى 3 - ئايدا تۇرسۇن پەيزۇلىنىڭ دادىسى ۋاپات بولۇپ، تۇرسۇن ئىككى ھەپتىلىك چۆچەككە بېرىپ كەلگەن ئىدى. تۇرسۇن چۆچەكتىن قايتقاندىن كېيىن، مەلىكە ئىككىمىزگە ھېچكىمگە دېمەڭلار، يېقىندا چۆچەكتە بىر ئىش كېلىپ چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئادەملەردە بىر جىددىيلىك بار. كېچىلەردە سوۋېت كىشىلىرى كىرىپ ھەر بىر ئورۇنلاردا يوشۇرۇن ھالدا مەجلىسلەر ئېچىپ قانداقتۇر بىر نەرسىگە قاتتىق تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن ئانچە تاغار، مۇنچە تاغار ياكى ئۇ دەپ سان ھېسابىنى سۆزلىشىدىكەن، لېكىن بۇ ئىشتا راستتىن ياكى سودىسى يوق، ئەمما شۇ سۆز بىلەن ئۇلار بىر- بىرىنى چۈشىنىدىكەن. ھەممە ئادەم يېقىندا بىر چوڭ ئىش بولىدۇ، دەپ ئولتۇرىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە بىر ئىش كېلىپ چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. كىشىلەرگە دېمەڭلار، دېگەن سۆزى يادىمغا كەلدى.

ھەجەر بۇۋى ھەدە بىر ئاز دەم ئېلىپ سۇ ئىچكەندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

62 - يىلى 4 - ئايدا چۆچەكتىن 40 نەچچە مىڭ ئادەم چېگرىدىن قېچىپ ئۆتتى. دەسلەپكى ئۆتكەنلەر «چاققان قېچىڭلار؟» دېگەنلىكتىن ئۇلار ئۆيىدىكى پىشىپ تۇرغان تاماقنىمۇ يېيىشكە ئۈلگۈرمەي ھەممە نەرسىنى تاشلاپ قېچىپ چىقتى. كېيىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقلەرگە يىغىن، مەجلىس ئېچىپ ئۇنداق تۆكۈلۈپ، چېچىلىپ ماڭماستىن ھەممە نەرسەڭلارنى ئېلىپ ئۆتۈڭلار، ئۇ يەرگە بارغاندىمۇ ئۇ نەرسەڭلار سىلەرگە كېرەك بولىدۇ. كېرەك بولسا بىز سىلەرگە ئات، ھارۋا، ماشىنا بېرىپ تۇرىمىز، ياردەملىشىپ چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويىمىز، دەپ ئېيتىپ ھەم ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن چۆچەكتە پۈتۈن ئادەم قوزغىلىپ ھەممە نەرسىلىرىنى ئېلىپ تەييار قاتناشلار بىلەن چىقىپ كەتكەن

ئىكەن. كېيىن بۇ ئەھۋال غۇلجا خەلقىگە يېتىپ كەلدى. كىشىلەر بىرلەپ ـ ئىككىلەپ دېگەندەك قېچىشقا باشلىدى. كۈندىن ـ كۈنگە قاچقۇچىلار كۆپەيدى. غۇلجا شەھىرى چېگرىغا يېقىن بولمىغانلىقتىن قاتناش ئىشى قىيىنلىشىپ قورغاسقا ماڭىدىغان ماشىنىغا بىلەت ئېلىپ بولمايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق قاتناش نازارىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئوتتۇرىدىكى قارشىلىق كۈچىيىپ ئىش يامىنىغا بارغاندا ئوبلاست باشلىقى قۇربان غەلى كېلىپ خەلقنى بېسىش ئۈچۈن سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر قارشىلىق بىلدۈرۈپ قۇربان غەلىنىڭ ئولتۇرغان ماشىنىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قۇربان غەلى بىلەت سېتىپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىپتۇ. لېكىن مۇنچە كۆپ خەلققە ماشىنا يېتىشتۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكتىن خەلق نارازىلىقى كۈچىيىپ ماشىنا ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتكە باستۇرۇپ بارغاندا پۈتۈن شەھەرنىڭ يىراق - يېقىنىدىكى ھەممە ئادەملەر بىلىپمۇ  بىلمەيمۇ بۇ خەلق دولقۇنىغا قوشۇلۇپ، بۇ ئىش بەك چوڭ قارشىلىققا ئايلاندى. كۆپچىلىك خەلق نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ھۆكۈمەتكە قارىتا كۆتۈرۈلگەن قارشىلىق بولسا كېرەك، دەپ كېلىپ قوشۇلۇپ بىر چوڭ خەلق دېڭىزىغا  ئايلانغاندى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت قورقىنىدىن ئوبلاستنىڭ يوغان دەرۋازىسىنى تانكا بىلەن تىرەپ تاقاپ ئالىدۇ. لېكىن خەلق دولقۇنىنىڭ كۈچى ئالدىدا ئۇ ھېچقانداق توسۇق بولالماي ئادەملەر ئوبلاستنىڭ ئىچىگە تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ، تانكىنى ئىتتىرىۋېتىپ دەرۋازىنى ئېچىپ تاشلاپ پۈتۈن خەلق غۇلجا ئوبلاستنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئوبلاستنىڭ تۆت قەۋەت بىناسىنى ئادەملەر بېسىپ ئالىدۇ.

ئالدى بىلەن خەلق سايلىغان ۋەكىللەر كىرىپ ئوبلاست باشلىقىغا قاتناش ئىدارىسىگە كىشىلەرنىڭ قاتناش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ترانسپورت ماشىنىلارنى ئاجرىتىپ بېرىشنى تەستىقلىتىپ ئالىدۇ. ئوبلاست باشلىقى قۇربان غەلى بۇنى ئوبلاستنىڭ پارتىيە كومىتېتىدىن تەستىقلىتىپ ئېلىڭلار، دەيدۇ. خەلق ئوبلاستلىق پارتكومغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. پارتكومنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ قارشىدىكى ھەربىي رايوننىڭ رىشاتكىلىرىدىن ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ ئۆگزىسى ۋە دېرىزىلىرىدىن تەرەپ ـ تەرەپتىن پىلموتتا خەلققە قارىتىپ ئوق ياغدۇرىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا كوچىدا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قاراپ تۇرغان ئادەملەردىن تارتىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى قىرىپ، كوچىلاردا خەلق قېنى سۇدەك ئاقىدۇ. يەردە ياتقان ئۆلۈكلەر بىرنىڭ ئۈستىگە بىرى يىقىلىپ، كوچىلاردا ئادەم ئۆلۈكلىرى دۆۋىلىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتنى كۆرسىڭىز

ئىدى، ئادەم ئۆزىنى يوقىتىپ قويغۇدەك قورقۇنچلۇق بىر كۆرۈنۈش بولدى. شۇ ئۆلۈكلەرنىڭ بىرسىنى خەلققە كۆرسەتمەستىن ئوبلاست ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ يوق قىلدى. ھەجەر بۇۋى ھەدە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى.

مەن ئۆزۈممۇ شۇ دولقۇندا بولغاندەك كۆڭلۈم يامان بولدى. زالىملار قانداقمۇ قولىدا قورالى بولمىغان بىگۇناھ خەلقنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ؟ دەپ ئىچىم ئاغرىدى.

ھەجەر بۇۋى كۆزلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈپ بىر ئاز ئۆزىنى تۇتۇپ ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى.

بىلەمسىز؟ پالتا سېپى ياغاچ بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ياغاچنى كېسىدۇ، دەيدۇ، يەنى شۇ ئۆز خەلقىمىزنى، ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قوشۇلۇپ ئېتىشقا بۇيرۇق بەرگەن. ھېچ بولمىسا خەلقنى قورقۇتۇپ ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقارسىمۇ خەلق قورقۇپ قاچقان بولاتتى. خەلقنىڭ غەزەپ دولقۇنىدىن باشقا قولىدىن نېمە كېلەتتى. بىر تال قورال ياكى ئىقتىسادى يوق ياكى ئارقا تىرەك تايانچىسى يوق ئاق كۆڭۈل، ساددا خەلق ئىدى. بىگۇناھ قان تۆكتى، دەپ يېنىدا تۇرغان سۇنى ئېلىپ بىر - ئىككى ئۇتلاپ ئىچىپ چىننىنى ئۆز ئورنىغا قويدى. مەن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈپ دىققەت بىلەن ھەجەر بۇۋىگە قاراپ ئولتۇراتتىم.

شۇ قول قويدۇرۇپ ئېلىپ چىققان ئادەم ئۆلۈش ئالدىدا ئۇ خەتنى ماڭا بەرگەن ئىدى. مەن ئۇ خەتكە قارىغۇدەكمۇ بولمىدىم. ھەتتا ئۇنتۇپمۇ كەتكەن ئىكەنمەن. ساقچىلار مېنى ئاختۇرغاندا شۇ خەت چىقسا بولىدۇ. ئۇلار مېنى باغلاپ قوللىرىمغا تۆمۈر ئىشكەل سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. چېگرىدا بىرمۇ ئادەم قالمىدى. نەچچە مىڭلىغان ئادەمنى ئۇستى يېپىق ھەربىي ماشىنىلار بىلەن ئادەم بىلمەيدىغان يىراق چۆللۈكلەرنى تۈرمە قىلىپ توشۇپ ئېلىپ كېتىلدى. خىتاي ئوق چىقىرىپ خەلقنى ئاتمىغان بولسا مۇنچە كۆپ كىشىلەر ئاقىۋەتنىڭ يامان بولۇشىدىن قورقۇپ چېگرىغا قېچىپ كېلىپ ئالمىغان بولاتتى. نۇرغۇن ئادەم بىگۇناھ قولغا ئېلىنىپ ۋەيران بولدى. ئەمدى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۆزىدە مەھەللە ۋە ئۆي - ئۆيلەرنى تەكشۈرۈپ شۇ كۈندىكى «قانلىق» ۋەقەگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى تازىلاش ئېلىپ بارغان ئىكەن. بۇ 29 - مارت قانلىق ۋەقە بولۇپ ئاتىلىپ قالدى.

مەنمۇ «ئۇ خەتنى نەدىن ئالدىڭ» دېسە كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشتا مېڭەم چۆرگىلەپ قالغان مەن ساراڭ «ئۇكام ئابدۇلقادىردىن ئالدىم» دەپتىمەن. ئۆلگەن ئابدۇلقادىر دېگەن ئادەم ھەدەم دەپ ئىيتسا مەن ھەم چۆگىلەپ قالغان باش ئۇنى ئۇكام دەپ ئېيتىپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇكام ئابدۇلقادىرنى تۇتۇپ قىيناپ، قىستاپ ئۇنىڭ ھەر قانداق سۆزىگە

ئىشەنمەستىن، ئوبلاستقا باستۇرۇپ كىرگۈچىلەرنىڭ باشلامچىسى غۇلجا ۋەقەسىنىڭ يېتەكچىسى، دەپ ئۇكامغا ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

مەن خاتا سۆزلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇ تىلىمنى ئۆزۈم چايناپ پۈركۈۋەتكۈم كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ۋىجدان ئازابىنى تارتىپ ئوتتا يانغاندەك ئازابلاندىم. مەن ئابدۇلقادىر ھەدەم دېسە مەنمۇ ئۇكام دېگىنىمنى كۆرمەمسىز، ئۇكام دېيىشكە تىلىم ئۆگىنىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇنىمۇ ئۇكام دەپتىمەن، دەپ ماڭا بولسىمۇ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ نەچچە مەرتىۋە سۆزلەپ بۇنداق ياشىغۇچە مېنى ئېلىپ چىقىپ ئاتسا شۇ ياخشى ئەمەسمىدى؟ دەپ يەنە يىغلاپ ئۆزىنى توختىتالماي كەتتى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ كۆپ ياخشى ئۈمىدلىك سۆزلەرنى قىلدىم. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۆزىنى توختىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

مېنى ئۈچ يىل لاۋجاۋ(ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش) قىلىپ غۇلجا دادامتو تۈرمىسىگە ئاپىرىپ بەردى. شۇ كۈندىن تارتىپ كېسەل بولۇپ ئورۇندا قالدىم، دېدى.

ـ ئۇكىڭىز ئابدۇلقادىرجاننىڭ ئىشى قانداق بولدى؟ دەپ سورىدىم.

ـ بىزنى دادامتۇدىن يۆتكەپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەندە باجاخۇدا ئىككى كۈن قالدۇق.

مەن باجاخۇغا بارسام ئۇكام ئابدۇلقادىرجان باجاخۇدا بولۇپ، ئۇنى كىچىك تار قەپەسكە سېلىپ تۇتىدىكەن. مەن ئۇكام بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدىم. كادىرلار ماڭا ئۇكىڭىزغا نەسىھەت قىلىڭ ئۇ جىنايىتىنى بويىنغا ئېلىپ ئىقرار قىلمايۋاتىدۇ. پوزىتسىيىسى ناچار، ئۇ ياش، بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىمىز ئاغرىيدۇ. مۇمكىن بولسا پوزىتسىيىسى بىر ئاز ياخشى بولسا ئىدى، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى بېرىش چارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باشقىچە ھۆكۈم قىلسا دېسەك، ئۇ بەك جاھىل ھېچقانداق ياخشى پوزىتسىيە بىلدۈرمەيدۇ. «ماڭا تۆھمەت ئارتتىڭلار» دەپلا تۇرىدۇ. سىز بىر نەسىھەت قىلىپ كۆرۈڭ، يەنە بىر يىل ۋاقىت ئۇزارتتۇق، ئەگەر پوزىتسىيىسى ياخشى بولسا يەڭگىللىتىپ چارە كۆرگەن بولاتتۇق، دېدى.

مېنى ئۇكام بار يەرگە ئېلىپ باردى. ئۇنى كىچىك تار تۆمۈر قەپەستەك ئۆيدە پۇت ـ قولى تۆمۈر كىشەنلەر بىلەن باغلاقلىق، رەڭگى ئاپاق، ساقاللىرى ئۆسۈپ ئورۇق قاق ئۇستىخانغا ئايلانغان ھالىتىنى كۆرۈپ ئۆزۈممۇ تونۇيالماي قالدىم. ئۇكامنى كۆرگەندە كۆز ياشلىرىم يۈزۈمدىن يامغۇردەك تۆكۈلدى. پۇت ـ قولۇمدىن كېتىپ دەسسەپ تۇرالماي ئولتۇرۇپ قالدىم. ئىچىم بىر قىسما بولۇپ كەتتى. يىغا تۇتۇپ ئاغزىمغا سۆز كەلمەيتتى.

ماڭا بېرىلگەن قىسقا ۋاقىتتا قادىر بىلەن سۆزلىشىپ ئالاي دەپ ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ، ئۇكامغا ئۆزۈمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئۆگەتكەن بارلىق نەسىھەتلىرىنى كۆز ياشلىرىم بىلەن ئېيتتىم. بىراق ئۇ بىر قىلىپتا قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى. مەن بولسام شۇ يىللاردا يىغلىيالمىغان ھەسرەتلىرىمنى تۆككەندەك ئېزىلىپ ـ ئېزىلىپ يىغلايتتىم.

ئەڭ ئاخىرى ئۇ:

ـ ھەدە! يىغلىما، يىغلاپ ھېچنەرسە ھەل قىلالمايسەن، بولار ئىش بولدى. ئەمدى ئۆزۈڭگە ياخشى قاراپ ئۆزۈڭنى ئاسرا. بۇ نەسىھەتلىرىڭ بىلەن مېنى قۇتۇلدۇرۇپ كېتەلمەيسەن، دېدى. مېنىڭ شۇنچە قىلغان نەسىھەتلىرىم بىكار بولدى.

ھەجەر بۇۋى قايغۇ ـ ئەلەم بىلەن كۆزلىرىدىكى ياشلارنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سۈرتۈپ ئىچىدىكى ھەسرەت تاشقىنلىرىنى يۇتالماي كەتتى.

مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن ياخشى سۆز قىلىپ بەزلىدىم ۋە ئۈمىدسىزلىك شەيتانىنىڭ ئىشى، ئاللاھ بۇيرۇسا ئىنىڭىزغا يەڭگىللىتىپ چارە كۆرۈشى مۇمكىن، بەلكى چىقىش يولى بېرەر، ئاللاھتىن تىلەڭ! دەپ كۆڭلىنى ياسىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا نېمە دېيىش مۇمكىن! ھەجەر بۇۋى كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتقاندەك تىنىقىنى يۇتۇپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

بىر ئاز جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭدىن:

ـ ھەجەر بۇۋى ھەدە ئوبلاستتىكى ئۆلۈكلەرنى ئىگىلىرىگە بەردىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ـ ياق، ئۆلۈكلەرنى نەگە يوقاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇ ئوبلاستنىڭ ئىچىدە يوق بولدى. كىشىلەر يوقالغان ئادەملەرنى سوۋېتكە چىقىپ كەتتى. جۇڭگو ـ سوۋېت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولغانلىقتىن چېگرا تاقالغان، خەت ـ ئالاقە ئۈزۈلگەنلىكتىن خەت يازالمايدۇ. ۋەزىيەت تۈزەلسە خەت ـ خەۋەرلىرى كېلەر دەپ ئۈمىدلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمدى تۈرمىگە ئېلىپ كەتكەنلەرنىمۇ ھېچ كىمگە بىلدۈرمەي يوشۇرۇن ساقلايدۇ، دەپ ئاڭلىدىم، دېدى.

ھەجەر بۇۋىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، كۆزدە ئاپام بىلەن سىڭلىم زەكىيەنىڭ مېنى يوقلاپ كەلگەندە دېگەن سۆزى يادىمغا كەلدى.

گۈلنىسا مېنى ئاپام ۋە سىڭلىم بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىپ تۇرۇشىغا ھويلىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ ئاياللارنىڭ سوقۇشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈلنىسا

ئامالسىز سىلەر كۆرۈشۈپ تۇرۇڭلار، مەن چىقىپ كىرەي، دەپ چىقىپ كەتتى.

مەن ئۇلاردىن سانجىدىن پىيادە كەلمىگەنسىلەر؟ دەپ سورىدىم.

ــ ئاپام ياق، دەپ ئەھۋالنى مۇنداق سۆزلەپ بەردى.

بىز سانجىغا كېلىپ شاباخۇنىڭ ماشىنىسى كېلىدىغان ھويلىغا باردۇق. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ياش ئايال كىر يۇيۇۋاتقانىكەن، بىزنى كۆرۈپلا زادى تويۇپ كەتتىم مۇشۇ خەقتىن، ماشىنا يوق، بۈگۈن ماڭمايدۇ. چىقىشە دەپ قوپال مۇئامىلە قىلدى. ھەجەپ يۈرىكىمىزگە تەگدى. كەينىمىزگە بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتۇق. بىز بۈگۈن پىيادە مېڭىپ يېتەلمەيمىز، بىر ياتاق تاپايلى، ئەتە بىر گەپ بولۇپ قالار، دەپ كوۋرۈكنىڭ ئۈستىدە كۆڭۈلسىز كېتىپ باراتتۇق، ئۆستەڭنىڭ ئىككىنچى قېتىدا سۇ ئېلىپ تۇرغان ياشقا چوڭ بىر ئايال بىزنى كۆرۈپ، ئەسسالامۇئەلەيكۇم مېھمانلار نەدىن كېلىشىۋاتىلا؟ دەپ سورىدى. زەكىيە شاباخۇغا ماشىنا بارمىكىن دەپ ئۇ ھويلىغا بارساق، بۈگۈن يوق، دەپ جاۋاب بەردى، دېدى.

ئۇ ئايال ھە ئۇ خوتۇن رازىيەم، بەك سوغۇق، مىجەزى ئەسكى ئايال، يۈرۈڭلار بىزنىڭ ئۆيي ماۋۇ يەردە بىر پىيالە ئۇسسۇلۇق ئىچىڭلار، كۆزۈمگە بەكمۇ ئىللىق كۆرۈنۈپ كەتتىڭلار، سانجىلىق ئەمەستەك كۆرۈنسىلەر، مۇساپىر ئوخشايسىلەر، دەپ قويماي ئۆيگە باشلاپ باردى.

سۈنىڭ بۇ قېتىدا ئۇ ئايالنىڭ يوغان ئۈچ ئېغىز ئۆيى بولۇپ، كېلىنى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. ئۆيى پاكىز سۇپۇرۇلگەن رەتلىك چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، ئۆيدە سۇپا، سۇپىنىڭ ئۈستىدە كىگىز، ئۇنىڭ ئۈستىدە چىرايلىق قىزىل گىلەم ۋە يېشىل دۇخاۋىدىن تىكىلگەن يېكەنداز كۆرپە سېلىقلىق ئۆيگە باشلاپ كىردى. داستىخان سېلىپ تائاملار بىلەن چاي قويدى. كېلىنىمۇ ئوچۇق، خۇش خۇي چىرايلىق ياش ئايال ئىكەن.

خەدىچە خانىم بىزگە بىر پىيالە چاي قۇيۇپ، ئاندىن:

مەن بېرىپ ماشىنىنى ئوقۇشۇپ كېلەي، قاچان ماڭىدىكەن، دەپ چىقىپ كەتتى. بىز كېلىن قىز خۇرشىدەم بىلەن سۆزلىشىپ بىر پىيالە چاي ئىچكۈچە خەدىچە خانىم يېتىپ كەلدى.

ماشىنا ئەتە ئەتىگەن ماڭىدىكەن. سىلەرنى ئېلىپ كېتىشكە سۆزلىشىپ قۇيۇپ كەلدىم. مېھمانلار بۈگۈن بىزدە قونۇپ قېلىڭلار، مەن ئۆزۈم ئەتە ئاپىرىپ سېلىپ قويىمەن. بۇ كېچىدە نەگە بارىسىلەر؟ دەپ قوندۇرۇپ ئېلىپ قالدى. بىز كېچىچە پاراڭلىشىپ

خۇددى كونا دوستلاردەك بولۇپ قالدۇق.

خەدىچە خانىم سۆزىدە، بىز بۇ يەرگە جىلڭ شەھىرىدىن كۆچۈپ كەلدۇق. بىز ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ جىڭدا ياشاپ كەلگەنىتۇق. ئوغلۇم ئەھمەتجاننى ھەربىيلىكتە خىزمەت ئىشلەپ يۈرگەن يىرىدىن يۆتكەپ ئېلىپ كەتتى. ئالتە ئايدىن كېيىن بىزنىمۇ پۈتۈن ئائىلىمىز بىلەن ھەممە نەرسىلىرىمىزنى ھەتتا سېغىۋاتقان كالىمىزدىن تارتىپ ماشىنىغا بېسىپ مۇشۇ سانجىغا ئېلىپ كەلدى. يېڭى سېلىنىغان مۇشۇ ئۆيگە بىزنى ئورۇنلاشتۇردى. ئوغلۇم ئەھمەتجان بىزدىن يىراق مۇشۇ يەردىكى چۆللەردە ئىشلەيدىكەن. ئوغلۇم «غۇلجا ۋەقەسىدە» قولغا ئېلىنغان ئادەملەرگە قارايدىكەن. ئۇلارنى بەكمۇ يوشۇرۇن تۇتىدىكەن. ھەتتا بىزدىنمۇ يوشۇرىدىكەن. ئوغلۇم ئەھمەتجان ھەر شەنبە كۈنى كەچتە كېلىپ يەكشەنبە كۈنى كېچىدە قايتىپ كېتىدۇ.

ئەھمەتجان، كۆرسەڭ ئاپا ھەر چىرايلىق يىگىتلەر، قىزلار شۇ يەردە ئىشلەپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىركىم بىلمەيدۇ. ئۇلارنى مەخپىي ساقلايدۇ، دەپ ئېيتىپ بەردى، دېدى.

بۇلارنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. كىشلەر بۇلارنى سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ھازىر سوۋېتتە دەپ خاتىرجەم يۈرىدۇ. لېكىن 29 - ماي كۈنى چېگرىدىن بىرمۇ ئادەم ئۆتمەپتۇ. پەقەت ئوق تېگىپ ئۆلگەنلەرنىڭ جەستى ئوبلاستىنىڭ ئىچىدە يوق قىلىندى. قالغانلارنى تۈرمىلەردە يوشۇرۇن ساقلاپ تۇتۇۋاتىدۇ، دەيدۇ. ئوغلۇمنىڭ ئۇلارغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىپ تولا سۆزىنى قىلىدۇ، دەيدۇ. خەدىچە خانىم مۇشۇ ئەتراپتا يەنە تۈرمە ئورنى بار ئىكەن، دەپ ئاپامغا، ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن بىزنى خەدىچە خانىم ئاپىرىپ ماشىنىغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن كەلدۇق، دېدى.

ئاپاملارنىڭ بۇ سۆزىگە قارىغاندا ھەجەر بۈۋى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەتلەيدىغان بولدۇم. ھەر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كەلسەم ئالدى بىلەن بېرىپ ھالىنى سوراپ تۇراتتىم.

ھەجەر بۈۋىنى خەلق نازارىتى ئاستىغا تاپشۇرۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن غۇلجىغا ئېلىپ كەتتى.

مەن ھەجەر بۈۋى ھەققىدە قانداق بولدىكىن، ھاياتمىدۇ؟ دەپ تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئويلاپ قويىمەن.

# قولغا ئېلىنغىنىمغا ئۈچ يىل توشقان كۈن

29 - ئاپرېل جۈمە كۈنى

بۈگۈن مېنىڭ قولغا ئېلىنغىنىمغا ئۈچ يىل توشتى.

مەن بۇ كۈننى ئۈچ يىل تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەن ئىدىم. مانا بۈگۈن شۇ كۈن كەلدى. ئەمما كۆڭلۈمدە ھېچقانداق بىر ئالاھىدە خۇشاللىق سەزمىدىم. بەلكى بۇ يەردىن چىقسام بۇنىڭدىنمۇ يامان كۈن كۈتۈپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. مېنىڭ ئۈچۈن ئاياللار خۇشال بولۇپ كېلىپ تەبرىكلەشتى.

– سىزنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسىز، خۇشاللىقتىن يۈرىكىڭىز يېرىلاي دەۋاتامدۇ؟ دەپ چاقچاق قىلاتتى.

مەن ئۈچ يىللىق ئۆمرۈمنى ئويلاپ چىقتىم. مەن بۇ يىللاردا سەۋرلىك ۋە غەيرەتلىك بولۇشقا ھەم ھەرقانداق ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلالايدىغان ۋە ئېغىر تۇرمۇشقا كۆنۈش ئۈچۈن ئۆزۈمنى تەربىيىلەپ ئۆگىتىپ چىقتىم. جەمىيەتتىكى ئەڭ ناچار دېگەن ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشلىرىنى ئۆگەندىم. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈر تارىخىنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىقتىم ۋە شۇ «گۈڭشې» (كومونا) تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇپ بەخت ئىزدەپ چىقىپ ۋەيران بولغان بۇ گۈزەل ياش قىز - يىگىتلەرنىڭ ھاياتىنى كۆرگەندە، ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان ھەيكەل باشلىقلارغا نەپرىتىم ئاشتى.

پايانسىز كەڭ زېمىنغا  ئىگە بولغان، پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە بايلىقى بار، سۈيى تاتلىق، ھاۋاسى ساپ شەرقىي تۈركىستاندا مۇشۇ بايلىق بىلەن پادىشاھتەك ياشايدىغان خەلق، بۈگۈنكى كۈندە ھوقۇقتىن مەھرۇم، ئاچ - يالىڭاچ «كومونا» ئاتلىق تۈرمىدە خار بولۇپ، زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن خەلق مۇشۇ دەۋردە ئوقۇمىسىز نادان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. خىتاي كوممۇنىستلىرى كەلگەندىن بېرى «پۇل» دېگەن نەرسىنى كۆرۈپ قولىدا تۇتۇپ كۆرمىگەن ئادەملەرمۇ بار ئىكەن.

بۇ نېمە دېگەن ئېچىنارلىق ئەھۋال.

ئۆزىنىڭ مۇشۇ ياخشى تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقلىرىغا ھېچ ئويلانماستىن تامغا بېسىپ ئورۇنلاپ كەلدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقى «كومونا» ئاتلىق تۈرمىدە قالدى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن بايلىقى خىتاي ئۆلكىلىرىگە قاراپ ئاقتى. مەن شۇ ئويلار بىلەن كەتمەننى قاتتىق چېپىپ ئىشلەپ كەتكەن ئىكەنمەن، دۈيجاڭنىڭ يېنىمغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. گۈلنىسا:

– سەن ئاخىرقى كۈنۈڭدە پۈتۈن ئەمگەكنى تۈگىتىۋېتەي دەپ ئىشلەۋاتامسەن، دەپ كۈلدى.

كەتمەننى توختىتىپ دۈيجاڭغا قاراپ مەنمۇ كۈلدۈم.

– ۋاقتىڭ توشتى. خۇشال بولۇۋاتامسەن؟ دەپ سورىدى.

مەن ئانچە ئەمەس دۈيجاڭ، دەپ جاۋاب بەردىم.

ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن تاماقنى پۈتۈن ئاياللار بىزنىڭ ئورۇنغا يىغىلىپ ياغلىقلارنى داستىخان قىلىپ يېدۇق. ھەر كىم ئۆزىنىڭ تاپقانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. زۆھرەم ئەمەت ئاپىسى ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ھەم مۇشۇ كۈن ئۈچۈن ئاتاپ قويغان نەرسىلىرىمنى چىقاردىم. ھەممىمىز كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ مېھمان بولۇشتۇق ۋە ئۇزۇن ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. يېتىش ئالدىدا گۈلنىسا دەرۋازىنى ئېچىپ مېنى چاقىرتىپ تاشقىرىقى ھويلىدىكى «يېڭى ھايات» ئەترىتىنىڭ ياتىقىغا كۆچۈپ چىقىشنى ئۇقتۇردى.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ كېچىدە تاڭ ئاتقۇچە كۆكتات ۋە مېۋە ياغاچلارنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن سۇ تۇتۇپ ئىشلەپ كەلدۇق.

تۈنۈگۈن سوپىسۇننىڭ ئاكىسى سەسورون سوپىسۇننى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇلار ماڭدى. مەن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ماشىنىنىڭ ئارقىدىن ئۇزىتىپ قالدىم. بەك قاتتىق كۆڭۈلسىز بولۇپ قايتىپ كەلسەم، دەرۋازا تۈۋىدە سەلەي ئاكا تۇرغان ئىكەن، سالاملاشقاندىن كېيىن ۋاقتىم توشۇپ چىققانلىقىمنى تەبرىكلىدى ۋە ئىسمائىلمۇ سىزنىڭ «يېڭى ھايات» ئەترىتىگە چىققانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى، مانا «بېرىپ مېنىڭ ئۈچۈن تەبرىكلەپ قوي» دېدى دەپ ئېيتتى. مەن:

– رەھمەت، ئىسمائىل قانداق؟ بىر ئاز ياخشى بولاي دېدىمۇ؟ دەپ ھال سورىدىم.

– ياق ئۇكام، ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. بەلدىن تۆۋىنى جانسىز مىدىرلىيالمايدۇ. ئورۇندا قالدى. ئۆزىنىڭ جانسىز روھىمۇ ئىنتايىن چۈشۈپ كەتتى. كىرىپ يوقلاپ قويسىڭىز خۇشال بولۇپ قالاتتى. ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئوبدان يىگىت ئىدى، ئۇۋال بولدى، دېدى.

مەن: ماقۇل يوقلاپ چىقىمەن، دېدىم ۋە ئۆزۈمدە بار ئاز پۇل بىلەن ماگىزىنغا كىرىپ پېچىنە ئېلىپ تاماقتىن كېيىن يوقلاپ كىردىم. ئىسمائىلنىڭ ياتىقى بىزنىڭ ياتاقنىڭ كەينىگە توغرا كېلىدىغان، بىر تام قوشنا بولۇپ، كىچىككىنە دېرىزىلىك قاراڭغۇ ئۆي ئىدى. ياتاقتا ئىككى كارىۋات، بىر ئۈستەل ئىككى ئورۇندۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، كۆڭۈلسىز بىر ئۆيدە يېتىپتۇ. مەن كىرىپ ھال سورىغان ئىدىم. بىچارە خۇشاللىقتىن نېمە قىلىشنى بىلمەي كەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇشقا تەمشەلگەن ئىدى، ئولتۇرالمىدى. ئىسمائىل ئورۇقلاپ، ئاپاق ئاقىرىپ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. چاچلىرىنى قىرىپ چۈشۈرۈۋەتكەن ئىكەن، باشقىچە بولۇپ قاپتۇ، كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

ــ ئىسمائىل، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ــ ئىسمائىل:

ــ خۇداغا شۈكۈر، بىر ئاز ياخشىمەن. شۇ بەلدىن تۆۋىنىدە جان يوق، مىدىرلىيالمايمەن. تۇرۇپ، ئولتۇرۇپ، ياتالمىغاندىن كېيىن، بەك تەس بولىدىكەن، دېدى.

خۇدايىم بۇيرۇسا ياخشى بولۇپ كېتەرسىز، دەپ كۆڭلىنى ياساپ خېلى كۆپ ياخشى سۆزلەرنى قىلدىم ۋە:

ــ ئۆيدىن بىرەر ئادەم يوقلاپ كەلدىمۇ؟ دەپ سورىدىم. ياق ئاكام ئىشتا، يەڭگەم ئۇششاق باللار بىلەن كېلەلمىسە كېرەك، ھېچكىم كەلمىدى، دەپ بەك كۆڭۈلسىز بولۇپ كەتتى. مەن كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ئۈمىدلىك سۆزلەرنى قىلدىم. ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئىسمائىل خۇشال بولۇپ روھلانغاندەك بولۇپ قالدى.

ئىسمائىل، ھېلىمۇ ياخشى مېنىڭ بەختىمگە سەلەي ئاكام بار ئىكەن، ماڭا ئۆزىنىڭ ئوغلىدەك قارايدۇ، بولمىسا قانداق قىلاتتىم دەڭە، دەپ سەلەي ئاكىغا قارىدى، سەلەي ئاكا:

ــ ئىسمائىل جان بالام، سەن مېنىڭ ئۆز بالامغا ئوخشاش. مەن قولۇمدىن كەلگەن بارلىق ياخشى ئىشلارنى ئايىماستىن قىلىشنى خالايمەن، خۇدايىم ياردەم قىلىپ ساقىيىپ كېتەرسەن بالام، دېدى.

ئىسمائىلنىڭ كۆزىگە ياش ئەگىپ كېلەتتى. ئۇ چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. سەلەي ئاكا بىلەن مېنىڭمۇ كۆڭلىمىز يامان بولدى. سەلەي ئاكا يانچۇقىدىن ياغلىق ئېلىپ كۆزلىرىنى سۈرتۈپ:

ــ كۆڭلۈڭنى بۇزما بالام، خۇدايىم بۇيرۇسا ساقىيىپ تۇرۇپ، مېڭىپ كېتەرسەن بالام، دەپ ئىسمائىلنىڭ قوللىرىنى سىلاپ كەتتى. مەنمۇ كۆڭلىنى ياساپ ياخشى گەپلەر قىلدىم.

ئۆزىنى بىر ئاز توختىتالىغاندىن كېيىن، ئىسمائىل:

ــ كارالىڭ! مېنىڭ ھازىر روھىمغا جېنىمغا راھەتلىك كەلتۈرىدىغان بىرلا نەرسە سەلەي ئاكامنىڭ ماڭا ئۆگەتكەن دۇئالىرى ۋە دىن، ئاللاھ توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن سۆزلىرى بولدى. مەن شۇ ھەقتە ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆگەتكەن ئايەتلەرنى توختىماي ئوقۇيمەن. دەردىمنى بىر ئاللاھقا سۆزلەيمەن. مۇشۇ پەقەت مېنىڭ روھىمغا راھەتلىك بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ ھاياتىمدا ھېچ نەرسە قالمىدى، دەپ بەك كۆڭۈلسىز بولدى ۋە مەن كىچىكىمدىن يېتىم ئۆستۈم. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي كوممۇنىستلىرى كېلىپ دىننى ئوقۇشقا ۋە دىنغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقتىن بىز دىن تەرەپتىن خەۋەرسىز چوڭ بولغان ئىكەنمىز، مەن ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن، دېدى. ماڭا ئەرلەر ياتىقىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇش قۇلايسىز بولسىمۇ لېكىن ئاغرىق ئىسمائىلنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن يېرىم سائەتتەك ئارتۇق سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

ئىككى ئايدىن كېيىن ئىسمائىل ۋاپات بولۇپ، شاباخۇ مەھبۇسلار قەبرىستانلىقىغا كۆمۈلۈپتۇ.

ئىسمائىل ياش ھەم ياخشى ئادەم ئىدى، ھاياتى پاجىئەلىك ھالدا ئاخىرلاشتى.

ئاللاھ ئەمدى ئۇنىڭغا ئۇ دۇنيانىڭ بەختىنى بەرسۇن! ئامىن!

# خەلق تۈرمىسى

66 - يىل 12 - ماي پەيشەنبە

ئىشىكنى قاتتىق ئۇرغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىم ئۇ؟ دەپ سورىدىم.

تاڭ ئېتىپ، سائەت ئالتە بوپتۇ، كېچىچە سۇ تۇتۇپ سائەت تۆتلەر بىلەن كېلىپ ھېرىپ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن ئىكەنمەن.

ئىشىكتە بىر خەنزۇ ئەر كىشىنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ئىتتىرىپ ئىشىكنى ئېچىپ ياتاققا ئۆسۈپ كىرىپ كەلدى.

– چاققان بول! ماشىنا كېلىپ دەرۋازىدا سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. يوكۇڭنى تېڭىپ ئېلىپ چىق! ئۆيۈڭگە كېتىسەن، دېدى.

ئۈچ يىلدىن بۇيان تەشنا بولۇپ كۈتكەن مىنۇتلار يېتىپ كەلدى. شۇ كۈن كەلگەندە خۇشاللىقىمدىن يۈرەكلىرىم يېرىلىپ كېتەرمۇ دەپ ئويلايتتىم، لېكىن مەن ئويلىغاندەك كۆڭلۈم بەك خۇشال بولمىدى. قانداقتۇر بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈنلەر مېنى كۈتۈۋاتقاندەك، شۇ يەرگە مېنى سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى.... ئاتا ـ ئانام، قېرىنداشلىرىم، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ يۇرتنى، گۈزەل ئۈرۈمچى شەھىرىنى سېغىنىپ شۇلارنى كۆرۈش خۇشاللىقى مېنى ھاياجانلاندۇرسىمۇ، لېكىن كۆڭلۈمدىكى ئېغىر قارا تۇمان ھەممىنى يوق قىلاتتى.

بىزنى «خەلق رېجىمىغا ئەۋەتەمۇ؟» دەپ ھەمىشە بۇ ھەقتە گۇمان قىلاتتىم. ئۇنى بىلىش ئۈچۈن ئەترەت باشلىقى گۈلنىسا بىلەن سۆزلىشىشنى ئويلىسامۇ لېكىن گۈلنىسا نېمە ئۈچۈندۇر مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىدى. ھەر ۋاقىت ئىزدەپ كىرسەم، ھازىر ۋاقتىم يوق، كېيىن ئۆزۈم چاقىرىمەن، دەپ قايتۇرۇپ تۇردى. مانا ئەمدى مەن بۇ توغرىدا خەۋەرسىز كېتىشكە توغرا كەلدى.

يېنىمدا بىللە ياتقان خەنزۇ ئاياللار مېنىڭ يوكلىرىمنى تېڭىشقا كىرىشتى. مەن يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇپ ئاران ئۈلگۈردۈم. ماشىنا ئوت ئالغان پېتى دەرۋازا ئالدىدا مېنى ساقلاپ تۇراتتى. ئاياللارنىڭ بىرسى بىلەنمۇ خوشلىشالماي ماڭدىم. خەنزۇ ئاياللار ماشىنىنىڭ تۆۋىنگىچە خوشلىشىپ ئۇزىتىپ كەلدى. ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئو گەنسى، بىر قانچە كادىر ۋە بىر قانچە ئەرلەر ئولتۇراتتى.

ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئاياللارنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈگۈرۈپ دەرۋازا تۆۋىگە باردىم. زۆھرە ئەمەت، مەرپۇ، ماھىنۇر، قىسقىسى پۈتۈن ئاياللار دەرۋازىنىڭ ئىچىدە بىرىنى ـ بىرى ئىتتىرىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىغا كېلىپ مەن بىلەن خوشلىشىپ «خوش سۆيۈنگۈل خوش» دەپ تووۋلايتتى ۋە يىغلىشاتتى. يوغان قۇلۇپلاقلىق ئىشىكنىڭ كىچىك يوچۇقىدىن ھەممىسى بىلەن خوشلىشىپ بولالماي كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ كەتتى. ماشىنا بولسا ئالدىرىتىپ توختىماستىن گۈدۈك بېرەتتى. مەن ئۇلارنى تاشلاپ كەتكۈم كەلمەستىن شۇنداق تەسلىكتە ئايرىلىپ ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. ماشىنا چاڭ ـ توپىنى كۆتۈرۈپ، شاباخۇنىڭ ئەگرى ـ توقاي يوللىرىدىن مېڭىپ كەتتى. بىر يېرىم يىل ئىشلىگەن شاباخۇ مەن بىلەن خوشلىشىپ مەندىن ئۇزاقلاپ قېلىپ قالدى.

كۆپ ئۆتمەستىن سانجىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردىن ئۈرۈمچىگە قەدەر بولغان

ئاربلىق بەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى.

يىراقتىن ئۇرۇمچى شەھىرى كۆرۈنۈشى بىلەن ئۈچ يىلدىن بۇيان يىغلىپ كەلگەن سېغىنىش ھېسلىرىم ياشلىق قەلبىمدە ئۇرغۇپ كۆڭلۈم خۇشال بولاتتى. سېغىنغان كۆزلىرىم بىلەن ئەتراپقا تويماي قارايتتىم. راست كۆرىۋاتامدىم، چۈشۈممۇ، دەپ ئويلايتتىم. دوستلىرىمنى، ساۋاقداشلىرىمنى ۋە تۇغقانلارنى، ھەتتا قوشنىلارغىچە سېغىنغان ھالدا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. مەن قايتىپ بارسام ئۇلار مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە چوقۇم كېلىدۇ ۋە مەندىن ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشلىرىمنى ۋە قانداق كۈن كۆرگەنلىكىمنى قىزىقىپ سورىشار، دەپ ھەر بىرسىنى ئەسلەپ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەندە تېز يېتىپ بارسام دەپ ئالدىرايتتىم. دادام ـ ئاپام، ئۇكىلىرىمنى ئويلىغاندا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش خۇشاللىقى كۆڭلۈمنى يورۇتقاندەك گۈزەل تۇيغۇلار بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۈچ يىل تىنچ سەھرا تۇرمۇشىدا ياشاپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھىرى روھلۇق ۋە جانلىق بولۇپ كۆرۈنەتتى.

ئۆزۈمدىمۇ قانداقتۇر روھلۇق ۋە خۇشاللىق تۇيغۇ سېزەتتىم. كوچىلاردا ماشىنىلارنىڭ بىق ـ بىق قىلىپ سىگنال بېرىشى ۋە سودىگەرلەرنىڭ خېرىدار تويلاش ئۈچۈن ئۆز ماللىرىنى ماختاپ ۋارقىراشلىرى، بالىلارنىڭ قىيا ـ چىيا قىلىپ ئويناشلىرى، ھەممىسى ماڭا كۆڭۈللۈك بولۇپ كۆرۈندى.

بىيمىڭ (شىمالى ئىشىك) غا كەلگەندە ماشىنا بىر چەتكە كېلىپ توختىدى. ئۇ گەنسى ماڭا: بىز مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالىمىز، دېدى.

مەن ئۆز يۈكلىرىمنى ئېلىپ ماشىنىدىن چۈشتۈم. بىز بىلەن يەنە ئىككى ئەر كىشى چۈشۈپ، ئۇلار ئۆز يولىغا كەتتى. ئۇ گەنسى پەقەت مېنى رېجىمغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئوخشايدۇ. ماشىنا مېڭىپ كېتىشى بىلەن بىزنىڭ يېنىمىزغا ئۈچ چاقلىق بىر ۋېلسىپىتچى كەلدى. ئۇ گەنسى ئۇ ۋېلسىپىتچىنى توختىتىپ مېنىڭ يۈكلىرىمنى ئۇنىڭغا سېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ خەنزۇ مېنىڭ يۈك ـ تاقلىرىمنى ۋېلسىپىتقا باستى. ئۇ گەنسى ئۇنىڭ بىلەن بەش سومغا ئېلىپ بېرىشقا سۆزلىشىپ بولۇپ، ماڭا:

ـ يۈكنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن پۇلنى تۆلەرسەن، ھازىر بىز «ناھىيلىك جامائەت خەۋپسىزلىك» ئىدارىسىگە بارىمىز، دەپ ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭدى. بۇ سۆز مېنىڭ بېشىمغا كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك بولۇپ، قارا كۈنلەر كۆز ئالدىمغا كېلىپ، بايىقى كۆڭلۈمدىكى خۇشاللىقلارنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك يوق بولدى. «نېمە ئۈچۈن مېنى ناھىيلىك جامائەت خەۋپسىزلىكنى ساقلاش» ئىدارىسىگە ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ. مېنى رېجىمغا

تاپشۇرماقچى بولۇۋاتامدۇ؟ ئەگەر «رىجىمغا تاپشۇرسىچۇ؟» دېگەننى ئويلىغاندا كۆڭلۈم بەك ئەسكى بولۇپ كەتتى. نەنسەندىكى شۇ خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىغا رىجىم بىلەن مېنى تاشلىسا دېگەننى ئويلىغاندا ئۆزۈمنى شۇنچە يامان سېزەتتىم. بۇندىن ئارتۇقنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگۈم كەلمەيتتى. نېمە ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنى ماڭا ئېيتىپ ئاڭلاتمىدى؟ بۇنى بىلگەندە مەن ئۇ يەردىن قايتىپ كەلمەستىم. مانا شۇنداق كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن ئو گەنسىدىن بەش قەدەم ئارقىدا كېلەتتىم. دۆڭگە كەلگەندە ئو گەنسى كەينىگە بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىتنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئادەمگە:

ـ سەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر، بىز ھازىر قايتىمىز دەپ، ئۇ كىشىنى يۈك بىلەن قالدۇرۇپ، مېنى باشلاپ ماڭدى.

ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ ئۇدۇل ئۆيگە كېلىشىمىز بىلەن بىر خەنزۇ ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ ئو گەنسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئو گەنسى ماڭا «سەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇر» دەپ دالان ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئۇلار ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئىشىكنىڭ ئەينىكىدىن ئو گەنسىنىڭ قولىدىكى يوغان قارا سومكىدىن بىر قەغەزلەرنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ، بىر نەرسىلەرنى سۆزلەۋاتقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن قانچە دىققەت قىلىپ ئاڭلىساممۇ ھېچ قانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى. كۆپ كېچىكمەستىن ئو گەنسى قايتىپ چىقتى ۋە ماڭا: ئەمدى سەن ھەرقانداق ئىشنىڭ بولسا بۇلار بىلەن ئالاقە قىلىپ ئىشلەيسەن. مەن كەتتىم دەپ چىقىپ كەتتى. مەن ھەيرانلىقتا بىر ئو گەنسىگە، بىر ھېلىقى خىتايغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. ئو گەنسى ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك قويۇق قارا قاشلىق، تۈرگۈن قاپىقى يامان بىر خىتاي ئىدى. ئۇ دائىم ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ مەغرۇر يۈرەتتى. ئەمما بەكمۇ زالىم ئىدى، بۈگۈنمۇ شۇ قىياپەتتە يوغان ـ يوغان ئاتلاپ سومكىنى تۇتقان پېتى چىقىپ كەتتى. ھېلىقى خەنزۇ ماڭا:

ـ ئۆزۈڭ كېتەمسەن، ياكى نەنسەنگە بىز ئاپىرىپ قويامدۇق؟ دەپ سورىدى.

مەن بۇ سوئالغا تېخىمۇ ھەيران بولدۇم، بىر دەم تۇرۇپ قېلىپ:

ـ ئۆزۈم كېتىمەن. نېمە ئۈچۈن بۇنداق سوراۋاتىسەن؟ دېدىم.

ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە جاۋاب بەرمەستىن:

ـ ئۇنداق بولسا، سەن نەنسەنگە كېچىكمەي قايت! بۇ يەردە تونۇيدىغان ئادەملىرىڭ يەنى تۇغقانلىرىڭ بارمۇ؟ دېدى.

ـ ھەئە تۇغقانلىرىم بار. شۇلارنىڭ ئۆيىگە بارىمەن، دېدىم.

ـ ئۇنداق بولسا قانداق پىكىرلىرىڭ بولسا بىزنى ئىزدە، دېدى.

ھەيران بولدۇم. بەلكى ئۇلۇمچىدە ھېچكىمى يوق دەپ ئويلىسا كېرەك. ئەگەر قالپاق كىيدۇرۇپ رېجىمغا ئالسا مېنىڭ ئۆزۈمگە دېسە كېرەك، دېگەن ئويلار بىلەن ئۆز كۆڭلۈمنى تىنچلاندۇردۇم ۋە خوشلىشىپ چىقىپ كەتتىم. كۆڭلۈمنى بىر ئاچچىق، بىر تاتلىق خىياللار ئوراپ كېلەتتى. ھەر تۈرلۈك ئويلاردىن كېيىن مەن «نېمە بولسىمۇ بولدى، مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق چارە قىلالمايمەن، بۇلار ئويلىغاننى قىلىدۇ. پەقەت مەن سەۋرلىك بىلەن چىداپ ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك. ئۇندىن باشقا چارە يوق» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ھازىرقى مىنۇتتا تۈرمىدىن قايتقان كۆڭۈللۈك ھېسلىرىم بىلەن خۇشال بولۇشۇم كېرەك، ئەمدى ھەر ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىگە لايىق تەدبىرى بولۇر، دەپ بىيمىڭغا يېتىپ كەلدىم. ھېلىقى ۋېلسىپىتچى خەنزۇ شۇ ئورۇندا مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. مېنى كۆرۈش بىلەن ئالدىمغا كېلىپ توختىدى. مەن ئۇ ئادەمگە: سەن شىنخۇئا كىتابخانىسىنىڭ ئالدىغا بارغىن، مەن ئاپتوبۇس بىلەن كېتىپ سېنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇراي دېدىم ۋە بېرىپ ئاپتوبۇسقا چىقتىم. كۆپ ئۆتمەي كىتابخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ ئاپتوبۇستىن چۈشتۈم. دۇنيادا ھېچبىر يەرگە تەڭ كۆرمەيدىغان، مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئاتا ـ ئانام، بوۋىلىرىم ياشىغان نەنلياڭ (ھازىرقى غالىبىيەت كوچا) كوچىسىغا يېتىپ كەلدىم. ئەتراپقا ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ سېغىنىپ قارايتتىم، لېكىن بىرمۇ تونۇش ئادەمنى ئۇچراتمىدىم.

ۋېلسىپىتچىمۇ كۆپ كېچىكمەستىن يېتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا كىرا ھەققىنى بەرگەندىن كېيىن، ۋېلسىپىتچى بىلەن ئىككىمىز تاغامنىڭ ئۆيىگە قاراپ كەتتۇق.

ۋېلسىپىتچى يۈكنى كۆتۈرۈپ ئالدىمدا ھويلىغا كىرىپ كەتتى. مەن سومكىلىرىمنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىم بىلەن ئۆيدىكىلەر مېنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ئېتىلىپ كېلىپ ھەممىسى قۇچاقلىغاندا يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم. ئاپاممۇ بىر كۈن بۇرۇن تاغدىن كېلىپ تۇرغان ئىكەن. تاغامنىڭ ئايالى ۋە ئاپاملار، قىسقىسى ھەممىسى خۇشاللىقىدىن توختىماي سۆزلەيتتى ۋە كېلىپ قۇچاقلايتتى.

باللار، تۇغقانلارغا سۆيۈنچى سوراپ يۈگۈرۈشۈپ كەتتى. مەن يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلەپ چايغا ئولتۇردۇم. بىر چىنە چاينى ئىچمەستىن دەرۋازىدىن بىزنىڭ سىڭىل كەلدى دەيدۇ، قېنى دەپ ۋارقىراپ سۆزلەپ ئاپامنىڭ ئىككىنچى ھەدىسى مەريەم چوڭ ئاپامنىڭ ئوغلى غەنى ئابىزىم كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولغۇچە مەريەم چوڭ ئاپام كىچىك ئوغلى غەيرەت بىلەن كىرىپ كەلدى. پۈتۈن ئۆينىڭ

ئىچى بايرام كۈنىدىكىدەك كۆڭۈللۈك بولۇپ كەتتى. مەريەم ئاپامنىڭ كەينىدىن ئابلىز مۇساباييۇپنىڭ ئايالى رۇقىيە گۈل خېنىم قىزى ساباخەت بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. مەن بۇرۇن ساباخەتنى سىرتتىن كۆرۈپ تونۇيتتىم. ئەمما ئارىلىشىپ كۆرمىگەن ئىدىم. ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدۇم. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ خانىمى خەلچە ھەدە، سەلىمە ھەدىلەر كەلدى. ئۇزۇن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ بىر كۈن كېلىپ - كەتكەنلەر بىلەن ئۆتتى.

تۆتىنچى كۈنى ئاپام نەنسەنگە كېتىشكە تەييارلاندى. دادام بىلەن ئۇكىلىرىمنى كۆرۈشنى ئويلىسام ئۇتتەك كەتكۈم بار، لېكىن قانداقتۇر نەنسەنگە چىقىشىم بىلەن قىلتاققا چۈشىدىغاندەك كۆڭلۈم پەقەت كېتىشنى خالىمايتتى. ئەمما كەتمەسكە بولاتتىمۇ؟! بارماي ئامال يوق، ھازىرلاندىم.

مېنىڭ تۇرمىدىن قايتقاندا ئويلىغان ئويلىرىم، كۆڭلۈمدىكى چىرايلىق ھېسلىرىم ھەممىسى يوق بولدى. مەن تەقەززا بولۇپ سېغىنىپ كەلگەن دوستلار، ساۋاقداشلار، تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى مەن كۈتكەندەك بولمىدى. ھېچقايسى كۆرۈشكىلى كەلمىدى.

## 15 - ماي

داۋان ئېشىپ كۆتۈرۈلۈشىمىز بىلەن نەنسەن (جەنۇبىي تاغ) گەنگونىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئادەمنى ئۆزىگە تارتاتتى. ئاسمان پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ كۆكسىنى كېرىپ تۇرغان قارا داۋان چوققىسىدىكى ئاق قارلىرى ۋە ئېتەك تەرەپتىكى قويۇق يېشىل قارىغايلىرى بىلەن خۇددى ئاق سەللىلىك يېشىل چاپان كىيگەن باھادىر قەھرىمان مۇسۇلمان ئوغلىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىنكى پايانسىز كەتكەن قارىغايلىق ساي - سايلىرىغا ئادەمنىڭ كۆزى يەتمەيتتى. بۇ تاغلارنىڭ بىزنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغىچە كەلگەن يەردە قارغاي بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە يېشىل مايسىلار، گۈل - چېچەكلەر، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە پۈتۈنلەي ئاشلىق مەيدانلىرى ئىدى. بۇغدايلار بىر تەكشە يېشىل مايسا بولۇپ، بۇ گۈزەل مەنزىرىگە تېخىمۇ چىرايلىق ھۇسۇن قوشۇپ بېرەتتى. تاغ باغرىدىكى مىلەش، چىتەن، دولانا، ئىت بۇرۇنغا ئوخشاش چاتقاللارنىڭ ھال، سېرىق، ئاق چېچەكلىرى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر بەرگەندەك چىرايلىق پۇراق چىقىرىپ بېرەتتى. ماي ئېيى يىللارنىڭ ئەڭ گۈزەل بىر ئېيىدۇر. ماي ئېيىدا پۈتۈن تەبىئەت گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن، ھاۋاسى ساپ خۇش پۇراق جانلارغا ھۇزۇر بېرىدىغان ئاي.

تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ھاۋانىڭ ساپلىقىغا زوقلىنىپ ئۆيگە يېتىپ كەلگىنىمنى سەزمەي قالدىم. ئاپتوبۇس ماگىزىن ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئاپتوبۇسنى كۈتۈپ تۇرغان دادام ۋە ئۇكىلىرىم بىزنى كۆرۈش بىلەن چوقۇرۇشۇپ بىزگە قاراپ يۈگۈردى.

ئۇكىلىرىم كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ سېغىنغان ھالدا مەن بىلەن كۆرۈشەتتى. ئىشىك ئالدىدا كېلىۋاتقان دادامنى كۆرۈپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردۈم.

دادام مېھرىبانلىق بىلەن مېنى باغرىغا بېسىپ پېشانەمدىن سۆيۈپ:

ــ قانداق سالامەتلىكىڭ ياخشىمۇ؟ ئۆزۈڭ ياخشى كەلدىڭمۇ؟ دەپ سالامەتلىكىمدىن ئەنسىرەپ باشتىن ئايىغىمغا قارايتتى.

ئۆينىڭ ئىچى خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇكىلىرىم بىردەم ـ بىردەم كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ سۆيەتتى.

بىز سېنى بەك سېغىندۇق، دەيتتى. ئۈچ يىلنىڭ ئىچىدە ئۇكىلىرىم ئۆسۈپ كۆپ ئۆزگەرگەن ئىكەن. مەن كەتكەندە كىچىك قالغان باللار، بويلىرى ئۆسۈپ چىرايلىرىمۇ ئۆزگەرگەن ئىكەن.

## 16 ـ ماي

بىز كېلىپ ئەتىسى شەھەردىن تېلېفون كېلىپ، دادامنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى، ئاپامنىڭ مەريەم ھەدىسىنىڭ يولدىشى ئەخەت ئابىزىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان خەۋىرى كېلىپ، دادام بىلەن ئاپام ئۆلۈمگە شەھەرگە كەتتى. مەن باللار بىلەن ئۆيدە قالدىم.

مەن ئەمدى نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. كېلىپ كۆرۈشۈش خۇشاللىقلىرى بىلەن كۈنلەر ئۆتتى. بۇندىن كېيىن نېمە قىلىپ، نېمە قويۇشۇمنى بىلمەيمەن. شۇنچە يىل كۆپ قىينچىلىقلار ۋە ئېغىرچىلىقلار بىلەن ئوقۇغان ئىدىم. ئۇ ئوقۇشلار نەگە كەتتى. ئەمدى قارا ئەمگەك بىلەن گۈڭشىدا ياشاش كېرەكمۇ؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ بىراق بۇ مېنىڭ قولۇمدىكى ئىش ئەمەس. ئاتا ـ ئانام ئۈچۈنمۇ مەن ئېغىر يۈك ئىدىم. ئۆزۈم ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپ باش قاتۇراتتىم. مەن تۇرمىدىكى ۋاقتىمدا قايتىپ چىقسام خۇدايىم بۇيرۇسا ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرىمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم. بىراق مېنى گۇڭشى ھاياتىغا قايتۇردى.

هازىر مېنىڭ ئۇ ئۇمىدىمنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ماڭا پەقەت گۇڭشېغا چىقىپ ئەمگەك قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. دادام - ئاپام قايتىپ كەلگۈچە بىر ئاز دەم ئېلىپ، ئاندىن ئەمگەككە چىقارمەن دەپ ئويلاپ ئۆز كۆڭلۈمنى تىنچلاندۇردۇم.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا ئىشكنى قاتتىق ئىتتىرىپ ئېچىپ ئۆيگە قاۋۇل بىر قازاق يىگىت كىرىپ كەلدى.

– سېنى دادۇيگە يىغىنغا چاقىرىدۇ، دېدى.

نېمىشقىدۇر يۈرىكىم «قات» قىلىپ بىر قىسما بولۇپ، كۆڭلۈم ئاغرىپ كەتتى. مەن چاندۇرماستىن ئۆزۈمنى تۇتۇپ:

– ماقۇل، هازىر بارىمەن، دېدىم.

– ياق، مەن سېنى ئالغىلى كەلدىم، هازىر ماڭ، دېدى.

هەممە ئىش ماڭا ئايان ئىدى. ئۇستۇمگە پوپايكامنى كىيىۋالدىم. ئۆيدە سىڭلىم مۇشەررەپ بىلەن ئىنىم رىزا بار ئىدى. باشقىلار مەكتەپتە. مەن بالىلارغا مەجلىسكە بارىمەن، ئۆيدىن چىقماي ئىشكنى تاقاپ ئولتۇرۇڭلار، دەپ چىقىپ كەتتىم. ئۇلار بەك كىچىك يالغۇز قالدۇرۇشقا بولمىسىمۇ ئامال يوق، يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتىم. هېلىقى ئادەم مېنى هەيدەپ ماڭغاندەك تۆت قەدەم كەينىمدىن مېڭىپ دادۇيگە يېتىپ باردۇق.

دادۇينىڭ ئىشخانىسىدا لىق ئادەم ئولتۇراتتى. خۇددى ئۇلار مېنى كۈتۈپ مەجلىسنى ئاچماي ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن كۈلۈمسىرەپ سالاملىشىشنى ئويلاپ كۆپچىلىككە قارىدىم. ئەمما زالدىكى پۈتۈن ئادەمنىڭ كۆزىدىن قەهرى - غەزەپ يېغىپ تۇراتتى. ئۇلار ماڭا سالاملىشىپ ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئەمەس، بەلكى ئېتىلىپ كېلىپ مېنى ئۇرىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئەهۋال ماڭا تېخىمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. ئىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سەزدىم. تېزلىك بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ كۆرسەتكەن بوش ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇم.

پۈتۈن زالدا جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرەتتى. دوكلات ئۇستىلىدە ئولتۇرغان كۆزلىرى يىرتقۇچ هايۋاننىڭ كۆزىدەك ۋەهشىي كۆزلۈك، قويۇق قارا قاشلىق، قارا يالپاق يۈزلۈك ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قازاق ئۇستەل ئۇستىدىكى قەغەزلەرنى ئۇياق - بۇياققا يۆتكەپ، بىر - ئىككى يۆتىلىپ قويۇپ سۆز باشلىدى.

– بىزنىڭ گۇڭشېمىزغا نەق ئەكسىلئىنقىلابچى، شيۇجېڭجۇيىچى، بۇرژۇئا ئۇنسۇر كەلدى. شۇنىڭ ماتېرىيالىنى ئوقۇپ بېرىمەن، دېدى. پۈتۈن زالدىكى هەممە ئادەم بىردەكلا

بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى. ئەلۋەتتە بۇ ھالەت نازۇك قىزلىق قەلبىمگە قاتتىق بىلىندى. يۈز - كۆزۈم ۋىلىلدە قىزارغاندەك تۇيۇلدى.

مەن ئۆزۈمنى بېسىش ئۈچۈن تىرىشىپ، خۇددى بۇ سۆزلەرنى ماڭا قىلمىغاندەك بولۇپ، قەددىمنى كۆتۈرۈپ ئەركىن ئولتۇرۇپ دوكلاتچىغا قاراپ دىققەت بىلەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. باشقىلارنىڭ ماڭا قارشى ۋە مەن توغرۇلۇق ئۆز ئارا پىچىرلاشلىرىغا، دەھشەت يامان كۆزلەرنىڭ ماڭا تىكىلىشىگە قارىماسقا ۋە كۆڭۈل بۆلمەسكە تىرىشاتتىم.

دوكلاتچى قانۇن ئورنىنىڭ تامغا باسقان بىر پارچە ماتېرىيالىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ماتېرىيالدا «خورشوفنىڭ بىۋاستە ئاگېنتى، غۇلجا، چۆچەك ۋەقەسىنىڭ باشلامچىسى ۋە سوۋېتكە قاچاقچى بولغان شيۇجېڭجۇيىچى، نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر سۆيۈنگۈل خەلق نازارىتى ئاستىدا مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خەلق رېجىمىغا تاپشۇرۇلدى. پۈتۈن ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بولۇپ، گۇڭشېنىڭ باشقۇرۇشىدا مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن ئۆزىنى ئۆزگەرتىدۇ. رۇخسەتسىز بىر قەدەم مېڭىشىغا، بىرەر ئىش قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇ لاتىپ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن قانۇنلۇق «ھۆججەت». ئەتىدىن باشلاپ خەلق نازارىتى ئاستىدا ئەمگەك قىلىدۇ.

بىر قەدەم يەرگىمۇ تەشكىلنىڭ رۇخسىتىسىز ماڭمايدۇ. تەشكىلنىڭ رۇخسىتىسىز بىر سائەتمۇ ئىشتىن قالمايدۇ. پۈتۈن ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. پۈتۈن گۇڭشې، خەلق نازارەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك، دەپ قايتىلاپ ئوقۇپ بولۇپ، دوكلاتچى كەينىدىن ئۆزى خەلققە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بېشىم ئايلانغاندەك بولۇپ، ئوقۇلۇۋاتقان بۇ سۆزلەرگە ھەيران بولدۇم.

خۇرشوفنىڭ بىۋاستە ئاگېنتى، بۇ قانداق سۆز. خۇرشوفنى مەن كۆرمىسەم، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ھېچ ئالاقەم بولمىسا، بۇ بىر چوڭ تۆھمەتقۇ. ھەممىسى يالغان. ھەممىسى تۆھمەت. بۇ ئادەم يالغاندىن ئوقۇۋاتامدۇ، دېسەم، قانۇن ئورنىنىڭ قەغىزىنى ئوقۇۋاتىدۇ. ھەر قانچە بولسىمۇ ئىچىدىن چىقىرىپ ئوقۇيالماس. بەلكى باشقا بىرسىنىڭ ماتېرىيالىنى ماڭا يېزىپ قويدىمىكىن؟ ياق ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ماشىنا رېمونت قىلىش زاۋۇتىدا «ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش» بىلەن «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» تۈزۈمىنىڭ پەرقى ھەققىدە ماتېرىياللارنى بىر ئايغا يېقىن ئۆگەنگەن ئىدۇق. ئۇنىڭدا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش (لاۋجاۋ) تۈزۈمىنىڭ ئۆزى گىراژدانلىق ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش (لاۋگەي) تۈزۈمى گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدۇ،

دەپ ئاڭلاتقان. ئۈچ يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن پۈتۈنلەي ھوقۇقسىز قىلىپ چىقارغىنى قانداق؟ ياق بۇ مېنىڭ ماتېرىيالىم ئەمەس. يالغان، خاتالىق بار دەپ ئويلاپ، يالغان مېنىڭ ماتېرىيالىم ئەمەس دەپ ئېيتىش ئاغزىمغا كېلىپ، مەيداندىكى خەلقنىڭ زەھەر كۆزلىرىگە قاراپ بۇلارغا ئېيتقان بىلەن پايدىسى يوق دەپ ئۆزۈمنى باستىم.

دوكلاتچى ماتېرىيالنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ ئىشقا چىقىدۇ. قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ئىشلەيدۇ. ئەتىگەن ئەلدىن ئىككى سائەت بۇرۇن ئىشقا چىقىپ، كەچتە ئەل ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئىككى سائەت قېلىپ خالىس ئەمگەك قىلىدۇ. ئۇنىڭغا نومۇر بېرىلمەيدۇ. چۈشلۈك دەم ئېلىشتىمۇ خەلقتىن يېرىم سائەت بۇرۇن ئىشقا چۈشىدۇ. ئەترەت باشلىقلىرى قەيەرگە ئىشقا بۇيرۇسا شۇ يەردە ئىشلەيدۇ. قانداق ئىشقا بولسە قارشىلىق كۆرسىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر تەشكىلنىڭ كۆرسىتىشىدىن ۋە كۆپچىلىكنىڭ بۇيرۇغىنىدىن سىرتقا چىقىپ قارشىلىق قىلىدىكەن كۈرەش قىلىنىدۇ ۋە ئېشىپ كەتسە قولغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن كۆڭۈلسىز سۆزلەرنى سۆزلەپ كەتتى. كېيىنكى سۆزلەر قۇلىقىمغا كىرمەي، قۇلاقلىرىم ۋاڭ ـ ۋاڭ قىلىپ كەتتى. مەن جىندىن قۇتۇلۇپ ئالۋاستىغا تۇتۇلۇپتىمەن. بۇ ئۈچ يىللىق تۈرمىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىدىغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇردۇ.

ھېلىقى دوكلاتچى خەلققە قاراپ ئارىمىزغا ئەڭ چوڭ دۈشمەن كىردى. بىز ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك. ئاتاۋغا، قۇرۇلۇشقا، زىرائەتلەرگە، توك تارقىتىش ماشىنىلارغا، قىسقىسى ھەممە نەرسىلەرگە دىققەت قىلىپ كۆزەت قىلىشىمىز كېرەك. بىر مىنۇت كۆزدىن يىراق قىلماي قاراش كېرەك. دىققەتلىك بولىشىمىز لازىم. سىنىپىي دۈشمەنلەر ھەر ۋاقىت بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.

سىنىپىي دۈشمەن سۆيۈنگۈل چىقىپ كەتسۇن! دەپ توۋلىغان ئىدى، پۈتۈن خەلق چىقىپ كەتسۇن! دەپ توۋلىدى. بۇ ئۆمرۈمدىكى ماڭا قىلىنغان بىرىنچى قېتىملىق ھاقارەت بولدى. بەلكى چىرايىمدا قىزىرىش بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۆزۈمگە قىزارغاندەك بىلىنەتتى. ئۆزۈمنى تۇتۇشقا تىرىشىپ كۈلۈمسىرىدىم. تالاغا چىققاندىن كېيىن كۆڭلۈم ئىنچىكىلەپ كۆزۈمگە ياش كەلدى. ئەتراپتا مېنى كۆرۈپ تۇرغانلار باردۇ دەپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئاندىن ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. ئۆيگە كۆڭۈلسىز كىرسەم ئۇكىلىرىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلار. ھەر ئىش بولسا سەۋرلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ ھەر ئىشنىڭ كەينىنى كۈتۈش كېرەك. ئەمدى بۇندىن باشقا چارە يوق. بۇنداق بۇلارنى بىلگەندە ھەرگىز تۈرمىدىن قايتىپ كەلمىگەن بولاتتىم. ئەترەت باشلىقى گۈلنىسانىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈشتىن قاچقىنىنىڭ

سەۋەبى شۇ ئىكەندە. ھەر قانداق بولسىمۇ بۇنداق يالغاننى يازارمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان مېھنەتكەشلەر پارتىيىسىنى قۇرۇپ يوشۇرۇن ئىش ئېلىپ بارغان دەپ يازمىدى. نېمە ئۈچۈن بۇنى يوشۇرۇپ يوق نەرسىلەرنى يازدى. بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە قاتتىق ئىزدەندىم. ئويلاندىم. كۆز ئالدىمغا مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىكى سوراقتا گۇڭئەننىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ماڭا «سىلەر يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر» دەپ توۋلىغاندا، مەن:

ــ ياق، سەن خاتا ئېيتىۋاتىسەن، بىز يەرلىك مىللەتچىگە كىرمەيمىز. بىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر بولۇپ ياشايمىز. بىز ھەممىمىز تۈركى مىللەت. بىزدە مىللەتچىلىك ئىشى يوق. بىز پەقەت شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى خالايمىز، دېگەن ئىدىم.

ئۇ خەنزۇ ماڭا توۋلاپ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى پەقەت ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن. ساڭا نېمە پايدىسى بار؟! دەپ ۋارقىرىدى.

مەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىدۇر، دېدىم. ئۇ خەنزۇنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ كەتتى. ئۇ ماڭا بىر سائەت سۆزلەپ سېنىڭ بۇ ئىدىيەڭ مۇتلەق توغرا ئەمەس، ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ، خاتىرەڭ جەم بولسۇن، ئۇ سىلەرنىڭ خام خىيالىڭلار، دەپ ۋارقىراپ چىقىپ كەتكەن ئىدى.

مەن بۇ نەرسىلەرنى ئويلاپ، بۇلار «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تەشكىلات قۇرغان دەپ يازسا، ئەلۋەتتە ئۇ خەلق ئۈچۈن تەشۋىقات بولىدۇ دەپ قورقۇپ بىزگە مۇشۇنداق تۆھمەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پىكىر كۆڭلۈمدىن ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن قىلىنغان تۆھمەتنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم». ئەنە شۇنداق ئويلار بىلەن ئۆيگە يېتىپ كەلدىم. جاپا ـ مۇشەققەتتە گۇڭشېنىڭ شۇ ئېغىر تۇرمۇشىدا توققۇز بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىۋاتقان ياۋاش ئاتا ـ ئانام ئۈچۈن بۇ ئەھۋال قانچىلىك ئېغىر بولار؟ مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمنى كۆرۈش ئۇلارنىڭ قەلبىدە يۈرەك يارىسى بولىدىغان بولدۇم. نېمە دېسەممۇ، نېمە ئويلىساممۇ بۇ ئىشنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۆزۈمنى روھلۇق تۇتسام ئۇلار ئۈچۈن يەڭگىل بولار دېگەن ئويغا كېلىپ، مەيداندا بولغان ئەھۋالنى شۇ يەرگە تاشلاپ ۋە ئۆز كۆڭلۈمدىنمۇ چىقىرىشقا تىرىشىپ، ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرەرمەن دەپ ئۆزۈمنى روھلۇق تۇتۇپ ئۆيگە قايتتىم. ئۆيدە ئۇكىلىرىم مېنى مەجلىسكە چاقىرىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ بەكمۇ كۆڭۈلسىز ھالدا ئولتۇرۇپتىكەن. مېنىڭ كۈلۈپ روھلۇق كىرگىنىمنى كۆرۈپ

ھەممىسى ئۈستىدىكى يۇكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يەڭگىللەپ قالدى. سىڭلىم سوفىيە:

ـ سىزنى نېمىشقا مەجلىسكە چاقىرىپتۇ، نېمە بولدى؟ دەپ سورىدى.

ـ ھە، مېنى قۇرۇلۇش ئەترىتىگە بۆلۈپ، شۇلار بىلەن ئەمگەك قىلساڭ بولىدۇ دەپ ئىشقا بۆلدى، دېدىم.

سىزنى مەجلىسكە چاقىرىپ كەتتى دېگەن ئىدى. بىز بەك قورقتۇق دەپ ئەمدى بوي تارتىپ ئىنچىكە بولۇپ ئۆسۈپ كېلىۋاتقان سىڭلىم غەيشە كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ ئەركىلەپ كەتتى.

ـ قېنى چاي ئىچەيلى دەپ داستىخان ھازىرلاۋېتىپ، مەن ئۇلاردىن:

ـ ئالاتاۋ دېگەن قەيەردىكى تاغ ئۇ. مەن ئاڭلاپ كۆرمىگەن تاققۇ ئۇ؟ دېدىم. ھەممىسى كۈلۈشۈپ ئالاتاۋ دېگەن تاغ ئەمەس، ئۇ بىر كالا. دادام شاڭخەيدىن ئېلىپ كەلگەن نەسىللىك كالا، ئۇنى بۇلار «ئالاتاۋ» دەپ ئاتايدۇ. سىز بۇ تاغنىڭ ئېتى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاپسىزدە، سىز قازاقچىنى بىلمەيسىز ھە دېيىشىپ، ساددا كۆڭلى بىلەن مېنى شاڭخو قىلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

مەن ئالاتاۋ دېگەن كالا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بەكمۇ ھەيران بولدۇم. كالىلارنى ئۆلتۈرۈش بىلەن نېمە نەتىجە ھاسىل قىلارمەن، نېمە دېگەن نادان خەلق بۇ. نادان خەلقنىڭ ئىچىدە قالپاق بىلەن ياشاش تېخىمۇ ئېغىر بولار.

ئەتىسى ئەتىگەن ئەمگەك كىيىملىرىمنى كىيىپ ئۆيدىن بىر گۇرجەكنى ئېلىپ ئىشقا چىقتىم. بىرىنچى كۈنۈم مەن ئۈچۈن بەكمۇ قىيىن بولدى. بىرمۇ يېقىن كۆڭۈل، ئىسسىق چىراي ئادەم يوق ئىدى. ھەممە ئادەم ماڭا خۇددى ئوغرى ياكى قاتىلغا ئوخشاش بىر ناچار ئادەمنى تونۇپ كەلگەندەك يامان كۆز بىلەن كىرپىك قاقماستىن قارايتتى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى باشقا ھېچقانداق ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى. خۇددى ياۋايى ئادەملەردەك دەھشەت كۆزى بىلەن خىجىل بولماستىن تىكىلەتتى. بۇلار تونۇگۇنكى تونۇشتۇرۇشتىن كېيىن مېنىڭ ئۈستۈمدە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئادەم دېگەن چۈشەنچىگە كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى ئەركىن تاشلاپ كۈلۈمسىرەپ كۆردۈم، لېكىن ھېچ ئۆزگەرمەستىن قارايتتى. ھازىرچە بۇلاردىن دوستلۇق كۆزلەرنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەسكەن دەپ كۆزۈمنى باشقا تەرەپلەرگە بۇراپ ئالدىدا ھېچ نەرسە يوقتەك ئۇلارغا ئېتىبار قىلماي تۇرۇۋەردىم. كۆپ كېچىكمەستىن قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك، قارا چېبەرقۇت چاپان، شىم كىيگەن، كۆك شەپكىلىك، ئوتتۇرا

ياشلىق قىسماق كۆز قاپقارا ئورۇق بىر ئادەم كېلىپ ئۇمۇ خۇددى باشقىلارغا ئوخشاش كۆز بىلەن چەكچىيىپ قاراپ تەكەببۇر ھالدا قوپاللىق بىلەن كىشىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، مېنى سايىدا قۇم تاسقاش ئۈچۈن بۆلدى. بىر كۈن يالغۇز ئۆزۈم سايىدا قۇم تاسقىدىم. دۇنيادا كۆرۈپ باقمىغان نەرسىنى كۆرگەزمە قىلىغاندەك كىشىلەر يەنى ئەرلەر، ئاياللار، بالىلار كېلىپ مېنىڭ ئەتراپىمدا ماڭا قاراپ سائەتلەپ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماستىن، زەھەر تامغان مەنىسىز كۆزلەر بىلەن قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. دەسلەپتە ھودۇقۇپ ھەيران بولدۇم. خىجالەت بولۇپ قورۇندۇم. قارىسام بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دېگەندەك ئۇزۇلمەي كېلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بۇ خەقنىڭ ئۆزى شۇنداق ئادەملەر بولسا كېرەك، بۇلار ئۈچۈن خىجالەت بولۇپ، ياكى خاپا بولۇپ جان توشمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۇنىڭغا دىققەت قىلماستىن ئۆز ئىشىمنى ئىشلەۋەردىم. لېكىن بۇلارنىڭ بۇ ئىشى كۆڭلۈمگە شۇنداق تەگدى. ماڭا ھار كەلدى.

## مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىش سەپەرۋەر دوكلاتى

18 - ماي

دادام بىلەن ئاپام شەھەردىن كېلىپ مېنىڭ ئەمگەككە چىقىپ كەتكەنلىكىمنى كۆرگەندىن كېيىن، بىرەر مەجبۇرىيەت بولمىسا بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كۈتمەي ئىشقا چىقىپ كەتمەيتتى، دەپ بىرەر كۆڭۈلسىز ئەھۋالنىڭ بولغانلىقىدىن گۇمان قىلىپ كۆڭۈللىرى يامان بولغان ئىكەن. مەن ئىشتىن قايتىپ كىرگەندە ئاپام يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ياساش ئۈچۈن ئۆزۈمنى روھلۇق تۇتۇپ:

— كېرەك يوق. مەن ياش، ھېچ قانچە نەرسە ئەمەس، بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېدىم ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن كۆڭۈللۈك نەرسىلەر ئۈستىدە سۆزلەشكە تىرىشاتتىم. مەن بۇلارنى بۇنداق كۆڭۈلسىزلىككە سېلىپ قويغىنىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولاتتىم.

چۈشتىن كېيىن ئىشقا چۈشۈپ بىر سائەت بولماستىن قاۋۇل ئىككى قازاق خەلق ئەسكىرى كېلىپ ماڭا «ھەي» دەپ قوپاللىق بىلەن توۋلىغان ئىدى، مەن نېمە بولدىكىن، دەپ قارىۋىدىم، ئۇلار قاپاقلىرىنى تۈرۈپ:

— گۈرجەكنى شۇ يەرگە تاشلا، دادىڭدە يىغىن بار، ماڭ! دەپ مېنى ئالدىغا سېلىپ

ئىككىسى ئېلىپ دادۇيگە باردى. يولدا بىزنى كۆرگەنلەرلا توختاپ يامان كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالاتتى. دادۇينىڭ ئالدىغا بارساق تالادىكى مەيداندا ئادەملەر داق يەردە ئولتۇراتتى. كىشلەر يىغىنغا كېلىپ توپلانغان ئىكەن. ھەممە ئادەم بۇرۇلۇپ ماڭا قارايتتى. ھېلىقى خەلق ئەسكەرلىرى مېنى بىر چەتتە ئولتۇرغان قېرى ھەم ئوتتۇرا ياشتىن چوڭ خەنزۇلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

بۇ ئادەملەر شۇمشەيگەن جىنايەتچىگە ئوخشايتتى. بۇلار پومېشچىك، باي دېھقانلار بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن گۇناھكار ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى. بۇلار 40 ـ 80 ـ ياشلار ئەتراپىدىكى ئادەملەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ كىيگەن كىيىملىرى كونىراپ، ئۆڭۈپ پاسكىنا بولۇپ، ساقاللىرى ئۆسكەن ئەبگار ئادەملەر ئىدى. ئەمگەكتىن پۇت ـ قوللىرى ئوتتۇندەك قېتىپ، چىرايلىرى مىسكىن، چۈشكۈن ئىدى. بىرسىنىڭ ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشكەن، بىرسىنىڭ پېشانىسىدە توخۇ تۇخۇمىدەك تومپىق بار، بىرىدىن بىرى سۈرۈن ئادەملەر. مەن شۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئۇلار ماڭا قاراشتىنمۇ قورقۇپ مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى.

يىغىن باشلاندى. دوكلات سۆزلۈك ۋە جىددىي بولدى. يىغىندا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ باشلانغانلىقى توغرىسىدا دوكلات قىلدى. دوكلاتنىڭ مەزمۇنى مەركەزنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە ئىچىدە يوشۇرۇنۇۋالغان كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى تارتىپ چىقىپ ھېساب ئېلىش، سىنىپىي دۈشمەنلەرنى كۈرەش قىلىش، مەركەزدىكى دىڭتو، ئۇخەن، لياۋمۇشالارنى قاتتىق تەنقىد قىلىش ھەم پارتىيە ئىچىنى تازىلاش لازىم. شۇنداقلا گوڭشېدىكى پارتىيە ئىچىگە يوشۇرۇنغان ھوقۇقدارلارنى ۋە سىنىپىي دۈشمەنلەرنى تارتىپ چىقىپ كۈرەش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى جىددىي تۈردە دوكلات قىلدى. ھەر بىر سۆزنىڭ ئارىسىدا خەلق ئەسكىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا شوئارلار توۋلايتتى.

ــ سىنىپىي دۈشمەنلەرنى يوقىتايلى!

ــ پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئەمەلدارلارنى تارتىپ چىقايلى!

ــ يوقالسۇن دىڭ تو، ئۇخەن، لياۋمۇشا!

ــ ياشىسۇن ماۋجۇشى!

ــ پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى يۈرگۈزەيلى!

دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار توۋلايتتى.

بۇ دوكلاتتىن ئادەملەر خەلق بىشغا بىر قارا كۈننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك ھەممە كىشلەرنى قورقۇنچ بېسىپ تۇراتتى. ئۇلار سۆزلەشتىن ھەتتا مىدىرلاشتىن قورقۇپ، رەڭلىرى ئۆچۈپ قېتىپ قالغاندەك مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. مەنمۇ بۇ دوكلاتتىن كېيىن بۇ بەزمىنىڭ سەھنىسىدە ئويۇن قويۇپ قىزدۇرغۇچىلار بىر بولىدىغانلىقىمىزنى سەزدىم.

ئىچىمدە ئى ئاللاھىم ئۆزۈڭ ياردەم قىلمىساڭ بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئېغىر ئوخشايدۇ، دەپ ئاللاھقا سېغىندىم.

سىنىپىي دۈشمەنلەر چىقىپ كەتسۇن! دېگەن قاتتىق شوئار تووۇلىشى بىلەن پۈتۈن ئادەم ھەممە بالايىئاپەت مۇشۇلار بىلەن كەتسۇن دېگەندەك بىر تەرەپكە قاراپ تەڭلا:

ـ چىقىپ كەتسۇن! دەپ تووۇلىدى.

يېنىمدا ئولتۇرغان ھېلىقى قالپاقلىقلار ئالدىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇردى. مەنمۇ شۇلار بىلەن تەڭلا تۇرۇپ شۇلار ماڭغان تەرەپكە قاراپ كەتتىم. ئىھ، نېمە دېگەن خورلۇق! خۇدايىم، چۈشۈم بولۇپ، ئويغىنىپ كەتسەم، بۇ يامان كۈندىن قۇتۇلغان بولاتتىم، دەپ ئارمان قىلدىم ۋە راستتىن چۈشۈممۇ ئوخشۇممۇ دەپ ئەتراپقا قارىدىم. ياق چۈش ئەمەس. بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلماي بىزنى باشلاپ كېتىۋاتقان مىنبەرنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق. ئۇ بىزگە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنىدىكى تاغنىڭ تۈگەنچە تۇمشۇقىدىن تاغنى كولاپ لاي ياساشقا بۇيرۇدى ۋە كۈندە شۇ ئورۇندا بىزلەر لاي ياساپ باشقىلار كېسەك قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزى كەتتى. قارىسام بۇ قالپاقلىقلار مەجلىس ئارىلىقىدا شۇ يەردە ئىشلىگەن ئوخشايدۇ. كېسەك قويىدىغان مەيداننى تۈزلەپ تەييارلاپ قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارتۇق كەتمەندىن بىرىنى ئېلىپ تاغنىڭ تۇمشۇقىدىن توپا كولاپ ئىشلەشكە باشلىدىم. تاغنىڭ توپىسى سېرىق ھەم سېغىز توپا ئىدى. ئۇلار ئەتراپ تىنچلىنىپ ئادەملەر كۆرۈنمىگەندە، مەندىن ھەيران بولۇپ:

ـ سەن نەدىن كەلدىڭ؟ نېمە جىنايىتىڭ بار؟ دەپ سورىدى. مەن قىسقا قىلىپ ئۆز ئەھۋالىمنى سۆزلەپ بەردىم.

ئاللاھ بۇ ياشلىقىڭدا، بۇ گۈزەللىكىڭدە، شۇ ئوقۇشۇڭ بىلەن بۇ تۇرمۇش نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق، نېمىشقا شۇ ئىشلارنى قىلغانسەن؟ كىچىككىنە جىنىڭغا قورقماستىن بۇنداق چوڭ ئىشقا جۈرئەت قىلدىڭ؟ ئەمدى بۇ قالپاقتىن قۇتۇلۇش يوق! مانا بىزگە 13 يىل بولدى، بۇ قالپاقنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا، ئەمدى ئۆلمەي قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمىز. سېنى كۆرۈپ بىز بەكمۇ ئېچىندۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ياش قىز بالا ئىكەنسەن، قانداق قىلارسەن دەپ ئۆز سىڭلىسىغا ئېچىنغاندەك كۆيۈنۈپ ماڭا قارىدى.

مەن كۆلۈمسىرەپ كېرەك يوق، ھاياتقا ئەگىشىپ بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. ھېچ نەرسە مەڭگۈلۈك ئەمەس دېدىم.

قارا ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن، سول پۇتى ئاقساپ ماڭىدىغان، بېشىغا قارا دوپپا كىيىپ ئالغان لاۋما دېگەن خۇيزۇ بوۋاي (خىتاي مۇسۇلمانلىرى):

ـ كۆرمەمسەن، بىزنى خۇدايىممۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، بىزنى خۇدايىممۇ ئېلىپ كەتمىدى. بۇ ياشتا بىزگە يەڭگىل ئەمەس، دەپ شۇنچىلىك غەمكىن ھالدا چىن كۆڭلىدىن سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ پېشانىسىدە تۇخۇمدەك تومپىقى بار پاكارغىنا قوللىرى تىترەپ تۇرىدىغان 70 ياشتىن ئاشقان ليۇجۇڭ دېگەن خەنزۇ بوۋاي:

ـ لاۋما راست دەيدۇ. بۇ خارلىقتا بىزگە بۇنچە ئۇزۇن ياشاش نېمىگە لازىم ئىدى. خار بولۇپ ياشىغاندىن ئۆلۈپ كەتسەك ياخشى ئىدى. قېرىغاندا بەكمۇ قىيىن بولدى، دېدى.

قانداق قىلىسەن لاۋيۇ، بېشىڭغا كەلگەندىن كېيىن چىدىماي ئامالىڭ يوق. سەۋرلىك بىلەن ھەر نەرسىنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈش كېرەك. قولۇڭدىن كەلگىنىچە، ئامالىڭنىڭ بارىچە ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ خوش قىلىپ، بىر ئاز بولسىمۇ كۆڭۈللۈك ياشاشقا تىرىشىش كېرەك. ئەمدى سەن بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلىدىغان ھېچ بىر چارەڭ يوق، قېچىپ بارىدىغان يېرىڭ يوق. پەقەت سەۋر قىلىپ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ خوش قىلىپ روھۇڭنى كۆتۈرمىسەڭ، كىم ساڭا ياردەم قولىنى سوزالايدۇ؟! سىلەر بەكمۇ روھسىز بولۇپ كېتىپسىلەر. ھەر بىر كۈن بىزنىڭ ھاياتىمىز دەپ بىلىپ، ئىلاجى بار كىشىلەرنىڭ خارلاپ كېتىشىدىن بىر ئاز بولسىمۇ ساقلىنىش كېرەك دەۋىدىم، بۇ بىچارىلەر خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىنى تاپقاندەك خۇشال بولۇپ:

ـ راست ـ راست دەيسەن، ھەي قانداق دېگەن بىلەن ئوقۇغان ئادەم دېگەن باشقا دەپ روھلىنىپ كەتتى.

ـ سەن كىمنىڭ قىزى؟ ئاتا ـ ئاناڭ مۇشۇ يەردىمۇ؟

ـ ھەئە، مۇشۇ يەردە، مەن تاتار سالىخنىڭ قىزىمەن، دېدىم. ئۇلار دادامنى ياخشى تونۇيدىكەن.

ـ ھە بىز ياخشى تونۇيمىز. سېنىڭ داداڭ بەك ئېسىل ئادەم. كىشىلەرگە قولىدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىدىغان، ئاق كۆڭۈل ياۋاش، ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان، يۇمشاق سۆزلۈك، يۇمشاق كۆڭۈللۈك، ئەقىللىق ئادەم. ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكىلەر سېنىڭ داداڭنى توغرا سۆزلۈك، ئادىل ئادەم دەپ پۈتۈن كىشىلەر ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، دەپ دادامنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ كەتتى.

لىيۇجۇڭ تاغ باغلىتىپ تۇمشۇققا سۇ ئېلىپ كېلىدىغان ئېرىقتىن سۇ باشلاپ كېلىۋېتىپتۇ بىزگە:

ــ ھەي تىنچ گەپ قىلماڭلار «قارا ئىت» كېلىۋاتىدۇ، دېدى. ھەممىسى جىددىي ئالدىراش كەتمەنلىرىنى چېپىپ ئىشلەپ كەتتى. مەن ئەتراپىمغا قارىدىم، ھېچقانداق ئىت كۆرۈنمەيتتى. يىراقتىن بىز تەرەپكە قاراپ قارا كىيىم كىيگەن بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. مەن شۇ ئادەمنى دېسە كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۆز ئىشىمنى قىلىۋەردىم. بىزنىڭ تەييارلاپ قويغان توپىغا سۇ كىرىپ يىغىلىپ ئەتراپتىن سىرتقا ئېقىشقا باشلىدى. شۇنداق كەڭ قىلىن تۆپىدىكى سۇلارنى ئۇلار توسۇپ يېتىشەلمىگەنلىكتىن مەن ياردەمگە بېرىپ توپا تاشلاپ سۇنى توسۇشقا كىرىشتىم. شۇ ئارىدا ھېلىقى ئادەم بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى.

ئۇ ئادەم ھەقىقەتەن ئۇلار دېگەندەك قارا چىبەرقۇت چاپان، شىم، قارا شەپكە، قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن قاش ـ كۆزى ۋە تېرىسىمۇ كۆمۈردەك قارا ئىدى. يۈزى ئىنچىكە ئۇزۇن، ئۆزىمۇ ئورۇق ئۇزۇن بويلۇق ئادەم بولۇپ، چىرايىغا لايىق كۆزلىرى يىرتقۇچنىڭ كۆزىدەك ئۆزى سۈرلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ كېلىپلا ماڭا قاراپ:

ــ سەن چەتتە كەتمەن تۇتۇپ تۇرماي، ئايىغىڭنى يېشىپ لايغا چۈشۈپ ئىشلە، سەن كۆز بوياپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلمەيسەن، سەن ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى بىلەمسەن، سەن سىنىپىي دۈشمەن ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما، پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ دىكتاتورىسى ئاستىدا ئىشلەيسەن. تۈلكىدەك قۇيرۇقۇڭنى شىپاڭشىتىپ يۈرۈپ قۇتۇلۇپ كېتىمەن، دەپ ئويلاپ قالما، كاللاڭنى سىلكىۋەتكىن، دەپ يامان كۆزى بىلەن چەكچىيىپ دېۋەيلەپ ئالدىمغا كېلىپ ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتكەن ئىدى. ئۆزۈم نېمە بولغىنىمنى بىلمەي قالدىم. تونۇمايدىغان بىر يات ئەر كىشىنىڭ كېلىپ ماڭا شۇنداق ھاقارەت سۆزلەرنى ئاچچىق تىل، ئاچچىق ئاۋاز بىلەن سۆزلەپ كېتىشى ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. ئەگەر مەكتەپتىكى ۋاقتىم بولسا يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتكەن بولاتتىم. لېكىن مەن ئېغىر كۈنلەر بېشىمغا كېلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ بۇ ئىشنى قىلغان ئىدىم. ئەمدى چىدىماي ئامالىم يوق. بۇمۇ ئۆتۈپ كېتەر دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم.

ئەرلەر ئالدىدا يالاڭئاياق مېڭىپ كۆرمىگەنلىكتىن ئايىغىمنى سېلىپ شالۋارنىڭ پۇچقىقىنى تىزىمغىچە تۈرۈپ، لايغا بېرىپ چۈشكۈچە شۇنچە ئېغىر بولدى. تېزلىك بىلەن لايغا كىرىپ پۇتلىرىمنى لاي بىلەن يوشۇرغۇچە ئالدىراپ كەتتىم.

ئۇ ئادەم بىزگە پوپوزا قىلىپ توۋلاپ يېرىم سائەت تۇرغاندىن كېيىن كەتتى.

مەن ئۇ ئادەمگە ھەيران بولۇپ، يېنىمدىكىلەردىن: بۇ كىم؟ دەپ سورىدىم.

قادىربېك دادۇيجاڭ دېگەن شۇ. بەكمۇ ئەسكى ئادەم. بىزنىڭ دۇيدىكىلەر «قارا ئىت» دەپ ئاتايدۇ. سەن بۇنداق سۆزلەرگە ھەرگىز خاپا بولۇپ، كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتمە. بۇندىن كېيىن ئاڭلايدىغان سۆزۈڭ شۇنداق بولىدۇ، چىداملىق بول دېدى.

ئىشتىن سائەت يەتتىدە چۈشۈپ، شۇنداق ھارغان ھالدا ئۆيگە قايتتىم. ئاپام بىلەن دادامنى ئۆمرۈمدە بۇنداق روھسىز ئۇچرىتىپ كۆرمىگەن ئىدىم. ئۇلار قايغۇلۇق ھەم كۆڭۈلسىز ئىدى.

مەن بۇلارنى بۇگۈنكى يىغىندا ۋە مېنىڭ قالپاقلىقلار ئارىسىدا ئىشلەپ يۈرگىنىمدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. مەن ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا خۇشال كۆرسىتىپ ھارغانلىقىمنى ۋە قوللىرىمنىڭ تىلىنىپ كەتكەن يەرلىرىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن تىرىشتىم.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ئاران ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشقا چىقسام، ھېلىقى قالپاقلىق بىچارىلەر ئىشلەۋېتىپتۇ. مەنمۇ ئالدىراپ بېرىپ لايغا چۈشتۈم. «ئۇپ» مۇزدەك لايغا چۈشكەندە سوغۇق مېڭەمگە چىققاندەك بولدى.

تاغدەك لايىنى ئاغدۇرۇپ چىقاردۇق. سائەت سەككىز بىلەن 35 كە يېقىن قاۋۇل كۈچلۈك، ياش ئەرلەر كېسەك قويۇش ئۈچۈن كەلدى. ئۇلار مەيدانغا كېلىپ ئاياق كىيىمنى يېشىپ يالاڭئاغداق بولۇپ، لاي ئالغىلى كەلگەن ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك كىچىك كۆزلۈك، يۇمىلاق يۈزلۈك بىر ياش قازاق يىگىت كېلىپ «ئوھۇ» «تۆت خىل ئۇنسۇر» لاردا بىر يېڭىلىق كۆردۈڭلارمۇ دەپ شاڭخو كۈلكىسىدە كۈلۈپ، ئورازان كۆردۈڭمۇ دەپ توۋلىدى. ئورازان دېگەن ئادەم بېشىدىكى چېچىنى قىرىپ چۈشۈرگەن، يۇمىلاق يۈزلۈك كۆزىنىڭ ئېقى قان قويۇلغاندەك قىپقىزىل كۆزلۈك، ئوتتۇرا بوي گەۋدىلىك، تەكەببۇر، مەغرۇر ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى ئادەم ئىدى.

ئۇ ماڭا سەپسېلىپ بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن ھېلىقى ياش يىگىتكە:

ـ ھە ئۆزۈڭنى كىم دەپ ئويلايسەن. بىزنى نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، بىلەمسەن؟ بىزنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلمىدى. سىنىپىي دۈشمەن بولغان بايلارنىڭ بالىلىرى دەپ ئېلىپ كەلدى. بۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنى بىزنىڭ ئەتىكى كۈنىمىز، دېدى. ئورازاننىڭ گېپىگە ئۇلاپ يېنىدىكى يىگىت:

ـ شۇنى دەيمەن، شۇنچە ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىزنى نېمە ئۈچۈن دادۈيگە يىغىپ كەلدى، سەن بىلمەيۋاتامسەن؟ ئالدىمىزدا ھەر ـ ھەر تاماشىلار بار دېگىن. ئوتتۇرىغا

چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپسەن دەپ مۇرىسى بىلەن قولىنى سىلكىتىپ چىرايلىققىنا ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى.

ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ قاراپ تۇراتتى. يەنە بىر يىگىرمە ياشلاردىكى چاققان، خوش چاقچاق بالا ئىككى قولىنى بىلىكىگە تىرەپ مۇرىسىنى ئوينىتىپ ھېلىقى ئۇسسۇل ئوينىغان بالىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ بېقىشىپ قازاقچە ئۇسسۇل ئوينىۋىدى، چەتتە پۇتىنى يېشىۋاتقان ياشقا چوڭراق بىرسى ھەي دۆيجاڭ كۆرسە سېنى ئاۋۇ قارا ساقالنىڭ يېنىدا ئۇسسۇل ئوينىتىپ قويمىسۇن ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، دېدى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇلار چارۋا ئىگىسى ۋە باي چارۋىدارنىڭ بالىلىرى بولسا كېرەك.

بۇنچىلىك كۆپ ئادەمگە لاي يەتكۈزۈپ بېرىش ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ تاغدەك قىلىپ چىقارغان لايلارنى ئىككى سائەت ئىچىدە كېسەك قويۇپ تۈگەتتى. بىر تەرەپتىن توپا كولاپ ئۇنى يېيىپ سۇ قويۇپ ئاغدۇرۇپ چىقارغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم ئاغدۇرۇپ كېسەك ئۈچۈن تەييار قىلىپ چىقىمىز. توختىماستىن قويۇق لاينى ئاغدۇرۇپ ئىشلەش ئىنتايىن قىيىن ئىدى.

ئىشتىن قايتقاندا پۇتۇن بەدىنىم ئۇرۇپ، يانجىپ تاشلىغاندەك ئاغرىپ مىدىرلىغۇدەك ماغدۇرۇم يوق، ھارغان ھالدا ئاران قايتاتتىم. ئۆيگە كەلگۈچە ئېرىقتا يۈز ـ قوللىرىمنى ۋە پۇتلىرىمنى يۇيۇپ كىيىملىرىمدىكى لايلارنى سومكىدىن چوتكىنى ئېلىپ چوتكىلاپ، چاچلىرىمنى تاراپ پاكىز بولۇپ، لايدا ئىشلىگەندەكمۇ كۆرۈنمەي قايتاتتىم. دادام بىلەن ئاپامنىڭ كۆڭلىدىكى خۇشاللىقى كەتتى.

ئۇلار ماڭا قاراپ يۈرەكلىرى ئېزىلەتتى. گۈلدەك قىلىپ ئۆستۈرگەن بالىسىنىڭ بۇ ھالەتتە خار بولۇپ، جاپا چېكىۋاتقاندا ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆڭلى قانداق چىدايدۇ. ئۇلار مېنى كۆرگەندە كۆڭلىدىكى ھەسرەتلىرىنى مەندىن يوشۇرۇپ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈشكە تىرىشاتتى. مەن ھەم ئۇلارنى ئاياپ ھەرقانداق كۆڭۈل ئاغرىشلىرىمنى، ھارغان ئاغرىغانلىرىمنى ئۇلارغا سەزدۈرمەي ئىشكتىن كۈلۈپ، خۇددى بىر يەرلەرگە بېرىپ ئويناپ قايتقاندەك روھلۇق قايتاتتىم. ھەر قانداق ئېغىرلىق بولسا ئۆزۈم كۆتۈرۈپ، ھەر قانداق كۆڭۈل ئاغرىشىم بولسا ئىچىمگە يۇتۇشتىن باشقا چارەم يوق ئىدى.

مانا شۇنداق ئەتىگەن ئالتىدىن كەچ سائەت سەككىزگە قەدەر لاي كېچىپ كېسەك قويۇش ئۈچۈن لاي چىقىرىمىز، كېسەكنىڭ لېيىنى چىقىرىشتەك ئېغىر ئەمگەك يوقمىكىن دەپ ئويلايتتىم.

كېسەك قۇيغۇچىلار ئۆزلىرىنى بىزلەردىن پەرقلىق تۇتۇش ئۈچۈن ھەر قايسى خوجايىنلىق قىلىپ كېلىپ بۇيرۇق قىلاتتى. شۇ بىر خىل لايىنى بىرسى كېلىپ قويۇق دېسە، بىرسى كېلىپ سۇيۇق بوپتۇ، يەنە بىرسى كېلىپ بەك ياخشى بوپتۇ دەپ ۋارقىراپ تىللايتتى.

بەزىلىرى ھېچ سەۋەبسىز كېلىپ ھاقارەتلەپ كېتەتتى. قىسقىسى كۈندە خىلمۇ خىل ھاقارەت، كەمسىتىشلەرگە ئۇچرىغاندىن باشقا كۆڭۈل خوش بولغۇدەك بىر مىنۇت يوق ئىدى. ھەپتىسىگە بىر ياكى ئىككى مەرتىۋە 36 سائەتلەپ دەم ئالماي تاڭ ئاتقۇچە ماشىنا بىلەن توپا ـ تاش قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئىش مەيدانىغا توشۇپ كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. شۇ تەرىقىدە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنىدىكى تاغ ئېتىكىدە بىر ئايدىن ئارتۇق ئىشلىدۇق.

# 10 ـ ئاۋغۇست

مەكتەپ سايىنىڭ باش تەرەپتە كاللارغا پونكىت سېلىش ئۈچۈن بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت تاڭ سەھەردىن قاراڭغۇ چۈشكۈچە بولغان ئارىلىقتا كېسەك قويغۇچىلارغا جاپالىق لاي ياساش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللاندۇق. دەسلەپكى ۋاقىتلارغا قارىغاندا ئېغىر ئەمگەككە خېلى ئۆگىنىپ قالدىم. لېكىن لاي ۋە توپا بىلەن ئىشلەپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن بارماقلىرىم ۋە ئالىقانلىرىم تىلىم ـ تىلىم بولۇپ، يېرىلىپ قان چىقىپ تۇراتتى ۋە جانغا تەگكۈدەك ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. ئۆيگە قايتقاندا يېرىلغان يەرلەرنىڭ ئاغرىشىدىن چىنە تۇتۇپ چاي ئىچەلمەي قالاتتىم. قوللىرىمنى ۋازېلىنلار بىلەن ياغلاپ تېڭىپ يۈرۈپ ئىشلەيتتىم.

بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت كېسەك قۇيغاندىن كېيىن پونكىت قۇرۇلۇش باشلاندى. بۇنىڭغا قۇرۇلۇش ئۇستىلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان ئاياللار كېلىپ قۇرۇلۇشتا ئىشلىدى. سائەت سەككىز بولۇشى بىلەن سايىنىڭ ئاغزىدىن بۆشۈكتە تېڭىقلىق باللىرىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ بىر قولىدا موزاي ياكى ئۆچكىلىرىنى يېتىلىگەن، ئۇششاق باللار ئانىسىنىڭ ئېتىكىدىن تۇتۇپ، تۆت ـ بەش ياشلىق باللار بىرسى تىرمۇستا چاي، بىرسى بوپىدىكى نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ، قىيا ـ چىيا قىلىشىپ، موزاي، ئوغلاقلارنى ھەيدەپ سايدىن ئۆرلەپ ئىش مەيدانلىرىغا كېلەتتى. دۈمبىدە يۆگەلگەن ۋە بۆشۈكتىكى باللار بەدەنلىرى ئاغرىسا كېرەك، ئاغزى يېپىلماي يىغلايتتى. ئۇزۇن يول مېڭىپ ئاپىسىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ كېلىۋاتقان باللار ھېرىپ ماڭالماي ئولتۇرۇۋېلىپ «ماڭمايمەن» دەپ يىغلايتتى.

موزاي بىلەن ئۆچكىلەر سايدىكى كۆك مايسىغا قاراپ ئايالنى سۆرەيتتى. ئىش ۋاقتى توشۇپ، ئانا ئىشقا ئۆلگۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۇلارنى ئىش مەيدانىغا سۆرەيتتى.

مانا شۇنداق قىلىپ ھەر بىر ئايالدا يوق دېگەندە ئۈچ ـ تۆتتىن بالىلىرى ۋە موزاي، ئۆچكە ئوغلاقلىرى بىلەن قىيا ـ چىيا قىلىپ ئىش مەيدانىغا يېتىپ كېلەتتى. موزاي، ئۆچكىلىرىنى ئوت بار يەرگە ئارقانلاپ قويۇپ، بالىلىرىنى تاغ باغرىغا قۇرۇلۇشتىن سەل يىراق يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى كېلىپ ئىشلەيتتى.

بۆشۈكتە تېڭىلغان بالىلار يۈز ـ كۆزلىرىگە چىۋىنلار قونۇپ ۋە ئىسسىق ئاپتاپ كۆزىنى چېقىپ بىئارام بولۇپ توختىماي يىغلايتتى. كىچىك بالىلارنى بەزىدە بۆشۈكتە تەۋرىتىپ بەزلەيتتى ۋە بەزىدە بۆشۈكنى يىقىتىپمۇ ئالاتتى ۋە ئۇلار بۆشۈك تەۋرىتىشتىن زېرىكىپ ئۆز ئالدىغا ئويناپ كېتەتتى. يەنە شۇ بالىلار ياۋاش بولۇپ، سوقۇشۇپ تالاشمايتتى ۋە ئويناپ ئىش مەيدانىدىن يىراققا كېتىپ قالمايتتى. بىچارە ئانىلار دەم ئېلىشتىن باشقا ئىش ۋاقتىدا بالىلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ كېلەلمەيتتى. ئەگەر ئىش ئۈستىدە بالىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ياكى بالا ئېمىتىپ قويسا شۇ ئايالنى ئىش تۈزۈمىنى بۇزغان دەپ تەنقىدلەپ ئەمگەك باھالىغاندا نومۇر تارتىپ كەم نومۇر بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرمۇ ئايال ئىش ئۈستىدە بالىلىرىنىڭ يېنىغا بارالمايتتى. ئەگەر بۆشۈك يىقىلىپ چۈشسە چوڭراق بالىلارغا «بۆشۈكنى تۇرغۇزۇپ قوي» دەپ تووۋلايتتى.

بىچارە بۆشۈكتە ياتقان بالىلارنى سەككىز سائەت يەشمەي شۇ پېتى يەنە يۆدۈپ ئېلىپ كېتەتتى. قازاق ئاياللىرىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىيتتى. تۇرمۇش ئېغىر، نېمشقىدۇر شۇ تۇرمۇشتا بالىنى كۆپ تۇغقاندۇ؟ بەزى ئاياللار يىلدا بىرنى ۋە بەزىلىرى ئىككى يىلدا بىرنى دېگەندەك تۇغۇپ، ھەر بىرسىنىڭ كەم دېگەندە ئالتە ـ يەتتە بالىسى بولاتتى.

ئۇ ئاياللار ئىشتىن قايتىپ «ئۈپ» دەپ دەم ئالسا نېمە ئارمان. يەنە شۇ ئاياللار يىراق يەرگە بېرىپ ئوتۇن تىرىپ ئوتۇن يۈدۈپ كېلىدۇ ۋە يىراق يەردىن ئەپكەش ۋە بەزىلىرى قولى بىلەن چېلەكلەپ سۇ توشۇپ چاي قاينىتىپ تاماق ھازىرلايتتى. ئەمدى تاماققا ئولتۇرۇشى بىلەن داداۋىگە مەجلىسكە دەپ چاقىرىپ كېتىدۇ. قازاق خەلقىنىڭ بىر ناچار ئادىتى ئەرلەر ئاياللارغا ھېچقانداق ياردەملەشمەيدۇ. ئائىلىسىدە ئوتۇن توشۇش سۇ ئېلىپ كېلىش، مالغا قاراش، ئۆي ئىشى، بالىلارغا قاراش پۈتۈن ئېغىر ئىش ئاياللارغا قاراشلىق. ئەرلەر ئۆيگە كەلسە تۆرگە چىقىپ يانپاشلاپ تۇردىن بوسۇقىغا تۈكۈرۈپ يېتىپ ئاياللارنىڭ چاي قاينىتىپ، تاماق قىلىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتىدۇ. ئەگەر بىر ئەر كىشى ئوتۇن يۈدۈپ ئوتۇن يېرىپ، سۇ ئېلىپ كەلسە باشقىلار ئۇ ئەر كىشىنى خوتۇنىدىن قورقىدۇ، دەپ شاڭخو

قىلىپ كەمسىتىدۇ. ئەگەر بالىلىرى يىغلاپ كەتسە ئاتا بولغان ئادەم بالىنى قولىغا ئېلىپ بەزلەش بۇياقتا تۇرسۇن، يىتىشەلمەي يۈگۈرۈپ ئىشلەۋاتقان ئايالىغا «ھەي ئاۋۇنىڭغا قارا» دەپ توۋلاپ بۇيرۇق بېرەتتى. ئۇلار ئاياللارنى سېتىپ ئالغان قۇلدەك كۆرەتتى. چۈنكى قىزلارنى ئەرگە بېرىشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپ كېلىشىپ سودىلىشىپ قىز تەرەپكە بىر ئاز مال ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنى «ئۆلتۈر تويى» يەنى ۋىدالىشىش تويى دەپ ئاتايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن تويدىن كېيىن قىز ئەرنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ. ھەتتا ئۇن - يىگىرمە يىل ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈشكە بارالمايدۇ. ئايرىلىق يېقىن بولسىمۇ ئەۋەتمەيدۇ. ئاياللارمۇ ئەرگە قارشى چىقالمايدۇ.

بۇ ئىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئاياللار ھېچقانداق شىكايەت قىلمايتتى. شۇڭلاشقا بۇلاردا ئەرلەر ئايالنى ئۇرىدىغان ۋە سۆككۈشۈپ تۇرمۇشتىن ئايرىلىدىغان ئەھۋاللار پەقەت بولمايتتى.

ئىشلەپ ھېرىپ كەلگەن ئاياللار كېچىدە بالىلىرىنى قويۇپ قويىدىغان يېرى يوق، ئامالسىز پۈتۈن بالىلىرىنى يىغىپ دادۇيگە يىغىنغا ئېلىپ باراتتى. بالىلارنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ يىغلاپ ھەتتا داق سېمونت يەر ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاپ كېتەتتى.

دادۇيجاڭ، شياڭ دۇيجاڭ ۋە بىر قىسىم كادىرلار كۆندۈز نەدە قىمىز، نەدە پاقلان بولسا شۇ يەرگە بېرىپ قىمىز ئىچىپ، پاقلان سويدۇرۇپ يەپ، يېتىپ، ئۇخلاپ كېلىپ، كېچىدە يېرىم كېچىگىچە خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، توۋلاپ يىغىن ئېچىپ، يوق - بار گەپلەر بىلەن يېرىم كېچىگىچە خەلقنى قويۇپ بەرمەي تۇتۇپ ئالاتتى. ھېرىپ كەلگەن خەلق دەم ئالغۇسى كەلسىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. چۈنكى ئىنقىلابقا قارشى چىقتىڭ دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ ئازابلاپ سۆرەشتىن قورقاتتى.

## 15 - ئاۋغۇست

36 سائەت توختىماي ئىشلەپ قاتتىق ھېرىپ ھالىم قالماي ئۆيگە ئاران يېتىپ كەلدىم. بولسا تاماققىمۇ قارىماستىن يېتىپ ئۇخلىۋالغۇم كەلدى. لېكىن تاماق تەييار بولغانلىقى ئۈچۈن بىر چىنە تاماقنى يەپلا كىرىپ ياتاي دەپ ئۈستەل بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قولۇمغا قوشۇقنى ئېلىش بىلەن ئىشىكنى تاراق - تۇرۇق ئېچىپ ئىككى مىنبىڭ كىرىپ كەلدى. كۆزۈمگە ئالۋاستىدەك كۆرۈنگەن بۇ مىنبىڭلاردىن شۇنداق تويدۇمكى،

ئۇلارنى كۆرسەم يۈزۈمگە خۇددى پىچاق تىققاندەك بولاتتى. ئۇلار تەلەتى سوغ جاللاتقىلا ئوخشايتتى. يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ كۆزى بولارنىڭ كۆزىدىن مۇلايىمراقمىكىن دەپ ئويلايمەن. مىنىڭچىلىققا لايىق بۇنداق ئادەملەرنى نەدىن تېپىپ كەلگەندۇر؟

ئۇلار ماڭا قاراپ:

ـ قادىر بېك دادىڭىزنىڭ سىزنى چاقىرىدۇ، دېدى.

ـ نېمە قىلىدىكەن؟ دەپ سورىدىم.

ـ ئەمگەككە چىقسۇن دەيدۇ، دېدى.

ـ مەن ھازىر قايتتىم تاماق يېمىدىم. تاماقتىن كېيىن چىقىمەن، دېدىم.

ـ سىزنىڭ تاماق يېگىنىڭىزنى ھېچكىم كۈتمەيدۇ، دەپ توۋلىدى. مەن قولۇمغا ئالغان قوشۇقنى قويۇپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇستۈمگە يىلىڭ چاپاننى كىيىپ چىقتىم. ئۆيدىكىلەرنىڭ يېگىلى تۇرغان ئاشلىرىغا چىۋىن چۈشكەندەك كۆڭۈلسىز بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلمىسۇن دەپ روھلۇق ۋە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم.

شۇنداق ھېرىپ كەلگەن ئادەم ئەمگەكنىڭ سۆزى چىققاندىن كېيىن يەنە ئەمگەككە تەييارلىنىپ تېتىكلىشىپ قالدىم. مەن ئۆزۈمنى بولارنىڭ ئالدىدا چۈشكۈن ۋە ھارغىن ھالدا كۆرۈنۈشتىن قاتتىق ساقلاندىم. چۈنكى ئۆز ئائىلەمدىن باشقا ماڭا دوست بولىدىغان ۋە مېنىڭ ئەھۋالىمنى چۈشىنىدىغان ۋە ماڭا ھېچ بولمىغاندا روھى جەھەتتىن كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ ياردەم قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

ئەللىك كىلومېتىر يىراقتا تۇرغان ئۈرۈمچى شەھىرىنى كۆرۈپ باقماي تاغ ئىچىدە مال بېقىپ ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ خەلق مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ شىددەتلىك دەھشەت ئاۋازىنى يىراقتىن سەل ـ پەللا ئاڭلاپ يۈرىكى چۆچۈپ، بېشىدا قالپىقى بار كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش ۋە ئۇلاردىن چېگرا ئاجرىتىش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دەھشەتلىك بورىنىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالىمەن، دەپ ئويلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى قەدىمىدىلا پۈتۈن ئېغىرلىق بىزنىڭ بېشىمىزغا يېغىشقا باشلىدى. بىز ئۈچۈن بىرەر ياخشى ۋە ياخشىلىقتىن ئۈمىدمۇ يوق ئىدى.

دادىڭىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى سايدا دىئامېتىرى بىر مېتىر كېلىدىغان سېمونت تۇرۇبىنىڭ يېنىدا بىر توپ ئادەم تۇرغان ئىكەن. مېنى شۇ جايغا باشلاپ كەلدى. ئۇ يەردە ئون نەچچە تەرى سوغۇق قاۋۇل، كۈچلۈك ياش قازاقلار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تەلەتىگە قارىغاندا مىنىڭلار

بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. مەن يېتىپ كېلىشىم بىلەن رەڭگى سوغۇق جاللات چىراي قادىر بېك دادۇيجاڭ مىنبىگىلارنىڭ قولىدا تۇرغان يوغان ياغاچنى سېمونت تۇرۇبىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ «بىر ئۇچىنى سەن كۆتۈر!» دەپ بۇيرۇق تەرىقىسىدە قوپال تاۋۇش بىلەن ماڭا قارىدى.

قاراپ كۆرسەم سېمونت تۇرۇبىنى ئەمەس، بەلكى تورۇبىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ياغاچنى كۆتۈرۈشۈمۇ خېلى گەپ ئىدى. ئۇ ياغاچنىڭ بىر تەرىپىنى ھېلىقى مىنبىگىلار بىر تەرەپنى مەن كۆتۈرىمەنكەن.

ئۇ سېمونت تۇرۇبىنى كۆتۈرۈش ھېچ مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ئاستىدا قېلىپ مىجىلىپ ئۆلۈشۈم مۇمكىن ئىدى. سېمونت تورۇبىغا، ياغاچ چەگزىگە ۋە بىر بېشىدا چەگزىنى تۇتۇپ تۇرغان ياشلارغا قاراپ ئاندىن ھېلىقى قادىربېك دېگەن دادۇيجاڭغا قاراپ بېشىمنى چايقاپ «كۆتۈرەلمەيمەن» دېدىم. بۇ سۆزنىڭ ئاغزىمدىن چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك:

– ھە نېمىشقا كۆتۈرەلمەيسەن؟ بۇنى كۆتۈرەلمىسەڭ جىنايەتنى قانداق قىلدىڭ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى بىلگەن ئادەم بۇنىمۇ كۆتۈرۈشۈڭ كېرەك، دەپ دېۋەيلەپ ئالدىمغا يېتىپ كەلدى. كەينىمگە داجىدىم ۋە ئۆزۈمنى توختىتىپ:

– ئۇ باشقا، بۇ باشقا، ئۇ ئەقىل بىلەن، بۇ كۈچ بىلەن بولىدىغان نەرسە. جىنايەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك پالۋان بولمايدۇ، دېدىم.

– قارا بۇنىڭ تاپقان سۆزىنى، دەپ قادىربېك ھېلىقى مىنبىگىلارغا بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ يەردە كۈلىدىغان بىرەر سۆز ياكى ئىش بولمىدى. نېمىشقا كۈلۈشىدۇ دەپ ئەجەبلىنىپ ئۇلارغا قاراپ قالدىم. بىلمىدىم ئۇلار ئۈچۈن نېمە قىزىق بولىدىكىن. بۇ سوغ مۇز چىراي ئادەملەرمۇ كۈلۈشنى بىلىدىكەن دەپ مەنمۇ ھەيران بولدۇم. بىر سېمونت توربىنى ئوندەك ياش ھە - ھۇ دېيىشىپ ئاران كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇ يەردە مەن قىلغۇدەك ئىشمۇ يوق ئىدى. مەن شۇ يەردە يېرىم سائەت تۇرغاندىن كېيىن دادۈينىڭ گىزاۋى ماشىنىسى كەلدى. ماشىنىنى ئىنچىكە ئۇزۇن بويلۇق قاش كىرپىكىنىڭ تايىنى يوق كىچىك قىسماق كۆزلۈك كۆك شەپكە كىيىۋالغان خەنزۇ ھەيدەپ كېلىپ توختىدى.

قادىر بېك دۈيجاڭ ماڭا قاراپ:

– ماۋۇ ماشىنا بىلەن بېرىپ گەڭگۇ سايدىن قۇرۇلۇش ئۈچۈن كېسىپ قويغان قارىغايلار بار، شۇنى ئېلىپ كېلىسلەر، دېدى. مەن گەپ قىلماستىن قارا ماشىنىنىڭ

ئۆستىگە چىقتىم. ماشىنا گۇڭشې ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۇ يەردىن ھېلىقى قالپاقلىق خەنزۇلارنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ماشىنا ئېگىز ـ پەس، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ناچار يوللار بىلەن گەڭگۇ سايغا قاراپ ماڭدى.

گەڭگۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئەڭ گۈزەل جايلارنىڭ بىرى ئىدى. مەن ئۆزۈم مۇشۇ تاغلارنى ياخشى كۆرىمەن. تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپى قارىغايسىز پەقەت گۈزەل يېشىل مايسا ۋە خىلمۇ خىل، رەڭمۇ رەڭ ئېچىلغان خۇش پۇراقلىق گۈللەر بىلەن تولغان. ئەمدى تىرسكەي تەرىپى تاغنىڭ ئېتىكىدىن چوققىسىغىچە ھەر پۇتىقى ۋە ھەر بىر يىڭنە يوپۇرماقلىرى شۇنداق رەتلىك ۋە چىرايلىق جايلاشقان بولۇپ، شۇ قارىغايلار ئادەمنىڭ كۆڭلىگە گۈزەل تۇيغۇ ۋە خۇشاللىق بەخش ئېتەتتى. قارىغايلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى گۈللەرنىڭ يېقىملىق ھىدى بىلەن قوشۇلۇپ، ئادەمنىڭ قەلبىنى قانچىلىك كۆڭۈللۈك ۋە خۇشال قىلاتتى. ساي بېشىغا بارغۇچە نۇرغۇن تاغ ئېتەكلىرىدىن ئايلىنىپ يۈرۈپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى. قاتمۇ قات بولۇپ جايلاشقان سايلار، ۋادىلار ۋە گۈزەل تاغ ئېتەكلىرى گەڭگۇ ساينى بەكمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ مۇرەككەپ قىلىپ كۆرسىتەتتى. تاش تاغدىن چىقىپ ساينىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاقىدىغان سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ شارقىراپ ئاققان ئاۋازى بىلەن بۇ ساينى تېخىمۇ گۈزەل قىلاتتى ۋە جانلاندۇراتتى.

مەن كىچىك چېغىمدا مۇشۇ قارىغاينىڭ بالا پانلىرى (ياش قارغاي) ئاستىدا ئوڭدا يېتىپ قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازلىرى بىلەن تەبىئەتنى تىڭشايتتىم ۋە كۆپكۆك ئاسمانلارغا ۋە تەبىئەتلەرگە قاراپ زوقلىناتتىم. سۇ بويلىرىغا بېرىپ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاققان سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى بىلەن بەسلىشىپ توۋلاپ ناخشا ئېيتاتتىم. يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تاغ گۈللىرىنى تىرىپ گۈل چەمبەر ياساپ كېتەتتىم. تاغدىن ـ تاغقا كېپىكتەك سەكرەپ يۈرۈپ چوڭ بولغان بۇ يەرگە ھازىر تۇتقۇن بولۇپ، شۇ يېرىم كېچىدە قالپاقلىق ئەرلەر ئارىسىدا يالغۇز بىر قىز بولۇپ، قورۇلۇشنىڭ يوغان ـ يوغان لىملىرىنى ماشىنىغا بېسىش ئۈچۈن كېلىۋاتىمەن دەپ ئۆز كۆڭلۈمدە سىقىلىش بولدى. يازنىڭ كۈنى بۇ تاغلاردا يامغۇر كۆپ ياغىدىغانلىقى ئۈچۈن تاغدىن كەلگەن تاشقىن سۇلار يوللارنى بۇزۇپ ئىككى سائەت دېگەندەك چولاق دادىنىڭ ئاغزىغا ئاران يېتىپ كەلدۇق. سائەت 11 بولدى. ھەممە ئەتراپتا قاراڭغۇ كېچىنىڭ جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى، قاراڭغۇ ئاسماندا چىمىلدىغان يۇلتۇزلار ئارىسىدا تولغان ئاي بىزگە ئىچى ئاغرىغاندەك ئەتراپنى ئۆز نۇرى بىلەن يورۇتۇپ تۇراتتى. ئايدىڭ كېچىدە بۇ تەبىئەت تېخىمۇ گۈزەل بولۇشى تەبىئىي ھال ئىدى. ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەتراپقا زوقلىنىپ ھەۋەس بىلەن تويماي قارايتتىم.

– ھەي! ماۋۇ لىملارنى ماشىنىغا بېسىڭلار! دەپ تووۇلىغان مىنبىگلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپ قارىسام يەردە كېسىپ ئاقلاپ تەييارلاپ قويغان بىر دۆۋە لىملار ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تەرى سوغۇق ئىككى مىنبىك تۇراتتى. مەن ھەممىدىن ئۇلارغا ھەيران بولدۇم.

بۇلار نەدىن پەيدا بولدى. بىز ئولتۇرغان ماشىنىدا يوق ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن لىملارنى ئىنچىكە يەڭگىل بېشىنى ئىككى بوۋاي بىلەن مەن ئېغىر، بېشىنى قالغان ئۇچى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا باستۇق. ماشىنىغا يېتىپ بارغۇچە مۇرەم مىجىلىپ، بەللىرىم ئۇزۇلۇپ چۈشىدىغاندەك بولۇپ، ئاران يېتىپ بارىمەن. مۇرىلىرىمنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ كەتتىمكىن، قاتتىق ئېچىشىشقا باشلىدى. ئاخىرقى لىمنى ئاپارغاندىن كېيىن مۇرەمنى تۇتۇپ كۆرسەم كىيىمىم مۇرەمگە چاپلىشىپ قالغانلىقىنى سەزدىم. لوقۇلداپ ئېچىشاتتى.

ئېگىز قىلىپ بېسىلغان لىمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردۇق ۋە سائەت بىرلەر بىلەن يېتىپ كەلدۇق. پۈتۈن ئەتراپ جىمجىت. ھەممە ئادەم شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. دادۈينىڭ توك تارقىتىش ماشىنىسى توختاپ ئەتراپ قاراڭغۇ، چىراغلار ئۆچكەن ئىدى. لىملارنى گۈڭشېغا چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرغان مىنبىك (خەلق ئەسكىرى) «يېرىم سائەت تاماق يەپ بولۇپ، دادۈينىڭ ئاياق تەرەپتىكى تاغدىن توپىنى ماشىنا بىلەن مەكتەپ سېيىغا توشۇيمىز، دېدى.

مەن چاپىنىمنى ئېلىپ ئۆيگە كەلدىم. قارىسام دېرىزە ئوچۇق ئۆيدىكىلەر ھەممىسى ئۇخلاۋاتاتتى. بۇلارنى تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقۇم كەلمىدى. شۇ توپا ئالىدىغان يەرگە بېرىپ باشقىلار كەلگۈچە بىر ئاز بولسىمۇ ئۇخلىۋالاي دەپ ئويلىدىم ۋە ھويلىدىن ئاستا چىقىپ دادۈي تەرەپكە قاراپ كەتتىم.

ئاينىڭ يورۇقىدا ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگەندەك كېچىنىڭ جىمجىتلىقى تەبىئەتنى سۈرلۈك كۆرسىتەتتى. پۈتۈن بىر سايدا يالغۇز ئۆزۈم ئاستا ئاياق تاۋۇشى بىلەن ئىش مەيدانىغا يېتىپ كەلدىم. ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۈچىنچى كېچە بولغاچقا ئۇيقۇسىزلىق ۋە قاتتىق ھارغانلىقتىن بەش مىنۇت بولسىمۇ ئۇخلىۋېلىشنى ئويلاپ كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. شۇ تاققا بېرىپ بىر ئاز بولسىمۇ ئۇخلىۋالسام دەپ ئالدىرايتتىم. مەن تاققا بېرىپ قارىسام، مېنىڭ كېلىشىم بىلەن بىرسى ماڭا ھازىرلاپ قويغاندەك كىچىك بىر دۆۋە سامان، شۇ توپا كولايدىغان تاغنىڭ باغرىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ ھېچ نەرسىگە قارىماستىن ئاللاھقا شۈكۈرلەر دەپلا سامانغا بېرىپ ياتتىم. سامان يۇمشاق ئورۇندەك بىلىندى. شېرىن ئۇيقۇغا كەتتىم. خۇددى ئۆزۈم بۇ دۇنيادا يوقتەك بولۇپ قالدىم.

يىراقتىن ماشىنىنىڭ گۇرۇلدىغىنى ۋە سوزۇپ - سوزۇپ بىرىلىۋاتقان گۇدۇك ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىسمۇ، ئۇيقۇنىڭ ھاكىمىيەتلىكىدە يەنە ئۇيقۇغا كەتتىم. قۇلىقىمغا كىرگەن بۇ ئاۋاز بىلەن ئۇيقۇنىڭ ئارىسىدا قىينىلىپ ئاران ئويغىنىپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا كۆزۈم چۈشتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ نەدە ۋە بۇ نىمە ئاۋازلار ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم ۋە بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ، ماشىنىنىڭ توپىغا كەلگەنلىكىنى كۆردۈم ۋە سەكرەپ تۇرۇپ ئۈستۈمدىكى سامانلارنى قېقىشقا باشلىدىم. ماشىنىنىڭ يۇقىرى يورۇقلۇقىدا يېقىلغان چىرىغى پۈتۈن ئەمگەك مەيدانىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ماشىنا ئۆچمەس دۈرۈلدەپ، ئۈزۈلۈكسىز سوزۇپ - سوزۇپ گۇدۇك بېرەتتى. قالپاقلىقلار بولسا ئالدىراش ماشىنىغا توپا تاشلايتتى. مەن تۆۋەن چۈشۈپ ماشىنا كىرگەن يول بىلەن مېڭىپ چىراغنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، قالپاقلىقلارنى ئىشلىتىۋاتقان مىنبىك مېنى كۆرۈپ:

- كىم ئۇ؟! دەپ ۋارقىرىدى.

مەن چاپسان مېڭىپ ئالدىغا كەلدىم. مەندىن جاۋاب كۈتمەستىن:

- نەدە يۈردۈڭ؟! دەپ سورىدى.

- مەن خاتىرجەم ھالدا:

ئىشقا بالدۇر كېلىپ ماۋۇ دۆڭدە سامانىنىڭ ئۈستىدە كۈتۈپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، دېدىم.

مەن كۆرسەتكەن دۆڭدىكى سامانغا قاراپ قويۇپ:

- كۆردۈڭمۇ ئۇلارنى؟ پۈتۈن گۇڭشې، دادۈيدىكىلەر سېنى ئىزدەپ يات - پاراق بولۇپ كەتتى، دەپ تاغ تەرەپنى قولى بىلەن ئىشارەتلەپ كۆرسەتتى. دېگەندەك پۈتۈن ساي ۋە تاغنىڭ ئۈستىلىرىدە، قارىغاي ئارىلىرىدا، قىسقىسى ھەممە يەردە چىراغ يورۇقىنىڭ ھەرىكىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن گەپ قىلماستىن بىر گۈرجەكنى ئېلىپ ماشىنىغا توپا تاشلاپ ئىشلەۋەردىم.

ھېلىقى مىنبىك يېنىدىكى بىرسىگە:

- سەن بېرىپ خەۋەر قىلىپ قوي، ئۇلار ئاۋارە بولۇپ كەتتى، دېدى. ئۇ خەۋەر قىلغىلى يۈگۈرۈپ كەتتى.

يېنىمدا ئىشلەۋاتقان لىيۇجوڭ ماڭا ئاستا ئاۋاز بىلەن:

- نەگە كەتتىڭ؟ سېنى قېچىپ كەتتى دەپ بۇلار تازا يۈگۈردى. بىزمۇ قورقتۇق،

دېدى.

ــ ھەممە يەردە گۇڭسەنداڭ (خىتاي كوممۇنىستلىرى) نەگە قاچىسەن، دېدىم.

كۆپ كېچىكمەستىن ھېلىقى مىنىبىڭ يېنىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككى سىڭلىم ئەنسىرىگەن ھالدا:

ــ ھەدە نېمە بولدى؟ نەگە كەتكەن ئىدىڭىز؟ دەپ يېنىمغا كەلدى.

ــ ھېچنەرسە بولمىدى، بالدۇر كېلىپ ساقلاپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، دېدىم.

ــ بىزنى بەكمۇ قورقۇتتىڭىز دەپ ھاسىراپ تۇرۇپ سۆزلىدى.

غەيشە، سوفىيە خەۋەرنى يەتكۈزەيلى، بىز كەتتۇق دەپ يۈگۈرۈپ سايغا چۈشۈپ كەتتى.

سائەت بەشلەر بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

ئاخشامقى ئىشلار ئۇستىدە سىڭىللىرىم ماڭا سۆزلەپ بەردى.

ماشىنا بىلەن ھېلىقى ئىككى مىنىبىڭ كېلىپ قارىسا ئىشلەۋاتقان قالپاقلىقلارنىڭ ئارىسىدا سەن يوق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۈگۈرۈپ بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپتۇ. ئۆي قاراڭغۇ ھەممە جىمجىت ئۇيقۇدا. ئۇلار ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن سەكرەپ ئۆيگە كىرىپ قول چىراغ بىلەن ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ بۇياققا چىق! سۆيۈنگۈل چىق! دەيمەن دەپ ئۇخلاۋاتقان باللارنىڭ ئارىسىدىن كارىۋات ۋە تاختاي ئاستىنى ئىزدىگەندىن كېيىن، ئۆيدىكىلەر چۆچۈپ ئويغىنىپ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەي قالدى. ماڭا بىرەر ھادىسە بولغان ئوخشايدۇ، ماشىنىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ يارىلاندىمۇ؟ ياكى ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدىمۇ ۋە ياكى باشقا ھادىسىگە ئۇچرىدىمىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ. مىنىبىڭلار ئۆيدىن مېنى تاپالمىغاندىن كېيىن يەنە شۇ دېرىزىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۆيدىكىلەرمۇ تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىپ ئىزدەشكە چىقىپ ھېلىقى مىنىبىڭلارنىڭ كەينىدىن ئىككى سىڭلىم يۈگۈرۈپتۇ. ئاپام پۇتىغا كالاچ سۆرەپ ئالغان ئىكەن، بىر ئاز تېز ماڭسا كالاچ پۇتىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئىككى ـ ئۈچ مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىپ قاراڭغۇدا ئاران تېپىپ كىيسە كۆڭلىدىكى جىددىيلىك ئالدىرىتىپ بىر قانچە قېتىم بۇ ئەھۋال تەكرارلىنىپ، گۇڭشې دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. ھېلىقى مىنىبىڭلار خەدىچەنىڭ ياتاق ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى شۇنداق جىددىي ھالدا ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان خەدىچە قورققىنىدىن چىرقىرىغان ئاۋازدا:

— كىم ئۇ؟! دەپ توۋلىشى بىلەن مىنبەشلار ئىشىكنى ئۇرۇپ ئاچ ئىشىكنى! ئاچ دەپ ئۇستى ـ ئۇستىگە توۋلىغان ھالدا ئىشىكنى مۇشتلاپ، تېپىپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن خەدىچە توختاپ تۇرۇڭلار كىيىمىمنى كىيىۋالاي دېسە ئۇنىڭغا قارىماستىن ئاچ، ئاچ ئىشىكنى دەپ ۋارقىرايدۇ. بىز ھەيران بولدۇق. نېمە ئۈچۈن بۇ ئۆيگە ھەدەم كېلىپ قالىدۇ؟ نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ قورقتۇق ھەم قاتتىق ئەنسىرىدۇق. ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي ھەيرانلىقتا ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قالدۇق. ئىشىك ئېچىلىپ كىيىملىرىنىڭ تۈگمىلىرىنى تۈگمىلەپ تۇرۇپ مىنبەشلاردىن خەدىچە سېستىرا:

نېمە ئىش؟ نېمە بولدى دەپ سورىدى. مىنبەشلار ئۇنىڭغا قارىماستىن ئىشىكنى ئىتتىرىپ «سۆيۈنگۈلنى چىقىرىپ بەر» ئەكسىلىنقىلابچىنى نېمە ئۈچۈن ئۆيۈڭگە تىقىپ ئالدىڭ دەپ ئۇسۇپ ئۆيگە كىرىپ ئاختۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. خەدىچەنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «مەن ئۇ ئەكسىلىنقىلابچىنى نېمىشقا ئۆيۈمگە تىقىمەن، ماڭا ئەكېلىپ بەرگەنمىدىڭ، ساراڭ بولۇپ قالغانمۇ بۇ خەق. مېڭەڭ ئىشلەمدۇ، يېرىم كېچىدە ئادەمنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ قورقۇتىدىغان نېمە ھەققىڭ بار، يوقىلىش» دەپ توۋلاپ ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كەتتى. بىز ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي بىر مىنبەشقا بىر خەدىچەگە قاراپ قېتىپ قالدۇق. شۇ ئارىلىقتا بىر مىنبەش كېلىپ «سۆيۈنگۈل كەلدى» دەپ ھېلىقى مىنبەشلارغا بىر نەرسىلەرنى سۆزلەپ قويۇپ كەتتى. بىز يەنە خاتىرجەم بولالماي ئىش مەيدانىغا بېرىپ سىزنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولدى، دېدى. شۇ كېچىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ سوفىيە بىلەن غەيشە ئۆزىنى باسالماي كۈلەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە ئاپام قوشۇلۇپ كۈلۈشەتتى، غەيشە كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ:

— مىنبەڭ دەپ كالالىسىدا مېڭىسى يوق دەلدۈشلەرنى يىغىپ كەپتۇ، ئۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى سەن كۆرسەڭ ئىدى دەپ كۈلكىسىنى باسالماي كۈلۈشەتتى.

خەدىچەنىڭ ئۆيىدىن ئىزدىگەندە بىز ماشىنىدىن ئۆرۈلۈپ قاتتىق يارىلانغان ياكى ئۆلدىمىكىن دەپ قورقتۇق. بىلەمسىز بىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىمىزنى، يۈرىكىمىز يېرىلدى دەپ سوفىيە توۋا مىنبەڭ دېگەن ساراڭلارغا ئاچچىقىم كەلدى. بۇ ئەخمەقلەرنى نەدىن تېپىپ كەلگەندۇ؟ خەدىچەنىڭمۇ يۈرىكىنى ياردى.

مەن ھەيران بولدۇم. نېمە ئۈچۈن ئۇلار مېنى خەدىچەنىڭ ئۆيىدىن ئىزدىدى، دەپ ئويلىدىم.

چاي ئېچىپ يېرىم سائەت دەم ئالغاندىن كېيىن ئىشقا ــ مەكتەپ سايغا كەتتىم.

نېمە بولسىمۇ، ھەممىنى قوزغاپ قىيا ـ چىياغا سېلىپ ئۇخلىغان يېرىم سائەتلىك ئۇيقۇم ماڭا خېلى كۈچ بەردى، ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە بىر ئاز بولسىمۇ يەڭگىللىك بولسۇن دەپ چاقچاق قىلىپ ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم.

مەكتەپ سايىدىكى بۇ پونكىتنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ بىنا تاملىرى بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. مەن شۇ قۇرۇلۇشقا بىر تەرەپتىن لاي ياساپ، بىر تەرەپتىن ئىككى چېلەكلەپ ئەپكەش بىلەن لاي توشاتتىم. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز دەم ئالماي ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇيقۇسىزلىق ۋە ھارغىنلىقتىن بولسا كېرەك يۈرىكىم تېز سوقۇپ ئىچىم قىزىپ ئۇسسىغاندەك ئېغىزلىرىم قۇرۇپ، پۈتۈن بەدىنىمدىن كۈچسىزلىك سېزەتتىم. مېڭىلىرىمۇ يەڭگىل ئەمەس، ھەممە نەرسە چۈشتەك بىلىنەتتى. بۇنداق ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز دەم ئالماي ئىشلەش ھەپتىسىگە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ئىش بوپقالدى. بۇنىڭغىمۇ ئۆگىنىپ قالدىم.

مەن لايدا ئىشلەۋاتاتتىم. مېنىڭ كەينىمدىن ئۆتىدىغان ئات يولىدا ئاتقا مىنىپ بىر قازاق بالىسى كېلىپ مېنىڭ يېنىمدا زەمبىلگە كېسەك سېلىپ ئىشلەۋاتقان ئاياللار بىلەن سالاملاشتى. ئۇنىڭ سالىمىنى ئېلىپلا ھېلىقى ئايال ھە تالدىباينىڭ بالىسى تېپىلدىمۇ دەپ سورىدى.

ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان ياش يىگىت:

ـ ياق تېخى تېپىلمىدى. بىر ئاي بولدى. ئەمدى تېپىلىشى قىيىن، ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. بۆرىلەر يېسىمۇ كىيىملىرىنىڭ بىر پارچىسى بولسىمۇ تېپىلاتتى، دېدى.

ياشقا چوڭراق ئايال: بىچارە تالدىباي بىلەن ئايالى قانداق بولغاندۇر. ئۇ بىچارىلەر ئوت يۇتۇپ يۈرگەندۇ. نەگە كەتتىكىن؟ بىرەرسى ئېلىپ كەتتىمىكىن، ياكى جىن ئەپقاچتىمىكىن، ئۇ چەۋچىزى سايىدا جىن بار دەيدىغان، نۇرغۇن ئادەملەر ئەنە شۇنداق ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كېتەتتى، دېدى.

زەمبىلنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتقان ياشراق ئورۇق، پاكار ئايال ھەيران بولۇپ ھېلىقى ئايالدىن:

ـ نېمە بولغان، قانداق يوقالغان، دەپ سورىدى.

چەۋچىزىدە ئورما باشلىنىپ پۈتۈن ئەر ـ ئاياللار ۋە مەكتەپ بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئومىغا چىقىپ ئورما ئورىغاندا ئۇ ئاتتىكى يىگىتتىن ئۇ ئايالنىڭ ئېتى كىم ئىدى دەپ سورىدى. ئات ئۈستىدىكى يىگىت رەخىلە دەپ جاۋاب بەردى.

ھە، رەخلەنىڭ قۇچىقىدا كىچىك بالىسى بولۇپ، دەپ سۆزنى داۋاملاشتۇردى ياشقا چوڭ ئايال.

رەخلەنىڭ ئون بىر ياشلىق قىزى ئۇ بالىنى ئانىسىغا ئېمىتىش ئۈچۈن ئېتىز بېشىغا ئېلىپ بارغاندا ئالتە ياشلىق ئوغلى بىللە بارغان ئىكەن. بالىنى ئېمىتىپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ قىزى بالىنى ئېلىپ كەتكەندە ئالتە ياشلىق بالا باللار بىلەن ئويناپ قېلىپ قاپتۇ. ئۇ بالىنى كۆرگەن ئانىسى «ماڭ چاپسان كەت ئاچاڭغا يېتىشۋال» دەپ ئۆيگە كەتكۈزۈپتۇ. ئۇلار كېتىپ يېرىم سائەتلەردىن كېيىن شۇنداق قاتتىق پۇرچاق يېغىپ پۈتۈن ئېتىزلىقتىكى زىرائەتنى تۆكۈپ ياتقۇزۇۋېتىپتۇ. ئومىدىكى پۈتۈن خەلق ئالدىرىشىپ يۈگۈرۈپ پۇرچاقتىن قېچىپ ئۆي ـ ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ. رەخلە ئۆيگە كېلىشى بىلەن تاغدىن كالىسى ۋە سايدىن موزايلىرى يۈگۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ موزاي، كالىلارنى باغلاپ ئېمىپ قويغان كالىلارنى سېغىپ ماللارنى جايلاشتۇرۇپ ئۆيگە كىرگۈچە ئەتراپ كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۆيگە كىرىپ، قىزى قايناتقان چاينى ئىچىش ئۈچۈن داستىخان ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قارىسا ئالتە ياشلىق ئوغلى يوق.

شۇنىڭ بىلەن قىزىغا قاراپ بالا نەدە كەچ كىردى. چاقىرىپ كىر دەپتۇ. قىزى ھەي سەن بىلەن قالغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ ئۆيگە قايتمىدى، دەپ قورققىنىدىن يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۆيدىكىلەر يۈگۈرۈپ چىقىپ بالىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. بۇ ئىزدەشلەرگە پۈتۈن ئەترەت قوزغىلىپ قوشۇلۇپ ئىزدىشىدۇ. ئەرلەر ئاتقا مىنىپ تاغمۇ تاغ، سايمۇ ساي بالىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ ئىزدەپ تاڭ ئېتىپتۇ، پۈتۈن ئەترەت ئۈچ كۈن ئىش تاشلاپ بالىنى ئىزدەيدۇ. لېكىن ئىز ـ دېرىكنى تاپالمايدۇ. بالىنىڭ دادىسى تالدىباي سانجى، قۇتۇبى، ماناس ئەتراپلىرىنى ئىزدەپ كېلىپتۇ. نەدە بىر بالىنىڭ خەۋىرى چىقسا شۇ جايدىن ئىزدەپ بالىسى ئۈستىدە ھېچقانداق خەۋەر ئالالماپتۇ. بىچارە ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرىكىدە بىر كۆيۈك بولدى، دەپ ئېچىنىپ سۆزلەپ كەتتى.

## 29 ـ سېنتەبىر

تۇجان دۈيگە قوي پونكىتى سېلىش ئۈچۈن قۇرۇلۇش ئۈستىلىرى بىلەن قالپاقلىقلارنىڭ بىللە بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنچە ئەرلەر ئىچىدە يالغۇز مەنلا بار ئىدىم.

ماشىنا بىلەن ئىككى سائەت مېڭىپ «قىزىل بايراق» ئەترىتىدىن ئۆتۈپ، تۇتۇنغۇ

سايغا چۈشتۇق. تۇتۇنغۇ ئۆستەڭنى بويلاپ تۇجان ئەترىتىگە قاراپ ماڭدۇق.

بۇ ساينىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز تاش تاغلار بولۇپ، ئۇ تاغلاردا تاشلار ئارىسىدا ئۆسكەن گىياھ چۆپلەردىن باشقا ئۆسۈملۈكلەر يوق ئىدى. ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ساي كەڭ بولۇپ، تاش يولنىڭ تۆۋىنىدە تۇتۇنغۇ ئۆستىڭى تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ شارقىراپ ئاقاتتى. سۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈن ساينى جانلاندۇرۇپ كۆڭۈللۈك قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپى قىلىن تىرەكلىك بولۇپ، پۈتۈن ساي بۈك باراقسان ۋە قاراڭغۇ تۇراتتى. ماشىنا كەڭ يېيىلىپ ئاققان سۇدىن ئۆتۈپ تۇجان دۆيگە يېتىپ باردۇق.

ئۇ ئۇن ـ يىگىرمە ئائىلە جايلاشقان كىچىككىنە ئەترەت بولۇپ، بىز شۇ ئەترەتكە جايلاشتۇق. مېنى كىچىككىنە بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى. شۇ كۈندىن باشلاپ پونكىت قۇرۇلۇشىغا ئىشلەشكە باشلىدۇق. بىزدىن باشقا شۇ ئەترەتنىڭ ئاياللىرى بىلەن 12 ـ 16 ـ ياش ئارىلىقىدا بولغان ياش قىزلار ۋە بىزنى ئېلىپ كەلگەن ئۈچ مىنبىڭمۇ بار ئىدى.

بۇ ئەترەتنىڭ ئەرلىرى چۆپ چېپىش ئۈچۈن تاققا كەتكەن ئىكەن.

ئاياللار بىلەن قىزلار زەمبىلدە كېسەك توشۇيتتى. مەن سايدىن تاغ باغرىدىكى قۇرۇلۇشقا سۇ توشۇپ لاي ۋە سېمونت ياساپ قۇرۇلۇشقا يەتكۈزۈپ بېرەتتىم. باشقىلار تام قوپۇرۇپ ھەممىمىز جىددىي ئىشلەيتتۇق. ھېلىقى ئۈچ مىنبىڭ خوجايىندەك كىرىلىپ، ئالچاڭلاپ مېڭىپ ھېلىدىن ـ ھېلىغا بىزگە «ھەي تۆت خىل ئۇنسۇرلار ياخشى ئىشلەڭلار» دەپ توۋلاپ قوياتتى. ئاندىن بىردەم ئۇ يەرگە بېرىپ، بىردەم بۇ يەرگە بېرىپ ۋە يانپاشلاپ يېتىپ كىچىك ياش قىزلارغا كۆز سېلىپ ئۇلارغا سۆز تاشلاپ كۈن ئۆتكۈزەتتى.

بىر كۈنى قارىسام ھېلىقى مىنبىڭلار ياش قىزلارغا تاماكا تەڭلەپ تاماكا چېكىڭلار، تاماكا چەكمىسەڭلار مەدەنىيەتلىك بولالمايسىلەر. بۇ ئىنقىلاب ـ مەدەنىيەت ئىنقىلابى بىزگە مەدەنىيەت ئۆگىتىدىغان ئىنقىلاب، تاماكا چەكمىگەنلەرنى كېيىن كۈرەش قىلىپ قالپاق كىيگۈزىدۇ، دەپ قىزلارغا تاماكا تارقاتتى. بىچارە قىزلار قالپاق كىيدۈرۈپ كۈرەش قىلىدۇ، دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ خۇدايىم ساقلىسۇن؟ نېمە دەيدۇ بۇلار، دەپ ھودۇقۇپ كەتتى. تاماكىنى قولىدا تۇتۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي، ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭ بۇنىڭ يۈزىگە قاراپ يىرگەنگەن ھالدا تاماكىنى ئاران ئالاتتى، مىنبىڭلار سەرەڭگە يېقىپ ھە، ھە چېكىڭلار، دەپ تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بېرەتتى. قىزلار چەكمەيمەن دېيىشتىن قورقۇپ ئامالسىز تاماكىنى ئاغزىغا ئېلىپ، مىنبىڭلار قاراپ تۇرۇپ سۈمۈرتەتتى. تاماكىنىڭ تۈتۈنى ئۆپكىگە كىرىشى بىلەن قىزلار يۆتىلىپ قېقىلىپ سۇ بويىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. مەن سۇ ئېلىش ئۈچۈن سۇ بويىغا بارسام قىزلار قاتار تىزىلىپ سۇ بويىدا ئاغزىنى (چىشىنى) قۇم

بىلەن يۇيۇۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئانىلار قىزلارنىڭ كەينىدىن كېلىپ:

«هوي ئادىرا قالغىر، كىمەلەك تىگراۋ بولنى قىلغانىڭ، قاي قازاقنىڭ ئەيەلىرى تەمەكى تارتقان ئىدى» (بۇ نېمە قىلغىنىڭ، قايسى قازاقنىڭ ئاياللىرى تاماكا تارتقان ئىدى) دەپ قىزلىرىغا خاپا بولۇپ كەتتى. ھەقىقەتەن ماڭىمۇ باشقىچە سەت كۆرۈندى. شەرقىي تۈركىستاندا ئاياللار ھەرگىز تاماكا تارتمايتتى، ئەگەر تاماكا چەككەن ئاياللار بولسا، ئۇلارنى ئەڭ يامان، بۇزۇق ئاياللار قاتارىدا كۆرۈپ، ھېچكىم ئارىغا قوشمايتتى. ئەمدى بۇ ياش كىچىك قىزلارنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى بىلەن چ - ئۆچۈتۈپ تاماكا چېكىشكە مەجبۇرلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئىچىم يامان بولدى.

بىچارە ئانىلار ئۆز قىزلىرىغا كايىپ:

- بۇ نېمە دېگەن شۇملۇق. ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن كۆرۈلمىگەن، بۇ نېمە دېگەن شەرمەندىلىك. ماۋۇ ئۈچ مىنبىڭ دېگەن نېمىلەر نەدىن كەلدى؟ بالىلىرىمىزنى بۇزىدىغان بولدى دەپ چىن كۆڭلىدىن رەنجىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، قورۇلۇش تەرەپكە قاراپ قويۇاتتى. قىزلار:

- ئاپا سەن بىلمەيسەن، تاماكا چەكمىسەك قالپاق كىيگۈزىدۇ. كېيىن سىلەرمۇ چېكىسىلەر دېيىشەتتى.

- ئاللاھ ساقلىسۇن. ئەمدى ئۇ شۇملۇقنى كۆرگۈچە ئۆلگىنىمىز ياخشى. بۇ نېمە كۈن خۇدايىم توۋا قىلدىم، دەپ ئاياللار ياقىسىنى تۇتۇپ توۋا، توۋا دېيىشىپ كەتتى. ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ ئانىلىرى زەمبىلنىڭ بىر بېشىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ، ئىككىنچى بېشىنى قىزىغا كۆتۈرتۈپ، ئىلاجى بار قىزلارنى مىنبىڭلارنىڭ يېنىغا كەلتۈرمەسلىككە قاتتىق تىرىشاتتى. دەم ئېلىش ۋاقتىلىرىدا مىنبىڭلار قىزلارنىڭ يېنىغا كۆرەڭلەپ كېلىپ، ئۇلارنى گەپكە تۇتۇشقا باشلىغاندا باشقا قىزلار ئۆستەڭ بويىغا ۋە باشقا تەرەپلەرگە كېتەتتى. ئىلاجى بولماي ئۇلارنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ قالغانلارنى ئاپىلىرى يېنىغا چاقىرىپ ئەكىلىۋالاتتى.

كېيىن قىزلار ئاپىلىرىنىڭ يېنىدىن قوزغالماي، شۇلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ دەم ئالىدىغان بولدى. ھېلىقى بىزەڭ مىنبىڭلار شۇ ئاياللار يېنىغا بېرىپ قىزلارغا ئانىسىنىڭ ئالدىدا تاماكا تۇتۇپ چېكىڭلار، دەپ تارقاتماقچى بولغان ئىدى. بىر ياشقا چوڭ ئايال:

- نېمە؟ سىلەر ھاياسىزلار بىزنىڭ نارەسىدە قىزلىرىمىزنى ئازدۇرۇپ نېمە قىلماقچىسىلەر، دەپ ئاچچىقى بىلەن توۋلىغان ئىدى، ھېلىقى مىنبىڭ:

- سەن چۈشەنمەيۋاتىسەن، ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ھەر بىر جايىدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى

باشلاندى. ھەممە ئادەم مەدەنىيەتلىك بولۇپ، مەدەنىيەتلىك بىر مەملىكەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. پۈتۈن كونىلىقلارنى يوقىتىپ، ھەممە نەرسىنى يېڭىدىن باشلايمىز. سېنىڭ بۇ كىيىملىرىڭنى كونىلىق قىلىپ ھەممىسنى ئوتقا قالاپ يوقىتىمىز. كونا ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىڭلارنى يوق قىلىمىز. يېقىن كۈندە قىزلارنىڭ بېشىدىكى دوپپىلىرىنى، قوش ئېتەك كۆينەكلىرىنى ھەممىنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈپ، قىزلار چېچىنى كېسىپ، شەپكە كىيىدۇ، كۆينەك ئورنىغا شىم كىيىدۇ، دەپ ئېيتقان ئىدى، ئەتراپتا قاراپ تۇرغان پۈتۈن ئاياللار ھەيرانلىقتا تاڭ قېتىپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى. ھېلىقى قېرى ئايال ئۇنىڭ يۈزى چىمىرلاپ ئويباي بىتماي مەسخەرە بولنى سومدۇق، شىم كىيىپ قاي بېتىمىز بىلەن ئىلگە قارايمىز دەپ ۋارقىراپ كەتتى ۋە نېمە دەيدۇ، بىزنى خىتاي قىلماقچىمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قازاق بولۇپ يارالغان ئىكەن، بىز ھەم قازاق بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بىزنى قانداق خىتاي قىلماقچى؟ بىز نېمىشقا مىللىي كىيىمىمىزنى ئوتقا قالايمىز؟ بۇ نېمە دېگەن خارلىق دەپ بىر ـ بىرىگە سۆز بەرمەي چوقۇرۇشۇپ كەتتى. ھېلىقى خەلق ئەسكىرى بۇ مەركەزنىڭ بۇيرۇقى، پۈتۈن ئادەم ئورۇنلاۋاتقاندا سىلەر قارشى چىقالمايسىلەر، دېدى. مەنمۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولدۇم. ئەھۋال راست بۇلار دېگەندەك بولسا كۆپلىگەن قالايمىقانچىلىقلار چىقىپ ئەھۋال ئېغىر بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. بۇ يەردىكى ئادەملەر بىزنىڭ تەرەپتىكى ئادەملەرگە ھەرگىز ئوخشىمايدىكەن، دەپ ھەيران بولدۇم.

# 11 ـ نويابىر

چۈشتىن كېيىن قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدىم. ئەپكەش بىلەن چېلەكلەپ سېمونت توشۇۋاتاتتىم، ئىشتىن چۈشۈشكە يېقىن قالغاندا ئىككى پۇتۇمغا تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ، شۇنداق تەسلىكتە ئاران ئاتلايتتىم. پۈتۈن بەدىنىم توڭلىغان ئادەمدەك تىترەيتتى.

بۇ ئەھۋالىمنى باشقىلارغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن توختىماي ئۆزۈمنى زورلاپ سېمونت توشۇيتتىم. ئەگەر توختاپ تۇرۇپ قالسام يىقىلىپ چۈشەرمەن، يىقىلسام كىم ماڭا يېقىنچىلىق قىلىپ ياردەم قىلالىسۇن! قاتتىق تىرىشىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ ئىشلەشكە باشلىدىم. ئىشتىن چۈشكەندە ئۇزۇن يول يۈرۈپ كەلگەندەك بەك تەسلىكتە ياتاققا يېتىپ كەلدىم. بەزگەك تۇتقان ئادەمدەك تىترەپ چىشىم ـ چىشىمغا

تېگىپ جاقىلدايتتى. ئالدىراپ ئورنۇمغا كىرىپ ياتقىنىمنى بىلمەن، كۆپ ئۆتمەستىن ئوت بولۇپ ياندىم. كۆزۈمنى يۇمۇشۇم بىلەن قورقۇنچلۇق چۈشلەر بىلەن چۆچۈپ ئويغىناتتىم. ياتاقتا ھېچكىم يوق ئۆزۈم يالغۇز. بۇ ياتاقتا ئىككى ئايال ياتقان ئىكەن، بىرسى كوزەۋگە مال بىلەن كەتكەن ئىكەن، مەن كەتكۈچە ئۇنى كۆرمىدىم. بىرسى تۆت ـ بەش كۈندىن بىرى يېرىم كېچىدە كېلىپ مەن ئىشقا چىقىپ كەتكەندە ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرەتتىم. ئىككى ـ ئۈچ مەرتىۋە كېلىپ قونۇپ كەتتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا ياتاقتا يالغۇز ئۆزۈم بولدۇم. بۇ كېچىمۇ يالغۇز ئىدىم. قاتتىق ھارارەتتىن ئاغزىم قۇرۇپ، شۇنداق ئۇسساپ كەتتىمكى بىر چىنە سۇغا تەشنا بولدۇم. ئەتىگەن ئىشقا چىقىش ئالدىدا بەك تەسلىكتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ گۈرۈپپا باشلىقىنىڭ ئالدىغا باردىم. تېمپېراتۇرۇم قاتتىق ئۆرلەپ قىزىغانلىقتىنمۇ ئىككى كۆزۈم ئوتتەك بولۇپ ئاران ئېچىلاتتى.

ــ ئاغرىپ قالدىم ئىشقا چىقالمايمەن دەپ قويۇپ، ياتاققا كىرىپ يېتىپ قالدىم. سائەت ئونلار ۋاقتى بولسا كېرەك، ئىشىكنى ئۇرۇپ ئۇزۇن بويلۇق، ئاق سېرىق كەلگەن كۆزلىرى قىسماق، قاۋۇل بىر قازاق يىگىت كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنى مۇشۇ دۇينىڭ مىنبىگى بولسا كېرەك دەپ، ئويلىدىم.

مەن سىزنى دوختۇرغا ئاپارغىلى كەلدىم، دېدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەرگە تايىنىپ ئولتۇردۇم ۋە مىنبىگىغا قاراپ:

ــ مەن بارالمايمەن، دېدىم.

دۇيدىن سىزنى دوختۇرغا ئاپارسۇن، دەپ ئىككى ئات بىلەن مېنى ئەۋەتتى، ئات بىلەن بارىسىز، دەپلا تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئاتقا مىنىپ كېتىۋېتىپ بېشىم قېيىپ تىترەپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشاتتى. ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ بۇ خەقنىڭ ئالدىدا بىر كۈلكە سۆزگە قالماي، دۈشمەن كۆزى بىلەن قاراپ تۇرغان بۇ خەلقنىڭ ئالدىدا بىر ئۆزۈم دېڭىزنىڭ دولقۇنىغا يولۇققان ئادەم سۇغا غەرق بولماسلىق ئۈچۈن تىرىشقاندەك مەنمۇ شۇنداق تىرىشىپ ياشاشقا توغرا كەلدى.

ئۆز ئەھۋالىمغا قارىغاندا ئاتقا مىنىپ تۇتۇڭغۇ دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈش بۇياقتا تۇرسۇن ئاتقا مىنىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مېنىڭ «ھەر قانداق قىيىنچىلىققا چىدايمەن، ئۆلسەممۇ باش ئەگمەيمەن» دېگەن سۆزۈم قۇلىقىمغا جاراڭلاپ ئاڭلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئاغرىقىم ساقايغاندەك ۋە غەيرەت ھاسىل بولغاندەك يەڭگىل بولۇپ قالدىم. مەن راست ساقايدىممۇ، دەپ

بىشىمنى، بەدەنلىرىمنى تۇتۇپ كۆردۇم. ئەمما ئۇتتەك بولۇپ قىزىپ تۇراتتى. ئالقىنىمنى ئاغزىمغا تۇتتۇم، ئاغزىمدىن يالقۇندەك ئىسسىق چىقىپ تۇراتتى. ئادەم ئۆزىگە ـ ئۆزى غەيرەت بەرسە ھەر نەرسىنى يەڭگىلى بولىدىكەن، دەپ ئويلىدىم.

تۇتۇڭغۇ دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا، قويۇق دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا بىر كىچىك ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. ئاتتىن چۈشۈپ مىنبىڭنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ ئۆيگە كىردۇق. كىچىك ئىككى ئېغىز ئۆي بولۇپ، دالان ئۆيدە ئۈچ تال ئورۇندۇق بار ئىكەن. ئىچكىرىكى ئۆيدە بىر ئۈستەل، ئىككى ئورۇندۇق بولۇپ، ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى خەنزۇ دوختۇر ئالدىدا يېيىلىپ تۇرغان قەغەزلەرگە بىر نەرسە يېزىپ تۇرغان ئىكەن. بىزنى كۆرۈپ بوش ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. مەن بېرىپ ئولتۇردۇم. دوختۇر ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزلەرنى رەتلەپ، يىغىشتۇرۇپ بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويۇپ، ماڭا قاراپ:

ـ قىزىۋاتامسەن؟ دەپ گرادۇس قويۇپلا:

تېمپېراتۇرا بەك يۇقىرى دەپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، تارتمىلارنى ئاختۇرۇپ تېمپېراتۇرا چۈشۈرىدىغان دورا بىلەن يەنە بىر تابلېتكا دورىنى قوشۇپ بىر ئىستاكان سۇ بىلەن ماڭا بەردى.

ـ مە بۇنى ھازىر ئىچ، دېدى. مەن ئۇسساپ تۇرغان ئادەمگە بۇ سۇ گۆلدەك كۆرۈندى. دورا بىلەن يوغان بىر ئىستاكان سۇنى ئىچىۋەتتىم.

دوختۇر مەندىن ئاغرىق ئەھۋالىمنى سوراپ بولغاندىن كېيىن، نەدىن كەلگەنلىكىمنى سورىغاندا مەن جاۋاب بەرگۈچە ھېلىقى مىنبىڭ دوختۇرغا:

ـ بۇ ئەكسىلئىنقىلابچى قالپىقى بار ئادەم، خەلق نازارىتى ئاستىدا ئىشلەيدۇ، دەپ جىددىي ھالدا جاۋاب بەردى.

دوختۇر بىر ماڭا، بىر مىنبىڭغا قاراپ:

ـ ھەيران قالارلىق، بۇ ياشتا، بەكمۇ ياش، دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرمەستىن بېشىنى چايقاپ قويدى.

دورىلارنى قەغەزگە يۆگەپ ماڭا بەردى. يەنە بىر قەغەزگە خەت يېزىپ ئۇنى ھېلىقى مىنبىڭغا بەردى ۋە بىر ھەپتە ئىشقا چىقماي دەم ئالسۇن ھەم يەڭگىل سىڭدىغان تاماق يېسۇن، دەپ ئۇقتۇرۇۋاتاتتى، ھېلىقى مىنبىڭ دوختۇرنىڭ بەرگەن قەغىزىنى دوختۇرنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ، بۇ قالپاقلىق ئادەم، ئالغىلى بولمايدۇ، دېدى.

دوختۇر: بۇنىڭ كېسىلى ئېغىر، دەم ئالمىسا بولمايدۇ، بۇ قەغەزنى دۇيجاڭلىرىڭغا ئاپىرىپ بەر، ئەگەر بۇ دورىنى ئىچىپمۇ ساقايمىسا يەنە ئېلىپ كېلىڭلار، دېدى.

ھېلىقى مىنىبىڭ ئاچچىقلاپ ئىسپىراپكىقا قەغىزىنى ئېلىپ ماڭدى. مەن كۆلۈمسىرەپ دوختۇرغا قارىدىم. دوختۇر بېشىنى چايقىغان پېتى قالدى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەھۋالىم بىر ئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن، ئىشقا چىقتىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىشنى تۈگىتىپ گەڭگۇغا يەنى ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

# مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى قالپاق كىيگۈزۈش ۋە بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى

19 - نويابىر

چىرايلىق قىلىپ ياسالغان تاختاي رىشاتكىلارنىڭ يېنىغا يۆلىنىپ دۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىشىم بىلەن ئۆيدىن ئۇكىلىرىم «ھەدەم كەلدى» دەپ چوقۇرۇشۇپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ماڭا ئېسىلدى. ئاپام بىلەن دادام ھەتتا توي قىلىپ چىقىپ كەتكەن سىڭلىممۇ كەلگەن ئىكەن. ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆيگە كىردۇق، ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆيدىن ئايرىلىپ سىرتتا ئەمگەك قىلىپ يۈرۈپ ئاتا - ئانامنى، ئۇكىلىرىمنى ۋە ئۆينى بەكمۇ سېغىنىپ كەتكەن ئىدىم. شۇڭلاشقا ئۆزۈمنى ئەركىن ۋە خۇشال ھېس قىلاتتىم. بىراق ئۆيدىكىلەردە - دادام - ئاپام ۋە ئۇكىلىرىمدا قانداقتۇر ئىچىنى مۇجۇپ تۇرغان بىر خاپىلىق باردەك يۈزىدىن قايغۇلۇق سېزەتتىم. خاتىرجەم بولالماي قايتا - قايتىلاپ قانداق ئەھۋالىڭلار، سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟ ئەھۋالىڭلار ياخشىدۇ، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ دەپ سوراپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار كۈلۈشۈپ نېمىشقا مۇنچىۋالا ئەنسىرەيسەن، ھېچنەرسە بولمىدى. كۆرۈۋاتىسەنغۇ ھەممىمىز سالامەت ياخشىمىز، دېدى ۋە ئۈستەلگە ئاق داستىخانلارنى سېلىپ تاپقان - تەرگەنلەرنى چىقىرىپ ئۈنىڭ ئۈستىگە تىزىشقا باشلىدى. مېنىڭ كۆزۈمگە ئۆيمۇ ئۆزگەرگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۆيدە قىزلار كۆپ بولغانلىقتىن ئۆينى ھېلىدىن - ھېلىغا تۈزلەپ ئۆزگەرتىپ ياسايتتى. شۇڭلاشقا كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنسە كېرەك، دەپ ئويلاپ قويدۇم.

ئۇكام ئەھمەد قولۇمغا سۇ قۇيۇۋېتىپ:

ــ ھەدە، سەن يوق بىزنىڭ ئۆيگە شۇنداق يامان ئوغرى ئادەملەر كېلىپ ئۆيىمىزنى

كولاپ ئۆرۈۋەتكىلى تاس قالدى. دىرىزىلەر سۇنۇپ بىرمۇ ئەينىكى قالمىغان ئىدى. دادام ئەينەك سىيلىپ ئوڭشاپ قويدى، دەپ گېپىنى توگەتمەستىن كىچىك سىڭلىم مۇشەررەپ:

ــ ئۇلارچۇ ئادەم يەيدىغان ئەسكى ئادەملەر ئىكەن، بىزنى يالاڭغىداق تالادا قارغا تۇرغۇزۇپ قويدى، مەن تازا توڭلاپ كەتتىم، قورققىنىمدىن ئاۋاز چىقارماي يىغلىدىم، دېدى.

ئەھمەد: راست ئۇلار ئوغرى ئىكەن، بىزنىڭ ئۆيدىن جىق نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتتى. دادامنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ تىللاپ دادامنى ئۇرغىلى ئاز قالدى، دادام گەپ قىلماي جىم تۇردى. ئاپامنىڭ بوغچىسىنى ئوغرىلاپ پەسكە سۆرەپ ماڭغان ئىدى، ئاپام: قۇراننى سۆرىمە دەپ خاپا بولدى، دەپ خۇددى چوڭ ئادەملەردەك جىددىي، تۇرگۈن ھالەتتە ھەسرەتلىنىپ سۆزلەيتتى. مەن بۇلارنىڭ سۆزىدىن، بىر چوڭ كۆڭۈلسىزلىك ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزدىم. شۇ ئارىدا ئاپام: بولدۇڭلارمۇ؟ تاماققا كېلىڭلار، دەپ چاقىردى.

ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە تائاملارنى قويۇپ، داستىخان ھازىرلىنىپ بىر توققۇز بالا ئۇستەل ئەتراپىدا لىق بولۇپ تىزىلىپ چايغا ئولتۇردۇق. نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك ھە! ئىنسانلارنىڭ چوڭ خۇشاللىقىنىڭ بىرسى جامائەتنىڭ جەم بولۇشى. مەن باللاردىن ئاڭلىغان نەرسىلەر توغرىسىدا سورىدىم. ئاپام كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ ئىچىۋاتقان چېيىمىزنى بۇزما ئالدىرىمساڭمۇ ئاڭلايسەن، دېدى.

سىڭلىم غەيشە: نويابىرنىڭ باشلىرىدا ئاڭگىنا بولۇپ، دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن دۆيدىكى بىر قانچە كىشىلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئۈرۈمچىگە بارغان ئىدۇق. بىزنى گۇڭگەنتىڭنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويدى. كوچىدا ئادەم ماڭغۇدەك يول يوق، نامايىشقا چىققاندەك كوچا تولدۇرۇپ كېتىپ باراتتى. ئادەملەرنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى قىرىق ـ ئەللىك ئادەمنىڭ قولىدا بايراق، بايراق ـ بايراققا ئۇرۇلاتتى. ئۇنىڭ كەينىدە يەنە قىرىق ـ ئەللىك ئادەمنىڭ قولىدا بىر خىلدا ماۋجۇشىنىڭ رەسىمى، تاختايغا مىخلاپ كۆتۈرۈپ ئالغانىكەن. ئۇلارنىڭ كەينىدە تاي قازاندەك ئىككى ـ ئۈچ دۇمباق ۋە بىر قانچە ئاۋاز ۋە جاڭ ـ جاڭلار ئادەمنىڭ قۇلىقىنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىرىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە بىرەر يۈزدەك ئادەمنىڭ بېشىغا ئۇزۇن قالپاق ۋە بوينىغا تاختاي ئېسىپ، ئۇنىڭغا شۇ ئادەملەرنىڭ ئىسمى ۋە جىنايىتى يېزىلغان ئىدى ۋە شۇ ئادەملەرنىڭ قوللىرىغا ئىككى چاڭ ـ چاڭ تاخسىنى بېرىپ، ئادەملەر يىغىلغان جايغا كەلگەندە قالپاقلىقلار قولىدىكى تۆمۈر تەخسىسىنى چاڭىلدىتىپ خەلققە ئۆز ئىسمى ۋە جىنايىتىنى تونۇشتۇرۇپ چاڭ ئۇرۇپ ئايلىنىپ يەنە ئالدىغا ماڭاتتى. شۇنداق قىلىپ كوچىلارنى بىر ئايلىنىپ چىقىدىكەن.

كوچا ـ كوچىلاردىن بايراقلارنى لەپىلدىتىپ قالپاقلىقلارنى لەڭلىتىپ، دۇمباق، بارابان ۋە چاڭ ئۇرۇپ ھەر بىر ئىدارە، زاۋۇتتىن، فابرىكا، كارخانا، مەھەللە ۋە ھەر بىر مەكتەپ، قىسقىسى ھەممە ئورۇندىن كوچا ئايلىنىپ يۈرگەن ئادەملەر بىر ـ بىرىگە توقۇنۇشۇپ ئاران ئۆتەتتى. چېلىنغان چاڭ ۋە داقا ـ دۇمباققا ئادەم چىداپ تۇرالمايتتى.

ئاران دېگەندە ئىتتىپاق كۆلۈبىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. بارلىق ئادەملەر يولنىڭ ئىككى چېتىدە مېڭىپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالپاقلىقلار كېتىپ باراتتى. ئوتتۇرىدىن بىر تۈركۈم سازچىلارغا كۆزۈم چۈشتى. ياشقا چوڭ پاكار بىر ئادەم سەھنىدە چاڭچى ئوينىغاندەك چاڭنى شۇنداق تېز ئۇرۇپ ئۆزى شۇنىڭغا ماسلىشىپ پىر ـ پىر پىرقىراپ مەن ئوڭچى ئەمەت ئۆمەرمەن دەپ تووۋلايتتى. قارىساڭ ئۇ ئۆزىنى سازايى قىلغان ئەمەس، ئويۇن قويغاندەك قىزىق ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. ئەتراپقا يىغىلىپ ئالغان ئۇششاق باللار چاۋاك سوقۇپ ئەمەت ئۆمەرنىڭ ھەرىكىتىنى قىزىقىپ كۆرۈپ راھەتلىنىپ كۈلەتتى. ئارىدىن بىر قاپىقى يامان، تۈرگۈن ئادەم چىقىپ ئۇششاق باللارنى قوغلىغان ئىدى، مەنمۇ ئۇلار بىلەن كېتىشكە توغرا كەلدى، ئەتراپقا قارىسام بىللە كەلگەن ئادەملىرىم يوق، ئۇلاردىن ئايرىلىپ تاغامنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە پۈتۈن كوچا سازايىچىلار بىلەن تولغان بولۇپ، ماڭغىلى بولمايتتى.

ئادەملەر ھويلىلىرىدىن چىقىپ قاراشتىن قورقۇپ دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ قارايتتى. كىتابخانىنىڭ ئالدىدا سازايى قىلىپ تۇرغانلارنىڭ چەتتە بايراق كۆتۈرۈپ تۇرغان بىرسىگە يەنەنلۇدىن چىققان سازايىچىلار توپىدىن ئىككى ئادەم كېلىپ بېشىغا بىر مېتىر كېلىدىغان يوغان قالپاقنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئۇ ئادەمنىڭ چىرايى شۇنداق ئۆزگىرىپ نېمە قىلىشنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالغان ئىدى. قولىدىكى بايراقنى تارتىپ ئېلىپلا يەنە بىر بايراق كۆتۈرۈپ تۇرغان كىشىگە ئىككى بايراق قىلىپ تۇتقۇزۇپ قويۇپ، قالپاق كىيگۈزگەن ئادەمنى سۆرەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، دۈمبىسىدە دۇمباقنى كۆتۈرۈپ قارا تەرگە چۈشكەن ئايالنىڭ دۈمبىسىدىكى تاي قازاندەك دۇمباقنى ئېلىپ ھېلىقى ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە كىيدۈرۈپ قويدى.

ئۇياق ـ بۇياقتىن كەلگەنلەر بىلەن، بىردەمنىڭ ئىچىدە بىر قانچە كىشىنىڭ بېشىغا قالپاق كىيگۈزدى.

دوختۇرغا كۆرۈنەلمەي بىر ھەپتە ئارتۇق ۋاقىت ئۈرۈمچىدە بولدۇم. ھەر كۈنى شۇ تەرىقىدە قالپاق كىيگۈزۈلگەن ئادەملەرنى كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدۇراتتى.

تاڭ يورۇشى بىلەن ھەر بىر ئورۇنلارغا ۋە كىتابخانىنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلغان

مىكروفونلاردا ماۋجۇشنى كۈيلىگەن كۆڭۈلسىز سەت ناخشىلارنىڭ دەھشەت قاتتىق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان خەلق قانداقتۇر بىر يامان ئىشقا ئەھۋالنىڭ بولۇشىدىن قورققاندەك ھېچكىم ئۆزىدىن خاتىرجەم بولالماي ئەنسىرەيتتى. كوچىدا داڭ ـ داڭ ئاۋازى ئاڭلانسا ئۆيدە ئىشلەۋاتقان ئاياللار ئىشنى، ئېمىتىۋاتقان بالىسىنى، يۇغۇرۇۋاتقان خېمىرىنى تاشلاپ خېمىر قوللىرى بىلەن كوچىغا قاراپ يۈگۈرەتتى. دەرۋازىنىڭ تۆۋىگە كەلگەندە چىقىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ كۆرەتتى. خۇددى ئۇلارنى سازايى قىلىدىغاندەك چىرايلىرى تاتىرىپ يۈرەكلىرىنى تۇتۇپ ئۆزىنى بېسىشقا تىرىشىپ، تۇۋا ـ تۇۋا قىلدىم خۇدايىم، ئالەمدە كۆرۈلمىگەن ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، بۇ نېمە دېگەن شەرمەندە قىلىش، خۇدايىم ئۆزۈڭ ساقلا، زامان ئاخىرى بولۇپ قالدىمۇ نېمە دېيىشەتتى.

مەنمۇ كېلىپ مۇشۇ ئەنسىزلىكلەر بىلەن دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بىر ھەپتە ئىچىدە دوختۇرخانىغا كۈنىگە ئىككى مەرتىۋە بارىمەن، دوختۇرخانىلاردا ئاغرىق كۆرىدىغان بىرمۇ دوختۇر يوق، پۈتۈن دوختۇرلارغا قالپاق كىيدۈرۈپ ئوڭچى، مىللەتچى، گومىنداڭ قالدۇقى، چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر، سوتسىيالىزمنى بۇرمىلىغۇچى، كاپىتالىزم، پومېشچىك، باي دېھقان قاتارلىق خىلمۇ خىل قالپاقلار كىيدۈرۈپ كوچىلاردا سازايى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن دوختۇرخانىدا ئاغرىق كۆرىدىغان بىرمۇ دوختۇر يوق ئىدى. نۇرغۇن ئېغىر كېسەللەر دوختۇرنىڭ قۇتقۇزۇشىنى كۈتۈپ سارغىيىپ ئولتۇراتتى.

ئۈرۈمچىگە كېلىپ 3 ـ كۈنى شۇنداق قاتتىق ئاغرىپ ئوت بولۇپ كۆيەتتىم، تامىقىمدىن بىر يۇتۇم سۇمۇ ئۆتمەي قالدى، پۈتۈن بەدىنىمگە خۇددى قىزىل چىققاندەك ئۇششاق نەرسە ئۆرلەپ، ئۆزۈم بىلمەي گاراڭ يېتىپ كەتتىم. ئىككى كۈندىن كېيىن ئىسسىتمام چۈشۈپ بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالدىم.

ماڭا قارايدىغان ئادەم يوق، نېمىشقىدۇر ھەممە كىشى جىددىيلىك ۋە ئەنسىزلىك بىلەن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى.

مەن ئۆيگە قايتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن تاغامنىڭ قوشنىسى ئىسمائىل مۇساباي‌ۇپنىڭ ئۆيىگە ئەللىكتەك ئادەم (ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇششاق خوڭۋېيبىڭلار) كىرىپ ئۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تالاغا چىقىرىپ تىزىپ قويىدى. «خوڭۋېيبىڭ» كىچىك باتۇرلار ئۇلارنى تۇرغۇزۇپ مىدىر قىلدۇرماي كۆزەت قىلدى. قالغانلىرى پۈتۈن ئۆينى ئاختۇرۇپ ئۆيدىكى بارلىق نەرسىنى ئۆي ئىگىلىرىگە ئادەم بېشىغا بىر يوتقان، بىر كۆرپە، بىر ياستۇق،

ئىككى جور كونا ناچار كىيىملىرىنى ۋە بىر ئادەمگە بىردىن چىنە، تەخسە، قوشۇق ھەم ئۆزلىرىگە يېتەرلىك قازان ـ چۆمۈچلىرى قالدۇرۇپ، ئاندىن باشقا پۈتۈن نەرسىلەرنى ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇ نەرسىلەردىن ئۆي ئاختۇرغىلى كەلگەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىرى بولسا ھەر قايسى ئېلىپ يانچۇقلىرىغا، قويۇنلىرىغا تىقاتتى. قىسقىسى تالان ـ تاراج بولۇۋاتقان نەرسىلىرى ئۈچۈن ئىگىلىرى بىر نەرسە دېيەلمەيتتى.

ئۆينىڭ دېرىزە ئالدىغا تىزىپ قويۇلغان چىرايلىق تەشتەكتىكى گۈللەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ تەشتەكلەرنى سۇندۇرۇپ توپىلارنى سىنچىلاپ قارايتتى، ئۆينىڭ تاملىرىنى ۋە يەردە يېيىتىلغان خىشلارنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، پوك ـ پوك ئاۋاز چىققان يەرلەرنى قومۇرۇپ ئاستىنى كولايتتى. پۈتۈن ئۆينىڭ خىشلىرىنى قومۇرۇپ بولدى. كۆمۈرخانىدىكى بەش توننا كۆمۈرنى تالاغا توشۇپ چىقىپ كۆمۈرخانىنىمۇ كولاپ كۆمۈرخانىنىڭ ۋەتۇەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. ھەتتا ھاجەتخانىنىڭ تاختايلىرىنى قومۇرۇپ ئېلىپ، ھاجەتخانىنىڭ ئىچىگىچە ئاختۇرۇپ چىقتى. ئۆيدىن بىر ساندۇق پېچەتتى ئېچىلمىغان بەش مىڭ سوم پۇلنى ئېلىپ چىقىپ شۇ پۇلغا ئىسمائىل مۇساباينى قارىتىپ رەسمگە تارتىپ ئالدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ غۇلجىدا كۆنچىلىك زاۋۇتى بولۇپ، شۇنىڭدىن كەلگەن پىراشىنت پۇللارنى يىغىپ قويغان ئىكەن. ئۇ پۇللارنىمۇ ساندۇقى بىلەن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. چوڭ قىزى ئايتەننى كاپىتالىست دېگەن قالپاق بىلەن كادىرلار لاگېرى سەندۇقبى سۇ ئامبىرىدا ئىشلەۋاتقان يېرىدىن ئېلىپ كېلىپ ئۇنىمۇ تۇرغۇزۇپ قويدى.

ئىسمائىل مۇسابايىنىڭ خانىمى مەرھابا ئاپپاينىڭ قان بېسىمى يۇقىرى كېسەل بولغانلىقتىن چۈشتىن كېيىن ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى.

بىزگە تالاغا چىقىشقا رۇخسەت قىلماستىن بىر كۈن ئۆيدە سولىنىپ ئولتۇردۇق. ئەتىسى ئەتىگەن ئۆيگە قايتىپ كەتتىم، دېدى.

غەيشەدىن كېيىن زەكىيە، شەھەرگە بېرىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

مەن غەيشە كېتىپ بىر كۈندىن كېيىن شەھەرگە تاغامنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئەھۋال شۇ سىڭلىم غەيشە دېگەندەك بارلىق ئورۇنلاردا قالپاق كىيگۈزۈش ۋە سازايى قىلىش ھەرىكىتى جىددىي يۈرگۈزۈلۈۋېتىپتۇ. كوچىغا قالپاق كىيدۈرۈپ ئېلىپ چىققان ئادەملەرنى رېجىمغا ئېلىپ، ئۆز ئىش ئورۇنلىرىدىن قالدۇرۇپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋېتىپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ تىنچلىقى كېتىپ ھەممە ئادەم ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قورقۇش ئىچىدە ياشايدىكەن. تاغامنىڭ ئايالى مەخفۇزە ھەدەم گۇڭسەنداڭ (خىتاي كوممۇنىستلىرى)

كەلگەندىن بىرى خاتىرجەم تىنچ ياشىيالمىدۇققۇ، مانا كۆرمەمسىز كېچىسى ئۇيقۇ يوق، كۈندۈزى ئارام يوق. شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن مىكروفونلارنىڭ كېچە - كۈندۈز توختىماستىن جاراڭلاپ توۋلاپ تۇرۇشى ئادەمنىڭ مېڭىسىنى چوڭقايتىۋېتىدۇ. غەزەپلىك ئاۋازلار بىلەن ئادەملەرگە ھەيۋە قىلغان جانغا تەگەر سۆزلەر ۋە ماۋجۇشىنى كۈيلەپ ئېيتىلغان سەت ئاھاڭدىكى ناخشىلار ئادەمنى تويغۇزدى.

قېچىپ كەتكۈدەك يەر بولسا كېتىپ قالارلىق دەرىجىگە يەتتى ئادەم. ئەمدى يېڭى ھۈنەر بۇلاڭچىلىق باشلاندى دېيىشىگە، تاغامنىڭ چوڭ قىزى خالىدە:

ــ ئاپا ھويلىنىڭ ئالدىغا كىشىلەر داڭ - داڭ ئۇرۇپ كەلدى، دېدى.

ھەممىمىز ھودۇقۇپ ئورنىمىزدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا باردۇق. دېگەندەك بايراق ۋە ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى كۆتۈرۈپ بىرەر يۈزدەك ئادەم كوچىدىن جاڭ - جاڭ ئۇرۇپ داقا - دۇمباق بىلەن كىرىپ كەلدى. كۆپ ساندىكىلىرى 17 - 12 ياش ئارىسىدىكى ياش ئۆسمۈرلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىغا «خوڭۋېبىڭ» دەپ يېزىلغان قىزىل لاتا باغلانغان ئىدى.

ئۇلار دەرۋازىدىن كىرىپلا بىزگە «مىدىرلىماڭلار» دەپ توۋلاپ ئەتراپنى چۆرۈپ ئالدى ۋە شۇ «كىچىك باتۇرلار» ھەممىمىزنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. مېنىڭ يانچۇقۇمدا شەھەرگە بارسام ئىشلىتىمەن دەپ ئېلىپ كەلگەن ئون جىڭ ئاشلىق بىلەت بىلەن ئوتتۇز سومدەك پۇل بار ئىدى. ئۇنى سومكىدىن ئېلىپ ئۆز يانچۇقىغا سېلىۋالدى. مەن قورققىنىمدىن سۆز قىلالماي قالدىم. تاغامنىڭ ئايالى مېنى ئاختۇرۇۋاتقان «كىچىك باتۇر» غا قاراپ:

ــ ھەي بۇنىڭ پۇلىنى ئۆزىگە بېرىڭلار، بۇ گۇڭشېدىكى ھەدەمنىڭ قىزى دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە كەلگەن، ئۇنىڭ پۇلى بىلەن ئاشلىق بېلىتىنى ئېلىۋالساڭلار ئۇ قانداق قىلىدۇ، دەپ قايتا - قايتا دېگەن ئىدى، بۇلارنى ئېلىپ كەلگەن ياشقا چوڭ ئادەم كېلىپ:

ــ قايتۇرۇپ بەر! دەپ ئۇ بالىنىڭ يانچۇقىدىن ئېلىپ ماڭا بەردى.

بىزنىڭ ھەممىمىزنى تالاغا ھەيدەپ چىقىپ قاتار تىزىپ تۇرغۇزۇپ قويدى. تاغامنىڭ چۆچۈرىدەك ئالتە بالىسى بار ئىدى، كىچىك بالىلار قورققىنىدىن چىرقىراپ ئاپىسىغا ئېسىلاتتى. بالىلارنىڭ قورققىنىنى كۆرۈپ داڭ ئۇرۇشنى توختاتتى.

ئۆيگە كىرىپ ئۆزى خالىغانچە ئاختۇرۇپ، پۈتۈن ئۆينى تىتىۋەتتى. ئاندىن تاختاي ئاستىنى ئېچىپ ئۆينىڭ ئاستىنى ئاختۇرۇش ئۈچۈن ئون نەچچە ئادەم چۈشۈپ كەتتى. يەنە بىر قىسمى ھويلىدىكى گۈللۈكلەرنى ۋە پۈتۈن مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ ئاستىنى بىر

مىتىردەك كولاپ چىقتى. تاغامنىڭ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈن تۈپتەك ئالما، ئۈجمە، جىنەستە، قارا ئۆرۈككە ئوخشاش مېۋە ياغاچلىرى ۋە پۈتۈن ھويلىغا ئادەم يۈرىدىغان يولدىن باشقا ھەممە يەرگە گۈل تېرىپ ئېتىزلىق قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار شۇ ئېتىزلىقنىڭ بىرىنى قويماستىن كولاپ چىقتى. بىر ۋاقىتتا تاختاي ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن خوڭشۇبىلىڭ كىچىك باتۇرلارنىڭ كۆزى بىلەن چىشلا پارقىراپ قارا خۇرۇمغا مىلىنىپ ئادەم تونۇغۇسىز ھالدا قايتىپ چىقتى. بۇرۇن بۇ ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا كاڭلىق ئۆي بولۇپ، تاغام شۇ ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا ئۈچ ئېغىز تاختايلىق ئۆي سالدۇرغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا كاڭنى بۇزماستىن ئۈستىگە ئۆي سالغانلىقى ئۈچۈن كاڭنىڭ ئورنى قېلىپ قالغان ئىكەن. بۇ كىچىك باتۇرلار شۇ كاڭنى بۇزۇپ خورۇمغا مىلىنىپ كانايدىن چىققان چۈجىلەردەك بولۇپ چىقىشىپتۇ.

سائەت 12 لەر بىلەن بۇلار ئاختۇرۇشنى تۈگىتىپ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭغىلى تۇرغاندا، تاغام بۇ نەرسىلەرنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر؟ بۇ مەن 16 يېشىمدىن تارتىپ ئىشلەپ تاپقان نەرسىلىرىم، بۇنىڭدا ھېچ كىمنىڭ ھەققى يوق، بەرمەيمەن دەپ ئۇزۇن ماجىرالىشىپ، ئۆي جابدۇق، كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ نۇرغۇنلىغان كىتاب، ئالتۇن جابدۇق ۋە زاكونغا تولدۇرۇپ كۆپ نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن چوڭ دادام (يەنى دادامنىڭ ئاكىسى زەكىي جىڭلىنىڭ) ئۆيىگە كىرسەم ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كىرىپتىمەن. مەن كىرىشىم بىلەن سەن كىم؟ قانداق مۇناسىۋىتىڭ بار؟ نەدىن كەلدىڭ؟ دەپ مېنىمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىغا تۇرغۇزۇپ قويدى.

چوڭ دادامدىن:

ـ ھە سىېنىڭ ئىنىڭ بارمۇ؟ ئۇلار نەدە، دەپ قىستاپ سوراپ بىلگەندىن كېيىن ئۈچ ئادەم يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بۇلار بىزنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغىلى كەتتى دەپ كۆڭلۈم ئەنسىرەپ تۇرالماي كەتتىم. نېمىشقا بۇگۈن كىردىم، كىرمىسەم بوپتىكەن، شەھەرگە رەجەپمۇ ئەسكى ۋاقىتتا كەپتىمەن، دەپ پۇشايمان قىلدىم. چوڭ دادامنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشمۇ يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ۋە بىزنىڭ ئىككى ساندۇق نەرسىلىرىمىزنى قوشۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

مانا مۇشۇ بىر كۈننىڭ ئىچىدە يېزا ـ يېزىلاردىن ۋە ئۈرۈمچى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ، ئەقىل توختاتمىغان 12 ـ 17 ياشلار ئەتراپىدىكى ئوقۇغۇچى باللارغا، بىر پارچە قىزىل لاتىغا «خوڭشۇبىڭ ـ كىچىك باتۇر» دەپ يېزىپ قوللىرىغا تاقاپ،

پۈتۈن شەھەردە مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىگە ئۇقتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، بارلىق ئائىلىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى ۋە نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى «ئېلىپ ساتارلىق قىلغان قانۇنسىز سودىگەر» دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئېلىپ كېتىپتۇ، دېدى.

ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا ئىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ كوچىدا لوزۇنكىلار ئاسقان ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئىككى مېتىر قالپاق كىيگەن بىر ئادەمنى كۆرۈپ، قالپاقتىكى خەتنى ئۇقسام «كاپىتالىست ئابلىز مۇسا باي» دەپ يېزىلغان ئىكەن. ئابلىز ئاكا ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇردى. مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم. بويىندا تىزىغا چۈشكۈدەك ئۇزۇنلۇقتا نەچچە جور بىلەزۈكنى ئېسىپ قويۇپتۇ. بويىنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇردى، دېدى. تاغامنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئايالى مەخفۇزە ھەدەم ۋاي شۇنداق جىق ئالتۇن بىلەزۈكى بارمىكەن، دەپ ھەيران بولدى.

تاغام نەدىكى ئالتۇن بىلەزۈك دەيسەن، سامانىيە ئاپپاي ئېرى ئابدۇللاھ ئابىزى بار ۋاقتىتا دۇكان ئاچقان. ئۇ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن دۇكاندىكى نەرسىلەر شۇ پېتى قېلىپ قالغان ئىكەن. 63 ـ يىلى ئۇلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغاندا ئۇلار شۇ دۇكاندىكى نەرسىلەرنى ئابلىز مۇسا بايغا ئامانەتكە بېرىپ ئوغلى فۇئات تۈرمىدىن چىققاندا شۇ ئوغلىغا بېرىشنى تاپشۇرۇپ كەتكەن ئىكەن. ئوغلى فۇئات شاڭخەي بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدا سودا ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن بەش يىللىق كېسىپ قولغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى. مانا شۇ مىس بىلەزۈكلەرنى ئابلىز مۇسا باينىڭ ئالتۇن بىلەزۈكى دەپ خەلققە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپتۇ. بۇ ئىشقۇ كېرەك يوق، ئەل قاتارىدا ئۆتۈپ كېتەر، لېكىن گۈلدەك ئوغلى زايە بوپتۇ.

تاغامنىڭ ئايالى ھەيران بولۇپ، ۋاي خۇدايىم ئوغلىغا نېمە بوپتۇ دەپ ئەنسىرىگەن ھالدا سورىدى.

چىن تۆمۈر دېگەن ئوغلى چۈشلۈك دەم ئېلىشتا (بىزنىڭ ئۇ يەردە چۈشلۈك دەم ئېلىش ئاز دېگەندە ئىككى سائەت بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈن ئادەم بىر سائەت ئۇخلايدىغان ئومۇمىي ئادەت ئىدى) ئۇخلاۋاتقان ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىپ داڭ ـ داڭ ئۇرۇپ، قوپە ۋاي بۇرژۇئاز دەپ يولقۇپ تۇرغۇزغاندا، ئۇيقۇدا ياتقان بالىنىڭ روھى چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، بالا قاتتىق چۆچۈپ ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تاماقمۇ يېمەي، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك بولۇپ قاپتۇ.

بۇ بالا ھەممىدىن چىرايلىق، ئۆتكۈر، خۇشچاقچاق، ئەقىللىق بولۇپ ئۆسكەن ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش تۈگىتىشكە ئاز قالغان ئەلا ئوقۇۋاتقان بالا ئىكەن. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر قان يىغلىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنى كۆرۈپ چىقسام دەرۋازا تۈۋىدە شەرىپە

تەتە (بۇرھان جۇشىنىڭ چوڭ ئايالى) نى كۆردۈم. تۈنۈگۈن ئوغلى نۇسرەتلەرنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغىلى كىرگەندە كىشىلەر چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ياتقان ئاھىرە دېگەن قىزىنى ئەنە شۇنداق قىلىپ چۆچۈتۈپ ئويغاتقان ئىكەن، ئۇمۇ شۇ ئابلىز ئەپەندىنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش بولۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن قايغۇسى شۇ بالىدا بولۇپ تۇرۇپتۇ. شەرىپە تەتە سۆزلەۋېتىپ تۈگۈلۈپ يىغلاپ كەتتى. خۇدايىم ئۆزى رەھىم قىلسۇن ئېغىر ئەھۋال، دېدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ھەر بىر ئىدارە ئورۇن، مەھەللىلەردىكى ئاكتىپ ئۇنسۇرلار بىلەن خوڭۋېبىڭ (كىچىك باتۇر) لا بارلىق ئائىلىلەرگە كىرىپ كىشىلەرنىڭ كىتابلىرى ۋە قۇرانلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ھەر بىر ئورۇن ئۆز ئالدىغا ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈش ھەرىكىتى باشلىدى.

پۈتۈن شەھەر خەلقىگە: ئۆيى ئاختۇرۇلمىغان ھەر بىر ئادەم ئۆزلۈكىدىن ئۆيدە ساقلاپ كېلىۋاتقان قۇران ۋە كىتابلارنى تەشكىل ئورۇنلارغا تاپشۇرسۇن، دەپ ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلدى. كىمدەكىمكى تاپشۇرماي ئۆيىگە تىقىپ ئالىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇش قىلىمىز، ئۆيىدىن قۇران ۋە كىتابلار چىقىپ قالىدىكەن، ئېغىر چارە كۆرۈلىدۇ. ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قارشىلىق قىلغان بولۇپ سانىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابچى قاتارىدا چارە كۆرۈلىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇش ئېلانىنى رادىئولاردا، مىكروفونلاردا، مەجلىسلەردە ۋە چوڭ خەت تام گېزىتلىرىدە ئېلان قىلغانلىقتىن، ھەممە خەلق قورققىنىدىن ئۆيدە ماۋجۇشىنىڭ كىتابلىرىدىن باشقا بارلىق كىتابلارنى، قۇرانلارنى تەشكىل ئورۇنلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئوتتا كۆيدۈرۈلدى.

ھەر بىر ئورۇننىڭ ئاكتىپ ئۇنسۇرلىرى بىلەن خوڭۋېبىڭ - كىچىك باتۇرلار مەھەللە خەلقىنى مەجبۇري ئالدىغا سېلىپ، شەھەردىكى ھەر بىر مەسجىدلەرگە «ئىنقىلابى ئۆزگەرتىش ياسايمىز» دەپ لوزۇنكا، بايراق ۋە داقا - دۇمباقلار بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ «دىن نىقابىغا ئورىنىۋېلىپ خەلقنى قايمۇقتۇرغان بۇرژۇئازلارنى يوقىتايلى!

خۇراپاتچىلىققا قارشى تۇرايلى!

ياشىسۇن كوممۇنىزم! ياشىسۇن سوتسيالىزم! ياشىسۇن ماۋجۇشى» دەپ دىنغا قارشى خىلمۇ خىل شوئارلارنى توۋلاپ، ئەقىل توختاتمىغان ياش بالىلار ۋە قوتۇر ئاكتىپ نادانلار قىيا - چىيا قىلىپ، مەسجىد مۇنارلىرىدىكى ئايەتلەرنى يۇلۇپ ئېلىپ تاشلىدى ۋە مەسجىدتىكى تاۋۇت - تاختا راۋانلارنىڭ ھەممىسىنى پالتا بىلەن چېقىپ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. تاھارەت ئالىدىغان جايلارنى بۇزۇپ ئىشكىلەرگە يوغان قۇلۇپلارنى سېلىپ، مەسجىدلەر ئەمدى ھۆكۈمەتكە ئۆتتى، دەپ مەسجىدنى خەلق قولىدىن تارتىپ ئېلىپ،

كارخانا ۋە ھەر تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئورنىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

مانا شۇ كۈنلەردە ئۆلگەن ئادەملەر جىنازىسىز، تاۋۇتسىز زەمبىل ۋە ھارۋىلاردا ئوچۇق ئېلىپ چىقىپ كۆمۈلدى. شۇ كۈنلەردە قىلىنغان تويلار، توي - مەرىكىسىز، نىكاھسىز، ماۋجۇشىنىڭ يىلوسنى (سۆزلىرىنى) ئوقۇپلا قىز - يىگىتنى ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈپ قويۇشتى. خەلقنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەنلىكتىن كوچىدا بىر - بىرىنى كۆرسە سالاملىشىپ گەپ قىلىشتىن قورقۇپ، كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. خەلقتە قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك جۈرئەتمۇ يوق ئىدى.

سىڭلىم غەيشە تاقىتى قالماستىن سۆزىنى بۆلۈپ، چوڭ دادامنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغان كۈنى بىزنىڭمۇ ئۆيىنى شاڭ يېتىڭدىن (سودا نازارىتى) كېلىپ پۈتۈن ئۆيىمىزنى ئاختۇرۇپ، ئۆينىڭ تېگىنى كولاپ ئۆرۈۋېتىشكە ئاز قالدى. ئۆينىڭ تېمى قىيسىيىپ قالدى. پۈتۈن دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرى بىر تالمۇ قالماستىن سۇنۇپ چۈشتى. ئۇ كۈنى كۆرسىڭىز بەك دەھشەت بىر كۈن بولدى، دېدى.

ئاپام: توختا مەن باشتىن سۆزلەپ بېرەي، دەپ ۋەقەنى سۆزلەشكە كىرىشتى.

11 - نويابىر شاڭ يېتىڭ (سودا نازارىتى) زەكىي ئابىزنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغان كۈنى شاڭ يېتىڭدىن بىر ماشىنا ئادەم دادۈيگە كېلىپ چۈشىدۇ. بۇنى كۆرگەن داداڭ بۇلار بىكارغا كەلمىدى، شەھەردىكى ئۆيىنى ئاختۇرۇش دولقۇنىنى بۇ يەردىمۇ يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كەلدى دەپ ئالدىراش خەۋەرنى يەتكۈزۈپ بولغۇچە ئىشىكتىن دېگەندەك شاڭ يېتىڭدىن كەلگەن بىر ماشىنا ئادەم بىلەن دادۈيدىن بوغالتىر سالىق، نەۋەن ۋە قانى دۈيجاڭ ۋە 50 كە يېقىن مىنبىڭلار كەتمەن، گۈرجەكلەر بىلەن كېلىپ ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ سەپ بولۇپ تۇردى. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن سالىق:

ـ مىدىرلىما! دەپ توۋلاپ بالىلارنى يىلىڭ كىيىم، يالاڭ ئاياق بىلەن نويابىرنىڭ قار ياغقان سوغۇق كۈنىدە تالاغا قوغلاپ چىقىرىپ قار ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ قويدى. ئۆيگە كىرگەن يىگىرمىدەك ئادەم ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. قالغان يىگىرمىدىن ئارتۇق ئادەم كالا ئېغىلى، توخۇ كاتىكى ۋە ئامبارلارنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. ئۆگزىدىكى سامان ۋە قۇرۇتقان چۆپلەرنى يەرگە چۈشۈرۈپ، ئۆگزىدىكى تاختايلارنى ۋە ئۆگزىگە سېلىنغان لايلارغىچە قومۇرۇپ ئاختۇراتتى ۋە كۆمۈرخانىدىكى كۆمۈرلەرنى تالاغا توشۇپ چىقىپ پۈتۈن يەرنى كولاپ، توخۇ كاتىكى ۋە ھاجەتخانىغىچە ئاختۇردى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئادەم دەسسىگۈدەك يەر قالمىدى. پۈتۈن نەرسىلەرنى ئاختۇرۇپ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. مېنىڭ كۆڭلۈم تالادا يالاڭ كىيىم بىلەن يالاڭغداق بىر تال تاختاينىڭ

ئۈستىدە توڭلاپ شۈمشىيىپ تىزىلىپ تۇرغان بالىلاردا ئىدى. ئاخىرى چىدىماستىن:

بالىلارنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ چىقىپ بەرسەڭلار، بالىلار بەك توڭلاپ كەتتى. سوغ ئۆتۈپ ئاغرىپ قالىدۇ، دېدىم.

سالىق ئالدىمغا دېۋەيلەپ كېلىپ:

ــ گەپ قىلغۇچى بولما! سېنىڭ گەپ قىلىش ھوقۇقۇڭ يوق! سەنلەر خەلق دۈشمەنلىرى! دەپ ۋارقىرىۋىدى، شاڭ يېتىڭدىن كەلگەن ئادەم يېنىدىكىگە ئىشارەت قىلىپ:

ــ بالىلارنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ چىقىپ بەردى. كىيىملىرىنى كىيگەندىن كېيىن بالىلارغا بىر ئاز جان كىردى. بۇلار تالادا سوغۇقتىن خۇددى بەزگەك ئادەمدەك تىترەيتتى.

ئەھمەد شۇنداق توڭلىدۇقكى چىشلىرىمىز خۇددى توك چىقىرىش ماشىنىسىدەك تاقىلداپ كەتتى. بىر ئاز كېچىكسە ۋارقىراپ يىغلايتتۇق، دېدى.

ئۇلار ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ساندۇقتىن ئەھمەدكە چوڭ دادىسى سۈننەت تويىدا بەرگەن بالىلار ئويۇنچۇق پىلىموتىنى يۇلۇپ ئېلىپ:

قاراڭلار مانا بۇلار قورال ساقلىغان ساندۇقىدا مىلتىق ساقلىغان، دەپ قولىغا ئالغان ئىدى. ئۇدۇلدا تۇرغان مېنىڭ پىلىموتنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن چەتكە ئىتتىرىپ تارت ئۇنى بىزگە قاراتما، ئادەم ئۆلتۈرىسەن دەپ ئۆزىنى چەتكە ئالغان ئىدى، سودا نازارىتىدىن كەلگەن كادىر:

ــ قويۇپ قوي، بۇ بالىلار ئويۇنچۇقى، دەپ ئېلىپ ساندۇققا سېلىپ قويدى. ئۇلار يەنە ئاختۇرۇپ يۈرۈپ كېپەنلىك بىلەن يۈز سوم پۇلنى تېپىپ چىقتى. پۇلنى كۆرگەن سالىق: كۆردۈڭلارمۇ ساندۇقىدا مۇشۇنچە پۇللارنى تىقىپ كەلگەن، دەپ پۇلنى يانچۇقىغا سېلىۋاتاتتى، قاني دۈيجاڭ:

ــ قوي ئالما، ئۆلۈملۈك ئۈچۈن ھەر كىممۇ ساقلايدۇ، دەپ سالىقتىن پۇلنى ئېلىپ ساندۇققا سېلىپ قويدى. كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن توك دەزمالنى تېپىپ چىققان مېنىڭ توۋلاپ كەتتى:

مانا قاراڭلار، سوۋېت بىلەن ھەر چارشەنبە كۈنى ئالاقىلىشىدىغان رادىئوسىنى تېپىپ چىقتىم، دەپ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىدى، باشقا مېنىڭلار چۆچۈگەن ھالدا: ھە شۇنداق دەپ ئىچىگە تارتىپ جىنايەتنىڭ ئۈستىگە چۈشكەندەك بولۇپ، غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن

بىزگە قاراپ چوڭ جىنايەتچىنى تۇتۇپ ئالغاندەك بولدى.

راستتىن بۇ تاغلاردا توك دەزمىلىنى ئىشلىتىپ كۆرمىگەنلىكتىن ھېچكىم ئۇنى توك دەزمىلى، دەپ بىلمەيتتى. ئۇزۇن توك سىمىنى كۆرۈپ، ئۇلار ئۇنى رادىئو، دەپ ئېشىنىپ قالدى.

سودا نازارىتىدىن كەلگەن ياشقا چوڭ ئادەم ئۇلارنىڭ قولىدىكى توك دەزمىلىنى ئېلىپ بۇ رادىئو ئەمەس، بۇ توك دەزمال، كۆينەكلەرنى دەزماللايدىغان نەرسە دېدى.

نى دېدى؟ دەزمال نېمىسى؟ دەپ يېنىدىكى مىنبىگلاردىن سورىشىدى، نەدىن بىلەي دەزمال دەمدۇ گازمال دەمدۇ؟ بىر نېمە دېدى.

ئۆزى بىلمىسە بىز نەدىن بىلىمىز دەپ باشقا نەرسىلەرنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى.

تاختاي ئاستىدا قىشلىق سەي ھەم ئاشلىق ھېسابىدا بېرىلگەن ئۈچ تونىنا ياڭيۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تالاغا توشۇپ چىقىپ تاختاي ئاستىلىرىنى كولاشقا باشلىدى.

مېنىڭ كۆڭلۈم ئامباردا تىقىپ قويغان قۇرانىمدا ئىدى. شۇنى تېپىپ ئالمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپ شۇ تەرەپكە كىرىپ چىققانلارغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتىم.

بىر ۋاقىتتا سالىق بۇغچامنىڭ بېغىدىن تۇتۇپ قۇرانىمنى يەردە سۆرەپ چىقىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا قاتتىق ئۆزگىرىش بولدى. مەن تاھارەتسىز تۇتماي ئېگىز يەرگە ئېلىپ قويۇپ، سۆيۈپ ئوقۇپ يۈرگەن قۇرانىمنى خارلاپ، سۆرەپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، دۇنيادىكى ئەڭ يامان جىنايەتنى كۆرگەندىنمۇ ئېغىر بىلىپ:

ــ قۇراننى سۆرىمە! دەپ ۋارقىراپ قۇرانغا ئېتىلىپ بارغىنىمنى سەزمەي قالدىم.

سالىق مېنى ئىتتىرىۋېتىپ قۇراننى سۆرىگەن پېتى ھويلىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەتكەندەك بولۇپ، كۆزۈمدىن ياشلىرىم تۆكۈلۈپ كەتتى.

شاڭ يېتىگىدىن كەلگەن چېقىر كۆز ئاق پىشماق ياشقىنا بىر بالا:

قۇراننى سۆرىسە نېمە بوپتۇ؟ نېمىشقا سەن بۇنىڭغا يىغلايسەن، دەپ كۆزۈمگە كىرىپ ئالدى. مەن ئۇنىڭدىن ئېتىڭ كىم؟ دەپ سورىدىم.

ــ سۇلايمان، مېنىڭ ئېتىمنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى بار؟ دېدى.

مەن، داداڭ سېنىڭ ئېتىڭنى بىكارغا سۇلايمان قويمىغان، داداڭدىن قۇراننى يەردە سۆرەپ خارلىسا نېمە بولىدىغانلىقىنى سورا! ساڭا ياخشىلاپ ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۆزۈڭ بىر

مۇسۇلمانىنىڭ بالىسى ئىكەنسەن، دېدىم.

مەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرگۈچە ئىشكتىن سالىق كىرىپ ماڭا دېۋەيلەپ:

ئات بېشىدەك قۇرانى نېمە ئۈچۈن تىقىپ قويدۇڭ، دەپ ئىشارەت بارمىقىنى بىگىزدەك قىلىپ كۆزۈمگە تىقىۋەتكىلى تاس قالدى. شاڭ يېتىڭدىن باش بولۇپ كەلگەن باشلىق سالىقنى بۇياققا كەل! دەپ ئېلىپ كەتتى. پۈتۈن ئۆينىڭ تاختايلىرىنى قومۇرۇپ تالاغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لىمنىڭ ئۈستىدە قالغان تاختاينىڭ تۆپىسىدە داداڭنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ:

بىر ھارۋا كۆمۈشنى نەگە تىقىپ قويدۇڭلار، ئۇنى نېمىشقا ئېيتمايسەن؟ ئەگەر راستىڭنى ئېيتمىساڭ سېنى قولغا ئالىمىز، دەپ دېۋەيلەپ كەلگەن ئىدى، قارىسام داداڭ روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك چۈشكۈن كۆرۈنەتتى.

داداڭ نەدىكى بىر ھارۋا كۆمۈشنى سورايسىلەر؟ دەپ سورىشىغا:

سالىق يەنە چاچراپ كېلىپ: ھە ئۇ كۆمۈشلەرنى نەگە قويدۇڭ؟ راستىڭنى ئېيت دەپ تووۋلاپ، داداڭنىڭ ئالدىغا ئېيتىلغان ئىدى، ھېلىقى باشلىق ئۇنى قولى بىلەن تارتىپ تۇرۇپ:

چۆچەكتىن خەسەن ئاق ساقال ھارۋىغا بېسىپ كەلگەن كۆمۈشنى دەيمىز، دېدى.

داداڭ ئويلىنىپ تۇرۇپ:

ئۇنى ئۆزى سېتىپ پۇل قىلىپ ئېلىپ كەتكەن. بىزدە بىر تالمۇ كۆمۈش يوق دېدى.

ئۇ باشلىق ئەگەر كېيىنكى ۋاقىتتا كۆمۈشنىڭ بارلىقى ئېنىقلانسا سىلەرگە ئېغىر چارە كۆرۈلىدۇ. بىلدىڭمۇ دېدى.

داداڭ سەممىي ھالدا تۇرۇپ بىزدە ئۇ كۆمۈشلەر يوق، دەپ تەكرارلاپ قويدى.

ئۇلار ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئۆزارا سۆزلىشىۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ سالىق ۋە بىر قانچە مىنبىڭ ھەم قانى دۈيجاڭ داداڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ غەزەپلىك كۆزلىرى ۋە ئاچچىق ئاۋاز بىلەن:

ـ چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر سالىخنى يوقىتايلى!

ـ سوتسىيالىزمنى بۇرمىلىغۇچى سالىخنى يوقىتايلى!

ـ پومېشچىك، باي چارۋىدار ۋە كاپىتالىست سالىخنى يوقىتايلى!

ـ گومىنداڭ قالدۇقى سالىخنى يوقتايلى! دەپ يەتتە تۇرلۇك قالپاقنى كيدۇرۇپ، ئەتىدىن باشلاپ خەلق نازارىتى ئاستىدا ئىبتىزدا ئىشلەيسەن، دەپ داداڭغا ۋارقىراپ چىقىپ كەتتى.

ئۆيدىن مېنىڭ ۋە داداڭنىڭ نىكاھ ئۇزۇكى ۋە مېنىڭ ئالتە دانە ئالتۇن ئۇزۇك ۋە بىر ئالتۇن ھالقامنى ھەم قۇرانىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۆينىڭ تاختايلىرىنى مىخلاپ، قيىسىيىپ كەتكەن ئۆينىڭ تېمىغا تىرەپ قويدۇق. ياغاچ ئۆي بولغانلىقتىن ئۆرۇلمەي قالغان ئىكەن، پۈتۈن دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرى سۇنۇپ چۇشكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا قەغەز چاپلاپ چىقتۇق. تالاغا ئېلىپ چىقىپ قويغان نەرسىلەرنى كىرگۈزۈپ ئۆيلەرنى رەتلەپ بولغۇچە سائەت بىردىن ئاشتى. ئۇ كۈندىكى ئەھۋالىمىزنى سەن سورىما، باللار بىچارىلەر ئاچ قورساق تالادا سوغۇقتا بىر كۈن تۇرۇپ قاتتىق قينالدى دەپ ئاپام باللارغا قارىغان ئىدى.

ئۇكام ئەھمەد، شۇ كۈندىكى ئەھۋالنى ماڭا سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇپ، قولىدىكى قوشۇقنى تەخسىگە قويۇپ ماڭا قارىدى. شۇ ۋاقىتتىكى تەسىرات ئۇنىڭ يۈزىدە ئەكس ئېتىپ چىرايى جىددىيلەشتى. ئۇنىڭ ئىنچىكە ئۇزۇن قارا قىشى بىلەن ئۆتكۈر كۆزىنىڭ ئارىسى يېقىنلىشىپ ئۇنى ئۆتكۈر ۋە ئەقىللىق كۆرسىتەتتى. ئاپاق پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قويۇق قارا بۇدۇر چېچى ئۆزىگە يارىشىپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىدەك ئۆزىنى تۇتقان ھالدا سۆزلەيتتى.

ئۆيدىكى قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازلاردىن شۇنداق قاتتىق قورقتۇق، بەلكى دادام بىلەن ئاپامنى ئۇلار ئۇرۇۋاتسا كېرەك، دەپ ھەممىمىز چوقۇرۇشۇپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۇق. مىنبىگلار بىزنى توسۇپ ئۆيگە كىرگۈزمەي تۇتۇۋالدى. بىز قورققىنىمىزدىن يىغلاپ كەتتۇق. مەن ئۇلارنىڭ قولىدىن چىقىش ئۈچۈن يۇلقۇنۇپ باقتىم، ھېچ قويۇپ بەرمەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مىنبىگنىڭ قولىنى چىشلەپ ئالدىم. ئۇ ئاغرىغاندىن ۋايجانلاپ مېنى قويۇۋەتتى. مەن يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىردىم. كىشلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ قارىسام دادامنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ سالىق مۇشت تەگلەپ ئۇرىدىغاندەك بولۇپ ۋارقىراۋاتقان ئىكەن. شۇنداق ئىچىم يامان بولۇپ تىترەپ كەتتىم. ئۇ ئادەمنىڭ پۇتىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ بىرنى تەپتىم ۋە كىشلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يوشۇرۇندۇم. ئۇ ئادەم كەينىگە، ئۇياققا ـ بۇياققا ۋە پۇتىغا قاراپ قويۇپ يەنە شوئار توۋلاپ ۋارقىرىدى. مەن پۇتىغا تازا كەلتۈرۈپ يەنە بىرنى تېپىپ مۆكۈنۈپ ئالدىم. ئۇ خۇددى جەڭدە يەڭگەن قەھرىماندەك بولۇپ، ھەممىمىزگە كۈلۈپ قاراپ قويدى ۋە كەينىدىن:

ــ دادا ئۇ ئادەم نېمىشقا شۇنچە ۋارقىراپ سىزنى ئورغىلى تاس قالدى؟ دەپ سورىدىم.

ــ دادام قىلغان ئەقىدىسىگە ئېچىنغان ھالدا:

ــ مەن ئۇنى ئوقۇتۇپ بىر يىل ئىچىدە تولۇق بوغالتىر قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىم. ئۇ مېنىڭ ئارقامدىن دادۇيگە بوغالتىر بولدى. مەن تا ھازىرغىچە ئۆزۈم بىلگەن بوغالتىرلىق بىلىمىنى تولۇق ئۆگىنىپ كېلىۋاتىمەن. بىلمىدىم، ئۇ نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنچىلىك دۈشمەنلىك بولۇپ چىشلىشىپ قالدى؟

«كۈچۈك بېقىپ سەمرىتتىم، ئىت بولۇپ مېنى قاپتى (چىشلىدى). مىلتىق بېرىپ ئۆگەتتىم، مەرگەن بولۇپ مېنى ئاتتى» دېگەندەك ئىش بولدى، دېدى.

ئۇ پەقەت شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن كۈچەۋاتقان ئادەم، چۈنكى ئۇ سىزنى يىقىتىپ باش بوغالتىرلىققا ئېرىشىپ ئالسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەر قانداق جىنايەتلىرى ئېچىلمايدۇ ۋە خالىغانچە ئاممىنىڭ پۇلىدىن خيانەت قىلالايدۇ. ئۇ پەقەت شۇنى كۆزلەپ ئولتۇرۇپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈچەۋاتقىنى، دېدىم.

دادام: مېنىڭ خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھىم بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بىر ئىنسانغا زىيان يەتكۈزۈپ دىلىنى ئاغرىتمىدىم. قىلچە نەرسىنى خيانەت قىلمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ۋە بەندىنىڭ ئالدىدا يۈزۈم يورۇق دېدى.

مەن دادامدىن: بۇلار ئىزدەپ يۈرگەن نەدىكى بىر ھارۋا كۆمۈش ئۇ؟ دېدىم.

دادام بۇ ئۇزۇن يىلدىكى نەرسە، زەكىي ئاكامنى سوراق قىلغىنىدىن خەمزەنىڭ ئېيتقانلىقىنى بىلدۇق. خەمزە، ئەربىن بۇ ئىككى يېتىم بالىنى مېنىڭ ئاپام بېقىپ چوڭ قىلغان. بۇ باللار بىر چارۋىچى قازاق ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. بۇلار كىچىك ۋاقتىدا دادىسى قوي بېقىپ يۈرگەندە، چىلبۆرىلەر كېلىپ يەپ كېتىدۇ. قويلارنىڭ بىر تۈركۈمى بۆرىلەردىن قېچىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە بۇنى كۆرگەن خەمزەنىڭ ئانىسى بۆرىلەرنى قوغلاش ئۈچۈن ئۆيدە يېنىپ تۇرغان چۈچۈلنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىشى بىلەن توپ بولۇپ كەلگەن چىلبۆرە خەمزەنىڭ ئانىسى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن چىققان باللىرىنىمۇ يەپ كېتىدۇ.

خەمزە، زامزا، ئەربىن دېگەن ئۈچ بالا ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ ئامان قالىدۇ. يىراق ـ يېقىندىكى قوشنىلار خەمزەنىڭ ئۆيگە كەلسە ئۈچ بالىنىڭ سالامەت قالغانلىقىنى كۆرۈپ بۆرىدىن قالغان جەسەتلەرنى كۆمۈپ جامائەت ۋەكىلى خەمزە بىلەن ئەربىننى مېنىڭ دادامغا ياردەم قىلساڭلار، بولار يېتىم قالدى، دەپ ئېلىپ كەلگەندە دادام مەن باقاي دەپ

ئېلىپ قالغان، زامزانى كىمگىدۇر بەرگەن ئوخشايدۇ.

بۇ ئىككى بالىنى دادام بىلەن ئاپام بىزدىن چارە كۆرۈپ باقتى. ياخشى تەربىيىلەپ ئوقۇتۇپ يېتىشتۇرۇپ چىقتى. تەخمىنەن 1929 - يىلى بۇرھان شەھىدى گېرمانىيىدىن شەرقىي تۈركىستانغا بىرىنچى مەرتىۋە ماشىنا ئالدۇرغاندا دادام بۇلارنى بىر ھۈنەرلىك بولۇپ قالسۇن، دەپ ماشىنا ھەيدەش ئۆچۈن شوپۇرلۇق مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، ئەڭ ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ماشىنىنى شۇلار ھەيدىگەن ئىدى. كېيىن تاش يول ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار»نى سۆرەپ چىققاندا خەمزەنىمۇ تارتىپ چىقىپ، قىيىن ـ قىستاققا ئالغاندا ئۇ مۇشۇ كۆمۈش توغرىسىدا پاش قىلىپ، ھەممىمىزگە مۇشۇ ئېغىر ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ دادام ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئاپام چاي قويۇۋېتىپ بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر. باش ئامان بولسۇن دېگىن. ئەھۋالغا قارىغاندا ياخشىلىق كۆتۈش قىيىن ئوخشايدۇ. ھەممە يەرگە قارىساڭ خەلق بېشىغا ئېغىرچىلىق كېلىۋاتىدۇ. تۈرلۈك سىياسەتلەر ۋە تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن كىشىلەرگە قالپاق كىيدۈرۈپ، كوچىلاردا ئەل ئوتتۇرىسىدا سازايى قىلدۇرۇپ ئادەملەرنى يۈرەك ئالدى قىلىپ بولدى. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇپ تۈگەركىن تاڭ؟ دېدى.

ھە، يەنە بىر قىزىق ئىش ــ دەپ سىڭلىم زەكىيە سۆزنى بۆلۈپ: تۇرپان، توقسۇنلاردا كىشىلەرنىڭ بېشىغا كىيىدىغان دوپپىسىنى ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ئېلىپ چىقىپ تاغدەك دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈپتۇ ھەم ئەرلەرنىڭ ساقاللىرىنى، ئاياللارنىڭ چاچلىرىنى كېسىپ، ئەر ـ ئاياللارغا ئوخشاش شەپكە ۋە شىم كىيىشكە مەجبۇرلاپتۇ. تۇرپاندا ياشقا چوڭ بىر ئادەم ئۇلارغا:

ــ سىلەر دوپپىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتتىڭلار، لېكىن بۇ كاللىنىڭ ئىچىدىكىنى قانداق كۆيدۈرىسىلەر؟ دېگەن ئىكەن. ئىنقىلابقا قارشىلىق قىلدى، دەپ قولىغا ئېلىپ كېتىپتۇ دەپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى.

ھە، ھە بىزدىمۇ بولدى، دەپ سىڭلىم سوفىيە سۆزگە قوشۇلدى. داقا ـ دۇمباق، بايراق، ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى كۆتۈرۈپ ئۆي ـ ئۆيلەرگە كىرىپ، قۇران ۋە ھەر قانداق كىتابلارنى، ناخشا تەخسىلىرىنى، قولدا تىكىلگەن كەشتىلەرنى، توقۇلغان چىلتەرنى ۋە قازاق قىزلىرىنىڭ بېشىغا كىيىدىغان كوكولۇق دوپپىلارنى، قوش ئېتەك كۆينەكلەرنى ۋە مارجان، سەيلەن بېسىپ تىككەن جىلتىكلەرنىڭ بىرسىنى قالدۇرماستىن ئېلىپ چىقىپ

ئوتتا ياقتى.

قازاق قىزلىرى ئون يېشىدىن باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ توييغا گۈل بېسىپ چىلتەر توقۇپ ئۆي جابدۇقى تىكىدىكەن. ئۇ بىچارىلەرنىڭ مىڭ تەسلىكتە يىپ تېپىپ توقۇغان نەرسىلىرىنىڭ بىرسىنى قالدۇرماستىن «كونىلىق» دەپ كۆيدۇرۇۋەتتى.

بىزنىڭ ئۆيدىنمۇ كەشتە تىكىلگەن پۈتۈن نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھەممىدىن ئاپامنىڭ قازان شەھىرىدىن دادىسى ئېلىپ كەلگەن گۈللۈك ئۆتۈكنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈردى، دەپ كۈلدى.

ئاپام ئۇلارغۇ بوپتۇ، پەقەت مېنىڭ قۇرانلىرىم بىلەن ئىككى ھارۋا كىتابلىرىمغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. مېنىڭ يۈرىكىم تەڭ كۆيدى، دېدى.

دادام ئېچىنغان ھالدا شۇنچە قىممەتكە ئالغان رۇسچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ۋە رۇسچە ئىنگلىزچە ھەم رۇسچىدىن فرانسۇزچە لۇغەتلىرىمگە ئىچىم ئاغرىدى. ئۇنىڭ نېمىسى كونىلىق بولسۇن! ھەيرانمەن، دۇنيا نېمە بولۇپ كەتتى، توۋا خۇدايىم، دەپ قويدى.

# گۇڭشېدىكى خەلقنى سازايى قىلىش ھەرىكىتى

30 - نويابىر

پۈتۈن يەر ئاپاق قار قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرى ئىدى. مېنى تاغ باغرىغا جايلاشقان ئات ئېغىلىدىكى يېرىم مېتىر قېلىنلىقتىكى، دەسسىلىپ قېتىپ قالغان قىغلارنى كولاشقا بۇيرۇدى. مەن ئىشلەپ ئىككى سائەتتىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا ئىشلەش ئۈچۈن سۈۋەنچىنىڭ بىلەن ئەھمەد كېلىپ جوتۇ، گۈرجەكنى تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان ئادەمدەك بولۇپ پاراڭلاشقىلى تۇردى.

ئەھمەد سۈۋەنچىڭدىن:

بۈگۈن بۇلار يەنە بىر ئىش قوزغاپ چىقىۋاتامدۇ - نېمە؟ دەپ سورىدى.

ھەئە شۇنداق كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە ئىنقىلاب دەپ بىر قوزغىلىش كۆتۈرۈپ چىقتى. نېملەر بولاركىن تاڭ. چارۋا ئىچىدە يۈرگەن بۇ خەلق «بۆك ئال دېسە، باش ئېلىپ كېلىپ» كۆپ ئىشلار بولارمىكىن، دەپ ئويلايمەن، دېدى.

ئەھمەد ئەنسىرىگەن ھالدا: مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. ئۇنداق بولغاندا ماڭىمۇ

تىنچلىق يوق دېگىنە، قورقمەن، قانداق قىلسام بولاركىن؟ دەپ شىۋىرلىغاندا ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

ــ سۇۋەنچىلىك ئۈنىڭدىن:

ــ ئاپاڭ كەتتىمۇ؟ دەپ سورىدى.

ھەئە، ئاپامنى ئەنەنچۈيگە ئەۋەتىۋەتتىم، دېدى.

ــ سىڭلىڭ زەينەپچۇ؟

ــ ئۇمۇ كەتتى.

ئەمدى سەن 18 ياشقا كىردىڭ، داداڭنىڭ قالپىقىنى ساڭا كىيدۈرۈپ قويسا تۈگەشتىڭ دېگەنلىك. ئۆمرۈڭ شۇ قالپاقنىڭ ئاستىدا ئۆتىدۇ. ئۇ بالادىن قۇتۇلالمايسەن. مۇمكىن بولسا سەنمۇ كەت. بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇر. ئەھۋال ئۆزگەرسە قايتىپ كېلەرسەن، دەپ ئۇنىڭغا مەسلىھەت بەردى.

ئەھمەدنىڭ قورقىنىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەيتتى. ئەھمەد شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك تۈگىگانلىرىدىن بولۇپ، يەر ئىسلاھاتىدا ئاپىسى بىلەن دادىسىغا پومېشچىك دەپ قالپاق كىيگۈزۈلگەن ئىكەن. دادىسى ئۆلگىلى ئون يىل بوپتۇ. بۇ پومېشچىك قالپىقى ئەھمەدنىڭ بېشىدا چوڭ بىر غەم ئىدى.

بۇلارمۇ شۇنداق پىچىرلىشىپ تۇرغاندا يىراقتىن داڭ ـ داڭ بىلەن يېقىمسىز شوئار ئاۋازى ئاڭلاندى. مەنمۇ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالدىم. ئەھمەد يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاتىنىڭ قىغىنى تاشلايدىغان تامدىكى كىچىك دېرىزىدىن تالاغا قاراپ:

ــ ۋاي خۇدايىم كىشلەرنىڭ بويىنىغا تاختاي ئېسىپ نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ نېمە قىلىشنى بىلمەي ماڭا قاراپ ساڭا كېلىۋاتسا كېرەك، سەن ئالدىغا چىققىن! تېز بول! دەپ مېنى ئالدىرىتاتتى. قورقىنىدىن ئۇنىڭ يۇمىلاق چىرايلىق يوغان قارا كۆزى تېخىمۇ يوغان بولۇپ، پارقىراپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. پۈتۈن بەدىنى تىترىگەندەك ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقاتتى.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدۈم. مەن نېمىشقا چىقىمەن. مېنى چاقىرىپ «بۇياققا چىق» دېسە ئاندىن چىقىمەن، بولمىسا بىكاردىن ـ بىكارغا ئۆزۈم ئالدىغا چىقىپ يۈرمەيمەن، دېدىم.

ئەھمەد نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۆزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئات ئوقۇرىغا

چىققان ئىدى. ئاتلار ھۆركۈپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنداق قىلما. ئۇلار كۆرسە ئۆمۈر بويى تۈگىمەس بالاغا قالىسەن، مېنىڭچە سېنى ئېلىپ چىقماس. ئەگەر چىق دېسە يۈگۈرۈپلا چىقماستىن، مەن چىقمايمەن، نېمە ئۈچۈن مېنى ئېلىپ چىقىسلەر، مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار؟ دېگىن. ئەگەر پومېشچىك دېسە، مەن «ئازادلىقتىن» كېيىن تۇغۇلغان، مەن پومېشچىك ئەمەس، ئۇ قالپاقنى تونۇمايمەن، دېگىن. ھېچ ۋاقىت سېنى ئېلىپ چىقالمايدۇ، دېدىم.

ئەھمەد خوش بولۇپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئۈستى ـ ئۈستىگە رەھمەت دەپ كەتتى ھەم كۆڭلىدە توختاش بولۇپ، بىر ئاز تىنچلاندى. ھېلىقى يېقىمسىز شوئار ھەم داڭ ـ داڭ ئاۋازلىرى بىزگە يېقىنلىشىپ كېلەتتى. ھېچقايسىمىز جۈرئەت قىلىپ تالاغا قارالمايتتۇق. ئۇلارنىڭ ئات ئېغىلىغا كىرىشنى كۈتۈپ جوتۇنى تارىسلىدىتىپ ئۇرۇپ قىغنى كولايتتۇق. ئۇلار ئات ئېغىلىنىڭ ئالدىدا شوئار توۋلاپ، ئۇن مىنۇتتەك تۇرۇپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئاستا ئېغىلنىڭ تامدىن ئاشقان تۆشۈكىدىن تالاغا قارىدىم. يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەك ئادەمنىڭ بوينىغا تاختاي ئېسىپ ئەللىكتەك ئادەم ئالدىغا سېلىپ شوئار توۋلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دادامنىڭمۇ بوينىغا تاختاي ئېسىپ ئالدىدا ئېلىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆردۈم. يۈرىكىم ئاغرىدى. لېكىن ھېچقانداق ياردەم قىلالمايتتىم. دادام بىچارە ئاق كۆڭۈل، يۇمشاق تەبىئەتلىك، ئاز سۆزلۈك ياۋاش ئادەم ئىدى. ئۇ بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ ۋە بىر ئادەمگىمۇ يامانلىق ئويلاپ كۆرگەن ئەمەستى. قولىدىن كەلسە ھەممە كىشىگە ياردەم قىلىشنى خالايتتى. خەلقنى سۆيىدىغان، ئىنسانپەرۋەر ئادەم ئىدى. ئۆزىنىڭ مۇشۇ ياخشى خاراكتېرى، بىلىمى، مەدەنىيىتى بىلەن مۇشۇ يەردىكى كىشىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. دادام خەلق ئۈچۈن جان ـ دىلى بىلەن ئىشلەپ كەلدى. ياز كۈنلىرى ساينىڭ سۈيى يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپ، بۇ يەردىكى خەلق يىراق يەرلەردىن سۇ توشۇپ كېلىپ ئىچەتتى.

دادام سايىنىڭ سۈيىنى ئۇكىسى ۋاخىت بىلەن تاغ باغرىلىتىپ ئېرىق چېپىپ سۇ كەلتۈردى. پۈتۈن خەلق مۇشۇ كۈنگىچە شۇ سۇدىن پايدىلاندى.

غۇلجا ۋە بورتالاغا بېرىپ يوغان گىرىزاۋاي يۈك ماشىنىسى ۋە توك تارقىتىش ماشىنىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، خەلق جىن چىراقتىن قۇتۇلۇپ ئېلېكتىرگە ئىگە بولغانىدى. شەھەردىن سېمونتلارنى ھەل قىلىپ كېلىپ ئۆزى پىلانلاپ تاش ئېرىقنى ياساتقان ئىدى. ئۈرۈمچىدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ شاڭخەيدىن نەسىللىك كالىلارنى ئېلىپ كەلدى. قويلارنىمۇ نەسىللىك ئۇزۇن يۇڭلۇق قويغا ئايلاندۇردى. پۈتۈن قۇرۇلۇش

بىنالارنىڭ پىلانلىرىنى سىزىپ چىقىپ، گۆڭشىدا چىرايلىق ئۆيلەر ۋە چىرايلىق مال قوراللىرى، پونكىتلىرى سىلىندى. سىپىراتور ماشىنىلارنى ئىلىپ كىلىپ سۆت پاراشوكى ياساپ چىقىشنى ئورۇنلاشتۇردى. پۈتۈن گۆڭشىنىڭ بارلىق ھىساباتلىرىنى بۆگۈنكى كۈنگە قەدەر دادام ئىشلەپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوغالتىرلىق كۇرسلىرىنى ئىچىپ ئوقۇغان ياشلارنى بوغالتىر قىلىپ يىتىشتۈرۈپ چىقتى. ھىچكىمگە زىيىنى تەگمىگەن بۇ ئادەمنى سۆرەپ چىقىپ، بوينىغا تاختاي ئىسىپ سازايى قىلغانلىقنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يامان بولدى. يىنىمدا قاراپ تۇرغان سۈۋەنچىك بىلەن ئەھمەد:

ــ قارا سىنىڭ داداڭنىمۇ سۆرەپ چىقىشىپتۇ، دەپ ھەيران بولۇپ، ماڭا قارىدى.

ــ مەن دادامغا ئىچىم ئاغرىپ كۆڭلۈم يامان بولدى. چۈنكى دادامغا كىشلەر ئارىسىغا سۆرەپ چىقىپ بۇنداق خارلاش قاتتىق ئىغىر كىلەتتى. پۈتۈن جان ـ دىلى بىلەن كىشلەرگە ياخشىلىق قىلىش نىيىتى بىلەن كىچە ـ كۈندۈز دىمەي يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىشلىگەن ئادەم ئۈچۈن ياخشى كۆڭۈل ـ ياخشى سۆز ئورنىغا بۇنداق خارلاش ئەلۋەتتە ئىغىر كىلىدۇ.

سۈۋەنچىك تۆشۈكتىن قاراپ سىنىڭ داداڭنىمۇ سۆرەپ چىقىپتىغۇ، ۋاي ئاللاھ بۇ قانداق بولۇپ كەتتى. توۋا خۇدايىم، بۇنداق ئوقۇغان ياخشى ئادەم گۆڭشىدا يوق دىيسەكمۇ بولىدۇ، پۈتۈن ئادەم ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنىمۇ سۆرەپ چىقىپتۇ، جاھان نىمە بولۇپ كەتتى؟ بۇ ئىنقىلاب ئەمەس، زىددىيەت ۋە نادانلىقنىڭ ئىشىدۇر، بۇنىڭغا قاراپ ئادەمنىڭ قورققۇسى كىلىدۇ، دىدى.

بۇنى كۆرۈپ ئەھمەد قاتتىق قورقۇپ كىسەل كىشىدەك رەڭلىرى ئۆزگىرىپ شۈمشىيىپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈلگۈم كىلىپ كۈلۈپ كەتتىم.

سەن بىر يىگىتسەنغۇ، كىيمگەن قالپاقڭا مۇنچىۋالا قورقسەن، ئەگەردە قالپاق كىيدۈرۈپ قويسا بۇ ئەھۋالدا سەن قالپاقنى كۆتۈرەلمەي ئاستىدا مىجىلىپ قالىدىغان ئوخشايسەن، دەپ چاقچاق قىلدىم.

ئەھمەد ماڭا قاراپ مۇشۇ كۈنلەرگە سەن قانداق چىداپ ياشاۋاتىسەن؟ مەن ھەيرانمەن. مەن بىر كۈنگىمۇ چىديالمايمەن. سىنىڭ بۇ غەيرىتىڭ يىگىتلەردە يوق، دىدى.

سۈۋەنچىك: بۇلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئوقۇغان ھەممە نەرسىنى توغرا چۈشىنىدۇ، ھەقىقەتنى كۆرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا بۇلار ھىچنىمىدىن، ھەتتا ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر بەك ئاز بولىدۇ، دىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن سۈۋەنچىلىك ئەھمەدنىڭ شۇ كۈننىڭ ئەتىسى كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

## 3 - دېكابىر

قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرى. ھاۋا ئوچۇق ئاپتاپلىق كۈن ئىدى. تەبىئەت شۇنچە گۈزەل، يەر يۈزى ئاپاق قار، ساپ ھاۋا ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر بېرەتتى.

مەن ئىشلەپ ئىككى سائەت ئۆتەر - ئۆتمەستىن پۈتۈن شياۋدۈي خەلقى ئات ئېغىلىنىڭ ئالدىغا يىغىلدى. ئىنقىلاب باشلىنىش بىلەن باشلانغۇچ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش توختىلىپ مەكتەپلەر يېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ھەم باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بالىلىرى شياۋ دۈيلەرگە قايتىپ ئەمگەككە قاتناشتى.

9 - 10ياشلاردىن يۇقىرى بولغان بارلىق ئوقۇغۇچى بالىلار مەجبۇرى ئەمگەككە قاتناشتۇرۇلدى. پۈتۈن ئادەم ئۆزلىرى ياسىۋالغان چانىلارغا تاغار ۋە بەزىلىرى ياغاچ ساندۇقلارنى مىخلاپ ئېلىپ ئاتنىڭ قىغىنى بىر - ئىككى كىلومېتىر يىراق ئېتىز بېشىغا ئاپىرىپ تۆكۈپ كېلەتتى. ئون نەچچە ئەر بىلەن مەن توڭلاپ قالغان قىغنى بوشىتىپ كەلگەن چانىلارغا قاچىلاپ بېرەتتۇق. يۈزدىن ئوشۇق چانىغا توك قىغلارنى قاچىلاپ بېرىش بەكمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇ ئون نەچچە ئادەم قارا تەرگە چۆمۈپ ئىشلىسىمۇ ئۈلگۈرتەلمەيتتى. تاغ ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇ بىچارە خەلق ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي بۇ ئىنقىلابتا ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقىپ قالپاق كىيدۈرۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ جان جەھلى بىلەن قاتتىق ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قالپاق بىلەن كېلىپ قالغان مېنىڭ كۆڭۈلۈم ھەققىدە سۆزلەش قىيىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى خار قىلغۇچە كۈچۈمنى خار قىلىشقا تىرىشاتتىم. كىچىك بالىلاردىن تارتىپ چوڭلارغىچە ھەممە ئادەم يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىشلەيتتى.

مىنبەگلار كىشلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ يوغان مىكروفون ئارقىلىق خەلققە مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دىكتاتورىسى ۋە قالپاقلار ھەققىدە ۋارقىراپ سۆزلەيتتى. چاققان ئىشلەگلار، بۇ ھەم ئىنقىلابقا تۇتقان پوزىتسىيە بولىدۇ دەپ ئادەملەرنى ھەيدەيتتى ۋە دەھشەت ئاۋازى بىلەن شوئار توۋلاپ خەلققە ۋەھىمە سالاتتى. قورققان خەلق نېمە قىلىشىنى بىلمەي ھودۇققان ھالدا يۈگۈرۈپ قاتتىق ئىشلەپ كەتتى. مىكروفون تۇتۇپ

تۇۋلاۋاتقان مىنبىك ۋارقىراپ:

ــ ئەكسىلىنقىلابچى سوٞيۇنگوٞلنى قادىر بېك دادوٞيجاڭ (چوڭ ئەترەت باشلىقى) ئايالىلار ھاجەتخانىسىنى تازىلىسۇن! خەلق ئىچىدە ئاما بىلەن باراۋەر ئىشلەشكە ھوقۇقى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجەتخانىنى تازىلىسۇن! دېدى، دەپ تۇۋلىدى، ھەممە ئادەم بىردەك ماڭا قارىدى.

بۇ سۆزلەر ماڭا قىلىنغان ھاقارەت بولسىمۇ، لېكىن قانداق قىلىمەن؟ بۇنىڭغا قارشى بىر نەرسە دەپ بىر ئىش قىلالمايمەن، ئامالسىزمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۇرمۇش ۋە ھاقارەتلەرگە ئۆگىنىپ قالدىم. پەقەت پەرۋا قىلماسقا تىرىشىمەن. چاپىنىمنى كىيىپ، جوتۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قاراپ كەتتىم. ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەن ئاپام ھەيران بولدى.

نېمە بولدى، نېمىشقا ئەتىگەن قايتتىڭ؟ دەپ سورىدى. مېنى قادىر بېك ھاجەتخانىنى تازىلاشقا بۇيرۇپتۇ. ھازىر شۇ يەرگە بارىمەن، دېدىم.

ئاپامنىڭ كۆڭلىنىڭ يامان بولغانلىقىنى سەزدىم. بىر چىنە چاينى قۇيۇپ تۇرۇپ، ياخشى بولدى، ئۆزۈم يالغۇز ئىشلەيمەن، ماڭا بۇ بىر ئاز يەڭگىل، دەپ خاتىرجەم تۇرۇپ چاينى ئىچىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ ئاپامۇ ئۆزىنى توختىتىپ ئىچكىرىكى ئۆيدىن ماڭا ماسكا ھەم پەلەي ئېلىپ چىقىپ بەردى.

# ئىسيانچىلار بىلەن مۇنازىرە

13 - دېكابىر

شوئار تۇۋلىغان شۇنداق سەت بىر ئاۋاز ئاڭلانغان تەرەپكە قارىدىم. دادۇينىڭ ئالدىدىن بايراقلار ۋە ماۋجۇشىنىڭ رەسىملىرىنى كۆتۈرگەن ئاتلىق، پىيادە بولۇپ، نەچچە يۈزلىگەن ئادەم سايىنى ياقىرىتىپ شوئار تۇۋلاپ ئۆرلەپ كېلەتتى.

مەندىن سەل يىراقتا ئىشلەۋاتقان گۇڭشې ئەزالىرىمۇ «بۇلار نەگە بارىدۇ؟ نېمە قىلىدىكەن؟» دېگەن ئەندىشە بىلەن ئىسيانچىلارنى كۆزىتىپ قاراپ تۇراتتى.

ئۇلار ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تەگكۈدەك قاتتىق ئاۋاز بىلەن شوئار تۇۋلايتتى. ئۇلار ئۆيدىن كىشىلەرنى سۆرەپ چىقىپ بوينىغا تاختاي ئېسىپ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلەتتى. بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۇلار بىزنىڭ ئۆي تەرەپكە قاراپ بۇرۇلدى.

كۆڭلۈم ئەنسىرەپ گۇڭشىي ئەزالىرى ئىشلەۋاتقان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىسام سىڭىللىرىم سوفىيە، غەيشە قولىدىكى گۈرجەكلەرنى تاشلاپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئىشىك ئالدىدا ۋارقىراش ۋە شوئار توۋلاشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كۆپ ئۆتمەستىن چۇشلۇك تاماق ۋاقتى بولدى. مەنمۇ ئۆيگە قاراپ كەتتىم. ئىشىك ئالدىغا كەلسەم ئاپامنى «چەتكە باغلانغان شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇر» دەپ (ئاپامنىڭ ئاپىسى ۋە سىڭلىسى ھەم دادامنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۈچ قىزى سوۋېتكە چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن چەتكە باغلانغان شيۇجېڭجۇيىچى دەپ قارايدۇ. چۈنكى جۇڭگو بىلەن سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت سوتسىيالىزمىنى بۇرمىلاپ كەتتى دېگەن كۆز قاراشتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېتتە تۇغقىنى بار ئادەم بولسىلا شيۇجېڭجۇيىچى دەپ ئاتاپ كەلدى) شۇ سەۋەب بىلەن بويىنغا تاختاي ئېسىپ ئېلىپ چىقمىز دەپ كەلگەن ئىكەن. ئاپام تاختاي ئاستۇرماي سوفىيە، غەيشە ئۈچى ماۋجۇشىنىڭ يىلوسى (كىتاب) بىلەن مۇنازىرە قىلىشىۋېتىپتۇ.

مېنى كۆرگەن ئىسيانچى توپى مېنىڭ ئىېتىمنى بىلمىسە كېرەك. چۈنكى باشقا يەردىكى باشقا ئەترەتنىڭ ئادەملىرى ئىدى. ئايگۈل چىقسۇن! ئايگۈلنى يوقىتايلى! دەپ شوئار توۋلىدى. ئايگۈل دەپ توۋلىغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ توۋلىغان شوئارىغىمۇ قارىماستىن ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. تالادا مۇنازىرە قاتتىق قىزىپ كەتتى.

مەن ئۆيدىن ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇزۇندە سۆز كىتابىدىن جاۋاب تېپىپ بەلگە سېلىپ ئىنىم ئەھمەدتىن چىقىرىپ بېرىپ تۇردۇم. ئۇلار شۇنىڭغا قاراپ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، بىر سائەت مۇنازىرە قىلىش جەريانىدا ماۋزېدۇڭنىڭ سۆزىنى ئۇلارغا جاۋاب قىلىپ يۇرۇپ يېڭىپ چىقتى.

ئەڭ ئاخىرىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ كەلگەن نەچچە يۈز ئادەم بايراقلىرىنى كالتەكتىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ قاتلاپ يانچۇقلىرىغا سېلىپ تارقاپ كەتتى. بويىنغا تاختاي ئاسقان كىشىلەرمۇ ئۆز بويىندىكى تاختايلارنى ئېلىپ تاشلاپ تارقالدى.

گۇڭشېدىكى بىر قانچە باشلىقلار ئاپامنىڭ بويىنغا مەجبۇرى تاختاي ئاسماقچى بولغاندا تاختايىنى يۇلۇپ ئېلىپ بىر پىرقىرىتىپ ئاتقان ئىدى، تاختاي ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ پىرىلداپ ئۇچۇپ بېرىپ ئىسكىلات بىناسىنىڭ ئۇستىگە چۈشتى.

ئاپام ماۋزېدۇڭنىڭ سۆزلىرىدىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ھوقۇقدارلارنى سۈرەپ چىقىپ كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە سۆزلىرىنى ئوقۇپ

بېرىپ:

ــ بۇ ئىنقىلاب ماڭا ئوخشاش ئۆيدە بالا بېقىپ ئولتۇرغان ئاياللارنى ئەمەس، مانا سىلەرگە ئوخشاش پارتىيە ئىچىدىكى ھوقۇقدارلارنى سۆرەپ چىقىپ كۈرەش قىلىش كېرەك دېگەن. بۇ قالپاق سىلەرگە خاس. ماڭا ۋە بۇلارغا ئوخشاش (تاختاي ئېسىپ بالىسىنى ھاپاش قىلىپ تۇرغان خوتۇنلار) نى كۆرسىتىپ، بىزلەرگە قارىتىلمىغان. سىلەر ئىنقىلابنىڭ مەقسىتىنى، سىياسىتىنى ياخشىلاپ ئۆگىنىپ بولۇپ، ئاندىن ئىنقىلاب قىلىڭلار، دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇزۇندە سۆزلىرىنى خاتا دەپ قارشى چىقىش ياكى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كىمكى ئۇنىڭغا قارشى سۆزلەيدىكەن ئورنى تۈرمە ئىدى. شۇڭلاشقا ھېچكىم قارشى بىر ئېغىز سۆز قىلالمايتتى.

بۇ ۋەقەدىن ھەممىمىز كۆڭۈلسىز بولدۇق.

بۇ ئىنقىلاب قاچان تۈگەيدۇ؟ قانداق ئاقىۋەتلەر بار؟

بىرىنچى قەدەمدە تىغنىڭ ئۇچىنى بىزگە قاراتتى. شۇنچە كۆرسەتكەن ئەمگەكلىرىمىزنىڭ ھەممىسى يوققا چىقتى. بۇلارنىڭ پەيلى يامان. قانداق بولمىسۇن مىللەتچىلىك قىلىپ ئارىغا ئالمايدۇ. ھەر ئېغىرچىلىق بولسا بىزگە ئىتتىرىپ، ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشسا كېرەك، دەپ ئۆيدىكىلەر بەكمۇ كۆڭۈلسىز بولدى. مەن ئىچىمدە، مېنىڭ قايتىپ كېلىشىم تۈپەيلىدىن بۇ ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتىدۇ، دەپ خىجالەت بولۇپ قىسىلدىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كىچىك سىڭلىم مۇشەررەپ تالاغا مۇشۇكنى ئىزدەپ چىققان يېرىدىن سالقىنىڭ مەغرىبكە بىلەن فەدىبىزە ئاپاينىڭ قىزى مەخفۇزە ئىككىسى سىڭلىمنى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىمىز، دەپ ئۇرماقچى بولۇپ قوغلىغاندا، مۇشەررەپ قېچىپ بېرىپ ئۈچ مېتىر يارغا چۈشۈپ كېتىپ يانپىشىنى ئاغرىتىپ ئالىدۇ. بىر ھەپتىگە يېقىن ئاغرىپ ئاقساپ ماڭالماي قالدى. دوختۇرلار ئۇرۇمچى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ رېنتگېنغا سېلىپ كۆرۈش ئۈچۈن دوختۇرخانىدىن خەت يېزىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپام كىچىك سىڭلىمنى ئېلىپ شەھەرگە كەتتى. ئۆيىمىزنىڭ ئىچى تېخىمۇ كۆڭۈلسىز بولۇپ قالدى.

سىڭلىمنىڭ يانپىشى چىقىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇنى تاڭدۇرۇپ ئۈچ ئاي ئورۇندا يېتىپ داۋالىنىپ ساقايدى.

## 67 - يىلى ياڭزار

يېڭى يىل كىرىشى بىلەن زىيالىيلارغا قارشى سىياسەت باشلاندى. شەرقىي تۈركىستان بويىچە پۈتۈن مەكتەپلەر يېپىلىپ ئوقۇغۇچىلارنى «سېسىق زىيالىيلار» دەپ يېزىلارغا ھەيدەپ، ئەمدى گۈڭشېلاردا بولسا دادۇي، گۈڭشېلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئىشچى، كەمبەغەللەر باشقۇرۇش كېرەك، دەپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تۆمۈرچى نوكتە دېگەن كىشىنى سايلاپ قويدى. ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى مولداش شاۋجاڭنىڭ ئورنىغا ھارۋىكەش مۇقاش دېگەن كىشىنى سايلىدى. ئۇ ئادەملەر ئوقۇمىغان ھەتتا ساۋاتىمۇ يوق ئاددىي ئۆز ئەمگەك كۈچى بىلەن ياشاپ كەلگەن ئادەملەر ئىدى. مۇشۇ سىياسەت ئۆزگىرىپ تۇرغان بىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دادامنى دوختۇرغا كۆرسىتىش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىپ شەھەرگە ئاپىرىپ قويدۇق. شەھەردە ئۆزىمىزنىڭ ئۈچ ئېغىز ئۆيىمىز بار ئىدى. ئۇلار شۇ ئۆينىڭ بىر ئېغىزىدا ئۆزلىرى تۇرۇپ، بىر ئېغىزىنى ئىجارىگە بېرىپ، شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى.

دادامنىڭ ئەھۋالى راستتىن ئېغىر ئىدى. ئاستما ۋە برونشىت (دەم سىقىلىش كېسىلى) بولۇپ، نەپەس يەتمەي ئازاب چېكەتتى. دادام تېخى ياش، ئەمدى ئەللىككە كەلگەندە بۇ ئاغرىققا يولۇقۇشى بىزنى ئەنسىرىتىپ كۆڭلىمىزنى بۇزاتتى.

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئىككى ئاي بەلدىن سۇ كېچىپ قۇدۇق كولىدۇق. بەشىنچى ئايغا قەدەر تاغنىڭ تىرىسكەي تەرەپتە يالغۇز ئۆزۈم بەلدىن قار كېچىپ تىكەنلىك چاتقاللارنى كېسىپ ئىشلىدىم. پۈتۈن گۈڭشې ئەزالىرى ئۈچ ئاي ئىش يوق دەم ئالدى. ماڭا ئىش تېپىپ بېرەلمەي ھېچ كېرەكسىز بولغان بۇ تىكەنلىكنى چاپتۇردى. بىر يىلدا بىر كۈنمۇ دەم ئالماستىن قىشتا كۈنىگە ئون سائەت، يازدا 24 - 36 سائەتلەپ ئىشلىگەن كۈنلىرىمىز كۆپ بولدى. بۇ ئېغىر ئەمگەك، ئېغىر كۈنلەرگىمۇ ئۆگىنىپ قالدىم. تۈرمە ھاياتىنى ئېغىر دەپتىكەنمەن، ھازىرقى بۇ تۇرمۇشۇمنىڭ ئالدىدا ئۇ ھېچ نېمە ئەمەسكەن.

## 67 - يىل ئاپرېل نەنسەندە ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىشى

چۈشلۈك تاماققا ئۆيگە قايتسام شەھەردىن ئاپام بىلەن تاغامنىڭ ئايالى مەخفۇزە ھەدەم كەلگەن ئىكەن. ئۆينىڭ ئىچى بەك كۆڭۈللۈك بولۇپ، ھەممىمىز خۇشال ئىدۇق.

بىر چىرايلىق تاماق يەپ ئولتۇرغىنىمىزدا شۇنداق دەھشەت پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭلا يەر تەۋرەپ پۈتۈن نەرسە سىلكىنىپ ئۈستەل ئۈستىدىكى چىنە - قاچىلار داراڭلاپ، تامدىكى ئەينەك چۈشۈپ كەتتى. تامدىن توپىلار قۇيۇلدى. ھەممىمىز يۈگۈرۈشۈپ تالاغا چىقتۇق. ئۆي - ئۆيلەردىن چىققان ئادەملەر ئات ھويلىسىنىڭ يۇقىرىسىغا تاغ توپىسىدىن ئاسمان پەلەك بولۇپ، موگو (ساڭراۋ قۇلاق) شەكلىدە كۆتۈرۈلگەن قويۇق قارا ئىسقا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ بىر - بىرسىدىن »بۇ نىمە نەرسە« دەپ سورىشاتتى.

مەن ئۇ ئىسقا كۆزۈم چۈشكەندە يۈرىكىمگە پىچاق سانجىلغاندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز «ئاتوم پارتلىدى» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

ـ نەدىن بىلىسەن؟ ئۇنداق ئەمەستۇ؟ دەپ قورقۇپ كەتتى، مەخفۇزە ھەدەم.

ـ بىز مەكتەپتە ئوقۇغان، نەق ئۆزى شۇ. ئاتوم پارتلىدى، دەپ ھاياجاندا توۋلاپ كېتىپتىمەن.

ـ ئاستا گەپ قىل. باشقىلار ئاڭلىسا بالادا قالىسەن، دەپ ئاپام ئەنسىرەپ ئەتراپقا قاراپ قويدى.

موگو شەكلىدىكى قارا ئىس تارىلىپ كۈننىڭ نۇرىنى توسۇپ، يەر يۈزىنى قاراڭغۇ، كۆڭۈلسىز بىر ھالەتتە قالدۇردى. تاغامنىڭ ئايالى قورققىنىدىن «ئەل ئامان، يۇرت تىنچ ۋاقتىدا باللىرىمنىڭ يېنىغا كېتىۋالاي» دەپ شۇ كەلگەن ئاپتوبۇس بىلەن شەھەرگە كېتىپ قالدى.

بۇ خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۈستىدە «ئاتوم سىنىقى»نى جۈرەتلىك ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. بۇ بىزنىڭ خەلقىمىزنى ئاياق ئاستى، دەپسەندە قىلىش ۋە خارلاشتىن باشقا ئەل بېشىغا چۈڭ بىر ئاپەتتۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى تەجرىبە سىناق ئېلىپ بارىدىغان ھايۋانلار ئورنىدا بولۇپ قالدى.

ئۈرۈمچى شەھرىدىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گەنگۆگە يېقىن يەردە پارتلىغان بۇ ئاتوم خەلقنىڭ بېشىغا يەنە قانچىلىك بالايى - قازالارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ۋە ھېچكىمنىڭ بىر قارشىلىق قىلغۇدەك مادارىمۇ يوق ئىدى.

يەنە نېمىلەر بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ بىلىدۇ. بۇ نەرسە ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇزۇن زامان مېڭەمدىن چىقماي، ئىچىم سىقىلاتتى.

# ئۈچ ماشىنا ھادىسىسى

67 - يىل 17 - ئاپرېل

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتاتتۇق. شەھەر تەرەپتىن ئۈچ ماشىنا كەلدى. ئالدىمىزدىن ئۆتكەندە قۇرۇق ماشىنىدەك كۆرۈندى. مەن بۇ يەردىن بىر نەرسە ئالغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئويلىسا كېرەك. ھېچكىممۇ دىققەت قىلىپ قارىمىدى. ماشىنا بىزدىن ئۆرلەپ كەتكەندە قارىسام ماشىنىنىڭ ئىچىدە زىچ ئولتۇرغان ھەربىي كىيىمدىكى قوراللىق ئادەملەرنى بايقاپ قالدىم. كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى. ئۇلار يوشۇرۇنغاندەك قىياپەتتە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. ماشىنا گۇڭشې تەرەپكە كەتتى. يېنىمدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ھېچقايسى كۆرمىدى. مەن ئەتراپقا دىققەت بىلەن قاراپ تۇردۇم. كۆپ كېچىكمەستىن پاڭ - پۇڭ ئوق ئېتىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ھېلىقى ئۈچ ماشىنا شۇنداق تېز كېلەتتى. ئىچىدىكى كۆرۈنمەي ئولتۇرۇپ كەتكەن قوراللىق ئادەملەر ئۆرە تۇرۇپ تۆت تەرەپكە قارىتىپ ئوق ياغدۇراتتى. پۈتۈن خەلق قىيا - چىيا قىلىپ قېچىشقا باشلىدى. مېنىڭ يېنىمدا ئىشلەۋاتقانلار مەكتەپ بىناسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ماشىنىدىكىلەر كەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن خەلق ئۆزىنىڭ باللىرىنىڭ ئېتىنى توۋلاپ ساينىڭ ئىچىدە ئەنسىزلىك تۇغۇلدى. مەن بىرەرسى ئۆلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. پۈتۈن ئەتراپ ئالا - توپىلاڭ بولدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ، ئۆيگە قايتسام سىڭلىم فىردەۋس چىرايلىرى تامدەك بولۇپ، يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. مەن چۆچۈپ كەتتىم.

– نېمە بولدى؟ بىرسى بىر نېمە بوپتۇمۇ؟ سوفىيە، غەيشەلەر قېنى دېدىم.

– بىلمىدىم، ئۇلار ئىشقا كەتكەن. ماشىنىدىكى كىشىلەر كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، قابدالقاق، قەنەغەت بىر قانچە مىنبىڭلار بىلەن ئۆيگە كىرىپ:

– سادىق قېنى؟ سادىقنى چىقىرىپ بەر دەپ ھېچنېمىگە قارىماستىن پۈتۈن ئۆيىمىزنى ئاختۇرۇپ چىقتى. تاختاي ئاستىنى ئېچىپ:

– سادىق چىق بوياققا! قورالىڭنى تاشلا! چىق دەيمەن سادىق چىق دەپ يوغان كالتەكلەرنى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ ئىچىدە توۋلاپ كەتتى. مەن نېمە بولغىنىنى بىلمەي سادىققا بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، دەپ بەكمۇ قورقۇپ كەتتىم. ئۇلار ماڭا سادىقنى ھازىر تاپ دەپ ۋارقىرىغان ئىدى، مەن قورققىنىمدىن ئاران نېمە بوپتۇ ئۇنىڭغا؟ دەپ سورىدىم.

ـ سادىق ھازىر گۇڭشېغا ئىككىنچى قىزىل سىلىڭبۇنى (ئىشتاتنى) باشلاپ چىقىپ گۇڭشېنى تالاپ، گۇڭشېنىڭ باشلىقى گۇ شۇجىنى باغلاپ قويۇپ بارلىق ماتېرىياللارنى بۇلاپ كېتىپتۇ. سادىقنى ھازىر تېپىپ بەرمىسەڭ كۆرگۈلۈكۈڭلارنى كۆرستىمىز، دەپ چىقىپ كەتتى. قانداق قىلىمىز؟ سادىقنى بۇلار تۇتۇپ ئالدىمۇ؟ دەپ ئۆزىنى تۇتالماي تىترەيتتى.

مەن سىڭلىمنى بەزلەپ قورقما، سادىق ئەتىگەن مەن بىلەن ئۆيدىن بىللە چىقىپ ئۇ سارى چوقا فىرمىسىغا كەتتى ئەمەسمۇ دېدىم. مەن خالىس ئەمگەككە چىققاندا سادىققا: «سەن ئۆيدىكىلەرگە بېرىپ كەل، بىز بىر ئايدىن ئارتۇق بولدى، خەۋەرلىشەلمىدۇق، دادام ـ ئاپاملار قانداق تۇرۇۋېتىپتۇ» دەپ ئۇنى سارى چوقا موچاڭغا (فىرمىسى) سىڭلىم زەكىيە شەھەرگە ماشىنا توسۇپ سېلىپ قويسۇن، دەپ ئەۋەتتىم. سادىق بۇ يىل ئىنچىكە ئۆزۈن بولۇپ، بويلىرى ئۆسۈپ قالغان ئىدى. ئۇ تېخى كىچىك ھەم بىرىنچى مەرتىۋە يالغۇز ئۆزى يولغا چىقىشى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا كۆچ بېرىپ «ئەمدى سەن چوڭ بولدۇڭ، يىگىتسەن قورقما، مۇشۇ يول بىلەن ماڭ» دەپ ئۇزىتىپ كەينىدىن ئەنسىرەپ قاراپ قالدىم.

بۇ كەلگەن ئادەملەرنىمۇ ئىزاتارتماستىن بىزدىن كۆرمەكچىمۇ تۇۋا دېدىم.

فىردەۋس ماڭا بۇلار يەنە كىرىمىز، ئۆيۈڭلارنى ئاختۇرىمىز، دەپ چىقىپ كەتتى، يەنە كەلسە قانداق قىلىمىز؟ دېدى.

مەن بۇ نەرسىنى باھانە قىلىپ ئۆيىنى ئاختۇرۇشى مۇمكىن، دەپ يېزىۋاتقان كۈندىلىك خاتىرەمنى ئادەم كۆرمەيدىغان ئەپچىل جايغا يوشۇرۇپ قويدۇم ۋە فىردەۋسكە: مەن ھازىر ئىشقا چىقمەن، سوفىيە بىلەن غەيشە كېلىپ قالسا ئۇلار ئىشقا چىقماستىن سېنىڭ يېنىڭدا قالسۇن، دېدىم.

كېيىن ئاڭلىساق شۇ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە سادىققا ئوخشايدىغان بىر كىچىك بالا بار ئىكەن، بۇلار ئۇنى سادىق دەپ ئويلىغان ئوخشايدۇ. ئەسلى گۇڭشې باشلىقى گۇ شۇجىنىڭ ئوغلى ئۈچ ماشىنا ئادەمنى باشلاپ چىقىپ گۇڭشېدىكى ماتېرىياللارنى ۋە پۇللارنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

كۈندە دېگەندەك مىنبەرلار «خەلق ئەسكىرى» ۋە باندىت قەنەغەت (قەنەغەت شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان باندىتلىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ خەلقلەرنى بۇلاپ، تالاپ ۋەيرانچىلىق قىلغانلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇنى شۇ ھەرىكەتتى ئۈچۈن قولغا ئېلىپ «تارىخى ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاق بىلەن تۈرمىدە يېتىپ چىققان ئىكەن.

هازىر ئۇ ئەترەت باشلىقى بولۇپ، خەلقنى قاتتىق قول بىلەن باشقۇرۇپ «مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ بىرسى ۋە بىزنىڭ ئائىلىگە ئەڭ يامان دۈشمەن بولغانلارنىڭ ھەم بىرسى شۇ كىشى ئىدى. (كىشىلەر ئۇنى ھەر ۋاقىت باندىت قەنەغەت دەپ ئاتايتتى.) ئۆيىمىزگە كېلىپ سادىقنى ئىزدەپ ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يۈردى. سادىق كەلگەندىن كېيىن، «شەھەرگە بېرىشىڭغا قەتىي رۇخسەت يوق» دەپ ئۇنى كىچىك بولسىمۇ ئەمگەككە ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان دادام بىلەن ئاپام سادىقنى بىر ئامال قىلىپ شەھەرگە ئەۋەتىۋېتىشكىلار، دەپ تاپىلاپ ئېيتقاندىن كېيىن، 8 - ئايدا غەيشە بىلەن سوفىيە كەلگەن ماشىنىلار بىلەن سادىقنى يوشۇرۇپ يولغا سېلىۋەتتى. ئورمىدىن قايتقاندىن كېيىن سوفىيە ھەم شەھەرگە كەتتى. چۈنكى 67 - يىلى بىرىنچى ئايدىن باشلاپ گۆڭشېدىن دادام - ئاپام ۋە كىچىك ئىنى - سىڭىللىرىم بولۇپ، ئالتە ئادەمنىڭ ئاشلىق نورمىسىنى بەرمەي توختاتتى. پەقەت تۆت كىشىگىلا نورما بەردى. بىر يىلدا بىزگە پەقەت ئەتراپتىن ئۇن ۋە ياڭيۇدىن باشقا ھېچنەرسە بەرمەيدۇ. ئىشلىگەن ئىش ھەققىمىز ئۈچۈن يىللار بويى بىر تىيىن پۇل كۆرمەيمىز. تۇرمۇش ئېغىرلاشتى. شەھەردە ئاتا - ئانام باللار بىلەن نورمىسىز ئۆيدىكى گىلەم، كىيىم - كېچەككە ئوخشاش كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى سېتىپ ئېلىپ ئاندىن ئۇ بېلەتنى ھۆكۈمەتنىڭ ئون پونكىتىغا ئېلىپ بېرىپ ئاشلىق سېتىپ ئالاتتى. سىرتتىن ئاشلىق بېلەتمۇ ئاسان تېپىلمايتتى. ھۆكۈمەت بىلىپ قالسا: «قانۇنسىزلىق بىلەن ئېلىپ - ساتار قىلدىڭ» دەپ تۇتۇپ كېتەتتى. ئەھۋال قىيىنلاشتى. ئۆيدىمۇ ساتار نەرسە تۈگەپ قالغان ئىدى. ساتىمەن، دەپ ئېلىپ چىقساڭ شۇنداق ئەرزان ئەرزىمىگەن باھا بىلەن ئالاتتى. شۇنىڭغىمۇ خۇشال بولۇپ، ئۆلمەسنىڭ چارىسىنى قىلاتتى.

سىڭلىم سوفىيە شەھەرگە بارغاندىن كېيىن ئىسمىنى يوشۇرۇپ سورەييە دەپ، سەلىمە ھەدىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن باسما زاۋۇتىغا ئىشقا كىرىپ، كۈندۈزى زاۋۇتتا ئىشلەپ، كېچىلىرى رېشىلىيە تىكىپ ئائىلىگە ياردەملەشتى.

كۈندۈز ماشىنا بوش ۋاقىتدا ئاپام تىككۈچىلەرنىڭ كېسىپ بەرگەن زاكاز (بۇيرۇتۇلغان) ئىشنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئەرزان باھادا تىكىپ دېگەندەك كۈن كۆچۈرۈشكە باشلىدى. شۇ يىللاردا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىككى خىل كۆز قاراشقا بۆلۈندى. بىرسى 1 - 3 - سىلىڭبۇ، ئىككىنچى قىزىل ئىككىنچى سىلىڭبۇ بولۇپ، بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشتىكى كىشىلەر بىر - بىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى.

شەھەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ، نەنمىڭ (جەنۇبى دەرۋازا) دىن سەندۈڭبىغا قەدەر ئارىلىقنى

قىزىل 2 - سىلىڭىبۇ كۆز قاراشتىكىلەر ئىشغال قىلدى. نەنمىڭدىن (جەنۇبى دەرۋازا) ئۇ تەرىپىنى 1 - 3 - سىلىڭىبۇدىكىلەر ئىشغال قىلىپ، بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشتىكى ئادەملەر قارشى تەرەپنىڭ يېرىگە ئۆتەلمەيتتى. ئەگەر ئۆتۈپ قالسا تۇتۇپ ئۇرۇپ قىيناپ ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. بۇ ئىككى خىل كۆز قاراش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ ئىدارە، زاۋۇت، مەكتەپلەر، ئەڭ قىسقىسى ئائىلىدىكىلەرمۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، سوقۇشۇشقا باشلىدى. نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر مۇشۇ سەۋەبلىك بۇزۇلۇپ، ئەر - خوتۇن ئايرىلىپ كېتىپ باللار يېتىم قالغان، ھەتتا بەزى ئادەملەر زىددىيەتنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈپمۇ ئالغان ئىدى. شەھەر ئىچىدە تىنچلىق يوقالدى. پۈتۈن چوڭ بىنا، مەكتەپ، ئىدارە ئورۇنلارنىڭ ئۈستىگە كۈچلۈك ئاۋازلىق يوغان مىكروفون كانايلىرى ئورنىتىپ ئۇنىڭدا توختىماي يىگىرمە تۆت سائەت ۋارقىراپ كىشىلەرنى تەشۋىشكە سالىدىغان سۆزلەر ۋە تەشۋىقاتلارنى ھەمدە ماۋجۇشىنى مەدھىيىلىگەن ناخشا - شوئارلارنى ۋارقىرىتىپ، ئۇ بولمىسا «قىزىل چىراغ»، «شاجاباڭ» دېگەن خەنزۇچە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ شۇنداق سەت، يېقىمسىز ناخشىلىرىنى ئوينىتىپ كىشىلەرنىڭ جېنىغا تېگەتتى، ئادەملەرگە كېچىدە ئۇيقۇ كۈندۈزدە ئارام بولمايتتى. كىشىلەر ئۆزارا پاراڭلىشالماي قۇلاقلىرىغا پاختا تىقىپ ئالسىمۇ جېنىغا ئارام بولماستىن ئازابلىناتتى. بىزنىڭ گوڭشېدىكىلەرمۇ «1 - 3 - سىلىڭ» كۆز قاراشتا ئىدى. ئۇلار بۇ كۆز قاراشقا سادىق كۆڭلى ۋە ھەقىقىي يۈرىكى بىلەن ئىشلەپ كەلدى.

ئۇلار گوڭشېدىكى ساغلام، كۈچلۈك يىگىتلەردىن يۈزدەك ياشلارنى تاللاپ چىقىپ ئۇلارغا تولۇق قورال ۋە مەخسۇس كىيىم بىلەن ئاتلار تارقاتتى ھەم بۇلارنى «ئاتلىق مىنبىڭلار» (ئاتلىق ئەسكەر) دەپ تەيىنلەپ، كېرەك بولغاندا بۇلارنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ بەزى ئورۇنلارنى ئىشغال قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشتۇرۇپ، ئۇ يەردە ئۇرۇپ - تالاپ ھەتتا ئۆلۈم ھادىسىسىگىمۇ ئۇلارنىڭ قاتناشقىنى كىشىلەر ئاغزىدا سۆزلىنەتتى.

ئەمدى ئۈرۈمچىدە بىزنىڭ ئۆي ياڭخاڭدا يەنى نەنمىڭدىن يۇقىرى قىزىل 2 - سىلىڭىبۇ ئىشغال قىلغان جايدا بولغانلىقتىن، گوڭشېدىكىلەر بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەرنى «قىزىل 2 - سىلىڭ» كۆز قاراشتا دەپ قارايتتى ۋە كېچە - كۈندۈز بىزنىڭ ئۆيىنى كۆزەت قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ھېچقايسىمىز ھېچقانداق كۆز قاراشتا بولمىدۇق. چۈنكى بۇ ئىككى كۆز قاراشنىڭ بىرسى ۋاڭ ئىنماۋنى، يەنە بىرسى ئۇگاڭنى قوللايدىغان كۆز قاراش بولۇپ، بۇنىڭ بىز ئۈچۈن يەنى مىللىيلار ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى.

# چوڭ ئەترەت زالدىكى كۈرەش يىغىنى

67 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

كىشلەر ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن قالپاقلىقلارنى، پومبىشچىك، باي دېھقانلار بىلەن كېسەكلەرنى توشۇپ تىزىۋاتاتتۇق. 6 قوراللىق مىنبىڭ كېلىپ بىزنىڭ ئەتراپىمىزنى چۆرىدەپ زەھەرلىك كۆزلىرى بىلەن يەۋەتكۈدەك قاراپ تۇراتتى. مەن ئاستا شىۋىرلاپ يېنىمدىكىلەردىن:

بۇلار نېمىشقا كېلىپ يۈرىدۇ، دەپ سورىدىم.

لاۋلى: گەپ قىلما قىز، ئۇرۇپ كېتىدۇ، دېدى.

مەن كۆڭلۈمدە بىرەر يامان ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى سەزدىم، يېرىم سائەت ئۆتمەستىن ھېلىقى مىنبىڭلار بىزنى چاپسان تىزىلىڭلار، دەپ توۋلاپ يۈرۈپ چوڭ ئەترەت زالىغا ئېلىپ باردى. زالنىڭ ئىچىدە ئادەملەر زىچ جايلاشقان ئىدى.

ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتتىن كەلگەن، ياشلىق ۋە ساغلاملىق ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈچ ۋە غەيرىتىنى نەگە ئىشلىتىشنى بىلمەي تۇرغان 16، 21 ياشلار ئەتراپىدىكى ئەللىككە يېقىن ياش مىنبىڭلار بەللىرىگە گرانات ۋە ئوقلارنى قىستۇرغان، مۈرىلىرىگە ئاپتومات ئاسقان ھالدا، ئادەم بىلەن لىق بولۇپ تۇرغان زالنىڭ ئىچىدە كۆن ئۆتۈكى بىلەن تارسىلدىتىپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ كىشلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىشقا تىرىشاتتى.

بىزنى زالغا باشلاپ كىرىشى بىلەن:

«تۆت خىل ئۇنسۇرلارنى يوقىتايلى!»
«يوقالسۇن سىنىپىي دۈشمەنلەر!»

«تۆت خىل ئۇنسۇرلاردىن ھېساب ئالايلى!» دېگەن شوئارلار بىلەن پۈتۈن زال خەلقى دۇر - دۇر توۋلايتتى. بىزنى خەلقنىڭ ئالدىغا تىزىپ تۇرغۇزدى. ھەممە ئادەم مۇشتۇمىنى بىزگە تەڭلەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرايتتى. ماڭا بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. خۇددى مەن خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغىغۇدەك بىر يامان ئىش قىلغان ئەسكى ئادەمدەك بولدۇم. راست مەن شۇنچىلىك يامان ئادەممۇ؟ مەن نېمە يامان ئىش قىلدىم؟ ئوغرىلىق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرمىدىم، يامان يولدا يۈرمىدىم. مەن پەقەت خەلق ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقىنى

ئىستىدىم، مەن يامان ئادەم ئەمەس. مېنىڭ گۇناھىم يوق، دەپ ئۆز كۆڭلۈمنى بەزلەپ قەددىمنى تىكلەپ، ئۆزۈمنى مەغرۇر تۇتۇشقا تىرىشتىم ۋە ئىچىمدىمۇ بىر كۈچ پەيدا بولغاندەك بولۇپ، كۆكسۈمنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ خەلققە قاراپ تۇراتتىم. مېنىڭ بۇ تۇرۇشۇمغا ئاچچىقى كەلگەن قابدالقاق مىنبىك يۈگۈرۈپ كېلىپ دۈمبىلىرىمىزگە مۇشتلاپ ئىتتىرىپ يۈرۈپ «ئېگىش - ئېگىش» دەپ يۈكۈنۈپ تۇرغاندەك تۇرغۇزۇپ ئىككى قولىمىزنى پۇتىمىزنىڭ ئۇچىغا يەتكۈدەك چۈشۈرۈپ ئېگىپ قويدى ۋە مېنىڭ بېشىمدىكى ياغلىقنى قابدالقاق يۇلۇپ ئېلىپ كىشىلەرنىڭ ئاياق ئاستىغا تاشلىدى. ئۆزىنى بىلمەي سەكرەپ يۈرگەن بەڭۋاش باللار پاسكىنا پۇتلىرى بىلەن چەيلەپ دەسسەپ تۈكۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ماڭا ھاقارەت قىلىۋاتقىنى ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ روھۇمنى ئاياق ئاستىغا سېلىپ دەسسىگەندەك بولدى.

كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغان سىڭلىم سوفىيە بۇ خارلىققا چىدىماستىن يەردىن ياغلىقنى ئېلىشى بىلەن، ھېلىقى قوراللىق مىنبىگلار سوفىيەنى سۆرەپ تالاغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. تالادا ۋاراڭ - چۇرۇڭ باشلاندى. زالدىكى بارلىق مىنبىگلار تاشقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. مەن سىڭلىلىرىمنى ئۇرۇۋاتقىنىنى بىلىپ كۆڭلۈم يامان بولدى. ئىچىم سىقىلىشقا باشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن مىنبىگلار تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ، مېنىڭ ياقامدىن سۆرەپ ئالدىغا تارتىپ چىقتى. قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ:

– ھەي خەلقلەر! بىلەمسىلەر، ماۋۇ تۇرغان ئەكسىلىنقىلابچى سۆيۈنگۈل شىنجاڭنى ئامېرىكا، ياپون ۋە سوۋېتكە ساتقان خائىن دەپ توۋلىغان ئىدى، زالدىكى پۈتۈن ئادەم چۆچىگىنىدىن بىردەك «ئۇ» دەپ ئىچىگە تارتىپ خۇدايىم ساقلىسۇن دەپ دۇرۇلدىشىپ كەتتى. ھەممە قوراللىق مىنبىگلار مېنى چۆرىدەپ ئېلىپ شىنجاڭنى قانچىگە ساتتىڭ، تاپشۇر، مەسىلەڭنى تاپشۇر، دەپ ياقامدىن سىقىپ بىر ئىتتەرگەن ئىدى، سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ قارشى تەرەپتە تۇرغان مىنبىك (خەلق ئەسكىرى) لارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇلار:

– ساتقان پۇلۇڭنى نەگە قويدۇڭ تاپشۇر! دەپ بىر قانچە مۇشت بىلەن باش - كۆزۈم دېمەي ئۇرغان ئىدى، چېچىمغا قىستۇرغان تارغاق ئېتىلىپ يەرگە چۈشۈپ ئۆرۈلگەن چېچىم مۈرەم ئۈستىدە تارىلىپ چۇۋۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى ۋالىبول توپىدەك بىر دەم ئۇ تەرەپكە، بىردەم بۇ تەرەپكە سەنتۈرۈلەتتىم. ياقامدىن سىقىپ:

شىنجاڭنى كىمگە ساتتىڭ؟ نەچچىگە ساتتىڭ؟ ساتقان پۇلنى نەگە قويدۇڭ؟ تاپشۇر ھازىر، دەپ ھەر بىر ئادەم بىر نەچچە مەرتىۋە تەكرارلاپ توۋلايتتى. بازغاندەك

يوغان قوللىرى بىلەن ئۇرغاندا جېنىم قاقشاپ كېتەتتى. بىر ھازا ئۇرغاندىن كېيىن، مېنى سۆرەپ كېلىپ ئۆز ئورنۇمغا ئېگىشتۈرۈپ تۇرغۇزۇپ قويدى. يۈزۈمگە چۇۋۇلۇپ چۈشكەن چاچلىرىمنى قولۇم بىلەن قايرىپ كەينىمگە تاراي دەپ قولۇمنى بېشىمغا ئېلىپ بارغان ئىدىم، زالىم قابدالقاق قولۇمغا بىرنى سالغانتى، قولۇم سۇندىمكىن، دەپ قالدىم. شۇنداق ئاغرىدىكى جېنىم سىرقىراپ كەتتى.

ئاندىن پومېشچىك لويوجوۇڭنى سۆرەپ چىقىپ «بۇزغۇنچى» سىنىپىي دۈشمەن، ئۆچ ئېلىش كېرەك، دەپ خېلى قىينىدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن تۇتۇۋېلىنغان بىر ئادەمنى تۇتۇڭخو تۈگمەن ئەترەتتىن ئېلىپ كەلدۇق، دەپ بىر ئادەمنى سۆرەپ چىقىپ:

ــ قوتاندىن چىققان بۇزغۇنچى، بۇ خۇڭ ئەرسى (قىزىل 2 - سىلىڭبۇ) ئىكەن. شەھەرگە بېرىپ خەلققە سۆز تارقاتقان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر، تاپشۇر مەسىلەڭنى! دەپ ئۇنى ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقتى. بىز ئېگىشىپ تۇرغانلىقتىن باش كۆتۈرۈپ قاراش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئادەمنىمۇ شوئارلار توۋلاپ، تارسىلدىتىپ ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەم:

ــ ۋاي مەن شەھەرگە كىرگەن ئىدىم. كىشىلەر «خەلق مەيدانى ئالدىدا ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارنى قىرىۋېتىپتۇ» دېگەندىن كېيىن كۆرگىلى بارغانتىم دېيىشىگە خەلق ئەسكەرلىرى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ مىناۋ نى دېدى (ماۋۇ نېمە دەيدۇ) كىم ئۆلتۈرۈپ كېتىپتۇ ئۇلارنى، دەپ ۋارقىراپ ئۇ ئادەمنى ئۇرۇپ كەتتى. مەجلىس باشقۇرغۇچى ئادەم توختاڭلار، قۇربان ئاۋۋال ئۆزى سۆزلەپ بولسۇن، ئۇيغۇرچە سۆزنى چۈشەنمىسەڭلار سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن سوراڭلار، دېدى.

قۇربان دېگەن ئادەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەلق مەيدانىنى كۆرۈش ئۈچۈن باردىم. ئوقۇغۇچىلار ئاچلىق ئېلان قىلىپ مەيداندا ئۈچ كۈن ئولتۇرغان ئىكەن، بىر كېچىدە پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار يوقاپ كېتىپتۇ.

ــ ئارىدىن بىرسى نەگە كېتىپتۇ، قانداق يوقلىپتۇ ئۇلار، دەپ ۋارقىرىدى.

ــ قۇربان مەن بىلمەيمەن، مەن پەقەت مەيداندا تۇرغان ئاپتوبۇستىكى قانلارنى كۆردۈم، ئاپتوبۇسنىڭ پۈتۈن دېرىزىلىرى سۇنۇپ كەتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن، يەنە سۆزنى بۆلۈپ:

سەن كىمنى ئادەم ئۆلتۈردى دېمەكچىسەن؟ بۇ تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئۇرۇپ،

سوقۇپ، قىيا ـ چىيا بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شوئار توۋلىغۇچىنىڭمۇ ئاۋازى پۈتمەي بىر كېچە توختىماستىن شوئار توۋلاپ چىقتى. بۇ ئاۋازلار ئىچىدە بەش سائەت ئېڭىشىپ تۇرۇپ پۈتۈمنىڭ ئاغرىشى جېنىمغا تەگدى.

سائەت 12 لەردىن ئاشقاندا مەجلىس باشقۇرغۇچى تۆت خىل ئۇنسۇرلار چىقىپ كەتسۇن! دەپ توۋلىغان ئىدى. ھەممە خەلق مۇشت تەڭلەپ بىزنى ئۇرغىلى كەلگۈچە مەن ئىشىكتىن چاققان چىقىپ كەتتىم. قالغانلارنى ئىشىكتىن چىققانچە ئۇرۇپ، مۇشتلاپ هور جېنىنى قويدى. باللارنىڭ روھى چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ چاچلىرىمنى سىلاپ تاراپ، رەتلىنىپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كۈلۈپ ئۆيگە كىردىم. مەن ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەن ئىنى ـ سىڭىللىرىم ھەيران بولۇپ:

ــ ئۇلار سىنى شۇنچە ئۇرۇپ قىيناۋاتسا سەن بولساڭ ھېچنېمە بولمىغاندەك ناخشا ئېيتىپ كۈلۈپ ئولتۇرىسەنغۇ؟! دەپ ئالدىمغا كېلىشتى. مەن ئۇلارغا:

ــ ھېچ ۋەقەسى يوق. بۇ دۇنيا ياخشىمۇ، يامانمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز ھېچ كىمگە يامانلىق قىلمىدۇق ۋە ھېچقانداق قىلغان گۇناھىمىز يوق. شۇڭلاشقا ۋىجدان ئازابىمىز يوق دېدىم. شەھەردىن كەلگەن چوڭ دادامنىڭ قىزى مۇقەددەس:

ــ سىز مۇشۇ مىجەزىڭىز بىلەن بۇ كۈنلەرگە چىدىغان ئىكەنسىز، دەپ ھەيران بولدى.

ــ كېلىڭلار، ئولتۇرۇپ راھەتلىنىپ چاي ئىچەيلى، ئاندىن راھەتلىنىپ ئۇخلاڭلار دېدىم.

سوفىيىدىن: قانداق سىنى ئۇردىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ھەئە، مىنى سۆرەپ چىقىپ ئەكسلىنقىلابچىغا يان باستىڭ، دەپ ھېلىقى يوغان منبىڭ ئۇرۇپ بىر ئىتتەرگەن ئىدى، ئېرىقنىڭ ئىچىگە يىقىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئىزامۇ تارتماستىن شۇ بەستى بىلەن گەۋدەمگە بېسىپ مۇشتلاپ يۈرىدۇ. غەيشە بولمىسا ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ھالى بار دېدى.

غەيشە كېلىپ سوفىيەنى قۇچاقلاپ قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ: قارىسام سوفىيەنى بار جەھلى بىلەن تازا ئۇرۇۋاتقان ئىكەن، يۈگۈرۈپ بېرىپ شۇنداق بىر ئاچچىق بىلەن بىلىدىكى تاسمىدىن تۇتۇپ تارتقان ئىدىم، ئۇ منبىڭ كەينىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا سىز بىلەن قۇرۇلۇشتا بىللە ئىشلەيدىغان ئادەملەر كېلىپ بىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويدى. ئۇلار بىزگە «نېمىشقا يىغىنغا كېلىسلەر؟ ئۆيدە ئولتۇرساڭلار بولمامدۇ؟ سىلەر

نېمە قىلىپ بېرەلەيتتىڭلار؟ مانا سەن كىرىپ ياغلىقنى ئالدىڭ، ھەدەڭگە بىكاردىن شۇنچە تاياق يېگۈزۈپ ئازابلاتتىڭلار. ئۆزۈڭلارمۇ بوشقا تاياق يېدىڭلار. ھازىر كىشلەرنى سورايدىغان ھۆكۈمەت، قانۇن يوق. كىمنى كىم ئۆلتۈرسىمۇ ھېچكىم سورىمايدۇ» دەپ بىزگە كۆپ ياخشى سۆز قىلىپ ئۆيگە كىرگۈزۈپ قويۇپ كەتتى، دېدى.

سوفىيە بىر كېچە ئاغرىپ ئۇخلىيالمىدى.

16 - ئىيۇن ئەتىگەن تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن خالىس ئەمگەككە چىقتىم. بىزنىڭ يېنىمىزغا قۇربانىمۇ ئىشلەشكە ئېلىپ كېلىپ قويدى. ئاياغلىرىنى يېشىپ لايغا چۈشۈپ كەتمەن بىلەن لاينى بىر ئاز ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، مېنىڭ يېنىمغا كەلدى.

– مەن سىزنى كىشلەر ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. بىز تەرەپتە كىشلەر سىزنىڭ ياخشى گېپىڭىزنى كۆپ قىلىدۇ. غەيرەتلىك، چىداملىق باتۇر قىز دەپ سىزگە ئاتاپ قوشاقلار توقۇپ يوشۇرۇن ئېيتىپ يۈرىدۇ. مەن ئاڭلاپ سىزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئىدىم. ئاخشام كۆرۈپ ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار دېگەندىنمۇ ئارتۇق غەيرەتلىك ئىكەنلىكىڭىزنى كۆردۈم. سىز نەنسەنىڭ گۈلى ئىكەنسىز. مېنىڭ ئىككى قىزىم بار. قىزلىرىم سىزدەك بولۇپ چىقسا دەپ ئارمان قىلىمەن، دېدى. مەن خىجالەت بولۇپ، بىر نەرسە سۆزلىيەلمەي قالدىم. قۇربان كەتمەن بىلەن لاينى ئارىلاشتۇرۇپ قۇيۇپ:

ـ قاراڭ ئاجايىپ بىر ئىش. ئاخشام يىغىندا ئاغزى يېپىلماي شوئار توۋلاپ ئولتۇرغان ھېلىقى قوتۇر ئاكىنى ئىتنى بىلەمسىز، مەن كۆرمىگەن ئادەم ئىكەن دەپ سورىدى.

ـ مەنمۇ بىلمەيمەن، بۇ يەردىكى ئادەمگە ئوخشىمايدۇ، دېدىم.

ھە شۇ ئادەم مەجلىستىن قايتقاندىن كېيىن گىلىم ئاغرىپ كەتتى دەپ ياتالماي قالغان ئىدى، دوختۇر كۆرۈپ «كېكىردىكى يېرىلىپ كېتىپتۇ ۋە يۈرىكىمۇ ياخشى ئەمەس، شەھەرگە ئېلىپ بېرىش كېرەك ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدۇ» دېدى. ماشىنىنى ھەل قىلغۇچە ئۇ بىچارە ئۆلۈپ كەتتى. كۆڭلۈم بەك ئەسكى بولدى. ھايات دېگەن شۇنچىلىك نەرسە ئىكەن. ئۆلەرىمىزنى بىلمەي قىينىلىپ ياشايمىز، دېدى.

## 67 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

رېجىمدا ئىشلەۋاتقان تۆت خىل ئۇنسۇرلارغا ئورما ئوروش ئۈچۈن بارىسلەر، يېرىم

سائەت ئىچىدە ئورۇن - كۆرپىلىرىڭلارنى ئېلىپ چوڭ ئەترەت ئالدىغا توپلىنىڭلار، دەپ ئۇقتۇردى.

دېگەندەك يېرىم سائەت ئىچىدە تەييار بولۇپ كەلدۇق.

چوڭ ئەترەت پارتكوم شۇجىسى قابدال چىقىپ مىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ:

ــ سەن نېمە تويغا بارىدىغاندەك ياسىنىپ چىقىپسەنغۇ، بىلەمسەن، سەن دېگەن خەلق دۈشمىنى، ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر، سەن بۇنداق ياسىنىپ، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ھەققىڭ يوق. ئەكسىچە خەلقلەردىن تۆۋەن تۇرۇشۇڭ كېرەك، دەپ ئالدىمغا دېۋەيلەپ كېلىپ ئاچچىق بىلەن تووۋلاپ «ياخشى ئىشلىمىسەڭ ئاقىۋىتىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قوي» دەپ پوپوزا قىلىپ كەتتى. ھەيران بولۇپ، كىيىملىرىمگە قارىدىم، ھېچ ئۆزگىرىش يوق، ئادەتتىكىدەك ئىدى. پەقەت پاكىزلىق بىلەن يېڭى كۆرۈنۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

ئۈچ سائەت يۈكلىرىمنى كۆتۈرۈپ پىيادە مېڭىپ ياتاققا ئاران يېتىپ كەلدىم. مەن قىزلار ياتىقىنىڭ ئىشىك تۆۋىدە بىر جايغا ئورۇنلاشتىم. قالپاقلىقلارغا ئورۇن بولمىغاچ تالادا قالدى. تاماقخانىغا بارسام شۇنداق كۆپ ئادەم. ھەر بىر ئەترەتتىن ئورما ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كەلگەن ئىكەن.

بىزنى ئوتتۇرىغا تىزىپ تۇرغۇزۇپ قويدى. بەزى ئادەملەرنى ئاغزىغا كەلگەن يامان سۆز بىلەن ھاقارەت قىلىپ كەمسىتەتتى.

ھەممە ئادەم تاماق ئېلىپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇردۇق. بىزگە كەلگەندە تاماقمۇ تۈگەپ، كۆيگەن ۋە خام نانلار تەگكەنگە تەگدى، تەگمىگەنلەرگە يوق. بۇنداق تىزىپ قويۇپ كەمسىتىشلەر، تاماقتىكى قىلىنغان خورلىنىشلار ئىنتايىن جېنىمغا تەگدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاماققا بارمىدىم. سىڭىللىرىم سوفىيە، غەيشە تاماققا بارغاندا ماڭىمۇ ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. بىز شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشتۇق. بىزگە شالاڭ بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى ئورغاق چۈشمەيدىغان ئېتىزلارنى بۆلۈپ بەردى. ئورغاق ئەمەس قول بىلەن يۇلۇشقا توغرا كەلدى.

بىزگە بەلگىلەنگەن نورما باشقىلارغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئارتۇق بېرىلگەنلىكتىن، سەھەر سائەت ئىككىدىن كېچە سائەت 10 - 11 گە قەدەر ئىشلىگەندە نورمىنى ئاران ئورۇنلاپ بولاتتۇق. ئېغىر ئەمگەك، ئېغىر تۇرمۇش ھەم ئۇيقۇسىزلىق ۋە كەمسىتىشلەر ئاستىدا ئىككى ئاي دېگەندە ئەلنىڭ كەينىدە قېلىپ بارلىق ئىشنى تۈگىتىپ قايتتۇق.

# قىزىل سايدىكى جاپالىق ئەمگەك

67 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

ئۈرمىدىن پىيادە ھېرىپ ئۆيگە كەلسەم، «ئەتە قىزىل سايغا يول ياساشقا بارىسىلەر» دەپ ئۇقتۇردى.

ماشىنا بىلەن ئىككى يېرىم سائەت يول مېڭىپ يېتىپ كەلدۇق. قىزىل ساي تۇتۇڭخۇدىكى تۈگمەننىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان، ھەقىقەتەن قىپقىزىل، ئوت - چۆپ ئۈسمەيدىغان ئېگىز تىك تاغ بولۇپ، يامغۇر، بورانلاردا يوغان - يوغان تاشلار يۇملاپ چۈشۈپ سايىنىڭ ئىچىگە تىقىلىپ كەتكەن، ئادەملەر پىيادە مېڭىشقىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇ سايىنىڭ ئەڭ بېشىدا كۆمۈرخاڭ ئېچىپ كۆمۈر توشۇش ئۈچۈن خاڭ ئاغزىغىچە ماشىنا ماڭىدىغان يول ياسايدىكەنمىز. پۈتۈن ئەترەتتىن كىشىلەرنى يىغىپ كېلىپ يول ياساش سەپەرۋەرلىك يىغىنىنى ئېچىپ، ئەتە ئىش باشلايدىغانلىقنى ئۇقتۇردى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ئەھمىيەتلىرى توغرىسىدا دوكلات قىلدى. بۇ دوكلاتقا تۆت خىل ئۇنسۇرلارنىڭ قاتنىشىش ھوقۇقى بولمىغانلىقتىن ماڭا ئاشخانىغا ئوتۇن تىرىپ كېلىشنى تاپشۇردى.

مەن سايىنىڭ ئىچىدىن ئوتۇن تىرىپ يۈرەتتىم. مېنىڭ ئالدىمغا تاغ ئۈستىدىن بىر تاش يۇملاپ چۈشتى. مەن تاش چۈشكەن تاغ ئۈستىگە قارىسام، چاچ - ساقال، قاش - كىرپىكلىرى ئاپاق ئاقارغان، ئاغزىدا بىر تال چىشى قالماي ئىككى يۈزى ئىچىگە كىرگەن، بېشىدا قاما تۇماق، ئۈستىدە ئۇزۇن يېشىل چەكمەن چاپان، پۇتىدا مەسە ئۆتۈك قولىدىكى ھاسا تايىقىغا تايىنىپ، بېلى ئېگىلگەن بىر قېرى بوۋاي تۇرىدۇ. مەن ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ، بەلكى مېنىڭ كۆزۈمگە «خىزىر ئەلەيھسسالام» كۆرۈنۈۋاتقان بولمىسۇن، دەپ ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

ئامانمىسىڭ بالاپانىم، دەپ سالاملاشتى.

مەن ئۆزۈمگە ئىشەنمەستىن كۆلدۈم، تىك تاغنىڭ ئۈستىگە بۇ ياشتىكى قېرى ئادەم قانداق چىقالىسۇن. ئىنسان يوق قىزىل سايدا نېمە قىلىپ يۈرگەن ئادەم دەپ ھەيرانلىقتا كۆلۈمسىرەپ ئاغزىم ئېچىلغان ھالدا كۆزۈمنى ئالماستىن قاراپ تۇراتتىم. يەنە ئۇ ئادەم چىراغىم سىن كىمنىڭ بالاسى؟ دەپ سورىدى.

مېنىڭ جاۋابىمدىن كېيىن:

ھە، مەن سىنىڭ ئاتا ـ ئاناڭنى ياخشى تونۇيمەن. بىز ئۇلار بىلەن كونا تونۇش، ياخشى ئۆتكەن ئادەملەرمىز ئۇلار سالامەتمۇ؟

مەن جاۋاب بەرگۈچە ئۇ مېنىڭ يېنىمغا تاغدىن چۈشۈپ يېتىپ كەلدى ۋە ئالدىراش سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مەن مەديار موللا بولىمەن، سەن مېنى بىلمەيسەن. ھازىر ماڭا دىن نىقابىغا ئورىلىۋېلىپ خەلقنى زەھەرلىدىڭ دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ، ئېغىر ئەمگەككە سېلىۋاتىدۇ. بۇ يېشىمدا بېشىمغا بۇ كۈنلەر كەلدى. بالاپانىم ياش ئىكەنسەن، ئاللاھ ياردەم قىلسۇن ساڭا، دېدى.

مەن ئۇنىڭ خىزىر ئەمەس، ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن بۇنچىلىك قېرىغان بىچارە ئادەمنى قانداقمۇ يول ياساش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەندۇ؟ دەپ ئىچىم ئاغرىدى. ئىش ئېغىر، ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە ماشىنا يول ياساپ چىقىش كېرەك، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ھەر بىر ئادەمگە نورما بەلگىلەپ يەرلەرنى بۆلدى. بىز قالپاقلىقلار ئۈچۈن بىر ھەسسە ئارتۇق نورما بىلەن يەر بۆلۈپ بەردى. بىزگە ھېلىقى مەديار موللا، ئورازاقىن بولتاي، زاكارىيە، سارى جورغا قاتارلىق قازاق خەلقىنىڭ «باي چارۋا» دېگەنلىرىدىن ئون نەچچە ئادەم كېلىپ قوشۇلدى. ھەممىسى 65 ـ 80 ـ ياشلار ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئىدى. تاشلىق قاتتىق يەرلەرنى بىزگە قالدۇراتتى. ئون بەش قالپاقلىقلارنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئوندىن ئارتۇق خەلق ئەسكەرلىرى كېلىپ بېشىمىزدا «چاققان ئىشلە»، «تېز بول» دەپ ۋارقىراپ قېرىلارنى ئەخمەق تېپىپ قىيناپ ئوينايتتى. قازاندەك يوغان تاشلارنى تاغدىن يۇمىلىتىپ چۈشۈرىمىز دېسە، 70 ـ 80 ـ ياشلىق قېرىلارغا كۆتۈرۈپ ئاپار دەپ مەجبۇر قىلاتتى، كۆتۈرەلمىسە ئۈچ ـ تۆتى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ دۈمبىسىگە ئەپ قوياتتى. ئۇنداق ئېغىر تاشنى قانداق كۆتۈرەلىسۇن. يىقىلىپ چۈشسە كېلىپ ئۇرۇپ ـ تېپىپ كېتەتتى. بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن ئەمەس.

قاتتىق ئىشلىگەنلىكتىنمۇ بىلمىدىم، پۇت ـ قولۇم تىترەپ يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ماغدۇرسىزلىنىپ باراتتىم. يا ئاللاھ ئاياق ئاستىدا يىقىلىپ يېتىپ قېلىشتىن ساقلا دەپ ئۆزۈمنى تۇتۇشقا تىرىشتىم. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى چۈشلۈك تاماققا دەپ سىۋىستىك چېلىندى. يەرگە ئارانلا ئولتۇرۇۋالدىم، بولمىسا يىقىلىپ چۈشەتتىم. يېنىمدا ئىشلەۋاتقان قالپاقلىقلار كېلىپ نېمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭ ئاقىرىپ يامان بولۇپ كەتتىڭغۇ، ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ دەپ غەم قىلىشتى. ياق ھېچنېمە بولمىدىم، دەپ ئۇلارغىمۇ دېگۈم كەلمىدى. بىر ئاز دەم ئېلىپ تاماق يېگەندىن كېيىن ياخشى بولۇپ قالدىم. تاماقتىن كېيىن قالپاقلىقلارنى خاڭدىن كۆمۈر چىقىرىش ئۈچۈن ساي بېشىدىكى 57 ـ يىلى «پولات تاۋلاش» ۋاقتىدا قېزىپ

تاشلاپ كەتكەن كۆمۈر خاڭغا باشلاپ كەلدى، «سائەت ئۈچلەر بىلەن ئىككى ئەترەت ئادەمنى ئاشخانىغا كۆمۈر توشۇش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىمىز، ئۇنىڭغىچە سىلەر كۆمۈرنى ئىشىك ئالدىغا چىقىرىپ تەييارلاپ قويۇڭلار» دەپ، قولىمىزغا يوغان يەر كولايدىغان جوتۇدىن بېرىپ مىنبىڭلار كېتىپ قالدى. تاشلاندۇق خاڭنىڭ ئىچىگە ئىلاجىسىز ئاستا مېڭىپ كىرىشكە باشلىدۇق. مېنىڭ ئالدىمدا ئىككى ئادەم، ئۈچىنچى بولۇپ مەن كىرىپ كېلىمەن. قولىمىزدا بىر تال چىراغمۇ يوق، ئىچكىرىسىگە كىرگەنسېرى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق ھېچ نەرسىنى كۆرۈپ بولمايتتى. خۇددى قارىغۇ ئادەمدەك قوللىرىمىزنى ئەتراپقا يۈگۈرتۈپ يول ئىزدەپ كېتىپ باراتتۇق. ئالدىدا كېتىپ بارغان لى جۇڭ يىڭ دىققەت قىلىڭلار، تاش بار ئىكەن، تۇتۇپ ئېڭىشىپ مېڭىڭلار دېدى.

شاۋلۇڭگودا ئېشەك بىلەن سۇ ئېلىش ئۈچۈن خاڭغا چۈشۈپ پېشانەمنى ئۇرىۋالغىنىم يادىمغا كېلىپ ئېھتىيات بىلەن قولۇمنى ھەريانغا يۈگۈرتۈپ يۈرۈپ لى جۇڭ يىڭ دېگەن تاشقا يېتىپ كەلدىم. بىر مېتىردىن ئۇشۇق يەردىن يېرىم پۈكلىنىپ ئېڭىشىپ ئۆتتۈم. يوللار تەكشى ئەمەس، ئېگىز ـ پەس ئىدى. بىر ئاز ماڭماستىن كەينىمدىن كېلىۋاتقانلار توختاڭلار، مەديار دېمى سىقىلىپ يىقىلىپ قالدى، دېدى.

مەن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان لى جۇڭ يىڭغا دېدىم:

ئۇ قېرىلار شۇ ئالدىنقى تەرەپتە ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، بىز كۆرۈپ باقايلى، كۆمۈر بولسا بىز شۇ تاش بار يەرگە ئېلىپ چىقىپ بېرەيلى، ئۇلار تاشقىرىغا توشۇپ چىقارسۇن، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن قېرىلار خۇشال بولۇپ، ئالدىنقى تەرەپتە قالدى. بىز ئىچكىرىلەپ ماڭدۇق. مىڭ تەسلىك بىلەن قاراڭغۇدا كېتىپ باراتتۇق. خاڭنىڭ ئىچى گۆگۈم يورۇق بولۇپ بىلىندى. بىر يەردە تۆشۈك بولسا كېرەك دەپ يورۇق چۈشكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. دېگەندەك خاڭنىڭ ئىككىنچى تەرەپتە ھاۋا ئالمىشىش ئۈچۈن ئېچىلغان ئېغىز بولۇپ، ئانچە بولمىغان بىر تاشلاندۇق خاڭ ئىكەن. سىنچىلاپ ئەتراپقا قاراپ چىقتۇق. لى جۇڭ يىڭ بۇرۇن خاڭلاردا كۆپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ «خەتەرلىك ئۈستى چۈشۈشى مۇمكىن چەك كېتىپتۇ» دېيىشىگە جارس قىلىپ خاڭنىڭ ئۈستىدىن ئاۋاز چىقتى. ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق. باشقىلارمۇ بۇنداق ھالەتتە يوغان جوتۇ بىلەن چاپساق خاڭ چۈشۈپ ئاستىدا قالىمىز، ھازىر بىز كۆمۈر كولاپ جوتۇ چاپالمايمىز، يەردە بار كۆمۈر بولسا شۇنى تىرىپ ئېلىپ چىقايلى، بۇ ئىشنى ئىشلەش ئۈچۈن خاڭ ئۈستىسىنى چاقىرىپ، سايمانلارنى ھازىرلاپ تەييارلىق بىلەن كىرىشىمىز كېرەك، دېدى.

بىز يەرلەردىن سىلاپ كۆمۈر ئىزدەۋاتقىنىمىزدا تاشقىرىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئادەملەرنىڭ

ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆپ ئۆتمەستىن مىنبىڭلار خاتك ئاغزىغا كېلىپ:

ــ ھەي تۆت خىل ئۇنسۇرلار كۆمۈرلەرنى ئېلىپ چىقىڭلار! دەپ ۋارقىرىدى. بىز ئالدىنقى تەرەپتە قالغانلارغا بىز چىقمىغۇچە ئاۋاز چىقارماي جىم ئولتۇرۇڭلار دېگەن ئىدۇق. ئۇلارمۇ چەتتە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ مىدىرلىماي ئولتۇرۇپتۇ، لى جۇڭ يىلڭ:

ــ گەپ قىلماي جىم تۇرۇڭلار. مىنبىڭلار ئۆزلىرى كىرسۇن. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن بىلىدۇ، گەپ قىلماڭلار، دېدى.

بىز يەردىن كۆمۈرلەرنى ئىزدەپ يىغىشقا باشلىدۇق. ئۇ يەردە ھېچقانچە كۆمۈر يوق، ھەممىسى دېگەندەك تاش ئىدى. مىنبىڭلار خاڭنىڭ ئاغزىغا كېلىپ چىقىڭلار! كۆمۈرنى ئېلىپ چىقىڭلار! دەپ توختىماستىن توۋلايتتى ئاخىرى ئۇلار: «بۇلار بارمۇ؟ ئۆلدىمۇ؟ ھېچ خەۋەر يوققۇ، قانداق قىلىمىز؟»، «بۇنىڭ ئىچىگە كىمنى كىرگۈزسەك بولىدۇ» دەپ ئېيتىسمۇ ھېچكىم كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، بىر سائەت توۋلاپ تۇردى. ئۇلار كىرمىگەندىن كېيىن چاپانلىرىمىزغا كۆمۈر سېلىپ كۆتۈرۈپ چىقتۇق. ئىشىك ئالدىدا ئىككى ئەترەت ئادەم كۆمۈر توشۇش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، بىز ئۇلارغا:

چىراغ يوق ھەم كۆمۈر كولايدىغان ئەسۋابلار بولمىسا كۆمۈر چىقىرىش قىيىن، يەردە بارنى يىغىپ چىقتۇق. ئۆزۈڭلار كىرىپ كۆرۈڭلار دېدۇق.

ئۇلار لى جۇڭ يىڭنى تۈگۈرمەن ئەترىتىگە ئەۋەتىپ، كېرەكلىك قورال، سايمانلارنى ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇردى ۋە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن خاڭغا كېلىپ يېرىم كېچە سائەت 12 گە قەدەر ئىشلەيدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. كۈندۈز يول ياساپ كېچىچە خاڭدا ئىشلەيدىكەنمىز.

# 67 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر

بۇ قېتىممۇ بىزگە بۆلۈنگەن يەر يەنە قاتتىق تاش قاتلاملىرى بولۇپ چىقتى. ياشانغانلارنىڭ ئىشلەش كۈچى بولمىغانلىقتىن ئەرلەر قاتارىدا قولۇمغا جوتۇ ئېلىپ تاشلارنى كولاشقا كىرىشتىم. ئىش ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنبىڭلارنىڭ ئىشلەشتىن قېچىپ ئەتراپىمىزغا يىغىلىۋېلىپ «بول چاپسان»، «چاپسان ئىشلە» دەپ توختىماي ۋارقىراشلىرى بىلەن ئادەمنى جېنىدىن تويغۇزۇۋېتەتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن رېجىم ئاستىدىكى پۈتۈن ئەرلەر ئورۇن - كۆرپىلىرىنى ئېلىپ خاڭ بېشىغا كۆچۈپ كەلدى. خاڭ ئۈستىسى سەدۇ دېگەن ئادەمنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. كۆمۈر قۇدۇقنىڭ يېنىدا قاچاندۇر بىر ۋاقتىدا سېلىنغان ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى سوقما تېمىلا قالغان ئىدى، ئۇنى قىرىپ تازىلىغاندىن كېيىن، يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى سوپا پەيدا بولدى. بۇنىڭغا يىراققا ماڭالمايدىغان ياشقا چوڭ ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇردى. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە قويچىلارنىڭ بىر ئۆيى بار ئىكەن، ئۇنىڭغا باشقىلار جايلاشتى. ئاياللاردىن يالغۇز مەن بولغانلىقتىن كۆچۈپ كەلمەي ئىشتىن چۈشكەندە ساي ئاغزىدىكى قىزلار ياتىقىغا قايتىپ بېرىپ يېتىشقا توغرا كەلدى.

تالاغا ئوت قالىماقچى بولۇپ، چىراغ كۆتۈرۈپ كۆمۈر قۇدۇققا كىرىپ كەتكەنلەر قايتىپ چىقىپ:

كۆردۈڭلارمۇ، تۈنۈگۈن خۇدايىم بىزنى بىر ساقلاپتۇ، خاڭنىڭ ئۈستى بىراقلا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئەگەر بىز بار ۋاقىتتا بولسا مىجىقمىز چىقاركەن دەپ يۈرىكى يېرىلىپ چىقىشىپتۇ.

ھەممىمىز كۆمۈر قۇدۇقنىڭ ئاستىدا قالغانلىقىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ قورقتۇق ۋە ئاللاھ بىزنى ساقلىدى دەپ خۇشال بولدۇق.

سائەت 12 گىچە كۆمۈر قۇدۇقتىكى كۆمۈرلەرنى سىرتقا توشۇپ بولدۇق. سائەت 12 دە ئىشتىن چۈشۈپ، مەن ياتاققا قايتىش ئۈچۈن خاڭنىڭ ئۈستىدىكى تىك تاققا، تالاغا ياققان ئوتنىڭ يورۇقى بىلەن چىقىۋالدىم. باشقىلار مېنى «قورقماي قانداق ماڭارسەن» دەپ ئەنسىرىشىپ قالدى.

تاغ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدىن باشقا ھەممە ئەتراپ قاپقاراڭغۇ زۇلمەت بولۇپ كۆرۈندى. ھېچنەرسىنى كۆرۈپ بولمايتتى. قورقماي يالغۇز قانداق بارارمەن دەپ ئويلىغاندا ھەممە نەرسە ماڭا قورقۇنچلۇق بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىم تىترەشكە باشلىدى. ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ باقتىم. ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. قاراڭغۇ زۇلمەت كېچە ئىدى. دۇنيادا يالغۇز ئۆزۈم قالغاندەك بىلىندى، قانداق قىلىشىمنى بىلمىدىم. ئابدۇللاھ توقاينىڭ شېئىرى يادىمغا كەلدى:

كۆكتە يۇلتۇز يالتىرايدۇ،
تون قارا بولغانسېرى.
يادىما تەڭرىم چۈشەر،
بەختىم قارا بولغانسېرى.

دېگەن شېئىردەك مەنمۇ ئى ئاللاھ مەن قانداق قىلىمەن. يالغۇز قورققۇم كېلىدۇ، يا رەببى سەن ماڭا ياردەم قىل! پۈتۈن بارلىقنى ۋە مېنىمۇ سەن ياراتتىڭ، سەندىن باشقا ياردەمچىم يوق مېنىڭ. مېنىڭ ھالىم ئۆزۈڭگە مەلۇم. يا ئاللاھ دەپ قاراڭغۇ كېچىدە تاغ تۆپىسىدە پەقەت ئاللاھتىن ياردەم سورىدىم ۋە ئاللاھنىڭ ياردەمچى بولغانلىقىدىن قورقمايمەن دەپ كۆڭلۈم توختاپ، غەيرەتكە كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم. قورققۇم كەلگەندە قورقمايمەن. نېمىشقا قورقىمەن. ئاللاھ ئۆزى ياردەم قىلىدۇ، دەپ توختىماستىن تەكرار ـ تەكرار ئېيتىپ كەلدىم. يوللار ياسىلىپ پۈتمىگەن ئېگىز ـ پەس تەكشى ئەمەس ئىدى. ھەممىدىن خەتەرلىكى ئۈچ يەردە تىك يارلىق قىيا يوللار بار ئىدى. ئەگەر دىققەت قىلماي مېڭىپ چۈشۈپ كەتسە، ئادەمنىڭ ئۇستىخىنىنى تېرىپ ئېلىشمۇ قىيىن ئىدى. ئاللاھقا سېغىنىپ ئاۋايلاپ ئەتراپلارنى تۇتۇپ ماڭدىم. شۇنداق بولسىمۇ 3 ـ 4 يەردە پۇتلىشىپ يېقىلىپ چۈشتۈم. يارغا چۈشۈپ كەتتىممۇ دەپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلدى. كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ قاراپ كۆردۈم. لېكىن ھېچنەرسىنى كۆرۈپ بولمايتتى. شۇنداق تەسلىكتە يولنىڭ يېرىمىغا يېتىپ كەلدىم. قانداقتۇر كۆڭلۈمدىكى قورقۇنچلارمۇ كېتىپ يېنىمدا 3 ـ 4 ئادەم ھەمراھ بولۇپ، بىللە ماڭغاندەك بىلىنىپ جېنىم تىنچلاندى ۋە مېڭىشىممۇ ئاسانلاشتى. تاغنىڭ دوقمۇشىدىن بۇرۇلغاندىن كېيىن، يوللار تۈزلىنىپ سايغا چۈشتۈم. بىر يېرىم سائەت دېگەندە ياتاققا يېتىپ كەلدىم. پۈتۈن ئادەم ئۇيقۇدا ئەتراپ تىپتىنچ ئىدى. پەقەت مېنىڭ تاشلار ئۈستىدە ماڭغان ئاياق تاۋۇشۇملا بۇ تىنچلىقنى بۇزاتتى.

ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشىم بىلەن دېرىزىنى ئېچىپ دادام بىلەن يېقىن ئۆتكەن كونا تونۇشى يەرلىك تۇڭگان ئاشپەز ئاستا ئاۋاز بىلەن:

ــ كەلدىڭمۇ قىزىم، غەيشە ماڭا سېنى سائەت 12 دىن كېيىن كېلىدۇ، كەلسە تامىقىنى بەرسەڭ دېگەن ئىدى. مەن چاي قاينىتىپ قويدۇم، دەپ چاي بىلەن تاماق بەردى. مەن پەقەت بىر چىنە چاي ئېچەي دەپ چاينى ئالدىم. يۈز، قولۇڭنى يۇساڭ دەپ چۆگۈندە ئىسسىق سۇ بەردى ۋە ئەتىگەن سائەت قانچىدە ئىشقا كېتىسەن، مەن چاي قاينىتىپ، يۈزۈڭنى يۇيىدىغان سۇنى ھازىرلاپ قويىمەن، مۇشۇ يەردىن كېلىپ ئال، دەپ دېرىزە تۈۋىنى كۆرسەتتى. «بىزنىڭ ساڭا ياردەم قىلغۇمىز كېلىدۇ، لېكىن قولىمىزدىن كېلىدىغىنى مۇشۇ، ئېچىمىز ئاغرىيدۇ» دەپ ئۇھ تارتىپ قويدى. لاۋما: مۇشۇ ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت دەپ ئۇنىڭ بۇ غەمخورلۇقىغا ئېيتقۇدەك سۆز تاپالمىدىم. ھەقىقەتەن نەنسەنگە كېلىپ كىشىلەردىن بىرىنچى مەرتىۋە يۇمشاق مۇئامىلە كۆرگىنىم مۇشۇ ئىدى.

ياتاقتىكى قىزلار ئۇخلىيالماي ئەنسىرىشىپ ياتقان ئىكەن. ھەممىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇئىرلاپ ھال سوراپ ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بىز ياتقان قازاق ئۆيىدىكى قىزلارنىڭ بىرسىنىڭمۇ سائىتى يوق ئىدى. سائەت ئۈچتە تۇرۇشۇم كېرەك دەپ ياتتىم. ئۇخلىغاندەكمۇ بولماستىن ئويغىنىپ ئاشخانىغا چىقسام دېرىزىدىكى سائەت ئۈچ بولغان ئىكەن. لاۋما كۆرسەتكەن چۆگۈندىكى سۇمۇ ئىسسىق تۇرۇپتۇ. يۈز، قوللىرىمنى يۇيۇپ خاڭ بېشىغا سائەت تۆتكە يېتىپ بېرىشىم كېرەك. مىنىبۇسنىڭ ۋە باشلىق سەدۇ ماڭا كەچ قالماسلىقىمنى تاپىلاپ ئۇقتۇردى دەپ ئويلاپ چۆگۈننى ئۆز ئورنىغا قويۇۋاتاتتىم، ئاشخانىدىكىلەر دېرىزە ئالدىغا كېلىپ چاي ئىچىۋال ھازىرلاپ قويدۇق، دېدى.

رەھمەت، بىر سائەتتە يېتىپ بارالمايمەن، دەپ كەتتىم. ئەتراپ جىمجىت قورققۇدەك سۈرلۈك قاراڭغۇ كېچە. مەن تۈنۈگۈنكى يول بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ ساي ئىچىگە كىردىم، تاغنى ئەگىپ ماڭغاندا كۆڭلۈمدە قاتتىق قورقۇش ھاسىل بولدى. مەن قورققانسېرى تاغنىڭ ھەممە يېرىدىن شىرىق - شىرىق تاشلار تۆكۈلگەن ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ ئەتراپقا تېخىمۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ قارايتتىم. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم ۋە تېزلىك بىلەن كۆڭلۈمنى توختىتىپ «ياق قورقمايمەن، قورقسام ئۆزۈمگە ياخشى ئەمەس، بىرەر يامان ھادىسىگە ئۇچراپ قېلىشىم مۇمكىن» دەپ ئۆزۈمنى تۇتتۇم.

ھەر نەرسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەممۇ لېكىن مۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە قورقۇنچلۇق تاغ ئارىسىدا يالغۇز قېلىشىمنى ھېچ ئويلىمىغان ئىكەنمەن. بۇمۇ بېشىمغا كەلدى. چىداي ئەمدى دەپ ئۆزۈمگە غەيرەت بەردىم.

خاڭ ئاغزىغا بارغۇچە تاڭ سۈزۈلۈپ ئەتراپ يورۇشقا باشلىدى. مەن توپتوغرا سائەت تۆتتە يېتىپ كەلدىم. ئۇلارمۇ ئىش باشلاش ئۈچۈن كۆمۈر قۇدۇقىنىڭ ئالدىدا يىغىلىپ تۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ ھەممىسى ئۆز بالىلىرىدەك غەمخورلۇق قىلىپ سالامەت باردىڭمۇ؟ بىز سېنى ئويلاپ ئەنسىرىدۇق. ياردىن ئۇچۇپ چۈشەرمۇ دەپ غەم قىلدۇق. قانداق ماڭدىڭ؟ قورقمىدىڭمۇ؟ بىز سېنى ئويلاپ قايغۇردۇق. غەيرەتلىك ئىكەنسەن. بۇنداق يېرىم كېچىدە ئەرلەرمۇ يالغۇز يۈرەلمەيدۇ، دەپ سورىدى. قانداق قورققانلىقىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، بېرىپ كېلەلىگەندىن كېيىن ئەمدى ئۇنى سۆزلەشنىڭ لازىمى يوق. ياق، قورقمىدىم دەپ جاۋاب بېرىپ قويدۇم. چۈنكى تەشكىلاتقا قاتناشقان ھەر بىرىمىز شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ تەشۋىقات بايرىقى بولۇپ، بۇ بۈيۈك غايىمىز بىلەن كىشىلەر

كۆڭلىدىن ئورۇن ئېلىپ ۋە ئۇلارنى ئويغىتىشىمىز لازىم. مانا بۇ روھ ماڭا ئېغىر ئەمگەك، ئېغىر كۈنلەردە، قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ تۈنلەردىمۇ كۈچ ۋە غەيرەت بەردى. بەلكى بىز ئۆلسەكمۇ قەبرىمىز ئۈستىدە ئۇلۇغ غايىمىز تەشۋىقات بايرىقى بولۇپ، يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن ياشىدىم. بۈگۈن ھەم قاراڭغۇ كېچىدىكى قورقۇنچلىرىم ئۈستىدە شىكايەت قىلغۇم كەلمىدى. ئۇنداق بولمىغاندا بۇ تاغنىڭ ئارىسىدا كۈندۈزىمۇ يالغۇز ماڭالمىغان بولاتتىم.

ئەتىگەنلىك تاماقتا بىرىش ۋاقتىدا ھەممىمىزگە ئاشخانىغا ھەر قېتىم كۆمۈر كۆتۈرۈپ بېرىشنى ئۇقتۇردى. كۆمۈرنى سېلىپ كۆتۈرىدىغان ھېچ قانداق نەرسە يوق. قانداق كۆتۈرىمىز؟ دەپ بىر ـ بىرسىمىزگە قارىدۇق.

مىنبىڭ قابدالقاق:

قانداق ئاپارساڭ شۇنداق ئاپار، ئاشخانىغا كۆمۈر ئاپىرىشىڭ كېرەك، دەپ ۋارقىرىغان ئىدى. بىچارە قېرىلار ھودۇققانلىقتىن يوغان چاپانلىرىنى يېشىپ ئۈستىگە كۆمۈرنى سېلىپ يوغان بىر تاي قىلىپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. مەن قانداق قىلاي دەپ ئويلاپ تۇرۇپ يالاڭ چاپاننى يېشىپ ئالدىنى كەينىگە قىلىپ تەتۈر كىيدىم ۋە چاپاننىڭ ئېتىكىگە سىققۇدەك قىلىپ كۆمۈر سېلىپ كۆتۈرۈپ ئالدىم. بۇ كۆتۈرۈشكە بىر ئاز ئەپچىل بولدى.

مەديار موللىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ موللا ئاغاي: بۇنى تاغدىن كۆتۈرۈپ چىقىش سىزگە تەس بولۇر، چاپاننى كىيىپ، ئاندىن بىر پېشىغا ئۆزىڭىزگە چۇشلۇق، كۆتۈرەلىگۈدەك كۆمۈر ئېلىپ چىقىڭ، قۇرۇق چىقسىڭىز ئۇنىمايدۇ. كىچىك بىر پارچە سالسىڭىز بولىدۇ. بۇنداق تاغدەك سېلىۋالساڭلار ماڭالمايسىلەر، دېدىم.

مەديارنىڭ يېنىدىكى قېرىلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ:

«بالام قارىغىم ياخشى ئەقىل كۆرسەتتىڭغۇ، رەھمەت» دەپ خۇشال بولۇپ، مەن دېگەندەك قىلىپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. مەن ئۇلارغا بولدى مۇشۇ يېتىدۇ دەپ مىنبىڭ ۋە ئەترەت باشلىقى سەدۇ قارىمىغاندا كۆرسىتىپ بەردىم. ئۇلار قورققىنىدىن:

ــ بالام، ئاز كۆتۈردۈڭ، دەپ قامچىلاپ كەتسە قانداق قىلىمىز، دەپ ئەنسىرەشتى.

مەن:

ــ قورقماڭلار، سىلەر ياشقا چوڭ، كۈچۈڭلار يوق مۇشۇ يېتىدۇ. قانچە ئېغىر ئىشلىسەڭ،

شۇنچە ئىشلىتىدۇ، دېدىم.

بىرىنچى ئاشخانا بىلەن بىزنىڭ ئەترەتنىڭ ياتاقلىرى ساي ئاغزىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ئىككىنچى ئاشخانا بولسا سايىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تاغ بىلەن سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈزلەڭلىك مەيدانغا جايلاشقان ئىدى. بىز ئۈچ ۋاقلىق تاماقنى ئىككىنچى ئاشخانىدىن غىزالىناتتۇق، چۈنكى ئۇ كۆمۈر خاڭغا يېقىن ئىدى.

ئىككىنچى ئاشخانىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە تىك تاغدىن يامىشىپ چىقىش كېرەك ئىدى. قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ئالغان كۆمۈر بار، تىك تاغ يول تىيىلغاق، قاتارلىشىپ تاققا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدۇق. يول شۇنداق تىيىلغاقكى، تۇتىدىغان گىياھ، چۆپمۇ يوق، تاشلارغا ياماشساق تاشنىڭ ئۆزى قومۇرۇلۇپ چىقاتتى. ئالدىدا ماڭغانلار كەينىدىكىنىڭ قولىدىن تارتىپ، كەينىدىكىلەر ئالدىدىكىلەرنى يۆلەپ يۇرۇپ يېرىم يولغا ئاران يېتىپ كەلدۇق. كۆتۈرۈۋالغان كۆمۈرلىرىمىز كىچىك بولسىمۇ بۇ يولدا شۇنداق ئېغىر يۈك بولۇپ كەتتى. يولۇچىلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا چىقىپ كېلىۋاتاتتىم، توختاپ كەينىمدە كېلىۋاتقانلارغا قاراپ بىچارىلەرنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. قېرىلار ماڭالماي تۆت پۇتلاپ قاپتۇ. ئېغىزلىرى ئېچىلىپ ئۆملەپ ئاران چىقسا، يەنە تېيىلىپ كەينىگە كېتەتتى. بىرىنى ـ بىرسى تارتىپ ئىت ئازابىدا كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇلاردىن خېلىلا ئۈزۈپ، تاغنىڭ يېرىمىدىن ئۆتۈپ كېتىپتىمەن. ئۇلار كەلگۈچە كۈتەي دەپ توختىدىم.

خېلىلا ئېگىزلىككە چىققان مەديار موللا كېلىۋېتىپ تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان كۆمۈر قولىدىن چىقىپ سايغا قاراپ يۇملاپ كەتتى. تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ كۆمۈرى پارچىلىنىپ يوق بولدى. مەديار موللا بولسا نەچچە موللاق ئېتىپ سايغا بېرىپ توختىدى. ھەممىمىز ئاران چىققان تاغدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا بارالمىدۇق. تۆۋەنرەك يەردە تۇرغانلار ئامانمۇ سەن دەپ توۋلاشتى. 80 ياشتىن ئاشقان بۇ بىچارە ۋايجانلاپ ئورنىدىن ئاران تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ھالىنى ئۇنتۇپ گۇرۇپپا باشلىقى سەدۇغا:

ــ بۇ قېرى ئادەم تاغدىن چىقالمايدىكەن، چىقمىسا بولمامدۇ، دېدىم. باشقىلارمۇ شۇنداق قىلسۇن، ئۇ بەك قېرى چىقالمايدۇ، چىقمىسۇن دېدى. ئەترەت باشلىقىمىز سەدۇ ھەممىمىزگە قاراپ چىقىپ تۇرۇپ قېلىپ، مەديارغا قاراپ «بولدى سەن ياتاققا قايتىپ ئولتۇرۇپ تۇر» دەپ توۋلىدى. باشقىلىرىمىزغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ «چاپسان مېڭىڭلار» دەپ ۋارقىراپ قويدى.

تاغنىڭ ئۈستىگە بىرىنچى بولۇپ مەن چىقتىم. باشقىلارمۇ يېتىشىپ ئالغان ئىدى.

كۆمۈرلەرنى كۆتۈرۈپ بىر - بىرلەپ تىزىلىپ ماڭدۇق. بىزنىڭ چىقىشىمىز بىلەن ئاشخانا تەرەپتىن مىكروفون ئارقىلىق ياڭرىتىپ ئىنتېرناتسىئونال مۇزىكىسى چېلىندى. ماڭا ئاجايىپ تۇيۇلدى، خۇددى بىزلەرگە قارىتىپ ئويناتقاندەك بولدى.

ھەر كۈنى بىز شۇ تاغدىن چىققاندا ئىنتېرناتسىئونال مۇزىكىسى مىكروفوندا ياڭرايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن قىرغىزچە «جىلىقچى قىز» دېگەن مۇزىكىنى قويىدۇ. مەن ھەيران بولاتتىم. بىز شۇ مۇزىكىنىڭ چېلىنىشىغا توغرا كېلىپ چىقامدۇق، ياكى بىز چىققاندىن كېيىن مۇزىكا ئوينامدۇ؟ بىلمىدىم (چۈنكى كىنولاردا تۈرمىدە ئازاب چېكىۋاتقان كوممۇنىستلارنى، ئىنقىلابچىلارنى، ئېزىلگەن خەلقلەرنى كۆرسەتكەندە ئۇلار مۇشۇ ئىنتېرناتسىئونال ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقان ۋە شۇ مۇزىكىنى ئويناۋاتقىنىنى كۆرستەتتى. ئۇ پەقەت «پرولېتارىيات» ۋە كوممۇنىست پارتىيە ناخشىسى ئىدى) بەزى كۈنلىرى خاڭدىن كېچىكىپ كەلگەن كۈنلىرىمىز بولدى، ئەمما مۇزىكا ئويناش ۋاقتى بىزنىڭ تاغدىن چىقىپ كېلىشىمىزگە توغرا كېلەتتى.

بىر ئايدىن كېيىن قالپاقلىقلار تاغنىڭ كۈنگەي تەرەپتە يېڭى كۆمۈر خاڭ ئېچىش ۋە كېچىسى سائەت 12 گە قەدەر كونا خاڭدىن  كۆمۈر  چىقىرىش بىلەن ئىشلەپ كەلدۇق. بۇ ئېغىر تۇرمۇشنىمۇ باشتىن ئۆتكۈزدۇق. بىر مىدىرلىغان جان يوق. جىمجىت سۈزۈك قاراڭغۇ كېچىدە يالغۇز ئۆزۈم بۇرۇنقىدەك ئەمەس، ئانچە قورقمايدىغان بولدۇم. بەزى كۈنلىرى ئالدىمدىن ياۋايى ھايۋانلار (توشقان، تۈلكە، تاغ ئۆچكىسى) يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بەزى كۈنلىرى يىراقتىن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغان سۈرلۈك ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمنى تۇتۇپ يۈرىكىمنى توختىتىپ، ئاللاھقا سېغىنىپ يەنە يولۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭاتتىم. شۇنداق قىلىپ جىم قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ زۇلمەت كېچىگىمۇ ئۆگىنىپ قالدىم. كېيىن يوللارنىمۇ كېچىدە پەرق ئېتەلەيدىغان بولدۇم. يېنىمدا يولداشلىرىم باردەك كۆڭلۈم توق، قورقماي ماڭىدىغان بولدۇم. گۇرۇپپا باشلىقىمىز سەدۇ تاماقتىن قايتىپ ماڭا:

ـ سېنىڭ قورقماس غەيرىتىڭگە پۈتۈن ئادەم قايىل بوپتۇ، سېنى «قورقماس باتۇر قىز ئىكەن، كېچىدە بۇ تاغدا ھېچ كىم يۈرۈپ كۆرمىگەن ھەم ماڭالمايدۇ، كۈندۈز كۈندىمۇ بۇ تاغدىن يالغۇز مېڭىش تەس. نېمە دېگەن قورقماس چوڭ يۈرەك قىز دەپ سېنى ماختاۋاتىدۇ. ھەقىقەتەن ماختىغۇدەك غەيرىتىڭ بار. مەنمۇ قايىلمەن» دېدى.

11 - نويابىر كۈنلەر خېلى سوغۇق بوپقالدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن گۇرۇپپا باشلىقىمىز سەدۇ ئاشخانىدىن پىشقان كالا گۆشىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى بىر تاغارغا سېلىپ

ئورازاقىنغا كۆتۈرتۈپ قويدى. مەن ئىچىمدە «بۇ ئۇستىخانلارنى خاڭدا نېمە قىلار؟ ئوتقا قالارمۇ؟» دەپ ھېچ ئويلاپ يېتەلمىدىم. سايغا چۈشكەندىن كېيىن ئاشخانىدىن ئالغان ئىككى چېلەككە تاشلارنىڭ ئارىسىدا توختاپ قالغان يامغۇر سۈيىدىن توشقۇزۇپ ئالدى.

مەن بۇ سۈنى نېمە قىلىسىلەر دەپ سورىدىم.

ئەترەت باشلىقىمىز سەدۇ:

ــ ئىچىمىز، خاڭغا بارغاندا شورپا قايىنىتىپ ئىچىمىز دېدى.

ــ بۇ پاسكىنا، نەچچە ئايلار تۇرۇپ قۇرۇتلاپ كەتكەن سۈنى ئىچەمسىلەر، دېدىم.

ــ سەدۇ:

ــ ھېچ نېمە بولمايدۇ، قايناتساق قۇرتى ئۆلىدۇ، دەپ كۈلدى.

مەن چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك دېسەم راستتىن خاڭ بېشىغا بارغاندا شۇ ئەسكى خاڭنىڭ ئىچىدىن پولات تاۋلاشتا قالغان بىر يوغان داش قازاننى ئېلىپ چىقىپ چالا ـ پۇلا يۇيۇپ ئۈچ تاشنى قويدى. قازاننى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىپ، ھېلىقى سۈنى قۇيدى ۋە تاغاردىكى ئۇستىخانلارنى سېلىپ شورپا قايناتتى. قازان ئەمدى قايناي دېگەن ئىدى، ئورازاقىن (گومىنداڭ ۋاقتىدا باۋجاڭ نەنسەندىكى خەلققە باش بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن ئاتاقلىق بايلاردىن بولۇپ، يالغۇز ئۆزى بىر پاقلاننىڭ گۆشىنى يەيدۇ، دېگەن داڭقى بار ئادەم ئىدى. ھازىر شۇ بايلىقى ئۈچۈن قالپاق كىيدۈرۈپ ھەيدەپ چىققان) باي تالادىن ئاپاق ئاقىرىپ قۇرۇپ كەتكەن بىر يانپاش ئۇستىخاننى ئېلىپ كېلىپ قايناۋاتقان قازانغا سېلىۋەتتى.

مەن:

ــ ۋاي خۇدايىم نېمە قىلىۋاتىسىز؟ دەپ ھەيران بولدۇم.

ئورازاقىن سۆڭەك، سۆڭەك شورپىسى چىقىدۇ دەپ خاتىرجەم قازاننىڭ ئاستىغا كىرگۈزدى. باشقىلار توۋلىشىپ كېلىپ ھېلىقى سۆڭەكنى ئېلىپ تاشلىدى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن دەم ئېلىشقا چىقساق قازاندا ئۇستىخانلار قايناپ قويۇق مايلىق شورپا بولۇپ چىقىپتۇ.

سەدۇ: شورپا ئىچىڭلار! دەپ ھەممىسىنىڭ قاچىسىغا شورپا قۇيۇپ بەردى. راھەتلىنىپ ئىچىشتى. سەدۇ ماڭا بىر قاچىغا شورپا قۇيۇپ بەرگەن ئىدى، ياق مەن ئىچمەيمەن،

قورسقىم توق دەپ ئىچمىدىم. ئادەم بالىسىنى تۇرمۇش ھەر كويغا سالىدىكەن. بۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئەل ئىچىدە ھۆرمەتلىك، مەرتىۋىلىك، قانداق چوڭ بايلار بولغان، ئەمدى ئەلدىن قالغان ئۇستىخانلارنى قايىنتىپ شورپىسىنى راھەتلىنىپ ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھېچنەرسە ئادەم بالىسىغا مەڭگۈلۈك ئەمەس. مەن بۇ كۆڭۈلنى ئۆتۈپ كېتەر، دەپ ئويلىدىم.

سائەت 12 دە خاڭدىن چىقسام قېلىن قار يېغىپ پۈتۈن ئەتراپ ئاپاق قار بىلەن قاپلىنىپ كېتىپتۇ، مەن يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ ياتاققا قايتىش ئۈچۈن خاڭدىكىلەر بىلەن خەيرلىشىپ تاققا قاراپ ماڭدىم. ئاۋۋال يامغۇر يېغىپ كەينىدىن قار ياققانلىقى ئۈچۈن قارنىڭ ئاستى مۇز توڭلاپ، ماڭسا شارىلداپ تېيىلاتتى. مەن تىك تاققا چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ يامىشىپ كۆردۈم. بەش ـ ئون قەدەم ماڭغاندىن كېيىن شار قىلىپ تىك سايغا بىراق چۈشمەن. يەنە تۇرۇپ، يەنە ماڭىمەن. شۇنداق قىلىپ ئون مەرتىۋە چىقىپ كۆردۈم. ئەڭ يۇقىرى چىققاندا تاغنىڭ يېرىمىغا كېلىپ بىر تېيىلىپ چۈشكەن ئىدىم، خاڭنىڭ ئالدىدىنمۇ ئۆتۈپ نەچچە موللاق ئېتىپ سايغا چۈشۈپ كەتتىم. ماڭا قاراپ تۇرغانلار تولۇلىشىپ كەتتى. «ئۆزۈڭنى قىينىما چىقالمايسەن، يولدا تېيىلىپ تاغدىن ئۇچۇپ كەتسەڭ ئۆزۈڭنى يوق قىلىسەن، بىز ھەممىمىز سېنىڭ ئاتاڭغا ئوخشاش ئادەملەر. بىزنىڭ سېنىڭدەك نەۋرىلىرىمىز بار، ئاتاڭنى كۆرگەن بىز كونا تونۇشلار، مۇشۇ يەردە يېتىپ قال دەپ ھەر قايسى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلى بىلەن ھېسداشلىق بىلدۈردى. ئۆزۈمنىڭمۇ قايتىپ كېتىشىمگە كۆزۈم يەتمىدى. مەديار ئۆزىنىڭ قوي تېرىسىدە تىكىلگەن جۇۋىسىنى، سەدۇ ئاستىغا سالىدىغان ئىت تېرىسىنى بەردى. مەن ئورنۇمنى ھازىرلاپ سوقما تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردۇم. قار تاڭ ئاتقۇچە توختىماي يېغىپ تۇردى.

ئۆگزىسى يوق سوقما تامنىڭ ئىچىدە ياتقانلىقىمىزنىڭ ئۈستىگە قار يېغىپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆمۈرنى يۇغان دۆۋە قىلىپ ئوت يېقىپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن ياققان قار يەرگە چۈشكىچە يوق بولۇپ، تالاغا قارىغاندا ئانچە قېلىن قار ئاستىدا قالمىدۇق. مەن جۇۋىنىڭ ياقىسى بىلەن يۈزۈمنى يېپىپ ئوتنىڭ ئىسسىقىدا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتىم. بىزنىڭ بۇ ياققان ئوتىمىز ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ، پۈتۈن ساينى قاراڭغۇ كېچىدە جانلاندۇرۇپ يورۇتۇپ تۇراتتى. قېرىلار بولسا سوپا ئۈستىدە قاتارلىشىپ قارنىڭ ياغقانلىقىغا قارىماستىن قاتتىق ھارغانلىقتىن يېتىپلا شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

بىز خاڭدىن چىقىپ كېلىۋاتساق، سايدىن ئۆرلەپ سىڭلىم غەيشە ۋە ياتاقتىكى قىزلاردىن كولەن قاتارلىق تۆت قىز يېتىپ كەلدى.

ــ بىز سىزنى تاغدىن يىقىلىپ بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپ قالدىمۇ، نېمە ئەھۋال

بولدىكىن؟ كەلمىدىغۇ دەپ قاتتىق ئەنسىرەپ ئىزدەپ چىققان ئىدۇق، خۇداغا شۈكۈر، ئامان ئىكەنسىز، بىز بەكمۇ قايغۇرۇپ بىر ياتاقتىكى قىزلار كېچىچە ئۇخلىيالمىدۇق. ئۇلار تېز بېرىپ ئەھۋالنى بىلىپ كېلىڭلار دەپ خاتىرجەم بولالماي بىزنى ئەۋەتتى. يوللار نېمە دېگەن قىيىن. سىزنى قانداق ماڭدىكىن دەپ ھەيران بولدۇق، دەپ قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ھېسداشلىقنى بىلدۈرۈپ ھال سورىشىپ كەتتى.

سەدۇ:

ـ ھەدەڭنى بۆرە يېمەيدۇ، نېمىدىن قورقىسەن، دەپ غەيشەگە چىقىشىپ قويدى.

قىزلار ئاخشام ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئەرلەر ياتقىدىكىلەر سىز توغرۇلۇق سۆزلىشىپ «يېرىم كېچىنىڭ جىمجىت زۇلمەت قاراڭغۇسىدا ئۇ قورقۇنچلۇق تاغ ئارىسىدىن قانداق مېڭىپ كېلىدىغاندۇر، ھەقىقەتەن قورقماس يۈرەك، غەيرەتلىك قىز ئىكەن دەپ سۆزىڭىزنى قىلغان ئىكەن، بىر قىسىم ياشلار جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ يولغا چىقايلى ئۇ ۋاقىتتا قانداق قىلىدۇ؟ قورقامدۇ، دەپ ھازىرلانغان ئىكەن، چوڭلار ئۇلارغا «ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرمۇشى ئۆزىگە يېتەرلىك، شۇنداق قىلىپ بىر ھادىسە كېلىپ چىقسا قانداق قىلىسىلەر؟» دەپ توسۇپ قاپتۇ. ئۇلارغا بىزمۇ ئاچچىقلاندۇق. ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلماڭلار دەپ ئېيتتۇق، دېدى قىزلار.

# 3 ـ دېكابىر

تاش يول ياساش ئىشلىرى تامام بولدى. بىزلەر ھەم يېڭى خاڭغا ئىككى ئىشك ئېچىپ كۆمۈر قاتلىمىغا يېتىپ كۆمۈر چىقىرىشقا باشلىغان ئىدۇق. خاڭدا سەدۇ باشلىق بىر قانچە ئادەم قېلىپ، پۈتۈن ئەترەتلەر قايتتى. ئەتىگەن چايدىن كېيىن پىيادە ماڭغان ئادەم قاش قارايغاندا ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق.

ئون جان بار ئائىلىدىن پەقەت غەيشە ئىككىمىز ئىشكىنى ئېچىپ ئۆيگە كىردۇق. بىز يوق چاغدا ئىنى ـ سىڭىللىرىم ئۇرۇمچىگە (شەھەرگە) كەتكەن ئىكەن. ئۆيدە ئادەم بولمىغاندىن كېيىن، ئۆيىمىزنىڭ دېرىزىسىنى قومۇرۇپ تۆمۈرچى نوكتەينىڭ ئايالى زەينەپ بىزنىڭ ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرىپ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ھەتتا قىشلىق دەپ بەرگەن ياغېۋلاردىن تارتىپ ئوتۇن ـ كۆمۈرگىچە بولغان نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىزدىن ئېلىپ چىققان كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئۆزى ۋە باللىرى كىيىپ يۈرگىنىنى

ھەممە ئادەم كۆرۈپ «ئۇ نېمە قىلغىنىڭ، نېمشقا ئالسەن» دېسە، «ئۇلار سىنىپپى دۈشمەن، بىزدەك كەمبەغەللەر ئېلىش كېرەك» دەپ خىجىلمۇ بولماستىن سۆزلەپ يۈرۈپتۇ.

ئۆينىڭ ئىچى ئادەم يوق بوران ئۇچۇپ كۆڭۈلسىز بولۇپ كېتىپتۇ. ئوت قالاپ ئۆيلەرنى تازىلىغاندىن كېيىن، نەۋرە ھەدەم خاجىيە بانۇ چاي قاينىتىپ، تاماق ۋە نانلارنى ئېلىپ كىرىپ بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتۇق. يۇيۇنۇپ تارىنىپ ياتقۇچە سائەت 11 بولدى. يېتىپلا شۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. دېرىزىنى داراڭلىتىپ ئۇرغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغاندىم. ئۇيقۇلۇق ھالدا ھېچنەرسىنى بىلەلمەي تۇرۇۋشۇمغا دېرىزىنى يەنە قاتتىق ئۇردى.

ــ كىم ئۇ؟! دەپ توۋلىغان ئىدىم، تالادىن قەنەغەت دۈيجاڭنىڭ:

ــ كۈن پېشىنگىچە نېمە ياتىسەن، بېرىپ كالا ھويلىسىنىڭ ئۆگزىسىدىكى قارنى تازىلاپ چىق، قارنى ھويلىغا ئەمەس تالاغا چۈشۈر، دېدى. سائەتكە قارىسام ئەمدى 12 بوپتۇ.

ــ نەدىكى كۈن پېشىن بولىدۇ. سائەت 12 بوپتۇغۇ دېدىم.

ــ تولا گەپ قىلماي چىقىپ ئۆگزىنى كۆرە، دېدى.

ــ مەن، ماقۇل تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بارىمەن، دېدىم.

ــ كۈن چىققۇچە كۆرۈپ بولۇشۇڭ كېرەك دەپ جېكىلەپ، كەتتى.

توۋا ھايۋاندىنمۇ قەدىرسىز بولۇپ كەتتىغۇ ئادەم. مېنىڭ كەلگىنىمنى نەدىن بىلىپ ئالدىكىن، دەپ خاپا بولدۇم. ياق ھازىر چىقمايمەن، تاڭ سۈزۈلسۇن، دەپ يېتىپ قالدىم.

سائەت تۆتلەر بىلەن چىقىپ يوغان كالا ھويلىنىڭ ئۆگزىسىدىكى قارنى سائەت سەككىزدە چۈشۈرۈپ بولدۇم. چىيدۇ ئۆگزە بولغانلىقتىن قارنى چۈشۈرمەك بەكمۇ ئېغىر كەلدى. «قاچانمۇ مۇشۇ ئېغىر كۈنلەر تۈگەر. بۇ يەردىكى ھاياتىم زىنداندىكى كۈنلىرىمدىنمۇ نەچچە ھەسسە يامان بولۇپ كەتتى. بۇ كۈنلەردىن قاچان قۇتۇلارمەن».

تۈتقۇنلۇقتىن زېرىكىپ ئازادلىققا تەشنا كۆڭلۈم تاڭ يورۇقنى ئازادلىقنىڭ نۇرىدەك تاقەتسىزلىك بىلەن تەلمۈرۈپ قارايتتىم. ئى خۇدايىم شۇ ئازادلىق كۈنلەرگە بىزنى ئېرىشتۈرسەڭ ئىدى، دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم سۆزلەپ ئۆگزىدىكى قارلارنى بىر تەرەپتىن قىرىپ، ئىككىنچى تەرەپكە ئىتتىرىپ ئاپىرىپ ئىشلەيتتىم. پۈتۈن بىر سايىنىڭ ئىچىدە

يالغۇز ئۆزۈم ئىشلەيمەن. مىدىرلىغان جان يوق. ھەممە ئادەم شىرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتىدۇ.

# 68 - يىلى 21 - مارت

بوران ئارىلاش قار يېغىۋاتاتتى، سوغۇق ھاۋا ئادەمنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ توڭلىتاتتى. تەبىئەتمۇ كۆڭۈلسىز، بۇنداق كۈنلەر ئوت قالاپ ئىسسىق ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرىدىغان كۈن ئىدى. لېكىن ئۇنداق ئىش نەدە؟ مۇشۇ سوغۇقتا ئاياللار ۋە بىر قانچە ئەرلەر ئېغىللاردىن ئوغۇت چىقىرىپ ئىشلەۋاتاتتى، زەمبىل كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاياللار ئارىسىدا بىر كۆڭۈلسىز غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. «نېمە بولدىكىن بۇلارغا» دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇمار بېك شۇجىنىڭ ئايالى نورىلەنىڭ:

- ھازىر زامان پەك گىمىڭلار (ئەكسىلئىنقىلابچىلار) نىڭ بولدى دەپ ۋارقىراپ سۆزلىگەن سۆزى خۇددى قۇلىقىمغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك بولدى.

مېنىڭ بۇ يەردە ئىسمىم «پەك گىمىڭلار» بولۇپ قالدى. مېنى «پەك گىمىڭلار» دەپ چاقىرىدۇ، مەن ھەم ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، دەپ بىلەتتىم. مېنىڭ نەنسەنگە كېلىشىم خۇددى «جاڭ كەيشى» نى تۇتۇپ كەلگەندەك بىر ئىش بولدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئوبىيېكتىپى ھەم پۈتۈن كۈرەش يىغىنىنىڭ تەنقىدى نىشانى مەن بولدۇم. يېزىلغان چوڭ خەت گېزىتنىڭ باش ئوبرازى ھەم مەن ئىدىم. ھەر يېزىلغان چوڭ خەت گېزىتىدە بىرىنچى بولۇپ سۆيۈنگۈلنىڭ قۇيرۇقى، دۈڭ تۇ ئۇخەن لياۋمۇشا ياكى بۇرھان، ئىمىنوپ، ئەنۋەر جاكولىن قاتارلىقلارنى تەنقىد قىلىپ چوڭ خەت گېزىتكە يازاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن نەنسەندە بىر قورقۇنچلۇق ئادەم بولۇپ قالدىم. شۇ تۈپەيلىدىن پۈتۈن ئائىلىمىزنى «ئەكسىلئىنقىلابچى ئائىلە» دەپ ئاتاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئادەم بىزدىن چېگرا ئاجرىتىپ قاچتى ۋە ئۆزلىرىنى ئىنقىلابچى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئويناپ، پۈتۈن كەلگۈلۈك پەقەت ئۆيدىكىلەرنىڭ يېقىن ئادەملىرى ۋە دوستلىرىدىن كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن بىزگە كۆپ ئېغىرچىلىقلار سالدى.

ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن كۆپچىلىك ماڭىدىغان يول كېسىپ ئۆتەتتى. ھازىر بۇ يولدىن بىرمۇ ئادەم ماڭماستىن يىراقلاردىن ئەگىپ يۈرىدىغان بولدى. مەن شۇنچىلىك خەتەرلىك ئادەم بولۇپ قالغىنىمغا ھەيرانمەن. مەن كەلگەندىن بۇيان ياخشى كۆڭۈل بىلەن كۈلۈپ قارىغان بىر ئىنساننى ئۇچراتمىدىم. نورىلەرنىڭ بۇ دېگەن سۆزى ماڭا قارىتىپ دېگەندەك

بولدى. يەنە نېمە ئىش بولدىكىن، بىر يامان ئىش بولىدىغاندەك كۆڭلۈم ئەسكى بولدى. ئۇ يەنە ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاچچىق بىلەن ۋارقىراپ:

پەڭ گىمىڭلار ئاكتىپ بولۇپ، ئۇلارغا مۇكاپات بەرسە بۇ قانداق گەپ؟ كەمبەغەللەر چەتتە قېلىپ، بۇزۇق، ماۋجۇشىغا قارشى چىققان ئادەملەر ئاكتىپ بولۇپ، مۇكاپات ئالسا جاھان نېمە بولۇپ كەتتى، دەپ ۋارقىراپ سۆزلەپ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇ نېمە گەپ، كىمگە قارىتىپ ئېيتىۋاتقىنىنى بىلەلمىدىم. باشقىلاردىن سوراش مۇمكىن ئەمەس. ھەر كىم ئۆز بېشىدىن قورقۇپ بىرەر ئاپەتكە ئۇچراپ قالمىساق ئىكەن، دەپ بىر ئادەممۇ تىن چىقارماي ئىشلەيتتى. مەن ھېچنەرسە بىلەلمەي ئۆيگە قايتتىم. چۈشتىن كېيىن ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئىشقا كەلمىدى. مەن، مۇقاجان يەنە ئىككى قالپاقلىق خەنزۇلار بىلەن ئىشلىدۇق. مۇقاجان ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ئاستا ئاۋاز بىلەن:

بايىقى ئاياللارنىڭ سۆزىنى بىلدىڭمۇ؟ دەپ سورىدى.

مەن: ياق كىمنى دېگەنلىكىنى بىلمىدىم، دېدىم.

ھېلىقى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى كىبەك موغالىمنىڭ ئايالى رەشىدەنى دەيدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن توققۇز ئاي بۇرۇن مۇشۇ ئاياللار بىلەن ئىشلەۋاتقاندا گۆڭشې بىناسىنىڭ ئۈستىگە ئورناتقان ئاۋاز تارقاتقۇچلار ئارقىلىق ئاڭلاتقان سۆزلەردە «بىز ئازادلىققا چىقتۇق» دېگەن سۆزلەر قىلىنغان ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا ئۇنى خاتا چۈشىنىپ ئۇلار شوئار توۋلىشىپتۇ. بىرسى «يوقالسۇن جۇ زۇڭلى!»، يەنە بىرسى «يوقالسۇن لى شياۋجى!»، يەنە بىرسى «يوقالسۇن ئەنۋەر خوجا» دېسە، شورى قۇرۇغۇر رەشىدە «يوقالسۇن ماۋجۇشى!» دەپ بايقىماستىن ئاغزىدىن چىقىرىپ سالىپتۇ. لېكىن ئۆزلىرى ئويلىغاندەك ئىش ئەمەسلىكىنى بىلىپ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ «بولدى، بولدى ھېچكىمگە ئاغزىمىزدىن چىقىرىپ قويمايلى، بىلىپ قالسا ھەممىمىزنى گۆرىمىزگە ئاپىرىپ قويىدۇ» دەپ باستۇرۇپ قويغان ئىكەن. تۈنۈگۈن ئاخشام دادۈيدە نەمۇنىچىلارنى سايلاپ ئۇلارغا خىتاينىڭ باھار بايرىمىغا قارشى مۇكاپات تەرىقىسىدە ھەر بىرسىگە 30 سوم پۇل تەستىقلىغان ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا رەشىدە بىرىنچى بولۇپ سايلىنىپ 30 سوم بېرىش ئۈچۈن تەستىقلىنىپتۇ، ئۇمار بېك شۇجىنىڭ ئايالى نورىلەرنى سايلىمىغان ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا ئېيتمايمىز دەپ ۋەدە قىلىپ يوشۇرۇپ كەلگەن سۆزنى بۈگۈن پاش قىلىپ بالا تېرىۋاتىدۇ، دېدى.

شۇ تۆتىنچى ئاينىڭ ئىچىدە گۆڭشې رادىئوسىدا سۆزلەنگەن سۆز يادىمغا كەلدى. پۈتۈن گەنگو ساينى جاراڭلىتىپ شۇنداق سۈرلۈك ۋە تەسىرلىك قىلىپ: «خەلقلەر قوزغىلىڭلار، بىزگە ئازادلىق كېرەك، دۈشمەنلەرنى تارمار قىلايلى، ھەممىمىز بىرلىشەيلى.

بىزنىڭ ئۆزۈندىن كۈتكەن كۈنىمىز كەلدى، ئازادلىققا ئېرىشتۇق، دەپ شۇ مەزمۇندا جاراڭلىق ئاۋازدا سۆزلىدى.» مەن كېسەكلەرنى تىزىۋاتاتتىم. مېنىڭ يېنىمدا ئىشلەۋاتقان بايلارنىڭ باللىرىدىن بىر قانچە ياشلار قولىدىكى سايمانلارنى تاشلاپ:

هوي ـ هوي ئاڭلاۋاتامسىلەر «ئازات بولدۇق. هاكىمىيەتنى ئاغدۇردۇق دەۋاتىدۇ. هۇررا! هۇررا! دەپ توۋلاپ كەتتى. مەنمۇ هەيران بولدۇم. ئاڭلىتىشقا دىققەت قىلىپ قۇلاق سالدىم. ئۇلار ماڭا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاڭلىمايۋاتامسەن، نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن، هاكىمىيەت ئۆزگەردى. ئازات بولدۇق. ئازات ـ ئازات، دەپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى. مەن ئۇلارنى قورقۇنۇۋەتمەي، دەپ خاتىرجەم تۇرۇپ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن:

بۇ ياپون ئۇرۇشى ۋاقتىدا ياپونلارنى يەڭگەنلەرنىڭ سۆزى دېدىم.

ئۇلار شۇنداق قورقتىكى نېمە قىلىشنى بىلمەي، ۋاي ئاللاھ.... خۇدايىم، قانداق قىلاي دەپ بىر ـ بىرسى بىلەن شىۋىرلىشىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. مەن هېچنەرسە بىلمىگەن كىشىدەك ئۆز ئىشىمنى قىلىۋەردىم. ئۇلار بىر ـ بىرسىدىن مېنى «ئۇ بىلدىمۇ؟ بىلمىدىمۇ دەپ مەندىن ئەنسىرىگەن ئىدى، مەن بىلمىگەن كىشىدەك هېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي ئالدىراش ئىشلەۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، ئۇلار مېنى بايقىماي قالدىمىكىن دەپ خاتىرجەم بولدى. ئەمما بىر قانچە ۋاقىت جىمجىت بولىشىپ كەتتى. بۇ ئاياللارمۇ مانا شۇنداق چۈشىنىپ ئالدىراپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. مۇنداق تۇرغان بىلەن بۇ تەشنالىق بۇلارنىڭ كۆڭلىدىمۇ بار ئىكەن دەپ كۆڭلۈم خۇشال بولدى.

بىر كۈن كېيىن دادۇي زالىدا ئۇلارنى سۆرەپ چىقىپ كۈرەش قىپتۇ، باشقا شوئار توۋلىغان ئاياللارنى تەنقىد قىلىپ مەسىلىنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇپ رەشىدەگە قالپاق كىيدۈرۈپ خەلق رېجىمىغا تاپشۇرۇپتۇ.

# 68 ـ يىل 13 ـ ئاپرېل

مەن چۈشتىن كېيىن قۇم تاسقاش ئۈچۈن نوكتەنىڭ ياغاچ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى سۇ ئاقارغا كەلدىم. ئۇ يەردە ئەتىياز ۋاقىتلىرى ۋە قاتتىق يامغۇر سەل ياققاندا ئۆستەڭ توشۇپ تاشقىن سۇ كېلەتتى. ئادەتتە ئۇ ئۆستەڭدىن سۇ ئاقمايتتى. مەن شۇ ئۆستەڭنىڭ ئورنىغا كېلىپ، شېغىللارنى كولاپ، قۇم تاسقاۋاتاتتىم. ياغاچ ئۆينىڭ ئىشىكىدىن مۇقاجاننىڭ ئايالى (هازىر بۇ ئۆيدە مۇقاجاننىڭ ئائىلىسى ئولتۇرىدۇ) بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا قاراپ

يېنىپ كېتەتتى. يەنە بېشىنى چىقىرىپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ يەنە كىرىپ كېتەتتى. شۇنداق بىر قانچە مەرتىۋە تەكرارلىغاندىن كېيىن ماڭا قىزىق تۇيۇلدى. نېمە بولغاندۇ؟ بۇ ئايال نېمىشقا ئۇنداق قارايدىغاندۇر؟ دەپ ھەيران بولۇپ، ئۆز ئىشىمنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىم.

بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ ئايال ئەتراپقا قاراپ بولۇپ، شۇنداق تېز مېڭىپ ماڭا ئىككى مېتىر ئارىلىقتىكى يەرگە كېلىپ، كۆينىكىنى لاپ قىلىپ يېيىپ ھاجەتكە ئولتۇرغاندەك قىلىپ ئولتۇردى. ھوي بۇ ئايال مېنى كۆزگىمۇ ئىلماستىن يېنىمغا كېلىپ ھاجەت قىلىۋاتىدىغۇ دەپ كۆڭلۈم شۇنداق يامان بولدى. تەتۈر بۇرۇلۇپ قۇمنى تاسقاۋاتاتتىم، ئۇ ئايال ماڭا «ھەي بالام قۇلاق سال، ئاخشام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىغا يىغىپ كەلگەن مىنبىڭلار (خەلق ئەسكىرى) غا يىغىن ئېچىپ ئۇقتۇرۇپتۇ. سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭنى شەھەردىن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ماشىنا مىنبىڭلار ئەتە ماڭىدىكەن. ئۇلارنى توتوبوستىن (بىزنىڭ ئۆيگە قەدەر يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئېگىز تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدىن چۈشكەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەت، ئاندىن بىزنىڭ ئەترەتكە كېلىدۇ) مۇشۇ ئارىلىقتا پىيادە سازايى قىلىپ شوئار توۋلاپ ھەيدەپ كەلمەكچى. ئەگەر ئېلىپ كېلىپ قالسا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنى ئېيتقان، ئىككىسىمۇ ساق قالمايدۇ، مۇمكىن بولسا باشقا ياققا كېتىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ كەلمىگىنى ياخشى، مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي دەپ ئاران بىر خالى ۋاقىت تېپىپ كەلدىم، تېزرەك خەۋەر قىلىڭلار، بۈگۈندىن قالمىسۇن» دەپ ھاجەت قىلغان كىشىدەك بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بۇ خەۋەر ماڭا بەك ئېغىر تۇيۇلدى. ھەقىقەتەن ھازىر بۇلار بۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ دېيىشكە بولمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆيدە پەقەت سىڭلىم فىردەۋستىن باشقا ھېچكىم يوق. ھەممىسى شەھەرگە كەتكەن ئىدى. كەچ كىرگۈچە سىڭلىم فىردەۋس بىلەن جاجىب بانۇ ھەدەمنى شەھەرگە يولغا سېلىش كېرەك ئىدى. ھازىر ئىش ۋاقتى بولغانلىقتىن ئۆيگە بارالمايمەن. قانداق قىلىشىم كېرەك دەپ قىسىلىپ تۇراتتىم. خۇدايىم ھەيدەپ كەلگەندەك سىڭلىم فىردەۋس يېنىمغا يېتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا ئاڭلىغان سۆزۈمنى ئېيتىپ بەردىم ۋە سەن بىر ئامال قىلىپ ھازىر كەتسەڭ ياخشى بولاتتى، دېدىم. ئۇمۇ قاتتىق ئەنسىرەپ كەتتى.

قانداق قىلدۇق؟ دەپ توڭلىغان كىشىدەك تىترەيتتى. مەن شەھەرگە بارىدىغان ماشىنا يوقمىدۇ؟ دېدىم. فىردەۋس يادىغا بىر نەرسە چۈشكەندەك:

ــ راست مەن ھازىر گۇڭشېنىڭ يېنىدىكى ھەربىي قىسىمغا بىر ماشىنا كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. بېرىپ سوراپ كۆرەيلى، بەلكى مېڭىپ قالار، دەپ ئالدىراپ دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ

گۈڭشي تەرەپكە كەتتى. كۆپ كېچىكمەستىن قايتىپ كېلىپ: يېرىم سائەتتىن كېيىن شەھەرگە ماڭىدىكەن، بولىدۇ ئېلىپ كېتەيلى دېدى، دەپ كەلدى.

يېرىم سائەتكە قالماستىن ھەدەم خاجىيە بانۇ بىلەن فىردەۋس ھەربىي ماشىنىنىڭ ئۈستىدە يوشۇرۇن شەھەرگە كەتتى.

قاراڭغۇ چۈشمەستىن ئۇلار ساق ـ سالامەت ئۆيگە يېتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئۆيدىكىلەرگە دېگەن ئىكەن، تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلەر يىغلىشىپ كېلىپ، زادى بۇ ۋەزىيەتتە تاققا چىقماسلىقنى لايىق كۆرىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەن تۇغقانلار ۋە ئەل ـ ئاغىنىلەردىن بىر قانچە كىشى كېلىپ بىزنىڭ ئۆيدە ئۇلارنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن سائەت ئونلار بىلەن قانى پەيجاڭ باشلىق بىر قانچە مىنبىگلار بىلەن پەيچۈسودىن ئوكەن دېگەن قازاق كىشىنى ئېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كېلىپتۇ. قانجى پەيجاڭ خۇددى جاللاتلاردەك قىياپەتتە يامان پوزىتسىيە قوللىنىپ بىز سىلەرنى ئالغىلى كەلدۇق، ھازىر غىدىڭ ـ پىدىڭ دېمەستىن ماڭىسىلەر، دەپ بېسىم ئىشلەتكەن ئىكەن، دادام دوختۇرنىڭ داۋالاۋاتقان ۋە «ئەمگەككە بارمايدۇ» دېگەن قەغەزلىرىنى كۆرسەتسىمۇ نەزەرگە ئالماپتۇ. «ئۆلسەڭمۇ ماڭىسەن» دەپ ۋارقىراپ تۇرغاندا، بىزنىڭ ئۆيىمىزدە ئىجارىگە ئولتۇرغان باش ساقچىنىڭ باشلىقى نۇرجان ئاكا ئۆزىنىڭ ھەربىي كىيىمىنى كىيىپ ھەربىي ئۇنۋانىنى تاقاپ ئۆيگە كىرىپ كېلىپ بولغان ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن:

نېمە بولدى؟ نېمە ئىش بۇ؟ ئادەم ئاغرىق دوختۇردا داۋالىنىۋاتىدۇ. ئەمگەككە بارمايدىغان ئادەم سىلەرگە نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ نېمە گۇناھى بار؟ بۇ ئادەمگە قانۇن ئورنىدىن كىيگۈزگەن قالپىقى بارمۇ؟ دەپ ئۇلاردىن سورىغان ئىكەن، نۇرجان ئاكىنىڭ ھەربىي كىيىمگە قاراپ ۋە باشلاپ كىرگەن ئوكەن دېگەن ئادەمنىڭ نۇرجان ئاكىنىڭ ئالدىدا تىترەپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ مىنبىگلارمۇ بېسىلىپ:

ــ ياق ئۇ ئادەمگە قانۇن بويىچە كىيگۈزگەن قالپىقى يوق، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ــ ئۇنداق بولسا سىلەر بىكاردىن ئادەملەرگە بۇنداق تەھدىت سېلىشىڭلار توغرا ئەمەس، ئوكەنگە قاراپ:

ئوكەن سېنى بۇ ئىشلارغا كىم مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى؟ دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇ ھودۇقۇپ:

ــ ياق، مەن بۇلار بىزگە بېرىشىپ بەر، دېگەندىن كېيىن كەلگەن ئىدىم.

ــ سەن يۇقىرىدىن كۆرسىتىپ سېنى بەلگىلىمەي تۇرۇپ ئۆزلۈكۈڭدىن بۇنداق

ئىشلارنى قىلىشقا نېمە ھەققىڭ بار؟ بۇ ياققا كەل دەپ چاقىرىپ چىقىپ قاتتىق ـ قاتتىق بىر قانچە سۆز قىلغاندىن كېيىن ئوكەن كېلىپ يۇرۇڭلار، دەپ ئۇلارنى باشلاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

چۈشتىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرى كېلىپ دادامنى:

«بۇ كىشى كېسەل داۋالىنىپ قالسۇن. قالغىنىڭلار تاققا قايتىڭلار ئەتە ئېلىپ كېتىمىز» دېگەندە، ئاپام بىلەن سىڭىللىرىم «بىز قاتناش بىلەن كېتىمىز، بۇگۈن بىلەت ئالىمىز دەپ، شۇ كۈنى ئۈچ بىلەتنى ئېلىپ كېلىپ قويىدۇ.»

كەچقۇرۇن خەلق ئەسكىرى كېلىپ ئەتە ماڭىدىغان ئۈچ بىلەتنى كۆرۈپ، سوفىيە بىلەن دادام قالىدىغان، ئاپام، غەيشە، سادىق كېتىدىغان بولۇپ، ئۇلار چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كېتىشى بىلەن ئاپام بىلەتنى ئاپىرىپ قايتۇرۇپ تۆت كۈندىن كېيىن كېتىدىغان بىلەتنى ئېلىپ كېلىدىكەن. چۈنكى بۇ «خەلق ئەسكىرى» يوق قىلىش چۇ (شامال ئۆرتەڭى) گە بارغاندا ئاپاملارنى توسۇپ تۇرۇپ ئاپتوبۇس كەلگەندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ، بىر ماشىنا مىنىپ بۇلارنى ئېلىپ كەلدۇق، دەپ سازايى قىلىپ ئېلىپ قايتىمىز دېگەن ئىكەن. شۇڭا ئاپاملار تۆت كۈندىن كېيىن سارى چوقىغا چىقىپ زەكىيەنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، ئاپامنى زەكىيەدە قالدۇرۇپ غەيشە بىلەن سادىق گەنگوگە ئەتىگەن چاي ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى، ئۇلار ۋەزىيەت قانداق؟ ئاپام كەلسە بولامدۇ؟ بولسا ئېلىپ كېلىمىز، دېدى.

مەن، ياق قايتىپ كەتسۇن، كەلگەن بىلەن ساق قويمايدۇ، دەپ سادىقنى يەنە سارى چوقىغا ئەۋەتتىم. غەيشە بىز بىلەن قالدى. سادىق ئاپامنى ئېلىپ قايتا شەھەرگە كەتتى.

ھېلىقى بىر ماشىنا «خەلق ئەسكەرلىرى» شامال ئۆرتەڭدە ئۈچ كۈن ساقلاپ، ھەر بىر كەلگەن ئاپتوبۇسقا ھەممىسى تىزىلىپ شوئارلار توۋلاپ چۈشكەن ئادەملەرنى كۈتۈپ ۋە ئىچىنى ئاختۇرۇپ، ئاپاملار كەلمىگەچ ئاخىرى قايتىپ كەتكەن ئىكەن. فىردەۋس بىلەن خاجىيە بانۇ ئەتىسى ئەتىگەن يەنە شۇ ھەربىي ماشىنا بىلەن سۆزلىشىپ قويۇپ شۇ ماشىنا بىلەن يوشۇرۇنۇپ تاققا قايتىپ كەلدى.

# 68 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

بۈندىن ئىككى كۈن بۇرۇن گوڭشېنىڭ چوڭ زالىدا رەشىدەنىڭ بويىنغا ئاتنىڭ

يەم خالتىسغا تاش سېلىپ ئىنچىكە سىم بىلەن ئېسىپ قويۇپ، ئۇنى ئىككى كېچە قىيناپ كۇرەش قىپتۇ. رەشىدە بىچارە نېمە دېيەلىسۇن! «مېنىڭ كۆڭلۈمدە ھېچنەرسە يوق، خاتالىقىنى ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى» دېگەندىن باشقا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغۇدەك سۆز قىلالماپتۇ. كۇرەشنىڭ ئىككىنچى كۈنى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ «ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىگە قارشى كۇرەش قىلساڭلارمۇ لېكىن ئۇنىڭغا جىسمانىي جەھەتتىن زۇلۇم قىلىشقا بولمايدۇ. ھازىر بويىنىدىكى تاشنى ئالمايدىكەنسىلەر بىز كۇرەش مەيدانىغا كىرمىمىز، دەپ جىددىي تالاش ـ تارتىش بولغاندىن كېيىن كۇرەشنى توختىتىپ قويۇپ، رەشىدەنى قايتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن مىنبىك ۋە كادىرلار ئوتتۇرىسىدا مۇنازىرە ۋە ئېيتىشىشلار بىلەن تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. رەشىدەنىڭ ئۈچ ئايلىق بولغان بالىسى بويىدىن ئاجراپ ئېرى ئۆيگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. (شۇنىڭدىن كېيىن رەشىدە كېسەلچان بولۇپ، ئۆمرىدە ئىككىنچى پەرزەنت كۆرەلمىدى).

رەشىدەنىڭ كەينىدىن مېنى كۇرەش قىلىش پىلانىنى بىر كۈن ئاۋۋال بىزنىڭ ئۆيگە خەلق ئەسكىرى بولغان كىچىك قەنەغەت كىرىپ، سىزنى رەشىدەدىن كېيىن كۇرەش قىلىدىكەن، ئۇلار شۇنداق پىلان تۈزۈۋاتىدۇ، بىلمەي قالمىسۇن ئېيتىپ قوياي، دەپ كەلدىم دېدى ۋە باشقىلار كۆرۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ ئاستا چىقىپ كەتتى.

مەن ھەيران بولدۇم ۋە يەنە بىر تەرەپتىن خەلقتە ئۆزگىرىش بار دەپ خۇشالمۇ بولدۇم.

ئىشتىن كېيىن مەجبۇرىي ئەمگەكتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېلىپ يۇيۇنۇپ كىيىملىرىمنى يۆتكەپ تۇرۇۋشۇمغا ئىككى خەلق ئەسكىرى كېلىپ مېنى مەجلىسكە ئېلىپ كەتتى. شۇنداق يوغان گۇڭشې زالىنىڭ ئىچى ئادەملەر بىلەن لىق توشۇپ، يەنە نۇرغۇنلىغان ئادەملەرگە ئورۇن يوق كەينىدە ئۆرە تۇراتتى. مەن زالغا كىرىشىم بىلەن شوئار تووۋلاپ ۋە بەزىلىرى يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكۈچە ئارىلىقتا بىر ـ ئىككى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ ئۆتكۈزەتتى. تاياقلار ئارىسىدىن مېڭىپ كۇلۇبنىڭ ئالدىغا باردىم. سەھنە تەرەپتە قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى قاجاي، چوڭ ئەترەتنىڭ بوغالتىرى سالىق، شوپۇر ئەھمەد بىلەن بىر قانچە خەلق ئەسكەرلىرى تۇرغان ئىكەن، ئۇلار ماڭا بىر ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇر دېدى. چىقىپ تۇردۇم.

ۋارقىراپ شوئار تووۋلىشىدىن كېيىن قاجاي كۇرەش يىغىنى ھەققىدە سۆزلەپ، مەندىن ھېساب ئالىدىغانلىقىنى ۋە كۇرەش قىلىپ يوقىتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇنداق يىغىنلارنى بېشىمدىن نۇرغۇنلاپ ئۆتكۈزگەنلىكىمدىن كۆڭلۈمدە ئادەتتىكى ئىشلاردەك بولۇپ قالغان ئىدى. قاجاي بېشىمدىكى ياغلىقنى يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە تاشلىغان ئىدى،

ماڭا ئەڭ يېقىن يەردە نوكتە ئۈچ ئوغلى بىلەن ئولتۇرغان ئىكەن، ياغلىق شۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشتى. (نوكتەنىڭ ئائىلىسى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن يېقىن ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ بىرسى ئىدى ھەم يېقىن قوشنا بولۇپ ئولتۇراتتى ۋە نوكتەنىڭ ئايالى زەينەپ ئورۇس ئايال بولۇپ، ئۆزىنى مەن تاتار مەن، دەپ ئىسمىنى زىينادىن زەينەپكە يۆتكەپ ئالغان. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنى بىز تۇغقانمىز، دەپمۇ يۈرەتتى. ئىنقىلاب باشلىنىش بىلەن يۈز ئۆرۈپ چېگرا ئاجرىتىپ كەتكەنلەرنىڭ بىرسى ئىدى).

نوكتەنىڭ ئۈچ ئوغلى ياغلىقىمغا تاماقلىرىنى قىرىپ تۆكۈرۈپ، مىشقىرىپ پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ چەيلەپ، لاي ئاياغلىرى بىلەن توپىغا مىلەنگەن ئىدى، شۇنداق چىرايلىق ياغلىق تونۇغۇسىز بولۇپ يوق بولدى. ياغلىققا قاراپ بۇ خەقلەر ئىچىدە مېنىڭمۇ گۈزەل ياشلىقىم مۇشۇنداق ئاياق ئاستىدا چەيلىنىپ ئۆتۈپ كېتىپ باردۇ، دەپ ئويلىدىم.

شۇ ئارىلىقتا بىرسى بېشىڭنى ئەگ دەپ توۋلىغان ئىدى. قارىسام تۆنۈگۈن رەشىدەنىڭ بوينىغا ئاسقان تاش سالغان خالتىنى ئەكېلىپ مېنىڭ بوينۇمغا ئېسىپ قويدى. كۆپ ئۆتمەستىن ئىنچىكە سىم بوينۇمغا پېتىپ جانغا تەگكۈدەك ئاغرىشقا باشلىدى. تاشنىڭ ئېغىرلىقى ئېگىلىپ تۇرغان بەدىنىمنى تۆۋەنگە قاراپ تارتاتتى. مەن بار كۈچۈم بىلەن ئورۇندۇق ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشمەسكە تىرىشاتتىم. بەدىنىمدىن تىترەش ۋە بوينۇمنىڭ قاتتىق ئاغرىتىشى مېنى قىيناپ كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. ۋارقىراپ شوئار توۋلايتتى. شۇ ئارىلىقتا يېرىم سائەت يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. بوينۇمدىن قان ئېقىپ ئاق كوپتامنى بويلاپ تېمىشقا باشلىدى. بوينۇمنى تۇتۇپ باققۇم كەلدى. ئەمما چىداي بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ چىشىمنى چىشلەپ غەيرەت قىلدىم. كۆپ كېچىكمەي ئىشىك ئالدىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. مەجلىس باشقۇرغۇچىلارنى خەلق ئەسكەرلىرى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى.

تالادىن ئىككى خەلق ئەسكىرى كىرىپ بوينۇمدىكى تاش ئاسقان خالتىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. تاشنى ئالغاندىن كېيىن سىم تۆمۈر تۇرغان يەر تۈز سەپكەندەك ئېچىشىپ جېنىم سىرقىراپ كەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا چاندۇرماي دەپ ئۆزۈمنى ئەركىن تۇتۇپ ھېچنەرسە بولمىغاندەك تۇراتتىم. دادۇي باشلىقى سالىق ئالدىمغا ئېتىلىپ كېلىپ كۆزۈمگە بارمىقىنى تىقماقچى بولغان ئىدى، بېشىمنى قاچۇرۇپ ئاران ئۈلگۈردۈم. بۇلار راستتىن كۆزۈمنى ئويۇپ ئالغۇدەك تۇرقى بار، دەپ يۈرىكىم چۆچۈدى. بېشىڭنى ئەگ! دەپ توۋلاپ يەنە قولىنى كۆزۈمگە يوگۈرتۈپ كەلگەن ئىدى. مەن ئورۇندۇق ئۈستىدە تۇرغانلىقتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم، بويى

يەتمەي بېشىنى ئەگ، بېشىنى ئەگ دەپ توۋلاپ كەتتى. زالنىڭ ئىچىدە شوئار توۋلاپ توختىغاندىن كېيىن، سالىق ئالدىمغا كېلىپ ئاچچىق ئاۋاز بىلەن:

ــ سەن ئېيتىپ باقە، داداڭ سالىخ قانداق ئادەم؟ دەپ ۋارقىرىدى. مەن خاتىرجەم ھەم كەسكىن ھالدا:

ــ مېنىڭ دادام خەلق ئۈچۈن ئىشلىگەن، خەلقنى سۆيىدىغان، ئاق كۆڭۈل، ئىنسانپەرۋەر ئادەم، ھېچكىمگە ھېچقانداق يامانلىق قىلىپ كۆرمىگەن ئالىي جاناب، چىن ئىنسان دېدىم.

سالىق ئورنىدىن ئېتىلىپ تۇرۇپ:

ــ ھوي مانىڭغا قارا، دادىسىنى ماختاۋاتقىنىنى، كۆپچىلىك ئاڭلاۋاتامسىلەر، دەپ توۋلاپ كەتتى. ئەمما نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ سۆزىگە بىر ئادەم بىر ئېغىز سۆز قىلمىدى. ھەي كۆپچىلىك! دەپ تۆت ئەتراپقا بۇرۇلۇپ قاراپ چىقتى. ھېچكىمنىڭ بىر نەرسە دېمىگىنىگە ھەيران بولۇپ، ئاستا بېرىپ ئولتۇردى. زالنىڭ ئىچى بىر ئاز جىم بولۇپ قالدى. قاجاي ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ سېنىڭ ئاتاڭ سالىخ گومىنداڭدا ئىشلىگەن، گومىنداڭ قالدۇقى، ئۇنى نېمىشقا دېمەيسەن، دەپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ: جاۋاب! بەر بۇنى دېمەيسەنغۇ ھەجەپ، دەپ توۋلىدى.

ــ مېنىڭ دادام گومىنداڭ ۋاقتىدا سودا نازارىتىدە ئىشلىگەن، ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان دېدىم. قاجاي:

ــ گومىنداڭ ۋاقتىدا ئىشلىگەن ئادەمنى ياخشى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ سەن يەنىلا داداڭنى ماختايسەنغۇ؟ دەپ ۋارقىرىدى.

ــ گومىنداڭ ۋاقتىدا ئىشلىمەي ياتقان ئادەمگە كىم نان بېرىدۇ؟ ئۇ ۋاقىتىدىمۇ ئادەملەر ئىشلەپ كۈن كۆرگەن. ئادەملەر ھايات ئىكەن، قايسى ۋاقىت بولمىسۇن ئىشلەپ ياشايدۇ، دېدىم. شوپۇر ئەھمەد:

ــ جاۋابلاشما، سەن كىمسەن؟ بىر ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ كېلىپ مېنى ئورۇندۇقتىن يۇلۇپ چۈشۈرۈپ بىر قانچە مۇشت ئۇردى. شوئار توۋلاندى. يەنە ئورۇندۇققا چىقىپ تۇردۇم.

قاجاي بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ كۆپچىلىكتىن تەستىقلىتىپ ئالىدىغان بىر نەرسە بار دەپ قەغەزنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئۆتكەندە سۆيۈنگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن شەھەرگە 25 خەلق

ئەسكىرى بارغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ياتاق ـ تاماق ۋە ئاپتوبۇس بېلەتلىرىنى ھەم 25 خەلق ئەسكىرىنىڭ ئۈچ كۈنلۈك ئىش ھەققىنى سۆيۈنگۈل تۆلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن 400 سوم، يەنە سۆيۈنگۈل خابادا تاسقىغان قۇمنى توشۇپ كەتكۈچە خاباغا كەلكۈن كېلىپ، ئۇ قۇملارنى ئېقىتىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن 20 كوپ قۇمغا 80 سوم جەمى 480 يۈئەن پۇل تۆلەيدۇ. ھازىر كۆپچىلىك ئالدىدا تەستىقلىتىپ ئالىمىز، دەپ خەلق ئەسكىرىنىڭ باشلىقى، قاجاي، سالىق، شوپۇر ئەھمەدلەر بىر قەغەزگە قول قويۇپ، رەسمىيەتلەرنى ئۆتىدى. توۋا دەپ ھەيران بولدۇم. قۇمنى تاسقاش مېنىڭ ۋەزىپەم بولسىمۇ توشۇپ ئېلىش ئۇلارنىڭ ئىشى ئىدى. مېنىڭ ئۈچۈنغۇ ھېچ پەرق يوق. چۈنكى مەن تۇرمىدىن قايتىپ بىر كۈن دەم ئالماي ئىشلىگەن بولسامۇ ئىش ھەققىم ئۈچۈن بىر تىيىن ئېلىپ كۆرمىدىم.

سالىق قول قويۇپ بولۇپ، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ:

ـ كۆپچىلىك خەلق بىلىپ قويۇڭلار، بۇ ئەكسىلئىنقىلابچى ھېچ ۋاقىت توي قىلالمايدۇ ھەم توي قىلىشىغىمۇ ھوقۇقى يوق، دەپ بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ «سەن توي قىلماقچى بولساڭ توي خېتىڭنى بىزدىن ئالىسەن، بىز ھېچ زامان ساڭا توي خېتى بەرمەيمىز، سەن ئۆمرۈڭ بويى مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىسەن. قېنى توي قىلغىنىڭنى بىز بىر كۆرەيلى دەپ ئالچاڭلاپ بېرىپ ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران بولدۇم ھەم نومۇسۇم كەلدى. نېمە دېگەن خارلاش! مەن مۇشۇ ھالىمدا توي قىلىشنى ئويلاپمۇ كۆرمىدىم. توۋا خۇدايىم، قانداق بىر كۈنگە قالدىم، دەپ كۆڭلۈم يامان بولدى. ئەمما سەۋر قىلىشتىن باشقا نېمە چارە بار؟!

يىغىن ئاياغلىشىشتىن بۇرۇن مېنى چىقىپ كەتسۇن، دەپ شوئار توۋلىدى. مەن ئۆيگە قاراپ ماڭغان ئىدىم، كەينىمدىن بىر تۇركۇم بالىلار چىقىپ ماڭا قارىتىپ تاش ئېتىشقا باشلىدى. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى مۇشتەك ـ مۇشتەك تاشلار مېنىڭ يېنىمدىن باشلىرىمدىن ئۈچۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بالىلار ھوي بىرىمۇ تاش تەككۈزەلمەيۋاتقىنىمىزنى قارا، نېمىشقا تەگمەيدۇ؟ دەپ تىللاپ، تىللاپ تاش ئاتاتتى. مەن ئۆزۈمنى ئاللاھقا ئامانەتلەپ مېڭىپ ئۆيگە يېتىپ كەلدىم.

## رەشىدەنىڭ قولغا ئېلىنىشى

12 - ماي

گۈزەل ماي ئېيى، تەبىئەت ياپيېشىل، يېڭى چىققان مايسىلارنىڭ خۇش پۇراق

ھىدى كىشىنىڭ كۆڭلىگە راھەتلىك بېرەتتى. قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى جانغا ھۇزۇر بولاتتى. تەبىئەت ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە تىنچلىق بىلەن كۆڭلۈمنى خۇش قىلسىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېغىر سىياسىي زۇلۇمى جېنىمغا پاتاتتى. بۈگۈن پۈتۈن ئەترەت خەلقى قومۇرۇلۇپ تاش يول ياساش ئۈچۈن چىقتى. مۇقاجان بىلەن مېنى خابادىن شېغىللارنى كولاپ ھەم ماشىنىغا قاچىلاش ئۈچۈن قويدى. بۈگۈنمۇ بىر قانچە خەلق ئەسكەرلىرى بىزگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ «بول چاپسان ئىشلە» دەپ ئاغزى يېپىلماي ۋارقىراپ كېلىۋاتاتتى.

ماشىنا كەتكەندە شېغىللارنى كولاپ دۆۋىلەپ تۇرىمىز، ماشىنا كەلگەندە دۆۋىلەنگەن شېغىللارنى ماشىنىغا قاچىلايمىز. بۇ يەڭگىل ئىش ئەمەس ئىدى. ماشىنا بىرىپلا تۆكۈۋېتىپ قايتىپ كېلەتتى. بۇنداق ئېغىر ئىشقا مەن ـ مەن دېگەن ئەرلەرمۇ چىدىمايدۇ. بېشىڭغا كەلگەندە چىدىماي ئامالىڭ قانچە؟ «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۈچۈڭنى خار قىل» دەپ ئۆزۈمگە غەيرەت بېرەتتىم. ئىككى ماشىنىدىن كېيىن لىڭشىپ ئاران ئىشلەۋاتقان مۇقاجان «قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى» دەپ يەرگە يۈملىنىپ يېتىپ قالدى، بەلكى راست ئاغرىدى ۋە بەلكى يالغان ئىش قىلىپ ئۇ ئىشتىن توختىدى. قانداق قىلسۇن ياشقا چوڭ ئادەمگە بۇنداق ئېغىر ئىشنى قىلىش قىيىن. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ئىش پەقەت ماڭا قالدى.

ئۆز غەيرىتىمگە ئۆزۈم قايىل بولدۇم. يالغۇز ئۆزۈم ئۆلگۈرتۈپ ئىشلەپ تۇردۇم. مەن ھەر ھالدا ئەمگىكىم بىلەن نەنسەن خەلقىنى قايىل قىلىپ كەلدىم.

چۈش ۋاقتى بولغاندا ئۇسساپ كېتىپ بىر چىنە سۇ ئىچىش ئۈچۈن يول چېتىگە قازان ئېسىپ سۇ قاينىتىۋاتقان يەرگە باردىم. قازان بېشىدا چوڭ ئەترەت باشلىقى قادىر بېكنىڭ ئايالى زەبىيلە سۇ قايىنىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنىڭ كەلگىنىمنى كۆرۈپ:

ـ ساڭا ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا سۇ يوق، سۇ بېرىلمەيدۇ، كەت، يوقال، دېدى. مەنمۇ گەپ قىلماستىن: «بۇ يەرگە دۇنيادىكى زەھەرلەر يىغىلغان يەر ئىكەن» دەپ ئويلاپ كېتىپ قالدىم. كەچتە ھېرىپ ھور جېنىم قېلىپ ئاران ئۆيگە قايتتىم. ئۆيدە غەيشە، خاجىيە بانۇلار بار ئىكەن. قانداقتۇر ئۇلار كۆڭۈلسىز ھەم غەمكىن كۆرۈنەتتى. مەن ئۇلاردىن «نېمە بولدى» دەپمۇ سورىغۇم كەلمەي قالدى، بىر ئاز بولسىمۇ تىنچلىقنى خالاپ قالدىم. چايدىن كېيىن غەيشە غەمكىن ھالدا: بىلدىڭىزمۇ بۈگۈن ئەتىگەن شەھەردىن كېلىپ رەشىدەنى قولغا ئېلىپ كېتىپتۇ، گۇڭشې، چوڭ ۋە كىچىك ئەترەتلەردە بىر خىل جىددىيلىك بار. ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ھەر تۈرلۈك قالپاقلارنى ياساپ تىزىۋېتىپتۇ. بىرەر ھەرىكەت بار ئوخشايدۇ، دەپ ئەنسىرىشىپ ماڭا قاراپ قانداق بولاركىن؟ دېدى.

ـ بىچارە پۈتمەس بالاغا ئۇچراپتۇ. ئاللاھ ياردەم قىلسۇن، دەپ ئىچىم ئاغرىدى.

خاجىيە بانۇ بىچارە رەشىدەنىڭ ئىككى ياشلىق كىچىك بالىسى بار ئىدى، بالىسىغا قىيىن بولدى، دېدى.

غەيشە نېمە ئۈچۈن ئۇنداق كۆپ قالپاقلارنى ياسىدى. مېنىڭ يۈرىكىم چۆچۈۋاتىدۇ، يەنە نېمە ئىشلار بولاركىن دېدى.

ــ غەم قىلما، بولغىنىنى كۆردۈڭ، دېدىم.

## 68 - يىلى 17 - ماي

تەبىئەت شۇنچە گۈزەل. ئاسمان كۆپكۆك يۇيۇپ قويغاندەك پارقىرايتتى. ئەتراپ يايپېشىل، نەنسەنىنىڭ ئىدىر سايلىق تاغلىرى چىرايلىق گۈللەر بىلەن نەقىشلەنگەن يېشىل تونىنى كىيىپ، قەيسەر قارىغايلىرى بىلەن مەغرۇرلىنىپ كۆكسىنى كېرىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ تۇراتتى. گۈل - چىمەنلەرنىڭ خۇش پۇراق ھىدىغا تويماي چوڭقۇر - چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ تەبىئەتتىن ھۇزۇرلىناتتى.

بۈگۈن مېنى تاش يول ياساشقا ئەۋەتمەي ئېلىپ قېلىپ، ئات قورۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغ تۇمشۇقىدىن قۇم كولاشقا بۇيرۇدى. ئۇ يەردە يالغۇز ئۆزۈم ئىشلىدىم. بۈگۈن گۈگۈشى بىلەن ئەترەت ئارىلىقىدا قانداقتۇر بىر جىددىيلىك بار ئىدى. ئادەملەر ئالدىراش ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى. ئاتلىق چاپاتتى، توۋلىشاتتى. خۇددى بىر چوڭ ئىش يۈتتۈرۈۋاتقاندەك جاھانغا سىغماي كۆرەڭلەپ، بىكاردىن - بىكارغا توۋلاپ قوياتتى. ئىسكىلاتنىڭ ھويلىسىدا يىگىرمىدەك ئادەم يەرگە دىڭگەكلەرنى ئورنىتىپ تاختايلارنى مىخلاپ، ئالدىراش سەھنە ياساۋاتاتتى. مەن مەجلىسنى شۇ ھويلىدا ئاچسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. بۇنىڭغا قارىغاندا تەنقىدى چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈپ، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، بىر دولقۇن كۆتۈرمەكچى ئوخشايدۇ. بۇ سەھنىدە ئويۇن قويغۇچىلارنىڭ باش رولىدا يەنە مەن بولۇرمەن، دەپ ئويلىدىم. ئۆلمەي ئامان قالساق ئۇمۇ ئۆتۈپ كېتەر دەپ، ھەرقانداق يامان ئويلارنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ خاتىرجەم ئىشلەۋەردىم. لېكىن قاپىقىم توختىماستىن تارتاتتى. كۆڭلۈم يامان بولۇپ، بىر كۆڭۈلسىز ئىشنىڭ بولۇشىنى سېزەتتى. چۈشتىن كېيىن بولغاندا ئاتلىق مىنبەگلار تاغدىن ئېشىپ پىيادە قالپاق كىيگەن ئادەملەرنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىشكە باشلىدى. ھەر بىر كىچىك ئەترەتنىڭ قالپاق كىيگەن ئادەملەرنى گۈگۈشى بىناسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ئەتراپتىكى دۆڭلۈكلەرنى

چاپتۇرۇپ تۈپسىنى توشۇتۇپ ئىشلەۋاتاتتى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن چوڭ ئەترەت تەرەپتىن بايراق ۋە ماۋجۇشىنىڭ رەسىملىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆي ـ ئۆيلەردىن ئادەملەرنى يىغىپ چىقىپ شوئار تووۋلاپ مەن تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ سالغىنىڭ ئايالى قاينىجامال كېلەتتى. ئۇ ئادەتتە بىر كۈنچىلىك يەردىن مېنىڭ قارامنى كۆرۈپ قالسا ھېچ سەۋەبسىز بىكارچە يۈرۈپ يوقالسۇن سۆيۈنگۈل، سۆيۈنگۈلنى يوقىتايلى، دەپ تووۋلاپ يۈرەتتى. دەسلەپ ماڭا بەك ئېغىر كەلدى. مەن بۇنىڭغا نېمە قىلدىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن مەن ئۇنى كۆرۈپ باققان ئادەم ئەمەس ھەم ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق. كېيىن ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئادىتى دەپ بىلىپ ئېتىبار قىلماستىن كېتىۋېرىدىغان بولدۇم. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئۇنىڭ قورقىدىغان بىر ئىنچىكە يېرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قوياتتىم.

ئۇلار سايدا مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ «قورالىڭنى ئېلىپ چۈش» دەپ تووۋلىدى. مەن كىيىملىرىمنى قېقىپ، چاچلىرىمنى تاراپ، ياغلىقنى ياخشىلاپ باغلاپ بولغۇچە ئۇلار سايدا شوئار تووۋلاپ مېنىڭ تاغدىن چۈشۈشۈمنى كۈتۈپ تۇردى. بىر تۈركۈم ئادەملەر شوئار تووۋلاپ مۇقاجاننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختاپ ئۇ يەردىن مۇقاجان، ئايالى ۋە ئوغلى شۇغايىفنى ئېلىپ چىقتى. ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە تاغدىن سەكرەپ ـ سەكرەپ چۈشۈپ كەلدىم. مېنى سەپنىڭ ئەڭ ئالدىغا، مېنىڭ كەينىمگە شۇغايىف ۋە دادىسى، ئاپىسىنى تىزىپ ئەللىكتەك ئادەم بىزنى گوڭشېنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى.

مەن كىشىلەر ئالدىدا چۈشكۈن تۆۋەن تۇرۇشنى ياخشى كۆرمەيمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دائىم ئۆزۈمنى روھلۇق ئوچۇق تۇتۇشقا تىرىشاتتىم ھەم شۇنداق يۈرەتتىم. ئەمما ھەر قەدەمدە بىر روھى زەربىگە ئۇچراپ كەلدىم. گوڭشېنىڭ كەينىدىكى دۆڭلۈكتە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ قويدى. بىرەر يۈزدەك ئادەم قورققىنىدىن جان تالىشىپ ئىشلەۋاتاتتى. 40 كە يېقىن خەلق ئەسكىرى خەلقنى ھەيدەپ ئىشلىتىۋاتاتتى. مەن تونۇمايدىغان نۇرغۇنلىغان ئادەم كەلگەن ئىكەن. بۇ ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىغۇدەك ھالى يوق، ئالدىراش ئىشلەيتتى. مەن يېتىپ كېلىشىم بىلەن قولۇمدىكى جوتۇ (يەر كولايدىغان ئۇچلۇق تۆمۈر) نى بىرسى يۇلۇپ ئالدى. قولۇمدىكى گۈرجەك بىلەن زەمبىللەرگە توپا سېلىۋاتاتتىم. يەنە بىرسى كېلىپ قولۇمدىكى گۈرجەكنى تارتىپ ئېلىپ ئالدىراش ئىشلەشكە باشلىدى. بىچارىلەر قاتتىق قورققىنىدىن ھودۇقۇۋاتىدىغۇ دەپ ئويلاپ، بىر زەمبىلنى ئېلىپ كېلىپ توپا توشۇدۇم. بىزنىڭ كەينىمىزدىن كۆپ

كېچىكمەستىن «كاپىتالىستلارنى يوقىتايلى!» «مىللەتچىلەرنى يوقىتايلى» دەپ شوئار توۋلاپ دادامنىڭ ھەدىسىنىڭ ئېرى مەجىد ئاكىنى ۋە نەۋرە ھەدەم خاجىيە بانۇنى سۆرەپ كېلىپ بىزنىڭ ئارىمىزغا قوشتى. مەن ئۇلارنى كۆرۈپ ئاجايىپ ھەيران بولدۇم، خاجىيە بانۇنىڭ چىرايىدا قان يوق، لەۋلىرى تىترەيتتى. بىرسى گەپ قىلسا پاتىگىدە ئېتىلىپ يىغلايدىغاندەك تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە قاراپ كېرەك يوق، دېگەندەك قىلىپ كۆز بېرىپ كۈلۈپ قويدۇم.

مەجىد ئاكا بولسا ھودۇققان ۋە قورققان ھالدا كۆزىنى يوغان قىلىپ نېمە قىلىشنى بىلمەي ئەتراپقا قارايتتى. پۈتۈن يۈز ـ كۆزى قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن. ئۇ 70 ياشلارغا بېرىپ قالغان، قان بېسىمى يۇقىرى كېسىلى بار ئادەم ئىدى. خاجىيە بانۇ بىلەن ئىككىسى زەمبىل كۆتۈرۈپ ئىشلەشكە كىرىشتى. ئىشلەۋېتىپ بىر ئارىلىقتا لىيۇجۇڭنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بېشىغا بۇرۇنقى خىتاي پادىشاھلارنىڭ تاجىسىدەك قىلىپ قەغەزدىن قالپاق كىيگۈزگەن، چاپاننى ئالدىنى كەينىگە قىلىپ كىيىپ ئېتىكىگە توپا سېلىپ چۆشكۈن ھالدا ئاران مېڭىپ ئىشلەپ يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ «لاۋلىيۇ سەن بۈگۈن بېشىڭغا تاجى كىيىپ پادىشاھ بولاي دەۋاتامسەن» دەپ چاقچاق قىلىپ كۈلدۈم. لىيوجۇڭ:

ــ ھەي قىزىم، سەن ھېچنەرسىنى بىلمەيۋاتىسەن. بىز بۇ كۈرەشتىن تىرىك چىقمايمىز. بىزنىڭ ئۆلۈكىمىزنى ئۆيگە ئېلىپ قايتىدۇ، دېدى. مەن ھەيران بولدۇم.

ــ قويە لاۋلىيۇ، نەدىكى بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىسەن. سەن قورقۇپ قاپسەن ھەم ئۇنداق ئىش يوق. ئۆلمەيمىز، دېدىم. مېنىڭ كېلىپ قالدى، دەپ كېتىپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران بولدۇم، «راست شۇنداق بولارمۇ؟ ھەي ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئىشەنگۈم كەلمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن يۈرىكىم چۆچۈپ ئاللاھ ئۆزۈڭ ساقلا، دەپ خۇدايىمغا تاپشۇرۇپ كۆڭلۈمنى بەزلىدىم. ئۆلۈمنى ئويلاش ئېغىر. ئاللاھ ئەجىلىمىزنى نېمىدىن يازسا شۇ بولۇر، ئەگەر ئەجىلىمىز مۇشۇ بولسا ئامالىمىز يوق. ئاللاھ ئىمانىمىزنى بەرسۇن، تەقدىرگە نېمە يازسا شۇنى كۆرەرمىز، دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم.

خەلق ئەسكەرلىرى توختىماستىن «چاپسان بول، چاپسان» دەپ توۋلاپ ھەيدەكچىلىك قىلاتتى، كىشىلەر بىر خىل قورقۇش ۋە خەۋپ ئىچىدە ئالدىراش ئىشلەيتتى. شۇ تەرىقىدە كەچكى سائەت ئونغا قەدەر ئىشلىدۇق. ئەتە ئەتىگەن سائەت تۆتتە ئىشقا چىقىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرۇپ، چوڭ ئەترەت ۋە گوڭشې زاللىرىغا كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. بىزگە ئورۇن بولمىغانلىقتىن ئۆيدە يېتىشقا قايتۇردى.

# 1968 - يىلى ئەستىن چىقماس قانلىق 18 - ماي

ئەتىگەن سائەت ئۈچلەر بىلەن تاڭ قاراڭغۇسىدا ئىشقا چىقتۇق. ئادەملەرنىڭ قىياپىتىدە قانداقتۇر ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقۇش ۋە ئەنسىرەش بار ئىدى. ئىككى يۈزدەك ئادەمدە بىر ئېغىز سۆز قىلغان ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. پەقەتلا چېلىۋاتقان جوتۇ ۋە گۈرجەكلەرنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ چاپسان ئىشلە، چاپسان بول دەپ تووۋلىغان قاتتىق ئاۋازلىرى چىقىپ تۇراتتى. سائەت ئالتىدە ئەتىگەنلىك تاماققا ئۆيگە قايتتۇق. ئۆيدە غەيشە بىلەن فىردەۋس ئىككىسىلا بار ئىدى. ئۇلار قاتتىق ئەنسىرىشىپ ئاقۋەتنى قانداق بولار، دەپ قايغۇراتتى. فىردەۋس توختىماستىن يىغلايتتى. مەن ئۇلارغا: «ھېچ قايغۇرغۇدەك ئىش يوق. بۇ بىر خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ پوپوزا قىلىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان بىر ھەرىكەت. ئاللاھ ساقلىسۇن! ھېچنەرسە بولمايدۇ. غەم قىلماڭلار، دەپ چاچلىرىمنى ئۆرۈپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۈگدۈم ۋە قارا پاختا يىپنى تۆت قەۋەت قىلىپ چېچىمنى چۇۋۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ چىڭ قىلىپ تىكىپ چىقتىم، ئاندىن قانداق بولدىكىن دەپ ئەينەككە قارىسام تۈرۈپ قويغىنىم ئۆزۈمگە ئاجايىپ يارىشىپ كېتىپتۇ. ياشلىقىدا ئادەمنىڭ نېمە قىلسا يارىشىدىغان گۈزەل چېغى. ئىسىت ياشلىقىم، زۇلۇم ئاستىدا خار بولۇپ، دەسسىلىپ ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ، دەپ ئويلاپ ئەينەكتىكى ئۆزۈمگە قارىدىم. ھەقىقەتەن بۈگۈن شۇنچە چىرايلىق كۆرۈندۈم. ئاپاق پارقىراپ تۇرغان يۈزۈمگە، قىزىل مەڭزىلىرىمگە يۇغان، چىرايلىق، ئويچان قارا كۆزۈمگە، پېشانەمگە يۆگىلىپ چۈشۈپ تۇرغان ئۇششاق چاچلىرىمغا كۆز يۈگۈرتۈپ قاراپ تۇراتتىم. ئىشىكتىن خاجىيە بانۇ:

- بول چاپسان، بىر ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكىنى سۆرەپ كېلىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئىشقا كېلىپتۇ، دەپ سۆزلەشكە ئاغزى كەلمەي تىترەيتتى. ئاۋازلىرىمۇ يىغلىغان كىشىنىڭ ئاۋازىدەك تىترەپ چىقاتتى.

مەنمۇ ئالدىراپ ئۇچامغا يىلىك چاپىنىمنى كىيىپ گۇڭشېغا قاراپ ماڭدىم. خاجىبە بانۇ دېگەندەك بىر ئادەمنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ سۆرەپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردۈم ۋە يۈرىكىم چۆچۈپ ۋۇجۇدۇمدىن بىر تىترەك چىقىپ ئۆزۈمدە بىر قىسما ئۆزگىرىش بولغاندەك تىترەيتتىم. ھېلىقى ئاياللار سۆرەپ كېلىۋاتقان ئادەمنى بىر تەرەپتىن تىللاپ بىر تەرەپتىن تېپىپ كېلىۋاتاتتى. ھەممىدىن سالىقنىڭ ئايالى قايىنجامالىنىڭ ئاۋازى قاتتىق چىقاتتى. ئۇ ھەم چىرقىراپ يۈرۈپ توختىماي تېپىپ كېلەتتى. مېنىڭ قۇلىقىمغا لىيوجۇڭنىڭ: «بىز بۇ كۈرەشتىن تىرىك چىقمايمىز، ئۆلۈكىمىزنى ئېلىپ چىقىدۇ» دېگەن سۆزى تەكرار -

تەكرار ياڭراپ كەتتى. مەن خەنزۇلار ھەر قانداق ئىشنى ئالدىدىن بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا خەنزۇلار ئېيتقان، بۇنىڭغا قارىغاندا شۇنداق پىلان بولسا كېرەك، دەپ كۆزۈمگە ئۆلۈم كۆرۈندى.

ئالدىراش ئىش مەيدانىغا قاراپ كەتتىم. كىشلەر ئىشقا چۈشۈۋاتقان ئىكەن. مەنمۇ يەردىن گۈرجەكنى ئېلىپ توپا كولاشقا كىرىشتىم. تەرەپ - تەرەپلەردىن تۇرلۇك - تۇرلۇك قالپاقلار كىيدۈرۈپ نۇرغۇن ئادەملەرنى پىيادە ھەيدەپ كېلىپ بىزنىڭ قاتارىمىزغا قوشتى. بىچارە خەلق قورققىنىدىن ئۆزىنى يوقاتقان ئىدى.

خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن ئاكتىپلار ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە شوئار توۋلاپ مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى سۆرەپ چىقىپ بىزنىڭ قاتارغا قوشماقچى بولغان ئىدى. ئۇلار قارشىلىق بىلدۈرۈپ مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. مەيداندا ئىشلەۋاتقانلارنىمۇ ۋارقىراپ يۈرۈپ ھەر بىر ئەترەتنىڭ ئادەملىرىنى ئايرىپ تىزىپ چىقتى. قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ ئالدىغا مېنى مېنىڭ كەينىمگە مۇقاجان، ئايالى ھەم شۇغايفنى، ئۇلارنىڭ كەينىگە مەجىد ئابىزى ۋە خاجىيە بانۇنى ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرى ھەم ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە چوڭ ئەترەتتىكىلەر بۆلۈپ، بىر گۇرۇپپا قىلىپ تىزىپ چىقتى. بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قالپاقنى مېنىڭ بېشىمغا كىيگۈزدى. ھەر تۇرلۇك رەڭدىكى ئۇزۇن لېنتىلارنى قالپاققا بېكىتىپ قويۇپتۇ. قالپاقنى كىيگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆزۈم يوق بولۇپ كەتتىم. يەرگە چۈشۈپ تۇرغان لېنتىلارنىڭ ئىچىدە كىم ئىكەنلىكىنى تونۇش قىيىن ئىدى. تۇرلۇك - تۇرلۇك قالپاقلارنى بىر قانچە ئادەملەرنىڭ بېشىغا كىيگۈزدى. ئاندىن بىر خەلق ئەسكىرى يۈگۈرۈپ كىرىپ گۈڭشېدىن قارا بۇياق ئارىلاشتۇرغان ھارۋا يغىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بىرىنچى بولۇپ مېنىڭ يۈزۈمگە قارىنى سۈركىدى. بۇ ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. مەن نېمە قىلدىم؟! نېمە گۇناھىمغا يۈزۈمگە قارا سۈركەيدۇ؟ مەن پەقەت ئەل بەختى ئۈچۈن، ئەلنىڭ ئەركىنلىكىنى، مۇستەقىللىقىنى، ئازادلىقىنى خالاپ ھەم شۇنىڭغا تەشنا بولۇپ، ئۆز ھاياتىمنى، ياشلىقىمنى ئويلىماي قۇربان قىلغان ئىدىم. مۇشۇنىڭدەك نادانلىقتىن قاراڭغۇلۇقتا، زۇلۇمدا قالغان خەلقىمنى ئويغىتىشنى ئۈمىد قىلىپ بۇيۇك ئىشقا قەدەم قويغان ئىدىم. مېنىڭ ئەل ئالدىدا ھېچقانداق گۇناھىم يوق. يۈزۈمنى قارا بويىغۇدەك ئەيىبىم يوق. بىز مۇشۇ ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن ھەر قانداق قىيىنچىلىق ۋە ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىپ چىقتۇق، دەپ ئويلىغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى كۈچلۈك ھەم بۈيۈك غايىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مەغرۇر قىياپەتتە سەزدىم. شۇ ئويلار بىلەن قالپاقنىڭ يۈزۈمگە چۈشۈپ تۇرغان لېنتىلىرىنى تۈزىتىپ تۇراتتىم. شۇنداق يوغان بىر مۇشت بىلەن قولۇمغا كەلتۈرۈپ ئۇرغان ئىدى، جېنىم چىقىپ كەتكەندەك بولدى. قولۇم سۇنغاندەك ئاغرىپ كەتتى. چىشىمنى

چىشلەپ ئۆزۈمنى ئاران تۇتتۇم. ھەي، راستتىن بۇلارنىڭ ئەلپازى يامانغۇ دەپ ئويلىدىم. كەينىمدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈزىگە قارا سۈركىسە كېرەك، ئۇلارنىڭ قارشىلىق قىلىپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. غالىم مۇغالىمنىڭ ئۆتكۈر ئاۋاز بىلەن بۈگۈن بىزنى ئەمەس، ساڭا ئوخشاش پارتىيە ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇپ ئالغان ھوقۇقدارلارنى سۆرەپ چىقىپ كۈرەش قىلىپ ھېساب ئېلىش كېرەك. قادىر بېك سەن ئۆزۈڭ جاۋاب بەر، بۈگۈن قابدال، سالىق ھەممىڭلار ھېساب بېرىدىغان كۈنۈڭلار. سىلەر بىزدىن ھېساب ئېلىش ئەمەس، ئۆزۈڭلار ھېساب بېرىشىڭلار كېرەك، دەپ توۋلىغان ئىدى، بىر توپ خەلق ئەسكەرلىرى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى سىلكىشلەپ سۆرەشكە باشلىدى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. شۇ ئارىدا ئەلىقان مۇغالىم خەلق ئەسكەرلىرىگە قاراپ سىلەر خاتا قىلىۋاتىسىلەر، مەن سىلەرگە ھەرقانداق كېرەكلىك بولغان ئىشلىرىڭلارغا ياردەم قىلىپ كەلگەن ئىدىم، مەن سىلەرنىڭ ئادىمىڭلار ئىدىم، مېنى خاتا تۇتۇۋالىسىلەر دەپ خۇددى ھازىر ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغاندەك يالۋۇرۇپ كەتتى. خەلق ئەسكەرلىرى قابدالنى باشلاپ كەلدى. ئەلىقان قابدالنى كۆرۈپ «ئاغاي مەن سىلەرگە ياردەملەشكەن ئىدىم، ماڭا ياردەم قىل» دەپ ۋارقىراپ، خۇددى ئۇنى سۆرەپ چىقىپ ئوتقا ئاتىدىغاندەك ياكى ئۆلۈم مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغاندەك قورقۇپ يالۋۇراتتى. قابدال بولسا ئۆزىنى بەئەينى ماۋجۇشىدەك كۆرۈپ كۆرەڭلەپ، كىرىلىپ، ئالچاڭلاپ مېڭىپ  خەلق ئەسكەرلىرىگە ئىشارەت بىلەن قويۇۋەت دېدى. ئەلىقان خۇشاللىقىدىن يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى.

– ماۋجۇشى ياشىسۇن! تۆمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن! دەپ ئىككى قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ شوئار توۋلاپ ئېرىق بويىغا يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، يۈزىدىكى قارا بوياقلارنى يۇيۇپ چىقتى. پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭغا شۇنداق نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىغا كىرەلمەي ئەڭ ئاخىرىغا بېرىپ تۇردى.  ھەر بىر ئەترەت، ئەترەت بويىچە تىزىلىپ كۈرەش مەيدانى بولغان ئىسكىلات قورۇسىغا قاراپ كەتتى. بىرىنچى بولۇپ كەتكەن ئەترەتنىڭ مەيدانىغا كىرىشى بىلەن ۋارقىراشلار، توۋلىغان ئاۋازلار ئادەمنىڭ يۈرىكىگە سۈرلۈك قورقۇنچلۇق بولۇپ ئاڭلىناتتى. مەيداننىڭ ئۆزىدە ۋالىبول توپنىڭ پوكۇلداپ ئۇرۇلغىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۈرۈمچى نەشرىياتىدا ئىشلەيدىغان بىر قانچە ياش قازاق يىگىتلەر دەم ئالغىلى كەلگەن ئىكەن، بەلكى ئۇلار ئىسكىلات يېنىدىكى مەيداندا توپ ئويناۋاتسا كېرەك «چاشقانغا  قىيىن مۈشۈككە ئويۇن» دەپ نېمە ئۇلارنىڭ توپ ئوينىغۇسى كېلىپ قالغاندۇر، دەپ ئويلىدىم.

كېچىكمەستىن بىزمۇ مەيدانغا كىرىپ كەلدۇق. يەردە قانغا مىلىنىپ، توپىدا ھوشسىز ياتقان مەديار موللىنى كۆرۈپ يۈرىكىم جۇغ قىلدى. «بۈگۈن كۈرەش يىغىنىدىن تىرىك

چىقمايمىز» دېگەن سۆز قۇلىقىمدا ياڭرىدى. مەيدانغا يېتىپ كېلىشىم بىلەن ئۇنىغا يېقىن خەلق ئەسكەرلىرى ۋە قاچاي، سالىق، قەنەغەتلەر يولۋاستەك ئېتىلىپ كېلىپ مېنى ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقىپلا تاراس ـ تۇرۇس مۇشتلاپ كەتتى. ھېلىقى ۋالىبول توپىنىڭ ئۇرۇلغان ئاۋازى توپتىن ئەمەس، ئادەمدىن چىقىدىكەن. ئۆزۈمنى ئۇرغاندا بىلدىم. باش ـ كۆز دېمەستىن گۇپۇلدىتىپ سوقۇپ، يوغان ئۆتەكلىرى بىلەن تېپىشقا باشلىدى. مەن ئۆزۈم نېمە بولغىنىنى بىلمەي قالدىم. ماۋجۇشىغا باش ئەگ، خەلققە باش ئەگ دەپ تووۋلاپ مۇشتلايتتى. خەلق قەيەردە؟ ماۋجۇشى نەدە؟ بىلمىدىم. بۇرنۇمدىن ۋە ئاغزىمدىن قان ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. بېشىمدىكى قالپاقلارمۇ نەلەرگە كەتتى. دەسسىلىپ يوق بولدى. قانچە مەرتىۋە يىقىلىپ، قانچە تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. مەن پەقەت يىقىلىپ ئاياق ئاستىدا دەسسىلىپ قېلىشتىن قورقاتتىم. يىقىلىشىم بىلەن چاققان سەكرەپ تۇراتتىم. ئۇلار ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مېنى سۆرەپ كېلىپ گۇڭشېنىڭ شۇجىسى ئۆمەربېك دەسسەپ تۇرغان ئۇزۇن ئورۇندۇققا چىقىرىپ ئېڭىشتۇرۇپ قويدى. پۇتۇن بەدىنىم تاياق زەربىسىدىن ۋاژ ـ ۋاژ ئېچىشاتتى. بۇرنۇمدىن بىر ھازاغىچە قان توختىماي ئاقتى. ھەر بىر قالپاقلىق ئادەملەرنى بىرنىڭ كەينىدىن بىرنى ئۇرغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نېمە دېگەن دەھشەت؟ مەن ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىگە چىققاندىن كېيىن بەستلىك يوغان دىۋىدەك ئون نەچچە ئادەم ماڭا ئېتىلىپ كەلگەن ئىدى. ئىسكىلاتنىڭ ئۇستىدە تۇرغان سىيتقان (مىللىي ئارمىيە سېپىنى تارقاتقاندا يېزىغا چۇشۇرۇلۇپ كەلگەن ئادەم ئىدى) خەلق ئەسكەرلىرىگە:

ــ كىشىلەرنى مەيدانغا كىرگۈزمەي توسۇڭلار دەپ كوماندا بەردى. چۈنكى سىيتقان مىنبىڭلارنىڭ باشلىقى تەربىيىچىسى ئىدى.

ئۇ ئادەملەر ھېچنېمىگە قۇلاق سالىدىغاندەك ئەمەس، بىزگە بېرىڭلار، بۇ ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ بۇرۇن، قۇلاق، تىللىرىنى كېسىپ كۆزىنى ئويۇپ ئالىمىز دەپ خەلق ئەسكەرلىرىگە بوي بەرمەي قولىدىكى پىچاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى.

مەن «يا ئاللاھ ئۆزۈڭ مېنى بۇلارنىڭ قەھرىدىن، زۇلمىدىن ساقلا. سەندىن باشقا ماڭا ياردەم قىلغۇچى ھېچكىم يوق. مېنى بۇلارنىڭ ئاياق ئاستىدا خار قىلما. يا رەببى بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرۇپسەن، مېنى بۇلارنىڭ قولىغا بەرمە دەپ چىن كۆڭلۈمدىن سورىدىم.

شۇ ئارىدا ئۆگزىدە تۇرغان سىيتقان قاتتىق ئاۋاز بىلەن: يولداشلار، ئىنقىلابچىلار، بىز

ئاۋۋال بۇلاردىن مەسىلە تاپشۇرتۇپ ھېساب ئالايلى، ئاندىن سىلەرگە بېرىمىز، شۇنىڭدىن كېيىن قانداق كۈرەش قىلساڭلار بولىدۇ، دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ تەرى يامان ئادەملەرنى مەن ھېچ كۆرگەن ئەمەس، بەلكى ئۈچىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ ئادەملىرىمىكىن دەپ ئويلىدىم. نېمە دېگەن دەھشەت! يۈرىكىم چۆچۈدى. مەن توختىماستىن «يا ئاللاھ سېنىڭدىن باشقا تايانچىم يوق، ماڭا ياردەم قىل» دەپ تىلەپ تۇردۇم. ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە ئېگىشىپ تۇرماق ئىنتايىن قىيىن ئىكەن. بىردەم ـ بىردەم كېلىپ ئۇرۇپ ئىتتىرىۋېتىپ ئورۇندۇقتىن يەرگە يىقىلىپ چۈشەتتىم. ئۇلار كېلىپ تەپكىچە ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئورۇندۇققا چىقىپ تۇرۇشۇم بىلەن يەنە كېلىپ ئۇرۇپ ئىتتىرىپ شۇ تەرىقىدە ئون ـ يىگىرمە مەرتىۋە تەكرارلانغاندىن كېيىن مېنى يەرگە چۈشۈرۈپ باشقىلارنىڭ قاتارىدا ئېگىشتۈرۈپ قويدى. مەيدان لۈكچەك باللار، ئەقىلسىز، تەربىيىسىز ياشلار ۋە قارا قورساق نادان ئادەملەر بىلەن توشقان ئىدى. ھەر قايسىنىڭ قولىدا قامچا، تاسما، چاققان ئوت ۋە لۈكچەك باللار بولسا ئۆتۈك تىكىدىغان بىگىز، ئامبۇرلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇلار ئۆز قوراللىرى بىلەن مەيداندىكى كىشىلەرنى بىردىن ئۇرۇپ قىينايتتى. ھېلىقى لۈكچەك باللار بىگىزلەرنى كىشىلەرنىڭ يانپاشلىرىغا تىقىپ ئامبۇرلار بىلەن چىشلەتتى. مەيدان قىپقىزىل قانغا بويالدى. سالىقنىڭ ئائىلىسى يوغان سىمنى تۆتكە قاتلاپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىنچىكە سىمنى يۆگەپ قامچا ياساپ چىقىپ، سالىق، ئايالى قايىنجامال، ئانىسى بىجامال ۋە باللىرى دېگەندەك ھەرقايسى بىردىن تۇتۇپ مەيداندىكى قالپاق كىيگەن ئادەملەرنى ئۆزى خالىغانچە ئۇرۇپ ـ قىيناپ گۈرۈلدەپ ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى.

بىر ئارىلىقتا مەديار موللا ھوشىغا كەلگەن ئوخشايدۇ. ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى بىلگەن سالىقنىڭ ئايالى قايىنجامال خۇددى بۈركۈتتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۆلۈك ھالدا ياتقان مەديار موللىنى قەھرى غەزەپ بىلەن تېپىپ دەسسەپ چەيلەشكە باشلىدى. مەجلىسنى لاتىپ رايونلۇق ھەربىي رايونىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ كەلگەن سەي تۇڭ دېگەن خەنزۇ ھەربىي باشلىق باشقۇرۇۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭدىن «ئۇنداق ئادەم ئۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇرماڭلار» دەپ توختىتارمىكىن دېگەن ئوي بىلەن ئۈمىدلەنسەم، ئۇ يۇقىرى ئاۋازلىق ئۇن تارقاتقۇچ ئارقىلىق «يولداشلار سىنىپى قېرىنداشلار، پۈرۈلتارىيات دىكتاتورىسىنى كۈچلەندۈرەيلى! سىنىپىي كۈرەشنى ئۇنتۇپ قالمايلى! بۈگۈنكى سىلەرنىڭ كۈرەش روھىڭلار ئىنتايىن ياخشى، توختىتىماي داۋاملاشتۇرۇڭلار» دەپ توۋلاپ تۇردى. ئۇنىڭ سۆزىنى گوڭشېدا تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدىغان خەدىچە تەرجىمە قىلىپ تېخىمۇ چىرقىراپ ۋارقىرايتتى، ئۆزىنىڭ خۇددى بىلەلمەي قالغان سالىقنىڭ ئايالى قايىنجامال ئۇن

تارقاتقۇچنى قولىغا يۆلۈپ ئېلىپ، ھەم بالامنىڭ قوۋۇرغىسىنى چاقتىم، قولىنى سۇندۇردۇم دەپ ماختىنىپ تووۋلاپ ئۆزىنى يوقاتقان ئادەمدەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ قاتاردا ئېڭىشىپ تۇرغانلارنى يەنە قامچىلاپ ئۇرۇپ ئۆتتى. كىشىلەر بىرلەپ ـ بىرلەپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىشقا باشلىدى. قانغا مىلىنىپ ياتقان ئادەملەر مەيداننىڭ يېرىمىنى ئالدى.

كىمدۇر بىرسى سول تەرەپ قوۋۇرغامغا بىر مۇشت قويغان ئىدى. كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم قېيىپ سەنتۈرۈلۈپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم. «ياق يېتىپ قالماي» دەپ ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تىرىشىپ كۆردۈم. شۇنداق تەسلىكتە تۇرۇپ كېلەتتىم، بىر قانچە ئادەم كېلىپ تېپىپ كەتتى. پۇت ـ قولۇم ئۆزۈمنىڭكى ئەمەستەك بولۇپ قاپتۇ، قورققۇم كەلدى، مەيداندا يېتىپ قالمىسام ئىدى، ئاللاھ ماڭا غەيرەت بەر دەپ ئورنۇمدىن ئاران تۇردۇم. سائەت توققۇزدىن بەشكىچە داۋام قىلغان بۇ كۆرەشتە يېرىم پۈكلىنىپ ئېڭىشىپ تۇرماقنىڭ ئۆزى چوڭ بىر قىيناش ئىدى. ئۆزلۈكسىز تېگىپ تۇرغان تاياقتىن بەدەنلىرىم كۆپكۆك قان ئويۇپ ئىششىپ چىقتى ۋە تۇيغۇسىزلىنىپ كېيىن ئۇرغان تاياقلار قېلىن نەرسىنىڭ ئۇستىگە تەگكەندەك بولۇپ بىلىنەتتى. پۈتۈن بەدىنىم تىترەيتتى. ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇقچا چىدىمىسام كېرەك دەپ ئويلاپ تۇراتتىم. سەي تۇڭ ئۇن تارقاتقۇچ ئارقىلىق: سىنىپىي دۈشمەنلەر چىقىپ كەتسۇن دەپ شوئار تووۋلىدى.

ئۆزۈمگە كۈچ يىغىپ خەلق قوزغالغۇچە تېز مېڭىپ چىقىپ كېتەي دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ماڭاي دېسەم ئىككى پۇتۇمغا يوغان تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر بولۇپ، ئاتلىيالماي قالدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە پۇتۇم پالەچ ئادەمدەك باشقۇرۇشقا بويسۇنماي ئۆز ئالدىغا ماڭاتتى. «ۋاي خۇدايىم بۇ قانداق بولغىنى؟! مەن دەرۋازىدىن چىققۇچە يىقىلسام دەسسەپ ئۆلتۈرىدۇ» دەپ ئەنسىرەپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئاران مېڭىۋاتاتتىم، شۇ ئارىلىقتا 5 ـ 6 يوغان ئادەم ماڭا ئېتىلىپ كېلىپ دۇمبالاپ ئۇرۇپ، تېپىشكە باشلىدى. ئەھۋالغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ قولىدىن تىرىك قۇتۇلۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار مېنى يەرگە يىقىتىپ دەسسەپ چەيلەپ ئۆلتۈرۈش مەقسىتى بىلەن ماڭا ئېسىلاتتى. مەن ھەم ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىپ ئالدىمدا كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ چاپىنىغا مەھكەم يېپىشىپ تۇتتۇم.

ئادەملەر دەرۋازىدىن تىقما ـ تىقما بولۇپ كەپلىشىپ چىقىپ باراتتى. ئىككى تەرەپتىكى ئادەملەر كۆرەش قىلىنغانلارنى مۇشتلاپ ئۇرۇپ قامچىلايتتى. ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىلغان قالپاقلىقلار بولسا بىر ـ بىرىنى مەھكەم گىرەلەپ تۇتۇپ خەلق دولقۇنىدەك چايقىلىپ جەڭ بىلەن ئىلگىرىلەپ كېلەتتى. شۇ پەيتتە تۇيۇقسىز «ئىنتېرناتسىئونال» مۇزىكىسى سايىنىڭ

تەرەپ ـ تەرەپلىرىدە ياغاچلارغا ئورنىتىپ قويغان يوغان ئوٴن تارقاتقوٴچىلاردىن جاراڭلاپ چىقىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پۈتۈن «خەلق ئەسكەرلىرى» ۋە ئاكتىپلار ھودۇقۇپ گوٴڭشى تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى. ھەربىي رايوندىن كەلگەن سەي توك كىم ئۇ؟ بۇنى ئوينىتىۋاتقان، تېز بىرىپ توختىتىڭلار دەپ ۋارقىرايتتى.

ئەمما ھېچكىم ئۇنى توختىتالمىدى، مۇزىكا تۆگىگىچە داۋام قىلدى. مەن بۇ قارشىلىقنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدە خۇشاللىق ھېس قىلدىم ۋە ئۆزۈمگىمۇ كۈچ ۋە غەيرەت قوشۇلغاندەك بولدى.

ئەمدى ماڭا يېپىشىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئادەملەر مېنى كىشلەر ئارىسىدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ ئۇرۇش مەقسىتىدە قولۇمغا ئېسىلىپ تارتاتتى. مەن قولۇمنى قويۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىپ ئالدىمدىكى ئادەمنىڭ كىيىمگە چىڭ يېپىشىپ تۇتۇپ باراتتىم. ئۇلار قولۇمنى تارتىپ بوشاتسا ئىككىنچى قولۇم بىلەن يېپىشىپ ئالدىمدىكى ئادەم تارتىپ، كەينىمدىكىلەر ئىتتىرىپ يۇرۇپ تاياق يېسەممۇ يىقىلىپ چۈشمىدىم ۋە ئۆلمەي تىرىك چىقتىم. جان دېگەن چىڭ يەردە ئىكەن. ئەجەل يەتمىسە ئادەم بالىسى ھەر قانداق قىيىنچىلىقلاردىمۇ ئۆلمەيدىكەن.

ئاخىرقى مەرتىۋە قاتتىق تىرىشقاندا شۇنچىلىك كۈچۈمنىڭ بارلىقىغا ئۆزۈممۇ ھەيران بولدۇم. مەن ئەمەس ماڭا ئېسىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئۆزىمۇ قولۇمنى ئاجرىتالمىدى، نېمە دېگەن كۈچلۈك نەرسە، بىزگە كۈچ بەرمەيۋاتقىنىنى قارا، دەيتتى.

دەرۋازىدىن چىققاندىن كېيىن، مەن چاپىنىغا ئېسىلىپ كېلىۋاتقان ئادەممۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغان ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى ئاقان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خىجالەت بولۇپ، قولۇمنى قويۇپ بەردىم. تۆت قەدەم ماڭماستىن ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ دۈمباللىشىدىن سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. بىر قانچە قېتىم تۇرۇشقا تىرىشتىم، ھېچ تۇرالمىدىم، چۈنكى ئىككى پۇتۇم ئېغىر، ھەرىكەتكە كەلمەيتتى. ئون ـ يىگىرمە يوغان ئۆتۈكلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرسى تارس ـ تۇرس قىلىپ تېپەتتى.

«تۇر دەيمەن»، «تۇر ئورنۇڭدىن» دەپ تولۇلايتتى. ئۆزۈمنىڭ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا كۆزۈم يەتمىدى، «تۇرسام بولاتتى قانداق تۇرىمەن» دېگەندىن باشقا ھېچنەرسىنى ئويلىيالمىدىم.

ئادەملەر دوكۇلداپ ئۇياق ـ بۇياققا تارقالدى. بىر قىسىم ياشلار تاغلارغا قاراپ يۈگۈرۈپ قاچتى، ماڭالىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگەندەك سۇ بويىغا چۈشۈپ ئېرىقتا يېتىپ

سۇ ئىچەتتى.

ئۇن تارقاتقۇچتىن خەلقنىڭ ئالدىنى توسۇپ قايتۇرۇپ ئېلىپ كىرىڭلار، دېگەن سۆز ئاڭلاندى. كىشلەرنىڭ ئالدىنقى تەرەپتىن ئاتلىق مىنبىڭلار بايراقلارنى پۇلاڭلىتىپ: مەيدانغا كىرىڭلار! ھېچ يەرگە كېتىشكە رۇخسەت يوق! چاپسان بولۇڭلار! دەپ سۇ ئىچىۋاتقان، قاچقان ۋە تارقالغان خەلقنى مەيدانغا ھەيدەپ يۈرگۈزۈۋاتاتتى. مېنى ئۇرۇۋاتقانلار «تۇر دەيمەن تۇر ئورنۇڭدىن» دەپ قاتتىق تېپىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇش ئۈچۈن بار كۈچۈم بىلەن تىرىشتىم، مۇمكىن بولمىدى. ئاتلىق خەلق ئەسكىرى كېلىپ مېنى ئۇرۇۋاتقانلارنى «مەيدانغا كىرىڭلار» دەپ ئۇلارنى ئېلىپ كەتتى. كىمدۇر؟ مەن تونۇمايدىغان ئىككى ئادەم كېلىپ ماڭا قولىنى سوزدى. مەن ئۇلارنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتتۇم. ئۇلار مېنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزلىرى چاپسان مېڭىپ مەيدانغا كىرىپ كەتتى. ماڭىمۇ ياردەم قىلغۇچى ئادەملەر بار ئىكەن، دەپ ئۇلارغا يۈرىكىمنىڭ ئىچىدە چىن كۆڭلۈم بىلەن رەھمەت ئېيتتىم. مەن كۈچ بىلەن پۇتۇمنى ئاران - ئاران ئاتلاپ مەيدانغا قاراپ ماڭدىم. يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئەتراپىمدىكى كىشلەرنى ۋە نەرسىلەرنى تۇتۇپ كېتىپ باراتتىم. ئالدىمدا كېتىۋاتقان ئىككى ئايال «ئى ئارى جۇرجى سېنىڭ جانىڭدا جۇرۇپ تاياق جېيەر خەلىمىز جوق» دەپ ئاچچىق بىلەن سىلكىۋەتكەن ئىدى. قارىسام سۆزلىگەن ئايال مۇقاجاننىڭ چوڭ قىزى زىنقان ئىكەن، بۇگۈنكى كۈرەشتە ئاتا - ئانىسى، ئىنىسى ئائىلىسى بىلەن كۈرەش قىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

مەن ئۇلارنىڭ كەينىدە ئاران كېتىۋاتسام ماڭا ۋارقىرايدىغۇ دەپ ھەيران بولدۇم. ئەمدى بۇ مەيداندىن ساق چىقىش قانداق بولاركىن، «يا رەببى ھەر ۋاقىت ئۆزۈڭ ياردەم قىل، ئۆلسەم ئىمانىمنى يولداش قىل» دەپ ئىچىمدە ئاللاھقا سېغىنىپ ئۆلۈمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ كىردىم. مەيداندا ھوشسىز ياتقان ئادەملەرنىڭ بىرسىمۇ يوق ۋە يەردە تۆكۈلگەن قانلارنىڭ ئىزىنىمۇ قالدۇرماستىن تازىلانغان. ھوشسىز يىقىلىپ ياتقان شۇنچە كۆپ ئادەملەر نەگە كەتتى دەپ ھەيران بولدۇم.

كۈرەش قىلىنغان پۈتۈن ئادەملەرنى سەھنىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىپ توپلىدى. سەھنىدە سەي تۇك سۆزلەۋاتاتتى. كەينىمدىن دۇيسەباينىڭ ئوغلى قالىيوللا يىرتقۇچلاردەك ئېتىلىپ، زەھەر خەندىلىك بىلەن ئۇرۇپ چاچلىرىمنى يۇلۇپ كەتتى. ئىككى قولى بىلەن دۈمبەمگە چاڭگال تاشلاپ كىيىملىرىمنى يۇلۇپ يىرتىۋەتتى. مەن يېنىمدىكى ئادەملەرگە مەھكەم يېپىشىۋالدىم. يىراقتا تۇرغان قابدالقاق مىنبىڭ ئېتىلىپ كېلىپ قوشلاپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۈستۈمدىكى كىيىمنىڭ قالغان پارچىسىنى ئۇ يۇلۇپ

ئېلىپ يەرگە ئاتتى. ئالدىمدا تۇرغان غالىم مۇغالىم كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇلارنىڭ بۇ يىرتقۇچ ھەرىكىتىگە يىرگىنىشلىك ھالدا قارىغان ئىدى. ئۇلار مېنى تاشلاپ غالىم مۇغالىمنىڭ ئۈستىگە ئېتىلىپ ئۇنى ئۇرۇپ كەتتى. غالىم مۇغالىم يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى ئىگىلمىسە كېرەك سەل ئاقساپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن قالپاق كىيگۈزگەندە قارشىلىق بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىنى ئېگىمىز دەپ سىم بىلەن بويىنىدىن تارتىپ تىز ئاستىدىن باغلاپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ تەسىرىدىنمۇ پۇتى قېتىپ قالغاندەك ئاران تۇراتتى. بۇ ئىككىسى يوغان بەستى بىلەن ئېتىلغاندا غالىم مۇغالىم ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي قالدى. يېنىدا تۇرغان نورىلە بىلەن يەنە بىر ئادەم قولىدىن تارتىپ ئاران تۇرغۇزۇپ قويدى. غالجىرلاپ قالغان بۇ ۋەھشىي ئادەملەر نەدىن يىغىلىپ قالدىكىن، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى توختىماستىن ئۇرۇپ يۈرۈپ ھېرىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئاۋازلىرىمۇ چىقماستىن خىرقىراپ قاپتۇ. ئۇ سەھنىدىكىلەر نېمە سۆزلەۋاتقىنىنى بىلمىدىم، قاتتىق ئاۋاز بىلەن: سىنىپىي دۈشمەنلەر چىقىپ كەتسۇن! دەپ توۋلىدى. ماڭغۇدەك ھېچ ھالىم يوق. دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشكىمۇ كۆزۈم يەتمەيتتى. مەن ئەمدى بۇرۇلۇپ ئىككى قەدەم ماڭغۇچە ئەتراپىمدىكىلەردىن ھېچكىم قالمىدى. مەن دەرۋازا تەرەپكە قارىدىم. مېنى توۋلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. قارىسام پۈتۈن كۈرەش قىلىنغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ ئاپتۇ. ئۇلار بىر - بىرسىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئالدىدىكى ئادەمنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا كەينىدە تۇرغانلار بېشىنى تىقىپ يوپ - يۇملاق بولۇپ، ئۆركىگەن قويدەك بىر يەرگە يىغىلىپ ئاپتۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇلارنى سۆرەپ ئاجرىتالمايۋاتاتتى. مەن بىلەن بىللە ئىشلىگەن قالپاقلىقلار ماڭا «چاپسان بول، مەيەرگە كەل» دەپ ئۆزىنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن چىقىرىپ چاقىراتتى. مەن ئەمدى ئۇلارنىڭ يېنىغا باراي دەپ ماڭغان ئىدىم، ئۆگزىدە تۇرغان سىيتقان خەلق ئەسكەرلىرىگە «كىشىلەرنى توسۇڭلار، بىرمۇ ئادەمنى كەلتۈرمەڭلار! ئارقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭلار! بۇ سىنىپىي دۈشمەنلەرنى ئارقا ئىشىكتىن چىقىرىڭلار دەپ ۋارقىراپ كوماندا بەردى. مىنبىڭلار سەپ بولۇپ، خەلقنىڭ ئالدىنى توستى ۋە تار ئارقا ئىشىكنى ئاچتى. مەن ئارقا ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىم ئۈچۈن تامنى تۇتۇپ پۇتۇمنى ئاران ئاتلاپ ئەلنىڭ ئالدى بولۇپ ماڭساممۇ ئەڭ كەينى بولۇپ چىقتىم. ئارقا ئىشىك بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توغرا كېلەتتى. ھەممىمىز شۇ مەيدانغا كېلىپ توپلاندۇق. مەيدانغا كىرگەن ئىككى يۈز ئادەمنىڭ يېرىمى يوق ئىدى. قارىسام مەندىن باشقا بىرمۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈلمىگەن ئىكەن.

خەلق ئەسكەرلىرىگە سىيتقان «خەلقنى توسۇڭلار!»، «خەلقنى كەلتۈرمەڭلار!» دەپ توختىماستىن كوماندا بېرىپ تۇراتتى. خەلق ئەسكەرلىرى بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ئۈچ قۇردىن

سەپ بولۇپ ئايلاندۇرما توسۇق قۇردى. شۇنداق بولسىمۇ بەزى غالجىرلاشقان ئادەملەر خەلق ئەسكەرلىرىنى ئىتتىرىپ يۆرۈپ كىرىپ كىشىلەرنى ئۇرۇپ كېتەتتى. شۇ ئارىلىقتا بىر توپ ئاتلىق ئادەم كېلىپ كۆرەش قىلىنغۇچىلارنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ۋارقىراپ ئەتراپىمىزنى ئايلىنىپ چاپاتتى. قانى، قەنەغەت ئەترەت باشلىقلىرى خەلق ئەسكەرلىرىنى ئىتتىرىپ ئاتلىق باستۇرۇپ كىرىپ ئورازاقىنىنى شۇنداق قاتتىق قامچىلىغان ئىدى، ئۇ بىچارە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. تاياقنىڭ تەسىرىدىن يەنە 8 - 9 ئادەم ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

چوڭ ئەترەت تەرەپتىن ئىككى ئاتلىق ئادەم بىر ئەر بىر ئايالنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ قامچىلاپ ھەيدەپ كېلەتتى. قامچىغا چىدىماستىن بىچارە ئايال ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلىپ «ئاغاتاي، ئاغاتاي ئورماساڭچى مىندەسىيغان ئوخشاش كيدەي تاپ مىنغۇي (كەمبەغەل سىنىپ) قارىنداشلىغوي (قېرىنداشىمىزغۇ) دەپ زارلاپ يىلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن ھېچقانداق بىر رەھىم كېلىدىغاندەك كۆرۈنمەيتتى. تېخىمۇ قاتتىقراق تۇۋلاپ ئۇرۇپ يۆرۈپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئېلىپ كېلىپ توختىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرغىنىغا چىدىماي كەلگەن بىچارىلەرگە تاياق ئاز بولۇپ قالغاندەك بىر قانچە ئاتلىق ئادەم ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قامچا بىلەن ئۇرغان ئىدى. ئەمرى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئايالى سەرىبىنىڭ ئاۋازى پۈتۈن تاغلار ئارىسىدا ياڭراپ يىراقلارغا كەتتى.

نېمە بولغاندۇ بۇ بىچارىلەرگە، دەپ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. ئات ئۈستىدىكى بۇلارنى ھەيدەپ كەلگەن ئادەم بۇ ئىككى سىنىپىي دۈشمەن باي چارۋىچىنىڭ باللىرى، بۇ كۆرەش مەيدانىدىن قېچىپ تاغ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئىكەن، تۇتۇپ ئېلىپ كەلدۇق. بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەر ھېچ يەرگە قاچالمايسىلەر، «يەردە قاپقان ئاسماندا تور» دېگەندەك قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، دەپ تۇۋلاپ سەرىبىنى بىزنىڭ ئارىمىزغا ئېلىپ كېلىپ قوشتى. ئاندىن بىزگە بىر سائەتتىن كېيىن گۇڭشېنىڭ ھويلىسى ئىچىدە يىغىلىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرۇپ تارقاتتى.

مەن ئۆيگە ئاران مېڭىپ باردىم. مېنى كۆرگەن سىڭىللىرىم غەيشە، فىردەۋس ئىككىسىمۇ ھۆكۈرۈشۈپ يىغلاپ كەتتى. ئىشكتىن كىرىپ تامدىكى ئەينەككە كۆزۈم چۈشتى. پۈتۈن يۈز - كۆزۈم قارىماي بوياق بىلەن قاپقارا بويالغان، ئۆرۈپ تۆت قەۋەت يىپ بىلەن تىكىپ چىققان چاچلىرىم يۇلۇنۇپ چۇۋۇلغان، ئۈستۈمدىكى يىلىك چاپىنىمنىڭ ئالدى ۋە ياقىسىدىن باشقا يېرى يۇلۇپ ئېلىپ تاشلانغان، يۈز - كۆزۈم ئىششىپ بويۇنلىرىمنىڭ ساق يېرى يوق، تاتىلانغان تىرناق ئىزلىرىدىن قان چىقىپ تۇراتتى. كىيىملىرىمنىڭ ئالدى

ۋە ياقىلىرى قىزىل قانغا بويىلىپ، خۇددى بىر جىنغا ئوخشاپ قالغان قىياپىتىمنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يامان بولدى. كۈرەشكە چىقىش ئالدىدا ئەينەكتە كۆرگەن ئادەمنىڭ ھازىرقى تۇرقىنى سىپلىشتۇرسام ئىككىسى ئىككى دۇنيا ئىدى. ئۆپكەم ئۇرۇلۇپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. بىراق ئۆزۈمنى تۇتۇپ ئالدىم. ئاللاھقا شۈكۈر، تىرىك چىقتۇق، بۇ مەيداندا كىملەر ئۆلدى. بىز تېخى بىلمەيمىز. شۇ قىيناشلاردا ئۆلمەي چىقتۇق. يەنە بىز باتۇر، دەپ ئويلىدىم.

يۈز ـ كۆزى قىزىل قانغا بويالغان خاجىيە بانۇ ئۆزىنى تۇتالماي ھۆكۈرەپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ بېشىغا كىيگۈزگەن قالپىقى ئەسكى چۆگۈننىڭ ئاستىنى ئېلىپ تاشلاپ قالپاقنى شۇنىڭغا بېكىتكەن ئىكەن، چۆگۈن بېشىغا كەپلىشىپ قېلىپ پېشانىسىنى كېسىپ بېشىدىن ئاققان قان بىلەن پۈتۈن يۈز ـ كۆزى، كىيىملىرى قان بولۇپ كېتىپتۇ. يۇيۇنۇپ تارانغاندىن كېيىن ئادەم شەكلىگە كىرىپ قالدۇق. ئۆمرۈمدە بۇنداق ئۇسسىغان ۋاقىتلىرىمنى ھېچ ئەسلىيەلمەيمەن. چىنە ـ چىنىلەرگە قۇيۇپ قويغان چاينى كەينى ـ كەينىدىن ئىچسەممۇ ئۇسسىغان يېرىمگە بارمىغاندەك بولۇپ، خاجىيە بانۇ ھەدەم بىلەن ئىككىمىز بىر چۆگۈن چاينى ئىچىپ بولدۇق.

پۈتۈن بەدىنىمدىن ساق يېرىم يوق ئاغرىپ ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل بولۇپ ياتقان ئادەمدەك بولۇپ قالدىم. ئۇچامدىكى يىرتىلىپ چۇشۇپ قالغان يىلىك چاپاننى تاشلاپ كارىۋاتتا ياتتىم. بۇ ئەھۋالدا قانداق ئىشلەرمەن مېڭىشقا مادارىم يوق، دەپ غەيشەگە:

ــ مەن چىقىپ ئىشلىيەلمەيدىغان ئوخشايمەن، سەن بېرىپ باشلىقلارغا دەپ قويامسەن، دېدىم. غەيشە ئىشككە بارغۇچە تالادىن يوغان تۆت خەلق ئەسكىرى كىرىپ كەلدى. باشقا ئەترەتتىن كەلگەن مىنىبشلار بولسا كېرەك، قاپىقى يامان، تەرى سوغۇق نېمىلەر ئىدى.

ــ ئىشقا چىقامسەن، نېمە يېتىۋالدىڭ؟! تۇر ئىشقا ماڭ! دەپ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇرۇشتى. مەن ئىشقا چىقالمايمەن دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئولتۇردۇم. ئەمگەك قىلغۇدەك ھالىم يوق، دېدىم.

بىر خەلق ئەسكىرى تالاغا چىقىپ كۆپ كېچىكمەستىن:

ــ دۈيجاڭ (ئەترەت باشلىقى) ئۆلسىمۇ ئىشقا چىقسۇن دەيدۇ. بول چاپسان ئىشقا چىق دەپ ئاغرىقىمغىمۇ قارىماستىن مېنى ئېلىپ چىقتى. تەسلىكتە ئىش مەيدانىغا يېتىپ كەلدىم. ھەممە ئادەم ئىشقا چۈشۈپ گۈڭشېنىڭ ئالدىدىكى دوڭلۈكنى چاناپ ئادەم زەمبىل بىلەن تاشلىققا چۈشۈرۈۋاتاتتى. بۇ كېچىدىمۇ جاللاتلىق ھەرىكەت داۋام قىلاتتى.

يولنىڭ ئىككى چېتىدە كادىرلار قاچاي، سالىق ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى بالىلىرى بىلەن قادىر بېك ۋە ئائىلىسى، نوكتە ۋە ئۇنىڭ كىچىك جاللاتلىرى، دىلمۇرات، ئازاتلار، دويسە باينىڭ ئائىلىسى ۋە ئوغلى قالىيوللا ۋە قانى، قەنەغەت، قابدال ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى قاتارلىق جاللاتلار بار ئىدى. خەلق ئەسكەرلىرى ئاكتىپ ئۇنسۇرلار ھەم 8 - 18 - ياشلاردىكى ئوغۇل بالىلار قاتار سەپ بولۇپ تۇرۇپ ئالدىدىن زەمبىل كۆتۈرۈپ ئۆتكەنلەرنى ھەركىم ئۆز قولىدىكى قوراللار بىلەن ئۇرماي ئۆتكۈزمەيتتى. بەزىلەرنىڭ قولىدا قامچا ۋە بەزىلەرنىڭ قولىدا بەلۋاغ، چىۋىقلار ۋە بالىلارنىڭ قوللىرىدا بولسا چاققان ئوتلارنى تۇتۇپ ئالدىدىن ئۆتكەنلەرنى تارسىلدىتىپ ئۇراتتى. مىنبىگلار بەش كىلولۇق بازغانلارنى تۇتۇپ جاللاتلاردەك چىرايلىرىدىن زەھەر تېمىپ تۇراتتى.

ھەجەپ پەيلى يامانغۇ، مۇشۇ بازغانلار بىلەن بىرنى سالسا ئادەم تىن تارتماي ئۆلىدۇ. بۇلارنى قىلمايدۇ دېيىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلاپ، غەم قىلىپ قالدىم. ئۈستىمىزدىن ئۇرۇلۇۋاتقان تاياقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتۇق. ئەمرىنىڭ «ئاللا... ئاللا... ئاللا» دەپ زارلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەنمۇ ئۆزۈمنى كۈچەپ مېڭىشىمنى تېزلەتتىم. زەمبىلنى تۆكۈۋېتىپ، نېمە بولغاندۇ، دەپ ئەمرگە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. يۈزىگە ئۇرۇلغان بەلۋاغنىڭ ئىزى كۆپكۆك بولۇپ، قان ئۇيۇپ چىققان كۆزىنى كۆرۈپ بولمايتتى. مەن «ئىھ» دەپ چۆچۈپ ئىچىمگە تارتىپ كۆزىڭىز بارمۇ؟ كۆرەمدۇ؟ دەپ سورىدىم.

- بار، كۆرىدۇ، بىراق بەك ئاغرىۋاتىدۇ، بەلۋاغ بىلەن قاتتىق ئۇرۇۋەتتى دېدى.

ئىككى كۆزىدىن ياش توختىماي ئېقىۋاتاتتى. توختاپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەتراپىمىزدا مىنبىگلار جاللاتلاردەك ۋارقىراپ تۇراتتى.

جان ئازابى تاياقلاردىن ئۆتۈپ گۈڭشېنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئورازان ۋە مەديارنىڭ ئىككى ئوغلى ھەم يەنە ئىككى ياش يىگىت زەمبىل، جوتۇ، گۈرجەكلەرنى كۆتۈرۈپ ئىش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. بازغان ۋە پىلىموت تۇتقان ھەم گراناتلار ئاسقان بىر توپ مىنبىگلار مېنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

ھوي ماۋۇ ئۆلمەي ئامان قايتىغۇ دەپ يېنىدىكىلەرگە مېنى كۆرسەتتى. بىرسى تۇرۇپ جېنى چىڭ نەرسە ئىكەن، شۇنچە تاياقلاردىن ئۆلمەي تىرىك چىقتى دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئورۇۋقىنا ياش مىنبىڭ بىزگە قاراپ «سىلەر ئامان قالدۇق قۇتۇلدۇق دەپ ئويلاپ خاتىرجەم بولۇپ كەتمەڭلار، يېقىندا ئىككىنچى قېتىملىق كۈرەش يىغىنىدا سىلەرنىمۇ ئاتاڭلار مەديارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ ئۇنى پۈكلەپ كۆمگەندەك سىلەرنىمۇ

كۆممىز» ئورازان ۋە مەديارنىڭ ئىككى ئوغۇللىرىغا قاراپ «مەديار ئاتاڭنى بۈگۈن سەن كۆمۈپ كەلسەڭ، سىلەرمۇ بىر ـ بىرىڭنى ئاپىرىپ كۆمۈپ كېلىسىلەر. سىلەرنى شۇنداق قىلىپ يوقىتىمىز» دەپ ۋارقىرىدى. زەمبىلگە گۈرجەك بىلەن شىغىل سىلىۋاتاتتىم، ھېلىقى قابدالقاق بىلەن دويسا باينىڭ ئوغلى قاليوللا جىندەك پەيدا بولدى. ئېتىلىپ كېلىپ قولۇمدىكى گۈرجەكنى يۇلۇپ ئېلىپ چۆرۈۋەتتى. دېۋەيلەپ كېلىپ قولۇڭلار بىلەن سىلىڭلار دەپ ۋارقىرىدى. ئەمدى قول بىلەن سالماي ئامال يوق ئاران ئولتۇرۇپ زەمبىلگە قول بىلەن شىغىل سېلىۋاتاتتىم، قابدالقاق يىرتقۇچ ھايۋاندەك ئېتىلىپ كېلىپ ماڭا يېپىشىپ، دۇمبالاپ باش ـ كۆز دېمەي ئۇرۇشقا باشلىدى. بار كۈچى بىلەن چاڭگاللاپ كىيىمىمنى يۇلۇپ ـ يۇلۇپ يىرتىپ، چاچلىرىمنى سىقىملاپ پىترلىتىپ يۇلاتتى. خۇددى غالجىرلاپ قالغان ئادەمدەك ئاچچىق بىلەن خارلايتتى. ئۇلارغا قاراپ تۇرغان ياشلارنىڭ غەزەپ كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئېتىلىپ بېرىپ ئۇلارنى دۇمبالاپ يۇملىتىپ يۇرۇپ ئۇرۇشقا باشلىدى. قورقۇپ كەتكەن ئەمىر زەمبىلنى كۆتۈرۈپ مېنى سۆرەپ يۈرۈپ كەتتى.

يامغۇردەك يېغىپ تۇرغان زۇلۇم قامچىلىرىنىڭ ئاستىدا نەچچە يىقىلىپ نەچچە تۇرۇپ يۈرۈپ كېچىنىڭ يېرىمى سائەت 12 بولدى. بۇ كېچىدە كۈندۈز تاياق يېگەنلەردىن مەندىن باشقىسى يېتىپ قالغان ئىدى. مەنمۇ ياشلىقىم سالامەتلىكىم بىلەن ۋە ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىمەن دېگەن غەيرىتىم ۋە ئىرادەم بولغانلىقتىن بۈگۈنكى بۇ تاياقلارغا بەرداشلىق بېرەلىدىم. مەن ئۆمرۈمدە بىر شاپىلاق تاياق يەپ كۆرمەي ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگەن ئەزىز بالىسى ئىدىم. مەن مۇشۇ خەلقنىڭ بەختىنى دەپ بۇ خارلىقلارنى كۆردۈم. تاياقنىڭ زەربىسىدىن دۈمبىلىرىمدە ساق يەر يوق، قامچا ئىزلىرى بىلەن قىزىرىپ قاپىرىپ، بەدەنلىرىم كۆكىرىپ ئىششىپ يېرىلغان ئورۇنلىرىدىن قان چىقىپ كىيىمىمگە يېپىشىپ ئېچىشتۇراتتى. يالاڭ چاپىنىم ئۈستۈمدىن يىرتىلىپ چۈشۈپ قالدى. ئىچىدىكى ئاق كوپتام قانغا بويىلىپ مۈرىسى يىرتىلىپ بەدىنىم كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نېمە دېگەن ئېغىر مىنۇتلار ئىدى. شۇ پەيتتە ئىشتىن چۈشۈش ئۈچۈن كوماندا بېرىلدى. ھەممىمىزنى بىر يەرگە يىغىپ ئۇقتۇرۇش قىلىۋاتاتتى. كەينىمدىن بىرسى يوغان پۈتى بىلەن تەپكەن ئىدى، ئالدىمدىكى ئادەملەرگە ئىتتىرىلىپ بېرىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم. ھېلىقى مېنى تەپكەن جاللات سالىق ئىكەن، ئۇ يەنە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئادەملەرنى ئىتتىرىپ كىرىپ بىر نەچچىنى تېپىپ نېمىنىدۇر سۆزلەپ ۋارقىرىدى. بىراق ھېچنەرسىنى ئاڭلىمىدىم. بېشىم قىيىپ كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىلمىدىم، بىر نەچچە ئەرلەر قولۇمدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ ئۆيگىچە ئېلىپ كېلىپ قويدى.

بىر كېچە پەقەت ئۇخلىيالمىدىم. بىر ئايغىچە پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىپ، ياتالماي،

ئولتۇرالماي قىينالدىم.

## 68 - يىلى 19 - ماي

يىللاپ كېسەل تارتقان ئادەمدەك يۈز - كۆزلىرىم ئىششىغان، تاپاق تەككەن يەرلەر كۆپكۆك مۆشتەك ئىششىپ چىققان، چىرايلىرىم سېرىق، كۆز توپىلىرىم قارا بولۇپ، رەڭگىلىرىم ئۆزگىرىپ باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغان ئىدىم. چاچلىرىمنى تارىسام بېشىم غورەك - غورەك بولۇپ ئىششىپ تۇتقىلى قويماي ئاغرىيتتى. كېچە يۇلۇنغان چاچلىرىم قولۇمغا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

زەمبىلنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ ئاران مېڭىپ ئىشلەيتتىم، يامغۇر بولسا توختىماي يېغىپ، پۇتۇن كىيىملىرىم سۇ بولۇپ ئېتەكتىن ئېقىپ تۇراتتى. بۈگۈن ئەھۋال تۈنۈگۈنكىگە ئوخشىمايتتى. بۈگۈن باشقۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنداق يامان ئەمەس، ئەھۋالغا قاراپ ئىشلەيتتى.

ئىككىنچى قېتىم كۆرەش يىغىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ ئىسكىلات ھويلىسىنى تازىلاپ تاغدىن شېغىل تاشلارنى زەمبىل بىلەن توشۇتۇپ شۇ ھويلىغا تۆكتۇق.

ئىسكىلات ھويلىسىنى قابدالنىڭ ئانىسى قاملە كەمپىر ھاجەتخانا قىلىپ ئالغان ئىكەن. شۇ پاسكىنىلىقلارنى قول بىلەن زەمبىلگە سېلىشقا مەجبۇرلاپ، كەتمەن، گۈرجەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن كىشىلەر ئامالسىز قولى بىلەن تۇتۇپ ئىشلەشكە توغرا كەلدى.

چۈشكىچە يامغۇرغا چىلىشىپ ئىشلىدۇق. پېشىن ۋاقتىدا بىز ھويلىدا ئىشلەۋاتاتتۇق، ھەر بىر ئەترەتتىن ئادەملەر كېلىشكە باشلىدى. خەلق ئەسكەرلىرى دەرۋازىدا قاتمۇ قات بولۇپ، توسۇپ بىرمۇ ئادەمنى كىرگۈزمەي يىراقلاردىن كەلگەن بۇ ئادەملەر ھويلىنىڭ تاملىرىغا يامىشىپ خەمىت، مەجىد، كېڭەش ئىگىسە.... دەپ تووۋلاپ ئۆزلىرىنىڭ باللىرىنى، ئېرىنى، تۇغقانلىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن «بار ئىكەنسەنغۇ» دەپ يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلىشىپ كەتتى. چۈنكى 18 - ماي كۈنى كىشىلەرنى بىرىنچى مەرتىۋە ھويلىدىن قوغلاپ چىققاندا بىر تۈركۈم ياشلار چىقىپلا قاچقان ئىكەن. بۇلارنى خەلق ئەسكەرلىرى ۋە بىر قانچە ئادەملەر ئات بىلەن قوغلاپ تۇتالماپتۇ. ئۇلارنىڭ تاققا شۇنداق تېزلىك بىلەن يۈگۈرگەندە ئاتلىق ئادەملەر ئۇلار ماڭغان يول بىلەن يۈرەلمەي

تاغىنىڭ تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ كەلگۈچە ئۇلار كۆزدىن غايىب بولۇپ، ئاتلىق قوغلاپ يۈرۈپمۇ تاپالماپتۇ. قاچقان ياشلار كىشىلەرگە «گۆڭشىبىدا ئادەملەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قان دېگەن دەريا بولۇپ ئېقىۋاتىدۇ» دەپ ئاڭلىتىپ ئۇ يەردە تۇرالماي، بىر ھەپتە قىزىل ساي تاغلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ قايتقان ئىكەن.

تۈنۈگۈن بىزنى ھويلىدىن قوغلاپ چىقىپ، مەيداندا ھوشسىز ياتقان ئادەملەرنى ئىتتى سۆرىگەندەك سۆرەپ ئىسكىلات ھويلىسىنىڭ كەينىگە ئاياللار ھاجەتخانىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. شۇ چاغدا كىشىلەر ھوشسىز ياتقان ئادەملەرنى چۆرىدەپ ئايلىنىپ ۋە بەزىلىرى «تۇر!» دەپ تېپىپ تۇرغاندا مەديار موللا ھوشىغا كېلىپ «سۇ» دەپ ئۇسسۇلۇق سورىسا، قاراپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن 13 - 14 ياشلاردىكى باللار ھاجەتخانىنىڭ سۈيۈق تاھارەتلىرىنى ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئېلىپ كېلىپ مەديار موللىنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ، يەنە بەزىلىرى ئاغزىغا توپا قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىچارە موللا شۇ خارلىقتا جان ئۈزۈپتۇ. يېقىن تونۇشى بىلەن مەديارنىڭ ئىككى ئوغلى ۋە ئورازان، مەجى (مىجىت) قاتارلىق بىر قانچە ئادەمنى چاقىرىپ كېلىپ مەديار موللىنى زەمبىلگە سېلىپ، قەبرىستان جايلاشقان تاغنىڭ ئېتىكىدىكى بىر كىچىك ئازگاللى ئاندىن، مۇندىن كولىتىپ مەديار موللىنى ئىككىگە پۈكلەپ كۆمۈپ قويۇپتۇ. قالغان قاتتىق يارىلانغانلارنى ھارۋىغا سېلىپ ئۆز ئەترەتلىرىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

لوجۇڭ ئۆز ئەترىتىگە بارغاندىن كېيىن ئۆلگەن ئىكەن، قايلارنى بىيەڭگۇغا ئېلىپ بېرىپ ئۇدۇل قەبرىستانغا كۆمۈشكە ماڭغاندا ئايالى «مەن بىر كۆرۈپ قالاي» دەپ يىغلاپ ئۇستىگە بېشىنى قويغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى سوققانلىقىنى ئاڭلاپ، ۋاي تىرىك ئىكەن، تىرىك، ئۆيگە بېرىڭلار، مەن قاراپ كۆرەي، دەپ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ بىر كېچە يېتىپ ھوشىغا كەپتۇ.

ياقۇپ ئاخۇننى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن بىر ھەپتە يېتىپ ساقىيالماستىن دۇنيادىن كەتكەن. ياقۇپ ئاخۇننىڭ ئوغلى قۇربان قىزىل ئىككىنچى سىلىڭبۇغا قاتنىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قۇربانىنىڭ ئورنىغا دادىسى ياقۇپ ئاخۇننى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ياقۇپ ئاخۇن ئۆلۈشتىن بۇرۇن بىر كېچىدە قۇربان يوشۇرۇن كېلىپ دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى، كىملەر ئۇرغانلىقىنى ۋە كىملەر قاتتىق تاياق يېگەنلىكىنى بىلىپ كېتىپتۇ. ئەمما دادىسىنىڭ ئۆلۈمگە كېلەلمىگەن ئىكەن.

بىبىش خانىم بولسا ئاتامان بېكمىتوفنىڭ ئايالى ئىدى. شەرقىي تۈركىستانغا بىرىنچى بولۇپ تاتارىستاندىن خەمىدۇللا ھاجى بېكمىتوف ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ

ئورۇنلاشقان. ئۇ ئادەم ئۆزى دوختۇر ھەم تۆمۈرچى بولغانلىقتىن كىشلەر ئۇنى «دورىگەر ھاجى» دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىكەن. خەمىدۇللا ھاجى ئۆزىنىڭ دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن ئەل ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلى خەمىدۇللا ھاجىنىڭ ئابدۇلقادىر، ئابدۇراھمان، ئابدۇلخالىق دېگەن ئۈچ ئوغلىنى ئاق پادىشاھنىڭ ئەسكەرلىكىگە مەجبۇرى تۇتۇپ ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن. بۇ ئۈچ ئوغۇلمۇ ئەقىللىق ساغلام باھادىر، غەيرەتلىك بولغانلىقتىن ئۇرۇشتا ئابدۇراھمان ئەسكەر باشلىقى (ئاتامان) بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن. ئۇ زاماندا ئەسكەر باشلىقىنى «ئاتامان» دەپ ئاتايدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇراھماننىڭ ئېتى ئاتامان بوپقالغان. بۇ ئۈچ ئوغۇلمۇ ئۇرۇشتىن ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەن. دورىگەر ھاجى بالىلىرىنىڭ ساق ـ سالامەت قايتقانلىقى ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە چوڭ نەزىر قىلىپ قۇران خەتمىلەرنى ئۆتكۈزگەن ئىكەن.

ئابدۇراھمان بېكمىتوف يەنى ئاتامان ئابىزى يەنە ئۇرۇشقا ئېلىپ كېتىشتىن قورقۇپ نەنسەن تېغىغا ئورۇنلىشىپ شۇ يەردە ياشاپ، شۇ يەردە ۋاپات قىلغان. ئۇنىڭ ئايالى بىبىش ۋە ئوغۇللىرىنى ھەيدەپ كېلىپ باي چارۋىچى دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ كۈرەش يىغىنىغا ئېلىپ كىردى.

بىبىش 60 ياشتىن ئاشقان ئايال بولۇپ، ئۇنى مەيدانغا بېشىغا ئەسكى چۆگۈنغا قالپاق بېكىتىپ كىيدۈرۈپ ئېلىپ كىرگەن. چۆگۈن بىبىشنىڭ بېشىغا كەپلىشىپ قېلىپ نۇرغۇن قان ئېقىپ ئاخىرىدا بىبىش ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن. ئەترەتكە ئۇنى ئېلىپ كېتىش ۋاقتىدا بېشىدىكى چۆگۈننى ناھايىتى تەسلىكتە كېسىپ يۇرۇپ چىقىرىپ ئېلىپ بىبىشنى ھوشسىز ھالدا ئەترەتكە ئېلىپ قايتقان. كىچىك ئوغلى خەمىد قاچقان ياشلار قاتارىدا بىرىنچى بولۇپ قېچىپ چىقىپ قىزىل سايدا ئىككى ھەپتە يوشۇرۇنۇپ يۇرۇپ قايتقان ئىكەن. قالغان قاتتىق يارىلانغانلارنى چوڭ ئەترەتنىڭ زالىغا ئېلىپ كىرىپ تىزىپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. شۇ كېچىدە ھۇشسىز ياتقان ئابدلھەمىد بىر ئارىلىقتا قارىسا يوق. پۈتۈن چوڭ ئەترەت ۋە گۇڭشې ئادەملىرى ھەم خەلق ئەسكەرلىرى ئاتلىق بىر كېچە ئىزدەپ تاپالماپتۇ.

ئابدۇلھەمىد گۇڭشېنىڭ تەرجىمانى بولغان سالىقنىڭ ئاكىسى بولۇپ، شىنجاڭ سەن (غەربي تاغ) ئاق قوي فېرمىسىدا ئىشلەپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرى كېلىپ فېرمىدىن ئون نەچچە ئات سېتىپ ئالماقچى بولۇپ، ئابدۇلھەمىد ئارقىلىق تەستىقلىتىپ ئالغان ئىكەن. چۈنكى ئۇلار ئوتتۇزدەك ئادەم سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىشنى پىلان

قىلىپ ھەممە ئىش پۇتۇپ كېچىدە ئاتلارنى ئېلىپ كېلىپ ماشىماقچى بولغاندا بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ شۇ ئوتتۇز ئادەمنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنغان. ئابدۇلھەمىد بۇ ۋەقەدىن ھېچ قانداق خەۋىرى بولمىسىمۇ، ئات سېتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئورتاق دەپ «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاق بىلەن خەلق رېجىمىغا ـ گۇڭشېغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىكەن. مانا شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇمۇ خەلق رېجىمى ئاستىدا ئىشلەپ كېلىۋېتىپتۇ.

تۈنۈگۈنكى كۈرەشتە ئۇنى ئۇرۇپ خېلى قىيىنغان بولسىمۇ ئۇ قانداقتۇر قېچىپ قەيەرگىدۇر كېتىپتۇ. بىر كېچە ئىزدىسىمۇ ئۇنى ھېچ تاپالماپتۇ.

مەجىد ئابىزى تاياقلاردىن كېيىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ يېتىپ قېلىپتۇ. ئىسكىلات ھويلىسىدىن ئېلىپ چىقىپ تاشلىغاندا ئوغلى ئەزىز كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ داۋالاپ بىر ئايدىن كېيىن ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

مەدىيەنىڭ ماشا دەپ بېرىشىچە مەديار موللا مەدىيەنىڭ ئۆگەي دادىسى ئىكەن. مەديار موللىنى ئۆز ئاتام دەپ ئۇنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ چوڭ بولغان ئىكەن. مەديار موللا 18 - ماي «كۈرەش يىغىنى» غا بارىدىغان كېچە غۇسۇلى تاھارەت قىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە ناماز ئوقۇپ، ئىبادەت قىلىپ چىقىپتۇ ھەم ئايالىغا:

ــ مەن ئەتە قايتىپ كېلەلمەيمەن. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى كېچىسى دەپ ئويلايمەن. سەن بىلەن شۇنچە يىللار چىرايلىق ئىناق ياشىدۇق. دۇنيا دېگەن شۇ، ئاخىر ئۆلمىز ئىكەن، مەندىن رەنجىگەن يەرلىرىڭ بولسا كۆڭلۈڭدە قالمىسۇن، مەندىن رازى بول، دەپ رازىلىشىپ، يېڭى پاكىز كىيىملىرىنى كىيىپ، ئايالىغا چاي قايناتساڭ ئاخىرقى مەرتىۋە سەن بىلەن ئولتۇرۇپ چاي ئىچەيلى دەپ چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ بىللە چاي ئىچىپ، مەندىن كېيىن ئۆزۈڭگە چىڭ بول، ھەرگىز يىغلىما دەپ ئۆيدىن چىقاردا خوشلىشىپ ئايرىلغان ئىكەن. ئالتە ئاي بۇرۇن ئىشلەپ يۇرگەندە ھارۋىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ يانپاش ئۇستىخىنى سۇنۇپ كېتىپ، ئەمدى ماڭالايدىغان بولغان ئىدى.

18 - ماي كۈنى چوڭ ئەترەتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھارۋىدىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ شۇ يەردىلا ئۇرۇپ ئاياق قوللىرىنى سۇندۇرۇپ ئاندىن كۈرەش يىغىنىغا سۆرەپ ئېلىپ كىرگەن ئىدى. 83 ياشلىق بىر قېرى ئادەمنى موللا بولغىنى ئۈچۈن شۇنچىلىك زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈردى. مەن ئۇ ئادەم بىلەن كۆپ زامان بىللە ئىشلىگىنىم ئۈچۈن يۇرىكىم بەك ئاغرىدى. ياخشى ئادەم ئىدى. بىلىمى بار، كۆڭلى يۇمشاق ئىدى.

ئەتراپتىكى ئىشلەۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى روھسىز، چۈشكۈن، كېسەل بولغان

ئادەمدەك ئىشلەپ يۈرەتتى. بولتاي بىلەن سارى جورغا ئىككىسى بىر زەمبىلنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم.

ــ ۋاي نىمە بولدى، دەپ بولتاينىڭ يۈزىگە ھەيران بولدۇم. يۈزىنىڭ پۈتۈن تېرىسىنى شىلىپ ئېلىپ تاشلىغاندەك گۆش رەڭگىگە كىرىپ قالغان ئىدى.

ــ يۈزىڭىزگە نېمە بولدى؟ دەپ شۇنچە ئېچىنىپ يۈزىگە قارىدىم.

ــ بالامەي ئۇردىغۇ، ئۇرۇپ شۇنداق قىلدى دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. ھەقىقەتەن يۈزىگە قارىساڭ يۈرىكىڭ ئېچىشىپ كۆڭلۈڭ بۇزۇلاتتى. ئىچىم ئاغرىپ، نىمە دېگەن ۋەھشىيلىك ھە، دەپ سارى جورغىغا قارىسام، ئۇنىڭ ئۇزۇن قاڭشارلىق بۇرنى مۇشتەك ئىششىپ، كۆزلىرى قىسىلىپ ئاران ئېچىپ قارايتتى. بۇرنىنىڭ ئۈستى يېرىلىپ يوغان بولۇپ ئېچىلىپ تۇراتتى. كۆزىنىڭ ئاستى تەرەپلىرىگە قان ئۇيۇپ، قارا كۆك بولۇپ ئىششىپ چىرايلىرى ئاپاق تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ يۈزىدە روھى چۈشكۈنلۈك ۋە ئەلەم ھەسرىتى يىغىپ تۇراتتى. ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قاراپ تۇرۇپ قالغان ئىدىم. بولتاي بالامەي سېنىڭمۇ جېنىڭ ئاران قالدىغۇ، تەن سالامەتلىكىڭ ۋە ياشلىقىڭ بىلەن تىرىك قالدىڭ دەپ مېھرىبانلىق بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئالدى. بىزنىڭ سۆزلىشىپ تۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ مىنبىگلار چاپسان بول دەپ توۋلىغان ئىدى، بىز ئۆز يولىمىزغا مېڭىپ كەتتۇق.

سارى جورغا سوۋېتتىن كېلىپ نەنسەندە چارۋا بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاتارلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەھمەد زەكىي ئىكەن، ئۇ سېرىق چاچلىق كۆك كۆز، قاڭشارلىق، ئۇزۇن بويلۇق ئادەم بولۇپ، ناھايىتى تېز ماڭىدىغان، قەددى ــ قامىتى كېلىشكەنلىكتىن ئۇنىڭ دېمەتلىرى چاقچاق قىلىپ ئۇنى سېرىق يورغا (سارى جورغا) دەپ ئاتاپ كەلگەن. كېيىنكى كۈنلەرگىچە ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئەھمەد زەكىي ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كۈرەش يىغىنىدا سارى جورغانىڭ بۇرنىدىن بىر قوينى سويغاندەك قان چىقىپ ھوشسىز بىر قانچە سائەت يېتىپ قالغان ئىكەن.

20 - ماي كۈنى ئەتىگەن پۈتۈن ئەترەت ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ كەتتى. ماڭىمۇ قۇرۇلۇش ئەترىتىگە قايتىپ لاي ياساپ كېسەك قويۇش ئىشىنى ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە قول ھارۋىسى بىلەن كېسەك قويغۇچىلارغا لاي توشۇپ يەنە بىر تەرەپتىن كېسەك قويۇپ ئىشلىدىم. ئىش بەك ئېغىر، چوڭقۇر دۆڭلۈكلەردە ئېغىر لاي سالغان ھارۋىنى سۆرەپ ئىشلەش ئىنتايىن قىيىن ئىدى.

دىكتاتورا ئادەتتىكىدىن قاتتىقراق، ھەممە ئادەم ۋارقىراپ ئىش قوشۇپ تۇرغان ۋە

بەزى باللار ھاقارەتلەپ ئادەمنىڭ غۇرۇرىغا تەگكۈزۈپ تىللاپ كېتەتتى. نېمە دېگۈلۈك پەقەت ئاڭلىماسلىققا سېلىپ سەۋر قىلىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاياقتىن زەخىملەنگەن ئورۇننىڭ ئاغرىشى بىر يەردە قېلىپ، كۈرەش مەيدانىدا سول تەرەپ بىقىنىمغا بىرسى مۇشت بىلەن ئۇرغان يەرنىڭ ئاغرىشى جانغا تېگەتتى. نەپەس ئالدۇرماي پىچاق تىققاندەك ئاغرىيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۆتەل تۇتۇپ توختىماستىن يۆتىلەتتىم. ھەر بىر يۆتەلگەندە سانجىپ چىدىغۇسىز ئاغرىتتى. قولۇم بىلەن بىقىنىمنى بېسىپ تۇتۇۋالاتتىم. ئاخىرى بولالماي ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن باردىم. سارقىتبېك ئاغرىقلارنى كۆرۈۋاتقان ئىكەن، مەن ساقلاپ ئولتۇردۇم، ئاغرىقلار كەتكەندىن كېيىن سارقىتبېك مېنى كۆرۈپ:

ــ تەشكىلدىن سىلەرنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلمىدى، مەن سېنى كۆرەلمەيمەن، تەشكىل ماڭا كۈرەشتە تاياق يېگەنلەرنى داۋالىمايسەن، دېدى، كۆرمەيمەن، دەپ قوپال سۆزلەپ تۇرۇۋالدى.

مەن بولسام توختىماستىن قورۇق يۆتىلىپ بىقىنىمنىڭ ئاغرىشىغا چىدىماي ئازابلىناتتىم. سارقىتبېك ماڭا قاراپ:

ــ ئۆلسەڭمۇ مەن كۆرمەيمەن چىقىپ كەت، دېدى.

كۈتمىگەندە بۇ قوپال جاۋاب كۆڭلۈمگە قاتتىق تەگدى. بۇ ئادەمنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئەڭ يېقىن دوست بولۇپ كەلگەن ئىكەن. سارقىتبېكنىڭ ئايالى مەزىيە ئاتا ـ ئانىسى بۇ يەردە بولمىغانلىقتىن بىزنىڭ ئائىلىنىڭ بىر قىزى ھېسابلىنىپ ئۆز قىزلىرىنىڭ قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ تويلىرىنى ئاتا ـ ئانام باش بولۇپ، ئۆز ئۆيلىرىدە توي قىلىپ ئۇزىتىپ چىقارغان. شۇنداق يېقىن تۇغقان بولۇپ، ئىناق ياشىغان ئادەملەر، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىشخانىدا ماڭا شۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلغىنىغا ھەيران بولۇپ، كۆڭلۈم رەنجىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتىم، ئۇيىسىڭ (ئۇ دوختۇر) ئالدىمدىن چىقىپ قالدى. مېنىڭ توختىماستىن يۆتىلىپ كېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ:

ــ مېمە بولدۇڭ؟ ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ دەپ يېنىمغا كەلدى. مەن قانداق ئاغرىغانلىقىمنى، سارقىتبېككە كەلگەنلىكىمنى سۆزلىدىم. مېنى جور دەپ ئۆز ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ تەكشۈرۈپ، ئۆپكە بىلەن قوۋۇرغا ئوتتۇرىسىدىكى پەردىدە قان قويۇلۇش بولۇپ، دىياپىراگمادا بۇزۇلۇش بولغان دەپ، سېنىڭ ئېتىڭدا دورا بەرسەم دورىخانىدا دورا بەرمەيدۇ، سىڭلىڭ غەيشەنىڭ ئېتىدا يېزىپ بېرەي، غەيشە كېلىپ ئالسۇن، بىر ئاي ئۇزمەي ئىچىپ بەر، دەم ئېلىش كېرەك ئىدى، ئۇلار رۇخسەت قىلمايدۇ. ئادەتتە بۇنداق

ئاغرىقلار دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشى كېرەك ئىدى، ئەمدى سەن بۇ دورىلارنى ئۇزمەي ئىچىشىڭ لازىم دەپ ياخشى سۆز بىلەن ھېسداشلىق بىلدۈردى.

ئۇ دوختۇر سىچۈئەن مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى تاماملاپ، نەنسەن دوختۇرخانىسىغا بۆلۈنۈپ كەلگەن. مەن بولسام شەرقىي تۈركىستان مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى ئوقۇغان، شۇنداقتىمۇ ئۇ مېنى ساۋاقداش دەپ ھۆرمەت بىلەن ساۋاقداشلاردەك مۇئامىلە قىلاتتى. نەنسەندە ماڭا ھېچ ئۆزگەرمەي ھۆرمەت بىلەن ياخشى قاراپ كەلگەن مۇشۇ بىر ئادەم ئىدى.

دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېلىۋېتىپ، سارقىتىپېك بولسا ئۆز تۇرىمىز، تىلىمىز بىر، بىر دىنىدىن، بىر يەردىن ئۆز خەلقىم، ئۇيسىڭ بولسا خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خەنزۇ، باشقا تىل، باشقا دىندىن، ماڭا ئەسلى سارقىتىپېك يېقىن بولۇشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ ياخشىلىقنىمۇ ماڭا ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى دەپ ئويلاپ ئۆيگە يېتىپ كەلدىم. ئۆيدە غەيشە، فىردەۋس، خاجىيە بانۇلار ئولتۇرغان ئىكەن، خاجىيە بانۇنىڭ ئىككى ئالىقىنى يىرىڭداپ ئىششىپ كېتىپتۇ، غەيشە بىر دورىنى پاختا يۆگەلگەن پالكۇش بىلەن خاجىيە بانۇنىڭ ئالىقىنىغا سۈرتۈۋېتىپتۇ.

– مېمە بولدى؟ بەك يامان ئىششىپ كېتىپتىغۇ؟ دەپ كېلىپ ئېڭىشىپ ئالىقىنىغا قارىدىم، قولى يىرىڭداپ قاتتىق مىكروبلىنىپ كېتىپتۇ. خاجىيە بانۇ بىز ئىسكىلات ھويلىسىنى تازىلىغاندا قولىمىزدىكى گۈرجەكلەرنى ئېلىپ چۆرۈۋېتىپ قولۇڭلار بىلەن سىلىڭلار، دەپ قابدالنىڭ ئانىسىنىڭ ھاجەتخانا قىلغان پاسكىنىلىرىنى قولىمىز بىلەن تازىلاتتۇردى. قاملا دېگەن خوتۇنمۇ شۇ چوڭ ھويلىنىڭ ھەممە يېرىنى ھاجەتخانا قىلغان ئىكەن، ئىشلەۋېتىپ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇۋەتكىلى تاس قالدۇق. بۇ نېمە كۈن؟ دەپ سۆزلەپ بولغۇچە ئېغىزلىرى شۈمشىيىپ يىغلاپمۇ ئالدى.

غەيشە «ئەزىز ئاكام مۇشۇ دورىنى ئەكېلىپ بەردى، ياخشى دورا ئىكەن، بىر سۈرتكىنىمىزدە لوقۇلداپ ئاغرىقى توختىدى» دېدى.

ھەئە بەك ياخشى دورا ئىكەن، قولۇمنى مۇزلىتىپ جېنىمغا ئاراملىق بەردى دەپ ئالىقىنىنى پۈۋلەپ قويدى.

– ھە راست، سىزنى نېمە ئۈچۈن مىللەتچى دەپ سۆرەپ يۈرىدۇ، دەپ ئەمدى بىر سوراشقا پۇرسەت بولدى، دەپ سورىدىم.

خاجىيە بانۇ ئۇلار ئۆزىنىڭ مىللەتچىلىكىنى ماڭا قالپاق قىلىپ كىيگۈزدى. بىر

ئاي بۇرۇن قاتتىق ئاغرىپ (ئايالللار ئاغرىقى) گۈڭشې دوختۇرخانىسىغا كۆرۈنگەن ئىدىم. ئۇلار ئۆرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا كۆرۈنۈپ داۋالىنىشنى مەسلىھەت قىلىپ تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەردى. مەن چوڭ ئەترەتكە بېرىپ ماڭا دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن قەرز پۇل سورىسام قەنەغەت ھازىر چوڭ ئەترەتتە پۇل يوق دەپ ماڭا بەرمەستىن، قاجاينىڭ ئايالى شەھەرگە بېرىپ ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن قەرز پۇل سوراپ كىرگەن ئىدى، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا 60 (ئاتمىش) سوم پۇل تەستىقلاپ قەغەز قىلىپ بەردى. مەن خاپا بولدۇم، سىلەر مىللەتچى، ئۆز قازاقلىرىڭ كېلىپ شەھەرگە بېرىپ ئويناپ كېلىش ئۈچۈن پۇل سورىسا گەپ ـ سۆزسىز بېرىسىلەر، مەن ئاغرىپ دوختۇرغا تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەرسىمۇ ماڭا بەرمىدىڭلار، مەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان بىر كۈن قالماي ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن، مۇشۇ ئاغرىقىمۇ ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىش جەريانىدا تاپتىم، ئەڭ ئاخىرىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولالمايمەنمۇ؟ بۇ قانداق گەپ دېگەن ئىدىم.

كىچىك ئەترەت باشلىقى قەنەغەت ھوي مىللەتچى سېنىڭ جاجاڭنى بېرىپ قويۇش كېرەك ئىكەن، دەپ ۋارقىراپ قالغان ئىدى، مەن خاپا بولۇپ قايتتىم، دوختۇرغىمۇ كۆرۈنەلمىدىم.

17 - ماي كۈنى چۈشلۈك تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق، كىشىلەر شوئار توۋلاپ كەلسە مەن كىمگە كەلدىكىن دەپتىمەن، ئۆزۈمگە كېلىدۇ دەپ ھەرگىز ئويلانماپتىمەن. قارىسام بىزنىڭ ئۆيگە باستۇرۇپ، «مىللەتچى خاجىيە بانۇنى سۆرەپ چىقايلى» دەپ كىرىپ كەلدى.

قەنەغەت بىرىنچى بولۇپ كىرىپ، «مىللەتچى خاجىيە بانۇ چىقسۇن!» دەپ توۋلاپ مېنى سۆرەپ يۈرىدۇ.

مىللەتچى دېگەن سەن ئۆزۈڭ مەن چىقمايمەن، دەپ قارشىلىق قىلدىم. ئۇلار مېنى ئېلىپ چىقمىز دەپ كېلىپ مېنى يۇلقۇپ سۆرەشكە باشلىدى. مەن سۇپا ئۈستىدىكى تۆمۈر كارىۋاتقا يېپىشىپ ئالدىم. ئۇلار مېنى تارتىدۇ، مەن كارىۋاتقا يېپىشتىم. شۇنداق قىلىپ سۇپا ئۈستىدىكى كارىۋاتنى سۆرەپ تارتىپ كارىۋات بىلەن مېنى يەرگە ئېلىپ چۈشتى. مەن كارىۋاتنى ھېچ قويۇۋەتمىدىم. ئۇلار 7 - 8 ئادەم مېنى تارتاتتى. شۇنداق تارتىشىپ يۈرۈپ كارىۋاتنى ئىشىك ئالدىغىچە سۆرەپ باردۇق. ئۈچ ياشلىق قىزىم ئىلغىرە بۇ ئەھۋالدىن قورقۇپ «ئاپا» دەپ چىرقىراپ يىغلاپ ماڭا ئېسىلدى، ئېرىم ۋاخىت بالىنى مەندىن ئالسىمۇ بالىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئەرشكە بېرىپ يەتتى. ئاخىر شۇنچە كۆپ ئادەم قوللىرىمغا ئېسىلىپ يۈرۈپ مېنى كارىۋاتتىن ئايرىپ ئېلىپ چىقتى.

ھىلىقى مىنىڭ ياۋاش ئىرىم ماڭا بولۇشماستىن «ئۇنداق قىلما خاجىيە بانۇ كۆپچىلىك چىق دىگەندىن كىيىن چىق» دەپ ئولتۇرمامدۇ؟ ئەر كىشى بەكمۇ ياۋاش بولسا بولمايدىكەن، دەپ لەۋلىرى تىترەپ يىغلاپ كەتتى. خاجىيە بانۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن بەكمۇ كىچىك يىتىم قىلىپ چوڭ بولغانلىقتىن نىرۋىسى ئاجىز، ئاسان يىغلايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ـ بولدى يىغلىماڭ، يىغلاپ جان توشامدۇ، ھازىر دۇنيانى قاغا سورىغان ۋاقىت، ئۆلمەي ئامان قالدۇق، غەنىيمەتكە قالغان جان بۇ. يوق نەرسىگە ئۇپراپ كۆز ياشلىرىڭنى تۆكمە، ئاللاھقا شۈكۈر تىرىك قالدۇق، بۇنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كىتىدۇ. كىمنىڭ بىشىغا كەلمەيۋاتىدۇ. ئۆزۈڭ قاراپ باق، شۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكار يامان ئادەملەرمۇ؟ دەپ خاجىيە بانۇنى بەزلەۋىتىپ ئۇنىڭدىن:

ـ راست، مەن يىغىندا غارىغۇللا ئاكامنى ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ سۆرەپ بىزنىڭ قاتارغا تۇرغۇزۇپ قويغىنىنى كۆرگەن ئىدىم. نىمىشقا ئۇنى ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ يۈرىدۇ؟ دەپ سورىدىم. خاجىيە بانۇ تۇرۇپ قىلىپ «ھەي ئۇ بىچارىمۇ كۆپ تاياق يەپ كەتتى، بىشى يىرىلىپ بەك جىق قان كەتتى. ئۇ باشقا ئەترەتتە بولغاندىن كىيىن خەۋەر ئالالمىدىم. قانداق بولدىكىن غەم قىلىپ قالدىم. بىر كۈن ۋاقىت چىقىرىپ بىرىپ كىلىمەن دىگەن، ئۇلارنىمۇ ھەيدەپ ئىشلىتىۋاتقاندۇ» دىدى.

نىمىشقا ئۇ ئەكسىلئىنقىلابچى بولدى دەپ ھەيران بولدۇم ھەم ئۇ كونا ئىش ئىكەن. 1959 - يىلى پولات تاۋلاشتا كۆمۈر خاڭدا ئىشلەپ يۈرگەن ئاچارچىلىق زامانىدا خاڭدىكىلەرنىڭ قورسىقى ئىچىپ، بىرسى «ماۋجۇشى نىمە تاماق يەيدىغاندۇ» دەپ سورىغان ئىكەن، ئاكام نىمە يەيدۇ دەيسەن «بىگىمنىڭ قورسىقى توق، قۇللىرى بىلەن ئىشى يوق» دەپتىكەن. مانا ئەمدى ئارىلىقتا توققۇز يىل ئۆتۈپ ئۇنتۇلغان نەرسىنى سۆرەپ چىقىپ ئۇ بىچارىگە بىر بالا بولدى دەپ ئىچىنى ئاغرىتتى.

ئىشكتىن دورىغا كەتكەن غەيشە بىلەن ئىنىم سادىق بىللە كىرىپ كەلدى.

فىردەۋس خۇشاللىقىدىن سەكرەپ بىرىپ سادىقنى قۇچاقلاپ يالغۇز ئۆزۈڭ قانداق كەلدىڭ دەپ سورىدى.

سوفىيە ھەدەم ھەربىي ماشىنىلارغا سىلىپ قويدى. قىينالماستىن ياخشى كەلدىم، دىدى.

سادىقتىن ئاڭلىغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا ئۈرۈمچى شەھىرىدىمۇ خۇددى مۇشۇ يەردە

بولغان 18 - ماي ۋەقەسى ئۆز ئەينى بولغان ئىكەن. كۆپلىگەن ئورۇنلاردا كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى، دەپ ئۆلۈكلەرنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ھېچكىم ھېچنەرسە دېيەلمىگەن.

18 - ماي كۈنى دادامنىڭ ئاكىسى زەكىي چوڭ دادامنىمۇ قاتتىق ئۇرغان ئىكەن.

زەكىي چوڭ دادام ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك، قەددىنى تىك تۇتۇپ يۈرىدىغان، كەم سۆزلۈك، كۆرۈنۈشتە مەغرۇر ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. شۇڭلاشقا كىشىلەر ئۇنىڭدىن تەپ تارتىپ ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. چوڭ دادامنىڭ ۋارقىراپ كۈلگىنىنىمۇ ئاڭلاپ كۆرمىگەن ئىدىم. ئۇنى كىشىلەر زەكىي جىڭلى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا زەكىي تىڭ جاڭ دەپ ئاتاپ كەلدى.

چوڭ دادام تاتار ھەم دىنى مەكتەپنى ئوقۇغان، ئاندىن دۆڭ پۈت تەرەپتىكى شوتاڭ خەنزۇ مەكتەپنى ئوقۇپ چىققان ئىكەن ھەم قوشۇمچە قىلىپ پۇلشالىق ئادەمنىڭ ئاچقان بوغالتىرلىق مەكتىپىنىمۇ ئوقۇپ تاماملىغان ئىكەن.

چوڭ دادام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بەش ۋاق نامازنى، ئوتتۇز كۈنلۈك روزىسىنى قالدۇرماي كەلگەن ۋە ھەر كۈنى ئەتىگەن نامازدىن كېيىن بىر پارە قۇراننى ئوقۇپ بولمىغۇچە ئورنىدىن تۇرمايدىغان ئادەم ئىدى.

1933 - يىلى شېڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا بىرىنچى مەرتىۋە تۇسەنگۇڭسىنى يەنى سۇدا شىركىتىنى قۇرۇپ، چەت ئەللەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان ئىكەن.

بۇ شىركەتكە باش دىرېكتور بۇرھان شەھىدى، مۇئاۋىن دىرېكتور تۇڭ باۋ (شېۋە مىللىتىدىن)، سودا جۇرۇن باشلىقى زاكىر ئابدىشېۋ، باش پىرىيومچىك خەنسەن بۇرناش، مۇئاۋىن پىرىيومچىك غاتاۋۇللا بولغان.

باش بوغالتىر زەكىي ۋەلىيېۋ، ياردەمچى بوغالتىرلار ھەمىد، ئەھەت ۋەلىيېفلەر تەيىنلىنىپ، سۇدا شىركىتىنى بىرىنچى بولۇپ قۇرۇپ چىققۇچىلار مانا مۇشۇ ئادەملەردىن ئىبارەت ئىدى.

زەكىي ۋەلىيېۋ شۇ يىللاردىن تارتىپ جىڭلى، تىڭجاڭ بولۇپ، سودا ئىدارىسىدە 68 - يىلغا قەدەر 36 يىل ئىشلەپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سودا ئىشلىرىنى تەرەققىي تاپقۇزۇپ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان ۋە كۆپ ھەسسە قوشقان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ سىرتىدا چوڭ دادام بىلەن مېنىڭ دادام سالىخ ۋەلىيېفلەر نۇرغۇن بوغالتىرلىق كۇرسلارنى

ئۇيۇشتۇرۇپ كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇپ، بوغالتىر قىلىپ يېتىشتۇرۇپ چىقتى. كېيىنكى چوڭ ئورۇنلاردا بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەنە شۇ كۇرسلاردا ئوقۇپ چىققانلار ئىدى.

بۇڭۇنكى بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا چوڭ دادام زەكىي ۋەلىيېفنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دەپ سۆرەپ چىقىپ قالپاق كىيدۈرۈپ ئېغىر قىيناشلار بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلدى.

18 - ماي كۈنى سىڭلىم سوفىيە باسما زاۋۇتىدا ئىشلەۋېتىپ تام قوشنا شاڭيېتىڭدا قىلىۋاتقان كۈرەش يىغىنىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكى سىقىلىپ، ئىشلىيەلمەي، ئاغرىپ قېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ.

سوفىيە ئاپامغا ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ «چوڭ دادامنىڭ ئېتىنى توختىماستىن ئاتاپ كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، بەك قاتتىق ئۇرۇۋېتىدۇ. يۈرىكىم ئاغرىپ تۇرالمىدىم، ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرەيلى» دەپ ئاپام بىلەن ئىككىسى شاڭيېتىڭغا قاراپ مېڭىپ ئەردوچوغا يېتىپ بېرىشى بىلەن سوفىيە ۋاي جان ئاۋۇ چوڭ دادام ئەمەسمۇ؟ دەپ سوفىيە چوڭ دادامنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. ئاپام قارىسا كوچىنىڭ چېتىدە بىر ئادەم مەست كىشىدەك دەلدەڭشىپ بىردەم يولنىڭ ئۇ قېتىغا بىردەم بۇ قېتىغا سەنتۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. يۈز - كۆزى ئىششىغان، باشلىرى غورىدەك، غورىدەك بولۇپ ئىششىپ چىققان، كۆزلىرى قارا كۆك بولۇپ، كۆزىنى كۆرۈپ بولمايتتى. پۇتىدا ئاياق يوق پايپاق بىلەن كېلەتتى. ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئادەملەر توختاپ ئېچىنىپ قارايتتى. چۈنكى بۇ ئەتراپتىكى پۈتۈن ئادەملەر چوڭ دادامنى تونۇيتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى.

ئاپام بىلەن سوفىيە ئىككىسى يۈگۈرۈپ بېرىپ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ۋاي ئاللاھ بۇلار نېمە قىلدى سىزنى؟ دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— چوڭ دادام تىترىگەن ھالدا، بەك قاتتىق ئۇرۇۋېتى. ئۇزۇن ۋاقىت ئېڭىشتۈرۈپ قويغان، ئىككى پۇتۇمنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماستىن يىقىلىپ چۈشكەن ئىدىم، قاتتىق تېپىپ، پۇتۇمدىكى ئاياغنى يۇلۇپ ئېلىپ شۇنىڭ بىلەن يۈز - كۆزۈمگە بەك قاتتىق ئۇرۇۋېتى دەپ شۇنداق روھى چىققاندەك بولۇپ قاپتۇ.

ئاپام بۇ يەردە تونۇشلىرىمىزنىڭ قول ھارۋىسى بار ئېلىپ چىقايمۇ؟ دېگەن ئىكەن، چوڭ دادام، ياق بولدى، ئۆز مەھەللىمىزگە كەلدۇق ئۆزۈم يۈرەي، دەپ سوفىيە بىلەن ئاپام يۆلەپ ئېلىپ كەپتۇ.

تۇغقانلار چوڭ دادامنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئىچىنىپ يىغلىشىپتۇ. تاغام باشلىق بارلىق تۇغقانلار دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ داۋالىتىپتۇ.

سادىقتىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممىمىز بەك كۆڭۈلسىز بولدۇق.

## 68 - يىلى 11 - ئىيۇن

كېسەك قويۇپ ئىشلەۋاتاتتىم. ئەترەت باشلىقى قاجاي مېنى باشلاپ ئىسكىلات ئالدىكى مەيدانغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ يەردە ئوندەك قازاق يىگىتلىرى لاي ياساۋاتقىلى بىر ھەپتە بولغان ئىدى. ئۇلارنى كەتكۈزۈپ ماڭا «مۇشۇ لايىنى ئەتە ئىشلىتىشكە بولىدىغان قىلىپ ياساپ چىقسەن، ياخشى ئىشلە» دەپ جېكىلەپ كېتىپ قالدى. قارىسام پۈتۈن مەيداندا يېيىلىپ ياتقان لاي بەزى جايلىرى سۇيۇق ۋە بەزى يەردە توپىلارغا سۇمۇ تەگمىگەن، ئوتتۇرىسىغا بىر قانچە تاغار سامانىنى تۆكۈپ قويۇپتۇ. سامان توپىغىمۇ ئارىلاشمىغان بىر دۆۋە بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىسكىلات ۋە ئىشخانا بىناسىنىڭ ئۆگزىسىگە سېلىش ئۈچۈن ياسىلىدىغان خېلى چوڭ لاي ئىكەن. سۇ باشلاپ كېلىپ، يەردە ياتقان رېزىنكە ئۆتۈكلەرنى كۆرۈپ سەدۇنىڭ سۆزى يادىمغا كەلدى.

67 - يىلى ئاپرېل ئېيى كۈنلەر خېلى سوغۇق بولۇپ، لايىنىڭ ئۈستىگە نېپىز مۇز تۇتقان ئىدى. لايغا چۈشۈشنىڭ ئالدىدا پۇتلىرىمغا غاز يېغىنى سۈرتتۇم. چۈنكى غاز يېغىنىڭ خۇسۇسىيىتى سوغۇققا قارشى ھەم ئۇششۇپ قالغان ئورۇنلارنى داۋالاشتا ئۈنۈمى بەك ياخشى نەرسە. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىمدا قىش كۈنى پۇتۇمنىڭ بارماقلىرى ئۇششۇپ، قىپقىزىل بولۇپ ئىششىپ، تەرلىگەندەك سۇ چىقىپ جانغا تەگكۈدەك قىچىشىپ ئاياق كىيىم كىيەلمەي قالغاندا، پۇتۇمغا غاز يېغىنى سۈرتۈپ ئۇنىڭ بىلەن ساقايتىپ ئالغان ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمىدىكى تۇرمۇشۇمدا ھەم نەنسەندىكى لاي ياسىغان ۋاقىتلىرىمدا غاز يېغى بىلەن پۇتلىرىمنى ياغلاپ سوغۇق لايىنىڭ ئىچىدە ھېچنەرسە بولماستىن سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن ئاغرىماستىن ئۆتكۈزەتتىم. ئۇ مېنىڭ چوڭ دورام بولدى.

لايغا كىرىپ مۇزلارنى قاراسلىتىپ دەسسىگەندە سۇ جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ ۋۇجۇدۇمنى تىترىتەتتى. ئەمما ئامالىم قانچە ئىشلەشكە مەجبۇرمەن.

شۇنداق يوغان لايىنى ياساۋاتاتتىم. چوڭ ئەترەت تەرەپتىن قاۋۇل يەتتە ئەر كىشى كېلىپ ئاياغلىرىنى يېشىپ پۇچقاقلىرىنى تۈرۈپ يالاڭغىداق يۈگۈرۈشۈپ لايغا كىرىپلا «ۋاي

جان نېمىدېگەن سوغۇق» دەپ توۋلىشىپ كەتتى. سوغۇققا چىدىماي چىقىپ كېتىشكە نومۇس قىلدىمۇ بەش ـ ئون مىنۇت ۋايجانلىشىپ ئىشلەپ ئاندىن چىدىماستىن «ئۆلۈپ بېرىدىغان جان يوق» دەپ ھەممىسى لايدىن قېچىپ چىقتى. «ھويا سىنىڭ جېنىڭ تۆمۈرمۇ؟ بۇ سوغۇققا قانداق چىدايسەن» دەپ سەدۇ ھەيران بولدى ۋە رېزىنكە ئۆتۈك ئېلىپ كېلىمەن دەپ چوڭ ئەترەتكە كەتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن يەتتە دانە رېزىنكە ئۆتۈكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ماڭا:

ــ مەن سەن ئۈچۈن چوڭ ئەترەت باشلىقى قادىر بېك بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم. مەن ساڭا بىر ئۆتۈك سورىسام «ئۇنىڭغا ئۆتۈك بەرمەيمىز، يالاڭغىداق ئىشلىسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مەن قادىر بېككە:

ــ سەن ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە قارشىمۇ؟ ئۆزىگىمۇ؟ دېسەم، سېنىڭ ئۇنىڭغا نېمە ئىچىڭ ئاغرىيدۇ؟ ئۆلسە ئۆلسۇن، مەن ئۇنى لايغا سانجىپ قويغاندەك لايدىن چىقارماي ئىشلىتىمەن دەيدۇ. توۋا خۇدايىم، ئەڭ چوڭ باشلىقنىڭ ھالى بۇ دەپ ھەيران بولۇپ كەپتۇ ھەمدە راستتىن قاچان قارىسام يېرىم بەلدىن لاي ئىچىدە ياشايسەن، قانداق چىدايسەن، پولاتتىن ياسالغان باتۇر قىز ئىكەنسەن، دەپ ھەيران قالدى.

ئۇلار ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن يەنە ئىككى سائەت لاي ئىچىدە خالىس ئەمگەكنى تۈگىتىپ قايتتىم.

مۇشۇ ئىككى يىللىق ھاياتىمنى ئويلىسام ھەقىقەتەن ئۆمرۈم لاي ئىچىدە ئۆتتى. گۆڭشى سېلىشتىكى پۈتۈن كېسەكلەرنىڭ لېيىنى مەن ياساپ چىقتىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئون نەچچە كىشىگە لاي ياساپ چىقىرىپ ھەتتا قول ھارۋىسى بىلەن توشۇپ بېرەتتىم. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ماڭا كېسەك قۇيىدىغان نورمىسىمۇ بار ئىدى. ئادەتتىكى ئادەملەرگە كۈنىگە ئۈچ يۈز كېسەك قۇيسا ماڭا كىشىلەر ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئىككى سائەتلىك خالىس ئەمگەككە ئۈچ يۈزنى قۇيۇش نورما ئىدى. بىر كۈنى لاي ياساش يەڭگىل، كېسەك قۇيسۇن دەپ كېسەككە چىقاردى. مەن يالغۇز ئۆزۈم 1700 كېسەك قۇيۇپ چىقتىم. 4 ـ 5 ئەر كىشى لاي چىقىرىپ ئۈلگۈرتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن شىكايەتچىلەرنىڭ ئاغزى بىر ئاز جىم بولدى. ياشلىق كۈچىگە تولۇپ قۇشتەك ئۇچۇپ تۇرغان بىر ۋاقتىم ئىدى. گۆڭشېنىڭ بىنا قۇرۇلۇشىنى باشلىغاندا ھەر بىرسى 20 كىلو سېمونت سىغىدىغان يېڭى چېلەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، شۇنچە ياشلار ۋە قاۋۇل ئەرلەر تۇرسىمۇ ئۇلارغا توشۇتماي سېمونت توشۇش ۋەزىپىسى يەنە مېنىڭ ئۈستۈمدە بولدى.

ئۇ ئىككى چېلەك پەقەت ماڭا خاس چېلەك بولدى، مەندىن باشقا ھېچكىم تۇتمايتتى.

ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىمونت شۇنچە ئىغىر يەردىن ئاران ئۆزۈپ ئىلىپ كۆتۈرەتتىم. مۇرىلىرىم سۇنۇپ كەتكەندەك ئاغرىپ جىنىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كىتەتتى. چاققان مىڭىپ ئاپىرىپ تۆككۈچە ئالدىرايتتىم. خىتاي قومۇشىدىن ياسالغان ئەپكەشلەرمۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈن چىدىماستىن سۇنۇپ تۇراتتى.

ئەگەردە سىمونت ياساپ ياكى توشۇپ ئۆلگۈرتەلمىسەم ياردەمگە بىرمۇ ئادەم كەلمەيتتى. ساقلاپ تۇرسا تۇراتتى ياردەم قىلمايتتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن «بول چاپسان!» دەپ توۋلىشاتتى. دەم ئىلىش ۋاقتىدا ئەل قاتارى بىرىپ ئولتۇرسام يىنىمدا ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كىتەتتى. شۇنىڭدىن كىيىن ئايرىم بىر چەتكە بىرىپ ئولتۇرۇپ دەم ئالىدىغان بولدۇم. بىر كۈننى بىر ئىغىز سۆزمۇ قىلماي ئۆتكۈزەتتىم.

سەدۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ئۇلار قەستەن مىنى قىيناپ ئۆلتۈرۈشنى ئويلايدىكەن، دەپ ئويلاپ كۆڭلۈم يامان بۇلاتتى. مەن نىمە قىلدىم بۇلارغا؟ دىگەن سوئال دائىم كۆڭلۈمگە كىلىپ تۇراتتى.

چۈشتىن كىيىن بولغاندا گۇڭشىنىڭ زالىدىكى كۈرەش يىغىنى قاتتىق قىزىپ ۋارقىراش، ئۇرۇش ۋە شوئار توۋلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قايسى بىچارە بۇ زۇلۇمنىڭ ئىچىدە ئازاب چىكىۋاتقاندۇ؟ دەپ ئويلاپ، گۇڭشى كۇلۇبىغا قاراپ قوياتتىم. ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كىيىن ئەترەت باشلىقى قاجاي گۇڭشى پارتكوم باشلىقى (شۇجى) ئۇمار بىكنىڭ ئايالى نورىلەنى باشلاپ كىلىپ ماڭا:

سەن بۇنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئىشلەت، خالىس ئەمگەكلەردىمۇ بىللە ئىشلىسۇن! دەپ، ئاندىن نۇرىلەگە ئايىغىڭنى يىشىپ لاينىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىشلە! ياخشى ئىشلەڭلار دەپ ۋارقىراپ پوپوزا قىلىپ قويۇپ كەتتى.

نۇرىلەنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش توختىماستىن ئاقاتتى. سول كۆزى ۋە يۈزى كۆپكۆك بولۇپ ئىششىپ كىتىپتۇ. كۆزىنىڭ ئىچىمۇ قىزىل قان قۇيغاندەك كۆزىنى كۆرۈپ بولمايتتى. مەن كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم.

ئاللاھ! كۆزىڭىزگە نىمە بولدى، كۆرەمدۇ؟ دەپ سورىدىم.

نۇرىلە ئۇڭ تەرەپ كۆزىنى قولى بىلەن يىپىپ تۇرۇپ سول كۆزى بىلەن ئەتراپقا قاراپ كۆرىدۇ، دىدى.

قاجاي مۇشت بىلەن ئۇرغان ئىدى، هوشۇمدىن كىتەرگە ئاز قالدىم. قابدال، قادىر

بىك، قاجايلار ئۇمار بېكنى بەكمۇ ئۇرۇۋەتتى. ئۇ بىچارە ئۆلۈپ قالارمۇ دەپ قورقۇۋاتىمەن. 18 - ماي يېگەن تاياقلاردىن تېخى ياخشى بولۇپ كەتمىگەن ئىدى. بۈگۈنمۇ بەك ئۇرۇۋەتتى دەپ ئەنسىرەپ يىغلاپ كەتتى.

ئىچىم ئاغرىسىمۇ ھېچقانداق سۆز ئېيتالمىدىم. ئۆزگىرىپ تۇرغان جاھان ھېچنەرسىگە ئىشىنىپ بولمايدۇ.

لايغا چۆشمەي گۈرجەكنى تۇتۇپ تۇرۇڭ بىرەر ئادەم كەلسە ئىشلىگەن بولۇپ تۇرارسىز دەپ ئۆزۈم لاينى ياساش بىلەن شۇغۇللاندىم.

ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ھېكمىتىگە ھەيران بولۇپ تۇۋا دېدىم.

مەن تۈرمىدىن قايتمىغان ۋاقىتدا ئاتا - ئانام مېنىڭ باشقا يىراق يەرلەرگە ياكى بىگتۈئەن (ھەربىي ئورۇنلار) غا ئېلىپ كەتمىسۇن، نېمە بولسىمۇ ئۆزىمىزنىڭ يېنىدا بولسۇن، دەپ گۇڭشې پارتكوم باشلىقى (شۇجىسى) ئۇمار بېككە ئىلتىماس يېزىپ بارغاندا ئۇمار بېك شۇجى ئۆيدە بىر قانچە كىشلەر بىلەن كاۋاپ پۇشۇرۇپ، قىمىز ئىچىپ خۇشال ئولتۇرغان ۋاقتقا توغرا كەلگەن ئىكەن، ئۇ بەكمۇ خاپا بولۇپ، چوڭ ئەترەت يىغىنى ئېچىپ دادامنى قاتتىق تەنقىدلەپ «تۈرمىدە ياتقان ئەكسىلئىنقىلابچى قىزىنى بىزنىڭ گۇڭشېغا ئېلىپ كېلىش مەقسىتى بىلەن گۇڭشېغا ئۆتۈنۈش يېزىپ كېلىپ، بىزنىڭ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشىمىزنى بۇزۇپ «ئىرقىمىز» نى (راھىتىمىزنى) كەتكۈزدى، گۇڭشې ئۇنداق بۇزۇق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئېلىپ كېلىدىغان يەر ئەمەس، ئۇنداق ئادەملەر بىلەن گۇڭشېمىزنىڭ شەنىنى بۇلغىمايمىز» دېگەنگە ئوخشاش ئاچچىق سۆزلەر بىلەن دادامنى تەنقىدلىگەن ئىكەن. ئەمما ئۇلار قانچە قارشىلىق قىلسىمۇ يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن گۇڭشېغا قالپاق بىلەن كېلىپ قالدىم.

شۇ سۆزلەرنى قىلىپ دادامنى نەچچە كۈن كۈرەش قىلغان ئۇمار بېك شۇجى 18 - ماي كۈنى ھېچكىم چىقىپ تۈرمىغان ئورۇندۇقتا مەن بىلەن بىسىپ تۇرۇپ كۈرەش قىلىندى. بۈگۈن بولسا «ئىلتىماس يېزىپ كېلىپ ئىرقىمىزنى كەتكۈزۈپ كۈرسىمىزنى چۇشۇردى» دەپ تۇۋلىغان نۇرىلەنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كېلىپ ماڭا «باشقۇرۇپ ئىشلەت» دەپ كەتتى. دۇنيا دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن. شۇ ۋاقىتدا ئۇلار مۇشۇ كۈنلەرنىڭ بولۇشىنى ئويلاپ كۆرگەنمىكىن؟! ئادەم باللىرى قولىدىن كەلسە ياخشىلىق قىلغانغا يەتمەيدىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە نۇرىلەنىڭ يېقىن كۆرگەن ئادەملىرىنىڭ بىرسى مەن بولدۇم.

ئۇمار بېك مۇشۇ تاياق زەربىسى بىلەن ئىككى يىل ئاغرىپ يېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئەمما

گۇڭشې پارتكوم باشلىقى گۇ شۇجى تارتىپ چىقىرىلىپ بىر مەرتىۋە مەسىلە تاپشۇرتۇپ كۆرەش قىلىنمىدى. ھېچقانداق نەرسىگە ئۇچرىمىدى. بۇرۇن قانداق بولسا كېيىنمۇ شۇنداق تاكى بىز كەتكۈچە گۇڭشېنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلەپ قالدى.

ئۇمار بېك مۇئاۋىن شۇجىنىڭ تەقدىرى مانا شۇنداق تامام بولدى.

# شەرق شاملى گۇڭشې 2 - چوڭ ئەترەتنىڭ 78 كىشلىك جىنايەتچىلەر لاگېرى

21 - ئىيۇن يازنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرى ئىدى. نەنسەن تاغلىرىنىڭ چىرايلىق ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ ھەر تەرەپتىن قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايرىغان ئاۋازلىرى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە راھەتلىك بېرەتتى. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ ھوزۇرلىنىشنى ۋە تالاغا چىقىپ تەبىئەتكە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتىم. قۇشلارنىڭ چىرايلىق ساز ئاۋازلىرى بىلەن سايراشلىرىنى، سۇنىڭ شارقىراپ ئېقىشلىرىنى، ئورمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس يېقىملىق تاۋۇشلىرىنى، ھايۋانلارنىڭ، قويلارنىڭ مەرەشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ۋە يىراق - يېقىندىن ئىتلارنىڭ ئۈرگەن ئاۋازلىرى، خورازلارنىڭ چىللاشلىرى، كەڭ يېيىلىپ ياتقان ئېتىزلاردا بوز تورغاينىڭ چىرايلىق سايراشلىرىنى دائىم چىقىپ ئاڭلاشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم.

خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ گۇڭشې ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىنى كۆرگەندىن كېيىن گۈرجەكنى يەرگە سانجىپ تۇتۇپ تۇرۇپ چىرايلىق مۇڭلۇق سايراۋاتقان كاككۇك ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە ھەۋەس بىلەن ھوزۇرلىنىپ قاراپ تۇراتتىم. بىر يېقىمسىز قىيا - چىيا سۆرەن بىلەن توت ئاتلىق ئادەم ئاتقا بىر ئادەمنى سۆرىتىپ ئېلىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردۈم.

«ئىھ» دەپ ئىچىمگە تارتىپ قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ھەممە ئادەم تەڭلا شۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ بولۇۋاتقان ئەھۋالنى كۆرۈپ قورققىنىدىن گۈرجەك، جوتۇلارنى ئالدىراش ئىشقا سېلىپ ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

مەنمۇ چۆچۈپ كەتتىم. «بۇ نېمە ئىش ئەمدى بۇ ھۈنەر چىقتىمۇ؟ ئاتقا سۆرىتىپ سازايى قىلغىلى تۇرسا چىۋىن جاندىن نېمىمۇ قالار» دەپ ئويلاپ يېنىمدا ئىشلەۋاتقانلارغا قارىدىم. بۇندىن بىر ھەپتە بۇرۇن پۈتۈن ئەترەتتىن قالپاقلىقلار بىلەن ئۇلارنىڭ بالىلىرى

ھەم كۈرەش قىلىنغانلاردىن بولۇپ، يەتمىش ئادەمنى يىغىپ كېلىپ گۇڭشې ئەتراپىدا ئىشلەۋاتاتتۇق. بىچارە خەلق قورققىنىدىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن ئىشلەيتتى. يېنىمدا ئىشلەۋاتقانلاردىن بىرسى «ئىھ» دەپ ئۇلۇغ تىنىدى. قېرىلار پىچىرلاپ ئىچىدىن ئۆكۈنۈشكە باشلىدى. ماڭا يېقىن يەردە ئىشلەۋاتقان ئۇرازان «ئى بۇ ئىش بارمىدى!» دەپ غودۇڭشىپ قويدى. كۆپ ئۆتمەستىن ھېلىقى ئاتقا سۆرەتكەن ئادەمنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئەكېلىپ يېشىپ بوشاتتى. ئاتقا سۆرىتىپ كەلگەن ئادەمنى ئۆلۈك دەپ ئويلىساق، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستىنى قېقىپ مېنىڭ يېنىمدا ياتقان گۈرجەكنى ئېلىپ ئىشلەشكە باشلىدى. مەن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. بىز ئۆلۈك دەپ ئويلىغىنىمىز ئابدۇلھەمىت بولۇپ چىقتى. ھەممە ئادەم بەش مىنۇتتەك ئۇن چىقارماي ئۆز ئىشى بىلەن بولدى. تۆت ئاتلىق خەلق ئەسكەرلىرى كەتكەندىن كېيىن ئۇرازان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

ــ نەگە كەتكەن ئىدىڭ؟ دەپ سورىدى.

ئابدۇلھەمىت ھېچنەرسە بولمىغان ئادەمدەك خاتىرجەم كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ مەن سارى چوقا موچاڭدا تاغام ئابدۇلخەيرىنىڭ ئۆيىگە باردىم، دەپ جاۋاب بەردى.

سەلىمجان:

ــ قانداق قاچتىڭ؟ ئۇ كۈنى مىدىرلاشقا ھالىڭ يوق يېتىپ كەتكەن ئىدىڭ، قانداق قاچالىدىڭ؟ دېدى.

ئابدۇلھەمىت قېچىپ قۇتۇلدۇم، دېگەندەك مەغرۇر ھالدا كۈلۈپ:

ــ ھەممە ئادەم ئىشقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كىشلەرنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئاستا تالاغا چىقىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ سايىنىڭ بېشىغا باردىم ۋە بىر يوغان بۇتا (توپ بولۇپ ئۆسكەن ياغاچلار) نىڭ ئاستىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇپ ئالدىم. يېرىم كېچىدىن كېيىن مېڭىپ تاڭ ئاتقۇچە سارى چوقا فېرمىسىغا يېتىپ باردىم. تاغام ئابدۇلخەير ئۆيىدە كارىۋات ئاستىدىكى ئورامنى يوشۇرۇپ شورپا ۋە سۈت ـ قايماقلار بىلەن بېقىپ بىر ئاي دېگەندە ساقىيىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. بىر كۈنى ئۆيدە ئولتۇرغاندا ئۇستۇمگە خەلق ئەسكەرلىرى كىرىپ كەلدى ۋە مېنى ئېلىپ ماڭدى دېدى.

مەن ئۇنىڭدىن شۇ سارى چوقا موچاڭدىن ئاتقا سۆرىتىپ ماڭدىمۇ؟ دەپ سورىدىم؟

ــ ياق، كىشلەر بار يەردە چۇقان سېلىپ ئاتقا سۆرەتتى. كىشلەر يوق يەردە بىللە

مېڭىپ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ كەلدۇق، دەپ كۈلدى.

ئورازان ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغاندەك كەسكىن ھالدا:

– مەن سېنى ئەكسىلئىنقىلابچى دېسە ئوقۇغان چوڭ ئورۇنلاردا ئىشلىگەن، گالستۇك تاقاپ، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، سۆلەتلىك، ئۆزىنى تۇتقان بىلىملىك ئادەم، دەپ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. سەن بىر چولاق قۇلاق چىدىماس، نادان ئەبگار ئادەم ئىكەنسەن، «مانا دەپ مېنى كۆرسەتتى. بۇ چۈمۈلىدەك ئىنچىكە ئاجىز قىز بالا جېنىدا بىر ئاۋاز چىقارماي غەيرىتى بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ سېنىڭدىن ئارتۇق قىيناشلارغا ئۇچرىدى. سەن بولساڭ نومۇس قىلماستىن قېچىپ يۈرىسەن، ئۆلسەڭمۇ غەيرىتىڭنى كۆرسىتىپ ئۆلسەڭ بولمامدۇ؟» دېگەن ئىدى. ئابدۇلھەمىت خىجالەت بولغىنىدىن قىسىلىپ قالدى.

ئىشتىن چۈشەرگە يېقىن مەريە بىلەن ئىككىمىز زەمبىلدە ئىشلەشكە توغرا كەلدى. زەمبىلنى يەرگە قويۇشىمىز بىلەن مەريە ئالىقىنى بىلەن ئوڭ تەرەپ يۈزىنى بېسىپ تۇتۇپ:

– ۋاي جان ھەجەپ ئىچىمنى پۇشقۇرۇۋەتتى، يۈزۈم ھېچ توختىماستىن تارتىدۇ، دەپ ئىككى قولى بىلەن باسسىمۇ يۈزى توختىماي تارتاتتى.

– مەريە ئوڭ تەرەپ يۈزىڭىز تارتقىنىغا قارىغاندا سىلەرگە بىر چوڭ خۇشاللىق بولسا كېرەك، دەپ چاقچاق قىلدىم.

مەريە، نەدىكى خۇشاللىق بولسۇن؟ دەيسەن. بىزگە بۇ يېقىن ئارىدا خۇشاللىقتىن ئۈمىد قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يۈزۈمنىڭ تارتىشى بۇرۇندىن بار، لېكىن كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچراپ ياكى خاپا بولسام بەك كۈچىيىپ كېتىدۇ. 18 - مايدىكى كۈرەش يىغىنىدىن كېيىن بىزنى ئەترەتكە ئېلىپ بېرىپ ئۆزلىرى ياسىغان سەھنىنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن ئائىلىمىز بىلەن چىقىرىپ شۇنداق قاتتىق كۈرەش قىلدى. ئۆتكەندىكى كۈرەشتىنمۇ ئېغىر بولدى. كۈرەش باشلىنىپ يىگىرمە مىنۇت ئۆتمەستىن سەھنىگە بىر قىسىم خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن جەندى باش (تەلۋە) ياشلار چىقىپ بىزنى ئۇرۇپ قىيناشقا باشلىدى.

بىلەمسەنكىن، چوڭ ئەترەتتە يۈرىدىغان قاراقايلار دەپ بىر دەلدۈش بار ئىدى، دېيىشى بىلەن مېنىڭ كۆز ئالدىمغا كەلدى.

ھە، ھېلىقى كۈچۈك كۆز قايلارمۇ؟ بۇنى ئاڭلاپ مەريە ئاۋازىنى چىقارماستىن ئىچىدە شۇنداق كۈلدىكى كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

– ۋاي سەن نېمە دېگەن ئوخشتىپ ئات قويۇۋالدىڭ، راستتىن ئۇنىڭ كۆزى كۈچۈكلەرنىڭ كۆزىدەك چوڭقۇر، قاپقارا، مەنىسىز پارقىراپ چەكچىيىپ قارايدۇ. ھە شۇ قايلارنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ مېنىڭ قىزىمغا سەن بۇگۈن بۇ قايلارغا تېگىسەن، بۇ بىر يالىڭاچ كەمبەغەل سىنىپىدىن كېلىپ چىققان، سېنى يارىتىپ ئالىمەن دېگەنگە خوش بول، ئەگەر ماقۇل بولساڭ ماۋۇ قەغەزگە قول قويىسەن، توي قەغىزىڭنى ھازىر ئېلىپ كېلىمىز، دېدى.

ھەممىمىز ئوتقا چۈشۈپ كۆيگەندەك بولدۇق، ئاكىلىرى قاسىم، ھاشىملار ئەلەمدىن چىشلىرىنى چىشلىشىپ سىڭلىسىغا قارايتتى. مەن ئىچىمدە بار كۈچۈم بىلەن ئاللاھقا يالۋۇردۇم. «قىزىم دادىسى ۋە بىزنى ئاياپ ئۆزىنى ئوتقا ئاتمىسۇن» دەپ قاتتىق قورقتۇق. قىزىم ياق دېيىشى بىلەن چىلبۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىپ بولتايىنى شۇنداق قاتتىق ئۇرۇپ كەتتىكى ئۆلۈپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم. يەتتە ياشلىق ئوغلۇم چىدىماستىن چىرقىراپ مېنى قۇچاقلىۋالدى، ئاتامنى ئۇرما دەپ ۋارقىرايتتى. كىشلەر كېلىپ ئوغلۇمنى سۆرەپ مەجلىس مەيدانىدىن ئېلىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازى يىراقتىن قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار يۇگۇرۇپ كېلىپ: قىزىمنى «ماقۇل دەمسەن، يوق» دەپ قىستايتتى. قايلار بولسا «ماڭا تېگەمسەن يوق» دەپ قىزىمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى. لېكىن قىزىم زادى ماقۇل دېمىدى. «ماۋۇ قەغەزگە قول قوي» دەپ قولىغا قەلەمنى تۇتقۇزغان ئىدى، قىزىم قەلەمنى يىراققا چۆرۈۋەتتى. ماقۇلغا كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئۇلار بىزنى قاتتىق قىيناپ ئۇراتتى. بولتاي تۇرالماي يېتىپ قالدى. يېرىم كېچىگىچە بۇ ئەھۋال داۋام قىلدى، بولتايىنى ئۆيگە ئوغۇللىرى كۆتۈرۈپ ئاران ئېلىپ قايتتى. بۇ نەرسە ھەممىمىزگە بەك قاتتىق ئەلەم بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ يۈزۈم توختىماستىن تارتىپ ھېچ ھالىمنى قويمىدى، دەپ مەريە كۆزىگە ياش ئالدى.

## جىنايەتچىلەر لاگېرى قىزىل سايدا

22 - ئىيۇن (6 – ئاي)

پۇتۇن ئەترەتتىن كەلگەن قالپاقلىقلارنى قىزىل سايغا يول ياساش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى. بىزنىڭ ئەترەتتىكىلەرنى 23 - ئىيۇن كۈنى ئېلىپ ماڭدى. مېنى، مۇقاجان،

شۇغايوپ، مەجىد ئابىزى تۆتىمىزنى قوللىرىدا پىلىموت ئوق تىزىلغان خالتىلارنى ئاسقان، بېلىگە گراناتلار قىستۇرغان تۆت ئاتلىق خەلق ئەسكەرلىرى ئالدىغا سېلىپ قىزىل سايغا ئېلىپ ماڭدى. قىزىل ساي بىلەن بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ماشىنا بىلەن ئىككى سائەتتىن ئارتۇق يول ئىدى. ئىدىر تاغلاردىن ئۆتۈپ چەۋچىزى سايغا چۈشتۇق.

چەۋچىزى سايدا قىزىل بايراق ھەم تىيەنسەن ئەترەتلىرى جايلاشقان ئىدى. بۇ ئەترەتلەردىن ئۆتكەندە خەلق ئەسكەرلىرى كىشلەرگە ھەيۋە كۆرسىتىپ بىزلەرگە «بول چاپسان! ئىتتىك ماڭ» دەپ جېنىمىزنىڭ بىرىچە ۋارقىراپ چۇقان كۆتۈرەتتى ھەم قامچىلارنى چاراسلىتىپ ئاتلارنى ئۇياق - بۇياققا چاپتۇرۇپ سۆرەن سالاتتى. بۇنى ئاڭلىغان پۈتۈن ئەترەتتىكى كىشىلەر ئۆي -ئۆيلىرىدىن چىقىپ قارىشاتتى.

ئەتىگەن سائەت سەككىزدە يولغا چىققان ئادەم كۈن پاتقاندا قىزىل سايغا يېتىپ كەلدۇق. ساي ئاغزىدىن بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن سول تەرەپتىكى كەڭ تۈزلەڭلىككە ئۆتكەندە يول ياساش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئورۇنلاشقان يەرگە جايلاشقان ئىكەن. بىر قانچە قازاقچە ئۆيلەر تىكىلىپ ئەمگەكچىلەر شۇ ئۆيلەرگە ئورۇنلىشىپتۇ. بىز كېلىپ ياتاقلارغا جايلاشقاندىن كېيىن تاماققا بارغان ئىدۇق، «يەيدىغان بىر نەرسە يوق» دېدى، شۇنىڭ بىلەن بىر چىنە سوغۇق سۇ ئىچىپ قايتتۇق.

شۇنداق ھارغان ئىدىم. پۇت - قوللىرىم سىرقىراپ يېتىپ دەم ئالغۇم كېلەتتى. ئۇنداق ياخشى ئىش نەدە بولسۇن، ئورۇن - كۆرپىلەرنى ئېلىپ كىرىپ بولۇپ، كۈرەش يىغىنى ئۈچۈن ئەرلەر جايلاشقان قازاقچە ئۆيگە توپلاندۇق.

ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇششاق شېغىل تاشلارنى يېيىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورازاقنى يۈكۈندۈرۈپ (تىز بىلەن) ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. باشقا قالپاقلىقلارنى ئۇنىڭ كەينىگە تىزىپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئورازاق ئۈستىدە كۈرەش ئېلىپ باردى. ئادەم جىق، تىقما - تىقماق بولۇپ، قازاق ئۆيگە ئاران سىغىپ تۇراتتۇق. ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلماستىن خەلق ئەسكەرلىرى مەسىلەڭنى تاپشۇر دەپ ئورازاقنى دۇمبالاپ ئۇرۇپ تېپىپ يۇمۇلتىۋەتتى. چېچى يوق پارقىراق بېشىغا چاراسلىتىپ شاپىلاق بىلەن سالاتتى. ئادەم جىق كۈن ئىسسىق قازاق ئۆيىنىڭ ھاۋاسى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئورازاقنىڭ ئاللاھ - ئاللاھ دەپ زارلىغان ئاۋازى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. قاراپ تۇرۇشقا چىدىماي يۈرىكىم سىقىلىپ ئۆزۈمدە بىر يامان ھالەت ھېس قىلاتتىم. خەلق ئەسكەرلىرى بولسا ئورازاقنى توختىماستىن ئۇرۇپ تېپەتتى ۋە مەسىلەڭنى تاپشۇر دەپ چىرقىرايتتى. ئۇلار نېمە مەسىلىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنى ئۆزلىرىمۇ بىلمىسە كېرەك ۋە نېمىنى تاپشۇرۇشنى ئورازاقنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

شۇ ئارىدا تالادا سايدىن ملتىقلارنىڭ ئېتىلغان ئاۋازى ۋە ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ سوقۇشقانلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. تالادىن بىر مىنبىك يۈگۈرۈپ كىرىپ:

ــ تۈنۈگۈن كەلگەنلەر يەنە كەپتۇ، كۈرەش يىغىنىنى توختاتمىساڭلار باستۇرۇپ كىرىمىز، دەيدۇ دەپ ئەنسىرىگەن ھالدا مەجلىستىكى مىنبىڭلارنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

ھەممىمىز ھەيران بولۇپ، بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. ھەممە ئادەم خۇددى تار قىسىلچاقتىن كەڭ يەرگە «ئۇپ» دەپ چىقىپ بىر ئەركىنلىك ھېس قىلغاندەك بولۇپ قالدى.

ئورازاق بولسا ھوشسىز يۈز - كۆزى ئىششىغان ھەم باشلىرى يىرىلىپ قانغا مىلەنگەن ھالدا ياتاتتى. تالادا ۋارقىراشلار تېخىمۇ كۈچەيدى. كۆپ ئۆتمەستىن خەلق ئەسكەرلىرى كىرىپ:

ــ تارقىلىڭلار، بېرىپ ئۇخلاڭلار، دەپ چىقىپ كەتتى. ھەممە تارقالدى. ئۆي ئوتتۇرىسىدا ئورازاق ھوشسىز يېتىپ قالدى.

تاڭ قاراڭغۇسىدا تۇرۇپ قىزىل سايدىكى كۆمۈر خاڭغا بارىدىغان ماشىنا يولىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەنكى قىسمىنى كېڭەيتىپ ياساشقا كىرىشتۇق. بىزنىڭ ئاساسى ئىشلەيدىغان ئىشىمىز شۇ يەر بولسا كېرەك. ئەمما ئىش يەڭگىل ئەمەس، تاغ ئويۇل تاش بولۇپ، ئۇنى كولاپ چىقىرىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. لوم تۆمۈر، جوتۇلار بىلەن سائەتلەپ چاپقاندا ئاران بىر يوغان تاشنى قومۇرۇش مۇمكىن ئىدى. قاتتىق ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئىش ئېغىر، كۈن ئىسسىق، تاشلىق تاغ بولغاچقىمۇ باشقا يەرلەرگە قارىغاندا قىزىل ساي ئىنتايىن ئىسسىق يەر ئىدى. تاشلار ئارىسىدا چايان، كەسلەنچۈك، يىلانلارمۇ جىق ئىدى.

چۈش پېشىنگە يېقىن قالغاندا سايدىن 12 ئاتلىق ئادەم ئۆرلەپ كەلدى.

بۇ سايدا نېمە قىلىپ يۈرگەن ئادەملەردۇ، ھېچكىم يوق بۇ يەردە ئۇلار نەدىن كېلىدىكىن؟ دەپ ئويلاپ ھەيران بولدۇم. بەلكى مال ئىزدەپ يۈرگەن ئادەملەرمىكىن دېگەن ئۆي بىلەن ئىشلەۋەردىم. مىنبىڭلار بىر - بىرىگە شىۋىرلاپ «ئاخشامقىلار يەنە كېلىۋاتىدىغۇ، نېمە ئايلىنىپ كېتەلمەي قالدى» دەپ خۇدۇكسىرەپ قارىشىپ تۇراتتى، ئۇلار ئات چاپتۇرۇپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ قاتار بولۇپ توختاپ، بىزنىڭ ئىشلىگەنلىرىمىزگە قاراپ، بىر - بىرسى بىلەن ئاستا تاۋۇشتا پاراڭلىشىپ تۇردى. مىنبىڭلار بېرىپ ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن پاراڭلاشقان بولۇپ، بىز تاماققا كەتكۈچە شۇ يەردە بولدى. ئۇلار خۇددى بىزنى كۆزىتىشكە كەلگەندەك بىزنىڭ

ئىشلىگىنىمىزگە قاراپ تۇردى.

بىر قارىسام ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراپ، مېنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلىشىۋاتاتتى. نەنسەندىكى خەلقنىڭ تاماشاسىدىنمۇ تويۇپ كەتكەن ئىدىم. ئەمدى ئادەم يوق بۇ سايدىمۇ بۇلار نەدىن كېلىپ يېتىشتى. نېمە تاماشا باردۇ بۇ يەردە دەپ ئىچىمدىن رەنجىپ قويدۇم. لېكىن ئۇلارنىڭ قارىشىدىن كۆڭۈلگە يېقىن بولغان بىر ھېسنى سەزدىمغۇ دەپ بۇرۇلۇپ يەنە قارىدىم. ئۇلار يەنە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن دوستلۇق مېھرىنى كۆردۈم. مەن بۇلارنى كۆرگەن ياكى تونۇيدىغان ئادەملەرمۇ دەپ كۆپ ئويلىدىم، ئەمما ئەسلىيەلمىدىم.

تاماقتىن كېيىن ئورازان بايىقى كەلگەن ئادەملەرنى تونۇمسەن؟ دەپ سورىدى.

— ياق ھېچ كۆرگەن ئادەملەر ئەمەس، تونۇمايمەن، دېدىم.

ئورازان ئۇلار ئۆزارا سەن توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەشتى. ئۇلار سېنى تونۇسا كېرەك. ئۇلار سېنى بىر توپ ئەرلەر ئارىسىدا يۈرگەن چىرايلىق ياش قىز ئىكەن دەپ قارىغىنى يوق. ئۇلارنىڭ ساڭا قارىغان كۆزىدە ھۆرمەت ۋە دوستلۇق مېھرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار پەقەت سېنى ئىزدەپ كەلگەندەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭغا قاراپ مەن سېنى تونۇيدىغان ئادەملەرمىكىن، دەپ ئويلىدىم. تۈنۈگۈن ئاخشام كەلگەنلەرمۇ شۇلار، ئۇلار «ئەگەر كۈرەش قىلىپ ئادەم ئۇرىدىغان بولساڭلار، ئۈستۈڭلەرگە ئادەم باشلاپ كېلىمىز، ئۇ ۋاقىتتا ياخشى ئىش چىقمايدۇ» دەپ مىنبىگىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئەڭ ئاخىرى مىنبىگىلار «كىشىلەرنى كۈرەش قىلىپ ئۇرماسقا ۋەدە قىلىپتۇ. ئۈچ كۈن بولدى، بۇلار بۇ ئەتراپتىن كەتمىدى. ئۇلار بولمايدىغان بولسا بۇ خەلق ئەسكەرلىرى ھەر كۈنى كەچتە بىر ئادەمنى كۈرەش قىلىپ ئۇرۇپ تالدىرىپ (ھوشسىز قىلىپ) تاشلاپ ئۆزى خالىغانچە قىيناپ ئوينىماقچى ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ بولغىنى بىز ئۈچۈن ياخشى بولدى. بولمىسا قىزىل سايدا بىر قانچە ئادەمنى كۆمۈپ كېتەر ئىدۇق» دېدى.

كۈندە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئاشخانىغا ئوتۇن تېرىپ كېلىش ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. قىزىل ساي دەل - دەرەخ ئۆسمەيدىغان تاشلىق تاغ بولۇپ، ئوتۇن تېپىش قىيىن ئىدى. مەن ياتاقنىڭ كەينىدىكى تاغنىڭ باغرىدىن ئوتۇن تېرىپ يۈرسەم، شۇنداق چىرايلىق مۇزىكا بىلەن بىر قىزنىڭ قازاقچە ناخشا ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ناخشا ئاڭلانغان تەرەپكە باردىم. ناخشا تاغ باغرىدىكى بىر تاشنىڭ تۈۋىدىن چىقاتتى. يېقىنراق بارسام تاشنىڭ تۈۋىدە بىر چاپاننى بېشىغا يېپىپ ئۈچ ئادەم رادىئو ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇلار چاپان ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن رادىئونىڭ ئاۋازى پۈتۈن تاغنى ياڭرىتىپ

تۇراتتى. مۇزىكىدىن كېيىن قازاقىستاندىن شەرقىي تۈركىستانغا ئاڭلاتقان پروگراممىسى باشلاندى. مەن ئاستا بىلمىگەن بولۇپ كېتەي دەپ ماڭغان ئىدىم. ئايىغىم ئاستىدىن بىر تاش شاراقلاپ سايغا قاراپ يۇمىلاپ كەتتى. بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ھېلىقى ئۈچ ئادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ مېنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. رادىئونى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئۈچىسىمۇ مىنىبىڭلار ئىكەن، سوۋېتنىڭ مۇشۇ رادىئوسىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەمنى قولغا ئېلىۋاتقان بىر پەيت ئىدى. ئۇلار مېنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھودۇقۇپ كەتتى. مەن ھېچنەرسە بىلمىگەن، ئاڭلىمىغاندەك ئاستا مېڭىپ كېتىپ قالدىم. مىنىبىڭ دېگەنلەرمۇ بۇ رادىئونى ئاڭلايدىكەن، دەپ ھەيران بولدۇم.

قىزىل سايدا بىر ئايغا يېقىن ئىشلىدۇق.

## «جىنايەتچىلەر لاگېرى» ئادىر ئارىسىدىكى ئۈمىد

15 - ئىيۇل

قىزىل سايدىن بىزنى ئۈدۈل ئادىر ئارىسىدىكى بۇغدايىنى ئورۇش ئۈچۈن ئورمىغا ئېلىپ كەتتى. ئەتىگەن سائەت سەككىزدە قىزىل سايدىن يالغۇز ئات يولى بىلەن تاققا چىقىپ سايغا چۈشۈپ دېگەندەك، يۇك ـ تاقلىرىمىزنى دۈمبىمىزگە ئارتىپ ماڭدۇق. شۇنچە ئۇزۇن يولنى تولۇق قوراللانغان بىر قانچە ئاتلىق خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قامچىلاپ ھەيدىشى بىلەن پىيادە يۈرۈپ كەچ سائەت ئون بىلەن ئۈلمىلىگەندەك بولۇپ، ئاران يېتىپ كەلدۇق.

ئەرلەرنى تالادىكى تراكتور قويىدىغان لاپاس ئاستىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاياللارغا ئېغىلدەك بىر كىچىك كەپە ئۆينى كۆرسەتتى. ئاياللاردىن مەن، مارىيە ھەم ئىككى پومېشچىك خەنزۇ ئايال بار ئىدى. بىز شۇ ئۆيگە كىرىپ يەردىكى تېزەكلەرنى بىر كىچىك تاختاي بىلەن قىرىپ تازىلاپ ئورۇنلىرىمىزنى سالدۇق.

ئەتىگەنكى تاماق بىلەن بىر كۈن يول يۈرۈپ كەلگەن ئادەملەر تاماققا چىقايلى دەپ قاچىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ چىقساق، ئەرلەر «ئاشخانىدا تاماقمۇ، سۇمۇ يوق ئىكەن» دەپ قورۇق قايتىپ كېلىشىشۋېتىپتۇ، ئاچ قورساق كىرىپ ياتتۇق.

شۇنداق ھېرىپ كەتكەن ئىكەنمەن. پۈتۈن بەدىنىم شورۇلداپ ئېرىۋاتقاندەك سىرقىرايتتى. بىچارە قېرىلار قانداق بولغاندۇ دەپ ئويلاپ ئىچىم ئاغرىدى. ئۇخلىغاندەك بولماستىن «ئىشقا چىقىڭلار» دەپ جاللاتلاردەك ۋارقىرىغان مىنىبىڭلارنىڭ ئاچچىق ئاۋازى

ئاڭلاندى. ئۇيقۇدىن كۆزۈمنى ئاچالمايتتىم. پۈتۈن بەدىنىم قېتىقتەك ئۇيۇپ كەتكەن، مىدىرلىغۇم كەلمەيتتى. يېنىمدا ياتقان ئاياللار ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلاۋاتاتتى.

بۇ يېرىم كېچىدە ئۇيقۇمىزنى بۇزۇپ نېمە قىلماقچى ئىكەن. تاڭ يورۇغۇچە بىر ئاز ئۇخلىۋالساق بولماسمىدى، دۇنيادىكى زالىملار يىغىلغان يەر ئىكەن، دەپ خاپا بولۇپ تۇرغۇم كەلمەي، ئۇيقۇمنى ئاچالماي تۇراتتىم. تالادا ياتقان ئەرلەرنى «تۇرۇڭلار» دەپ قامچا بىلەن چاراسلىتىپ ئۇرۇۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. قامچىنىڭ ئاچچىقىدىن «ئاللاھ، ئاللاھ» دەپ قېرىلارنىڭ يۈرەكنى پۇچىلىغۇدەك زارىدىن ئۇيقۇم قاچتى. ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ يېنىمدىكى ئاياللارنى «تۇرۇڭلار مىنىڭلار قامچىلاپ تۇرغۇزۇۋاتىدۇ، بولۇڭلار» دېدىم.

چۆچۈپ ئويغانغان ئاياللار تالادىكى قورقۇنچ ئاۋازنى ئاڭلاپ غال ـ غال تىترەپ نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئالمان ـ تالمان كىيىنىشكە باشلىدى. چىراغمۇ يوق ئېغىلنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ، ئۇلار كىيىملىرىنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ تېپىپ ئوك ـ تەتۈر كىيىشىپ تەييار بولدى.

ئاياللار قورققىنىمىزدىن مەيدانغا ئەرلەردىن بۇرۇن تەييار بولۇپ چىقتۇق. ھېلىقى تاتلىق شېرىن ئۇيقۇمۇ بىزدىن بەدەر قاچتى.

ھەممىمىزنى تىزىپ ئىش مەيدانغا ئېلىپ ماڭدى. قاراڭغۇ كېچە، يوللار ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل مېڭىش ئۈچۈن قۇلايسىز ئىدى. قېرىلار پۈتلىشىپ يىقىلاتتى، بىزنى ئىشقا ئېلىپ كېلىۋاتقان مىنىڭلار كەينىدە يېتىشەلمىگەنلەرنى توختىماي قامچىلايتتى. تاياقتىن قورققان ئادەملەر شۇنداق تېز ماڭاتتى. كەينىدە يېتىشەلمىگەن قېرىلار تېخىمۇ ئارقىدا قېلىپ قامچا ئۈستىگە قامچا يەپ ۋايجانلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ھالەت مېنىڭ يۈرىكىمگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئىچىم سىقىلىپ، يامان بولۇپ كەتتىم. «ئادەملەرنى ئۇرماڭلار» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. ئەمما مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇنداق قىلىش ھېچقانداق نەتىجە بەرمەيتتى. تېز مېڭىپ ئالدىدا ئالدىراپ كېتىپ بارغان ياشلارغا:

ــ توختاڭلار، ئاستىراق ماڭساڭلارچۇ، ئۇ بىچارىلەرنى ئۇرۇپ كەتتىغۇ، دېدىم.

ياشلار:

ــ تاياق يەپ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ چاپسان ماڭ، دېدى.

قېرىلار بىزگە يېتىشەلمەي بەكمۇ تاياق يەپ كەتتى، كۆرمەيۋاتامسىلەر دېدىم.

ئورازان ئاچچىق بىلەن ئۇلار ساق قالىدۇ دەپ ئويلامسەن. ئۇلار شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئامال يوق، ئۇنىڭدىن ئۆز بېشىڭنى ئويلا، دەپ بۇرۇنقىدىنمۇ تېزرەك مېڭىشقا باشلىدى.

مەن بىر ئالدىمغا، بىر كەينىمگە قاراپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئاخىرى يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن تاغ باغرىدا تېرىلغان بۇغداي ئېتىزىغا يېتىپ كەلدۇق، تاڭمۇ سۈزۈلۈپ قالدى.

خەلق ئەسكەرلىرى كەينىدە يېتىشەلمەي كېلىۋاتقان قېرىلارنى توختىماستىن قامچىلاپ «بول چاپسان» دەپ يىرتقۇچ ئاۋازى بىلەن پۈتۈن ئەتراپنى بېشىغا كىيىپ كېلەتتى. بۇ دورام ئالماشقان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ تىلى زەھەر، قامچىسى قانلىق، قاپقى يامان يىرتقۇچلاردەك يۈرىكى تاش نەرسىلەر كەلگەن ئىكەن. شۇنداق ياش تۇرۇپ بۇنچىلىك زالىملىقنى نەدىن ئۆگىنىپ كەلگەندۇ، نېمە دېگەن رەھىمسىز، كۆڭلى قارا؟ دەپ ئويلاپ ئەجەبلەندىم.

ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە بىز قاتار سەپ تۈزۈپ ئورما ئوراشنى باشلاپ كەتتۇق. ھەممە ئادەم روھسىز، چىرايىدىن قايغۇ ـ ئەلەم كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ بۇغداي ئورىغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچكىممۇ بىر ئېغىز سۆز قىلمايتتى. خۇددى شۇ قامچا ھازىر باش ـ كۆزلىرىگە تېگىدىغاندەك قورقۇپ بار كۈچى بىلەن ئورما ئورايتتى. شۇ يىللاردا ئىشلەپ چېنىقىپ ئالغان ئىكەنمەن. ئەرلەردىن ھېچ قېلىشماستىن، بەلكى ھەممىنىڭ ئالدى بولۇپ ئىشلەپ كەلدىم. بۇغداينى تىزلاپ ئورىغاندا ھېچكىم ماڭا يېتىشەلمەيتتى. شۇنداق قاتتىق ئىشلەپ، سائەت ئون بولغاندا ئەتىگەنلىك چاي ئۈچۈن سايىغا چۈشتۇق. ئاشخانىدىن بىر پارچە كۆيگەن نان بىلەن بىر قاچا سۇ ئېلىپ كېلىپ يېمەكچى بولۇپ، يېنىمدا ئولتۇرغان بولتاي، شوقاش، سارى جورغا، زەكەرىيە قاتارلىق قېرىلارغا كۆزۈم چۈشتى. بۇلار 18 ـ مايدىكىدەك بولۇپ، قامچىلانغان باش ـ كۆزى، قىسقىسى ھەممە يېرى تاياق ئىزى قان ئۇيۇپ ئىششىپ كەتكەن ئېچىنارلىق بىر قىياپەتتە ئىدى. مەن ئۇلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. «ۋىيەي نېمە بولۇپ كەتتىڭلار؟» دەپ ئۇلارغا يېقىنراق كېلىپ ئولتۇردۇم. شوقاش ئەتراپقا قاراپ قويۇپ «چاپسان ماڭمىدىڭ دەپ قامچىلاپ كەلدى» دېگەن سۆزنى ئاران دېيەلىدى. قايغۇ ـ ئەلەمگە چۆمگەن يۈزىدىن كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى. «قېرىغاندا سىلەرگە بەك قىيىن بولدى» دەپ ئىچىم ئاغرىدى.

ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ يەردە يېرىم يالىڭاچ بىر ئادەمنىڭ ئىڭراپ ياتقىنىنى

كۆرۈپ يېنىمدا تۇرغان جورسۇندىن ئۇ كىم؟ نېمە بولدى؟ دەپ سورىدىم.

جورسۇن ئۇ ئورازاق، كېچىچە ئاغرىپ ئىڭراپ ياتالمىدى. ئۇنى ئاغرىساڭمۇ ئىشقا چىقىسەن، دەپ سۆرەپ كېلىپ داق يەرگە ياتقۇزۇپ قويىدى. بۇ قېرىلارنىڭ ھەممىسى كېچىچە ئاغرىپ ياتالماي چىقتى. بىر ـ ئىككى قامچا تەگكەندىن كېيىن ھەممىسى گەپ قىلالماي تۇرۇپ ماڭدى. ئورازاقنىڭ تۇرالغۇدەك ھالى بولمىغانلىقتىن ئېتىز بېشىغا سۆرەپ ئېلىپ كەلدى. قېرىلارغا بەك قىيىن بولدى. بىز جېنىمىزدا ئاران چىداپ كېلىۋاتىمىز، دەپ قايغۇلۇق ھالدا ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى.

شۇ ئارىدا كۇشكۇرت ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممىمىز ھەيران بولدۇق. ئەمدى نانلىرىمىزنى ئېلىپ كېلىپ ئولتۇرۇشىمىز ئىدى، «نېمە دېگەن قىسقا ۋاقىت» دەپ بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇشىمىزغا مىنبىڭلار ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ چاپسان بول، چاپسان ماڭ، ئۇدۇلىمىزدىكى تاققا چىقىڭلار! دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

مەن نان بىلەن كۇرۇشكىنى سومكامغا سېلىپ كۆرسەتكەن تاققا قاراپ كەتتىم. كەينىمدىن مىنبىڭلار ئات چاپتۇرۇپ چۇقان ـ سۈرەنلەر بىلەن خەلقنى قامچىلاپ ئالتوپىلاڭ بولۇپ كېلەتتى. قانچە تىرىشىپ چاپسان ماڭسام مۇ لېكىن ئاتلىق مىنبىڭلارنىڭ قامچىسى ماڭمۇ تېگىپ ئۆتتى. بۇلارنىڭ جىددىيلىكىگە قاراپ بىر يامان ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. يەنە نېمە ئىش بولار؟ دېگەن ئوي بىلەن ئالدىراپ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتىم.

ئورمىغا كەلگەن ھەر بىر ئەترەتنىڭ ئادەملىرى رەت ـ رەت بولۇپ تىزىلىپ، بىزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئولتۇرۇپتۇ. ھەممە ئادەمنىڭ دىققەت نەزىرى بىزدە ئىدى. مىنبىڭلارنىڭ ئات چاپتۇرۇپ ھەيۋە بىلەن ۋارقىراشلىرى، قامچىنىڭ چارسىلداشلىرى، تاياقتا چىدىماي زارلانغان ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى تەبىئەتنى سۈرلۈك قىلىپ، ئېچىنارلىق قىياپەتنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. تاققا چىقىپ نەگە بېرىپ، نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ قالدۇق.

چوڭ ئەترەت پارتكوم سېكرېتارى زالىم قابدال «تۆت خىل ئۇنسۇرلارنى بۇياققا ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ توۋلىغان ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككى مىنبىڭ يۇگۈرۈپ كېلىپ ئادەملەرنى ئىتتىرىپ، دۈشكەلەپ يۇرۇپ يىغىن مەيدانىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئۈستەلنىڭ كەينىگە تۇرغۇزدى.

مەجلىسكە كەلگەن خەلق: «سىنىپىي دۈشمەنلەرنى يوقىتايلى! سىنىپىي دۈشمەنلەردىن ئۆچ ئالايلى! يوقالسۇن تۆت خىل ئۇنسۇرلار!»، «ياشىسۇن پۇرولتارىيات

دىكتاتورىسى!» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار بىلەن كەڭ ئېدىرلىق دالانى ياڭرىتىپ تووۋلايتتى.

قابدال كىرەيباي مولانىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ سەن كىرەيباي دىن نىقابىنى كىيىپ ئېلىپ خەلقنى دىن بىلەن زەھەرلەپ كەلدىڭ، سەن مۇشۇ جىنايىتىڭنى بىلەمسەن؟! سەن خەلقنىڭ ھەم كوممۇنىزمنىڭ دۈشمىنى، دەپ بارمىقى بىلەن كىرەيباينىڭ بېشىغا نوقۇغان ئىدى. كىرەيباي سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يېنىدىكى ئادەملەرگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

قابدال ئورۇق، ئۇزۇن بويلۇق، پاناق بۇرۇن، يالپاق يۈزلۈك، قىسماق، چېقىر كۆزلۈك، قاش، كىرپىك، چاچلىرى ئاق سېرىق كەلگەن، رەڭگى سېرىق، قاپىقى يامان، تىلى ئاچچىق، مىجەزى ئەسكى، قورقۇنچلۇق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا ئادەمنىڭ قارىغۇسى كەلمەيتتى. جوزا (ئۈستەل) ئەتراپىغا گۇڭشې كادىرلىرى كېلىپ مەجلىس ھەققىدە سۆز باشلىدى. سىياسەت بىلەن كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ بولغاندىن كېيىن سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتى. ئاندىن مەيدانغا بىر ـ بىرلەپ ئىسمىمىزنى چاقىردى. بىرىنچى بولۇپ مەن چىقتىم. بىر پارچە ئاق لاتىغا يوغان قىلىپ « مەن نەق ئەكسىلئىنقىلابچى سۆيۈنگۈل» دەپ يېزىلغان ئىكەن. ھەر كىمگە ئۆز قالپىقى بويىچە يېزىلغان لاتىنى تارقاتتى. «بۇ بېرىلگەن نەرسىنى كىيىملەرگە تاقاپ يۈرىسىلەر، ئەگەر كىم تاقىمىسا ئېغىر چارە كۆرىمىز» دېدى. پەقەت ماڭا ۋە يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا پومېشچىك قالپىقى كىيگۈزۈلگەن خەنزۇلارغا ۋە قازاقلاردىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى جىدەنشە بىلەن فاتىخەنىڭ قىزى تۇرسۇننىڭ ئېرى ئەھمەدكە ئۇنى گومىنداڭ ۋاقتىدا ئەسكەر باشلىقى بولغان دەپ بەردى.

مەن ئۆلارنى ئېلىپ ئۆز ئورنۇمغا كېلىپ تۇرۇشۇم بىلەن كىرەيباي موللا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. خەلق ئەسكەرلىرى كېلىپ ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ سۆرەپ بىر چەتكە ئېلىپ چىقىپ قويدى. ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يەردە سۆرەپ كېتىۋاتقان كىرەيباي موللىغا قاراپ «نېمە بولۇپ كەتتى جاھان» دەپ كۆڭلۈم يامان بولدى. كىرەيباي ئوتتۇرا بويلۇق، ئاتمىش ياشتىن ئاشقان، چىرايىدىن ئىمان نۇرى بار، سالاپەتلىك، بىلىملىك، ئاق كۆڭۈل، يۇمشاق سۆزلۈك، ئەقىللىق ئادەم ئىدى. كۆپ ئۆتمەستىن كىرەيباي ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ تۇردى. ئۆزىگە ئىشەنمىگەندەك باشلىرىنى لىڭشىتىپ، قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كۆردى. ئاستا ئاۋاز بىلەن:

ــ ماڭا نېمە بولدى، دەپ مەندىن سورىدى.

ــ ھوشىڭىزدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشتىڭىز، دېدىم.

پۈشتەك چېلىنىش بىلەن ھەممىمىز ئىشقا چۈشۈپ كەتتۇق. دەم ئېلىش ۋاقتىدا مەن بەرگەن لاتىنى يىلىك چاپىنىمغا تىكىپ ئالدىم. قارىسام ئەھمەدنىڭ بېشى ساڭگىلاپ شۈنداق روھسىز ئولتۇرۇپتۇ. يېنىغا بېرىپ، ئۇ لاتىنى چاپىنىڭىزغا تىكىپ بېرەيمۇ؟ دەپ چاقچاق قىلدىم.

ئەھمەدنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۆزۈڭ مۇكاپات ئالغاندەك تاق ـ تاق دەسسەپ چىقىپ، خىيالىڭغا كەلمەستىن خۇددى خۇشال بولغاندەك چاپىنىڭغا تېكىپمۇ ئالدىڭغۇ. بۇ خۇشال بولىدىغان نەرسىمۇ؟ دەپ ئاچچىقلاندى. مەن: ئەھمەد بۇنىڭ ھەممىسىگە خاپا بولۇپ جان توشامدۇ؟ تاقا دەپ بەردى، چاپانغا تاقماي ئامالىمىز يوق، دەسلەپ قەدەم بولغاچقا سىزگە ئېغىر تۇيۇلۇۋاتىدۇ. «قورققاننى قوغلاۋەرسەڭ باتۇر بولىدۇ» دەيدۇ، كېيىن سىزمۇ ئۆگىنىپ قالىسىز. دۇنيا دېگەن شۇ بىردە ياخشىنى بىردە يامانىنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىز كۆپنى كۆرگەن بىر ئەر كىشى، ھەممىگە چىداملىق بولۇش كېرەك. ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا، سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇڭ، دەپ كېتىپ قالدىم. ئەھمەد بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. چۈشتىن كېيىن بىر ۋاقىتتا مىنبىگىلار كېلىپ، ئەھمەد، ئابدۇلھەمىت قاتارلىق ئۈچ ئادەمنى گۇڭشېدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈرەش يىغىنىغا ئېلىپ كەتتى.

ئەتىسى ئىش ئۈستىدە قارىسام ئەھمەد كۆرۈنمەيدۇ، ئابدۇلھەمىت كېلىپتۇ. مەن يېنىمدا ئىشلەۋاتقان جورسۇندىن ئەھمەد يوققۇ ئىشقا چىقمىغانمۇ؟ دەپ سورىدىم.

جورسۇن ئۇ ئەمدى مەڭگۈ ئىشقا كەلمەيدىغان بولۇپتۇ، دېدى.

مەن ھەيران بولدۇم. نېمىشقا، نېمە بوپتۇ؟ دەپ سورىدىم. جورسۇن تۈنۈگۈن ئۇلارنى گۇڭشېدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈرەش يىغىنىغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى. يىغىنغا بارغۇچە يولدىن ئۆيگە كىرىپ بالىلىرىنى كۆرۈشنى ئويلىغان ئىكەن، قېينانىسى فاتىخە چىق ئۆيدىن! ساڭا نەدىكى بالا، مەن ئۇلارنى ساڭا كۆرسەتمەيمەن، دەپ قوغلاپ چىقىرىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ خوتۇنى تۇرسۇن باشقا بىر ئادەم بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىپ قالغان ئىكەن. ئۈچ بالىسى، ئايالىنىڭ ئانىسى فاتىخەنىڭ قولىدا قالغان. ئۇ ئايال بىر ئاز قاتتىق ئايال ئىدى. ئەھمەد گۇڭشېدىكى كۈرەش يىغىنىدىن قايتىپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئات ئېغىلىغا كىرىپ ئۆزىنى ـ ئۆزى ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. بۈگۈن ئەتىگەن ئىككى ئادەم بېرىپ ئۇنى بىر

ئازگالغا ئاپىرىپ كۆمۈپ كەپتۇ دەپ غەمكىن هالدا بېشىنى چايقاپ قويدى. ماڭىمۇ ئېغىر ئاڭلاندى. تۈنۈگۈنكى قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى. روهى بەك چۈشكۈن ئىدى. بۇنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرەلمىگەن ئوخشايدۇ، دېدىم. بەلكى كۈرەش يىغىنىدا قاتتىق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، دەپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ ئېسىپ قويدىمىكىن، دەپمۇ ئويلاپ قالدىم.

# 20 - ئىيۇل

ئەتىگەن ئىشقا ماڭغاندا ياشانغان قېرىلاردىن ئون نەچچە ئادەمنى ئاشخانىدا ئېلىپ قالدى. قالغانلىرىمىز ئورمىغا ماڭدۇق. ئۇزۇن يولغا قېرىلار ماڭالمىغانلىقتىن ئاشخانىنىڭ يېنىدا باغ ئورۇشقا ئېلىپ قالدىمىكىن دەپ ئويلىدىم.

ئىش ئېغىر، كۈنمۇ قېرىشقاندەك قىزدۇرۇپ يۈز - كۆزىمىزدىن تەرلەر مونچاقلاپ يەرگە تاماتتى. ئاپتاپنىڭ قىزىشى بىلەن بۇغدايدىن چىققان چاڭ تەرگە قوشۇلۇپ يۈز - كۆزۈمنى قىچىشتۇرۇپ ئارامىمنى ئالاتتى. يېنىمدا ئىشلەۋاتقانلارغا قارىسام ياش - قېرى بولۇپ، پۈتۈن ئادەم تېرە چاپان، تېرە شالۋار كىيىپ ئىشلەۋاتاتتى. ياشلاردىن:

ــ تېرە چاپان، شالۋار كىيىپ ئېسسىپ كەتمەمسىلەر، دەپ سورىدىم.

ئۇلار كۈلۈشۈپ:

ــ ياق، شۇنداق راھەت تەرلەپ ھۇزۇرلىنىپ يۈرۈپ ئىشلەيمىز. بىزنىڭ خەلق يازنى ئاز كۆرگەنلىكتىن ئىسسىقتا راھەتلىنىمىز، دەپ كۈلۈشتى. شۇ ئارىلىقتا مىنبىگلار قاتار ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قامچا بىلەن چاراسلىتىپ بىر قانچە ئادەمنى ئۇرۇپ كەتتى. ماڭا قامچا قاچان تېگەر دەپ ئالدىراپ ئورما ئورۇشقا باشلىدىم. مىنبىگلار كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار: تېرە چاپاننىڭ پايدىسىنى كۆردۈڭمۇ؟ يالاڭ كىيىم بىلەن ماۋۇ قامچا بەدەنگە تەگسە گۆشۈڭنىمۇ يۇلۇپ چىققان بولاتتى. بۇ خاسىيەتلىك تېرە چاپان بىزنى تاياقتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ قامچا ساڭا تەككەن بولسا چۈمۈلىدەك بېلىڭنى ئۈزۈۋېتەر ئىدى، دەپ يەنە كۈلۈشتى. مەن تىنچ گەپ قىلماي ئىشلەيلى، بىكار يەنە كېلىپ قامچىلاپ كېتىدۇ، دېدىم.

گۇگۇم قاراڭغۇدا ئىشتىن چۈشۈپ تاغ ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەن سايدا بولۇۋاتقان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى قانى پەيجاڭنىڭ دەھشەت چىرقىرىغان ئاۋازى ھەم ئۇرۇلغان

تاياقنىڭ ۋە قېرىلارنىڭ چىرقىرىغان تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى. شۇنداق سۇرلۇك بىلىندى. يۈرىكىم جۇغ قىلدى. ۋاي ئالالاھ دۇنيا جەھەننەمگە ئايلىنىپ كەتتىغۇ، دەپ تۇرۇپ قالدىم. يېنىمدا كېلىۋاتقان مارىيە ۋاي خۇدايىم يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟ دەپ تىترەپ ئۆزىنى تۇتالماستىن يىغلاپ كەتتى.

كەينىمىزدىن باشقىلارمۇ يېتىپ كەلدى. نېمە بولدى، بىرەرسىنى سويۇۋاتامدۇ دەپ سايغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

سايغا چۈشسەك قانى پەيجاڭ ئەتىگەن ئېلىپ قالغان قېرىلارنى ئېڭىشتۈرۈپ قويۇپ قولىدىكى تۆت باتارلىق ئۇزۇن قول چىراغ بىلەن باش ـ كۆز دېمەستىن قىزىل قانغا بوياپ ئۇرۇۋاتاتتى. تاياق تەگكەنسېرى بىچارىلەر چىدىماستىن ۋايجانلاپ چىرقىراپ كېتەتتى.

بۇلار 65 ـ 80 ياشلار ئەتراپىدىكى ياشانغان ئادەملەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ ئاپامنىڭ ئېرى مەجىد ئابىزىمۇ بار ئىدى. بۇلارنى ئېلىپ قېلىپ، ئۆزلىرى لاي ياساپ ئۈچ يۈز كېسەك قويۇشنى بۇيرۇغان ئىكەن. ئەمەلىيەتتە كۈچى يېتىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. نورمىنى توشقۇزمىدى دەپ شۇ گۇناھى ئۈچۈن ئۇرغان ئىكەن. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالنى بىلەي دەپ ئاستا بىچارىلەرنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇلار شۇنچە روھسىز ھارغان، مىدىرلىغۇدەك ھالى يوق، كىيىم ـ كېچەكلىرى لايغا مىلەنگەن، باشلىرى يېرىلىپ قانغا بويالغان ھالدا ئولتۇرۇپتۇ. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم ۋە قېرىغاندا سىلەرگە بەكمۇ تەس بولدى، دېدىم. ئۇلار:

ــ ھەي بالام، قېرىغاندا بۇ كۈننى كۆرگۈچە ئۆلسەك ياخشى بولاتتى. خۇدايىممۇ بىزنى ئالمىدى. بۇ نېمە دېگەن خارلىنىش؟ بۇنداق ياشىغۇچە كاشكى ئۆلگىنىمىز ياخشى ئىدى، دەپ يىغلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بەزلەپ بىر ئاز پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇم. بىر چەتتە مەجىد ئابىزى گەپ قىلماي جىم ئولتۇرغان ئىكەن، يېنىغا بېرىپ ھال سورىدىم. ئۇ ھەم باشقىلارغا ئوخشاش ئەھۋالدا ئىدى.

ــ ھە، ياخشى ـ ياخشى دەپ ئېھتىيات قىلغاندەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھە، ھە دەپ قوياتتى.

مانا شۇنداق ئېغىر مىنۇتلار بىلەن بىر ئاينى ئۆتكۈزدۇق. ئورما تۈگەپ ئۆيگە قايتىمىز دېگەن چىرايلىق ھېسلار كۆڭلىمىزنى خۇشال قىلاتتى. ئەتىگەنكى چايدىن كېيىن پۈتۈن ئەترەتتىكىلەر يۈك ـ تاقلىرىنى تېڭىپ قايتىشقا باشلىدى. بىز ھەم ئۇرۇن ـ كۆرپىلىرىمىزنى تېڭىپ ھازىرلاندۇق. لېكىن قالپاقلىقلارغا 4 ـ ئەترەتنىڭ ئورمىسىنى

ئورۇشقا باردىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. يۈك ـ تاقلىرىمىزنى دۈمبىمىزگە ئارتىپ تەييار بولدۇق. بېلىگە گراناتلارنى قىستۇرۇپ ئوڭ ۋە سول مۈرىسىگە ئوق خالتىلارنى ئاسقان، ئاپتومات مىلتىقنى تۇتۇپ، بىر خىل رابوچى ئۆتۈك ۋە بىر خىل كىيىم كىيگەن سەككىز ئاتلىق خەلق ئەسكەرلىرى ئىككى چەتكە بۆلۈنۈپ بىزنى ھەيدەپ ماڭدى.

ئادىتى بويىچە ئادەملەر بار يەرگە كەلگەندە خەلق ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن چىرقىراپ ھەر تۈرلۈك تاۋۇشلار چىقىراتتى. كەينىدە كېلىۋاتقانلارنى قامچىلاپ تۇۋلاپ چۇقان سالاتتى. ئادەملەر بولسا ئۆي ـ ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ تاماشا كۆرگەندەك يولنىڭ ئىككى چېتىگە يىغىلىپ ھەرخىل تۈرلۈك سۆزلەر بىلەن بەزىلىرى ھاقارەتمۇ قىلاتتى. بالىلار تاش، توپ ئېتىپ خېلى يەرگىچە ئەگىشىپ كېلەتتى. مانا شۇنداق قىلىپ ئوتتۇز كىلومېتىر يولنى بېسىپ 4 ـ چوڭ ئەترەتكە ئاچ قورساق يۈك كۆتۈرۈپ پىيادە ھېرىپ ئاران يەتتۇق. يۈكلەرنى يەرگە قويۇپ تۇرۇشىمىزغا:

تاماق ھازىر بولغۇچە ئېتىزغا بېرىپ ئورما ئورۇپ كېلىسىلەر دەپ كۈن پاتقان مەزگىلدە ئورمىغا ئېلىپ ماڭدى. ئەتراپنى كۆرگىلى بولمىغۇدەك قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەلدۇق.

ئەرلەرنى 4 ـ چوڭ ئەترەتنىڭ ئىسكىلاتىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاياللار تراكتور رېمونتخانىغا جايلاشتۇق. بۇ ئۆينىڭ تراكتور كىرىپ چىققۇدەك يوغان ئىشىكى ۋە تۆرىدە ئەينەكلىرى يوق بىر كىچىك دېرىزىسى بار ئىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا رېمونت قىلىشقا قۇلايلىق ئۈچۈن ياسالغان يوغان بىر يېرىم مېتىرلىق ئورا بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچى ماشىنا يېغى پۇراپ كەتكەن پاسكىنا ئۆي ئىدى. ئۆينى ئۇياق ـ بۇيىقىنى تازىلاپ ئورۇنلىرىمىزنى سالدۇق. بۇ دورام مىنبىڭلار ئىچىدىن ئەڭ زالىملىرىنى تاللاپ ئېلىپ كەلگەندەك كۆرۈندۇ. ئىبراي، قاپار، قومار، شايمەردان قاتارلىق بۇ سەككىز خەلق ئەسكەرلىرى تاش يۈرەك قارا كۆڭۈل زالىملىقتا قانى پەيجاڭدىن قېلىشمايتتى. بۇنداق قاتتىق كۆڭۈل ياشلارنى ئۆز ئۆمرۈمدە ئۇچراتمىغان ئىدىم.

ئىشتىن شۇنداق ھېرىپ قايتتىم. پۇت ـ قولۇمدا پەقەتلا كۈچ يوق، ياتاي دەپ ئورۇن سېلىۋاتاتتىم، 40، 50 بالا چوقۇرۇشۇپ بىز ياتقان ئۆينىڭ ئىشىك دېرىزىسىگە يىغىلىپ ئاغزىغا كەلگەن سۆزلەر بىلەن تىللاپ بىزگە قارىتىپ يوغان پوجاڭزىلارنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. خۇددى گرانات پارتلىغاندەك ئاۋاز بىلەن پارتلايتتى. چۈشكەن ئورۇندا يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ياندۇراتتى. ئاياللار قورقىنىدىن چىرقىراپ يىغلاپ كەتتى. ھەقىقەتەن شۇنداق قاتتىق پارتلايتتى. ئادەمنىڭ ئىككى قۇلىقىنى يارغۇدەك قىلاتتى. مەن چاققان

بىرىپ چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىش ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يوشۇرۇندۇم. باللار پوجاڭزىنى يامغۇردەك ياغدۇرۇپ، ئۇ تۇگىگەندىن كېيىن تاش ـ توپا ئېتىپ بىزگە ئارام بەرمەي تۇراتتى. كىمدۇر بىرسى باللارغا ۋارقىرىغان ئىدى. ئۇلار تارقاپ ئەتراپ تىنچلاندى.

بۇ ئىش ھەر كۈنى داۋام قىلىپ سائەت 12 گە قەدەر بىزگە ئارام بەرمەيتتى. ياخشى سۆز قىلىپ توختىتىش ياكى قورقۇتۇپ كەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس، 13 ـ 15 ياش ئارىلىقىدىكى چوڭ باللار ئىدى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇلارغا بىلىندۇرمەستىن چىقىپ شۇ ئەترەتنىڭ باشلىقىنى چاقىرتىپ كۆرسەتكەندىن كېيىن باللارنى يىغىپ ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن قۇتۇلدۇق.

# 22 ـ ئاۋغۇست

چۈشلۈك تاماقنى ئېلىپ ياتاققا كەلدىم. بىز تۇرغان تراكتور رېمونتخانىسىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئېغىز ئۆيدىن ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ يەردە كىم باردۇ دەپ قۇلاق سالدىم. يەنە ئوخشاش ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاستا بېرىپ ئىشىكتىن ئېھتىيات بىلەن بېشىمنى كىرگۈزۈپ قارىدىم. ئۇ ئۆيگە كىشىلەر كۆچۈپ كىرگەن ئوخشايدۇ. ئون نەچچە ئادەملىك ئورۇن ـ كۆرپىنى كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. پەقەت بىر ئادەم ئاغرىپ ياتاتتى. پۈتۈن بەدىنى ئىششىپ، يۈز ـ كۆزى كۆرۈپ بولمايتتى.

كىمدۇر بۇ؟ ھەر ھالدا بىزنىڭ ئادەملەر دەپ ئاستا يېنىغا باردىم. سەپسېلىپ قارىسام مەجىد ئابىزى ئىكەن. «ۋاي» دەپ يېنىغا بېرىپ چاقىردىم. ئاران «ھە» دەپ جاۋاب بەردى.

نېمە بولدىڭىز، بەك قاتتىق ئىششىپ كېتىپسىزغۇ؟ دېدىم. ھە بۇگۈن بولالمىدىم، ئاغرىمىغان يېرىم يوق دەپ جاۋاب بەردى.

مۇمكىن بولسا ئەزىزگە خەۋەر قىلاي كېلىپ سىزنى ئېلىپ كەتسۇن، دوختۇرغا كۆرسەتمىسە بولمايدۇ، دېدىم.

شۇنداق قىلساڭ بەك ياخشى بولار ئىدى، دېدى.

مۇمكىن بولسا ئۆيدىكىلەرگە بىر خەۋەر يەتكۈزەرمەن، دەپ خاتىرجەم قىلىپ چىقىپ كەتتىم.

ۋەدە قىلىپ چىقتىم. بۇ ئەھۋالدا قانداق خەۋەر قىلارمەن، ئۆي يىراقتا، ئۆزۈم تۇتقۇندا، ئەگەر مىنىبۇسلار بىلسە ئىمانىمنى ئوقتار دەپ ئويلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ تۇرۇشۇمغا بىر ھارۋا كېلىپ توختىدى. سىڭلىم زەكىيە تېخى بىر نەچچە ئايلىق ئوغلىنى ۋە بىر قولىدا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چۈشۈپ كەلدى. ئۇ ئەتراپتىكى كىشىلەردىن مېنى سوراپ سۈرۈشتۈرۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئالدىغا يېتىپ باردىم. مەن ئۇلارنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدۇم. بالىنى قولۇمغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ: نېمىشقا بۇنداق كىچىك بالا بىلەن كەلدىڭ؟ يولدا قىينالمىدىڭمۇ؟ دەپ ھال سورىدىم. ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنى بەك سېغىنغان ئىدىم. پەقەت 15 مىنۇتلا سۆزلىشىپ ئالدۇق. ئىشقا چىقىش ۋاقتى بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئەمدى كەچ قالماي كېتىۋال. بالا بىلەن يىراق يوللاردا قىينىلىسەن دەپ مەجىد ئابىزنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردىم.

زەكىيە خەۋەر قىلغاندىن كېيىن ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا ئەزىز كېلىپ مەجىد ئابىزنى ئېلىپ كەتتى. مەن ئەزىزگە: سەن شەھەرگە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەت، ئىككىنچى نەنسەنگە ئېلىپ كەلمە. مۇمكىن بولسا باشقا يەرلەرگە ئېلىپ كېتىپ ۋەزىيەت بېسىلغۇچە يىراقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، دېدىم. مەجىد ئابىزنىڭ يەر ئىسلاھاتىدا ئوتتۇرا دېھقان دەپ تەركىبىنى ئايرىپ چىققان. ئۇلارنىڭ شەھەردىكى ھويلىسىنى ئەل قاتارىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى، دەپ بىر ئېغىز ئۆي قالدۇرماي تارتىپ ئېلىنغان ئىدى. قولىدىكى ماللارنى گۇڭشېلاشتى دەپ ھېچنەرسىنى قالدۇرماي يىغىپ كەتتى. ئۆزىدە پەقەت ياغاچتىن ياسالغان يوغان ئۈچ ئېغىز ئۆيى بار، مانا شۇ ئۆي ئۈچۈن كاپىتالىست دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ مۇشۇ كۈنلەرنى كۆرسىتىپ يۈرىدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە جىنايەتچى لاگېرى دەپ يىغىپ ئالغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە مەن ۋە تيەنسەن ئەترىتىنىڭ ئېرى پومېشچىك بولۇپ ئۆلگەن ئىككى خەنزۇ ئايالدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى قانۇن بويىچە قالپاق كىيگۈزۈلگەنلەر ئەمەس، پەقەت ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ كۆرسىتىشى ۋە زىددىيەت تۇپەيلىدىن يېڭىدىن قالپاق كىيدۈرۈپ سۆرەپ چىققان ئادەملەر، ياشلار بولسا شۇ ئادەملەرنىڭ بىگۇناھ ئوغۇللىرى ئىدى.

# 24 ـ ئاۋغۇست

مېنى ئاشخانىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئېلىپ قالدى. ئاشخانا دوڭنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، تاڭ قاراڭغۇسىدىن تارتىپ ئىككى چېلەك بىلەن ئەپكەشلەپ سۇ توشۇيمەن.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن سايدىكى ئېتىزلىقتىن تۆت تاغار ياڭيۇنى كولاپ ئېلىپ قول ھارۋىسى بىلەن سۆرەپ ئاشخانىغا ئېلىپ كېلىمەن.

ئاشخانىغا چىققاندىن كېيىن بىر ئاز ئەركىن بولارمەن دەپ ئويلاپ خۇشال بولغان ئىدىم. بىراق ئىش مەن ئويلىغاندەك بولمىدى. مىنبېگىلار شايمارداننى مەخسۇس مېنى ئىشلىتىش ئۈچۈن بەلگىلەپ قويدى. مەن قەيەردە ئىشلىسەم قوراللىق ھالدا كەينىمدىن «چاپسان بول» دەپ ھەيدەپ ماڭىدۇ، بۇ ماڭا ئېتىزدا ئىشلىگىنىمدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلدى.

بىز تۆتىنچى ئەترەتكە كەلگەندىن كېيىن، مىنبېگىلارنىڭ ئابرۇيلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە مەخسۇس مىنبېگىلار ئۈچۈن تارقاتقان كىيىملەر، پۇتىدا رابوتچى ئاياغ، قولىدا ئاپتومات، بېلىدە گرانات، مۇرىسىدە تاسمىغا تىزىلغان ئوقلار ئېسىقلىق، ئاستىدا تاللانغان ياخشى ئارغىماق ئاتلار، قونچىغا قىستۇرۇلغان قامچا، ئۆزلىرىنى بولسا ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ ئۇرغاننى ئۇرۇپ، ئۆلتۈرگەننى ئۆلتۈرەلەيدىغان ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئەترەت باشلىقى ۋە باشقا باشلىقلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى. بۇ ئەھۋال شۇ ئەترەتتىكى قىزلار ئالدىدا ئۇلارنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇۋەتتى. خەلق ئەسكەرلىرى تالاغا چىقىش بىلەن قىزلار يوق نەرسىنى باھانە قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ چاقچاق قىلىپ توختىماستىن كۈلۈشەتتى. كېيىنكى كۈندە مىنبېگىلار بىردىن قىزلارنى تۇتقانلىقى توغرىسىدا ئەل ئاغزىدا سۆزلىنىشكە باشلىدى. جاللات خاراكتېرلىك زالىم قانى پەيجاڭمۇ (خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى) بىر قىز بىلەن ۋەدىلەشكىنىنى ئاڭلىدۇق.

بىزنىڭكىلەر ھەيران بولۇپ، «ئۇنىڭدا مۇھەببەت ھېس بارمىدۇ» دەپ ئىشەنگۈسى كەلمەي قالدى.

كېيىنكى كۈنلەردە شايمارداننىڭ يېنىدا دائىم بىر قىز ئايرىلماي نەگە بارسا بىللە يۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

چۈشلۈك تاماققا ياڭيۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئېتىزدىن تۆت تاغار ياڭيۇنى ھارۋىغا بېسىپ دۆڭگە سۆرەپ كېلەتتىم. يۈك ئېغىرلىشىپ كەتتى. توختاپ قالسام ھارۋا مېنى سايغا سۆرەپ كېتىدۇ. ئۆزۈمنى مېيىپ قىلىپ ئېلىشىم مۇمكىن. شۇڭلاشقا بار كۈچۈم بىلەن ھارۋىنى سۆرەيتتىم. بۇرنۇم يەرگە تېگەي دەپ قالدى. گىرە تومۇرلىرىم كۆپۈپ ھارۋىنى ئاران سۆرەپ چىقتىم. قارىسام شايمارداننىڭ ئالدىدىغان قىزى ھارۋىدىكى ياڭيۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئىككى پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئات ئېشىكىدەك ئولتۇرۇشىغا كۆڭلۈم رەنجىپ قاراپ قالغان ئىدىم. شايمەردان چۈش دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇ قىز ئەركىلەپ ئىغاڭلاپ «نېمە دېگەن كۈچلۈك نەرسە» دەپ ئاران

ھارۋىدىن چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ئىلىپ بارغان ياڭيۇنى يوغان داسلارغا سىلىپ يۇيۇپ، ئاقلاپ تاماققا تەييارلاپ بىرىش مىنىڭ ۋەزىپەم ئىدى. ئىشتىن چۈشكەندە ھىرىپ ھالىم قالماي ئاران قايتاتتىم.

# 3 - سىنتەبىر

چۈشتىن كىيىن مەن سۇ توشۇش ئۈچۈن ئىرىق بويىغا چۈشكىنىمدە، چوڭ يولدىن ئىككى ئاتلىق ئادەم مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە كىلىپ توختىدى. ئىككىسى پاراڭلاشقاندەك بولۇپ تۇراتتى. لىكىن ئۇلار مىنىڭ ھەققىمدە سۆزلەۋاتقاندەك دىققىتى مەندە ئىدى. ھەر ئىككىسى ماڭا قاراپ تۇراتتى.

كىيىنكى مەرتىۋە سۇغا كەلگىنىمدە ئۇلار ئاتلىرىنى يىتىلەپ مەن سۇ ئالغان يەردە ئاتلىرىنى سۇغارغان بولۇپ كەلدى. سۇنى ئۇنىڭدىن باشقا يەردىن ئىلىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى سىمونت ئىرىق بولغانلىقتىن باشقا يەرلەردە سۇ ئىلىپ بولمايتتى.

مەن سۇ ئالماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇلار ئەتراپقا قاراپ قويۇپ:

ــ «سۆيۈنگۈل سىزگە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتىمىز نامىدىن ۋە بارلىق قىرىنداشلىرىمىز نامىدىن سىزگە ئىنقىلابىي سالاملىرىمىزنى ئىلىپ، سىزدىن ھال سوراپ كەلدۇق. سىزنى بىز ھەر ۋاقىت ھۆرمەت بىلەن ئەسلەپ تۇرىمىز. سىز خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ياشايسىز. سىز خەلقىمىزنىڭ باتۇر قىزى» دىدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كىيىن يۈرىكىم سەكرەپ، ۋۇجۇدۇم دولقۇنلىنىپ كەتتى. ئۆزۈمدە چەكسىز خۇشاللىق ھىس قىلدىم. يۈزلىرىم قىزىرىپ ئىچىمدە بىر تاشقىن كۆتۈرۈلۈپ كىلىۋاتقاندەك بولدى.

شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى مەۋجۇد ئىكەن، دەپ ئۆزۈمگە بىر كۈچ كىرگەندەك شۇنداق خۇشال بولدۇمكى «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى بار» دەپ ۋارقىراپ سەكرىگۈم كەلدى.

لىكىن شۇ مىنۇتتا مىڭەمگە بۇلار كىم؟ تونۇمايدىغان بۇ ئادەملەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كىتىش مۇمكىنمۇ؟ بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ كىشىلەردىن سىر ئىلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان تاكتىكىسىمۇ؟ دىگەن ئۆي كۆڭلۈمدىن كەچتى. بىر مىنۇتتا كۆتۈرۈلگەن چىرايلىق ھىس ۋە خۇشاللىقلار خۇددى بوراندا ئۆچۈپ كەتكەندەك يوق بولدى.

شۇ ئارىدا مېنىڭ بۇلار بىلەن تونۇشقىنىمنى كۆرگەن شايماردان بىزگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى. مەن ئۇنى كۆرۈپ، ئاتلىقلارغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم ۋە چاپسان سۇنى ئېلىپ ئاشخانىغا قاراپ كەتتىم. ئۇلار مېنى ساقلاپ تۇرغاندەك شۇ ئورۇندا يېرىم سائەت تۇرۇپ ئاندىن ئاتلىرىغا مىنىپ چوڭ يولغا چۈشۈپ كەتتى.

بىر كۈندىن كېيىن 4 - ئەترەتنىڭ ھەممە ئىشنى تۈگىتىپ چۈشتىن كېيىن «يۈك - تاقلىرىڭلارنى تېڭىپ تەييار بولۇڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشتى. كۆپچىلىك ئۆيىمىزگە قايتىدىغان بولدۇق، دەپ خۇشال بولدى. لېكىن يېرىم سائەت ئۆتمەستىن 6 - ئەترەتكە بېرىپ ئىشلەيدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. يۈكلەرنى تراكتورغا بېسىپ، ئۆزىمىز سەپ بولۇپ تىزىلىپ ماڭدۇق. مىنبىڭلارنىڭ مۇھاسىرە قىلىشى بىلەن يولغا چىقتۇق.

خېلى ئۇزۇن يول يۈردۇق، 75 ئادەمنىڭ ماڭغان ئاياق ئاۋازلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز چىقماي ھەركىم ئۆز خىيالى بىلەن روھسىز كېتىپ باراتتى. بىزدىن ئۈچ ئادەم ئالدىن كېتىپ بارغان ئورازان ئاستا مېڭىپ مەن بىلەن قاتارلىشىپ كېلىپ ئاستا ئاۋاز بىلەن تاغ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ كېتىۋاتقان قۇياشنى كۆرسىتىپ:

– قۇياشقا قارىغىنا نېمە دېگەن چىرايلىق، ئۇ بىزنى تاشلاپ كېتىۋاتىدۇ، كۈنگە قاراپ كۆڭلۈم ھەجەپ ئەسكى بولدى، دېدى.

– سەن قىزىق ئادەمكەنسەن، قۇياش بىزنى ئېلىپ كېتەتتىمۇ، ئۇنىڭغا قاراپ نېمىشقا كۆڭلۈڭ يېرىم بولىدۇ. قاراڭغۇ چۈشسە، بەلكى بارغاندىن كېيىن ئىشلىمەي دەم ئالارمىز دەپ كۈلدۈم.

– تۇت قاپچىقىڭنى (تۇت خالتاڭنى) ساڭا نەدە ئۇنداق ياخشى ئىش. ئۆز كۆڭلۈڭنى خوش قىلىپ كېلىۋېتىپسەندە دەپ چاقچاق قىلىپ كۈلدى. قانچە ئاستا سۆزلىسەڭمۇ گۇڭگىر قىلىپ چىققان ئاۋازلىرىمىزنى ئاڭلاپ خەلق ئەسكەرلىرى ئات چاپتۇرۇپ بىز تەرەپكە يېتىپ كەلدى. بۇنى سەزگەن ئورازان ئىككى كىشى كەينىگە ئۆتۈپ ئالسىمۇ مېنىڭ ئىبراي كېلىپ ئورازاننى ئىككى قامچا ئۇردى. قاچان ماڭا قامچا تېگەركىن دەپ دۈمبىلىرىم چىمىرلاپ كەتتى. بۇ قامچا مەندىن ئۆتۈپ يېنىمدىكى تىنچ كېتىۋاتقان قىرىلارغا تەگدى. كۆپ ماڭماستىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كۈن پېتىش تەرەپتىكى قىزىل تاغ ئېتىكىگە يېتىپ كەلدۇق. ئاندىن تاش يولدىن سول قول تەرەپكە بۇرۇلۇپ ھارۋا يولى بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتۇق. 15 مىنۇت ماڭغاندىن كېيىن ئالدىمىزدىن بىر ئاتلىق ئادەم چىقىپ بىزنى يېنىمىزدىكى بۇغداي ئېتىزىغا باشلاپ باردى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئەتراپنى كۆرەلمىگۈدەك بولغۇچە يوغان ئىككى ئېتىز بۇغدايىنى ئورۇپ باغلاپ بولۇپ قايتتۇق.

ئورما ئورۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مېنى يەنە ئاشخانىغا ياردەم قىلىشقا چاقىرىپ كەتتى. مەن ئۈچۈن ئاشخانىدا ئىشلىگەندىن ئورما ئورىغان يەڭگىل ئىدى. چۈنكى يىراق يەردىن سۇ توشۇپ، مۇزدەك سۇدا توختىماستىن ياغىيۇ يۇيۇپ ئاقلاش قاتارلىق ئېغىر ئىشلارنى تىنماي ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى.

ئاخىرقى كۈنلەردە شەھەردىن ياغىيۇ ئېلىش ئۈچۈن ماشىنىلار كەلدى. پۈتۈن ئەترەتتىكى ئادەملەرنى يىغىپ كېلىپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئېتىزدىكى ياغىيۇنى كولاپ يەتتە ماشىنىغا قاچىلاپ بولۇش كېرەك ئىدى.

ئەترەت باشلىقلىرى ئەتراپتىكى بىرمۇ ئادەمنى قالدۇرماستىن چاپسان بولۇڭلار، دەپ ياغىيۇ ئېتىزىغا ھەيدەپ كېلەتتى. ھەممىمىز ئادەتتىكىدىنمۇ قاتتىقراق ئىشلەيتتۇق. شۇ ئارىدا شەھەردىن كەلگەن ئاپتوبۇستىن بىر تۈركۈم ئادەم چۈشۈپ كەلدى. ئەترەت باشلىقى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولۇڭلار چاپسان ياغىيۇنى ماشىنىلارغا قاچىلىۋېتەيلى، بولمىسا يامغۇر كېلىۋاتىدۇ ھەم قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ ماشىنىلار بۈگۈن كېتىشى كېرەك، دەپ ئۇ ئادەملەرنى ھەيدەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئۇيغۇر ئايالمۇ بار ئىدى. بۇلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ سېۋەتلەر ۋە چېلەكلەر بىلەن ياغىيۇلارنى ماشىنىغا توشۇۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بىر قىيا ـ چىيا ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ھېلىقى ئۇيغۇر ئايالنى ئەتراپتىكىلەر دۇمبالاپ ئۇرۇپ كەتتى. بىزنىڭكىلەر قورقىنىدىن قول ـ قولىغا تەگمەي جىددىي ئىشلەيتتى. شۇنداقتىمۇ قېنى قىزىپ تۇرغان زالىم مىنبىڭلار ئۇلارغا ماسلىشىپ جان تالىشىپ ئىشلەۋاتقان بىچارە خەلقنى چاپسان بول دەپ قامچىلاپ كېتەتتى. نېمە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. يامغۇرمۇ شارىلداپ قۇيۇشقا باشلىدى. باشتىن ئاخىر سۇغا چىلىشىپ يۈرۈپ يەتتە ماشىنىغا ياغىيۇنى قاچىلاپ يولغا سالدۇق.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ ئايالنى بىزنىڭ ئارىمىزغا رېجىم بىلەن ئىشلەشكە قوشۇپ قويدى. كېچىلىرى بولسا مەسىلە تاپشۇرتىمىز، دەپ كۈرەش قىلىپ چىقاتتى.

مەن ئېتىزغا ئىشلەش ئۈچۈن چىققاندا ئۇ ئايال مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئىشلىدى. خەلق ئەسكەرلىرى بىزدىن يىراقلاپ كەتكەندە ئۇ ئايال مەندىن:

ــ سىز ئۇيغۇرمۇ؟ دەپ سورىدى.

ــ مەن كۈلدۈم.

ـ ھە، مەن تاتار، ھەممىمىز بىر مىللەت دېسەكمۇ بولىدۇ، دېدىم.

ـ ۋاي ئۇكام، چىرايلىق بىر ياش قىز ئىكەنسىز، نېمە قىلىپ بۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرىسىز؟ سىزنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى، دېدى.

ـ مەن مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدىم. تەشكىلاتقا قاتناشقىنىم ئۈچۈن قولغا ئېلىپ تۈرمىدە ياتتىم. ئۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن رېجىم بىلەن گۇڭشېغا ئېلىپ كېلىپ قويدى، دېدىم.

ـ ۋاي جېنىم ئۇكام، ۋاي جېنىم ئۇكام، شۇنداق چىرايلىق ياشلىق ھاياتىڭىز تۇتقۇن ئاستىدا زايە بولۇپ كېتىپتۇ، بەكمۇ ئۇۋال بوپتۇ، دەپ ئىچىنى ئاغرىتتى.

مەن ئۇنىڭدىن:

ـ سىزگە نېمە بولدى؟ دەپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈم كەلدى.

ـ ۋاي ئۇكام، ئادەم بالىسىغا كەلگۈلۈك كەلسە ئۆزىمۇ سەزمەي قالىدىكەن. شەھەرگە ھەدەملەرنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدىم. بىچارە ھەدەم ماڭا ئىچى ئاغرىپ ئۆزى يېمەستىن سېۋەتكە سېلىپ گۆش، ياغ، تۇخۇم، نان ۋە بىر ئاز كۆكتاتلاردىن بەرگەن ئىدى. مەن كېلىشىم بىلەن «ماشىنىغا ياڭيۇ قاچىلايسىلەر، چاپسان بولۇڭلار» دېسە ئالدىراپ سېۋەتنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بوشىتىپ كۆتۈرۈپ چىقىپتىمەن، ئۇنىڭ ئىچىگە ھەدەم گېزىت سېلىپ ئاندىن بەرگەن نەرسىلىرىنى قاچىلىغان ئىكەن. ياڭيۇنى تۆككەندە گېزىت بىلەن چۈشۈپ كەلسە بولىدۇ. گېزىتنىنىڭ ئاستىنقى بېتىدە ماۋجۇشىنىڭ يوغان رەسمى بار ئىكەن. سېۋەتنىڭ شاخلىرى رەسىمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ چىقىپتۇ، بۇنى كۆرگەن مىنبىڭلار ۋارقىراپ «بۇ ئەكسىلئىنقىلابچى ماۋجۇشىنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ چىقىپتۇ» دەپ ماڭا ئېسىلىپ ئالدى ئەمەسمۇ. ئۆزىمۇ ئۇنىڭ رەسىمنى ھەممە نېمىگە بېسىپ چىقىرىۋەردى. ئادەم ئۇنداق ئىشنى قەستلەپ ئىشلەمدۇ. ساراڭ ئادەم بارمۇ ئۆزىگە ـ ئۆزى بالا تېرىيدىغان. جان باقالماي ئاران يۈرگەندە ئۇنىڭ رەسىمنىڭ كۆزىنى ئويۇپ ئالغاندا ماڭا نېمە پايدا چىقسۇن، ئۇ بىر قەغەز تۇرسا ئىھ ئۇكام قانچە دىققەت قىلساڭمۇ بالا ـ قازا كەلگەندە ئۆزۈڭمۇ سەزمەي قالىدىكەنسەن، «ئىلمەك قازا، توقناق بالا» دېگەن مۇشۇ. نېمە دەيمىز، ئەمدى باشقا كەلگەندىن كېيىن تارتماي ئامال قانچە دەيسىز، دەپ دەردلىك تىنىپ قويدى ۋە راست ئۇكام سىزگە قانچىلىك ۋاقىت بولدى، دەپ سورىدى.

ـ بەش يىلدىن ئاشتى، دېدىم.

ـ ۋاي ئۇكام، بۇنداق ئېغىر كۈن بىلەن بەش يېرىم يىل ياشىماق بەك ئېغىر، خۇدايىم

ياردەم قىلسۇن. شۇنداق بولسىمۇ روھىڭىزنى پەقەت چۈشۈرمەيسىز، مۇشۇ خەقنىڭ ئارىسىدا قىزىل گۈلدەك پارقىراپ چىرايلىق تۇرىسىز، مەنمۇ سىزگە قاراپ ئۆزۈمگە سەۋر بەردىم، دېدى.

ــ ئېتىڭىز كىم بولىدۇ، دەپ سورىدىم.

ــ پاشاخان، سىزچۇ؟

مەن ئۆز ئىسمىمنى ئېيتىپ بەردىم. ئېتىڭىز ھەجەپ چىرايلىق ئىكەن، دەپ تۇرۇشىغا مىنىبىڭلار كېلىپ قالدى. ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولدۇق.

# 25 ـ سېنتەبىر

ئىككى تراكتور بىلەن چوڭ ئەترەتكە قايتتۇق. يوللاردا ھەر بىر ئەترەتتە توختاپ خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن تراكتورچىلار چاي ئېچىش ئۈچۈن كىرىپ كەتكەندە، تراكتور ئەتراپىغا يىغىلىپ كەلگەنلەر بۇرۇنقىدەك تىللاپ، ھاقارەتلەپ، تاش ـ توپا ياغدۇرىدىغان ئىشلىرى يوق، بەلكى ئۇلار سۇلار ئېلىپ چىقىپ تراكتور ئۈستىدىكى كىشىلەرگە بېرەتتى. مەن تونۇمايدىغان بىر قانچە كىشى كېلىپ قېتىق، سۈت ئېلىپ چىقىپ ماڭا سۇندى. رەھمەت مەن ئۇسسىمىدىم، مانا ياشقا چوڭ مۇشۇ چوڭلىرىمىزغا بەر دەپ يوللىدىم ۋە ئۆزۈممۇ ھەيران بولدۇم. بىلىكىمدە ۋە دۈمبەمدە يوغان ئاق لاتىغا قارا سىيا بىلەن «مەن نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر سۆيۈنگۈل» دەپ يېزىلغان بەلگە بولسىمۇ بۇلار نېمە ئۈچۈن قورقماستىن ماڭا سۈت، قېتىق ۋە چاي سۇنىدۇ؟ دەپ ئويلىدىم. كۆپچىلىك كېلىپ مەندىن ھال سوراپ، ئاتا ـ ئاناڭنى تونۇيمىز، دېيىشتى. خەلقنىڭ پوزىتسىيىسىگە قاراپ ۋەزىيەت بىر ئاز تىنچلانسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

كۈن پاتماستىن چوڭ ئەترەتكە يېتىپ كەلدۇق. تراكتور چوڭ ئەترەت زالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

مىنىبىڭ قانى پەيجاڭ كېلىپ:

ھېچكىم ئۆيگە رۇخسەتسىز قايتمايدۇ. ھەممىڭلار چوڭ ئەترەت زالىغا ئورۇن ـ كۆرپىلىرىڭلارنى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تاماقلىرىڭلارنى چوڭ ئەترەت ئاشخانىسىغا بېرىپ يەيسىلەر، دېدى.

مېنىڭ ئۆيگە قايتىش دېگەن خۇشاللىقىم يوققا چىقتى. كەچقۇرۇن ئىنى، سىڭىللىرىم كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى سورىغان ئىكەن، رۇخسەت قىلماستىن قايتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭۈلسىز بولدۇم.

چوڭ ئەترەت زالىغا 70 ئادەمنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئىشىكتىن كىرگەندە سول قول تەرەپتە تۆت كىشىلىك ئورۇنغا مەن مەرىيە ۋە ئىككى خەنزۇ ئايال ئورۇنلاشتۇق. ئۈچ قۇر قىلىپ ھازىرلانغان ئورۇنغا ئەرلەر جايلاشتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ياتاققا يىگىرمە ياشلىق ئوغلى بىلەن بىر بوۋاينى ئېلىپ كىرىپ ئىشىكنى سىرتتىن قۇلۇپلاپ مىنىبىڭلار چىقىپ كەتتى. ھەر بىر ئادەم ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئورنىنى سېلىپ ياتقانلار ياتتى، قالغانلار ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى. ھېلىقى ئىككى ئاتا ـ بالىنىڭ ئورۇن ـ كۆرپىسىمۇ يوق، ھەر بىر ئادەمگە ھەيران بولۇپ قارايتتى. بىزمۇ بىرىنچى مەرتىۋە ئەرلەر بىلەن بىر ياتاقتا يېتىشقا توغرا كەلدى. مەن ئۆيدىن ئايرىلىپ ئىشلىگەندىن بۇيان يېشىنىپ ئازادە ئۇخلاپ كۆرگىنىم يوق. ئاياغ كىيىممنى يېشىپ ئورنۇمغا چىقىپ ئولتۇردۇم.

ئۇ ئىككىسى ھەيران بولغان ھالدا بىزگە قاراپ ئۆزارا شىۋىرلىشىپ سۆزلىشەتتى.

ئورازان ئۇلارغا قاراپ:

ــ ھە، سارتلار قايدان كەلدىڭدەر (نەدىن كەلدىڭلار) دەپ سورىغان ئىدى، ئۇلار ئورازاننىڭ سۆزىنى چۈشەنمەستىن:

ــ نېمە دېدى؟ چۈشەنمىدۇق، دەپ سورىدى.

ئورازان تىلىنىڭ ئۇچىنى قارىغا چوقىغاندا قالاي سۆزلەيدى. سۆيۈنگۈل سوراپچى مىنە سارتلاردان قايدان كىلگەن مىندا يىغلىپ جور ئىكەن، دېدى.

مەن ئۇلاردىن سورىدىم.

ئۇلار بىز قەشقەردىن ئىش ئىزدەپ چىققان ئىدۇق. مۇشۇ جايدا ئورما ئورۇش ئىشى بار ئىكەن دەپ شۇ ئورما ئىشىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئىشلەيلى دەپ كەلگەن ئىدۇق. بىلمەيمىز، دەرۋازىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىزنى تۇتۇپ ئالدى. (چوڭ ئەترەتنىڭ ئاياغ تەرەپكە كېسەكتىن دەرۋازا ياساپ ئىككى مىنىبىڭنى ساقچى قىلىپ كۆزەتكە قويۇپ قويغان ئىكەن) بىر كۈن توختىماستىن قاتتىق ئىشلىتىپ كەچ كىرىشى بىلەن بىزنى مۇشۇ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ئىشىكنى تاقاپ قويدى. بىزگە ھېچنېمە دېمىدى، بىلمىدۇق، گېپىنىمۇ

ئاڭلاپ بولمايدىغان خەقلەر ئىكەن دېدى.

ئورازان، جىرغاغان ئىكەنىڭ (ئوخشايسەن) بۇ يەردە ساڭا ئاشقۇدەك ئىش نەدە، بىزدەك تەييار قۇل - مالايلار تۇرغاندا سىلەرگە ئىش ئاشامدۇ، بېشىڭغا بالا ئىزدىسەڭ مۇشۇ يەرگە كەلسەڭ بولىدۇ، دېدى.

بوۋاي ئورازاننىڭ سۆزىنىڭ قوپاللىقىنى سىزىپ ئۇكام بۇلار قانداق ئادەملەر، دەپ سورىدى.

- ئورازان:

- ھەي جىندى سارت، بىز قانداق ئادەمدەك كۆرۈنۈۋاتىمىز، بىلەمسەن، ھەممىمىزنى خۇدا ئۇرۇپ، قامچا ئاستىدا ھەيدىلىپ يۈرگەن ئادەملەرمىز، ئىشكىتكى قۇلۇپنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ھەممىمىزنى ساي - سايلاردىن يىغىپ كەلگەن شور پېشانە جىنايەتچىلەرمىز، دېدى.

بوۋاي قىزىم بۇ ئوغلۇمنىڭ سۆزىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدىم، ئوغلۇم نىمە دەيدۇ، دېدى.

ئاكا بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى جىنايەت قىلغان دەپ يىغىپ ئېلىنغان رېجىمدىكى ئادەملەر، شۇڭلاشقا بىزنى بۇ ئۆيگە سولاپ قويىدى. كۆرمىدىڭىزمۇ؟ دېدىم.

- ۋاي قىزىم سىزنىمۇ شۇنداق دەپ سولاپ قويىدىمۇ؟ تووا خۇدايىم، تووا. بۇنداق ياش ئايال خەقنى سولاپ قويغىنىنى ئۆمرۈم بويى كۆرمىگەن ئىدىم، دەپ چۆچۈپ كەتتى. ئورازان ئۇلارغا سەن گەپ قىلماي ياۋاشلىق قىلىپ ئولتۇرساڭ بۇ يەردىن كېتەلمەيسەن، كېيىن سەنمۇ بىر قارا ساقال بولۇپ قالپاق ئاستىدا قالىسەن دەپ ئورازان ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكنى ئۇردى ۋە ئۇ بوۋايغا بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن ئاللاھقا شۈكۈرلۈك دەپ سەدىقە بەرگىن، دە، ئۆز يۇرتۇڭغا تىنچ - ئامان يېتىپ ئال. مۇشۇ زاماندا بىزدەك بوشقا ئىشلەيدىغان ئىشلەمچىلەر تۇرغاندا ساڭا ئىش ئاشمايدۇ، بىلمىگەن يەرگە ئىش ئىزدەپ يۈرمە، دېدى. بوۋاي قورققىنىدىن قاتتىق ھودۇقۇپ، بەدەنلىرى تىترىگەندەك بولۇپ كەتتى. رەھمەت بالام، رەھمەت، دەپ بىزنىڭ ئارىمىزدىن چىقىپ كەتكۇچە كۆزى تۆت بولدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن خەلق ئەسكەرلىرى  كېلىپ بوۋاينىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭ تىلىنى ھېچكىم ئۇقمىدى دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. يېرىم كېچە بولغاندا بوۋايلار ھاجەتخانىغا چىقىش ئۈچۈن مىنبىڭلارنى چاقىرتىپ ئىشكنى تاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ياتاقتىكى پۈتۈن ئادەم ئويغاندى. ئىشىك ئالدىغا ئوندەك

ئادەم يىغىلىپ مىنىبەلىلارنى چاقىرىپ توۋلايتتى.

«ئىشىكنى ئاچ، ئىشىكنى ئاچ ھاجەتكە بارىمىز» ھېچكىممۇ ئاڭلاپ كېلىپ باقمىدى.

دېرىزىدىن چۈش دەپ ياتقانلار توۋلايتتى. دېرىزىنىمۇ ئاچالمىدى، مىخلاپ تاشلىغان ئىكەن، كىمدۇر بىرسى «ۋايجان قانداق قىلدۇق چىدىيالمايۋاتىمىز» دەپ زارلانغان ئىدى، ياتقانلاردىن بىرسى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ ھاجەت قىل، دەپ توۋلىدى.

باشقىلار ۋاي خۇدايىم سۇيدۇككە چىلىشىپ ياتامدۇق، ئىشىككە كۇلۇپ سېلىپ نەگە كەتكەندۇر ئۇلار دېسە، باشقىلار ئىشىك تاقاقلىق تۇرسا ئەمدى قانداق قىلىدۇ دېسە، يەنە بەزىلىرى ھەي سىيگەك چاللار دەپ ھەر تەرەپتىن ھەر تۈرلۈك سۆزلەر بىلەن ياتاق ئىچى گۇلدۇر ـ گۇلدۇر تاۋۇش بولدى. ئاخىر بولماستىن قېرىلار ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا ھاجەت قىلىشقا باشلىدى.

مەن يوتقاننىڭ ئىچىگە بېشىمنى تىقىپ ئالدىم.

تۆت ئايدىن بۇيان تازىلىق قىلىپ كىيىم ـ كېچەك يەڭگۈشلەپ كىيەلمەي تېرە چاپان شالۋار بىلەن تېرە چورۇق تارتىپ ياشاۋاتقان بۇ ئادەملەردە ئادەمدىن قۇسقۇسى كەلگۈدەك سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. كەچتە چورۇقلىرىنى سالسا كىشىنىڭ بۇرنى يىرىلغۇدەك ئاچچىق ھىد چىقاتتى. ياشانغان بۇ ئادەملەر ئۇچۇن بۇ ئېغىر تۇرمۇشتا ئۆزىگە قاراش ئەمەس، ھەر كۈنى ھايات قالغىنىغا خۇشال بولۇپ، ھەر مىنۇت ئۆلۈم كۈتۈپ ياشاۋاتقان ئادەملەردىن ئاغرىنىپ ئەيىبلەشكە بولامدۇ؟ ئۇلارغىمۇ بۇ تۇرمۇش يەڭگىل ئەمەس ئىدى. تۈرلۈك ئويلار بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدىم.

ئۈچ كۈن چوڭ ئەترەت ـــ گوڭشې ئەتراپىدا ئۆكتەبىر بايرىمىغا تەييارلىق قىلىپ، تازىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇق. 28 - سېنتەبىر كۈنى ماشىنا بىلەن توجان ئەترىتىگە ئەمگەككە ئېلىپ كەتتى. توجاندا «ئىمىن توبەك»، «زىيا توبەك» لەردە قىشقا ھازىرلىق چۆپلەرنى چاپتۇق. ئۇ يەردىكى ئادەملەر باشقا يەردىكى ئادەملەرگە قارىغاندا ياخشى قارشى ئالدى. بىز تۆت ئايالغا تاختاي سۇپىلىق ئايرىم ئۆي بەردى. خەلق ئەسكەرلىرىگە كۆرسەتمەي چاي سۇتلەپ، ياغيۇ پۇشۇرۇپ، ھەتتا كۈلگە كۆمۈپ پۇشۇرغان نانلارنىمۇ ئېلىپ كېلىپ بەردى. چاي ئېلىپ كەلگەن ئايال ئەللىك ياشتىن ئاشقان ئۆزىنى توختاتقان ئىللىق چىراي ئايال ئىدى. ئۇ ماڭا:

زىيا توبەك دېگەن مۇشۇ يەر سېنىڭ چوڭ بوۋاڭنىڭ يېرى بولىدىغان. ئۇ ئادەملەر بەكمۇ ياخشى كۆيۈمچان، كىشىلەرگە كۆپ ياردەم قىلىدىغان خەلق سۆيەر ئادەم ئىدى.

بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بىلەن بەك يېقىن ئۆتكەن ياخشى ئادەملەر ئىكەن، دەپ سۆزلىشىپ، خەلق ئەسكەرلىرى يوق ۋاقىتتا يوشۇرۇن كېلىپ ھال سوراپ كېتەتتى. باشقا ئادەملەرمۇ بىزگە يامان پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. ئەمما بىز بۇ جايدا ئۇزۇن تۇرمىدۇق.

بىر ھەپتە «زىبا توبەك»تە، بىر ھەپتە «ئىمىن توبەك»تە بولۇپ، 15 كۈندىن كېيىن چوڭ ئەترەتكە قايتىپ كېلىشكە ئۇقتۇردى. بىر قىش قايتماي شۇ يەردە ئىشلەيسىلەر، دەپ ئۇقتۇرغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىشلىق كىيىم ۋە قېلىن يوتقان - كۆرپىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەنمىز. ئەمدى بۇ يۈكلەرنى ئېگىز تاغ داۋانلاردىن ئارىلاپ ئېلىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. بىزنى زىبا توبەكنىڭ يېنىدىكى ئېگىز تاغ ئارقىلىق ئات يولى بىلەن باغرىلاپ مېڭىپ توپا تېرەك سايىنىڭ ئاغزىغىچە يۈك كۆتۈرۈپ پىيادە ماڭدىغان بولدۇق. يۈك ئېغىر، يول قىيىن، ئات يولىدا بىردىن تىزىلىپ ماڭدۇق. تاغنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىققاندا پۇتۇم تېيىلىپ يىقىلىشىم بىلەن ئېغىر يۈك مېنى تۇتۇڭغۇ دەرياسىنىڭ ئۈستىدىكى 30 - 40 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىك يارنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەتتى. يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلدى، ئۇ يەردىن چۈشسەم ئۇستىخىنىمنىمۇ تېرىپ ئېلىش قىيىن ئىدى. ئاستى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ دولقۇنلىنىپ ئېقىپ تۇرغان يوغان تاشلىق ئۆستەڭ، ئۈستۈمدە ئۆزۈمگە باغلاپ ئالغان يۈك، ئۇنى چىقىرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس، ئەتراپتا تۇتۇپ ئالغۇدەك بىرەر نەرسىمۇ ھەتتا قولغا ئىلىنغۇدەك چۆپلەرمۇ يوق ئىدى. ئەتراپىمدا ماڭا ياردەم قىلىپ تۇتۇپ قالغۇدەكمۇ ئادەم يوق، ھەممە ئادەمنىڭ دۈمبىسىدە ئېغىر يۈك، ئۇلارمۇ تېيىلىپ يىقىلىشىدىن قورقۇپ ئاران كېتىۋاتاتتى. ھەممە ئادەم ھاي - ھوي دەپ ۋارقىرىشاتتى. شۇنداق تېزلىك بىلەن يار بېشىغا كېلىپ قالدىم. جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالغاندەك بولدى. ياردىن چۈشمەسكە تىرىشىپ ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە قول ئۇزىتىپ يامىشاتتىم. قولۇم توپ بولۇپ ئۆسكەن چىغقا ئىلىشتى. مەھكەم يامىشىپ پۇتۇمنى يېنىمدا تۇرغان تاشقا تىرەپ ئاران دېگەندە توختاپ قالدىم. ئىچىمدە ئاللاھقا شۈكۈرلەر ئېيتىپ ياردىن چۈشۈپ كەتمىگىنىمگە خۇشال بولدۇم. ئۇنىڭغىچە يېنىمغا جورسۇن بىلەن لاۋما (خەنزۇ ئايال) كېلىپ مېنىڭ قولۇمنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ ئالدى. ئۆلۈم ئاغزىدىن قايتقاندەك بولدۇم. يۈكلىرىمىزنى توپ تېرەك سايىنىڭ ئاغزىغا قەدەر كۆتۈرۈپ كەلدۇق. ئۇ يەردە ئىككى يوغان ماشىنا چاقلىق ھارۋا كېلىپ تۇرغان ئىكەن، يۈكلىرىمىزنى ھارۋا بىلەن ئېلىپ كەتتى. ئۆزىمىز گۇگۇم چۈشكەندە ھېرىپ، ئۇسساپ، قورساق ئاچ چوڭ ئەترەت زالىغا يېتىپ كېلىپ، يەنە شۇ زالغا جايلاشتۇق. ئەتىسى يول ئۈستىگە ماۋزېدۇڭنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن دەرۋازا ياساشقا مەرىيە بىلەن ئىككىمىزنى ئورۇنلاشتۇردى. بىر كۈن توختىماستىن كېسەك مەيدانىدىن چوڭ ئەترەتنىڭ يېنىدىكى يول چېتىگە كېسەك

توشۇدۇق. مۇشۇ بىر كۈن چوڭ ئەترەتنىڭ 15 - 17 ياشلاردىكى بىر توپ باللار بىزنىڭ كەينىمىزدىن قالماي قەغەزگە قۇم ۋە ئۇششاق تاش توپىلارنى يۆگەپ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە قارىتىپ ئاسمانغا ئاتسا ئۇ قەغەزلەر ئېگىز چىققاندا ئېچىلىپ، بىزنىڭ بېشىمىزغا ئۇششاق تاش، قۇم توپا ياغاتتى. باش - كۆزىمىز چاڭ توپىغا كۆمۈلەتتى. مەرييە «بۇ نېمە دېگەن خارلىق» دەپ يىغلايتتى، مەن مەرييەگە:

– يىغلىما، بۇنداق ئىشلارغا يىغلاۋەرسەڭ كۆز، ياش توشمايدۇ. پىسەنت قىلماي ئۆز يولىمىزدا يۈرۈۋەرسەك بىزنى جىلە قىلدۇرالمىغاندىن كېيىن ئاخىرى زېرىكىپ كېتىپ قالىدۇ. ئېتىبار قىلما، دېدىم. ئۇلار بىر كۈن توپا - تاش ياغدۇردى. بىز ھېچنەرسە بولمىغاندەك ئىشلەۋەردۇق. چۈشتىن كېيىن ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا ئىنى - سىڭىللىرىمنىڭ ئۆيدىن چىقىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قولۇمنى كۆتۈرۈپ سالاملاشتىم. سىڭلىم زەكىيە بالىسى بىلەن كېلىپتۇ، مەن ئۇلارنى بەكمۇ سېغىنغان ئىكەنمەن، خۇشال بولدۇم. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشكۈم كەلدى. ئەمما مەرييە ئىككىمىزگە قاراپ تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى يېنىمىزدىن بىر مىنۇت كەتمەي ھەيكەلدەك تۇرۇپ ئارىلاپ «تېز بول! چاپسان ئىشلە» دەپ توۋلاپ قوياتتى.

ئەرلەر بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە چوڭ ئەترەتتىكىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە لاي سېلىپ ئىشلەۋاتاتتى. شۇ يەردىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، بىزنىڭ يېنىمىزدىكى مىنبىڭ يۈگۈرۈپ شۇ تەرەپكە كەتتى. پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان سىڭلىم زەكىيە بىلەن غەيشە مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ كۆرۈشۈپ ئۆيدىكىلەرنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

زەكىيە بايىقى باللارنىڭ سىلەرگە تاش - توپا ياغدۇرغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئاجايىپ يامان بولدى. نېمە دېگەن خارلاش، ئاياغ ئاستى قىلىش. سىلەرگە ئېغىر ئەمگەك يەتمىگەندەك بۇلارنىڭ بۇ ئىشى ھەممىدىن تەس بوپتۇ. ھەجەپ ئەسكى باللار ئىكەن. بىز تەرەپتە باللار بۇنداق قىلمايدۇ. كۆڭلۈم بەك يامان بولدى، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

قانداق قىلسەن، ئۇلارغا بىر نەرسە دەپ بولامدۇ؟ ئامال يوق، باشقا كەلگەندىن كېيىن چىدىماسقا چارە بارمۇ؟ دېدىم.

ھە راست، ساڭا بىر خۇش خەۋەر، تۈنۈگۈن قوشنىمىز ھۆسەن كېچىدە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستاندىكى «ئازات رادىئوسى» سەن بىلەن ساجىدە ئىككىڭلار ھەققىدە سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن، ئەسەرلەرنى بىزگە ئېيتىپ بەردى. ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن تۈرمىلەردە ئازاب چېكىۋاتىدۇ. سۇ ئامبىرىنىڭ ئېگىز قىرلىرىغا

يوغان سېۋەتلەردە توپىلارنى تەسلىكتە بىرنىڭ قولىنى بىرى تارتىپ چىقىرىپ ئېغىر ئەمگەك، ئېغىر تۇرمۇشلاردا ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇلار ۋەتەنىنىڭ ئەزىز قىزلىرى. خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ، دەپتۇ. «مەن ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇم، بۇ خۇش خەۋەرنى ساڭا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگەن ئىدىم»، «كۆردۈڭمۇ؟ تارتقان ئازابلىرىڭ بوشقا كەتمەيدۇ، خەلق كۆرۈپتۇ، سوۋېت رادىئوسىدا سۆزلىگەن ئۇ كىچىك ئىش ئەمەس» دەپ زەكىيە مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن سۆزلەپ كەتتى. ئۇلار شۇنداق خۇشال روھلىرى كۆتۈرۈلگەندەك بوپقاپتۇ.

تاماققا ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئالدىمدا تۇرغان قايىلارنىڭ (ھەيدەر) بوينىغا كۆزۈم چۈشۈپ، قارىسام ئۇنىڭ بوينىدىكى قورۇقلارغا تىزىلىپ كەتكەن پىتلار تېرىنىڭ ھەر بىر تۆشۈكىگە تۆت ـ بەشتىن بولۇپ، بېشىنى تىقىپ ئۇنىڭ قېنىنى شوراۋاتاتتى. بەدەندىكى ھەر بىر تېرە تۆشۈكلىرى تەر، كىر، توپا ـ چاڭ بىلەن توشۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئورۇنلاشقان پىتلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئەسكى بولدى.

قورققىنىمدىن قولۇم بىلەن ئاغزىمنى باستىم. ئېغىر ئەمگەك، تاياق ـ قامچىلاردەك زۇلۇملار يەتمىگەندەك پىتلارنىڭ قان شورىشى بىر ئازاب بوپتۇ. قانداق قىلسۇن، يۇيۇنۇپ كىيىم يەڭگۈشلىگۈدەك شارائىت يوق، ھېلىمۇ بۇ ياشتا بۇ تۇرمۇشقا چىداپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھاياتنى ئۆتكۈزمەك يەڭگىل ئەمەس، قانداق چىدايدۇ، بۇ بىچارە، دەپ ئىچىم ئاغرىدى ۋە يېنىمدا تۇرغانلارغا كۆرسەتتىم. بۇ ئادەمنى بۇنداق بولسا قېنىنى شوراپ ئۆلتۈرمەمدۇ؟ قانداق چىدايدۇ؟ دېدىم ھەم بىزنى كۆزەت قىلىپ تۇرغان خەلق ئەسكىرىنى چاقىرىپ كۆرسەتتىم «تې فىت» دەپ يەرگە تۈكۈرۈپ قاچتى. بىز ئۇنىڭغا:

«رۇخسەت بەرسەڭلار، ئۆيگە بېرىپ يۇيۇنۇپ كىيىمنى يەڭگۈشلەپ كەلسۇن» دېدۇق. ئاردىن سوكەن ھازىر بىيەنگوغا هارۋا ماڭغىلى تەييارلىنىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەۋەتىڭلار، دېدى. ھەممە ئادەم سالا ـ سۇلۇ قىلىپ ئاخىرى رۇخسەت بەردى. قايىلارمۇ خۇشال بولۇپ، نەرسىلىرىنى ئېلىپ تاماققىمۇ قارىماستىن هارۋىغا يېتىشىپ كەتتى.

ئاردىن كىمدۇر بىرسى بۇنداق قىينىلىپ ياشىغاندىن ئۆلۈپ كەتسىمۇ بۇلار ئىدى، دېدى.

شوقاش نېمە دەيسەن، تېخى بۇ ياشقا كەلگەندە جان تاتلىق بولىدۇ، ئۆلگۈسى كەلمەيدۇ ۋە بۇنداقلارنىڭ جېنى چىڭ بولىدۇ. بۈگۈن ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشكەندە باشقا ئادەم بولسا بىر يېرى سۇنغان ياكى ئۆلگەن بولاتتى، بۇ شۇنداق ئېگىز ئۆگزىدىن يىقىلىپ، ھېچنېمە بولماستىن ئۆملەپ تۇرۇپ كېلىۋاتامدۇ، دەپ كۈلدى. سارى جورغا

بۇ بىچارىمۇ تاياقنى ئۆلگۈدەك يەپ يەنە قىلىشماي ئىشلەپ يۈرىدۇ. بۇ ياشتا باشقا ئادەم بولسا چىدىمايدۇ، دېدى.

ناۋروز «بېشىڭغا كەلسە چىدىماسقا نېمە چارە ھەممىمىزمۇ شۇغۇ ئەمدى» دېدى.

بىر كۈن كېيىن قايلار يۈيۈنۈپ، تارىنىپ ئاق كىيىملەرنى كىيىپ سالاپەتلىك بىر بوۋاي بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ماڭا كۆپ رەھمەت ئېيتتى ۋە ئايالىممۇ مېنى كۆرۈپ قورققىنىدىن يىغلاپ كەتتى، دېدى.

# 20 - ئۆكتەبىر

چوڭ ئەترەتتە بەش كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن چەۋچىزدە ئېرىق كولايدىغان ئىش بار، دەپ ئېلىپ ماڭدى.

يۈكلەرنى ھارۋا بىلەن، ئۆزىمىز پىيادە تاغلاردىن ئېشىپ، سايلارغا چۈشۈپ دېگەندەك قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ كەلدۇق. چەۋچىزنىڭ باش تەرەپتىكى بىر يوغان ياغاچ ئۆيگە ئەر - ئايال ھەممىمىزنى ئورۇنلاشتۇردى. سايدىكى سۇنى تاققا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تاغ باغرىلىتىپ ئېرىق كولاپ ئىشلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندۇق. ھەر كۈنى تاڭ قاراڭغۇسى بىلەن ئىشقا كېلىپ دەھشەت سەت ۋارقىراپ ئويغاتقان ئاۋازىدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلغاندەك بولۇپ كېتەتتى. چۆچۈگەن خەلق ئالدىراش كىيىنىپ ئورۇن - كۆرپىلىرىنى يۆگەپ تۈرۈپ قويۇپلا ئىشقا ماڭىمىز. كەينىدە قالغانلارنى قامچا بىلەن ئىش مەيدانىغا يەتكۈچە ئۇرۇپ كېلەتتى. تاغ ئۈستىگە چىقىش ۋاقتىدا خەلق ئەسكەرلىرى قېرىلارنى تۆت پۇتلاپ ئۆملىتىپ ئۈستىگە ئات قىلىپ مىنىپ تاققا قامچىلاپ چىقاتتى.

ھەر كۈنى بۇ ئادەت داۋام قىلىپ كەلدى. بىرىنچى بولۇپ ئورازاننى ئات قىلىپ مىنەتتى. ئەگەر ئۇ تاغنىڭ ئۈستىگە ئالدىن چىقىپ ئالغان بولسا «ئورازاننى چۈش بۇ يەرگە» دەپ چاقىرىپ چۈشۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا مىنىپ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقاتتى. ئاندىن مىنبىڭلار يېنىپ چۈشۈپ، ئىككىنچى بىرسىگە مىنىپ ھەر بىرسىنى ئات قىلىپ مىنىپ چىقاتتى. قېرىلارنىڭ يالۋۇرغان، يىغلىغانلىرىغا قارىماستىن قوغلاپ يۈرۈپ چاچ - ساقال، بۇرۇتلىرىنى قىرىپ چۈشۈرۈپ ئاپاق سويمىدەك قىلىپ قوياتتى. بىچارە قېرىلار «بۇ نېمە دېگەن شەرمەندىچىلىك، بۇ نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق، موماي بولۇپ قالدۇققۇ، ئەلنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز، دۇنيادا ھېچكىم بۇنداق رەسۋا قىلىنمىغان» دەپ

نومۇسلىنىپ تۆكۈلۈپ يىغلاپ كېتەتتى.

قاراڭغۇدا ئىشتىن چۈشۈپ ياتاققا قايتقاندىن كېيىن مىنىبىگىلار ھەممىمىزنى ياتاققا سولاپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ ئالاتتى. ئوتتۇرىغا بىر قانچە ئادەمنى چىقىرىپ ئېگىشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىنىپ ئېلىپ، ئۇ بىچارىلەرنىڭ چاچسىز پارقىراق بېشىغا، يۈز - كۆزلىرىگە شاپىلاقلاپ، ئۇ ئازدەك قامچىلايتتى. ھەر كۈنى بىر - ئىككى ئادەم ھوشىدىن كېتىپ يېتىپ قالاتتى. ئاندىن ئەتراپقا قالغانلىرىمىزنى تىزىپ قويۇپ بىر چەتتىن قامچىلاپ چىقاتتى. ھەر كۈنى بۇ ئىش داۋام قىلىپ كەلدى. بۇ ھەممىمىزنىڭ جېنىغا تەككەن جان ئازابى بولدى. قېرىلار بۇنداق خار بولۇپ ياشىغۇچە ئۆلسەك ئىدى، دەپ ئۆلۈم تىلەپ ھۆڭگۈرەك ئېيتىپ يىغلىشاتتى. ئەمما بۇنىڭغا ھېچقانداق چارىمىز يوق ئىدى.

مانا شۇنداق ئېغىرچىلىقلار ئىچىدە ئېرىقتا ئىككى ئاي ئىشلىدۇق.

مىنىبىك ئىبراي بىلەن قايار ئۆزلىرى ياش بولسىمۇ ئەمما پادىشاھ زامانىدىكى زالىم جاللاتلارنى ئەسلىتەتتى. ئۇلارنىڭ زەھەرگە تولغان كۆزلىرىنىڭ ئىچىمۇ قىزىل قاندەك كۆرۈنەتتى. يۈزىدىن بىر رەھىم - شەپقەت ياكى كۈلكە كۆرۈنمەيتتى. بۇلار جاللات قېنى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ چوڭ بولغاندەك قىياپىتى كىشى كۆزىگە قورقۇنچلۇق ھەم سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

ئېرىق ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن ئىككى تاغ ئارىسىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىكنى ئېچىپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايلاندۇرۇش پىلانى بىلەن بىر ھەپتە يوغان - يوغان دەرەخ، قارىغاي، ھەر تۈرلۈك چىرايلىق گۈل - چېچەكلىك ياغاچلارنى قومۇرۇپ ئېلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندۇق. ئاخىرقى كۈنى مەن بىلەن ئۈچ ئەر كىشى يوغان ئىككى ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيدىغان يۈز يىلدىن ئوشۇق ياشىغان بىر دەرەخنى قومۇرۇش ئۈچۈن بىر كۈن ئىشلىدۇق. يەرنى ئىككى مېتىردىن چوڭقۇر كولىدۇق، دەرەخنىڭ يوغان يىلتىزلىرىنى ئەتراپتىن ئىككى مېتىر يىراقلىقتىن پالتا بىلەن كېسىپ چىقتۇق.

ئەمما تېرەك ھېچ يىقىلمايتتى، مىدىرلاپمۇ قويمايتتى، كەچ كىرىپ قالدى. ئاخىر مەن تېرەكنىڭ ئاستىغا كىرىپ كولاشقا كىرىشتىم. تۆتىمىز تۆت تەرەپتىن كولىدۇق. بىر قارا تاش تۇرغان ئىكەن، مەن ئۇنى كولاپ چىقاردىم. ئەتراپتىكىلەرنىڭ «قاچ - قاچ، تېرەك يىقىلىۋاتىدۇ، ھاي - ھوي» دېگەن ئاۋازىدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام مېنىڭ ئۈستۈمگە قاراپ يىقىلىپ كېلىۋېتىپتۇ، تېرەكنىڭ يوغان يىلتىزى مېنى مىجىپ يوق قىلىدىكەن، چاققانلىق بىلەن ئۆمىلەپ چېكىندىم. لېكىن چىقىپ ئۈلگۈرەلمىدىم. تېرەك شالدۇر -

شۇلدۇر قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. كىشىلەر «ۋاي ئۆلدى، ۋاي ئۆلدى» دەپ تۇۋلىشاتتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نېمە بولغىنىمنى بىلەلمەي قالدىم. قارىسام يىقىلغان دەرەخنىڭ ئاستىدا ياتىمەن، ۋاي خۇدايىم مەن ئۆلدۈممۇ؟ دەپ ئۆزۈمنى تىڭشىدىم، پۇت ـ قولۇم ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. تىرىك ئىكەنمەن، دەپ ھاياتلىقىمنى بىلىپ، شۇنداق قورقتۇمكى دەرەخنىڭ ئاستىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن ئالدىراپ كەتتىم. شاخلارنىڭ ئارىسىنى قولۇم بىلەن ئېچىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن خەلق «ۋاي تىرىك ئىكەن» دەپ شاخلارنى قايرىپ ئېچىپ بەردى، مەن ئۆمىلەپ چىقتىم. پۇت ـ قولۇمدا ھېچ كۈچ يوقتەك ئولتۇرۇپ قالدىم.

پۈتۈن ئادەم ئىشلىرىنى تاشلاپ دەرەخنىڭ ئەتراپىدا مېنى ئۆلدى، دەپ قاراپ تۇرغان ئىكەن. ھەممىسى خۇشال بولۇپ، بىر ئېغىزدىن ھال سوراپ:

ئاللاھنىڭ قۇدرىتى دېسەك بولىدۇ. يوغان تېرەكنىڭ ئاستىدىن تىرىك چىقىش ئۆزى بىر كارامەت. «ئاللاھ ئەجەل بەرمىسە يوغان دەرەخ بېسىپ ئالسىمۇ تىرىك چىقىدىكەن تۇۋا»، «ئاللاھ ساقلىدى»، «پەرىشتە قاقتى» دەپ ھەر بىرسى كېلىپ مەندىن ھال سورايتتى.

ئۇلار مەندىن بىر يەرلىرىڭ ئاغرىمىدۇ؟ دەپ ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرۈپ غەم قىلىشتى.

دۈمبەمنى، قوللىرىمنى سىلاپ كۆردۈم ۋە ياق ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى، دېدىم.

كىرەيباي موللا كېلىپ «بالاماۋ ـ بالاپانىم ئاللاھ سېنى ساقلىغاندا كارامەت ساقلىدى، پەرىشتە قانىتىنى سېنىڭ ئۈستۈڭگە ياپمىسا سەن بۇ ياغاچنىڭ ئاستىدىن ئامان چىقارمىدىڭا؟ ھېچ بولمىسا پۇتاقلار بىر يېرىڭنى ئاغرىتقان بولار ئىدى. كىيىمىڭنىمۇ ئىلىپ يىرتمىغان ئاللاھ سېنى ئۆزى ساقلىدى. سېنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىر قىلغان ياخشى ئىشىڭ ياكى ياخشى ئەمىلىڭ بولسا كېرەك بالام، بۇ بىر كارامەت بولدى» دەپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

پۈتۈن ئادەم ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈپ ھال سوراپ، سالامەت قالغىنىمغا خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈپ، ئارىمىزدىكى بىر قىزىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇقمۇ دەپ بەك قورققان ئىدۇق، ئاللاھ ساقلىدى، بۇ بىر مۆجىزە بولدى، دېيىشىپ ئەتراپىمدا توپلىنىپ تۇراتتى.

خەلق ئەسكىرى ئىبراي كېلىپ «سۆيۈنگۈل سېنى ئاللاھ ساقلىدى، سەدىقە بەر. كەچكى تامىقىڭنى يېمەستىن ئورازاڭغا بەر» دېدى. ھەممىمىز ھەيران بولدۇق. كىرەيباي موللىنى «دىن نىقابىغا يۆگىلىۋېلىپ خەلقنى زەھەرلەپ كەلدىڭ» دەپ ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈپ يۈرگەن ئادەم، بۈگۈن «ئاللاھ ساقلىدى، سەدىقە بەر» دېگىنىگە ھەيران بولدۇم.

17 - ياندۋار ئۇرمان ئىدارىسىنىڭ يېنىدىكى قىزىل بايراق ئەترەتتە يول ياساش ئىشى بولغانلىقتىن بىزنى ئۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىشكە توغرا كەلدى. قىش قاتتىق سوغۇق، ئەتراپ ئاپاق قار. بىزنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئۆي يوق. ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆن پېتىش تەرەپتىكى تاغنىڭ ئېتەك تەرەپتىن بەش مېتىر كەڭلىكتە، 20 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 2.5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر سەي ئورىسى كولاپ، بىر ئىشىك قالدۇرۇپ ئۈستىنى ياغاچ بىلەن ياپتۇق ۋە ئۈستىدىن ئىككى تۆڭلۈك چىقىرىپ، بىر ئۆي شەكلىدە كۆكتات ئورىسىنى ياساپ چىقتۇق ۋە شۇ ئىشكى يوق، تاملىرىدىن سۇ چىقىپ تۇرغان زەي، سوغۇق ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. بۇ ھەممىدىن ئېغىر ۋە قىيىن بولدى. چۈنكى قىش بىرىنچى ئاي، ياتاق ئۆيىمىزنىڭ ئىشكى يوق، زەي، ئوت قالايدىغان مەشمۇ يوق، كېچىسى بىرمۇ كىيىمىمىزنى يەشمەستىن ئاياغ كىيىملىرىمىز بىلەن يوتقانغا كىرىپ ياتساقمۇ كېچىچە دىرىلداپ توڭلاپ ئۇخلىيالماي چىقاتتۇق. بىچارە ياشقا چوڭلىرىمىز، كۆتۈرۈشكە يەڭگىل دەپ نېپىز يوتقان - كۆرپە ھەم پالاس ئېلىپ كەلگەن ئىدى. سوغۇققا چىدىماستىن كېچىچە يىغلاپ چىقتى. ئىش ئېغىر، كۆن سوغۇق، ئۇيقۇسىزلىق بىزنى بەكمۇ قىينايتتى.

مۇشۇ ئورنى كولاۋاتقاندا ئارىمىزدىن بىچارە ناۋروز ئاغا ئىشتىن قايتىپ كېلىپ يېتىپلا جان بەردى. ئۇ بىچارە ھەر ۋاقىت مېنى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ يۈرگەنلىكىنى، ئىشقا بويىنغا يىپ سېلىپ سۆرەپ چىققاندەك ئاران ئىشلەۋاتقىنىنى شىكايەت قىلىپ يىغلاپ ئالاتتى ۋە ئاللاھ جېنىمنى ئالسا ماڭا راھەت بولار ئىدى، ئۆلمەي قالدۇققۇ دەيتتى. ئۇ مەرھۇم ئاغرىقنى ئورۇندا يېتىپ مۇ ئۆتكۈزەلمەي دۇنيادىن كەتتى. «ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئىمان بەرسۇن، ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن ئامىن!»

ئەرلەردىن 4 - 5 ئادەم بېرىپ گۆرلىكنى كولاپ يەرلەپ كەلدى، جىنازا نامىزىمۇ ئوقۇلماي كۆمۈلدى.

ھەممىمىزگە بەكمۇ كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى.

ئۇ مەرھۇم بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە ھۆرمەت بىلەن ياشايدۇ.

# 27 - فېۋرال

بىز ياسىغان هارۋا يولى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان چارۋا ئەترىتىگە يېتىپ كېلىپ قالدى. پۈتۈن ئەترەت خەلقى چىقىپ تاغ ئۈستىدە بىزنىڭ ئىشلىگىنىمىزگە قاراپ تاماشا

قىلىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن خەلق ئەسكەرلىرى قاپار، ئىبراي، قومارلارنىڭ قانلىرى قىزىپ، سەۋەبسىز چىرقىراپ، قوللىرىغا نەدىن ئالدىكىن ھارۋىكەشنىڭ ئۇزۇن ساپلىق قامچىسىنى ھەر بىرسى بىردىن تۇتۇپ ھېچ گۇناھسىز ئىشلەۋاتقان ئادەملەرنى چاراسلىتىپ ئۇراتتى. ئاغزىغا كەلگەن سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەپ تىللاپ يۇگۇرەتتى، يېنىمدا ئىشلەۋاتقان شوقاش بۇلار ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئويۇن قويۇۋاتىدۇ دېيىشىگە نەدىن يېتىپ كەلدى، ھېلىقى قامچا شارت قىلىپ ئۇ بىچارىنىڭ دۈمبىسىگە تېگىۋىدى، يەرگە دۈم چۈشتى. مىنىڭ قاپار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىككىنى تەپتى. شوقاش بىچارە «ۋايجان» دەپ چىرقىراپ ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپ قالدى، زەكەرىيە بىلەن ئىككىمىز قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزغان ئىدۇق دەسسەپ تۇرالماي يەنە يىقىلدى. «ئويباي بېلىم» دەپ قولى بىلەن بېلىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا قانچە تىرىشسىمۇ تۇرالمىدى.

ئۇلار يەنە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلارنى قامچىلايتتى. بۈگۈن ياشلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۇزۇن قامچا بىلەن سۆكەن، مەجى، جورسۇن قاتارلىق بارلىق ياشلارنى قامچىلاپ چىقتى. مىنىڭ ئىبراي ئورازاننى ئىككى قامچا ئۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئوت بولۇپ ياندى، چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ ئۆزىنى ئاران باستى.

مىنىڭلار باش تەرەپكە كەتكەندە ئورازان ئاچچىقىدىن ئاغزىنى بۇزۇپ «ئاۋۇ غىلجىڭلار نېمە دەپ چىقىپ تۇرۇۋالدى، شۇ قىزلارغا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ مىنىڭلار قۇتراپ كەتتى» دەپ ئۇ يەردە ناىناقلاپ كۈلۈشۈپ تۇرغان قىزلارنى تىللاپ كەتتى.

ياشلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خاپا بولۇشتى.

بىزنىڭ ھالىمىزدىن نېمە تاماشا چىقسۇن، خۇددى مايمۇن ئويۇنى ئويناۋاتقاندەك چىقىپ قاراپ تۇرغىنىنى دېمەمسەن، بىگۇناھ بىزگە تاياق يېگۈزدى. ماۋۇ مىنىڭ دېگەن نەرسىلەرنىڭ يۈرىكى تاشقا ئايلىنىپ كېتىپ بارىدۇ. ئادەملەرنى ئۇرمىسا تۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇلاردا رەھىم ـ شەپقەت دېگەن يوق بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ شوقاش ئورنىدىن تۇرالمىدى. كېچىچە ۋايجانلاپ يىغلاپ چىقاتتى. «مەن ئەمدى ساقىيالمايمەن» دەيتتى، دېگەندەك ئۈچىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇمۇ شۇ بەل ئاغرىقى بىلەن دۇنيادىن كەتتى.

2 - مارت تىيەنسەن ئەترىتىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئۇ يەردە يەنە سۇنى تاققا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئېرىق كولاش ئىشى بىلەن بولدۇق. ئۇ ئەترەتكە كەلگەندە ياشقا چوڭلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئىشقا چىقالماي ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا كۇرۇشكامغا سۇ ئېلىپ پاردا پۇشۇرغان نان (موما) نى يەپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ ئولتۇرغان ئىگىسەنى كۆرۈپ، كۇرۇشكامنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.

– نېمە بولدىڭىز، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ دەپ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئىگىسە ئاغا تېخىمۇ ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئوغلى مەجى ئۈمىدسىز چۈشكۈن هالدا يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇلارنى بەزلەپ:

– كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئىگىسە ئاغا، ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ھايات دۇنيا بىردە يۇزىنى بىردە كەينىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋاقىتلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. يالغۇز سىز ئەمەس، ماۋۇ ئولتۇرغانلارغا قارا، سەۋر قىل. ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا دەپ، بىر كۈن ياشىغىنىمىز بىر غەنىيمەت، بىر مىنۇت ياشىدىڭمۇ ئۇمۇ ھايات، بىز تىرىك ياشاۋاتامدۇق، بۇ بىر چوڭ بەخت، ئالدىمىزدا ئاللاھنىڭ بىزگە بېرىدىغان ياخشى كۈنلىرى باردۇ، كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىمۇ ئويلا، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەملەر ئىدى، دېدىم.

يېنىمدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان بىر قانچە ياشانغان قېرىلار:

– قىزىم راست دەيدۇ، خۇدايىمنىڭ بىزگە بېرىدىغان ياخشى كۈنى باردۇ، كۆڭلۈڭنى بۇزما دەپ بەزلەشتى.

سارى جورغا ئەتراپقا قاراپ قويۇپ ئېھتىيات بىلەن بىز شۇنچە ئۇزۇن يىللار، كۈندۈز ئارام خۇدا بىر چىنە چاي ئىچەلمەي، كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالماي، مالنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ بىر ـ ئىككى قويدىن بېقىپ كۆپەيتىپ يەتكۈزگەن ئىدۇق. كاشكى شۇ ماللاردىن بىرنى سويۇپ يېگەن بولسام ئارمىنىم يوق ئىدى، مالنى كۆپەيتىمەن دەپ تاغ ئۆچكىسى ھەم ياۋايى توخۇلارنى ئېتىپ يەپ ھەم قىشلىق سوقۇم قىلغان ئىدىم. شۇنداق قىيىنچىلىقلار بىلەن كۆپەيتكەن ماللىرىمنى ھۆكۈمەت يىغىشتۇرۇپ قورۇسى بىلەن ھەيدەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ رەھمىتىگە سېلىۋاتقان زۇلۇمنى دېمەيسلەر، مەن بىر ئادەمنىمۇ ئىشقا سېلىپ زۇلۇم سالمىدىم، پۇتۇن ئادەم دەم ئېلىپ ئويناپ ياشىغاندا مەن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە مال بېقىش بىلەن ياشىدىم. ئەمدى بۇ كۆرۈۋاتقان كۈنىمىز نېمە؟ ھەيرانمەن دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

يېنىدا ئولتۇرغان قېرىلار: شۇنى دەيمەن، بىز مۇشۇنداق قىلىپ بېقىپ كۆپەيتكەن ئىدۇق، ئەمدى ئۇ بىشىمىزغا بالايىئاپەت بولدى، دەپ سۆزلەپ تۇراتتى، ئىشقا كۈشكۈرت چېلىندى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىشقا چىقىدىغانلار كۈندىن ـ كۈنگە ئازلاشقا

باشلىدى. كۆپ ئادەملەر ئاغرىپ يېتىپ كەتتى. 27 - مارت كۈنى چوڭ ئەترەتتىن ئۇقتۇرۇش چىقىپ ھەر بىر ئادەم ئۆز ئەترىتىگە قايتىدىغان بولۇپ، خوشلىشىپ ماڭدۇق. ئايرىلىش ۋاقتىدا قايتىش خۇشاللىقى بولسىمۇ بىر يىلغا يېقىن ئېغىر كۈنلەرنى بىرگە ئۆتكۈزۈپ، بىر - بىرىمىزگە ئاتا - بالا، قېرىنداشلاردەك يېقىن بولۇپ كەتكەن ئىكەنمىز، ھەممىسى رازىلىشىپ يىغلاپ خوشلاشتى. دېگەندەك بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن ئىككىنچى ئۇچراشمىدۇق. چۈنكى ئۇلار ئەترەتلىرىگە قايتىپ بىر يىل ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

مەن ئۆيگە قايتسام بىزنىڭ ئائىلىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە يۆتكەپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ ئەترەتنىڭ باشلىقى ماۋەنچىڭ دادامنىڭ كۆڭلى يېقىن ئۆتىدىغان ئادەملىرىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ يەرلىك تۇڭگان يەنى مۇسۇلمان خەنزۇ دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ، ياشاپ كەلگەنلىكتىن قازاق، ئۇيغۇر تىللىرىنى ئانا تىلىدەك سۆزلەيتتى. تاشقى كۆرۈنۈشىدىنمۇ ئۇ مىللىيلارغا ئوخشاش ئۇزۇن بويلۇق، قاڭشارلىق يوغان كۆزلۈك ئادەم بولۇپ، يەر ئىسلاھات ۋاقتىدىمۇ دادام بىلەن ئۆگىنىشلەردە بىللە بولغان كونا تونۇشلاردىن ئىدى.

ئۇ بىزنىڭ ئائىلىنى ئۆز ئەترىتىگە يۆتكەپ كېلىپ، باشقا ئەزالارغا ئوخشاش تەمىنات – ئوتۇن - كۆمۈر، گۆش - ياغ ۋە خىراجەت ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ ئۆيىمىزنىڭ ئىچى خېلى كۆڭۈللۈك بولۇپ قاپتۇ.

مانا بىزنىڭ ئائىلىدە ئون جان ئادەمنىڭ تۆتىمىزگە پەقەت 29 جىڭ ئاشلىق نورما بېرىپ، قالغان ئالتە كىشىگە نورما ۋە تېگىشلىك تەمىناتلار بېرىلمىدى. بۇ ئىككى يىل ئىچىدە تۇرمۇشتا قاتتىق قىينالدۇق. تۇز، ياغ، كىرسىن ھەتتا سەرەڭگە ئېلىشقا بىر تىيىنمۇ پۇلىمىز بولمىدى. قىش كۈنلىرى ئوتۇن - كۆمۈر يوق، ئۆزىمىز ئولتۇرغان ئۈچ ئېغىز ياغاچ ئۆينىڭ بىرسىنى بوشىتىپ، قالاپ قىشنى چىقىرىشقا مەجبۇر بولدۇق. شەھەردە ياشاۋاتقان ئاتا - ئانام ئۆيدىكى ساتارلىق بىرەر نەرسە قالمىغاندا سىڭلىم سوفىيە رېشلىيە ئۆگىنىپ رېشلىيە ھەم كېسىپ بېرىلگەن كىيىملەرنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئاپام بىلەن ئىككىسى كېچە - كۈندۈز تىكىپ شۇنىڭ بىلەن ياشاپ كەلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىنىم سادىق شەھەرگە كېلىپ ئۇلامبايدا پويىزغا شىبەن تاش قاچىلاش ئىشىغا كىرىپ ئون تۆت ياش تۇشماستىن ئېغىر ئەمگەكتە ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى.

بىر كۈنى ئەتىگەن ئوت قالاي دەپ قارىسام سەرەڭگە تۈگەپ، نېمە بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇشۇمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. تووۋا خۇدايىم ئادەم بالىسى مۇنچىلىك يوقسۇزلۇققا چۈشۈپ قالىدىكەن. مۇشۇ كۈنگىچە بىر ئادەمدىن ياردەم سورىماي ھەرقانچە قىينالساقمۇ

يوقنى بار قىلىپ ھەتتا يوتقان - كۆرپىلەردىكى تۈگە يۇڭغىچە سېتىپ ياشاپ كەلدۇق. خىتاي كوممۇنىستلىرى كەلمەستىن بۇرۇن خېلى ھاللىق ئائىللەردىن ئىدۇق، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشى بىلەن تاش يول ياسايمىز دەپ ھەر بىر ئائىللەرگە ئالۋان قىلىپ مەجبۇرى پۇل تاپشۇرۇشنى جاكارلىغاندا، بىزنىڭ ئائىلە ئاكا - ئۇكا ئۈچ قېرىنداش مىڭدىن ئوشۇق قوي، يۈزدەك ئات، كالىنى ھەيدەپ كېلىپ تاش يول ئۈچۈن تاپشۇرغان ئىدى. ئەمدى 32 ئائىلە سىغىدىغان يوغان ھويلىمىزنى بولسا 59 - يىلى بىر كۈندىلا ئۆيلەرنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزدۇق، دەپ پۈتۈن ھويلىمىزنى بىزدىن مەجبۇرى تارتىپ ئېلىپ كەتتى. تاش يولدىن كېيىن يىغقان ماللىرىمىزنى گۇڭشېلىشىش دەپ ھەممىنى يىغىپ، ئۇ ئازدەك مەن ئائىلىمىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېنىڭ قالپاق بىلەن قايتقان سەۋەبتىن ئۆيىمىزگە «قارا ئائىلە» دەپ تاختاي ئېسىپ قويۇپ، ئىككى يىل ئاشلىق ۋە بارلىق تەمىناتلارنى توختىتىپ، مۇشۇ ھالدىكى يوقسۇزلۇققا چۈشۈپ قالدۇق، دەپ كۆڭلۈم يامان بولۇپ، سەرەڭگە قېپىنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىققان ئىدىم، ئىتىمىز «دادىك» ماڭا ئېسىلىپ ئەركىلەپ بىر ـ ئىككى قاۋاپ كالا ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

بۇ كىچىك ۋاقتىدا بىزنىڭ كالا ھويلىدىكى كىگىز پارچىسىنىڭ ئۈستىدە ياتقىنىنى كۆرۈپ سوفىيە قەغەز ساندۇققا سېلىپ باقتى. ئۇ يوغان قارا يۇڭلۇق تىك قۇلاق، ھوشيار ئەقىللىق قاشقىر ئىت بولۇپ چوڭ بولدى. ئۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەتراپىغا بىرمۇ ئادەمنى كەلتۈرمەيتتى. كېچىسى باغلاقتىن يېشىپ قويۇشىمىز بىلەن كالا ھويلىسىدىن سەكرەپ ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، ئەل ياتقۇچە بىزنىڭ ئۆيىنى كۆزەت قىلىپ ئولتۇراتتى. شۇڭلاشقا بىزمۇ «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» رادىئو ئىستانسىسىنى خاتىرجەم ئاڭلايتتۇق.

«دادىك» يەنە يۈگۈرۈپ چىقىپ ماڭا قاراپ ئىككى قېتىم قاۋاپ قويۇپ كالا ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. خۇددى ئۇ ماڭا بىر نەرسە كۆرسىتىشنى خالىغاندەك بىلىندى.

ئۇنىڭ كەينىدىن كىرسەم بىر بۇلۇڭغا يوغان بىر تاغار قورۇق ئۈستىخاننى دۆۋىلەپ قويۇپ ئۇنىڭ يېنىدا ئۆز ئىشىدىن ماختانغاندەك ماڭا قاراپ تۇراتتى. يېنىغا بېرىشىم بىلەن قۇيرۇقنى شىپاڭشىتىپ ئەركىلەپ كەتتى. چۈشتە قايتسام ئىنىم ئەھمەد ئۇ ئۈستىخاننى گۇڭشېنىڭ خام ئەشيا سېتىپ ئالىدىغان دۇكانلىرىغا ئاپىرىپ بىر يېرىم سومغا سېتىپ ئۇ پۇلغا سەرەڭگە، شېكەر، تۇزغا ئوخشاش كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ. بالىلار مېنى كۆرۈپ، ھەدە كۆردۇڭمۇ خۇدايىم بىزگە بۇ ئىت ئارقىلىق ياردەم قىلدى، دەپ كۈلۈشتى.

ئۆيگە قايتقاننىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەترەت باشلىقى ماۋەنچىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ

«هازىر گۈڭشىغا يۆتكىلىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلدى. ئىشخانىغا بىزنى يىغىنغا چاقىردى. كىچىك باللارنى گۈڭشى ئىشخانىسىغا ئەۋەت، ئۇلار كىرىپ ئاشلىق نورمىسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلسۇن! قالغان سۆزنى مەن يەتكۈزۈپ بېرىمەن، بەلكى ئىككى يىللىق بېرىلمىگەن نورما ئىشى ھەل بولار» دەپ چىقىپ كەتتى.

ياخشى ئىش بولدى. ئىنىم ئەھمەد بېرىپ ئېيتقاندىن كېيىن بۇنداق ئىككى يىل نورما بەرمەسلىك خاتا دەپ پۈتۈن ئاشلىقنى تولۇقلاپ بېرىشكە تاپشۇرغان ئىكەن.

شۇ كۈنى دوختۇرغا كۆرۈندۈم. پۈتۈن بەدىنىم ئىششىپ كەتكىنىگە قاراپ جىگەر كېسىلى بولۇشى مۇمكىن دەپ شەھەرگە بېرىپ كۆرۈنۈپ كېلىش ئۈچۈن قەغەز قىلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ھەپتە ئىچىدە رۇخسەت تەستىقلىنىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھىرىگە كەتتىم. 2 - دوختۇرخانىغا بارغان ئىدىم. مېنى «جىگەر كېسىلى»، دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالايمىز، دەپ بالىنىستقا ئېلىپ قالدى. شىيگوبى تۈرمىسىدە بىللە ياتقان ئەمەت چوڭنىڭ قىزى دوستۇم زۆھرە تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇ مېنى ئىزدەپ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۈرۈمچىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ يوقلاپ كېلىپ ئۇلار بىلەن داۋاملىق باردى ـ كەلدى، ئالاقە قىلىپ تۇرغان ئىكەن. مەن دوختۇرخانىدا ياتقان ۋاقتىدا زۆھرە تونۇش دوختۇرلار ئارقىلىق ياخشى دورىلارنى تېپىپ كېلىپ داۋالىنىشىم ئۈچۈن كۆپ ياردەم قىلدى. ھەر كۈنى كېلىپ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ يوقلاپ تۇردى، مەن ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

بىر يېرىم ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىپ چىقتىم. لېكىن بىر ئاي دوختۇرخانىغا كۈندە كېلىپ داۋالىنىپ ھەم تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

مەن مەكتەپ مۇدىرى ئايىم ئەزىزغا يولۇقاي دېسەم ئۇ دەم ئېلىشتا ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈشۈشنى ئويلىدىم ۋە ئالىي دەرىجىلىك كادىرلار ھويلىسىغا باردىم، كوچىدىن كىرىشتىلا چوڭ دەرۋازىدا ئىككى خەنزۇ ساقچى ئالدىمنى توسۇپ كىرگۈزمىدى، ئۇلارغا مەن ئايىم ئەزىزنىڭ تۇغقىنى ساجىدە چۆچەكتىن كەلدىم، دېدىم. ئۇ ئىشىك ساقچىسى دەرۋازا تۆۋىدىكى كىچىك ئۆيىگە كىرىپ ئايىم ئەزىزگە تېلېفون بەردى. يېرىم سائەتتىن كېيىن كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كىرگەندىن كېيىن ئوتتۇرا دەرۋازىدىن يەنە توستى، شۇنداق قىلىپ ئۈچ ئىشىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئايىم ئەزىزنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. خىزمەتكار ئايال مېنى باشلاپ ماڭدى، ئىشىكتىن كىرىشتە كەڭ ئازادە قىزىل تاختاينىڭ ئۈستىگە چىرايلىق گىلەم سېلىنغان كارىدور ئارقىلىق تۈردە 3 - ئىشىككە باشلاپ كىردى. بۇ مېھمانخانا ئۆي بولسا كېرەك، بۇ ئۆي خۇددى مەجلىس زالىدەك چوڭ

بولۇپ، ئۇن نەچچە ئادەم سىققۇدەك ئۇستەل قويۇلغان ئىكەن. مېنى شۇ ئۇستەلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئايالنىڭ كەينىدىن بىرى چىقسا بىرى كىرىپ دېگەندەك بىر قانچە ئاياللار ۋە باللار كىرىپ قاراپ قويۇپ گەپ قىلماي چىقىپ كېتەتتى. مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ۋە قانداق تۇغقان ئىكەنلىكىمنى تونۇيالماي قالسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئايىم ئاپپاينىڭ سىڭلىسى تۇرسۇنايمۇ كىرىپ چىقتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرىمىز ئايىم ئەزىزنىڭ ئۆزى كىردى، سالاملىشىپ بولۇپ:

ــ مەن سىزنى تونۇيالمايۋاتىمەن، سىز مېنىڭ قانداق تۇغقىنىم بولىسىز؟ دەپ سورىدى.

ــ مەن سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز ئەمەس، ئوقۇغۇچىڭىز بولىمەن. 63 - يىلى سىز مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ كېلىشىنىڭ ئالدىدا قولغا ئېلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرسى سۆيۈنگۈل بولىمەن. سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كىرىش ئۈچۈن تۇغقىنىڭىز دەپ كىردىم كەچۈرۈڭ، دېدىم.

ھە، يادىمغا كەلدى، دەپ شۇنداق ئوچۇق چىراي بىلەن خۇددى بىر يېقىن ئادىمىنى كۆرگەندەك سۆزلەشتى. مەن ئۆز ئەھۋالىمنى ئېيتىپ مەكتەپكە بارسام سىزنى كەلمىدى ئۆيدە دېگەنتى، ئۆيىڭىزگە كېلىپ بولسىمۇ سىز بىلەن بىر كۆرۈشەي دەپ كەلگەنتىم دېدىم. بىز يېرىم سائەتتىن ئارتۇق سۆزلەشتۇق.

ئايىم ئەزىزنىمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى دولقۇنلىرىدا بويىنغا ئەخلەتتىكى ئەسكى سېسىق چۇخەيلەرنى ئېسىپ، بېشىغا ئېگىز قەغەز قالپاق، ئۈستىگە چوڭ خەتلىك گېزىتلەردىن كىيىم كىيدۈرۈپ، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىن شۇ يازنىڭ ئىسسىق كۈنىدە شەھەرگىچە پىيادە سازايى قىلىپ ماڭغۇزغان ئىكەن.

ئايىم ئاپپاي ئېچىنغان ھالدا سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ماڭا مەن سەيپىدىن ئاكىڭىزغا ئېيتىپ سىز توغرۇلۇق خەت قىلدۇرۇپ بېرەي، چارشەنبە كۈنى مەكتەپكە بارىمەن. مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا بېرىڭ دەپ شۇنداق چىرايلىق مۇئامىلە بىلەن ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

چارشەنبە كۈنى مەكتەپ مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغا دېگەن ۋاقىتتا يېتىپ باردىم. ئىشخانىدا ئايىم ئاپپاي يالغۇز ئىكەن، دېگەندەك لاتىپ رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزنىڭ يېزىپ بەرگەن خېتىنى ماڭا بەردى.

ئۇنىڭدا لاتىپ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە قارىتىپ مېنىڭ ھەققىمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ لاۋجاۋ پرىنسىپى بويىچە چىقىش يولى بېرىلسۇن، دەپ يېزىلغان ئىكەن. ئايىم ئەزىزمۇ نۇرغۇن ئۈمىدلىك سۆزلەرنى قىلىپ ياخشى تىلەكلەر بىلەن، چوقۇم

بۇ خەتنىڭ سىزگە ياردىمى چوڭ بولىدۇ، دەپ ئىشەنچلىك ھالدا سۆزلەپ قالدى.

مەن خۇشاللىقىمدا خەتنى كۆتۈرۈپ گۇڭگەنتىڭغا باردىم ۋە ئىش باشقۇرۇش بۆلۈمىگە كىرىپ ئۆزۈمنىڭ ئىلتىماسىمنى ئېيتىپ خەتنى بەردىم. بۆلۈم باشلىقى خەتنى كۆرۈپ:

قايسى «ئىتدىنىڭلار» يازسىمۇ ئىناۋەتسىز، ئۇلارنىڭ ئەمدى ھوقۇقىنىڭ كۈچى يوق دەپ خەتنى كەمسىتكەن ھالدا ئالدىمغا ئاتقان ئىدى، يۈزۈمگە تېگىپ ئۇچۇپ بېرىپ يەرگە چۈشتى. مەن تۇرغان يېرىمدە قېتىپ قالدىم. ئەمدى ھەممە نەرسە تۈگەپ پۈتۈن ھوقۇق بۇلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىكەن، دەپ ئويلاپ كۆڭلۈم ئەسكى بولدى. ئېگىشىپ خەتنى ئېلىپ گەپ قىلماي چىقىپ كەتتىم. كۈتكەن ئۈمىدلىرىم يوق بولۇپ، كۆڭۈلسىز قايتتىم. بىر كۈن كېيىن نەنسەنگە قايتىپ كەتتىم.

مەن كېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە مېنى ئىزدەپ بىر ئايال كەپتۇ.

ئۇ ئايال سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ سىزنىڭ ئۆيىنى ئاران تېپىپ كەلدىم. سۆيۈنگۈل نەدە؟ مەن ئۆزى بىلەن كۆرۈشسەم بولاتتى دەپتۇ. ئۇ ئايال نەنسەنگە ئىزدەپ بارىمەن، دېگەن ئىكەن. ئۆيدىكىلەر مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئېيتىپ «سىز بارسىڭىز ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىق كەلتۈرۈپ قويىسىز ۋە ئۆزىڭىزنى تۇتۇپ ئاۋارىچىلىققا قويىدۇ دېگەندىن كېيىن ئۇ ئايال، مەن قەشقەردىن سۆيۈنگۈل بىلەن كۆرۈشسەم دەپ كەلگەن ئىدىم، لېكىن مۇمكىن بولمىدى، قەشقەردىكى بارلىق قېرىنداشلىرىمىز سالاملىرىنى يوللاپ ماڭا كۆرۈشۈپ كېلىشنى تاپىلىغان ئىدى، ئىمكانىيەت بولمىدى، دەپ كۆڭۈلسىز بولدى ھەم يەنە مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئابلىكىمنى خائىنلىق قىلىپ تەشكىلاتنى پاش قىلدى، دەپ قەشقەردىكى يولداشلار ئۇنى سۆرەپ چىقىپ «بالا گەزەندى» دەپ قالپاق كىيگۈزۈپ شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدۇق، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قارايدۇ، دېدى. مېنىڭ دېگەنلىرىمنى، بىزنىڭ كۆڭلۈمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ. بىز ئۇلارنى قەلبىمىزدە ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمىز، دەپ خېلى ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆزى بەك ئالدىراش ئولتۇرماي چىقىپ كەتتى، دەپ ئايام ۋە سىڭىللىرىم سۆزلەپ بەردى. ئاڭلاپ ھەرجايدا بىزنىڭ دوستلىرىمىز بار ئىكەن، دەپ خۇشال بولدۇم.

## 69 - يىل 28 - مارت

ئىككىنچى دوختۇرخانىدىن ئوكۇل قويدۇرۇپ قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. بەيخۇا دالونىڭ

ئالدىدا قىرىق ـ ئەللىككە يېقىن ئادەم دۈرۈلدىشىپ باللار قىيا ـ چىيا قىلىپ ئوتتۇرىدا كېتىۋاتقان ئادەمنى تاماشا قىلىپ باراتتى. مەن «بۇ نېمە بولغان ئادەم ئىكەن» دەپ قاراپ تۇراتتىم. يېنىمدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق، كەكە ساقال، ئۇزۇن چەكمەن چاپان، مەسە ئۆتۈك كىيىپ ھاسىغا تايىنىپ تۇرغان ئورۇقفنە ئادەم ماڭا قاراپ:

ــ «كۆردىڭىزمۇ ئۆز يۇرتىغا سىغماي چۆللەر كېزىپ ياۋايى بولۇپ كەتكەن ئادەم ئىكەن. تارىم چۆلىدىن تۇتۇپ  كەپتۇ. توۋا خۇدايىم، بۇ خىتايلار بىزنىڭ خەلقنى نېمە كۈلپەتلەرگە سالمىدى؟! ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېزىلگۈدەك ئىشلار، ۋاي.... خۇدا» دەپ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ سۆزىدىن كېيىن مەن «بۇ ياۋايى» ئادەمنى يەنە كۆرۈشكە قىزىقىپ كەينىدىن يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭدىم. بىراق ئۇلار مەن يېتىپ كەلگۈچە ئىنتىپاق كوچىسىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتتى. ماڭا بىر قىزىق سىر بولۇپ تۇيۇلدى.

ئۆيگە كەلسەم ئاپام ـ دادالار چۈشلۈك تاماققا ئەمدى ئولتۇرغان ئىكەن، ئاپام ئۆز ئادىتى بويىچە مەندىن:

كىملەرنى كۆردۈڭ؟ دەپ يېڭىلىقلار ھەققىدە خەۋەر تاپقۇسى كەلدى.

مەن يولدا ئۇچراتقان ياۋايى ئادەم توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم.

ئاپام: ھە، سەن ھېلىقى جاپپار ئاخۇننى كۆرۈپسەندە، ئۇ تۇرپان باغرىبوليوقلۇق بولۇپ، ئەسەيدۇللا دېگەن ئاتاقلىق بىر ئادەمنىڭ تۇغقىنى ئىكەن. ئۇ مامۇت سىجاڭنىڭ ئەسكىرى بولغانلىقتىن مامۇت سىجاڭ قاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى قولغا ئېلىپ شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماشىنا ـ ماشىنىلار بىلەن تارىم، تەكلىماكان چۆلگە ئاپىرىپ نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنى پىلموتقا تۇتۇپ، بىرنىمۇ قالدۇرماي ئۆلتۈرۈۋېتىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

پىلموتنىڭ تارتىلدىغان ئاۋازى، نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ ئاھ ـ زارى پۈتۈن تەكلىماكان چۆللىرىگە يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئېغىر مۇسىبەت بولۇپ، ئۇزاق ـ ئۇزاقلارغا ياڭراپ تارقالدى. بۇ چۆلدە ئۆسكەن ھەر بىر گىياھ ئوتلار ۋە توغراقلار بۇ گۇناھسىز تۆكۈلگەن قانلار ئۈچۈن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ماتەم تۇتقاندىن باشلىرىنى ئېگىپ تۇراتتى.

ئەل ئەركىنلىكى ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئۆز ئارمانلىرىغا ئېرىشەلمىگەن بۇ قۇربانلار ئازادلىق تەشناسىدا تەلمۈرۈپ كۆزلىرى ئوچۇق پارقىراپ قانغا مىلەنگەن ھالدا چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتاتتى.

بۇلار كىمنىڭ جان جىگەر پەرزەنتلىرىدۇر؟ كىمنىڭ ئەزىز ئەجدادلىرى؟ ۋە كىمنىڭ يۈرەك تارىلىرى باغلانغان سۆيگەن يارلىرىدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈمىدلەر بىلەن جەڭگە كىرىپ كۈرەش قىلغان ئىدى؟ نېمە تەقدىر ئۇلارنى كۈتۈپ ئالدى؟

لېكىن بۇ قانلىق ۋەقەدىن ئادەملەر خەۋەرسىز قالدى، بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن دەھشەت پاجىئە بىلەن شېھىد بولغان پەرزەنتلىرىنى ئىسسىق باغرىغا باسقان تارىم چۆللۈكى بۇلارنىمۇ ئۆز قوينىدا ئېلىپ قالدى.

بۇ قۇربانلارنىڭ تەقدىرى ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان بىر سىر بولۇپ قالدى.

قانىنى كۆرۈپ ھۆركىرىگەن قوتازلارنىڭ ئاۋازى ۋە ئوق تېگىپ يارىلانغان جايلارنىڭ ئاغرىشى بىلەن جاپپار ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ قاتتىق ئىڭراۋاتقىنىنى سېزىدۇ. كۆزىنى ئېچىپ نەدە ياتقانلىقىنى ۋە نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي قىسقا مىنۇت ئىچىدە ئۆزىنى يوقاتقاندەك تۇرۇپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كەتمىگەن پىلىموت ئاۋازى جاپپارنىڭ يۈرىكىدە جاراھەت بولۇپ قالغان قانلىق پاجىئەنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپتا قانغان مىلتىق ياتقان شېھىدلارنى كۆرۈپ كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلۇپ يۈرىكى ئېچىشىدۇ.

دۇنياغا كۆز ئېچىپ ھاياتقا تويمىغان قاۋۇل، چىرايلىق ياش يىگىتلەر مەقسىتىگە يېتەلمەي ئارمان بىلەن كۆزىنىمۇ يۇمماي ياتاتتى.

جاپپار ئۆزىنىڭ شۇنچە دوستلىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى قاتتىق ئاغرىيدۇ. ئۇ «بەلكى ماڭا ئوخشاش ئۆلمەي قالغانلار بارمىدۇ؟» دەپ ئۈمىدلەپ يۈرۈپ پۈتۈن ئۆلۈكلەرنى ئارىلاپ چىقىدۇ، لېكىن بىرىمۇ ھايات جان يوق ئىدى.

جاپپار جاراھەتلەنگەن يېرىنى تۇتۇپ ئۆزىنى توختىتالماي خېلى ئۇزۇن ۋاقىت يىغلاپ ئولتۇرىدۇ.

قانىنى كۆرۈپ ھۆركىرەپ تۇرغان قوتازلارمۇ جاپپارنىڭ يىغىسىغا قوشۇلۇپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكەتتى. بىر ھازادىن كېيىن جاپپار يارىلانغان مۈرىسى ۋە قوللىرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھەم قاتتىق ئۇسساپ كالپۇكلىرىنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن چەتكە چىقىدۇ. قوتازلار ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياۋايى تۆگىلەرمۇ جاپپارنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ھېسداشلىق بىلدۈرگەندەك يېقىن كېلىپ ئۇنى پۇراشقا باشلايدۇ. ئۇنى چۆرىدەپ تۇرغان قوتازلارغا قاراپ قورققۇسى كەلسىمۇ لېكىن ئۇلار بىر مەدىرلىغان جان بولغانلىقتىن جاپپار مۇشۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى ئويلايدۇ. ئارىدىن

بىر قوتازنىڭ يېلىنىدىن سۈت ئېقىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئاستا شۇ قوتازنىڭ يېنىغا بېرىپ، سىلاپ ـ سىلاپ تۇرۇپ سۈتنى ئېمىشكە باشلاپتۇ. قوتازمۇ جاپپارنىڭ ئېمىشگە قارشىلىق قىلماستىن جىم تۇرۇپ جاپپارغا ئۆگىنىپ قالىدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن قوتازلار قوزغىلىپ چۆلنىڭ ئىچكىرىكى تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ. جاپپارمۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالماسلىققا تىرىشىپ ئۇلار بىلەن كېتىدۇ.

شېھىد بولغان ياش يىگىتلەر قىزىل قانلىرى بىلەن تارىم چۆلىدە ئېچىلىپ، دولقۇنلىنىپ تۇرغان قىزىل گۈلدەك بولۇپ، بۇلاردىن ئۇزاقلاپ ئاستا ـ ئاستا كۆزدىن غايىب بولىدۇ.

قوتاز ۋە ياۋايى تۆگىلەر ئۆزىنىڭ يېرىگە كېلىپ توختاپ جاپپارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ يېتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەستىن ساقىيىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ. بۇ ھايۋانلار جاپپارنى ئۆزىنىڭ بىر ئەزاسىدەك كۆرۈپ، ئۆزلىرىدىن ھېچ ئايرىماستىن بىللە ياشاپتۇ. بىرەر خەتەردىن قورقۇپ قاچماقچى بولسا ئۇستىگە مىندۈرۈپ ئېلىپ قېچىپ، ياتماقچى بولسا جاپپارنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ يېتىپتۇ. جاپپار قوتاز سۈتى ۋە قوشلارنىڭ تۇخۇمى بىلەن ئوزۇقنى تېپىپ ئۆلمەس كۈن بىلەن ئوتتۇز نەچچە يىل شۇ تارىم چۆللۈكىدە ياشاپ ياۋايى ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇچىسىغا كىيىدىغان كىيىملەر تۆگەپ، تېرىلەر بىلەن يۆگىنىپ چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ، شۇنداق چىرايلىق قاۋۇل بىر ياش يىگىت قورقۇنچلۇق بىر ياۋايى ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. 1967 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا خىتاي خەلقىنى ئېلىپ چىقىش پىلانىنى قىلىپ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەر ئاستى ھەم يەر ئۈستى بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن پىلانلاش ئەترىتىنىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلانى تارىم چۆللۈكىنى چارلاپ تەكشۈرۈۋاتقاندا ياۋايى قوتاز، تۆگىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر ئادەمنىڭ يۈرگىنىنى كۆرۈپ شۇ يەردىلا بېيجىڭگە خەۋەر قىلىپتۇ. مەركەزدىن ئۇلارغا:

«بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمەي تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار، بەلكى ئۇ چەت ئەل ئىشپىيونى تارىمنى چارلاپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تىك ئۇچار ئايروپىلان ئارقىلىق ئوندەك موتسىكلىت بىلەن ئادەم چۈشۈرۈپ، ئاسماندا تىك ئۇچار يەردە موتسىكلىت بىلەن بىر كۈن قوغلاپ يۈرۈپ جاپپارنى تۇتۇپ توپتوغرا بېيجىڭگە ئېلىپ بېرىپتۇ.

تەرجىمان ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ۋە تارىم چۆللۈكىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئادەم كۆپ جاپا چەككەن ئىكەن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش كېرەك، نەدە تۇرىمەن دېسە شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭلار، دەپ ئۇ ئادەمنىڭ

ئۆزىنىڭ تەلپىي بويىچە ئۇرۇمچى شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، دېدى.

مەن ئاپامدىن:

سىز ئۇ ئادەمنى كۆردىڭىزمۇ؟ بۇ سۆزلەرنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز، دېدىم.

ئاپام:

ئۇ ئادەم ئىنتىپاق كوچىدا ئولتۇرىدىغان زۆھرەمنىڭ تام قوشنىسى ئىكەن، كىشىلەر ئۇزلۇكسىز ئۇ ئادەمنى يوقلاپ كىرىپ تۇرىدىكەن، ئىمىننىڭ ئايالى مەخفۇزە ئىككىمىز قوشنىلار بىلەن هال سوراپ كىرگەندە بۇ سۆزلەرنى شۇ جاپپار ئاخۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدۇق، دېدى.

دادام ئويچان كۆزى بىلەن دېرىزە ئارقىلىق ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ:

ـ ئۇ شېڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئېغىر زۇلۇملار سالدى ۋە نۇرغۇن خەلقنى يوقاتتى، پۈتۈن باش كۆتۈرگەن خەلقلەرنى، زىيالىي، بىلىملىك، كۆزى ئوچۇق ئادەملەرنى ۋە قولىدا ئىقتىسادى بار بايلارنى هەم دىنى خادىملارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالدى. ھەتتا «ھەربىي مەكتەپ» دەپ ئۆزى ئاچقان، ئۆزى مۇدىرلىق قىلغان بەزى ئوقۇغۇچىلارنى ھەتتا دارۇلفۇنۇندىكى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنى، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى، ئىشچىلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى قولغا ئالدى. ئۇ ۋەھشىي قىيناش ئۇسۇللىرى بىلەن خەلقنى قىيناپ ئۆلتۈردى. كىشىلەرنىڭ تىرناقلىرىغا قومۇش تىقىپ، باشلىرىغا توك بىلەن قىينايدىغان ئەسۋابنى كىيدۈرۈپ قىسقاندا ئادەملەرنىڭ كۆزى ئۇزۇكتەك بولۇپ يەرگە ساڭگىلا چۈشىدىكەن. دادام ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك ئېچىنىشلىق هالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نى ـ نى ياخشى ئادەملىرى ئۇ زالىمنىڭ قولىدا ھالاك بولدى، دېدى.

ئاپام سۆزگە قوشۇلۇپ ھەيدەر مۇئەللىمنىڭ ئوغلى رۇستەم سايرانى ھەققىدە ئانىسى زەينەپ ئاپاينىڭ سۆزىنى ئېيتىپ بەردى. ھەيدەر مۇئەللىم بىزنىڭ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئۇ ئوقۇغان بىلىملىك، ئالىم ئادەم بولۇپلا قالماستىن، يازغۇچى ھەم شائىر ئىدى، دېدى. ئۇ تەرەققىيپەرۋەر ھەم تارىخشۇناس، قىسقىسى شۇ دەۋرىدىكى تاتار ئالىملىرىنىڭ بىرسى ئىدى، دەپ داۋامىنى تولۇقلاپ قويدى.

شېڭ شىسەي ئۇنى قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ يازغان كىتاب ۋە شېئىرلىرى بىلەن قانداقتۇر ماتېرىياللارنى 18 ياشلىق ئوغلى رۇستەمگە، «ياخشى يەردە ساقلاپ قوي» دەپ تاپشۇرغان ئىكەن. قاتتىق قىيناشلارغا چىدىماي ئۆزى ئېيتىپ بەرگەن بولسا كېرەك، كۆپ ئۆتمەستىن 18 ياشلىق رۇستەمنى قولغا ئېلىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن

ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇرۇمچىدىكى ياڭخاڭ مەسچىتى (تاتار مەسچىتى) گە چىقىرىپ بېرىپتۇ.

قاتتىق قىيناشلار نەتىجىسىدە ئىككى كۆزى ئېتىلىپ چىقىپ مەڭزىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن، پۈتۈن قوۋۇرغا ھەم پۇت ـ قوللىرى سۇنۇپ، بارلىق تىرناقلىرى يۇلۇپ ئېلىنغان، بەدەننىڭ ساق يېرى يوق، قان ئىچىدە ياتقان ئوغلىنى كۆرگەن ئانىسى زەينەپ ئاپا (بۇرھان شەھىدىنىڭ سىڭلىسى) ھوشىنى يوقاتقان ئىكەن. شۇ ئوغلىنىڭ ھەسرىتى ئىچىدە ئۆمۈر بويى كۆزىدىن ياش قۇرۇماي ياشاپ كەلدى، دېدى. چۈنكى ئۇ ئايال بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ قوشنا بولۇپ، بىللە ياشاپ كەلدى.

دادام يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇ زالىم ۋەھشىي ئادەملەرنى ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن قىيناپ جادۇغا سېلىپ توغراپ ئۆلتۈردى. بىر قىسىم ئادەملەرنى چوڭقۇر قۇدۇق ۋە يارلارغا تاشلاپ تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈردى ۋە بەزىلەرنى تاغارغا سېلىپ، ئاغزىنى باغلاپ ماشىنىلارغا خۇددى ئاشلىق قاچىلىغاندەك بېسىپ ئۇلارنى تارىم چۆللىرىگە ئاپىرىپ بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈپ، بىر تەرەپتىن پىلىموتقا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. نېمە دېگەن ئېچىنارلىق ھە، دېدى. ئاپام يەنە سۆز قوشۇپ مېنىڭ تاغام ھەمدۇللاھنى تارىم چۆلىدە بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرگەننى بىر قويچى بالا كېلىپ كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن. ئۇلار ئادەملەرنى كۆيدۈرۈپ ھەم پىلىموتقا تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن يىراقتا يوشۇرۇنۇپ قاراپ تۇرغان قويچى بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ قارىسا تاغام ئىڭراپ يېتىپتۇ، بالا تاغامنىڭ بېشىنى يۆلىگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە ئائىلىسى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمما سۆزىنىڭ ئاخىرى چۈشكىچە جان ئۈزگەن ئىكەن. بۇ خەۋەرنى خەلق ئاغزىدىن ئاڭلىدۇق، دەپ شۇ ۋاقىتلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندەك كۆڭۈلسىز بولۇپ قالدى.

دادام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدىن ئۆلۈكىنى چىقىرىپ بەرگەنلەر ئاز بولدى. قالغانلىرىنى شۇ پېتى ئىز ـ دېرەكسىز يوقىتىۋەتتى. تېخى ئۇ جالالتنى تىرىلا يۆتكەپ ئېلىپ كەتتى، بولمىسا ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى يوقاتماقچى ئىدى.

مەن دادامدىن شېڭ شىسەينى قانداق قىلىپ يۆتكەپ ئېلىپ كەتتى؟ ئۇ نەگە كەتتى؟ مۇشۇنداق بىر زالىم ئادەم قانداق ئاسان كېتىپ قالدى؟ دەپ سورىدىم.

بۇ ھەقتە تۈرلۈك سۆزلەر بار، بىر رىۋايەتتە: سۇنجۇڭسەننىڭ ئايالى سۇڭچىڭلىڭ خانىم شېڭ شىسەينى ئالداپ ئايروپىلانغا ئېلىپ چىقىپ شۇ يەردە ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ، دېگەن سۆز بار. يەنە بىر رىۋايەتتە: شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئىچىگە قىممەتلىك بايلىقلارنى تىقىپ،

ئىنىمنىڭ ئۆلۈكىنى قالدۇرماي ئېلىپ كېتىمەن، دەپ بايلىقلارنى شۇ يول بىلەن ئېلىپ كەتتى دېگەن سۆزمۇ بار.

ھەر ھالدا ئۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئاز كۈلپەت سالمىدى. نۇرغۇن ئادەملەرنى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈپ كۆپلىگەن بايلىقلارنى ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭدەك زالىم پادىشاھلار ئاز ئۇچرايدۇ. ھازىرمۇ ئۇ تەيۋەندە ھايات ھەم راھەت ياشاۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلايمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان پۈتۈن باشلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قېنىنى شوراپ كەلدى. نېمە زۇلۇملارنى كۆرمىدى؟ بىزنىڭ بۇ خەلق دەپ «ئۇپ» تارتىپ قويىدى دادام. ئاپام سەن بۇ سۆزنى قىلغان ئىدىڭ، كىچىك چېغىمىزدا ئاڭلىغان بىر ئىش يادىمغا كەلدى، دەپ ئۇنى بىزگە سۆزلەپ بەردى.

نىياز خان بۇۋىم دەيدىغان كىشىلەرگە دېمىدە قىلىپ ئوقۇپ بېرىدىغان بىر ئايال بار ئىدى. كىشىلەرنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ئۇ ئايالنى جىنلار ئېلىپ كېتىپ ئوقۇتۇپ كەلگەن دېگەن سۆزلەر بار ئىدى. ئۇ دېمىدە قىلىپ قويسا ئاغرىقلار تېز ساقايغانلىقتىن ئۇنى ئۇياق - بۇياققا ئېلىپ كېتىپ ئۆيدە تۇرغۇزمايدىكەن.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا نىيازخان بۇۋىم ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئورۇن بەردۇق. ئاپام ئۇنىڭدىن:

نىيازخان بۇۋىم ئىككى ھەپتە بولدى ئۆزىڭىزنى كۆرمەس بولدۇق. بىر ياققا كەتكەنمىدىڭىز؟ دەپ سورىدى.

نىيازخان بۇۋىم بەستىلىك ئېگىز بويلۇق، ئاۋازى يوغان سۈرلۈك ئايال ئىدى. ئۇ داستىخان يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋېتىپ: تووۋا خۇدايىم ئالّلاھنىڭ قۇدرىتىگە ھەيران بولدۇم. خاڭچىڭدا بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە «غەۋسىلەزەمنىڭ خەتمىسى»نى يەتتە كۈن ئوقۇدۇق.

شۇ يەردە بىر تول ئايالنىڭ يالغۇز بىر ئوغلى بار ئىدى، يوقىلاڭ بىر ئىش بىلەن قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

جىڭ شورېننىڭ زامانىدىكى ئەسكەر باشلىقى بىزنىخوي تۈرمىدىكى ساغلام ياش يىگىتلەرنى ئېلىپ چىقىپ تىرىك باغلاپ قويۇپ، ئۇ ئايالنىڭ ئوغلىغا ئۇلارنىڭ كۆكسىنى پىچاق بىلەن يارغۇزۇپ، ئىچىدىن سوقۇپ تۇرغان كۈچلۈك يۈرەكنى تىترىتىپ سۇغۇرۇپ چىقارتىدىكەن ھەم ئۇنى يارغۇزۇپ ھەر كۈنى بىر چىنە يۈرەك ئىچىدىكى قاننى ئىچىدىكەن.

بۇنىڭ ئۈچۈن بالىنىڭ ئانىسىغا ئون - گۈرۈچ، ياغ، گۆش، بەزىدە رەخت ۋە ھەر خىل

كېرەكلىك نەرسىلەرنى بىر مەيە قىلىپ ئاپىرىپ بېرىپ تۇرۇپتۇ، ئوغلىنى ئايدا بىر مەرتىۋە ئەسكەرلەر بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ «ئوغلۇڭنىڭ خىزمىتى ئالدىراش» دەپ 10 ـ 15 مىنۇت تۇرغۇزۇپ ئېلىپ كېتىدىغان بوپتۇ. ئانىسى بىچارە بۇنىڭغا خۇشال بولۇپ، مېنىڭ ئوغلۇم چوڭ مەنسەپكە ئىگە بولغان ئوخشايدۇ، دەپ خاتىرجەم كەڭ تاشا ياشاپ يۈرۈپتۇ.

ئاخىرقى كەلگىنىدە ئوغلىنىڭ كىيىمنى يېشىۋاتقان بولۇپ، ئەسكەرلەرگە بىلىندۈرمەي ئاپىسىغا:

«ئاپا مېنىڭ كۈنۈم بەك يامان، خەتمە ئوقۇپ خۇدايىمدىن مېنىڭ قۇتۇلۇشۇمنى تىلە» دەپتۇ. بۇ دورام ئۇن مىنۇتتىن ئارتۇق تۇرغۇزماستىن ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئوغلى كەتكەندىن كېيىن ئانىسى «ۋاي ئۆلەي ئوغلۇم كۈنۈم يامان دەيدۇ، نېمە بولغاندۇ، ئەھۋالى راستلا ئېغىر ئوخشايدۇ» دەپ بۈۋىم ئاياللارنى يىغىپ كېلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نىيازخان بۈۋىممۇ بار ئىكەن. غەۋسىلەزەمنىڭ خەتمىسىنى ھەر كۈنى يەتتە خەتمە بىلەن سەدىقىلەر چىقىرىپ ياغ پۇرىتىپ ۋە ئانىسى خۇدايىمدىن يىغلاپ تۇرۇپ تىلەپ يەتتە كۈن ئوقۇپتۇ، خەتمە تامام بولۇپ، كۆپ كېچىكمەستىن ھاكىمىيەت ئالمىشىپ، ئۇلار بىر كېچىدە يەر ئاستى يول بىلەن ئۈرۈمچىدىن قېچىپ يىغلىغان تاشقا كەلگەندە ئۇلارنىڭ كەينىدىن «ئالتايىسكى» سالدات ۋە ئاتالغان ئورۇس ئەسكەرلىرى قوغلاپ بېرىپ ئورۇسنىڭ باش ئوفىتسېرى «مارازنىيكوف» چاپتۇرۇپ قېچىپ بارغان بىزنىخۇينى ئاتتىن يۇلۇپ چۈشۈرۈپ قولغا ئېلىپ كېلىپتۇ.

بىزنىخۇينىڭ پۇت ـ قولىغا تۆمۈر ئىشكەل سېلىپ، تۆمۈر قەپەسكە سولاپ ئۈرۈمچى شەھىرىدە سازايى قىلىپ ئايلاندۇرۇپتۇ.

غەزەپلەنگەن خەلق ئۇنىڭغا تاش ـ چالما ئېتىپ نەيزە تىقىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئەتراپتىكى قاراۋۇل ساقچىلار يول قويماپتۇ. شۇنداق قىلىپ شەھەرنى بىر قانچە كۈن ئايلاندۇرغاندا كىمدۇر بىرسى ئۇنى قەپەس ئىچىدە تۇرغان يېرىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بەلكى ئۆز ئادەملىرى بولسا كېرەك.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئايالنىڭ ئوغلى ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ ئانا ـ بالا شۇ كۈندىلا ئۈرۈمچىنى تاشلاپ تۇرپانغا كېتىپ يوقالدى. سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە ئىشكتىن ھەمراخان كىرىپ كەلدى. شۇنداق چىرايلىق ئولتۇراتتۇق، سۆزىمىز شۇ يەردە ئۈزۈلدى.

كىچىك ئابلىز مېنى يوقلاپ كېلىپ، سۆزدىن سۆز چىقىپ ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساپ «سىزنىڭ تارتقان جاپالىرىڭىز بوشقا زايە كەتمەيدۇ، بىلەمسىز سىزنىڭ ئىشلىگەن

ئىشلىرىڭىزنىڭ داۋامىنى باشقىلار ئىشلەۋېتىپتۇ. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ھازىر ھەممە يەردە ھەرىكەتتە ئىشلەۋېتىپتۇ» دەپ سۆزلەپ قالدى. بۇ سۆز ماڭا زور ئۈمىد ۋە يېڭى ھايات بەرگەندەك كۆڭلۈمنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. يوقالغان نەرسەمنى تاپقاندەك ۋە ئۆمۈر يولۇمنى يورۇتقاندەك خۇشال بولدۇم.

ــ راست دەۋاتامسىز ئابلىز، دەپ جىددىي سورىدىم.

ــ ھەئە، راست. مەن سىزگە بۇنداق سۆزلەرنى يالغاندىن سۆزلىشىم مۇمكىنمۇ؟ دەپ ئابلىزنىڭ چرايىدا سەممىي چىن دوستلۇق قىياپىتى كۆرۈندى.

مەن ئۇنىڭدىن:

ــ سىز مۇشۇ تەشكىلاتقا قاتناشتىڭىزمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ــ ياق، بىز قاتناشمىساقمۇ شۇلارنىڭ ئادىمىدە، دەپ جاۋاب بەردى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئابلىز سىز مېنى ئۇلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز، مەن شۇلارغا قاتناشقۇم كېلىدۇ، دېدىم.

ــ ئابلىز:

ــ سىز نەزەر بەنتىكى ئادەم، بىلىپ قالسا سىزگە قىيىن بولماسمۇ؟ دېدى.

مەن ئويلاپ تۇرۇپ قالدىم. يامانلىقنى ئويلىسام بەك ئېغىرلىققا ئېلىپ بارىدۇ. يامانلىقنى ئېغىرلىقدىن قورقۇپ تىنچ ياتساق كېلەچەك ئۇنىڭدىنمۇ ناچارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. كۆڭلۈمدىكى بۇ تىلەك، ئارزۇلار ماڭا ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى كۆرسەتمىدى.

ئابلىز:

ــ ئۇنداق بولسا، مەن ياسىنغا دەي، سىزنى ئۇلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويسۇن، دېدى.

مەن بىر قانچە كۈن كۆڭلۈمدىكى زور ئۈمىدلەر ئىچىدە خۇشال ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ياشىدىم. ياسىنمۇ كۆپ ئۆتمەستىن ئابلىزدىن ئاڭلىغان سۆز بويىچە كېلىپ مەن بىلەن سۆزلىشىپ كەتتى. ياسىن ماشىنا رېمونت زاۋۇتىدا بىر ئايغا يېقىن بىللە ئىشلىگەن ھەم بىز بىلەن تۇغقانچىلىقىمۇ بار، ھەر ھالدا دوستلاردەك يېقىن ئارىلىشاتتۇق.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ياسىن ئۇلارنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلىقىنى ۋە كۆرۈشىدىغان ئورۇننىمۇ ئېيتىپ كەلدى.

بىز چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەرگە ئۈلگۈرۈپ جىگدىلىككە باردۇق. پاراڭلىشىپ

تۇراتتۇق، ئۇلارمۇ يېتىپ كەلدى. يىراقتىن كۆرۈش بىلەن ياسىن «ئەنە شۇلار سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان ئادەملەر» دەپ كۆرسەتتى.

بىرسى ئېگىز بويلۇق بەستلىك، گەۋدىلىرى كەڭ ئوتتۇرا ياش ۋە سىرلىق كۆرۈنەتتى. يەنە بىرسى ئوتتۇرا بويلۇق سېرىقراق كەلگەن ئورۇقنا، كادىر قىياپىتىدىكى بىر ئادەم ئىدى. ئۇلار كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنى تونۇشتۇردى. ئېگىز گەۋدىلىك ئادەم زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئىسمىم مالىك دەپ تونۇشتۇردى. ئوتتۇرا بويلۇق، سېرىق ئادەم ئۆزىنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئىسمىم قەييۇم دەپ تونۇشتۇردى. كۆرۈشۈپ، ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىدى.

مەن ئۆز ئەھۋالىم ئۈستىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. ئۇلارمۇ:

ــ بىزنىڭ كۆز قارىشىمىز ھەم تەشكىلات ئىسمىمۇ سىزلەرنىڭكىگە ئوخشاش «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى» دەپ تونۇشتۇردى.

ئاندىن كېيىن بىر ئاز سۆزلىشىشلەر، سوئال ـ جاۋابلار بولدى. يەنە بىر ئۇچرىشىشىمىزنى ياسىن ئارقىلىق خەۋەر قىلىدىغانلىقىنى دەپ بىز بىلەن خوشلىشىپ كەتتى. ئەتىسى كۈنى ياسىن مېنى 2 - دوختۇرخانىنىڭ كەينىدىكى كوچىدا بىر كىچىك ھويلىغا باشلاپ كىردى. دەرۋازىدىن كىرىشتىلا سول قول تەرەپتىكى كىچىككىنە ئىككى ئېغىز ئۆيگە كىردۇق. كۆن ياخشى چۈشمىگەچكە ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇراق كۆرۈنەتتى. دالان ئۆيدە سۇپا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا كىگىز سېلىپ قويۇلغان پاكىز ئىدى. ئىشكىنىڭ يېنىدىكى كىچىك دېرىزىدىن چۈشكەن يورۇقلۇق بىلەن ئۆي يورۇپ تۇراتتى.

ئىچكىرىكى ئۆيدىن مالىك ئالدىراپ ئالدىمىزغا چىقىپ، ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئېلىپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپ كىردى.

ئۇ ئۆيدىمۇ ئېگىز قىلىپ ياسالغان سۇپا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىگىز ۋە قىزىل گۈللۈك گىلەم سېلىنغان، تۆردە بىر كارىۋات، كارىۋات ئۈستىگە ئېگىز قىلىپ يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يىغىپ قويۇپتۇ. كاڭ ئۈستىدىكى كىچىك ئۈستەلگە ئاق داستىخان سېلىنغان ئىدى. دېرىزە يېنىدىكى كىچىك ئىشكاپقا چىنە ـ قاچا ۋە رەسىملەر چىرايلىق قىلىپ تىزىپ قويۇلغان ئىكەن. ئۆي ئاددىي بولسىمۇ يىغمىلىق ۋە ئىسسىق كۆرۈنەتتى.

دېرىزە تۆۋىدىكى ئورۇندۇقتا قەييۇم مۇئەللىم ئولتۇرۇپتۇ. ئۇمۇ ئوچۇق يېقىن دوستلاردەك سالاملىشىپ بىزنى قارشى ئالدى. مەن كاڭنىڭ چېتىگە بېرىپ ئولتۇردۇم.

مالىك تالاغا چىقىپ بىر چىنە چەينەكتە چاي ۋە تۆت چىنە ئېلىپ كىرىپ، ھەر قايسىمىزغا چىنىدە چاي قويۇپ ئالدىمىزغا قويدى. بىر تەخسىدە نان كەلتۈرۈپ، ئۇشتۇپ، بىر شېكەر قۇتىسىدا شېكەر كەلتۈردى.

بىر ئاز پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مالىك:

ــ بىزنىڭ تەشكىلاتىمىز سىزنى قوبۇل قىلىشنى تەستىقلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر رەسمىيەت ئۆتەپ سىزنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىمىز، دەپ تەكچە بېشىدىن «كالامۇللاھ» (قۇران) نى ئېلىپ قولۇمنى قۇراننىڭ ئۈستىگە قويۇپ، مەن بۇ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتىغا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كىردىم، تەشكىلاتقا ۋە يولداشلىرىمغا خىيانەت قىلمايمەن، ئەگەر خىيانەت قىلسام ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان قۇران كەرىم مېنى ئۇرسۇن دەپ قەسەم قىلدىم. ئۇلار مېنى تەبرىكلەشتى. بۇنىدىن كېيىن سىز بىزنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ بىر ئەزاسى. ھەر ئىشتا تەشكىلاتنىڭ ۋە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ بېرىلگەن ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىسىز، دېدى.

مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئۆمۈر بويى ئىزدەپ تاپالمىغان بۇ تەشكىلاتنى ۋە جەڭگىۋار يولداشلارنى ئەمدى تاپتىم دەپ ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلاتتىم ۋە ئۆزۈمدە بىر پۈتمەس كۈچ ھاسىل بولغاندەك بولدۇم.

مەن ئۇلاردىن تەشكىلاتنىڭ ۋەزىپىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ دەپ سورىدىم.

مالىك ماڭا نەنسەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ يەردىمۇ تەشكىلاتنى كېڭەيتىپ ئەزا قوبۇل قىلىسىز. ھازىرچە سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز شۇ بولىدۇ، دېدى.

مەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالامدىمەن؟ دەپ ئويلاندىم. چۈنكى نەنسەندىكى خەلقنى ئويغىتىش ۋە بۇ خەققە ئاڭلىتىش ئىنتايىن قىيىن ئىش. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا خەلق دۈشمىنى، قورقۇنچلۇق بىر ئادەم بولۇپ، پۈتۈن خەلق مەندىن چېكىنىپ يۈرگەندە، بۇ ئىشلارنى ئاڭلىسا ئۆزلىرىنى ئاكتىپ كۆرسىتىدىغان بىر چوڭ نەرسە تاپتىم دەپ مېنى تۇتۇپ بېرەر دەپ ئويلىدىم. نېمە بولسىمۇ بىر ئامال تېپىپ بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ئىشلەيمەن، دەپ خىيالىم لەپپىدە نەنسەنگە يۈگۈرۈپ كەتتى. مالىك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىز پەقەت تەشكىلات بولۇپ، يوشۇرۇن توپلىنىپ تۇرىمىز. سوۋېتتىن شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئارمىيە كىرگەندە ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ بىللە جەڭ قىلىمىز. ئۇنىڭغا قەدەر ئەزا قوبۇل قىلىپ كۈچ توپلاپ تۇرىمىز، دېدى ۋە سىزگە تاپشۇرۇلىدىغان باشقا ۋەزىپىلەرنى ئىككىنچى ئۇچرىششىمىزدا ئۇقتۇرىمىز. ئىككىنچى

ئۇچرىشىش ۋاقتى شەنبە كۈنى 29 - ئىيۇن 2 - دوختۇرخانىنىڭ كەينىدىكى ئوتتۇرا كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا ئۇچرىشىمىز دەپ ئۇقتۇردى.

## بىرىنچى مەرتىۋىدىكى چوڭ ھەربىي ھالەت

69 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى (شەنبە)

سەلىمە ئاپپاي بىزنى ئۆيگە مېھمانغا چاقىردى.

مەن، ئاپام، سوفىيە، غەيشە، زەكىيەلەر چۈشتە سەلىمە ئاپپايغا باردۇق. ئۇ يەردە كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ مېھمان بولدۇق. چۈشتىن كېيىن بولغاندا «بىز بازاردىن بىر نەرسىلەر ئالماقچى ئىدۇق دەپ سوفىيە، غەيشە ئۈچىمىز خوشلىشىپ چىقىپ كەتتۇق».

ئۈچىمىز پاراڭلىشىپ كۈلۈشۈپ يۈرۈپ ئوتتۇرا كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا تېزلا يېتىپ كېلىپ قالدۇق، ئۇلار كۆرۈنمىگەندىن كېيىن بىر ھازا ۋاقىت كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى.

يېرىم سائەت كۈتتۇق، ئۇلار كەلمىدى. بىراق چۈمۈلىدەك ئېقىپ يۈرگەن خەلق ئازلاپ ئەتراپ تىنچلىنىشقا باشلىدى. سوفىيە ئەتراپقا قاراپ:

نېمە ئادەملەر ئازلاپ ھەممە يەر جىمجىت بولۇپ قالدىغۇ؟! دېدى.

غەيشەمۇ دىققەت قىلىپ راستىلا جاھاننى سۈر باسقاندەك بولۇپ قالدىغۇ دەپ قورقۇشقا باشلىدى. پىيادە يۈرگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. چوڭ يولدا ئادەم قاچىلىغان يوغان يۈك ماشىنىلار ۋىژىلداپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرسى ئۆتۈشكە باشلىدى. موتسىكلىت مىنىپ يۈرگەنلەرنى ئۇچرىتىپ بولمايدىغان بۇ شەھەردە، تۈركۈم - تۈركۈملەپ موتسىكلىت مىنگەن ھەربىيلەر كوچىدا يۇقىرى - تۆۋەن بولۇپ چاپتۇرۇپ ئۆتەتتى.

مەن ئەتراپقا قاراپ، بولدى كېتەيلى! ۋەزىيەت ياخشى ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. نېمە بولدىكىن مۇھىت بەك كۆڭۈلسىز بولۇپ كەتتى، دەپ ماڭدۇق. 2 - دوختۇرخانىنىڭ كەينىگە كەلگەندە كوچىدا دۇتار كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم كۆرۈندى. ھوي بىر ئادەم كېلىۋاتىدۇ دەپ يالغۇزلۇقتا ھەمراھ بولىدىغاندەك خۇشال بولدۇق. دۇنيادا ئادەملەردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەسكى نەرسە يوق ئىكەن.

يېقىن كەلگەندە قارىساق ياسىن ئىكەن. سالاملاشقاندىن كېيىن، نېمە بۈگۈن كوچىلاردا ئادەم يوققۇ بىر ئىش بولدىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ياسىنمۇ بىلمەيمەن، مەنمۇ ھەيران بولۇپ كېلىۋاتىمەن، دېدى.

دۇتتار كۆتۈرۈۋاپسىزغۇ؟ تويغا باردىڭىزمۇ؟ دەپ غەيشە ياسىنغا چاقچاق قىلدى.

ياساتقىلى بەرگەن دۇتارنى ئالغىلى بارغان ئىدىم. تالاغا چىقسام ئەتراپ جىمجىت بىر ئىنسان كۆرۈنمەيدۇ، مەنمۇ ھەيران بولۇپ كېلىۋاتىمەن، دېدى.

ئادەم سىغماي ماڭىدىغان يوغان بۇ كوچىدا تۆتىمىزدىن باشقا بىر جان يوق ئىدى. ئەتراپ تىنچ بولغاچقا بىزنىڭ ئاياغ تىۋىشىمىز شۇنداق قاتتىق تاقىلداپ ئاڭلىناتتى. قىزىق ھە، خەلقنى ئەجدىھا يوتقان شەھەردەك خەلقلەر نەگە كەتتى. بىزلا بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بولۇپ، كوچىدا يۈرگەن بولمايلى يەنە دېدى سوفىيە.

قورققۇم كېلىۋاتىدۇ چاپسان قايتايلى، دەپ غەيشە ئەنسىرەشكە باشلىدى.

بىز چاپسان مېڭىپ دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ بەيخا دالۇنىڭ ئالدىغا چىقىشىمىزغا قولىغا ئاق لۆڭگە باغلىۋالغان خەنزۇ مىنبىڭلار كوچىدا كېتىپ بارغان ئادەملەرنى ماڭدۇرماستىن تۇتۇپ تۇرغان ئىكەن. 40 - 50 كە يېقىن خەلق ئەسكەرلىرى ئادەملەرنىڭ ئالدىنى ماشىنىلارغا سېلىپ ماڭدۇرۇپ كەلگەنلەرنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ.

بىز دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ چىقىشىمىزغا تۇتۇپ تۇرۇلغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن بىرسى، ۋاي سەتەڭلەر كەلدى، كېلىڭلار بۇ يەردە تۇرۇڭلار دەپ توۋلىدى. يەنە بىرسى تويغا بېرىپ كېلىۋاتقان ئوخشىمامسىلەر دېدى. ئىككى خەلق ئەسكەرلىرى ئالدىمىزغا كېلىپ، ماۋۇ ئادەملەرنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇڭلار، ھېچ يەرگە بارغىلى بولمايدۇ، مۇشۇ يەردە جىم تۇرۇڭلار، دەپ قوپال مۇئامىلە بىلەن ۋارقىراپ قويۇپ كىشىلەرنى مىدىرلىماڭلار، دەپ ئىتتىرىپ دۈشكەلەيتتى.

مەن كىشىلەر ئارىسىغا كەلگەندىن كېيىن ماڭا يېقىن تۇرغان بىر ياشقىنا ئادەمدىن:

نېمە بولدى؟ نېمىشقا بىزنى يىغىۋالىدۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ ئادەم ئاستا ئاۋاز بىلەن:

ــ ھەربىي ھالەت بوپتۇ، ھەربىي ھالەت دەپ جاۋاب بەردى.

ــ بىر ئىش بوپتۇمۇ؟ نېمىشقا ھەربىي ھالەت بولىدۇ؟ دەپ يەنە سورىدىم. بۇ سوئالغا باشقىلار جاۋاب بەردى.

ــ بىلمەيمىز ئۇكام، ھەرىكەتنىڭ تۈرى جىق، دېدى.

ئۇياق ـ بۇياقتىن كېلىپ ئادەملەر تولا كۆپەيدى. كۆپ كېچىكمەستىن يوغان ئىككى

قارا ماشىنا كېلىپ توختىدى.

ھەممە خەلقنى ۋارقىراپ يۇرۇپ ماشىنىغا چىقاردى. يەردىكى ئادەملەر ئىككى ماشىنىغا سىغماي قالدى. مەن ماشىنىنىڭ چېتىگە كېلىپ موتسىكلىت بىلەن كېلىپ توختىغان، ھەربىي كىيىم كىيگەن ئۇيغۇر ساقچىدىن:

بىزنى نەگە ئېلىپ بارىدۇ؟ دەپ سورىدىم.

ئۇ تۇرگۇن قىياپەتتە بەنسىچۇغا (مەھەللە باشقارما ئورنىغا) بارىسلەر، ئۇ يەردىن سىلەرنى نەگە ئاپىرىدۇ. ئۇلار بەلگىلەيدۇ، دېدى. مەن يەنە:

ــ ئۇ يەردىن ئۆيىمىزگە قايتامدۇق دەپ سورىدىم. ئۇ ھەربىي ماگا قاراپ:

ــ بۇگۇن كېچىدە شۇ يەردە بولىسىلەر، دېدى.

مەن ئۇلارغا: بىزنىڭ دادىمىز يۇرەك كېسەل، ئۆيدە يالغۇز قالدى، بىز قايتمىساق بولمايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ يىغىپ ئېلىنغانلىقىمىزنى ئاڭلىسا دادام ئۆلۇپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ماشىنىدىن سەكرەپ چۇشتۇم. مېنىڭ كەينىمدىن سوفىيە، غەيشە ھەم ياسىن بىللە چۇشتى. ئۇلار ھاي ـ ھوي دېگۇچە ماشىنىدا بىرمۇ ئادەم قالماستىن ھەممىسى سەكرەپ چۇشۇپ كەتتى. خەلق ئەسكەرلىرى خەلقنى باشقۇرالماي ھودۇقۇپ، خەلق ئەتراپىدا يۇگۇرۇپ ياق بىر ئادەم ئۆيگە قايتىشقا رۇخسەت يوق، بۇ پەقەت يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى، دەپ ھەممە ئادەمنى ھەيدەپ ماشىنىغا چىقاردى. بىز تۆتىمىز ماشىنىغا چىقمىدۇق.

دادىمىز كېسەل، بىزنىڭ نەگە كەتكىنىمىزنى بىلمەي قاتتىق ئەنسىرەپ، يۇرەك ئاغرىقى تۇتۇپ ئۆلۇپ كەتسە ياخشىمۇ؟ بىز نېمە قىلدۇق؟ نېمە ئۇچۇن گۇناھسىز خەلقنى تۇتىسىلەر؟ دېدىم.

كوچىنىڭ ئۇ قېتىغا يىغىپ ئېلىنغان ئادەملەر ئارىسىدا قاتتىق قارشىلىق ۋە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۇرۇلدى. موتسىكلىت بىلەن كەلگەن ھەربىيلەر ۋە خەلق ئەسكەرلىرى دەپ ئالغان خەنزۇلار ئۇلارنى بېسىش ئۇچۇن كەتتى. ئۇ ئادەملەر ئارىسىدا ھەسەنجان ئاكىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن جىددىي تالىشىپ ۋارقىراۋاتقىنىنى كۆرۇپ ھەيران بولۇپ تۇراتتۇق، كۆپ كېچىكتۇرمەستىن ئۇلارنىمۇ ھەيدەپ بىزنىڭ يېنىمىزغا ئېلىپ كەلدى.

ھەسەنجان ئاكىنىڭ ئوغلى ئىمىنجان ئۆزلىرىنىڭ ئۆيى جايلاشقان دالۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى تار كوچىدا ۋېلىسىپىت ئۆگىنىپ يۇرگەندە ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇششاق باللار «ئىمىنجان ئاكامنى تۇتۇپ كەتتى» دەپ كەلگەندىن كېيىن، ھويلىنىڭ

ئوتتۇرىسىدا يىغىلىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان قولۇم - قوشنىلار نېمە ئىش بولدى؟ نېمىشقا ئۇنى ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى، دەپ ھويلىدىكى پۈتۈن ئادەم كوچىغا چىقىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ قويماستىن تۇتۇپ، ھويلىدا پەقەت ئۇششاق باللار ھەتتا بۆشۈكتىكى بوۋاقنى شۇ ھويلىدىكى ئەڭ چوڭ ياشانغان مومايغا قالدۇرۇپ قالغان ئوتتۇزدىن ئوشۇق ئادەمنى تۇتۇپ، ماشىنىغا سىلىپ ئېلىپ ماڭدى. بىزنىمۇ چاپسان بولۇڭلار، دەپ كېلىپ توختىغان ئاپتوبۇسقا باشلاپ باردى.

ياسىن، سوفىيە، غەيشە تۆتىمىز ئاپتوبۇسقا چىقتۇق. بىر ماشىنا تويدىن تۇتۇپ كەلگەن ياسانغان قىز - يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار بىزنى كۆرۈشى بىلەن ئىسقىرتىپ چاپىلاق سوقۇپ كەتتى. بىر ياش يىگىت ياسىننىڭ قولىدىكى دۇتارنى ئېلىپ چالغىلى تۇردى. بىر قانچە يىگىتلەر توۋلاپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. كەينىدە ئولتۇرغانلار ۋاي - ۋۇي «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دەپ توۋلاپ قوياتتى. خۇددى قىز كۆچۈرۈپ ماڭغانىدەك داقا - دۇمباق بىلەن سەنشىخاڭزىدىكى بەنسىچۇ (مەھەللە باشقارمىسى) غا كىرىپ كەلدۇق. ھويلىنىڭ ئىچى تىقما - تىقماق ئادەم ئىدى. بىر قانچە ئۇستەللەردە ھەربىيلەر دەپتەر، قەلەم تۇتۇپ تىزىملاۋاتاتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ھويلىغا قارا ماشىنىلار كەلدى. ھەممە ئادەمنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، شۇ بويىچە ماشىنىلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەمما نەگە بارىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

بىز ئولتۇرغان ماشىنا ئىنتىپاق كوچىسىغا بۇرۇلۇپ ئاندىن ئون تۆتىنچى يەنى بۇرۇنقى بىز ئوقۇغان ئىككىنچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردى. مەن ئوقۇشنى تاماملاپ كەتكەندىن كېيىن بۇ مەكتەپكە بىرىنچى مەرتىۋە كېلىشىم ئىدى. ماشىنا مەكتەپ بىناسىنىڭ كەينىدىكى كەڭ مەيدانغا كېلىپ توختىدى. ھويلىنىڭ ئىچىدە سەپ بولۇپ تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى ھەر قايسىمىزنى سەپكە تىزىپ، ئىككى قەۋەت ئوقۇش بىناسىغا ئېلىپ كىردى.

بىنا كۆزۈمگە شۇنداق ئىللىق، كۆڭلۈمگە يېقىن كۆرۈندى. شۇ مەكتەپتە ئۆتكەن باللىق ۋە ياشلىق ۋاقىتلىرىم، شۇ پەلەمپەيلەردىن دوستلىرىم بىلەن ئۇچقاندەك چىقىپ _ چۈشكەنلىرىم، قىزلار بىلەن راھەتلىنىپ كۈلۈشۈپ ئوينىغانلىرىم، ساۋاقداشلىرىم، مۇئەللىملىرىم، مەكتەپ مۇدىرىمىز، ھەممىسى كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. قىزلارنىڭ چىرقىراپ ئويناشقان ۋە كۈلگەن ئاۋازلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندەك بولدى. كۆڭلۈم شۇ ۋاقىتتىكى دەۋرىدە ياشىغاندەك ئۆزۈمنى ئەركىن ۋە خۇشال سەزدىم. ئالدىراپ سىنىپلارغا

كىردىم. سىنىپلار پارتىسىز يالىڭاچ ئۆي بولۇپ قاپتۇ. ئۈچ دېرىزىلىك يورۇق ئازادە سىنىپلار ئوقۇغۇچىسىز جىمجىتلىق ئىچىدە غېرىب بولۇپ تۇرۇپتۇ. كۆز ئالدىمدىن ئوقۇتقۇچىنىڭ لېكسىيىسىنى ئاڭلاپ پارتىلاردا رەتلىك ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرىم بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ كۆڭلۈمنى سېغىنىش ھېسلىرى ئىگىلەپ ئالدى.

تامدىكى دوسكىغا قاراپ قىزلار بىلەن سىزغان رەسىملەر ۋە چاقچاق خەتلەرنى ئوقۇغاندەك بولدۇم.

قېنى شۇ دەۋر؟ قېنى شۇ ساۋاقداشلىرىم ۋە ئۇستازلار؟ ھەممىسى ھازىر يوق. ئۇلارنىڭ بارلىقى ئۆتۈپ كەتتى.

شۇ يىللار بىلەن بىللە كېتىپ قالغان ئىكەن.

ھازىر ئۇلار مېنىڭ سىياسىي قىياپىتىمدىن قورقۇپ كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالساق تونۇمىغان ئادەمنى كۆرگەندەك قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. مېنىڭ ئۇلاردىن كۆڭلۈم قاتتىق قالدى.

ئەمما ھېچ ئۆزگەرمەي تۇرغان چىرايلىق، ئازادە سىنىپلىرىمىز، گۈزەل مەكتەپلىرىمىز ھازىر كىشىلەرنى سۆلايدىغان تۈرمىگە ئايلىنىپ قالدى.

تاڭ ئاتقۇچە ئادەم توشۇيدىغان ماشىنىلار توختىماي قاتراپ تۇردى. سىنىپ، زاللار بىناسىنىڭ ئاستى ـ ئۈستى ئادەم بىلەن لىق تولدى.

ئەرلەر سائەت ئونغىچە دۇتار چېلىپ «خان لەيلى»گە توۋلاپ ناخشا ئېيتىشتى.

سائەت ئون بىرلەر بىلەن بىز تۇرغان سىنىپقا تاغار يۈدۈپ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ ئاشپېزى تۇراخۇن ئۇستام كىرىپ كەلدى. مەن كۆرۈپلا تونۇدۇم. ئۇستاممۇ شۇنچە تىقما ـ تىقماق ئادەملەر ئارىسىدىن مېنى كۆرۈپ ۋاي سۆيۈنگۈل ئۇكام قانداق ئەھۋاللىرى؟ نەدىن كېلىپ قالدىلا؟ ۋاي خۇدايىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى، مانا مۇشۇنداق يەردە سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. قاچان قايتىپ كەلدىلە؟ ساق ـ سالامەت تۇردىلىمۇ دەپ ھال سوراپ كەتتى. سىلەر كەتكەندىن كېيىن مېنىمۇ يېشۆيۈئەندىن قوغلىۋەتتى. خوتۇن بالىنى بېقىش ئۈچۈن يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ قورۇتقان مېۋىلەرنى ئېلىپ كېلىپ سېتىپ شۇنىڭ بىلەن بالا ـ چاقىنى بېقىپ كېتىپ بارىمەن. ئاخشام تۇرپاندىن قورۇتقان جۇجەم ئېلىپ كېلىپ تۇرۇشۇمغا ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. كۆرمەمدىلا تىنىچ كەسىپ قىلىپ ياشاشمۇ قىيىن بولدى. جۇجەمدىن يەپ باقسىلا ئۇكام دەپ دۈپپىسىغا جۇجەم سېلىپ ماڭا بەردى. ئالمىسام كۆڭلى يامان بولمىسۇن، دەپ ئالدىم.

بىر ئايالنىڭ يىغلىغان تەرەپكە كىشىلەر ئارىسىدىن ئاران ئۆتۈپ باردىم. يىغلاۋاتقان ئايالنىڭ قولىدا يېرىم ئۆلۈك بىر بالا ياتاتتى.

بۇ بالىغا نېمە بولدى؟ دەپ يېنىغا باردىم.

بالام قىزىپ قاتتىق ئاغرىپ قالغان ئىدى، تېزلا دوختۇرغا ئېلىپ باراي دەپ كېتىۋاتسام كوچىدىن ئۆتۈپ ئېلىپ كەلدى. بالامنىڭ ئەھۋالى ئېغىر، قانداق قىلارمەن دەپ تېخىمۇ يىغلاپ كەتتى. بالا قاتتىق قىزىپ ئۆزىنى بىلمەي ياتاتتى. مەن چىقىپ خەلق ئەسكىرى بولغان خەنزۇغا بالىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ، باشلاپ كىردىم. ئۇ بالىنى كۆرۈپ دوختۇر چاقىرتىپ كېلىمەن، دەپ چىقىپ كېتىپ ئىككى سائەت بولغاندا بىر دوختۇرنى باشلاپ كەلدى. بالىنى كۆرگەندىن كېيىن ئانا ـ بالىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئىككىنچى ئۆيدىن بىر ئايالنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نېمە بوپتۇ؟ دەپ تاشقىرىدىن كىرگەن ياش ئايالدىن دوسكا تۈۋىدە تۇرغان ئادەم سورىغان ئىدى. ئىككى قات ئايال ئىكەن، قورسىقى ئاغرىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇنىڭ كەينىدىن كىرگەن ياش ئايال تۇغدۇرۇش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭغاندا يولدىن تۇتۇپ ئېلىپ كەپتۇ، مۇشۇ يەردە تۇغۇپ قويمىسا بولاتتى، دېدى.

شۇ ئارىدا ئۇ ئايالنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ قاتتىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

مۇشۇ تاپتا بۇ ئايال دوختۇرخانىغا بېرىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئەرلەر خەلق ئەسكەرلىرىگە توۋلاپ:

ـ بۇ قانداق ئىش؟ تۇغۇت ئۈستىدىكى ئايالنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارماي نېمىشقا قىينايسىلەر؟ بالىسى ئۆلسە قانداق قىلىسىلەر؟ نېمە سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئادەملەرنىڭ قىممىتى قالمىدىغۇ! بۇ بالا بىلەن ئانىنىڭ نېمە گۇناھى بار، دەپ ھەركىم ھەر تەرەپتىن خەلق ئەسكەرلىرى دېگەن خەنزۇلارغا توۋلاشقا باشلىدى.

ئارىلىقتا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ھەممە ئادەم دۈرۈلدەپ تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىراپ قارشىلىق بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى ئامالسىز ئۇ ئايالنى تېزلا دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى.

دېرىزىگە يۆلىنىپ تۇراتتىم، كىشىلەر ئارىسىنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ بىر ياش ئايال مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. كۆزلىرى يىغلاۋېرىپ قىزىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئايالنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، نېمە بولدىڭىز؟ دەپ سورىدىم.

ئۇكام مېنىڭ ئېرىم ئوتتۇنچى ئىدى. سىرتتىن ئوتتۇن ئېلىپ كېلىپ سېتىپ شۇنىڭ بىلەن ياشاپ كېلەتتۇق. تۈنۈگۈن ئېرىم ئېشەكلەرنى ئېلىپ ئوتتۇنغا كەتكەن ئىدى، ئۈچ كۈنسىز قايتىپ كېلەلمەيدۇ. بىزنىڭ ئىككى ئوغلىمىز بار، چوڭى ئۈچ ياشتا، كىچىكى بىر ياش ئىككى ئايلىق بولۇپ، بىز مۇشۇ تۇرمۇشىمىزغا رازى بولۇپ خۇشال ياشايتتۇق. ئاخشام مەھەللە جۇرۇنى كېلىپ «سىزنى مەھەللە باشقارمىسىغا چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ ئېيتقاندىن كېيىن «بېرىپلا تىزىملىتىپ كېلىدىغان ئىش بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ كاڭنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان بالىلارنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كەتكەن ئىدىم. ئۇلار مېنى ئۆيگە قايتۇرماستىن «نوپۇسسىز ئىكەنسىز» دەپ مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. بالىلار ئۆيدە يالغۇز ئۇخلاپ قالدى. كاڭدىن يىقىلىپ چۈشسە ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. قانداق قىلارمەن، ۋاي بالىلىرىم دەپ يىغلاپ كەتتى.

بالىنى يالغۇز قالدۇرغىنىڭ بولماپتۇ. نېمىشقا ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئېلىپ بارمىدىڭىز دېدىم.

– ۋاي قېرىندىشىم، مېنىڭ نوپۇسۇم يوق، ئېرىم مېنى پىچاندىن توي قىلىپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى. شۇنداق بولغاندىن كېيىن بالىلىرى كىچىك قارايدىغان كىشى يوق ئىكەن دەپ ئۇلارنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ مېنى قايتۇرار دەپ ئويلىغان ئىدىم. قانداق قىلىمەن، بالىلىرىم يالغۇز قالدى، دەپ يىغلاپ كەتتى.

قوشنىلىرىڭىز يوقمىدى؟ قاراپ قويالماسمۇ؟ دېدىم.

ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كەتتىم ئەمەسمۇ.

– مىنبىڭلارغا چىقىپ دەپ بېقىڭ، دېدىم.

خىتايچە بىلمەيمەن ئەمەسمۇ، دەپ ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

بىزنىڭ يېنىمىزدا گېپىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغان بىر ئەر كىشى «يۈرۈڭ ئۇكام» دەپ ئۇ ئايالنى باشلاپ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا كەتتى. كۆپ كېچىكمەستىن ئۇلار قايتىپ كىرىشتى.

ئۇ ئەر كىشى:

– بۇ كاپىرلارغا گەپ ئاڭلىتىپ بولامدۇ، «بالاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن ھېچ يەرگە بارمايسەن» دېدى، ئەمدى نېمە چارە، ئەھۋالنى كۈتۈش كېرەك. ئۇكام يىغلىماڭ دەپ تەسەللى بەردى. بىز تۇرغان سىنىپ پەلەمپەينىڭ ئۇدۇلىدا بولغانلىقتىن پەلەمپەيدىن چىققان ھەممە

ئادەم بىزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سىنىپلار، زاللار ئادەملەر بىلەن تولدى. بىر كېچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە بىر تۈركۈم ئادەملەرنى ئېلىپ كىردى. شۇ ئۆيدە تۇرغان كىچىك باللار چىقىپ «شىبەن تاش توشۇيدىغان ھارۋىكەشلەرنى ئات سۇغارغىلى چىققان يېرىدىن ھەيدەپ كەپتۇ» دەپ خەۋەر تېپىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا مەسچىتكە چىققان ئىمام باشلىق بارلىق جامائەتنى ھەر مەسچىتنىڭ بولۇپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئېلىپ كەلدى. سەللىلىك ئاق ساقال مەسچىت جامائەتلىرى ھاسا تاياقلىرىنى توكۇلدىتىپ يۆتىلە - يۆتىلە پەلەمپەيدىن چىقىپ كېلەتتى. ئۇلارنى كۆرگەن خەلق توۋا خۇدايىم، نېمە ئىش بوپكەتتى، دەيتتى.

تاڭ ئېتىپ ئەتراپ يورۇشقا باشلىدى. كىشلەر قاچان قويۇپ بېرەر دەپ يورۇق كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

پۈتۈن خەلققە سەپسېلىپ قاراپ چىقتىم. ئارىمىزدا خەنزۇ ياكى خۇيزۇ مىللىتىدىن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئەجەبا خەلقنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى تەشكىل قىلىپ، كوچىنى توشقۇزۇپ ئېقىپ يۈرگەن خەنزۇلاردىن بىرسى يوق. ئۇلارنىڭ بىرەرسى خەۋەر تاپماي ياكى ئادىشىپمۇ قالماپتۇ. ھەممىدىن قىزىقى ئۆي- ئۆيلەرگە كىرىپ تەكشۈرگەندە خەنزۇلاردىن نوپۇسسىز ئادەم چىقماستىن، ئەكسىچە يەر ئىگىسى بولغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆز يېرىدە نوپۇسسىز، ماكانسىز، ئىشسىز بولۇپ، كوچىلاردا ئېقىپ يۈرگەنلەر دېگەن باھانىلەر بىلەن يىغىپ ئېلىپ شەھەرنىڭ بارلىق مەكتەپ، ئىدارە، كۇلۇبقا ئوخشاش ئورۇنلار تۈرمىگە ئايلىنىپ قالدى. دېمەك، بۇ ھەربىي ھالەت پەقەت مىللىيلارغا قارىتىلغان بولۇپ، خەنزۇلار ئۈچۈن ئالدىن ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىنغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ياسىن تاشقىرىدىن كىرىپ بىزنى چاقىردى. ئۈچىمىز ئادەملەر ئارىسىدىن قىسىلىپ يۈرۈپ بالكونغا چىقتۇق. مەكتەپنىڭ ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى رېشاتكىلىق تۆمۈر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بىر - ئىككى يۈزدەك خەلق يىغىلىپ ھەر قايسى ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئېتىنى ئاتاپ توۋلايتتى. بالكوندا تۇرغان ئادەملەر سۇلانغان خەلق ئىچىدىن ئىزدەپ خەۋەر بېرەتتى. بۇ يەردە ئادەملىرى بولمىغانلار باشقا ئورۇندىن ئىزدەش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتەتتى. دەرۋازىدىكى ھالەتكە قارىساڭ خۇددى تۈرمىنى ئەسلىتەتتى. يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن ئاپام بىلەن تاغامنىڭ ئايالى مەخفۇزە ھەدەم دەرۋازا تۆۋىگە كىشلەر ئارىسىدىن سىقىلىپ چىقىپ بىزنىڭ ئىسمىمىزنى توۋلاپ بار - يوقلۇقىمىزنى سورايتتى. بىز ئۈچىمىز «بىز بۇ يەردە» دەپ قولىمىزنى پۇلاڭلاتتۇق. سادىق، لاتىپلار بارمۇ دەپ ئىزدەپ ئۇلارنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ باشقا ئورۇنلاردىن ئىزدەش ئۈچۈن كەتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ياسىنىڭ ئاكىسى نوپۇس دەپتەرنى كۆرسىتىپ ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ياسىن كېتىشتىن بۇرۇن ماڭا بىز سىڭلىمنىڭ نوپۇسى بىلەن سىزنى چىقىرىپ ئالمىساق بولمايدۇ. سىڭلىمنىڭ ئىسمى رابىيە ھوشۇر، دېدى.

مەن ھويلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە سوفىيە، غەيشەلەرمۇ كەينىمدىن يېتىشىپ كەلدى. شۇ يەردىكى ئادەملەر ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەمدى ئۇ يەردە قالغان ئىگىسى يوق ئادەملەرنىڭ ھەممىنى يىغىۋېلىشقا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. يىغىۋېلىشنىڭ ئۆزى ھەم تۈرمە، قاچان ئۇلارنى تەكشۈرۈپ كىم ئىكەنلىكى ئېنىقلانغۇچە شۇ تۈرمىدە يىللاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسلەڭنى ئېنىقلايمىز دەپ ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ جەبرلىگەندىن كېيىن بەزى ئادەملەر ئېغىر قىيناشلارغا چىدىماي راست ـ يالغاننى سۆزلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ ماتېرىيالىنىڭ ئاساسى پاكىتى قىلىپ گۇناھسىز خەلقنى كېسىپ يۇقىرى تۈرمە ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ ۋە بەزىلىرى نوپۇسسىز دەپ قەشقەر مارالبېشى قارا قىلچىندىكى «يېڭى ھايات» ئەمگەك مەيدانىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇ يەردىكى ئادەملەر رۇخسەتسىز ھېچ يەرگە بارالمايدۇ. ھەربىيلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا دېھقانچىلىق قىلىپ ئۆلمەس كۈن بىلەن ياشايدۇ.

بىز ئۆيگە كىرىشىمىز بىلەن دادام ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىپ بەك خۇشال بولدى. ئاللاھ ساقلىدى، يىغىپ ئېلىشقا ئېلىپ كەتسە بەك تەس بولاتتى. بۈگۈندىن قالماستىن نەنسەنگە قايتىپ كېتىڭلار، زامان تىنچ بولمىغۇچە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇش كېرەك، دەپ بىزنىڭ كېتىشىمىزگە ھازىرلىق قىلىشقا باشلىدى. بىز ئەمدى تاماققا ئولتۇرغان ئىدۇق، ئىشىكتىن بىر بالا كىرىپ: زۆھرەم مېنى سىلەرنى چىقتىمۇ يوق، دەپ خەۋەر بىلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى، ئاپىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەچكە ئۆزى كېلەلمىدى، دېدى.

بىز ئىچىۋاتقان چېيىمىزنى قويۇپلا كەتتۇق. ھەممىمىز زۆھرەمنىڭ ئۆيىدە يېرىم كېچىگىچە ھازىدار بولدۇق.

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى ھەربىي ھالەت ۋاقتىدا پۈتۈن ئۈرۈمچىدىن 32 مىڭ ئادەمنى تۇتۇپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق. كوچىلاردا تۇتۇپ ئالغانلارنى مەكتەپ، كۇلۇپ، تىياتىرخانا ۋە تەنتەربىيەلەرگە سولاپ بۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر قىسىم ئادەملەرنى تۇتۇپ قالغانلىرىنى نوپۇس ۋە تونۇشتۇرۇشلارغا قاراپ قويۇۋەتكەن. ئىدارە، زاۋۇت ۋە ئىش ئورۇنلاردا تۇتقانلارنىڭ ھەممىسىنى شەھەردىن سىرت جايلارغا ئېلىپ كېتىپ ئۇلاردىن ھېچكىم خەۋەر تاپالماي ئىزدەپ يۈرەتتى.

ئىنىم سادىقنى قوشنىمىز باش ساقچىنىڭ باشلىقى نۇرجان ئاكا تەنتەربىيىدە سولانغان يېرىدىن ئېلىپ چىقتى.

## 69 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

ئەتىگەن قاتناش نازارىتىدە ئاپتوبۇس كۈتۈپ تۇراتتىم. كىشىلەر ئارىسىدىن ئەترەت باشلىقى گۈلنىسا ماڭا قاراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئالدىغا باردىم. گۈلنىسا خۇددى بىر دوستىنى ۋە قېرىندىشىنى كۆرگەندەك كۆرۈشۈپ هال سورىشىپ كەتتى. «سۆيۈنگۈل بىز ئۇ يەردىكى مىللىي كادىرلار سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى بەك كۆپ قىلىمىز، ئۇلار ھەممىسى ھۆرمەت بىلەن سىلەرنى ئەسلەيدۇ. ئۇلار ئۇزاقنى كۆرەلىگەن ئىكەن، بىز ئەمدى چۈشىنىۋاتىمىز، ئۇلار خەلقىمىزنىڭ غورۇرلىنىدىغان قىزلىرى» دەپ سىلەرنى ئىززەتلەپ ياخشى گېپىڭلارنى قىلىدۇ، دەپ چىن كۆڭلى بىلەن سۆزلەيتتى. مەن ھەيران بولدۇم، راست سۆزلەۋاتامدۇ ياكى مېنى سىنىماقچىمۇ دەپ ئويلىدىم ۋە سۆزنى ئۆزگەرتىپ:

– نەگە ماڭدىڭىز دۈيجاڭ دەپ سورىدىم.

ئاپام قاتتىق ئاغرىق ئىكەن، تېلېگراممىا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقسۇغا كېتىپ بارىمەن. ئاپام ساق ۋاقتىدىمۇ بېرىپ كۆرۈشەلمىدىم. ئۇنى تىرىك كۆرەلەمدىم يوق، بىلەلمىدىم، دەپ كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

– كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ خۇدايىم بۇيرۇسا ئاپىڭىز ساقىيىپ قالار، بېرىپ كۆرۈشەرسىز دەپ كۆڭلىنى ياسىدىم. شۇ ئارىدا نەنسەنگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇس يولۇچىلارنى چاقىرىشقا باشلىدى. مەن خوشلىشىپ ئاپتوبۇسقا قاراپ كەتتىم.

يول بويى گۈلنىسانىڭ سۆزى قۇلىقىمدىن كەتمىدى. ئۇ ئادەملەر شۇنداق ئويلىشى مۇمكىنمۇ؟!

ئەگەر راستتىن گۈلنىسا دېگەندەك بولسا بۇ چوڭ بىر ياخشى ئىش بولاتتى. لېكىن ئىشەنگۈم كەلمىدى.

شۇنداقتىمۇ ئاپامنىڭ سۆزىنى ئەسلىدىم.

66 - يىلى مېنىڭ ئۈستۈمدىن يالغان ماتېرىيال يېزىپ گوڭشېغا ئەۋەتكەن ئىدى. شۇ ھەپتە ئېنىقلىتىپ كېلىش ئۈچۈن ئاپام بىلەن سوفىيە شاباخۇغا بېرىپ مىللىي

كادىرلاردىن بارات دۆيجاڭغا يولۇقۇپ، مېنىڭ ماتېرىياللىرىمنى تەكشۈرمەكچى بولۇپ ئىشخانىدا ئولتۇرغاندا تېلېفون كېلىپ بارات دۆيجاڭ ئالدىراپ تالاغا چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتا ئاپام ئوچۇق تۇرغان ماتېرىيالدىن سېتىۋالدى، ئابلېكىم، ئابلەت، يارمۇھەممەد، خەلىمە، تۇرنىسالارنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىن يېزىپ بەرگەن پاش قىلىش ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ: تووۋا بۇلار يېقىن دوستلار ئەمەسمىدى؟ بۇلارنىڭ يازغان ماتېرىياللىرىنى قارا، دەپ كۆڭلى بەكمۇ يامان بوپتۇ. شۇ چاغدا تېلېفون يەنە جىرىڭلاپتۇ، تالادىن خەنزۇ كادىر كىرىپ تېلېفوننى ئېلىپ «بۇگۈن مىللىي كادىرلارنى تۇتۇش كېرەك» دەپ بىر قانچە مىللىي كادىرلارنىڭ ئېتىنى ئاتاپ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ كېتىشىگە ئەترەت باشلىقى بارات كىرىپ ئاپامدىن تېلېفون كەلدىمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئاپام ھەئە كەلدى دېگەندىن كېيىن بارات ئالدىراپ نېمە دېدى دەپ سىڭلىمغا قارىغاندا سوفىيە ئاڭلىغانلىرىنى دەپ بېرىپتۇ. كىشلەرنىڭ ئېتىنى ئاتىدىمۇ دەپ بارات بىر ئاز جىددىيلىشىپتۇ، ھەئە دەپ ئاپام بىلەن سوفىيە ئاڭلىغان ئىسىملارنى دەپ بېرىپتۇ، ئەترەت باشلىقى باراتنىڭمۇ ئىسمى بار ئىكەن. ئۇ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇپ، چاپسان قايتىپ كېتىڭلار، ھازىر بۇ ئىشلارغا قارايدىغان ئادەم يوق. بۇ يەردە مىللىي كادىرلارنىڭ ئۆزىگىمۇ كۈن يوق. مەن كەتمىسەم بولمايدۇ، دەپ يۈگۈرۈپ چىقىپ، ماڭغىلى تۇرغان ماشىنا بىلەن كېتىپ قالدى، دەپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. بۇ مىللىي توقۇنۇشلار ئۇلارغا بىزنى ئەسلەتسە كېرەك دەپ ئويلىدىم.

## 69 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

غەيشە: توكەن ئاغا كەپتۇ، ئۇنى كۆردۈم، بۈگۈن كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ سىز بىلەن كۆرۈشمەن، دەپ قويىدىغان سۆز بار ئىدى، ياتماي تۇرسۇن دەيدۇ، دېدى.

مەن دوختۇرخانىدا ياتقاندا توكەن بىر قانچە مەرتىۋە يوقلاپ كەلگەن ئىدى. ئۇ بىزنىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى قاجاينىڭ ئۇكىسى بولۇپ، ئۇ شەرقىي تۈركىستان ئىنستىتۇتىنى تۈگىتىپ قۇتۇبى تەرەپتە خىزمەت قىلاتتى. ھەربىي ھالەت بولۇشتىن بۇرۇن ئىككى ئادەم بىلەن كېلىپ غۇلجا ئوبلاستلىق ھەربىي رايوننىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئېلىپ كېلىپ مېنى غۇلجا ئارقىلىق سوۋېتكە ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى بولۇپ كەلگەن ئىكەن، لېكىن مەن ئۇ پىكىرگە قوشۇلمىدىم. چۈنكى مەن قېچىپ كەتكەن بىلەن ئۆيدىكىلەر ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى ئېنىق، بەلكى ئاتا ـ ئانامنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېشى ھەم مۇمكىن.

ئۇلار ھەربىي ھالەت بولۇشتىن بۇرۇن غۇلجىغا ماڭمىز، دەپ كەتكەن ئىدى.

ھەجەپ تېز قايتىپتىغۇ دەپ ئويلىدىم. سائەت 12 دە توك تارقىتىش ماشىنا توختاپ، پۈتۈن ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. مەن ياتماي كۈتۈپ ئولتۇردۇم. كۆپ كېچىكمەستىن توكەن كەلدى. قاراڭغۇدا پاراڭلاشتۇق. چۈنكى توكەن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ يۈرگەننى باشقىلار بىلىپ قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى. سۈپا ئۈستىدە ئۇكىلىرىم ئۇخلاۋاتاتتى.

توكەن ماڭا: مەن غۇلجىغا كېتىشتىن بۇرۇن سىز توغرۇلۇق باشلىقلار بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇلار سىزگە ئەزا قوبۇل قىلىشنى تاپشۇرغان ئىكەن، مەن ئۇلارغا سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ ئۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمايدۇ، دېدىم. ئۇلار سىزنى ئەزا قوبۇل قىلماي تىنچ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۆزگىرىشلەر بولسا بىز ئۆزىمىز خەۋەر قىلىمىز دەيدۇ، دېدى.

بۇ ھەربىي ھالەت كۈنى بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى قولغا ئېلىنىپ كەتتى. ئۆز ئىچىمىزدىن خائىنلار چىقتى ئەمەسمۇ. ئەمما تەشكىلات تۈگىمىدى. قالغان ئادەملىرىمىز ئېھتىيات بىلەن ئاستا ئىش داۋاملاشتۇرىدۇ. ھازىرچە تىنچ تۇرۇپ دىققەت بىلەن ۋەزىيەت كۆزەت قىلىشىمىز ۋە شۇنىڭغا قاراپ ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. ئەگەر بۇ يەردىكىلەر سىزنى بىلىپ قالسا سىزگە بەكمۇ ئېغىرچىلىق بولار دەپ ئويلايمىز، دېدى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن شەھەردىن سوفىيە كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە: قەييۇم، ياسىن ئارقىلىق ئەھۋاللارنى ئۇقتۇرۇپتۇ. مالىك قولغا ئېلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ تەشكىلاتتىكى پۈتۈن ئادەملەرنى ھەر بىر ئورۇنلاردىن تۇتۇپ باشلىقلىرىنى قولغا ئېلىپ، قالغانلىرىنى مەسىلە تاپشۇرغۇزۇۋېتىپتۇ. قەييۇمنىمۇ مەكتەپتە ئۆگىنىشكە ئېلىپتۇ. ئەگەر قاتتىق قىيناشلار جەريانىدا مالىك پاش قىلىپ قويسا، ئۇ چاغدا مەنمۇ دېمەي ئامالىم يوق، راستىنى بۇ ئىش پاش بولۇپ قالسا سۈيۈنگۈلگە تەس بولىدۇ. كۆڭلىدە تەييارلىق بولسۇن، ئەمدى بۇ تەشكىلات ھازىرچە ھەرىكەتسىز جىم تۇرۇشى كېرەك، دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ كۆڭۈلسىز بولدۇم. ئۆمۈر بويى ئىزدەپ ئاران تاپقان ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمنى يوقاتقاندەك بولدۇم. كۆڭلۈمدىكى زور ئۈمىدلىرىم قاراڭغۇ كېچىدە كۆرۈنۈپ ئۆتكەن چاقماقتەك بولۇپ قالدى. بۇ كۈنلەرنى يەنە يالغۇز ئۆزۈم كېچىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى.

ئالدىمدا مېنى تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەر كۈتۈپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. ھەقىقەتەن بۇ ئەھۋاللارنى بۇ يەردىكى خەلق بىلسە مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم. باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن. لېكىن بۇ ھەقتە ھېچنەرسىنى ئېيتماسقا

ۋە بەرگەن قەسەمنى بۇزماسقا «ئۆلسەممۇ ئىقرار قىلىپ ئاغزىمدىن چىقارماسقا قارار قىلدىم.»

29 - ئىيۇندىكى ھەربىي ھالەتتە ئېلىپ كەتكەن ئادەملەر ئۇستىدە ئەمدى خەۋەر تېپىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزى ئادەملەرنى قولغا ئېلىپ تۈرمىلەردە سوراق قىلىپ ۋە بەزىلىرىنى شەھەردىن سىرت جايلاردا تۇتۇپ تۇرۇپ مەسىلە تاپشۇرغۇزۇۋېتىپتۇ. ئاندىن قالغانلارنى شەھەردە يەنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر بىر شەھىرىدە يېزا گۇڭشېلاردا، ئىدارە، كارخانا، زاۋۇت ۋە ھەر بىر ئورۇن ئۆزلىرىدە ئۆگىنىش گۇرۇپپىلار ئۇيۇشتۇرۇپ مەسىلە تاپشۇرغۇزۇۋېتىپتۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر بىر ئورۇنلىرىدىن بۇ تەشكىلاتقا نۇرغۇن ئادەم قاتناشقان ئىكەن، مەسىلەن، تۇرپاننىڭ «قىزىل بايراق» گۇڭشېسىدا پەقەت بوغالتىر بىلەن گۇڭشېنىڭ مۇئاۋىن رەئىسىدىن باشقا ھەممە ئادەم «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ چىقىپتۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىشىلەر كوچىلاردا توپلىشىپ ئولتۇرۇپ، قولىدىن قان چىقىرىپ قەسەم قىلىش بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىۋەرگەن.

69 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا ئىمىنوپىنىڭ ئىككى قىزى سوۋېتكە قېچىپ ئۆتمەكچى بولۇپ، بىر ماشىنا ئادەم بىلەن غۇلجىغا كېتىپتۇ. لاتىن رايونلۇق گۇڭشەنىڭ ئىدارىسىدىن ماشىنا چىقىرىپ ھەم بىر ئادەم بىللە ماڭغان دېگەن سۆزلەر خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ يۈردى. ئۇ قىزلار بىلەن نۇرغۇن ئادەم غۇلجىغا كەلگەن بولسىمۇ لېكىن قانداقتۇر باشقىلار ئايرىلىپ قېلىپ ئەڭ ئاخىرى ئىمىنوپىنىڭ ئىككى قىزى بىلەن كىچىك قىزىنىڭ يىگىتى ئارسلان قاتارلىق بىر قانچە كىشىلەرلا ئۆتۈپ كېتەلىگەن. 29 - ئىيۇن شەرقىي تۈركىستان بويىچە يۈرگۈزۈلگەن چوڭ «ھەربىي ھالەت» كۈنى قىزلار بىلەن كەلگەن بىر ماشىنا ئادەم يېزىلارغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنسىمۇ لېكىن ئۇ كۈنى ئۇلارنى شەھەر ھەم يېزىلاردىن ئاقتۇرۇپ، ھەتتا دەرەخلەر ئۈستىگە چىقىپ ئالغانلارنىمۇ قول چىراغ ۋە مىلتىقلار بىلەن ئېتىپ يۈرۈپ تۇتۇپ كەتكەن ئىكەن.

ئۇ قىزلار كىرگەنلا ئۆيدىكى بىگۇناھ خەلقلەرنى تۇتۇپ ۋە بەزىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئاتقان ئىكەن، بۇلار بىلەن قاچقان ئەھمەد ئىگەمبەردىمۇ تۇغۇتلۇق ئايالىنى ئىككى بالا بىلەن ھەم ئاغرىقچان قېرى ئانىسىنى تاشلاپ كەتكەن بولسىمۇ نېمىشقىدۇر كېتەلمەي قولغا چۈشۈپ، 10 يىل تۈرمىدە يېتىپ، 79 - يىلى سىڭلىم زەكىيە بىلەن توي قىلىپ،

شۇ سەۋەبتىن سىڭلىم بىزدىن كېيىن قېلىپ، ئەھمەدنىڭ رەسمىيەتلىرى بىلەن تۆت يىل ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، بىز بولساق ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىگە، خىتاي ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەرز يېزىپ، 85 ـ يىلى مىلىڭ تەسلىكتە ئاۋستىرالىيىگە ئېلىپ چىقتى.

شۇ ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن تۈرمە، «يىغىپ ئېلىش» ئورۇنلار قولغا ئېلىنغان ئادەملەر بىلەن تولۇپ، ئىدارە، زاۋۇت، مەكتەپلەر تۈرمە ئورۇنلىرىغا ئايلاندى. ھەتتا يېزا ـ گۇڭشېلاردىمۇ كىشىلەرنى رېجىم ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇپ مەسىلە تاپشۇرتۇپ ئېلىش ھەرىكىتى باشلاندى.

# 70 - يىلى 5 ـ مارت

ئۈرۈمچى 2 - دوختۇرخانىدىن ماڭا «ھەر قانداق ئەمگەك قىلىشقا يارىمايدۇ. ئۈچ ئايدا بىر مەرتىۋە دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ تۇرۇشى كېرەك» دەپ ئىسپىراپكا يېزىپ بەرگەن ئىدى.

سالامەتلىكىم ياخشى بولمىغانلىقتىن شەھەرگە دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن كەلدىم، ئىككى ھەپتە بولماستىن گۇڭشېدا ئۆگىنىش باشلاندى دەپ خەۋەر كەلدى. مەن نەنسەنگە قايتىپ كەتتىم. ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشۇمغا يېڭى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ياڭ زوروڭ دېگەن ئادەم ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ھەممىمىز ھەيران بولۇپ قاراپ قالدۇق. ئۇ ماڭا قاراپ:

ـ گۇڭشېغا بارساڭ، بىر ئاز سۆزلىشىدىغان نەرسە بار ئىدى، دېدى. يۈرىكىم «جۇغ» قىلىپ قالدى. بۇ يەرگە خەۋەر يېتىپ كەلدىمۇ نېمە؟ دەپ ئويلىدىم.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەممىمىز ياڭنىڭ سۆزىدىن ئەنسىرىدۇق.

كۆپ كېچىكمەستىن گۇڭشېغا باردىم، ياڭ مېنى ئۆز ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئىشىكنى چىڭ يېپىپ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن مېڭەمدىن ھەر تۈرلۈك پىكىرلەر كېچىپ ئۆتتى. ياڭ ئۈستەل تارتمىسىدىن بىر دەپتەرنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇپ ماڭا قاراپ سوئال بېرىشكە باشلىدى. ئىسمىمنى، ئاندىن قايسى مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىمنى سورىدى.

مەن مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇدۇم ھەم قولغا ئېلىنىپ ئاندىن گوڭشېدا رېجىم ئاستىدا ئىشلەيمەن دېدىم.

ياڭ يەنە مەندىن: نېمە سەۋەبتىن قولغا ئېلىندىڭ؟ دەپ سورىدى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى ئۈچۈن تەشكىلات قۇرۇپ قولغا ئېلىندىم، دېدىم. بۇ سۆزۈمگە ھېچقانداق يامان پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى، ياڭنىڭ بۇنداق يۇمشاق پوزىتسىيىسىنىڭ ئاستىدا بىر سىر بار دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىپ قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇ دەپتەردىن كۆزىنى ئېلىپ ماڭا قاراپ سېنىڭ ئۈستۈڭدە پىكىر بار. سەن مۇشۇ يەردىكى ئادەملەرنى تەشكىللەپ سوۋېتكە قاچماقچى بولغان ئىكەنسەن راستمۇ؟ دېدى.

مەن كۈتۈلمىگەن بۇ تۆھمەت سۆزگە ھەيران بولۇپ، ئاغزىم ئېچىلىپ قالدى. ياق بۇ پۈتۈنلەي يالغان سۆز. مەن كۆڭلۈمدىكى سۆزنى ئېيتسام پەقەت قېچىش ئويىغا كەلمىدىم. چۈنكى مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ۋە كىچىك ئۇكىلىرىم بار، ئەگەر مەن قاچسام ئۇلارنىڭ كۈنى نېمە بولىدۇ؟ مېنى قاچتى دەپ ئاتا ـ ئانامنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ، ئۆيدىكى ئۇكىلىرىم تېخىمۇ ئېغىر بېسىم ئاستىدا قالىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرى بۇنىڭدىنمۇ ناچارلىقا چۈشىدۇ، مەن ئۇلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارنى ئۇتقا تاشلاپ قانداق كېتەلەيمەن؟ شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ قاچقاندا بىر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەمدىم؟ بۇنداق قىلىش بىر چوڭ ئەخمەقلىق، ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، بۇنداق جىق ئادەم بىلەن قېچىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ھەم كۆپ كىشى بىلەن قېچىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ ھەم مەن بىر قىز بالا ئەرلەر بىلەن قېچىپ يۈرمەيمەن، دېدىم. ياڭ ئورۇندۇقنى تەتۈر قويۇپ ئۇنىڭغا مىنىپ ئولتۇرۇپ، جىددىي ھالدا سەن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتىغا قاتناشتىڭمۇ يوق؟ دەپ سورىدى. يۈرىكىم «قات» قىلىپ كەتتى. مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەستىن:

ئەگەر مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولسام ئېيتمايمەن دېسەم بېشىمنى چاپسىمۇ ئېيتمايمەن. لېكىن سەن ئېيتىشنى خالىساڭ، مەن ئىككىنچى سەندىن سورىمايمەن، دېدى.

مەن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم، بۇ سۆزنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟! بۇ قانداق تاكتىكا قوللىنىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدىم ۋە ئۇنىڭغا مەن ھېچقانداق تەشكىلاتقا قاتناشمىدىم، مەكتەپتە بولغان تەشكىلاتتىن باشقا تەشكىلاتلاردىن خەۋىرىم يوق، دەپ جاۋاب بەردىم. سېنىڭ ئۈستۈڭدىن نۇرغۇن ماتېرىياللار كەلدى. ئەگەر سەن راستتىن بۇ ئىشتا يوق بولساڭ، بۇ يالغان ماتېرىياللارنى ئىناۋەتسىز قىلىپ يوقىتىمەن دېدى.

مەن ئۇنىڭغا تەكرارلاپ مەن ھېچ ۋاقىت ئۇنداق ئىشلاردا بولمىدىم، دېدىم. ئۇ مەندىن سوراق قىلىپ ئولتۇرۇشنىمۇ خالىمىدى. يېقىن دوستلىرى بىلەن سۆزلەشكەندەك ھۆرمەت بىلەن سۆزلىشىپ ئاندىن ئۆيگە كېتىشىمگە رۇخسەت قىلدى. ئۇ ئادەمنىڭ تۇتقان مۇئامىلىسىگە قاراپ ھەيران بولدۇم ۋە ئۇ ئۆزىمۇ شۇ تەشكىلاتتىمۇ نېمە؟ دېگەن پىكىر كۆڭلۈمگە كەلدى. ئۆيگە كېلىپ سىڭىللىرىمغا سۆزلەپ بېرىپ ھەيران بولدۇم. سىڭىللىرىممۇ بۇ ئادەم كېلىپ بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئۇ بىزگە سىلەرنىڭ ياخشى ھەدەڭلار بار دەپ سىزنى كۆرمەستىن بىزگە دېسە بىز ئۇ تەتۈر سۆزلەۋاتامدۇ، دەپ گەپ قىلماي قويدۇق، دېدى.

غەيشە: بۇ ئادەمدە قانداقتۇر بىر سىر بار، بىزدىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىپ يۈرەمدۇ؟ دېدى.

سوفىيە: ياق، مەن بۇنىڭ ئۆزى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسىمىكىن، دەپ ئويلايمەن، دېدى. مەن سوفىيەنىڭ سۆزىنى تۈزىتىپ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى ئەمەس، بولسا «جۇڭگۇداڭ» (ۋەتەننى قۇتقۇزۇش) پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنداق دەپ ئويلاش قىيىن، دېدىم.

# 70 - يىل ئاپرېل

كەچتە ئىنى - سىڭىللىرىم بىلەن ئۆيدە قىزىق پاراڭدا ئولتۇراتتۇق، ئىشىكنى ئېچىپ ئىككى خەنزۇ مىنبىڭ ۋە كەينىدىن دادام ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۈكىلىرىم چوقۇرۇشۇپ بېرىپ دادامغا ئېسىلىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. ئۆيىمىز خۇشاللىققا چۆمۈپ كەتتى. ئۇ ئىككى مىنبىڭ داداڭلارنى ئېلىپ كېلىپ قويدۇق، دەپ چىقىپ كەتتى. كۆڭلىمىزگە بىر ئەنسىرەش كەلدى. دادامدىن قانداق كەلدىڭىز؟ مىنبىڭلار سىزنى ئېلىپ كەلدىمۇ، مۇشۇلار شەھەرگە بېرىپ ئېلىپ كەلدىمۇ؟ دەپ ئەنسىرەپ سوراشقا باشلىدۇق. دادام كىيىملىرىنى سېلىپ ئولتۇرۇپ ۋەقەنى سۆزلەشكە باشلىدى.

مەن ئۆيدە يالغۇز ئولتۇراتتىم. كىچىك قىزىم مۇشەررەپ تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ پەيچۇسونىڭ موتسىكلىتى بىلەن ئىككى ئادەم كەلدى، دەپ خەۋەر بەردى. بىچارە قىزىم بەك قورقۇپ كېتىپتۇ، كۆزلىرى ئالىقاندەك بولۇپ، ئاغزىغا سۆز كەلمەي قاپتۇ. كەينىدىنلا ئۇلارمۇ كىرىپ كەلدى.

ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇق بار، موتىسىكلىتقا مېنى ئولتۇرغۇزدى. قىزىم بىچارە يۆگۆرۈپ چىقىپ ئالدىمغا ئولتۇرغان ئىدى، ئۇنى چىقىرىپ سۆرەپ چۈشۈرۈپ مېنى ئېلىپ كەتتى ۋە نۇرباغدىكى نېفىت ئىنستىتۇتىغا ئاپىرىپ ئىككى كۈن سولاپ قويدى. ئۇ نېفىت ئىنستىتۇتىنىڭ بارلىق بىناسىنىڭ ھەر بىر قەۋىتىدە تۇتۇپ كەلگەن ئادەملەر بىلەن لىق توشۇپ بوش بىر ئېغىزمۇ ئۆي قالمىغان ئىكەن. ئۇ يەردە ياتقان ئادەملەرنىڭ ئالدىغا بىر يىلغا يېقىن بولۇپ كەينى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىكەن. ئۇ يەردە ئورۇن - كۆرپە، كىيىم - كېچەكتىن ھېچنەرسە يوق. كۈنىگە ئۈچ ۋاقىت قوناق ئۇنىدىن ئوماچ بېرىپ تۇرىدۇ. بەزى ئادەملەرنى بۇ يەردىن يۆتكەپ ئېلىپ كەتسە ئورنىغا ئۈزلۈكسىز ئادەم كېلىپ تۇرىدىكەن. قىسقىسىنى ئېيتقاندا بۇ جايمۇ بىر تۈرمە ئورنى بولۇپ قالغان ئىكەن دېدى.

دادام بىزنىڭ «دادامنى ئېلىپ كېلىپ كۆرەش قىلىپ ئورۇپ ئۆلتۈرسە قانداق قىلىمىز» دېگەن ئەنسىرەشلىرىمىزنى بىلىپ، قورقماڭلار، مېنى ئىككى سائەت بۇرۇن ئېلىپ كەلگەن ئىدى. مېنى ئۇلار چوڭ ئەترەت ئىشخانىسىدا سوراق قىلدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى قابدالنىڭ مەسىلىلىرىدىن بىلگەنلىرىڭنى ۋە چوڭ ئەترەتنىڭ بوغالتىرى سالىقنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدە خەلقتە پىكىر كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھېساباتلىرىنى تەكشۈرۈپ ھەم بىلگەنلىرىڭنى ئېيتىپ بەر، دەپ ئىككى سائەت سوراق قىلدى. مەن پەقەت ئۇلار ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيمەن، دېدىم. سالىقنىڭ خىيانىتىنى بىلىش ئۈچۈن ناھىيىدىن بوغالتىر ئېلىپ كېلىپ تەكشۈرۈپ ھېسابلاتساڭ ھەممىسى ئېنىق بولۇپ چىقىدۇ. مەن تەكشۈرگۈچە ئۇلار كېلىپ تەكشۈرگىنى ئوچۇق ھەم ياخشى بولىدۇ دېدىم، دېدى.

بىز ھەممىمىز نېمىشقا دېمەيسىز، ئۇ زالىملارنى ئۇرىدىغان ۋاقىتتا ئۇرۇش كېرەك ئەمەسمىدى دەپ ئېچىنىپ كەتتۇق. دادام قىزىق سۆزلەيسىلەر سىياسەت دېگەن بۆگۈن ئوڭ، ئەتە تەتۈر، بۆگۈن ساڭا دېگۈزگەن بىلەن ئەتە سېنى يەنە ئۇرىدۇ. ئۆز گۆشلىرىنى ئۆزى يېسۇن «تۆگە كۆردۈڭمۇ؟ يوق» دېگەندەك ئۇششاق - چۈشەك نەرسىگە باش تىقماسلىق كېرەك، دېدى. باشقىنى قويۇڭلار، چىرايلىق ئولتۇرۇپ چاي ئىچەيلى دەپ چاي قاينىتىپ كۆڭۈللۈك چاي ئىچتۇق. سىڭلىم زەكىيەنىڭ ئوغلى شۆھرەتمۇ بىر يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت بىز بىلەن بىللە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ھەممىدىن خۇشال ئىدى. بوۋىسىنىڭ ئېتىكىگە چىقىپ ئېلىپ ئەركىلەپ قۇچاقلاپ سۆيەتتى. ئۆيىمىزنىڭ ئىچى كۆڭۈللۈك بولۇپ كەتتى.

سوفىيە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن شەھەرگە كەتتى. ئۇلارمۇ ئىككى كۈندىن كېيىن نېفىت ئىنستىتۇتىدا دەپ ئاڭلاپ بارسا، تونۇغۇن نەنسەنگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

70 - يىلى ئاپرېلدا مەن ئىشتىن قايتىپ كېلىپ ئەمدى ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشۇم ئىدى. ئىشكتىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەت باشلىقىنىڭ ئوغلى ئابلىمىت كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ ئىنى - سىڭىللىرىم بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ يۈرسىمۇ لېكىن مەن بىلەن سۆزلىشىپ كۆرگەن ئەمەستى.

كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۆيى ئىچىگە سەپ سېلىپ ھېچكىم يوقلۇقىدىن خاتىرجەم بولغاندەك كۆرۈندى.

ئابلىمىت: «مەن سىز بىلەن بىر نەرسە ئۈستىدە سۆزلىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم» دېدى. ئۆزىنىڭ ئەنسىرەپ تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ـ ھە سۆزلە دېدىم.

ئورازان مېنى سىزگە ئەۋەتتى، سىز مۇشۇ يەردىكى بارلىق ئىشنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىپ «مەن قىلدىم» دەپ ئېيتسىڭىز، بۇ يەردىكىلەر قۇتۇلۇپ قالىدۇ، دەيدۇ. چۈنكى سىز قالپاقلىق بولغاندىن كېيىن سىزلا كۆتۈرۈپ باشقىلىرىمىزغا ياردەم قىلغان بولار ئىدىڭىز، دېدى.

بۇلار ماڭا بوھتان چاپلاپ بىر بالاغا تىقماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم رەنجىپ قالدى.

ـ سېمە دېگەن ياخشى گەپ، ھەر كىم ئۆز ئىشى ئۈچۈن ئۆزى جاۋاب بەرسۇن «يېمىگەن مانتىغا پۇل تۆلەپ ئولتۇرمايمەن»، سەن رەنجىمە ئۇكا، بۇ يەڭگىل ئىش ئەمەس، دېدىم.

ئابلىمىت بىر ئاز قىسىلدى، «مەنمۇ دېگەن ئىدىم، ئۇلار ئۇنىماستىن مېنى ئەۋەتتى» دەپ خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئەپسىزلەندى.

سىز مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى بىر كىمگە دېمىسىڭىز دەپ ئۆتۈندى، خاتىرجەم بول، مەن سېنى كۆرمىدىم، دېدىم.

ئابلىمىت شۇنداق چاققان چىقىپ كەتتى. كەينىدىن ئىشىككە قاراپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. بۇ ئىشتا قانداق ياردەم قىلىش مۇمكىن، بۇ توغرا پىكىر ئەمەس، ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتمەستىن دادۈينىڭ باشقا ئەترەتلىرىدىن سەكسەنگە يېقىن ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ گوڭشېنىڭ يېنىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇردى. بارلىقىمىز كۆچۈپ كېلىپ كېچە - كۈندۈز ئۆگىنىش ئېلىپ باردۇق. ئايالاردىن بىرلا مەن قالغانلىرى ئەرلەر،

بۇلارنىڭ ھەممىنى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىغا قاتناشتى دېگەن گۇمان بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

ئوتتۇرىدىكى بىر سىنىپقا مېنى ئورۇنلاشتۇردى. خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ چۈشكەن ئايال كادىر بىلەن بىللە ياتاتتۇق. كىشىلەر ئاغزىدا ئۇ ئايالنى «ياڭنىڭ ئالدىغان قىزى ئىكەن تېخى توي قىلماپتۇ» دەپ سۆزلىنىپ يۈرەتتى، راستتىن ياش بىلەن ئىككىسى بەكمۇ يېقىن ئىدى.

ئەرلەرگە يوغان ئىككى سىنىپنى ياتاق ئورنى قىلىپ بەردى. قالغان سىنىپلارغا گۇرۇپپىلارنى بۆلۈپ ئۆگىنىش جىددىي باشلىنىپ كەتتى. ئەتىگەندىن يېرىم كېچىگىچە مەسىلە تاپشۇرۇش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى. كۈندۈز ئىككى ـ ئۈچ سائەت كۈرەش يىغىنى بولىدۇ. كۈرەش ئوبيېكتىپى چەۋچىزى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى خەمىت شاۋجاڭ ئىدى.

مۇدىر ئۈستىدىكى پىكىرلەر بولسا، «خەمىت شاۋجاڭ شەھەرگە بېرىپ قانداقتۇر بىر ئەكسىلئىنقىلابچى تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ كېلىپ، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرۇپ، تەشكىلات قۇرۇپ ئەترابقا ئادەم توپلىغان» دېگەن پىكىر ئاساسىدا بولۇپ، كۈندە شۇ بىر خىل پىكىر چۈشەتتى.

ئەمدى كىچىك گۇرۇپپىلاردا ھەر بىر ئادەمنى ئايرىم ـ ئايرىم مەسىلە تاپشۇرتاتتى. بىزنىڭ گۇرۇپپىدا قىرىقتىن ئارتۇق ئادەم ھەر كۈنى شۇ مەسىلە تاپشۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن مەشغۇل بولدۇق. ئەمما بىر ئادەمنى قارىلىغۇدەك پاكىتلىق ئاساسى يوق ئىدى. پەقەتلا مۇماقاننى چەۋچىزىدىكى ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تاپشۇر، دەپ قىستايتتى. چۈنكى چەۋچىزىدىكى ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ بىر بۆلۈمچىسى جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ئىدارىنىڭ باشلىقى ئابلىزنى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىغا قاتناشتى دەپ ئۈرۈمچىدىكى ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. ماماقاننى ئابلىز بىلەن يېقىن، سەنمۇ شۇ تەشكىلاتتا بار، پاش قىل، دەپ پىكىر چۈشتى.

ماماقان 50 ـ 60 ياشنىڭ ئارىسىدىكى چوڭ ئادەم، ئۇنىڭ ئايالى نەنسەندىكى تۇغۇت ئانىسى رەشىدەنىڭ قىزى ئىدى. رەشىدەنىڭ ئېرى قازاق، ئۆزىنى بولسا كىشىلەر ئورۇس، بەزىلىرى تاتار ۋە بەزى كىشىلەر ئۇيغۇرمۇ دەيتتى. ماماقاننى ئابلىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە سۆزلە دېسە ئالدىرىماستىن ئولتۇرۇپ:

ــ نېمە مۇناسىۋىتىمىز بار دەيسەن، بىزنىڭ قىرىقتەك توخۇمىز بار. مېنىڭ ئايالىم

تۇخۇملارنى سېۋەتكە سېلىپ شۇ ئورمان ئىدارىسىدىكىلەرگە سېتىپ چاي، تۇزلۇق پۇل تاپاتتى. ئابلىزنىڭ ئايالى سارت ئىكەن. مېنىڭمۇ ئايالىم سارت، ئابلىزنىڭ ئايالى «ئۆيگە كىرسىلە» دېسە، مېنىڭ ئايالىم كىرىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭدا بار بەش ئوغۇل مېنىڭدە بار بەش قىز، مانا شۇ مۇناسىۋەت دەپ بەكمۇ ساددا قىلىپ جاۋاب بېرەتتى. سۆز- ھەرىكەتلىرى كۆلكىلىك، قىزىق ئادەم ئىدى.

قىسقىسى ئۇ ئۆگىنىش، تەشكىلات توغرۇلۇق ھېچقانداق پىكىر چۈشمىدى. تۇرمۇشتىكى ئاددىي نەرسىلەر ئۈستىدە مەسىلە تاپشۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

ئۆگىنىش ئۈچىنچى ھەپتىسىگە كەلگەندە بىر كېچىدە ماشىنا كېلىپ، بىزگە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ياڭ زوروڭنى قولغا ئېلىپ قالغانلىرىنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلدى. كىشلەرنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا ياڭ زوروڭنى «ۋەتەنتى قۇتقۇزۇش» پارتىيىسىنىڭ ئادىمى ئىكەن، ئۇلار پاش بولۇپ قاپتۇ دېگەن سۆزلەر ئېقىپ يۈردى. بۇ يېڭى كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپا، كىشلەرگە قاتتىق مۇئامىلە قىلىدىغان، ئېشىپ كەتكەن سولچى (ئاكتىپ) لار ئىدى. بىزگە ھەر كۈنى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال ماۋزېدۇڭنىڭ رەسىمىگە سالام قىلدۇرۇپ باش ئەگدۈرەتتى ۋە ئۇنى ماختاپ شېئىرلار ئېيتقۇزاتتى ۋە كۈرەش يىغىنلىرىنى كۆپەيتىپ، ئادەملەرگە قاتتىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئەمما مەسىلە تاپشۇرغۇچىلار شۇ بۇرۇنقى پوزىتسىيىسىدىن ھېچ ئۆزگەرمىگەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ بىر ئىش قىلالماي قالدى.

سىنىپقا كىرسەك تامغا يوغان قىلىپ 70 ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ يېزىلغان ئېلان تاختىسىنى چاپلاپ قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھۆكۈم ئىجرا قىلىدىغان كۈنى بۈگۈن ئىكەن. بۇلاردىن ئاتمىش نەچچە ئادەم مىللىيلار بولۇپ، قالغانلىرى ئادەم ئۆلتۈرگەن خەنزۇلار ئىكەن. بىز ئۇلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى، ياشلىرى ۋە جىنايىتىنى ئوقۇپ تۇراتتۇق، ئىشىكتىن يېڭى كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى كىرىپ كەلدى ۋە كۆپچىلىككە قاراپ «كۆردۈڭلارمۇ» دەپ سۆز باشلىغۇچە ھەممىمىز ئورۇنلىرىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۈلگۈردۇق. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ «ئەگەر سىلەرمۇ ياخشى بولماي مەسىلىلىرىڭلارنى تولۇق تاپشۇرمىساڭلار، سىلەرگىمۇ ئۆلۈم جازاسىنى بېرىپ ئاتىمىز!» دەپ ھەممىمىزنىڭ كۆزىگە بىردىن قاراپ چىقتى. يېنىمدا ئولتۇرغان ئابلىمىت «ئەمدى شۇ كەم بولۇپ تۇراتتى» دېدى.

خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى «نېمە دەيدۇ؟ نېمە دەيسەن» دەپ ئابلىمىتنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى. مەن «ئۇ مەندىن قەلەم سورىدى» دەپ جاۋاب بەردىم ھەم قەلەمنى

چىقىرىپ ئابلىمىتكە ئۇزاتتىم. «دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار دەپ ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، بۇندىن بۇرۇنقى ئىككى تۈركۈم ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئادەملەرنى ئەسلىدىم، بىرىنچى تۈركۈمدىكى 19 ئادەم ئارىسىدىمۇ كۆپ ساندىكىلەر مىللىيلار ئىدى. ئۇلارنى لاتىن رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئالدىدىكى مەيداندا ئۇرۇمچى شەھەر بويىچە چوڭ سوت يىغىنى ئېچىپ 19 ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى ئىنچىكە سىم بىلەن بوغۇپ باغلىغانلىقتىن ھۆكۈم ئىجرا قىلىنغۇچە كۆپ ساندىكى ئادەملەر مەيدانغا يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن.

ئىككىنچى قېتىم 29 ئادەمنى سوتلاپ «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىغا قاتناشقان «ئەكسىلئىنقىلابچى» ئۇنسۇر دەپ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇلار ھەممىسى دېگۈدەك جاسارەتلىك ۋەتەنسۆيەر، قەھرىمان، مىللىي ياشلار ئىدى. بۇ شېھىدلارنىڭ ئەڭ كىچىكى دولقۇن ئىبراھىم ئەمدى 18 ياشقا كىرگەن، ئۆتكۈر، ئەقىللىق «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىدىمۇ قابىلىيەتلىك، يارامىلىق تەشكىلات ئىشلىرىغا كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن باتۇر ياشلارنىڭ بىرسى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن ئىكەن. ئۇنىڭغىمۇ 29 ئادەم بىلەن بىللە ئۆلۈم ھۆكۈم ئىجرا قىلىندى.

دولقۇننىڭ ئاكىسى ئىرىك بىر قانچە ياشلار بىلەن شۇ كېچىدە ئۇكىسىنىڭ جەسىتىنى جىنايەتچىلەر قەبرىستانىدىن يوشۇرۇنچە ئېلىپ ئۇرۇمچى يەنەنلۇدىكى قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ قويغان ئىكەن.

دولقۇننىڭ دادىسى غەنى مۇئەللىم ئەسىر باشلىرىدا قازاندىن كېلىپ تۇرپاندا ھەيدەر سايرانى بىلەن بىرلىكتە مەكتەپ ئېچىپ، بىر قانچە يىل بالا ئوقۇتقان، ئاندىن ئۇلار ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئۆز كەسپلىرىنى داۋاملاشتۇرغان، غەنى مۇئەللىم «شەرقىي تۈركىستان ئىنستىتۇت» دا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ پۈتۈن ئۆمرى مۇئەللىملىك بىلەن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ تەربىيىلەپ ئوقۇتقان باللىرى ياخشى ئادەم بولۇپ، جەمىيەتتە يۇقىرى ئورۇنلاردا ئىشلەپ كەلگەن.

دولقۇننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن «ئاتا» كۆڭلى بۇ قايغۇنى كۆتۈرەلمەستىن ئوغلىنىڭ كەينىدىن كۆپ ياشىماستىن دۇنيادىن ئۆتتى.

بۇ 29 - ئادەمنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ گۇڭشېدىن سىدىق زالىڭنىڭ ئوغلى خەمزەگىمۇ ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىپ شۇ ئادەملەر قاتارىدا ئاتتى. ئۇنىڭ جىنايىتى بولسا خوڭۋېيبىڭلار ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ماۋزېدۇڭنىڭ رەسىمىنى قىبلە (ناماز ئوقۇغاندا بەيتۇللا تەرەپكە قاراپ ئوقۇغانلىق ئۈچۈن شۇ تەرەپنى قىبلە تەرەپ دەپ ئاتايمىز) تامغا چاپلاپ قويۇپ

چىقىپ كېتىدۇ. خەمزە رەسمىگە قاراپ ناماز ئوقۇسا توغرا بولمايدۇ دەپ ئورنىنى يۆتكەپ ئىككىنچى تامغا تاقاپ قويغانلىقى ئۈچۈن ماۋجۇشىغا قارشى چىقتى دەپ ياشانغان بوۋاينى قولغا ئېلىپ ئۆلۈم ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلدى.

بىر ئايدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتىپ «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى»غا قاتناشقان ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «دۆلەت تەرتىپىنى بۇزغان ئوغرى، بانكا بۇلىغان بۇلاڭچى ۋە قاراقچىلار» دەپ سوتتىن يېڭى ھۆكۈم چىقىرىپ شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە قايتا ئېلان چاپلاپ چىقتى.

خەلققە ئاڭلاتماي ئۆز ئىچىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ يوشۇرۇنچە ئۆلتۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس.

بۇ بىر ئايلىق ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىن ئۇلار ھېچنەرسە چىقىرالمىدى، دېسەممۇ بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كۈرەش ئوبيېكتىپى بولغان خەمىت مۇدىرمۇ گۇناھسىز بولۇپ قالدى. مەن ئەنسىرىگەن «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىدىن مېنىڭ ئۈستۈمدە ھېچقانداق سۆز بولمىدى.

## 70 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

چۈشلۈك تاماققا ئۆگىنىشتىكىلەرنى چوڭ ئەترەتنىڭ ئاشخانىسىغا ئېلىپ ماڭغاندا رۇخسەت سوراپ ئۆيگە كىرسەم دادام سىڭلىمنىڭ ئوغلى بىلەن ئۆيدە ئىچى پۇشقاندەك يالغۇز ئولتۇرغان ئىكەن. دادامغا قاراپ «زېرىكىپ قالدىڭىزمۇ باللار ئىشتىن قايتمىدىمۇ» دېدىم. دادام:

- بىلمەيمەن، بۈگۈن كۆڭلۈم بەك يامان بولۇپ، ئىچىمگە سىغماي تۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشنىلارنىڭ توخۇسى يۇگۈرۈپ كېلىپ بىزنىڭ ئىشكتىن ئۆيگە قاراپ توخۇ، خوراز بولۇپ چىللىغان ئىدى قوغلىۋەتتىم. ئەمما كۆڭلۈم شومlinىپ قالدى. ئۆتكەندە شۇ توخۇ مۇساپىكنى سولاپ قويغان ئۆيگە بېرىپ بىر نەچچە كۈن چىللىغىنىنى كۆرۈپ، توخۇمۇ خورازدەك چىللايدىكەن دەپ ياراتمىغان ئىدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن مەسىلە تاپشۇرتۇش ئۈچۈن يالغۇز ئۆيگە سولاپ تۇتۇپ تۇرغان مۇساپىكنى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى، دەپ ئۆلۈكىنى ئېلىپ كەتكەن ئىدى. بۈگۈن ئۇ توخۇ بىزنىڭ ئىشىككە كېلىپ چىللىدى. تۇتۇپ ئالسام بويىنىنى بۇراپ ئۈزۈۋەتكەن بولاتتىم، دەپ كۆڭۈلسىزلىكى ئىچىگە سىغماي ئولتۇرۇپتۇ.

ــ خۇدايىم ساقلىسۇن، ھېچنەرسە بولماس، دەپ كۆڭلىنى ياساپ قويدۇم. لېكىن بۇ ئىش ماڭىمۇ كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى. ھەممىمىز تاماققا ئولتۇرغان ئىدۇق، ئىشىك ئالدىمىزغا يوغان بىر قارا ماشىنا كېلىپ توختىدى. ئۆيدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقتۇق. ماشىنىدىن تاغامنىڭ ئايالى مەخفۇزە ھەدە ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى ھەم تۇغقانلاردىن بىر قانچە ئادەم بار ئىدى. بۇلارنىڭ كېلىشىدىن بىر كۆڭۈلسىز ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن يۈرىكىمىز چۆچۈپ، «نېمە بولدى؟!» «نېمە بولدى؟!» نېمىشقا كەلدىڭلار؟! دەپ تەرەپ ـ تەرەپتىن سوئال ياغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىشكە ئالدىرايتتۇق. مەخفۇزە ھەدەم:

ــ تۈنۈگۈن زەكىي ئابىزنى ئىدارىسىدىن گەپ قىلالماس ھالدا ئۆيگە ئېلىپ ـ كېلىپ تاشلىغان ئىدى. بۈگۈن ۋاپات بولۇپ كەتتى، دېدى.

شۇنداق قاتتىق بىلىندىكى بېشىمغا بىرسى كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك بولۇپ، بېشىم قېيىپ كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

كۈتۈلمىگەندە بۇ ئېغىر قايغۇ ھەممىمىزگە بەكمۇ قاتتىق تۇيۇلدى. چوڭ دادامنى ئاخىرقى مەرتىۋە كۆرگىنىمدە «سىياسەتلەر ئوڭشىلىپ قالسا ئىككىمىزگىمۇ يەڭگىللىك بولار ئىدى» دېگەن سۆزلىرى قۇلىقىمدا جاراڭلاپ كەتتى.

ئۇ بىچارە كۈتكەن كۈنلەرنى كۆرەلمەي كەتتى دەپ كۆڭلۈم يامان بولدى. ھەممىمىز ئىشىكنى تاقاپ ماشىنىغا چىقىپ كەتتۇق. ماڭا ئۈچ كۈن رۇخسەت قىلدى.

دادامغىمۇ بەك ئېغىر كەلدى. يالغۇز بىر ئاكىسى قالغان ئىدى. دادامنىڭ ئۆمرىدە كۆزىدىن ياش چىققىنىنى كۆرمىگەن ئىدۇق. دادامغا قاراپ ھەممىمىزنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى.

پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇش ـ بىلىش، ئەل ـ يۇرت يىغىلىپ ئېغىر مۇسىبەتلەر ئىچىدە جىنازىنى يىغا زارلار بىلەن ئۇزىتىپ قالدۇق.

چوڭ دادامنى ئىدارىسىگە ئېلىپ كېتىپ بىر قانچە كىشىلەر بىلەن تۈرمىگە ئوخشاش بىر قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويۇپ «مەسىلە تاپشۇرتۇپ ئېلىش» ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدا داۋاملىق كۈرەش يىغىنلىرىنى ئېچىپ قاتتىق ئۇرۇپ قىيناپ ئەڭ ئاخىرى تۆت ئايدىن كېيىن بىر كېچىدە تىلى ئاغزىدىن قالغان ئۆلۈم ئالدىدا ئۆيگە ئەكېلىپ تاشلاپتۇ. ھوشىسىز يېتىپ ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا جان ئۈزۈپتۇ.

بىز ئۈچۈن ئېغىر قايغۇ، چوڭ يوقىتىش بولدى.

چوڭ دادام بىر ئۆمۈر «شەرقىي تۈركىستان سودا ئىدارىسىنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىشلەپ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن رەھمەت ئورنىغا ئۇرۇپ - قىيناپ ئۆلتۈردى. نېمە دېگەن ئېچىنارلىق ئەھۋال».

## 70 - يىلى 20 - ئىيۇن

مەن چوڭ دادامنىڭ ئۈچ نەزىرىسىدىن كېيىن قايتىپ كەلدىم. ئۇن كۈندىن كېيىن دادام بىلەن سىڭلىم فىردەۋس يېنىپ كەلدى. ئۇلار ئىشكتىن كىرىپلا:

«بۈگۈن ئۈرۈمچىنىڭ ئىچىدە شۇنداق بىر دەھشەت ۋەقە يۈز بەردى» دەپ دادام بىلەن سىڭلىمنىڭ رەڭلىرى قاچقان ئاۋازلىرى تىترەپ چىقاتتى. پۈتۈن شەھەردە يېزىغا چۈشۈش ھەرىكتى چوڭ دولقۇن بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەن ھەرىكەتنى قوزغاپ خىتاي ھۆكۈمىتى تارىخىدا ئېرىشەلمىگەن مەقسىتىگە شۇنداق ئاسان ئېرىشتى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان پارتىيە ئىچىدىكى ھوقۇقدارلارنى سۈرەپ چىقىپ، كۈرەش قىلىپ، مەسىلە تاپشۇرتۇپ ئېلىش» دېگەن پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمەت بېشىدىكى ئەمەلدارلارنى ئاغدۇرۇپ، قولغا ئېلىپ تۈرمىدىكىلەرنى يوشۇرۇن دورا ۋە ئوكۇللارنى قويۇپ ۋە ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۇلارنى يوق قىلىپ تۈگەتتى. ھاكىمىيەتنى ۋە شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي ھۆكۈمىتى بىۋاستە ئۆزى باشقۇردى ھەم ئۆز قولىغا ئالدى.

باشسىز قالغان ۋەتەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئاسان چۈشۈپ كەتتى.

خەلقنى بولسا تۈرلۈك بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ئاتالغۇ بىلەن قالپاق كىيدۈرۈپ كېچە - كۈندۈز كۈرەش قىلىپ، قىيناپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالدى.

پۈتۈن ئىدارە، زاۋۇت، كارخانا ۋە مەھەللىلەردىكى مىللىيلارنى يىراق - يىراق يېزىلارغا ھەيدەپ يېزىغا چۈشۈش ھەرىكتىنى باشلىۋەتتى. بۇ سىياسەت يەنىلا مىللىيلارغا قارىتىلغان بولۇپ، بىچارە خەلق ئىش ئورۇنلىرىدىن، ئېلىۋاتقان مائاشلىرىدىن، ئۆي - جاي ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ قورۇق قول كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ھەر كۈنى بىر قانچە تۈركۈم ئادەملەرنى ھەر قېتىمدا 10 - 20 ماشىنىلاپ يېزىلارغا

ئېلىپ ماڭاتتى. بۇ ئادەملەر ئارىسىدىن بىرمۇ خەنزۇنى ئۇچرىتىپ بولمايتتى.

ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ قوينىغا سىغماي سۈرگۈن ھەم تۇتقۇن ھالەتتە ياشاشقا مەجبۇر قالدى.

بۇلار بارغان گۇڭشىلار نامرات، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تۆۋەن ئارتۇق كىرىمى يوق بولغانلىقتىن، بۇ كەلگەن ئادەملەرنى قانداق تەمىنلەپ كېتىش قىيىن بولۇپ، بۇ ھەرىكەت گۇڭشي خەلقى ئۈچۈن قاتتىق بېسىم بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «يېزىغا بېرىپ يەنە تەلىم ئېلىپ، يىلتىز تارتىپ ماكان تۇتۇڭلار» دەپ پۈتۈن مەكتەپتىكى ياش، ئەقلى توختىمىغان ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ بويىچە بىرمۇ ئوقۇغۇچى قالدۇرماستىن يېزىلارغا ئەۋەتتى.

خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىلا يېزىغا كەتكەن بولسا مىللىي ئوقۇغۇچىلار نوپۇسى بىلەن بىللە يېزىغا چۈشتى. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىر يىلغا قالماستىن شەھەرگە قايتىپ كېلىپ ئوقۇش ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىغا جايلىشىپ بولدى. ئەمما مىللىي ئوقۇغۇچىلار بولسا كۆپ قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ يېزىلاردا قالدى.

مانا شۇنداق يوللار بىلەن ۋەتەن باشسىز، ئىگىسىز، خەلقى تۇتقۇن ھالدا قالدى. بۇ پۇرسەتتە چوڭ توغنى ئېچىۋەتكەندەك خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خەنزۇلار شەرقىي تۈركىستانغا سۇدەك ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار ئۈچۈن جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلدى. ئۇ ئېقىپ كەلگەن ئادەملەر ئۈچۈن، بىچارە خەلقىمىزنىڭ قان ـ تەر بىلەن تاپقان ئۆي ـ جاي ماكانلىرىنى بۇزۇپ ئورنىغا نۇرغۇنلىغان ئېگىز قەۋەتلىك بىنالارنى سېلىپ چىقىپ، ئۇ چىرايلىق يېڭى بىنالارغا ئۇلار كېلىپ جايلاشتى. يېزىغا ماڭغان خەلقنىڭ ئىش ئورۇن، ئوقەتلىرىگە ئۇلار ئورۇنلاشتى.

چېگرا يولى دەپ ئۇلارنى يەرلىك خەلقتىن ئارتۇق مائاش بىلەن تەمىن ئەتتى. يېزىغا كەتكەن خەلقنىڭ ئۆي ـ جايلىرىدىن ئىز ـ ئەسەرمۇ قالمىدى. شەرقىي تۈركىستان خىتاي باسمىچىلىرى بىلەن توشتى. ۋەتەننىڭ يەر ئاستى ھەم يەر ئۈستى بايلىقلىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يوغان تۇرۇبىلار بىلەن ھەم پويىز، ئايروپىلان ئارقىلىق ئېقىپ كېتىشكە باشلىدى.

ئەمدى ئۇلار شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ يېرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلق بولسا باشقا دۆلەتلەردىن كېلىپ ئورۇنلاشقان «كەلگۈندىلەر» دەپ تارىخلار يېزىپ دۇنياغا تونۇتۇشقا تىرىشۋاتىدۇ.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقى بىلەن «ئۇچار» دەۋرىگە ئېرىشتى.

مۇشۇ يېزىغا خەلقنى ھەيدەش دولقۇنىدا قوشنىمىز زەينۇش ئاپپاينىڭ ئېرى خۇدا بەردى ئاكىمىزنى يېزىغا ھەيدەپتۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئىككى يىل زەينۇش ئاپپاي بىلەن ئۆي تۇتۇپ ئۇلارنىڭ رائىدە ئىسىملىك بىر قىزى تۇغۇلغاندىن كېيىن نېمە سەۋەبتىن بىلمىدىم ئۇلار ئايرىلىپ كېتىپتۇ. زەينۇش ئاپپاي ئىككى بالىنى ۋە قېرى ئانىسىنى رېشلىيە تىكىپ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى باقتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۇبېركۇليوز (سىل) ئاغرىقى بىلەن ئاغرىپ ئەھۋالى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

ئەمدى خۇدابەردى ئاكا بولسا جەنۇبتىن نوپۇسسىز بىر ياش ئايالغا ئۆيلىنىپ ئابلىز مۇسابايىنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ، قوغۇن ـ تاۋۇز سېتىپ ئوقەت قىلىپ ياشايتتى. بۇ يېزىغا چۈشۈش سىياسىتىدە خۇدابەردىنىمۇ يېزىغا ھەيدەيدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئايالى يېزىغا بارماسلىقنىڭ ئامالىنى ئويلاپ ئېرىدىن ئايرىلىش ئۈچۈن ئابلىز مۇسابايىنىڭ ئوغلى رىشاتقا خەنزۇچە تەرجىمە قىلدۇرۇپ سوتقا ئايرىلىش ئەرزىنى يازىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خۇدابەردى ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك بولۇپ، خوتۇنىغا قانچە مەرتىۋە يالۋۇرۇپ كۆرسىمۇ لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا قولىغا ئايرىلىش قەغىزى كېلىپ تەگكەندە ئۆزىنى يوقاتقاندەك بولۇپ ئاچچىقىدىن ئۆزىنى تۇتالماي ئايالىنىڭ بۇرنى ۋە قۇلاق ئۈچلىرىنى كېسىپ ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئابلىز ئاكىنىڭ قىزى ساباخەتنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ساباخەت خېنىم رىشات ئۆيدىمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ساباخەت قايناپ تۇرغان سۈت بىلەن بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى ۋە قولىدىكى پىچاققا دىققەت قىلماستىن:

– خۇدابەردى ئاكا «ئاكام بۈگۈن قىمىز ساتىدىكەن، دەپ ئاڭلاپ شۇنى ئالغىلى كەتتى» دەپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋېرىپتۇ. خۇدابەردى ساباخەتنىڭ يېنىدىن چىقىپ ئۇدۇل سۈتخانىغا قاراپ ماڭىدۇ. خۇدابەردى ئۇزۇن بويلۇق، كەڭ گەۋدىلىك، بەستلىك ئادەم ئىدى. يۈزىدىكى ساقال ـ بۇرۇتلىرى، بېشىدىكى يۇڭلۇق تۇماقلىرى، يوغان كەڭ پۇتلىرى ئۇنى سۈرلۈك كۆرسىتەتتى.

ئۇ قولىدا تاۋۇز كېسىدىغان ئۇزۇن ئەگمەش خەنجەر پىچاقنى تۇتۇپ، ياللىڭغىداق، ئىككى كۆزى غەزەپتىن ئۆتتەك يېنىپ، شۇنچە ئالدىراش مېڭىپ كېلىۋاتقىنىغا قاراپ ئەتراپتىكى ئادەملەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يول بېرىپتۇ ۋە بىرەر يامان ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ كەينىدىن توختاپ قاراپ قاپتۇ. ئۇ بولسا لوك ـ لوك دەسسىگەن پېتى سۈتخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ.

شەھەر ھاياتى ئادەتتىكىدەك ھەركىم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى. دۇكانلارغا خېرىدارلار كىرىپ ـ چىقىپ دېگەندەك سودا ئىشى بىلەن، كوچىلاردا بولسا ئاپتوبۇس،

ماشىنا، ۋېلىسىپىت ۋە ئادەم قايناملىرىدىن مېڭىپ بولمايتتى. سوتخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىش تىكىش كارخانىسىنىڭ ئادەملىرى كونىنىڭ ئىسسىقىدىن قېچىپ ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ كوچىغا قارىغان يوغان ئىشىكلىرىنى ئېچىپ ئۆگىنىش قىلىپ ئولتۇراتتى. سوتخانىنىڭ ئالدىدا ئادەملەر قىمىز سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرغاندا خۇدابەردى رىشاتنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپتۇ.

رىشات ئۇنى كۆرۈپ:

ـ خۇدابەردى ئاكا سىزمۇ قىمىز ئالغىلى كەلدىڭىزمۇ؟ ماۋۇ يەردە تۇرۇڭ دەپ ئالدىدىن ئورۇن بېرىدۇ. رىشات ئوتتۇرا بويلۇق، ئۇرۇق ئادەم بولۇپ، ياش، بەكمۇ چىرايلىق قامالاشقان، تەربىيىلىك ھەم ئەقىللىق يىگىت بولغان ئىكەن، «ئۇنى ياراتمىغان قىزلار ئاز بولغان، كىشىنىڭ نەزىرى كۆپ چۈشكەن يىگىت» دەپ ئەل ئاغزىدا كۆپ سۆزلىنەتتى.

خۇدابەردى كېلىپلا رىشاتنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ موشۇكنىڭ بالىسىنى تېرىسىدىن تۇتقاندەك كىشىلەر ئارىسىدىن سۆرەپ يول چېتىدىكى سېمونت گىرۋەككە ياتقۇزۇپ ئېلىپ، يوغان پىچاق بىلەن رىشاتنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە، بويۇنلىرى ۋە باشلىرىغا تارىسلىدىتىپ ئۇرۇۋېرىپتۇ. چاچراپ چىققان قان بىلەن خۇدابەردىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى، كىيىملىرى قانغا مىلىنىپ ئەترايقا چاچراپ، سېمونت يولنىڭ ئۈستىدە قىزىل قان سۇدەك ئېقىشقا باشلاپتۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ رىشاتنى قۇتۇلدۇرۇپ ئالالماي، دېھقانچىلىق سايمىنىنى ساتىدىغان دۇكاندىكىلەر كەتمەن ـ جوتۇ ساپلىرىنى «ئۇرۇڭلار ئۇنى» دەپ كوچىغا چىقىرىپتۇ. كالتەك تۇتقان ئادەملەرنىڭ بىرسىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلەلمەپتۇ. چۈنكى خۇدابەردىنىڭ ئوتتەك ۋەھشىيلەرچە يانغان كۆزى قانغا مىلەنگەن يوغان بەستى قولىدىكى قان تېمىپ تۇرغان قىلىچتەك ئۇزۇن خەنجەر پىچىقى ھەممىنى قورقۇتاتتى. كوچىدا ئەل ئوتتۇرىسىدا قانغا مىلىنىپ قىيما ـ چىما قىلىۋېتىلگەن رىشاتنىڭ جەستى كىشىلەر قەلبىدە ئېغىر قايغۇ ۋە قاتتىق ئېچىنارلىق ئەھۋال بولۇپ قالدى. كوچىدىكى خوتۇن ـ قىزلارنىڭ چىرقىراشلىرى، يىغلاشلىرى، ئەرلەرنىڭ «ئۇر ئۇنى ئۇرمامسەن» دەپ توۋلاشلىرى، كىشىلەرنىڭ يۈگۈرۈشلىرى شۇ مۇھىتنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك ۋە دەھشەت قىلىپ كۆرسىتەتتى. ھەتتا قوراللىق ساقچىلارمۇ كېلىپ ئەتراپتىن چۆرگىلەپ ھېچنەرسە قىلالماستىن بىر پاي ئوقنىمۇ ئاتالماپتۇ. ئۇ پىچاقنى كۆتۈرۈپ دېۋەيلىسەڭ پۈتۈن ئادەم كەينىگە داجىپ كېتىدىكەن.

رىشاتنىڭ باش ـ كۆز، بويۇنلىرىغا بولۇپ 32 يەرنى پىچاق بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇ پىچاق بىلەن ھەر قايسىغا دېۋەيلەپ يۈرۈپ ھويلىدىكى سوتلەرنى بۇزۇلماس

ئۇچۇن مۇز سالغان ئورنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى بوغۇزلاپ شۇ ئورۇنغا قېنى ئېقىپ تۇرغاندا كەينىدىن بىرسى كېلىپ تىزىنىڭ ئاستىغا ئۇرۇپ يىقىتىپ قولىدىكى پىچاقنى تارتىپ ئېلىپ ئۆزىنى سۇتخانىنىڭ قول ھارۋىسىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭغاندا يول ئۈستىدە جان ئۈزۈپتۇ.

بۇ ھەممە ئادەمگە قورقۇنچلۇق دەھشەت يامان ئېغىر ۋەقە بولدى. بۇنى كۆرگەن بىر قانچە ئادەم يۈرەك ئاغرىقلىرى تۇتۇپ، كىشلەر ئۇلارنى ئاران دوختۇرخانىلارغا يەتكۈزۈپ ئايلاپ داۋالىنىپ ساقىيىپ چىقىپتۇ. بەزى ھامىلىدار ئاياللارنىڭ بالىلىرى چۈشۈپ كېتىپتۇ.

خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ئابلىز ئاكا بىلەن ساباخەت ئەقلىنى يوقىتىپ بىر كۈن ھېچنەرسىنى بىلەلمەپتۇ. رىشاتنى دوختۇر ۋە ساقچىلار تەكشۈرۈپ ناماز دىگەر ۋاقتىدا ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ، ئىسسىق كۈندە قالدۇرۇپ بولمايدۇ، دەپ شۇنداق چاپسان يۇيۇپ مېيىتنى يەرلىككە قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىپتۇ.

رىشات ئۆيلىنىپ ئايالى بىلەن تەنجىن شەھىرىدە ياشاپ كەلگەن ئىكەن. رىشاتنىڭ ئانىسى رۇقىيەگۈل خانىم راك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئەھۋالى ئېغىرلاشقاندىن كېيىن، رىشات ئىككى ياشلىق ئوغلىنى ئېلىپ ئاپىسىغا كۆرسىتىپ ۋە ئانىسىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا بىللە بولۇش نىيىتىدە كەلگەن ئىكەن. ئۇ كېلىپ كۆپ ئۆتمەستىن رۇقىيەگۈل خانىم ۋاپات بولۇپ، ئانىسىنىڭ 40 نەزىرىنى ئۆتكۈزۈپلا قايتىمەن دەپ ھازىرلىق قىلىپ تۇرغاندا ئۆيلىمىغان يەردىن ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ۋاقتى يېقىن بولغانلىقتىن رىشات بىلەن بىللە كېلەلمىگەن ئىكەن. رىشاتنىڭ ۋاپاتىدىن بىر نەچچە كۈن كېيىن ئىككىنچى ئوغلى دۇنياغا كېلىپتۇ. بۇ بىچارە بالىغا ئاتا دىدارىنى كۆرۈش نېسىپ بولماپتۇ.

ساقچىلار خۇدابەردىنىڭ ئۆيىنى ئېچىپ ئايالىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، بۇرنى بىلەن قۇلاقلىرىنىڭ پارچىلىرىنى تېپىپ تىككەن بولسىمۇ، لېكىن قۇلاقلىرى تۇتماي، بۇرنى تارتۇق بولسىمۇ تۇتۇپ ساقىيىپتۇ. ئۇ يېزىغا بارماسلىق ئۈچۈن قانچە قىلسىمۇ، دوختۇرخانىدىن چىقىش بىلەن بىر كۈن تۇرغۇزماستىن يېزىغا ئېلىپ كېتىپتۇ.

خۇدابەردىنىڭ ئۆلۈكىگە قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ جىنايەتچىلەر قەبرىستانىغا ئاپىرىپ ئۈچ پاي ئوقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىپ ئۆلۈم ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدى دەپ شۇ يەرگە كۆمۈپ قويۇپتۇ. خۇدابەردى ئۆلۈپ، بىر يىلدىن كېيىن زەينۇش ئاپپايمۇ شۇ كونا كېسىلى بىلەن ساقىيالماستىن ۋاپات بولدى. خۇدابەردىنىڭ ئىككى بالىسى ئاتا ـ ئانىسىز كۆپ ئېغىر تۇرمۇشلاردا چوڭ بولغان. كېيىن ئاڭلىسام غەيرەت يىگىت بولۇپ يېتىلگەندە، ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ، سىڭلىسى رائىدە بىر قانچە يىللار ئىزدەپ ھېچقانداق

# 71 - يىلى 2 - ئاي

سالامەتلىكىم ياخشى بولمىغاچقا شەھەرگە كېلىشكە توغرا كەلدى. دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بولۇپ، ئۆيگە كېلىپ تۇرۇشۇمغا ئىشىكتىن سەللەخ ئابىزى كىرىپ كەلدى. سالاملىشىپ، «كۆرمەمسەن، بۈگۈن سەن توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىمنى دەي دەپ كەلسەم ئۆزۈڭمۇ كېلىپ قاپسەن، بۈگۈن كوچىدا سەن توغرۇلۇق قىزىق بىر سۆز ئاڭلىدىم. بەيخۇئا دالۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يولنىڭ ئۇ چېتىدە نۇرغۇن ئادەملەر ئولىشىپ، ئوتتۇرىدا مەدداھنىڭ كوچىنى ياڭرىتىپ ئۈنلۈك سۆزلەۋاتقان سۆزىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. مەنمۇ ئۇ يەرگە باردىم. ئۇ مەدداھ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىككى بىسلىق قىلىچىنى ماختاپ ھەزرىتى ئەلى قىلىچىنى بىر سىلىسا كاپىرلارنىڭ كاللىسى يەرگە خۇددى سايىنىڭ تېشىدەك دۈۋىلىنىپ قالىدىكەن، دەپ ھەزرىتى ئەلى ۋە ئىسلام توغرۇلۇق سۆزلەپ ئاخىرىغا كەلگەندە ھازىر بىزدىمۇ مۇنداق باتۇر قەيسەر قىزلىرىمىز بار. سۆيۈنگۈل دېگەن تاتار قىزى كاپىرلار ئۇرۇپ دەسسەپ چەيلەپ ئەمدى ئۆلدى دېسە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرىدىكەن، يەنە ئۇرۇپ چەيلىۋەتسە يەنە ھېچنېمە بولمىغاندەك سەكرەپ تۇرىدىكەن، كاپىرلار ھەر قانچە ئۇرسىمۇ ئۆلتۈرەلمەپتۇ. ئۇنى ئاللاھ پەرىشتىلىرىنى ئەۋەتىپ ساقلايدۇ. كاپىرلار ئۇنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، دەپ شۇنچە خەلق ئالدىدا سېنى ماختاپ سۆزلەپ ئولتۇرىدۇ، دېدى.

– سەللەخ ئابىزى يالغان سۆزلىمە، دېدىم.

سەللەخ موللاشوق:

– ئەگەر مەن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىمىسام، ئۆزۈممۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم. مەن ھەرگىز يالغان سۆزلەپ يۈرمەيمەن. مەن ساڭا بىر نەرسىنى دەي، ئۆتكەندە سەن قىزىل سايدا ئىشلەپ يۈرگەندە ئۇن ئىككى ئاتلىق ئادەم سىلەر ئىشلىگەن يەرگە باردىمۇ؟ دېدى.

– ھەئە باردى، دېدىم.

ئۇ ئادەملەر سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالغاندا كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن بارغان ئىدى.

5 - ئەترەتتىكى ۋاقىتلاردا سەندىن ھال سوراش ئۈچۈن ئىككى كىشىنى ئەۋەتكەن،

ئۇلار ساۋا سالامنى يەتكۈزگەن، بۇ راستمۇ؟ ھەر ھالدا قانچە جاپا تارتساڭمۇ لېكىن خەلق قەلبىدە ياشايسەن، سىڭلىم ئۆزۈڭنى بەختلىك بىلسەڭ بولىدۇ. مەن مەدداھنى ئۆمرۈمدە مېنى بىلىدۇ، دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغاندا ھەيران بولۇپ قېتىپ قالدىم. مەيلى ئۇ قانداق سۆزلىسۇن بۇ ساۋا قىلغان ھۆرمەت دېدى.

يەنە ئۆتكەندە دۇكىسەندىن كەلگەن بىر ئادەمنى تۇتۇپ ئېلىپ «سۆيۈنگۈلنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ئادەملەر سىلەرمۇ دەپ تازا ئۇرۇپتۇ» ئۇ ئادەم «نېمە دەيسىلەر ئۇ كىم؟ مەن بىلمەيمەن، بىزنىڭ دۇكىسەندە ئۇنداق ئادەم يوق» دەپ قورققىنىدىن ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۆيىگە ئاران كېتىۋاپتۇ.

ئۇ ئادەمنى سىلەر بىلەن ماشىنا رېمونت زاۋۇتىدا بىللە ئىشلىگەن باللار كۆرۈپتۇ. شۇلار ماۋا سۆزلەپ بەردى، دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا كىنجاتاينىڭ سۆزى يادىمغا كەلدى. كىنجاتاي ئادەتتە بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشتىن قورقۇپ يىراق يوللار بىلەن ئايلىنىپ يۈرىدىغان، ئاكتىپ چاپارمەنلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ ئوقۇمىغان، ساۋاتسىز، سىياسەت، مەدەنىيەت، ئىنقىلاب دېگەنلەرنى ئاڭلاپمۇ كېتەلمەيتتى. ئۇ پەقەت تەشكىل ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلاردا ئاكتىپ رول ئوينايتتى.

بۇ ئادەم بىزنىڭ ئۆيگە قانداقلارچە كىرىپ قالدى؟ نېمە ئىشى بار ئىكەن؟ كۈرەش قىلىش ئۈچۈن چاقىرتىپ كەلدىمۇ، نېمە؟ دەپ قاراپ قالدىم.

ئۇ سۇپىنىڭ چېتىگە كېلىپ ئولتۇردى. قىسىلغاندەك خىجالەت ھالدا ماۋا قاراپ:

ـ مەن سەندىن كەچۈرۈم سوراپ كەلدىم، «بىزنىڭ خەلق مالغا ئوخشاش نەگە ھەيدىسەڭ شۇ يەرگە ماڭىدۇ» مەنمۇ تەشكىلنىڭ سۆزى بىلەن سېنى ئۇرغان ئىكەنمەن. سەن مېنى كەچۈرگىن، مەن ساۋا بۇندىن كېيىن ھەرگىز يامانلىق قىلمايمەن، ئۆتكەنكى سېنى ئۇرغان ئىشلىرىم ئۈچۈن مەن سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن، مېنى كەچۈر دەپ يالۋۇردى. تەشكىل بىزگە، «ئۇلار خەلق دۈشمىنى، ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ بولىدۇ، قورقماي ئۇرۇڭلار» دېسە، تەشكىلنىڭ سۆزىگە كىرىپ سېنى ئۇرغان ئىكەنمەن، دەپ يەنە تەكرار يالۋۇرۇپ كەچۈرۈم سورىدى.

مەن كۈتۈلمىگەندە بۇ سۆزگە ئەجەبلىنىپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. مەن نەنسەنگە كېلىپ بۇنداق سۆز ئەمەس، ئىسسىق يۈز بىلەن قارىغان بىر ئادەمنى كۆرمىگەن ئىدىم.

مەن كىينجاتايغا:

ــ سەن دېگەندەك سەنمۇ شۇ خەلقنىڭ بىرى، خەلقتىن رەنجىگىلى بولامدۇ؟ مەن سەندىن رەنجىمەيمەن، دېدىم.

سوفىيە مېنىڭ سۆزۈمگە خاپا بولغاندەك كىينجاتايدىن: ئۇ ۋاقىتتا ئۇ خىجىل بولماستىن ئۆرۈشنى ئۆرۈپ بولۇپ، بۈگۈن نېمىشقا كەچۈرۈم سورىغىنىڭ كېلىپ قالدى، دېدى.

ئۆزۈڭلار بىلىسلەر، مەن ئوقۇمىغان بىر نادانمەن، تەشكىل نېمە دېسە شۇنى ئىشلەپ كەلدىم. تەشكىل «ئۇر» دېسە شۇنداق ئۇرىدىغان ئىش ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. ئۆتكەندە شەھەرگە بارسام تۇيۇقسىز يېنىمدا تۆت ئادەم پەيدا بولدى ۋە ماڭا «ئۆلگۈڭ كەلمىسە ئاۋازىڭنى چىقارماي بىز بىلەن ماڭ» دەپ مېنى ئېلىپ ماڭدى. شۇنداق قورقتۇم، ئۇلارغا گەپمۇ قىلالمىدىم. بىز يوغان بىر زالغا كىردۇق، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئادەملەر بار ئىكەن، ئۇلار مەندىن سوراق قىلىشقا باشلىدى.

ــ سۆيۈنگۈلنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ بىرسى سەنمۇ؟ دەپ تووۋلىغان ئىدى. شۇنداق ھودۇقتۇمكى ئاغزىمغا سۆز كەلمەي گاچىلىشىپ كەتتىم.

ــ ياق، ياق ئۇ ئۆلمىدى بار، ئۇ ھايات دەپ تووۋلىدىم.

ــ ئۇنى ئۇرغۇچىلارنىڭ بىرى سەنمۇ؟ دەپ ۋارقىرىدى.

ــ ياق، ھە، ھە، باشلىقلار «ئۇر» دېگەندىن كېيىن بىلمەستىن ئۇرۇپ قويۇپتىمەن. كەچۈرۈڭلار دەپ يالۋۇردۇم.

بىر ئورۇندۇقنى دۈم قىلىپ ياتقۇزۇپ قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىمۇ دۈم ياتقۇزدى. شۇ يەردىكى ھەممە ئادەم قۇيرۇقۇمغا بىردىن ئۇرۇپ چىقتى.

بۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا قول تەگكۈزگۈچى بولما، يېنىپ بېرىپ تەشكىلگە دە، ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىق كېلىدىكەن، بىز بىر كېچىدە بېرىپ سىلەرنى جايلىۋېتىپ كېلىمىز. ئاڭلىدىڭمۇ؟ دەپ مەندىن ۋەدە ئېلىپ قويۇۋەتتى.

تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە ئاران مېڭىپ يېتىپ ئالدىم. ئىككى ھەپتە قوپالماي قالدىم، قاتتىق ئۆرۈۋەتتى. مەن ئۇلارغا ساڭا بېرىپ كەچۈرۈم سورايمەن، دەپ ۋەدە قىلدىم دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە ئىشەنگۈم كەلمىگەن ئىدى، بىز پاراڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالدۇق.

مەن ئەمدىلا ئۇخلاشقا ياتقان ئىدىم. ئىشىكنى داراقلىتىپ بىرسى ئۇردى.

ئاپام: ۋاي خۇدايىم! يەنە شۇ جۇسادۇيلەر (تەكشۈرگۈچىلەر) كەلدى دەپ رەنجىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

مېنى دەمسىلەر، ھازىر چىقىمەن دەپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

ئاپام مېنى بەنسىچۇغا ئاپىرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ تالاغا چىقتى ۋە مېنى ئەمەس دەيدۇ، دەپ تېزلا قايتىپ كىردى. بىزنى دەمدۇ، دەپ سوفىيە بىلەن غەيشە چىقتى ۋە ئەمەس، تاغدىن كەلگەن قىزىڭنى دەيمىز، دەپ ئۇلارنىمۇ كىرگۈزەتتى. مەن تۇرۇپ كىيىمىمنى كىيىپ چىقتىم. قارىسام ئىشىك كەينىدىكى يەردە زەينۇشنىڭ ھەدىسى مەرەمنىساخان بىلەن زاكىر ئابىزنىڭ قىزى تۇرسۇن يېنىدىكى خەنزۇلارغا «ئاشۇ شۇ» دەم مېنى كۆرسەتتى. بۇ ئىككىسى مەھەللە ئاكتىپلىرى بولۇپ، كىشىلەر ئۇستىدە پايلاقچىلىق قىلىپ، ئادەم تۇتۇپ بېرىدىغان ئىنتايىن نادان خوتۇنلار ئىدى. مەن تاغدىن كېلىشىم بىلەن بۇ ئىككىسى مېنىڭ كەينىمگە كىرىپ ماڭغان ـ تۇرغانلىرىمنى تەشكىلگە چېقىپ تۇراتتى. ياكى يىغۇېلىشلار بولۇپ قالسا ئاپىرىپ بېرەتتى.

جەمىيەتتىكى مۇشۇلارغا ئوخشاش بىر تۈركۈم قارا قورساق نادان ئادەملەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يان تايىقى بولۇپ كەلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزى قىلالمىغان بەزى ئىشلارنى شۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇردى. چېكىدىن ئاشقان نادان ئاكتىپلار مەسچىت مۇنارلىرىنى يىقىتىپ چۇشۇردى. تەختىراۋان تاۋۇتلارنى چېقىپ، قۇرانلارنى ئوتقا ياقتى ۋە مەسچىتلەرنى خەلق قولىدىن تارتىپ ئالدى ھەم بۇزدى. بۇنىڭغا بىر خەنزۇ قول تەككۈزگىنى يوق. ئۆز ئادەملىرىمىزنى كۈشكۈرتۈپ شۇلارنىڭ قولى بىلەن قىلدۇردى. ئەگەر پۈتۈن خەلق «بىزنىڭ ئۆز دىنىمىزغا قارشى بۇنداق ئىشنى قىلمايمىز» دېسەك، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامالسىز قالاتتى. بۇ ئىشلارنى ئۇلار ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن بولسا ئۇ يەنە ياخشىراق بولاتتى.

ئۇ ئىككى ئادەم مېنى مەھەللە ھۆكۈمىتىگە باشلاپ باردى. ھويلىنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن لىق ئىدى. كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئىشخانىغا كىردىم، ئۇ يەردىكى كادىرلارنىڭ سوغۇق چىرايلىرىدىن زەھەر تېمىپ تۇراتتى. ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەن ئىسىم ـ ئادرېسىم ۋە قالپىقىمنى سوراپ يازدى.

مەن ئۇلارغا «دوختۇرغا كۆرۈنگىلى كەلدىم، ئەتە قايتىپ كېتىمەن» دېسەممۇ قارايدىغان ئەمەس، ۋارقىراپ دۆشكەلەپ كەتتى. چەتكە بېرىپ تۇردۇم. بىرەر سائەتتىن

كېيىن ھەممىمىزنى ھەيدەپ چىقىپ قارا ماشىنىلارغا قاچىلاپ بېشىڭلارنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇڭلار دەپ ۋارقىرىدى. يىگىرمىدەك پىلىموت تۇتۇپ تولۇق قوراللانغان خەنزۇ ھەربىيلەر ماشىنىنىڭ چۆرىسىدە قاتار تىزىلىپ تۇرۇپ، مىلتىق ئۇچىنى بىزگە قاراتقان ھالدا:

ــ مىدىرلىماڭلار، ئەگەر مىدىرلايدىغان بولساڭلار ھازىر ئاتىمىز، دەپ توۋلىدى.

مەھەللە كومىتېتىدىكى بارلىق خەلقنى ماشىنىلارغا قاچىلاپ ئېلىپ ماڭدى. بېشىمىزنى كۆتۈرتمىگەندىن كېيىن نەگە كېتىۋاتقىنىمىزنى بىلمەيتتۇق. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن ماشىنا كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىكى ھەربىيلەر سەكرەپ چۈشۈپ بىزنى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا چۆرىدەپ تۇردى. ئاندىن بىزنى چۈشۈرۈپ ھويلىغا كىرگۈزدى. دەرۋازىنىڭ ئوڭ قول تەرەپكە سەپ قىلىپ تىزىپ تۇرغۇزۇپ قويدى.

مەن نەگە كېلىپ قالدۇق، دەپ ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدىم. تامغا يېزىلغان «سەنەت مەكتەپ» دېگەن خەتنى كۆردۈم. ھە بۇ سەنەت مەكتەپ ئىكەن، دەپ ئويلىدىم. بىز تۇرغان يەردە چىراغ يوق، قاراڭغۇ بولغاچقا ئۇ يەردە ئادەم يوقتەك ھېچكىممۇ دىققەت قىلمايتتى. ماشىنىلار ئاپتوبۇسلار توختىماستىن بىرنىڭ كەينىدىن بىرسى كېلىپ ئىچىدىن تۈركۈم ـ تۈركۈم ئادەملەر چۈشۈپ ئىچكىرىسىگە كىرىپ يوق بولاتتى. ئاپتوبۇسلاردا ئېلىپ كەلگەن ئادەملەرنى 14 ـ 15 ياشلار ئەتراپىدىكى خەنزۇ باللار ھەيدەپ ئۇرۇپ دېگەندەك ئېلىپ كېلەتتى. بەزى باللار قول چىراغ بىلەن ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىنى تەكشۈرەتتى. بۇ باللار شۇنچىلىك كۆرەڭلەپ كەتكەنكى ئۆزىدىن باشقىسىنى ئادەم ئورنىدا كۆرمەيتتى. ئۇلار كىمنىدۇر ئىزدەيتتى.

بىر قارا ماشىنىدا بىر تۈركۈم ئادەم چۈشۈپلا ئاپىلاڭ ـ توپىلاڭ كىرىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن قېرى بىر بوۋاي بىلەن موماي خەلقتىن ئايرىلىپ گاڭگىراپ قالدى. موماي: ھەي دادىسى نەگە كەلدۇق.

ــ بىلمەيمەن ئاپىسى، قاراڭغۇ ئەتراپنى كۆرۈپ بولمايدۇ، دېدى.

ھەي دادىسى بەكمۇ ھاجەت قىلغۇم كەلدى. ئەتراپتا ئادەم يوقمۇ، ھاجەت قىلىۋالاي، سىلى قاراپ تۇرسىلا جۇمۇ دەپ كۆينىكىنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھاجەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار بىزدىن ئىككى مېتىر ئالدىمىزدا تۇراتتى، بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرغان ياشلاردىن بىرسى شىۋىرلاپ قالدى.

موماي چۆچۈگىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ۋاي! دادىسى سىلى نەدە؟ بۇ يەردە ئادەم باردەك تۇرىدىغۇ، بىرسى كۆلگەندەك قىلىدۇ، دېدى.

ـ بوۋاي.

ـ ياق ئاپىسى ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ، دەپ تۇرۇشىغا ئىچكىرىدىن بىر جۇسادۇي چىقىپ ئۆلارنى ۋارقىراپ يۇرۇپ ئېلىپ كىرىپ كەتتى. مومايىنىڭ كۆزى پۇتۇنلەي كۆرمەيدىكەن، بوۋايىنىڭ قۇلىقى ئاڭلىماي، كۆزىمۇ ياخشى كۆرمىسە كېرەك، بۇلار 70 - 80 ياشلار ئەتراپىدىكى ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى.

كەينى - كەينىدىن ئۇزۇلمەستىن كىرىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ بۇلارنى نەگىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقاندۇ، دەپ ئويلاپ ئەتراپىقا قارىدىم. پۈتۈن ھويلىدا قورالىق ھەربىيلەر ئۇياقتىن بۇياققا چېپىپ يۈرەتتى. ئىچكىرىكى ھويلىدا ھەربىيلەرنىڭ ۋارقىراپ بىرسىنى ئۇرۇۋاتقان، كىمدۇر بىرسىنىڭ تاياققا چىدىماستىن ۋايجان - ۋايجان دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. كىمدۇر بىرسىنىڭ يىغلىغان ۋە بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرى ۋە خەنزۇ تىلىدا ئاغزىغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن تىللاۋاتقان ئاۋازلار چىقاتتى. نېمە بۇ يەر ئادەم قىينايدىغان ئورۇنمۇ دەپ ئويلاپ ھەيران بولدۇم.

بىز بىر ماشىنىدىن چۈشكەن ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئادەم مىدىر قىلماستىن ئاۋاز چىقارماي قاراڭغۇدا جىم تۇراتتۇق. شۇڭلاشقىمۇ ھېچكىمنىڭ دىققىتىگە چۈشمەي مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ئوخشايمىز.

ماشىنىلار بولسا ئۈزلۈكسىز كېلىپ تىل، ھاقارەت، تاياقلار بىلەن ئىچكىرىكى ھويلىغا ئادەملەرنى ھەيدەپ كىرىپ كېتەتتى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ئىچكىرىدىن چىققان بىر جۇسادۇي خەنزۇ بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئارىمىزدا يۆتەلگەن بىرسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېنىمىزغا كېلىپ چۆچۈپ قالدى.

ـ ھوي نېمە قىلىپ تۇرىسىلەر بۇ يەردە دەپ بىزگە تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى، ئارىمىزدىن بىرسى:

ـ بىزنى مۇشۇ يەرگە تۇرغۇزۇپ قويدى، دېدى.

ـ مېڭىڭلار دەپ بىزنى ئىچكىرىكى ھويلىغا باشلاپ ئېلىپ كىردى. ئەرلەر سول قول تەرەپتىكى ئىشىككە كىرىپ كەتتى. ئۆلارنىڭ ئارىسىدا ئاياللاردىن يالغۇز مەن ئىدىم.

مېنى كەينىدىن كەلگەن ئاياللارغا قوشۇپ ئۆڭ قول تەرەپتىكى بىر چوڭ زالغا ئېلىپ كىردى. زالنىڭ ئىچى ئاياللار ۋە بالىلار بىلەن لىق توشۇپ، ماڭغۇدەك ئارىلىقمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇ زالدا ئۈستەل ئورۇندۇق دېگەندەك بىر نەرسە يوق يالىڭاچ بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن ھاۋاسى بەكمۇ ئېغىر ئىدى ۋە چىراغنى تولۇق ياندۇرمىغاچ ئەتراپ گۇگۇم قاراڭغۇ، كىشىلەر بىر - بىرسىنىڭ يۈزىنى ئاران پەرق قىلاتتى.

بىر زال ئاياللار ئارىسىدىن ھەربىي كىيىم كىيىپ قولىغا مىلتىق تۇتقان خەنزۇ قاراۋۇللىرى ئولتۇرغان ئاياللارنىڭ بېشىدىن ئاتلاپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ قاترايتتى. پۈتۈن ئاياللارنى «ئولتۇرۇڭلار» دەپ قىش كۈنى شۇ سوغۇق يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ھېچكىمنى مىدىر قىلدۇرماستىن ۋارقىراپ باشقۇرۇپ يۈرەتتى. مەن ئاياللار ئارىسىدىن ئاستا مېڭىپ زالنىڭ ئەڭ كەينىگە ئۆتۈپ چەتكە بېرىپ ئولتۇردۇم. ئىككى - ئۈچتىن بالا يېتىلەپ كەلگەن ئاياللارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ بىچارە بالىلارنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ يەنە بىر تەرەپتىن قورساق ئاچ ھەم سوغۇقتا توڭلاپمۇ يىغلايتتى. بالىلار يىغلىسا خەنزۇ ھەربىي كېلىپ يىغلاۋاتقان بالىنى پۈتى بىلەن بىرنى تېپىپ «ۋارقىرىما» دەپ توۋلىغان ئىدى، يېنىدا ئولتۇرغان ئايال چىدىماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ سەن قانداق ھەربىي، بۇ كىچىك بالىنىڭ نېمە گۇناھى بار. سەن پارتىيە سىياستىنى ئۆگەنمىگەن ئوخشايسەن دەپ سۆزلىشى بىلەن:

ــ مانا پارتىيىنىڭ سىياستى دەپ مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن كەلتۈرۈپ تۇرۇپ بىر نەچچىنى سوققان ئىدى، ئۇ ئايال ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. يىغلاۋاتقان بالىلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەتراپتىكى بىر نەچچە ئاياللار بىردەك ئۈنىڭغا:

ــ سەن جاللاتمۇ؟ نېمشقا ئادەم ئۇرىسەن؟ دېگەن ئىدى، مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن ئۇلارنىمۇ ئۇرۇپ يىقتتى. بىر نەچچىنىڭ بېشىنى يېرىپ، بىر قانچىنىڭ بۇرنى قاناپ دېگەندەك ئۇپىلاڭ - توپىلاڭ بولدى. شۇ ئارىلىقتا مىلتىقنى ئاياللارغا تەڭلەپ:

ــ ئەمدى ئاۋازىڭنى چىقارساڭ ئاتىمەن، دەپ توۋلىدى.

ــ يېنىدا ئولتۇرغان ياشقا چوڭ ئاياللار:

ــ ھاي - ھوي جىم بولۇڭلار، بۇ يەردە ئۇششاق بالىلار بار، بۇلاردىن نېمە سىياسەت، نېمە قانۇن، نېمە ياخشىلىق كۈتىسلەر؟ جىم بولۇڭلار، دەپ ئاياللارنى باستى. بۇ زالىملىقنى كۆرۈپ مېنىڭ ئىچىم يامان بولۇپ كەتتى. تووۋا خۇدايىم بۇ خارلىنىشلاردىن قاچانمۇ قۇتۇلارمىز؟ دەپ كۆڭلۈم ئەسكى بولدى. يېنىمدا ئولتۇرغان ئاياللار كۆز ياشلىرىنى

سۇرتۇپ يىغلاشتى. پۈتۈن زال چۈشىن ئۇچسا ئاڭلىنارلىق جىمجىت بولۇپ قالدى.

بىر كېچە سوغۇق سېمونت يەر ئۈستىدە مىدىر قىلماستىن ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدۇق. بىچارە باللار ئۇيقۇغا چىدىماستىن شۇ سوغۇق سېمونت يەر ئۈستىدە دىرىلداپ ئۇخلىشىپ ياتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان بىرەر نەرسە بارمىدۇ؟ دەپ بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويغان نەرسىلەر ئارىسىنى ئاقتۇرۇپ قەغەز ساندۇقلارنى ساقچىلار دىققەت قىلمىغان ۋاقىتتا ئېلىپ يېنىمدا ئولتۇرغان ئۈچ بالا ئەگەشتۈرۈپ كىرگەن ئايالغا بالىلارنىڭ ئاستىغا سېلىپ بېرىڭ دەپ بەردىم. ئۇ يەردىكى قەغەز تاختىلارنى ئاستا ـ ئاستا سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇششاق باللىرى بار ئاياللارغا بەردۇق. ئەمما ئۇ قەغەز تاختايىنى يېرىم قۇلۇپ باللارغا يەتكۈزۈپ بولامدۇ؟!

بىزنىڭ مىللىي ئاياللار پاختىلىق شىم كىيىپ ئادەتلەنمىگەچكە ھەممىسى دېگۈدەك نېپىز كىيىم بىلەن ئىدى. بەختىگە يارىشا زالنىڭ ئىچى ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن ئانچىمۇ سوغۇق بولمىدى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن 15 ـ 13 ياشلاردىكى خەنزۇ باللار توپلىشىپ كىرىپ پۈتۈن ئادەمنى تىزىپ ھەممىنىڭ چىرايىغا قاراپ كىمنىدۇ ئىزدەيتتى. بىرەر سائەتتىن ئاشقاندىن كېيىن ئۇلار چىقىپ كەتتى. سائەت ئونلار بىلەن ھەر بىرسىمىزگە بىردىن قوناق موما تارقاتتى.

سۇمۇ كەلتۈرۈلمىدى. مۇزدەك مومىنى سۇسىز يېگەندىن كېيىن «ئەمدى نېمە بولار، قاچان بىزنى كەتكۈزەر» دەپ كۈتۈپ ئولتۇردۇق.

نۇرغۇن ئاياللار بىلەن تونۇش بولۇپ قالدىم، ھەممىسى مېنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرۈپ، مېنى چۆرىدەپ ئەتراپىمدىن كەتمەي ئولتۇراتتى. مەن ئۇلارغا قىزىق پاراڭلار سېلىپ كۈلدۈرۈپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قوياتتىم.

ــ جېنىم قېرىندىشىم، سىزنى بەك يارىتىپ قالدۇق، سىزدىن ئايرىلغۇمىز كەلمەيدۇ دەيتتى. بىز ئەڭ كەينىدە ئولتۇرغانلىقتىن يېنىمىزغا ساقچى شۇنچە ئاياللارنى ئاتلاپ كېلەلمەيتتى. شۇڭلاشقا بىز ئۇ يەردە بىر ئاز ئەركىنرەك بولدۇق.

يېنىمىزدا ئولتۇرغان ئايشەمخان ھەدە:

ــ قاراڭ ئۇكام سۆيۈنگۈل مۇشۇ ئاياللارغا سەپسېلىپ كۆردىڭىزمۇ؟ مۇشۇنچە كۆپ

ئاياللار ئىچىدە بىرمۇ خەنزۇ ئايال يوققۇ. زېمىن ئىگىلىرى بولغان بىزگە ئورۇن تەگمەي ھەيدىلىپ يۈرىمىز. بۇ سىياسەت ئۇيغۇرلار ئۈچۈن چىقىرىلغان ئوخشىمامدۇ. ئەمما ئادەم تۇتۇپ، ئۇرۇپ قىينىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار، قاراڭ بۇ قانداق تەڭسىزلىك دەڭە، دېدى. يېنىمىزدا ئولتۇرغان ئاياللارمۇ بوينىنى سوزۇپ ئەتراپقا قاراپ راست ـ راست بىرمۇ خەنزۇ ئايال يوققۇ دېيىشتى.

ئايشەم ھەدە راست ئېيتىسىز، بۇنى بىلىدىغانلار بەكمۇ ئازساندىكى ئادەملەر، تۆۋەندىكى خەلقنىڭ مۇشۇ ھالىنى يۇقىرى ئورۇندىكىلەر پەقەت بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ ھېچنەرسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئويلىنىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلار بۇ يىغۋېلىشلاردا يۈرگەن ئاددىي خەلقنى «جىنايەتچى يامان ئادەملەر ئۇلار، تىنچ يۈرسە بولمامدۇ» دەپ ئويلايدۇ. ھازىر تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلقنى يىغىشتۇرسا كېيىن خىتاي ئۆلكىلىرىدىن ئادەملەر مىليونلاپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئورنىنى تارتىپ ئېلىپ، ئۆزىنى قوغلىغاندا ئاندىن بىلىدۇ. لېكىن بەكمۇ كېچىكىپ بولىدۇ، دېدىم.

ئايشەمخان ھەدە:

ــ راست گەپ قىلدىڭىز، بىزگە ئوخشىغانلار قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ يۈرگەنلەرنىڭ دەسسەپ تۇرىدىغان يېرىمىز، تاقابىل كېلىدىغان كۈچىمىز يوق. تۇرمۇشى ياخشىلار ئۆز ھاياتىدىن رازى بولۇپ، ھېچنېمە ئويلىماي ياشايدۇ دېدى.

مەن ئۇ ئايالنىڭ سۆزىدىن كېيىن:

ــ ئايشەمخان ھەدە، سىز بۇرۇن نېمە ئىش قىلغانتىڭىز؟ دەپ سورىدىم.

سىڭلىم مەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن ئىدىم. ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە «مىللەتچى» دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ يېزىغا ھەيدىگەن ئىدى. سىڭلىم بىزنىڭ ئەھۋالنى سىز بىلىسىز، ھازىر مەن ماكانسىز ياشايمەن، دېدى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن تالادىن 20 دەك خەنزۇ بالىلىرى كىرىپ تووۋلاپ ھەممىمىزنى تۇرغۇزدى. سەپ بولۇپ ئايرىلغىتىن ئادەم ماڭغۇدەك ئورۇن قالدۇرۇپ تۇردۇق، ئۆز ـ ئۆزىگە پاتماي كەتكەن باللار كىرىلىپ قولىدىكى تاياق بىلەن ئاياللارنى نوقۇپ «بېشىڭنى كۆتۈر»، «تۈز تۇر» دەپ يەنە شۇ ئاياللارنى ئايرىلاپ قاراپ ـ قاراپ چىقىپ كېتەتتى. بىز ئۆز جايلىرىمىزغا بېرىپ ئولتۇردۇق. بايىقى ئاياللارنىڭ بىرسى ئاي كۈنى توشۇپ ئېغىرلىشىپ قالغان قورساقلىق ئايالنى باشلاپ كېلىپ، بۇ ئايالنىڭ قورسىقى ئاغرىۋاتىدۇ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارمىساق بولمايدۇ، دەپ ئايشەمخان ھەدە ئىككىمىز

چىقىپ بىر يولنى تاپايلى دېدى.

ئايشەمخان بىر ئاز ۋەزىيەت تىنچىغىچە مۇشۇنداق قىلىپ تۇرمىساق بولمايدۇ. بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن باشقا تەرەپكە يول ئالىمەن، دەپ ئاستا ماڭا شىۋىرلاپ قالدى. ئاندىن ئۇ ئايالغا قانداق قىلىدىغاننى ئۆگىتىپ چىقتى.

ئۆگەتكەن بويىچە ئاغرىغان ئادەمدەك ۋايجانلاپ توۋلاشقا باشلىدى. يېنىدىكىلەر قاتتىقراق توۋلا دېيىشەتتى.

ئايالالار توپلاشتى، ئوتتۇرىدا ۋارقىراپ يۈرگەن مىلتىقلىق ھەربىي خەنزۇنى چاقىردى. ئۇ ھەربىي كېلىپ قاراپ قويۇپ «توۋلىما» دەپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئايال بىرگە قاراپ ۋايجان راستتىن قورسىقىم ئاغرىشقا باشلىدى، دەپ كۈلدى.

ئۇ چىقىپ كەتكەن قاراۋۇل ساقچى يېرىم سائەتتىن كېيىن قايتىپ كىردى. ئۇنىڭغىچە ئۇ ئايال رەسمىي تولغىنىپ يۈزلىرىدىن تەرلەر ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ ساقچى ئىككى قات ئايالنى جور دەپ باشلاپ ماڭغان ئىدى، ئۇ بىچارە بولالماي قالدى.

ئۇ ئايالنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئايشەمخان ھەدە بىلەن بايا بىللە چىقىمىز دېگەن ئايال قولتۇقلاپ ئاران ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بەلكى دوختۇرخانىغا ئاران ئۈلگۈرۈشى مۇمكىن. ئايشەمخان ھەدە بىلەن بىللە چىققان ئايال قايتىپ كىرمىدى. مەن ئۇلار قۇتۇلۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئاللاھ ئۆزى ياردەم قىلىپ يامانلىقتىن ساقلىسۇن. سوغۇقتا سۇ، تاماق يوق سېمونت ئۈستىدە ياتقان بالىلار، چوڭ ياشتىكى ئايالالار ۋە كېسەل ئادەملەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دېگەندەك ئاغرىپ ۋە بەزىلىرى ئۆزىنى بىلمەي يېتىپ كەتتى. ئايالالار دوختۇر چاقىرىڭلار، ئاغرىقلارنى كۆرسۇن دەپ توۋلىشاتتى.

ئوتتۇرىدا يۈرگەن ھەربىيلەر:

ـ توۋلىما دەپ ۋارقىراپ مىلتىق پايىنىكى بىلەن ئۇرۇپ، ئايالالارنىڭ ئاغزىنى ياپاتتى.

تالادا ئەرلەرنىڭ «ۋايجانلاپ» ۋارقىراشلىرى ۋە سوراقچىلارنىڭ توۋلاشلىرى ھەم تاياق ئاۋازلىرى ھېچ بېسىلماستىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەلكى ئەرلەرنى سوراق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئەمما بۇ ئاۋازلار ئادەمنىڭ يۈرىكىنى بەكمۇ ئېزەتتى. ئايالالار بولسا مىدىر قىلماستىن ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى تىنچ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. مانا شۇ زالدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز بولدۇم. 3 - كۈنى ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىرسىنىڭ مېنىڭ ئېتىمنى توۋلىغىنىنى ئاڭلىدىم. مەن ئايالالار ئارىسىدىن: ھە، مەن بۇ يەردە، دەپ ئىشىككە يېقىنراق يەرگە

ئاران يېتىپ كەلدىم. ئىشىك تۈۋىدە قوشنىمىز تەلەيخاننى كۆردۈم. ھە، سىز بۇ يەردىمۇ، ئۆيدىكىلەر سىزنى ئىزدەپ دېرىكىڭىزنى ئالالماي يۈرگەن ئىدى. سىزنىڭ دوختۇر قەغىزى بىلەن گۇڭشېدىن رۇخسەت ئالغان قەغىزىڭىز نەدە، دېدى.

ـ مېنىڭ يېشىپ قالدۇرغان كىيىمىنىڭ يانچۇقىدا، دېدىم.

تەلەيخان ئۆزىنىڭ گۇچۇڭدىن كەلگەن تۇغقىنىنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تونۇشتۇرۇش ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇ تۇغقىنىنى باشلاپ كېتىۋېتىپ، ماڭا:

ئۆيدىكىلەرمۇ كېلىپ سىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، دەپ كۆلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

تەلەيخان ئىسمى تەلەيخان بولغىنى بىلەن ئۆزى تەلەيلىك بولمىدى، بۇلارنىڭ ئائىلىسى يۇقىرى تەبىقىدىن (پومېشچىك) دەپ ھۆكۈمەت ئالدىدا نەزەربەند ئايال ئىدى. تەلەيخاننىڭ بىردىنبىر چىرايلىق، بىردىنبىر ئۆتكۈر ئەقىللىق بەش ئوغلى بار ئىدى. ئۇ باللارنى ھەر ۋاقىتتا يوق سەۋەبلەر بىلەن ياكى يالغان تۆھمەتلەر بىلەن يېغىۋېلىش ۋە تۈرمىلەرگە سېلىپ كۆپ خاپىچىلىقلار تارتتى.

چۈش ۋاقتى بىلەن ئىشىك تۈۋىدە بىر خەنزۇ مېنىڭ ئېتىمنى توۋلىدى. يېنىمدا ئولتۇرغان ئايالللار سىز چىقىپ كېتىدىغان بولدىڭىز، دەپ قۇچاقلاپ خوشلىشىپ قالدى.

مەن كەتكەندە زالدىكى ئادەملەر شۇ بۇرۇنقى پېتى ھېچ كاملىماستىن ئولتۇرۇپ قالدى. خەلق قاتتىق قىينىلىپ كەتتى. بۇ بىچارىلەر قاچانغىچە مۇشۇنداق ئولتۇرار، دەپ ئىچىم ئاغرىپ كەينىمگە قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. دەرۋازا تۈۋىدە ئاپام، سوفىيە، غەيشەلەر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

مېنى چىقارغاندا ئۇلار بۈگۈندىن قالماي گۇڭشېغا قايتىپ كېتىشىمنى تاپىلىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كەچ بولسىمۇ قايتىپ كېتىشكە توغرا كەلدى. 5 - رايونغا بارىدىغان ئاپتوبۇس بىلەن كەتتىم، بۇ يەردىن كەنگۇغا چىقىدىغان ماشىنا بولمىغانلىقتىن، سارى چوقىنىڭ ماشىنىسى بىلەن سىڭلىم زەكىيەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاندىن ئۇ يېقىغا پىيادە كېتىشنى ئويلاپ زەكىيەنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇلار ئەمدى تاماققا ئولتۇرغان ئىكەن، مېنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. تاماقتىن كېيىن مەن باللار بىلەن يېتىپ قالدىم. ئۇلار موچاڭنىڭ كېچىلىك مەجلىسگە كەتتى. مەن بەك تاتلىق ئۇيقۇدا يېتىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ قايتىپ كەلگىنىنىمۇ سەزمەي ئۇخلاپتىمەن. بىر ۋاقىتتا سىڭلىمنىڭ:

ـ ئەمدى قانداق قىلىمىز، دېگەن ئەندىشە بىلەن چىققان ئاۋازى ئاڭلاندى.

نېمە بولغاندۇ بۇلارغا؟ دەپ تۇراتتىم، ئېرى سابىت:

ــ ھەممىسىنى پاش قىلىپ ئېيتمىسام بولمايدۇ پاش قىلىمەن، دېدى.

ــ سىڭلىم:

ــ كىملەر ئۇ، ھەممىسىنى بىراقلا دەمسىز دېگەن سۆزىدىن بىر چوڭ ئىشنىڭ بارلىقىنى سېزىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئولتۇردۇم.

ــ نېمە بولدى سىلەرگە؟ دەپ سورىدىم.

سابىت ئۆگىنىش قاتتىق كېتىپ بارىدۇ. تەشكىلاتىڭلارنى پاش قىلىڭلار، بىز ھەممىنى بىلىمىز، كىملەر قاتناشقىنىنى ھەم بىلىمىز، سىلەرنى ئۆزى مەسىلىنى تاپشۇرۇپ، چىقىش يولىغا ئېرىشىسۇن دەپ كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇق، مەسىلەڭلارنى ياخشى تاپشۇرۇڭلار دەپ قاتتىق قىستاۋاتىدۇ. پاش قىلمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قاتتىق ئەنسىرىگەنلىكتىن پېشانىسىدىن تەر چىقىپ، پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى.

مەن:

ــ نېمە؟ تەشكىلاتلارنى پاش قىلماقچىمۇ سىلەر؟ دېدىم.

ــ سابىت:

ــ ھەئە، پاش قىلمىساق بولمايدىغان بولدى، دېدى.

زەكىيە ھوشۇر ئاكىنىڭ ئوغلى ھۆسەنىنى تەشكىلاتتا بار دەپ قىيناپ ـ قىستىغان ئىكەن، ئېسىلىپ ئۆلۈپ ئالدى، دەپ ئۆلۈكنى ئېلىپ كېتىپ ئاتا ـ ئانىسىغا بەردى، دېدى.

مەن ئۇلارغا بىر ئاز ئۆزۈڭلارنى بېسىڭلار دەپ ئىككىسىگە ئىككى چىنە سۇ ئېلىپ كېلىپ بېرىپ سابىتقا:

ــ مېنىڭچە بولغاندا بۇ ئىشىڭلار توغرا ئەمەس. بىرىنچىدىن، باشقىلارنى كۆيدۈرۈسىلەر، ئىككىنچىدىن، سىز ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن ئىقرار قىلسىڭىز، ئۇ بىر ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت ھەم سىزنىڭ ئەنزىڭىز بولىدۇ، ئۆزىڭىز ئىقرار بولغان ماتېرىيال ئۇچۇن پاكىت كېرەك ئەمەس، شۇ ماتېرىيال بويىچە ھۆكۈم چىقىرىپ قولغا ئېلىپ كېتىدۇ. سىز ئەمەس، نۇرغۇن ئادەم قولغا ئېلىنىدۇ، بالىلار ھەم ئاياللار قانداق قىلىدۇ.

ئۇلار ھېچنېمە بىلمەيدۇ، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قورقۇتۇپ يېپىنىڭ ئۇچىنى تېپىپ چىقماقچى. ئەگەر ئۇلار بىلگەن بولسا سىلەردىن مەسىلەڭنى تاپشۇر! دەپ سوراپمۇ

ئولتۇرمايدۇ، شۇ زامان قولغا ئالىدۇ. ئويلاپ ئىش قىلغۇلار دەپ ئۇلارنى بىر ئاز خاتىرجەم قىلدىم ۋە ھەرگىز ئاغزىڭىزدىن چىقارماڭ، يالغۇز ئۆزىڭىز بىلەن كەتمەستىن نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۇۋالىغا قالىسىز، نۇرغۇن باللارنىڭ يېتىم بولۇشىغا سەۋەبچى ۋە پۈتۈن ئۆمۈر بويى قارا بولۇپ قالىسىز ھەم پاش قىلىپ قۇتۇلالمايسىز، ئۆزىڭىز ئېيتقان پاكىت بىلەن قولغا ئېلىپ كېتىدۇ دەپ قورقۇتۇپمۇ قويدۇم. ئۇلار خېلى غەيرەتلىك ھەم خاتىرجەم بولۇشۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇلاردىن ئېيتماسقا ۋەدە ئېلىپ قالدىم. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن پەقەت ئۇخلىيالمىدىم، چاي قاينىتىپ داستىخانلار ھازىرلاپ كۈتۈپ ئولتۇردۇم. ئىككى سائەتتىن كېيىن خۇشال كۈلۈشۈپ كىردى.

سابىت ماخا خۇدايىم سىزنى بىز ئۈچۈن ھەيدەپ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. بولمىسا بىز بەك ئەخمەق بولۇپ قاتتىق خاتالاشقان بولىدىكەنمىز. بىزنىڭ موچاڭدا نۇرغۇن ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ بېشىغا ئېغىرلىق كېلىپ چوڭ ئىش چىققان بولاتتى. راستتىن ھېچنەرسىنى بىلمەي گۇمان بىلەن يالغاندىن بىلىمىز دەپ كىشلەرنىڭ يۈرىكىنى سوغۇرۇپ ئېلىشقا ئۇستا ئىكەن، دەپ بېشىدىن بىر تاغنى ئۆرىگەندەك خۇشال بولۇشتى. مەن ئۇلارغا مەدەت بولغۇدەك نۇرغۇن سۆزلەر قىلدىم.

زەكىيە ھوشۇر ئاكىنىڭ ئوغلى ھۇسەننى تەشكىلاتتا بار دەپ مەسىلە تاپشۇرتۇپ ئېلىش ئۈچۈن بىر ئۆيگە سولاپ بىر قانچە كۈن قىيىنغان ئىكەن. 3 ـ كۈنى موچاڭدىن بارلىق خەلقنى مەجلىسكە يىغىپ ھوشۇر ئاكا بىلەن ئايالىنى ۋە ئۇششاق باللىرى بىلەن مەجلىسنىڭ ئالدىنقى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ شۇ يەردە ھەممە ئادەمگە ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا ھۇسەننىڭ ئۆزىنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ھۇسەننى شۇ يەردە كۆرەش قىلىپ ئۆلۈكىنى ئاتا ـ ئانىسىغا بەردى. ئۇلارغا بەكمۇ ئېغىر قايغۇ بولدى.

خەلق قورققىنىدىن ھۇسەننىڭ ئۆلۈكىنى كۆمۈش ئۈچۈن بىرمۇ ئادەم كەلمىدى. ئاتا ـ ئانىسى يۇيۇپ ئۆلۈكىنى ھوشۇر ئاكا كىچىك ئىككى ئوغلى بىلەن جىنازىسىنى ئوقۇپ ئۆزلىرى ئاپىرىپ كۆمدى. پۈتۈن ئادەم قاراپ تۇرۇپ بىر ئادەم بېرىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ بىچارىلەرگە بەكمۇ ئېغىر بولدى. نېمە دېگەن ئېچىنارلىق ئەھۋال دېگىنە. مېنىڭ يۈرىكىم بەك ئاغرىدى. مەن يوشۇرۇنچە ئۆيگە كىرىپ ھال سوراپ چىقتىم. ھۇسەننى يوغاندا ئۇنىڭ ئىككى قولى، قوۋۇرغىلىرى، پۇتى يانپاش ئۇستىخانلىرى سۇنۇپ، پۈتۈن بەدىنى تاياقتىن قان تاراپ، كۆپكۆك بولۇپ كەتكەن ئىكەن. بۇ ھالەتتە ئادەم ئۆزىنى ئېسىپ ئېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلار ھۇسەننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكىنى ئېسىپ قويۇپ، جاھىل مەسىلە تاپشۇرۇشتىن قېچىپ ئۆلۈۋالدى دېيىشتى. ئالىم دېگەن ئوغلىنى بولسا شەھەردە تۇتۇپ

ئالغان ئىكەن، دەپ زەكىيە ئېچىنغان ھالدا سۆزلەپ بەردى.

بىز يېرىم كېچىگىچە ئاستا ئاۋاز بىلەن ئۇزۇن سۆزلىشىپ ئولتۇردۇق. ئەتىسى تاڭ سەھەردە مەن كەنگۇغا پىيادە مېڭىپ كەتتىم.

## سىخانۇك چىڭ ۋاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ساياھىتى

70 - يىل 2 - ئاي قىش ۋاقتى

كامبودژانىڭ دۆلەت باشلىقى سىخانۇك چىڭ ۋاڭ (پادىشاھ) فرانسىيىلىك ئايالى ۋە ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى بىننو چىڭ ۋاڭ بىلەن مەملىكىتىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن قېچىپ جۇڭگوغا باش پاناھ تىلەپ كېلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ جۇڭگونىڭ پۈتۈن يەرلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ ئوينىتىپ، ياخشى كۈتۈپ ئالىدۇ.

بۇلارنى تاماشا قىلدۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەندە ھەربىي ھالەت بولۇپ، گۇمانلىق ئادەملەر دەپ يەنە مىللىيلارنى يىغىۋالىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ گۇمانلىق ئادەملىرى يەنە مىللىيلار ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى شەھەرنى مىللىيلاردىن تازىلاش بولدى.

ھەربىي ھالەت ۋاقتىدا شەھەردىن قېچىپ كېتىپ تىنچلاندى دېگەندە قايتىپ كېلىۋاتقانلارنى ھەر بىر ھەربىي ھالەتتە يىغىپ ئېلىپ ماڭاتتى.

بۇ كېچە ئاپام بىلەن كىچىك سىڭلىم ئىككىسىلا ئۈچ ئېغىز ئۆيدە يالغۇز قالغان ئىكەن. چۈنكى نۇرجان ئاكىلارغا ئىدارىدىن ئۆي بېرىپ بىيىمنىڭ تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن ئىدى.

يېرىم كېچە بولغاندا ئۆينىڭ ھەممە دېرىزە، ئىشىكلىرىنى داراڭلىتىپ ئۇرغاندا خۇددى دۇنيا ئاغدۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك دەھشەت ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. چۈنكى ئۆينىڭ ھەر بىرسىدە ئىككى دېرىزە، ئۈچ ئۆيدە ئالتە دېرىزە، بىر ئىشىك، ھەر دېرىزىدە يوغان تاختايدىن ياسالغان ياغاچ قاپقاق، تۆمۈر بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدىن تاقاپ قويۇلغان. شۇڭلاشقا دېرىزىنىڭ داڭىلدىشى تېخىمۇ قاتتىق ئاۋاز چىقىراتتى. كىچىك سىڭلىم ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ۋارقىراپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئاپامۇ ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئۆزىنى

بىر ئاز ۋاقىت بىلەلمەي، ئاندىن:

ــ كىم؟ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ــ ئاچ ئىشكنى، جۇسادۇي (تەكشۈرۈش ئەترىتى) دەپ ئىشىكلەرنى يەنىمۇ قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ئاپام ئاچچىقلىنىپ:

ــ مېھمانچە ئۇرىسىلەر، ئۆيدە كىم بار دەپ ئويلايسىلەر؟ دەپ ئىشكنى ئېچىپ بېرىپتۇ.

ئۆيگە ئاغزىغا ماسكا، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىغان، بېشىغا ھەربىي مالخايىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان، قوللىرىغا قارا پەلەي، ئۇزۇن قارا قول چىراغ تۇتقان يەتتە ئادەم كىرىپ كېلىدۇ. سىڭلىم مۇشەررەپ ئاران داسقا ئۆلگۈرۈپ چۈشۈپ بىر داس ياپپېشىل سۇ قۇسۇپتۇ ۋە پۈتۈن بەدىنى بەزگەكتەك تىترەپ دەسسەپ تۇرالماي بالا باشقىچە بولۇپ قاپتۇ، ئاپام بېرىپ سىڭلىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ نېمە! نېمە ئىشىڭلار بار، مۇشۇنچىلىك قىلىپ جاھاننى تەۋرىتىپ كېلىدىغان نېمە ئىش بولدى. سىلەر ئادەملەرنى بۇنچىلىك ئاياق ئاستى قىلامسىلەر؟ بۇ بالىنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈپ قالسا، قانداق قىلىسىلەر؟ بىزنىڭ كەينىمىزگە نېمە شۇنچە چۈشۈپ ئالىسىلەر. بىز نېمە ئىش قىلدۇق؟ دەپ ئاچچىقىدىن سۆزلەپ كېتىپتۇ. كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن ئېگىز بويلۇق ئورۇق خەنزۇ خەنزۇچە تىل بىلەن:

ــ سەن بۇ يەردە تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەتىدىن قالماستىن يېزىغا چىقىپ كېتىشىڭ كېرەك، دەپ توۋلاپتۇ.

ئاپام ئۇلارنىڭ بوي تۇرقىدىن، ئاۋازىدىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ: بىزنىڭ شەھەردە تۇرۇپ بولمايدىغان قانداق يېرىمىز بار ئىكەن. بىز ئەزەلدىن مۇشۇ شەھەرلىك، ئۈرۈمچىلىك. مېنىڭ ئاتام بىلەن يولدىشىمنىڭ دادىسى مۇشۇ ھويلىلارنى ئېلىپ ئۆزى سېلىپ، مۇشۇ ئۆيلەردە يولدىشىم، يېنىدىكى قوشنا ھويلىدا مەن تۇغۇلۇپ، مۇشۇ ئۆيلەردە بىز چوڭ بولغان. بىز باشقا يەردىن كەلگەن كەلكۈندىلەر ئەمەس. ئېقىپ يۈرگەن قارا نوپۇسلار ئەمەس. بىز شىنجاڭلىق، ئۈرۈمچىلىك، يەرلىك خەلقمىز، دەپتۇ.

ھېلىقى ئۇزۇن بويلۇق خەنزۇ يەنە ئاچچىق بىلەن:

ــ شەھەردە يامان، ناچار ئادەملەرنى قالدۇرغىلى بولمايدۇ، چوقۇم كېتىشىڭلار! كېرەك دەپ توۋلاپتۇ.

ئاپام:

ـ گۇڭشېنى بىز كوممۇنىزمنىڭ تىپىك ئۈلگىسى خەلق گۇڭشېسى بەك ياخشى دەپ، پۈتۈن ماللىرىمىزنى، ئۆيدىكى جابدۇقلىرىمىزنى بېرىپ شۇنچە يىل كېچە ـ كۈندۈز دېمەستىن يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرىنى كۆرمەستىن سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمغا بارىمىز دېسە، ئۆلۈپ ـ تىرىلىشىمىزگە قارىماستىن ئىشلەپ كەلگەن ئىدۇق. ئۇنى بىز بىر ياخشى يەر دېسەك ئۇ جىنايەتچىلەر ئەۋەتىدىغان ئىككىنچى تۈرمىمۇ بۇ، قانداق گەپ. ئۇنداق يامان يەر بولسا مەن ئۆلسەممۇ بارمايمەن. بىلىپ قوي، بۇ هويلا بىزنىڭ هويلىمىز، مەن هېچكىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئولتۇرمىدىم. ئۆز ئۆيىمىزدە ئولتۇرۇۋاتىمەن. «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ» دېگەندەك مېنى قوغلىماقچىمۇ. مەن ئۆلسەممۇ كەتمەيمەن، بۇ ئۆيدىن بېشىمنى كېسىپ ئالساڭلارمۇ بەدىنىم بۇ ئۆيدىن چىقمايدۇ. ئاۋۋال سىلەر ماۋۇ بالامنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ داۋالاڭلار! دەپ يىغلاپتۇ.

ئاخىر ئۇلار بىر ئاز يۇمشاپ:

ـ بالاڭنى ئەتە دوختۇرغا ئاپىرىپ داۋالات، دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بالا تاڭ ئاتقۇچە توختىماستىن قۇسۇپ ئۆزىنى بىلەلمەي يېتىپ «دوختۇرلار داۋالاپ بىر ھەپتىدىن كېيىن بىراز ياخشى بولۇپ قالدى» ئاپام 67 - يىلدىن باشلاپ ئۇرۇمچى شەھىرىگە نوپۇسىمىزنى يۆتكەپ كىرىش ئۈچۈن بارمىغان ئىدارە، يۈرمىگەن يول، ئەرز يازمىغان يەر قالمىدى. ئەمما ھېچقايسىدىن بىر ئۈمىدلىك سۆز چىقمىدى. شىنجاڭنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەپەندىگە شەھەر گۇڭشېلىرىغا يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن تەستىق قەغەز قىلدۇرۇپ «شەھەر گۇڭشېغا خۇدايىم بىزنى يۆتكەپ بەرسىكەن» دەپ چىقىپ كەتتى. ئەمما بىر يېرىم سائەتكە قالماستىن سولىشىپ يېنىپ كەلدى. مەن ئۇلاردىن قانداق بولدى؟ دەپ سورىدىم.

ـ قانداق بولاتتى؟ ئۇ يەرگىمۇ ئالمىدى، دەپ سىڭلىم غەيشە ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى.

مەن ئۈستەل چېتىدە خەت يېزىپ ئولتۇراتتىم. قەلەمنى قويماستىن، بۇ ياخشى بوپتۇ، خۇش خەۋەر، دېدىم.

ئاپام ساراڭ بولدۇڭمۇ، گۇڭشېغىمۇ قوبۇل قىلمىدى، دېسەم، خۇش خەۋەر دەيسىنا، بۇ نېمە خۇش خەۋەر بولسۇن دەپ خاپا بولدى.

مەن راستتىن بۇ خۇش خەۋەر، گۇڭشېغا بىزنى ئالمىدى، ئەمدى بىزنى شەھەرگە ئالىدۇ، دېدىم.

ــ بۇ قانداق گەپ، گۇڭشېغا ئالمسا شەھەرگە ئالامدۇ؟ دېدى.

ــ غەيشە:

ــ ھەئە، «دادام كېسەل گۇڭشېغا ئېلىپ چىقىپ كېتەلمەيمىز. داۋاملىق دوختۇرغا كۆرسىتىپ داۋالاپ تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرگە ھەل قىلىپ بەر» دەپ، شەھەرگە تەستىقلىنىپ ئېلىشقا بولىدۇ، دېدىم. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمدىن كېيىن:

ــ راست بۇمۇ بولىدىغان يول ئىكەن، دەپ شۇ كۈندىن باشلاپ شەھەر نوپۇسى ئۈچۈن ھەر كۈنى ئېرىنمەستىن، تېرىكمەستىن، زېرىكمەستىن مېڭىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپام، دادام، كىچىك ئۇكىلىرىمغا ۋاقىتلىق نوپۇس بەردى.

# بىننۇنىڭ نەنسەنگە كېلىشى

71 - يىل 4 - ئاي ۋاقتى

كەچكى سائەت ئون يېرىم بولدى. يېتىشلار دەپ ئىنى ـ سىڭىللىرىمغا بۇيرۇق بېرىپ ئۆزۈم كېچىلىك كىيىمنى كىيىپ ئۇخلاش ئۈچۈن ئورۇنغا كىرىپ ياتقان ئىدىم. ئىشىكنى ئۇرۇپ بىر قانچە ياش قىز ـ ئوغۇللار كىرىپ كەلدى. بىز شۇ ۋاقىتتا قىزىق بىر سۆز قىلىپ تازا كۈلۈشۈپ ئولتۇراتتۇق. ئۇلارنى كۆرۈپ كۈلكىمىزنى ئاران تۇتۇپ، نېمە ئىش ئىكەن؟ دەپ دىققەت بىلەن ئۇلارغا قاراپ قالدۇق. سوفىيە ئۇلاردىن:

ــ نېمە ئىشىڭلار بار؟ دەپ سورىدى.

ــ سۆيۈنگۈلنى گۇڭشېغا چاقىرىۋاتىدۇ، دېدى.

ــ مەن ھازىرلىنىپ چىقاي، دېدىم.

بىز گۇڭشېنىڭ زالىغا باردۇق. زالدا قوراللىق ئىككى يۈزدەك قازاق مىنبىڭلار تۇراتتى. ئورۇندۇقتا ئوسمان دوختۇر ۋە يەنە بىر نەچچە ئادەم ئولتۇرۇپتۇ. مېنى شۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. مەنمۇ گەپ قىلماستىن شۇلارنىڭ قاتارىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. مىنبىڭلار دوكۇلداپ كىرىپ دوكۇلداپ چىقىدۇ. مۇقىم 50 كە يېقىن مىنبىڭ مىدىر قىلماستىن بىزنى كۆزەت قىلىپ تۇراتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن قوسمان دوختۇر بىلەن ئىككىمىزدىن باشقىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئوسمان دوختۇر مەن بىلەن قېلىپ قالغىنى ئۈچۈن قاتتىق قىسىلىپ، چىرايىدىن مەن

بلەن تەڭ بولۇپ قالغانلىقىغا نومۇسلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ ماڭا ئالىيىپ قاراپ ئۆزىنى مەندىن پەرقلىق دەپ بىلدۈرگۈسى كەلدى. سائەت بىرلەر بىلەن ئۇنىمۇ چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئوسمان دوختۇر ئۆزىنى چاقىرىپ ئېلىپ چىققان ئادەمگە «مېنى قۇتۇلدۇردۇڭ» دەپ بېشىغا قوندۇرۇپ قالدى. مەن شۇ ئولتۇرغان پېتى تاڭ يورۇغۇچە ئورۇندۇقتا مىدىرلىماستىن ئولتۇردۇم. جاھانغا سىغماي گۈلدۈرلىشىپ يۈرگەن مىنىبىڭلار سائەت بىر بولغاندا ئۇيقۇغا چىدىماي سېمونت يەرنىڭ پاسكىنا بولغىنىغا قارىماستىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرسى كېلىپ ئېغىناپ ئۇيقۇغا كەتتى. 50 كە يېقىن مىنىبىك ماڭا قاراپ مېنى كۆزەت قىلاتتى. ئۇيقۇسى كېلىپ ئەسنەيتتى، «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دەپ شىكايەت قىلىپ قىينىلاتتى. تالاغا چىقىپ يەنە كىرىپ كېلەتتى. ئەڭ ئاخىرى ياتقىلى ئىككى سائەت بولغانلارنى نوقۇپ ئويغىتىپ ئورۇن ئالماشتۇرۇپ ئىككىنچى تۈركۈمى ئۇيقۇغا كەتتى. مەن ھەيران بولدۇم. بىر مەن ئۈچۈن مۇنچىۋالا مىنىبىڭنىڭ نېمە كېرىكى بارا؟ نېمە ئىش بولدى؟ بىر كېچىدىلا مەن شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ شەھەرگە بارسام ئۇ يەردە، ئەمدى بۇ يەردىمۇ يەنە يىغىۋېلىش ئوبيېكتىپى مەن. بۇ قانداق كۈن بولدى؟ تووۋا خۇدايىم دەپ، ھەر تۈرلۈك ئويلار بىلەن بېشىمنى تامغا يۆلەپ مەنمۇ بىر ئاز كۆزۈمنى ئارام ئالدۇرۇپ، تېخى تاڭ يورۇمىغان بىر ۋاقىتتا تالادا ئاۋازلار ئاڭلىنىپ ھەربىي لەنىنىڭ ئەسكەرلىرى گۈڭشې زالىغا كىرىپ كەلدى.

69 - يىلىدىن باشلاپ كېچە سائەت 12 - 3 كە قەدەر ماشىنا ۋە تانكىلار بىلەن ھەربىيلەر كېلىپ نەنسەن تاغلىرىنىڭ ھەر بىر سايلىرىغا كىرىپ قۇمغا سىڭگەن سۇدەك تاغ ئىچىگە كىرىپ يوق بولۇپ كېتەتتى. ئۇ كەلگەن ماشىنا، تانكىلار سايدا تىزىلىپ كەتسە بولاتتى. ئەمما كۈندۈز ئۇلارنى كۆرۈپ بولمايتتى. نەگە بېرىپ جايلىشىۋاتقاندۇ؟ دەپ ئويلاپ ھەيران بولاتتىم. بەزى كىشىلەر بۇلار تاغنى تېشىپ يول ياساپ غۇلجا تەرەپكە كېتىۋېتىپتۇ دەيتتى. ئەمما بۇمۇ ئەقىلگە توغرا كەلمەيتتى. بۇنداق قاتمۇ قات جايلاشقان تاغ تىزمىلىرىنى تېشىپ ئۆتۈش ئوڭاي گەپ ئەمەس ئىدى. بەزىلەر بۇلار تاغنى ئويۇپ گەمە ئۆيلەر ياساپ ئۆيلىرىنى تانكا، ماشىنىلىرىنى قارىغايلار بىلەن بېسىپ ئۆزلىرىمۇ قارىغاينىڭ شاخلىرىنى بېشىغا كىيىپ كىشىلەرگە كۆرۈنمەي يۈرىدىكەن. ئەگەر بىلمەي بېرىپ قالسا قوغلايدىكەن دەيتتى. ھەربىي لەن دېگىنىمىز مانا شۇ ھەربىيلەر ئىدى. ئۇلار يەردە ياتقان ئىككى يۈزدەك مىنىبىڭلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ماڭا قاراپ، ھەربىي باشلىق مىنىبىڭلاردىن:

– نېمە سىلەر بۇنداق ئەتىگەن كەلدىڭلار. بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر دېگەن ئىدى، بىر مىنىبىك چالا خەنزۇ تىلى بىلەن:

ــ ماۋۇ ئەكسىلئىنقىلابچى قىزنى ساقلاپ ئولتۇردۇق، دېدى.

ھەربىي باشلىق ماڭا قاراپ ھەيران بولدى.

ــ بۇ قىزنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋېتىڭلار، دېدى.

مىنبىڭلارنىڭ باشلىقى ھەربىي باشلىقنى چەتكە تارتىپ، مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ كۆپ سۆزلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەربىي باشلىق مېنى بۇ جايدىن يىراق «توپ تېرەك»كە ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن مېنى «جور» دەپ باشلاپ تالاغا ئېلىپ چىقتى. ئىككى ئاتلىق مىنبىڭ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى.

خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ماڭا:

ــ ھازىر سېنى «توپ تېرەك»كە ئېلىپ بارىدۇ، ئىشتىن چۈشكەندە قايتىپ كەلسەڭ بولىدۇ، دەپ ئۇقتۇردى.

بۇ ئىككى ئاتلىق مىنبىڭ مېنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ چاپتۇرۇپ، خەلققە ھەيۋە سالماقچى بولۇپ، ماڭا «تېز جۇردىمىن» «جۇرمەيسىگمە» ھاي ـ ھوي دەپ قىيقاس سېلىپ پۈتۈن تاغلارنى جاراڭلىتىپ تولۇلايتتى ۋە شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزاتتى. بىراق مەن ئۇلار ئويلىغاندەك ئاتنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ يۈگۈرمىدىم. چۈنكى دوختۇرنىڭ ئېغىر ئەمگەك قىلىشقا يارىمايدۇ، دەم ئېلىپ داۋالانسۇن دەپ ئۈچ ئايلىق قىلىپ بەرگەن قەغىزى بار ئىدى. ماڭا شۇ ئىسپىراپكىنى يېزىپ بەرگەن شۇ ساۋاقدىشىم رىشتىكە ھەر دائىم رەھمەتلىرىمنى ئېيتىپ تۇرىمەن، كۆپ رەھمەت، مېنىڭ قىيىن مىنۇتلىرىمدا ئەسقاتتى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىلەن توپ تېرەكنىڭ ئارىلىقى يەتتە كىلومېتىر بولۇپ، بۇ ئارىلىق ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسى دېھقانچىلىق مەيدانى ئىدى. شۇڭلاشقا كۈن چىققۇچە بۇ ئورۇنغا بارماسقا تىرىشىپ «مەن ئاغرىق تېز ماڭالمايمەن» دەپ شۇنداق ئاستا ماڭدىمكىن، ئۆمرۈمدە بۇنداق ئاستا مېڭىپ كۆرمىگەن ئىدىم. مېنىڭ بۇ مېڭىشىمغا ئاتلار ھېچ ئەگىشىپ ماڭالمايتتى، ئالدىغا چېپىپ كېتەتتى. مىنبىڭلار ئاتلارنى باشقۇرالماي ئاۋارىچىلىقتا قالدى. گۇگۇمدا قاراڭغۇدا چىققان ئىدۇق. ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە كەلگەندە تاڭ يورۇدى. بۇ مىنبىڭلار مېنى ماڭغۇزالماي جېنىنىڭ بىرىچە تولۇلايتتى. تالادا كالا سىغىۋاتقان ئاياللارمۇ ئاۋازىدىن قورقۇپ چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە قېچىپ كىرىپ كېتەتتى. ئۆيلىرىدە يېنىپ تۇرغان چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئادەملەر دېرىزىلەردىن مارىشاتتى. ئىتلار قاۋاپ ھۇۋلاشقا باشلىدى.

بىز شۇنداق سۆرەن، چۇقانلار بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئاياغ تەرەپكە

كەلگەندە كۈن كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. باشتا ئۇلار مېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئاۋازلىرى يەتكۈچە تووۋلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۈن چىققاندىن كېيىن ئۇلار قورقۇشقا باشلىدى. ئاندىن ئۇلار ماڭا يالۋۇرۇشقا تۇردى.

– سائەت يەتتە يېرىم بولدى. بىز تېخى «لوتوبوسقا»كەلمىدۇق. ئۇلار سائەت سەككىزلەردە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇلار كەلگەندە بىز سېنى ھەيدەپ بۇ يەردە يۈرسەك، بىزنى ئۆلتۈرىدىغۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز، دېدى.

– قانداق قىلىشىڭدا مېنىڭ ئىشىم يوق. ئۆز ئەھۋالىمغا قاراپ ماڭىمەن دېدىم.

ئاغاتاياۋ بۇلار سىرتتىن كەلگەن كامبودژانىڭ پادىشاھى بىننو دېگەن كىشى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بالاي جۈرگەنىمىز بىزگە، گۇڭشېمىزدا، پارتىيىمىزگە ئۇيات بولدى. بىز بۇلار كىلگەنچە ماشىنا جولداپ كېتىپ قالارغا كېرەك، دېدى.

– نېمە دېسەڭمۇ مەندە ئامال يوق، مەن كېسەل، دېدىم.

ئاخىرى ئۇلار راستتىن قورقۇشقا باشلىدى.

– ئاغاتاياۋ بىزنى ئاياساڭچۇ، بىزمۇ ساڭا ئوخشاش بىر ئادەممىز، بىزنى مىنىبىڭ دەپ بۇ ۋەزىپىنى بەردى، دېدى.

– بەرگەن بولسا ياخشى بوپتۇ، مەن قانداق قىلىمەن؟ دېدىم.

– ماڭالمىساڭ ئاتقا مىن، دېدى.

– ئېتىڭنى تارت، مىنەلمەيمەن قورقىمەن، دېدىم.

بۇ مىنىبىڭلار باشقا ئەترەتتىن كەلگەن ياش باللار ئىدى. ئۇنداق قىلما ئاغاتاياۋ بىز سېنى دەپ ئۆزۈڭ كۆردۈڭ شۇنچە مىنىبىڭ بىر كېچە ئۇخلىمىدۇق. مانا تۈنۈگۈندىن بۇيان چايمۇ ئىچمىدۇق. بېشىمىز ئاغرىپ كۆزىمىزنى ئاچالماي ئولتۇرۇپتۇق. بۈگۈن گۈلتىكشەدە چوڭ تۇي قىلىپ پاقلان سويۇپ، قىمىز ساپىرىپ، ئات بەيگىسى بولۇۋاتىدۇ. بىز سېنى دەپ ئۇ يەرگىمۇ بارالماي قالدۇق. ئەمدى سەن بىزنى سۆزگە قالدۇرما، كەل ئاتقا مىن، مېنىڭ كەينىمدە ئولتۇر، دېدى.

– ياق، يايداق ئاتقا مىنەلمەيمەن، دېدىم.

– ئۇنداق بولسا، مەن كەينىگە ئولتۇراي، سەن ئېگەرنىڭ ئۈستىگە مىن، دېدى.

– ياق ئىككى ئادەم بولۇپ ئاتقا مىنەلمەيمەن، دېدىم.

ــ ئۇنداق بولسا سەن مېنىڭ ئېتىمغا مىن، بىز ئىككىمىز بىر ئاتقا مىنەيلى دېدى. خېلى تالاش ـ تارتىش قىلىپ مەن بىر ئاتقا مىنمەكچى بولدۇم. ياردەملىشىپ ئاتقا مىندۇرمەكچى بولدى. ياق كەلمە ئۆزۈم مىنىمەن دەپ ئەپچىللا ئاتقا مىنىپ ئالدىم ۋە ئاتنى قامچىلاپ چاپتۇرۇپ كەتتىم. ئۇلار ئىككى ئادەم بىر ئاتقا مىنگەنلىكتىن ماڭا يېتىشەلمەي كەينىمدە خېلى ئۇزاقتا قېلىپ «توختا ئاستا ماڭ» دەپ ۋارقىراپ يۈرۈپ «توپ تېرەككە» يېتىپ كەلدۇق.

ئۇ ئىككى مىنبىڭ ئۇچرىشىپ چاي ئىچىپ، ئۇخلاپ ئالدى. بىر كۈن مېنى كۆزەت قىلىپ كەچتە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ھارۋىسى بىلەن قايتىپ كەلدىم، ئۇ ئىككى مىنبىڭمۇ ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ مەن بىلەن قايتىپ كەلدى.

## زىقاننىڭ بېشەملىكى

71 - يىلى 4 - ئاي

ئەتىگەن ئىشقا چىقىش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ تۇراتتىم. تالادا بىر ئايالنىڭ چىرقىراپ كىمىندۇ تىللاپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەن: تاڭ ئاتماستىن كىمدۇر ئۇ ئاچچىقلىنىپ ۋارقىراۋاتقان، نېمە بولدىكىن دەپ قۇلاق سالدىم، قارىسام بىر ئايالنىڭ پەنگىمىڭ (ئەكسىلىنقىلابچى) بۇزۇقنىڭ يۇرگەن يېرىدە كىشلەرگە سالدىغنى بۇزغۇنچىلىق، ئەكسىلىنقىلابچىنىڭ ئۆزىلا پەنگىمىڭ بولماستىن ھەممە نەرسىسى، ئىتى، كالىسىمۇ پەنگىمىڭ دەپ ماڭا تىۋۋلاپ كېلىۋېتىپتۇ. مەن ھەيران بولدۇم، يەنە نېمە بالا كېلىپ چىقتى دەپ تالاغا چىقتىم. 20 - 30 مېتىر يىراقلىقتا رامىزاننىڭ ئايالى زىقان چاپان - كۆينەكلىرى ئۇچقان، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىراپ مېنى تىلللىغان پېتى بىزنىڭ ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئايالغا نېمە بولغاندۇ؟ دەپ زىقانغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ئۆيدىن سوفىيە، غەيشەلەر چىقتى. ئۇ مېنى ئۇرىدىغان پەيلى بىلەن ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى، مەن ئەجەبلىنىپ:

ــ زىقان نېمە بولدىڭىز، تاڭ ئاتماستىن نېمشقا بۇنداق ئاچچىقلىنىپ كەتتىڭىز؟ دېدىم.

سېنىڭ پەنگىمىڭ كالاڭ مېنىڭ باغلاقتىكى كالامنى ئازدۇرۇپ ئاشلىق ئېتىزىغا باشلاپ بېرىپتۇ. مانا بىكاردىن 40 سوم پۇل تۆلەپ چىقاردىم. بۇزغۇنچىنىڭ كالىسىمۇ

بۇزغۇنچى، مېنىڭ 40 سوم پۇلۇمنى تۆلە دەپ دېۋەيلەپ كەلدى. قارىسام بىزنىڭ كالا ئىشىك ئالدىدا باغلاقلىق يېتىپتۇ.

– توختا زىقان بىزنىڭ كالىمۇ ئېتىزغا سېنىڭ كالاڭ بىلەن بىللە چۈشۈپتىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

– بۇزغۇنچىلار ئۆزلىرى قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئۆزىنى يوشۇرۇپ جىم يېتىۋالدۇ، سېنىڭ كالاڭمۇ شۇنداق، مېنىڭ كالامنىڭ باغلاق يىپىنى ئۈزدۈرۈۋېتىپ ئۇنى ئېتىزغا باشلاپ قويۇپ ئۆزى قېچىپ كېلىپ يېتىپتۇ، دەپ ۋارقىراپ كېلىپ ياتقان كالىنى بىر نەچچىنى تېپىۋەتتى.

– زىقان سەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقىنىڭ ئايالى سەن، ئەقىل بىلەن ئويلاپ سۆزلىسەڭ بولىدۇ، دېيىشىم بىلەن:

– ھە، سەن پەنگىمىڭ ماڭا نەسىھەت بەرگۈدەك بولۇپ قالدىڭمۇ؟ قۇيرۇقۇڭنى كۆتۈرۈپ كۆرەڭلەشكە باشلاپسەندە، سەن پەنگىمىڭ پۈتۈن يامانلىقنى ئادەملەرگە ئۆگىتىشتىن باشقا، ھايۋانلارغا ئۆگىتىشكە باشلاپسەن، سۆزمەنلىك قىلىپ كالاڭنى ئاقلاپ بۇ پۇلنى تۆلەشتىن قېچىۋاتامسەن دەپ، راستتىن ئاچچىقلىنىپ بارمىقىنى شىلتىپ ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلدى. ئۇ مېنى ئۇرۇشتىنمۇ يانمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن كەينىمگە داجىپ تۇرۇپ:

– زىقان مەن كالامغا ئەكسىلىنقىلابچىلىقنى ئۆگىتەلىگەندىن كېيىن، سەن نېمىشقا كالاڭغا ئىنقىلابچى بولۇشقا ئۆگىتەلمەيسەن، سەن بىر چوپچوڭ ئادەم ئويلاپ سۆزلە، دېدىم.

ئۇ تېخىمۇ ۋارقىراپ:

– سەن قاراپ تۇر. مەن دادۈيگە بېرىپ سېنىڭ نومۇرۇڭدىن 40 سوم پۇلنى ئۆزۈمگە يازدۇرۇپ ئالىمەن، مېنى ھېچنەرسە قىلالمايدۇ دېمە، دېدى كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىۋېتىپ.

– سەن مۇشۇ قىلغان يامانلىقىڭ ئۈچۈن جاۋاب بېرىسەن. تېخى گەپدانلىق بىلەن قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلىما، دېدى ۋە مېنى تىللاپ ۋارقىرىغان پېتى كەتتى.

يىللىق ھېساباتتا قارىسام مېنىڭ ئاتمىش نەچچە ئىش كۈنۈمنى زىقانغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ ئادالەتسىزلىكنى كىمگە دەيسەن، مەن بۇ گۇڭشېدا يەتتە يىل قولدەك ئىشلەپ بىر تىيىن پۇل كۆرمىدىم. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يوللار بىلەن بۇلاپ تالىنىپ كېتەتتى.

# 71 ـ يىل ماي ئېيى

باللارنىڭ ھەممىسى ئىشقا كەتتى. مىجەزىم بولمىغانلىقتىن رۇخسەت سوراپ ئىشقا چىقمىغان ئىدىم. سائەت توققۇزدا ئۈرۈمچىدىن ئاپتوبۇس كەلدى. شۇ ئاپتوبۇس بىلەن جۇيەندىكى (شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبلى) نىڭ ئەتىسى ئابلىمىت سادىق بىلەن ئايالى گۈلسارە كېلىپ توپتوغرا بىزنىڭ ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. مەن يۈگۈرۈپ چىقىپ قارشى ئېلىپ ئۆيگە باشلىدىم. تۇخۇم قويمىقى بىلەن چاي بەردىم. ئابلىمىت گۈلسارەنىڭ ۋاقتى يېقىن، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەركى ھەپتە يەڭگىپ قالار دەپ كۈتىمىز. گۈلسارە مۇشۇ يەردە سىزنىڭ يېنىڭىزدا بولۇشنى خالاپ بالىنى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ ئالساق دەپ ھازىرلىنىپ چىقتۇق، سىز قانداق قارايسىز؟ دەپ مەندىن جاۋاب كۈتۈۋاتقاندا تالادىن قاينىجامالنىڭ تووۇلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئۇنىڭ زېرىكسە بىكاردىن ئۆز ئالدىغا «سۆيۈنگۈلنى يوقىتايلى، سۆيۈنگۈل يوقالسۇن» دەپ تووۇلايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغان ئىدى ۋە ھېچكىممۇ ئېتىبار قىلمايتتى. خەنزۇلار بولسا ئۇنى ساراڭ خوتۇن! دەپ ئاتايتتى. بەزى ئادەملەر مەندىن «سەن ئۇنىڭغا نېمە قىلغان ئىدىڭ، ئۇ ساڭا نېمىشقا بۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ قالدى» دەپ سورايتتى. مەن ئۇنى بۇرۇن كۆرۈپمۇ باقمىغان، ھېچقانداق زىددىيەتمۇ يوق، مەن ئۇنى تونۇمايمەن، دەپ جاۋاب بېرەتتىم. قىسقىسى، ئۇنىڭ بۇنداق تووۇلاشلىرىغا ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمەيتتى.

مەن ئۇنى ئادەتتىكىدەك ۋارقىراۋاتسا كېرەك دەپ كۆڭۈل بۆلمەي ئولتۇرساممۇ، لېكىن بۇنداق ئاۋازنى ئاڭلىمىغان ئابلىمىت چۆچۈپ تالاغا قۇلاق سېلىپ، ھەيران بولۇپ ماڭا قارىدى، مەن ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈلۈپ:

ـ ھە مۇشۇ يەردە بىر ئايال بار، ئىچى پۇشۇپ قالسا مېنى يوقىتايلى دەپ شۇنداق شوئار توۋلايدۇ، دېدىم. لېكىن ئۇ ئادەتتىكىدەك ئەمەس، ئۇ غەزەپ بىلەن جېنىنىڭ بىرىچە چىرقىراپ، ۋاي بۇ دۇنيا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ دۇنياسى بولۇپ كەتتى، ۋاي خالايىق ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، پەنگىمىڭلار باش كۆتۈرۈپ بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ تووۇلىغان پېتى ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

مەن: قاينىجامال كەل، ئولتۇر نېمە بولدى، دەپ ئۇنىڭغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلساممۇ، قاينىجامال ئاچچىقتىن ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىرايتتى.

ـ رىزا بالامنى يەر ئاستى ئۆيگە باشلاپ قارا مايلىق قەغەز بالامنىڭ قولىنى كۆيدۈرۈپتۇ.

ئەكسىلىنقىلابچىلارنىڭ پۈتۈن ئۆي پىكرى قەستلىك، دۈشمەنلىك، دەپ تۇۋلاپ تۇرۇشىغا ئىنىم رىزا ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ كىرىپلا قايىنجامالنى كۆرۈپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. ئۇنى كۆرگەن قايىنجامال ئىشىكتىن چىقىپ رىزانى قوغلاپ كەتتى. كەينىدىن مەنمۇ يۈگۈرۈپ چىقتىم. ئۇ تۇتۇپ ئالسا رىزانى ئۆلتۈرمىسىمۇ مېيىپ قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. بەش قەدەم ماڭماستىن رىزانى تۇتۇۋالدى، بالىنى يەرگە ياتقۇزۇپ ئېلىپ ئۈستىگە ئىككى تىزى بىلەن دەسسەپ ئۇرۇپ، چىمداپ، بالىنىڭ كىكىرتىكىدىن سىقىپ ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولۇۋاتاتتى، مەنمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ قايىنجامالنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ يۇلۇپ ئالغان پېتى بىر چۆرۈپ ئاتقان ئىدىم يەرگە پالاقلاپ يىقىلىپ چۈشتى. ئورنىدىن تۇرۇپ جېنىنىڭ بېرىچە تۇۋلاپ:

— ۋايجان ئادەم ئۆلدى! ماۋۇ ئەكسىلىنقىلابچى مېنى ئۇرۇپ كەتتى، خالايىقلار قارىماسىلەر، دۇنيا ئەكسىلىنقىلابچىنىڭ بولۇپ كەتتى، دەپ ۋارقىراپ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىسكىلات ئۆگزىسىگە لاي سېلىپ ئىشلەۋاتقان قىرىقتەك ئادەمگە قاراپ تۇۋلاشقا باشلىدى.

— ۋاي كەلمەمسىلەر، قاراپ تۇرىسىلەرغۇ دەپ ئۇلارنى ياردەمگە چاقىراتتى. ئۆگزىدە تۇرغان ئادەملەر ھەممىسى ئىشنى توختىتىپ قاراپ تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ تۇۋلىشى بىلەن بارلىق ئادەم گەپ قىلماستىن ئۆز ئىشلىرىغا چۈشۈپ كەتتى.

— سىلەرمۇ ئەكسىلىنقىلابچى تەرەپ بولۇپ كەتتىڭلارمۇ، دەپ ۋارقىراپ ئاندىن ماڭا قاراپ:

— سەن ئەكسىلىنقىلابچى پۈتۈن خەلقنى زەھەرلەپ ئەكسىلىنقىلابچى قىلىپ بولدۇڭ، دەپ ماڭا ئېسىلماقچى بولۇپ كەلگەن ئىدى، مەن ئۇنىڭغا:

— بېرىپ ئېيت، چوڭ ئەترەت ئەنە، گۇڭشې مانا دەپ كۆرسىتىپ، قولۇڭدىن كەلسە ناھىيىگە بار، جۇڭياڭغا — بېيجىڭگە بېرىپ ئېيت دېدىم. ئۇ ئاچچىقىغا چىدىماستىن:

— ئويباي ئەكسىلىنقىلابچى دۇنيانى قىراتىپ جاتىر (دۇنيانى بۇزۇۋاتىدۇ) ھەممە ئادەم ئەكسىلىنقىلابچىلارنىڭ سۆزىنى قىلىدىغان بولدى، دەپ تۇۋلىغان پېتى دادۇيگە قاراپ كەتتى.

ئابلىمىت رەڭگى ئۆچۈپ، بۇ كۆڭۈلسىز ئىشقا ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. مەن رىزانى يېتىلەپ ئابلىمىتنى باشلاپ ئۆيگە كىردىم ۋە رىزادىن نېمە بولغانلىقىنى سورىدىم.

بۇندىن بىر يىل بۇرۇن سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇرۇش

ئاچسا خەلقنىڭ ئۇرۇشتىن يوشۇرۇنىدىغان ئورنى بولۇشى كېرەك، دەپ قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقىدا ھەر بىر ئادەم ئۆز ئالدىغا تاغدىن ئۆڭكۈر كولاپ، يەر ئاستى يوشۇرۇنۇش ئۆيىنى ياساپ چىققان ئىدى. ئۇ ئۆڭكۈرلەردە باللار توشقان تۇتۇپ ۋە يەر ئاستى جەڭ قىلىپ ئوينايتتى، ئۇلار نەدىندۇر قارا ماي قەغىزنى تېپىپ كېلىپ چىراغ ئورنىغا شۇنى يېقىپ كىرىپ يۈرگەن ئىكەن، بۈگۈنمۇ ئۇلار يەر ئاستى ئۆيگە كىرگەندە قاينىجامالنىڭ بالىسى قارا ماي قەغىزىدىن قولىغا ماي تېمىپ قولىنى كۆيدۈرۈۋېلىپتۇ. بۇندىن ئىككى كۈن بۇرۇن رىزانىڭمۇ قولى كۆيۈپ كەتكەن ئىدى. بىز ئۇنىڭغا ئۇ يەردە ئوينىماسلىقنى ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى دېسەكمۇ بۈگۈن يەنە بارغان ئىكەن.

ئابلىمىت رىزاغا سۇ ئىچكۈزدى. رىزامۇ بىر كۈن سىرتقا چىقماي قورقۇپ ئۆيدە ئولتۇردى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئابلىمىت گۈلسارەگە:

— سىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ تۇغىمەن دېگىنىڭ ھەقىقەتەن توغرا ئەمەس ئىكەن. بۇلار بۇنداق بېسىم ئاستىدا ياشاۋاتسا بىز بۇلارغا ئېغىرلىق سالساق بولمايدىكەن، قايتىپ كېتەيلى، بۇ ئادەملەر بەكمۇ نادانلىقتا، ئاسارەتتە قالغان خەلق ئىكەن، بۇلارنى پەقەت ياۋايى ئادەملەر دېسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ. نېمە دېگەن يامان ئۆكتەم ئادەملەر بۇ؟ سىز شۇنچە يىللار بۇ يەردە قانداقمۇ ياشاپ كەلدىڭىز؟ مەن بولسام بىر كۈنمۇ چىداپ تۇرالمايمەن، دەپ بېشىنى چايقاپ كەتتى.

— سىياسەت بوشاپ، ۋەزىيەت ھازىر كۆپ ياخشى بولۇپ قالدى، دېدىم.

ئۇلار چۈشتىن كېيىن ئاپتوبۇس بىلەن قايتىپ كەتتى.

قاينىجامال دادۇيگە بارسا ناھىيىدىن كادىرلار كەلگەن ئىكەن. قاينىجامال ئۆيىنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ ئۇلارغا بۇ ھەقتە ئەرزلىرىنى سۆزلەپتىكەن، ئۇلار قاينىجامالغا:

— ھازىر ۋەزىيەت بۇرۇنقىدەك ئەمەس، سەن خالىغانچە بېرىپ ئۇلارنى ئۇرۇپ - تىللىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ. ھەر نەرسە سىياسەت، قانۇن بىلەن بولىدۇ. بۇرۇن قانۇنسىز ئىشلار كۆپ بولدى. ئەمدى ئۇنىڭغا يول يوق، دەپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

ئۇ دادۇيدىن چىققاندىن كېيىن بار ئاۋازى بىلەن چىرقىراپ كادىرلارمۇ ئەكسىلئىنقىلابچى تەرەپ بولۇپ كەتتى. ناھىيە، ھۆكۈمەتمۇ ئەكسىلئىنقىلابچىلار تەرەپكە كەتتى، قانداق قىلىمىز، بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلايدىغان ئادەم قالمىدى، دەپ بىر كۈن توۋلاپ يۈردى. بۇ خەۋەرنى باشقىلار بىزگە يەتكۈزۈپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى يوقالدى. كېيىن ئاڭلىسام قاينىجامال 10 ـ بالىسىغا ھاملىدار ۋاقتىدا تۇيۇقسىزلا بىر كېچىدە ئۆلۈپ قېلىپ، بالىلىرى يېتىم قاپتۇ.

كىشىلەر ماڭا «سېنى يوقالسۇن» دەپ تولۇلاپ يۈرۈپ ئۆزى دۇنيادىن كەتتى، دېيىشتى.

## 71 ـ يىل 30 ـ دېكابىر

مەن ئىشتىن قايتىپ تۇرۇشۇمغا شەھەردىن غەيشە كەلدى. ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ:

مەن سىزگە شۇنداق ئېسىل، سىز ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ئېلىپ كەلدىم دەپ ئىشككە قارىدى. ئۆيگە ساجىدە كىرىپ كەلدى. بىر سېكۇنتتەك كۆزۈمگە ئىشەنمەي تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلاپ سېغىنغان كۆز ياشلىرىمىز بىلەن كۆرۈشتۇق. سۆزلەپ سۆزىمىز تۈگىمەستىن بىر كېچە ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدۇق. ئۇ مۇ نۇرغۇن ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئاپىسىنىڭ زاۋۇت تۈرمىسىدە سولىنىپ، ياتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. چۆچەكتە ۋىلايەت باشلىقلىرى ۋە بارلىق ئىدارىدىن سۆرەپ چىققان ئادەملەرنى قالپاق كىيدۈرۈپ كوچىدا سازايى قىلغاندا شەھەر گۇڭشېدىن ساجىدەنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كوچا ئايلاندۇرغان ئىكەن. شۇ كۈنى قايتىپ كېلىۋاتقاندا قارا دۆڭدە بىر قانچە ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئالدىدىن چىقىپ بىرسى بەلۋاغ بىلەن ساجىدەنىڭ يۈزىگە ئۇرغاندا تاسمىنىڭ ئىزى كۆپكۆك بولۇپ، بىر كۆزىگە قان ئۇيۇپ بىر ئايغىچە كۆزى قارا بولۇپ ئاغرىپ يۈرۈپتۇ. بۇلارنى سۆزلىگەندە ئىچىم ئاغرىپ، كۆزۈمگە ياش كەلدى. ئۇنى قۇچاقلاپ كەتتىم. جېنىم دوستۇم نېمە بولسىمۇ ئاللاھقا شۈكۈر، ئۆلمەي ئامان قالدۇق. بىز ئۈچۈن بۇ ئەڭ چوڭ غەنىيمەت بولدى. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىمەن. ئاللاھتىن ئەجەل كەلمىسە ھېچكىم ھېچنېمە قىلىپمۇ ئۆلتۈرەلمەيدىكەن. كۆپ يەردە ئاللاھ بىزنى ساقلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ مۇشۇ ئالىي روھىمىز ھاياتىمىزغا يېڭىلمەس كۈچ بەردى. شۇ كۈچ بىلەن ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلىدۇق. بىلەمسەن ساجىدە، بىز يەنە باتۇر، دېدىم. ئاندىن بۇندىن كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەپ، گۇڭشېنىڭغا بېرىپ بۇ قالپاق ۋە رېجىم ئىشلىرىنى ھەل قىلايلى، دەپ كېلىشتۇق. ئۈچ كۈندىن كېيىن ساجىدە شەھەرگە كەتتى ھەم كېچىكمەي تېز بار، دەپ ماڭا تاپشۇردى. مەن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن بارىدىغانلىقىمنى ۋەدە قىلدىم.

ساجىدە: مەن بارغان گوڭشىدا ئاساسى خەلق خەنزۇلار بولغاچقا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنى ئانچە كۈچلۈك بولمىدى. شۇڭلاشقا مەن جاپا تارتىپ قىينالمىدىم دېدى. راستتىن بىزنىڭمۇ خەنزۇ ئەترەتلىرىدە ئىنقىلاب ئانچە داغدۇغىلىق بولماستىن تىنچ ئۆتكەنىدى.

## 72 - يىلى قىش ۋاقتى

مەن رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن دوختۇرخانىغا باردىم. ئويىسىڭ (ئۇ دوختۇر) ماڭا «دوختۇرغا كۆرۈنمىسە بولمايدۇ، تەكشۈرتۈپ كېلىشى كېرەك» دەپ قەغەز قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا:

سەن بۇ قېتىم دوختۇرغا كۆرۈنۈپلا قايتىپ كەلمەي ھەرىكەت قىل. مۇشۇ تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزۈڭ ھەرىكەت قىلمىساڭ، بۇلار ھېچ ۋاقىت ساڭا ياخشى كۈن بەرمەيدۇ. ئۇرۇپ - سوقۇپ ئىشلىتىشنى بىلىدۇ. سەن ھۆكۈمەتتىن كۈتۈپ ياتساڭ پۈتۈن ئۆمرۈڭ مۇشۇنداق قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالماي ياشايسەن، ئىزدەن، ھەممە يەرگە بار. ھازىر سىياسەت ئۆزگەردى. مەركەزدىكى باشلىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتىدۇ. مۇشۇ سىياسەتكە ئۆز ئىشىڭنى چۈشۈرۈپ ئالالىساڭ مەسىلە يوق، قۇتۇلالايسەن، دەپ كۆپ ياخشى سۆز بىلەن مەسلىھەت بېرىپ يولغا سالدى.

مەن نەنسەنگە قايتسام ئويىسىڭ سىچۈەن مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى تاماملاپ مۇشۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلىقىغا ئۈچ يىل بولغان ئىكەن. ئۇ مېنى بىر ساھەدە ئوقۇغان مېنىڭ ساۋاقدىشىم دەپ ساۋاقداشلىق مېھرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ ھالىمدىن خەۋەر ئالاتتى ۋە ئېغىر كۈنلىرىمىزدە ئۇ بىزگە كۆپ ياردەم قىلدى. ئۇ كىشىلەرگىمۇ ئوخشاش ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.

ئويىسىڭ 70 - يىللاردا نەنسەندىكى بىر خەنزۇ قىزغا ئۆيلەندى، كېيىن ئۇ خىزمەت يۆتكەش مۇناسىۋىتى بىلەن بىزدىن يىراق يەرگە كەتكەن ئىدى. 73 - يىلىغا كەلگەندە نېمە سەۋەب بولدىكىن بىلمىدۇق ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق.

بىر ئاي دېگەندە كىچىك ئەترەت، چوڭ ئەترەت، گوڭشېلاردىن مۇزاكىرە قىلىپ ئاران بىر ھەپتە رۇخسەت بەردى. مەن بۇنىڭغىمۇ خۇشال بولۇپ، شەھەرگە كەتتىم.

بېرىپلا ئىككىنچى كۈنى ساجىدە ئىككىمىز جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە باردۇق،

بۇندىن بۇرۇن ساجىدە ئىككى مەرتىۋە كەلگەندە ماتېرىيال تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى مۇسا ئىيسا دېگەن ئادەم ئەنزە ئاغدۇردۇق، دەپ ئىشخانىدىن قوغلاپ چىقارغان ئىكەن. بۇ قېتىم ئىككىمىز ئىشىكنى ئۇرۇپ بۆلۈمگە كىرىشىمىز بىلەن پاكار بويلۇق، سېمىز، قارا كەلگەن، يۈز ـ كۆزلىرىدە چېچەكنىڭ ئىزى قالغان سوغۇق بىر ئادەم قارشى ئالدى. ئۇنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ يۈرىكىم مۇزلاپ قالدى. قاپىقى شۇنداق يامان، ئۇنىڭغا سۆزلەشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالىدىكەن كىشى، ئۇ ساجىدەگە قاراپ:

– سەن نېمىشقا كەلدىڭ؟ مەن سېنى كەلمە! دېمىدىممۇ دەپ ئاچچىق بىلەن سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭغا:

مۇسا ئاكا سىزنى مۇشۇ ماتېرىياللار بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ، دېگەنلىكتىن، بىزنىڭ ماتېرىياللىرىمىزنى تەكشۈرۈپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ كەلگەن ئىدۇق، دېدىم. ئۇ ئادەم يەر ئاستىدىن قاپىقىنى تۈرۈپ:

– هە سىلەر ئەنزە ئاغدۇرغىلى كەلدىڭلارمۇ؟ سىلەر تېخى ئۆزگەرمەپسىلەر، يەنە قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرامسىلەر؟ هازىر كېتىپ بۇرۇنقى  خەلق نازارىتىگە تاپشۇرۇلغان ئورنۇڭلارغا بېرىپ شۇ يەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىشلەڭلار، سىلەرنى بىز نازارەتكە تاپشۇرغانمىز، دېدى.

بىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ، ئاندىن مەن ئۇنىڭغا:

– سىلەر بىزگە لاۋجاۋ (ئەمگەك بىلەن تەربىيلەش)، لاۋگەي (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش) نىڭ پەرقى دەپ چۈشەندۈرگەندە، لاۋجاۋ ئۆز هوقۇقىغا ئىگە دەپ ئېيتقان ئىدىڭلار، ماڭا ئون يىل بولدى. بىزنى هوقۇقتىن مەھرۇم قىلىپ، خەلق رېجىمىغا تاشلاپ بەردىڭلار، دەپ سۆزلەپ بولماستىن، مۇسا ئىيسا ۋارقىراپ:

ـ هە، سىلەر ئەنزە ئاغدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىقماقچىمۇ، دەپ توۋلىغان ئىدى، ساجىدە: بولىدۇ، بىز ئەنزە ئاغدۇرغان بولايلى، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق چارە قوللىنىسىز؟ دېدى.

ئۇ ئادەم ئاچچىقىدىن ئۈستەلگە بىر مۇشت ئۇرۇپ تۇرۇپ:

– تۈرمىگە ئېلىپ قايتا كېسىمىز، دېدى.

مەن:

– ياخشى، شۇنداق قىلسىڭىز بىز خۇشال بولىمىز. شۇ خەلق رېجىمى دېگەن چېكى

يوق زۇلۇم ۋە خارلىنىشتىن قۇتۇلغان بۇلاتتۇق. ياخشى بولدى، يوتقان ـ كۆرپىمىزنى ھازىر ئېلىپ كېلىمىز، دەپ ئىشككە قاراپ ماڭغان ئىدۇق، توختاڭلار! سىلەر ئۈچۈن تۈرمىدە ئورۇن يوق، تۈرمىدىكى ئادەملەرنى قويىدىغان يەر تاپالمىغاندا سىلەرگە نەدىكى ئورۇن، كېتىپ ئۆز جايلىرىڭلارغا بېرىڭلار، دەپ ئىتتى قوغلىغاندەك بىزنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. بىز ئىككىمىز «تۇۋا خۇدايىم دۇنيادا بۇنىڭغا ئوخشاش ئەسكى ئادەملەر كۆپىيىپ كەتكەنمۇ نېمە» دەپ كۈلۈشتۇق.

شۇنداق قىلىپ ساجىدە ئىككىمىز ھەر كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكىنى ساقلاش ئىدارىسىگە مۇسا ئىيسانىڭ ئالدىغا بىر ئاي قاتراپ ھېچقانداق بىر ئۈمىدلىك سۆز بولمىدى. باشقا بۆلۈملەرگە، لاۋگەي دۆيلەرگە كىرىپ ئىزدەندۇق. بىزنىڭ بۇ ئىشنى پەقەت شۇ مۇسا ئىيسا قىلىدىكەن، باشقىلارغا ئۇنداق ھوقۇق بېرىلمىگەن دېيىشەتتى. بەزى كادىرلار بىزگە ۋاي ئۇكىلىرىم ھازىر پۈتۈن تۈرمە ئورۇنلاردا تىقمۇ  تىق ئادەم، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى گۇناھسىز، بوشقا ئۇن يىلدىن ئارتۇق يېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئىشلەيدىغان ئادەم يوق، سىلەر بولساڭلار كۈننىڭ سىرىقنى كۆرۈپ، ئەركىن ھاۋادا ياشاۋاتىسلەر، شۇنىڭغا خۇشال بولساڭلار بولىدۇ، دېدى.

ـ نېمىشقا ئەمدى گۇناھسىز ئادەملەرنى ئۇن يىللاپ تۈرمىدە سولاپ تۇتىسلەر، گۇناھسىزلىقنى بىلگەندىن كېيىن چىقىرىۋەتسەڭلار بولمامدۇ؟ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا بۇنداق زۇلۇم سالسا بولامدۇ؟ دېدىم. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ ماتېريال بۆلۈمىنىڭ باشلىقى:

ـ ئۇ ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئەگەر بۈگۈن مەن ئۇلارنى گۇناھسىز دەپ چىقىرىۋەتسەم، سىياسەتنى ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بىر كۈنى كەلگەندە سىياسەت يەنە ئۆزگىرىپ، «ئادەملەرنى تۈرمىدىن قويۇۋەتكەن» دەپ مېنى تۈرمىگە سولايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۆمۈر تۈگەيدۇ. بىز شۇنىڭدىن قورقىمىز. ھەممىنى ئاڭلايمىز، ئۇكام بىلىپ تۇرۇپ ئۇتقا سەكرىگىلى بولمايدۇ، دېدى.

مەن:

ـ ھە شۇنداق دەڭ، بىلگەنلەر ئۆزىدىن قورقىدۇ. بىلمىگەنلەر ئۇخلايدۇ دەڭ دېدىم.

ـ ئۇكام بايقاپ سۆزلەڭ، ھەر نەرسە سىز ئويلىغاندەك يەڭگىل ئەمەس، دېدى.

جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا باردۇق. ئۇ يەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش بۆلۈمىگە كىردۇق. ئۇ بۆلۈمدە

ئېيسا روزى ھەم لاۋما دېگەن بىر خۇيزۇ بار ئىكەن. ئۇلار بىزنى ياخشى قارشى ئالدى. بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلاپ، ئىچ ئاغرىتىپ، ھېسداشلىقىنى بىلدۈردى ۋە بىزگە ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىڭلار، بىز سىلەرنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن ئەۋەتكەن ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ئاندىن سىلەرگە جاۋاب بېرەيلى، بىزنىڭچە بولغاندا سىلەرگە قالپاق كىيگۈزمىگەن بولسا ياخشى بولاتتى، دەپ قالدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ساجىدە ئىككىمىز مەكتەپكە باردۇق. مۇسا روزى بىلەن لاۋما:

– بىز ماتېرىياللارنى كۆردۇق، سىلەرگە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن قالپاق كىيگۈزمىگەن ئىكەن. سىلەر قورقماستىن ئىزدىنىڭلار، ھېچقانداق خاتالىق بولمايدۇ. پەقەت ئۈمىدسىزلىنىپ توختاپ قالماڭلار، دېدى. بۇ سۆز بىزگە كۈچ ۋە غەيرەت بەردى. بىزگىمۇ شۇنداق چىرايلىق گەپ قىلىدىغان ئادەملەر بار ئىكەنغۇ، دەپ خۇشال بولۇپ قايتتۇق.

بىز كەلگىلىمۇ ئىككى ئايدىن ئاشتى، ئىشىمىزدىن ئۈمىدلىنەرلىك بىرەر نەتىجە بولمىدى. ئۆزىمىز تۇرغان شاباخۇغا بېرىپ كۆرەيلى، دەپ ئويلىدۇق. ئەتە ماشايلى دەپ ھازىرلىنىپ تۇراتتۇق، زۆھرە ئالدىراپ بىزنى ئىزدەپ كەلدى.

مەن خەۋەر تېپىپ كەلدىم. تۇرنىسا دۈيجاڭ بىلەن ئاتەك گەنسى باجاخۇ تۈرمىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، شۇ يەردە ئىشلەۋېتىپتۇ. شاباخۇ يىراق، بارغىنىڭلار بىلەن ئۇ يەردە ھېچ نەرسە قىلالماي ئاۋارە بولۇپ قايتقىنىڭلار قالىدۇ، دېدى.

بىز خۇشال بولدۇق، زۆھرەگە رەھمەت ئېيتتۇق. ساجىدە خۇشاللىقىدىن زۆھرەنى قۇچاقلاپ جېنىم دوستۇم، سەن بەك ياخشىسەن، بىزگە كۆپ ياردەم قىلدىڭ دەپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

ساجىدە بىلەن ئىككىمىز باجاخۇغا باردۇق. بىزنى دەرۋازىدىن توسۇپ كىرگۈزمىگەن ئىدى، بىز تۇرنىسانىڭ تۇغقىنى بولىمىز دېگەندىن كېيىن، ساقچى بىزگە تۇرنىسا دۈيجاڭنى چاقىرىپ بەردى. تۇرنىسا دۈيجاڭ بىزنى كۆرۈشى بىلەن راستتىن تۇغقىنىنى كۆرگەندەك ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئېلىپ ئۆيگە باشلىدى. تۇرنىسانىڭ ئانىسى بىزنى تونۇپ:

– ۋاي جېنىم بالىلىرىم، سالامەتمۇ سىلەر دەپ ئۆزىنىڭ بالىسىدەك مېھرى بىلەن كۇتۇۋېلىپ ئاستىمىزغا كۆرپە سالدى.

بىز ئۇزۇن پاراڭلىشىپ، ئەھۋاللىرىمىزنى ئېيتتۇق. تۇرنىسانىڭ ئانىسى بىچارە كۆز ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ ئاڭلىدى.

– ۋاي جېنىم باللىرىم، قانداقمۇ چىدىغانسىلەر دەپ ھېسداشلىق قىلىپ قوياتتى.

كۆپ ئۆتمەستىن ئاتەك گەنسى ئىشتىن چۈشۈپ كەلدى. بىز كەلگەن مەقسەتلىرىمىزنى ئاڭلاتتۇق.

ھازىر مەن بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلدىم. مەندە ھېچقانداق ماتېرىيال يوق. بۇ ئىشقا مەن قول سېلىپ ئىشلىيەلمەيمەن، پەقەت شاباخۇ لاۋگەي ئەترىتىدىن ئوقۇۋۇشۇپ كۆرەي دەپ بىزنى قايتۇردى.

ئىككىمىز باجاخۇدىن ئۈمىد يوق بولدى، مەكتەپكە بېرىپ ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى دەپ ئەتىگەن ئىدارىلەر ئىشقا چۈشىدىغان سائەت 9 دا مەكتەپكە يېتىپ كەلدۇق. دېگەندەك ئىشىك تۆۋىدە ئىيسا روزى بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇ بىزگە دەل ۋاقتىدا كەلدىڭلار، ئىككى كۈندىن بۇيان سىلەرنى ئويلاپ قانداق چاقىرتىپ كېلەرمىز دەپ تۇراتتۇق. ياخشى كېلىپ قالدىڭلار. مەكتەپكە مەركەزدىن (بېيجىڭ) خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلدى. سىلەر كىرىپ ئۇلارغا ئۆز ئەھۋالىڭلارنى ئېيتىڭلار، ئۇ گۇرۇپپا ئەنە شۇنداق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، مەكتەپ خىزمەتلىرىنى رەتكە سېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن. ئەگەر سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىڭلار دەپ بىزگە رۇخسەت قىلسا، ئاندىن بىز بۇ ئىشقا قول سېلىپ ئىشلەيمىز. بولمىسا كېيىنكى كۈنلەردە «سىلەرگە يانباستى» دەپ بىزنى سۆرەپ چىقىشى مۇمكىن. بۇ نەرسىنى ئاڭلىق چۈشىنىسىلەر دەپ قويدى ھەم بىزگە ئۇلار يۇكۇلۇنىڭ ئۈستىنكى قەۋىتىگە چىقىپ سول قول تەرەپ زالنىڭ ئەڭ بېشىغا بارغاندا ئوڭ قول تەرەپ چەتتىكى ئۆيدە تۇرىدۇ، دېدى. بىز رەھمەت ئېيتىپ، پەلەمپەيگە قاراپ يۈگۈردۇق. ئىشىكنى ئاستا چەككەن ئىدۇق، ئۆي ئىچىدىن كىرىڭلار! دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۆيدە تولۇق ھەربىي ئۇنىۋانلار تاقاپ، ھەربىي كىيىم كىيگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئىككى خەنزۇ ھەربىي بىزنى قارشى ئالدى. قارىماققا يىگىرمە بەش - ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدا، ئۆزىنى تۇتقان، كۆيىنى، كۆرگەن بىلىملىك ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى. چىرايلىرى مانجۇلارغا ئوخشاش يوغان كۆزلۈك، قارا قاشلىق، قاڭشارلىق كىشىلەر ئىدى.

كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار، دەپ ئىككىمىزگە ئورۇندۇق قويدى ۋە نەدىن كەلدىڭلار، نېمىگە كەلدىڭلار؟ دەپ سورىدى.

بىز تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى پۈتۈن ئەھۋالنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردۇق. ئۆرە تۇرۇپ كىيىم كىيىۋاتقان ھەربىي كىيىمنىڭ تۈگمىلىرىنى تۈگمىلەپ بولۇپ، بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ سۆزگە قوشۇلدى.

– بۇ قەدەر ياش ئوقۇغۇچىلارغا تۇتقان پوزىتسىيە ياخشى بولمىغان. بۇلارنى مەكتەپتە تەربىيىلەپ ئۆز تەرەپكە تارتماستىن، دۈشمەن تەرەپكە ئىتتىرىپ بېرىپ قاتتىق پوزىتسىيە قوللانغان دەپ بىز بىلەن سۆزلىشۋاتقان ھەربىي يولداشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇلار بىزدىن:

– مەكتەپ تەشكىللى بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشتىڭلارمۇ؟ دەپ سورىدى.

ھەئە، بىز نەچچە كەلدۇق، بۇ ئىشقا قول سېلىپ ئىشلەيدىغان ئادەم يوق دېدۇق.

ئۇستەل ئۈستىدىكى تېلېفوننى ئېلىپ مەكتەپنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى تېلېفوندا چاقىرتتى.

– لاۋما بىلەن ھازىر بىزنىڭ ئىشخانىغا كېلىڭلار، دېدى.

كۆپ كېچىكمەستىن لاۋما بىلەن ئىيسا روزى كەلدى. بىزنىڭ ئىشىمىز توغرىسىدا ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە بېرىپ، بۇلارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ تەكشۈرۈپ چىقىشقا تاپشۇرۇڭلار! دەپ جېكىلەپ چىقاردى.

تالاغا چىققاندىن كېيىن ئىيسا روزى مانا ياخشى بولدى. بۇلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەكتەپ سىلەرنىڭ ئىشقا قول سالسا گۇڭەنتىڭ سىلەرنىڭ ئىشنى ئىشلىمەي ئامال يوق. بىزگە ھەم ياخشى بولدى، بىزگە ئۇلار بۇيرۇق قىلدى. بىز شۇنى ئاساس قىلىپ بۇ ئىشنى قورقماستىن ئىشلەيمىز، دەپ بۆلۈمگە كىرىپ ماتېرىياللارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھەممىمىز ئاپتوبۇس بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكنى ساقلاش ئىدارىسىگە يېتىپ كەلدۇق.

دەرۋازىدىكى كۆزەت ساقچىسى بىزنى «خەت ـ چەك» بۆلۈمىگە باشلاپ كىردى. بۇ دەرۋازىدىن كىرىشتىلا مەخسۇس ئايرىم قىزىل خىشتىن سېلىنغان كىچىككىنە ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، بىز ئالدىنقى دالان ئۆيدە ئۆچرەت ساقلىغۇچىلار قاتارىغا بېرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق. لاۋما بىلەن ئىيسا روزى ئىچكىرىكى بۆلۈمگە كىرىپ، ئۇ يەردىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ چىقىپ «بىزنى بالدۇر كۆرىدىغان بولدى» دەپ سائەتكە قاراپ قويدى. ئالدىنقى ئۆيدە ئۆچرەت ساقلاپ ئولتۇرغان ئادەملەرمۇ جىق، بەزىلىرى يەردە زوڭزىيىپ ۋە بەزىلىرى يەردە ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇلار ھەر ساھەدىن، ھەر شەھەردىن، ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەرز ئېيتىپ كەلگۈچىلەر ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈزىگە قارىسا دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەتلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىچكىرىكى ئۆيدىمۇ لىق ئادەم ئولتۇراتتى. بىر ئايال ئوغلىنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بىگۇناھ ئۇرۇپ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى يىغلاپ سۆزلەۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ

تۇراتتى. بىر ئەر كېلىپ «يىغلىماڭ ھەدە، ماۋۇ خەتنى ئوتتۇرا سوتقا ئاپارسىڭىز، مۇشۇ ئادەم سىزگە چوقۇم ياردەم قىلىدۇ ئۇ بەك ياخشى كىشى» دەپ قەغەز يىرتقان ئاۋاز چىقتى. كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، 40 - 50 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئايال قولىدا لىپاپا كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن لاۋما بىلەن ئىيسا روزى بىزنى باشلاپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئۇ ئۆيدە ياش - قېرى، ئەر - ئايال بولۇپ، ھەر ساھەدىن كەلگەن ئوندىن ئارتۇق ئادەم ئولتۇراتتى. خىزمەت ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا قەلەم - قەغەز تۇتۇپ كىشلەرنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ بىر ياش ئۇيغۇر يىگىتى ئولتۇراتتى. مۇسا روزى بىلەن لاۋما ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىزنىڭ ئىشىمىز ئۈستىدە ئۇ ئادەمگە ئاستا ئاۋاز بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇ ئادەمگە بىزنى كۆرسىتىپ مەكتەپ تەشكىللىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، بىزنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ ۋە بىزگىمۇ سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا مۇشۇ ئابلىز ياردەم قىلىدۇ. باشقا ئەھۋاللار بولسا مەكتەپكە بېرىپ بىزنى تېپىڭلار، دەپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. بىز ئۆچىرەت ساقلاپ خېلى ئۇزۇن كۈتۈپ ئولتۇردۇق.

ئەرز ئېيتقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ھېچقانداق سەۋەبسىز يېزىغا ھەيدىلىپ كۆرگەن ئېغىر كۈنلىرىنى سۆزلەپ، خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلسا، بەزىلىرى ناھەق قالپاق كىيگۈزگىنىدىن شىكايەت قىلاتتى. شۇ ئارىدا بىر قازاق بوۋاي كېلىپ:

ــ بالام، مەن ئۆمرۈمدە ھېچقانداق مىلىم بولۇپ، باي بولۇپ كۆرگەن ئەمەستىم، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ماڭا «مۇجۇ» (چارۋا ئىگىسى) دەپ قالپاق كىيدۈرۈپ كۆرمىگەن ئازاب - ئوقۇبەت قالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا بىزگە مالغا ئوخشاش دۇمبىمىزگە تۆمۈرنى قىزدۇرۇپ تامغا باستى دەپ ئۈستىدىكى كىيىمنى يېشىپ دۈمبىسىنى كۆرسەتتى. مۇجۇ دېگەن خەتنىڭ كۆيۈك ئىزىنى كۆرۈپ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى يامان بولدى. ئەرزنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئابلىز قەلەمنى قويۇپ كېلىپ قازاق بوۋاينىڭ دۈمبىسىدىكى كۆيدۈرۈلگەن ئىزنى سىلاپ تۇتۇپ كۆردى.

قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ چىرايىدىن ئىچى ئاغرىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ بوۋاي كىيىملىرىنى كىيىۋېتىپ:

مېنىڭكى «مۇجۇ» دېگەن ئىككى خەت بولغىنىغا خۇشال بولدۇم، ئەمدى ئۇزۇن خەتلىك قالپىقى بارلارنىڭ قىينالغىنىنى دېمەيلا قويۇڭ، پۈتۈن دۈمبىسى ئېشىپ يىرىڭلاپ كۆپ جاپا چەكتى. ئارىمىزدا بىرسى شۇ يىرىڭلاش بىلەن ئۆلۈپ كەتتى دەپ كىيىملىرىنى

كىيىشكە باشلىدى. بوۋاينىڭ يېنىدا گەپ قىلماي قاپاق تۇرۇپ ئولتۇرغان ياش قازاق يىگىتى بوۋاينىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

بۇ قالپاق يالغۇز دادام بىلەن كەتمەستىن پۈتۈن ئائىلىمىز بويىچە قالپاقلىق بولۇپ، قارا ئائىلە ھېسابلىنىپ قالدۇق. بىزنى مەكتەپكە ئالمايدۇ. ئىنستىتۇتلارغا كىرەلمەيمىز، بىرەر ياخشى ئىشمۇ تەگمەيدۇ. ھەممە يەردە چەكلىمىگە ئۇچرايمىز، ھەتتا توي قىلاي دېسەكمۇ ھېچكىم قىزىنى بەرمەيدۇ. قىزلارمۇ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا قاراپ قورقىدۇ. بىزنىڭ نېمە ئەيىبىمىز بار، دەپ سۆزلىگەندە ئۇ يىگىتنىڭ يۈزىدىن قايغۇ ـ ھەسرەت يېغىپ تۇراتتى. ھەممە ئادەم جىمجىت زۇۋان سۈرمەي ئاڭلاپ ئولتۇردى. كىشىلەرنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى، ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى تولا ئاڭلاپ ئىچى توشۇپ كەتكەن ئابلىز، خۇددى قۇرت يېگەن ياغاچتەك كىشىلەرنىڭ ھال ـ مۇڭلىرى ئابلىزنىڭ ئىچىنى يەپ كاۋاكلاشتۇرغاندەك ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئۇ گەپ قىلماي بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۈستەل ئۈستىدىكى ئىش قەغىزىنى ئېلىپ قولىدىكى قەلەمنى يۆگۈرتۈپ ئىككى جۇر خەت يېزىپ، ئىش تامغىسىنى بېسىپ:

ـ ئاغا، سىز مۇشۇ خەتنى كۆتۈرۈپ لاتىف رايونلۇق پارتكومغا ئېلىپ بېرىڭ، ئۇلار سىزگە ياردەم قىلالايدۇ، دەپ قەغەزنى بوۋايغا ئۇزاتتى. بوۋاي رەھمەت ئېيتىپ، دۇئالىرىنى بېرىپ ئوغلى بىلەن ئىككىسى چىقىپ كەتتى.

بىزدىن ئۈچ كىشى نېرىدا ئولتۇرغان بىر ئايال ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى دېمەكچى بولۇپ سۆز باشلىدى.

مەن غۇلجا ئوبلاستقا ئەرز ئېيتىپ بارسام ئۇ يەردە ئوتتۇرا ياشلىق بىر قازاق يىگىتى، ئاغرىقچان بولۇپ تاياق بىلەن مېڭىپ كەلگەن دادىسىنى باشلاپ ئۆزىنىڭ ياش ئىنىسى ھەققىدە ئەرز ئېيتىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇلار موڭغۇل كۆرەلىك بولۇپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىغا قاتناشقانلارنى «تازىلاش» ھەرىكىتىدە ئۇ بوۋاينىڭ 22 ياشلىق ئوغلىنى تەشكىلاتقا قاتناشقان دەپ سولاپ قويۇپ ئۇرۇپ، قىيناپ، پۈتۈن بەدىنىنى ئىنچىكە كەندىر يىپ بىلەن باغلاپ، ئاندىن تازا ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ، ئىككىنچى كۈنى كەندىر يىپنى يۇلۇپ، تارتىپ يەشكەندە ئۇ يىگىتنىڭ بەدىنىدىكى تېرىسى سويۇلۇپ چىقىپ قىزىل گۆشكە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ يىگىت ئولتۇرالماي، ياتالماي قاتتىق قىينىلىپ ئىككىنچى قېتىملىق باغلاقتىن كېيىن ۋاپات بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى بۇ ھەسرەتكە چىدىماستىن ئوغلىنىڭ كەينىدىن بىر يىلغا قالماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. دادىسى ئاغرىقچان بولۇپ، ماڭالماس ھالەتكە كەپتۇ. مەن ئاڭلاشقىمۇ تاقىتىم چىدىماستىن

يغلاپ ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم. نېمە دېگەن ۋەھشىيلىك، ئادەمنىڭ يۈرىكى ئاغرىيدۇ، دېدى. ئۇ ئايال سۆزىنى تۈگىتىپ بولغۇچە ئولتۇرغانلار تۇۋا خۇدايىم ئادەملەرنىڭ بېشىغا نېمە ئىشلار كەلمىدى دەيسىز؟ نېمە دېگەن زالىملىق؟ دەپ ھەر بىر ئادەم سۆز قېتىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ۋەھشىي ھەرىكەتلەرگە نارازىلىقىنى بىلدۈردى.

ئابلىز ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق يىگىت مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن ئىدى، دەپ سۆزگە قوشۇلدى.

ساجىدە: ئابلىزدىن ئۇنىڭ ئەرزى قانداق ھەل بولدى؟ دەپ سورىدى.

ئابلىز ئوتتۇرا سوتقا يوللاپ بەردىم، دېدى.

ئۆچرەت بىزگە كەلدى. بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاپ ۋە مەكتەپتىن كەلگەن قەغەزلەرگە قاراپ چىقتى.

مەن بۇنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە يوللاپ بېرىمەن. ئۇلار سىلەرنىڭ ماتېرىياللىرىڭلارنى ئىزدەپ تېپىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى قالايمىقانچىلىقتا نۇرغۇن ئارخىپلار يوقىلىپ، كۆيدۈرۈلۈپ كەتكەن ئىكەن، ئۇنى تېپىش خېلى تەس. شۇنداق بولسىمۇ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشىمىز. بىر ئاز ۋاقىت كۈتۈش كېرەك، ئۆزۈڭلار كېلىپ ئىزدىنىپ تۇرۇڭلار، دېدى.

بىز رەھمەت ئېيتىپ چىقتۇق.

ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئابلىزنىڭ خەت ـ چەكلەر ئىشخانىسىغا كەلدۇق. ئىشخانا يەنە شۇ ئۆچرەت ساقلاپ ئولتۇرغان ئادەملەر بىلەن لىق ئىدى. بىزمۇ ئۆچرەتتە تۇرۇپ كۈتتۇق. ئىچكىرىكى بۆلۈمگە كىرىش ئۈچۈن ئىككى سائەت ئىچكىرىكى بۆلۈمدە بىر سائەت نۆۋەت ساقلىدۇق.

بىزدىن بىر كىشى ئالدىدا كۈتۈپ ئولتۇرغان 35 ـ 40 ياشلار ئەتراپىدىكى رەتلىك كىيىنگەن جەمىيەتتە ئىشلىگەن، بىلىم ئىگىسىدەك كۆرۈنگەن بىر ئايال ئۇنىڭ يېنىدا ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرگەن، چېچىنى قىرىپ چۈشۈرۈپ بېشىغا تۇماق، ئۇچىسىغا چەكمەن چاپان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، روھى بەكمۇ چۈشكۈن بىر ئەر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمايتتى. ئايال ئۇ ئەرگە قاراپ كۈلۈپ ئاستا تاۋۇش بىلەن بىر نەرسىلەر سۆزلەپ، ئەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشاتتى. لېكىن ئەرنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان كۆڭۈلسىزلىكى، چۈشكۈنلۈكى ئۇنى خۇشال قىلمايتتى.

نۆۋەت ئۇ ئەر بىلەن ئايالغا كەلدى. ئابلىز بىلەن ئايال سۆزلەشتى.

– بۇ مېنىڭ ئېرىم. مەن ئۇنى ئۇ ئايالنىڭ دادىسىمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئېرى ئىكەن دەپ ھەيران بولدۇم. ئۇ ئىككىسىگە قاراپ ئەرنى قېرى كۆرسەتكەن ساقىلى بىلەن كىيىمى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئايال سۆزىنى داۋام قىلدى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «مەسىلە تاپشۇرتمىز» دەپ ئۇرۇپ، قىيناپ ئۆيگىمۇ چىقارتماي قويدى. يوقلاپ بارساقمۇ كۆرسەتمەيدىغان بولدى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە بىرسى ئىشىكنى ئاستا ئۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ كىمدۇر بۇ، يېرىم كېچىدە ئىشىك ئۇرغان، دەپ ئەنسىرەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئېرىم توغرىسىدا ئىككى ھەپتىدىن بېرى «ئېرىمنى ئۇرۇپ يۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويارمۇ؟» دېگەن ئەنسىرەش كۆڭلۈمگە كىرىپ ئېلىپ، ئۆزۈم كۆڭۈلسىز ھەم بىئارام بولۇپ يۈرگەنىدىم.

كىمدۇر، ئېرىم كەلدىمۇ؟ ياكى يامان خەۋەر بارمۇ؟ يامان خەۋەر بولسىمۇ يېرىم كېچىدە كېلىپ دېيىشكە ھېچ ئالدىرىماس دەپ ئۆزۈمنى بېسىپ ئىشىككە باردىم.

– كىم ئۇ دېيىشىمگە تالادىن ئېرىمنىڭ ئىدارىسىدە ئاددىي ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدىغان ئەھمەتجان ئاكا ئىكەن.

– سىڭلىم ئىشىكنى ئېچىڭ، دەپ بەك كۆڭۈلسىز ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەنلىكىنى سېزىپ ئالدىراش ئىشىكنى ئېچىپ:

– ئەھمەد ئاكا نېمە بولدى، ئېرىم ئامانمۇ؟ دەپ سورىدىم.

– ئېرىڭىزنى ئۇرۇپ قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆلدى، دەپ كۆمۈۋەتتى، دېگەن ئىدى، بېشىم ئايلىنىپ ئۆزۈمنى يوقاتقاندەك بولۇپ، ئىشىككە يۆلىنىپ قالدىم. ئۇخلاۋاتقان 15 ياشلىق ئوغلۇم نېمە بولدى ئاپا؟ دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى يۆلەپ ئالدى. ئۇ ئادەم دىققەت قىلىپ ئاڭلا ئوغلۇم، داداڭنى كۆمگەن يەرنى ياخشى بىلىپ ئېلىپ بارساڭلار ئۇ تېخى ئۆلمىدى. مەنمۇ قاراڭغۇدا ئۇلارغا سەزدۈرمەي ئۆلۈپ قالمىسۇن، دەپ ئۈستىنى ئاز توپا بىلەن يېپىپ قويدۇم.

ئورنىغا توپىنى بۇرۇنقىدەك دۆۋىلەپ قويۇڭلار، تېز بېرىڭلار چىقىرىپ ئالالايسىلەر، مېنى دېدى دەپ ئۆمۈر بويى ئاغزىڭلاردىن چىقىپ كەتمىسۇن، دەپ ئوغلۇمغا كۆمۈلگەن يەرنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ ئۆزى ئاستا كېتىپ قالدى.

بىر ئازدىن كېيىن بېشىم ئايلانغىنى تۈزۈلۈپ ئۆزۈمگە كەلگەندىن كېيىن، قارىسام

ئوغلۇم گۇرجەكلەرنى ۋە قول چىراغنى ئېلىپ كىيىمنى كىيىپ تەييار بوپتۇ. باللارنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز دېگەن يەرگە باردۇق. ئۇ بىر چەت يەر ئىكەن. دېيىلگەن يەردە يېڭىدىن كۆمۈلگەن توپا دۆۋىلىرىنى كۆرۈپ كولاشقا باشلىدۇق. ئوغلۇم گۇرجەك بىلەن مەن قولۇم بىلەن تاتىلاشتۇرۇپ قەبرىنى ئاچتۇق، دېگەندەك نېپىز توپا بىلەن كۆمۈلگەن ئىكەن، ئوغلۇم ئىككىمىز ئېرىمنى سۆرەپ تارتىپ چىقتۇق. قارىسام ئېرىم تىرىك يۈرىكى سوقۇپ تۇرىدۇ. ئىككىمىز ھاپاشلاپ مىڭ تەسلىكتە ئۆيگە ئېلىپ كەلدۇق. كىشىلەردىن يوشۇرۇپ ئۆيدە بىر ئايدەك قارىدۇق. ئېرىم تىرىلىپ ساقىيىپ قالدى.

بىز ئۇنى ئۆيدە ئۇزاق تۇتۇشقا بولمىغانلىقتىن، بىر كېچىدە پويىز بىلەن تۇرپانغا ئېلىپ بېرىپ، ئىسمىنى يۆتكەپ، تۇرقىنى مانا مۇشۇنداق ئۆزگەرتىپ قويدۇق، ئېرىمنىڭ بىر سىڭلىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتتىم. ئۇ يەردىمۇ ئېرىم يوشۇرۇن ياشاشقا باشلىدى. بىز ئايدا بىر مەرتىۋە پۇل، كىيىم-كېچەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ تۇردۇق. ئېرىم تۇرپان، توقسۇن، پىچان قاتارلىق يەرلەردە، يېزىلاردا، چەت جايلاردا ئىككى يېرىم يىل يوشۇرۇنۇپ يۈردى، كېيىن مەن ئېرىمنىڭ ئاكىسى ئاغرىپ دوختۇرغا كەلدى دەپ ئۆيگە ئېلىپ  كېلىپ ئالدىم. مۇشۇ تۆت يىل ئىچىدە كۆپ قىيىنچىلىقلار تارتىپ كەتتۇق.

ئېرىمنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ ئىنقىلاپ ۋە ئېرىمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىدىن ئىدارىدىن تەكشۈرۈپ بەرسەڭلار، دەپ كەلگەن مەقسىتىنى ئېيتتى.

ئولتۇرغان ئادەملەر ئاڭلىغان سۆزلىرى ئۈچۈن قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەستىن بىر ـ بىرسىگە قاراپ ۋە يەنە ئۇ ئەر ـ ئايالغا قارايتتى.

ئابلىز ئۇ ئايالغا ئىدارىدىن ئېرىڭىزنى ئىزدەشتۈرۈپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟ دەپ سورىدى.

ئۇلار ئۆزلىرى ماڭا:

ــ ئېرىڭ سولاپ قويغان يەردىن قېچىپ كەتتى، تاپالمايۋاتىمىز، دەپ خەۋەر قىلدى، دېدى. ئابلىز ئۇ ئادەمدىن:

ــ نېمە جىنايەت قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، دەپ سورىدى.

كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار، 2 - خىيانەتچى، سەن نېمە نەرسىلەرنى خىيانەت قىلدىڭ؟ 3 - مېنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىم غۇلجىدا ياشايتتى. ئۇلار قاچ ـ قاچتا سوۋېتكە قېچىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇلار بىلەن نېمە ئالاقە قىلدىڭ، شۇنى تاپشۇر! دەپ كېچە ـ

كۇندۇز قىناپ ئۇردى، دېدى.

ــ سەن راست خىيانەت قىلغانمۇ؟

ــ ياق، بىر تىيىنمۇ خىيانىتىم يوق، دېدى.

بىز سىزنىڭ ئىشقىز ئۇستىدە ئىدارىڭىزغا خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىمىز. ئاندىن تەكشۈرۈپ، سىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىڭىزنى ئىزدەپ تېپىش كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەسىلىلەر ئۈزلۈكىدىن يېشىلىدۇ، دېدى ھەم ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە كېلىشنى بۇيرۇدى.

بىزنىڭ ئىشىمىزنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ماتېرىياللار بۆلۈمىگە تاپشۇردۇق، ئەمدى سىلەر مۇسا ئىيسا بىلەن ئالاقە قىلىڭلار، بۇ ئىشنى شۇ كىشى ئىشلەيدۇ، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن گۇڭەنتىڭنىڭ، مەكتەپ ھەم ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئالتە ئاي ھەر كۈنى قاتراپ يۈرۈپ كۈنىمىز ئۆتتى.

نەنسەندىن مېنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن بىر ماشىنا مىنىپ بايراق، لوزۇنكا ۋە ماۋجۇشىنىڭ رەسىملىرىنى كۆتۈرۈپ ئىككى قېتىم كەلگەن ئىكەن. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خارىس ئابىزى گۇڭەنتىڭ ئۆلارنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن قايتىپ كېتىدۇ، دەپ ئۇلارنى كەتكۈزگەن ئىكەن.

## ئەجدىھا ۋەقەسى

بىر كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ «ماتېرىياللار تەكشۈرۈش» بۆلۈمىگە بارسام، ئىشكىتىن بىرسى قولىدا لىپاپا تۇتۇپ:

ــ ئەلى يۈسۈپ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئىلتىماس يېزىپ ئەۋەتىپتۇ، دەپ خەتنى بەردى.

مۇسا ئىيسا لىپاپىنى ئېلىپ ئۇستەل تارتمىسىغا سېلىپ قويدى.

مەن ئۆيگە كېلىپ ئۆزۈمگە ئاجايىپ بىلىنگەن بۇ خەۋەرنى ئۆيدىكىلەرگە دەپ بەردىم.

تۇۋا قىلدىم خۇدايىم، دۇنيا قانداق بولۇپ كەتتى، بىزنى سولاپ سوراق قىلغان ئەنۋەر جاكولىن ئۆزى تۈرمىدە كېسەل ئىكەن، ئەلى يۇسۇپ بولسا خىزمەتتىن ھەيدىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپتۇ. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ ھەيران بولدۇم، دېدىم.

ئۆيگە كېلىپ ئولتۇرغان مېھمان مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك سۆزگە قوشۇلۇپ:

– مەن سىزگە بىر نەرسىنى سۆزلەپ بېرەي. بۇندىن يۈز يىللار ئاۋۋال بەدۆلەت تۈرپانغا باستۇرۇپ كىرىپ تۈرپاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بەدۆلەتنىڭ بەزى ئەسكەرلىرى خەلقنىڭ چىرايلىق قىزلىرىغا چېقىلىپ قويۇپتۇ. شەھەردە قالايمىقانچىلىق چىقىپ، خەلقنىڭ نارازىلىقى قوزغىلىپتۇ. چۈنكى تۈرپان خەلقى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، دىن ـ دىيانەتلىك، تىنچ خەلق بولغانلىقتىن ئۇلار بۇ ئىشقا چىدىماستىن غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئىچىدە جامائەت بېشى بولغان سەككىز ئادەم بېيجىڭغا بەدۆلەت ھەققىدە نارازىلىق بىلدۈرۈپ ياردەم سوراپتۇ. بۇلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكەر ئەۋەتىپ بەدۆلەتنى يېڭىپ تۈرپاندىن ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تۈرپاننى سوراشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ «بىزنى چاقىرتىپ خەت يازغان ئادەملەر كەلسۇن، بىزنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان مۇكاپاتىمىز بار» دەپ چاقىرتىپتۇ. خەلققە باش بولغان سەككىز ئادەم كىيىنىپ ـ ياسىنىپ زىياپەتكە كەلگەندەك يېتىپ بارغاندا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارغا:

– سىلەر ئۆز مۇسۇلمانلىرىڭلارنىڭ ئۈستىگە بىزنى چاقىرتىپ كەلگەن ئادەملەر، كېيىنكى كۈندە بىزنىڭ ئۈستىمىزگىمۇ باشقىلارنى چاقىرتىپ كېلىشىڭلار مۇمكىن، دەپ بۇ سەككىز ئادەمنى ئېلىپ چىقىپ دارغا ئاسقان ئىكەن. بۇمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش تارىختىن كېلىۋاتقان ئىش، دېدى.

ئىشىكتىن كىرگەن مېھمان بىلەن سۆزىمىز ئۈزۈلدى.

مالچىمىزنىڭ ئوغلى ئەنۋەر «شەھەرگە كەلگەن ئىدىم، سىلەرنى كۆرۈپ ئۆتەي» دەپ كىردىم، دېدى. ئۇ ئولتۇرۇپ دادامлар بىلەن خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئەنۋەرنىڭ ئاكىسى جاڭ يۇڭ (جەمخۇن) توغرىسىدا سۆزلىشىۋېتىپ «ئەجدىھا توغرىسىدا قىزىق بىر ۋەقەنى ئەسلەشتى. مەن ئەجەبلىنىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم ۋە ئىشەنگۈم كەلمەي، بۇ راست بولغان ئىشمۇ، دەپ سوئال سوراشقا باشلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپام: بۇ راست بولغان، مېنىڭ ئاپام ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، شۇ ۋاقىتتىكى پۈتۈن ئادەملەر بىلىدۇ، دەپ سۆزلەپ بەردى. بۇ شۇنداق بولغان:

1939 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرقى مەزگىلى. ئاپام، چوڭ ھەدەم مەغرىفەنى تۇغۇپ قىرقى چىقمىغان بىر كۈنى سائەت تۆت ئەتراپىدا تالادا داپو، مىلتىق ۋە پوجاڭزىلار ئېتىپ، جاڭ - جاڭ سوقۇلۇپ، ۋاقىتسىز مەزگىلدە ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. شۇ ئارىدا ئاپامنىڭ كىچىك ئۇكىسى ھەۋزۇللا يۈگۈرۈپ كىرىپ ھەدە، ھەدە ئاسماندا يوغان بىر نەرسە ئۆچۈپ كېلىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئەجدىھا كېلىۋاتىدۇ، دەپ قورقۇپ ئۇنى شەھەرگە چۈشمىسۇن دېيىشىپ شۇنداق ئاۋازلار چىقىرىۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلار مەسچىتكە يىغىلىپ خۇدايىمدىن سوراپ، تىلەكتە ئولتۇرۇپتۇ، دېگەندىن كېيىن، ئاپام چىقىپ قارىسا كۈن پېتىشتىكى قىزىل تاغ تەرەپتە شۇنداق يوغان نەرسە ئاسماندا ئاستا ئۆچۈپ كېلىۋېتىپتۇ.

ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بىزنىڭ تاماق يەيدىغان 10 كىشىلىك يۇمىلاق شىرەمىزدىن يوغان بولۇپ، قۇيرۇق تەرىپى قىزىل تاغدىن چىقىپ بولمىغان، شۇنداق قورقۇنچلۇق نەرسە كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاتىنىڭ قۇلىقىدەك ئىككى قۇلىقى ۋە مۈشۈكنىڭ بۇرۇتىدەك ئۇزۇن بۇرۇتلىرى ساڭگىلاپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى ئىككى تەرەپكە بۇراپ يەرگە قاراپ ماڭاتتى. ئۇ شەھەرنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە شۇنداق سوغۇق شامال بىلەن كېلىپ تالاغا يايغان كىرلەر مۇزدەك تۇڭلاپ قېتىپ قالدى، دېدى. ئۇنى شەھەرگە چۈشۈپ قالمىسا ئىكەن، دەپ پۈتۈن ئادەم قورقاتتى. كىشىلەر كېچىچە ئۇخلىماي چىقىپ قاراپ تۇرۇشتى. سەھەر ۋاقتى كەلگەندە ئۇ خېلى ئۇزاپ كېتىپ، پەقەت قۇيرۇقى بۇرھان شەھىدىنىڭ ھويلىسىنىڭ ئۈستىگە توغرا كېلىپ، ئۆزى ئوڭ قول تەرەپكە قاراپ بۇرۇلۇپ كېتىۋېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ئۇ پۈتۈنلەي كۆزدىن يوقالدى. بىر قانچە ۋاقىت كىشىلەر ئاغزىدا «ئۇ ئەجدىھا باركۆل تەرەپكە كېتىپتۇ»، «باركۆل كۆلىگە چۈشۈپتۇ» دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى، دەپ ئاپام مومامنىڭ كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

مالچىمىزنىڭ ئوغلى جاڭيۈن (جەمغۇن) ئارمىيىگە قوشۇلۇپ، ئوسمان «باندىتىنى» تۇتۇش قوشۇنى بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ، چۈمەن تاغقا كېلىپ مىڭ تەسلىكتە تاغقا چىققاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ شۇ يەردە قونۇشقا توغرا كەپتۇ. ھاۋا سوغۇق شۇۋىرغان چىقىپ تۇرغانلىقتىن دالىدا بولارلىق يەر ئىزدەپ بىر ئەسكى تاملىق تاشلاندۇق ئۆيلەرگە كېلىپ شۇ يەردە قونۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قارىسا ئۇلار يوغان ئومۇرتقا ئۇستىخاننىڭ يېنىدا ياتقۇدەك، قاتار تىزىلغان ئۆي دېگەنلىرىمىزنىڭ ئۆزى ئومۇرتقا ئۇستىخانلار ئىكەن. جاڭيۈننىڭ دېيىشىچە، ئۇ قولنى كۆتۈرۈپ قارىسا قولى يۇقىرىغا يەتمەپتۇ. بۇلار مۇشۇ ئۇستىخان بويلاپ بىر كۈن ئات بىلەن يۈرۈپ چىقىپتۇ. قارىسا باش ئۇستىخىنى يوق، ئومۇرتقىلارمۇ ئۈزۈلۈپ، پارچىلىنىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇلارمۇ ئومۇرتقا تىزىلمىسىغا قاراپ ئەجدىھانىڭ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ. جاڭيۈن ئۆيدىكىلەرگە سۆزلەپ بەرگەندە ئۇ ئەجدىھا 1909

- يىلى ئۈرۈمچىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ شۇ چۈمەن تاغقا چۈشۈپ ئۆلگەن ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلىشتى.

6 - ئايدا مۇسا ئىسا ماڭا ماتېرىياللىرىڭىزنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن تاپالماي شاباخۇدىن ئالدۇردۇق. تەكشۈرۈپ قارىساق سىزلەرنى «خەلق رېجىمىغا تاپشۇرۇپ، قالپاق كىيگۈزۈلمىگەن، خەلق نازارىتىگە تاپشۇرۇلغان ئىكەن. بىز سىزنىڭ ماتېرىيالنى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە ئەۋەتىپ بېرىمىز»، دېدى.

مۇسا ئىيسانىڭ ئۇچۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى بىرىنچى مەرتىۋە كۆرۈشۈم ئىدى. ئۇ ئادەم باشتا بىزگە ھايۋانغا تۇتقان پوزىتسىيە بىلەن ئىشخانىدىن ئىتتى قوغلىغاندەك قوغلاپ چىقىراتتى. ئىشكتىن كىرسەك «نېمە يەنە كەپسىلەرغۇ» دەپ قوپال سۆزلەيتتى. ئالتە ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ «سىز، ئۇكام» دەپ سالاملىشىپ، كۈلۈپ سۆزلەيدىغان بولدى.

مەن مۇسا ئىيسادىن ھازىر ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە بارىمەن، ماتېرىيالنى ئۆزۈم ئېلىپ باراي، دەپ سورىدىم.

ـ ياق ئۇكام، ماتېرىيالنى سىزگە بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇنى رەسمىي قوراللىق، ئىشەنچلىك بىر ھەربىي ئادەم موتسىكلىت بىلەن ئېلىپ بېرىشى كېرەك. سىلەرگە كۆتۈرتۈپ ئەۋەتىپ بېرەلمەيمىز. ھەر نەرسىنىڭ قانۇنىي رەسمىيىتى بولىدۇ. سىز ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە ئەتىگىچە بارسىڭىز بولىدۇ، دېدى.

مەن ئەتىسى سائەت توققۇزدا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە يېتىپ باردىم. ئۇ يەردىكىلەر ماڭا ھېچقانداق بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغاندەك ئەمەس. «نېمىشقا كەلدىڭ» دەپ ئۇ يەرنىڭ باشلىقى بولغان خەنزۇ قوپال مۇئامىلە قىلدى. كۆڭلۈمدىكى خۇشاللىقىم قايناپ تۇرغان قازانغا سوغ سۇ قويغاندەك بولۇپ، «بۇ ئىشلار ھەل بولمىغان ئوخشايدۇ» دەپ كۆڭلۈم يامان بولدى ۋە بۇ خۇشاللىق قىسقا ۋاقىتقا كەلگەندەك بىلىندى.

مەن ئۇنىڭدىن تۈنۈگۈن جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بىزنىڭ ماتېرىياللىرىمىزنى سىلەرگە ئەۋەتىپ بېرىمىز دېگەن ئىدى، كەلدىمۇ دەپ سورىدىم.

ئۇ باشلىق خەنزۇ سوغۇق قىياپىتى بىلەن:

ـ ھە كەلدى. لېكىن بىز ئۇنى لاتىف رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە قايتۇرۇۋەتتۇق. ئۇلار سىلەرگە قالپاق كىيگۈزمىگەن دەپ يېزىپتۇ. ھە بىزگە سېنى

ئەۋەتكەندە، يوللىغان ماتېرىياللىرىدا يازغان نەرسىلەرنىڭ بىرسى يوق. ئۇ نەدىن كەلدى؟ بۇ ماتېرىيالنى بىز يېزىپ قالپاقنى بىز كىيگۈزمىدۇق. ئۇنىڭغا بىز جاۋابكار ئەمەس، بىز سەن كەلگەندە ئەۋەتكەن ماتېرىياللارنى تونۇيمىز. ئاۋۋال بىزگە ئەۋەتكەن ماتېرىياللارنى تېپىپ، شۇ ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىسۇن ۋە جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالسۇن، ئاندىن بىز بۇ ماتېرىيالنى يوق قىلىمىز، دېدى.

مەن پالتا سېپى چۈشكەن ئوتۇنچىدەك كۆڭۈلسىز ھالدا ئۆيگە قايتتىم. يەنە بىر ئارىلىقلاردا ئالتە ئاي قاتراپ ۋاقت ئۆتكۈزدۇق.

ئۆكتەبىر بايرىمى ئالدىدا شەھەردىن چىقىپ كېتىشلار، بولمىسا بايرام ئالدىدا ھەربىي ھالەت بولۇپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا سىلەرنىمۇ يىغىپ كەتسە، قايتا بۇ يەرگە كېلەلمەيسىلەر، بىر ھەپتە ئۆرۈمچى ئەتراپىدا ناھىيە ياكى يېزىلارغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭلار. بايرامدىن كېيىن قايتىپ كەلسەڭلار بولىدۇ، دېگەندىن كېيىن، بىز شۇ كۈنى ھازىرلىنىپ تۇرپانغا بارىدىغان ماشىنىنى تېپىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن مېڭىپ كەتتۇق. قارا ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرى ۋە كىچىك باللار بولۇپ، يىگىرمە نەچچە ئادەم ئولتۇردۇق. ماشىنىنىڭ ئۈستى تىقما ـ تىقما بولۇپ، ئاياغ ئۈزاتقۇدەك يەرمۇ قالمىغان ئىدى.

ساي يولىغا كەلگەندە سوغۇق شامال چىقىپ ماشىنا ئۈستىدە ئولتۇرغان ھەممە ئادەم توڭلاشقا باشلىدى. باللارنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ ھەم توڭلاپ سوزۇلۇپ ياتالمىغاچقا يىغلايتتى.

بىر ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكى ئالتە باللىنىڭ جېدىلى ھەممىمىزنى بىئارام قىلاتتى. توڭلىغىنىمدىن ئۈستۈمدىكى كىيىملىرىم بىر پارچە لاتىدەك بىلىنىپ كەتتى. پۇتلىرىم كۆيۈشۈپ، مېنىڭمۇ جېنىم سىقىلىشقا باشلىدى. بەزى ئادەملەر يېنىدىكى ئادەملەرگە بېشىنى قويۇپ راھەتلىنىپ ئۇخلاپ كېلەتتى ۋە بەزى ئادەملەر توڭلىغاندىن ماشىنىدىكى چاڭ باسقان بېنزىنلارنى ئېچىپ تارتىپ ئۈستىگە ياپماقچى بولغان ئىدى، ئەتراپتىكى ئادەملەرمۇ بېنزىن چاترىنىڭ ئۈچ ـ ئۈچلىرىدىن تارتىپ ئاستىغا كىرىپ سوغۇقتىن ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى.

شۇنداق يول ئازابلىرى بىلەن تۇرپانغا مىڭ تەسلىكتە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە ساجىدەنىڭ تاغىسى، مېنىڭ دادامنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ قىزى، ئاپامنىڭ نەۋرە ھەدىسى بار ئىدى. بىز ئۇلاردا چوڭ ھۆرمەت بىلەن مېھماندا بولدۇق. بىزنى تۇرپاننىڭ يۈز يىلدىن ئوشۇق بولغان مۇنارىسىغا ئېلىپ چىقتى. باغلارغا، كارىزلارغا ئېلىپ باردى

ۋە بىر قانچە تويلاردا، سۈننەت تويلىرىدا بولدۇق. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق. دېگەندەك ئۆكتەبىر بايرىمىنىڭ ئالدىدا ھەربىي ھالەت بولۇپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

## ئۆكتەبىر ئېيى

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ساجىدە ئىككىمىز ھەدىسىنىڭ سەندۇڭبىدىكى ئۆيىگە باردۇق. ساجىدە شۇ يەردە تۇراتتى. ئۆيدە ئېگىز، گەۋدىلىك، قويۇق قارا چاچ، قارا كۆزلۈك، ئۇزۇن قارا قاشلىق، يۈز تېرىلىرى ئاق بىر ئادەم ئولتۇراتتى. ساجىدە ئۇچۇق چىراي بىلەن كۆرۈشتى.

بۇ بىزنىڭ چۆچەكلىك تاتار يىگىتىمىز، ئىسمى لاتىپ دەپ ماڭا تونۇشتۇردى. مەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، دالان ئۆيدە ئىشلەۋاتقان ھەدىسى زەيتۇننىڭ يېنىغا چىقىپ پاراڭلىشىپ بىراز ئولتۇرغاندىن كېيىن ساجىدەگە:

ــ قاراڭغۇ چۈشكىچە مەن قايتىپ ئالاي، ئۆيدىكىلەر ئەنسىرەپ قالمىسۇن، دەپ قوزغالدىم.

ساجىدە: بىز ئاپىرىپ قويايلى، دەپ چۆچەكلىك تونۇشنى باشلاپ چىقتى. سەندۇڭبىنىڭ دۆڭگە كەلگەندە ساجىدە: قاراڭغۇدا مەن يالغۇز قايتالمايمەن. سۆيۈن، سەن رەنجىمە، لاتىپ 3 - دوختۇرخانىغىچە باربدۇ. ئۇندىن كېيىن سەن قورقمايسەن، دەپ خوشلىشىپ كىرىپ كەتتى.

تونۇمغان بىر ئادەم بىلەن قېلىش ماڭا بەكمۇ قۇلايسىز بىلىندى. قىسلدىم، لاتىپ مېنىڭ قىسلغىنىمنى سەزسە كېرەك، ئۆزىنى كونا تونۇشلاردەك تۇتۇپ سۆز باشلىدى.

ئۆگەي ئانام «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا تۈرمىدە يېتىپ سالامەتلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. مەن ئۇنى ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇزۇندىن بۇيان داۋالىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر بىر ئاز ياخشى بوپقالدى. مېنىڭ ھازىر مۇشۇ يەردە ئۆگەي ئانام بىلەن بىر نەۋرە ھەدەمدىن باشقا ھېچكىم يوق. ئۆز ئاپام 60 - يىلى دوختۇرخانىدا خاتا ئوكۇل قويۇپ ئۆلۈپ كەتتى. دادام بولسا 69 - يىلى ئاغرىپ ئۇنىمۇ ئۈرۈمچىگە 3 - دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدىم. ئاشقازان راك دەپ دىئاگنوز قويىدى. ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. چۆچەككە ئېلىپ كەتتىم. شۇ يىلى بىرىنچى ئۆكتەبىر كۈنى ۋاپات بولدى، دەپ ئۆلۈغ كىچىك تىنىپ بىر ئاز تۇرۇپ، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى. مېنىڭ يالغۇز

بىرلا ئاكام بار ئىدى. ئۇمۇ چوڭچەكتىكى چىگرا ۋەقەسىدە سوۋېتكە چىقىپ كەتتى. بىزنىڭ تۇغقانلار بەك جىق ئىدى. دادامالار ئالتە ئوغۇل، بىر قىز، ئاپاملار ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىر سوۋېتتە. 62 - يىلقى ئىككى مەملىكەت زىددىيىتىدىن كېيىن ئالاقە ئۈزۈلدى. ھېچقانداق بىر خەۋەر ئالالماي قالدۇق، دەپ ئىچىدىكى ئېغىر بېسىمنى بىلدۈرمەسلىكى ئۈچۈن بىر ئاز جىم تۇرۇپ قېلىپ، ئاستا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. ئاندىن ماڭا قاراپ كۈلۈپ:

ـ مەن سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا بەكمۇ خۇشالمەن، دېدى.

باشتا دېيىلگەن سۆزلەر بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزمۇ ماڭا سەممىي دوستلار مۇناسىۋىتىنى ئەسلەتتى. مەن ئارتۇق سۆز قىلمىدىم. كۈلۈمسىرەپ قويدۇم.

لاتىق يەنە مېڭىشنى ئاستىلىتىپ، ماڭا قاراپ خىجالەتچىلىكتىن تەمتىرىگەندەك قىسىلىپ تۇرۇپ:

– راستىنى ئېيتسام مەن سىزنى يارىتىپ قالدىم، دېدى.

مەن ھەيران بولغان نەزەردە يۈزىگە قارىغان ئىدىم.

– مەن سىز بىلەن ئۆمۈر يولىنى بىرگە كېچىپ، بىللە ياشاشنى خالايمەن، دېدى.

كۈتۈلمىگەن بۇ سۆز مېنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى.

– ياق بولمايدۇ. مەن تۇرمىگە كىرىپ چىققانمەن، قالپىقىم بار، رېجىمدىكى ئادەممەن. مېنىڭ توي قىلىشىمغا مۇمكىنچىلىك يوق، دېدىم.

– لاتىق خاتىرجەم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

– مەن ھەممىنى بىلىمەن، كۆپ بولدى. سىزنىڭ سىرتىڭىزدىن ھەر تەرەپلىمە ئۆگەندىم. پۈتۈن ئەھۋالىڭىزنى بىلىمەن. سىزنىڭ مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلىرىڭىزدە سىز بىلەن بىللە بولۇپ، ئېغىرلىقلارنى تەڭ كۆتۈرۈپ، ھەر ئىشتا سىزگە ياردەمدە بولۇشنى خالايمەن. تۈرمىگە سالسىمۇ مەن سىز بىلەن بىللە بارىمەن، دېدى.

شۇنداق قىلىپ تونۇشۇپ يۈرۈپ، بىر ـ بىرىمىزنى چۈشىنىشكە باشلىدۇق. ئۆيدىكىلەر لاتىفنى بەك ياراتتى. ئارىدا ئۇلار ماقۇل بولۇپ قويۇپتۇ. لاتىق توي تەييارلىقى ئۈچۈن 12 - ئايدا چوڭچەككە كەتتى. يېڭى يىلدا كەلمەكچى بولغان ئادەم 3 - ئايدا كەلدى.

لاتىق قايتىپ بېرىپ ئىدارىسىدىن توي خېتى ئېلىش ئۈچۈن تونۇشتۇرۇش سورىسا،

كىمدۇر بىرسى مېنى تۇرمىگە كىرىپ چىققان، ئەكسىلئىنقىلابچى، قالپىقى بار، رېجىمدىكى قىز، دەپ ئىدارىگە ئېيتقان ئوخشايدۇ. ئىدارىدىكى باشلىقلار ساڭا لايىق قىز ئەمەس، سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىشىڭگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ تۆت ئاي يۇرسىمۇ تونۇشتۇرۇش بەرمەي، ئەڭ ئاخىرى شۇ ئىدارىنىڭ سىرتىدىن ماتېرىيال ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم لاتىفنىڭ كونا خىزمەتدىشى بولۇپ، ئۇ لاتىفكە:

– سەن مەن بىلەن يۇر. مەن ئىدارىگە ماتېرىيال ئالىمەن، دەپ ئىدارە تامغىسى بېسىپ، باشلىقنىڭ قولىنى قويدۇرغان تونۇشتۇرۇش قەغەز ئالدىم. شۇنىڭ بىرىگە مەن خەنزۇچە تونۇشتۇرۇش يېزىپ بېرىمەن دەپ لاتىفكە تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەرگەندىن كېيىن، كېلىپ توي خېتى ئالدى.

ئاپرېلدا توي قىلدۇق. بىزنىڭ توي ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈللۈك توي بولدى.

29 - ئاپرېل كۈنى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە بارسام، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان ماتېرىيال كەلگەن ئىكەن.

رەسمىي قالپاق كىيگۈزۈلمىگەن. خەلق رېجىمى بىكار قىلىنسۇن، دەپ يېزىپ ئەۋەتىپتۇ.

بۇ قېتىم مىللىي باشلىق خارىس ئابىزى بىلەن ئۇچرىشىشقا توغرا كەلدى. مەن ئىشكتىن كىرىشىم بىلەن:

– خۇش خەۋەر، ئىشىڭلار تەكشۈرۈلۈپ، لاتىپ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن ئۇقتۇرۇش كەلدى. مەن يېڭى ئەۋەتكەن ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ، بۇرۇنقى ھەممە ماتېرىيالنى كۆيدۈرۈۋەتتىم. بۇنى ھېچكىمگە دېمەڭ، ئۇنداق قىلمىسام قالپاقنى ئالغان بىلەن يەنە نازارەتتىن چىقىپ كېتىش قىيىن ئىدى. بۇنداق قىلىشىم سىزنى نەنسەندىكلەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. ئەمدى سىزگە ئۇلار ھېچنەرسە دېيەلمەيدۇ. بۇ ياخشى بولدى. سىزنى تەبرىكلەيمەن. ئۆتكەن كۈنلەر شۇنىڭ بىلەن كەتسۇن، دېدى. خارىس ئابىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن مېنىڭ ئاتا ـ ئانام يېقىن تونۇش ئىدى.

مەن رەھمەت ئېيتىپ ئۆيدىكىلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزەي دەپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتىم. بىزنىڭ ۋە ساجىدەنىڭ ئائىلىلىرىدە بايرام كۈندەك بولۇپ خۇشال بولدۇق.

ساجىدەمۇ 2 - ئايدا غۇلجىلىق رابىن شاكىروف ئىسىملىك بىر تاتار يىگىتى بىلەن توي قىلدى. ئۇنىڭمۇ تويى كۆڭۈللۈك ھەم چوڭ توي بولدى. ئۇ مۇ تۇرمۇشتا بەختلىك

بولدى. ئۆتكەن ئىغىر كۈنلەر كەتكەن بولسۇن. بەختلىك تۇرمۇشلار ئالدىدىن چىقسۇن! ساجىدە ھازىر ئانا بولۇشقا ھازىرلىنىپ يۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇسا يىل ئاخىرىدا ئۇنىڭ پەرزەنتى دۇنياغا كېلىدۇ، دەپ كۈتىمىز.

23 - ماي چۆچەككە قاراپ يولغا چىقتۇق. زەكىيە، لاتىپ مەن ئۈچىمىز، لاتىپنىڭ تونۇش شوپۇرى سەغىتنىڭ ماشىنىسى بىلەن شەھەر ۋە يوللاردا توختاپ ئۈچ كۈن دېگەندە چۆچەككە يېتىپ كەلدۇق. چۆچەككە كىرىشتىكى «قارا ئۆڭكۈر» دېگەن يەرگە كەلگەندە توختاپ، يۈز - كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپ، ئەتراپلارنى ئايلاندۇق، «قارا ئۆڭكۈر» دېگەن يەر چۆچەككە كىرىشتە تۈز كېلىۋېتىپ ماشىنا سايغا قاراپ چۈشكەندە، ساينىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭ بىر ئۆستەڭ ئېقىپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ سۈيى شۇنداق سۈزۈك مۆلدۈر بولۇپ، ئاستىدىكى تاشلار، بېلىقلار ئوچۇق كۆرۈنەتتى. تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئاققان يەرلىرى ئاپاق بولمىسا سۇ مۆلدۈر قار سۇ بولۇپ ئاقاتتى. شۇ سايدىكى ماشىنا يولىنىڭ ئىككى تەرىپى ئۈچى قوشۇلغان قويۇق تېرەكلىك بولۇپ، ئاسماننى كۆرگىلى بولمايتتى. يازنىڭ كۈنى ساينىڭ ئىچىگە كۈننىڭ نۇرىمۇ تولۇق چۈشمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ساينى «قارا ئۆڭكۈر» دەپ ئاتاپ كەتكەن ئىكەن. ساينىڭ ئىچىدە تۈرلۈك گۈللەر چېچەكلەپ ئەتراپقا ھۆسن بېرەتتى. تېرەكلەر ئارىسىدا بەس- بەستە سايراۋاتقان قۇشلار ساداسى، بولۇپمۇ بۇلبۇلنىڭ گۈزەل سايراشلىرى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق بېغىشلايتتى. ھاۋانىڭ ساق ۋە يېقىملىق، ئىللىقلىقى مېنى ئۆزگە تارتىپ مۇشۇ يەردە بىر ئاز تۇرغۇم كەلگەن ئىدى، لېكىن لاتىپ:

– ئۆيدىكىلەر كۈتۈپ قالمىسۇن، يورۇقتىراق يېتىپ بارايلى، دەپ ئالدىرىتىپ مېڭىپ كەتتۇق.

چۆچەك بىر قەۋەت بىنا ۋە ھويلىلاردىن تۈزۈلگەن كىچىككىنە بىر شەھەر بولۇپ، قەۋەتلىك يېڭى سېلىنغان بىنالار يوق ئىدى. پەقەت ھەسەنباي جانىشىفنىڭ سالدۇرغان قىزىل بىناسىدىن باشقا كۆرستەرلىك چىرايلىق ئۆيلەرمۇ يوق، چۆچەك بىرلا چوڭ كوچىلىق شەھەر بولۇپ، قالغانلىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل ياسالمىغان ئارقا كوچىلاردىن ئىبارەت ئىدى. شەھەرگە قاراڭغۇ چۈشكەندە كەلگەچكىمۇ كوچىلاردا ئادەملەر بەكمۇ ئاز، يوق دېيەرلىك، جىمجىت، شەھەر خۇددى ئۇرۇشتىن كېيىن قالغان بىر شەھەردەك كۆرۈنىدى. بىز ئازادلىق كوچىسىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە ماشىنا توختىدى. بىرىنچى نومۇرلۇق قورۇدىن ئەر - ئايال، ياش قىزلار بولۇپ، ئوندەك ئادەم يۈگۈرۈپ چىقىپ «قىز قېنى - قىز قېنى» دەپ ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن سالاملاشتىم، ئارىدىن ئۈچ

ئادەم - بىر ئەر، ئىككى ئايال چىقىپ:

– سىلەر مۇشۇ يەردە بىر ئاز ھايال بولۇپ تۇرۇپ، ئاندىن بىرىڭلار، بىز ئالدىن سۆيۈنچىگە بارايلى، دەپ يۈگۈرۈشۈپ كەتتى. بىز ئىشىك ئالدىدا بىر ئاز تۇردۇق. شۇ ئارىدا ئۇ كوچا - بۇ كوچىدىن بولۇپ، لاتىفىنىڭ تونۇشلىرى كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشۈپ خېلى ئادەم يىغىلىپ قالدى.

بىز ئون مىنۇتتىن كېيىن قوزغالدۇق، ھېلىقى ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى ماشىنىغا چىقىپ ۋە يامىشىپ دېگەندەك بىز بىلەن كەلدى. قالغانلىرى پىيادە كېتىشتى، ماشىنا ھارۋىدەك ئاستا مېڭىپ كۆۋرۈك بېشىغا كەلگەندە گارمون چېلىپ بىر قانچە ئادەمنىڭ بالامىسكىنگە جىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

لاتىف: سۆيۈن ئۆيىمىزگە كەلدۇق. كۆردۈڭمۇ، ئۇلار بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىز، سېنى قارشى ئېلىپ چىقىپ تۇرىدۇ، دېدى.

مەن خىجالەت بولۇپ قىسىلدىم. يۈرەكلىرىم سوقۇپ ئۆزۈمدە بىر ئاز قۇلايسىزلىق سەزدىم.

لاتىف: سۆيۈن خىجالەت بولما، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تۇغقانلىرىم، ئۆز ئادەملىرىمىز، ياخشى كىشىلەر دەپ ئاستا شىۋىرلاپ قويدى.

ماشىنا كېلىپ يوغان ياغاچ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. گارمون چېلىپ، جىرلاپ تۇرغان ئادەملەر ئالدىمىزغا كېلىپ سالاملاشتى. لاتىفنىڭ بىر نەۋرە ھەدىسى رازىيە ئاپپاي ماشىنىدىن مېنى قۇچاقلاپ ئېلىپ چۈشتى. ئۇ خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىدىن ياشلار ئاقاتتى. ئۆزى كۈلەتتى، خۇش كەلدىڭ، خۇش كەلدىڭ! دەپ قۇچاقلايتتى. ھەممە ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتىم. رازىيە ئاپپاي مېنى قۇچاقلىغان پېتى ھويلىغا باشلاپ ماڭدى. ھويلىدا كۈتۈپ تۇرغان ئادەملەر گارمون بىلەن جىرلاپ، كەمپت ھەم گۈل - چېچەكلەر بىلەن ئۈستىمىزدىن چاچقۇ چاچتى. ھويلا خېلى چوڭ بولۇپ، ھويلىنىڭ تۆرىگە يېقىن يەرگە سېلىنغان ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئىشىك ئالدىدا ئىككى مېتىر ئاق رەختنى پايانداز يېيىپ ئۇنىڭدىن مېنى باستۇرۇپ ئېلىپ كىردى. مەن ماڭغاندىن كېيىن ماتېرىيالنى ھەر بىر ئادەم ئىرىم قىلى يىرتىپ ئېلىشتى. ئۆيدىمۇ چاچقۇلار چېچىپ قارشى ئالدى. ئاستى - ئۈستى ئۆي تاختايلىق يوغان چىرايلىق ئۆي بولۇپ، ئىككى ئېغىز ئۆي لىق مېھمان ئىدى. ئىككى ئۆيگىمۇ تۈرلۈك تائاملار بىلەن داستىخان ھازىرلىغان ئىكەن. مېھمانلار خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى.

لاتىفنىڭ ھەدىسىنىڭ ئېرى سامات ئابزىمۇ بەش نامازلىق، توغرا سۆزلۈك، يۇمشاق كۆڭۈل بەك ياخشى ئادەم ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بولۇپ، بۇلارمۇ تەربىيىلىك، ئەقىللىق ياخشى باللار بولۇپ ئۆسۈپتۇ. چوڭ قىزى موكەش مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بېرىش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ يۈرۈپتۇ. ئوغلى جاغغار ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ «يەنە تەربىيە ئېلىش» ئۈچۈن شەھەر گۈڭشېلىرىغا چۈشكەن ئىكەن. كىچىك ئوغلى رەفەت باشلانغۇچتا ئوقۇيدىكەن. رازىيە ئاپپاي ئۆز ھەدەمدەك بولدى. مەن ھەم ئۆز ھەدەمدەك كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئۆز ئائىلەم بولدى.

لاتىپ بىلەنمۇ مىجەزىمىز قانداق بولار، دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم. بىراق مەن ئەنسىرىگەندەك بولمىدى. خاراكتېرىمىز، كۆز قاراشلىرىمىز، ھەتتا ياخشى ۋە يامان كۆرگەن نەرسىلىرىمىزدىن تارتىپ ئوخشاش بولۇپ چىقتى. بەزىدە بىزنىڭ ئويلىغان پىكىرلىرىمىزمۇ بىر بولۇپ قالاتتى. بىز بىر - بىرىمىزنىڭ كۆڭلى رەنجىيدىغان يېرىگە ھەرگىز يېقىن بارمايتتۇق. شۇنداقلا بىز ئەر - خوتۇن بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ يېقىن سەمىمىي دوستلاردىن ئىدۇق. مەن چۆچەك خەلقىنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم. ئوچۇق، ئاقكۆڭۈل ھەممە ئادەم بىر - بىرى بىلەن دوستلاردەك يېقىن، ئوچۇق كۆڭۈل بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىپ ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن ئادەمنى كۆرمىدۇق. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئۆز ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىشاتتى.

قۇلۇم - قوشنىلىرىمىزدىن ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، خۇيزۇ ۋە خەنزۇلارمۇ شۇ يەرلىك خەلققە ئوخشاش بولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ شۇ مىللەتلەردىن قوشۇلما ئارىلاشقان ئورتاق تىلى يەنى چۆچەك تىلى بار. ھەممە ئادەم شۇ تىل بىلەن سۆزلىشەتتى. مەن كېلىپ ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئەتراپتىكى قولۇم - قوشنىلار بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم.

بىزنىڭ ئازات ئىسىملىك ئوغلىمىزمۇ دۇنياغا كەلدى. بالا تۇغۇلماستىن بۇرۇن دادام بىزگە بالا ئوغۇل بولسا ئىسمىنى «ئازات» قويۇڭلار، چۈنكى دۇنيادا ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ۋە قىممەتلىك نەرسە «ئازادلىق، مۇستەقىللىق» ئىكەن، ھوقۇقسىز ئادەم ھايۋاندىنمۇ خار بولۇپ قالىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىنىڭ ئېتى «ئازات» بولسۇن، ۋەتەنگە، خەلققە ئازادلىق كەلسۇن، شۇنىڭ سىمۋولى بولۇپ تۇرسۇن دەپ خەت يازدى. بالا دۇنيا كېلىشى بىلەن لاتىپ كىشىلەرگە ھەم ئۇرۇمچىگىمۇ ئازات ئوغلۇم دۇنياغا كەلدى دەپ سۆيۈنچە ئېيتىپ تېلېگراف يازدى.

ئازات بىزنىڭ ئائىلىمىز ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق ھەم ئائىلىمىزنىڭ گۈلى بولدى.

ئازات ئۆتكۈر ئەقىللىق ھەم ئوماق چىرايلىق بالا بولۇپ ئۆستى. ئازات ئىككى يېرىم ياشقا كەلگەندە قىزىم كافىيەمۇ دۇنياغا كەلدى. بۇ بىزنىڭ ئائىلىگە تېخىمۇ چوڭ خۇشاللىق بولدى. بۇ كۈنلەر لاتىنى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ بەختلىك كۈنلىرىمىزنىڭ بىرسى دېسەممۇ بولىدۇ. ئاللاھقا شۈكۈر، بۇ ئىككى بالا ساغلام، ئەقىللىق، زېرەك، تاتلىق ھەم گۈزەل باللار بولدى.

75 - يىلى مەن لاتىنىدىن «چۆچەك چېگرا ۋەقەسى»دە پۈتۈن چۆچەك خەلقى قوپۇرۇلۇپ ماڭغاندا نېمە ئۈچۈن سىلەر ئەلدىن ئايرىلىپ كەتمەي قالدىڭلار؟! دەپ سورىدىم.

لاتىنى راست مەن ساڭا بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمەپتىمەن، ئۇ بەك جىددىي ۋە ئاجايىپ ئېغىر كۈنلەر بولدى.

62 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ كىشىلەر يوشۇرۇن ئاز - ئازدىن كېچىلىرى كېتىشكە باشلىدى. ئۇلار ھېچنەرسە ئالماستىن، ھەتتا تەييار پىشىپ تۇرغان تاماقنىمۇ يېيىشكە ئۈلگۈرمەستىن داستىخان ئۈستىدە قالدۇرۇپ كېتىشتى. بۇ كۈنلەردە چۆچەك شەھىرىدىنمۇ نۇرغۇن ئادەملەر ماڭدى.

5 - ئاپرىل كۈنى ساجىدەنىڭ ئۆكىسى ئوبۇل غەيرىي قانچە باللار ۋە ياشلار بىلەن ماڭدى. ئۇلار يېنىپ كەلمىگەندىن كېيىن، 10 - ئاپرىل كۈنى ساجىدەنىڭ تاغىسى مانسۇر قاتارلىق بىر تۈركۈم ئادەم بولۇپ ئۇلار كەتتى. 20 - 25 - ئاپرىل كۈنلىرى خەلق قوزغىلىپ كۈندۈزلىرى ئاشكارا مېڭىشقا باشلىدى.

بۇنى كۆرگەن چۆچەك ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۇقتۇرۇش قىلىپ خەلقنى توستى.

«خەلق كەتمەڭلار، كەتسەڭلارمۇ بەرىبىر قايتىپ كېلىسىلەر. سوۋېت ھۆكۈمىتى سىلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ. نەگە بارساڭلارمۇ سىلەرگە دۇنيا كېرەك. چېچىلىپ - تۆكۈلۈپ يۈرمەڭلار، ھەممە نەرسەڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار. قازان يۇغۇچمۇ لازىم بولىدۇ. قاتناش قىيىنچىلىقىڭلار بولسا ھۆكۈمەت ياردەم قىلىدۇ» دەپ ئاق ھارۋا ماشىنىلار بىلەن كىشىلەرنى چېگرىغىچە ئاپىرىپ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن يېزا - گۈڭشېلاردىكى خەلق بىردەك قوزغالدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىدىن تاشقىرى گۈڭشېنىڭ چارۋا - ماللىرى ۋە ماگىزىندىكى پۈتۈن نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭدى. كۆرسەڭ ھەيران قالىسەن، كوچىلارنى توشقۇزۇپ، چاڭ چىقىرىپ كېتىۋاتقان چارۋا

ماللار، ئات - ئۇلاغ، ئېگىز يۈكلەر تېڭىلغان هارۋىلار، ئات - ئۆكۈزگە مىنىپ كېتىۋاتقان باللار ۋە قېرىلار، پىيادە يۈك كۆتۈرگەن ئەرلەر ۋە ياشلار، چارۋا مال بىلەن قىيا - چىيا قىلىپ ۋارقىراپ كېتىۋاتقان غاز - ئۆردەكلەر ھەم يۈك ئۈستىگە باغلاپ قويۇلغان توخۇلار كۆچنى توشقۇزۇپ سوۋېت چېگرىسىغا قاراپ سۇدەك ئېقىپ باراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شەھەر خەلقىمۇ جىددىي قىياپەتتە قوزغىلىپ مېڭىشقا باشلىدى.

تۇغقانلار، تونۇش - بىلىش، قۇلۇم - قوشنىلار كىرىپ دادامغا قوزغال كېتىمىز ئەلدىن ئايرىلىپ قالمايلى «ئەل بىلەن كۆرگەن ئولى (ئۇلاق) توي» دەپ ئاق هارۋا تېپىپ كەلدى.

شۇنداق چاققان هازىرلاندۇقكى ئىككى سائەت ئىچىدە تەييار بولۇپ قوزغىلىپ ماڭدۇق. ئۇ كۈندىكى جىددىيلىكنى كۆرسەڭ كوچىنىڭ ئۇ چېتىدىن - بۇ چېتىگە ئۆتۈش ئۈچۈن بىر كۈن كۈتۈپمۇ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ ئۆيدىن چېگرىغىچە يەتتە كىلومېتىر يەرنى بىر كۈن يۈرۈپ ئاران يەتتۇق. چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن 40 - 50 مىڭ ئادەم قاتناش ۋە رەسمىيەتلەرنى كۈتۈپ تۇرۇپ قالدۇق.

3 - كۈنى دادام ئاكام بىلەن ماڭا: «مەن قايتىپ بېرىپ ئاپاڭلارنى ئېلىپ كېلىشنى ئويلاۋاتىمەن (ئاپام ۋاپات بولغاندىن كېيىن دادام هازىرقى ئۆگەي ئاپامغا ئۆيلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ تۇلى شەھەر دوختۇرخانىسىدىن خىزمىتىنى يۆتكەپ كەلگۈچە رەسمىيەتلەرنى كۈتۈپ شۇ ئىشلار بىلەن تۇلى شەھىرىدە قالغان ئىدى.) دادامنىڭ كۆڭلى ئۇنىماستىن، مەن قايتىمەن، بىرىڭلار مەن بىلەن بىللە بېرىڭلار، ئەگەر بارمايمىز دېسەڭلار يەنە ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا. مەن سىلەرنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قويدۇم، راۋۇرۇس ياخشى ئادەم بولۇڭلار، ئاللاهقا تاپشۇردۇم، ئامان بولۇڭلار، مەن سىلەردىن رازىمەن» دېدى.

«مەن ئۆزۈم بارىمەن» دېگەندىن كېيىن دادامنى يالغۇز ئەۋەتىپ قويۇشقا كۆڭلۈم چىدىمىدى.

بولدى، مەن سەن بىلەن بىللە بېرىپ ئاپامنى ئېلىپ كېلەيلى دەپ ئۇ يەردىكى ئاتلاردىن ئۈچ ئاتنى ئېگەرلەپ ئىككى ئاتقا مىنىپ بىرىنى يېتىلەپ كەتتۇق. بىز دۆربىلجىنگە كەلگەندە بىزنىڭ كەينىمىزگە ئادەم چۈشكىنىنى بايقاپ قالدۇق.

دادام دېدى: چوڭ يولدا ئاشكارا ماڭايلى، تاغ ئارىسى بىلەن يوشۇرۇن ماڭساق بىزنى تۇتۇپ قولغا ئېلىشى مۇمكىن، نېمە بولسا باشقا كەلگەننى كۆرەيلى دەپ چوڭ يول بىلەن ئوچۇق يۈرۈپ تولىغا يېتىپ كەلدۇق. بىز ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشىمىزغا كەينىمىزدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ:

سلەر هېچ يەرگە بارمايسلەر، قاچان بىز سلەرنى چۆچەككە كېتىشكە رۇخسەت قىلغاندىلا كېتەلەيسلەر دەپ ئۇچ ئاتنى ۋە بىزنىڭ ئىگەر توقۇممىز بىلەن ئېلىپ كەتتى ۋە مېنى ۋاقىتلىق ئۇن زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. 30 - ئاپرىل چېگرا تاقالدى. 5 - ئايدا چۆچەككە قايتىشقا رۇخسەت قىلدى.

چۆچەك كوچىلىرى جىمجىت بىرمۇ ئادەم يوق قورقۇنچ سۈرلۈك بولۇپ كۆرۈنەتتى. دۇنيانى گۈزەل قىلغان ئادەم ئىكەن. بۇ مۇھىتنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بەكمۇ ئەسكى بولدى. يىغلىغۇم كەلدى. شۇ گۈزەل چۆچەك شەھىرى، خەلقىدىن ئايرىلىپ ھەسرەت ئىچىدە نېمىدېگەن كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغان ئىدى. ئەلدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك يامان نەرسە بارمۇ. بۇمۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلدى، دەپ لاتىن بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

بىر تال يوغان قۇلۇپتىن باشقا يالىڭاچ قالغان ئۈچ ئېغىز تاختايلىق ئۆيىمىزمۇ كۆڭۈلسىز غېرىب بولۇپ قاپتۇ.

پەقەت چۆچەكتە 13 ئۆيلۈك تاتارلار ۋە كۆك كوپور ئەتراپىدا بىرقانچە ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە تۇڭگان ھەم بىر قانچە خەنزۇلاردىن باشقا ئادەم قالمىغان ئىكەن. قارا دۆڭدىمۇ بىرقانچە ئائىلىلىكلەردىن باشقا پۈتۈن ئادەم كېتىپ بولۇپتۇ.

كوچىغا چىقساق بەزىدە كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا بىر ئادەم كۆرۈنسە بەزىدە كوچا ئادەمسىز جىمجىت غېرىب تۇراتتى. قالغان بىرقانچە ئائىلىلەر كۈندە بىر يەرگە يىغىلىپ ئۇچرىشاتتۇق، كىشىلەر بەكمۇ كۆڭۈلسىز ياشايتتى.

نەۋرە ھەدەم رازىيە ئاپپاي قورققىنىدىن كۈندۈزلىرى تالاغا چىقالمايتتى. ئۇ پۈتۈن تۇغقان ۋە ئائىلىلىرىدىن، خەلقىدىن ئايرىلىپ كۆزلىرى ياشتىن قۇرماي، كېچىلىرى ئۇيقۇسىز قالدى. قالغان ھەممە ئادەم شۇ تەرىقىدە ياشايتتۇق.

بىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەر بىر ئائىلە بىزگە ئوتۇن، كۆرپە، كىيىم - كېچەك، قاچا - قومۇش، قازان - چۆمۈش قاتارلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنى بېرىپ، ئۆيىمىزدە ھاياتلىق باشلاندى. شۇ كۈنلەردىكى كۆڭۈلسىز ھاياتنى ئەسلىسەم ھازىرمۇ كۆڭلۈم ئەسكى بولىدۇ دەپ لاتىن كۆزىگە ياش ئالدى، يۈزىدە ھەسرەت تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتتى. بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققاندەك ئىزدىشىپ بىر ئائىلىنىڭ بالىسىدەك يېقىن بولۇپ قالدۇق.

بۇ ئارىدا ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتكەن ئوقۇغۇچىلاردىن، خىتاي ھۆكۈمىتى سلەرنى

ئاتا - ئاناڭلارنىڭ يېنىغا چىقىرىپ بېرىمىز دەپ بىرقانچە ماشىنا قىلىپ ياشلارنى ئېلىپ كەلدى، لېكىن سوۋېتنىڭ پىلان سانى توشقانمۇ ياكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا پىلانى بولدىمۇ ئىشقىلىپ ئۇلار كېتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىچارە ياشلار ئەلدىن، ئاتا - ئانا، ئائىلىدىن ھەم ئوقۇۋاتقان ئوقۇشلىرىدىن ئايرىلغىنى ئازدەك، ئۇلارنى شىخەنزە بىڭتۇئەن ئورنىغا سۈرگۈن قىلدى.

كۆپ ئۆتمەستىن چۆچەك شەھىرىگە خىتاي ئۆلكىلىرىدىن نۇرغۇن ئائىلىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، سوۋېتكە چىقىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە جايلاشتۇردى. چۈنكى بۇ ھويلىلارغا كىشىلەر كېتىشى بىلەن ھۆكۈمەت ئىگە بولۇپ قۇلۇپ سېلىپ پېچەتلەپ تاشلىغان ئىدى.

بۇ خىتاي ئۆلكىلىرىدىن يېڭى كەلگەن ئادەملەر ئۆي - جايلارنى مېۋىلىك باغلارغا ۋە بەزىلىرى ئۆي ئىچىدىكى جابدۇقلارغا ئىگە بولۇپ راھەتكە چۆمدى. ئۇلار تاختايلىق ئۆيلەرنى سوغۇق دەپ تاختاي ئۈستىگە خىش يېيىتىپ، دېرىزىلىرى چوڭ سوغۇق بولىدۇ دەپ، دېرىزىنىڭ كىچىك بىر كۆزىنى  قالدۇرۇپ، خىش تىزىپ لايلاپ چىقتى. ھويلىدىكى چوڭ گۈزەل باغلارنى بىرمۇ ياغاچ قالدۇرماستىن كېسىپ، ئورنىغا كۆكتات تېرىپ سېتىپ شۇنى ئوقەت قىلغان ھالدا ياشاشتى.

بىزنىڭ ھويلىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاجى ئوسمان باينىڭ چوڭ بېغى بار ئىدى. ئۇ يەرنى ئون ئائىلە خەنزۇلار بۆلۈۋېلىپ، ئۆي سېلىۋالدى. باغلارنى كېسىپ كۆكتاتلىق مەيدان ياساپ ھەر يىلى شۇ يەردىن 3 - 4 مىڭ يۈئەنلىك كىرىم قىلىپ كۆكلەپ باي بولۇپ كەتتى. چۆچەك خەلقىنىڭ كېتىشى بۇلارنىڭ ئامىتى بولدى. ئۇ ۋاقىتدا تراكتور زاۋۇتى توختىماي ئاز ئادەم بىلەن ئىشلەپ تۇراتتى. مەن شۇ زاۋۇتقا ئىشقا كىردىم. بۇ مەن ئۈچۈن بەك ياخشى بولدى. ئىش بىلەن بولۇپ، بۇ كۆڭۈلسىز مۇھىتتىن يىراقراق بولغاندەك ئىچىم تىنچلاندى.

بۇ تۇرمۇشقىمۇ ئاستا ئۆگىنىۋاتاتتۇق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلاندى. بۇ ئىنقىلاب پەقەت يەرلىك خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت بولدى.

«سىلەر سوۋېتنىڭ قېقىپ قويۇپ كەتكەن قوزۇقى! ئۇنداق بولمىسا ئەل قاچقاندا نېمە ئۈچۈن كەتمەي قالدىڭلار؟! سىلەرگە نېمە ۋەزىپە تاپشۇردى؟» دەپ ھەممىمىزنى سۆرەپ چىقىپ كۈرەش قىلىشقا باشلىدى. ئىدارە ئورۇندىكىلەرنى ئۆز ئىدارىسىدە تۇتۇپ مەسىلە تاپشۇرتىمىز دەپ ئىدارە ئورۇنلىرىنى تۈرمە قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇپ كۈرەش قىلدى. تاختايغا ئۇششاق مىخلارنى قېقىپ نان چەككۈشتەك ياساپ، شۇ مىخلىق تاختاي بىلەن ئۇرۇپ،

قيناپ مەسىلە تاپشۇرتۇشقا قستايتتى. رازىيە ئاپپاينىڭ نەۋرە سىڭلىسى مۇنەۋۋەرنى قيناپ ئۇرغاندا مىخلارنىڭ ئورنى مىكروبلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ چىقتى. رازىيە ئەلىيۋا قاتارلىق نۇرغۇن ئادەملەرنى ئىدارىسىدە تۇتۇپ تۇرۇپ مەسىلە تاپشۇرتمىز دەپ ئۇرۇپ قيناپ كۆرمىگەن كۈننى كۆرسەتتى.

ئىنقىلاب باشلىنىشى بىلەن چۆچەكتە كەتمەي قالغان خەلقنىڭ بېشىدا ئوت ياندى. مەسىلەڭلارنى تاپشۇرۇڭلار دەپ كېچە - كۈندۈز كۈرەش قىلىپ، قىيىن - قىستاققا ئالدى. بۇ بىچارە خەلق قيناشلارغا چىدىماستىن:

راست بىز ئېغىر جىنايەت ئىشلىدۇق. بىز ئەخمەق بولمىساق ۋەتەن دەپ ئەلدىن ئايرىلىپ قالارمىدۇق. بىز كەتمەي چوڭ خاتالىق قىلىپتۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق چارە كۆرسەڭلار، قارشىلىقىمىز يوق دەپ ئېيتقاندىن كېيىن، بۇ ماۋزۇدىكى قىيىن - قىستاقلار ئازايدى. ئۇ دەۋردە ئادەملەر بەكمۇ قاتتىق كۈنلەرنى كەچۈردى. ئىشلار ئېغىر، ئۆگىنىشلەر چىڭ، كىشىلەرگە هازىرلانغان قالپاقنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ. خەلقنىڭ بىر - بىرىگە باققۇدەك هالى يوق، بەكمۇ ئېغىر كۈنلەر بولدى. بىز تراكتور زاۋۇتىدا ئەتىگەن سائەت يەتتىدىن كەچ سائەت يەتتىگىچە توختىماستىن قاتتىق ئىشلەيتتۇق. سەككىز سائەتتىن ئارتۇق ۋاقتنى خالىس ئەمگەك قاتارىدا هېسابلاپ ئىش هەققىنى بەرمەيتتى.

مانا شۇ ۋاقىتدا 62 - يىلى گۇڭەنتىڭ تۈرمىسىدە ئۈچ يىل يېتىپ چىققان ئىبراينى چۆچەك چېگرا ۋەقەسىدە ئىشلىگەن جىنايىتى ئۈچۈن قولغا ئالدى. تۈرمىدە ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ قيناشلار جەريانىدا ئىبراي نېرۋىسىدىن كېتىپ ساراڭ بولۇپ، ئۆزىنى بىلمىگەندىن كېيىن ئىبراينى داۋالاتقىلى دوختۇرخانىغا ياتقۇزۇپ ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن جامائەت خەۋپسىزلىكىنى ساقلاش ئىدارىسىدىن قوراللىق ساقچىلار كېلىپ ئۆچىرەت بىلەن ئۇنى ساقلايتتى. يېرىم كېچىدە كۆزەتتە تۇرغان تۈرمە خادىمى ئۇيقۇسى كېلىپ ئىبراينىڭ ياتقان كارىۋىتىنىڭ تام تەرىپىگە ئىبراينى ياتقۇزۇپ ئۆزى چەتتە يېتىپ 15 مىنۇت كۆزىنى يۇمۇپ تۇرسا، پۇت - قولى تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلانغان ئىبراي يوق. بۇ هالەتتە 15 مىنۇت ئىچىدە قانداق قېچىپ كەتتى؟! بۇ ئەھۋال هەممە ئادەمنى هەيران قالدۇردى. بىر كېچە جامائەت ساقچىلىرى ئاتلىق ۋە ماشىنىلار بىلەن ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇلار كىرمىگەن جاي، بارمىغان يەر قالمىدى. لېكىن ئىبراي يوق. ئىككى هەپتىدىن كېيىن سوۋېت رادىئوسىدا ئىبراينىڭ سۆزلىگەن سۆزىنى هەممىمىز ئاڭلىدۇق. ئۇ سەن بىلەن ساجىدە ئىككىڭلارنىڭ تۈرمىدىكى ئېغىر كۈنلۈڭلارنى سۆزلەپ ئۆتتى. هەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇ شۇ هالەتتە قانداق قېچىپ كېتەلىدى، ئۇنىڭ قېچىپ قۇتۇلۇشى

كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تۈرلۈك گۇمانلارنى كەلتۈردى.

مانا شۇ ۋاقىتدا چۆچەكتىن بىر كېچىدە بىر ياكى ئىككى ئائىلە يوقاپ كېتەتتى. ئۇلار ئۆيدىكى پۈتۈن جابدۇق نەرسىلىرىنى بىرسىنىمۇ قالدۇرماستىن ئېلىپ ماڭدى.

خەدىچە (بىزنىڭ مەكتەپتە ئابلىكىم بىلەن يۈرگەن، بىزلەرنى تۇتۇشقا چوڭ ياردەم كۆرسەتكەن قىز)، ئۇنىڭ ھەدىسى خەمىدەلەر بىرىنچى بولۇپ كەتتى. خەمىدە سىڭلىسى خەدىچە يالغۇز قالدى دەپ ئۇنى ساقلاپ قالغان ئىدى. لېكىن خەدىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كورلا گۇڭشېلىرىغا بۆلۈنۈپ، شۇ يەردىكى ئوقۇمىغان ئادديي بىر ئىشچى خەنزۇ بىلەن توي قىلىپ باللىق بولدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھەدىسى خەمىدە خاپا بولۇپ، خەدىچەگە قارىماستىن ئائىلىسى بىلەن بىر كېچىدە سوۋېتكە قېچىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇلاردىن باشقا نەمتۇل ئاخۇن، دەۋلەت قاتارلىق سەككىز ئائىلە يوقالغاندىن كېيىن قاتتىق تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىپ، بۇلارنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ يۈرگەن ئادەملەر دەپ مۇھەممەد كەرىم بىلەن رەھمەتۇللاھنى قولغا ئېلىپ 68 - يىلى ئۆكتەبىردە 17 يىل كېسىپ تارىمغا ئېلىپ كەتتى.

بىر كېچىدە ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكىنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى روزى تاھىر سوۋېتكە قېچىپ كېتىپتۇ دېگەن سۆز تارقالدى. ئىبراينى ۋە باشقا قاچقۇچىلارنى ماڭدۇرغان شۇ دەپ تەكشۈرگۈچە ئۇ كېتىپ قاپتۇ دېگەن سۆزنى ئاڭلىدۇق. قىسقىسى ئۇ مۇ سوۋېتكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

69 - يىلغا كەلگەندە مېنى شىخەنزە بىڭتۇئەن نۇڭچاڭغا بارسەن دەپ زاۋۇتتىن ئۇقتۇرۇش قىلدى. لېكىن شۇ ۋاقىتدا دادام ئاشقازان راك بولۇپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ تەكشۈرۈلۈپ كەلگەن ئىدى. ئۆگەي ئانامنىڭمۇ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دادام زاۋۇتقا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ ئوغلۇمنى مەندىن ئايرىپ ئېلىپ كەتمەڭلار، ئۇ كەتسە بىز قانداق قىلىمىز؟ بىزنىڭ نېمە گۇناھىمىز بار. كەتمەي قالغانلىقىمىز گۇناھمۇ؟ مېنىڭمۇ ئۆمرۈم ئاز قالدى، دەپ قاتتىق تۇرغان ئىدى. راستتىن مېنى سۈرگۈن قىلغۇدەك ئاساسى پاكىت بولمىغانلىقىنىمۇ ھەر ھالدا مېنى قالدۇردى. شۇ يىلى بىرىنچى ئۆكتەبىر كۈنى دادام 69 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ماڭا بەك ئېغىر بولدى.

مېنى تۆمۈرچىلىك سېخىغا يۆتكەپ چىقتى. يوغان بەش كىلولۇق بازغاننى كۆتۈرۈپ 12 سائەت ئىشلەش ھەممىدىن قىيىن بولدى. ئوت ئالدىدا، چېلەكلەپ سۇلار ئېقىپ تەر ئىچىدە ئىشلەيتتۇق، ئۆگىنىشلەر پۈتۈن شەھەر بويىچە قاتتىق كېتىپ باراتتى. ھېلىقى

بىر - بىرىمىزنى كۈنگە ئىزدىشىپ تۇرىدىغان دوستلار، يىللار بويى كۆرۈشمەس بولدۇق. ھەرقايسىمىزنىڭ بېشىدا ئوت كۆيەتتى.

ئۆگەي ئانامنىڭ دادام ۋاپات بولغاندىن كېيىن  روھى چۈشكەنلىكىدىنمۇ ئاغرىق كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭمۇ ئىدارىسىدە قاتتىق تۇتۇپ سوراق - جاۋاب، تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى.

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماققا كەلسەم دەرۋازىمىز يوغان ئوچۇق، ئۆيگە كىرسەم ئۆيىنىڭمۇ دېرىزە - ئىشىكلىرى ئوچۇق، ئۆيگە توخۇلار كىرىپ پۈتۈن نەرسىلەرنى تۆكۈپ - چېچىپ پۈتۈن يەر توخۇ پوقلىرى بىلەن پاسكىنا بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئاپام داستىخانلارنى يىغماي، ھەممە يەرلەرنى ئوچۇق قويۇپ نەگە كەتكەندۇ دەپ ئەنسىرىدىم. بۇ مۇھىتتىن بىر كۆڭۈلسىز ئەھۋالنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. كوچىغا چىقتىم. ئالدىمغا مەرخەبە ئاپپاينىڭ ئوغلى خەمىد يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. مېنى كۆرۈپ ھاياجان ئىچىدە ھاسىراپ تۇرۇپ:

كوچىدا مۇسلىمە ئاپپاينى ئىچ كۆڭلەك بىلەن يالاڭغىداق يالاڭۋاش ھالدا كۆردۈم. كىشىلەر ئۇنى چاچلىرىدىن يۇلۇپ ئۇرۇپ - تەپكەن پېتى ئىدارىسىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ بەكمۇ قورقۇپ كەتتىم دېدى.

مەنمۇ نېمە بولغىنىنى بىلمىدىم. كېيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا باردىم. نېمە كۆزۈم بىلەن كۆرەي، ئاپامنى ئورۇندۇققا باغلاپ قويۇپ يۈز كۆزلىرىگە شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ئادەم كۆرگۈسىز قىلىپ تاشلاپتۇ. ئۇرۇۋېرىپ كېيىملىرىنى يىرتىپ بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەكمۇ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى، مەن ئۇلاردىن:

نېمە بولدى؟! نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر ئۇرىسىلەر؟ دەپ سورىدىم. ئاپام توختىماي يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بۇ ساتقۇن ئۇنسۇر قاچماقچى بولۇپ، چېگرا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان ئىكەن تۇتۇۋالدۇق دېدى.

مەن ئۇلارغا ئىچ كېيىم بىلەن يالاڭغىداق، يالاڭۋاش قاچارمىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قاق  چۈش پېشىندە چوڭ كوچىدا ئەل ئوتتۇرىسىدا ماڭارمىدى. بىرقانچە كۈن بولغان ئىدى، ئۇنىڭ نېرۋىسى ئاجىزلاپ ئۇيقۇسىز يۈرەتتى. نېرۋىسى قاتتىق چارچىغان بولۇشى مۇمكىن، دوختۇرغا كۆرسىتەيلى دېدىم.

ئۇلار سەن قاچقۇن ئۇنسۇرنى قوللاۋاتامسەن دەپ ماڭا ۋارقىراپ، مېنىڭ ئالدىمدا ئاپامنىڭ يۈزىگە بىرقانچە شاپىلاق سالدى. مېنىڭ ئىچىم ئاغرىپ ھاي ئۇرماڭلار، دەپ

ئاپامنى تۇسىدىم، ئۇلار مېنى مۇشتلاپ يۇرۇپ قوغلاپ چىقتى.

نېمىدېگەن ۋەھشىي، نادان، قانلىرى قىزىپ تۇرغان ئادەملەر، بۇنداق ياشقا چوڭ بىر ئايالنى ئۇرۇشقا قانداق قولى باردۇ؟ دەپ كۆڭلۇم يامان بولدى.

بىر كۈندىن كېيىن ئاپامنى قولغا ئېلىپ قارا قاپقىغا (بۇلار تۇرمىنى قارا قاپقا دەيدىكەن) ئېلىپ كەتتى دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. مەن تۇرمىگە ئورۇن - كۆرپە، كىيىم - كېچەك قاتارلىق كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئاپىرىپ بەردىم ھەم ھەر يەكشەنبە كۈنى كىيىملىرىنى يۇيۇپ دەزماللاپ، ئۇننى ياققا قورۇپ، شېكەر سېلىپ ئۇيۇتۇپ ۋە گۆش قورۇپ بەزىدە ھەدەملەرگە ياكى باشقا ئاياللارغا دەپ تاماق قىلىپ ئاپىرىپ تۇردۇم. رازىيە ئاپپاينىڭ نەۋرە سىڭلىسى مۇنەۋۋەرنىمۇ قولغا ئېلىپ ئاپام بىلەن بىر كامىرغا قاماپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن ئاپامنى نېرۋىدىن كەتكەن داۋالىتىش كېرەك دەپ ئۇرۇمچى بىرىنچى دوختۇرخانىغا يوللاپ بەردى. مەن ئۇرۇمچىگە ئېلىپ بېرىپ دوختۇرخانىغا ياتقۇزدۇم. ئۇ يەردە بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋالانغاندىن كېيىن ساقىيىپ چىقتى.

شۇ ۋاقىتلاردا تۇغقىنىمىز ئەخمەتخان ئابىزى بىر كۈنى چۈشىدە ئاسماندىن بىر ئوت چۈشۈپ ماۋ زىدۇڭنىڭ رەسىملىرىنى كۆيدۈرۈپ ھەيكەللىرىنى ئۆرۈپ تاشلاپتۇ. بۇ چۈشنى ئىچىگە سىغدۇرالماستىن كۆڭلى يېقىن قوشنىسىغا سۆزلەپ بۇنىڭغا قارىغاندا ماۋجۇشى يىقىلىپ ۋەزىيەت ئۆزگىرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۆزىنىڭ چۈشىگە تەدبىر بېرىپ، ئۆيىگە كىرىپ تۇرۇشىغا جامائەت خەۋپسىزلىكنى ساقلاش ئىدارىسىدىن بىرقانچە ئادەم كېلىپ، ئۇرۇپ - سوقۇپ ئەخمەتخاننىڭ قولىغا تۆمۈر زەنجىر سېلىپ ئېلىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەستىن ئون يىلغا ھۆكۈم قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتخان تۇرمىدىن چىققۇچە يۇز توپ ئالمىلىق بېغىنى ۋە ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئاستى - ئۈستى تاختايلىق يوغان ئۆيلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئايالى ۋە باللىرىنى شىخۇ شەھىرىگە سۈرگۈن قىلدى. (بۇ ۋاقىتلاردا مەن چۆچەكتە ئىدىم). شۇ چوڭ باغنى بۇزۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلەر ئۆچۈن بىنا سالدى.

ئون يىلدىن كېيىن ئەخمەتخان ئابىزى تۇرمىدىن چىقىپ كۆپ ئۆتمەستىن ئاشقازان راك بولۇپ ۋاپات بولدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىچىك ئوغلى ئىدىسىن بىر كېچىدە كۆيۈپ ئۆلدى، چوڭ ئوغلى نادىرمۇ ئۆيلەنمىگەن ياش يىگىت ئىدى، ئۇمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. نادىردىن بىر يىل كېيىن

بۇ ھەسرەتلەرنى كۆتۈرەلمەي ئانىسى غەپپە ئاپاي ۋاپات بولدى.

مانا بۇ چۈش كۆرۈش بىلەن بىر ئائىلە ۋەيران بولدى.

لاتىپ ئويلىنىپ تۇرۇپ، بۇ چېگرا ۋەقەسى بىلەن مەدەنىيەت ئىنقىلابى ھەممىمىزگە بەختسىزلىك ۋە ئايرىلىش پىراقىنى تارتقۇزدى. بارلىق ئائىلە بۆلۈنۈپ ۋەيران بولدى. ھەرقايسىمىزنىڭ بېشىغا ئېغىر ھەسرەت ۋە كۈلپەتلەر ئېلىپ كەلدى.

گۈزەل چۆچەك شەھىرىمىز خەلقسىز ۋەيرانە غېرىب بولۇپ قالدى. ھاياتىمىزدىكى گۈزەللىك ھەم خۇشاللىقىمىز تۈگىدى. گۈزەل چۆچەكىمىز خىتاي شەھىرىگە ئايلاندى. نەگە قارىما خەنزۇلارنى كۆرىسەن، باغۇ - بوستانلىق گۈل چىمەنلىك شەھىرىمىزدە شېرىن قىزىل گۈل پۇرايدىغان خۇش بۇي ئورنىغا پاسكىنىلىق ھەم سېسىق پۇراق كېلىدىغان بولدى دەپ ئاجايىپ كۆڭۈلسىز ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ مېنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇ چېگرا ۋەقەسى يادىمغا كەلدى. غۇلجا، موڭغۇل كۈرە چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن تاغامنىڭ ئايالى مەخپۇزە ئاپپاينىڭ سىڭلىسى مەخمۇدە ھەدە كەلدى. ئۇ بىزگە شۇ تەرەپتىكى بىر چېگرا ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى.

مەخمۇدە ھەدىنىڭ يولدىشى يۈسۈپ موڭغۇل كۈرەدە باشلىق ھەم مال دوختۇرى بولۇپ ئىشلەيتتى.

بىر كۈنى ئورنىمىزدىن تۇرۇپ چىقساق قوشنىلىرىمىزنىڭ بىرىمۇ يوق، ئۆيلىرى بوشاپ قاپتۇ، ئەللىككە يېقىن ئائىلە بالا - چاقىلىرى بىلەن يوقالدى. ئۇلارنىڭ پەقەت سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن باشقا نەرسىنى تەخمىن ئېيتىش قىيىن ئىدى. چۈنكى بىزنىڭ ئۆينىڭ يېنىدىكى قاتتىق ئاقىدىغان كىچىك ئۆستەڭنىڭ ئۇ چېتى سوۋېتنىڭ يېرى ئىدى. بۇ دەريا ئىككى مەملىكەتنىڭ چېگرا بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەتىگەن تۇرۇپ چىقساق ئۇ قوشنىلىرىمىز كېلىپ كالىلىرىنى سېغىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇق. مەن ھال سوراپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئۇلار بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

بىز سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن «قۇتۇلدۇق» دەپ خۇشاللىقتىن ئىچكىرىلەپ كىردۇق. بىزنى چېگرا ساقچىلىرى توسۇپ قايتىپ كېتىشنى ئېيتىپ قوغلاشقا باشلىدى. بىز ئۇلارنى «بىز ئەمدى قايتىپ كېتەلمەيمىز، يېنىپ بارساق بىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ» دەپ يالۋۇردۇق. باللىرىمىز ۋە چوڭلارنى كۆرسىتىپ «رەھىم قىلىڭلار» دەپ ئۆتۈندۇق. لېكىن ئۇلار بەك قاتتىق ئىدى. ھېچ قوبۇل ئەتمىدى. ئىككى كۈن تالاش -

تارتىش بىلەن شۇ چېگرىدا تۇرۇپ قالدۇق. 3 - كۈنى بىزلەرنى «كۆمۈر توشۇيدىغان يوغان قارا ماشىنىغا سېلىپ سىلەرنى، ئالما - ئاتا شەھىرىگە ئېلىپ بارىمىز» دەپ سوۋېت چېگرىسىدىن ئىچكىرىلەپ ئېلىپ كەتتى. ھەممىمىز «قۇتۇلدۇق» دەپ راھەتلىنىپ خۇشال بولدۇق. بىزلەر ئالما ئاتا شەھىرى كۆرۈنەرمىكىن دەپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ شەھەر بىنالىرىنى ئىزدەيتتۇق. لېكىن ماشىنا چۆگىلەپ يۈرۈپ، بىز ئۆتكەن چېگرا بويىغا ئېلىپ كېلىپ ماشىنىنىڭ ۋاگونىنى كۆتۈرۈپ كۆمۈرنى تۆككەندەك بىزلەرنى تۆكۈپ تاشلاپ ماشىنا كېتىپ قالدى. بىز ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى سېزىپ، قىيا - چىيا قىلىپ ماشىنىنىڭ كەينىدىن سوۋېتنىڭ ئىچكىرى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۇق. چېگرا ساقچىلىرى بولسا بىزگە قارىتىپ قاشقىر ئىتلارنى قويىۋەتتى. ئۇلار ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ خەلقنى تالاشقا باشلىدى. بۇ مۇھىتتىن ئۈمىدسىزلەنگەن خەلق جان قاچۇرۇپ كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ يۈگۈردۇق. بىر بوۋاي بىلەن بىر كىچىك بالىنى ئىتلار تالاپ كەتتى. ئىت چىشلىمىگەن ئادەم ئاز ئىدى. كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالدىن ھودۇققان ئادەملەر قېچىپ بېرىپ قاتتىق ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە ئۆزلىرىنى ئاتتى. بۇ سۇدىنمۇ چىقالماي ئاياللار، قېرىلار، باللاردىن سۇدا غەرق بولۇپ كەتكەنلەر بولدى. شۇنداق قىلىپ يېرىم كېچىدە مىلىڭ تەسلىكتە ئۆيىمىزگە يېتىپ كەلدۇق. «بىزگە ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىم قول ئۇزىتىپ ياردەم قىلمايدىكەن. بىز ئۇلارغا ئىشىنىپ ئەخمەق بوپتۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە بېرىدىغان جازامۇ يەڭگىل بولماس دەپ روھى چىققان ئادەمدەك بولۇشۇپ قاپتۇ. لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى تاكتىكىلىق ئەمەسمۇ. تەشكىلدىن نەرسە كېرەك ئېلىپ كىرىپ ھال سوراپ «قىيىنچىلىقىڭلار بولسا تەشكىلگە دېسەڭلار ياردەم قىلىمىز» دەپ چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇلارغا ھازىرغىچە ھېچكىم ۋە ھېچقانداق يامان پوزىتسىيىدە بولمىدى. بۇندىن كېيىن قانداق بولار، ھەر ھالدا ئۇلارنى بوش قويماسلىقى مۇمكىن دەپ ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى سۆزلەپ قويدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوۋېتكە ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرىنى ئاڭلىدۇق. چېگرىدا ئۇلارنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ، پۈتۈن نەرسىلىرىنى ئاختۇرغۇچىلار «بۇ ياخشى ئىكەن مەن ئالدىم» دەپ بۇلاپ - تالاپ بۆلۈشۈۋېلىپ ئۆزلىرىنى بولسا ئادەم يوق سايلارغا - تاغلارغا ئەۋەتىپ، ئوقۇش يېشىدىكى باللارنى بولسا «دىتدوم» (يېتىم باللار ئۆيى) گە ئاپىرىمىز دەپ رۇسىيىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ كېتىپ، ئاتا - ئانىلىرى بولسا باللىرىنى نەگە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، نېمە ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، شۇ ئادەملەر يوق يەرلەردە مال بېقىپ ياشاپتۇ. ئۇلارغا ئايدا بىر مەرتىۋە يوغان ماشىنىلاردا يېمەك - ئىچمەك ۋە كېرەكلىك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان

ماشىنىلاردىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمەي، يالغۇز شۇ تۇرمۇشتا تۆت - بەش يىل ياشاپ ئاندىن خەلق ئىچىگە ئورۇنلىشىپ باللىرىنى تاپقان ئىكەن.

لاتىفنىڭ ئاكىسىنى يالغۇز ئۆزىنى بىر تاغنىڭ ئىچىگە ئاپىرىپ مال باقتۇرۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن تاغسى قوشنىسىنىڭ قىزىغا ئۆيلەپ قويغاندىن كېيىن شۇ تاغدا ئۈچ باللىق بولغاندىن كېيىن تاشكەنتكە كېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ.

# 76 - يىلى ياز ۋاقتى

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن لاتىف ئىشقا بارغۇچە يېرىم سائەت ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. يېقىندا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن دادام بىلەن ئاپاممۇ بىر ئاز يېتىپ چىقايلى دەپ كىرىپ كەتتى. مەن ئاشخانىدا ئازاتنى ئۇخلىتىۋاتاتتىم، پۈتۈن چۆچەككە جاراڭلاپ ئەتراپ - ئەتراپتىن ماتەم مۇزىكىسى چېلىندى. مەن ئاڭلاپ ھەيران بولدۇم.

نېمە بولغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن ماتەم مۇزىكىسى چېلىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ كوچىغا چىقتىم، كوچىمۇ جىمجىت، قوشنىمىز كۈلىمەننىڭ ھويلىسىغا قارىدىم، ئۇلارمۇ جىمجىت، كېلىنى گۈلسۇم ئىشىك ئالدىدا ئىشلەپ يۈرۈپتىكەن، مېنى كۆرۈپ ئالدىمغا كەلدى.

نېمە بولغاندۇ ماتەم مۇزىكىسى چېلىنىۋاتىدىغۇ؟ دەپ سورىدىم.

گۈلسۈم ئەتراپقا قاراپ ئېھتىيات بىلەن ئاستا ئاۋازدا ماۋجۇشى ئۆلۈپتۇ، دېدى.

مەن: ئۆلسە كەتسۇن، دېدىم.

گۈلسۇم كۈلۈپ ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن يېپىپ كىشىلەر ئاڭلاپ قېلىشتىن قورقۇپ يەنە ئەتراپقا قارىدى.

بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر رەسمىي ماتەم تۇتۇپ يىغلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ماتەم بەلگىسىنى باغلاش ئۈچۈن قارا ماتا تاپالماي ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى، دەپ ئاستا ئاۋاز بىلەن پىچىرلىدى.

مەن ئۆيگە كېلىپ تۇرۇشۇمغا قوشنىمىز كۈلىمەن كىرىپ: ئاڭلىدىڭلارمۇ ماۋجۇشى ئۆلۈپتۇ، بىزنىڭ داغىستان دادىسى ئۆلگەندەك بولۇپ، قارىلىق تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. سەندە بىر قارا لاتا بارمىكىن دەپ كىردىم. خۇدايىم، داغىستان بىر قىزىق ئادەم، بەزىدە كىچىك بالىدەك خاراكتېرى بار، دەپ كۈلدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى ماتەم بەلگىسى قىلىپ

قوللىرىغا قارا باغلىۋالدى. بەزى ئادەملەر ماۋجۇشى ئۆلدى! دەپ چىقىپ كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئۇن سېلىپ يىغلاپ يۈرۈشتى. ئىككى كۈندىن كېيىن ماۋجۇشىنىڭ دەپنە كۈنى دەپ ھەممە ئادەم خەلق مەيدانىغا يىغىلىپ ماتەم مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ كۈنى پۈتۈن ياز كۆرۈلمىگەن ئىسسىق بولدى. مەيداندا ئۇزاق ئولتۇرغاندىمۇ ياكى راستىنى قايغۇ بىلەن ھوشىدىن كەتكۈچىلەر كۆپ بولدى. قۇتقۇزۇش ماشىنىسى توشۇپ يېتىشەلمەي كېتىپتۇ.

77 - يىلى مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۆيگە بىر ئادەم كېلىپ «سىزنى مەھەللە كومىتېتىدىن چاقىرىدۇ» دەپ مېنى باشلاپ ئېلىپ ماڭدى.

ئۆيدىكىلەر يەنە نېمە ئىش بولدىكىن؟ دېگەن ئەنسىرەش بىلەن قاراپ قالدى. مەن بارسام ئىش باشقۇرۇش ئۆيىدە ئىككى ئايال بىر ئەر كىشى ئولتۇرىدۇ. مەن سالاملىشىپ كىرىپ ئولتۇردۇم.

ئۇلار بىز 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن مەسىلە ئىگىلەش ئۈچۈن كەلدۇق، دېدى.

يۈرىكىم «قات» قىلىپ قالدى. قەييۇم شۇ يەردە ئىدى. تەشكىلات ئىشنى ئەمدى چۈۋۈپ يۈرەمدىغاندۇ دەپ ئويلىدىم. بىز قەييۇم مۇئەللىمنىڭ مەسىلىسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سىزنى ئىزدەپ كەلگەنتۇق. سىز قەييۇمنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان مەسىلىنى ۋە سىزنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ھەم ئىشلەنگەن ئىشلار ئۈستىدە بىزگە دەپ بەرسىڭىز، دېدى.

مەن سىز نېمىنى سوراۋاتىسىز، خاتالاشمىغانسىز، مەن ئۇنداق ئادەمنى تونۇمايمەن ۋە تەشكىلات دېگەن نەرسىدىنمۇ خەۋىرىم يوق، تەشكىلات دەپ مېنى بىر بالاغا تىقاي دەۋاتامسىلەر، مېنىڭ قەييۇم ئاتلىق بىرىمۇ تونۇشۇم يوق، دېدىم.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ ئۇ ئادەم سىزنى تونۇيدىكەنغۇ، دېدى.

مەن:

ـ ياق بۇ يالغان، ئىشەنمىسىڭىز مېنى يۈزلەشتۈرۈڭ، يۈرۈڭ ئۇ ئادىمىڭىزنىڭ ئالدىغا يۈزلىشىش ئۈچۈن بارايلى، دېدىم.

ـ سىز راستىنى تونۇمامسىز، دەپ ھەيران بولدى.

مەن يۈزلەشتۈرۈڭ، يوق يەردە ماڭا تۆھمەت ئارتمىسۇن، دەپ چىڭ سۆزلەپ تۇرۇۋالغان ئىدىم، ئۇلار:

ـ بىز يەنە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كېرەك بولسا سىز بىلەن قايتا كۆرۈشەرمىز دەپ كەتتى.

شەھەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن سوفىيە بىلەن غەيشە بەشىنچى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىشقا ئورۇنلاشتى.

بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى ئاقۇپ غەيشەدىن:

سىز سۆيۈنگۈلىنىڭ سىڭلىسى ئىكەنسىز، ھە؟ دەپ سوراپتۇ ۋە غەيشەگە بىزنىڭ مەكتەپنىكى قەييۇم مۇئەللىم «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلات» نى تازىلاش ھەرىكىتىدە ھەدىڭىز ئۈستىدە تەشكىلاتقا قاتناشقان، دەپ ماتېرىيال يېزىپ، كۆپ نەرسىلەرنى پاش قىلغان ئىدى. مەن ھەدىڭىز توغرىسىدا بۇرۇن خېلى سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ دەسلەپتىمۇ شۇ «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتىنى قورۇپ قولغا ئېلىنغان ئىكەن. ھەدىڭىزنىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنىمۇ ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ ماتېرىياللار بارسا ئەلۋەتتە ياخشى بولمايتتى. ئۇلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى ۋە ياكى قولغا ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ ماتېرىيالىنى كۆيدۈرۈۋەتتىم ۋە قەييۇمنىمۇ ئەر كىشى تۇرۇپ ئىرادىسىنىڭ بۇنچىلىك بوشلۇقىغا ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىغا چوشقا باققىلى چۈشۈرۈۋەتتىم، دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ھېيت كۈنى كېلىپ مەن بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ كەتتى.

## 78 - يىلى قىش ۋاقتى

لاتىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەتكەن ئىدى. كۆپ ئۆتمەستىن ئەل ئىچىدە «سوۋېت ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانغا باستۇرۇپ كىرىدىكەن» دېگەن سۆز تارقىلىشقا باشلىدى. كېيىن بۇ سۆز راستقا ئايلىنىپ ئىدارە ۋە ھەر بىر ئورۇنلاردىن ئادەملەرنى چۆچەكتىن يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن ھازىرلاندى. لاتىفنىڭ ئىدارىسىدىن كېلىپ ماڭا:

ـ بىزنىڭ ئىدارىنىڭ ئادەملىرىنى «تۆمۈر تام» غا ئېلىپ كېتىمىز، لاتىپ يوق، سىز ھازىرلىنىپ، ياردەمگە ئادەم كېرەكمۇ؟ دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى.

مەن ئۇلارغا:

ـ ئۇششاق باللار بار، بۇ سوغۇقتا ھېچيەرگە قوزغالمايمەن، لاتىپ كەلسۇن! دېدىم.

ھەر بىر ئىدارە ـ ئورۇنلاردىن بەلگىلەنگەن يەرگە كۆچىدىغانلىقنى ئۇقتۇردى ۋە

بەزى ئىدارىلەر كۆچۈشكە باشلىدى. خەلق ئۈرۈش خەۋپى بىلەن جىددىيلەشتى. توۋلى، دۆربىلجىنىدىكى كىشىلەر تاغار ـ تاغار ئۇنلارنى تالقان قىلىپ ياغلاردا قورۇپ ئىلىپ ئۈرۈشقا ئالدىراش ھازىرلاندى. خەنزۇلار بولسا ختاي ئۆلكىلىرىگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. بىزنىڭ يېنىمىزدىكى گۇڭشېدا بىر خەنزۇ ئائىلىسى يەتتە بالىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككىسىنى ئېلىپ كىچىك بەش بالىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. بەزى خەنزۇ كادىرلار بالىلىرىنى قاچۇرۇپ كەتكۈزگەن ئىدى. بىر قانچە بالىلار يولدا توڭلاپ ئۆلۈشكە ئاز قېلىپ دوختۇرخانىلاردا بىر قانچە ئاي داۋالىنىپ چىقتى. بەزى خەنزۇلار يېقىن ئۆتكەن مىللىيلارنىڭ ئۆيلىرىگە سوۋغاتلىق قىممەت نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئەگەر دۈشمەنلەر باستۇرۇپ كىرىپ قالسا سىلەر بىزگە ياردەم قىلىپ بىزنى يوشۇرۇپ قويساڭلار، دەپ ئۆتۈنۈپ كىرگەنلەرمۇ كۆپ بولدى.

مەنمۇ ھەر ئېھتىمالغا ھازىرلىق بولسۇن دەپ بالىلارغا پاختىلىق كىيىم تىكتىم. ئىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن رازىيە ئاپپاينىڭ ئۆيىگە كىرسەم ئۆزىمۇ بالىلىرىغا پاختىلىق پەلەي تىكىپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ، سەنمۇ ئۈرۈشقا ھازىرلىق قىلاي دەۋاتامسەن دەپ كۈلدى. ئىككىمىز ئۈرۈشلار ئۈستىدە خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. رازىيە ئاپپاي ماڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىمۇ جەڭچىلەرگە مۇشۇنداق پەلەي ـ پاختىلىق پايپاق تىككەن ئىدۇق. پاختىلىق پەلەي تىكىۋېتىپ شۇ ۋاقىتلار يادىمغا كەلدى، دەپ سۆزلەپ بەردى.

پۈتۈن چۆچەك خەلقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئىدۇق. ياشلارنىڭ ھەممىسى قىز ـ ئوغۇل دېمەستىن جەڭ مەيدانلىرىغا ئاتلاندى. ياشقا چوڭ ھەم ئۇششاق بالىلىرى بار ئاياللار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ بىر گۇرۇپپىدىكى ئاياللار ئۈرۈش مەيدانىدىكى جەڭچىلەرنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، تۇگمىلىرىنى قاداپ، دەزمال سېلىپ ئۈرۈش مەيدانىغا يوللايتتى. يەنە بىر گۇرۇپپىدىكىلەر پاختىلىق پەلەي، پايپاق ھەم كىيىملەرنى تىكىپ ھازىرلايتتى. يەنە بىر تۈركۈم ئاياللار جەڭ مەيدانىغا تام مەشلەردە بولكا نانلار پۇشۇرۇپ جەڭچىلەرگە ئۇزۇق يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ياشقا چوڭ ئەرلەر ئات ھارۋىسى بىلەن ئۈرۈش مەيدانىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى توشۇيتتى. كىچە ـ كۈندۈز ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيتتۇق. ئۇ چاغدا ھەممە خەلق بىر ئائىلىنىڭ بالىسىدەك ئىناق ياشايتتۇق. ئۈرۈش ۋاقتىدا پۈتۈن ئادەم ئۆزىنى جاۋابكار دەپ بىلىپ بارلىق ئىشنى مەسئۇلىيەتلىك بىلەن ئىشلەيتتى. پۈتۈن شەھەر خەلقى غەلىبە كۈننى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن ئىدى، دەپ سۆزلەپ بەردى.

شۇنداقلا ھازىرقى بۇ زىمىستان قىش كۈنى ئۈرۈش بولۇپ كەتسە قانداق قىلارمىز،

دەپ پۈتۈن خەلق ئەنسىرىگەن ئىدى. بىراق بۇ دولقۇن كېيىن يوققا چىقتى. سوۋېتمۇ باستۇرۇپ كىرمىدى. ئۇرۇشمۇ بولمىدى. لېكىن خەلقنىڭ ئاۋارە بولغىنى قالدى. ھېلىقى ھازىرلانغان تالقانلار قىزىپ كېتىپ يېگىلى بولماي ئىسراپ بوپتۇ.

78 - يىلى لاتىپ شەھەر ئەتراپىدىكى گۆشخانىغا كەتكەن ئىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ مەندىن 73 - يىلى نەنسەندە ھەربىيگە بارغان خۇسەن دېگەن خۇيزۇ بالىنىڭ ھەربىي قوشۇندا ۋەقە تۇغدۇرۇپ ئۆلگەنلىك ۋەقەسىنى سورىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى چۆچەكلىك بولۇپ، مەن بارغان شۇ گۆشخانىدا تۇرىدىكەن، مەن ئۇلارنى كۆرۈپ كەلدىم دېدى.

ــ ھە، يادىمغا كەلدى، دەپ مەن ئاڭلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. نەنسەننىڭ (جەنۇبى تاغ) ھەر بىر سايلىرىدا ھەربىي قوشۇنلار ئورۇنلاشقان ئىدى. چەۋچىرى سايغا ئەڭ چوڭ ھەربىي قىسىملىرى جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەرگە مۇسۇلمانلاردىن تۆت ياش يىگىت ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن كەلگەن، قالغانلىرى ختاي ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن خەنزۇ ھەربىيلەر ئىكەن. ئۇلار پەقەت ھەربىي ۋەزىپە بىلەن كەلگەن بولۇپ، كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا قېلىپ قېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن خەنزۇلار ئىدى. بۇ تۆت يىگىت خەنزۇلار بىلەن توڭگۇز گۆشى بار تاماقنى يېيىشنى خالىماي، ئۆزلىرىگە ئايرىم مۇسۇلمان ئاشخانىسىدا ھالال تاماق يېيىشنى تەلەپ قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا بىزنىڭ ھەربىي تۈزۈمىمىزگە قارشى چىقتىڭلار، پارتىيە، ماۋجۇشىغا قارشى چىقتىڭلار، دەپ بىر قانچە كۈن كۈرەش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارنى قاتتىق كۈرەش قىلىپ قالپاق كىيدۈرۈپ، خەنزۇلار ئاشخانىسىدا بىللە يەيسىلەر، دەپ ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىپتۇ. بۇ ئۈچ مىللىي، بىر تۇڭگان ياش يىگىتلەرنى قاتتىق بېسىم ئاستىغا ئېلىپ قويۇپتۇ. تۇڭگان يىگىتى خۇسەن تاماقمۇ يېمەي جىم بولۇپ قالىدۇ. بارلىق خەنزۇ ھەربىيلەر بۇ تۆت يىگىتنى زاڭلىق قىلىپ غۇرۇرىغا تېگىشكە باشلاپتۇ. بۇ كىشىلەر ئاغزىدىكى سۆزلەر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار بارمۇ، بىلمىدۇق.

شۇ ئارىدا كېچىلىك دىجورنى يەنى پوستا تۇرۇش ۋەزىپىسى خۇسەنگە كېلىدۇ. خۇسەن بۇ ئىككى سائەتلىك پوس ۋاقتىدا پۈتۈن ئىسكىلاتتىكى قورالارنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان پوتەيىنىڭ ئۈستىگە توشۇپ، ھەممە قورالارنىڭ بىرنىمۇ قويماي ئېلىپ چىقىپ بولىدۇ. ئۇنىڭ دىجۇرنىلىك ۋاقتى توشۇپ ئىككىنچى ئادەمگە ئۆتكۈزگەندە، خۇسەن بۈگۈن مېنىڭ ھېچ ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ. سېنىڭ ۋەزىپە ۋاقتىڭنى مەن ئۆتەي كېيىن ئالمىشىپ ئىشلەرمىز دەپتۇ.

ئۇ دىجۇرنىلىك كەلگەن ھەربىي يىگىت ئۇيقۇسىنى ئاچالماي ماقۇل كېيىنكى نۆۋەتتە

سىزنىڭ ئۆچۈن مەن تۇراي دەپ كىرىپ كېتىپتۇ.

خۇسەن پۈتۈن تەييارلىق پۈتكەندە چوڭ كاپىتان باشلىقلار ياتقان ياتاققا كىرىپ پىلىموت بىلەن توققۇز باشلىقنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، پوتەينىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپتا بۇنىڭغا قارشى چىققان پۈتۈن ھەربىيلەرنى قىرىپ ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ. تۆت تەرەپتىكى پىلىموتلارنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئېتىپ ھەم گراناتلارنى تاشلاپ نۇرغۇن ھەربىيلەرنى ئۆلتۈرۈپ بولىدۇ. بۇنى تۇتۇش ئۈچۈن پوتەينىڭ يېنىغا كەلگەنلەرنى بىرنىمۇ يېقىن كەلتۈرمەستىن ئېتىشقا باشلىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئۈچ مىللىي باللارنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار خۇسەنگە:

– قورالنى قوي، ئوق چىقىرىشنى توختات! دەپ كەلگەندە:

– ئۆلگۈڭ كەلمىسە كەت! دەپ توۋلاپتۇ.

ئارىلىقتا ئىككى سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، تاڭمۇ يورۇپتۇ. ئەتراپتىكى پۈتۈن گۇڭشې خەلقلىرى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. قېچىڭلار، دەپ بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ تاغلارغا، قارغاي ئارىسىغا قېچىپ يوشۇرۇنۇشقا باشلاپتۇ.

بۇلار قورالسىز قېلىپ شەھەرگە تېلېفون ئارقىلىق ياردەم سوراپ كۆتكەن بۇ ئارىلىقتا نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ نۇرغۇن ئادەم يارىلىنىپ كېتىدۇ. خۇسەن ھېچ توختىماستىن ئېتىپ ئەڭ ئاخىرى ئوق ھەم گراناتلاردىن بىرنەرسە قالمىغاندا ئۆزىگە دەپ ھازىرلاپ قويغان تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلىدۇ.

ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، خۇسەننىڭ جەسىتىنى يەرگە ئېلىپ چۈشۈپ ئۇنىڭ جەسىتىگە ھەر بىر ئادەم نەيزە تىقىپ ئۇنى قىيما - چىما قىلىپ تاشلايدۇ. خۇسەن ئۆلۈپ ئون مىنۇتتىن كېيىن شەھەردىن بىر قانچە ماشىنا قورallyلىق ھەربىيلەر ۋە دوختۇر ماشىنىلىرى كېلىپ قاتتىق يارىلانغانلارنى شەھەرگە – دوختۇرخانىلارغا توشۇپ، ئېغىر بولمىغانلارنى گەنگۇدىكى گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا توشۇيدۇ. گۇڭشې دوختۇرخانىسىنىڭ پۈتۈن بۆلۈملىرى كارىدورلار، ھەتتا تالاغىچە تىزىلىپ كەتتى، دېدى. ئۆلگەن ئۆلۈكلەر چەۋچىزىدىكى ھەربىي ئورۇننىڭ ئىسكىلاتلىرىغا، قورال قويىدىغان ئۆيلەرگە سىغماي ئۆلۈكلەرنى بىرنىڭ ئۈستىگە بىرنى قويۇپ بىر ھەپتە ئىچىدە يەرلەپ تۈگىتەلمىگەن دەپ ئاڭلىدۇق، دەپ سىڭلىم فىردەۋس بۇنداق ئەھۋالنى كۆرمىگەچكە بەكمۇ قورقۇپ ھاياجان ئىچىدە سۆزلەپ بەردى ۋە قازاقلارنىڭ بەزىلىرى نېمە دېگەن باتۇر، قەيسەر يىگىت دېسە، بەزىلىرى ئۇنى تىللىدى، دېدى.

چۆچەككىمۇ 25 - 20 يىل تۈرمىدە ـ تارىمدا ياتقانلار تۈركۈم - تۈركۈم بولۇپ قايتىشتى. كامالەتكە توشقان گۈزەل ياشلىق ۋاقتىدا كەتكەن باتۇر يىگىتلەر ئاق باش، ئاق ساقال، مەجرۇھ بىر بوۋاي بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇلارنى كۆرگەن چوڭلار ۋەھشىي سىياسەتنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ئازاب چېكىپ كەلگەن  بۇ قېرىنداشلىرىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ بەزىلىرى يىغلاشتى ۋە بەزىلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن تىرىشىپ ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۇلارغا ئۈمىد تۇغدۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ شەھەردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئاتا ـ ئانا، خوتۇن بالىلىرى بىرسىمۇ قالماستىن سوۋېتكە چىقىپ كەتكەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قۇرا جاي ماكانىمۇ ھەتتا خىراجەت قىلارلىق پۇلىمۇ قالمىغان ئىدى.

ئۇلار شۇنچە ئۇزۇن يىللارنى بوشقا بىر تىيىن پۇلسىز ئىشلەپ پۈتۈن ياشلىقىنى، كۈچىنى، سالامەتلىكىنى تۈگىتىپ ئىشلەپ كۈن كۆرەلىك ھالى قالمىغاندا ھېچقانداق ئىقتىسادسىز قۇرۇق قول ئۆز يەرلىرىگە قايتۇرغان، تونۇش ـ بىلىشلىرى ۋاقتىلىق ئۆز ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېلىپ قاراشتى. ھېچكىمدىمۇ ئارتۇق ئىقتىساد يوق، ھەركىم ئۆز تۇرمۇشىنى بىر كۈنلۈكنى بىر كۈن ئۆتكۈزۈپ ياشاۋاتقاندا، ئۇلارنى قانچە ۋاقىت تۇتۇپ تۇرالىشى مۇمكىن؟

بىر كۈنى لاتىپ بىلەن ئىككىمىز بازاردىن نەرسە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتۇق. كەينىمىزدىن بىر مەست ئادەمنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىنى، ماۋجۇشىنى ئاغزىغا كەلگەن سۆز بىلەن تىللاپ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ئىككىمىزمۇ كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ قارىدۇق. لاتىپ: ھەي توختا! بۇ خەيرۇللاغۇ دەپ ئۇ ئادەم بىزگە يېقىنلاشقۇچە ماڭا تونۇشتۇرۇپ، بۇ تارىمدىن يېقىندا قايتقان خەيرۇللا بولىدۇ. بۇ ياش ۋاقتىدا بەكمۇ ئۆتكۈر، تىرىشچان، ئەقىللىق يىگىت بولغان ئىكەن. ئۇ 17 يېشىدىلا سودا شىركىتىنىڭ بوغالتىرى بولۇپ، شۇنداق ياخشى ئىشلەپ يۈرگەندە ئۇنىڭ جىنايىتى بار، دەپ قولغا ئېلىپ، پۈتۈن ھويلىسىنى ئۆيىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى مۇسادىرە قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ھويلىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، بارلىق نەرسىسىنى ئېلىشىغا سېتىپ خىيانەتكە ياتقۇزۇپ، خەيرۇللانى تارىمغا ئېلىپ كېتىپتۇ. كېيىن خىيانەت دېگىنى ناھەق بولۇپ، پۇللىرىنى يېرىمىدىن ئازنى ئاتا ـ ئانىسىغا قايتۇرغان ئىكەن. ئەمما خەيرۇللا ئابىزنى قايتۇرماپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئامال قىلالماي ئۆزلىرى سىلىنا ۋاقتىدا سوۋېتكە چىقىپ كېتىدۇ.

خەيرۇللا ئابىزى شۇ پېتى 18 يېشىدىن باشلاپ تۈرمىدە قالدى، دەپ ئېيتىپ بولماستىن، ئىككى قولتۇقىغا تاياق قىستۇرۇپ ئالغان يېرىم مەست، يۈزلىرىدىن دۇنيادىن تويغان، ئۈمىدسىزلىك، ھەسرەتلىك قىياپىتى بار ئوتتۇرا بويلۇق، چاچلىرى تامام ئاقارغان،

يۈز ـ كۆزلىرىگە قورۇق باسقان، بىر پۇتى مېيىپ بىر ئادەم تىللاپ ۋارقىرىغان پېتى يېنىمىزغا يېتىپ كەلدى.

لاتىف ئۇنىڭغا: ئەسسالامۇئەلەيكۇم خەيرۇللا ئابىزى سالامەتمۇ سەن؟ دەپ سالام قىلدى. ئۇ مۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ لاتىفنىڭ ئالىقىنىغا بىرنى قويۇپ سالاملاشتى ۋە يەنە ئاغزىنى بۇزۇپ خەنزۇلارنى تىللاشقا باشلىدى. لاتىف: ھەي خەيرۇللا ئابىزى نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن، 25 يىل دېگەندە ئاران قايتىپ كەلدىڭ. يەنە ئېلىپ كەتسە پۈتۈن ئۆمرۈڭ تۈگەيدۇ ئەمەسمۇ، دىققەت قىل، دېدى.

ئۇ - مەن شۇنى كۆتمەن، ئېلىپ كەتسۇن، تارتىشىدىغان نېمەم قالدى. ئاتا ـ ئانام يوق. خوتۇن ـ بالا يوق. بىر قورساقتىن چىققان قېرىنداشلىرىم يوق. تۇرار جاي ـ ماكان يوق، ئىشلەشكە ئىش يوق، ئوقەت قىلغىلى پۇل، سالامەتلىك ۋە يول يوق. ھاياتىنىڭ مەن ئۈچۈن نېمە قىزىقى قالدى. شۇ كاپىر خىتايلار بولمىسا مۇشۇ كۈنگە قالارمىدۇق. ھاياتىمدىكى بارلىق نەرسىلىرىمدىن مېنى ئايرىدى، دەپ ھۆڭگىرەك ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى. ئىچىم ئاغرىپ مېنىڭمۇ كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياشلىرىم تۆكۈلدى. بۇنىڭغا قانداقمۇ تەسەللى بېرىپ، نېمە ياردەم قىلىش مۇمكىن. كۆڭلۈم شۇنداق يامان بولدى.

ئۆيگە قايتسام سامات ئابىزى بىزگە:

گارمۇنچى خۇسەين ئابىزى تارىمدىن قايتىپ كەپتۇ. مەن بېرىپ كۆرۈشۈپ كەلدىم. بەكمۇ قېرىپ كېتىپتۇ. سالامەتلىكمۇ ئانچە ياخشى ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. قارا دۆڭدە بىر ئۆتۈكچى تاتار بوۋاي بار ئىدى. شۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە مېھمانغا چاقىرىپ قويدۇم. گارمۇنغا بەكمۇ ئۇستا، دۇنيادا ئۇنىڭدەك گارمۇن چالىدىغان ئادەم يوق دېسمۇ بولىدۇ. يۈرەكلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىنچىكە قىللىرىنى تەۋرىتىپ مۇڭلاندۇرۇپ چالىدۇ. ئۇنىڭ چالغىنىنى ئاڭلىساڭ شۇندا بىلىسەن، دەپ ماختاپ قويدى. خۇسەين ئابىزىنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن ئىشكتىن جاغغار كىرىپ كەلدى. كىيىمىنى يېشىۋېتىپ:

بۈگۈن قارادۆڭدە بىر ھارۋىنىڭ ئېتى ئەپقېچىپ كېتىپ خۇسەين گارمۇنچىنى دەسسەپ كېتىپتۇ. ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆزى چۈشكەن ئۆيگە ئاپىرىپ قويدۇق. ئۇ تۇرغان ئۆي كىچىككىنە قاراڭغۇ ئۆي ئىكەن دېدى.

سامات ئابىزى، تىرىكمۇ ئۆزى؟ ھارۋا نەرىنى بېسىپ كېتىپتۇ؟ دەپ سورىدى.

جاغغار ھازىرچە تىرىك، بېلىدىن بېسىپ كېتىپتۇ دېدى. سامات ئابىزى بېرىپ خەۋەر

ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى خۇسەيىن ئابىزى ۋاپات بوپتۇ، دەپ تونۇش - بىلىشلەردىن بىر قانچە كىشى بېرىپ جىنازىسىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويۇپ كەلدى.

نېمە دېگەن ئېچىنارلىق ئەھۋال، ئوتتۇز يىلغا يېقىن تۈرمىدە يېتىپ، ئەمدى ئازات بولۇپ، چۆچەككە كېلىشى بىلەن بىر ھەپتە بولماستىن ۋاپات بولۇپ كەتتى. كىشىلەر ئۇ بىچارىنىڭ تۈپرىقى مۇشۇ يەردىن ئىكەن، تۈپراق تارتىپ ئېلىپ كەپتۇ، دەپ ئېچىنىپ سۆزلىشىپ قويدى.

خۇسەيىن ئابىزى ياشلىقىدا بەكمۇ ئۇستا گارمۇنچى ھەم چىرايلىق تەربىيىلىك يىگىت بولۇپ ئۆسكەن ئىكەن. خۇسەيىن ئابىزى بولمىسا توي ئۆتمەيدىغان بولۇپ، مەرىكىنى قىزدۇرۇش ئۈچۈن ھاراقنى زورلايدىكەن. ئۇ ھاراقسىز تۇرالمايدىغان ۋە ئائىلى بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار گۈزەل ئائىلىسىگىمۇ قارىغۇدەك ھالى قالماي ھاراقنى كىرىشىپ كېتىپ ئەڭ ئاخىرى «ھاراقنى كۆپ ئىچىدۇ» دەپ قولغا ئېلىپ تارىمغا سۈرگۈن قىلىندۇ. خوتۇن - بالىلىرى، ئاتا - ئانىسى سىلىنا ۋاقتىدا سوۋېتكە كەتمەكچى بولۇپ، خۇسەيىن گارمۇنچىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن قانچە ئىلتىماس قىلىسىمۇ، تەلەپلىرى رەت قىلىنىپ، ئامالسىز ئۇلار خۇسەيىننى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن خۇسەيىننىڭ يىگىرمە بەش يىللىق ئۆمرى تارىم چۆللۈكىدە سۈرگۈندە خار بولۇپ ئۆتىدۇ. بۇمۇ ئېچىنارلىق ھاياتلارنىڭ بىرسى. بۇنداق بىگۇناھ تارىم چۆللۈكىدىن چىقالماي، تۈپراق ئاستىغا كۆمۈلگەن ئادەملەر ئازمۇ؟ مۇشۇنداق ۋەيران بولۇپ، ئۈمىدسىز ھاياتتا ياشاۋاتقانلار، ئۆي - ماكانسىز، خوتۇن - بالىسىز، ئۇرۇق - تۇغقانسىز، بارلىق نەرسىدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولغانلار ئازمۇ؟ مانا كىچىككىنە چۆچەككە تارىم تۈرمىلىرىدىن قايتقۇچى بەختسىز ئىنسانلار بىلەن شەھەر خەلقى غۇلغۇلىغا كېلىپ پۈتۈن ئادەم ئۆزىنىڭ بار نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا ياردەم قىلىش نىيىتىدە يۈگۈرۈشۈپ يۈرىدۇ.

## 78 - يىل

ئۇرۇمچىدىن سىڭلىم غەيشە كەلدى. ئۇ بىزگە ئاۋستىرالىيىگە كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىپ كەلگەن ئىكەن.

75 - 76 - يىللىرى مەن تۈرمىدە كۆرگەن سەغىت ئابىزى بىلەن غازرائىل ئابىد

دىگەن كىشىلەر ئاۋسترالىيىگە كەتتى دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇلار بىزنى چاقىرتىپ خەت يېزىپ، سەغىت ئابىزىلار ئاۋسترالىيىدىكى رەسمىيەتلەرنى، غازرائىل ئابىزىلار ھوڭكوڭدىكى ئانكىت ئىشلىرىنى ئۆتەپ ۋىزا ئەۋەتكەن ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆيدىكىلەر كېتىش قارارىغا كېلىپ، بىزنىڭ پىكرىمىزنى بىلىش ئۈچۈن غەيشەنى ئەۋەتكەن ئىكەن. ئاۋسترالىيىگە كېتىش مەسىلىسى چىقىش بىلەنلا لاتىپ ھېچ ئويلانماستىن:

ــ بۇ ياخشى پىكىر، كېتىش كېرەك، دەپ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن كەتمەس تەرەپ بولدۇم.

كۆرمىگەن يەر، تونۇمىغان ئەل، ئۆزىمىزنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ گۈزەل ۋەتەننى، خەلقنى، ئەل - يۇرتنى تاشلاپ نەگە بارىمىز؟ ئەمدى ئۇ يەرگە بېرىپ يېڭى تۇرمۇشنى باشلاش ئوڭايغا چۈشمەيدۇ. تىل بىلمەيمىز، قولىمىزدا ئىقتىسادىمىز يەنى پۇلىمىز يوق، دەپ بىرىنچى پىكىردە مەن قارشى بولدۇم.

لاتىپ بىلەن غەيشە ھەر كۈنى ماڭا خىزمەت ئىشلەشكە باشلىدى.

ھەقىقەتەن مېنىڭ تېخى قالپىقىم ئېلىنمىغان، خەلق نازارىتىدە ياشايمەن. چۆچەكتە تۇرۇش ئۈچۈن ماڭا پەقەت ئالتە ئايلىق رۇخسەت قىلىپ قەغەز بېرىدۇ. بۇ تونۇشتۇرۇش بىلەن چۆچەكتە ئالتە ئاي تۇرالايمەن، بۇ جەرياندا ھەر ۋاقىت يېرىم كېچىدە تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى ئېگىز تام، يوغان دەرۋازىلاردىن چۈشۈپ ئۆيىمىزگە تەكشۈرۈش ئۈچۈن كىرىپ مېنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشقا بېرىلگەن يۇقىرىنىڭ رۇخسەت قەغىزىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. ئالتە ئايدىن كېيىن قىش - ياز دېمەستىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ ئۇ يەردە ئالتە ئاي تۇرمسام چۆچەككە رۇخسەت قىلمايدۇ ياكى لاتىفنىڭ نوپۇسنى ئۈرۈمچىگە ئالمايدۇ. ئەگەر ئۈرۈمچىدە تۇرمسام نوپۇسۇمنى ئۆچۈرۈپ نوپۇسسىز قىلىپ قويىمىز، دەيدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن يەتتە يىلنى ئۈرۈمچى بىلەن چۆچەك ئارىسىدا ئالتە ئايلاپ ياشاپ كۈن ئۆتكۈزدۈم. ئىشلەش ئۈچۈن خىزمەت ئىزدەپ بارمىغان يەر قالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا تازىلىق ئىدارىسىدىن «كوچا سۈپۈرۈش» ئىشى بار دەپ شۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇپ، سۈرۈشتۈرۈپ باقاي دەپ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا تېلېفون بېرىپلا، ياق سىزنى ھېچ يەرگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدىكەن، سىزگە پەقەت «مەھەللە ساقچىسىدا رېجىم ئاستىدا قارا ئەمگەك قىلسىڭىز بولىدىكەن، ئۇنىڭدا بىر ئايدا پەقەت 30 سوم مائاش ئالالايسىز» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنچە ۋاقىت ئاۋارە بولۇپ يۈرگىنىم بىكار بولدى. 30 سوم ئۈچۈن يەنە رېجىمغا كىرىپ مەھەللە ساقچىسىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى خالىمىدىم.

ئۇلار ماڭا سېنىڭ ھاياتىڭدا ھېچقانداق ئۈمىد يوق. يەنە نېمىگە تارتىنىسەن؟

كېيىنكى ھاياتىمدا ماڭا ياخشى كۈن بولىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ ياخشىلىقلاردىن ئۈمىد بارمۇ؟ پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئويلىغىنى پەقەت سەن. سېنىڭ كېلەچىكىڭنى كۆزدە تۇتۇپ كېتىمىز دەۋاتىمىز، دەپ غەيشە بىلەن لاتىپ چىڭ تۇرغاندىن كېيىن مەنمۇ ئويلىنىپ قالدىم. ئۇ يەرگە بېرىپ ياخشى كۈن كۆرۈپ كېتىشكە كۆز يەتمەيدۇ. بۇ يەردىكى تۇرمۇشتىنمۇ ئۈمىد يوق. پەقەت تەۋەككۇلنۇ ئەلەللاھ دېمەكتىن باشقا چارە يوق، دېدىم.

ئاندىن مەن ھازىرقى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋاللاردىن دۇنيا خەۋەرسىز، بەلكى ئاۋستىرالىيىگە چىققاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر بىلەن ئەرەبىستان قاتارلىق ئورۇنلارغا ئەرز يېزىپ كۆرسەم، دېگەن ئوي مېڭەمگە كەلدى ۋە يەنە ئۆزۈمنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلەرنى يېزىپ چىقسام، بۇ بىر جانلىق پاكىت دەپ ئويلاندىم ھەم ئاۋستىرالىيىگە بېرىپمۇ ھاياتىم بوشقا ئۆتمىسە، كەتسەك كېتەيلى دېگەن پىكىرگە كەلدىم. غەيشە بىلەن لاتىفمۇ خۇشال بولدى.

رەسمىگە چۈشۈپ ئانكېتلارنى توشقۇزۇپ بەردۇق. غەيشە بىر ئاي دېگەندە ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەتتى. يەنە ھاياتتا بىر ئۆزگىرىشنى كۈتۈپ تۇرلۇك پىكىرلەر ئىچىدە ياشاشقا توغرا كەلدى.

# 79 - يىلى ماي ئېيى

بىر مېھماندا ساۋاقداشلار بىلەن بىر سورۇندا بىللە بولدۇق. تۇغۇت بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان دوختۇرلار بىر - بىرى بىلەن سېنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن ئىشتىن توختاش مەسىلەڭ قانداق بولدى، ئامال تاپالىدىڭمۇ؟ دەپ سوراۋېتىپ ئەتراپقا قاراپ قويدى.

قورقما ئاداش ھېچكىم يوق، دەپ ئۇنى تىنچلاندۇردى.

ئادالەت:

– سېنىڭغۇ بەختىڭ بار، قان بىسىمىڭ بولدى. مەن ھېچ سەۋەب تاپالمىدىم. دوختۇرلارغا ئارقا ئىشىك قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ، دېدى كەرىمە.

– مەنمۇ دوختۇرلارغا ئارقا ئىشىك قىلىپ ئىشىمنى ھەل قىلدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا دۈشەنبە كۈنى كېسەل سەۋەبلىك پېنسىيىگە چىقىش قەغىزىنى ئالىمەن دەپ كۈلدى، ئادالەت.

مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى چۉشەنمەي قاراپ جىم ئولتۇرغان ئىدىم.

– بىلەمسەن سۆيۉنگۉل سىلەر بەختلىك، خەلقىنىڭ كېلەچىكىنى ئالدىن كۆرۉپ بىلگەن ئىكەنسىلەر، خەلققە مۇستەقىللىقىنىڭ كېرەكلىكىنى ئېيتالدىڭلار، ئون يىل جاپا چەكسەڭلەرمۇ، لېكىن خەلق قەلبىدە ھۆرمەت بىلەن ساقلىنىپ قالدىڭلار. مانا ھازىر بىز سۆزلىگەن سۆزلەرگە ھەيران بولۇۋاتقانسەن. بىز ۋىجدان ئازابىدا ئازابلىنىۋاتىمىز. شۇڭلاشقا ئىشنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. بىز قاتىلمىز، ھەر كۉنى كەم دېگەندە بىر بالىنى ئۆلتۉرۉشكە مەجبۇرمىز، ھەر بىر دوختۇرغا ھەر كۉنى بىر بالىنى ئۆلتۉرۉش ۋەزىپە، كەم بولسا چارە كۆرۉلىدۇ. قانچە جىق بولسا شۇنچە مۇكاپات سوممىسى بېرىلىدۇ، دەپ قاتتىق تەكشۉرۉپ تۇرىدۇ، دېدى.

بۇ سۆز مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا ئېغىر بىلىندى. تووۋا خۇدايىم بۇلارنى ئاتا ـ ئانىسى كۆرمەمدۇ؟ دەپ سورىدىم.

سېمىز، پاكار بويلۇق ئاق سېرىق كەلگەن خەلىمە:

– تۇغۇت بۆلۉمىگە ئەرلەرنى كىرگۉزمەيمىز «ئەرلەر كىرىشكە رۇخسەت يوق» دەپ ئىشىككە ئۇقتۇرۇش چاپلاپ قويۇلغان. ئەرلەر تاشقىرىدا ئايالىنىڭ تۇغۇتىدىن خەۋەر كۉتۉپ ئولتۇرىدۇ. ئايالّلار بولسا تۇغۇتنىڭ ئاچچىق ئازابىدىن بالىغا دىققەتمۇ قىلالمايدۇ. بۇ ئادەم ئۆلتۉرۉشكە ئەڭ قۇلايلىق پەيت بولىدۇ. ئۆلتۉرۉشمۇ يەڭگىل، بىر ئىشپرىس (ئوكۇل) سۇنى بالىنىڭ مېڭىسىگە ئوكۇل قىلىمىز، بالا ئۆلۉك تۇغۇلىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ۋىجدان ئازابى بىزنى ئۆلتۉرىدۇ. كېچىدە ئۇخلىيالمايمىز. ھازىر بارلىق ئۆمرىمىزنى ۋىجدان ئازابى بىلەن ئۆتكۉزۉۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۉچۉن قىرىق ياشقا كەلمەستىن ئىشتىن بوشاپ كېتىپ بارىمىز. بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى، قىلماسقا مۇمكىن ئەمەس، ئېغىر چارە كۆرۉلىدۇ. كېيىن بىرنى ئۆلتۉرۉپ بولدى قىلساڭ قارشىلىق قىلدىڭ، دەپ كۉنىگە قانچە تۇغۇت بولسا شۇنىڭ ھەممىنى ئۆلتۉرۉشكە مەجبۇرلايدۇ. شۇڭلاشقا ئىشتىن بوشاشتىن باشقا چارە يوق، دەپ ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن گۇناھكار ئادەمدەك يەرگە قارىدى.

– مەن: سىلەر مىللىيلارنىڭ بالىلىرىنىمۇ ئۆلتۉرەمسىلەر، دەپ سورىدىم.

– مىللىي، خەنزۇ دەپ ئولتۇرمايمىز، تۇغۇلغان بالىنى ئۆلتۉرىمىز، چۉنكى ۋەزىپە تولماي قالىدۇ، دېدى.

ئاتا ـ ئانىسى بالىسى ئۉچۉن داۋا قىلمامدۇ؟ دەپ سورىدىم. ئىنچىكە ئۇرۇق، ئوتتۇرا بوي، قاراقاش، قارا كۆز، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن كەرىمە:

ـ قانداق قىلاتتى. بىچارە ئاتا ـ ئانا ئىچ كۆيۈكى ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن ئۆلۈك بالىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، دېدى.

بۇ سۆز ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. بۇ كېلەچەك ئەۋلادلارغا قىلىنغان يوشۇرۇن ھۇجۇم ۋە قىرغىنچىلىقتۇر. ۋەتەن خەلقى بىلەن باتۇر، خەلق بىلەن گۈزەلدۇر. بۇ يامان ئىش بولدى دەپ كۆڭلۈم يامان بولدى. ئۇلار ئىشتىن توختىغان بىلەن بۇ سىياسەت ئىشتىن توختىمايدۇ، ئەمەسمۇ؟

# 6 ـ ئاي

بىز تۇلى شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. شوپۇر ماشىنىسىنى توختىتىپ، تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. دۆربىلجىنگە بارىدىغان ئاياللار ۋە مەن بالى بىلەن ماشىنىدا ئۇلارنى كۈتۈپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. كوچىنىڭ بېشىدا كامال بېكنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ «بۇ كامال بېكقۇ» دەپ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ تۇراتتىم. كامال بېكمۇ توپتوغرا بىزنىڭ ماشىنىنىڭ ئالدىغا قاراپ كېلىۋېتىپ، مېنى كۆرۈپ:

ـ ۋاي سىز سۆيۈنگۈلمۇ دەپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. مەنمۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ يېقىن دوستلۇق كۆڭۈل بىلەن كۆرۈشتۇق.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنلىرىدا قانداق بولدىكىن دەپ بىز ساجىدە بىلەن ئىككىڭلارنى كۆپ ئويلىدۇق. بۇلار قىزلار، بۇ ئېغىر قىيىنچىلىقلاردا چىداشلىق بېرەلدىمىكىن، دەپ سىلەرنى ئەسلىدۇق، دېدى.

مەن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغان ئىدىم. ئۇ ئۇنىڭ نېمىسىنى دەيسىز، ماڭا كۆرسەتمىگەن كۈنى قالمىدى. كۈندە كۈرەش، كۈندە تاياق، ئېغىر ئەمگەك، ئۇ ئازدەك «بىزنىڭ گۇڭشې ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ تۇرىدىغان يېرى ئەمەس» دەپ مېنى 27 قېتىم ئۇرۇپ كۈرەش قىلىپ تۈرمىگە ئاپىرىپ بەردى.

بىر ـ ئىككى كۈن سولاپ گۇڭشېغا يەنە ئاپىرىپ بېرەتتى. ئاخىرقى قېتىم تۈرمىگە ئاپارغىنىدا ئايالىم قورساقلىق ئىدى. ئۇ بوشانغاندا ھېچقانداق دوختۇر قارىماستىن «ئەكسىلئىنقىلابچى» نىڭ ئايالى ئۆلسە ئۆلسۇن دەپ بىرمۇ دوختۇر ياردەمگە كەلمەستىن ئايالىم تۇغۇت ئۈستىدە ۋاپات بولۇپتۇ. مېنى ئايالىمنىڭ جىنازىسىنى ئوقۇش ئالدىدا تۈرمىدىن ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەھۋال ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. مەن شۇ جايدىلا ئېلىشىپ

ساراڭ بولۇپ قاپتىمەن. ئالتە بالام ئاتا ـ ئانىسىز يېتىم بولۇپ، تەمتىرەپ قالدى. مېنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت داۋالىتىپ ئاندىن ساقايدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئانچە قاتتىقلىق قىلمايدىغان بولدى، دېدى.

بىز خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. ئاخىرىدا كامال بېك:

بىزنىڭ قازاق خەلقى بەكمۇ نادانلىقتا، ئاسارەتتە قېلىپ ياشاۋېتىپتۇ. مەن ئۇلاردىن ماڭا قىلغان زۇلۇمدىن خاپا بولساممۇ، ئەمما بۇ دەرىجىدىكى نادانلىققا قاراپ ئېچىندىم، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم، دېدى.

# 80 ـ يىل

بىزنىڭ ئاۋستىرالىيىگە قوبۇل قىلىنغان ۋىزىمىز كەلدى. ۋىزىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتەننى، بىللە ئۆسۈپ، بىللە ياشىغان ئەل ـ يۇرتنى، دوست ـ يارانلارنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى، خەلقىمىزنى تاشلاپ، ئەل ـ يۇرتى تونۇش بولمىغان يىراق يەرگە كېتىشىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىم. كەتكۈم كەلمەي قالدى، ھايات يولى نېمىدېگەن تەس.

لاتىپ ھۆكۈمەتتىن قۇراجاي سېتىش تەستىقىنى ئېلىش ئۈچۈن بارغاندا، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق يوغان ئۈچ ئېغىز ئۆي، بىر كارىدۇر، بىر ئاشخانا ھەم ئىككى ئېغىز ئامبار ئۆيىمىز بار چوڭ ھويلىنى جۇڭگو پۇلىغا بەش مىڭ يۈەندىن ئارتۇق سېتىشقا بولمايدۇ، دەپ چەكلىمە قىلىپ قويىدى. چۈنكى يەر ھۆكۈمەتنىڭ، يەر ئۈستىدىكى ئۆيلەر سىلەرنىڭ دەپ ھويلىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى ئالمىلىق باغلارنىمۇ ھېسابقا قوشماستىن ھۆكۈمەت يېرىدە ئۆسكەن دەپ پەتىۋا چىقاردى. لاتىپ بەش مىڭغا سېتىشقا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھويلا سېتىلماي ئۇزۇن تۇرۇپ قالدۇق. مۇشۇ ۋاقىتتا 62 ـ يىلى قاچ ـ قاچتا كېتىپ قالغان ئائىلىلەرنىڭ قۇرا جايلىرىنى ھۆكۈمەت شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇشلىرىغا شۇنداق كاتتا ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق 4 ـ 5 ئېغىز ئۆينى، يوغان بالكونلۇق، چوڭ ھويلىلىق ئۆيلەرنى بىر مىڭ يۈەن كۆپ بولسا ئۈچ مىڭ يۈەن پۇل بېرىپ يولغا سېلىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. چۈنكى ئۇ ئائىلىلەرنىڭ ئۆز ھويلىسى بولمىغانلىقتىن ھۆكۈمەت قانچە پۇل بەرسە شۇنىڭغا خۇشال بولۇپ ئېلىپ كېتىۋەرگەن بىر پەيتكە، بىزنىڭ قورۇنى سېتىش ئىشىمىز توغرا كېلىپ قالدى. لاتىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يەتتە مىڭغا

سىتىشقا رۇخسەت ئالدى. كۆز پەسلى كىرىپ سوغۇق چۈشۈشكە باشلىغاندا ھويلىنى يەتتە مىڭغا سېتىپ ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەتتۇق.

ماڭىدىغان كۈنىمىز رازىيە ئاپپاي سامات ئابىزى ئائىلىسى بىلەن بارلىق تۇغقانلار، قۇلۇم ـ قوشنا ۋە چۆچەكتىكى تونۇش ـ بىلىشلەر ئۇزىتىپ چىقتى. ئايرىلىش ئېغىر بولدى. كۆز ياشلىرىمىز بىلەن خوشلىشىپ ئايرىلدۇق.

ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن مېنى ئوتتۇرا سوتتىن ئىزدەپ سۈرۈشتە قىلىپ يۈرگىنىنى ئاڭلىدىم. «نېمىشقا ئىزدەپ يۈرىدىكەن، ماڭا رۇخسەت بەرمەي قويارمۇ؟» دېگەن ئەندىشە كۆڭلۈمنى بىئارام قىلاتتى. مەن كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن كىچىك سىڭلىم:

ـ ھەدە، بىر ئايال، بىر ئەر سىز بىلەن كۆرۈشمەن دەپ كەلدى. ئوتتۇرا سوتتىن كەلدۇق دەيدۇ، دەپ كۆزلىرى ئالىقاندەك بولۇپ، ئەنسىرىگەن قىياپەتتە ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈپ بولغۇچە ئىشىكنى ئېچىپ ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان بىر ئەر بىر ئايال ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بۇلارنى كۆرگەن ئۆيدىكىلەرنىڭ يۈرىكى يېرىلدى. «يەنە نېمە ئىش بولىدىكىن» دەپ، دادام بولسا يۆتەل قىسىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. باشقىلار بولسا «نېمە ئىش» دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن ماڭا قارايتتى.

مەن بۇ كەلگەن مېھمانلارنى ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدىم. ئۇلار سالاملىشىپ كونا تونۇشلاردەك ھۆرمەت بىلەن سۆز باشلىدى.

– سىز مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىن 63 - يىلى تەشكىلات مەسلىسى بىلەن قولغا ئېلىنغان سۆيۈنگۈل سىزمۇ؟ دەپ سورىدى.

ھەئە، مەن دەپ يەنە گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتتۈم. چاچلىرىغا ئاق كىرىشكە باشلىغان ئەر كىشى قولىدىكى سومكىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى. بۇ ئۇزۇن يىل خىزمەت تەجرىبىسى بار ئېغىر بېسىق، بىلىملىك ئادەمدەك كۆرۈنەتتى.

ـ ھازىر دۆلەت سىياسەتلىرىدە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇزۇن يىللار تۈرمىلەردە ياتقان سىياسي جىنايەتچىلەرنى قايتۇرۇپ چىقىش يولىنى بېرىش دېگەن قانۇن چىقتى. سىز بىلەن بىللە قولغا ئېلىنغان ساۋاقداشلىرىڭىز ئوتتۇرا سوتقا ئەرز يازغان ئىكەن. بىز ئۇلارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەك بولدى. شۇڭلاشقا سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە توغرا كەلدى.

شۇ تەشكىلاتنىڭ ماتېرىياللىرىنى سىز ساقلىغانمۇ؟ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، مەن ساقلىغان، دېدىم.

ــ لاتىف رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سىزدىن نېمە ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇۋالدى؟ دەپ سورىدى.

ــ مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدا دەرسلىك قىلىپ ئوقۇغان تاشكەنتتە 49 - يىلى بېسىلغان ئوقۇش كىتابىمنى تاپشۇرۇۋالدى، دېدىم.

ئۇلار ھەيران بولۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۇ كىتابنى ئالدى؟ دەپ سورىدى.

ئۇ كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا 1912 - يىلىغىچە بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى يېزىلغان، شۇڭلاشقا مەن ئۇنى ئۇلارغا بەردىم، دېدىم.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ماتېرىيال تاپشۇرغان؟ دېدى.

ــ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ماتېرىيال تاپشۇرمىدىم، دېدىم.

ــ ئۇلار راستتىن بۇندىن باشقا ھېچنەرسە ئالمىدىمۇ؟ دەپ قايتىلاپ سورىدى.

ــ ھەئە، شۇنداق، گۇڭەنتىڭدىن بىر قانچە ئادەم كېلىپ ئاختۇرۇپ بىر نەرسە تاپالمىدى، دېدىم.

ئۇ ئەر كىشى يېنىدىكى ئايالغا قاراپ قويۇپ:

ئۇنداق بولسا ياخشى بولدى. بۇ ئىش يەڭگىل ھەل بولىدىغان بولدى، دەپ ئۆزلىرىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىققاندەك بولۇشتى.

ئاخىرىدا ئۇلار سىزدىن بۇرۇن، سىلەرنىڭ مەكتەپتىن قولغا ئېلىنغان بىر تۈركۈم قازاق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىر ھەممىسى تۈرمىلەردىن، خەلق رىجىمغا تاپشۇرۇپ بەرگەن يەرلىرىدىن كېلىپ مەكتەپتە يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىشى قىيىن بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى تەشكىلاتنىڭ ماتېرىياللىرىنى ساقلىغۇچى ئاتمىش بېك پۈتۈن ماتېرىياللارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىكەن. نەق پاكىت ئالدىدا ئۇلارنى ئاقلاپ چىقىش ئۈچۈن ھېچقانداق يول تاپالماي ئىشلىرى بىر تەرەپ بولماي تۇرىدۇ. مانا سىلەرنىڭكى پاكىتلىق نەرسە بولمىغانلىقتىن بۇ ئىشنى بۈگۈن ھەل قىلساقمۇ بىز ئۈچۈن يەڭگىل بولىدۇ. ئابلىز ئوتتۇرا سوتقا ئەرز يازغان ئىكەن. ئۇنىڭ تېخى ۋاقتى توشماي تارىمدا يېتىپتۇ. بىز ئۇنىڭغا ئاقلاش قەغىزىنى ئەۋەتسەك ئىككى ھەپتە ئىچىدە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. سىز نېمىشقا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئوتتۇرا سوتقا ئەرز يېزىپ

كۆرمىدىڭىز؟ دېدى.

ــ ئەگەر سوتلارغا بېرىپ ئەرز قىلىپ يۈرسەم مېنى قارشىلىق قىلدى دەپ نەنسەندىكىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرسە كۈنۈم تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، بەلكى ئۇلار مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. بىزنى گوڭەنتىڭ ئۆزى سوتلاپ ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن بىز شۇ جايىنى ئىزدىدۇق. مەن تۈرمىدىن چىققان كۈندىن تا بۈگۈنگە قەدەر 14 يىل لاتىنق رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بوسۇغىسىدا قاترىدىم. 74 - يىلىغىچە ماڭا ھايۋانغا تۇتقان پوزىتسىيەدىنمۇ ناچار مۇئامىلە قوللىنىپ، ئىتنى قوغلىغاندەك قوغلاپ ھەم «قولغا ئالىمىز» دەپ قورقۇتماقچى بولغان. مەن «ھە ياخشى، ھازىر ئاپىرىپ قويۇڭ، مەن ئۈچۈن نەنسەندىكى ئېغىر تۈرمۈشتىن ياخشى بولاتتى» دەپ ئالدىغا چۈشۈپ ئالسام، ئۇلار «سىزگە تۈرمىدىمۇ ئورۇن يوق، ئۇ يەردىكىلەرنى قويىدىغان جاي تاپالمايۋاتقاندا سىزنى نېمە قىلىمىز دەيتتى. ئون يىل دېگەندە مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىزنىڭ ماتېرىياللىرىمىزنى تېپىپ، نەنسەندىكى ئېغىر خەلق رېجىمىدىن يەنى خەلق تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقساممۇ، لېكىن نازارەت ئاستىدىن قۇتۇلالمىدىم. ماڭا ئىشلەشكە ئىش، ياشاشقا تىنچ تۇرمۇش بولمىدى. ئاخىرى ئاۋستىرالىيىگە كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم، دېدىم.

سۆزگە كۆپ قېتىلماي ئولتۇرغان خانىم:

ــ ئاۋستىرالىيىگە كېتەمسىز، دەپ سورىدى.

شۇنداق، رەسمىيەتلىرىمىز پۈتۈپ قالدى، ئاللاھ بۇيرۇسا ماڭىمىز، دەپ تۇرىمىز دېدىم. مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغان ئەر كىشى ماڭا قاراپ بىر ئويغا كەتكەندەك كۆزلىرىدىكى چوڭقۇر پىكىر ئىچىدە خىيال بىلەن تۇرۇپ:

ــ مۇنداق دەڭ، دەپ قويدى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مېنى ئوتتۇرا سوت ئىشخانىسىدىن چاقىرتىپ، بىز سىلەرنىڭ پۈتۈن ماتېرىياللارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ سىلەر بىلەن قولغا ئېلىنغان باللارنى ئاقلاپ خەت يېزىپ تارىمغا ئەۋەتتۇق. ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ ھەممىڭىزنى ئاقلايمىز ۋە ھەممە ئىشلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ سىزلەرگە چىقىش يولى بېرىمىز، ئۆزۈڭلارنىڭ دوختۇرلۇق ئىشىڭلارنى ئىشلەيسىلەر، ئەمدى سىز بىلەن ساجىدە ئىككىڭلار ئۆز ئىشىڭلار ئۈستىدە ئاقلاش توغرۇلۇق لاتىنق رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئەرز يېزىڭلار، بىز گوڭەنتىڭ بىلەن سۆزلىشۋاتىمىز، ئۇلار سىزلەرنى «ھەرگىز ئاقلىمايمىز، ئۇلار جىنايەتچى،

بىز ئۇلارنىڭ جىنايىتىگە كۆرە قولغا ئالدۇق» دەپ پەقەت بويىنغا ئالمايۋاتىدۇ. سىزلەر توختىماي ئۆزۈڭلارنى ئاقلاش ئۈچۈن قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاتىسىلەر، بولمىسا بىز گۇۋاھلىقنى سوتقا تارتىمىز دېدى. مەن ھەيران بولدۇم، ئىشەنگۈم كەلمىدى.

شۇنداق بولسىمۇ گۇۋاھلىقتىن توختىماستىن ئىلتىماس قىلدۇق، لېكىن گۇۋاھلىقنىڭ مەن كەتكۈچە بىر مەرتىۋە ئۇمىدلىك ياكى بىر ئېغىز ياخشى سۆز قىلىپ كۆرگىنى يوق. ئۇلار «قىلغان ئىشىڭلارنى يالغان دەپ يوققا چىقىرالمايمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەتە ماڭىمىز دېگەن كۈنى بېرىپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ ياخشى سۆزى بولمىغاندىن كېيىن، مەن ئۇلارنى 18 يىلدىن بۇيان بىز بۇ قالپاقتىن قۇتۇلمىدۇق. سىلەرنىڭ بۇ قالپىقىڭلار ئاپتاپتا ئۆڭمەيدىغان، بوران - چاپقۇن، يامغۇردا يىرتىلمايدىغان، باشتىن چۈشۈپمۇ قالمايدىغان، ئادەمگە تىنچلىق، ياشاشقا يول بەرمەيدىغان قالپاق بولدى. ئالمىساڭلار شۇ قالپاق بىلەن چىقىپ كېتىۋېرىمەن، ئەمدى ئالدىڭلارغا كەلمەيمەن، دەپ چىقىپ كەتتىم. لاتىف رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىپ ساجىدەنىڭ قالپىقىنى ئېلىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم.

ساجىدە رەئىدە دېگەن قىزىنى تۇغقاندىن كېيىن، ساجىدەنىڭ نوپۇسىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلەلمەي يولدىشى رابىي خىزمىتىنى قارامايغا يۆتكەپ بىر قانچە يىل قارامايدا ئىشلەپ ئاندىن ساجىدەنىڭ نوپۇسىنى ئائىلە نوپۇسىغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن خىزمىتىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كۆچۈپ كەلدى. ساجىدە قارامايدا نېفىت ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ، شۇ خىزمىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان نېفىت ئىنستىتۇتىنىڭ قارمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. كېيىن شۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ پېنسىيىگە چىقتى.

قالى چاغانتوقايدىن كېلىپ قازاق تەشكىلاتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشىنىڭ ھەل بولۇشىنى كۈتۈپ بىز كەتكۈچە داۋاملىق بىللە بولۇپ، كېلىپ تۇردى. ئەمما كەكەن، كوبەنلەردىن ھېچ خەۋەر يوق.

دېگەندەك ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئابلىز تارىمدىن قايتىپ كېلىپ ئەتىسى بىزنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپ كەلدى. سېغىنغان دوستلۇق كۆڭلىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. ئابلىز ھېچقانداق ئۆزگەرمەي مىجەزىمۇ شۇ بۇرۇنقىدەك روھلۇق تۇرۇپتۇ. ئۇ تارىمغا بارغاندىن باشلاپ دوختۇر بولۇپ، ئاغرىقلارنى داۋالاپ، ئېغىر ئەمگەككىلەرگە قاتناشماپتۇ. ھەر ھالدا ئۇ يەردە باشقىلارغا قارىغاندا يامان ئەمەس ياشاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىر قېتىم قېچىپ چىقىپ تارىم بويىدىكى بىر چارۋىچى ئائىلىگە كېلىپ بىر يىل شۇ

ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ياشاپتۇ. ئابلىز ئۇ ئائىلىدىكى ئادەملەرنى بەكمۇ ماختاپ مىننەتدار بولۇپ سۆزلەپ بەردى. بىر يىلدىن كېيىن ئابلىزنىڭ تۇيۇقسىز يۈرەك ئاغرىقى تۇتۇپ ئۆلۈم ھالىغا كەلگەندە شۇ ئۆيدىكى ئادەم نېمە قىلىشنى بىلمەي ئابلىزغا قەلەم ـ قەغەز بېرىپ ئەھۋالىڭىزنى يېزىپ قالدۇرۇڭ دېگەندە، ئۇنىڭغا «مەن ئۆزۈم ئاغرىق بىلەن ئۆلدۈم، بۇلار ماڭا ھېچنەرسە قىلمىدى. ئۇلار ياخشى ئادەملەر» دەپ يېزىپ بەردىم. راستتىن مەن ئەمدى ئۆلدۈم، دەپ ئويلىدىم. جېنىم چىقىپ كېتىپ بېرىپ توختاپ قالدى. بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ساقايدىم. شۇنىڭدىن كېيىن تارىمغا ئۆزۈم قايتىپ باردىم دېدى ۋە تۈرمىدىكى سوراقلار ۋە سوراقچىلار ئۈستىدە ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. بەزى نەرسىلەرنى سىزگە ئېغىرلىق كەلمىسۇن دەپ ئۆز ئۈستۈمگە ئالغان ئىدىم. سوراقچىلار «سىلەر ئاجايىپ ئىكەنسىلەر، نېمىنى سورىساق ھەممىڭ مەن قىلدىم، دەپ ئۆز ئۈستۈڭلەرگە ئالىسىلەر، كىم قىلغىنىنى بىلەلمىدۇققۇ. باشقا ئادەملەردىن سوراق قىلساق مەن قىلمىدىم دەپ باشقىلارغا ئىتتىرىدۇ. سىلەر بىر ـ بىرىڭگە ئېغىرلىق كەلمىسۇن دەپ ئۆز ئۈستۈڭلەرگە ئالىسىلەر» دەپ ھەيران بولدى، دېدى.

ئابلىز بىر ھەپتىدىن كېيىن غۇلجىغا ئائىلىسىنى كۆرۈشكە كەتتى. غۇلجىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بوش ۋاقىتلىرىنى بىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى. بىز كېتىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن غۇلجىغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن بىز بىلەن خوشلىشىپ كەتتى.

مەكتەپ تەشكىلى مېنى چاقىرتقان ئىدى. ساۋاقداشلارنى كەلدى دەپ ئاڭلاپ ئۇلارنى ئىزدەپ بارسام بىر ياتاقتا قازاق تەشكىلاتىنىڭ باللىرى ۋە بىزنىڭ ئەھمەد ئاكا، غۇپۇر كەلگەن ئىكەن. غۇپۇر ھېچ ئۆزگەرمەي شۇ بۇرۇنقىدەك تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇ مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپمۇ قويماي خۇددى كۈندە كۆرۈپ يۈرگەن ئادەمدەك «ياخشىمۇسىز» دەپ قويۇپ، ئالدىدىكى ئوچۇق تۇرغان دەرسلىك كىتابقا قاراپ ئوقۇپ ئولتۇردى. ئەھمەد ئاكا بولسا بىر ئاز قېرىپ روھى چۈشكۈنلىشىپ قاپتۇ، ئۇ مۇ سالاملاشتى ۋە ئۆز ئىشى بىلەن بولدى. ئەمدى قازاق باللىرىدىن ئورۇنباي ۋە بىر قانچە قازاق ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. ئۇلار مېنى قىزغىن قارشى ئېلىپ سالاملاشتى  ۋە ئەھمەد ئاكا بىلەن غۇپۇرغا قاراپ:

ـ سىلەر سۆيۈنگۈلگە رەھمەت ئېيتساڭلار بولىدۇ. سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنىڭ بۇنداق تولۇق ھەل بولۇشىغا سۆيۈنگۈل سەۋەب بولدى. ئەگەر ئۇ مۇ ماتېرىياللارنى بىزنىڭ ئاتمىش بېكتەك تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا ئۇ چاغدا سىلەرمۇ بىر نەرسە قىلالمىغان بولاتتىڭلار. مەن ئابلىزغا سىلەرنىڭ ئۇ قىزىڭلار بىزدە بولغان بولسىچۇ دەپ كەتتىم. بىز كەلگىلى بىر يىل بولۇپ قالدى. ھېچنەرسىنى ھەل قىلالماي ئولتۇرۇپتۇق. پۈتۈن پاكىتلىق

ماتېرىياللار ئۇلارنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن بىزنى ئاقلاشقا يول بولمايۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ بولسا ئۇلارنىڭ قولىدا پاكىت بولغۇدەك بىر نەرسە تېپىلمىغانلىقتىن كېلىپلا ئىشىڭلار ھەل بولدى، دېدى.

مەن ئۇ يەردىن چىقىپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا كىرىپ غۇپۇر رەھىم ئاكا بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ ماڭا خۇش خەۋەر، پۈتۈن ئىشىڭلار ياخشى ھەل بولدى. مۇشۇ 18 يىلىڭلار سىلەرنىڭ خىزمەت ستاجىڭلارغا قوشۇلۇپ ھېسابلىنىدۇ. ساۋاقداشلارنىڭ مائاشى قانچە بولسا سىلەرگىمۇ شۇنچە مائاش بېرىلىدۇ. ئۆز كەسپىڭلارنى ئىشلىيەلەيسىلەر، دەپ مېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومۇمنى قولۇمغا بەردى ۋە مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن، كۆپ جاپا چەكتىڭلار، سىڭلىم مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. بىز ھەقىقەتەن ھېچنەرسىنى بىلمەي ياشاپتىكەنمىز. سىلەر بىزدىن كۆپ بۇرۇن ھەقىقەتنى كۆرۈپ، توغرا سۆزلەپ، توغرا ئىشلىگەن ئىكەنسىلەر، بىز ئەمدى چۈشەندۇق. مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، دېدى.

مەن بۇ سۆزگە ھەيران بولۇپ، ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قېتىپ قالدىم. راست ئاڭلاۋاتامدىم قانداق دەپ ئۆز ئەقلىمنى سىناپ كۆردۈم.

مەن ياق غۇپۇر ئاكا، بۇ ئەپۇ سورايدىغان نەرسە ئەمەس. ھەممە ئادەمنىڭ شۇ ھەقىقەتكە ئەقلى يەتسە بۇ خۇشال بولارلىق ئىش ئىدى، دېدىم.

– راست دەيسىز سىڭلىم، دەپ بىر ئاز تۇرۇپ قېلىپ: كەتمىسىڭىز بولمامدۇ. مانا ئەمدى ھەممە ئىشىڭلار ھەل بولدى. قىيىنچىلىقلار كېتىپ ياخشى كۈنلەر كەلگەندە، نېمىشقا كېتىسىز؟ دېدى.

مەن:

– بىر يىل بۇرۇن بولغان بولسا چوقۇم كەتمەيتتىم. ھازىر بىر ئاز كەچ بولدى، ھەممە ئىشلار پۈتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، دېدىم.

غۇپۇر ئاكا مېنى ئاپتوبۇسقىچە ئۇزىتىپ چىقىپ خوشلىشىپ، ئاق يول، بەخت تىلەپ ئاپتوبۇس ئۇزاپ كەتكۈچە قاراپ قالدى.

مەن ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ غۇپۇر ئاكىنىڭ سۆزىنى ئويلاپ ھەيران بولدۇم. تۇرمۇش ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، دېگەندەك غۇپۇر ئاكىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بار ئىكەن. توۋا دەپ ساۋاقدىشىمىز ئوبۇلقاسىمنىڭ تۆھمەتكە ئۇچرىغان ئىشى يادىمغا كەلدى.

ئوبۇلقاسىم بىزنىڭ قارارنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ كېلىپ كۆپ ئۆتمەستىن

قۇلىقى ئاغرىپ دوختۇرغا كۆرۈنسە، دوختۇرلار ئۇنىڭغا «قۇلىقىڭىزنىڭ ئاغرىقى خەتەرلىك، ئەگەر شاڭخەيگە بېرىپ كۆرۈنمىسەڭ ھاياتىڭدىن ئايرىلىسەن، مەكتەپ تەشكىلىگە بېرىپ ئېيتقىن، سېنى شۇ دوختۇرخانىغا ئەۋەتسۇن» دەپ ئېيتىپ ئۇ بىچارىنى بەكمۇ قورقۇتقان ئىكەن. مەكتەپ تەشكىلى رۇخسەت قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھايات مەسىلىسى ئېيتىلغاندىن كېيىن ئوبۇل قاسىم مەكتەپ تەشكىلىگە تەلەپ قىلىپ يۈرگەندە، بىزنىڭ قارارىنىڭ ئەرلەر ھاجەتخانىسىدىكى چىنىدىن ياسىغان ھاجەت ئورنى ئىككى پارچە بولۇپ سۇنۇپ چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «كىم سۇندۇردى» دەپ سۈرۈشتە قىلىپ يۈرگەندە بۇ ئىش ئوبۇل قاسىمنىڭ ئۈستىگە ئارتىلدى.

ئىككىنچى قارارىنىڭ قارار باشلىقى قاسىموف: مەن ئوبۇل قاسىمنىڭ ياتاق كورپۇسىغا يوغان تاش كۆتۈرۈپ كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۈم. ئۇ شۇنىڭ بىلەن ھاجەت ئورنىنى سۇندۇرغان دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەكتەپ تەشكىلى ئوبۇل قاسىمنى «تەشكىلگە قارشى چىقىپ بۇزغۇنچىلىق قىلدى» دەپ ئىستىل تۈزىتىشنىڭ قارا قويۇق قولغا ئېلىش دولقۇنىغا ئۇچراپ ئۇ بىچارىنى ناھەق قولغا ئېلىپ ئۈچ يىل يېتىپ چىقتى. ئۇ ئاچارچىلىق يىللاردا ئۈچ يىل ياتماق تاغ يۆتكىگەندىنمۇ ئېغىر ئىدى. ئېيتماققا يەڭگىل شۇ يىللارنى يېڭىپ چىقماق ئاسان ئەمەس.

كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇنى چاققان ئوبۇل قاسىم ئەمەس، بىزنىڭ قارارىدىكى ساۋاقداشىمىز ساۋۇت بىلەن ئالتۇن بېك بولۇپ چىقتى. ئۇلار ھاجەتخانىنى تالىشىپ ئىككىسى تەڭ ئۈستىگە چىققاندا كۆتۈرەلمەستىن سۇنۇپ كەتكەن ئىكەن. بۇ نەرسىنى ئۇلار كېيىنكى ئۆگىنىش ۋاقتىدا پاش قىلىپ ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتتى. لېكىن بىگۇناھ ئوبۇل قاسىم تۈرمىدە يېتىپ چىقتى. شۇ ۋاقىتتا غۇپۇر ئاكا ھەقىقەتنى تەكشۈرمەي ئۇ ئوقۇغۇچىغا ئۇۋال قىلغان، ھازىر باشقىچە غۇپۇر ئاكا بولۇپ قاپتۇ. توۋا خۇدايىم، مەدەنىيەت ئىنقىلابى خېلى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

30 - سېنتەبىر يىراق - يېقىندىن خوشلىشىپ كەلگەن ئادەملەر بىلەن بولدۇق. ئۆيدە غۇلجا، چۆچەك، تۇرپاندىن بىزنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلگەن مېھمانلارمۇ بار ئىدى. ياشلار بولسا تالادا گارمون چېلىپ ناخشا ئېيتىپ، كۈلۈشۈپ، يىغلىشىپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدى. بىز كەتكۈچە ئۈچ ئۆي، ئىچكىرىكى ھويلا، تاشقىرىقى ھويلىغىچە لىق تولۇپ، خوشلىشىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلەردىن، دوست - يارانلاردىن كەلمىگەن ئادەم قالمىدى. ھەممە بالىلارنىڭ دوستلىرى، خىزمەتداشلىرى كەلدى. چۈشتىن كېيىن كېتىش ئۈچۈن قوزغالدۇق. دەرۋازا

تۆۋەنگە ئاپتوبۇسلار، چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار كەلدى، ئۇزىتىپ كەلگەن ئادەملەر ھويلىلاردىن ئېشىپ كوچىلاردا توپلاندى.

كىچىك جىپ ماشىنا ھويلىغا كىرىپ دادامنى ماشىنىغا ئېلىپ ماڭغاندا پۈتۈن خەلق ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىپ ماشىنىغا ئولتۇرغۇزدى. بىز مېڭىش ئالدىدا ئۆيگە نەچچە مەرتىۋە كىرىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆي ۋە ھويلىلارنى قىيماستىن خوشلىشىپ چىقتۇق. خۇددى ئۆيلىرىمىز بىز بىلەن يىغلاپ ئايرىلىۋاتقاندەك تۇراتتى. بىزمۇ تەڭ كۆز ياشلىرىمىز بىلەن ئېغىر ھېسلار ئىچىدە ماشىنىغا چىقتۇق. بىزنى ئۇزاتقۇچىلار نەچچە ماشىنا ئاپتوبۇسلار بىلەن پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ قوزغالدى. ئەتراپىمىزدىكى پۈتۈن نەرسە بىزگە ئەزىز ۋە گۈزەل كۆرۈنەتتى، ۋەتەن تۇپرىقىغا تويماي قاراپ باراتتۇق. ئاپتوبۇستا ياشلار گارمون بىلەن ئايرىلىش ۋە خوشلىشىش ناخشىلىرىنى ئېيتىپ يىغلىشىپ كېتىپ باراتتى. ھەقىقەتەن ئايرىلىش نېمىدېگەن ئېغىر ـ ھە!

پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدۇق. پويىز كېلىشكە بىر سائەتتەك ۋاقىت بار ئىكەن. ئىستانسا ئادەم بىلەن توشتى. ياشلار توختىماي گارمون چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى ۋە بىر ئارىلىقتا ئىسقىرتىپ ئاتلوشكا ئويناشتى. غەيشە، سوفىيەنىڭ مەكتىپىدىكى مۇئەللىملەر ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىدىكى بالىلارنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. كىچىك ـ ئوماق بالىلار قوللىرىدا پىرەنىڭ، توقاشقا ئوخشاش يوللۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارمۇ شېئىرلار ئوقۇپ خوشلاشتى. پويىز ئىستانسىسىنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش ساقچىلىرى كېلىپ: «نېمە قىلىۋاتىسلەر؟» دەپ تەكشۈرۈپ، ئۇلارمۇ ھەيران بولۇپ، مۇشۇ كىچىكىنە بىر ئادەمنى مۇنداق داغ ـ دۇغا بىلەن ئۇزاتقاننى كۆرمىگەن، بولار كىملەر؟ نەگە بارىدۇ؟ دەپ سوراپ چۆرگىلەپ يۈردى.

شۇ ئارىدا شىيسەندىن پويىز كەلدى. بىز كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىپ پويىزغا قىستا ـ قىستاڭ بىلەن ئىتتىرىشىپ يۈرۈپ ئاران چىقىپ ئۈلگۈردۇق، پويىز قوزغالدى.

دادامىلار بىلەن خوشلىشىۋاتقان تۇغقانلاردىن مەننەپ ئابىزى بىلەن مۇھەممەد سىيت ئاكا، ئىنىم رىزانىڭ دوستلىرىدىن ئىككى بالا پويىزدىن چۈشۈپ ئۈلگۈرەلمەي مېڭىپ كەتتۇق. ئۇلار بىرىنچى بىكەتكە بارغاندا چۈشۈپ قالدى.

بىز سايابۇلغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشتى. پويىزنىڭ ئىچى پاسكىنا، سېسىق، تىقما ـ تىقماق، ئوتتۇرىدىكى ماڭىدىغان يوللارغىچە لىق ئادەم ئولتۇراتتى.

يېرىم كېچىگىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتكەن ئىكەن. ئەھمەد

بىزنى:

ــ ھەي ـ ھەي تۇرۇڭلار. تاڭ يورۇدى. قاراڭلارچۇ، تەگرىتېغى پويىزنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ مۇشۇ يەرگىچە كەلدى. ئەمدى ئۇ بىز بىلەن خوشلىشىپ قېلىۋاتىدۇ. خۇددى ئۇ بىزنى كەتمەڭلار، توختاڭلار! دەپ يىغلاۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. قاراڭلارچۇ دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، راستتىن ئېگىز ـ بەستلىك تەگرىتېغى ئاق رومال چىگكەن مېھرىبان ئانىدەك ئىككى قولىنى ياىغان ھالدا ئەزىز پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ ھەسرەت بىلەن يىغلاۋاتقاندەك بىزدىن يىراقلاپ قېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىمىز ئاغرىپ، پويىزنىڭ دېرىزىسىدىن ۋەتىنىنىڭ تۇپرىقىغا قاراپ كۆز ياشلىرىمىز بىلەن خوشلىشىپ باراتتۇق.

پويىزمۇ قوغلىشىپ كېتىپ، تۇتۇپ ئالدىغاندەك ئالدىراش چاپاتتى.

تەقدىر بىزلەرنى نەگە ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ؟! ئالدىمىزدا يەنە قانداق كۈنلەر باردۇ؟ ئاللاھ بىزگە ئەمدى ياخشى كۈنلەر بەرسەڭ ئىكەن.

تەقدىر بىزنى ئۆز قۇچىقىدىن قويۇۋەتمەي ئېلىپ كېلەتتى. بىز ئامالسىز گۈزەل ئانا ۋەتەنىدىن ئايرىلىپ ئۈزاپ كەتتۇق.